# شىنجاڭ مائارىپى لۇغىتى

ماۋېنخۇا ، ماجۇنبىڭ ، چېنبىن

شىنجاڭ پەن-تېخنىكا سەھىيە نەشرىياتى (W)

# شىنجاڭ مائارىپى لۇغىتى

شىنجاڭ پەن - تېخنىكا سەھىيە نەشرىياتى (W)

图书在版编目（CIP）数据

新疆教育词典/马文华等编；阿不里米提等译．—乌鲁木齐：新疆科技卫生出版社（W），2003．1

ISBN 7—5372—3616—X

Ⅰ新…　Ⅱ．①马…　②阿…　Ⅲ．教育事业—概况—新疆—20世纪—维吾尔语（中国少数民族语言）

Ⅳ．G527.45

中国版本图书馆CIP数据核字（2003）第003532号

责任编辑：　亚力坤·阿不都萨拉木

责任校对：　热依汉·努尔

新疆教育词典

马文华　马俊萍　程彬　编

新疆科技卫生出版社（W）出版

（乌鲁木齐市龙泉街66号　邮政编码：830001）

新疆教育学院印刷厂印刷

新疆新华书店发行

787mm×1092毫米　16开本　31印张

2003年1月第1版　2003年1月第1次印刷

印数：1～3000册　定价：38.00元

## مۇندەرىجە

### باللار مائارىپى


باللار مائارىپى ........................................................ 1
ئۈرۈمچى شەھەرلىك 1 ـ باللار باغچىسى ........................................ 2
ئۈرۈمچى شەھەرلىك قىزىل بايراق باللار باغچىسى ................................ 2
ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئاياللار بىرلەشمىسى باللار باغچىسى ............................ 3
ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئاياللار بىرلەشمىسى شىنخۇا باللار باغچىسى ...................... 3
شىنجاڭ 3 ـ بىناكارلىق شىركىتى باللار باغچىسى ................................ 4
ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق قىزىل بايراق باللار باغچىسى ...................... 4
سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستلىق 1 ـ باللار باغچىسى ............................ 4
فۇكاڭ شەھەرلىك باللار باغچىسى .............................................. 5
قاراماي شەھەرلىك قىزىل بايراق باللار باغچىسى ................................ 5
شىخەنزە شەھەرلىك تەجرىبە باللار باغچىسى .................................... 6
قۇمۇل ۋىلايەتلىك مەركىزىي باللار باغچىسى .................................... 6
بۆرتالا شەھەرلىك 1 ـ باللار باغچىسى ........................................ 6
ئاقسۇ شەھەرلىك باللار باغچىسى .............................................. 7
قىزىلسۇ قىرغىز ئوبلاستلىق مەركىزىي باللار باغچىسى ............................ 7
قەشقەر ۋىلايەتلىك 3 ـ باللار باغچىسى ........................................ 7
قەشقەر ۋىلايەتلىك مىللىي باللار باغچىسى .................................... 8
ئىلى ۋىلايەتلىك مياۋمياۋ باللار باغچىسى .................................... 8
چۆچەك شەھەرلىك 1 ـ باللار باغچىسى .......................................... 8
ئالتاي ۋىلايەتلىك تەجرىبە باللار باغچىسى .................................... 9


### باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپى


باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپى .................................................. 10
شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتى تەجرىبە باشلانغۇچ مەكتىپى .......................... 14
ئۈرۈمچى شەھەرلىك 1 ـ باشلانغۇچ مەكتەپ ...................................... 15
ئۈرۈمچى شەھەرلىك 3 ـ باشلانغۇچ مەكتەپ ...................................... 16
ئۈرۈمچى شەھەرلىك 5 ـ باشلانغۇچ مەكتەپ ...................................... 17
ئۈرۈمچى شەھەرلىك 6 ـ باشلانغۇچ مەكتەپ ...................................... 17
ئۈرۈمچى شەھەرلىك 10 ـ باشلانغۇچ مەكتەپ ..................................... 17
ئۈرۈمچى شەھەرلىك 22 ـ باشلانغۇچ مەكتەپ ..................................... 18

ئۈرۈمچى شەھەرلىك 26 - باشلانغۇچ مەكتەپ ...... 19
ئۈرۈمچى شەھەرلىك 42 - باشلانغۇچ مەكتەپ ...... 19
ئۈرۈمچى شەھەرلىك 47 - باشلانغۇچ مەكتەپ ...... 20
ئۈرۈمچى شەھەرلىك 56 - باشلانغۇچ مەكتەپ ...... 20
ئۈرۈمچى شەھەرلىك قارلەيلىسى باشلانغۇچ مەكتەپ ...... 20
سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستلىق 1 - باشلانغۇچ مەكتەپ ...... 21
قاراماي شەھەرلىك 8 - باشلانغۇچ مەكتەپ ...... 21
شىخەنزە شەھەرلىك 1 - باشلانغۇچ مەكتەپ ...... 21
بۆرتالا شەھەرلىك 1 - باشلانغۇچ مەكتەپ ...... 22
ئاقسۇ شەھەرلىك 1 - باشلانغۇچ مەكتەپ ...... 22
قىزىلسۇ قىرغىز ئوبلاستلىق 1 - باشلانغۇچ مەكتەپ ...... 23
قەشقەر شەھەرلىك 10 - باشلانغۇچ مەكتەپ ...... 23
مەكىت ناھىيىلىك 1 - باشلانغۇچ مەكتەپ ...... 24
تاشقورغان ناھىيىلىك ياتاقلىق باشلانغۇچ مەكتەپ ...... 25
قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىلىك 2 - باشلانغۇچ مەكتەپ ...... 25
خوتەن شەھەرلىك 1 - باشلانغۇچ مەكتەپ ...... 26
چۆچەك شەھەرلىك 2 - باشلانغۇچ مەكتەپ ...... 27
چاپچال شىبە ئاپتونوم ناھىيىلىك 1 - باشلانغۇچ مەكتەپ ...... 27

**ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپلەر مائارىپى**

ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپلەر مائارىپى ...... 29
شىنجاڭ تەجرىبە ئوتتۇرا مەكتەپ ...... 31
ئۈرۈمچى شەھەرلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ ...... 31
ئۈرۈمچى شەھەرلىك 6 - ئوتتۇرا مەكتەپ ...... 34
ئۈرۈمچى شەھەرلىك 8 - ئوتتۇرا مەكتەپ ...... 34
ئۈرۈمچى شەھەرلىك 1 - ئاۋغۇست ئوتتۇرا مەكتەپ ...... 35
ئۈرۈمچى شەھەرلىك 13 - ئوتتۇرا مەكتەپ ...... 36
ئۈرۈمچى شەھەرلىك 14 - ئوتتۇرا مەكتەپ ...... 37
ئۈرۈمچى شەھەرلىك تۆمۈريول ئىدارىسى 3 - ئوتتۇرا مەكتىپى ...... 37
شىخەنزە شەھەرلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ ...... 38
شىخەنزە شەھەرلىك 2 - ئوتتۇرا مەكتەپ ...... 39
شىخەنزە شەھەرلىك 4 - ئوتتۇرا مەكتەپ ...... 39
قاراماي شەھەرلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ ...... 40
سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستلىق 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ ...... 40
مىچۈەن خۇيزۇ ئوتتۇرا مەكتەپ ...... 41

گۈچۈڭ ناھىيىلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ ........ 41

كۈيتۇن شەھەرلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ ........ 41

تۇرپان ۋىلايەتلىك 2 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ ........ 41

تۇرپان ۋىلايەتلىك تەجرىبە ئوتتۇرا مەكتىپى ........ 42

قۇمۇل ۋىلايەتلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ ........ 43

قۇمۇل ۋىلايەتلىك 2 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ ........ 43

قۇمۇل شەھەرلىك 4 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ ........ 44

ئاقسۇ ۋىلايەتلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ ........ 44

ئاقسۇ ۋىلايەتلىك 2 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ ........ 45

بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق موڭغۇل تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ........ 45

بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ ........ 46

بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق 2 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ ........ 46

قاراشەھەر خۇيزۇ ئاپتونوم ناھىيىلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ ........ 46

بۆرتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق موڭغۇل ئوتتۇرا مەكتەپ ........ 47

قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستلىق 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ ........ 47

قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستلىق 3 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ ........ 48

قەشقەر ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ........ 48

قەشقەر شەھەرلىك 2 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ ........ 49

قەشقەر ۋىلايەتلىك 6 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ ........ 49

يەكەن ناھىيىلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ ........ 49

تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ ........ 50

ئىلى ۋىلايەتلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ ........ 50

غۇلجا شەھەرلىك 7 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ ........ 50

غۇلجا شەھەرلىك 8 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ ........ 51

چاپچال شىبە ئاپتونوم ناھىيىلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ ........ 51

غۇلجا شەھەرلىك رۇس مەكتەپ ........ 51

تارباغاتاي ۋىلايەتلىك 2 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ ........ 52

چۆچەك شەھەرلىك 3 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ ........ 53

ئالتاي ۋىلايەتلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ ........ 53

ئالتاي ۋىلايەتلىك 2 ـ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ........ 54

خوتەن ۋىلايەتلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ ........ 54

خوتەن ۋىلايەتلىك 2 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ ........ 55

ئادەتتىكى ئالىي مائارىپ


ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپ ........................ 56
تولۇق كۇرس مائارىپى ........................ 56
مەخسۇس كۇرس مائارىپى ........................ 57
ئاسپىرانت مائارىپى ........................ 57
دوكتور ........................ 58
ماگىستىر ........................ 58
شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى «211 قۇرۇلۇشى» ........................ 58
ئىچكىرى ئۆلكىلەرنىڭ شىنجاڭ ئالىي مائارىپىغا ياردەم بېرىش ھەمكارلىق يىغىنى ........................ 60
ئۇنىۋېرسال ئالىي مەكتەپ ........................ 60
شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ........................ 61
شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ........................ 63
شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى ........................ 65
شىنجاڭ تېببىي ئىنستىتۇتى ........................ 66
شىنجاڭ سانائەت ئىنستىتۇتى ........................ 69
شىنجاڭ مالىيە ئىقتىساد ئىنستىتۇتى ........................ 70
شىنجاڭ سەنئەت ئىنستىتۇتى ........................ 72
شىنجاڭ نېفىت ئىنستىتۇتى ........................ 73
شىنجاڭ سانائەت ئالىي تېخنىكومى ........................ 74
ئىلى پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ........................ 76
قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ........................ 78
خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومى ........................ 79
سانجى پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومى ........................ 80
شىنجاڭ ئۇيغۇر تېبابەت ئالىي تېخنىكومى ........................ 80
شىخەنزە ئۇنىۋېرسىتېتى ........................ 81
ئۈرۈمچى كەسپىي ئۇنىۋېرسىتېتى ........................ 82
سانجى كەسپىي تېخنىكا ئىنستىتۇتى ........................ 83


كەسپىي مائارىپ


كەسپىي مائارىپ ........................ 85
ئوتتۇرا دەرىجىلىك كەسپىي مەكتەپ ........................ 85
ئوتتۇرا دەرىجىلىك تېخنىكوم مەكتىپى ........................ 85
شىنجاڭ شەھەر قۇرۇلۇشى مەكتىپى ........................ 86
شىنجاڭ خەلق ساقچىلىرى مەكتىپى ........................ 87

شىنجاڭ توقۇمىچىلىق سانائىتى مەكتىپى ........................ 87

شىنجاڭ مالىيە مەكتىپى ........................................ 87

شىنجاڭ پوچتا - تېلېگراف مەكتىپى ............................. 91

شىنجاڭ ئەدلىيە ساقچى - ئوفىتسېرلار مەكتىپى .................. 91

شىنجاڭ ئەدلىيە مەكتىپى ....................................... 93

شىنجاڭ سودا مەكتىپى .......................................... 93

شىنجاڭ ئېلېكتر ئېنېرگىيە مەكتىپى ............................. 94

شىنجاڭ سۇ ئېلېكتر مەكتىپى .................................... 95

شىنجاڭ ماشىنىسازلىق ئېلېكترون سانائەت مەكتىپى ................. 96

شىنجاڭ خىمىيە سانائەت مەكتىپى ................................ 96

شىنجاڭ يېنىك سانائەت مەكتىپى ................................. 97

شىنجاڭ ئاشلىق مەكتىپى ......................................... 98

شىنجاڭ پولات - تۆمۈر مەكتىپى ................................. 99

شىنجاڭ نېفىت مەكتىپى ......................................... 100

شىنجاڭ بىناكارلىق قۇرۇلۇش مەكتىپى ........................... 101

شىنجاڭ ماددىي ئەشيالار مەكتىپى ............................... 102

شىنجاڭ يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش مەكتىپى ................ 103

شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك مەكتىپى .................................. 104

شىنجاڭ ئورمانچىلىق مەكتىپى .................................. 105

شىنجاڭ ئەدلىيە ساقچى - ئوفىتسېرلار رادىئو - تېلېۋىزىيە ئۇنىۋېرسىتېتى... ........................................................ 105

شىنجاڭ قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى سانائىتى مەكتىپى ................. 106

شىنجاڭ تېببىي ئۇنىۋېرسىتېت 1 - شۆبە دوختۇرخانىسى سېستىرالار مەكتىپى ............................................... 106

شىنجاڭ تېببىي ئۇنىۋېرسىتېت 2 - شۆبە دوختۇرخانىسى سېستىرالار مەكتىپى ............................................... 107

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق دوختۇرخانىسى سېستىرالار مەكتىپى ............................................... 108

شىنجاڭ ماھارەتلىك تەنتەربىيە مەكتىپى ......................... 108

ئۈرۈمچى شەھەرلىك رەڭلىك مېتال سانائەت مەكتىپى ................ 109

ئۈرۈمچى ئالتۇن سانائىتى مەكتىپى .............................. 109

ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسى پارتىيە مەكتىپى ..................... 109

ئۈرۈمچى شەھەرلىك مالىيە سودا مەكتىپى ......................... 110

ئۈرۈمچى سەھىيە شەھەرلىك تېببىي مەكتەپ ........................ 111

ئۈرۈمچى تۆمۈريول ترانسپورت مەكتىپى ...... 112

سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستلىق تېببىي مەكتەپ ...... 112

سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستلىق تەنتەربىيە مەكتىپى ...... 113

قاراماي شەھەرلىك تېببىي مەكتەپ ...... 114

شىخەنزە شەھەرلىك تېببىي مەكتەپ ...... 115

شىخەنزە ئۇنىۋېرسىتېتى تېببىي ئىنستىتۇت سىستېرالار مەكتىپى ...... 116

تۇرپان ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك مەكتىپى ...... 116

تۇرپان ۋىلايەتلىك تېببىي مەكتەپ ...... 117

قۇمۇل ۋىلايەتلىك سانائەت مەكتىپى ...... 118

قۇمۇل ۋىلايەتلىك تېببىي مەكتەپ ...... 119

قۇمۇل ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك مەكتىپى ...... 119

بايىنغولىن ئوبلاستلىق تېببىي مەكتەپ ...... 121

بۆرتالا ئوبلاستلىق تېببىي مەكتەپ ...... 121

قىزىلسۇ قىرغىز ئوبلاستلىق تېببىي مەكتەپ ...... 121

قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستلىق يېزا ئىگىلىك مەكتىپى ...... 122

قەشقەر تېببىي مەكتەپ ...... 123

قەشقەر مالىيە ـ سودا مەكتىپى ...... 124

قەشقەر يېزا ئىگىلىك مەكتىپى ...... 124

قەشقەر ۋىلايەتلىك تەنتەربىيە مەكتىپى ...... 125

قەشقەر سەنئەت مەكتىپى ...... 126

قەشقەر يېزا ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇش مەكتىپى ...... 127

قەشقەر سۇ ئېلېكتر مەكتىپى ...... 128

خوتەن يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى مەكتىپى ...... 128

تارباغاتاي ۋىلايەتلىك مالىيە ـ سودا مەكتىپى ...... 129

تارباغاتاي يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى مەكتىپى ...... 129

تارباغاتاي ۋىلايەتلىك تېببىي مەكتەپ ...... 130

ئىلى ۋىلايەتلىك تەنتەربىيە مەكتىپى ...... 131

ئىلى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقنى ماشىنىلاشتۇرۇش مەكتىپى ...... 131

ئىلى مال دوختۇرلۇق مەكتىپى ...... 132

غۇلجا تېببىي مەكتەپ ...... 133

ئالتاي چارۋىچىلىق مەكتىپى ...... 133

ئالتاي ۋىلايەتلىك تېببىي مەكتەپ ...... 134

ئۈرۈمچى شەھەرلىك كەسپىي ئوتتۇرا تېخنىكوم ...... 135

فۇكاڭ شەھەرلىك كەسپىي ئوتتۇرا تېخنىكوم ...... 136

ئىلى ۋىلايەتلىك كەسپىي ئوتتۇرا تېخنىكوم …………………… 136
مەكىت ناھىيىلىك كەسپىي ئوتتۇرا تېخنىكوم …………………… 136
كورلا شەھەرلىك كەسپىي ئوتتۇرا تېخنىكوم …………………… 137
جىڭ ناھىيىلىك كەسپىي تېخنىكا مەكتىپى …………………… 138
شىخەنزە مۇساۋەن كەسپىي ئوتتۇرا تېخنىكوم …………………… 139
شىنجاڭ توقۇمىچىلىق سانائىتى تېخنىك ئىشچىلار مەكتىپى …………… 139
شىنجاڭ بىناكارلىق تېخنىك ئىشچىلار مەكتىپى …………………… 139
شىنجاڭ نېفىت يۇقىرى دەرىجىلىك تېخنىك ئىشچىلار مەكتىپى …………… 140
شىنجاڭ خىمىيە سانائىتى تېخنىك ئىشچىلار مەكتىپى …………… 140
ئىلى ۋىلايەتلىك تېخنىك ئىشچىلار مەكتىپى …………………… 141

**چوڭلار مائارىپى**

چوڭلار مائارىپى …………………………………… 142
يېزا مائارىپى ئۈنۈۋېرسال ئىسلاھ قىلىش …………………… 142
يېزا باشلانغۇچ مائارىپى …………………………………… 143
يېزا ئوتتۇرا دەرىجىلىك مائارىپى …………………………… 145
يېشىل تاشلىق گۇۋاھنامە …………………………………… 146
ئۈچ خىل مائارىپنى تەڭ پىلانلاش …………………………… 147
دېھقانچىلىق، پەن ـ تېخنىكا ۋە مائارىپنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈش ………… 148
«يانغىن پىلانى» …………………………………………… 149
يېزا مائارىپىنى ئۈنۈۋېرسال ئىسلاھ قىلىش تەجرىبە ناھىيىلىرى ………… 151
يانغىن پىلانىنىڭ يۈز، مىڭ، تۈمەن قۇرۇلۇشى …………………… 152
يېزا قوللىنىشچان تېخنىكا تەربىيىسى ………………………… 153
يېزا رادىئو ـ تېلېۋىزىيە مەكتىپى …………………………… 154
ياش، ئوتتۇرا ياش ساۋاتسىزلارنى ئاساسەن تۈگىتىش مائارىپى ………… 155
شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتى ……………………………… 157
شىنجاڭ ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ئۇنىۋېرسىتېتى …………………… 158
شىنجاڭ جامائەت خەۋپسىزلىكى ئەدلىيە باشقۇرۇش كادىرلار ئىنستىتۇتى …………………………………… 159
شىنجاڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش كادىرلار مەكتىپى …………………… 160
شىنجاڭ رادىئو ـ تېلېۋىزىيە ئۇنىۋېرسىتېتى …………………… 161
شىنجاڭ توقۇمىچىلىق ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ئۇنىۋېرسىتېتى ………… 162
شىنجاڭ پولات ـ تۆمۈر ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ئۇنىۋېرسىتېتى ………… 163
شىنجاڭ نېفىتى مائارىپ ئىنستىتۇتى ………………………… 163
شىنجاڭ سەھىيە نازارىتى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتى …… 164

شىنجاڭ رەڭلىك مېتال سانائىتى ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئۇنىۋېرسىتېتى ...... 165
شىنجاڭ بىناكارلىق ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئۇنىۋېرسىتېتى ...... 166
ئۈرۈمچى چوڭلار مائارىپى ئىنستىتۇتى ...... 166
ئۈرۈمچى نېفىت — خىمىيە سانائىتى باش زاۋۇتى ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئۇنىۋېرسىتېتى ...... 167
ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسى مائارىپ ئىنستىتۇتى ...... 168
قۇمۇل مائارىپ ئىنستىتۇتى ...... 169
سانجى مائارىپ ئىنستىتۇتى ...... 170
ئاقسۇ مائارىپ ئىنستىتۇتى ...... 170
شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك رادىئو - تېلېۋىزىيە ئۇنىۋېرسىتېتى ...... 170
تۇرپان رادىئو - تېلېۋىزىيە ئۇنىۋېرسىتېتى ...... 171
قەشقەر چوڭلار مائارىپى ئىنستىتۇتى ...... 172
شىنجاڭ سەھىيە كادىرلار بىلىم ئاشۇرۇش مەكتىپى ...... 173
ئۈرۈمچى شەھەرلىك چوڭلار ئوتتۇرا تېخنىكومى ...... 173
سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستلىق ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئوتتۇرا تېخنىكومى ...... 174
ئىلى ۋىلايەتلىك چوڭلار ئوتتۇرا تېخنىكومى ...... 174
ئاقسۇ قاراتال بازىرى دېھقان - چارۋىچىلار مەدەنىيەت - تېخنىكا مەكتىپى ...... 175
قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسى تازغۇن يېزىسى دېھقان - چارۋىچىلار مەدەنىيەت تېخنىكا مەكتىپى ...... 176
ماناس ناھىيىسى لوتېي بازارلىق دېھقانچىلىق پەن - تېخنىكا، مائارىپ مەركىزى ...... 176

**ئىدىيىۋى سىياسىي تەربىيە**

ماركسىزملىق دۆلەت قارىشى ...... 178
ماركسىزملىق مىللەت قارىشى ...... 180
ماركسىزملىق دىنىي قارىشى ...... 182
ماركسىزملىق تارىخىي قارىشى ...... 184
ماركسىزملىق مەدەنىيەت قارىشى ...... 185
بەش نۇقتىئىنەزەر تەربىيىسى ...... 187
مىللىي بۆلگۈنچىلىك ...... 188
قانۇنسىز دىنىي پائالىيەت ...... 189
ۋەزىيەت ۋە سىياسەت تەربىيىسى ...... 191

ئىككى دەرسلىك ...... 193
دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى «ئۈچكە كىرگۈزۈش» ...... 195
ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسى ...... 196
مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى ...... 197
ئاتېئىزىم تەربىيىسى ...... 199
**مىللەتلەر مائارىپى**
ئاز سانلىق مىللەتلەر مائارىپى ...... 201
خەنزۇلار مائارىپى ...... 202
ئۇيغۇرلار مائارىپى ...... 203
قازاقلار مائارىپى ...... 204
خۇيزۇلار مائارىپى ...... 206
ئۆزبېكلەر مائارىپى ...... 207
قىرغىز مائارىپى ...... 207
موڭغۇللار مائارىپى ...... 208
شىبەلەر مائارىپى ...... 209
تاجىك مائارىپى ...... 210
مانجۇ مائارىپى ...... 211
داغۇر مائارىپى ...... 212
تاتارلار مائارىپى ...... 212
رۇس مائارىپى ...... 213
خەنزۇ تىلى سەۋىيە سىناش ئىمتىھانى ...... 213
تەييارلىق مائارىپى ...... 215
قوش تىلدا دەرس ئۆتۈش تەجرىبىسى ...... 216
ماتېماتىكا، فىزىكا، خىمىيە ئايرىم نومۇر سىزىقى بەلگىلەش ...... 216
ئىچكى ئۆلكىلەردىكى شىنجاڭ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ سىنىپلىرى ...... 216
**پېداگوگىكا مائارىپى**
پېداگوگىكا مائارىپى ...... 219
ئوقۇتقۇچىلار ئۈزلۈكسىز مائارىپى ...... 219
ئالىي پېداگوگىكا مەكتىپى ...... 220
ئوتتۇرا دەرىجىلىك پېداگوگىكا مەكتىپى ...... 220
شىنجاڭ باللار پېداگوگىكا مەكتىپى ...... 220
شىنجاڭ موڭغۇل پېداگوگىكا مەكتىپى ...... 221
قۇمۇل ۋىلايەتلىك پېداگوگىكا مەكتىپى ...... 221
تۇرپان ۋىلايەتلىك پېداگوگىكا مەكتىپى ...... 221

تۇرپان ۋىلايەتلىك باشلانغۇچ مەكتەپ تەربىيىلەش مەركىزى...................... 221
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پېداگوگىكا مەكتىپى ............................................ 222
سانجى پېداگوگىكا مەكتىپى ............................................................ 222
شىخەنزە پېداگوگىكا مەكتىپى .......................................................... 223
بۆرتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق پېداگوگىكا مەكتىپى ............................ 223
بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق پېداگوگىكا مەكتىپى ......................... 224
ئىلى بىرىنچى پېداگوگىكا مەكتىپى .................................................... 224
ئىلى ئىككىنچى پېداگوگىكا مەكتىپى ................................................... 225
تارباغاتاي ۋىلايەتلىك پېداگوگىكا مەكتىپى ........................................... 225
ئالتاي ۋىلايەتلىك پېداگوگىكا مەكتىپى................................................ 226
ئاقسۇ ۋىلايەتلىك پېداگوگىكا مەكتىپى ................................................ 227
قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستلىق پېداگوگىكا مەكتىپى........................... 227
قەشقەر ۋىلايەتلىك پېداگوگىكا مەكتىپى ............................................... 228
جەنۇبىي شىنجاڭ باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنى تەربىيىلەش مەركىزى
.............................................................................................. 229
يەكەن پېداگوگىكا مەكتىپى ............................................................ 230
خوتەن ۋىلايەتلىك پېداگوگىكا مەكتىپى................................................. 231
قۇمۇل شەھەرلىك ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش ئىشچى - خىزمەتچىلەر مەكتىپى ................................................................ 231
ساۋەن ناھىيىلىك ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش مەكتىپى .............................. 232
قەشقەر ۋىلايەتلىك يېڭىشەھەر ناھىيىلىك ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش مەكتىپى ................................................................ 232

## ئالاھىدە مائارىپ

ئالاھىدە مائارىپ ................................................................... 233
ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئەمالار مەكتىپى .................................................. 234
سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستلىق گاس - گاچىلار مەكتىپى ......................... 235
قاراماي شەھەرلىك گاس - گاچىلار مەكتىپى ......................................... 236
ئاقسۇ ۋىلايەتلىك جۇڭشەن گاس - گاچىلار مەكتىپى ................................ 236
قەشقەر ئەما، گاس - گاچىلار مەكتىپى ................................................ 237
شىنجاڭ مېيىپلار كەسپىي ئوتتۇرا تېخنىكومى......................................... 237

## ئىجتىمائىي كۆچلەر قۇرغان مەكتەپلەر

ئىجتىمائىي كۆچلەر قۇرغان مەكتەپلەر.................................................. 239
شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي كۆچلەر مەكتەپلەر باشقۇرۇش تەربىيىلەش مەركىزى .................................................................. 239

شىنجاڭ ئۇچۇر تېخنىكا كەسپىي ئىنستىتۇتى ...... 240
شىنجاڭ يېڭەن كۆل ساياھەت مەكتىپى ...... 241
شىنجاڭ خۇاليەن كەسپىي مەكتىپى ...... 241
ئۈرۈمچى ئىجتىمائىي كەسپىي تېخنىكومى ...... 242
شىنجاڭ چوڭجېڭ خۇسۇسىي مەكتىپى ...... 243
شىنجاڭ گۇاڭخۇا خۇسۇسىي مەكتىپى ...... 243
شىنجاڭ ژېيدى مىللىي مۇزىكا سەنئەت كەسپىي مەكتىپى ...... 244
شىنجاڭ غەربىي دىيار كەسپىي مەكتىپى ...... 245
ئۈرۈمچى ئەمەلىي تېخنىكا تەربىيىلەش مەكتىپى ...... 246
شىنجاڭ ئاپتوموبىل كەسپىي تېخنىكىسى تەربىيىلەش مەكتىپى ...... 246
شىنجاڭ ئىلى يېڭسەي مەكتىپى ...... 247
كورلا شەھىرى لى مىن مەكتىپى ...... 248
كورلا شەھەرلىك كۆك ئاسمان باللار باغچىسى ...... 248
شىخەنزە شەھەرلىك يۈيىڭ مەكتىپى ...... 249
شىخەنزە شەھەرلىك يىنخې باللار باغچىسى ...... 249
قۇمۇل شەھەرلىك يۇشىن باشلانغۇچ مەكتىپى ...... 250
قۇمۇل شەھەرلىك لى يۈەن باللار باغچىسى ...... 250

**مائارىپ ئاپپاراتلىرى**

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتى ...... 251
ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم مائارىپ پەن - تېخنىكا بۆلۈمى ...... 255
شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئالىي مەكتەپلەر خىزمەت كومىتېتى ...... 256
شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتى ...... 257
شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ ئىدارىسى ...... 257
ش ئۇ ئا ر سىياسىي كېڭەش مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە كومىتېتى ...... 257
شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ۋەكىللەر قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى مائارىپ، تېخنىكا، مەدەنىيەت، سەھىيە كومىتېتى ...... 259
ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى مائارىپ مۇپەتتىش ئىشخانىسى ...... 260
ئاپتونوم رايونلۇق ئالىي مائارىپ ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىش ئىمتىھانى كومىتېتى ...... 261
شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى ...... 262
شىنجاڭ مائارىپ ئىلمىي تەتقىقات ئورنى ...... 263
شىنجاڭ ئوقۇتۇش تەتقىقات ئىشخانىسى ...... 265

شىنجاڭ مائارىپ گېزىت - ژۇرنىلى نەشرىياتى ...... 265
شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش كومىتېتى ......
...... 265
شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتى مائارىپ ئۈچۈرلىرى مەركىزى ...... 266
شىنجاڭ مائارىپ ئىمتىھان مۇلازىمەت مەركىزى ...... 267
شىنجاڭ ئوقۇتۇش قوراللىرىنى تەتقىق قىلىپ ياساش مەركىزى ...... 267
شىنجاڭ مائارىپ تاشقى مەبلەغ تۈرى ئىشخانىسى ...... 267
شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ فوندى جەمئىيىتى ...... 268
شىنجاڭ مائارىپ ئىلمىي جەمئىيىتى ...... 269
شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈش خۇلاسە ئىمتىھان ئىشخانىسى ...... 270
شىنجاڭ ئوقۇتۇش تەمىنلەش، باشقۇرۇش باش پونكىتى ...... 270
شىنجاڭ ئېلېكترلەشكەن مائارىپ سارىيى ...... 272
شىنجاڭ مائارىپ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى ...... 273
ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇش تەتقىقات جەمئىيىتى ...... 273
شىنجاڭ ئالىي مائارىپ ئىلمىي جەمئىيىتى ...... 274
شىنجاڭ چوڭلار ئالىي مائارىپى تەتقىقات جەمئىيىتى ...... 274
شىنجاڭ مائارىپ خەلقئارالىق ئالماشتۇرۇش جەمئىيىتى ...... 275
شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي كۆچلەر قۇرغان مەكتەپلەر بىرلەشمىسى ...... 276
ئۈرۈمچى شەھەرلىك مائارىپ كومىتېتى ...... 276
قاراماي شەھەرلىك مائارىپ كومىتېتى ...... 278
شىنجاڭ نېفىت باشقۇرۇش ئىدارىسى مائارىپ تەربىيىلەش مەركىزى ...... 279
شىخەنزە شەھەرلىك مائارىپ كومىتېتى ...... 279
تۇرپان ۋىلايەتلىك مائارىپ كومىتېتى ...... 280
قۇمۇل ۋىلايەتلىك مائارىپ كومىتېتى ...... 280
ئاقسۇ ۋىلايەتلىك مائارىپ كومىتېتى ...... 281
بۆرتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق مائارىپ كومىتېتى ...... 282
بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق مائارىپ ئىدارىسى ...... 283
تارباغاتاي ۋىلايەتلىك مائارىپ كومىتېتى ...... 284
ئالتاي ۋىلايەتلىك مائارىپ كومىتېتى ...... 285
قەشقەر ۋىلايەتلىك مائارىپ كومىتېتى ...... 285
قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستلىق مائارىپ كومىتېتى ...... 286

ئىلى ۋىلايەتلىك مائارىپ كومىتېتى ........................................ 288
سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستلىق مائارىپ ئىدارىسى .......................... 288
خوتەن ۋىلايەتلىك مائارىپ كومىتېتى ........................................ 289
شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۇەننى مائارىپ كومىتېتى ............ 290


**مائارىپ گېزىت ، ژۇرنال ۋە ئەسەرلىرى**


«شىنجاڭ مائارىپى» ژۇرنىلى .................................................. 292
«شىنجاڭ مائارىپى گېزىتى» .................................................. 293
«شىنجاڭ مائارىپ يىلنامىسى» .................................................. 294
«شىنجاڭ چوڭلار مائارىپى» .................................................. 295
«شىنجاڭ ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتۇشى» .............................. 295
«ئالىي مائارىپ تەتقىقاتى» .................................................. 295
«شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» .................................... 296
«شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» ............................ 296
«شىنجاڭ تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» .............................. 297
«شىنجاڭ سانائەت ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» .............................. 298
«شىنجاڭ مالىيە ـ ئىقتىسادى» .................................................. 298
«شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» ........................ 299
«شىخەنزە ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» .................................... 300
«ئىلى پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» .............................. 301
«سانجى پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومى ئىلمىي ژۇرنىلى» .......................... 302
«شىنجاڭ مائارىپى تارىخىي ماتېرىياللىرى» .................................. 302
«شىنجاڭ مىللەتلەر مائارىپى تەتقىقاتى» .................................... 303
«شىنجاڭ مائارىپ تەرەققىيات ستراتېگىيىسى تەتقىقاتى» .......................... 304


**مەكتەپ قۇرۇش شەرتلىرى**


مائارىپ خىراجىتى .................................................. 305
مائارىپ خىراجىتىدىكى «3نى كۆپەيتىش» .................................... 305
مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشى .................................................. 306
ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپلەردىكى خەتەرلىك ئۆيلەرنى يېڭىلاش قۇرۇلۇشى .................................................. 307
ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپ ئۆيلىرىنىڭ 8نى يورۇشلەشتۇرۇش قۇرۇلۇشى .................................................. 307
شايىفو ئىئانە پۇلى .................................................. 308
ئوقۇتقۇچى ، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ ئولتۇراق ئۆي قۇرۇلۇشى .................... 308
دۆلەتنىڭ نامراتلارنى يۆلەش مائارىپى قۇرۇلۇشى .............................. 309

شەھەر ـ يېزا مائارىپ ھەققى قوشۇمچىسى ...... 309
خەلق مائارىپ فوندى ...... 309
دۆلەتنىڭ نامرات رايونلار مەجبۇرىيەت مائارىپ قۇرۇلۇشى ...... 310
دۇنيا بانكىسى قەرز پۇلى ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش 2 ـ تۈرى ...... 311
ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپ تەجرىبە ئوقۇتۇشى ئومۇملاشتۇرۇلغان ناھىيىلەر ...... 312
ئوقۇتقۇچى ...... 313
ئوقۇتقۇچى ـ ئىشچى ـ خىزمەتچى ...... 314
ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلار نىسبىتى ...... 315
ئوقۇتقۇچى كەسپىي ۋەزىپىسى ...... 315

## ئۇنىۋېرسال ئۇقۇملار

شىنجاڭ مائارىپى ...... 318
بىڭتۇەن مائارىپى ...... 319
چەت ئەلگە چىقىپ ئوقۇيدىغان ئوقۇغۇچىلار ...... 321
مىللىي خەنزۇ ئارىلاش مەكتەپ ...... 322
چارۋىچىلىق رايونىدىكى ياتاقتا يېتىش تۈزۈمىدىكى مەكتەپ ...... 322
يەرلىك ئوقۇتۇش ماتېرىيالى ...... 323
رايونلۇق ئوقۇتۇش ماتېرىياللىرى ...... 323
«ئىككى ئاساسەن» ...... 324
«ئىككى مائارىپ» ...... 325
مائارىپ كۆلىمى ...... 325
توققۇز يىللىق مەجبۇرىيەت مائارىپىنى ئومۇملاشتۇرۇش ...... 327
ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ خىزمىتى يىغىنى ...... 328
ئەمگەك تېخنىكا تەربىيىسى دەرسلىكى ...... 330
ئاپتونوم رايونلۇق ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى پۈتتۈرۈش خۇلاسە ئىمتىھانى ...... 331
ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش «تۇتاشتۇرۇش» ئىسلاھاتى ...... 332
مەكتەپلەرنىڭ ئورۇنلىشىش قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش ...... 333
«12.8» ئالاھىدە چوڭ ئوت ئاپىتى ...... 334

## مائارىپ تارىخى

قەشقەر ئىسلام دىنىي ئۇنىۋېرسىتېتى ...... 336
قۇتادغۇ بىلىك ...... 336
مەكتەپ ...... 336
مەدرىسە ...... 336

خەلپەت ...... 336
مۇددەرىس ...... 336
مەكتەپ بېگى ...... 337
كېجۇ تۈزۈمى ...... 337
تەييارلىق مەكتىپى ...... 337
گازارما مەكتىپى ...... 338
ئەمەلدارلار مەكتىپى ...... 338
رۇس مەكتىپى ...... 338
مانجۇ يېزىقى مەكتىپى ...... 339
ياڭچىلىك مەدرىسى ...... 339
خەنزۇ تىلى مەكتىپى ...... 339
مەكتەپ باشقۇرۇش مەھكىمىسى ...... 339
شىنجاڭ ئوقۇش ئىشلىرى ئورنى ...... 339
ھۆسەينىيە مەكتىپى ...... 340
ئۆلكىلىك سىياسىي ـ قانۇن مەدرىسى ...... 340
ئۆلكىلىك كەسپىي ئوقۇتقۇچىلار تەربىيىلەش ئورنى ...... 340
ئۆلكىلىك ئالىي دەرىجىلىك مەدرىسە ...... 340
ئۆلكىلىك ئوتتۇرا دەرىجىلىك مەدرىسە ...... 340
ئۆلكىلىك ساقچى ـ قاراۋۇللار مەكتىپى ...... 341
ئۆلكىلىك جۇڭگو ـ رۇس تىلى مەدرىسى ...... 341
ئۆلكىلىك ئوفىتسېرلار تەربىيىلەش مەكتىپى ...... 341
ئۆلكىلىك قۇرۇقلۇق ئارمىيە باشلانغۇچ مەدرىسى ...... 341
تۆۋەن دەرىجىلىك باشلانغۇچ مەدرىسە ...... 342
ئىككىنچى دەرىجىلىك باشلانغۇچ مەدرىسە ...... 342
يېرىم كۈنلۈك مەدرىسلەر ...... 342
كەسپىي مەدرىسە ...... 343
خەنزۇ تىلى مەدرىسى ...... 343
ئومۇمىي تىل ئۆگىتىش كۇرسى ...... 343
ساۋات چىقىرىش مەكتىپى ...... 343
رۇس تىلى سىياسىي ـ قانۇن مەخسۇس مەكتىپى ...... 344
شىنجاڭ رۇس تىلى سىياسىي ـ قانۇن ئىنستىتۇتى ...... 344
بىرىنچى مەزگىللىك ئۈچ يىللىق مائارىپ پىلانى ...... 344
ئىككىنچى مەزگىللىك ئۈچ يىللىق مائارىپ پىلانى ...... 345
بىرىنچى قېتىملىق ئۆلكىلىك مائارىپ مەمۇرىيەت يىغىنى ...... 345

ئىككىنچى قېتىملىق ئۆلكىلىك مائارىپ مەمۇرىيەت يىغىنى ………… 345
ئۆلكىلىك دىخۋا قىزلار ئوتتۇرا مەكتىپى ………… 346
شىنجاڭ قىزلار ئىنستىتۇتى ………… 346
ئۆيۈشما مەكتەپلىرى ………… 346
ئاممىۋى مەكتەپ ………… 347
خەلق مەكتەپلىرى ………… 347
ئۈچ ۋىلايەت مائارىپى ………… 347
يېزىلاردىكى ئاددىي باشلانغۇچ مەكتەپلەر ………… 348
ۋاقىتلىق ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپلەر ………… 348
1971 - يىلدىكى مائارىپ خىزمىتى يىغىنى ………… 348
ئىشچى - دېھقانلار ئىشتىن سىرتقى مائارىپى ………… 348
باشلانغۇچ مەكتەپلەر مائارىپىنى ئومۇملاشتۇرۇش ………… 349
خەنزۇ تىلى ئوقۇتۇشى ………… 349
ئاساسىي مائارىپنى باشقۇرۇش تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ………… 350
«21 - ئىيۇل» ئىشچىلار ئۇنىۋېرسىتېتى ………… 350
«كوممۇنىزملىق ئەمگەك ئۇنىۋېرسىتېتى» ۋە «7 - ماي ئۇنىۋېرسىتېتى» ………… 351
ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتۇش تۈزۈمى ئىسلاھاتى ………… 351
كەسپىي تېخنىكا تەربىيىسىنى راۋاجلاندۇرۇش ………… 252
ئاپتونوم رايونلۇق چوڭلار مائارىپ ئىدارىسى ………… 253
ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى «ئىككى جەھەتتىن تولۇقلاش» ………… 354
ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىش ئىمتىھانى ………… 354
شىنجاڭ تېببىي ئىنستىتۇتى ………… 355
شىنجاڭ جۇڭيى ئىنستىتۇتى ………… 356
شىنجاڭ بىڭتۇەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومى ………… 357
شىخەنزە يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتى ………… 357
شىنجاڭ بىڭتۇەن ئىقتىساد ئالىي تېخنىكومى ………… 358

## مائارىپ سىياستى ۋە قانۇن - نىزاملىرى

شىنجاڭ ئالىي مەدرىس نىزامنامىسى ………… 360
شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ مەجبۇرىيەت مائارىپىنى يولغا قويۇشتىكى 1 - مەزگىللىك پروگراممىسى ………… 360
خوجىنىيازنىڭ مائارىپ ھەققىدىكى تەكلىپى ………… 360
شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ باشلانغۇچ مەكتەپلىرىنىڭ ۋاقىتلىق چارىلىرى ………… 360
شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ ئاممىۋى مەكتەپلەر ۋاقىتلىق قائىدىسى ………… 361

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ باشلانغۇچ مەكتەپلەردە قوشۇمچە ئىجتىمائىي تەلىم ـ تەربىيىنى يولغا قويۇش چارىلىرى ......................................... 362

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ باشلانغۇچ مەكتەپلەر مەمۇرىيەت تەشكىلاتلىرىنىڭ ئۆلچەملىك پروگراممىسى ................................................. 362

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ باشلانغۇچ مەكتەپلەر تەرتىپ ـ ئەخلاق پروگراممىسى ۋە يولغا قويۇش چارىلىرى ................................................. 363

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ تاجاۋۇزچىلىققا قارشى تۇرۇش تەربىيىسى بويىچە باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى تەلىم ـ تەربىيە دەرسلىكى ...................... 363

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ ئورگانلىرىنىڭ دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ئاممىۋى مەكتەپلەرگە يېتەكچىلىك قىلىش مىزانى ......................................... 364

مائارىپ مەمۇرىي تارماقلىرىنىڭ جەمئىيەت تەربىيىسىنى ئىلگىرى سۈرۈش ھەققىدىكى خىزمەت پروگراممىسى ......................................... 364

ئاممىۋى مائارىپ سارايلىرىنىڭ خىزمەت پروگراممىسى ...... 366

شىنجاڭ ئىنستىتۇتى تەشكىلاتىنىڭ پروگراما لايىھىسى .................. 365

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئاممىۋى مەكتەپلەر دەرسلىرىنى تۈزىتىش ئۆلچىمى ... ......................................................... 367

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ھەر دەرىجىلىك كەسپىي مەكتەپلەرنى باشقۇرۇش نىزامنامىسى ......................................... 367

شىنجاڭ مائارىپ نازارىتىنىڭ مەجبۇرلاش مائارىپىنى يولغا قويۇشتىكى ۋاقىتلىق چارىلىرى ......................................................... 368

نۆۋەتتىكى شىنجاڭ مائارىپ ئىسلاھاتى توغرىسىدا كۆرسەتمە .................. 368

باشلانغۇچ مائارىپنى ئومۇملاشتۇرۇپ يولغا قويۇش ھەققىدە بىر نەچچە پىكىر ......................................................... 370

دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا خەلق قۇرغان باشلانغۇچ مەكتەپلەرنى ياخشى باشقۇرۇش توغرىسىدىكى بىر قانچە پىكىر .................................. 370

نۆۋەتتىكى ھالدا بىر تۈركۈم پۈتۈن كۈنلۈك تۈزۈمدىكى ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپلەرنى قۇرۇش ھەققىدە پىكىر ......................................... 372

يېزىلاردىكى ئاددىي باشلانغۇچ مەكتەپلەرنى ياخشى باشقۇرۇش توغرىسىدا بىر نەچچە پىكىر ......................................................... 372

ئىشلەپ ئوقۇيدىغان پېداگوگىكا مەكتەپلىرىنى سىناق قىلىپ قۇرۇش ھەققىدە بىر قانچە پىكىر ......................................................... 373

مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ ئىشتىن سىرتقى بىلىم ئاشۇرۇش سىنىپلىرىنى يولغا قويۇشنىڭ ۋاقىتلىق چارىلىرى .................................. 374

يېزا ئىگىلىك ئوتتۇرا مەكتەپلىرىنى مۇستەھكەملەش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش

توغرىسىدا پىكىر ...................................................... 374
دېھقانچىلىق (چارۋىچىلىق) تولۇقسىز ۋە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلىرىنى قۇرۇش توغرىسىدىكى پىكىرلەر ...................................................... 375
ھەرقايسى جايلار ئىشچى - خىزمەتچىلىرىنىڭ ئىشتىن سىرتقى مەدەنىيەت مائارىپ خىزمىتىنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى بىر قانچە يوليورۇق .................... 376
ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئاساسىي ئىشلەپچىقىرىش ماھارىتى تەربىيىسىنى يولغا قويۇش توغرىسىدا يوليورۇق .................................... 376
يېزا - قىشلاق رايونلىرىدىكى ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپى پروگراممىسى ...................................................... 377
ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپلەردە «مەملىكەتلىك مائارىپ خىزمەت يىغىنى خاتىرىسى»نى ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدا بىرقانچە پىكىر .................... 379
ئالىي تېخنىكوم ۋە ئوتتۇرا دەرىجىلىك كەسپىي مەكتەپلەردە «مەملىكەتلىك مائارىپ خىزمەت يىغىنى خاتىرىسى»نى ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدىكى بىر قانچە تەكلىپ ...................................................... 382
يېزىلاردا ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش، ئىشتىن سىرتقى مائارىپ خىزمىتىنى پائال قانات يايدۇرۇش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش .................................... 385
ئىشچى — دېھقانلار ئىشتىن سىرت مائارىپ خىزمىتىنى يەنىمۇ بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن ھالدا راۋاجلاندۇرۇش توغرىسىدىكى بىرلەشمە ئۇقتۇرۇش .......... 386
ئىشچى - دېھقانلار ئىشتىن سىرت مائارىپىنى ئاكتىپ قانات يايدۇرۇپ دازەيچە ناھىيىلەرنى ئومۇملاشتۇرۇش ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلدۇرۇش توغرىسىدىكى پىكىر ...................................................... 386
ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپ خەلق باشقۇرۇشىدىكى ئوقۇتقۇچىلىرىنى تەرتىپكە سېلىش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش .................................... 387
مىللىي مەكتەپلەردە خەنزۇ تىلى ئوقۇتۇشىنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى پىكىر ...................................................... 387
مائارىپ مەمۇرىي كادىرلىرى ۋە ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش قاتارلىق بىر قانچە كونكرېت مەسىلەر توغرىسىدىكى ۋاقىتلىق بەلگىلىمە .................................... 388
يېزىلاردا ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش، ئىشتىن سىرت مائارىپ خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدىكى بىرقانچە پىكىر .................................... 389
ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپ سىياسىي - ئىدىيىۋى خىزمىتىنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى بىر قانچە پىكىر .................................... 390
جۇڭگو كومپارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەننىڭ «باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپىنى ئومۇملاشتۇرۇشتىكى بىر قانچە مەسىلە ھەققىدە قارار»نى يەنىمۇ

ئىلگىرلىگەن ھالدا ئىزچىللاشتۇرۇش ھەققىدە ئۇقتۇرۇش ............................ 390
ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك ، ھەر تۈرلۈك مەكتەپلەردە تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ ، ئىقتىسادچانلىق بىلەن ئوقۇش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدىكى پىكىر .............................. 390
ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنى تەربىيىلەش خىزمىتى ھەققىدە بىر قانچە پىكىر ............................................ 391
مىللىي ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ خەنزۇ تىلى ئوقۇتۇشىنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى بىر قانچە پىكىر ............................ 392
ئاپتونوم رايوننىڭ ئوتتۇرا دەرىجىلىك مائارىپ قۇرۇلمىسى ئىسلاھاتى توغرىسىدىكى پىكىر ................................................... 392
ئاپتونوم رايوندا ئالىي مەكتەپلەر كەسپىنى تەڭشەش توغرىسىدىكى دەسلەپكى پىكىر ................................................... 394
ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ دەرس ئوقۇتۇش مېتودى بويىچە بىلىم ئاشۇرۇش خىزمىتىنى كۈچەيتىش توغرىسىدا پىكىر ............ 394
باشلانغۇچ مائارىپنى ئومۇملاشتۇرۇش ھەققىدە بىر قانچە كونكرېت تەلەپلەر ۋە تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش چارىلىرى ........................ 395
رايونىمىزنىڭ يېزا - بازار ئوتتۇرا دەرىجىلىك مائارىپ قۇرۇلمىسىنى ئىسلاھ قىلىش ، كەسپىي تېخنىكا مائارىپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش توغرىسىدىكى پىكىر .......................................... 396
رايونىمىزنىڭ ئالىي مائارىپىنى تەڭشەپ ئىسلاھ قىلىش ۋە تېز سۈرئەتتە راۋاجلاندۇرۇش توغرىسىدىكى پىكىر ............................ 396
شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايوننىڭ ئالىي مائارىپ بويىچە ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىش ئىمتىھان لايىھىسى ............................................ 397
مىللىيلار ئالىي مائارىپىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىپ ، ئوقۇتۇش سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش توغرىسىدا پىكىر ........................................ 398
جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ «مائارىپ تۈزۈلمە ئىسلاھاتى توغرىسىدىكى قارار»نى ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدىكى پىكىر ...... 399
شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايوننىڭ «يەتتىنچى بەش يىللىق» پىلان مەزگىلىدىكى ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى قۇرۇلۇش پىلانى ........ 401
شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايوننىڭ ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش نىزامنامىسى ................................................ 402
رايونىمىزنىڭ كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپلەر مائارىپى مەسىلىلىرى ھەققىدىكى بەلگىلىمىلىرى ................................................ 403
ئاپتونوم رايونىمىز چوڭلار ئالىي مەكتەپلىرىنىڭ ئوقۇتۇش سۈپىتىنى تەكشۈرۈش

ئىمتىھان چارىلىرى ...... 404

شەھەر (بازار)لاردا مائارىپ قوشۇمچە ھەققى يىغىش توغرىسىدىكى قوشۇمچە بەلگىلىمىلەر ...... 405

مائارىپ ئىشلىرى قوشۇمچە ھەققىنى يىغىشنى ئىجرا قىلىش توغرىسىدا پىكىر ...... 405

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئاساسىي مائارىپقا قارىتا دەرىجىلەرگە بۆلۈپ مەكتەپ قۇرۇش، دەرىجىلەرگە بۆلۈپ باشقۇرۇشنى يولغا قويۇشتىكى سىناق چارىلىرى ...... 406

مىللىي ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپلەردە خەنزۇ تىلى ئوقۇتۇش خىزمىتىنى كۈچەيتىش ھەققىدە بىر قانچە تەدبىر ...... 407

رايونىمىزنىڭ نۆۋەتتىكى مائارىپ خىزمىتىدىكى بىر قانچە مەسىلە ھەققىدە قارار ...... 408

رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك، ھەر خىل تىپتىكى مەكتەپلەرنىڭ تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ، ئىقتىسادچانلىق بىلەن مەكتەپ باشقۇرۇشتا باج تاپشۇرۇش مەسىلىسى توغرىسىدىكى بەلگىلىمە ...... 409

ش ئۇ ئا ر نىڭ مەجبۇرىيەت مائارىپىنى يولغا قويۇش چارىلىرى ...... 409

يېزا - قىشلاقلاردا مەركىزىي باشلانغۇچ مەكتەپلەر قۇرۇشنى كۈچەيتىش توغرىسىدا پىكىر ...... 410

يېزا چوڭلار مائارىپى خىزمىتىنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى پىكىر ...... 411

چوڭلار ئالىي مائارىپىنى ئىسلاھ قىلىش توغرىسىدىكى پىكىر ...... 412

ش ئۇ ئا ر نىڭ رادىئو - تېلېۋىزىيە پېداگوگىكا مائارىپىنى باشقۇرۇش چارىلىرى ...... 412

ش ئۇ ئا ر مائارىپ كومىتېتىنىڭ مائارىپ مۇپەتتىشلىكىنى يولغا قويۇشتىكى چارىلىرى ...... 413

ج ك پ ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپ خىزمىتىنى كۈچەيتىش ۋە ئىسلاھ قىلىش ھەققىدىكى قارارى ...... 413

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مائارىپ ئىسلاھاتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش توغرىسىدىكى قارارى ...... 414

يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىدىيىنى ئازاد قىلىش، ئىسلاھات قەدىمىنى تېزلىتىش، ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ، ئىقتىسادچانلىق بىلەن ئوقۇتۇش ئىشلىرىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇش توغرىسىدىكى پىكىر ...... 415

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ «قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنى قوغداش قانۇنى»نى يولغا قويۇش چارىلىرى ...... 415

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ «باللار باغچىسى باشقۇرۇش

نىزامنامىسى» ۋە «بالىلار باغچىسى خىزمىتى بەلگىلىمىسى» نى ئىزچىللاشتۇرۇپ يولغا قويۇش چارىلىرى ........................ 415
ئالىي مەكتەپلەر، ئوتتۇرا دەرىجىلىك كەسپىي مەكتەپلەر پەن-تېخنىكا ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇش توغرىسىدىكى پىكىر ........................ 415
«جۇڭگو مائارىپ ئىسلاھاتى ۋە تەرەققىيات تېزىسى» نى ئىزچىللاشتۇرۇپ ئەمەلىيلەشتۈرۈش توغرىسىدىكى پىكىر ........................ 415
كۆپ يوللار ئارقىلىق مەبلەغ توپلاپ، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئۆي تۇرالغۇ قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىش توغرىسىدا پىكىر ........................ 417
شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مائارىپ قوشۇمچە ھەققىنى يىغىش ۋە باشقۇرۇش چارىلىرى ........................ 417
شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ شەھەر-بازارلاردا مائارىپ قوشۇمچە ھەققىنى يولغا قويۇش توغرىسىدىكى تەپسىلىي قائىدىلەر ........................ 418
ش ئۇ ئا ر خەلق مائارىپ فوندىنى يىغىش-باشقۇرۇش ۋاقىتلىق چارىلىرى ........................ 418
ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مائارىپ مۇپەتتىشلىك خىزمىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش توغرىسىدىكى قارارى ........................ 419
ش ئۇ ئا ر نىڭ توققۇز يىللىق مەجبۇرىيەت مائارىپىنى ئاساسىي جەھەتتىن ئومۇملاشتۇرۇش پىلانى ۋە يولغا قويۇش پىكرى ........................ 419
ش ئۇ ئا ر نىڭ ياش، ئوتتۇرا ياش ساۋاتسىزلارنى ئاساسىي جەھەتتىن تۈگىتىش پىلانى ۋە ئۇنى يولغا قويۇش پىكرى........................ 420
ئاپتونوم رايونىمىز مائارىپ سىستېمىسىنىڭ پارتىيىنىڭ 14-نۆۋەتلىك 6-ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدىكى پىكىر ........................ 421
ش ئۇ ئا ر مائارىپ كومىتېتى، ئاپتونوم رايونلۇق ئالىي مەكتەپلەر خىزمىتى كومىتېتىنىڭ مەكتەپتە دىنىي پائالىيەتلەرنى چەكلەش توغرىسىدىكى بەلگىلىمىسى ........................ 421
شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ كەسپىي ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتەپلەرنى تەسىس قىلىش ۋاقىتلىق چارە-تەدبىرلىرى ........................ 422
ئوتتۇرا-باشلانغۇچ مەكتەپلەردە قالايمىقان ھەق ئېلىشنى تەرتىپكە سېلىش خىزمىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش توغرىسىدىكى پىكىر ........................ 422
«مەكتەپ تەنتەربىيە خىزمەت شارائىتى» ۋە «مەكتەپ سەھىيە خىزمەت شارائىتى» نى ئىزچىللاشتۇرۇپ يولغا قويۇش توغرىسىدىكى پىكىر ........................ 422
ش ئۇ ئا ر ئالىي مەكتەپلەردىكى ئالاھىدە قىيىنچىلىقى بار ئوقۇغۇچىلارغا ياردەم بېرىشنى يولغا قويۇشتىكى چارىلىرى ........................ 423
ئاپتونوم رايون تارمىقىدىكى ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلەردە «قوش رېلىسلىق تۈزۈم

بويچە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىپ ھەق ئېلىش تۈزۈمى ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىش توغرىسدا پىكىر ........................................................................ 424

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ «9 - بەش يىللىق» پىلان مەزگىلىدىكى ئالىي مەكتەپ كادىرلىرىنى تەربىيىلەش خىزمىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشتىكى پىكىر ... 424

رايونىمىزنىڭ تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ، ئىقتىسادچانلىق بىلەن ئوقۇش بويىچە مەكتەپلەر ئېگىلىكى تەرەققىياتىنى تېزلىتىش توغرىسىدىكى بىر قانچە پىكىر ........................................................................ 425

پارتىيە 15 - قۇرۇلتىيىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، مائارىپ ئىسلاھاتى ۋە تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش توغرىسىدىكى بىر قانچە پىكىر .............. 425

رايونىمىزدىكى ھەرقايسى ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپلەردە ساپا مائارىپىنى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇش توغرىسىدىكى پىكىر .............................. 426

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مەكتەپكە كىرىش تەييارلىق سىنىپلىرىنى باشقۇرۇش چارىلىرى........................................................ 426

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ دۆلەت مائارىپ كومىتېتى، جۇڭگو مېيىپلار بىرلەشمىسىنىڭ «مېيىپ ياش - ئۆسمۈرلەرنىڭ 9 يىللىق مەجبۇرىيەت مائارىپىنى 9، - بەش يىللىق پىلان، مەزگىلىدە ئەمەلىيلەشتۈرۈش لايىھىسى»نى ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدىكى پىكىر .................................................... 427

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپ، بالىلار باغچىسى ئائىلە تەربىيىسى يېتەكچى پروگراممىسى ........................... 427

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ نامرات رايونلاردا مەجبۇرىيەت مائارىپى ئوقۇش ياردەم پۇلىنى يولغا قويۇش ۋاقىتلىق چارىلىرى .................... 428

ئىچكىرى ئۆلكىلەرنىڭ ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلىرىدە ئوقۇۋاتقان ئالاھىدە قىيىنچىلىقى بار ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلارغا ياردەم بېرىش ۋاقىتلىق چارىلىرى ........................................................ 428

رايونىمىزنىڭ پېداگوگىكا مائارىپىنى ئىسلاھ قىلىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش توغرىسىدىكى بىر قانچە تەكلىپ پىكىرلەر .................................. 429

ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ ئۈزلۈكسىز تەربىيىلىنىشىنى زور كۈچ بىلەن قانات يايدۇرۇش ۋە خەنزۇ تىلى ئوقۇتقۇچىلىرى قوشۇنى قۇرۇلۇشى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى پىكىر................................................. 429

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ «ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەننىڭ مائارىپ ئىسلاھاتىنى چوڭقۇر ئېلىپ بېرىش، ساپا مائارىپىنى ئومۇميۈزلۈك ئىلگىرى سۈرۈش توغرىسىدىكى قارار»ىنى ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدىكى پىكىر ................................................ 430

شەخسلەر

يۈسۈپ خاس ھاجىپ............ 432
زوزۇڭتاڭ............ 432
ليۇجىنتاڭ ............ 433
دۇتۇڭ ............ 433
ليۇۋىنلۇڭ............ 434
جاڭ شىن............ 434
خې يۈجۇ ............ 435
يۇشيۇسۇڭ ............ 435
چى تيەنمىڭ ............ 436
دۇچۇڭيۈەن ............ 436
لىن جىلۇ............ 437
مىڭ يىمىڭ ............ 438
لى يىئوۋ ............ 438
جياڭ زوجوۋ............ 439
خۇاڭرۇجىن ............ 439
چېڭ دۇڭبەي ............ 439
شېڭ شىسەي............ 440
بورھان شەھىدى ............ 440
ئەنۋەر خانبابا ............ 441
يۈن گۇاڭ............ 442
جاڭ فەن ............ 442
يۈەن جىجاڭ............ 443
ھاكىم جاپپار ............ 443
ۋېن خۇخۇا ............ 444
جاڭ ياڭ ............ 444
ۋۇياۋچېڭ ............ 445
نۇرتىيىپ ............ 445
جاڭ گۇيتىڭ............ 446
سادىر قادىر ............ 447

# بالىلار مائارىپى

## بالىلار مائارىپى

3 ياشتىن 6 ياشقىچە بولغان بالىلارغا قارىتىلغان مائارىپ بولۇپ، ئوقۇشتىن ئىلگىرىكى تەربىيىنىڭ بىر بۆلۈكى ھېسابلىنىدۇ. بالىلار مائارىپى سوتسىيالىستىك مائارىپنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى، شۇنداقلا ئاساسى مائارىپنىڭ ئورگانىك تەركىبىي قىسمى بولۇپ، ئېلىمىز ئوقۇش تۈزۈمىنىڭ ئاساسى بۆلۈكى ھېسابلىنىدۇ. شىنجاڭنىڭ بالىلار مائارىپ ئىشلىرى 50 يىللىق تەرەققىيات مۇساپىسى ئارقىلىق كىشىنى خۇشال قىلىدىغان نەتىجىلەرگە ئېرىشتى. 1949 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدا ئاران 2 لا يېرىم كۈنلۈك تۈزۈمدىكى بالىلار باغچىسى بار ئىدى. بالىلار سانى 112 نەپەر، ئوقۇتقۇچى سانى 7 نەپەر بولۇپ، تەربىيىلەش سەۋىيىسى ناھايىتى تۆۋەن ئىدى. ئازادلىقتىن كېيىن «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلانغانغا قەدەر، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ بالىلار مائارىپى ئىنتايىن تېز تەرەققىي قىلدى، ئەسلىدىكى بالىلار باغچىلىرىنى تەرتىپكە سېلىش، ئۆزگەرتىش، تەرەققىي قىلدۇرۇش ئاساسىدا نۇرغۇن زاۋۇت، كان، كارخانىلاردا بالىلار مائارىپ ئورگانلىرى قۇرۇلدى. 1965 - يىلى رايونىمىزدا 187 بالىلار باغچىسى، ئۇلاردا 647 بالىلار سىنىپى بار بولۇپ، بالىلار سانى 18893 كە، ئىشچى - خىزمەتچىلەر سانى 2317 ئادەمگە يەتتى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە بالىلار مائارىپى ئىشلىرى مىسلىسىز دەرىجىدە ۋەيران قىلىندى. يەسلىدىكى بالىلار كۆپ مىقداردا ئازلاپ كېتىپ، بالىلار مائارىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى جەھەتتىمۇ زىيىنى ئېغىر بولدى. 11 - نۆۋەتلىك 3 - ئومۇمىي يىغىندىن كېيىن، رايونىمىزنىڭ بالىلار مائارىپى تەدرىجىي ھالدا قانۇنغا تايىنىپ ئىدارە قىلىش، ئىلمىي باشقۇرۇش، ھەر تەرەپتىن تەرەققىي قىلىش يولىدا مېڭىپ، ھەر دەرىجىلىك، ھەر تۈرلۈك بالىلار باغچىلىرى قۇرۇش شارائىتى ئۈزلۈكسىز ياخشىلىنىپ، ئوقۇش سۈپىتى يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، ئوقۇش تارىخىي لاياقەتلىك، ساپاسى بىر قەدەر يۇقىرى، بىر قەدەر كۈچلۈك كەسپىي ئەخلاق ۋە كەسپىي روھقا ئىگە بالىلار مائارىپى ئوقۇتقۇچىلىرى قوشۇنى ۋە باشقۇرۇش قوشۇنىغا ئىگە بولدى. رايونىمىزنىڭ بالىلار مائارىپى شەھەر - يېزىلاردا ئاساسەن مەملىكەتلىك ئۈلگىلىك بالىلار باغچىلىرىنى ئۈلگە قىلىش، ھۆكۈمەت قۇرغان كۆزنەك بالىلار باغچىلىرى باشلامچى بولۇش، كارخانا، كەسپىي ئورۇنلاردا بالىلار باغچىلىرى قۇرۇشنى ئاساسى گەۋدە قىلىش، شەخسلەرنىڭ بالىلار باغچىلىرى قۇرۇشنى ئاكتىپ تەرەققىي قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت كۆپ تەرەپلىمىلىك بالىلار باغچىسى قۇرۇش ۋەزىيىتى شەكىللەندۈرۈلدى. 1996 - يىلى ئۈرۈمچى شەھىرى، فۇكاڭ شەھىرى، كۈيتۇن شەھىرى مەملىكەتلىك بالىلار مائارىپىدىكى ئىلغار شەھەر بولۇپ باھالاندى. بالىلار مائارىپى ئىنتايىن ئاجىز

بولغان يېزا ، چارۋىچىلىق رايونلاردا ، يېزا ، كەنتلەردە مەركىزىي بالىلار باغچىسى قۇرۇش ۋە ئۇنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا ، مۇنتىزىم ۋە مۇنتىزىم بولمىغان شەكىللەر ئۆزئارا بىرلەشكەن بالىلار مائارىپى ئورگانلىرىنى قۇرۇش شەكلىنى زور كۈچ بىلەن تەشەببۇس قىلىندى . نۆۋەتتە رايونىمىزدىكى يېزا ، قىشلاقلاردا بالىلارنىڭ ئوقۇتۇشتىن بۇرۇنقى بىر يىللىق تەربىيە ئېلىش نىسبىتى 60% تىن ئاشتى . 1990 - يىلى رايونىمىزدا تۇنجى قارار ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مەخسۇس بالىلار باغچىسى ئوقۇتقۇچىلىرىنى تەربىيەلەيدىغان ئوتتۇرا دەرىجىلىك پېداگوگىكا مەكتىپى — شىنجاڭ بالىلار پېداگوگىكا مەكتىپى قۇرۇلدى . شۇنىڭدىن كېيىن شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ، ئۈرۈمچى كەسپىي ئۇنىۋېرسىتېتى قاتارلىقلار ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ، ئالىي مەكتەپ ، تولۇق (مەخسۇس ) كۇرسلار بويىچە بالىلار باغچىسى مائارىپى كەسپىنى تەسىس قىلدى . 1999 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە ، رايونىمىزدىكى بالىلار باغچىسى جەمئىي 811 گە ، بالىلارنىڭ سانى 212 مىڭغا ، كەسپىي ئوقۇتقۇچىلار 9172 ئادەمگە يەتتى .

## ئۈرۈمچى شەھەرلىك 1 - بالىلار باغچىسى

كۆپ مىللەتلىك ، كۆپ تىللىق ، پۈتۈن كۈنلۈك تۇرۇمدىكى بالىلار باغچىسى بولۇپ ، 1938 - يىلدىكى دىخۇا شەھەرلىك قىزلار ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ شۆبە بالىلار باغچىسى ئاساسىدا قۇرۇلغان . ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى $6222m^2$ ، قۇرۇلۇش كۆلىمى $3894m^2$ ، ئۇزۇندىن بۇيان ئىنگلىز تىلى ، ئۇسسۇل ، رەسىم ، ئاكاردىيون قاتارلىق كەسپلەر بويىچە ھەۋەسكار بالىلار سىنىپى تەسىس قىلىشنى داۋاملاشتۇرۇپ ، بالىلارنىڭ ئەتراپلىق تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرگەن . بالىلارنىڭ گۈزەل - سەنئەت ئەسەرلىرى خەلقئارالىق ۋە مەملىكەتلىك بالىلار رەسىم كۆرگەزمىسى ۋە مۇسابىقىسىدە كۆپ قېتىم ئالتۇن ، كۈمۈش ، مىس مېداللارغا ئېرىشكەن . 1999 - يىلى مەكتەپتە 14 بالىلار سىنىپى تەسىس قىلىنغان . بالىلار سانى 600 دىن ئارتۇق ، كەسپىي ئوقۇتقۇچىلار 34 نەپەر .

باغچا ئادرېسى : ئۈرۈمچى شەھەر جيەنگو يولى 24 - نومۇر .

پوچتا نومۇرى : 830001 . تېلېفون : 2621231 (0991)

## ئۈرۈمچى شەھەرلىك قىزىل بايراق بالىلار باغچىسى

ئۇيغۇرچە ۋە خەنزۇچە ئىككى خىل تىلدا دەرس ئۆتۈلىدىغان كۆپ مىللەتلىك ، ياتاقتا يېتىش تۇرۇمدىكى بالىلار باغچىسى بولۇپ ، 1949 - يىلى دىخۇا شەھەرلىك 2 - قىزلار مەكتىپىنىڭ شۆبە بالىلار باغچىسى ئاساسىدا قۇرۇلغان بولۇپ ، 1955 - يىلى ھازىرقى ئورنىغا كۆچكەن . 1966 - يىلى ھازىرقى نامغا ئۆزگەرتىلگەن . ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى $4900m^2$ ، قۇرۇلۇش كۆلىمى $3000m^2$ ، پائالىيەت مەيدانى $2105.5m^2$ بولۇپ ،

رايونمىزدىكى «قوش تىل»لىق ئوقۇتۇش تەجرىبە باللار باغچىلىرىنىڭ بىرى . 1989 ـ يىلىدىن بۇيان ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ 11 دۆلەتتىن كەلگەن 100 گە يېقىن ئېكسكۇرسىيىچىنى كۈتۈۋالغان ، 90 نەچچە تۈرلۈك (قېتىم) ھەر دەرىجىلىك شەرەپ ناملىرىغا ئېرىشكەن . باللارنىڭ ھۆسن خەت ، رەسىم ئەسەرلىرى ھەريىلى مۇكاپاتلانغان . يېقىنقى بەش يىلدا جۇڭگو ، سىنگاپوردىكى مۇسابىقىلەردە 119 ئادەم ئالتۇن ، كۈمۈش ، مىس مېداللارغا ئېرىشكەن . 1999 ـ يىلى 10 سىنىپ بولۇپ ، باللار سانى 521 نەپەر ، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر 81 نەپەر ئىدى .

باغچا ئادرېسى : ئۈرۈمچى شەھەر غالىبىيەت يولى 89 ـ نومۇر .

پوچتا نومۇرى : 83001 . تېلېفون : 2862264 (0991)

## ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئاياللار بىرلەشمىسى باللار باغچىسى

1978 ـ يىلى قۇرۇلغان . ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئاياللار بىرلەشمىسىگە تەۋە ، كۆپ مىللەتلىك ياتاقتا يېتىش تۈزۈمىدىكى باللار باغچىسى . ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى $6162m^2$ ، قۇرۇلۇش كۆلىمى $8062m^2$ . بۇ باغچا باللارنىڭ ئەقلىي ئىقتىدارىنى ئاچىدىغان ، ھەر تەرەپتىن ساپاسىنى يېتىلدۈرىدىغان ئالاھىدە سىنىپلار ئاچقان . باللارنىڭ مۇزىكا ، ئۇسسۇل ، تەنتەربىيە ئويۇنلىرى ۋە ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەسەرلىرى مەملىكەتتە ، ئاپتونوم رايوندا ۋە ئۈرۈمچى شەھىرىدە مۇكاپاتلارغا ئېرىشىپ ، جەمئىيەتتىكى ھەرساھە كىشىلىرى ۋە ئاتا ـ ئانىلارنىڭ بىردەك ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى . 1990 ـ يىلدىن باشلاپ ھازىرغا قەدەر شەھەرلىك 1 ـ دەرىجىلىك باللار باغچىسى دېگەن شەرەپلىك نامنى ئىزچىل ساقلاپ كېلىۋاتىدۇ ؛ كۆپ قېتىم ھەر خىل ئىلغار ئورۇن دېگەن نامغا ئېرىشكەن . 1999 ـ يىلى 18 سىنىپ ، باللار سانى 900 نەپەر ، 107 نەپەر ئوقۇتقۇچى ، ئىشچى ـ خىزمەتچىسى بار ئىدى .

باغچا ئادرېس : ئۈرۈمچى شەھەر دېموكراتىيە يولى 75 ـ نومۇر

پوچتا نومۇرى : 83002 . تېلېفون : 2824951 (0991)

## ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئاياللار بىرلەشمىسى شىنخۇا باللار باغچىسى

1992 ـ يىلى قۇرۇلغان . كوللېكتىپ ئىگىلىكىگە تەۋە . خەنزۇ تىلىدا دەرس ئۆتۈلىدۇ . ئىنگلىز تىلى تەسىس قىلىنغان . ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى $1956m^2$ . ئوقۇتۇش قۇرۇلۇش كۆلىمى $1168m^2$ . باغچىنىڭ ئوقۇتۇش ، تۇرمۇش ئەسلىھەلىرى تولۇق ، شارائىتى ياخشى . 1999 ـ يىلى چوڭ ، ئوتتۇرا ، كىچىك بولۇپ 7 سىنىپ تەسىس قىلىنغان . باغچىدىكى باللار سانى 300 نەپەر ، ئوقۇتقۇچى ، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر 26 نەپەر ، بۇلارنىڭ ئىچىدە مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 14 نەپەر .

باغچا ئادرېسى : ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبى شىنخۇا يولى 96 ـ نومۇر .

پوچتا نومۇرى : 830001 . تېلېفون : 2860259 (0991)

## شىنجاڭ 3 - بىناكارلىق شىركىتى بالىلار باغچىسى

1953 - يىلى جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىدىن ئۆزگەرتىلگەندىن كېيىن يېزا ئىگىلىك قۇرۇلۇش 2 - دىۋىزىيە 4 - پولكىنىڭ بالىلار باغچىسى ئاساسىدا قۇرۇلغان. 1956 - يىلى ھەربىيلەرنىڭ كەسىپ ئالماشتۇرۇشىغا ئەگىشىپ ئۈرۈمچى شۈيموگودىن سايباغ رايونى چيەنتاڭجياڭ يولى 6 - نومۇرغا كۆچكەن. 1986 - يىلى ئۈرۈمچى شەھەرلىك مائارىپ كومىتېتىنىڭ تەستىقلىشى ئارقىسىدا بالىلار باغچىسىغا ئۆزگەرتىلگەن، 3 - بىناكارلىق شىركىتى ئوتتۇرا مەكتىپىگە تەۋە. 1993 - يىلى 3 - بىناكارلىق شىركىتى ئوتتۇرا مەكتىپىدىن ئايرىلىپ چىقىپ، شىركەت بىۋاستە باشقۇرۇشىغا تەۋە بولغان. ئىدارىدا 60 شتات بار. دەرس خەنزۇ تىلىدا سۆزلىنىدۇ. بالىلار باغچىسىنىڭ ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى 3363$m^2$، بۇنىڭ ئىچىدە ئوقۇتۇش يەر كۆلىمى 2765.3$m^2$. 1999 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە بۇ ئورۇن بۇرۇنقى 10 نەچچە بالا، بەش تەربىيىلەش خادىمى بولغان ئورۇندىن تەرەققىي قىلىپ، بالىلار سانى 800 نەپەر، 47 نەپەر كەسپىي ئوقۇتقۇچى، 13 سىنىپى بار بولغان چوڭ تىپتىكى ياتاقتا يېتىش تۈزۈمىدىكى بالىلار باغچىسىغا ئايلانغان.

باغچا ئادرېسى ئۈرۈمچى شەھەر چيەنتاڭجياڭ يولى 6 - نومۇر.

پوچتا نومۇرى: 830001. تېلېفون: 5853122.

## ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق قىزىل بايراق بالىلار باغچىسى

1955 - يىلى ئوبلاستلىق خەلق ھۆكۈمەت بالىلار باغچىسى ۋە ئوبلاستلىق پارتكوم بالىلار باغچىسى ئاساسىدا قۇرۇلغان. 1963 - يىلى ئىككى باغچا قوشۇلۇپ ھازىرقى نامىنى قوللانغان. باغچىنىڭ ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى 11096$m^2$. قۇرۇلۇش كۆلىمى 4972$m^2$. سىرتقى پائالىيەت ئورنى 6478$m^2$. بۇ باغچا ئىلى ئوبلاستلىق نەمۇنىلىك بالىلار باغچىسى قىلىپ بېكىتىلگەن. 20 - ئەسىرنىڭ 90 - يىللىرىدىن بۇيان، بۇ باغچا ئاپتونوم رايون، ئوبلاست بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن ھەر تۈرلۈك پائالىيەتلەرگە قاتنىشىپ، ھەر يىلى كۆپ قېتىم مۇكاپاتقا ئېرىشكەن. 1999 - يىلى 17 سىنىپ، ھەر مىللەتتىن بولغان بالىلار سانى 757 نەپەر، بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەتتىكى بالىلار %49 نى ئىگىلەيدۇ. ئوقۇتقۇچىلار 38 نەپەر، تەربىيىلىگۈچى خادىم ۋە باشقا خادىملار 44 نەپەر.

باغچا ئادرېسى: غۇلجا شەھەرلىك ستالىن چوڭ كوچىسى 64 - نومۇر.

پوچتا نومۇرى: 835000. تېلېفون: 8023755 (0999)

## سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستلىق 1 - بالىلار باغچىسى

سانجى شەھىرى شەرقى مەدەنىيەت يولىغا جايلاشقان. پۈتۈن كۈنلۈك تۈزۈمىدىكى خەنزۇ تىلى ئوقۇتۇشىدىكى بالىلار باغچىسى. ھازىر ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى

15729$m^2$ ، قورۇلۇش كۆلىمى 2565$m^2$ ، چوڭ تىپتىكى ئويۇنچۇق مەيدانى 2000$m^2$ . ئۈچ قېتىملىق چوڭ كۆلەملىك ئۆزگەرتىپ قۇرۇش ئارقىلىق ، زامانىۋى ئوقۇتۇش ئويۇن ئەسلىھەلىرىگە ئىگە ، بېقىش ۋە تەربىيىلەشتە يۇرۇشلەشكەن سەۋىيىگە ئىگە بالىلار باغچىسىغا ئايلانغان . يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ، بۇ باغچا ئوقۇتقۇچىلارنى ئوقۇ - ئوقۇتۇش ئىشلىرىنى دادىللىق بىلەن ئېلىپ بېرىشقا ئىلھاملاندۇرۇپ ، بالىلارنىڭ بىر كۈنلۈك پائالىيىتى ، نىشانلىق ئوقۇتۇش ، ئۇنىۋېرسال ئاساسى تېما تەربىيىسى ، چوت ھەمدە مائارىپقا ماسلاشقان ياخشى مۇھىتنى لايىھىلەش قاتارلىق تېمىلاردا تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ ، دەرس قۇرۇلمىسى ، ئوقۇتۇش ئەندىزىسىگە نىسبەتەن جۇرئەتلىك ھالدا ئىسلاھات ئېلىپ بېرىپ ۋە سىناق قىلىپ ، خوشاللىنارلىق نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن . ئاپتونوم رايون ۋە ئوبلاست تەشكىللىگەن كۆپ قېتىملىق پائالىيەتلەردە بىر تۈركۈم بالىلار مۇكاپاتقا ئېرىشتى . 1993 - 1995 - يىللىرى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئاپتونوم رايون ، ئوبلاستلىق مەنىۋى مەدەنىيەتلىك ئورۇن بولۇپ باھالانغان . 1999 - يىلى 11 سىنىپى ، خۇيزۇ ، خەنزۇ ، ئۇيغۇر ، قازاق ، رۇس ، مانجۇ ، ئۆزبېك قاتارلىق مىللەتلەردىن 680 نەپەر ئوقۇغۇچىسى ، 59 نەپەر ئوقۇتقۇچى ، ئىشچى - خىزمەتچىسى بار ئىدى .

باغچا ئادرېسى : سانجى شەھىرى .

پوچتا نومۇرى : 831100 . تېلېفون : 2335138 (0994)

## فۇكاڭ شەھەرلىك بالىلار باغچىسى

1957 - يىلى فۇكاڭ ناھىيىلىك بالىلار باغچىسى ئاساسىدا قۇرۇلغان . ئوقۇتۇشتا خەنزۇ تىلى قوللىنىدۇ . ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى 3803$m^2$ ، ئوقۇتۇش يەر كۆلىمى 1219$m^2$ . 1993 - يىلى سانجى ئوبلاستىدا 1 - تۈركۈمدىكى 1 - دەرىجىلىك بالىلار باغچىسى بولۇپ باھالانغان . 1998 - يىلى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مەدەنىيەتلىك ئورۇن بولۇپ باھالانغان . 1999 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق تازىلىقتا قىزىل بايراقدار ئورۇن بولغان . 2000 — يىلى شىنجاڭ بالىلار پېداگوگىكا مەكتىپىنىڭ پەن - تېخنىكا پائالىيىتىنىڭ تەجرىبە بازىسى بولۇپ بېكىتىلگەن . باغچا شتاتى 53 نەپەر ، 1992 - يىلى مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 52 نەپەر . باغچىدىكى بالىلار 700 نەپەر .

باغچا ئادرېسى : فۇكاڭ شەھىرى بوغدا چوققىسى كوچىسى 144 - نومۇر .

پوچتا نومۇرى : 831500 . تېلېفون : 3222251 (0994)

## قاراماي شەھەرلىك قىزىل بايراق بالىلار باغچىسى

1960 - يىلى قۇرۇلغان . ئەسلىدە نېفىت ئېلىش 1 - زاۋۇتى قۇرغان كارخانا بالىلار باغچىسى بولۇپ ، 5 سىنىپ بار ، بېقىش ۋە تەربىيىلەش ئاساس قىلىناتتى . 1997 - يىلى بالىلار باغچىسىغا ئۆزگەرتىلدى . ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى 4500$m^2$ ، ئوقۇتۇش يەر

كۆلىمى $2900m^2$ بولۇپ ، مىللىي ، خەنزۇ بىرلەشكەن پۈتۈن كۈنلۈك تۈزۈمدىكى باغچا ، قاراماي رايونلۇق ھۆكۈمەت ۋە شەھەرلىك مائارىپ مەركىزى تەك رەھبەرلىك قىلىدۇ . 1996 - يىلى مەملىكەتلىك نەمۇنىلىك ئائىلە باشلىقى مەكتىپى بولۇپ باھالانغان . باغچا شتاتى 64 نەپەر . 1999 - يىلى باغچىدا 380 نەپەر بالا ، 16 نەپەر ئوقۇتقۇچى بار بولغان .

باغچا ئادرېسى : قاراماي شەھىرى .

پوچتا نومۇرى : 834000 . تېلېفون : 6883483 (0990)

## شىخەنزە شەھەرلىك تەجرىبە بالىلار باغچىسى

1984 - يىلى 6 - ئايدا قۇرۇلغان . شىخەنزە شەھەرلىك مائارىپ كومىتېتىغا تەۋە . بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونىنىڭ بىردىنبىر نەمۇنىلىك بالىلار باغچىسى . ئىگەللىگەن يەر كۆلىمى $6000m^2$ ، قۇرۇلۇش كۆلىمى $3200m^2$ . 1990 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە بالىلارنى تەربىيىلەشتىكى نەمۇنىلىك ئورۇن بولۇپ باھالاندى . 1999 - يىلى مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 26 نەپەر ، 12 سىنىپ ، 650 نەپەر بالا بار ئىدى .

باغچا ئادرېسى : شىخەنزە شەھەر شەرقىي كىچىك يول 23 - نومۇر .

پوچتا نومۇرى : 832001 . تېلېفون : 2012895 (0993)

## قۇمۇل ۋىلايەتلىك مەركىزىي بالىلار باغچىسى

1954 - يىلى 10 - ئايدا قۇرۇلغان . ئەسلى قۇمۇل ۋالىي مەھكىمىسىگە بىۋاستە قاراشلىق بالىلار باغچىسى بولۇپ ، ئەسلى ئادرېسى : قۇمۇل شەھىرى غەربى دەريا رايونى چۆەنشىن كوچىسىدا ئىدى . 1962 - يىلى 9 - ئايدا ھازىرقى ئورنىغا كۆچۈپ كەلگەن ، 1963 - يىلى قۇمۇل ۋىلايەتلىك بالىلار باغچىسىغا ئۆزگەرتىلگەن . 1971 - يىلى 7 - ئايدا قۇمۇل ۋىلايەتلىك بالىلار باغچىسىغا ئۆزگەرتىلىپ ، 1977 - يىلى قۇمۇل شەھىرىگە تاپشۇرۇلۇپ ، قۇمۇل شەھەرلىك 1 - بالىلار باغچىسىغا ئۆزگەرتىلگەن . 1984 - يىلى 7 - ئايدا ۋىلايەتكە قايتۇرۇلۇپ ، قۇمۇل ۋىلايەتلىك مەركىزى بالىلار باغچىسى قىلىپ ئۆزگەرتىلىپ بۈگۈنگە قەدەر قوللىنىلماقتا . بۇ باغچا قۇمۇل رايونىدىكى ئەڭ چوڭ بالىلار باغچىسى بولۇپ ، قۇرۇلۇش كۆلىمى $3354m^2$ ، ئوقۇتۇشتا خەنزۇ تىلى قوللىنىلىدۇ . 1999 - يىلىدىكى ئوقۇتقۇچى ، ئىشچى - خىزمەتچىسى 70 نەپەر ، بالىلار سانى 500 نەپەر .

باغچا ئادرېسى : قۇمۇل شەھىرى جۇڭشەن شىمالى يولى .

پوچتا نومۇرى : 839000 . تېلېفون : 2234799 (0902)

## بۆرتالا شەھەرلىك 1 - بالىلار باغچىسى

ئەسلى نامى بۆرتالا ئوبلاستلىق بالىلار باغچىسى بولۇپ ، 1959 - يىلى 10 - ئايدا قۇرۇلغان . ئەينى چاغدا بىر سىنىپ ، 20 ئوقۇغۇچى بار ئىدى . كېيىن ئىلگىرى -

كېيىن بولۇپ ئوبلاستلىق باللار باغچىسى ۋە بىۋاسىتە قاراشلىق باشلانغۇچ مەكتەپ بىلەن قوشۇۋېتىلگەن. 1960 - يىلى 5 - ئايدا ئايرىلىپ چىقىپ، بۆرتالا ئوبلاستلىق باللار باغچىسى دېيىلگەن. 1993 - يىلى 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ئوبلاستلىق باللار باغچىسى بۆرتالا شەھرىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلىپ، بۆرتالا شەھەرلىك 1 - باللار باغچىسى قىلىپ ئۆزگەرتىلگەن. باغچىنىڭ يەر كۆلىمى $10440m^2$، قۇرۇلۇش كۆلىمى $3356m^2$، 1999 - يىلدىكى ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچى سانى 76 نەپەر. باغچا قۇرۇلغاندىن بۇيان يېتىشتۈرۈپ چىققان باللارنىڭ سانى 7000 نەپەر.

ئادرېسى: بۆرتالا شەھرى.

پوچتا نومرى: 833400 تېلېفون: 2222356 (0909)

## ئاقسۇ شەھەرلىك باللار باغچىسى

ئەسلى نامى ئاقسۇ شەھەرلىك باللار باغچىسى بولۇپ، 1966 - يىلى قۇرۇلۇشقا باشلىنىپ 1971 - يىلى 10 - ئاينىڭ 15 - كۈنى رەسمىي قۇرۇلغان. 1982 - يىلى 6 - ئايدا ئەسلىدىكى باللار باغچىسى ئاقسۇ شەھەرلىك ئۈلگىلىك باللار باغچىسى قىلىپ ئۆزگەرتىلگەن. 1990 - يىلى 10 - ئايدا ئاپتونوم رايون بويىچە باللار مائارىپىدىكى ئىلغار ئورۇن بولۇپ باھالانغان. ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى $5055m^2$. 1999 - يىلى 10 سىنىپى، 400 نەچچە نەپەر ئوقۇغۇچىسى، 40 نەپەر ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىسى بار بولغان.

باغچا ئادرېسى: ئاقسۇ شەھەر جەنۇبى كىچىك كوچا 4 - نومۇر

پوچتا نومۇرى: 843000. تېلېفون نومۇرى: 2126609 (0997)

## قىزىلسۇ قىرغىز ئوبلاستلىق مەركىزىي باللار باغچىسى

1989 - يىلى 9 - ئايدا، قىزىلسۇ ئوبلاستلىق 1 - باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ تەييارلىق سىنىپىنىڭ ئاساسىدا قىزىلسۇ ئوبلاستلىق مەركىزىي باللار باغچىسى قۇرۇلغان. ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى $8478m^2$. ئوقۇتۇش يەر كۆلىمى $1740m^2$. ئوقۇتۇش، تۇرمۇش قاتارلىق ئەسلىھەلىرى تولۇق. ئوقۇتۇشتا خەنزۇ تىلى ۋە ئۇيغۇر تىلى قوللىنىدۇ. تىل، ئومۇمىي ساۋات، تەنتەربىيە، ھېسابلاش، مۇزىكا، ئۇسسۇل قاتارلىق دەرسلىكلەر تەسىس قىلىنغان. ھەريىلى 6 ~ 3 ياشقىچە بولغان ھەر مىللەت باللىرىنى قوبۇل قىلىدۇ، چوڭ، كىچىك سىنىپ قىلىپ ئايرىغان. بۇ باغچىدا 57 شتات تەسىس قىلىنغان. 1999 - يىلدىكى مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 54 نەپەر، باللار 290 نەپەر.

باغچا ئادرېسى: ئاتۇش شەھرى پامىر يولى.

پوچتا نومۇرى: 845350. تېلېفون: 4223210 (0908)

## قەشقەر ۋىلايەتلىك 3 - باللار باغچىسى

1954 - يىلى 11 - ئاينىڭ 5 - كۈنى قۇرۇلغان. ئەسلى نامى جەنۇبى شىنجاڭ

مەمۇرى مەھكىمە ئورگان باللار باغچىسى . 1959 - يىلى قەشقەر ۋىلايەتلىك باللار باغچىسى قىلىپ ئۆزگەرتىلگەن . 1989 - يىلى قەشقەر ۋىلايەتلىك 3 - باللار باغچىسى قىلىپ ئۆزگەرتىلىپ ، مەدەنىي - مائارىپ بۆلۈمى بىۋاسىتە باشقۇرغان . باللار باغچىسىنىڭ يەر كۆلىمى $5728m^2$ . ئوقۇتۇش يەر كۆلىمى ئۆي $3448m^2$ . ئوقۇتۇشتا خەنزۇ تىلى قوللىنىدۇ . باغچا شتاتى 53 نەپەر ، 1999 - يىلى مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 22 نەپەر ، باللار سانى 400دىن كۆپرەك .

باغچا ئادرېسى : قەشقەر شەھىرى .

پوچتا نومۇرى : 844000 . تېلېفون : 2522416 (0998)

## قەشقەر ۋىلايەتلىك مىللىي باللار باغچىسى

1982 - يىلى قەشقەر شەھىرى گۈلباغ كوچىسى 6 - نومۇردا قۇرۇلغان بولۇپ ، قەشقەر ۋىلايەتلىك مائارىپ كومىتېتى باشقۇرغان . پۈتۈن كۈنلۈك ، يېرىم كۈنلۈك ئىككى خىل بېقىش ، تەربىيىلەش تۈزۈمىنى يولغا قويغان . ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى $5667m^2$ . قۇرۇلۇش كۆلىمى $4150m^2$ . باللارنىڭ يېشىغا ئاساسەن كىچىك ، ئوتتۇرا ، چوڭدىن ئىبارەت 3 يىللىققا ئايرىغان . ئەدەبىيات ، ماتېماتىكا ، ناخشا - ئۇسسۇل ، مۇزىكا ، خەنزۇ تىلى ، رەسىم ، ئومۇمىي ساۋات ، تەنتەربىيە قاتارلىق دەرسلەرنى تەسىس قىلغان . 1999 - يىلدىكى ئوقۇتقۇچى ، ئىشچى - خىزمەتچىلەر سانى 72 نەپەر ، باللار 300 دىن كۆپرەك .

مەكتەپ ئادرېسى : قەشقەر شەھىرى .

پوچتا نومۇرى : 844000 . تېلېفون : 2512348 (0998)

## ئىلى ۋىلايەتلىك مىاۋمىاۋ باللار باغچىسى

1989 - يىلىنىڭ بېشىدا غۇلجا شەھىرى ستالىن كوچىسى 6 - نومۇردا قۇرۇلغان بولۇپ ، ۋىلايەتكە بىۋاسىتە قاراشلىق بىردىنبىر ھۆكۈمەت ئىگىدارلىقىدىكى باللار باغچىسى ھېسابلىنىدۇ . ئىلى ۋىلايەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسىگە قارايدۇ . ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى $3333m^2$ . بۇنىڭ ئىچىدە ئوقۇتۇش يەر كۆلىمى $1482m^2$ . 1998 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە «8 - مارت» قىزىل بايراقدار كوللېكتىپ بولۇپ باھالانغان . باغچا شتاتى 40 نەپەر . 1999 - يىلدىكى مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 18 نەپەر ، باللار 420 نەپەر .

باغچا ئادرېسى : غۇلجا شەھىرى ستالىن كوچىسى 6 - نومۇر

پوچتا نومۇرى : 835000 . تېلېفون : 8021635 (0999)

## چۆچەك شەھەرلىك 1 - باللار باغچىسى

1973 - يىلى چۆچەك شەھەر ئىشلەپچىقىرىش كوچىسىدا قۇرۇلغان بولۇپ ، 26 يىللىق تەرەققىيات جەريانىدا كىچىك باغچىدىن ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى $2840m^2$ ،

قورۇلۇش كۆلىمى 1200m² لىق باللار باغچىسىغا ئايلانغان . ئوقۇتۇشتا خەنزۇ تىلى قوللىنىدۇ . باغچا شتاتى 69 نەپەر . 1999 - يىلدىكى مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 36 نەپەر ، 12 سىنىپ ، باللار 550 نەپەر .

باغچا ئادرېسى : چۆچەك شەھىرى ئىشلەپچىقىرىش كوچىسى

پوچتا نومۇرى : 834700 . تېلېفون : 6222116 (0901)

## ئالتاي ۋىلايەتلىك تەجرىبە باللار باغچىسى

ئالتاي ۋىلايەتلىك باللار باغچىسى ئاساسىدا 1954 - يىلى ئەتىيازدا ئەينى ۋاقىتتىكى ۋالىي مەھكىمە خەلق ئىشلىرى بۆلىمى قۇرغان بولۇپ ، خىزمەتچى خادىمى 6 نەپەر ئىدى ، باغچىغا كىرگەن باللار پەقەت 16 نەپەر ئىدى . 1958 - يىلى كۆلىمى 800m² بولغان باللار سىنىپلىرى قايتا سېلىنىپ ، باللا سانى 70 نەپەرگە كۆپەيگەن . بۇ ئەينى ۋاقىتتىكى ئالتاي ۋىلايىتىدىكى بىردىنبىر پۈتۈن كۈنلۈك تۇزۇمدىكى باللار باغچىسى ھېسابلىناتتى . 1961 - يىلى ۋىلايەتلىك باللار باغچىسى قىلىپ ئۆزگەرتىلىپ ، پۈتۈن كۈنلۈك تۈزۈم ياتاقتا يېتىش تۈزۈمىگە ئۆزگەرتىلگەن . 1976 - يىلى 10 - ئايدا مەمۇرى مەھكىمە ئىشخانىسىنىڭ ۋاكالىتەن باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەن . 1984 - يىلى ۋىلايەتلىك مەدەنىي مائارىپ باشقارمىسىنىڭ ئاساسلىق باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى . 1985 - يىلى كۆزدە شەھەرلىك مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلىپ ، ئالتاي شەھەرلىك 2 - باللار باغچىسى قىلىپ ئۆزگەرتىلگەن . 1989 - يىلى ۋىلايەتلىك مائارىپ باشقارمىسىنىڭ ئاساسلىق باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلىپ ، ئالتاي ۋىلايەتلىك تەجرىبە باللار باغچىسى دەپ رەسمىي نام بېرىلگەن . بۇ باغچا ۋىلايەتتىكى بىردىنبىر مىللىي ، خەنزۇ ئارىلاش نەمۇنىلىك تەجرىبە باللار باغچىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ . 1998 - يىلى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مەنىۋى مەدەنىيەتلىك ئورۇن بولۇپ باھالانغان . ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى 7200m² . ئوقۇتۇش يەر كۆلىمى 3535m² . خەنزۇ تىلىدا ئوقۇتۇش ئېلىپ بېرىلىدۇ . باغچا شتاتى 81 نەپەر . 1999 - يىلدىكى مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 51 نەپەر . باللار 650 نەپەر .

ئادرېس : ئالتاي شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى .

پوچتا نومۇرى : 836500 . تېلېفون : 2122296 (0906)

# باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپى

## باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپى

1906 ـ يىلى شىنجاڭ مائارىپ مەمۇرى ئورگانلارنى تەسىس قىلىشقا باشلىغان . شۇ يىلى يەنە ھەرقايسى ناھىيىلەردە ئوقۇشقا چاقىرىش ئورۇنلىرىنى قۇرغان . 1906ـ 1910ـ يىلغىچە ھەرقايسى جايلاردىكى شەخسىي مەكتەپلەر باشلانغۇچ مەكتەپ قىلىپ ئۆزگەرتىلگەن . 1910 ـ يىلغا بارغاندا پۈتۈن شىنجاڭدىكى مەكتەپ 597 گە ، ئوقۇغۇچى 1540 نەپەرگە ، ئوقۇتقۇچى 713 نەپەرگە يەتكەن . بۇنىڭ ئىچىدە تولۇقسىز باشلانغۇچ 104 ، خەنزۇچە مەدرىس 205 ، ئاددىي ساۋات چىقىرىش ئورنى 64 ئىدى . 1915 ـ يىلى دىخۇا ناھىيىسى (ھازىرقى ئۈرۈمچى )دە قىزلار باشلانغۇچ مەكتىپى قۇرۇلۇپ ، 1931 ـ يىلى دىخۇا قىزلار ئالىي باشلانغۇچ مەكتىپى قىلىپ ئۆزگەرتىلگەن . 1925 ـ يىلى 4 ـ ئايدا ياڭ زېڭشىن قەشقەردە ئالىي دەرىجىلىك باشلانغۇچ مەكتەپ قۇرۇشقا بۇيرۇق چۈشۈرگەن ، 1926 ـ يىلى خوتەندە ئالىي دەرىجىلىك باشلانغۇچ مەكتەپ تەسىس قىلىنغان . باشلانغۇچ مائارىپ ياڭ زېڭشىن دەۋرىدە بىر ئىزدە تۇرۇپ ئالغا ئىلگىرىيەلمىگەن . 1912 ـ يىلى پۈتكۈل رايونىمىزدا ھەرتۈرلۈك باشلانغۇچ مەكتەپ 60 كە ، مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلار سانى 1802 كە يەتكەن . 1915 ـ يىلى باشلانغۇچ مەكتەپ 98گە ، ئوقۇغۇچى سانى 3774 نەپەرگە يەتكەن ؛ 1915 ـ 1928 ـ يىلغىچە باشلانغۇچ مەكتەپلەردىكى ئوقۇغۇچى سانى 4000 ئەتراپىدا ساقلانغان . 1931 ـ يىلى مەكتەپ كۆپەيتىلىپ 153 كە ، ئوقۇغۇچى سانى 7126 نەپەرگە يەتكەن . لېكىن كېيىنكى مەزگىلدە ، قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭى پارتلاپ كەڭ كۆلەمدە ئازلاپ كېتىپ ، 1933 ـ يىلى مەكتەپ 95كە ، ئۇقۇغۇچى سانى 4132 نەپەرگە چۈشۈپ قالغان . 1935 ـ يىلى 8 ـ ئايدا شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت «شىنجاڭ ئۆلكىلىك مەجبۇرىيەت مائارىپ كومىتېتى پروگراممىسى » ۋە «شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھەرقايسى ناھىيە مەجبۇرىيەت مائارىپ كومىتېتى تەشكىللەش پروگراممىسى» تۈزۈپ چىققان . پروگراممىدا كومىتېتنىڭ ئاساسى ۋەزىپىسى ئۆلكىنىڭ مەجبۇرىيەت مائارىپىنى يولغا قويۇش پىلانىنى تۈزۈپ چىقىش ، ئۆلكىنىڭ مەجبۇرىيەت مائارىپ مەبلىغىنى ياخشى باشقۇرۇش ، شۇنداقلا مەركەزدىن ئاجرىتىپ بېرىلگەن مەجبۇرىيەت مائارىپ ياردەم مەبلىغىنى ياخشى باشقۇرۇش ۋە تەقسىملەش دەپ بەلگىلەنگەن . شۇ يىلى 11 ـ ئايدا ئۆلكىلىك مائارىپ نازارىتى «شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ مەجبۇرىيەت مائارىپىنى تۇنجى قاراردىكى يولغا قويۇش پروگراممىسى»نى تۈزۈپ چىققان . بۇ پروگراممىدا 1935 ـ يىلى 8 ـ ئايدىن 1940 ـ يىلى 7 ـ ئايغىچە بولغان ۋاقىت شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ مەجبۇرىيەت مائارىپىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنىڭ تۇنجى باسقۇچى ، بۇ مەزگىلدە ھەرقايسى ناھىيىلەر ئادەتتىكى باشلانغۇچ مەكتەپلەرنى تەسىس

قىلىنغاندىن باشقا، يەنە بىر يىللىق قىسقا مەزگىللىك باشلانغۇچ مەكتەپ قۇرۇپ،
دەرسلىك ماتېرىياللارنى ھەقسىز تەمىنلەش كېرەك دەپ بېكىتكەن. 1936 - يىلى
شىنجاڭنىڭ 1937 - يىللىق مەجبۇرىيەت مائارىپىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش لايىھەسىنى
بېكىتىپ، لايىھەدە قىسقا مەزگىللىك باشلانغۇچ مەكتەپ قۇرغاندىن سىرت، تۆۋەن
دەرىجىلىك مەكتەپلەرنى كېڭەيتىش، ئەسلىدىكى ئوقۇغۇچى سانىنى تولۇقلاش، ئاددىي
باشلانغۇچنى كۆپەيتىپ قۇرۇش، تاق شتات ۋە قوش ئورۇن شتاتى تۈزۈمىنى يولغا
قويۇش، ئوقۇتقۇچى خادىملار ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىش چارىسىنى يولغا
قويۇش، شەخسىي مەكتەپلەرنى ئىسلاھ قىلىش قاتارلىقلار تەلەپ قىلىندى. 1936 -
يىلى 1 - ئايدا ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئۆلكىدىكى بارلىق خەنزۇ، خۇيزۇ باشلانغۇچ
مەكتەپلەردە ئۇيغۇر تىلى دەرسىنى تەسىس قىلىش توغرىسىدا مائارىپ نازارىتىگە بۇيرۇق
چۈشۈردى. 1938 - يىلى مائارىپ نازارىتى «باشلانغۇچ مەكتەپ قانۇنى» ۋە «باشلانغۇچ
مەكتەپ نىزامنامىسى»نى تۈزۈپ چىقتى. 9 - ئايدا مائارىپ نازارىتى ئۆلكىلىك
ھۆكۈمەتكە «شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ ۋاقىتلىق قانۇنى»،
«شىنجاڭ ئۆلكىلىك باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ ۋاقىتلىق نىزامنامىسى»نى تەستىقلاپ ئېلان
قىلىشنى ئىلتىماس قىلدى. 1939 - يىلى مائارىپ نازارىتى «شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ
باشلانغۇچ مەكتەپ مەمۇرىي تەشكىلات پروگراممىسى»، «شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ
باشلانغۇچ مەكتەپ تەربىيە ئۆلچىمى پروگراممىسى ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئۇسۇلى»،
«شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ ياپونغا قارشى تۇرۇش تەربىيىسى»، «باشلانغۇچ مەكتەپ
پۇقرالىرىنى چېنىقتۇرۇش دەرسلىكى»، «شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ باشلانغۇچ مەكتەپلەر
جەمئىيەت تەربىيىسىنى قوشۇمچە ئېلىپ بېرىش تەدبىرى» قاتارلىقلارنى ئېلان قىلدى.
شۇ يىلى مائارىپ نازارىتى ئۇيغۇر، قازاق، موڭغۇل تىللىرىدىكى دەرسلىكتىن 25 خىلنى
نەشردىن چىقاردى. 1943 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھۆكۈمەت ۋە جەمئىيەت
قارمىقىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپلەردىكى ئوقۇغۇچى سانى 265964 ئادەمگە يېتىپ، 1934
- يىلدىكى 31304 نەپەر ئادەمگە سېلىشتۇرغاندا 7.5 ھەسسە ئاشتى. 1946 - يىلى
11 - ئايدا ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت مەخسۇس گۇرۇپپا تەشكىللەپ، «ئوقۇتۇش
ماتېرىياللىرىنى تۈزۈپ بېكىتىش چارىسى»، «ئوقۇتۇش ماتېرىياللىرىنىڭ ئورتاق
ئۆلچىمىنى تۈزۈپ بېكىتىش لايىھەسى»نى تۈزۈپ چىقتى. 1947 - يىلى 1 - ئايدا،
«شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ دەرسلىك ئۆلچىمىنى تەكشۈرۈپ
بېكىتىش دوكلاتى» ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى يىغىنىدا ماقۇللاندى. دوكلاتتا:
باشلانغۇچ مەكتەپ ئەدەبىيات دەرسلىكى ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز، ئۆزبېك، تاجىك،
تاتارلارغا ئۆز تىلىدا ئۆتۈلىدىغانلىقى، دۆلەت تىلىدا ئۆتۈلمەيدىغانلىقى، خۇيزۇلارغا
دۆلەت تىلىدا ئۆتۈلۈپ، ئۇيغۇر تىلى قوشۇمچە قىلىنىدىغانلىقى، مانجۇ ۋە خەنزۇ
مىللىتىگە دۆلەت تىلىدا ئۆتۈلىدىغانلىقى، ئۇيغۇر تىلى قوشۇمچە قىلىنىدىغانلىقى،
موڭغۇل، رۇس، شىبە، داغۇر مىللىتىگە ئۆز تىلىدا ئۆتۈلىدىغانلىقى، دۆلەت تىلى ياكى

ئۇيغۇر تىلى قوشۇمچە قىلىنىدىغانلىقى ، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان مىللەتلەرگە دىن دەرسلىكى قوشۇلىدىغانلىقى ، ھەرقايسى مەكتەپلەردە ماتېماتىكا ، تەبىئەت ، گۈزەل سەنئەت ، ناخشا دەرسلىكى تەسىس قىلىنىدىغانلىقى كۆرسىتىلگەن . 1948 - يىلى ئۆلكە ۋە جەمئىيەتكە قاراشلىق باشلانغۇچ مەكتەپلەردىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانى 189448 كىشى بولۇپ ، 1943 - يىلغا سېلىشتۇرغاندا 76516 ئادەم ئازلاپ كەتكەن . ئازادلىقتىن كېيىنكى شىنجاڭنىڭ باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپى كونا مائارىپ تۈزۈلمىسىنى ئۆزگەرتىش ۋە رەتلەش ئاساسىدا تەرەققى قىلغان . ئەسلىدىكى جۇڭخۇا مىنگو ھۆكۈمىتى قۇرغان باشلانغۇچ مەكتەپنى مائارىپ مەمۇرى تارماقلىرى تاپشۇرۇۋېلىپ ، دۆلەت قارمىقىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپ قىلىپ ئۆزگەرتكەن . 1950 - يىلى 9 - ئايدا شىنجاڭ خەلق دېموكراتىك ئىتتىپاقىنىڭ 1 - قېتىملىق ۋەكىللەر يىغىنىدا جەمئىيەت قارمىقىدىكى مەكتەپلەرنى باشقۇرۇشنى تاپشۇرۇۋالىدىغانلىقى قارار قىلىنغان . 1953 - يىلى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت يېڭى ئىتتىپاقىنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلىپ ، ئەسلىدىكى جەمئىيەت قارمىقىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپ ، يېتىملار مەكتەپلىرى ھۆكۈمەتنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈلگەن . ئۇلارنىڭ مال - مۈلۈك ۋە خادىملىرى دۆلەتنىڭ بىر تۇتاش ئىدارە قىلىشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەن . بۇلارنىڭ مەكتەپ قۇرۇش نىشانى ، مەزمۇنى ، دەرسلىك تۈزۈش ئاساسى قاتارلىقلار دېگۈدەك ھۆكۈمەتنىڭ بىر تۇتاش بەلگىلىمىسى بويىچە ئىسلاھ قىلىنغان . باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپىنى ئومۇملاشتۇرۇش يېڭى جۇڭگونىڭ مائارىپ ئىشلىرى تەرەققىياتىدىكى زور تەدبىر ئىدى . 1952 - يىلى 3 - ئايدا مائارىپ نازارىتى باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ بىرىنچى بەش يىللىق پىلانىنى تۈزۈپ چىققان . بۇ پىلاندا باشلانغۇچ مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانىنى 1953 - يىلدىكى 331462 ئادەمدىن 1957 - يىلدىكى 543538 ئادەمگە يەتكۈزۈشنى ، ئوقۇش يېشىدىكى بالىلارنىڭ نىسبىتىنى 1953 - يىلدىكى 19.50% دىن 1957 - يىلدىكى 83.18% يەتكۈزۈشنى تەلەپ قىلغان . 1957 — يىلدىكى شىنجاڭنىڭ 1 - بەش يىللىق پىلانى ئاياغلاشىدىغان مەزگىلدە ، باشلانغۇچ مەكتەپلەردىكى ئوقۇغۇچى سانى 424544 ئادەمگە يېتىپ ، 1953 - يىلدىكى 318582 ئادەمدىن 33% كۆپەيدى ؛ شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر بىر قەدەر مەركەزلىك ئولتۇراقلاشقان رايون — جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپىنىڭ تەرەققىياتى ئىنتايىن تېز بولغان . باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى 1949 — يىلدىكى 124758 ئادەمدىن تەرەققىي قىلىپ 1957 - يىلدىكى 303944 ئادەمگە يېتىپ ، 143.6% ئاشتى . جەنۇبىي ۋە شىمالىي شىنجاڭنىڭ مائارىپى تەڭپۇڭ ھالەتكە يېقىنلاشتى . 20 - ئەسىرنىڭ 50 - يىللىرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىگە كەلگەندە ، باشلانغۇچ مائارىپىدا ئومۇملاشتۇرۇش لايىھىسى روشەن ھالدا ئەمەلىيەتتىن ئايرىلغان بولسىمۇ ، لېكىن باشلانغۇچ مائارىپىدا مىسلىسىز تەرەققىيات ۋەزىيىتى بارلىققا كەلگەن . 1958 - يىلى شىنجاڭدىكى باشلانغۇچ مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلار سانى 646172 ئادەمگە ، 1960 - يىلى 746344 ئادەمگە يەتكەن . 1961 - يىلدىن كېيىن ئۈچ يىللىق تەبىئىي ئاپەت

ۋە خەلق ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىنى تەكشەش سىياسىتىنىڭ تەسىرىدە، باشلانغۇچ مائارىپنىڭ دۆلەت ئوتتۇرىغا قويغان «تەكشەش، مۇستەھكەملەش، تولۇقلاش، يۇقىرى كۆتۈرۈش» دېگەن سەككىز خەتلىك كۆرسەتمە يولىغا قويۇلۇپ، ئوقۇغۇچىلار سانىدا بىر قەدەر ئازلاش كۆرۈلگەن. 1964 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتى «يېزا - كەنتلەردىكى ئادەتتىكى باشلانغۇچ مەكتەپلەرنى ياخشى قۇرۇش توغرىسىدا بىر قانچە تەكلىپ»نى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئادەتتىكى باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ تەسىس قىلىنىش مەبلىغى، مەكتەپ قۇرۇش شەكلى، ئوقۇش يىلى تۈزۈمى، دەرسلىك تەسىس قىلىش، مەكتەپ ياتىقى، ئەسلىھەلىرى مەسىلىسى توغرىسىدا ئېنىق بەلگىلىمە چىقارغان. مەدەنىيەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە، شىنجاڭنىڭ مائارىپى ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى. 1971 — يىلدىكى «ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپلەردە مەملىكەتلىك مائارىپ خىزمەت يىغىنى خاتىرىسىنى ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدا بىرقانچە تەكلىپ»دە 4 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە دېھقانچىلىق چارۋىچىلىق رايونلىرىدا 5 يىللىق باشلانغۇچ مائارىپنى ئومۇملاشتۇرۇش، شارائىتى بار رايونلاردا 7 يىللىق باشلانغۇچ مائارىپنى ئومۇملاشتۇرۇش تەلەپ قىلىندى. شىنجاڭنىڭ باشلانغۇچ مائارىپنى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتى بۇ 5 يىلدا بىر قەدەر ياخشى نەتىجىلەرگە ئېرىشكەن. 1975 - يىلى شىنجاڭدىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانى 180 مىڭغا يېتىپ، ئوقۇش يېشىدىكى بالىلارنىڭ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى 90% بولغان. مەدەنىيەت ئىنقىلابى ئاياغلاشقاندىن كېيىن، شىنجاڭنىڭ مائارىپى ئەسلىگە كەلگەن ۋە تەرەققىياتقا ئېرىشكەن. 1980 - يىلى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن «باشلانغۇچ مائارىپنى ئومۇملاشتۇرۇش توغرىسىدىكى بىر قانچە مەسىلىلەر ئۈستىدىكى قارار»نى چۈشۈرگەن. شۇ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى ۋە خەلق ھۆكۈمىتى «پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە گوۋۇيۈەننىڭ (ئادەتتىكى باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپى توغرىسىدىكى بىرقانچە مەسىلىلەر ئۈستىدە تەكلىپ)نى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئۇقتۇرۇشىنى چۈشۈرگەن. 1983 - يىلى 10 - ئايدا مائارىپ نازارىتى «باشلانغۇچ مائارىپنى ئومۇملاشتۇرۇشنىڭ بىر قانچە كونكرېت تەلىپى ۋە تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش ئۇسۇلى»نى تۈزۈپ، باشلانغۇچ مائارىپنى ئومۇملاشتۇرۇشنىڭ تەلىپى ۋە ئۆلچىمىنى يېڭى بىر سەۋىيىگە كۆتۈردى. 1984 - يىلى 3 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتى «باشلانغۇچ مائارىپى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتىدىكى بىرقانچە تۈرلۈك كونكرېت تەلەپلەر»نى تارقاتقان. 1986 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتى «باشلانغۇچ مائارىپنى ئومۇملاشتۇرۇشنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشنى يولغا قويۇش چارىسى»نى تارقاتقان. 1988 - يىلى 5 - ئايدا ئېلان قىلىنىپ يولغا قويۇلغان «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مەجبۇرىيەت مائارىپىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئۇسۇلى»، شىنجاڭنىڭ باشلانغۇچ مائارىپنى ئومۇملاشتۇرۇش قەدىمىنى تېزلەتكەن. 1990 - يىلغا كەلگەندە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى 58 ناھىيىدە تولۇقسىز مەجبۇرىيەت مائارىپى

ئومۇملاشتۇرۇلۇپ، پوتكول رايونىمىزدىكى ناھىيە (شەھەر) ئومۇمىي سانىنىڭ 62% نى ئىگىلىگەن. ئاپتونوم رايونىمىزدا تولۇقسىز مائارىپنى ئاساسەن ئومۇملاشتۇرغان رايونلاردىكى نوپۇس 1017 تۈمەنگە يەتكەن (ھازىرقى ھەربىلەر ۋە بىڭتۈەن نوپۇسىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ). تولۇقسىز مائارىپنى ئومۇملاشتۇرغان نوپۇسنىڭ قاپلىنىش نىسبىتى 78.2% بولغان. 1990 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى باشلانغۇچ مەكتەپ يېشىغا يەتكەن بالىلار 150.2 تۈمەن ئادەم بولۇپ، مەكتەپتىكى بالىلار سانى 146.5 تۈمەن، مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى 97.5%. بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت 96.6%. يىللىق مۇستەھكەملىنىش نىسبىتى 97.1%، بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت 96.9%. مەكتەپ پۈتتۈرۈش نىسبىتى 83.7%. بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەتلەر 77.5% نى ئىگىلىگەن. 1995 - يىلى باشلانغۇچ مائارىپنى ئاساسى جەھەتتىن ئومۇملاشتۇرۇش پىلانى ئەمەلگە ئاشقان. 1995 - يىلى 1 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم «ج ك پ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ (جۇڭگو مائارىپ ئىسلاھاتى ۋە تەرەققىيات لايىھىسى)نى ئەمەلىيلەشتۈرۈش توغرىسىدىكى پىكىر»نى تارقاتقان. بۇ رايونىمىزنىڭ مائارىپ ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش قەدىمىنى تېزلىتىشتا، ھەرمىللەت خەلقىنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈشكە، رايونىمىزنىڭ 20 - ئەسىرنىڭ 90 - يىللىرىدىن تاكى يېڭى ئەسىرنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىگىچە بولغان زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇش مۇساپىسىگە نىسبەتەن ئىنتايىن مۇھىم ۋە چوڭقۇر ئەھمىيەتكە ئىگە. 1999 - يىلى 3 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتى «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ (باشلانغۇچ مەكتەپلەرنى باشقۇرۇش لاھىيىسىنى) ئەمەلىيلەشتۈرۈشنىڭ ۋاقىتلىق چارىلىرى»نى بېسىپ تارقىتىپ، رايونىمىزنىڭ باشلانغۇچ مائارىپىغا نىسبەتەن كونكرېت تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان. 1999 - يىلى 12 - ئاينىڭ 27 - كۈنى «ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ (ج ك پ، گوۋۇيۈەننىڭ مائارىپ ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، ساپا مائارىپنى ئومۇميۈزلۈك ئىلگىرى سۈرۈش توغرىسىدىكى قارارى)نى ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدىكى پىكىر»نى بېسىپ تارقىتىپ، رايونىمىزنىڭ مائارىپ ئىسلاھاتىنى تېزلىتىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش، ساپا مائارىپنى ئومۇميۈزلۈك ئېلىپ بېرىش توغرىسىدا كونكرېت پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان. 1999 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدا باشلانغۇچ مەكتەپ جەمئىي 6796گە، ئوقۇغۇچى سانى 2507406 نەپەرگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەتلەر 1743407 نەپەر بولغان.

## شىنجاڭ مائارىپ ئىنىستىتۇتى تەجرىبە باشلانغۇچ مەكتىپى

1906 - يىلى قۇرۇلغان شىنجاڭ پېداگوگىكا مەكتىپى شۆبە باشلانغۇچ مەكتىپى ئاساسىدا قۇرۇلغان. 1963 - يىلى ئاپتونوم رايونىنىڭ پېداگوگىكا مائارىپى تەرەققىياتىنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن، قىزىل تاغنىڭ ئېتىكىگە جايلاشقان ئۈرۈمچى

شەھەرلىك 3 ـ باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىنى ئىككىگە بۆلگەن . بىر قىسمى ئۈرۈمچى شەھەرلىك 3 ـ باشلانغۇچتا قالغان . يەنە بىر قىسمى شىمالىي قۇۋۇقتا جايلاشقان ئۈرۈمچى 1 ـ دارىلمۇئەللىمىنگە يۆتكىلىپ ، ئۈرۈمچى شەھەرلىك 1 ـ دارىلمۇئەللىمىن شۆبە باشلانغۇچ مەكتىپى قۇرۇلغان . بۇ باشلانغۇچ مەكتەپ قۇرۇلغاندىن كېيىن ئۈرۈمچى 1 ـ دارىلمۇئەللىمىننىڭ رەھبەرلىكى ئاستىدا بولغان . ئەسلىدىكى 1 ـ دارىلمۇئەللىمىن پارتكومىنىڭ يېتەكلىشى ئاستىدا ، ئوقۇتۇش رايونىنىڭ باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپىنى ئومۇملاشتۇرۇش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغاندىن باشقا ، ئاساسلىقى 1 ـ دارىلمۇئەللىمىندىكى ئوقۇغۇچىلار ، نۆۋەتتىكى مەكتەپ پۈتتۈرىدىغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ پراكتىكا تەربىيىسى ۋە پراكتىكا ۋەزىپىسىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان ھەمدە ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش ئىسلاھاتى تەجرىبە تەتقىقات ۋەزىپىلىرى ئورۇنلانغان . 1 ـ شۆبە باشلانغۇچ مەكتەپ قۇرۇلغاندىن بۇيان ، ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ئوقۇش تۈزۈمى ئىسلاھاتى ، مەكتەپ يېشىدىكى بالىلارنى بالدۇر مەكتەپكە ئېلىش سىنىقى ، باشلانغۇچ مەكتەپتە ياتاق تۈزۈمى ئورنىتىش سىنىقى ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىدىيىۋى سىياسىي تەربىيىسىنى كۈچەيتىش سىنىقى قاتارلىقلار ئېلىپ بېرىلغان . 1980 ـ يىلى ئەسلىدىكى 1 ـ شۆبە باشلانغۇچ شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتى تەجرىبە باشلانغۇچ مەكتىپى قىلىپ ئۆزگەرتىلىپ ، شىنجاڭنىڭ باشلانغۇچ مائارىپ ئىشلىرى تەرەققىياتىدىكى ئەڭ بالدۇر قۇرۇلغان ئومۇملاشتۇرۇش ، ئۈلگە تىكلەش ، پەن ـ تەتقىقات ئېلىپ بېرىش ئالاھىدىلىكىگە ئىگە تولۇقسىز باشلانغۇچ مەكتەپ بولۇپ قالغان . مەكتەپنىڭ ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى $4500m^2$ ، بۇنىڭ ئىچىدە ئوقۇتۇش يەر كۆلىمى $3400m^2$ . ئوقۇتۇشتا خەنزۇ تىلى قوللىنىلىدۇ . مەكتەپ شتاتى 72 نەپەر ، 1999 ـ يىلدىكى رەسمى ئوقۇتقۇچى سانى 65 نەپەر . مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلار سانى 1684 نەپەر .

مەكتەپ ئادرېسى : ئۈرۈمچى شەھىرى نۇرلۇق يولى 8 ـ نومۇر .

پوچتا نومۇرى : 830043 . تېلېفون : 2824996 (0991)

## ئۈرۈمچى شەھەرلىك 1 ـ باشلانغۇچ مەكتەپ

1909 ـــ يىلى قۇرۇلغان ، نامى ئۆلكە مەركىزىي فەنجياڭ كوچىسى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى 4 ـ ساۋات چىقىرىش مەكتىپى (ھازىرقى شەھەرلىك 1 ـ باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئاساسى ) دەپ ئاتىلاتتى . 1930 ـ يىلى ئۆلكىلىك كۆزنەك باشلانغۇچ مەكتەپ قىلىپ ئۆزگەرتىلىپ ، 6 سىنىپ تەسىس قىلىنغان ، 200 دىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى ۋە 15 ئوقۇتقۇچى بار ئىدى . 1943 ـ يىلى 2 ـ ئايدا ئۆلكىلىك 1 ـ باشلانغۇچ قىلىپ ئۆگەرتىلگەن . شۇ يىلى كۈزدە 1 ـ خەلق مەركىزىي باشلانغۇچ مەكتىپى (تارمىقىدا زوگوڭسى باشلانغۇچ مەكتىپى تەسىس قىلىنغان ) ، 1949 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى دىخۋا شەھەرلىك 1 ـ باشلانغۇچ مەكتەپ قىلىپ ئۆزگەرتىلگەن . 1950 ـ يىلى يازدا ئۈرۈمچى شەھەرلىك 1 ـ باشلانغۇچ مەكتەپ قىلىپ ئۆزگەرتىلگەن . 1956 ـ يىلى

شەھەرلىك مائارىپ ئىدارىسى تەرىپىدىن ئوقتىلىق باشلانغۇچ مەكتەپ قىلىپ بېكىتىلگەن . 1999 - يىلى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مەدەنىيەتلىك ئورۇن بولۇپ باھالانغان . شۇ يىلى تيانشان رايونلۇق ئۈلگىلىك باشلانغۇچ مەكتەپ دېگەن نامغا ئېرىشتى . مەكتەپنىڭ ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى $8120m^2$ . بۇنىڭ ئىچىدە ئوقۇتۇش ئەسلىھەلىرى $6200m^2$ . ئوقۇتۇش خەنزۇ تىلىدا ئېلىپ بېرىلىدۇ . مەكتەپ شتاتى 104 . 1999 - يىلدىكى رەسمى ئوقۇتقۇچى سانى 98 نەپەر ، ئوقۇتۇش سىنىپى 35 ، ئوقۇغۇچىلار سانى 2342 نەپەر .

مەكتەپ ئادرېسى : ئۈرۈمچى شەھىرى مېڭدې يولى 14 - نومۇر .

پوچتا نومۇرى : 830002 . تېلېفون : 2822848 (0991)

## ئۈرۈمچى شەھەرلىك 3 - باشلانغۇچ مەكتەپ

1910 - يىلى ئۈرۈمچى شەھىرى غەربى چوڭ كۆۋرۈك قىزىل تاغنىڭ ئېتىكىدە قۇرۇلغان . 1937 - يىلى دىخۇا ناھىيىلىك 3 - باشلانغۇچ قىلىپ ئۆزگەرتىلگەن . 1943 - يىلى دىخۇا شەھەرلىك 2 - مەركىزىي خەلق باشلانغۇچ مەكتىپى قىلىپ ئۆزگەرتىلگەن . 1956 - يىلى شىنجاڭ ئۆلكىلىك 1 - دارىلمۇئەللىمىن تارماق باشلانغۇچ مەكتىپى قىلىپ ئۆزگەرتىلگەن . 1959 - يىلى ئۈرۈمچى شەھەرلىك 3 - باشلانغۇچ مەكتەپ قىلىپ بېكىتىلگەن بولۇپ ، سايباغ رايونلۇق مائارىپ ئىدارىسىگە تەۋە . 1982 - يىلى ئۈرۈمچى شەھەرلىك نۇقتىلىق باشلانغۇچ مەكتەپ قاتارىغا كىرگۈزۈلگەن . مەكتەپنىڭ ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى $9352m^2$ ، ئوقۇتۇش رايونى كۆلىمى $4447m^2$ . ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ مەملىكەتلىك قىزىل بايراق چوڭ ئەترىتى ، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مەدەنىيەتلىك ئورۇن دېگەن شەرەپلىكناملارغا ئېرىشىپ ، مەملىكەتلىك باشلانغۇچ مەكتەپ ئەدەبىياتى ئوقۇتۇشىغا يېتەكچى تەجرىبە مەكتەپ ، ئاپتونوم رايونلۇق ھازىرقى زامان مائارىپ تېخنىكىسى تەجرىبە مەكتىپى قىلىپ بېكىتىلگەن . يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ، ئىلگىرى — كېيىن بولۇپ «توققۇز يىللىق مەجبۇرىي مائارىپ ئوقۇتۇش ماتېرىيالى ئوقۇتۇش ئۇسۇلى سىنىقى» ، «ئەدەبىيات ئۆگىنىش ئۇسۇلىغا يېتەكچىلىك قىلىش سىنىقى» ، «ماتېماتىكا نىشانلىق ئوقۇتۇش سىنىقى» قاتارلىق كۆپ تۈرلۈك مەملىكەتلىك ، ئاپتونوم رايونلۇق ، شەھەرلىك ئوقۇتۇش ئىسلاھات سىناق خىزمىتىنى ئۈستىگە ئالغان . مەكتەپتە سەنئەت تەربىيىسىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىلىدىغان بولۇپ ، 4 قېتىملىق مۇزىكا كۆچەيتىش سىنىپى ئاچقان . مۇزىكا سىنىپىدىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ سەنئەت نەتىجىسى گەۋدىلىك بولغان . 1999 - يىلدىكى رەسمى ئوقۇتقۇچى سانى 65 نەپەر ، ئوقۇتۇش سىنىپى 23 ، ئوقۇغۇچى سانى 1300 نەپەر .

مەكتەپ ئادرېسى : ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي دوستلۇق يولى 20 - نومۇر .

پوچتا نومۇرى : 83000 . تېلېفون : 4520475 (0991)

## ئۈرۈمچى شەھەرلىك 5 ـ باشلانغۇچ مەكتەپ

1910 ـ يىلى ئابدۇۋەلى قاتارلىقلار جانا كوچىسىنى ئىجارە ئېلىپ ئوقۇتۇش نۇقتىسى قىلىپ قۇرغان، ئەينى چاغدا بايلارنىڭ بالىلىرىنى قوبۇل قىلىپ ئوقۇتقان، كېيىن جەنۇبى قوۋۇق چوڭ مەسچىدىنىڭ غەربىدىكى چوڭ ھويلىغا كۆچكەن. 1936 ـ يىلى مەكتەپ ھۆكۈمەتنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەن ھەم 7 ـ باشلانغۇچ مەكتەپ قىلىپ ئۆزگەرتىلىپ، تۆت يىللىق ئوقۇش تۈزۈمىدىكى مىللىي مەكتەپ قىلىنىپ، قىز ـ ئوغۇللارنى ئايرىپ ئوقۇتۇش ئېلىپ بېرىلغان. 1942 ـ يىلى 5 ـ باشلانغۇچنىڭ ھازىرقى ئورنىغا يېڭى مەكتەپ سېلىنىپ، مەركىزىي 4 ـ باشلانغۇچ مەكتەپ قىلىپ ئۆزگەرتىلگەن. ئازادلىقتىن كېيىن مەكتەپ نامى مەركىزىي 5 ـ باشلانغۇچ قىلىپ ئۆزگەرتىلگەن. مەكتەپنىڭ ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى $15780m^2$. ئوقۇتۇش ئۇيغۇر تىلىدا ئېلىپ بېرىلىدۇ. 1996 ـ يىلى مەملىكەتلىك ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپ ھازىرقى زامان مائارىپ تېخنىكىسى تەجرىبە مەكتىپى قىلىپ بېكىتىلگەن. 1999 ـ يىلىدىكى رەسمىي ئوقۇتقۇچى سانى 116 نەپەر، ئوقۇغۇچى سانى 1232 نەپەر.

مەكتەپ ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبى شىنخۇا يولى كۆنچى كوچىسى 3 ـ نومۇر

پوچتا نومۇرى: 830002 تېلېفون: 2840769 (0991)

## ئۈرۈمچى شەھەرلىك 6 ـ باشلانغۇچ مەكتەپ

ئۈرۈمچى شەھەرلىك 52 ـ باشلانغۇچ مەكتەپ ئاساسىدا 1982 ـ يىلى 2 ـ ئايدا قۇرۇلغان. شۇ چاغدىكى ئورنى شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتى ھويلىسى ئىچىدە ئىدى. 1996 ـ يىلى 2 ـ ئايدا ئۈرۈمچى شەھەرلىك 52 ـ باشلانغۇچ مەكتەپ، يولۇچىلارنى توشۇش شىركىتى پەرزەنتلەر مەكتىپى، ئۆكتەبىر تراكتور زاۋۇتى پەرزەنتلەر مەكتىپى بىرلىشىپ، مەدەنىيەت سارىيى يولى 4 ـ نومۇرغا كۆچۈپ، ئۈرۈمچى شەھەرلىك 6 ـ باشلانغۇچ مەكتەپ دېيىلگەن. مەكتەپنىڭ ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى $5964m^2$، ئوقۇتۇش رايونى كۆلىمى $3421m^2$ بولۇپ، ئۇيغۇر، قازاق، موڭغۇلدىن ئىبارەت ئۈچ خىل تىلدا دەرس ئۆتۈلىدىغان مەكتەپ ئىدى. 1999 ـ يىلدىكى رەسمىي ئوقۇتقۇچى سانى 70 نەپەر، ئوقۇتۇش سىنىپى 19، ئوقۇغۇچى سانى 545 نەپەر.

مەكتەپ ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى مەدەنىيەت سارىيى يولى 4 ـ نومۇر.

پوچتا نومۇرى: 83000. تېلېفون: 5801843 (0991)

## ئۈرۈمچى شەھەرلىك 10 ـ باشلانغۇچ مەكتەپ

1961 ـ يىلى 8 ـ ئايدا ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئىتتىپاق يولىدا قۇرۇلغان، شەھەر قارمىقىدىكى كادىرلار پەرزەنتلىرى ياتاقلىق باشلانغۇچ مەكتىپى بولۇپ، ئۈرۈمچى شەھىرىگە بىۋاستە قاراشلىق باشلانغۇچ مەكتەپ دەپ ئاتالغان، شەھەرلىك مىللىي ئىشلار

ئىدارىسى ۋە شەھەرلىك مائارىپ كومىتېتى رەھبەرلىك قىلاتتى . مەكتەپ ئادرېسى هازىرقى شىمالىي ئىتتىپاق يولى 4 - كوچا بولۇپ ، 1968 - يىلى هازىرقى ئورنىغا كۆچۈرۈلگەن . 1969 - يىلى 12 - ئايدا تىيانشان رايونلۇق مائارىپ ئىدارىسىنىڭ رەھبەرلىكىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلىپ ، ئۈرۈمچى شەھەرلىك 10 - باشلانغۇچ مەكتەپ قىلىپ بېكىتىلگەن . 1976 - يىلى ئۇيغۇر سىنىپى تەسىس قىلىپ ئۇيغۇر ، خەنزۇ ئارىلاش مەكتەپ بولغان . ئوقۇتۇشتا خەنزۇ تىلى ۋە ئۇيغۇر تىلى قوللىنىلىدۇ . 1978 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق نۇقتىلىق باشلانغۇچ مەكتەپ قىلىپ بېكىتىلگەن . 1982 - يىلى مەملىكەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسى تەرىپىدىن «مەملىكەتلىك 8 - مارت قىزىل بايراقدار كوللېكتىپ» بولۇپ باھالانغان . 1983 - يىلى «مەكتەپ ، ئائىلە ، جەمئىيەت بىرلەشكەن تەربىيە كومىتېتى» قۇرۇپ ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاتا - ئانىلىرىغا ئائىلە تەربىيىسى توغرىسىدا لېكسىيە ئېلىپ بارغان . 1985 - يىلى ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى تۇنجى ئاتا - ئانىلار مەكتىپىنى قۇرغان . 1986 - يىلى 6 - ئايدا مەملىكەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسى ، مەملىكەتلىك مائارىپ كومىتېتى تەرىپىدىن «مەملىكەتلىك ئىلغار ئاتا - ئانىلار مەكتىپى» بولۇپ باھالانغان . شۇ يىلى 9 - ئايدا مەملىكەتلىك مائارىپ كومىتېتى ۋە مەملىكەتلىك مائارىپ ئىشچىلار باش ئۇيۇشمىسى تەرىپىدىن مەملىكەتلىك مائارىپ سىستېمىسىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ بولۇپ باھالانغان . مەكتەپنىڭ ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى $23755m^2$ . ئوقۇتۇش رايونى كۆلىمى $4320m^2$ . مەكتەپ شتاتى 145 . 1999 - يىلدىكى رەسمىي ئوقۇتقۇچى سانى 117 نەپەر ، ئوقۇغۇچى سانى 2541 نەپەر .

مەكتەپ ئادرېسى : ئۈرۈمچى شەھىرى ئىتتىپاق يولى 80 - نومۇر .

پوچتا نومۇرى : 830001 . تېلېفون : 2562354 (0991)

## ئۈرۈمچى شەھەرلىك 22 - باشلانغۇچ مەكتەپ

1953 - يىلى ئۈرۈمچى شەھىرى چاڭجياڭ يولىنىڭ شىمالىي بۆلىكىدە قۇرۇلغان . ئەينى ۋاقىتتا قوشما سىنىپ ئوقۇتۇش شەكلىدىكى ئوقۇتۇشنى يولغا قويغان . 1956 - يىلى مەكتەپنى كېڭەيتكەن . بۇ مەكتەپ پۈتۈن كۈنلۈك ئوقۇتۇش تۈزۈمىدىكى خەنزۇ مەكتىپى بولۇپ ، ئوقۇتۇشتا خەنزۇ تىلى قوللىنىلىدۇ . 1999 - يىلى مەملىكەتلىك دېڭيۇڭكۇەن ئوقۇتۇش ئۇسۇلى تەتقىقات مەركىزى تەرىپىدىن دېڭيۇڭكۇەن مائارىپ نەزەرىيىسى ۋە ئەمەلىيەت تەتقىقات بازىسى دېگەن نام بېرىلگەن . مەكتەپنىڭ ئۆل ئەسلىھەلىرى مۇكەممەل ، ئېلېكترلەشكەن ئوقۇتۇش تەجرىبە ئەسلىھەلىرى تولۇق بولۇپ ، دەرستىن سىرتقى ئەمگەك ئەمەلىيەت بازىسى بار . 1999 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتى تەرىپىدىن هازىرقى زامان مائارىپ تېخنىكىسى مەكتىپى قىلىپ بېكىتىلگەن . مەكتەپنىڭ ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى $10368m^2$ ، ئوقۇتۇش رايونى كۆلىمى $5937m^2$ . مەكتەپ شتاتى 79 نەپەر ، 1999 - يىلدىكى رەسمىي ئوقۇتقۇچى سانى 69 نەپەر ، ئوقۇتۇش سىنىپى 29 ، ئوقۇغۇچى سانى 1618 نەپەر .

مەكتەپ ئادرېسى : ئۈرۈمچى شەھىرى چاڭجياڭ يولى 16 - نومۇر .
پوچتا نومۇرى : 830000 . تېلېفون : 5814526 5825394 (0991)

ئۈرۈمچى شەھەرلىك 26 - باشلانغۇچ مەكتەپ

1957 - يىلى 9 - ئايدا ئۈرۈمچى شەھىرى شەرقى قاراماي يولىدا قۇرۇلغان . مىللىي خەنزۇ ئارىلاش مەكتەپ ، ئوقۇتۇشتا خەنزۇ ۋە ئۇيغۇر تىلى قوللىنىلىدىغان بولۇپ ، سايىباغ رايونلۇق مائارىپ ئىدارىسىغا تەۋە . 1995 - يىلى مەملىكەتلىك كىچىك بۇركۇت پائالىيىتىدە قىزىل بايراق چوڭ ئەترىتى دېگەن شەرەپلىك نامغا ئېرىشكەن . 1998 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق ھازىرقى زامان مائارىپ تېخنىكىسى تەجرىبە مەكتىپى دەپ ئاتالغان . مەكتەپنىڭ ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى 7279m² ، مەكتەپ ئوقۇتۇش رايونى كۆلىمى 5899m² . 1999 - يىلىدىكى ئوقۇتقۇچى ، ئىشچى - خىزمەتچىسى 83 نەپەر ، ئوقۇتۇش سىنىپى 35 (بىر ئەقلىي ئىقتىدارىنى ئۈستۈرۈش سىنىپى ، 4 تەييارلىق سىنىپىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ ) ئوقۇغۇچى سانى 1470 نەپەر .

مەكتەپ ئادرېسى : ئۈرۈمچى شەھىرى شەرقىي قاراماي يولى 20 - نومۇر .
پوچتا نومۇرى : 830000 . تېلېفون : 4812542 ، 4811279 (0991)

ئۈرۈمچى شەھەرلىك 42 - باشلانغۇچ مەكتەپ

1967 - يىلىنىڭ بېشىدا ئۈرۈمچى شەھىرى چاڭجياڭ يولى جەنۇبىي بۆلىكىنىڭ شەرقى قىسمىدا قۇرۇلۇشقا باشلاپ ، 1969 - يىلى 10 - ئايدا رەسمىي قۇرۇلغان ، ئەينى چاغدا پۈتۈن كۈنلۈك تۈزۈمدىكى 5 سىنىپى بار بولۇپ ، تەنتەربىيە مەيدانى يوق ئىدى . 1974 — يىلى چاڭجياڭ كاڭدا باشلانغۇچ مەكتىپى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ ، 42 - باشلانغۇچ مەكتەپكە قوشۇۋېتىلىپ ، بىر قىسىم يىللىقلاردا يېرىم كۈنلۈك ئوقۇتۇش تۈزۈمى يولغا قويۇلغان . 1985 - يىلى پۈتۈن كۈنلۈك ئوقۇتۇش تۈزۈمى قايتا ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن . 1993 — يىلى ، 1994 - يىللىرى تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ ئىقتىسادچانلىق بىلەن مەكتەپ باشقۇرۇپ سىنىپلىرى ۋە تەنتەربىيە مەيدانى يېڭىدىن قۇرۇلغان . ئوقۇتۇشتا خەنزۇ تىلى قوللىنىلىدۇ . سايىباغ رايونلۇق مائارىپ ئىدارىسىگە تەۋە . 1997 - يىلى مەملىكەت دەرىجىلىك تەتقىقات تېمىسى «3 .3 .3 ساپا»نى تەتقىق قىلىش ۋەزىپىسىنى ئۆز ئۈستىگە ئالدى . 1999 - يىلى 10 - ئايدا مەركىزىي مائارىپ - تەتقىقات ئورنى تەرىپىدىن مەملىكەتلىك «توققۇزىنچى 5 يىللىق پىلان» مەزگىلىدىكى نۇقتىلىق پەن - تەتقىقات تېمىسى «3 .3 .3 ساپا»سى تەجرىبە بازىسى دەپ رەسمىي تەستىقلانغان . مەكتەپنىڭ ئوقۇتۇش رايونى كۆلىمى 5504m² ، مەكتەپ شتاتى 54 نەپەر . 1999 - يىلدىكى رەسمىي ئوقۇتقۇچى 49 نەپەر ، ئوقۇغۇچى سانى 1156 نەپەر .

مەكتەپ ئادرېسى : ئۈرۈمچى شەھىرى چاڭجياڭ يولى 97 - نومۇر .
پوچتا نومۇرى : 83000 . تېلېفون : 5813573 (0991)

## ئۈرۈمچى شەھەرلىك 47 - باشلانغۇچ مەكتەپ

1965 - يىلى 8 - ئاينىڭ 25 - كۈنى ئۈرۈمچى شەھىرى شەھەر سىرتىنىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى لىتىلىق تۈز زاۋۇتىنىڭ ئائىلىلىكلەر قورۇسى ئىچىدە قۇرۇلغان . مىللىي ، خەنزۇ ئارىلاش مەكتەپ . 1981 - يىلى ساڭفاڭگۇ يولى 69 - نومۇرغا كۆچكەن . ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى 10189m² ، ئوقۇتۇش رايونى كۆلىمى 2564m² . ئوقۇتۇش خەنزۇ تىلى ۋە ئۇيغۇر تىلىدا ئېلىپ بېرىلىدۇ . 1999 - يىلدىكى ئوقۇتقۇچى ، ئىشچى - خىزمەتچى سانى 49 نەپەر . ئوقۇتۇش سىنىپى 21 ، ئوقۇغۇچى سانى 732 نەپەر .

مەكتەپ ئادرېسى : ئۈرۈمچى شەھىرى ساڭفاڭگۇ يولى 69 - نومۇر .

پوچتا نومۇرى : 830006 . تېلېفون : 5812897 ، 5821847 (0991)

## ئۈرۈمچى شەھەرلىك 56 - باشلانغۇچ مەكتەپ

سايباغ رايونلۇق پارتكوم ، هۆكۈمەت ، ئاقما نوپۇس پەرزەنتلىرىنىڭ مەكتەپكە كىرىش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ، 1989 - يىلى ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ جەنۇبىي بۆلىكىدىكى يامالىق تېغىدا قۇرغان مىللىي ، خەنزۇ ئارىلاش مەكتەپ بولۇپ ، ئۈرۈمچى شەھەرلىك 56 - باشلانغۇچ مەكتەپ دەپ ئاتالغان . سايباغ رايونىغا تەۋە ، 1994 - يىلى سايباغ رايونى مەبلەغ سېلىپ 1280m²لىق ئوقۇتۇش بىناسى سېلىپ بەردى ۋە كېيىنكى يىلى ئوقۇتۇش ئەسلىھەلىرىنى تولۇقلاپ بەرگەن . بۇنىڭ بىلەن ئوقۇتۇش شارائىتى كۆرۈنەرلىك ياخشىلىنىپ ، ئوقۇتۇش سۈپىتى ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن . نۆۋەتتە مۇتەنزىم مۇۋەپپەقىيەتلىك قۇرۇلغان كۆچمەن خەلق مەكتىپى دەپ ئېتىراپ قىلىنغان . 1999 - يىلدىكى ئوقۇتقۇچى 80 نەپەر ، ئوقۇتۇش سىنىپى 30 ، ئوقۇغۇچى سانى 1460 نەپەر .

مەكتەپ ئادرېسى : ئۈرۈمچى يامالىق تېغى چىڭفىڭ يولى .

پوچتا نومۇرى : 830006 . تېلېفون : 5858723 (0991)

## ئۈرۈمچى شەھەرلىك قار لەيلىسى باشلانغۇچ مەكتىپى

1996 - يىلى سايباغ رايونلۇق هۆكۈمەت ئاقما نوپۇس پەرزەنتلىرىنىڭ مەكتەپكە كىرىش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن يامالىق تېغىنىڭ توڭلىتىش ئىسكىلاتى مەھەللىسىدە قۇرغان . مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپ ، ئوقۇتۇش ئۇيغۇر تىلىدا ئېلىپ بېرىلىدۇ . مەكتەپنىڭ ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى 173000m² . قۇرۇلۇش كۆلىمى 1674m² . مەكتەپ رايون ئاتلاش پۇلى ئالمايدۇ ، قېيىنچىلىقى بار بالىلارنى ھەقسىز ئوقۇتىدۇ . 1999 - يىلدىكى رەسمىي ئوقۇتقۇچى سانى 52 نەپەر . ئوقۇتۇش سىنىپى 21 ، ئوقۇغۇچى سانى 840 نەپەر .

مەكتەپ ئادرېسى : ئۈرۈمچى شەھىرى يامالىق تېغى توڭلىتىش ئىسكىلاتى مەھەللىسى 84 - نومۇر .

پوچتا نومۇرى : 83000 . تېلېفون : 5830077 (0991)

## سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستلىق 1 - باشلانغۇچ مەكتەپ

1957 - يىلى سانجى شەھىرى غەربىي مەدەنىيەت يولىدا قۇرۇلغان ، دەسلەپتە سانجى پېداگوگىكا مەكتىپى شۆبە باشلانغۇچ مەكتىپى دېيىلگەن . 1967 - يىلى سانجى يەنئەن باشلانغۇچ مەكتىپى دەپ ئۆزگەرتىلگەن . 1977 - يىلى ھازىرقى نامى - سانجى ئوبلاستلىق 1 - باشلانغۇچ مەكتەپكە ئۆزگەرتىلىپ ، سانجى ئوبلاستلىق مائارىپ ئىدارىسىنىڭ تەۋەلىكىدە بولغان . مەكتەپنىڭ ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى 20955m² . ئوقۇتۇش رايونى كۆلىمى 7994m² . ئوقۇتۇش خەنزۇ تىلىدا ئېلىپ بېرىلىدۇ . مەكتەپ شتاتى 102 . 1999 - يىلىدىكى مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 96 نەپەر . ئوقۇغۇچى سانى 2600 نەپەر .

مەكتەپ ئادرېسى : سانجى ئوبلاستى غەربىي مەدەنىيەت يولى 4 - نومۇر .

پوچتا نومۇرى : 831100 . تېلېفون : 2339220 (0994)

## قاراماي شەھەرلىك 8 - باشلانغۇچ مەكتەپ

1977 - يىلى 9 - ئايدا قاراماي شەھىرى تارىم دەرياسى يولى شىمالى بۆلىكىنىڭ شەرقىي يان كوچا 98 - نومۇرلۇق ئورۇندا قۇرۇلغان . مەكتەپنىڭ ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى 17800m² ، قۇرۇلۇش كۆلىمى 7083m² . ئوقۇتۇشتا خەنزۇ تىلى قوللىنىلىدۇ . 1989 - يىلى مەملىكەتلىك قىزىل بايراق چوڭ ئەترىتى ، 1991 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق لەيىنگدىن ئۆگىنىش مۇنەۋۋەر چوڭ ئەترىتى ، 1992 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق باللار ئەدەبىيات - سەنئەتتىكى ئىلغار مەكتىپى ، 1996 - يىلى مەملىكەتلىك پىئونېرلار ئۆلگىلىك مەكتىپى دېگەن شەرەپلىك ناملارغا ئېرىشكەن . مەكتەپ شتاتى 81 ، 1999 - يىلدىكى رەسمىي ئوقۇتقۇچى سانى 58 نەپەر ، ئوقۇتۇش سىنىپى 28 ، ئوقۇغۇچى سانى 1216 نەپەر .

مەكتەپ ئادرېسى : قاراماي شەھىرى تارىم دەرياسى يولى شىمالى بۆلەك شەرقى يان كوچا 98 - نومۇر .

پوچتا نومۇرى : 834000 تېلېفون : 6222468 (0990)

## شىخەنزە شەھەرلىك 1 - باشلانغۇچ مەكتەپ

شىنجاڭ ھەربى رايونى ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى پەرزەنتلەر 2 - باشلانغۇچ مەكتىپى ئاساسىدا 1954 - يىلى 3 - ئايدا قۇرۇلغان . شۇ يىلى 7 ئوقۇتۇش سىنىپى ، 345 نەپەر ئوقۇغۇچىسى بار بولۇپ ، ياتاق ، تاماق بىلەن تەمىنلەش يولغا قويۇلغان ئىدى . 1955 - يىلى 1 - ئايدا مەكتەپ يېزا ئىگىلىك 8 - دىۋىزىيە پەرزەنتلەر 2 - باشلانغۇچ مەكتىپى قىلىپ ئۆزگەرتىلگەن ، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ تەمىنات تۈزۈمى مائاش تۈزۈمى قىلىپ ئۆزگەرتىلگەن . 1958 - يىلى 8 - ئايدا يېزا ئىگىلىك 8 - دىۋىزىيىسى

پەرزەنتلەر 2 ـ باشلانغۇچ مەكتىپى 1 ـ باشلانغۇچ مەكتەپ بىلەن بىرلىشىپ، يېزا ئىگىلىك 8 ـ دېھقانچىلىق پەرزەنتلەر مەكتىپى قىلىپ ئۆزگەرتىلىپ، ئوقۇتۇش سىنىپى 17گە كۆپەيتىلگەن. 1965 ـ يىلى 9 ـ ئايدا يېزا ئىگىلىك 8 ـ دېھقانچىلىق پەرزەنتلەر مەكتىپى شىخەنزە 1 ـ ئوتتۇرا مەكتىپىگە ئۆزگەرتىلىپ، ئۇنىڭ ئىچىدە باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپ تەسىس قىلىندى. 1975 ـ يىلى مەكتەپ نامى شىخەنزە 1 ـ ئوتتۇرا مەكتىپىگە ئۆزگەرتىلىپ، باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپ تەسىس قىلىنغان. 1983 ـ يىلى 12 ـ ئايدا باشلانغۇچ مەكتەپ ئايرىلىپ چىقىپ، شىخەنزە شەھەرلىك 1 ـ باشلانغۇچ مەكتەپنى تەسىس قىلدى. 1984 ـ يىلى مەملىكەتلىك باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ماقالە مۇسابىقىسىدە كوللىكتىپ نومۇر بويىچە 1 ـ لىككە ئېرىشكەن. 1999 ـ يىلى مەملىكەتلىك مۇنەۋۋەر ئۈسمۈرلەر ھەربىي مەكتىپى دېگەن شەرەپلىك نامغا ئېرىشتى. بۇ مەكتەپ ئۇدا بىر قانچە يىل ئاپتونوم رايونلۇق مەنىۋى مەدەنىيەتتە ئىلغار ئورۇن بولۇپ باھالانغان. 1999 ـ يىلدىكى مەكتەپتىكى ئوقۇتۇش سىنىپى 41، رەسمىي ئوقۇتقۇچى 88 نەپەر، ئوقۇغۇچى سانى 2075 نەپەر.

مەكتەپ ئادرېسى: شىخەنزە شەھىرى.

پوچتا نومۇرى: 832000. تېلېفون: 2015723 (0993)

## بورتالا شەھەرلىك 1 ـ باشلانغۇچ مەكتەپ

1951 ـ يىلى بورتالا شەھىرى گولمۇتۇ يولى 53 ـ نومۇرلۇق قورۇدا قۇرۇلغان. مەكتەپنىڭ ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى $30228m^2$، قۇرۇلۇش كۆلىمى $10985m^2$. بۇ مەكتەپ «ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش، مەدەنىيەتلىك بولۇش، ئىتتىپاق بولۇش، يېڭىلىق يارىتىش» دېگەن مەكتەپ ئىستىلىدا چىڭ تۇرۇپ، باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى ۋە ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش ئىسلاھاتىنى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشتۇرغان. 1998 ـ يىلى بورتالا شەھەرلىك ساپا مائارىپىدىكى سىناق نۇقتا مەكتىپى قىلىپ بېكىتىلگەن. دەرستىن سىرتقى ۋاقىتتا 27 دەرستىن سىرتقى پائالىيەت كۇرژوكى قۇرغان. 1998 ـ يىلى 8 ـ ئايدا ئەخلاق تەربىيە باشقارمىسى تەسىس قىلىپ، مەخسۇس ھالدا ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەخلاق تەربىيە خىزمىتىنى باشقۇرغان. بۇ مەكتەپ بۇرۇن ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مۇنەۋۋەر ئائىلە باشلىقى مەكتىپى بولۇپ باھالانغان. 1999 ـ يىلدىكى ئوقۇتۇش سىنىپى 36، تەييارلىق سىنىپ 5، ئوقۇغۇچى سانى 2251 نەپەر، رەسمىي ئوقۇتقۇچىسى 96 نەپەر.

مەكتەپ ئادرېسى: بورتالا شەھىرى.

پوچتا نومۇرى: 833400. تېلېفون: 2223425 (0909)

## ئاقسۇ شەھەرلىك 1 ـ باشلانغۇچ مەكتەپ

ئەسلىدىكى نامى ئاقسۇ شەھەرلىك ئوغۇللار 2 ـ مەكتىپى بولۇپ، 1934 ـ يىلى قۇرۇلغان. ئوقۇتۇشتا ئۇيغۇر تىلى قوللىنىلىدۇ. مەكتەپنىڭ ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى

1844m² ، ئوقۇتۇش رايونى يەر كۆلىمى 6360m² . 1982 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدا ئىلغار كوللېكتىپ بولۇپ باھالانغان ، 1983 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق ئىتتىپاق كومىتېتى تەرىپىدىن مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى نەمۇنە گۇلى دېگەن نامغا ئېرىشكەن . مەكتەپ شتاتى 91 . 1999 - يىلدىكى رەسمىي ئوقۇتقۇچىسى 82 نەپەر . ئوقۇغۇچى سانى 1710 نەپەر .

مەكتەپ ئادرېسى : ئاقسۇ شەھىرى ساغلاملىق يولى 5 - نومۇر .

پوچتا نومۇرى : 843000 . تېلېفون : 2141237 (0997)

## قىزىلسۇ قىرغىز ئوبلاستلىق 1 - باشلانغۇچ مەكتەپ

1956 - يىلى 9 - ئايدا قۇرۇلغان ، ئەينى ۋاقىتتا مەكتەپتە پەقەت 1 - دىن 4 - يىللىققىچە جەمئىي 40 نەپەر ئوقۇغۇچى بار بولۇپ ، قوشما سىنىپ ئوقۇتۇشى قوللىنىلغان . تۆت يىللىقتا ئوقۇغۇچىلارغا بىرلىكتە دەرس ئۆتىلەتتى . پەقەت ئىككى نەپەر ئوقۇتقۇچى بار ئىدى . 1958 - يىلى خەنزۇ مەكتەپ يەنى ئوبلاستلىق 1 - باشلانغۇچ رەسمىي قۇرۇلغان . شۇ يىلى 1 - قارار ئوقۇغۇچىلار ئوقۇش پۈتتۈرۈپ ، قوشما سىنىپ ئوقۇتۇش شەكلى ئاياغلاشقان . 1960 - يىلى 9 - ئايدا تولۇقسىز سىنىپنى قوشۇۋېلىپ ، قىزىلسۇ ئوبلاستلىق 2 - ئوتتۇرا مەكتەپ قىلىپ ئۆزگەرتىلگەن . 1966 - يىلى ئوتتۇرا ۋە باشلانغۇچ مەكتەپ ئۆزئارا ئايرىلغان . ئايرىم - ئايرىم ھالدا قىزىل بايراق ئوتتۇرا مەكتىپى ۋە شەرق قىزاردى باشلانغۇچ مەكتىپى قىلىپ قۇرۇلغان . 1972 - يىلى ئوقۇغۇچى ساننىڭ كۆپىيىشى سەۋەبىدىن ھازىرقى تاڭ نۇرى باشلانغۇچ مەكتىپى ئايرىلىپ چىققان . 1982 - يىلى قىزىلسۇ ئوبلاستلىق 1 - باشلانغۇچ مەكتەپ قىلىپ ئۆزگەرتىلگەن . بۇ مەكتەپ ئوبلاستقا بىۋاسىتە قاراشلىق باشلانغۇچ مەكتەپ بولۇپ ، ئوقۇتۇشتا خەنزۇ تىلى قوللىنىلىدۇ . 1989 - يىلى يەنە ھازىرقى مەركىزىي باللار باغچىسى ئايرىلىپ چىققان . 1999 - ، 1991 - يىللىرى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مەدەنىيەتلىك ئورۇن دېگەن نامغا ئېرىشكەن . 1998 - ، 1997 - يىللىرى ئاپتونوم رايونلۇق تەنتەربىيە ئۆلچىمىدە ئىلغار ئورۇن دېگەن نامغا ئېرىشتى . مەكتەپ شتاتى 67 . 1999 — يىلدىكى رەسمىي ئوقۇتقۇچىسى 75 نەپەر . ئوقۇغۇچى سانى 1200 نەپەر . مەكتەپنىڭ ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى 27347m² ، ئوقۇتۇش ئەسلىھەلىرى 2527m² .

مەكتەپ ئادرېسى : ئاتۇش شەھىرى پامىر يولى .

پوچتا نومۇرى : 845350 . تېلېفون : 4223399 (0908)

## قەشقەر شەھەرلىك 10 - باشلانغۇچ مەكتەپ

1954 - يىلى 8 - ئايدا جەنۇبىي شىنجاڭ مەمۇرى مەھكىمىنىڭ مەدەنىي - مائارىپ ، سەھىيە باشقارمىسى شىنجاڭغا كەلگەن خەنزۇ كادىرلارنىڭ پەرزەنتلىرىنىڭ ئوقۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن قۇرغان باشلانغۇچ مەكتەپ بولۇپ ، ئەينى ۋاقىتتا

جەنۇبىي شىنجاڭ كادىرلار پەرزەنتلىرى مەكتىپى دەپ ئاتىلاتتى . ئوقۇغۇچىلار قەشقەر ، قىزىلسۇ ئوبلاستى ۋە خوتەندىن كېلىدىغان بولۇپ ، بارلىق ئوقۇغۇچىلار ياتاقتا ياتقان . پۈتۈنلەي يېپىق شەكىلدىكى تەربىيىلەش ، پەرۋىش قىلىش ، باشقۇرۇش ئېلىپ بېرىلغان . 1966 ـــ يىلى مەدەنىيەت ئىنقىلابى باشلىنىپ ، پەرۋىش قىلىش تۈزۈمى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان . 1972 - يىلدىن 1978 - يىلغىچە قەشقەر شەھەرلىك مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولۇپ ، قەشقەر شەھەرلىك 10 - باشلانغۇچ مەكتەپ قىلىپ ئۆزگەرتىلگەن ، 1973 - يىلى 8 - ئايدا قەشقەر شەھەرلىك 8 - باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ خەنزۇ سىنىپى قوشۇۋېتىلگەن . 1979 - يىلى 10 - ئايدا مەكتەپ قەشقەر شەھەرلىك مەمۇرى مەھكىمە مائارىپ باشقارمىسى تەرىپىدىن ئىدارە قىلىنىپ ، قەشقەر 10 - باشلانغۇچ مەكتىپى دەپ ئاتالغان . 1980 - يىلى 8 - ئايدا جەنۇبىي شىنجاڭ قۇرۇلۇش شىركىتى پەرزەنتلەر مەكتىپى بۇ مەكتەپكە قوشۇۋېتىلگەن . شۇ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق نۇقتىلىق باشلانغۇچ مەكتەپ قىلىپ بېكىتىلگەن . 1998 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەتلىك ئورۇن بولۇپ باھالانغان . 1999 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتى تەرىپىدىن ھازىرقى زامان مائارىپ تېخنىكىسى تەجرىبە مەكتىپى قىلىپ بېكىتىلگەن . مەكتەپنىڭ ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى $40000m^2$ ، ئوقۇتۇش رايونى كۆلىمى $8645m^2$ ، ئوقۇتۇش خەنزۇ تىلىدا ئېلىپ بېرىلىدۇ . قەشقەر ۋىلايەتلىك مائارىپ كومىتېتىغا بىۋاستە قارايدۇ . 1999 ـــ يىلدىكى ئوقۇتقۇچى ، ئىشچى - خىزمەتچىسى سانى 103 نەپەر ، ئوقۇتۇش سىنىپى 38 ، ئوقۇغۇچى سانى 2195 نەپەر .

مەكتەپ ئادرېسى : قەشقەر شەھىرى .

پوچتا نومۇرى : 844000 . تېلېفون : 2556305 (0988)

## مەكىت ناھىيىلىك 1 - باشلانغۇچ مەكتەپ

1938 - يىلى مەكىت ناھىيە بازىرىنىڭ مەركىزىدە قۇرۇلغان بولۇپ ، مەكتەپ نامى مەكىت ناھىيىلىك قىزلار مەكتىپى ئىدى . ئەينى ۋاقىتتا پەقەت 2 سىنىپ ، 62 نەپەر ئوقۇغۇچى ، 4 نەپەر ئوقۇتقۇچى ، ئىشچى - خىزمەتچى بار ئىدى . 1968 - يىلى قىزلار مەكتىپى بىلەن ئۇيغۇر ئوغۇللار مەكتىپى بىرلىشىپ ، مەكىت ناھىيىلىك 1 - باشلانغۇچ مەكتەپ رەسمىي قۇرۇلغان . 1973 - يىلى ناھىيىلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ بىلەن بىرلىشىپ ، 1979 - يىلى ئىككى مەكتەپ ئايرىلغان . مەكتەپنىڭ ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى $16650m^2$ ، ئوقۇتۇشتا ئىشلىتىلىدىغىنى $5000m^2$ ، ئوقۇتۇشتا ئۇيغۇر تىلى قوللىنىلىدۇ . مەكتەپ شتاتى 59 . 1999 - يىلدىكى رەسمىي ئوقۇتقۇچى سانى 53 نەپەر . ئوقۇتۇش سىنىپى 24 ، ئوقۇغۇچى سانى 1264 .

مەكتەپ ئادرېسى : مەكىت ناھىيىلىك يېڭىبازار يولى .

پوچتا نومۇرى : 844700 . تېلېفون : 7842155 (0988)

**تاشقورغان ناھىيىلىك ياتاقلىق باشلانغۇچ مەكتەپ**

ئەسلى نامى تاشقورغان يېزىلىق ياتاقلىق تولۇقسىز باشلانغۇچ مەكتەپ. 1983 - يىلى 9 - ئايدا تاشقورغان ناھىيە بازىرىدا قۇرۇلغان. ئوقۇغۇچىلار 12 يېزا (مەيدان) دىكى نامرات دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ باللىرى بولۇپ، بارلىق خىراجەت دۆلەت تەرىپىدىن چىقىرىلغان. 1987 - يىلى تاشقورغان ناھىيىلىك ياتاقلىق يېتىش تولۇقسىز باشلانغۇچ مەكتەپ (ئاپتونوم ناھىيىلىك ئىجتىمائىي پاراۋانلىق مەكتىپى) قىلىپ ئۆزگەرتىلگەن. مەكتەپنىڭ ئىگىلىگەن كۆلىمى 33275m² ، ئوقۇتۇش رايونى كۆلىمى 2156m² ، ئوقۇتۇش ئۆيغۇر تىلىدا ئېلىپ بېرىلىدۇ. پارتىيە ياچېيكىسى، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى، ئىتتىپاق ياچېيكىسى قاتارلىق تەشكىللەرنىڭ قۇرۇلۇشى مۇكەممەل، مەكتەپ شتاتى 42. 1999 - يىلدىكى رەسمىي ئوقۇتقۇچى سانى 22 نەپەر، ئوقۇتۇش سىنىپى 11، ئوقۇغۇچى سانى 408 نەپەر.

مەكتەپ ئادرېسى: تاشقورغان ناھىيىلىك جۇڭگو - پاكىستان دوستلۇق يولى 45 - نومۇر.

پوچتا نومۇرى: 845250. تېلېفون: 3421412 (0998)

**قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىلىك 2 - باشلانغۇچ مەكتەپ**

1934 - يىلى ئەنگلىيىلىك سودىگەر قۇرغان دىنىي مەكتەپ - شاتلىق مەدرىسى ئاساسىدا قۇرۇلغان. ئەينى ۋاقىتتا پەقەت 9 يېتىم بالا بار ئىدى، كېيىن مىللەتپەرۋەر ماجۇڭيىڭ شىنجاڭغا كىرگەندىن كېيىن چېركاۋنى كۆيدۈرۈۋەتكەن، شۇ جايدىكى خەنزۇ شەھەر ئاھالىلىرى يېڭىشەھەر مائارىپىنى قوتۇلدۇرۇۋېلىش ئۈچۈن ئەينى ۋاقىتتىكى شاتلىق مەدرىسىنى يېڭىشەھەر مەكتىپى قىلىپ ئۆزگەرتكەن ھەم مەبلەغ توپلاپ مەكتەپنى شەھەر سىرتىدىكى بۇتخانا يېنىغا يۆتكىگەن. كېيىن ئاستا - ئاستا تەرەققىي قىلىپ رايون قارمىقىدىكى قىزلار مەكتىپىگە ئايلىنىپ، بىردىنبىر قىزلار مەكتىپى بولۇپ قالغان. 1939 - يىلى 3 - ئايدا پارتىيە ئەزاسى ۋۇجىنجۇن ۋە جاۋشىنيا قاتارلىق يولداشلار قىزلار مەكتىپىنىڭ رەھبەرلىك خىزمىتىنى ئۈستىگە ئېلىپ، دۆلەتنىڭ ياپونغا قارشى تۇرۇپ ۋەتەننى قۇتقۇزۇش ھەرىكىتى ئۈچۈن ئاكتىپ تۆھپە قوشقان. 1937 - يىلى مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچى سانى 180 گە يەتكەن. دەرسلىك ماتېرىياللىنى ئۆزلىرى تۈزگەن. نۇرغۇن ئوقۇغۇچىلار پۈتتۈرگەندىن كېيىن دىخۇا شەھەرلىك ھاۋا ئارمىيىسى مەكتىپى، ھەربىي مەكتەپلەرگە ئىمتىھان بېرىپ ئۆتۈپ، ئازادلىق ۋە شىنجاڭنى قۇرۇشنىڭ ئاساسى كۈچى بولۇپ قالغان. ئازاد بولۇش ھارپىسىدا مەكتەپ نامىنى تىنچلىق مەكتىپى قىلىپ ئۆزگەرتكەن. ئازاد بولغاندا، تىنچلىق مەكتىپى بىلەن شىنجاڭ 2 - كورپۇسنىڭ ئارمىيىسىگە ئەگىشىپ يۆتكەلمىدىغان باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ بىر قىسىم ئوقۇغۇچىلىرى قوشۇلۇپ، يېڭىشەھەر ناھىيىلىك 2 - باشلانغۇچ مەكتەپ بولۇپ قۇرۇلغان. مەكتەپنىڭ ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى 15733m² بولۇپ، ھەرخىل ئوقۇتۇش ئەسلىھەلىرى تولۇق. 1996

ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە دېموكراتىك باشقۇرۇشتىكى ئىلغار ئورۇن بولۇپ باھالانغان. 1999 ـ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق مەنىۋى مەدەنىيەتلىك ئورۇن بولۇپ باھالانغان. 1999 ـ يىلدىكى ئوقۇتقۇچى، ئىشچى ـ خىزمەتچىسى 54 نەپەر، ئوقۇتۇش سىنىپى 28، ئوقۇغۇچى سانى 1258 نەپەر.

مەكتەپ ئادرېسى: قەشقەر شەھىرى يېڭىشەھەر ناھىيىسى.

پوچتا نومۇرى: 844000. تېلېفون: 6572453 (0998)

## خوتەن شەھەرلىك 1 ـ باشلانغۇچ مەكتەپ

بۇرۇن 1 ـ خەلق مەكتىپى، ۋىلايەتلىك 2 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ شۆبە باشلانغۇچ مەكتىپى، قىزىل قوغدىغۇچى ئەسكەرلەر مەكتىپى دېگەن ناملارنى ئىشلەتكەن. 1883 ـ يىلى قۇرۇلغان، شۈ جايدىكى تۈنجى ھۆكۈمەت مەكتىپى ئىدى. ئۇيغۇر، خەنزۇ ئارىلاش مەكتەپ بولۇپ، ئوقۇتۇش مەزمۇنىدا كوڭزى، مېڭزى تەلىماتى ئاساس قىلىنغان. 1914 ـ يىلى خوتەندە تارقىلىشچان يۇقۇملۇق كېسەل پەيدا بولغانلىقى ئۈچۈن تاقالغان. 1918 ـ يىلى ئوقۇتۇش ئەسلىگە كەلگەن بولۇپ، ئورنى خوتەن گارنىزونىدا ئىدى. 1934 ـ يىلى ماخۇسەن خوتەننى بېسىۋالغاندا مەكتەپ ھازىرقى خوتەن ناھىيىلىك 2 ـ ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئورنىغا كۆچۈرۈلگەن. 1938 ـ يىلى خەنزۇ مەكتەپ قىلىنىپ، 1 ـ خەلق مەكتىپى دەپ ئاتالغان. مەكتەپ ئادرېسى ھازىرقى خوتەن 1 ـ باشلانغۇچنىڭ ئورنىدا بولۇپ، خوتەن ۋىلايىتىدىكى بىردىنبىر خەنزۇ تىلىدا دەرس ئۆتۈلىدىغان مەكتەپ بولۇپ قالغان. 1948 ـ يىلى مەكتەپ تەرەققىي قىلىپ 4 سىنىپ، 110 ئوقۇغۇچى (5 ـ 1 ـ يىللىققىچە) غا يېتىپ، ئانا تىل (خەنزۇ تىلى)، ماتېماتىكا، تەبىئەت، جۇغراپىيە، جۇڭگو تارىخىي، گۈزەل ـ سەنئەت (رەسىم، ناخشا ئېيتىش، تەنتەربىيە) دەرسلىكلىرىنى تەسىس قىلغان. 1950 ـ يىلى 6 ـ ئايدا 1 ـ خەلق مەكتىپى خوتەن ناھىيە قارمىقىدىكى 3 ـ باشلانغۇچ قىلىپ ئۆزگەرتىلىپ، خەنزۇ تىلىدا دەرس ئۆتۈلگەن. 1960 ـ يىلى خوتەن ۋىلايەتلىك 2 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ شۆبە باشلانغۇچ مەكتىپى، كېيىن يەنە خوتەن ۋالىي مەھكىمىسىگە بىۋاسىتە قاراشلىق باشلانغۇچ مەكتەپ قىلىپ ئۆزگەرتىلگەن. 1966 ـ يىلى خوتەن ۋالىي مەھكىمىسىگە قىزىل قوغدىغۇچىلار مەكتىپى، 1978 ـ يىلى خوتەن ۋىلايەتلىك 1 ـ باشلانغۇچ، 1984 ـ يىلى خوتەن شەھىرى قۇرۇلغاندىن كېيىن خوتەن شەھەرلىك 1 ـ باشلانغۇچ مەكتەپ قىلىپ ئۆزگەرتىلگەن. 1990 ـ يىلى 5 ـ ئايدا ياپونىيەنىڭ مەبلىغى بىلەن يېڭىدىن قۇرۇلغان خوتەن شەھەرلىك 1 ـ باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئوقۇتۇش رايونى پۈتۈنلەي پۈتكەن. شەھەرلىك پاراۋانلىق ئورنى، شەھەرلىك 1 ـ باشلانغۇچ، شەھەرلىك 2 ـ باشلانغۇچ قوشۇلۇپ، بالىلار تەربىيە مەركىزي بولغان. مەكتەپنىڭ ئىگىلىگەن كۆلىمى $24766m^2$، ئوقۇتۇش ئەسلىھەلىرى كۆلىمى $7385m^2$. مەكتەپ شتاتى 77، 1999 ـ يىلدىكى رەسمىي ئوقۇتقۇچى سانى 82 نەپەر، ئوقۇغۇچى سانى 1800 نەپەر.

مەكتەپ ئادرېسى : خوتەن شەھرى قۇرۇلۇش يولى 2 - نومۇر .
پوچتا نومۇرى : 848000 . تېلېفون : 2022008 (0903)

## چۆچەك شەھەرلىك 2 - باشلانغۇچ مەكتەپ

ئەسلى نامى چۆچەك شەھەرلىك خەلق باشلانغۇچ مەكتىپى ، 1905 - يىلى قۇرۇلغان . چۆچەك شەھەر مەركىزي كوچىسى نىياگنىياك بۇتخانىسىدا تەسىس قىلىنغان مەكتەپ ، 1917 - يىلى خەلق باشلانغۇچ مەكتىپى قىلىپ ئۆزگەرتىلگەن . بۇ ۋاقىتتا چۆچەكتە پەقەت مۇشۇ بىرلا خەلق باشلانغۇچ مەكتىپى بار ئىدى . 1922 - يىلى رايون قارمىقىدىكى 1 - مەركىزي باشلانغۇچ مەكتەپ قىلىپ ئۆزگەرتىلگەن . 1935 - يىلى مەركىزي باشلانغۇچ مەكتەپ تەرەققىي قىلىپ تولۇق ، تولۇقسىز ، باشلانغۇچ سىنىپلىرى تولۇق بولغان ، بىر ئادەتتىكى باشلانغۇچ پېداگوگىكا سىنىپى بولغان 12 سىنىپى بار ھالەتكە يېتىپ ، چۆچەكتىكى بىردىنبىر كۆلىمى بىر قەدەر چوڭ بولغان خەنزۇ مەكتەپ بولۇپ قالغان . 1955 - يىلى مەكتەپ بۆلۈنگەن . بۆلۈنۈپ چىققىنى ھازىرقى شەھەرلىك 1 - مەكتەپ ، ئەسلىدىكى مەكتەپ ئىسمى 2 - باشلانغۇچ مەكتەپ قىلىپ ئۆزگەرتىلىپ ھازىرغا قەدەر قوللىنىۋاتىدۇ . 1999 - يىلى باللار باغچىسى قۇرۇلۇپ ، چۆچەك شەھەردىكى تۇنجى باللار باغچىسى بىلەن باشلانغۇچ مەكتەپ يۈرۈشلەشتۈرۈلگەن مەكتەپ بولۇپ قالغان . مەكتەپنىڭ ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى $5500m^2$ ، ئوقۇتۇش رايونى كۆلىمى $3300m^2$ . ئوقۇتۇش خەنزۇ تىلىدا ئېلىپ بېرىلىدۇ . ئاپتونوم رايون بويىچە تازىلىقتا قىزىل بايراقدار ئورۇن ، مەملىكەتلىك قىزىل بايراق چوڭ ئەترىتى قاتارلىق شەرەپلىك ناملارغا ئېرىشكەن . 1999 - يىلدىكى رەسمىي ئوقۇتقۇچى سانى 72 نەپەر ، ئوقۇغۇچى سانى 1400 نەپەر .

مەكتەپ ئادرېسى : چۆچەك شەھرى شىنخۇا يولى .
پوچتا نومۇرى : 834700 تېلېفون : 6222577 (0901)

## چاپچال شىبە ئاپتونوم ناھىيىسى 1 - باشلانغۇچ مەكتەپ

شىبە ئۇسمۇرلىرى مەركەزلەشكەن پۈتۈن كۈنلۈك تۈزۈمدىكى باشلانغۇچ مەكتەپ . چىڭ سۇلالىسى گۇاڭشۈنىڭ 7 - يىلى (مىلادى 1882 - يىلى) قۇرۇلغان . جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن بىر قانچە قېتىم كۆچۈپ ، 1982 - يىلى ئەسلىدىكى ناھىيىلىك 2 - باشلانغۇچ مەكتەپ شىبە ، خەنزۇ مەكتەپلىرىگە ئايرىلىپ ، ھازىرقى ئىسمى قوللىنىلغان . مەكتەپنىڭ ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى $30000m^2$ ، قۇرۇلۇش كۆلىمى $1991m^2$ . باغچا شەكلىدە قۇرۇلغان مەكتەپ ھېسابلىنىدۇ . يېقىنقى يىللاردىن بۇيان «ئاھاڭغا قاراپ خەت تونۇش ، بالدۇر ئوقۇپ يېزىش» ، «ھازىرقى زامان باشلانغۇچ مەكتەپ ماتېماتىكىسى» ، «نىشانلىق ئوقۇتۇش» قاتارلىق كۆپ خىل ئوقۇتۇش ئىسلاھاتى تەجرىبىلىرىنى ئېلىپ بارغان . «سەممى ، تىرىشچان ، ئىتتىپاق ، يۇقىرىغا ئۆرلەيدىغان

ئوقۇتۇش ئۇنۇمى ئۆزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن . 1987 - يىلى مەملىكەتلىك ئاۋانگارت ئۆسمۈرلەر ئەترىتى خىزمەت گۇرۇپپىسى كومىتېتى تەرىپىدىن «قىزىل بايراق چوڭ ئەترىتى» دېگەن شەرەپلىك نامغا ئېرىشتى . 1999 - يىلىدىكى رەسمىي ئوقۇتقۇچى سانى 41 نەپەر ، ئوقۇتۇش سىنىپى 12 ، ئوقۇغۇچى سانى 551 نەپەر .

مەكتەپ ئادرېسى : چاپچال ناھىيىسى ناھىيە بازىرى باغچ كوچىسى .

پوچتا نومۇرى : 835300 تېلېفون : 3622571 (0999)

# ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپلەر مائارىپى

## ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپلەر مائارىپى

1949 - يىلى شىنجاڭدا پەقەت 9 ئوتتۇرا مەكتەپ بار ئىدى. (بۇنىڭ ئىچىدە 4 تولۇق ئوتتۇرا، 5 تولۇقسىز ئوتتۇرا) يەنە كېلىپ بەش ئوتتۇرا مەكتەپ، ئۆلكە مەركىزى دىخۋاغا (ھازىرقى ئۈرۈمچى) مەركەزلىشىپ قالغان. ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچى سانى 2925 نەپەر. بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت 1891 نەپەر. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ مائارىپى پۇختا قەدەمدە تەرەققىي قىلىشقا باشلاپ، 1958 - يىلى ھەرقايسى ناھىيىلەردە ئوتتۇرا مەكتەپ بولۇش ئاساسى جەھەتتىن ئىشقا ئاشۇرۇلدى. 1965 - يىلى پۈتۈن شىنجاڭدا قۇرۇلغان ئوتتۇرا مەكتەپ 339 غا يەتكەن. بۇنىڭ ئىچىدە تولۇق ئوتتۇرا 97، تولۇقسىز ئوتتۇرا 242، ئوقۇغۇچى سانى 121770 نەپەر. بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرى 75934 نەپەر بولۇپ، ئوتتۇرا مەكتەپ ئومۇمىي ئوقۇغۇچى سانىنىڭ %62.36 نى تەشكىل قىلىدۇ. «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» دىكى 10 يىللىق مالىمانچىلىق ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپلەر مائارىپىغا ئېغىر بالايىئاپەتلەرنى كەلتۈرگەن. 1979 - يىلدىن كېيىن يەنە سالماق قەدەم بىلەن ساغلام تەرەققىي قىلىش يولىغا قاراپ ماڭغان. 1985 - يىلى ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ 2147 كە يەتكەن. بۇنىڭ ئىچىدە تولۇق ئوتتۇرا 794، تولۇقسىز ئوتتۇرا 1353. 1987 - يىلى ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇغۇچى سانى 1046403 بولۇپ، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى 270586 نەپەر، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى 775717 نەپەرگە يەتكەن. 20 - ئەسىرنىڭ 80 - يىللىرىنىڭ ئوتتۇرا مەزگىلىدىن بۇيان، ئاپتونوم رايون ئوتتۇرا دەرىجىلىك مائارىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش، ئوتتۇرا دەرىجىلىك كەسپىي تېخنىكا مائارىپىنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇش، ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرىنىڭ تەرەققىياتىنى كونترول قىلىپ، ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى قۇرۇشنى كۈچەيتىش فاڭجېنىنى قوللانغان، مەركەزلەشتۈرۈپ مەكتەپ قۇرۇش، مىللىي، خەنزۇ ئارىلاش مەكتەپ، ئاز سانلىق مىللەتلەر ئارىلاش مەكتەپ قۇرۇش، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا ياتاقتا يېتىش تۈزۈمىدىكى مەكتەپلەرنى قۇرۇش شەكلى ئارقىلىق مەكتەپنىڭ ئورۇنلىشىشىنى تەڭشىگەن. مەكتەپ سانىدا ئازلاش كۆرۈلگەن بولسىمۇ لېكىن، مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى سانى يىلدىن - يىلغا كۆپەيگەن. مائارىپ سۈپىتى ۋە ئۈنۈمى بارغانسېرى يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن. 1999 - يىلى رايونىمىزدىكى ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ 1725 (تولۇق ئوتتۇرا 488، تولۇقسىز ئوتتۇرا 1237)، مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچى سانى 1062380 نەپەر (تولۇق ئوتتۇرا

ئوقۇغۇچى سانى 189037 نەپەر ، تولۇقسىز ئوتتۇرىنىڭ ئوقۇغۇچى سانى 873343 نەپەر ) . بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرى 691625 نەپەر ، تولۇق ئوتتۇرىنىڭ ئوقۇغۇچى سانى 89411 نەپەر ، تولۇقسىز ئوتتۇرىنىڭ 602214 نەپەر بولۇپ ، ئوتتۇرا مەكتەپ ئومۇمىي ئوقۇغۇچى سانىنىڭ 65.1% نى تەشكىل قىلىدۇ . ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئۇيغۇر ، خەنزۇ ، قازاق ، قىرغىز ، موڭغۇل ، شىبە ، روستىن ئىبارەت 7 خىل تىلدا ئوقۇتۇش ئېلىپ بېرىلغان . 1999 - يىلى ئاز سانلىق مىللەت تىلىدا ئوقۇتۇش ئېلىپ بارىدىغان ئوتتۇرا مەكتەپ 873 (تولۇق ئوتتۇرا 231 ، تولۇقسىز ئوتتۇرا 642 ) بولۇپ ، ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ ئومۇمىي سانىنىڭ 50.6% نى ئىگىلەيدۇ . مىللىي ، خەنزۇ ئارىلاش ئوتتۇرا مەكتەپ 101 (تولۇق ئوتتۇرا 24 ، تولۇقسىز 77 ) ، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ياتاقتا يېتىش تۈزۈمىدىكى ئوتتۇرا مەكتەپ 116 (تولۇق ئوتتۇرا 8 ، تولۇقسىز 108 ) ، مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچى سانى 41386 نەپەر (تولۇق ئوتتۇرىدا 2187 نەپەر ، تولۇقسىز ئوتتۇرا 39199 نەپەر ) . ھۆكۈمەت مائارىپ تارماقلىرى ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ ئاز سانلىق مىللەت تىل يېزىقتىكى ئوقۇتۇش ماتېرىياللىرى قۇرۇلۇشىغا ئىنتايىن ئەھمىيەت بەرگەن . 1956 - يىلى شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى قۇرۇلغاندىن كېيىن ، مەملىكەت بويىچە بىر تۇتاش تۈزۈلگەن ماتېرىياللارنى ئاساس قىلىپ ئادەتتىكى دەرسلىك ماتېرىياللىرىنى نەشر قىلغان . ئەدەبىيات ، خەنزۇ تىلى ، ئىدىيە - سىياسىي ، مۇزىكا ، رەسىم ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ، مىللىي سىياسەت قاتارلىق كونكرېت يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە ئوقۇتۇش ماتېرىياللىرىنى ئۆزى تۈزۈپ نەشر قىلغان . نۆۋەتتە ، ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ ئاز سانلىق مىللەت تىلىدىكى ئوقۇتۇش ماتېرىياللار سىستېمىسى پۈتۈنلەي شەكىللەنگەن . 1966 - يىلدىن بۇرۇن ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇتۇش تۈزۈمى «3 .3 » لۈك تۈزۈم (يەنى تولۇقسىز ، تولۇق ھەرقايسى 3 يىل ) ئىدى . 1978 - يىلى «3 .2 »لىك تۈزۈم (تولۇقسىز 3 يىل ، تولۇق 2 يىل ) گە ئۆزگەرتىلگەن . 1983 - يىلى كۆز پەسلىدە قايتىدىن 3 .3لىك تۈزۈم يولغا قويۇلغان . 1981 - يىلى 12 - ئايدا ، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن ، 28 ئوتتۇرا مەكتەپ ئاپتونوم رايونىمىزدىكى دەسلەپكى قەدەمدە ياخشى قۇرۇلغان ، نۇقتىلىق ئوتتۇرا مەكتەپ قىلىپ بېكىتىلىپ ، كېيىن يەنە 2 سى كۆپەيتىلگەن . بۇ 30 ئوتتۇرا مەكتەپ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت تىلىدا دەرس بېرىلىدىغىنى 14 ، مىللىي ، خەنزۇ ئارىلاش مەكتەپ 4 ، خەنزۇ تىلىدا دەرس بېرىلىدىغىنى 12 . ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىنىڭ تەرەققىياتى ئىنتايىن تېز بولغان . 1949 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى رەسمىي ئوقۇتقۇچىلار 172 نەپەر . بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇتقۇچىلىرى 94 نەپەر ئىدى . 1999 - يىلىغا كەلگەندە رەسمىي ئوقۇتقۇچى 72195 (تولۇق ئوتتۇرا ئوقۇتقۇچىسى 61573 نەپەر ، تولۇقسىز ئوتتۇرىنىڭ 56522 نەپەر )گە كۆپەيگەن . بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇتقۇچىلىرى 35927 (تولۇق

ئوتتۇرا ئوقۇتقۇچىسى 7024 نەپەر ، تولۇقسىز ئوتتۇرا (مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرى 28903 نەپەر ) نەپەر بولغان .

**شىنجاڭ تەجرىبە ئوتتۇرا مەكتەپ**

ئۈرۈمچى شەھىرى يەنئەن يولى 3 - نومۇرغا جايلاشقان . مىللىي ، خەنزۇ ئارىلاش ئوقۇيدىغان پۈتۈن كونلۇك تۈزۈمدىكى مۇكەممەل ئوتتۇرا مەكتەپ . ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك نۇقتىلىق ئوتتۇرا مەكتەپ . 1956 - يىلى قۇرۇلغان بولۇپ ، شىنجاڭ پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى شۆبە ئوتتۇرا مەكتىپى ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى شۆبە ئوتتۇرا مەكتىپى ، ئۈرۈمچى تەجرىبە ئوتتۇرا مەكتىپى ، ئۈرۈمچى شەھەرلىك 17 - ئوتتۇرا مەكتەپ قاتارلىق ناملارنى ئىشلەتكەن ، 1995 - يىلدىن باشلاپ ھازىرقى نامىنى قوللانغان . 1996 - يىلدىن باشلاپ خەنزۇ تىلى بۆلۈمىنىڭ «تەبىئىي پەن تەجرىبە سىنىپى» ۋە ئۇيغۇر تىلى بۆلۈمىنىڭ «قوش تىللىق ئوقۇتۇش سىنىپى» پۈتۈن شىنجاڭدىن ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىشقا قاراپ يۈزلەنگەن . مەكتەپنىڭ ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى 24664m² . 1956 - يىلدىن بۇيان 8000 دىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى تەربىيىلىگەن . نۇرغۇن ئوقۇتقۇچىلار مەملىكەت ۋە ئاپتونوم رايوندا ھەرخىل شەرەپلىك ناملارغا ئېرىشكەن . 1999 - يىل 189 ئوقۇتقۇچى ، ئىشچى - خىزمەتچى ، 128 نەپەر رەسمىي ئوقۇتقۇچىسى بار ئىدى (ئالىي دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچى 54 نەپەر ) . ئوقۇغۇچى سانى 2055 نەپەر بولۇپ ، 39 ئوقۇتۇش سىنىپىغا بۆلۈنگەن .

مەكتەپ ئادرېسى : ئۈرۈمچى شەھىرى يەنئەن يولى 3 - نومۇر .

پوچتا نومۇرى : 830001 ، تېلېفون : 2866242 (0991)

**ئۈرۈمچى شەھەرلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ**

مەكتەپ قۇرۇلۇپ ھازىرغا قەدەر يۈز يىللىق تارىخقا ئىگە . شىنجاڭدا ئەڭ بالدۇر قۇرۇلغان ئوتتۇرا مەكتەپ ھېسابلىنىدۇ . ئاساسى بولغان بودا بىلىم يۇرتى 1891 - يىلى 8 - ئاينىڭ 14 - كۈنى قۇرۇلغان بولۇپ ، ئەينى ۋاقىتتىكى شىنجاڭدىكى ئەڭ يۇقىرى بىلىم يۇرتى ھەم كېجۇ ئىمتىھانىدىن ئۆتكەنلەرنى تاللايدىغان ئورۇن ئىدى . تۆت كىتاب ، بەش دەستۇر ، خەت مەشقى قاتارلىقلار دەرسلىك قىلىپ ئۆتۈلۈپ ، كېجۇ تۈزۈمىگە ماسلاشقان خادىملارنى تەربىيىلەيتتى . مەكتەپ ئادرېسى ئۈرۈمچى شىمالىي كۆۋرۈك (ھازىرقى 1 - ئوتتۇرا) دە بولۇپ ، شىنجاڭ مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرگەن . ئەينى ۋاقىتتىكى شىنجاڭدىكى مائارىپ ساھەسىدىكى ئەربابلارنىڭ كۆپ قىسمى بودا بىلىم يۇرتىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى ئىدى . 1906 - يىلى شىنجاڭ ئۆلكە قارمىقىدىكى ئوتتۇرا دەرىجىلىك مەكتەپ قىلىپ ئۆزگەرتىلدى . مەكتەپ ئۆزگەرتىلگەندىن كېيىن ئوتتۇرا مەكتەپ سىنىپى ۋە پېداگوگىكا سىنىپىنى بىردىن ئاچقان ، ئوقۇتقۇچى 11 نەپەر ، ئوقۇغۇچى 112 نەپەر ئىدى . يېڭىدىن قۇرۇلغان پەنلەر

تولۇق ئەمەس ئىدى. 1909 - يىلى قىشتا بېيجىڭدىن فىزىكا، خىمىيە، ماتېماتىكا ئوقۇتقۇچىسىدىن 4 نەپەرنى يۆتكەپ كەلگەندىن كېيىن فىزىكا، خىمىيە قاتارلىق پەنلەر تەسىس قىلىنغان، 1907 - يىلدىن 1910 - يىلغا قەدەر، ئوتتۇرا دەرىجىلىك مەكتەپ ھەر تەرەپلەرگە بېرىپ ئوقۇتقۇچى بولىدىغان ئوقۇغۇچىلارنى تەربىيىلەشنى ئاساس قىلغان.

شىنخەي ئىنقىلابىدىن كېيىن ئوتتۇرا دەرىجىلىك مەكتەپ بىر قەدەر ئۇزۇن مەزگىل تاقىلىپ قالغان. 1920 - يىلى ئوتتۇرا مەكتەپكە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ئەسلىگە كېلىپ ئوتتۇرا مەكتەپ سىنىپى قوبۇل قىلىنغان. ئورنى شەرقىي كىچىك قوۋۇق (ھازىرقى جيەنگو يولى ئېغىزى مەي بازىرى بىلەن بىر قاتار)تا، ئوقۇتۇش تۈزۈمى 4 يىللىق بولۇپ، پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى ناھىيىلىرىدىن تاللاپ ئىمتىھان ئارقىلىق 40 نەپەر رەسمىي ئوقۇغۇچى، 20 نەپەر تەييارلىق ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىپ، كېيىن تولۇقلىما ئىمتىھان ئارقىلىق يەنە 8 نەپەر ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىنغان. ئوتتۇرا مەكتەپ سىنىپىدا دۆلەت تىل ئەدەبىياتى، ماتېماتىكا، فىزىكا، تارىخ، جۇغراپىيە، تەنتەربىيە، گىمناستىكا، مۇزىكا، قول ھۈنەرۋەنچىلىك، رۇس تىلى قاتارلىقلار تەسىس قىلىنغان. ھەركۈنى تۆت سائەت دەرس ئوقۇلۇپ، 4 - يىلى ئوتتۇرا مەكتەپتە قانۇن، ئىقتىساد ئىككى دەرسلىك تەسىس قىلىپ، كېيىنكى مەزگىلدىكى قانۇن ئۆگىنىشكە ئاساس سالغان. 1924 - يىلى 1 - قارار ئوقۇغۇچىلىرى مەكتەپ پۈتتۈرگەن، قايتىق تەلەپ قويۇپ تاللاش ئارقىلىق 40 نەپەر مەكتەپ پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىدىن 33 نەپىرى رۇس تىلى سىياسىي قانۇن مەخسۇس كۇرس مەكتىپى 1 - قارار سىنىپىغا قوبۇل قىلىنغان. 1924 - يىلى كۈزدە 2 - قارار سىنىپىغا ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىنغان. شۇ يىلى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ئوتتۇرا مەكتەپ قىلىپ ئۆزگەرتىلگەن. 1934 - يىلى شىنجاڭ ئۆلكىلىك دىخۇا ئوتتۇرا مەكتىپى دەپ ئۆزگەرتىلگەن. ئوقۇتۇش تۈزۈمى - دەرس سائىتى تۈزۈلمىسىگە ئۆزگەرتىلگەن، لېكىن مەكتەپ تۈزۈلمىسىدە يېڭى ئۆزگىرىشلەر بولۇپ، ئوقۇتۇش نازارەتچىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ئوقۇتۇش باشقارما مۇدىرى ۋە كەسپىي ئىشلار مۇدىرىنى بىردىن تەسىس قىلغان، مەكتەپتە ھەر كۈنى 6 سائەت دەرس ئۆتۈلگەن، باشقا ۋاقىتتا، ئوقۇغۇچىلار تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىگە قاتناشقان. 1920 - يىلى ئوقۇتۇش ئەسلىگە كەلگەندىن كېيىن 1934 - يىلغا قەدەر 9 سىنىپ قوبۇل قىلىنغان. ھەربىر سىنىپتا 30دىن 40 غىچە بالا بار بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە مىللىي ئوقۇغۇچىلارمۇ بار ئىدى. 1935 - يىلى يۈشيۇسۇڭ ئۆلكىلىك دىخۇا 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ مۇدىرلىقىنى قوشۇمچە ئۈستىگە ئالغان. ئاشكارە ھالدا ئوقۇغۇچىلارغا ماركسىزىم - لېنىنىزىم نەزەرىيەسى توغرىسىدا لېكسىيە سۆزلىگەن ۋە ماركسىزم - لېنىنىزمنى زۆرۈر ئوقۇشلۇق قىلىپ، ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا ئىنقىلابى نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىشنى يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرگەن. شۇ يىلى كۈزدە 1 - قېتىم مىللىي سىنىپ قوبۇل قىلىپ، شىنجاڭ تارىخىدىكى تۇنجى قېتىملىق مىللىي، خەنزۇ ئارىلاش مەكتەپ بولۇپ قالغان. 1934- ،

1935 ـ ، 1937 ـ يىللىرى مەكتەپ ئوقۇش پۈتتۈرىدىغان سىنىپتىن 280 نەپەردىن ئارتۇق ئوقۇغۇچىنى تاللاپ سوۋېت ئىتتىپاقىغا پەلسەپە، ئىقتىساد، يېزا ـ ئىگىلىك، چارۋىچىلىق، دوختۇرلۇق، سۇچىلىق قاتارلىق كەسىپلەردە سىستېمىلىق ئۆگىنىشكە ئەۋەتكەن. 1935 ـ يىلدىن 1941 ـ يىلغىچە بولغان 6 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت ئىچىدە كوممۇنىستلار ھەمدە نۇرغۇن ۋەتەنپەرۋەر ئىلغار زاتلارنىڭ دەرس بېرىشى بىلەن 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ ھەرقايسى جەھەتلەردە كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن. شىنجاڭنىڭ ياپونغا قارشى تۇرۇپ ۋەتەننى قۇتقۇزۇش ھەرىكىتىنىڭ ئاۋانگارتلىرى بولغان. بۇ مەزگىلدە مەكتەپ يەنە نۇرغۇن ئىنقىلابى كادىرلارنى يېتىشتۈرۈپ چىقارغان. 1942 ـ يىلدىن 1944 ـ يىلغىچە شىڭ شىسەي مەكتەپكە قارىتا فاشىستىك ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزۈپ، نۇرغۇن ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلارنى تۈرمىگە سولىغان. بۇنىڭ بىلەن مەكتەپ يېرىم پالەچ ھالەتكە چۈشۈپ قالغان. 1944 ـ يىلى شىڭ شىسەي شىنجاڭدىن ئايرىلىپ 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ ئادەتتىكىدەك ئوقۇتۇش ئېلىپ بارغان بولسىمۇ، ئوقۇغۇچى سانى ئازلاپ كەتكەن. سىنىپلار قوشۇۋېتىلگەن. كېيىن مەكتەپ بىر قىسىم ئوقۇتقۇچىلارنى تولۇقلىغاندىن كېيىن ئوقۇتۇش ۋەزىيىتى نورمال ھالەتكە قايتقان. 1920 ـ يىلدىن 1944 ـ يىلغىچە مەكتەپ 42 سىنىپ ئاچقان. 1945 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى شىنجاڭ ئىنىستىتۇتى شۆبە ئوتتۇرا مەكتەپتىكى خەنزۇ ئوقۇغۇچىلار ئۆلكىلىك 1 ـ ئوتتۇرىغا قوشۇۋېتىلدى. شۇ يىلى 1 ـ ئوتتۇرىنىڭ مىللىي ئوقۇغۇچىلىرى 3 ـ ئوتتۇرا (دىخۇا ئۇيغۇر مەكتىپى)گە قوشۇۋېتىلگەن. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن 1 ـ ئوتتۇرا مۇكەممەل ئوتتۇرا مەكتەپ بولغان. 1946 ـ يىلى مەكتەپ تەرەققىي قىلىپ «2 .3»لىك تۈزۈمدىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ بولغان. ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە مەكتەپتە مەكتەپ ئىشلىرى كومىتېتى قۇرۇلۇپ، ھەربىي مەشىق باشقارمىسى، تەنبىھ ـ تەربىيە باشقارمىسى ۋە تەن جازاسى باشقارمىسى قاتارلىقلار بىكار قىلىندى. ئىلمىي باشقارما، ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسى قۇرۇلدى. سىنىپ مۇدىرى تەسىس قىلىنىپ، مەكتەپكە ھەمكارلىشىپ دېموكراتىك تەربىيە ئېلىپ بارغان. 1953 ـ يىلى 1 ـ ئوتتۇرا شىنجاڭدىكى بىردىنبىر نۇقتىلىق ئوتتۇرا مەكتەپبولۇپ قالغان. 1954 ـ يىلى 8 ـ ئايدا، 1 ـ ئوتتۇرىنىڭ تولۇق ئوتتۇرا قىسمى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ بولۇپ، 1 ـ ئوتتۇرىنىڭ نامى ئۈرۈمچى 1 ـ تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپكە ئۆزگەرتىلدى، 1957 ـ يىلى 4 ـ ئايدا مەكتەپ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ بولۇپ ئەسلىگە كەلگەن ھەمدە ئۈرۈمچى 1 ـ ئوتتۇرا مەكتىپى دەپ ئاتىلىپ، ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتىگە تەۋە بولغان. 1966 ـ يىلى 5 ـ ئايدا مەكتەپ مەدەنىيەت ئىنقىلابىنىڭ تەسىرىدە دەرس توختاتقان. 1960 ـ يىلى 1 ـ ئوتتۇرا مەملىكەتلىك قىزىل بايراقدار مەكتەپ دېگەن شەرەپلىك نامغا ئېرىشكەن. 1961 ـ يىلدىن 1962 ـ يىلغىچە 2 ـ باشلانغۇچ 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ شۆبە ئوتتۇرا مەكتىپىگە قوشۇۋېتىلىپ، بىر تۇتاش ئوقۇتۇش شەكىللەنگەن. 20 ـ ئەسىرنىڭ 70 ـ يىللىرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە 1 ـ ئوتتۇرا ئۈرۈمچى شەھەرلىك

مائارىپ كومىتېتىغا تاپشۇرۇلۇپ، ئۈرۈمچى شەھەرلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ دەپ ئۆزگەرتىلگەن. 1982 - يىلى قايتىدىن مەملىكەت بويىچە تۇنجى تۈركۈمدىكى ياخشى باشقۇرۇلغان نۇقتىلىق ئوتتۇرا مەكتەپ قاتارىغا كىرگۈزۈلگەن. 1985 - يىلى مەملىكەتلىك «جانلىق ئوقۇغۇچىلار تۇرمۇشى» ئىلغار كوللېكتىپى بولۇپ باھالاندى ھەم ئىتتىپاق مەركىزىي كومىتېتىنىڭ مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. شۇ يىلى مەملىكەتلىك يېنىك ئاتلېتىكا سۇ ئۈزۈش ئەنئەنىۋى تۈرلەر مەكتىپى بولۇپ باھالانغان. 1991 - يىلى مەملىكەتلىك كىتاب ئوقۇش پائالىيىتىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ بولۇپ باھالانغان. مەكتەپنىڭ ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى 21400m² . 1999 - يىلدىكى ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچى سانى 190 نەپەر، ئوقۇغۇچى سانى 1800 نەپەر.

مەكتەپ ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى ساغلاملىق يولى 1 - كوچا.

پوچتا نومۇرى: 830000. تېلېفون: 2825489 (0991)

### ئۈرۈمچى شەھەرلىك 6 - ئوتتۇرا مەكتەپ

1952 - يىلى قۇرۇلغان بولۇپ، ئەينى ۋاقىتتا شىنجاڭ ئۆلكىلىك تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ دېيىلەتتى، 1955 - يىلى ئۈرۈمچى شەھەرلىك تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ دەپ ئۆزگەرتىلگەن. 1980 - يىلى ھازىرقى نامىغا ئۆزگەرتىلگەن. پۈتۈن كۈنلۈك ئوقۇتۇش تۈزۈمىدىكى مىللىي، خەنزۇ ئارىلاشقان تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ بولۇپ، خەنزۇ، ئۇيغۇر تىللىرىدا دەرس ئۆتۈلگەن. مەكتەپنىڭ ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى 34278m²، قۇرۇلۇش كۆلىمى 10831m² . ئوقۇغۇچىلار مەملىكەتلىك، ئۆلكىلىك، شەھەرلىك ھەرخىل پەنلەر بويىچە مۇسابىقىلەرگە قاتنىشىپ 200دىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى مۇكاپاتقا ئېرىشكەن. 1989 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق «مەدەنىيەتلىك مەكتەپ» بولۇپ باھالانغان. 1999 - يىلدىكى ئوقۇغۇچى سانى 1375 نەپەر بولۇپ، 25 ئوقۇتۇش سىنىپىغا بۆلۈنگەن. ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىسى 123 نەپەر، بۇنىڭ ئىچىدە ئالىي دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچى 35 نەپەر.

مەكتەپ ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى ئىتتىپاق يولى 66 - نومۇر.

پوچتا نومۇرى: 830001. تېلېفون: 2860489 (0991)

### ئۈرۈمچى شەھەرلىك 8 - ئوتتۇرا مەكتەپ

1916 - يىلى خۇبېيلىق تالانتلىق ئايال خې يەنۋېي قۇرغان شىنجاڭ قىزلار مەكتىپى ئاساسىدا قۇرۇلغان، 1937 - يىلى 9 - ئايدا ئۆلكىلىك دىخۇا قىزلار ئوتتۇرا مەكتىپى قىلىپ ئۆزگەرتىلگەن. 1938 - يىلى ئىنقىلابى قۇربان ماۋ زېمىننىڭ ئايالى جۇ دەنخۇا، رىن بىيشىنىڭ جىيەنى رىن گۇاڭيۈەن قاتارلىق پارتىيە ئەزالىرى مەكتەپكە كېلىپ ئوقۇتۇش ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن ھەم مەكتەپ رەھبەرلىك خىزمىتىنى ئۈستىگە ئالغان بولۇپ، مەكتەپنى شىنجاڭ ئاياللار ھەرىكىتىنىڭ مەركىزىگە ئايلاندۇرغان. 1943 - يىلى ئۆلكىلىك دىخۇا قىزلار ئوتتۇرا مەكتىپى شىنجاڭ قىزلار ئىنىستىتۇتىغا ئۆزگەرتىلىپ،

شىنجاڭدىكى كۆلىمى ئەڭ چوڭ مەكتەپ بولۇپ قالغان. ئازادلىقتىن كېيىن، يەنە پۈتكۈل شىنجاڭدىكى ئوتتۇرا مەكتەپلەر ئىچىدە ئەڭ بۇرۇن پارتىيە ياچېيكىسى قۇرغان. 1952-يىلى باھاردا مەكتەپ نامىنى يەنە «شىنجاڭ 1-قىزلار ئوتتۇرا مەكتىپى» قىلىپ ئۆزگەرتكەن. 1959-يىلى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەرىپىدىن ئاپتونوم رايون بويىچە نۇقتىلىق ئوتتۇرا مەكتەپ قىلىپ بېكىتىلىپ، شىنجاڭدىكى تۇنجى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ بولۇپ قالغان. 1960-يىلى 8-ئايدا 1-قىزلار ئوتتۇرا مەكتىپى، قىز-ئوغۇللار ئارىلاش مەكتىپىگە ئۆزگەرتىلىپ، ئۈرۈمچى شەھەرلىك 8-ئوتتۇرا مەكتەپ دەپ ئاتالغان ۋە ئۈرۈمچى شەھەرلىك مائارىپ كومىتېتىغا تەۋە بولغان. ئوقۇتۇشتا خەنزۇ تىلى قوللىنىدۇ. ھازىرقى رەسمىي ئوقۇتقۇچى سانى 136 نەپەر، ئوقۇتۇش سىنىپى 29. ئوقۇغۇچى سانى 1580 نەپەر، مەكتەپ ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى 30000m². ئوقۇتۇشقا ئىشلىتىلىدىغىنى 18905m². كومپيۇتېر ئۆيى، تىل ئۆيى، ئاڭلىتىش ئۆيى، قوش يۆنىلىشلىك يېپىق يوللۇق تېلېۋىزور سىستېمىسى، مەكتەپ كومپيۇتېر تورى ۋە ئېلېكترونلۇق دەرس تەكرارلاش ئۆيى، تەنتەربىيە مەشق سارىيى، كۇتۇپخانا قاتارلىق ئەسلىھەلىرى مۇكەممەل، تەجرىبەخانا ۋە كۇتۇپخانا شەھەرلىك ئوتتۇرا مەكتەپلەر بويىچە كۆزنەك ھېسابلىنىدۇ. بۇ مەكتەپ يەنە مەملىكەتلىك ئىلغار ئاتا-ئانىلار مەكتىپى، ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەتلىك ئورۇن، مەملىكەتلىك ئىس-تۈتەكسىز مەكتەپ، مۇھىت تەربىيىسى سىناق ئورنى دېگەن ناملارغا ئىگە. 1999-يىلى 8-ئايدا بۇ مەكتەپ ئاپتونوم رايون بويىچە بىردىنبىر «3+x» ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىغا ماسلىشىپ، دەرسلىك تەسىس قىلىش ئىسلاھاتى ئېلىپ بارغان تەجرىبە سىنىپ مەكتىپى دەپ تەستىقلانغان.

مەكتەپ ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى شەرق شامىلى يولى.

پوچتا نومۇرى: 830000 تېلېفون: 28145089 (0991)

## ئۈرۈمچى شەھەرلىك 1-ئاۋغۇست ئوتتۇرا مەكتەپ

بۇ مەكتەپنى 1947-يىلى 5-ئايدا سابىق مۇئاۋىن رەئىس گېنېرال ۋاڭ جېن ئۆز قولى بىلەن شەنشى ئۆلكىسى لىشى ناھىيىسى ياڭ جياخۇي كەنتىدىكى بۇتخانىدا قۇرغان. ئەسلى ئىسمى خې لوڭ پەرزەنتلەر مەكتىپى ئىدى. مەكتەپ قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە پەقەتلا ئىككى نەپەر ئوقۇتقۇچى، بىر نەچچە ئاشپەز، 3 قوشما شەكىلدىكى باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتۇش سىنىپى. 30 دىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى بولغان مەكتەپ ئىدى. 1948-يىلى 5-ئايدا مەكتەپ ھەربىيلەرگە ئەگىشىپ شەنشى ئۆلكىسىنىڭ خېجىن ناھىيىسىنىڭ گاۋجيا كەنتىگە كۆچۈپ، «2-كالۇننا پەرزەنتلەر مەكتىپى» قىلىپ ئۆزگەرتىلگەن. 1949-يىلىنىڭ ئاخىرىدا قوشۇنغا ئەگىشىپ شىنجاڭغا كىرىپ، مەكتەپ نامى 1-ئاۋغۇست پەرزەنتلەر مەكتىپى، كېيىن ھەربىي رايون پەرزەنتلەر مەكتىپى دەپ ئاتالغان. ئوقۇغۇچىلار 300 دىن كۆپرەك بولۇپ، 6

سىنىپ 10 دىن ئارتۇق ئوقۇتقۇچى بار ئىدى . 1952 - يىلى 7 - ئايدا مەكتەپ تولۇقسىز ئوتتۇرا سىنىپى تەسىس قىلغان ھەم تەرەققىي قىلىپ 5 سىنىپ ، 500 نەپەر ئوقۇغۇچىغا يەتكەن . 1953 - يىلى يازدا مەكتەپ قىزىل تاغ ئاغزىدىكى كونا بوتخانىدىن ھازىرقى ئورنىغا كۆچكەن . 1955 - يىلى 7 - ئايدا تولۇق ئوتتۇرا سىنىپىنى تەسىس قىلغان . 1958 - يىلى ئوقۇغۇچى سانى كۆپىيىپ مىڭغا ، ئوقۇتقۇچى 70 كە يەتكەن . 1959 - يىلى 9 - ئايدا مەكتەپ ئاپتونوم رايونلۇق نۇقتىلىق ئوتتۇرا مەكتەپ بولۇپ باھالانغان . 1965 — يىلى 10 - ئايدا شىنجاڭ ھەربىي رايونىدىن يەرلىككە تاپشۇرۇپ بېرىلىپ ، ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتىگە قاراشلىق بولغان ۋە ئۈرۈمچى شەھەرلىك 1 - ئاۋغۇست ئوتتۇرا مەكتىپى دەپ بېكىتىلگەن . 1969 - يىلى 8 - ئايدا ئۈرۈمچى شەھەرلىك مائارىپ ئىدارىسىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلىپ ، ئۈرۈمچى شەھەرلىك 18 - ئوتتۇرا مەكتەپ دەپ ئۆزگەرتىلگەن . 1980 - يىلى قايتىدىن ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتىنىڭ رەھبەرلىكىگە تاپشۇرۇلۇپ ، ئەسلىدىكى ئۈرۈمچى 1 - ئاۋغۇست ئوتتۇرا مەكتىپى دېگەن نامى ئەسلىگە كەلگەن . بۇ مەكتەپ پۈتۈن كونلۇك تۈزۈمدىكى مۇكەممەل ئوتتۇرا مەكتەپ بولۇپ ، ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى $120000m^2$ ، ئوقۇتۇش رايونى كۆلىمى $68000m^2$ ، ئوقۇتۇشتا خەنزۇ تىلى قوللىنىلىدۇ . 1989 - يىلى مەملىكەتلىك تەنتەربىيە ئۆلچىمىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ ، 1990 - يىلى مەملىكەتلىك ئەنئەنىۋى تەنتەربىيە تۈرىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ ۋە تەنتەربىيە ساھەسىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ دېگەنناملارغا ئېرىشكەن . ئىككى قېتىم تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ ئىقتىسادچانلىق بىلەن ئوقۇتۇشتىكى ئىلغار كوللېكتىپ بولۇپ باھالانغان . مەكتەپ شتاتى 316 . 1999 - يىلدىكى رەسمىي ئوقۇتقۇچى سانى 233 ، ئوقۇتۇش سىنىپى 28 ، باللار باغچىسى ، ئوتتۇرا مەكتەپ ۋە باشلانغۇچتىكى ئوقۇغۇچى سانى 4457 نەپەر .

مەكتەپ ئادرېس : ئۈرۈمچى شەھىرى ياشلار يولى 15 نومۇر .

پوچتا نومۇرى : 830007 . تېلېفون : 2823687 (0991)

## ئۈرۈمچى شەھەرلىك 13 - ئوتتۇرا مەكتەپ

پۈتۈن كونلۇك ئوقۇتۇش تۈزۈمىدىكى خەنزۇ تىلىدا دەرس ئۆتۈلىدىغان مەكتەپ . 1973 - يىلىدىن باشلاپ قۇرۇلغان بولۇپ ، ئەينى ۋاقىتتا مۇكەممەل مەكتەپ ھېسابلىناتتى . 1982 - يىلى تولۇق ئوتتۇرا قىسمى باللار پېداگوگىكا مەكتىپى قىلىپ ئۆزگەرتىلىپ ، مەكتەپ نامى ئۈرۈمچى شەھەرلىك پېداگوگىكا كەسپىي مەكتىپىگە ئۆزگەرتىلگەن . 1997 - يىلى ئۈرۈمچى شەھەرلىك باللار پېداگوگىكا كەسپىي مەكتىپى دەپ ئۆزگەرتىلگەن . 1999 - يىلى ئۈرۈمچى شەھەرلىك 13 - ئوتتۇرا مەكتەپ دەپ بېكىتىلگەن . مەكتەپتە ھەم تولۇقسىز ئوتتۇرا سىنىپى ھەم باللار مائارىپى بويىچە ئوقۇتقۇچىلار تەربىيىلەش سىنىپى بار ئىدى . ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى $21914m^2$ . يېقىنقى يىللاردىن بۇيان مەملىكەت ، ئاپتونوم رايون بويىچە ھەرقايسى پەنلەر بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن

مۇسابىقىلەردە 247 نەپەر ئوقۇغۇچى مۇكاپاتقا ئېرىشكەن . 1997 - يىلى 12 - ئايدا ماتارىپ مىنىستىرلىقى تەرىپىدىن مەملىكەت بويىچە «هازىرقى زامان ماتارىپ تېخنىكىسى تەجرىبە مەكتىپى» دېگەن نام بېرىلگەن . 1999 - يىلى 4 - ئايدا «ساپا ماتارىپىدىكى نەمۇنىلىك مەكتەپ» دېگەن نامغا ئېرىشكەن . 1999 - يىلدىكى ئوقۇغۇچى سانى 1840 نەپەر بولۇپ ، 24 تولۇقسىز ئوتتۇرا سىنىپى ، 9 باللار ماتارىپى ئوقۇتقۇچىلىرىنى تەربىيلەش سىنىپىغا بۆلۈنگەن . ئوقۇتقۇچى ، ئىشچى - خىزمەتچىسى 175 نەپەر . بۇنىڭ ئىچىدە ئالىي دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچى 35 نەپەر .

مەكتەپ ئادرېسى : ئۈرۈمچى شەھىرى بەخت يولى 25 - نومۇر .

پوچتا نومۇرى : 830002 . تېلېفون : 2822637 (0991)

## ئۈرۈمچى شەھەرلىك 14 - ئوتتۇرا مەكتەپ

ئۇيغۇر تىلىدا دەرس ئۆتىلىدىغان ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك نۇقتىلىق ئوتتۇرا مەكتەپ . 1946 - يىلى 7 - ئايدا قۇرۇلغان قىزلار 2 - ئوتتۇرا مەكتىپى ۋە كېيىن قۇرۇلغان ئۆلكىلىك 2 - دارىلمۇئەللىمىن ئاساسىدا قۇرۇلغان . 1962 - يىلى قوشۇلۇپ ، مىللىي ، خەنزۇ ئارىلاشقان ئۈرۈمچى شەھەرلىك تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ بولغان . 1980 - يىلى هازىرقى نامغا ئۆزگەرتىلگەن . ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى $47123m^2$ ، ئوقۇتۇش رايونى كۆلىمى $9782m^2$ ، مەكتەپ ئوقۇتۇش ئىسلاھاتىغا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلىدىغان بولۇپ ، ئادەتتىكى تولۇقسىز ، تولۇق ئوتتۇرىنى ياخشى باشقۇرغاندىن باشقا يەنە قوش تىللىق تەجرىبىنى ، خەنزۇ تىلى كۈچەيتمە سىنىپىنى ، هەم پۇتبول ، مۇزىكا ، ئۇسسۇل ، رەسىم قاتارلىق ئالاھىدە سىنىپلارنى تەسىس قىلىپ ، كۈچىنىڭ يېتىشچە باللارنىڭ ئۇنۇۋېرسال ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرگەن ، مەكتەپ تەنتەربىيە ئەنئەنىۋى تۈر مەكتىپى ، يېشىل مەكتەپ ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ ۋە ئاپتونوم رايونلۇق مەنىۋى مەدەنىيەتلىك ئورۇن دېگەن شەرەپلىك ناملارغا ئېرىشكەن . 1999 - يىلدىكى ئوقۇتقۇچى ، ئىشچى - خىزمەتچىسى 302 نەپەر ، رەسمىي ئوقۇتقۇچى سانى 155 نەپەر ، ئوقۇتۇش سىنىپى 47 ، مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى سانى 2400 نەپەر .

مەكتەپ ئادرېسى : ئۈرۈمچى شەھىرى ئىتتىپاق يولى 68 - نومۇر .

پوچتا نومۇرى : 830001 . تېلېفون : 2864568 (0991)

## ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسى 3 - ئوتتۇرا مەكتىپى

پۈتۈن كۈنلۈك ئوقۇتۇش تۈزۈمىدىكى خەنزۇ تىلىدا دەرس ئۆتىدىغان مۇكەممەل ئوتتۇرا مەكتەپ ، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك نۇقتىلىق ئوتتۇرا مەكتەپ . 1944 - يىلدىن باشلاپ قاتناش مىنىستىرلىقى تيەن شۈي فۇلىن ئوتتۇرا مەكتىپى ئاساسىدا قۇرۇلغان . 1949 - يىلدىن كېيىن تيەن شۈي تۆمۈريول ئىشچىلار پەرزەنتلەر مەكتىپى قىلىپ ئۆزگەرتىلگەن . 1958 - يىلدىكى ئوقۇغۇچى سانى 1300 دىن ئارتۇق بولۇپ ، بۇنىڭ

ئىچىدە 60 نەپەر ياپونىيىلىك ئوقۇغۇچى بار ئىدى . 1959 - يىلى لەنجۇ - شىنجاڭ تۆمۈريولى پۈتۈپ ئۈرۈمچىگە كەلگەندە ، تيەن شۈي تۆمۈريول ئوتتۇرا مەكتىپى بۇيرۇققا بىنــائـەن ئۈرۈمچى شەھىرىگە كۆچۈپ ، ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئوتتۇرا مەكتىپى دەپ ئاتالغان . 1962 - يىلى ئۈرۈمچى تۆمۈريول 1 - ئوتتۇرا مەكتىپى دەپ ئۆزگەرتىلگەن . 1966 ــ يــىــلــدىن باشلاپ هازىرقى ئىسمىنى قوللانغان . يېقىنقى يىللاردا هەرخىل پەنلەردىكى مۇسابىقىلەردە 20 نەپەر ئوقۇغۇچى مۇكاپاتلانغان . مەملىكەتلىك ، ئاپتونوم رايونلۇق ۋە تۆمۈريول سىستېمىسى بويىچە 117 ئادەم قېتىم مۇكاپاتقا ئېرىشكەن . 1999 ــ يىلدىكى ئوقۇتقۇچى ، ئىشچى - خىزمەتچى 150 سانى نەپەر . بۇنىڭ ئىچىدە ئالىي دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچى 23 نەپەر . ئوقۇغۇچى سانى 1577 نەپەر بولۇپ ، 34 سىنىپقا بۆلۈنگەن .

مەكتەپ ئادرېسى : ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي بېيجىڭ يولى .

پوچتا نومۇرى : 830011 . تېلېفون : 3423379 (9991 )

## شىخەنزە شەھەرلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ

1954 - يىلى شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى شىخەنزە 2 - پەرزەنتلەر مەكتىپى ئاساسىدا قۇرۇلغان ، كونا ئورنى بەخت يولىدا . 1955 - يىلى يېزا ئىگىلىك 8 - دېۋىزىيىسى 2 - پەرزەنتلەر مەكتىپى قىلىپ ئۆزگەرتىلگەن . 1958 - يىلى يېزا ئىگىلىك 8 - دېۋىزىيىسى 1 - پەرزەنتلەر مەكتىپى بىلەن بىرلىشىپ ، هازىرقى ئورنىغا كۆچكەن هەم يېزا ئىگىلىك 8 - دېۋىزىيىسى ئوتتۇرا مەكتىپى قىلىپ ئۆزگەرتىلگەن . دەسلەپكى مەزگىلدە پەقەت باشلانغۇچ مەكتەپ سىنىپلا تەسىس قىلىنغان . 1958 - يىلى تولۇقسىز ئوتتۇرىغا كۆتۈرۈلگەن . 1961 - يىلى تولۇق ئوتتۇرىغا كۆتۈرۈلگەن . 1975 - يىلى شىخەنزە شەھەرلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ قىلىپ ئۆزگەرتىلگەن . 1983 - يىلى باشلانغۇچنى ئايرىپ چىقىپ ، مۇستەقىل مەكتەپ قۇرۇپ ، مۇكەممەل ئوتتۇرا مەكتەپ بولغان هەم شىخەنزە شەھەرلىك مائارىپ كومىتېتىغا تەۋە بولغان . 1991- يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە مەنىۋى مەدەنىيەتتە ئىلغار ئورۇن دېگەن نامغا ئېرىشكەن . 1992 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئۇنىۋېرسال ئىدارە قىلىشتىكى ئىلغار ئورۇن بولۇپ باھالانغان . ئـوقۇتۇشتا خەنزۇ تىلى قوللىنىلىدۇ ، ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى $60905m^2$ . ئوقۇتۇش رايـونـى كـۆلـىمى $111577m^2$ . تەجرىبە بىناسىنىڭ سايمانلىرى ئىلغار هەم تولۇق . كۇتۇپخانىدا 50000 پارچە كىتاب ساقلانغان . هەر يىلى ئاتا - ئانىلار مەكتىپى تەسىس قىلىدۇ . شتاتى 162 . 1999 - يىلدىكى مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 120 نەپەر . ئوقۇتۇش سىنىپى 37 ، ئوقۇغۇچى سانى 2150 نەپەر .

مەكتەپ ئادرېسى : شىخەنزە شەھىرى شىمالى 4 - كوچا .

پوچتا نومۇرى : 832000 . تېلېفون : 2012954 (0993 )

## شىخەنزە شەھەرلىك 2 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ

پۈتۈن كۈنلۈك تولۇق تۈزۈمدىكى مۇكەممەل ئوتتۇرا مەكتەپ. خەنزۇ تىلىدا دەرس ئۆتۈلىدۇ، 1956 ـ يىلى قۇرۇلغان. شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى قارمىقىدىكى تۇنجى ئوتتۇرا مەكتەپ. ئەينى ۋاقىتتا، بىڭتۇەن شىخەنزە ئوتتۇرا مەكتىپى دېيىلگەن. 1957 ـ يىلى شىخەنزە شەھىرى قۇرۇلغاندىن كېيىن ھازىرقى نامغا ئۆزگەرتىلگەن. ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى 63000m² ، قۇرۇلۇش كۆلىمى 18000m² . 1956 ـ يىلدىن بۇيان 14000 ئوقۇغۇچى تەربىيىلىگەن. 80 دىن كۆپرەك ئوقۇغۇچى ھەرقايسى پەنلەردىكى مۇسابىقىلەردە مۇكاپاتلانغان. 1998 ـ يىلى مەملىكەتلىك تەنتەربىيە كومىتېتى «مەملىكەتلىك ئاممىۋى تەنتەربىيە خىزمىتىدىكى ئىلغار ئورۇن» دېگەن شەرەپلىك نامنى بەرگەن. 1999 ـ يىلدىكى ئوقۇغۇچى سانى 1890 دىن كۆپرەك، ئوقۇتقۇچى، ئىشچى ـ خىزمەتچىسى 166 نەپەر.

مەكتەپ ئادرېسى: شىخەنزە شەھىرى شىمالى 2 ـ كوچا

پوچتا نومۇرى: 832001. تېلېفون: 2012590 (0993)

## شىخەنزە شەھەرلىك 4 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ

1978 ـ يىلى 9 ـ ئايدا قۇرۇلغان. 1981 ـ يىلى 9 ـ ئايدا كەسپىي تولۇق ئوتتۇرا سىنىپى بەرپا قىلىپ ئائىلە سايمانلىرى رېمونتچىلىقى، قول ـ ھۈنەر سەنئىتى كەسپىنى تەسىس قىلغان. ئوقۇش مۇددىتى 3 يىل ئىدى. 1984 ـ يىلدىن باشلاپ مەكتەپ كارخانا بىرلىشىپ مەكتەپ قۇرۇش شەكلىنى قوللىنىپ، ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ شىخەنزە توقۇمىچىلىق زاۋۇتى، يىپ ئېگىرىش زاۋۇتى، بوياش زاۋۇتى، ئىسسىقلىق ئېنېرگىيە زاۋۇتى، شەندوڭ ۋېيخەي مېھمانخانىسى قاتارلىق كارخانىلار بىلەن بىرلىكتە مەكتەپ باشقۇرغان. 1988 ـ يىلى 8 ـ ئايدا شىخەنزە شەھەرلىك 4 ـ ئوتتۇرا شەھەرلىك 2 ـ كەسپىي تولۇق ئوتتۇرا مەكتىپى قىلىپ ئۆزگەرتىلگەن. شۇ يىلى 10 ـ ئايدا ئاپتونوم رايون بويىچە كەسپىي تېخنىكا تەربىيىسىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ بولۇپ باھالانغان. 1990 ـ يىلى 12 ـ ئايدا ئۆلكىلىك نۇقتىلىق كەسپىي تولۇق ئوتتۇرا قىلىپ بېكىتىلگەن. 1993 ـ يىلى 4 ـ ئايدا مەكتەپ كارخانىلاشقان باشقۇرۇش تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، جەمئىيەتكە يۈزلىنىپ ئوقۇتۇش ئېلىپ بارغان. يۇقىرى دەرىجىلىك مەسئۇل ئورۇنلار مەكتەپنىڭ مەكتەپ قۇرۇش ئەندىزىسى، ئاپپارات تەسىس قىلىشى، كادىرلارنى خىزمەتكە قويۇش قاتارلىق جەھەتلەردىكى خىزمەتلىرىگە تېخىمۇ كۆپ ھوقۇقلارنى بەرگەن. مەكتەپ پراكتىكا باشقارمىسى ۋە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش باشقارمىسىنى كۆپەيتىپ تەسىس قىلغان. 1993 ـ يىلى 10 ـ ئايدا ئاپتونوم رايون بويىچە تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ ئىقتىسادچانلىق بىلەن مەكتەپ باشقۇرۇشتىكى ئىلغار كوللېكتىپ بولۇپ باھالانغان. 1993 ـ يىلدىن باشلاپ مەكتەپلەر بىلەن بىرلىشىپ، مەكتەپ باشقۇرۇش شەكلىنى قوللىنىپ، مەركىزىي يېزا ئىگىلىك رادىئو مەكتىپى، شىخەنزە شۆبە مەكتىپى، ۋۇخەن

بودا كەسپىي ئوتتۇرا مەكتىپى، بېيجىڭ خۇاگجۇاڭ كەسپىي تولۇق ئوتتۇرا مەكتىپى قاتارلىق مەكتەپلەر بىلەن بىرلىشىپ مەكتەپ باشقۇرغان. مەكتەپ قۇرۇلغاندىن بۇيان ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، بوغالتىرلىق، كىيىم - كېچەك، ئائىلە سايمانلىرى رېمونتچىلىقى، قول - ھۈنەر سەنئىتى، ئويمىچىلىق، بېزەش، تەشتەك مەنزىرىسى، ئەدەبىيات - سەنئەت، يېمەكلىك پىششىقلاپ ئىشلەش، توقۇمىچىلىق، ئېچىتىش، پار قازىنى، ماشىنىسازلىق، مېھمانخانا مۇلازىمىتى، خىمىيە سانائىتى، كومپيۇتېر ئىشلىتىش، ھۆسن تۈزەش قاتارلىق 20 نەچچە كەسىپ تەسىس قىلغان. 1999 - يىلى شىخەنزە شەھەرلىك 4 - ئوتتۇرا مەكتەپ قىلىپ ئۆزگەرتىلگەن. مەكتەپ قۇرۇلغاندىن بۇيان 2713 نەپەر ئوقۇغۇچىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرگەن.

ئادرېسى: شىخەنزە شەھىرى.

پوچتا نومۇرى: 832000. تېلېفون: 2020278 (0993)

### قاراماي شەھەرلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ

پۈتۈن كۈنلۈك تۈزۈمدىكى مۇكەممەل ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ. 1939 - يىلى قۇرۇلغان، ئەينى ۋاقىتتا قاراماي شەھەرلىك تولۇق ئوتتۇرا دەپ ئاتالغان. 1961 - يىلىدىن باشلاپ ھازىرقى ئىسمى قوللىنىلغان. خەنزۇ تىلىدا دەرس ئۆتىلىدۇ. مەكتەپنىڭ ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى $51359m^2$، 1959 - يىلدىن بۇيان 3000 دىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى تەربىيىلىگەن. «ئاپتونوم رايون بويىچە ھازىرقى زامان مائارىپ تېخنىكىسى تەجرىبە مەكتىپى»، «مەملىكەتلىك قورشاۋ شاخمات نوتىلىرىنى تەربىيىلەش قۇرۇلۇشىغا ئەزا ئورۇن»، «نېفىت سىستېمىسىدىكى مائارىپتىكى ئىلغار ئورۇن» قاتارلىق ناملارغا ئېرىشكەن، 1999 - يىلدىكى ئوقۇغۇچى سانى 1596 نەپەر. ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچى سانى 156 نەپەر.

مەكتەپ ئادرېسى: قاراماي شەھىرى تىيانشان رايونى 32 - نومۇر

پوچتا نومۇرى: 834000. تېلېفون: 6222920 (0990)

### سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستلىق 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ

خەنزۇ تىلىدا ئوقۇتۇش ئېلىپ بارىدىغان تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ. 1955 - يىلى 9 - ئايدا قۇرۇلغان. ئەينى ۋاقىتتا خەنزۇ، ئۇيغۇر، قازاق تىلىدا ئوقۇتۇش ئېلىپ بارغان. مەكتەپ نامى سانجى ئوتتۇرا مەكتىپى دەپ ئاتالغان. 1966 - يىلى «7-ماي» ئوتتۇرا مەكتىپى قىلىپ ئۆزگەرتىلگەن. 1982 - يىلى مىللىي، خەنزۇلار ئايرىلىپ سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستلىق 3 - ئوتتۇرا مەكتەپ قىلىپ ئۆزگەرتىلگەن. 1995 - يىلى 9 - ئايدىن باشلاپ ھازىرقى نامى قوللىنىلغان. ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى $217000m^2$، قۇرۇلۇش كۆلىمى $88000m^2$. 1999 - يىلدىكى ئوقۇغۇچى سانى 1846 نەپەر، ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچى سانى 194 نەپەر.

مەكتەپ ئادرېسى : سانجى شەھىرى شىمالىي بېيجىڭ يولى .
پوچتا نومۇرى : 831100 . تېلېفون : 2357982 (0994)

## مىچۈەن خۇيزۇ ئوتتۇرا مەكتەپ

بۇرۇن ئىشلەتكەن نامى مىچۈەن 2 - ئوتتۇرا مەكتەپ بولۇپ، 1979 - يىلى قۇرۇلغان. 1981 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن مىچۈەن مىللىي ئوتتۇرا مەكتىپى قىلىپ ئۆزگەرتىلگەن ھەم ئاپتونوم رايون بويىچە نۇقتىلىق ئوتتۇرا مەكتەپ قىلىپ بېكىتىلگەن. ئوقۇتۇش خەنزۇ تىلىدا ئېلىپ بېرىلىدۇ، مەكتەپنىڭ ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى $50000m^2$، ئوقۇتۇش رايونى كۆلىمى $14000m^2$. 1996 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەتلىك ئورۇن بولۇپ باھالانغان. 2000 - يىلى مەملىكەت بويىچە ھازىرقى زامان مائارىپ تېخنىكىسى تەجرىبە مەكتىپى بولۇپ باھالانغان. مەكتەپ شتاتى 157 نەپەر. 1999 - يىلدىكى رەسمىي ئوقۇتقۇچى سانى 144 نەپەر، ئوقۇغۇچى سانى 2800 نەپەر.
مەكتەپ ئادرېسى : مىچۈەن شەھىرى شىمالىي مەدەنىيەت يولى 30 - نومۇر.
پوچتا نومۇرى : 831400 . تېلېفون : 5302342 (0994)

## گۇچۇڭ ناھىيىلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ

1951 - يىلى سانجى ئوبلاستى گۇچۇڭ ناھىيىسىنىڭ شەرقىي شەھەر رايونىدا قۇرۇلغان. ئەسلى نامى گۇچۇڭ ئوتتۇرا مەكتىپى، مىللىي، خەنزۇ ئارىلاش مەكتەپ بولۇپ خەنزۇ، ئۇيغۇر، قازاق تىلىدا دەرس ئۆتۈلىدىغان مۇكەممەل ئوتتۇرا مەكتەپ ھەم ئوبلاستتىكى تۇنجى مۇكەممەل ئوتتۇرا مەكتەپ. مەدەنىيەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە شۇ كاڭ ئوتتۇرا مەكتىپى دەپ ئۆزگەرتىلگەن. 1971 - يىلى ھازىرقى نامى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن. 1956 — يىلدىن باشلاپ 1 - تۈركۈم تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنى قوبۇل قىلغان. 1974 - يىلى مىللىي، خەنزۇ ئايرىم مەكتەپ قۇرۇپ، خەنزۇ تىلىدا ئوقۇتۇش ئېلىپ بارىدىغان مۇكەممەل ئوتتۇرا مەكتەپ بولغان. 1981 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە نۇقتىلىق ئوتتۇرا مەكتەپ قىلىپ بېكىتىلگەن. ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى $88709m^2$. 1999 - يىلدىكى ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچى سانى 200 نەپەر. ئوقۇتۇش سىنىپى 40، ئوقۇغۇچى سانى 2800 نەپەر.
مەكتەپ ئادرېسى : گۇچۇڭ ناھىيە بازىرى
پوچتا نومۇرى : 831300 . تېلېفون : 7211193 (0994)

## كۇيتۇن شەھەرلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ

1950 - يىلى 3 - ئايدا ئەسلىدىكى جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى 22 - بىڭتۇەن 25 - دېۋىزىيىسى پەرزەنتلەر مەكتىپى ئاساسىدا قۇرۇلغان. مەكتەپ ئورنى ئۈرۈمچى

شەھىرىدە بولۇپ، شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى ئەڭ بالدۇر قۇرغان مەكتەپ. 1950 - يىلى 8 - ئايدا قوشۇن تۇرۇشلۇق ئورۇن ساۋەن ناھىيىسىنىڭ شياۋگوۋي، پاۋتەي بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونىغا كۆچكەن. 1954 - يىلى شىنجاڭ ھەربى رايونى ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى يېزا ئىگىلىك 7 - دىۋىزىيە پەرزەنتلەر مەكتىپى قىلىپ ئۆزگەرتىلگەن. 1957 - يىلى 3 - ئايدا يېزا ئىگىلىك 7 - دىۋىزىيىگە ئەگىشىپ كۈيتۇنگە كۆچۈپ كەلگەن. 1958 - يىلى 9 - ئايدا تولۇقسىز ئوتتۇرا سىنىپى ۋە دېھقانچىلىق سىنىپى ئاچقان. 1961 - يىلى 9 - ئايدا تولۇق ئوتتۇرا سىنىپى ۋە ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچىلىق سىنىپى ئاچقان. 1962 - يىلى يېزا ئىگىلىك 7 - دىۋىزىيە 1 - ئىيۇل ئوتتۇرا مەكتىپى قىلىپ ئۆزگەرتىلگەن. 1965 - يىلى 9 - ئايدا ئوتتۇرا دەرىجىلىك دوختۇر، سېستىرا سىنىپى ئاچقان. مەدەنىيەت ئىنقىلابىدىن كېيىن ئوقۇتقۇچىلىق سىنىپى ۋە سېستىرالار سىنىپىنى توختاتقان. 1975 - يىلى شۆبە باشلانغۇچ مەكتەپ ئوتتۇرا مەكتەپتىن ئايرىلىپ چىقىپ، مەكتەپ تولۇق ئوتتۇرا بولۇپ قۇرۇلغان. شۇ يىلى كۈيتۇن شەھەرلىك مەدەنىيەت مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلىپ، ئىككىنچى يىلى كۈيتۇن شەھەرلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ قىلىپ ئۆزگەرتىلگەن. 1981 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە نۇقتىلىق ئوتتۇرا مەكتەپ قىلىپ بېكىتىلگەن. ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى 110000m² ، ئوقۇتۇش رايونى كۆلىمى 8058m² ، ئوقۇتۇش خەنزۇ تىلىدا ئېلىپ بېرىلىدۇ. مەكتەپ شتاتى 163 نەپەر. 1999 - يىلدىكى رەسمىي ئوقۇتقۇچى 131 نەپەر، ئوقۇتۇش سىنىپى 38، ئوقۇغۇچى سانى 2058 نەپەر.

مەكتەپ ئادرېسى: كۈيتۇن شەھىرى ئىلى يولى 75 - نومۇر.

پوچتا نومۇرى: 833200. تېلېفون: 3222050 (0992)

### تۇرپان ۋىلايەتلىك 2 - ئوتتۇرا مەكتەپ

1952 - يىلى تۇرپان ناھىيىلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ ئاساسىدا قۇرۇلغان. 1956 - يىلى 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ ئۇرۇمچى قارمىقىغا ئۆتكەن ھەم بىر خەنزۇ تولۇقسىز سىنىپىنى كۆپەيتىپ مىللىي، خەنزۇ ئارىلاشقان تولۇقسىز ئوتتۇرا بولۇپ قۇرۇلغان. 1957 - يىلى 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ تۇرپان ناھىيىسىنىڭ قارمىقىغا ئۆتۈپ، يەنە بىر خەنزۇ تولۇق ئوتتۇرا سىنىپى كۆپەيتىپ مىللىي، خەنزۇ ئارىلاش مۇكەممەل ئوتتۇرا مەكتەپ بولۇپ قۇرۇلغان. 1974 - يىلى تۇرپان ناھىيىلىك 1 - ئوتتۇرىنىڭ خەنزۇ تىلى سىنىپى ئايرىلىپ چىقىپ، تۇرپان ناھىيىلىك 2 - ئوتتۇرا قۇرۇلغان. 1971 - يىلى 2 - ئوتتۇرا تۇرپان ۋىلايىتىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتۈپ، تۇرپان ۋىلايەتلىك 2 - ئوتتۇرا مەكتەپ قىلىپ ئۆزگەرتىلگەن. 1986 - يىلى تۇرپان ۋىلايەتلىك 2 - ئوتتۇرا تۇرپان شەھىرىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلىپ، تۇرپان ۋىلايەتلىك 2 - ئوتتۇرا مەكتەپ قىلىپ بېكىتىلگەن. ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى 38000m² ، ئوقۇتۇش رايونى كۆلىمى

11554m² . بۇ مەكتەپ تۇرپان ۋىلايىتىمىزدىكى بىردىنبىر خەنزۇ ، خويزۇ مۇكەممەل ئوتتۇرا مەكتىپى . ئوقۇتۇشتا خەنزۇ تىل قوللىنىلىدۇ . بۇنىڭ ئىچىدە 3 مىللىي قوش تىللىق تەجرىبە سىنىپى بار بولۇپ ، سىياسەت ، ئەدەبىياتنى ئۇيغۇرچە سۆزلىگەندىن باشقا بارلىق پەنلەرنى خەنزۇ تىلىدا سۆزلەيدۇ . 1999 - يىلدىكى ئوقۇتقۇچى ، ئىشچى - خىزمەتچى سانى 86 نەپەر ، ئوقۇتۇش سىنىپى 27 ، ئوقۇغۇچى سانى 1320 نەپەر .

مەكتەپ ئادرېسى : تۇرپان شەھىرى يېڭى شەھەر يولى 2 - نومۇر .

پوچتا نومۇرى : 838000 . تېلېفون : 8522871 (0995)

## تۇرپان ۋىلايەتلىك تەجرىبە ئوتتۇرا مەكتەپ

پۈتۈن كۈنلۈك ئوقۇتۇش تۈزۈمىدىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ . ئوقۇتۇش ئىسلاھاتى تەجرىبىسىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن 1999 - يىلى 4 - ئاينىڭ 12 - كۈنى يېڭىدىن قۇرۇلغان تەجرىبە مەكتەپ . ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى 28791m² ، ئوقۇتۇش رايونى كۆلىمى 4646m² . ئوقۇتۇش سىنىپى 14 . بۇنىڭ ئىچىدە مىللىي تەجرىبە سىنىپى 4 بولۇپ ، قوش تىللىق ئوقۇتۇش تۈزۈمى (ئىنگلىز تىلى ، ئەدىبىيە ، سىياسەت قاتارلىق پەنلەر ئۇيغۇر تىلىدا ، ماتېماتىكا ، فىزىكا ، خىمىيە قاتارلىق پەنلەر خەنزۇ تىلىدا ئۆتۈلىدۇ ) قوللىنىلىدۇ . 1999 - يىلدىكى ئوقۇغۇچى سانى 518 نەپەر . ئوقۇتقۇچى ، ئىشچى - خىزمەتچى سانى 92 نەپەر ، بۇنىڭ ئىچىدىكى رەسمىي ئوقۇتقۇچى 64 .

مەكتەپ ئادرېسى : تۇرپان شەھىرى بېزەكلىك يولى 6 - نومۇر .

پوچتا نومۇرى : 838000 . تېلېفون : 8527705 (0995)

## قۇمۇل ۋىلايەتلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ

قۇمۇل تولۇقسىز پېداگوگىكا مەكتىپى ئاساسىدا 1945 - يىلى قۇمۇل شەھىرىنىڭ جەنۇبىي شەھەر ئەتراپىدا قۇرۇلغان . 1948 - يىلى قومۇل تولۇقسىز پېداگوگىكا مەكتىپى تارقىتىۋېتىلىپ ، قۇمۇل مىللىي پېداگوگىكا مەكتىپى قۇرۇلغان . 1949 - يىلى قۇمۇل تولۇقسىز پېداگوگىكا مەكتىپى دەپ ئۆزگەرتىلگەن . 1955 - يىلى ۋىلايەتلىك 1 - ئوتتۇرا دەپ ئۆزگەرتىلگەن . 1958 - يىلى 9 - ئايدا تولۇق ئوتتۇرا سىنىپى كۆپەيتىپ تەسىس قىلىنغان بولۇپ ، شۇنىڭدىن باشلاپ مۇكەممەل تۈزۈمدىكى مىللىي مەكتەپ بولۇپ قۇرۇلغان . 1962 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق نۇقتىلىق ئوتتۇرا مەكتەپلەر قاتارىغا كىرگەن . ئوقۇتۇشقا ئۇيغۇر تىلى قوللىنىلىدۇ . ئۇنىڭدىن باشقا ھەر بىر يىللىقتا قوش تىللىق تەجرىبە سىنىپى بار . مەكتەپنىڭ ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى 43355m² ، بۇنىڭ ئىچىدە ئوقۇتۇشتا ئىشلىتىلىدىغىنى 14487m² ، ئۇنىڭدىن باشقا 566100m² لىق دېھقانچىلىق مەيدانى بار . مەكتەپ شتاتى 186 . 1996 - يىلدىكى رەسمىي ئوقۇتقۇچى 140 نەپەر . ئوقۇغۇچى سانى 1469 نەپەر .

مەكتەپ ئادرېسى : قۇمۇل شەھەر ئىتتىپاق يولى 29 - نومۇر

پوچتا نومۇرى : 839000 . تېلېفون : 2258074 (0902)

قۇمۇل ۋىلايەتلىك 2 - ئوتتۇرا مەكتەپ

پۇتۇن كونلۇك تۈزۈمدىكى مۇكەممەل ئوتتۇرا مەكتەپ ، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك نۇقتىلىق ئوتتۇرا مەكتەپ ، خەنزۇ تىلىدا دەرس ئۆتۈلىدۇ . 1945 - يىلى 10 - ئايدا قۇرۇلغان ، ئەينى ۋاقىتتا شىنجاڭ ئۆلكىلىك قۇمۇل تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتىپى دەپ ئاتالغان . 1955 - يىلى قۇمۇل ۋىلايەتلىك 2 - ئوتتۇرا مەكتەپ دەپ ئۆزگەرتىلگەن . 1977 - يىلى قۇمۇل شەھەرلىك تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ قىلىپ ئۆزگەرتىلگەن . 1994 - يىلى قۇمۇل شەھەرلىك 2 - ئوتتۇرا دەپ ئۆزگەرتىلگەن . 1995 - يىلى ھازىرقى نامى بېكىتىلگەن . ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى $60000m^2$ ، قۇرۇلۇش كۆلىمى $20000m^2$ . 1999 - يىلدىكى ئوقۇغۇچى سانى 1600 نەپەر ، رەسمىي ئوقۇتقۇچى سانى 128 نەپەر .

مەكتەپ ئادرېسى : قۇمۇل شەھىرى ۋەتەننى سۆيۈش جەنۇبىي يولى .

پوچتا نومۇرى : 839000 . تېلېفون : 2258624 (0902)

قۇمۇل شەھەرلىك 4 - ئوتتۇرا مەكتەپ

1959 - يىلى قۇرۇلغان ئاپتونوم رايونىمىزدىكى نۇقتىلىق ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ بىرى . 1999 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ھازىرقى زامان مائارىپ تېخنىكىسى تەجرىبە مەكتىپى قىلىپ بېكىتىلىپ ، «ئاپتونوم رايونلۇق دېموكراتىك باشقۇرۇشتىكى ئىلغار ئورۇن» دېگەن شەرەپلىك نامغا ئېرىشكەن . 1999 - يىلدىكى ئوقۇتقۇچى ، ئىشچى - خىزمەتچى سانى 64 نەپەر . ئوقۇتۇش سىنىپى 20 . ئوقۇغۇچى سانى 1100 نەپەر .

مەكتەپ ئادرېسى : قۇمۇل شەھىرى مەدەنىيەت يولى

پوچتا نومۇرى : 839000 . تېلېفون : 2232763 (0902)

ئاقسۇ ۋىلايەتلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ

1944 - يىلى 4 - ئايدا ئاقسۇ شەھەر جەنۇبىي چوڭ كوچا شەرقى تەرەپ 26 - نومۇرلۇق قورۇدا قۇرۇلغان . ئەسلى نامى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ئاقسۇ سانائەت مەكتىپى ، ئەينى ۋاقىتتا 2 يىللىق ئوقۇتۇش تۈزۈمى قوللىنىلغان . 1956 - يىلى 10 - ئايدا مەكتەپنى ھۆكۈمەت بىۋاسىتە باشقۇرۇپ ، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ئاقسۇ تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتىپى دەپ ئۆزگەرتىپ ، 3 يىللىق ئوقۇش تۈزۈمىنى قوللانغان . 1952 - يىلدىن باشلاپ قىز ئوقۇغۇچىلارنى قوبۇل قىلىشقا باشلىغان . 1954 - يىلى مائارىپ نازارىتى بىر تۇتاش بېسىپ تارقاتقان «مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتۇش پىلانى ۋە ئوقۇتۇش پروگراممىسى» نى قوللانغان . 1956 - يىلى 9 - ئايدا تۇنجى قېتىم تولۇق ئوتتۇرىنى تەسىس قىلغان . شۇنىڭدىن ئېتىبارەن مۇكەممەل ئوتتۇرا مەكتەپ بولۇپ قالغان . 1966 - يىلى باشلانغان مەدەنىيەت ئىنقىلابى مەكتەپنى پالەچ ھالەتكە كەلتۈرۈپ قويغان . 1972

- يىلى مەكتەپ نامى ئاقسۇ ۋىلايەتلىك مىللىي خەنزۇ 1 - ئوتتۇرا مەكتەپكە قىلىپ ئۆزگەرتىلگەن. 1980 - يىلى 9 - ئايدا ئاقسۇ ۋىلايەتلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ دەپ بېكىتىلگەن. 1983 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتى، ئىتتىپاق كومىتېتى، ئورمانچىلىق نازارىتى قاتارلىق ئورۇنلار تەرىپىدىن «تەجرىبە ئوقۇتۇشىدىكى ئىلغار ئورۇن» دەپ باھالانغان. 1987 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتى ۋە مىللىي ئىشلار كومىتېتى تەرىپىدىن «خەنزۇ تىلى ئوقۇتۇشىدىكى ئىلغار ئورۇن» دەپ باھالانغان. 1992 - يىلى مەملىكەتلىك مائارىپ كومىتېتى تەرىپىدىن مىللىي مائارىپتىكى ئىلغار ئورۇن، 1993 — يىلى ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتى تەرىپىدىن «تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ، ئىقتىسادچانلىق بىلەن باشقۇرۇشتىكى ئىلغار ئورۇن» دەپ باھالانغان. مەكتەپنىڭ قۇرۇلۇش كۆلىمى 25148m² ، ئۇنىڭدىن باشقا 266400m² لىق باغۋەنچىلىك مەيدانى بار. 1999 - يىلدىكى ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچى سانى 96 نەپەر، ئوقۇتۇش سىنىپى 42 ، ئوقۇغۇچى سانى 2418 نەپەر.

مەكتەپ ئادرېسى: ئاقسۇ شەھىرى جەنۇبىي چوڭ كوچا شەرقى تەرەپ 28 - قورۇ.

پوچتا نومۇرى: 843000. تېلېفون: 2163815 (1997)

## ئاقسۇ ۋىلايەتلىك 2 - ئوتتۇرا مەكتەپ

پۈتۈن كۆنلۈك ئوقۇتۇش تۈزۈمىدىكى مۇكەممەل مەكتەپ، ئاپتونوم رايون بويىچە نۇقتىلىق ئوتتۇرا مەكتەپ. 1959 - يىلى قۇرۇلغان، ئەسلى نامى ئاقسۇ ناھىيىلىك خويزۇ ئوتتۇرا مەكتىپى، 1960 - يىلى ئاقسۇ ناھىيىلىك 2 - ئوتتۇرا مەكتەپ قىلىپ ئۆزگەرتىلگەن. 1980 - يىلى ئاقسۇ ۋىلايەتلىك 1 - ئوتتۇرىنىڭ خەنزۇ تىلى بۆلۈمى بىلەن بىرلىشىپ، رەسمىي ھالدا ئاقسۇ ۋىلايەتلىك 2 - ئوتتۇرا مەكتەپ بولۇپ قۇرۇلغان، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك مائارىپ كومىتېتىغا تەۋە، ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى 40000m² ، بۇنىڭ ئىچىدە ئوقۇتۇشقا ئىشلىتىلىدىغىنى 19597m² . ئوقۇتۇش خەنزۇ تىلىدا ئېلىپ بېرىلىدۇ. مەكتەپتىكى شتاتى 114. 1999 - يىلدىكى رەسمىي ئوقۇتقۇچى 119 نەپەر. ئوقۇغۇچى سانى 2300 نەپەر.

مەكتەپ ئادرېسى: ئاقسۇ شەھىرى ساغلاملىق يولى 8 - نولمۇر.

پوچتا نومۇرى: 843000. تېلېفون: 2123195 (0997)

## بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق موڭغۇل تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ

ياتاقتا يېتىش تۈزۈمىدىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ بولۇپ، موڭغۇل تىل يېزىقىدا ئوقۇتۇش ئېلىپ بېرىلىدۇ. 1983 - يىلى 9 - ئايدا قۇرۇلغان. ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى 70596m² ، قۇرۇلۇش كۆلىمى 14050m² . 1999 - يىلدىكى ئوقۇغۇچى سانى 700 نەپەردىن ئارتۇق، ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچى سانى 105 نەپەر، رەسمىي ئوقۇتقۇچى 176 نەپەر. مەكتەپ قۇرۇلغان 15 يىلدىن بۇيان 3622 نەپەر ئوقۇغۇچىنى تەربىيىلەپ

چىققان .

مەكتەپ ئادرېسى : خېجىڭ ناھىيىسى شەرقى كەيزې يولى 24 - نومۇر .

پوچتا نومۇرى : 841000 تېلېفون : 5022577 (0996)

## بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ

پۈتۈن كۈنلۈك تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ بولۇپ ، خەنزۇ ، موڭغۇل تىلىدا ئوقۇتۇش ئېلىپ بارىدۇ . 1953 - يىلى 9 - ئايدا كورلا شەھىرى بوستان يولىدا قۇرۇلغان . ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى 59940m² . ئوقۇتۇشقا ئىشلىتىلىدىغىنى 11655m² . كورلا ۋىلايىتى پېداگوگىكا مەكتىپى ئاساسىدا قۇرۇلغان . 1961 - يىلى بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ قىلىپ ئۆزگەرتىلگەن . ئاپتونوم رايون بويىچە «ئاز سانلىق مىللەت ئوتتۇرا ، باشلانغۇچ مەكتەپ بويىچە خەنزۇ تىلى ئوقۇتۇشتىكى ئىلغار كوللېكتىپ» بولۇپ باھالانغان . «ھازىرقى زامان مائارىپ تېخنىكىسى تەجرىبە مەكتىپى» قىلىپ بېكىتىلگەن . 1999 - يىلىدىكى رەسمىي ئوقۇتقۇچى سانى 107 نەپەر . ئوقۇغۇچى 2195 نەپەر .

مەكتەپ ئادرېسى : كورلا شەھىرى جەنۇبىي ئىتتىپاق يولى .

پوچتا نومۇرى : 841000 . تېلېفون : 2046248 (0996)

## بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق 2 - ئوتتۇرا مەكتەپ

ئاپتونوم رايون بويىچە نۇقتىلىق ، خەنزۇ تىلىدا ئوقۇتۇش ئېلىپ بارىدىغان مۇكەممەل ئوتتۇرا مەكتەپ . 1959 - يىلى 8 - ئاينىڭ 25 - كۈنى كورلا شەھىرى شەرقى بايىن يولىدا قۇرۇلغان ، ئەسلى نامى كورلا ۋىلايەتلىك 2 - ئوتتۇرا مەكتەپ . 1960 - يىلى بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق 2 - ئوتتۇرا مەكتەپ قىلىپ ئۆزگەرتىلگەن . 1980 - يىلى كورلا شەھەرلىك 2 - ئوتتۇرا مەكتەپ قىلىپ ئۆزگەرتىلگەن . 1984 - يىلى ھازىرقى نامى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن . ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى 45288m² ، قۇرۇلۇش كۆلىمى 7300m² . 1999 - يىلىدىكى ئوقۇغۇچى سانى 2011 نەپەر . مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 111 نەپەر .

مەكتەپ ئادرېسى : كورلا شەھىرى

پوچتا نومۇرى : 841000 . تېلېفون : 2036247 (0996)

## قاراشەھەر خۇيزۇ ئاپتونوم ناھىيىلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ

قاراشەھەر ناھىيە بازىرىغا جايلاشقان . پۈتۈن كۈنلۈك ئوقۇتۇش تۈزۈمىدىكى مۇكەممەل بولغان ، خەنزۇ تىلىدا ئوقۇتۇش ئېلىپ بارىدىغان مەكتەپ . 1938 - يىلى 9 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ قۇرۇلغان . ئەينى ۋاقىتتىكى نامى شىنجاڭ قاراشەھەر باشلانغۇچ پېداگوگىكا مەكتىپى . 1953 - يىلى شىنجاڭ ئۆلكىلىك قاراشەھەر تولۇقسىز

ئوتتۇرا مەكتىپى قىلىپ ئۆزگەرتىلگەن . 1958 - يىلدىن باشلاپ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ سىنىپلىرىغا ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىشقا باشلاپ ، مۇكەممەل مەكتەپ بولغان . 1960 - يىلى بايىنغولىن موڭغۇل ، ئاپتونوم ئوبلاستلىق 3 - ئوتتۇرا قىلىپ ئۆزگەرتىلگەن . 1966 - يىلى قاراشەھەر ئوتتۇرا مەكتىپى قىلىپ ئۆزگەرتىلگەن . 1978 - يىلدىن باشلاپ ھازىرقى نامى قوللىنىلغان . مەكتەپنىڭ ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى 48425m² ، قۇرۇلۇش كۆلىمى 11385m² . 1991 - يىلى «مەملىكەتلىك تەنتەربىيەدىكى ئىلغار مەكتەپ» دېگەن شەرەپلىك نامغا ئېرىشكەن . 1992 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە «40 يىللىق كوللېكتىپ خىزمەت بويىچە ئىلغار مەكتەپ» دېگەن نامغا ئېرىشكەن . 1999 - يىلى ئوقۇغۇچى سانى 1330 نەپەر ، رەسمىي ئوقۇتقۇچى سانى 77 نەپەر .

مەكتەپ ئادرېسى : قاراشەھەر ناھىيە بازىرى .

پوچتا نومۇرى : 841100 . 6022248 (0996)

## بۆرتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق موڭغۇل تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ

پۈتۈن كونلۇك تۈزۈمدىكى موڭغۇل تولۇق ئوتتۇرا مەكتىپى ، مەملىكەت بويىچە سەككىز ئۆلكە شەھەر بويىچە موڭغۇل تىلى ھەمكارلىق رايونىنىڭ نۇقتىلىق ئوتتۇرا مەكتىپى . 1957 - يىلى قۇرۇلغان . ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى 36602m² ، ئەسلى نامى بورتالا موڭغۇل ئوبلاستلىق 2 - ئوتتۇرا مەكتەپ . 1960 - يىلى موڭغۇل خەنزۇ ئارىلاش مەكتەپ بولۇپ قۇرۇلغان . 1988 - يىلى 9 - ئايدىن باشلاپ «قوش تىللىق تەجرىبە سىنىپى» ئېچىپ ، ھازىرغا قەدەر 9 قاراردا 508 نەپەر ئوقۇغۇچى ئوقۇش پۈتتۈرگەن . 1999 - يىلدىكى ئوقۇتقۇچى سانى 450 نەپەر . مەخسۇس ئوقۇغۇچى 68 نەپەر .

مەكتەپ ئادرېسى : بورتالا شەھىرى مەدەنىيەت يولى 16 - نومۇر .

پوچتا نومۇرى : 833400 . تېلېفون : 2312230 (0909)

## قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستلىق 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ

ئاپتونوم رايون بويىچە نۇقتىلىق ئوتتۇرا مەكتەپ . 1953 - يىلى 9 - ئايدا ئاتۇش شەھىرىدە قۇرۇلغان . جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئەڭ بالدۇر قۇرۇلغان مۇكەممەل ئوتتۇرا مەكتەپ . ئاتۇش ناھىيىلىك ئوتتۇرا مەكتەپ ئاساسىدا 1954 - يىلى قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستلىق 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ قىلىپ ئۆزگەرتىلىپ ، ئوبلاست قارىمىقىدىكى ناھىيە ، دېھقانچىلىق مەيدانىدىن ئۇيغۇر ، قىرغىز ئوقۇغۇچىلارنى قوبۇل قىلغان . 1962 - يىلى قىزىلسۇ ئوبلاستلىق 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ بىلەن قىزىلسۇ پېداگوگىكا مەكتىپى بىرلىشىپ ، ئوتتۇرا مەكتەپنى ئاساس قىلغان پېداگوگىكا سىنىپىنى قۇرۇپ ئۇيغۇر ، قىرغىز ئوقۇتقۇچىلىرىنى يېتىشتۈرگەن . 1969 - يىلى قىزىلسۇ ئوبلاستلىق 1 - ئوتتۇرا قىسقارتىلغان . 1972 - يىلدىن 1974 - يىلغىچە خەنزۇ ئوتتۇرا مەكتەپ بىلەن بىرلىشىپ ، مىللىي ، خەنزۇ ئارىلاش مەكتەپ بولۇپ قۇرۇلۇپ ، قىزىل بايراق ئوتتۇرا

مەكتىپى دەپ نام قويغان . 1980 - يىلى پېداگوگىكا مەكتەپ ، قىرغىز ئوتتۇرا مەكتەپ ، خەنزۇ ئوتتۇرا مەكتەپكە ئايرىلىپ ، ئۇيغۇر تىلىدا ئوقۇتۇش ئېلىپ بارىدىغان مۇكەممەل ئوتتۇرا بولۇپ قۇرۇلغان . ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى $84709m^2$ ، ئوقۇتۇش رايونى كۆلىمى $5639m^2$ . مەكتەپ شتاتى 173 نەپەر . 1999 - يىلدىكى رەسمىي ئوقۇتقۇچى سانى 132 نەپەر . ئوقۇغۇچى سانى 1398 نەپەر .

مەكتەپ ئادرېسى : ئاتۇش شەھىرى .

پوچتا نومۇرى : 845350 . تېلېفون : 4223802 (0908)

## قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستلىق 3 - ئوتتۇرا مەكتەپ

ئاتۇش شەھىرىگە جايلاشقان ، پۈتۈن كۆنلۈك تۈزۈمدىكى قىرغىز تىلىدا ئوقۇتۇش ئېلىپ بارىدىغان ، ياتاقتا يېتىش تۈزۈمىدىكى مۇكەممەل ئوتتۇرا مەكتەپ بولۇپ ، ئەسلىدىكى قىرغىز ئوتتۇرا مەكتىپى ئاساسىدا قۇرۇلغان . 1959 - يىلى قىرغىز پېداگوگىكا مەكتىپىگە ئۆزگەرتىلگەن . 1962 - يىلى قىرغىز پېداگوگىكا مەكتىپى بىلەن قىزىلسۇ ئوبلاستلىق 1 - ئوتتۇرا بىرلىشىپ ، قىرغىز پېداگوگىكا مەكتىپى دەپ ئاتالغان . 1980 - يىلى 9 - ئايدىن باشلاپ هازىرقى نامى بېكىتىلگەن . ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى $51948m^2$ . ئوقۇتۇش رايونى كۆلىمى $9678m^2$ . 1996 - يىلى 9 - ئايدا ئاپتونوم رايون بويىچە هازىرقى زامان مائارىپ تېخنىكىسى تەجرىبە مەكتىپى بولۇپ تەستىقلانغان . 1999 - يىلدىكى ئوقۇغۇچى سانى 760 نەپەر ، رەسمىي ئوقۇتقۇچى سانى 54 نەپەر .

مەكتەپ ئادرېسى : ئاتۇش شەھىرى .

پوچتا نومۇرى 845350 تېلېفون : 4222846 (0908)

## قەشقەر ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ

ئەسلى نامى قەشقەر ۋىلايەتلىك تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ . 1956 - يىلى قەشقەر شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولىدا قۇرۇلغان . 1961 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە نۇقتىلىق ئوتتۇرا مەكتەپ قىلىپ بېكىتىلگەن . 1983 - يىلى قەشقەر ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر تولۇق ئوتتۇرا مەكتىپى قىلىپ ئۆزگەرتىلگەن . ئىتتىپاق مەركىزىي كومىتېتى ، مائارىپ مىنىستىرلىقى قاتارلىق ئورۇنلار تەرىپىدىن ئىختىساسلىقلارنى تەربىيىلەشتىكى ئىلغار مەكتەپ بولۇپ باھالانغان . 1981 - يىلى ۋىلايەتلىك پۇتبول جەھەتتە نۇقتىلىق مەكتەپ قىلىپ بېكىتىلگەن . 1982 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە پەننى ئومۇملاشتۇرۇشتىكى ئىلغار ئورۇن بولۇپ باھالانغان . 1988 - يىلى كوللېكتىپ تەنتەربىيە تۈرىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ ، 1993 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە پەننى سۆيۈش پائالىيىتىدىكى ئىلغار ئورۇن ، بەشنى تەكىتلەش ، تۆتتە گۈزەل بولۇشتا ئىلغار كوللېكتىپ بولۇپ باھالانغان . ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى $83280m^2$ ، بۇنىڭ ئىچىدە ئوقۇتۇشقا ئىشلىتىلىدىغىنى $96583m^2$ . بىر پارچە $39960m^2$لىق پىراكتىكا دېھقانچىلىق مەيدانى بار . مەكتەپ شتاتى

166 ، 1999 ـ يىلدىكى رەسمىي ئوقۇتقۇچى سانى 15 نەپەر . ئوقۇتۇش سىنىپى 36 ، ئوقۇغۇچى 1778 نەپەر .

مەكتەپ ئادرېسى : قەشقەر شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 549 ـ نومۇر .

پوچتا نومۇرى : 844000 . تېلېفون : 2522307 (0998)

### قەشقەر شەھەرلىك 2 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ

خەنزۇ تىلىدا ئوقۇتۇش ئېلىپ بارىدىغان كۆپ مىللەتلىك مەكتەپ بولۇپ ، 1956 ـ يىلى قۇرۇلغان . قەشقەر شەھىرى مەدەنىيەت يولى 186 ـ نومۇرغا جايلاشقان ، جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدا قۇرۇلغان تۇنجى مۇكەممەل ئوتتۇرا مەكتەپ . 1980 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە نۇقتىلىق ئوتتۇرا مەكتەپ قىلىپ بېكىتىلگەن . ۋىلايەتلىك مائارىپ كومىتېتىغا بىۋاستە قارايدىغان ناھىيە دەرىجىلىك ئورۇن . مەكتەپ قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىللەردە جەنۇبىي شىنجاڭدىكى بەش ئوبلاستقا يۈزلىنىپ ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلغان . 1962 ـ يىلى قەشقەر ۋە قىزىلسۇ ئوبلاستىدىن ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىشقا يۈزلەنگەن . 1968 ـ يىلدىن كېيىن قەشقەر شەھىرىگە يۈزلىنىپ ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلغان . 1999 ـ يىلدىن كېيىن قەشقەرنىڭ ھەر قايسى رايونلىرىدىن ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىشقا يۈزلەنگەن . ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى 55278m² ، قۇرۇلۇش كۆلىمى 30000m² . 1999 ـ يىلدىكى ئوقۇتقۇچى ، ئىشچى ، خىزمەتچى سانى 160 نەپەر ، ئوقۇتۇش سىنىپى 35 ، ئوقۇغۇچى سانى 2126 نەپەر .

مەكتەپ ئادرېسى : قەشقەر شەھىرى .

پوچتا نومۇرى : 844000 . تېلېفون : 2833020 (0998)

### قەشقەر ۋىلايەتلىك 6 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ

قەشقەر ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپكە قارالسۇن .

### يەكەن ناھىيىلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ

1953 ـ يىلى قۇرۇلغان ، يەكەن ۋىلايىتىگە بىۋاستە قارايدىغان مەكتەپ بولۇپ ، مەكتەپنىڭ نامى يەكەن ئوتتۇرا مەكتىپى دەپ ئاتالغان . بۇ مەكتەپ يەنە قاغىلىق ناھىيىسىدە 4 سىنىپلىق شۆبە مەكتەپ قۇرغان . 1956 ـ يىلى يەكەن ۋىلايىتى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ ، بۇ مەكتەپ يەنە يەكەن 1 ـ ئوتتۇرا مەكتىپى قىلىپ ئۆزگەرتىلگەن ، يەكەن ناھىيىسىگە تەۋە . 1966 ـ يىلى مەدەنىيەت ئىنقىلابى سەۋەبىدىن مەكتەپ خىزمىتى قالايمىقانلىشىپ كەتكەن ھەتتا دەرس توختاپ سىنىپىي كۈرەش ئېلىپ بېرىلغان . 1981 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە نۇقتىلىق ئوتتۇرا مەكتەپ قىلىپ بېكىتىلگەن . 1986 ـ يىلى يەكەن ناھىيىلىك مىللىي تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ قىلىپ ئۆزگەرتىلىپ ، تولۇقسىز سىنىپقا ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىشنى توختاتقان . 1999 ـ يىلى 8 ـ ئايدا يەكەن ناھىيىلىك

1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ قىلىپ ئۆزگەرتىلگەن . ئوقۇتۇشتا ئۇيغۇر تىلى قوللىنىلىدۇ . بۇ مەكتەپ يەكەن ناھىيىسىدىكى بىردىنبىر پۈتۈن كۈنلۈك تۇرۇمدىكى ئۇيغۇر تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ بولۇپ ھېسابلىنىدۇ . 1999 ـ يىلدىكى رەسمىي ئوقۇتقۇچى سانى 129 نەپەر ، ئوقۇتۇش سىنىپى 36 ، ئوقۇغۇچى سانى 1760 نەپەر .

مەكتەپ ئادرېسى : قەشقەر يەكەن ناھىيە بازىرى .

پوچتا نومۇرى : 844700 . تېلېفون نومۇرى : 8518494 (0998)

## تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ

تاجىك ئوقۇغۇچىلارنى ئاساس قىلغان ، ئۇيغۇر تىلىدا دەرس ئۆتۈلىدىغان مۇكەممەل ئوتتۇرا مەكتەپ . 1942 ـ يىلى باشلانغۇچ مەكتەپ ئاساسىدا قۇرۇلغان . 1959 ـ يىلى 9 ـ ئايدا 3 تولۇقسىز ئوتتۇرا سىنىپى تەسىس قىلىنغان . 1972 ـ يىلى تولۇق ئوتتۇرا سىنىپى ئېچىلغان . شۇنىڭدىن ئېتىبارەن بۇ مەكتەپ باشلانغۇچ ، تولۇقسىز ، تولۇق ئوتتۇرىدىن تەركىب تاپقان مۇكەممەل مەكتەپ بولغان . 1981 ـ يىلى باشلانغۇچ ئايرىلىپ چىققان ، مۇكەممەل ئوتتۇرا مەكتەپ بولۇپ قۇرۇلغاندىن كېيىن ھازىرقى نامىنى ئىشلەتكەن . مەكتەپنىڭ ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى 31968m² . ئوقۇتۇش رايونى كۆلىمى 9767m² . 1999 ـ يىلدىكى ئوقۇغۇچى سانى 1016 نەپەر ، رەسمىي ئوقۇتقۇچى سانى 72 نەپەر .

مەكتەپ ئادرېسى : تاشقورغان ناھىيە بازىرى

پوچتا نومۇرى 845250 . تېلېفون : نومۇرى : 3421056 (0998)

## ئىلى ۋىلايەتلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ

پۈتۈن كۈنلۈك تۇرۇمدىكى مۇكەممەل ئوتتۇرا مەكتەپ ، شۇنداقلا ئاپتونوم رايون بويىچە نۇقتىلىق ئوتتۇرا مەكتەپ بولۇپ ، قازاق تىلىدا دەرس ئۆتۈلىدۇ . 1937 ـ يىلى قۇرۇلغان . ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى 27639m² . قۇرۇلۇش كۆلىمى 3996m² . يېقىنقى يىللاردىن بۇيان مەملىكەتلىك ، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ھەر خىل شەرەپ مۇكاپاتلىرىغا ئېرىشكەن ، ئوقۇتقۇچىلار سانى 18 نەپەر . 1999 ـ يىلدىكى ئوقۇغۇچى سانى 1500 نەپەر . رەسمىي ئوقۇتقۇچى 82 نەپەر .

مەكتەپ ئادرېسى : غۇلجا شەھىرى ستالىن يولى 5 ـ كوچا 1 ـ نومۇر .

پوچتا نومۇرى : 835000 . تېلېفون : 8021976 (0999)

## غۇلجا شەھەرلىك 7 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ

ئۇيغۇر تىلىدا دەرس ئۆتۈلىدىغان مۇكەممەل ئوتتۇرا مەكتەپ . شۇنداقلا ئاپتونوم رايون بويىچە نۇقتىلىق ئوتتۇرا مەكتەپ . 1950 ـ يىلى قۇرۇلغان . ئەينى ۋاقىتتا ستالىن مەكتىپى دەپ ئاتالغان . 1963 ـ يىلدىن باشلاپ ھازىرقى نامى قوللىنىلغان . 1969

- يىلدىن 1977 - يىلغىچە مىللىي ، خەنزۇلار ئارىلاش مەكتەپ بولغان ، ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى 28638m² . قۇرۇلۇش كۆلىمى 4146m² . 1999 - يىلدىكى ئوقۇغۇچى سانى 1447 نەپەر . ئوقۇتقۇچى ، ئىشچى - خىزمەتچى سانى 119 نەپەر .

ئادرېسى : غۇلجا شەھىرى .

پوچتا نومۇرى : 835000 . تېلېفون : 8023377 (0999)

## غۇلجا شەھەرلىك 8 - ئوتتۇرا مەكتەپ

پۈتۈن كۈنلۈك تۈزۈمدىكى خەنزۇ تىلدا ئوقۇتۇش ئېلىپ بارىدىغان مۇكەممەل ئوتتۇرا مەكتەپ ، 1934 - يىلى ئىلى ئوتتۇرا مەكتىپى ئاساسىدا قۇرۇلغان . 1950 - يىلى ئەخمەتجان مەخسۇس كۇرس مەكتىپى دەپ ئاتالغان . 1958 - يىلى 12 - ئايدا غۇلجا 2 - دارىلمۇئەللىمىن دەپ ئاتالغان . 1966 - يىلدىن باشلاپ ھازىرقى نامى قوللىنىلغان . 1999 - يىلى 4 - ئايدا ئاپتونوم رايون تەرىپىدىن تۇنجى تۈركۈمدىكى ھازىرقى زامان مائارىپ تېخنىكىسى تەجرىبە مەكتەپلىرىنىڭ بىرى قىلىپ بېكىتىلگەن . مەكتەپنىڭ ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى 48200m² . 1999 - يىلدىكى ئوقۇغۇچى سانى 2000 نەپەر ، رەسمىي ئوقۇتقۇچى 102 نەپەر .

مەكتەپ ئادرېسى : غۇلجا شەھىرى بېڭخى يولى 1 - نومۇر .

پوچتا نومۇرى : 835000 . تېلېفون : 8025417 (0999)

## چاپچال شىبە ئاپتونوم ناھىيىلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ

مەملىكەت بويىچە بىردىنبىر شىبە ئوقۇغۇچىلارنى ئاساس قىلغان ، شىبە ، خەنزۇ تىلىدا ئوقۇتۇش بىر گەۋدە قىلىنغان پۈتۈن كۈنلۈك تۈزۈمدىكى ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ . 1948 - يىلدىن باشلاپ قۇرۇلغان . ئەينى ۋاقىتتا غۇلجا شەھىرىگە جايلاشقاندىن كېيىن 1949 - يىلى چاپچال ناھىيە بازىرىغا كۆچۈرۈلگەن . ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى 160000m² . قۇرۇلۇش كۆلىمى 7709m² . يېقىنقى يىللاردا ئوقۇغۇچىلار ھەر خىل پەنلەردىكى مۇسابىقىلەرگە قاتنىشىپ 27 نەپەر ئوقۇغۇچى مۇكاپاتقا ئېرىشكەن . 1988 - يىلى «مائارىپ ئىلمى» ژۇرنىلى تۈزگەن «جۇڭگودىكى داڭلىق ئوتتۇرا مەكتەپلەر توپلىمىغا» كىرگۈزۈلگەن . 1996 - يىلى «مەملىكەتلىك ئېلېكترلەشكەن مائارىپتىكى سىناق مەكتەپ» ، «مەملىكەتلىك تەنتەربىيىدە ئىلغار مەكتەپ» بولۇپ باھالانغان . 1999 - يىلدىكى ئوقۇغۇچى سانى 1100 نەپەر ، ئوقۇتقۇچى ، ئىشچى - خىزمەتچىسى 123 نەپەر .

مەكتەپ ئادرېسى : چاپچال ناھىيە بازىرى خۇالوگەي شەرقى كوچىسى .

پوچتا نومۇرى : 835300 . تېلېفون : 3622564 (0999)

## غۇلجا شەھەرلىك رۇس مەكتەپ

مەملىكەت بويىچە رۇس تىلىدا دەرس ئۆتۈلىدىغان بىردىنبىر 9 يىللىق مەجبۇرىيەت

مائارىپى مەكتىپى. 1985 - يىلى قۇرۇلغان. ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى 3850$m^2$. ئوقۇتۇشقا ئىشلىتىلىدىغان يەر كۆلىمى 1200$m^2$. 1996 - يىلدىن باشلاپ بۇرۇنقى چەت ئەللەرنىڭ ئوقۇتۇش تۈزۈلمە ۋە دەرسلىك ماتېرىياللىرىنى ئىشلىتىشنى ئۆزگەرتىپ روس ۋە خەنزۇ تىلى قوش تىللىق سىنىپلىرىغا ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىشنى باشلىغان. ھەم شۇنىڭغا مۇۋاپىق ھەر خىل ماتېرىياللارنى تۈزۈپ تارقاتقان. 1999 - يىلدىكى ئوقۇغۇچى سانى 127 نەپەر. رەسمىي ئوقۇتقۇچى 19 نەپەر.

مەكتەپ ئادرېسى: غۇلجا شەھىرى باغچا يولى 46 - نومۇر.

پوچتا نومۇرى: 835000. تېلېفون: 8124540 (0999)

## تارباغاتاي ۋىلايەتلىك 2 - ئوتتۇرا مەكتەپ

تارباغاتاي ۋىلايىتىدىكى بىردىنبىر ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك نۇقتىلىق ئوتتۇرا مەكتەپ. 1939 - يىلى 9 - ئايدا قۇرۇلغان. ئەينى ۋاقىتتا شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى بىۋاستە باشقۇرغان ھەم شىنجاڭ ئۆلكىلىك چۆچەك ئوتتۇرا مەكتىپى دەپ نام بېرىلگەن. (يەنى چۆچەك گىمنازىيىسى دەپمۇ ئاتىلىدۇ). 20 - ئەسىرنىڭ 30 - 40 — يىللىرىدا ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ تاشكەنت، ئالما-ئاتا قاتارلىق ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەر قايسى شەھەرلەردىكى ئالىي مەكتەپلەرنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلاردىن ئۆزبېك، تاتار، قازاق، ئۇيغۇر، خەنزۇ قاتارلىق مىللەتنىڭ زىيالىلىرى چۆچەك ئوتتۇرا مەكتىپىدە ئوقۇتۇش بىلەن شۇغۇللانغان. مەكتەپتىكى بارلىق ئوقۇتۇش ماتېرىياللىرى ئەينى ۋاقىتتىكى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوقۇتۇش كىتابلىرى بولۇپ، 5 يىللىق تۈزۈم قوللانغان. مەكتەپتە سىنىپ ئۆرلەش، سىنىپ قالدۇرۇش تۈزۈملىرى ئورنىتىلغان. ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرۈش، دىپلوم ئېلىش رەسمىيىتى ئىنتايىن قاتتىق. مەكتەپ قۇرۇلۇپ 1 - يىلى قازاق، ئۇيغۇر، خەنزۇ ۋە روس، تاتار سىنىپى تەسىس قىلىنغان. ئوقۇتۇش مەزمۇنىدا ئادەتتىكى دەرسلىكلەردىن باشقا يەنە روس تىلى، ئىنگلىز تىلى، قول ھۈنەرۋەنچىلىك، مائارىپ ئىلمىي، دىنىي بىلىم قاتارلىق دەرسلىكلەر بار ئىدى. 1950 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا دىنىي بىلىم دەرسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ئۇنىڭ ئورنىغا خەنزۇ تىلى ئېچىلغان. 1952 - يىلى شىنجاڭ ئۆلكىلىك چۆچەك ئوتتۇرا مەكتەپ قىلىپ ئۆزگەرتىلگەن. 1972 - يىلى چۆچەك ۋىلايەتلىك 2 - ئوتتۇرا مەكتەپ قىلىپ ئۆزگەرتىلدى. 1945 - يىلدىن 1966 - يىلغىچە بۇ مەكتەپ مىللىي، خەنزۇ ئارىلاش مەكتەپ بولدى. 1939 - يىلدىن 1945 - يىلغىچە مىللىي ئوتتورا مەكتەپ بولدى. 1966 - يىلدىن 1982 - يىلغىچە قازاق، ئۇيغۇر، خەنزۇ تىلىدا دەرس بېرىلدى. 1982 - يىلدىن ھازىرغا قەدەر قازاق، ئۇيغۇر تىلىدا دەرس بېرىلىۋاتىدۇ. بۇ مەكتەپ ئادەتتىكى سىنىپلارنى تەسىس قىلغاندىن سىرت، يەنە ئوخشاش بولمىغان مەزگىللەردە پېداگوگىكا سىنىپى، بوغالتىرلىق سىنىپى، مال دوختۇرلۇق سىنىپى، سىستېرالىق سىنىپى، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى سىنىپى قاتارلىق ھەر خىل كەسپىي تېخنىكا سىنىپى تەسىس

قىلغان . بۇ مەكتەپ ئەڭ دەسلەپتە ئوغۇللار مەكتىپى ئىدى . 20 - ئەسىرنىڭ 60 - يىللىرىدىن باشلاپ قىز - ئوغۇللار ئارىلاش مەكتەپكە ئايلانغان . ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى 34000m² . بۇنىڭ ئىچىدە ئوقۇتۇش رايونى كۆلىمى 4106m² . مەكتەپ شتاتى 194 . 1999 - يىلدىكى رەسمىي ئوقۇتقۇچى ، 174 نەپەر ، ئوقۇغۇچى سانى 1450 نەپەر .

مەكتەپ ئادرېسى : چۆچەك شەھىرى نۇرلۇق يولى 126 - نومۇر .

پوچتا نومۇرى : 834700 . تېلېفون : 6222698 (0901)

## تارباغاتاي شەھەرلىك 3 - ئوتتۇرا مەكتەپ

ئەسلى نامى تارباغاتاي ۋىلايەتلىك 3 - ئوتتۇرا مەكتەپ . 1957 - يىلى 9 - ئايدا ئەسلىدىكى چۆچەك ۋىلايەتلىك 2 - ئوتتۇرىدىن بۆلۈنۈپ چىقىپ ھازىرقى ئورنىغا كۆچكەن . پۈتۈن كونلۇك تۈزۈمدىكى خەنزۇ تىلىدا ئوقۇتۇش ئېلىپ بارىدىغان مۇكەممەل مەكتەپ . 1959 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە نۇقتىلىق ئوتتۇرا مەكتەپ قىلىپ بېكىتىلگەن . 1981 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» دىن كېيىنكى تۇنجى تۇركۇم نوقتىلىق ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ بىرى قىلىپ بېكىتىلگەن . شۇ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق ئەنئەنىۋى تەنتەربىيە تۈرى مەكتىپى قىلىپ بېكىتىلگەن . 1993 - يىلى 9 - ئايدا شەھەرنىڭ باشقۇرۇشىغا قوشۇۋېتىلگەن . شۇ يىلى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ توختىتىلىپ ، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ قىلىپ ئۆزگەرتىلىپ ، چۆچەك شەھەرلىك 3 - ئوتتۇرا دېيىلگەن . 1997 - يىلى 9 - ئايدا تولۇق ئوتتۇرىغا ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن . ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى 100056m² . ئوقۇتۇشتا ئىشلىتىلىدىغىنى 11161m² . مەكتەپ شتاتى 141 . 1999 - يىلدىكى رەسمىي ئوقۇتقۇچى سانى 108 نەپەر . ئوقۇتۇش سىنىپى 36 ، ئوقۇغۇچى سانى 2100 نەپەر .

مەكتەپ ئادرېسى : چۆچەك شەھىرى خەلق يولى .

پوچتا نومۇرى : 834700 . تېلېفون : 6222377 (0901)

## ئالتاي ۋىلايەتلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ

قازاق تىلىدا ئوقۇتۇش ئاساس قىلىنغان ، ئاپتونوم رايونلۇق نۇقتىلىق ھەم پۈتۈن كۈنلۈك ياتاقتا يېتىش تۈزۈمىدىكى مۇكەممەل ئوتتۇرا مەكتەپ . 1950 - يىلى 11 - ئاينىڭ 15 - كۈنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ئاشەن ئوتتۇرا مەكتىپى ئاساسىدا قۇرۇلغان (قازاق تىلىدىكى مەكتەپ) . 1953 - يىلى ئۇيغۇر ، روس ، موڭغۇل تىلى سىنىپلىرى ئېچىلىپ ، قاتناپ ئوقۇش تۈزۈمى ياتاقتا يېتىش تۈزۈمى قىلىپ ئۆزگەرتىلگەن . پۈتۈن ۋىلايەتنىڭ ھەر قايسى ناھىيىلىرىدىن ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلغان ، شۇ يىلى تولۇق ئوتتۇرا سىنىپى تەسىس قىلىپ ، مەكتەپ نامى ئالتاي ۋىلايەتلىك ئوتتۇرا مەكتەپ قىلىپ ئۆزگەرتىلگەن . 1958 - يىلدىن كېيىن تولۇقسىز قىسمى تەدرىجىي ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ ، ئالتاي ۋىلايەتلىك تولۇق ئوتتۇرا مەكتىپى قىلىپ ئۆزگەرتىلگەن . 1967

- يىلى ۋىلايەتلىك تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ قىزىل قوغدىغۇچى ئەسكەرلەر ئوتتۇرا مەكتىپى قىلىپ ئۆزگەرتىلدى . 1970 - يىلى 10 - ئايدا مىللىي ، خەنزۇ ئايرىلاش مەكتەپ بولۇپ ، ئالتاينىڭ شەھەر ، يېزىلىرىدىن قاتناپ ئوقۇيدىغان ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىشقا يۈزلەنگەن . 1971 — يىلى باشلانغۇچ تەسىس قىلغان . 1974 - يىلى ئالتاي ۋىلايەتلىك قىزىل قوغدىغۇچى ئەسكەرلەر مىللىي ئوتتۇرا مەكتىپى قىلىپ ئۆزگەرتىلگەن . 1979 - يىلى 9 - ئايدا ئالتاي ۋىلايەتلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ قىلىپ ئۆزگەرتىلگەن . 1981 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق نۇقتىلىق ئوتتۇرا مەكتەپ قىلىپ بېكىتىلگەن ھەم خەنزۇ تىلى سىنىپى قوبۇل قىلىشنى توختاتقان . 7 ناھىيىگە يۈزلىنىپ ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىپ ، ياتاقتا يېتىش تۈزۈمى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن . 1984 - يىلى 9 - ئايدا باشلانغۇچ مەكتەپ ئايرىلىپ چىقىپ ئالتاي 1 - باشلانغۇچ مەكتىپى قۇرۇلغان . 1986 - يىلى ۋىلايەتلىك پارتكومىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن ناھىيە دەرىجىلىك ئورۇن قىلىپ بېكىتىلگەن . 1994 - يىلى كۆچۈپ ئەسلىدىكى ئوقۇتۇش بىناسىنى رادىئو - تېلېۋىزىيە ئۇنىۋېرسىتېتى ئالتاي شۆبىسىنىڭ ئىشلىتىشىگە بەرگەن . 1999 - يىلدىكى رەسمىي ئوقۇتقۇچى سانى 109 نەپەر ، ئوقۇتۇش سىنىپى 30 ، ئوقۇغۇچى سانى 1271 نەپەر . ئوقۇتۇشقا ئىشلىتىلىدىغان كۆلىمى $8458m^2$ .

مەكتەپ ئادرېسى : ئالتاي شەھىرى ئالتۇن تاغ يولى 151 - نومۇر .

پوچتا نومۇرى : 836500 ، تېلېفون : 2122408 (0906)

## ئالتاي ۋىلايەتلىك 2 - ئوتتۇرا مەكتەپ

پۈتۈن كونلۇك تۈزۈمدىكى خەنزۇ تىلدا ئوقۇتۇش ئېلىپ بېرىلىدىغان تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ، 1952 - يىلى 9 - ئايدا ئالتاي ناھىيىلىك خەنزۇچە باشلانغۇچ مەكتەپ ئاساسىدا قۇرۇلغان . 1957 - يىلى 9 - ئايدا تولۇقسىز سىنىپقا ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلغان ، 1958 - يىلى 9 - ئايدا ئالتاي ۋىلايەتلىك 2 - ئوتتۇرا بولۇپ رەسمىي قۇرۇلغان . 1961 - يىلى تولۇق ئوتتۇرا سىنىپىغا ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىشقا باشلىغان . 1997 - يىلى 9- ئايدا ھازىرقى نامغا ئۆزگەرتىلگەن . مەكتەپنىڭ ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى $31942m^2$ ، قۇرۇلۇش كۆلىمى $14000m^2$ . 1999 - يىلدىكى ئوقۇغۇچى سانى 1350 نەپەر ، رەسمىي ئوقۇتقۇچى 89 نەپەر .

مەكتەپ ئادرېسى : ئالتاي شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى

پوچتا نومۇرى : 836500 ، تېلېفون : 2122889 (0906)

## خوتەن ۋىلايەتلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ

ئۇيغۇر تىلىدا دەرس ئۆتۈلىدىغان ئاپتونوم رايونلۇق نۇقتىلىق ئوتتۇرا مەكتەپ بولۇپ ، 1953 - يىلى قۇرۇلغان . مەكتەپنىڭ ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى $51948m^2$ ، قۇرۇلۇش كۆلىمى $14645m^2$ . بۇنىڭدىن باشقا يەنە شەھەر ئەتراپىدىكى نەزەر باغدا يەر

كۆلىمى 99900m² كېلىدىغان مەكتەپنىڭ دېھقانچىلىق مەيدانى بار . ھەر تۈرلۈك ئەسلىھەلىرى مۇكەممەل ، ئوقۇتۇشنى باشقۇرۇش زامانىۋىلىشىشقا يۈزلەنگەن . مەملىكەتلىك ئەخلاقى تەربىيە ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى نەمۇنە مەكتەپ بولۇپ باھالانغان . يەنە ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ 17 قېتىم مەملىكەتلىك ، ئاپتونوم رايونلۇق ، ۋىلايەتلىك «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى» ، «مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى» ، «قانۇن خىزمىتىنى ئومۇملاشتۇرۇش» ، «خەنزۇ تىلى ئوقۇتۇش» ، «ئوتتۇرا مەكتەپ تەجرىبە خىزمىتى» قاتارلىقلاردا ئىلغار ئورۇن بولۇپ باھالانغان . 66 ئادەم مەملىكەت ، ئاپتونوم رايون ، ۋىلايەت تەرىپىدىن مۇكاپاتلانغان . 1999 -يىلدىكى رەسمىي ئوقۇتقۇچى سانى 121 نەپەر ، ئوقۇغۇچى سانى 1370 نەپەر .

مەكتەپ ئادرېسى : خوتەن شەھىرى

پوچتا نومۇرى : 848000 ، تېلېفون : 2022004 (0903)

## خوتەن ۋىلايەتلىك 2 - ئوتتۇرا مەكتەپ

خوتەن ۋىلايىتىدىكى بىردىنبىر خەنزۇ تىلىدا ئوقۇتۇش ئېلىپ بارىدىغان ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ بولۇپ ، 1958- يىلى قۇرۇلغان . 1984- يىلى خوتەن شەھەرلىك 2 - ئوتتۇرا قىلىپ ئۆزگەرتىلگەن . 1994 - يىلى خوتەن ۋىلايىتىگە قاراشلىق يەتتە ناھىيە بىر شەھەردە خەنزۇ تىلىدىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەر تەڭشەلگەندىن كېيىن مەركەزلەشتۈرۈپ ئوقۇتۇش يولغا قويۇلۇپ ، ۋىلايەتلىك مائارىپ تارماقلىرى بىۋاسىتە باشقۇرغان ھەم ئەسلى نامى ئەسلىگە كەلتۈرگەن . مەكتەپنىڭ ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى 333000m² ، قۇرۇلۇش كۆلىمى 6600m² . يېقىنقى يىللاردا مەركەزلەشتۈرۈپ ئوقۇتۇش ئېلىپ بېرىلغاندىن كېيىن يەنە ئۈرۈمچى شەھىرى بىلەن ھەمكارلىق مۇناسىۋىتى ئورناتقان . 1996 - يىلى ئۈرۈمچى شەھىرىدىن ياردەمگە بارغان 8 نەپەر ئوقۇتقۇچىنى قوبۇل قىلىپ ، 1999 — يىلى ئالماشتۇرغان . ئىككى رايون ، شەھەر يېقىن ھەمكارلىشىپ ، مەكتەپنىڭ يېڭى تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرگەن . 1999 - يىلدىكى رەسمىي ئوقۇتقۇچى سانى 55 ، ئوقۇغۇچى سانى 800دىن كۆپرەك .

مەكتەپ ئادرېسى : خوتەن شەھىرى

پوچتا نومۇرى : 848000 ، تېلېفون : 2023231 (0903)

# ئادەتتىكى ئالىي مائارىپ

## ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپ

ئوتتۇرا دەرىجىلىك مائارىپ باسقۇچىدىن يۇقىرى مەخسۇس مائارىپ ، ئالىي مائارىپنى ئېلىپ بارىدىغان ئاپپاراتلار ئالىي مەكتەپ ، ئىنستىتۇت ۋە مەخسۇس كۇرس ، ئالىي تېخنىكوم دەپ ئاتىلىدۇ . ئالىي مەكتەپ ۋە ئىنستىتۇتنىڭ تولۇق كۇرس ئوقۇش مۇددىتى 4 يىلدىن 5 يىلغىچە ، ئاز ساندىكىلىرى (مەسىلەن تېببىي - دورىگەرلىك مەكتەپلىرى ) 6 يىل ، مەخسۇس كۇرس مەكتەپلىرىنىڭ ئوقۇش يىلى 2 يىلدىن 4 يىلغىچە بولىدۇ . تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتتۈرگەن ھەم ئوخشاش دەرىجىلىك مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ياكى ئوخشاش ئوقۇش تارىخىغا ئىگە بولغانلار قوبۇل قىلىنىدۇ . ئالىي مەكتەپ ۋە ئىنستىتۇتنىڭ ئاسپىرانتلىق ئاپپاراتلىرى بولسائالىي مەكتەپ ۋە ئىنستىتۇتنى پۈتتۈرگەن ھەم ئوخشاش ئوقۇش تارىخىغا ئىگە بولغانلارنى قوبۇل قىلىدۇ ، ئوقۇش يىلى 3 يىل بولۇپ ، ماگىستىر ئاسپىرانت تەربىيىلەيدۇ ، ماگىستىر ياكى ئوخشاش ئوقۇش تارىخىغا ئىگە بولغانلارنى قوبۇل قىلىپ 3 يىل ئوقۇتۇش ئارقىلىق دوكتور تەربىيىلەيدۇ . 1949 - يىلى پۈتۈن شىنجاڭدا بىر ئىنستىتۇت بولۇپ ، ئوقۇغۇچى سانى 379 نەپەر ئىدى (شۆبە ئوتتۇرا مەكتەپنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ ) . 1999 - يىلى پۈتۈن شىنجاڭدىكى ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپ 17 ، دوكتورلۇقتا ئوقۇۋاتقان ئاسپىرانتلار 18 نەپەر ، ماگىستىرلىقتا ئوقۇۋاتقان ئاسپىرانتلار 747 نەپەر ، مەكتەپتىكى تولۇق ، مەخسۇس كۇرس ئوقۇغۇچىلىرى 54000 كىشى بولۇپ ، بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرى 23200 نەپەرگە يېتىپ ، ئومۇمىي ساننىڭ 42.96% نى تەشكىل قىلىدۇ . ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپ رەسمىي ئوقۇتقۇچىلىرى سانى 9516 نەپەر (پىرافىسسور 406 نەپەر ، دوتسېنت 1743 ) ، بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت رەسمىي ئوقۇتقۇچىسى 3016 نەپەر بولۇپ ، 40.13% نى تەشكىل قىلىدۇ . 3 دوكتورلۇق ئۇنۋانى بېرىش ئورنى ، 10 ماگىستىرلىق ئۇنۋانى بېرىش ئورنى ، 5 دوكتورلۇق ئۇنۋانى كەسىپ نۇقتىسى ، 116 ماگىستىرلىق كەسىپ نۇقتىسى ، 142 خىل تولۇق كۇرس كەسپىي ، 183 خىل مەخسۇس كۇرس كەسىپ نۇقتىسى بارلىققا كەلگەن بولۇپ ، دەسلەپكى قەدەمدە كۆپ قاتلاملىق ، كۆپ پەنلىك ، كەسىپ تۈرلىرى بىر قەدەر تولۇق ، شىنجاڭچە ئالاھىدىلىككە ئىگە ئالىي مائارىپ سىستېمىسى شەكىللەندى .

## تولۇق كۇرس مائارىپى

ئالىي مەكتەپ ياكى ئىنستىتۇتلارنىڭ تەركىبىي قىسمى ، تەييارلىق ياكى مەخسۇس كۇرسقا نىسبەتەن ئېيتقاندا ، جۇڭگودا ئوقۇش يىلى 4 يىل (تېببىي ئىلىم قاتارلىق

ئـالاھـدە كەسپلەرنىڭ ئوقۇش يىلى ئۇزۇنراق ) بولۇپ ، تولۇق كۇرسنى پۈتتۈرۈش باكالاۋىرلىق ئۇنۋانى ئېلىشنىڭ زۆرۈر شەرتى ، تولۇق كۇرس مائارىپى ئوقۇغۇچىلارغا بىر قەدەر سىستېمىلىق ھالدا شۇ كەسپ ، شۇ پەندىكى زۆرۈر بولغان ئاساسىي نەزەرىيە بىلىملەرنى ، شۇنداقلا شۇ كەسپتىكى زۆرۈر بولغان ئاساسىي ئىقتىدار ، مۇناسىۋەتلىك بىلىملەرنى ئىگىلىتىپ ، ئۇلارنى شۇ كەسپ بىلەن شۇغۇللىنىشتا ئەمەلىي خىزمەت قىلىش ۋە تەتقىقات خىزمىتى قىلىش ئىقتىدارىغا دەسلەپكى قەدەمدە ئىگە قىلىدۇ . 1999 - يىلى رايونىمىزدىكى 17 ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپ ئىچىدە تولۇق كۇرس ئوقۇغۇچىلىرىنى تەربىيەلەيدىغان مەكتەپ 13 بولۇپ ، مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى سانى 37243 نەپەر ئىدى .

## مەخسۇس كۇرس مائارىپى

ئالىي مەكتەپ ياكى ئىنستىتۇتنىڭ تەركىبى قىسمى ، تولۇق كۇرس ياكى تەييارلىق سىنىپقا قارىتا ئېيتقاندا جۇڭگودا ئوقۇش يىلى ئادەتتە 3 يىل (تېببىي ئىلىم قاتارلىق ئـالاھـدە كەسپلەرنىڭ ئوقۇش يىلى بىر قەدەر ئۇزۇن ) بولىدۇ . مەخسۇس كۇرس مائارىپى ئوقۇغۇچىلارنى شۇ كەسپتىكى ئاساسىي بىلىم ۋە نەزەرىيەلەرگە ، شۇ كەسپ بىلەن شۇغۇللىنىشتىكى خىزمەت ماھارىتى ۋە دەسلەپكى ئىقتىدارىغا ئىگە قىلىدۇ . 1999 — يـىـلـى رايـونـىـمـىـزدىكى 17 ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپ ئىچىدە مەخسۇس كۇرس ئـىـنـسـتـىـتۇتىدىن 4 تى بولۇپ ، ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئىچىدىكى مەخسۇس كۇرس ئوقۇغۇچىلىرى سانى 16815 نەپەر ئىدى .

## ئاسپىرات مائارىپى

ئـاسـپـىـرانت بولسا ئالىي مەكتەپ ۋە ئىنستىتۇتنىڭ ئاسپىرانتلار بۆلۈمى ياكى تەتقىقات ئاپپاراتلىرىدا ئۆگىنىش ۋە تەتقىقات ئېلىپ بارىدىغان ئوقۇغۇچىنى كۆرسىتىدۇ . جۇڭگودا ئاسپىرانتلار ئالىي مەكتەپ ياكى ئىنستىتۇتنىڭ تولۇق كۇرسىنى پۈتتۈرگەن يـاكـى تەڭ دەرىجىدىكى ئوقۇش تارىخىغا ئىگە ئوقۇغۇچىلار ئىچىدە ئىمتىھان ئېلىش ئارقىلىق قوبۇل قىلىنىدۇ . ئاسپىرانتلار دوكتورلۇق ئۇنۋانى ئېلىش ئۈچۈن ئوقۇيدىغان ۋە ماگىستىرلىق ئۇنۋانى ئېلىش ئۈچۈن ئوقۇيدىغان دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ ، ئوقۇش يـىـلـى ئـادەتـتـە 3 يىل بولىدۇ . ئاسپىرانتلار ئاپپاراتلىرى ئىلمىي تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىدىغان خادىملارنى ، ئالىي مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرى ياكى باشقا ئالىي دەرىجىدىكى ئـىـخـتـىـسـاسـلىق خادىملارنى تەربىيەلەيدۇ ، يەنە بەزىلىرى خىزمەتتىكى ماگىستىر ئاسپىرانتلار ۋە خىزمەتتىكى دوكتور ئاسپىرانتلارنى تەربىيەلەيدۇ .

1999 - يىلى رايونىمىزدا ئاسپىرانتلىق مائارىپىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان 7 مەكتەپ ۋە بـىـر تەتقىقات ئاپپاراتى بار بولۇپ ، 107 ئاسپىرانتلىق نۇقتىسى ، 5 دوكتورلۇق نۇقـتـىسى بارلىققا كەلگەن . مەكتەپتىكى ماگىستىر ، ئاسپىرانتلار سانى 747 نەپەر ، دوكتور ئاسپىرانتلار 18 نەپەر بولغان .

### دوكتور

ئۇنۋان نامى بولۇپ ، ئادەتتە ئوقۇغۇچىلىقتىكى ئەڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئىلمىي ئۇنۋان ھېسابلىنىدۇ . ئالىي مەكتەپ ۋە ئىلمىي تەتقىقات ئاپپاراتىدىكى ئاسپىرانتلار ياكى ئاسپىرانتلىق بىلەن تەڭ دەرىجىدىكى ئوقۇش تارىخىغا ئىگە ئوقۇغۇچىلار دوكتورلۇق ئۇنۋانى دەرسلىك ئىمتىھانى ۋە ئىلمىي ماقالە مۇنازىرىسى ئارقىلىق نەتىجىسى لاياقەتلىك بولغان ، ئىلمىي سەۋىيىسى مەزكۇر پەندىكى ئاساسىي نەزەرىيىلەرنى مۇستەھكەم ، كەڭ دائىرىدە ئىگىلىگەن ، مەخسۇس بىلىملەرنى سىستېمىلىق ھالدا چوڭقۇر چۈشەنگەن ، مۇستەقىل ھالدا ئىلمىي تەتقىقات خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىش ئىقتىدارىغا ئىگە ، ئىلمىي ۋە مەخسۇس تېخنىكا جەھەتتە ئىجادىي نەتىجىسى بار ئوقۇغۇچىلار دوكتورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشەلەيدۇ . 1999 - يىلى رايونىمىزدىكى دوكتورلۇق ئۇنۋانى بېرىش ھوقۇقىغا ئىگە ئورۇن 3 ، دوكتورلۇق نۇقتىسى 5 ، دوكتورلۇقتا ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچى سانى 18 نەپەر ئىدى .

### ماگىستىر

ئىلمىي ئۇنۋان نامى ، ئادەتتە 2 - دەرىجىلىك ئۇنۋان ھېسابلىنىدۇ . ئالىي مەكتەپتىكى ۋە ئىلمىي تەتقىقات ئاپپاراتلىرىدىكى ئاسپىرانتلار ياكى ئاسپىرانتلىقنى پۈتتۈرگەنلەر بىلەن ئوخشاش ئوقۇش تارىخىغا ئىگە خادىملار ماگىستىر ئۇنۋانى دەرسلىك ئىمتىھانى ۋە دىسسېرتاتسىيە ياقلاشتىن ئۆتۈپ ، نەتىجىسى لاياقەتلىك بولغان ، ئىلمىي سەۋىيىسى مەزكۇر پەن بويىچە مۇستەھكەم نەزەرىيە ئاساسى بولغان ۋە سىستېمىلىق مەخسۇس بىلىملەرنى ئىگىلىگەن ، ئىلمىي تەتقىقات خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنالايدىغان ياكى مەخسۇس تېخنىكا خىزمىتىنى مۇستەقىل ئۈستىگە ئالالايدىغان ئىقتىدارنى ھازىرلىغانلار ماگىستىرلىق ئىلمىي ئۇنۋانىغا ئېرىشەلەيدۇ . 1999 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدا ماگىستىرلىق ئىلمىي ئۇنۋانى بېرىش ھوقۇقىغا ئىگە ئورۇنلار 10 (7 سى ئالىي مەكتەپ ، بىرى ئىلمىي تەتقىقات ئاپپاراتى ) ، ماگىستىرلىق ئۇنۋان نوقتىسى 116 ، ئوقۇۋاتقان ماگىستىر ئوقۇغۇچى سانى 747 نەپەر .

### شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ «211 قۇرۇلۇشى»

«211 قۇرۇلۇشى» بولسا دۆلەت «جۇڭگونىڭ مائارىپ ئىسلاھاتى ۋە تەرەققىيات قوللانمىسىنى» ئىزچىللاشتۇرۇش ، ئىلىم - پەن ئارقىلىق دۆلەتنى گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيىسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ، يېڭى دۇنيا ، يېڭى پەن - تېخنىكا ئىنقىلابىنىڭ رىقابىتىنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن يولغا قويغان بىر تۈرلۈك ئىستراتېگىيىلىك قۇرۇلۇش يەنى 21 - ئەسىرگە يۈزلىنىپ ، نۇقتىلىق ھالدا 100 ئەتراپىدىكى ئالىي مەكتەپ ۋە بىر تۈركۈم نۇقتىلىق كەسىپلەرنى قۇرۇش . بۇنىڭ ئىچىدە بىر قىسىم مەكتەپ ۋە بىر تۈركۈم كەسىپلەر خەلقئارادىكى ئوخشاش تۈردىكى مەكتەپ ۋە كەسىپلەرنىڭ ئىلغار

سەۋىيىسىگە يەتتى ۋە يېقىنلىشىۋاتىدۇ. كۆپ قىسىم مەكتەپلەرنىڭ مەكتەپ باشقۇرۇش شارائىتىدا كۆرۈنەرلىك ئۆزگىرىشلەر بولدى، ئىختىساسلىقلارنى تەربىيىلەش، ئىلمىي تەتقىقات قاتارلىق جەھەتلەردە بىر قەدەر ياخشى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى، شۇ جايىنىڭ تەرەققىيات ئېھتىياجىغا ماسلىشىپ ئومۇمىي جەھەتتە مەملىكەت ئىچىدىكى ئىلغار سەۋىيىگە يەتتى، شۇنداقلا تايانچ ھەم نەمۇنىلىك رول ئوينىدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ «211 قۇرۇلۇشى» غا ئىنتايىن ئەھمىيەت بەردى. 1993 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدا ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىت گۇرۇپپا باشلىقى بولغان «211 قۇرۇلۇشى» رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇلۇپ، مەخسۇس مەبلەغنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، كۆپ خىل تەدبىرلەر ئارقىلىق «211 قۇرۇلۇشى» نى ئومۇمىيۈزلۈك قوللاش قارار قىلىندى. 4 يىللىق قۇرۇلۇش ئارقىلىق شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى 1996 - يىلى 10 - ئاينىڭ 21 -، 22 - كۈنلىرى مائارىپ مىنىستىرلىقىنىڭ تەييارلىق تەكشۈرۈشىنى قوبۇل قىلدى. 1997 - يىلى 6 - ئاينىڭ 5 -، 6 - كۈنلىرى تۈر بېكىتىلىش تەكشۈرۈشىدىن غەلىبىلىك ئۆتتى. 1997 - يىلى 11 - ئاينىڭ 16 - كۈنى مەملىكەتلىك پىلان كومىتېتى [1997] 2333 - نومۇرلۇق ھۆججەتنى چۈشۈرۈپ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنى «مەملىكەتلىك 211 قۇرۇلۇش» تۈرى مەكتىپى قىلىپ تەستىقلىدى. «مەملىكەتلىك 211 قۇرۇلۇشى»نىڭ مۇھىم مەزمۇنى نۇقتىلىق پەنلەر قۇرۇلۇشى، ئاممىۋى مۇلازىمەت قۇرۇلۇشى ۋە يۈرۈشلەشتۈرۈش ئەسلىھەلىرى قۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ تۈرگە ئايرىلىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە نۇقتىلىق پەنلەر قۇرۇلۇشى قۇرۇلۇشنىڭ يادروسى. بۇ 6 نۇقتىلىق پەنلەر: ئاز سانلىق مىللەت تىل ئەدەبىياتى، جۇڭگو شىنجاڭ بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا ئىقتىساد مەدەنىيىتى توغرىسىدىكى تەتقىقات، شىنجاڭدىكى بايلىقلارنىڭ ھالەت مۇھىتى ۋە بىئولوگىيىلىك تېخنىكا، شىنجاڭ رايونىنىڭ ئۇچۇر ۋە ئالاقە تېخنىكىسى، قوللىنىشچان خىمىيە ۋە خىمىيە ماتېرىيالى، قوللىنىشچان ماتېماتىكا ۋە سىستېما قۇرۇلۇش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؛ ئاممىۋى مۇلازىمەت قۇرۇلۇشى: مەكتەپ تورى، كۈتۈپخانا، ئاممىۋى ئوقۇتۇش ئەسلىھەلىرى، نۇقتىلىق ئاممىۋى تەجرىبىخانا ھەم تەنتەربىيە ئەسلىھەلىرى قاتارلىق بەش مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. قۇرۇلۇش نىشانى مەكتەپ بايلىقلىرىنىڭ تەقسىملىنىشىنى ياخشىلاپ، بايلىقلاردىن ئورتاق بەھرىمەن بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش، يۈرۈشلەشتۈرۈش ئەسلىھەلىرى قۇرۇلۇشى، ئوقۇتۇش بىناسى، سۇ بىلەن ئىسسىتىش ئەسلىھەلىرى، ئۆل ئەسلىھەلەر، مەكتەپ مۇھىتى قاتارلىقلارغا نىسبەتەن بىر قەدەر كەڭ دائىرىدە رېمونت قىلىش، ئۆزگەرتىش، يېڭىلاش ئېلىپ بېرىپ، نۇقتىلىق پەنلەر، ئاممىۋى مۇلازىمەت سىستېمىسى قۇرۇلۇشى ئۈچۈن ياخشى بولغان مەكتەپ ئاساسىي ئەسلىھەلىرى شارائىتىنى يارىتىش. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ھۆكۈمەت شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ «211 قۇرۇلۇش» ىغا قاراتقان مەبلەغنى كۆپەيتتى. 1993 - يىلدىن 1999 - يىلغىچە مەركەزدىن يەرلىككە ئاجرىتىلغان مەخسۇس مەبلەغ ئومۇمىي سوممىسى

12298 تۈمەن يۈەنگە يېتىپ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى «211 قۇرۇلۇشى» خوشاللىنارلىق نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى.

## ئىچكى ئۆلكىلەرنىڭ شىنجاڭ ئالىي مائارىپىغا ياردەم بېرىش ھەمكارلىق يىغىنى

دۆلەت شىنجاڭنىڭ ئالىي مائارىپىغا ياردەم بېرىش، ئىچكى ئۆلكىلەردىكى ئالىي مەكتەپلەردە شىنجاڭنىڭ ئاز سانلىق مىللەت كەسپىي خادىملىرىنى تەربىيىلەش لايىھىسىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ئۈچۈن قەرەللىك ئاچىدىغان مەخسۇس يىغىن. بۇ يىغىننى مائارىپ مىنىستىرلىقى، دۆلەتلىك مىللىي ئىشلار كومىتېتى ۋە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى بىرلىكتە ئۇيۇشتۇرىدۇ. يىغىننىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى: تەربىيىلەش پىلانىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، قوللاش، ھەمكارلىشىش تەدبىرلىرىنى مۇزاكىرە قىلىش، ياردەم ۋە ھەمكارلىق توختامنامىسىغا ئىمزا قويۇش. يىغىن 1989 ـ، 1992 ـ، 1995 ـ يىللىرى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا بېيجىڭ ۋە ئۈرۈمچىدە 3 قېتىم ئېچىلدى. گوۋۇيۈەننىڭ 24 مىنىستىرلىقىگە قاراشلىق 80 نەچچە ئالىي مەكتەپ تەربىيىلەش خىزمىتىنى ئۈستىگە ئالدى. 1990 ـ يىلدىن 1999 ـ يىلغىچە شىنجاڭ ئۈچۈن تەربىيىلەپ بەرگەن ئاز سانلىق مىللەت مەخسۇس، تولۇق كۇرس ئوقۇغۇچىلىرى 7000 دىن ئاشتى. نىشانلىق تەربىيىلەنگەن ئاسپىرانت ئوقۇغۇچىلار 640 نەپەرگە يەتتى. تەربىيىلەنگەن ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇتقۇچىلىرى ۋە مائارىپ باشقۇرۇش خادىملىرى 2300 دىن ئاشتى. 4 ـ قېتىملىق يىغىن 1999 ـ يىلى شىنجاڭدا ئېچىلىپ، 2001 ـ يىلدىن 2005 ـ يىلغىچە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىپ تەربىيىلەش ۋەزىپە پىلانى ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى. يىللىق تەربىيىلەش كۆلىمى بۇرۇنقى 3 قاراردىكى ھەر يىلدا 800 ئادەمدىن 1000 ئادەمگە كۆپەيتىلدى.

## ئۇنىۋېرسال ئالىي مەكتەپ

ئالىي مائارىپنى يولغا قويىدىغان مەكتەپلەرنىڭ بىرى بولۇپ، ئالىي مەكتەپنىڭ بىر تۈرى. بىر قانچە ئوخشاش بولمىغان كەسىپ (ئەدەبىيات، قانۇن، فىزىكا، سانائەت، يېزا ئىگىلىك، دوختۇرلۇق) ۋە ئىنىستىتۇت فاكۇلتېتلىرىدىن تەركىب تاپىدۇ. 1952 ـ يىلى ئىنىستىتۇت، فاكۇلتېتلار تەڭشەلگەندىن كېيىن ئۇنىۋېرسال ئالىي مەكتەپتە پەقەت ئىجتىمائىي پەن ۋە تەبىئىي پەن دەرسلىرى تەسىس قىلىندى. ئالىي مائارىپنى باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، قۇرۇلمىسىدا ئازراق ئۆزگىرىش بولۇپ، كۆپ پەنلىك، كۆپ تۈرلۈك تەرەققىيات ۋەزىيىتى مەيدانغا كەلدى. نۆۋەتتە رايونىمىزدا شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ۋە شىخەنزە ئۇنىۋېرسىتېتىدىن ئىبارەت ئىككى ئۇنىۋېرسال ئالىي مەكتەپ بار.

**شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى**

1935 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى رۇسچە سىياسىي قانۇن ئىنستىتۇتى ئاساسىدا قۇرۇلغان. مەكتەپ ئادرېسى دىخۇا شىمالى تۆپىلىكتىكى بىلىم يۇرتى كوچىسىدا ئىدى. ئىنستىتۇت قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە قانۇن ۋە ئىقتىسادتىن ئىبارەت ئىككى فاكۇلتېت ۋە باج مەخسۇس كۇرس كەسپىي تەسىس قىلىنغان، خېيۇجۇ ئىنستىتۇت باشلىقى بولغان. 1935 ـ يىلى 11 ـ ئايدا كوممۇنىستىك پارتىيە ئەزاسى يۈشيۇسۇڭ شىنجاڭ ئىنستىتۇتىنىڭ باشلىقلىقىنى قوشۇمچە ئۈستىگە ئېلىپ، سوۋېت ئىتتىپاقى تەجرىبىلىرىنى ئۆگىنىشنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، «مىللەتنى تۈس، ماركسىزم ـ لېنىنىزمنى مەزمۇن» قىلغان ئوقۇتۇش فاڭجىنىنى تۈزۈپ چىقتى. 1936 ـ يىلى مائارىپ فاكۇلتېتى تەسىس قىلىندى. 1937 ـ يىلى ئەدەبىيات فاكۇلتېتى تەسىس قىلىندى. 1938 ـ يىلى 4 ـ ئايدا لىن جىلو مەكتەپنىڭ ئىلمىي مۇدىرلىقىنى ئۈستىگە ئېلىپ «ياپونغا قارشى بىرلەشمە ئۇنىۋېرسىتېت» روھىنى تەشەببۇس قىلدى. مەكتەپ «2 ـ ياپونغا قارشى بىرلەشمە ئۇنىۋېرسىتېت» دەپ تەرىپلەندى. 1938 ـ يىلدىن كېيىن، دۇچۇڭيۈەن، سا كۇڭلياۋ، جاڭ جۇڭشى، ماۋدۇن، جاۋدەن قاتارلىق بىر تۈركۈم مائارىپچى، سەنئەتچىلەر ۋە ئىلغار زاتلار ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ مەكتەپتە ئوقۇتۇش ۋەزىپىسىنى ئۆتىدى. شۇ يىلى سانائەت فاكۇلتېتى تەسىس قىلىندى. 1939 ـ يىلى كۈزدە ئىنستىتۇت جەنۇبىي تۆپىلىكتىكى 4 ـ دىۋىزىيىنىڭ گازارمىسىغا كۆچۈرۈلدى. 1940 ـ يىلى 12 ـ ئايدا شىنجاڭ ئۆلكىلىك ئالىي يېزا ئىگىلىك مەكتىپى شىنجاڭ ئىنستىتۇتىغا قوشۇلۇپ يېزا ئىگىلىك، چارۋىچىلىق، مال دوختۇرلۇق ۋە سۇچىلىق كەسپلىرى تەسىس قىلىندى. شۇ يىلى مەكتەپ ئۆلكىلىك دارىلمۇئەللىمىننىڭ كونا ئورنىغا كۆچۈرۈلۈپ، ئۇزۇن ئۆتمەي يەنە ئەسلىدىكى ئورنىغا كۆچۈرۈلدى. 1942 ـ يىلى شېڭ شىسەي شىنجاڭ ئىنستىتۇتىنىڭ باشلىقلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەپ، 1944 ـ يىلى ئايرىلدى. بۇ ئارىلىقتا كوممۇنىستىك پارتىيە ئەزالىرى ۋە ۋەتەن سۆيەر ئىلغار زاتلار كۆپلەپ تۇتقۇن قىلىندى ۋە ئۆلتۈرۈلدى. 1945 ـ يىلى شىنجاڭ قىزلار ئىنستىتۇتىنىڭ ئالىي مەكتەپ قىسمى شىنجاڭ ئىنستىتۇتىغا قوشۇۋېتىلدى. 1947 ـ يىلى 4 ـ ئايدا بۇرھان ئىنستىتۇت باشلىقى بولدى. شۇ ۋاقىتتا ئىنستىتۇتتا مائارىپ، بىناكارلىق، جۇڭگو ئەدەبىياتى قاتارلىق كەسپلەردىن پەقەت 20 نەچچە نەپەر ئوقۇغۇچى قالغان ئىدى. 1948 ـ يىلى 8 ـ ئايدا سىياسىي قانۇن فاكۇلتېتى قانۇن فاكۇلتېتىغا، ئەدەبىيات فاكۇلتېتى بولسا ئەدەبىيات ـ تارىخ فاكۇلتېتىغا ئۆزگەرتىلدى. بىناكارلىق فاكۇلتېتى ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلماي، سۇچىلىق فاكۇلتېتى تەسىس قىلدى. 1950 ـ يىلى 5 ـ ئايدا شىنجاڭ ئەدەبىيات مەكتىپى شىنجاڭ ئىنستىتۇتىغا قوشۇۋېتىلدى. شۇ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى شىنجاڭ ئىنستىتۇتى شىنجاڭ مىللەتلەر ئىنستىتۇتىغا ئۆزگەرتىلىپ، يېزا ئىگىلىك، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، تېبابەت دورا، قانۇن، مائارىپ قاتارلىق 5 فاكۇلتېت تەسىس قىلىندى. 1954 ـ يىلى ئەسلىدىكى نامى ئىشلىتىلدى. 1955 ـ يىلى گوۋۇيۈەننىڭ

تەستىقلىشى بىلەن شىنجاڭ ئىنستىتۇتى ئاساسىدا شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى قۇرۇلدى. 1960 - يىلى 10 - ئايدا شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى رەسمىي قۇرۇلۇپ، ئىجتىمائىي، تەبىئىي، سانائەتتىن ئىبارەت ئۈچ خىل پەن بويىچە ئەدەبىيات، تارىخ، جۇغراپىيە فىزىمات، بىئوخىمىيە، ماشىنىسازلىق، ئېلېكترون، خىمىيە سانائىتى، قۇرۇلۇش قاتارلىق 8 فاكۇلتېت، 15 كەسىپ تەسىس قىلىندى. 1978 - يىلى مەملىكەتلىك نۇقتىلىق ئالىي مەكتەپ دەپ بېكىتىلدى. 1997 - يىلى 11 - ئايدا 21 - ئەسىرنىڭ مۇھىم قۇرۇلۇشى بولغان يۈز ئالىي مەكتەپ قاتارىغا كىردى. مەكتەپنىڭ يەر كۆلىمى 731123m²، مەكتەپ قۇرۇلۇش كۆلىمى 327730m²، كۇتۇپخانىدا ساقلىنىۋاتقان كىتاب - ماتېرىيال 107 تۈمەن خىلدىن ئارتۇق، 76 تەجرىبىخانا بار. مەكتەپنىڭ تولۇق كۇرس ئوقۇش مۇددىتى 4 يىل. خەنزۇ تىلى، ئۇيغۇر تىلىدىن پايدىلىنىپ ئوقۇتۇش ئېلىپ بارىدىغان كۆپ مىللەتلىك، كۆپ كەسىپلىك ئۇن鳑ۋېرسال ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپ. 1999 - يىلى ئىجتىمائىي پەن، تەبىئىي پەن، سانائەت، قانۇن، ئىقتىساد، باشقۇرۇشتىن ئىبارەت 6 پەن 12 فاكۇلتېت ھەم سىياسىي قانۇن ئىنستىتۇتى، چوڭلار مائارىپى ئىنستىتۇتى ۋە كەسپىي تېخنىكا ئىنستىتۇتى تەسىس قىلىنغان. جەمئىي 34 تولۇق كۇرس كەسپىي ۋە 50 مەخسۇس كۇرس كەسپىي تەسىس قىلىنغان. 34 تولۇق كۇرس كەسپىنىڭ ھەممىسى باكلاۋىرلىق ئۇنۋانى بېرىش سالاھىيىتىگە ئىگە. بۇنىڭدىن باشقا يەنە ماركسىزم - لېنىنىزم ئوقۇتۇش تەتقىقات بۆلۈمى، ئالىي مەكتەپ خەنزۇ تىلى ئوقۇتۇش تەتقىقات بۆلۈمى، تەنتەربىيە ئوقۇتۇش بۆلۈمى، چەت ئەل تىلى ئوقۇتۇش تەتقىقات بۆلۈمى، سەنئەت ئوقۇتۇش تەتقىقات ئىشخانىسى ۋە فىزىكا، خىمىيە سىناق مەركىزى، كومپيۇتېر مەركىزى، ئېلېكترلەشكەن ئوقۇتۇش مەركىزى قاتارلىقلار تەسىس قىلىندى. مەكتەپتىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر تىل - ئەدەبىياتى، قوللىنىشچان ماتېماتىكا، فىزىكىلىق خىمىيە قاتارلىق ئۈچ پەن ئاپتونوم رايون بويىچە نۇقتىلىق پەن ھېسابلىنىدۇ. ماركسىزم - لېنىنىزم پەلسەپەسى، سىياسىي - ئىقتىساد ئىلمى، نوپۇس، بايلىق ۋە مۇھىت ئېكنومىكىسى ئىلمى، سوتسىيالىزم ۋە ئىنتېرناتسىئونالىزم ھەرىكىتى، ماركسىزم - لېنىنىزم مىللەتلەر نەزەرىيىسى ۋە سىياسىتى، ئەدەبىيات - سەنئەت ئىلمى، تىل ئىلمى ۋە قوللىنىشچان تىل ئىلمى، مەخسۇس تارىخ، جۇڭگو يېقىنقى زامان تارىخى، تارىخي ھۆججەت ئىلمى، ئورگانىك خىمىيە، تەبىئىي جۇغراپىيە ئىلمى، خەرىتە ئىلمى ۋە جۇغراپىيىلىك ئۇچۇر سىستېمىسى، بوتانىكا، زوئولوگىيە، قوللىنىشچان خىمىيە، ماتېرىيال فىزىكىسى ۋە خىمىيىسى، مۇھىت ئىلمى، ئالاقە ۋە ئۇچۇر سىستېمىسى، كومپيۇتېر قوللىنىش تېخنىكىسى قاتارلىقلاردا 27 ماگىستىرلىق ئىلمى ئۇنۋان نۇقتىسى بار. ئاز سانلىق مىللەت تىل - ئەدەبىياتى ۋە قوللىنىشچان ماتېماتىكىدىن ئىبارەت ئىككى دوكتورلۇق مەركىزى بار. مەكتەپتە، ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى ۋە مەدەنىيىتى، نوپۇس، ماتېماتىكىلىق فىزىكا، قۇرغاق رايون ئېكولوگىيىسى، ئالتاي ئىلمى، ئىقتىساد، قوللىنىشچان خىمىيە قاتارلىق 7 تەتقىقات ئورنى ۋە

فۇنكتسىيىلىك ماتېرىيال، دېڭ شىياۋپىڭ نەزەرىيىسى، ئاياللار مەسىلىسى قاتارلىق 3 تەتقىقات مەركىزى بار. ئىلمىي تەتقىقات خىزمىتىدە يەرلىكنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشى ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىش ئاساسىي يۆنىلىش قىلىنىپ، ئۇل تەتقىقات ۋە قوللىنىشچان تەتقىقات سەۋىيىسى كۈنسېرى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. بۇنىڭ ئىچىدە شىنجاڭدىكى كۆپ مىللەت تىل يېزىقى ئۇچۇرلىرىنى كومپيۇتېردا ئۇنىۋېرسال بىر تەرەپ قىلىش تېخنىكىسى 1993 - يىلى مەملىكەت پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى بويىچە 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن. بۇنىڭدىن باشقا نۇرغۇن پەن تەتقىقات تۈرلىرى دۆلەتلىك ۋە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مۇكاپاتلارغا ئېرىشكەن ھەمدە دۆلەت ئىچى ۋە ئاپتونوم رايونىمىز ئىچىدىكى تېخنىكا بوشلۇقىنى تولدۇرغان. 1997 - يىلى نەشىردىن چىققان ئەسەر 28، ئېلان قىلىنغان ئىلمىي ماقالە 1078 پارچە. مەكتەپنىڭ ئىلمىي تەتقىقات تۈرىدىكى ئۆلكە دەرىجىلىك مۇكاپاتى 43 تۈرگە يېتىدۇ. مەكتەپ دۆلەت ئىچى ۋە سىرتى بىلەن بولغان ھەمكارلىق مۇناسىۋىتىنى ئاكتىپ قانات يايدۇرۇپ، چەت ئەللەرگە ئىلمىي ئۇنۋان ئېلىشقا ئوقۇغۇچى چىقاردى ۋەچەتئەللىك ئوقۇغۇچىلارنى ئۇزۇن - قىسقا مۇددەتلىك قوبۇل قىلدى. 1985 - يىلدىن كېيىن مەكتەپ ئوقۇتۇشتا چەت ئەللىك مۇتەخەسسىسلەرنى دەرس سۆزلەش، لېكسىيە سۆزلەش، زىيارەت قىلىشقا تەكلىپ قىلىشقا باشلىدى ھەمدە ئامېرىكا، روسىيە، قازاقىستان قاتارلىق چەت ئەللەردىكى ئالىي مەكتەپلەر بىلەن مۇناسىۋەت ئورناتتى، دۆلەت سىرتىدىكى 10 نەچچە ئالىي مەكتەپ، تەتقىقات مەركىزى بىلەن ھەر خىل ئىلمىي ھەمكارلىق ۋە ئالماشتۇرۇش مۇناسىۋىتى ئورناتتى. مەكتەپ شتاتى 2904. 1999 - يىلدىكى رەسمىي ئوقۇتقۇچى سانى 1281 نەپەر (پروفېسسور 72، دوتسېنت 369، لېكتور 535، قوشۇمچە خادىملار ئىچىدىكى مۇئاۋىن ئالىي ئۇنۋانى بارلار 56، دوكتور يېتەكچىسى 2، مەملىكەتلىك، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مۇنەۋۋەر مۇتەخەسسىس 13، ماگىستىر يېتەكچىسى 63، ئوقۇغۇچى سانى 8545 نەپەر.

مەكتەپ ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى 14 - نومۇر
پوچتا نومۇرى: 830046، تېلېفون: 2862753 (0991)

## شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى

1978 - يىلى 12 - ئايدا گوۋۇيۈەننىڭ تەستىقلىشى بىلەن قۇرۇلغان. ئوقۇتۇشتا ئۇيغۇر تىلى ۋە خەنزۇ تىلى (مۇڭغۇل تىلى يېزىقى كەسپىدە مۇڭغۇل تىلىدا دەرس ئۆتۈلىدۇ) قوللىنىلىدۇ. نۆۋەتتە تۈرلىرى تولۇق، مەكتەپ باشقۇرۇش قاتلىمى بىر قەدەر يۇقىرى بولغان ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك نۇقتىلىق ئالىي مەكتەپ بولۇپ شىنجاڭنىڭ ئاساسىي مائارىپ ئوقۇتقۇچىلىرىنى تەربىيىلەيدىغان مۇھىم بازا ھېسابلىنىدۇ. 1999 - يىلى يىل ئاخىرىغا قەدەر، مەكتەپ قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدىكى 6 كەسىپ، 200 دىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى، 253 نەپەر ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچى ۋە بىر ئوقۇتۇش بىناسى، بىر ياتاق بىناسىدىن تەرەققىي قىلىپ، 1447 نەپەر ئوقۇتقۇچى،

ئىشچى - خىزمەتچىسى ، 746 نەپەر (پروفېسسور 43 ، دوتسېنت 234 ) ئوقۇتقۇچىسى ، 41 نەپەر ئاسپىرانت ، 4543 نەپەر ئادەتتىكى تولۇق ، مەخسۇس كۇرس ئوقۇغۇچىسى ، 3670 نەپەر چوڭلار مائارىپى تولۇق مەخسۇس كۇرس ئوقۇغۇچىسى بار بولغان ، ماركسىزم لېنىنىزم نەزەرىيىسى تەربىيىسى ، جۇڭگو قەدىمكى زامان ئەدەبىياتى ، جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەت تىل يېزىقى (ئۇيغۇر) ، ئاساسىي ماتېماتىكا ، بوتانىكا ، رايون جۇغراپىيىسى ، جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەت مائارىپ تېخنىكىسى ئىلمى ، ئىدىيىۋى سىياسىي مائارىپ ، تەنتەربىيە مائارىپى ، خەنزۇ تىل - ئەدەبىياتى ، خەنزۇ تىلى ، مۇزىكا ، رەسىم ، تارىخ ، ماتېماتىكا ۋە قوللىنىشچان ماتېماتىكا ، ئاز سانلىق مىللەت تىل - ئەدەبىياتى (ئۇيغۇر ، موڭغۇل ئەدەبىياتى ) ئىنگلىز تىلى ، كومپيۇتېر ئوقۇتۇشى ۋە تېخنىكىسى ، فىزىكا ، خىمىيە ، بىئولوگىيە ، جۇغراپىيە قاتارلىق 18 تولۇق كۇرس كەسپى ، كومپيۇتېر يۇمشاق دېتالى ، كومپيۇتېرنى ئاپتوماتلاشتۇرۇش ئۇسكۇنىلىرى ۋە ئۇنى ئاسراش ، ئىقتىساد باشقۇرۇش ، سودا ئىنگلىز تىلى ، سودا روس تىلى ، كاتىباتلىق قاتارلىق 11 كەسپىي مائارىپ ئوقۇتقۇچىلىقى ۋە قوللىنىشچان مەخسۇس كۇرس كەسپلىرى بار . چوڭلار مائارىپ ئىنستىتۇتى ، شۆبە ئوتتۇرا ، باشلانغۇچ مەكتەپ ۋە باللار باغچىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مۇكەممەل تەربىيە ئورگىنى بار . شىنجاڭ ئالىي مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنى تەربىيىلەش مەركىزى ۋە شىنجاڭ قوش تىلدا ئوقۇتۇش ئېلىپ بېرىش تەربىيىلەش مەركىزى مۇشۇ مەكتەپتە قۇرۇلغان . مەكتەپتە دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى تەتقىقات مەركىزى ، مەدەنىيەت ئىنسانشۇناسلىق ئىلمىي ۋە شىنجاڭ ئىجتىمائىي ئىگىلىك تەرەققىيات تەتقىقاتى ، ئېلېكترلەشكەن ئوچۇر تېخنىكىسى ، بوستانلىق تەتقىقاتى قاتارلىق 4 تەتقىقات ئورنى بار . قوللىنىشچان خىمىيە ، شىنجاڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر ئوتتۇرا باشلانغۇچ مەكتەپ تەنتەربىيە ئوقۇتۇش ماتېرىياللىرى ، دۆلەت زېمىن ئىقتىسادىي ، دۇنخۇاڭ تۇرپان ئىلمىي ، غەربىي يۇرت ئەدەبىياتى ، ئالىي مائارىپ ، سىرتقا قارىتا خەنزۇ تىلى ئوقۇتۇش ، ئاسارە - ئەتىقىلەرنى رەتلەش ، شىنجاڭدىكى ئىقتىسادىي ھايۋانلار ، فىزىكا ئوقۇتۇش نەزەرىيىسى ، مىللىي مۇزىكا ، شىنجاڭ مىللىي مەكتەپ تەنتەربىيىسى قاتارلىق 13 تەتقىقات ئىشخانىسى بار . «شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» نى نەشر قىلىپ تارقىتىدۇ . دۆلەت سىرتىدىكى كۆپلىگەن تەتقىقات ئاپپاراتلىرى بىلەن ھەمكارلىشىپ تەتقىق قىلىش ۋە ئىلىم ئالماشتۇرۇش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرىدۇ . چەت ئەللەردىن ئوقۇتقۇچى تەكلىپ قىلىپ ئىشلىتىدۇ ھەمدە خەنزۇ ۋە ئۇيغۇر تىلى كەسپلىرىدە چەت ئەللىك ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىدۇ . مەكتەپ قۇرۇلۇپ ھازىرغا قەدەر 20000 ئوقۇغۇچى تەربىيىلەپ يېتىشتۈردى ، مەكتەپنىڭ ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى $300000m^2$ ، ئوقۇتۇش رايونى كۆلىمى $180000m^2$ ، 39 تەجرىبىخانىسى بار ، 60 تۈمەن پارچە كىتاب كۇتۇپخانىدا ساقلانماقتا .

مەكتەپ ئادرېسى : ئۈرۈمچى شەھىرى تېببىي ئۇنىۋېرسىتېت يولى 19 - نومۇر

پوچتا نومۇرى : 830053 ، تېلېفون : 4812513 (0991)

## شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى

شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى ئاپتونوم رايون قارمىقىدىكى ئۇنىۋېرسال يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى بولۇپ، ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ نەنچاڭ يولى 42 - نومۇرغا جايلاشقان. گېنېرال ۋاڭ جېن قۇرغان ئەسلىدىكى جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى 2 - پىيادە ئەسكەرلەر مەكتىپى ئاساسىدا 1952 - يىلى 8 - ئاينىڭ 1 - كۈنى «1 - ئاۋغۇست ئىنستىتۇتى» بولۇپ قۇرۇلغان. 1995 - يىلى سابىق مەملىكەتلىك مائارىپ كومىتېتىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى قىلىپ ئۆزگەرتىلگەن. ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى 1010000m²، قۇرۇلۇش كۆلىمى 100953m². مەكتەپ شتاتى 1892. ئوقۇتۇش خەنزۇ تىلىدا ئېلىپ بېرىلىدۇ. بۇ مەكتەپتە تەبىئىي پەن، سانائەت، يېزا ئىگىلىك، ئىقتىساد، باشقۇرۇش قاتارلىق دەرسلىكلەر بىر گەۋدە قىلىنغان، دوكتور، ماگىستىر ئاسپىرانتلار مائارىپىدىن باشلاپ تولۇق، مەخسۇس كۇرس مائارىپى، ئالىي دەرىجىلىك كەسپىي مائارىپ، چوڭلار مائارىپى قاتارلىق كۆپ قاتلاملاردىن شەكىللەندۈرۈلگەن ئالىي يېزا ئىگىلىك مائارىپ سىستېمىغا ئايلانغان. ھازىر يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتى، ئورمانچىلىق ئىنستىتۇتى، چارۋىچىلىق ئىنستىتۇتى، سۇ ۋە تۇپراق قۇرۇلۇش ئىنستىتۇتى، ماشىنىسازلىق قاتناش ئىنستىتۇتى، ئىقتىساد سودا ئىنستىتۇتى، چوڭلار مائارىپى ئىنستىتۇتى، يېمەكلىك ئىلمىي فاكۇلتېتى، باغۋەنچىلىك، مۇھىت بايلىقى فاكۇلتېتى، كومپيۇتېر ۋە ئۇچۇر قۇرۇلۇش فاكۇلتېتى، خەنزۇ تىلى بۆلۈمى، چەت ئەل تىلى بۆلۈمى، بىئولوگىيە ئاساسىي بۆلۈمى، ئىجتىمائىي پەن بۆلۈمى، تەنتەربىيە ئوقۇتۇش تەتقىقات بۆلۈمى قاتارلىق 7 ئىنستىتۇت ۋە 9 فاكۇلتېت، بۆلۈملەر، بىر دوكتور تەربىيىلەش نۇقتىسى ۋە 24 ماگىستىر تەربىيىلەش نۇقتىسى، 45 تولۇق، مەخسۇس كۇرس كەسپىي بەرپا قىلىنغان. بۇنىڭ ئىچىدە ئېتىز - ئېرىق سۇ ئىنشائاتى، ئوتلاق ئىلمىي ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك نۇقتىلىق كەسىپ ھېسابلىنىدۇ. 1999 - يىلىدىكى ھەر مىللەت ئوقۇغۇچىلىرى ۋە چەت ئەللىك ئوقۇغۇچىلار سانى 7000 دىن كۆپرەككە يەتكەن. ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچى 2000 دىن كۆپرەك (ئوقۇتقۇچى 704 نەپەر)، بۇنىڭ ئىچىدە پروفېسسور 51 نەپەر، دوتسېنت 222 نەپەر، لېكتور 301 نەپەر، مىللىي ئوقۇتقۇچى %38 نى ئىگىلەيدۇ. ئوقۇتقۇچىلار ئىچىدە دوكتورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشكىنى 30 نەپەر، ماگىستىرلىق ئۇنۋانىغا ئېرىشكىنى 173 نەپەر، پۈتۈن مەكتەپتە 15 تەتقىقات ئورنى ۋە 70 نەچچە تەجرىبىخانا بار. ئىگىلىك يېزا تەجرىبە 2670000m²، مەيدانى ئورمانچىلىق پراكتىكا 46620000m² مەيدانى، 20 گە يېقىن پراكتىكا مەيدانى (زاۋۇتى) ۋە سىرتقا قارىتا ئىشلەپچىقىرىش پراكتىكا بازىسى بار. كۇتۇپخانىدا 32 تۈمەن پارچە كىتاب ساقلانماقتا. مەكتەپ تورى ئىشقا كىرىشتۈرۈلگەن. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، بۇ مەكتەپ مەملىكەتلىك «863» بىئولوگىيىلىك تېخنىكا ساھەسىدىكى زور تەتقىقات تۈرىدىن بىرنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان. دۆلەتنىڭ «9 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدىكى» پاختا، ئاشلىق، ئوتلاق ۋە يېزا

ئىگىلىك ماشىنىلىرى قاتارلىق تەتقىقات تۈرىنى ئۈستىگە ئالغان . دۆلەتلىك تەبىئىي پەن فوندى ياردەم تۈرىدىن 20 نى ئۈستىگە ئالغان . نۆۋەتتە دۆلەت دەرىجىلىك ، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك يېڭى پەن تەتقىقات ۋە تېخنىكا كېڭەيتىش مۇلازىمەت تۈرىدىن 92 نى ئۆز ئۈستىگە ئالدى . دۆلەت مائارىپ كومىتېتى تۈرىدىن 5نى ، جۇڭگو چەت ئەل ھەمكارلىق تۈرىدىن 4نى ، دۆلەت دەرىجىلىك نۇقتىلىق تەجرىبىخانا تۈرىدىن 1نى ، ئاپتونوم رايونلۇق پەن - تېخنىكا كومىتېتى قاتارلىق ھەر قايسى نازارەت ئىدارە تۈرىدىن 69 خىلنى ئۈستىگە ئالغان . پەن تەتقىقات تۈرلىرى ئىچىدە 11 خىل تۈر ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك پەن - تېخنىكا تەرەققىيات مۇكاپاتىغا ، 5 خىل تۈر يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش مۇكاپاتىغا ، 2 خىل تۈر يۈمشاق ئىلىم مۇكاپاتىغا ، 6 خىل تۈر ئىجتىمائىي پەن مۇۋەپپەقىيەت مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن . مەملىكەت ۋە ئاپتونوم رايون بويىچە ئىلغار سەۋىيىگە يەتكەن ۋە تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىنغان تۈرلەر 18 خىلغا يەتكەن . بۇ مەكتەپتە ئېلىپ بېرىلغان كىۋەزنى قىسقا ، زىچ ۋە بالدۇر يېتىشتۈرۈش تېخنىكىسى ، تاۋۇز ئۇرۇقىنى يېتىشتۈرۈش ، ئىنچىكە يۇڭلۇق قوي بېقىش قاتارلىق تەتقىقاتلار ئاپتونوم رايوننىڭ يېزا ئىگىلىك - چارۋىچىلىق تەرەققىياتىغا زور تۆھپىلەرنى قوشقان . شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ 1997 - يىلدىكى تەتقىقات تەرەققىيات نەتىجىسى مەملىكەتلىك 593 تولۇق كۇرسلۇق ئالىي مەكتەپلەر ئىچىدە 138 - ئورۇندا ، 46 يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتى ئىچىدە 13 - ئورۇندا ، شىنجاڭدىكى ئالىي مەكتەپلەر ئىچىدە 1 - ئورۇندا تۇرىدۇ . مەكتەپ قۇرۇلغاندىن بۇيان تەربىيىلەپ چىققان ئوقۇغۇچىلار 40 مىڭدىن ئارتۇق ، بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەتلەر $\frac{1}{3}$ قىسمىنى تەشكىل قىلىدۇ .

مەكتەپ ئادرېسى : ئۈرۈمچى شەھىرى نەنچاڭ يولى 42 - نومۇر
پوچتا نومۇرى : 830052 ، تېلېفون : 4523001

## شىنجاڭ تېببىي ئىنستىتۇتى

ئەسلى ئاساسى شىنجاڭ تېببىي ئىنستىتۇتى ۋە شىنجاڭ جۇڭگوچە داۋالاش ئىنستىتۇتى . ئوقۇتۇش خەنزۇ تىلىدا ئېلىپ بېرىلىدۇ . شىنجاڭ تېببىي ئىنستىتۇتى 1956 - يىلى قۇرۇلغان بولۇپ ، سوۋېت ئىتتىپاقى ياردەم قىلغان . مەملىكىتىمىزنىڭ 1 - بەش يىللىق پىلاندىكى 156 نۇقتىلىق قۇرۇلۇش تۈرىنىڭ بىرى . ئىككى ئىنستىتۇت بىرلەشتىن بۇرۇن ، شىنجاڭ تېببىي ئىنستىتۇتىدا 2 دوكتورلۇق نۇقتىسى ، 28 ماگىستىرلىق نۇقتىسى ، 3 ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك نۇقتىلىق پەن بار بولۇپ ، كۆچلۈك ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى ۋە ئىلغار ئوقۇتۇش ، تەتقىقات ، داۋالاش ئۈسكۈنە ئەسلىھەلىرىگە ئىگە ئىدى . ئىسلاھات ئېچىۋېتىلگەندىن بۇيان نەچچە 10 تۈرلۈك تەتقىقات نەتىجىسى مەملىكەت ، مىنىستىر دەرىجىلىك ، كومىتېت دەرىجىلىك مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن . ھەر قايسى تارماق دوختۇرخانىلار ئايرىم - ئايرىم ھالدا يۈرەك قان تومۇر كېسەللىكىنى داۋالاش ۋە گېن ، يىلىك كۆچۈرۈش ، بۆرەك كۆچۈرۈش قاتارلىق

ساھەلەردە مەملىكەتلىك ئىلغار سەۋىيىگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە قاپلىق قۇرت كېسەللىكىنى داۋالاش ۋە ئالدىنى ئېلىش تەتقىقاتى ۋە ئارسىندىن زەھەرلىنىشنى داۋالاش ۋە ئالدىنى ئېلىش تەتقىقاتى مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدا مۇھىم ئىلمىي ئورۇنغا ئىگە. ئىنستىتۇت قۇرۇلۇپ 42 يىلدىن بۇيان جەمئىيەت ئۈچۈن، دوكتور، ماگىستىرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، ھەر دەرىجىلىك تېببىي داۋالاش خادىملىرىدىن 17810 ئادەمنى تەربىيىلەپ چىقارغان. شىنجاڭ جۇڭيىچە، داۋالاش ئىنستىتۇتى 1985 - يىلى ئەسلىدىكى ئاپتونوم رايونلۇق جۇڭيىچە داۋالاش مەكتىپى، جۇڭيىچە داۋالاش دوختۇرخانىسى ۋە جۇڭيىچەداۋالاش تەتقىقات ئورنى قاتارلىقلار ئاساسىدا قۇرۇلغان بولۇپ، شىنجاڭدىكى زور بىر تۈركۈم نوپۇسلۇق جۇڭيىچە داۋالاش ۋە جۇڭيىچە غەربچە داۋالاشنى بىرلەشتۈرگەن مەتەخەسسىسلەر يىغىلغان ئورۇن بولۇپ، بۇ مەكتەپتە ئوقۇتۇش، داۋالاش، ئىلمىي تەتقىقاتنى بىر گەۋدە قىلغان ئوقۇتۇش سىستېمىسى ئاساسىي جەھەتتىن شەكىللەندۈرۈلگەن. تولۇق، ئوتتۇرا، تۆۋەن دەرىجىدىكى كەسپىي ئۇنۋانغا ئىگە ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى ئاساسىي جەھەتتىن بەرپا قىلىنغان. جۇڭيىچە داۋالاش، جۇڭيىچە قۇرۇق يىڭنە بىلەن داۋالاش ۋە جۇڭيىچە دورىلاردىن ئىبارەت 3 تۈرلۈك تولۇق كۇرس ھەم قۇرۇق يىڭنە بىلەن داۋالاش، جۇڭيىچە دورا، ئالىي سېستىرالىق قاتارلىق 4 مەخسۇس كۇرس كەسپىي تەسىس قىلىنغان. جۇڭيىچە داۋالاش ئىچكى كېسەللىكلەر بۆلۈمى، جۇڭيىچە، غەربچە داۋالاشنى بىرلەشتۈرگەن ئىچكى كېسەللىكلەر بۆلۈمى، قۇرۇق يىڭنە ۋە مېدىتسىنا قەدىمكى مەدەنىيىتى كەسپلىرىدە ماگىستىر، ئاسپىرانتلارنى يېتىشتۈرگەن. 1961 - يىلدىن باشلاپ شىنجاڭ جۇڭيىچە داۋالاش ئىنستىتۇتى (مەكتەپ) جەمئىيەتنىڭ ھەر قايسى قاتلاملىرى ئۈچۈن تەربىيىلەپ چىقارغان ئىختىساسلىق خادىملار 4721 نەپەرگە يەتكەن. 1998 - يىلى 4 - ئاينىڭ 7 - كۈنى مائارىپ مىنىستىرلىقىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن شىنجاڭ تېببىي ئىنستىتۇتى، شىنجاڭ جۇڭيىچە داۋالاش ئىنستىتۇتى بىرلىشىپ، شىنجاڭ تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتى قۇرۇلغان، 1998 - يىلى 9 - ئاينىڭ 10 - كۈنى شىنجاڭ تېببىي ئىنستىتۇتى رەسمىي ۋىۋىسكا تاختىسىنى ئاسقان، باش شۇجى جياڭ زېمىن ئۆز قولى بىلەن شىنجاڭ تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ نامىنى يېزىپ بەرگەن، مەكتەپ ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى $525745m^2$ ، ئوقۇتۇش قۇرۇلۇش كۆلىمى $212142m^2$. بۇ مەكتەپ ئورمان بەرپا قىلىپ كۆكەرتىش خىزمىتىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ ۋە ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى نەمۇنىلىك ئورۇن. مەكتەپ شتاتى 1343. بۇ مەكتەپتە بەش ئىنستىتۇت بار. يەنى جۇڭيىچە داۋالاش ئىنستىتۇتى، كلىنىك داۋالاش ئىنستىتۇتى، ئاممىۋى سەھىيە ئىنستىتۇتى، دورىگەرلىك ئىنستىتۇتى، چوڭلار مائارىپى ئىنستىتۇتى؛ 3 بۆلۈم: تېببىي ئاساسىي ئىلىم بۆلۈمى، فىلولوگىيە بۆلۈمى، تەنتەربىيە ئوقۇتۇش بۆلۈمى؛ 2 فاكۇلتېت: جۇڭيىچە داۋالاش ئىچكى كېسەللىكلەر فاكۇلتېتى ۋە يىڭنە بىلەن داۋالاش سۆڭەك كېسەللىكلىرى فاكۇلتېتى؛ 5 شۆبە داۋالاش ئاپپاراتى، ئىككى شۆبە

سېستىرا مەكتىپى ۋە ئىككى شۆبە ئوتتۇرا مەكتىپى بار . 1999 - يىلدىكى ئوقۇتقۇچى ، ئىشچى - خىزمەتچىسى 5289 (بۇنىڭ ئىچىدە كەسپىي تېخنىك خادىملار 4188 نەپەر ، مۇئاۋىن ئالىي دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كەسپىي تېخنىك خادىملار 654 نەپەر ) نەپەر ، ئوقۇغۇچى سانى 7407 (بۇنىڭ ئىچىدە تولۇق كۇرس ئوقۇغۇچىلىرى 3272 ، مەخسۇس كۇرس ئوقۇغۇچىلىرى 729 ، دوكتور ، ئاسپىرانتلار 23 ، ماگىستىر ئاسپىرانتلار 209 ، ھەر تۈرلۈك چوڭلار مائارىپىنىڭ ئوقۇغۇچى سانى 2546 ، ئوتتۇرا تېخنىكوم سېستىرالىق ئوقۇغۇچىلىرى 628 نەپەر ) نەپەر ، تولۇق كۇرس كەسپى 8 ، تولۇق كۇرس كەسپى يۆلىنىشى 7 ، مەخسۇس كۇرس كەسپىي 16 ، مەخسۇس كۇرسنىڭ كەسپىي يۆلىنىشى 11 . 1999 - يىلى يېڭىدىن ئېغىز بوشلۇقى ئىلمى ، سېستىرالىق ئىلمىي ، جۇڭگوچە ، غەربچە داۋالاشنى بىرلەشتۈرۈش ئىلمىدىن ئىبارەت ئۈچ تولۇق كۇرس كەسپىي تەسىس قىلىندى . شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا مەخسۇس كۇرستىن تولۇق كورسقا ئۆرلەپ ئوقۇش كەسپلىرى تەسىس قىلىندى . مەكتەپتە 2 دوكتورلۇق ئۇنۋان نوقتىسى ، 28 ماگىستىرلىق ئۇنۋان نۇقتىسى ، 3 ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك نۇقتىلىق كەسىپ ، 8 مەكتەپ دەرىجىلىك نۇقتىلىق كەسىپ بار . 6 ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك تەتقىقات ئورنى ياكى مەركىزى ، 20 مەكتەپ دەرىجىلىك تەتقىقات ئىشخانىسى بار بولۇپ ، پۈتۈن شىنجاڭدا 25 كلىنىكىلىق ئوقۇتۇش پراكتىكا بازىسى تەسىس قىلغان . مەكتەپتە يەنە خىزمەتتىكى خادىملارنىڭ ئاسپىرانتلىق ئۇنۋانىنى ئىلتىماس قىلىش ئورنى ۋە كەسپىي ئۇنۋان بېرىش ئورنى بار . مەكتەپنىڭ 300 دىن ئارتۇق ئىلمىي تەتقىقات نەتىجىسى ھەر دەرىجىلىك مۇكاپاتلارغا ئېرىشكەن بولۇپ ، بۇنىڭ ئىچىدە 5 تۈر مەملىكەت دەرىجىلىك ، 11 تۈر مىنىستىر كومىتېتى دەرىجىلىك ، 131 تۈر ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مۇكاپاتلارغا ئېرىشكەن . مەملىكەتتىكى ھەر خىل گېزىت - ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنغان ئىلمىي ماقالىلەر 4700 پارچىغا يېتىدۇ . 400 نەپەر مۇتەخەسسىس مەملىكەتلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئالاھىدە تەمىناتىدىن بەھرىمەن بولىدۇ . 13 نەپەر يولداش ئاپتونوم رايوندا ئالاھىدە تۆھپە قوشقان مۇنەۋۋەر مۇتەخەسسىس دېگەن شەرەپلىك نامغا ئېرىشكەن . ئامېرىكا ، ئەنگلىيە ، ياپونىيە ، قازاقىستان قاتارلىق دۆلەتلەردىكى ئالىي مەكتەپ ۋە ئىلمىي تەتقىقات ئاپپاراتلىرى بىلەن ھەمكارلىق مۇناسىۋىتى ئورناتقان ، كۇتۇپخانىدا ساقلانغان كىتاب 30.7 تومەن پارچىدىن ئارتۇق ، جۇڭگو مائارىپ تەتقىقات تورى ۋە خەلقئارالىق ئىنتېرنېت تورى بىلەن تورلاشتۇرۇلغان ھەم يىراق مۇساپىلىق مائارىپ تورى بەرپا قىلىنغان . ئاپتونوم رايونلۇق تېببىي ئۈچۈر مەركىزى بۇ مەكتەپتە تەسىس قىلىنغان . مەكتەپكە قاراشلىق داۋالاش ئاپپاراتلىرى ئىچىدە 1 - شۆبە دوختۇخانىسى ، 2 - شۆبە دوختۇرخانىسى ، ئۆسمە كېسەللىكلىرى شۆبە دوختۇرخانىسى ۋە شۆبە جۇڭيىچە داۋالاش دوختۇرخانىسى دۆلەتلىك 3 - دەرىجىلىك A دەرىجىلىك دوختۇرخانا ھېسابلىنىدۇ . شىنجاڭ جۇڭيىچە داۋالاش ، تەتقىقات ئورنى شۆبە دوختۇرخانىسى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى بىردىنبىر جۇڭيىچە داۋالاش دورىگەرلىك تەتقىقات ئورگىنى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ .

مەكتەپ ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى تېبىبىي ئىنستىتۇت يولى 8 - نومۇر
پوچتا نومۇرى: 830054، تېلېفون: 4841491 (0991)

## شىنجاڭ سانائەت ئىنستىتۇتى

جۇڭگو روسىيە رەڭلىك مېتال شىركىتى كانچىلىق تېخنىكا مەكتىپى ئاساسىدا 1953 - يىلى 2 - ئايدا ئۈرۈمچى شەھىرىدە قۇرۇلغان. 1958 - يىلى 7 - ئايدا مېتاللورگىيە سانائەت مىنىستىرلىقى شىنجاڭ كان مېتاللورگىيە ئىنستىتۇتى قىلىپ ئۆزگەرتىلگەن. 1966 - يىلى 5 - ئايدا شىنجاڭ سانائەت ئىنستىتۇتى قىلىپ بېكىتىلگەن. ئوقۇتۇشتا خەنزۇ، ئۇيغۇر، ئىنگلىز تىلى قوللىنىدۇ. تولۇق كۇرستىكى مىللىي، خەنزۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇش يىلى 4 يىل (مىللىي ئوقۇغۇچىلار بىر يىل تەييارلىق ئوقۇيدۇ.)، مەخسۇس كۇرستىكى مىللىي، خەنزۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇش يىلى 3 يىل (مىللىي ئوقۇغۇچىلار بىر يىل تەييارلىق ئوقۇيدۇ.). ماگىستىر ئاسپىرانتلىق ئوقۇيدىغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇش يىلى 3 يىل. مەملىكەتلىك ئۇنۋان كومىتېتىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن ئىنستىتۇتتىكى 20 دىن ئارتۇق كەسىپنىڭ باكلاۋىرلىق ئۇنۋان بېرىش ھوقۇقى، 7 كەسىپنىڭ ماگىستىرلىق ئۇنۋان بېرىش ھوقۇقى بار. بايلىق ۋە مۇھىت قۇرۇلۇش فاكۇلتېتى، ئېلېكترون قۇرۇلۇش فاكۇلتېتى، يېنىك سانائەت فاكۇلتېتى، خىمىيە سانائەت فاكۇلتېتى، بىناكارلىق فاكۇلتېتى، توقۇمىچىلىق فاكۇلتېتى، ماشىنىسازلىق فاكۇلتېتى، كومپيۇتېر ئىلمى فاكۇلتېتى، باشقۇرۇش فاكۇلتېتى، چوڭلار مائارىپى ئىنستىتۇتى، تەنتەربىيە ئوقۇتۇش تەتقىقات بۆلۈمى، ئۇچۇر مەركىزى قاتارلىق 15 ئوقۇتۇش ئورنى بار، 33 تولۇق ۋە مەخسۇس كۇرس كەسپى بار، بۇنىڭ ئىچىدە بايلىق قېدىرىپ تەكشۈرۈش ۋە ئېچىش، كان بايلىقلىرى قۇرۇلۇش، ماتېرىيال پىششىقلاپ ئىشلەش ھەم كونترول قىلىش قۇرۇلۇشى، خىمىيە سانائەت ئۈسكۈنىلىرى ۋە كونترول قىلىش قۇرۇلۇشى، ئېلېكتىر قۇرۇلۇشى ۋە ئاپتوماتلاشتۇرۇش، ئېلېكترونلۇق ئۇچۇر قۇرۇلۇشى، كومپيۇتېر ئىلمى تېخنىكىسى، مۇھەت قۇرۇلۇشى، يېمەكلىك ئىلمى ۋە قۇرۇلۇشى، توقۇمىچىلىق قۇرۇلۇشى، بىناكارلىق ئىلمى، ئاپتوماتلاشتۇرۇش قاتارلىق كەسپلەر خەلق ئىگىلىكى قۇرۇلۇشى بىلەن ئىنتايىن زىچ مۇناسىۋەتلىك. مەكتەپنىڭ ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى 24.1 تۈمەن. ئوقۇتۇش رايونى قۇرۇلۇش كۆلىمى 16 تۈمەن كۋادرات مېتىر. مەكتەپنىڭ ئەسلىھەلىرى تولۇق بولۇپ، 54 ئاساسىي ۋە كەسپىي تەجرىبىخانا، بىر ئېلېكترلىك ئوقۇتۇش مەركىزى ۋە ھەر قايسى فاكولتېت بۆلۈملەر كومپيۇتېر مەركىزى (ئىشخانىسى) بار. ئىنستىتۇتنىڭ پراكتىكا تەتقىقات زاۋۇتى ۋە ھەرقايسى قۇرۇلۇش لاھىيىلەش تەتقىقات ئورۇنلىرى يۇقىرى تېخنىكىلىق قۇرۇلۇشنى لاھىيىلەش، تەتقىق قىلىش، ئىشلەپچىقىرىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئېلىپلا قالماي، يەنە ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىلارنى قۇرۇلۇش لاھىيىلەش تەتقىقاتى، مېتاللارنى سوۋۇتۇش، قىزىتىش، پىششىقلاپ ئىشلەش

تېخنىكىسى پراكتىكىسى ۋە پەن تەتقىقات نەتىجىلىرىنى مەھسۇلاتقا ئۆزگەرتىش ھەمدە سىناق تەرتىقىسىدە پېششىقلاپ ئىشلەش تەجرىبىسى ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن ياخشى ئورۇن بىلەن تەمىن ئېتىدۇ . ئىنستىتۇتتا بىر قەدەر كۈچلۈك ئىلمىي تەتقىقات قوشۇنى ۋە بىر قەدەر مۇكەممەل ئەسلىھەلەر بار . نۇرغۇن تەتقىقات نەتىجىلىرى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا مەملىكەت ۋە ئاپتونوم رايونلۇق مۇنەۋۋەر مۇكاپاتقا ئېرىشكەن . يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ، ئىنستىتۇت سىرت بىلەن بولغان ئالاقىنى كۈچەيتىپ ، 112 نەپەر ئوقۇتقۇچىنى ئامېرىكا ، ئەنگلىيە ، فرانسىيە ، گېرمانىيە ، ياپونىيە قاتارلىق دۆلەتلەرگە زىيارەت ، تەكشۈرۈش ۋە ئوقۇشقا ئەۋەتتى . شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئىتالىيە ، ئامېرىكا ، ياپونىيە ، مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسى قاتارلىق دۆلەتلەردىنمۇ مۇتەخەسسىس تەكلىپ قىلىپ ئىشلەتتى ھەم ياپونىيە ، ئامېرىكا ، گېرمانىيە ، كانادا قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىنى قوبۇل قىلدى . مەكتەپ شاڭخەي قاتناش ئۇنىۋېرسىتېتى ، شەرقىي جەنۇب ئۇنىۋېرسىتېتى ، شىئەن قاتناش ئۇنىۋېرسىتېتى ، تۇڭجى ئۇنىۋېرسىتېتى ، غەربىي شىمال توقۇمىچىلىق ئىنستىتۇتى ، شەرقىي جۇڭگو سانائەت ئۇنىۋېرسىتېتى قاتارلىق 20 نەچچە مەكتەپ بىلەن دوستلۇق ھەمكارلىق ئورناتتى ۋە شىنجاڭدا بىرلىكتە ئىلمىي تەتقىقات خىزمىتى ۋە تېخنىكا ئۆزگەرتىش تۈرىنى ئۈستىگە ئالدى . دالىيەن سانائەت ئۇنىۋېرسىتېتى ، ئوتتۇرا جۇڭگو سانائەت ئۇنىۋېرسىتېتى ، بېيجىڭ سانائەت ئۇنىۋېرسىتېتى قاتارلىقلار بىلەن بىرلىكتە ماگىستىر ، ئاسپىرانت دەرسلىكى ، بىلىم ئاشۇرۇش سىنىپى ۋە قۇرۇلۇش ئاسپىرانتلىق سىنىپى ئاچتى . مەملىكەتلىك ۋە غەربىي رايوندىكى ئالىي دەرىجىلىك سانائەت ئىنستىتۇت مەكتەپلەر ھەمكارلىق گورۇپپىسىغا قاتناشتى . 1999 ـ يىلدىكى رەسمىي ئوقۇتقۇچى سانى 619 نەپەر ، ئوقۇغۇچى سانى 6600 نەپەر . مەكتەپ قۇرۇلغاندىن بۇيان 20000 دىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى تەربىيىلىگەن .

ئادرېسى : ئۈرۈمچى شەھىرى شىمالى دوستلۇق يولى 21 ـ نومۇر .

پوچتا نومۇرى : 830008 ، تېلېفون : 4843401 (0991)

## شىنجاڭ مالىيە ئىقتىساد ئىنستىتۇتى

1950 ـ يىلدىكى شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى كادىرلار مەكتىپى ئاساسىدا قۇرۇلغان . 1957 ـ يىلى مۇناسىۋەتلىك مەكتەپ بىلەن بىرلىشىپ ، شىنجاڭ مالىيە سودا مەكتىپى بولۇپ قۇرۇلغان . 1959 ـ يىلى شىنجاڭ مالىيە ئىقتىساد ئىنستىتۇتى بولۇپ قۇرۇلغان . 1962 ـ يىلى مەكتەپ تاقىلىپ ، 1980 ـ يىلى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن . 1988 ـ يىلى ماگىستىرلىق ئۇنۋانى بېرىش ھوقۇقىغا ئېرىشكەن ، بۇ مەكتەپ بىردىنبىر ئۇنىۋېرسال خاراكتېردىكى ئالىي ئىقتىساد كەسپىي خادىملىرىنى تەربىيىلەيدىغان پۈتۈن كۈنلۈك تۈزۈمدىكى مالىيە ئىقتىساد تىپىدىكى ئالىي مەكتەپ بولۇپ ، شىنجاڭدىكى نۇقتىلىق ئالىي مەكتەپلەرنىڭ بىرى ، ئوقۇتۇش خەنزۇ تىلىدا ئېلىپ بېرىلىدۇ . بوغالتىرلىق ، پۇل مۇئامىلە ، بازار ، مالىيە ئىقتىساد ، سودا سانائەت باشقۇرۇش ،

ستاتىستىكا ۋە ئۇچۇر باشقۇرۇش ، قانۇن ، ئىقتىساد قاتارلىق 8 فاكۇلتېت ، ماركسىزم - لېنىنىزم كافېدراسى ، ئاساسىي بۆلۈم ، خەنزۇ تىلى تەتقىقات بۆلۈمى ، كومپيۇتېر مەركىزى ، تەنتەربىيە ئوقۇتۇش تەتقىقات ئىشخانىسى ۋە گۈزەللىك تەربىيىسى تەتقىقات ئىشخانىسى قاتارلىق ئاساسىي ئوقۇتۇش بۆلۈملىرى ، بىر چوڭلار مائارىپى ئىنستىتۇتى ۋە ئىشتىن سىرت ئوقۇش بۆلۈمى بار . ئۇنىڭدىن باشقا شىنجاڭ ئىقتىساد ئېچىۋېتىش تەتقىقات ئورنى ۋە يۇمشاق پەنلەر تەتقىقات ئورنىدىن ئىبارەت ئىككى تەتقىقات ئورنى ۋە بوغالتىرلىق ئىشلىرى ئورنى ، مال - مۈلۈكنى باھالاش ئورنى ۋە مۆپەتتىش قىلىش بۆلۈمى قاتارلىق ئۈچ ئىجتىمائىي ئەمەلىيەت ئورنى بار . نۆۋەتتە پۇل مۇئامىلە ئىلمى ، ستاتىستىكا ئىلمى ، مالىيە ئىقتىساد ئىلمى ، سودا سانائەت باشقۇرۇش ئىلمى قاتارلىق 11 تولۇق كۇرس كەسىپلىرى ۋە مۇناسىۋەتلىك مەخسۇس كۇرس كەسىپلىرى ، كاسسىرلىق ، پۇل مۇئامىلىدە ماگىستىرلىق نۇقتىسى بار . مەكتەپ ئوقۇتۇشنى مەركەز قىلىش كۆز قارىشىنى كۈچەيتىپ ، ئوقۇتۇش خىزمىتىدە ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىپ ، ئاساسىنى پۇختا سېلىش ، ئىشكىنى چوڭ ئېچىۋېتىش ، ئەمەلىيەتچانلىقنى كۈچەيتىش ، تەدبىقلاشقا ئەھمىيەت بېرىشتە چىڭ تۇردى . جەمئىيەتنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن ئوقۇتۇش پىلانىنى تەڭشەپ قوشۇمچە كەسىپلەرنى تەسىس قىلىپ ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈردى . كومپيۇتېر ، ئىنگلىز تىلى ، خەنزۇ تىلى ئىمتىھانى بىلەن دۆلەتلىك ئىمتىھانلار تۇتاشتۇرۇلدى ، مەملىكەتلىك خەنزۇ تىلى سەۋىيە سىناش ئىمتىھانىنىڭ شىنجاڭ ئىمتىھان نۇقتىسىمۇ مۇشۇ مەكتەپتە تەسىس قىلىندى . ئوقۇتۇشنى باشقۇرۇشتا ، ئوقۇش نومۇر تۈزۈمى ئۇمۇمىيۈزلۈك يولغا قويۇلدى ، ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ 2 - ، 3 - بۆلەكلىك خەنزۇ تىلدا ئوقۇتۇش سىنىقى ئېلىپ بېرىلدى . مەكتەپنىڭ ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى 24 تۈمەن كۋادرات مېتىر ، ئوقۇتۇش رايونى قۇرۇلۇش كۆلىمى $48066m^2$ ، كۇتۇپخانىدا ساقلىنىۋاتقان كىتابلار 45 تۈمەن پارچە بولۇپ ، كومپيۇتېرلىق باشقۇرۇش ۋە توردا تەكشۈرۈش ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى . ئىنستىتۇتتا بىر قەدەر مۇكەممەل بولغان چوڭ ، ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئوقۇتۇش تەتقىقات سايمانلىرى بار ، بىر قەدەر چوڭ كۆلەمگە ئىگە كومپيۇتېر مەركىزى تورى ، ئۇچۇر بىر تەرەپ قىلىش سىستېمىسى ۋە ئوقۇتۇش يۇمشاق دېتال سىستېمىسى بار بولۇپ ، ئىنتېرنېت تورى بىلەن تۇتاشتۇرۇلغان . تىل تەجرىبە ئىشخانىسى 6 ، كەسپىي تەجرىبىخانا 4 ، يېپىق يوللۇق تېلېۋىزور سىستېمىسى ۋە سىنئالغۇ سۈرەتلىرىنى تەھرىرلەش سىستېمىسى بار . 1994 - يىلىدىن ھازىرغا قەدەر كۆپ قېتىم مەملىكەتلىك ئىلمىي مۇزاكىرە يىغىنى ئۇيۇشتۇردى . مەملىكەت ۋە ئۆلكە دەرىجىلىك دەرسلىك تېمىسىدىن 69 خىل تەتقىقات تېمىسىنى ئۈستىگە ئالدى ، قاتناشتى ۋە تاماملىدى . نەشىردىن چىقارغان ئەسەر 78 پارچە ، ھەر خىل گېزىت - ژۇرناللار ۋە ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرىدا ئېلان قىلغان ئىلمىي ماقالە 2000 پارچىدىن ئارتۇق بولۇپ ، كۆپ قېتىم مەملىكەت ۋە ئاپتونوم رايوندا مۇنەۋۋەر نەتىجە مۇكاپاتىغا ئېرىشتى .

مەكتەپ تەھرىرلەپ نەشىردىن چىقارغان «شىنجاڭ مالىيە ئىقتىسادىي» دېگەن ژۇرنالنى پۈتۈن مەملىكەتكە تارقاتتى . مەكتەپ ياپونىيە ، ئامېرىكا ، مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسى قاتارلىق چەت ئەلدىكى ھەمدە دۆلەت ئىچىدىكى مۇناسىۋەتلىك ئۇنىۋېرسىتېتلار بىلەن ھەر خىل شەكىلدىكى ھەمكارلىق مۇناسىۋىتى ئورناتتى ، ياپونىيە ئاسىيا ئۇنىۋېرسىتېتى بىلەن دوستلۇق ئورناتقان ۋە ئۆزئارا ئوقۇغۇچى ئەۋەتىشكەن . مەكتەپ بۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە ھەر قايسى دۆلەتلەردىن چەت ئەللىك ئوقۇغۇچىلارنى قوبۇل قىلدى . 1997 ـ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتىنىڭ ئوقۇتۇشنى ئۇنىۋېرسال باھالىشىدىن ئۆتۈپ مائارىپ مىنىستىرلىقى تەرىپىدىن لاياقەتلىك مەكتەپ دەپ ئېتىراپ قىلىنغان . 1999 ـ يىلدىكى ئوقۇتقۇچى ، ئىشچى ـ خىزمەتچى سانى 880 دىن ئازتۇق ، بۇنىڭ ئىچىدە خىزمەتتىكى مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 472 نەپەر ، مۇئاۋىن ئالىي دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانغا ئىگە ئوقۇتقۇچى 160 نەپەر . ئوقۇغۇچى سانى 5681 نەپەر (چوڭلار مائارىپى ئوقۇغۇچىلىرى 1750 نەپەر ) . مەكتەپ قۇرۇلغاندىن بۇيان جەمئىيەتنىڭ ھەر قايسى ساھەلىرىگە 40000 دىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى تەربىيىلەپ بەردى .

مەكتەپ ئادرېسى : ئۈرۈمچى شەھىرى شىمالى بېيجىڭ يولى 15 ـ نومۇر .

پوچتا نومۇرى : 830012 ، تېلېفون : 3716811 (0991)

### شىنجاڭ سەنئەت ئىنستىتۇتى

1958 ـ يىلدىكى شىنجاڭ ئىنستىتۇتى سەنئەت فاكۇلتېتى ئاساسىدا قۇرۇلغان شىنجاڭ سەنئەت مەكتىپى ئاساسىدا 1960 ـ يىلى سەنئەت ئىنستىتۇتى قىلىپ ئۆزگەرتىلگەن . 1962 ـ يىلى يەنە شىنجاڭ سەنئەت مەكتىپى بولۇپ ئۆزگەرتىلگەن . 1987 ـ يىلى 5 ـ ئايدا مەملىكەتلىك مائارىپ كومىتېتىنىڭ تەستىقلىشى ئارقىسىدا رەسمىي ھالدا شىنجاڭ سەنئەت ئىنستىتۇتى بولۇپ قۇرۇلۇپ ، شىنجاڭدىكى بىردىنبىر ئۇنىۋېرسال تولۇق كۇرسلۇق سەنئەت مەكتىپى بولۇپ قالغان . ئوقۇتۇشتا خەنزۇ تىلى ، ئۇيغۇر تىلى قوللىنىدۇ ، ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتىغا بىۋاسىتە قارايدۇ . مەكتەپنىڭ يەر كۆلىمى $67000m^2$ ، ئوقۇتۇش رايونى قۇرۇلۇش كۆلىمى $15164m^2$ . مۇزىكا ، رەسىم ، تىياتىر ، ئۇسسۇل قاتارلىق 4 كەسىپ ۋە بىر ئاساسىي ئوقۇتۇش بۆلۈمى تەسىس قىلىنغان ، قوشۇمچە چوڭلار (كەچلىك ) ئالىي مەكتىپى ۋە ئوتتۇرا تېخنىكوم بۆلۈمى تەسىس قىلىنغان . بۇ مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچى ، ئوقۇغۇچىلىرى ئىجاد قىلغان 100 دىن ئارتۇق مۇزىكا ، تىياتىر ، ئۇسسۇل نومۇرلىرى ۋە 300 دىن ئارتۇق گۈزەل سەنئەت ، فوتو سۈرەت ئەسەرلىرى دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى سەنئەت مۇسابىقىلىرىدە مۇكاپاتقا ئېرىشكەن . كۆپ خىل تەتقىقات تېمىسى ئاپتونوم رايون ۋە مەملىكەتتە مۇكاپاتقا ئېرىشكەن ، ھەر خىل پەنلەر بويىچە ئېلان قىلىنغان ئەسەر ، تەرجىمە ئەسەر ، رەسىم توپلىمىسى 60 پارچىدىن ئارتۇق . ئىنستىتۇت ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ئامېرىكا ،

ئەنگلىيە ، گېرمانىيە ، مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسى ، ياپونىيە قاتارلىق 20 نەچچە دۆلەت ۋە شياڭگاڭ ، ئاۋمىن ، تەيۋەن رايونى بىلەن ئىلمىي تەجرىبە ئالماشتۇرۇش ، ئۆزئارا ئوقۇغۇچى ئەۋەتىش ئېلىپ بارغان ، 1992 - يىلى ئىنستىتۇت ئۆمىكى ياپونىيەدە ئۆتكۈزۈلگەن دۇنيا ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى سەنئەت بايرىمىغا قاتنىشىپ ، 1 - دەرىجىلىك ئورۇنلاش مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن . 1999 - يىلدىكى رەسمىي ئوقۇتقۇچى سانى 280 نەپەر . ئوقۇغۇچى سانى 1339 نەپەر .

مەكتەپ ئادرېسى : ئۈرۈمچى شەھىرى ئىتتىپاق يولى 78 - نومۇر .

پوچتا نومۇرى : 830001 . تېلېفون : 2568202 (0990)

## شىنجاڭ نېفىت ئىنستىتۇتى

ئەسلى نامى ئۈرۈمچى نېفىت مەكتىپى بولۇپ ، ئەسلى ئاساسىي 1955 - يىلى قۇرۇلغان نېفىت سانائەت مىنىستىرلىقى ئۈرۈمچى نېفىت مەكتىپى ئىدى . 1958 - يىلى 8 - ئايدا ئۈرۈمچى نېفىت مەكتىپى ئاساسىدا شىنجاڭ نېفىت ئىنستىتۇتى قۇرۇلغان . 1962 - يىلى خەلق ئىگىلىكى تەڭشىلىپ ، شىنجاڭ نېفىت ئىنستىتۇتى ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىشنى توختاتقان . 1964 - يىلغا كەلگەندە بارلىق ئوقۇغۇچىلىرى ئوقۇش پۈتتۈرۈپ مەكتەپ تاقالغان . 1983 - يىلى 1 - ئاينىڭ 17 - كۈنى مەملىكەتلىك مائارىپ مىنىستىرلىقى شىنجاڭ نېفىت ئىنستىتۇتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى تەستىقلىغان . مەكتەپتە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمەت ۋە جۇڭگو نېفىت تەبىئىي گاز گۇرۇھى شىركىتىنىڭ قوش رەھبەرلىكى يولغا قويۇلۇپ ، ئاپتونوم رايون ئاساس ، شىنجاڭ نېفىت باشقۇرۇش ئىدارىسى ۋاكالەت باشقۇرىدىغان رەھبەرلىك قۇرۇلمىسى تۇرغۇزۇلغان . 1992 - يىلى 12 - ئاينىڭ 3 - كۈنى مەملىكەتلىك مائارىپ كومىتېتىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن شىنجاڭ نېفىت ئىنستىتۇتىنىڭ رەھبەرلىك تۈزۈلمىسى ھازىر قوللىنىۋاتقان تۈزۈلمىسىگە ئۆزگەرتىلگەن ۋە جۇڭگو تەبىئىي گاز گۇرۇھى شىركىتىگە تەۋە بولغان . مەكتەپنىڭ يەر كۆلىمى $93406m^2$ . ئوقۇتۇش رايونى قۇرۇلۇش كۆلىمى $29780m^2$ . ئىنستىتۇتتا 9 فاكۇلتېت تەسىس قىلىنغان بولۇپ ، ئۇلار قىدىرىپ تەكشۈرۈش فاكۇلتېتى ، نېفىت قۇرۇلۇش فاكۇلتېتى ، خىمىيە سانائەت فاكۇلتېتى ، ماشىنىسازلىق ئېلېكتر قۇرۇلۇش فاكۇلتېتى ، ئىقتىساد باشقۇرۇش فاكۇلتېتى ، كومپيۇتېر قوللىنىش فاكۇلتېتى ، تەييارلىق بۆلۈمى ، ئاساسىي بۆلۈمى ، ئىجتىمائىي پەن بۆلۈمى قاتارلىقلار . 6 خىل تولۇق كۇرس كەسپى تەسىس قىلىنغان بولۇپ ، ئۇلار : نېفىت ۋە تەبىئىي گازنى گېئولوگىيىلىك قىدىرىپ تەكشۈرۈش ، خىمىيە سانائەت قۇرۇلۇشى ، خىمىيە سانائەت ئۈسكۈنىلىرى ۋە ماشىنىسازلىق ، كومپيۇتېر ۋە ئۇنى ئىشلىتىش ، مالىيە بوغالتىرلىق قاتارلىقلار ، 7 مەخسۇس كۇرس كەسپى ۋە يۆلىنىشى تەسىس قىلىنغان بولۇپ ئۇلار : بۇرغىلاش ، نېفىت ئېلىش تېجارىتى ؛ سانائەت سودا ئىقتىسادى ، ماشىنا رىمونتچىلىقى ۋە باشقۇرۇش ، نېفىت خىمىيە ھۈنەر - سەنئىتى ، ماشىنىسازلىق لايىھەلەش ۋە ياساش

قاتارلىقلار . شىنجاڭ ، گەنسۇ ، چىڭخەي ، نىڭشىيا ، شەنشى ، سىچۇەن ، جۇڭچىڭ ۋە باشقا چېگرا رايون ، ئۆلكىلەرگە يۈزلىنىپ ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىدۇ ، تەييارلىغان پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار شىئەن نېفىت ئىنستىتۇتى ۋە نېفىت ئۇنىۋېرسىتېتىغا يۆتكىلىپ ئۆگىنىدۇ ، نۆۋەتتە ئىنستىتۇتتا 280 خىلدىن ئارتۇق دەرسلىك تەسىس قىلىنغان . زۆرۈر ئوقۇشلۇق 240 خىلدىن ئارتۇق 11 تەجرىبىخانا ھەمدە پراكتىكا تەتقىقات زاۋۇتى ۋە ئېلېكترون پراكتىكا بازىسى بار . بۇ مەكتەپ ئىلمىي تەتقىقات ئېلىپ بېرىش ۋە پەن - تېخنىكا مۇلازىمىتى ئېلىپ بېرىشتا چىڭ تۇرۇپ كەلمەكتە . ھازىر 8 تەتقىقات ئورنى ۋە 1 تەتقىقات ئۇيۇشمىسى بار . كۇتۇپخانىدا ساقلىنىۋاتقان كىتاب 18500 پارچىدىن ئارتۇق . «شىنجاڭ نېفىت ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1985 - يىلى 5 - ئايدىن باشلاپ نەشر قىلىنغان مەملىكەت دەرىجىلىك ئىلمىي تەجرىبە ئالماشتۇرۇش ژۇرنال بولۇپ ، پۈتۈن مەملىكەتكە تارقىتىلىدۇ . 1995 - يىلى ئىنستىتۇت ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مەدەنىيەتلىك ئورۇن بولۇپ باھالانغان . 1996 - يىلى دۆلەت مائارىپ كومىتېتى تەرىپىدىن تولۇق كۇرس ئوقۇتۇشىدا لاياقەتلىك مەكتەپ دەپ باھالانغان . 1983 - يىلى مەكتەپ ئەسلىگە كەلگەندىن تارتىپ 1997 — يىلغىچە تولۇق ، مەخسۇس كۇرس ئوقۇغۇچىلىرىدىن 2614 نى تەربىيىلىگەن . 1999 - يىلدىكى ئوقۇتقۇچى ، ئىشچى - خىزمەتچى سانى 410 نەپەر • رەسمىي ئوقۇتقۇچى 134 نەپەر . بۇنىڭ ئىچىدە پروفېسسور 2 ، دوتسېنت 36 ، لېكتور 111 ، ياردەمچى ئوقۇتقۇچى 23 . باشقا كەسپىي خادىملار ئىچىدە ئالىي دەرىجىلىك كەسپىي ئۇنۋانغا ئېرىشكەنلەر 28 ، ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئۇنۋانغا ئېرىشكەنلەر 74 نەپەر . ئوقۇغۇچى سانى 1271 نەپەر .

مەكتەپ ئادرېسى : ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئىتتىپاق يولى 169 - نومۇر .
پوچتا نومۇرى : 830000 . تېلېفون : 451725 (0991)

## شىنجاڭ سانائەت ئالىي تېخنىكومى

شىنجاڭ سانائەت ئالىي تېخنىكومى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى بىردىنبىر سانائەت ئالىي تېخنىكوم ھېسابلىنىدۇ . 1958 - يىلى 9 - ئاينىڭ 1 - كۈنى جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى باش ئارقا سەپ بۆلۈمى 2 - تەييارلىق مەكتىپى كوللېكتىپ كەسىپ ئالماشتۇرغاندىن كېيىن شىنجاڭدا قۇرغان شىنجاڭ كۆمۈركان مەكتىپى ئاساسىدا قۇرۇلغان . 1960 - يىلى 7 - ئاينىڭ 6 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ تەستىقلىشى بىلەن شىنجاڭ كۆمۈركان ئىنستىتۇتى قىلىپ ئۆزگەرتىلگەن . كۆمۈر قېزىش ، كان قۇرۇلۇش قاتارلىق 3 فاكولتېت ، يەر ئاستىدا كۆمۈر قېزىش ، كان قۇدۇقى قۇرۇلۇشى ، توپا قۇرۇلۇشى ، كۆمۈركان ماشىنىسازلىقى قاتارلىق 4 كەسىپ تەسىس قىلىپ ، 5 يىللىق تۈزۈمدىكى ئالىي تېخنىكوم ئوقۇغۇچىلىرىنى تەربىيىلىگەن 1962 - يىلى 6 - ئاينىڭ 11 - كۈنى ئۈرۈمچى شەھەرلىك كۆمۈركان مەكتىپى دەپ ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن . شۇنىڭدىن ئېتىبارەن يەر ئاستىدا كۆمۈر قېزىش ، كۆمۈركان

ماشىنىسازلىقى قاتارلىق ئىككى ئوتتۇرا تېخنىكوم كەسپىي تەسىس قىلىنغان. 1966 - ، 1977 - يىلغىچە «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دەۋرىدە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلمىغان. 1977 - يىلى ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن. 1978 - يىلى ئوتتۇرا تېخنىكوم سىنىپىغا ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلغاندىن باشقا، ئالىي تېخنىكوم سىنىپىغا ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلغان. 1985 - يىلى 12 - ئاينىڭ 23 - كۈنى سابىق دۆلەت مائارىپ كومىتېتىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن ئالىي تېخنىكوم قىلىپ ئۆستۈرۈلۈپ، شىنجاڭ كۆمۈركان ئالىي تېخنىكومى قىلىپ ئۆزگەرتىلگەن. 1994 - يىلى 2 - ئاينىڭ 17 - كۈنى دۆلەت مائارىپ كومىتېتىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن شىنجاڭ سانائەت ئالىي تېخنىكومى قىلىپ ئۆزگەرتىلگەن. ئوقۇتۇشتا خەنزۇ تىلى قوللىنىلىدۇ. 12 پارتىيە ھۆكۈمەت بۆلۈمى، 9 ئوقۇتۇش ئورنى، 1 ئوقۇتۇش شۆبىسى بار. 1999 - يىلدىكى ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچى سانى 446 نەپەر، رەسمىي ئوقۇتقۇچى سانى 217 نەپەر بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە دوتسېنت 44، لېكتور 108، ياردەمچى ئوقۇتقۇچى ۋە ئوقۇش خادىمى 65، پۈتۈن كۈنلۈك ئوقۇتۇش تۈزۈمىدىكى ئوقۇغۇچى سانى 411 نەپەر. چوڭلار ئوقۇش تارىخى مائارىپى بويىچە ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ سانى 1100 نەپەر. دەرسلىكلەر سانائەت كەسپى ۋە باشقۇرۇش كەسپىدىن ئىبارەت ئىككى چوڭ تۈرگە بۆلۈنىدۇ. ھازىر قېزىش تېخنىكىسى، قۇرۇلۇش، گېئولوگىيىلىك قىدىرىپ تەكشۈرۈش، كومپيۇتېر قائىدىلىرى ۋە ئۇنى ئىشلىتىش، ئېلېكترون قۇرۇلۇشى ۋە ئاپتوماتلاشتۇرۇش، ئاپتوماتىك كونترول قىلىش، ئاپتوماتلاشقان كۆرسەتكۈچ سائەت، ماشىنا ۋە تراكتور، ئىسسىقلىق ئېنېرگىيە قۇرۇلۇشى، سانائەت ۋە شەھەر يېزا قۇرۇلۇشى، شامال ئۆتۈشتۈرۈش ۋە ھاۋا تەڭشىگۈچ، بىخەتەرلىك تېخنىكىسى ۋە باشقۇرۇش، مۇھىتنى ئۆلچەش تېخنىكىسى قاتارلىق 17 مەخسۇس كۇرس كەسپى، شەھەر، يېزا قۇرۇلۇشى كومپيۇتېر قائىدىلىرى ۋە ئۇنى ئىشلىتىش قاتارلىق 3 مەخسۇس كۇرس كەسپى بار، كان قۇرۇلۇشى، ماشىنىسازلىقنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈش، كومپيۇتېر ۋە ئۇنى ئىشلىتىش، كومپيۇتېر ۋە ئىقتىساد باشقۇرۇش، ئاپتوماتلاشقان كۆرسەتكۈچ، مەمۇرىي باشقۇرۇش (تولۇق كۇرس)، ئىگىلىك باشقۇرۇش (تولۇق كۇرس)، كارخانا باشقۇرۇش، سانائەت ۋە ئاممىۋى قۇرۇلۇش قاتارلىق چوڭلار مائارىپ كەسىپلىرى تەسىس قىلىنغان. كانچىلىق فاكۇلتېتى، ماشىنىسازلىق، بىخەتەرلىك فاكۇلتېتى، ئاساسىي بۆلۈم، خەنزۇ تىلى ئوقۇتۇش ئىشخانىسى، ئىجتىمائىي پەن ئوقۇتۇش بۆلۈمى، ھېسابلاش مەركىزى، تەنتەربىيە بۆلۈمى قاتارلىقلار بولۇپ جەمئىي 28 ئوقۇتۇش تەتقىقات ئىشخانىسى، 24 تەجرىبىخانىسى بار. مەكتەپ ئىچىدىكى زاۋۇتتىن سىرت يەنە 12 يەردە نۇقتىلىق پراكتىكا بازىسى بار. 1994 - يىلى مەكتەپتىكى ھەرقايسى فاكۇلتېت، بۆلۈملەر مۇدىر قاتارلىق ئوتتۇرا قاتلام كادىرلارنى تەكلىپ قىلىش تۈزۈمىنى يولغا قويدى. ئىشلىتىش مۇددىتى 3 يىل، نۆۋەتتە ئۈچ قېتىم تەكلىپ قىلىندى. 1996 - يىلدىن 1999 - يىلغىچە «مەملىكەتلىك ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى قۇرۇلۇش مودېلى مۇسابىقىسى» دا 1 قېتىم

2 - دەرىجىگە ئېرىشكەن . ئاپتونوم رايوندا 6 قېتىم 1 - دەرىجىگە ، 8 قېتىم 2 - دەرىجىگە ئېرىشكەن . 1996 - يىلدىن 1999 - يىلغىچە كارخانا مەبلىغىنى قولغا كەلتۈرگەن تىك يۆنىلىشلىك تەتقىقات تېمىسى ۋە پەن - تېخنىكا مۇلازىمەت تۈرى 19 خىل . 1989 - يىلى مەكتەپ ئۆزى لايىھىلىگەن 1K50 تېپلىق كان قۇدۇقى ئاساسىي شامال ئۆتكۈزۈش ماشىنىسى مەملىكەتلىك يېڭى تېپتىكى ئىشلىتىش پاتېنتىغا ئېرىشكەن ھەمدە شۇ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق پەن - تېخنىكا مۇۋەپپەقىيەتنى باھالاشتىن ئۆتكەن . 1989 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن ھەمدە شۇ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق يېڭى مەھسۇلاتنى ئىشلەپچىقىرىش باھالىشىدىن ئۆتكەن . 1990 - يىلى شىنجاڭ مۇنەۋۋەر مەھسۇلات ئالتۇن ئات مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن . 1995 - يىلى شىنجاڭدىكى تۇنجى تۈركۈم مۇنەۋۋەر مەھسۇلات نامى ۋە گۇۋاھنامىسىگە ئىگە بولغان . يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ھەرخىل گېزىت - ژۇرناللاردا 4192 دىن ئارتۇق ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلغان . 1993 - ، 1995 - ، 1997 - يىللىرى مەركىزى تەشۋىقات مىنىستىرلىقى ، مەركىزىي ئىتتىپاق كومىتېتى ، دۆلەت مائارىپ كومىتېتى تەرىپىدىن «مەملىكەتلىك ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئىجتىمائىي ئەمەلىيەت پائالىيىتى ۋە ئالىي ئوتتۇرا مەكتەپ پىدائىيلىرىنىڭ يازلىق كانكولدا مەدەنىيەت ، تېخنىكا ، سەھىيەدىن ئىبارەت ئۈچنى يېزىلارغا يەتكۈزۈش پائالىيىتى» بويىچە ئىلغار ئورۇن ۋە تەشكىللەش مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن . 1998 - ، 1999 - يىللىرى ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى تەشۋىقات بۆلۈمى ، ئىتتىپاق كومىتېتى ، ئالىي مەكتەپ خىزمەت كومىتېتى ، مائارىپ كومىتېتى ، ئوقۇغۇچىلار بىرلەشمىسى تەرىپىدىن «مۇنەۋۋەر پىدائىي مۇلازىمەتچىلەرنى تەشكىللەش خىزمىتى مۇكاپاتىغا» ئېرىشكەن . مەكتەپنىڭ ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى $72000m^2$ . قۇرۇلۇش كۆلىمى $63200m^2$ . كۇتۇپخانىدا ساقلىنىۋاتقان كىتاب 13.6 تۈمەن پارچە . مەكتەپ قۇرۇلۇپ ھازىرغا قەدەر 6995 نەپەر ئالىي ۋە ئوتتۇرا تېخنىكوم ئوقۇغۇچىلىرىنى ۋە ھەر تۈرلۈك قىسقا مۇددەتلىك تەربىيە ئالغان ئوقۇغۇچىلاردىن 5000 غا يېقىن ئوقۇغۇچىنى تەربىيىلىگەن .

مەكتەپ ئادرېسى : ئۈرۈمچى شەھىرى نەنچاڭ يولى 17 - نومۇر .

پوچتا نومۇرى : 830000 . تېلېفون : 4514441 (0991)

## ئىلى پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى

1948 - يىلى شىنجاڭ ئۆلكىلىك مەخسۇس كۇرس مەكتىپى ئاساسىدا قۇرۇلغان . 1949 - يىلى 10 - ئايدا ئىلى مەخسۇس كۇرس مەكتىپى ئەخمەتجان مەخسۇس كۇرس مەكتىپى قىلىپ ئۆزگەرتىلگەن . 1951 - يىلى شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئەخمەتجان مەخسۇس كۇرس مەكتىپىنىڭ بىرقىسىم كەسپىنى شىنجاڭ ئىنستىتۇتى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ، ئەسلىدىكى مەكتەپتە پەقەت پېداگوگىكا مەكتىپى كەسپىنى ساقلاپ قىلىشنى قارار قىلغان . 1954 - يىلى 9 - ئايدا ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئىلى پېداگوگىكا

مەكتىپى ۋە ئىلى ئوغۇللار ئوتتۇرا مەكتىپى قاتارلىق ئىككى مەكتەپ تەسىس قىلىنغان، پېداگوگىكا مەكتىپىنىڭ ئوقۇش مۇددىتى 3 يىل بولغان. 1959 - يىلى ئىلى ئوغۇللار مەكتىپى ئاساسىدا ئىلى 2 - دارىلمۇئەللىمىن قۇرۇلغان. ئەسلىدىكى ئىلى پېداگوگىكا مەكتىپى ئىلى 1 - دارىلمۇئەللىمىن قىلىپ ئۆزگەرتىلگەن. 1961 - يىلدىن 1965 - يىلغىچە بۇ ئىككى پېداگوگىكا مەكتىپى ئادەتتىكى ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچى سىنىپى قوبۇل قىلغاندىن باشقا يەنە سەنئەت، تەنتەربىيە، خەنزۇ تىلى قاتارلىق ئوتتۇرا تېخنىكوم سىنىپىنى ئاچقان. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئىزچىل ھالدا قازاق تىلى ۋە ئۇيغۇر تىلى ئالىي تېخنىكوم سىنىپى ئاچقان. 1965 - يىلغا كەلگەندە بېيجىڭ، تيەنجىن، باۋدىڭ، تاڭشەن، فۇشىن قاتارلىق جايلاردىن 440 نەپەر ئوقۇغۇچىنى ئۇيغۇر، قازاق تىلى كەسپىي ئالىي تېخنىكوم سىنىپىغا قوبۇل قىلغان. مەدەنىيەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە بۇ ئىككى پېداگوگىكا مەكتەپ ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، غۇلجا ناھىيىسىنىڭ ئۆكتەبىر گۇڭشېسىغا كۆچۈرۈلۈپ، ئادەتتىكى ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچىلار سىنىپى، مۇزىكا، سەنئەت، تەنتەربىيە، تەرجىمانلىق، سانائەت ئاساسى، ئۇيغۇر تىلى، ئېلېكتىرلىق ئوقۇتۇش، خەنزۇ تىلى، بالىلار مائارىپى، ئىنگلىز تىلى، ئەدەبىيات، ماتېماتىكا قاتارلىق كەسپلەرنى تەسىس قىلغان. 1971 - يىلى 2 - ئايدا 1 -، 2 - پېداگوگىكا مەكتەپ قوشۇلۇپ، ئىلى پېداگوگىكا مەكتىپى قىلىپ ئۆزگەرتىلگەن. 1975 - 1977 — يىلغىچە غۇلجا ناھىيىسىنىڭ ئۆكتەبىر گۇڭشېسىدا ئوقۇتۇش ئېلىپ بېرىۋاتقان ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلار غۇلجا شەھىرىدىكى ئەسلىدىكى 1- دارىلمۇئەللىمىنىنىڭ ئورنىغا قايتا كۆچۈرۈلگەن. 1978 - يىلى ئالىي تېخنىكوم سىنىپىنىڭ ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ئىشى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن. 1980 - يىلى 5 - ئاينىڭ 7 - كۈنى گوۋۇيۈەننىڭ تەستىقلىشى بىلەن ئىلى پېداگوگىكا مەكتىپى ئاساسىدا ئىلى پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى قۇرۇلغان. 1985 - يىلى 5 - ئايدا ئىشتىن سىرت ئۇنىۋېرسىتېت تەسىس قىلىنغان. 1987 — يىلى 7 - ئايدا دۆلەت مائارىپ كومىتېتى ۋە گوۋۇيۈەن ئىلمىي ئۇنۋان كومىتېتىنىڭ تەستىقلىشى ئارقىسىدا ئىلى پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى تولۇق كۇرس كەسپىگە باكلاۋېرلىق ئۇنۋان بېرىش ھوقۇقىغا ئېرىشكەن ئالىي مەكتەپ بولۇپ قالغان. شۇ يىلى 11 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتىنىڭ تەستىقلىشى ئارقىسىدا مەكتەپتە ئىلمىي كومىتېت يەنى باكلاۋېرلىق ئۇنۋان باھالاش كومىتېتى قۇرۇلغان. ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى $199800m^2$ ، ئوقۇتۇش رايونى قۇرۇلۇش كۆلىمى $20217m^2$ . زامانىۋى تىل تەجرىبىخانىسى، كومپيۇتېر، ئېلېكترلەشكەن ئوقۇتۇش ئىشخانىسى ۋە يېپىق يوللۇق تېلېۋىزور سىستېمىسى قاتارلىق ئىلغار ئوقۇتۇش ئەسلىھەلىرى بار. كۇتۇپخانىدا ساقلىنىۋاتقان كىتاب سانى 30 تۈمەن پارچىدىن ئارتۇق. ئوقۇتۇش خەنزۇ، قازاق، ئۇيغۇر تىلىدا ئېلىپ بېرىلىدۇ. تولۇق كۇرس مائارىپى ئاساس قىلىنىدۇ. ئوقۇش يىلى 4 يىل (مىللىي ئوقۇغۇچىلار بىر يىل تەييارلىق ئوقۇيدۇ). تولۇق كۇرس كەسپلىرىنىڭ ھەممىسى دېگۇدەك باكلاۋېرلىق ئۇنۋانى بېرىش ھوقۇقىغا ئىگە. شۇنىڭ

بىلەن بىر ۋاقىتتا بىر قىسىم مەخسۇس كۇرس ئوقۇغۇچىلىرىنى قوبۇل قىلىدۇ. مەكتەپتە 9 فاكولتېت، بۆلۈم، 19 پېداگوگىكا كەسپى، 9 غەيرىي پېداگوگىكا كەسپى ئىشتىن سىرت (كەچلىك) ئالىي مەكتەپ تەسىس قىلىنغان. ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئامېرىكا، نورۋېگىيە، ئاۋستىرالىيە، مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسى، ئەنگلىيە قاتارلىق دۆلەتلەردىن كەلگەن ئوقۇتقۇچىلارنى دەرس ئۆتۈشكە تەكلىپ قىلغان. ئامېرىكا، ئەنگلىيە، نورۋېگىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ خەنزۇ، قازاق، ئۇيغۇر تىلى ئۆگىنىدىغان ئوقۇغۇچىلىرىنى قوبۇل قىلغان. ئىنستىتۇت يەنە شىنجاڭ تائجارىق تەتقىقات جەمئىيىتى، قازاق مەدەنىيىتى تەتقىقات ئورنى، مائارىپ ئىلمى تەتقىقات ئورنى تەسىس قىلغان بولۇپ، قازاق، خەنزۇ تىلى يېزىقىدا مەكتەپ ئىلمىي ژۇرنىلى چىقىرىلىدۇ. نۆۋەتتە ئىنستىتۇت غەربىي يۇرت تەتقىقاتى، ئىلى تەتقىقاتى ۋە قازاق، شىبە مەدەنىيەت تەتقىقاتى، تائجارىق تەتقىقاتى قاتارلىق جەھەتلەردە ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكنى شەكىللەندۈرگەن. 1999 - يىلدىكى رەسمىي ئوقۇتقۇچىسى 343 (ئالىي دەرىجىلىك ئۇنۋانغا ئېرىشكەن كىشى 76 نەپەر، ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئۇنۋانغا ئېرىشكەن كىشى 235 نەپەر) ئوقۇغۇچى سانى 3600 نەپەر.

مەكتەپ ئادرېسى: غۇلجا شەھىرى ئازادلىق يولى 298 - نومۇر.

پوچتا نومۇرى: 835000. تېلفون: 8120445 (0999)

## قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى

1962 - يىلى 9 - ئايدا قۇرۇلغان بولۇپ، ئەينى ۋاقىتتا ئاپتونوم رايونىمىزدىكى بەش ئالىي مەكتەپنىڭ بىرى ئىدى. مەكتەپ قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە پەقەت 4 فاكولتېت، 4 كەسىپ تەسىس قىلىنغان. 132 نەپەر ئىشچى - خىزمەتچىسى بار ئىدى. 1978 - يىلى 8 - ئايدا مائارىپ مىنىستىرلىقىنىڭ تەستىقلىشى ئارقىسىدا قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى قىلىپ ئۆزگەرتىلگەن. ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى $156700m^2$، قۇرۇلۇش كۆلىمى $120000m^2$. بۇ مەكتەپ مىللىي، خەنزۇ ئارىلاش مەكتەپ بولۇپ، ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلار ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ. تولۇق كۇرس كەسپىي سىنىپى 12، يەنى، ماتېماتىكا ۋە قوللىنىشچان ماتېماتىكا، فىزىكا، خىمىيە، تەنتەربىيە؛ ئىدىيۋى سىياسىي تەربىيە، ئاز سانلىق مىللەت تىل - ئەدەبىياتى، خەنزۇ تىلى ئەدەبىياتى، بىئولوگىيە، تارىخ، ئىنگلىز تىلى قاتارلىقلار. 17 مەخسۇس كۇرس كەسپى بار بولۇپ، ئۇلار كومپيۇتېر ئىلمى ۋە تېخنىكىسى، ماتېماتىكا ۋە ئەمەلىي ماتېماتىكا، بىئولوگىيە، تارىخ، خىمىيە، سىياسىي مائارىپ، مۇزىكا، تەنتەربىيە، فىزىكا، جۇغراپىيە، ئاز سانلىق مىللەت تىل - ئەدەبىياتى، رۇس تىلى، مائارىپ ئىلمى، كاتىباتلىق، ئىنگلىز تىلى قاتارلىقلار. كۇتۇپخانىدا ساقلىنىۋاتقان كىتاب 57 تۈمەن پارچىدىن ئارتۇق، «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» (دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىغا تارقىتىلىدۇ) نەشر قىلىنىدۇ. ئىنستىتۇت كۆپ قېتىم مەملىكەت ۋە ئاپتونوم رايونلۇق

«مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى نەمۇنىلىك گۇرۇن» ، «مەنىۋى مەدەنىيەتتىكى ئىلغار كوللېكتىپ» بولۇپ باھالانغان . 1999 - يىلى ئوقۇتقۇچى ، ئىشچى - خىزمەتچى سانى 931 نەپەر (رەسمىي ئوقۇتقۇچىلىرى 464 نەپەر ، پروفېسسور ، دوتسېنت 217 نەپەر ، لېكتور 270 ) ، ئوقۇغۇچى سانى 6797 نەپەر . بۇنىڭ ئىچىدە ئادەتتىكى تولۇق كۇرس ئوقۇغۇچىسى 5573 نەپەر ، چوڭلار مائارىپ كەسپىدىكى ئوقۇغۇچى سانى 1224 نەپەر . چەت ئەللىك ئوقۇغۇچىلار 18 نەپەر . مەكتەپ قۇرۇلغاندىن بۇيان تەربىيىلەپ چىققان ئوقۇغۇچى 2547 نەپەر .

مەكتەپ ئادرېسى : قەشقەر شەھىرى نەزەرباغ يولى 461 - نومۇر .

پوچتا نومۇرى : 844007 . تېلېفون : 2822996 (0988)

## خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومى

ئەسلى ئاساسى خوتەن پېداگوگىكا مەكتىپى بولۇپ ، 1938 - يىلى قۇرۇلغان . 1978 - يىلى گوۋۇيۈەننىڭ تەستىقلىشى بىلەن خوتەن پېداگوگىكا مەكتىپى ئاساسىدا خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومى قىلىپ ئۆزگەرتىلگەن . مەكتەپ قۇرۇلغاندىن بۇيان 3 تارىخىي باسقۇچنى باشتىن كەچۈرگەن . 1938 - يىلدىن 1960 - يىلغىچە باشلانغۇچ دەرىجىلىك پېداگوگىكا مەكتىپى بولغان ، 1960 - يىلدىن 1978 - يىلغىچە ئوتتۇرا دەرىجىلىك پېداگوگىكا مەكتىپى بولغان ، 1978 - يىلدىن ھازىرغىچە ئالىي پېداگوگىكا مەكتىپى بولۇپ كەلمەكتە . ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى $119880m^2$ . ئوقۇتۇش رايونى قۇرۇلۇش كۆلىمى $13000m^2$ . ئوقۇتۇش ئۇيغۇر ۋە خەنزۇ تىلىدا ئېلىپ بېرىلىدۇ . ماتېماتىكا ، فىزىكا ، خىمىيە ، جۇغراپىيە ، جۇڭگو ئەدەبىياتى ، تىل ، سىياسىي تارىخ ، تەنتەربىيە ، تەييارلىق بۆلۈمى ، ماركسىزم - لېنىنىزم بۆلۈمى قاتارلىق 8 فاكۇلتېت ، 2 بۆلۈم ، جەمئىي 10 ئوقۇتۇش ئورنى تەسىس قىلىنغان . فىزىكا ، خىمىيە ، جۇغراپىيە ، تىل ، كومپيۇتېر قاتارلىق 30 نەچچە ئوقۇتۇش تەجرىبىخانىسى بار . كۇتۇپخانىدا ساقلىنىۋاتقان كىتابلار 10 تۈمەن پارچىدىن ئارتۇق . 1999 - يىلى مەملىكەتلىك مائارىپ كومىتېتى تەرىپىدىن «ئۆل مائارىپقا لاياقەتلىك ئوقۇتقۇچىلارنى تەربىيىلەيدىغان يۈنىلىشى ئېنىق ، نەتىجىسى كۆرۈنەرلىك مەكتەپ» دەپ مۇكاپاتلانغان . ئاپتونوم رايون تەرىپىدىن 7 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە ئوقۇ - ئوقۇتۇش تەتقىقاتىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ بولۇپ باھالانغان . مەكتەپ قۇرۇلغاندىن بۇيان 5000 دىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى يېتىشتۈرگەن . مەكتەپ شتاتى 379 . 1999 - يىلدىكى رەسمىي ئوقۇتقۇچى سانى 179 نەپەر (بىر پروفېسسور ، 34 دوتسېنت ، 136 لېكتور بار ) . ئوقۇغۇچى سانى 1472 نەپەر .

مەكتەپ ئادرېسى : خوتەن شەھىرى غەربىي بېيجىڭ يولى 33 - نومۇر .

پوچتا نومۇرى : 848000 . تېلېفون : 2023581 (0903)

## سانجى پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومى

ئەسلى ئاساسى 1959 - يىلى قۇرۇلغان سانجى پېداگوگىكا مەكتىپى بولۇپ، 1985 - يىلى مەملىكەتلىك مائارىپ كومىتېتىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن قۇرۇلغان. سانجى ئوبلاستلىق مائارىپ ئىنستىتۇتى (1981 - يىلى قۇرۇلغان) بىلەن بىرلىشىپ ئىش بېجىرىدۇ. ئوقۇتۇش خەنزۇ تىلىدا ئېلىپ بېرىلىدۇ. جۇڭگو ئەدەبىياتى، سىياسەت، ئىنگلىز تىلى، ماتېماتىكا، فىزىكا، خىمىيە، سەنئەت، تەنتەربىيە قاتارلىق 8 فاكۇلتېت، 17 كەسىپ، 15 فىزىكا - خىمىيە تەجرىبىخانىسى بار. مەكتەپ يەنە كومپيۇتېر مەركىزى، ئېلېكترلەشكەن ئوقۇتۇش مەركىزى، تەنتەربىيە پائالىيەت مەركىزى قاتارلىق ئەسلىھەلەرنى قۇرغان. كۇتۇپخانىدا ساقلىنىۋاتقان كىتاب 21 تۈمەن پارچىدىن ئارتۇق. «سانجى پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكوم ئىلمىي ژۇرنىلى»، «سانجى پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكوم گېزىتى» نى نەشىر قىلىدۇ. مەكتەپ شتاتى 267. 1999 - يىلدىكى رەسمىي ئوقۇتقۇچى 180 نەپەر (پروفېسسور 5، دوتسېنت 39، لېكتور 88، ياردەمچى ئوقۇتقۇچى 33)، ئوقۇغۇچى سانى 2200. مەكتەپ قۇرۇلغاندىن بۇيان 10 مىڭغا يېقىن ئوقۇغۇچى تەربىيىلىگەن.

مەكتەپ ئادرېسى: سانجى شەھىرى شىمالىي بېيجىڭ يولى 17 - نومۇر.

پوچتا نومۇرى: 831100. تېلېفون: 2231562 (0994)

## شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئۇيغۇر تېبابەت ئالىي تېخنىكومى

1985 - يىلى خوتەندە قۇرۇلغان. 1987 - يىلدىن باشلاپ ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلغان. 1989 - يىلى مەملىكەتلىك مائارىپ كومىتېتىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن رەسمىي قۇرۇلغان. بۇ مەكتەپ مەملىكەتتىكى بىردىنبىر مۇستەقىل ھالدا ئۇيغۇر تېبابىتىنى رەتلەش، ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىش، ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى نىشان قىلغان ئالىي مەكتەپ بولۇپ، ئۇيغۇر تېبابىتىدىكى ھەرخىل يۇقىرى دەرىجىلىك ئىختىساس ئىگىلىرىنى تەربىيىلەيدىغان بازا. باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى جەھەتتە يۇقىرىدا ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە نازارىتى ۋە خوتەن مەمۇرى مەھكىمىسىنىڭ رەھبەرلىكىنى قوبۇل قىلىدۇ، ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە نازارىتى ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ. ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى $66667m^2$، ئوقۇتۇش رايونى قۇرۇلۇش كۆلىمى $10826m^2$. ئوقۇتۇش ئۇيغۇر تىلىدا ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئۇيغۇر تېبابىتى ۋە دورىگەرلىكتىن ئىبارەت ئىككى كەسىپ تەسىس قىلىنغان. 1998 - يىلى ئۇيغۇر تېبابىتى چوڭلار تولۇق كۇرس سىنىپى ئاچقان. 7 كەسپىي تەجرىبىخانا ۋە بىر ئۇيغۇر تېبابەت تەتقىقات ئىشخانىسى بار. كۇتۇپخانىدا ساقلىنىۋاتقان كىتاب 50000 دىن ئاشقان. بۇ مەكتەپ ئۆزىنىڭ ئەۋزەللىكىگە تايىنىپ، زامانىۋى دورا ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسىدىن پايدىلىنىپ، «مۇپەررىھ ئەۋرىشىم ئىچىملىكى»، «زۇكام شەربىتى»، «سالامەتلىك چېيى»، «گۇلقەنت» قاتارلىق دورىلارنى تەتقىق قىلىپ ياساپ چىققان. ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك تازىلىقتا قىزىل

بايراقدار ئورۇن، ئاپتونوم رايونلۇق «ئىس - تۈتەكسىز ئالىي مەكتەپ» دېگەن ناملارغا ئېرىشكەن، مەكتەپ شتاتى 140. 1999 - يىلدىكى رەسمىي ئوقۇتقۇچى 110 (ئالىي دەرىجىلىك ئۇنۋانغا ئىگە ئوقۇتقۇچى 7، ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئۇنۋانغا ئىگە ئوقۇتقۇچى 24، ياردەمچى ئوقۇتقۇچى 79)، ئوقۇغۇچى سانى 408 نەپەر. مەكتەپ قۇرۇلغاندىن بۇيان 820 نەپەر ئوقۇغۇچى تەربىيىلىگەن.

ئادرېسى: خوتەن شەھىرى غەربىي بېيجىڭ يولى 62 - نومۇر.

پوچتا نومۇرى: 848000. تېلېفون: 2023376 (0903)

شىخەنزە ئۇنىۋېرسىتېتى

1996 - يىلى 4 - ئاينىڭ 4 - كۈنى شىخەنزە يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتى، شىخەنزە تېببىي ئىنستىتۇتى، شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى ئىقتىساد ئالىي تېخنىكومى، شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى پېداگوگىكا مەكتىپىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن شەكىللەنگەن يېڭى تىپتىكى ئۇنىۋېرسال ئالىي مەكتەپ بولۇپ، مەركەز ۋە بىڭتۈەن ئورتاق قۇرغان ئالىي مەكتەپ ھېسابلىنىدۇ. شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش، قۇرۇلۇش بىڭتۈەنىگە تەۋە. مەكتەپتە ھازىر يېزا ئىگىلىك، تېببىي ئىلىم، سانائەت، ئىقتىساد، فىزىكا، ئىجتىمائىي پەن، تەبىئىي پەن، قانۇن، پېداگوگىكا، تارىخ قاتارلىق 10 چوڭ تۈر بار. يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتى، تېببىي ئىنستىتۇتى، سانائەت ئىنستىتۇتى، ئىقتىساد سودا ئىنستىتۇتى، پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى، چوڭلار مائارىپ ئىنستىتۇتى، كەسپىي تېخنىكا ئىنستىتۇتى، بىڭتۈەن ئىقتىساد تېخنىكا باشقۇرۇش ئىنستىتۇتى ۋە فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى ھەم بىئولوگىيە پەنلىرى فاكۇلتېتى، ئۇچۇر قۇرۇلۇش فاكۇلتېتى، تەنتەربىيە فاكۇلتېتى قاتارلىق بىر تۈركۈم ئوقۇتۇش ئاپپاراتى تەسىس قىلىنغان بولۇپ، 27 فاكۇلتېت 20 ماگىستىرلىق نۇقتىسى، 66 تولۇق، مەخسۇس كۇرس كەسپى بار، تولۇق كۇرس، مەخسۇس كۇرس ئاسپىرانتلىق ۋە چوڭلار مائارىپى ئۈزلۈكسىز مائارىپى قاتارلىق كۆپ قاتلاملىق ئالىي مائارىپ سىستېمىسىنى شەكىللەندۈرگەن. 1999 - يىلدىكى رەسمىي ئوقۇتقۇچى 920 (پروفېسسور 63، مۇئاۋىن پروفېسسور 227)، 30 نەچچە ئوقۇتقۇچى مەملىكەت ۋە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئالاھىدە تۆھپە قوشقان ئوتتۇرا ياش ۋە ياش مۇتەخەسسىس بولۇپ باھالانغان. 51 نەپەر ئوقۇتقۇچى ھۆكۈمەتنىڭ ئالاھىدە تەمىناتىدىن بەھرىمەن بولىدۇ. شىخەنزە ئۇنىۋېرسىتېتى 16 ئۆلكە، ئاپتونوم رايون ۋە بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەردىن ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىشقا يۈزلەنگەن بولۇپ، ئوقۇغۇچى سانى 11000 دىن ئارتۇق. مەكتەپ ھەم بىڭتۈەننىڭ ئالىي مائارىپ مەركىزى ھەم مۇھىم ئىلمىي تەتقىقات بازىسى بولۇپ، ئۇنىۋېرسىتېتتا يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىقىنىڭ 1 نۇقتىلىق كەسپىي، ئاپتونوم رايون ۋە بىڭتۈەننىڭ 11 نوقتىلىق كەسپى بار، شىنجاڭنىڭ يۇقىرى مەھسۇلاتلىق زىرائەتلىرى تەتقىقات مەركىزى، دورا تەتقىق قىلىش - ئېچىش مەركىزى، سۇ تېجەش - سۇغۇرۇش

قۇرۇلۇشى تەتقىقات مەركىزى قاتارلىق ئاپپاراتى، 10 نۇقتىلىق تەجرىبىخانا ۋە 130 دىن كۆپرەك تەجرىبىخانىنى قۇرۇپ ئوقۇتۇش، تەتقىقات، ئىشلەپچىقىرىش، ئىچىش سىستېمىسى شەكىللەندۇرۇلگەن. پەقەت 1997 - يىلدىن 1999 - يىلغىچە بولغان 3 يىلدا مەكتەپ بىكىتۈەنىنىڭ 36 تۈرلۈك پەن - تېخنىكا مۇكاپاتقا ئېرىشكەن. بۇنىڭ ئىچىدە 1 - دەرىجىلىك مۇكاپات 2 تۈر، 2 - دەرىجىلىك مۇكاپات 14 تۈر، 3 - دەرىجىلىك مۇكاپات 20 تۈر. مەكتەپ، يەنە «شىخەنزە ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» (ئىجتىمائىي پەن نەشرى، تەبىئىي پەن نەشرى)، «شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئىقتىسادىي» (يادرولۇق ژۇرنال)، «يېزا ئىگىلىك تېببىي ئىلمى»، «يىپەك يولى ژۇرنىلى»، «ئالىي مائارىپ تەتقىقاتى» قاتارلىق بەش تۈرلۈك ئىلمىي ژۇرنالنى نەشردىن چىقىرىدۇ. مەكتەپنىڭ ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى 1463868m² . ئوقۇتۇش رايونى قۇرۇلۇش كۆلىمى 140033m² . ئەسلىھەلىرى تولۇق بولغان تەنتەربىيە سارىيى بار، كۇتۇپخانىدا ساقلىنىۋاتقان كىتاب 84 تۈمەن پارچە، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ئاشلىق مەھكىمىسىنىڭ (FAO) كىتاب ساقلاش نۇقتىسى بولۇپ، FAO تۈرىدىكى كىتابلارنى ساقلايدىغان مەكتەپ، شىنجاڭدىكى تۇنجى تۈركۈم پەن - تېخنىكا يېڭىلىقلىرى ئۇستىدە ئىزدىنىدىغان نۇقتىلىق ئورۇن. بۇنىڭدىن باشقا، مەكتەپ يەنە تەھلىل قىلىش ئۆلچەش مەركىزى، ھايۋانات ئۆسۈملۈكلەرنى بېقىش - ئۆستۈرۈش مەركىزى. 1 تەجرىبە يېزا ئىگىلىك مەيدانى، 5 شۆبە دوختۇرخانىسى، 20 ئوقۇتۇش دوختۇرخانىسى، 1 سىستېرالار مەكتىپى قاتارلىق بىر تۈركۈم ئوقۇتۇش تەتقىقات تەجرىبە بازىسىغا ئىگە.

مەكتەپ ئادرېسى: شىخەنزە شەھىرى

پوچتا نومۇرى: 832003 . تېلېفون: 2058030 (0993)

## ئۈرۈمچى كەسپىي ئۇنىۋېرسىتېتى

1985 - يىلى 1 - ئايدا ئۈرۈمچى شەھىرى تېببىي ئىنستىتۇت يولى 6 - نومۇردا قۇرۇلغان. 1989 - يىلى بەخت يولى 72 - نومۇرغا كۆچۈرۈلگەن. بۇ مەكتەپ شىنجاڭدىكى بىردىنبىر «دۆلەت ئىگىلىكىدىكى خەلق قۇرغان» تۈزۈلمىدىكى يۇقىرى دەرىجىلىك كەسپىي تېخنىكا خادىملارنى تەربىيىلەشنى مەقسەت قىلغان تۇنجى ئۇنىۋېرسال ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپ بولۇپ، مەمۇرىي جەھەتتىن شەھەرلىك پارتكوم ۋە شەھەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ باشقۇرۇشىغا، كەسپىي جەھەتتە ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتىنىڭ باشقۇرۇشىغا تەۋە. ئوقۇتۇش خەنزۇ تىلىدا ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئىقتىساد، سانائەت كومپيۇتېر، سودا - سانائەت باشقۇرۇش، تىل - ئەدەبىيات، چەت ئەل تىلى قوللىنىشچان سەنئەت قاتارلىق فاكۇلتېتلار، ئىجتىمائىي پەنلەر بۆلۈمى، ئاساسىي بۆلۈم، ئىلمىي بۆلۈم، چوڭلار مائارىپى باشقارمىسى، ئىشتىن سىرتقى ئوقۇش بۆلۈمى ئوتتۇرا تېخنىكوم بۆلۈمى، ھېسابلاش مەركىزى، ئېلېكترلەشكەن ئوقۇتۇش مەركىزى تەربىيىلەش مەركىزى قاتارلىق ئوقۇتۇش ئورۇنلىرى ۋە ئوقۇتۇش قوشۇمچە ئورۇنلىرىنى

تەسىس قىلىنغان. ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى 153341m² ، ئوقۇتۇش رايون قۇرۇلۇش كۆلىمى 12500m² بولۇپ، 32 كەسپىي فۇنكسىيىلىك، تەجرىبىخانا قۇرۇلغان، مەكتەپ ئىچى بىلەن دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىنى تور ئارقىلىق تۇتاشتۇرۇش ئەمەلگە ئاشۇرۇلغان. كۇتۇپخانىدا ساقلىنىۋاتقان كىتاب 12 تۈمەن پارچىدىن ئارتۇق. بۇ مەكتەپ ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئالىي مەكتەپلەر ئىچىدە بىردىنبىر ئاپتونوم رايونلۇق ئىس تۇتەكسىز ئورۇن ۋە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ساغلاملىق پائالىيىتىدىكى ئىلغار ئورۇن بولۇپ باھالانغان، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ 8 قېتىم دۆلەت مائارىپ كومىتېتى، مەركىزى تەشۋىقات مىنىستىرلىقى، ئىتتىپاق مەركىزى كومىتېتى تەرىپىدىن ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئىجتىمائىي ئەمەلىيەت پائالىيىتىدىكى ئىلغار ئورۇن بولۇپ باھالانغان، 1992 - يىلى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مەنىۋى مەدەنىيەتلىك ئورۇن ۋە ئىلغار ئورۇن بولۇپ باھالانغان، بۇ نامنى ھازىرغا قەدەر ساقلاپ كەلگەن. 1999 - يىلدىكى رەسمىي ئوقۇتقۇچى سانى 408 ، ئوقۇغۇچى سانى 6400 . مەكتەپ قۇرۇلغاندىن بۇيان 16131 نەپەر ئوقۇغۇچى تەربىيىلەپ يېتىشتۈردى.

مەكتەپ ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى بەخت يولى 72 - نومۇر.

پوچتا نومۇرى: 830002 . تېلېفون: 2628448 (0991)

## سانجى كەسپىي تېخنىكا ئىنستىتۇتى

2000 - يىلى 5 - ئاينىڭ 8 - كۈنى ئەسلىدىكى سانجى ئوبلاستلىق ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئۇنىۋېرسىتېتى، ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئوتتۇرا تېخنىكومى، مالىيە سودا مەكتىپى، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى مەكتىپى، سودا مەكتىپى، ئىقتىسادىي كومىتېت تەربىيىلەش مەركىزى قاتارلىق 6 مەكتەپنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن قۇرۇلغان، سانجى ئوبلاستلىق پارتكوم مائارىپ ئىدارىسىنىڭ رەھبەرلىكىنى قوبۇل قىلىدۇ. مەكتەپ مۇدىرى مەسئۇل بولۇش تۈزۈمى يولغا قويۇلغان بولۇپ، كادىرلارنى باشقۇرۇش جەھەتتە ئومۇميۈزلۈك تەكلىپ قىلىش تۈزۈمى قوللىنىلغان. ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى 253461m² ، ئوقۇشتا ئىشلىتىلىدىغان يەر كۆلىمى 45626m² . ئوقۇتۇش خەنزۇ تىلىدا ئېلىپ بېرىلىدۇ. مەكتەپتىكى ئاپپاراتلار: سىياسىي باشقارما، مەكتەپ ئىشخانىسى، ئىلمىي بۆلۈم، ئوقۇغۇچىلار باشقارمىسى، ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ئىشخانىسى، تەربىيىلەش بۆلۈمى، قوغداش باشقارمىسى، خوجىلىق باشقارمىسى، مالىيە باشقارمىسى، ئوتتۇرا تېخنىكوم بۆلۈمى، تەرەققىيات پىلانى تەتقىقات ئىشخانىسى ۋە مۇناسىۋەتلىك باشقارمىلار تەسىس قىلىنغان. 4 پارتىيە باش ياچېيكىسى، 15 پارتىيە ياچېيكىسى، پارتىيە، ئىتتىپاق، ئىشچى، ياشلار، ئاياللار تەشكىلاتى تولۇق. كومپيۇتېر ئۇچۇر باشقۇرۇش، كومپيۇتېرنى قوللىنىش، ئېلېكتر، مانتىيورلۇق، سانائەت ۋە ئاممىۋى قۇرۇلۇش، قانۇن، بوغالتىرلىقنى كومپيۇتېرلاشتۇرۇش، سۇغۇرتا ۋە مۇلازىمەت، ساياھەت باشقۇرۇش قاتارلىق ئەۋزەل كەسپلەرنى تەسىس قىلىنغان. كۆپ مېدىئالىق

يىراق مۇساپىلىق مائارىپ تورى ئارقىلىق جۇڭخۇا ئۇنىۋېرسىتېتى، بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى، شىمال قاتناش ئۇنىۋېرسىتېتى قاتارلىق مەكتەپلەر بىلەن ھەمكارلىشىپ يىراق مۇساپە مائارىپىنى قانات يايدۇرغان. زامانىۋى مالىيە بوغالتىرلىق تەقلىدى تەجرىبىخانىسى، ئېلېكتر مانىيورلىق ئوقۇتۇش تەجرىبىخانىسى، ماشىنىسازلىق تەجرىبىخانىسى، كومپيۇتېر قاتتىق دىسكا تەجرىبىخانىسى قاتارلىق ئەمەلىي مەشغۇلات ئەسلىھەلىرى بار. بۇنىڭدىن باشقا، مەكتەپ يەنە مەكتەپ - مەكتەپ، مەكتەپ - كارخانا ھەمكارلىشىپ مەكتەپ باشقۇرۇشنى ئاكتىپ قانات يايدۇرۇپ، شەندوڭ ئۇنىۋېرسىتېتى، تيەنجىن ئۇنىۋېرسىتېتى، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى، شىنجاڭ مالىيە ئىقتىساد ئىنستىتۇتى قاتارلىق ئالىي مەكتەپلەر ۋە داڭلىق كارخانىلار بىلەن بىرلىكتە مەكتەپ باشقۇرۇپ، ماگىستىر، ئاسپىرانت، تولۇق كۇرس، ئالىي تېخنىكوم قاتارلىق ئالتە تۈرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مائارىپ قاتلىمى، ئىشتىن ئايرىلىپ، ئىشتىن سىرت، سىرتتىن ئوقۇتۇش، دەم ئېلىش كۈنى ئوقۇتۇش تۈزۈمى قاتارلىق 5 خىل يىراق مۇساپە ئوقۇتۇش شەكلىنى بەرپا قىلغان. مەكتەپ شتاتى 322. 1999 - يىلدىكى رەسمىي ئوقۇتقۇچى سانى 266 نەپەر. ئوقۇغۇچى سانى 4228 نەپەر.

مەكتەپ ئادرېسى: سانجى شەھىرى غەربىي يەنئەن يولى 27 - نومۇر.

پوچتا نومۇرى: 831100. تېلېفون: (0994) 2344771

# كەسپىي مائارىپ

## كەسپىي مائارىپ

كەسپىي مائارىپ ئومۇمەن تەربىيە ئوبيېكتلىرىغا كەسپىي تېخنىكا بىلىمى، كەسپىي ئىقتىدار تەربىيىسى ھەم باشقا تەربىيىلەرنى ئېلىپ بارىدىغان بىر خىل ئىقتىدار مائارىپىدىن ئىبارەت. ئۇ دۆلەت مائارىپ ئىشلىرىنىڭ تەشكىلىي قىسمى، ئىختىساس ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرۈش، جەمئىيەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتىدىكى مۇھىم يول. 1999 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدا ئوتتۇرا دەرىجىلىك كەسپىي مەكتەپتىن 371 بار بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئادەتتىكى ئوتتۇرا تېخنىكوم 113، كەسپىي تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ 109، تېخنىك ئىشچىلار مەكتىپى 68، چوڭلار ئوتتۇرا تېخنىكومى 81 ئىدى. ئوتتۇرا دەرىجىلىك كەسپىي مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى 180745 نەپەر بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئادەتتىكى ئوتتۇرا تېخنىكوم ئوقۇغۇچىسى 93445 نەپەر (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىسى 49700 نەپەر بولۇپ، 53.2% نى ئىگىللەيدۇ). كەسپىي تولۇق ئوتتۇرىنىڭ ئوقۇغۇچى سانى 30035 نەپەر (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرى 9466 نەپەر بولۇپ، 31.5% نى ئىگىللەيدۇ). تېخنىك ئىشچىلار مەكتىپى ئوقۇغۇچى سانى 27692 نەپەر، چوڭلار ئوتتۇرا تېخنىكومىنىڭ ئوقۇغۇچى سانى 29673 نەپەر بولۇپ، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ بۆلىكىدىكى ئوقۇغۇچى سانىنىڭ 48.9% نى ئىگىللەيدۇ.

## ئوتتۇرا دەرىجىلىك كەسپىي مەكتەپ

كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپ ناھىيە ۋە ناھىيىدىن يۇقىرى مائارىپ مەمۇرى تارماقلىرىنىڭ تەستىقلىشى ئارقىسىدا قۇرۇلىدىغان باشلانغۇچ ياكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتىن ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىپ، ئوتتۇرا دەرىجىلىك كەسپىي تېخنىكا مائارىپىنى يولغا قويىدىغان ئوقۇتۇش ئورگىنىنى كۆرسىتىدۇ. كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپ خاراكتېرىگە ئاساسەن مۇستەقىل تەسىس قىلىنغان كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپ، كەسپىي تولۇقسىز ئوتتۇرا، كەسپىي تولۇق ئوتتۇرا، كەسپىي تولۇقسىز ۋە تولۇق ئوتتۇرا بىرلىشىپ تەسىس قىلىنغان كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىمۇ ئىچىگە ئالىدۇ. 1999 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئوتتۇرا دەرىجىلىك كەسپىي مەكتەپ 371، بۇنىڭ ئىچىدە ئادەتتىكى ئوتتۇرا تېخنىكوم 113، تېخنىك ئىشچىلار مەكتىپى 68، چولار ئوتتۇرا تېخنىكومى 81.

## ئوتتۇرا دەرىجىلىك تېخنىكوم مەكتەپ

گوۋۇيۈەنىنىڭ ھەرقايسى مىنىستىرلىق كومىتېتلىرى، ئاپتونوم رايون، ئۆلكە،

بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەر، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقلىشى ئارقىسىدا قۇرۇلىدىغان، تولۇقسىز ئوتتۇرا (ياكى بىر قىسىم تولۇق ئوتتۇرا) مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ياكى تەڭ دەرىجىلىك ئوقۇش تارىخىغا ئىگە ئوقۇغۇچىلارنى قوبۇل قىلىپ، ئوتتۇرا دەرىجىلىك كەسپىي مائارىپنى يولغا قويۇپ، ئوتتۇرا دەرىجىلىك كەسپىي تېخنىكلار ۋە باشقۇرۇش خادىملىرىنى تەربىيىلەيدىغان مەكتەپ. 1999 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئادەتتىكى ئوتتۇرا دەرىجىلىك تېخنىكوم 113، ئوقۇغۇچى سانى 93445، بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرى 497000 نەپەر بولۇپ، %53.2 نى ئىگىللەيدۇ.

### شىنجاڭ شەھەر قۇرۇلۇش مەكتىپى

1985 - يىلى 5 - ئايدا ئۈرۈمچى شەھىرى شىمالى بېيجىڭ يولىدا قۇرۇلغان. 1986 - يىلى تۇنجى تۈركۈمدە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلغان. ئوقۇش تۈزۈمى 2 يىلدىن 4 يىلغىچە، ئاپتونوم رايونلۇق قۇرۇلۇش نازارىتىگە قارايدىغان مەكتەپ. 1996 - ، 1993 - ، 1992 - يىللىرى 3 قېتىم ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتى تەشكىللىگەن ئوقۇ - ئوقۇتۇش سەۋىيىسىنى باھالاشتىن ئۆتكەن. 1996 - يىلى 7 - ئايدا ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك نۇقتىلىق ئوتتۇرا تېخنىكوم دەپ بېكىتىلگەن. ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى 64594m²، ئوقۇتۇش رايونى قۇرۇلۇش كۆلىمى 19245m². ئوقۇتۇش خەنزۇ تىلىدا ئېلىپ بېرىلىدىغان بولۇپ، شەھەر، يېزا قۇرۇلۇشى، شەھەر مەمۇرىيىتى قۇرۇلۇشى، باغچا، ئۆي - زېمىن تىجارىتى ۋە باشقۇرۇش، باھانى خامچوت قىلىش، شەھەر لايىھىلەش، سۇ بىلەن تەمىنلەش ۋە كىرەكسىز سۇنى چىقىرىش، يول ۋە كۆۋرۈك، مۇھەندىسلىك قۇرۇلۇشى، ئىسسىقلىق ۋە گاز بىلەن تەمىنلەش، ئۆي مۈلۈك باشقۇرۇش، مۇھەندىسلىك سەنئىتى قاتارلىقلار تەسىس قىلىنغان. مەكتەپ باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىدە ئادەتتىكى ئوتتۇرا تېخنىكومنى ئاساس قىلغان، چوڭلار ئالىي تېخنىكومى، تېلېۋىزىيە ئالىي مەكتىپى، سىرتتىن ئوقۇش، ئىش ئورنى بويىچە تەربىيىلەش قاتارلىق كۆپ قاتلاملىق كۆپ شەكىللىك ئوقۇتۇش ئەندىزىسىنى شەكىللەندۈرگەن. مەكتەپ كۇتۇپخانىسىدا 38.6 تۈمەن پارچە كىتاب ساقلانماقتا. مەكتەپنىڭ باشقۇرۇش شارائىتى ۋە ئوقۇتۇش ئەسلىھەلىرى تولۇق بولۇپ، ئۈرۈمچى شەھەرلىك كىرەكسىز سۇنى باشقۇرۇش باشقارمىسى، يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيول باشقۇرۇش باشقارمىسى، ئاپتونوم رايونلۇق 4 - قۇرۇلۇش شىركىتى قاتارلىق مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار بىلەن تەجرىبە مەشغۇلات بازىسى قۇرغان. مەكتەپ قۇرۇلغاندىن بۇيان 2800 نەپەر ھەر تۈردىكى ئوقۇغۇچى، 3000 دىن ئارتۇق ھەر دەرىجىلىك كادىر تەربىيىلىگەن. مەكتەپ شتاتى 147 نەپەر، 1999 - يىلدىكى رەسمىي ئوقۇتقۇچى سانى 81 نەپەر (ئالىي ئۇنۋانغا ئېرىشكىنى 23 نەپەر، ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئۇنۋانغا ئېرىشكىنى 44 نەپەر)، ئوقۇغۇچى سانى 1785 نەپەر.

مەكتەپ ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى شىمالىي بېيجىڭ يولى 17 - نومۇر.

پوچتا نومۇرى : 830011 ، تېلېفون : 3715023 (0991)

## شىنجاڭ خەلق ساقچىلىرى مەكتىپى

1980 - يىلى 7 - ئايدا ئۈرۈمچى شەھىرى ساڭفاڭگۇ رايونىدا قۇرۇلغان . 1983- يىلى 9 - ئايدىن باشلاپ ئادەتتىكى ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتىپى ، 1984 - يىلدىن باشلاپ چوڭلار ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتىپى ، 1985 - يىلى جۇڭگو جىنايى ئىشلار ساقچىلىرى ئىنستىتۇتىنىڭ شىنجاڭ ئوقۇتۇش پونكىتى بولۇپ قۇرۇلغان . 1990 - يىلى 1 يىللىق تولۇقلىما مەخسۇس گۇۋاھنامە سىنىپىغا ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلغان . 1991 - يىلى ج خ مىنىستىرلىقى تەرىپىدىن مەكتەپ باشقۇرۇشتا لاياقەتلىك مەكتەپ بولۇپ باھالانغان . 1992 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتى ، كادىرلار نازارىتى ، ئەمگەك نازارىتى ، بىڭتۇەن مائارىپ كومىتېتى تەرىپىدىن ئاپتونوم رايون بويىچە كەسپىي تېخنىكا مائارىپىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ بولۇپ باھالانغان . 1993- يىلى ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتى تەشكىللىگەن ئوقۇ-ئوقۇتۇشنى باھالاشتا «A» دەرىجىلىك مەكتەپ بولۇپ باھالانغان . شۇ يىلى دەسلەپكى تولۇق كۇرسنى ئۆز خىراجىتى بىلەن ئوقۇيدىغان ئامانلىق ساقلاش كەسپىدىكى ئادەتتىكى ئوتتۇرا تېخنىكومغا ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلغان . 1994 - يىلى جۇڭگو خەلق ج خ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ شىنجاڭدىكى ئالىي تېخنىكوم سىنىپىنى ئاچقان . بۇ مەكتەپ ئاپتونوم رايونلۇق جامائەت خەۋپسىزلىك نازارىتىگە تەۋە . ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى $72993m^2$ . بۇنىڭ ئىچىدە ئوقۇتۇش رايونى قۇرۇلۇش كۆلىمى $5361m^2$ . خەنزۇ ۋە ئۇيغۇر تىلىدا دەرس ئۆتۈلىدۇ ، جۇڭگو خەلق جامائەت خەۋپسىزلىكى ئۇنىۋېرسىتېتى بىلەن بىرلىكتە مەكتەپ باشقۇرۇش ئارقىلىق ئالىي تېخنىكوم ۋە ئوتتۇرا تېخنىكومدىن ئىبارەت ئىككى قاتلام ۋە جىنايى ئىشلار رازۋېتكىچىلىكى ، ئامانلىقنى باشقۇرۇش ، جامائەت خەۋپسىزلىكىنى قوغداش قاتارلىق 3 خىل كەسىپتە بىر قەدەر مۇكەممەل ئوقۇتۇش سىستېمىسى شەكىللەندۈرۈلگەن . 18 باشقارما بۆلۈم ، ئىشخانا تەسىس قىلىنغان . ئوقۇتۇش ، مەشق ، تۇرمۇش ئەسلىھەلىرى تولۇق ، $18000m^2$ مەشق سارىيى ، قارىغا ئېتىش مەيدانى ، توساق مەشق مەيدانى قاتارلىقلار بار . مەكتەپ شتاتى 161 . 1999 - يىلدىكى رەسمىي ئوقۇتقۇچى سانى 77 (ئالىي ئوقۇتقۇچى 10 ، لېكتور 42 ، ياردەمچى ئوقۇتقۇچى ۋە ئوقۇتۇش خادىمى 25 ) نەپەر . مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى سانى 1200 نەپەر . مەكتەپ قۇرۇلغاندىن بۇيان جامائەت خەۋپسىزلىك كەسپىدە 6000 دىن ئارتۇق خادىم تەربىيىلىگەن .

مەكتەپ ئادرېسى : ئۈرۈمچى شەھىرى يەنئەن يولى 131 - نومۇر .
پوچتا نومۇرى : 830001 . تېلېفون : 2563231 (0991)

## شىنجاڭ توقۇمىچىلىق سانائىتى مەكتىپى

1958 - يىلى 9 - ئاينىڭ 10 . كونى شىنجاڭ «1 - ئىيول» پاختا توقۇمىچىلىق

زاۋۇتى ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ئۈرۈمچى توقۇمىچىلىق سانائىتى مەكتىپىنى قۇرۇپ، پاختا توقۇمىچىلىق كەسپى ۋە ماشىنا توقۇمىچىلىقىدىن ئىبارەت ئىككى كەسىپنى تەسىس قىلغان. 1959 - يىلى 2 - ئايد ئۈرۈمچى پاختا توقۇمىچىلىق سانائىتى مەكتىپى يېنىك سانائەت باشقۇرۇش ئىدارىسىغ ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەن. شۇ يىلى شېكەر ئىشلەپچىقىرىش كەسپىنى تەسىس قىلغان ھە تۇنجى قېتىم مىللىي ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلغان. 1960 - يىلى 2 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق توقۇمىچىلىق سانائەت ئىدارىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەن. 6 - ئاينىڭ 1 - كۈنى شىنجاڭ توقۇمىچىلىقى سانائىتى مەكتىپى قىلىپ بېكىتىلگەن. 1962 - يىلى 10 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق يېنىك سانائەت نازارىتى ئەسلىدىكى توقۇمىچىلىق، يېنىك سانائەت، خىمىيە سانائىتى قاتارلىق ئۈچ ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتەپلىرىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ئۇلارنى بىرلەشتۈرۈپ، شىنجاڭ يېنىك سانائەت مەكتىپىنى قۇرۇشنى قارار قىلغان ۋە ئۈچ مەكتەپتىن 51 نەپەر ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىنى ئېلىپ قالغان. مەكتەپ ئورنى شىخەنزىدە تەسىس قىلىنغان. 1964 - يىلى كۈزدە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىشنى ئەسلىگە كەلتۈرگەچكە، ياتاق بىناسى قۇرۇشقا ئېھتىياجلىق بولغان، لېكىن شىخەنزە شەھىرى ياتاق ئەسلىھەلىرىنى سالدىغانغا ئورۇن بىلەن تەمىنلىمىگەچكە، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن 1967 - يىلى 7 - ئايدا مەكتەپ قايتا ئۈرۈمچىگە كۆچۈرۈلگەن. بىر قانچە قېتىم كۆچكەندىن كېيىن ئۈرۈمچى كازىۋەندا يېڭىدىن مەكتەپ قۇرغان. 1966 - يىلى مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىنىڭ زەربىسىدە مەكتەپ دەرس توختاتقان، قوبۇل قىلىنغان يېڭى ئوقۇغۇچىلارنىڭ زور كۆپچىلىكى مەكتەپكە كىرەلمىگەن. شۇنىڭدىن كېيىنكى ئالتە يىلدا ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلماي، 1973 - يىلغا كەلگەندە ئاندىن ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، 1976 - يىلى خىمىيە سانائىتى مەكتىپىنى قايتا قۇرۇپ، كازىۋەندىكى مەكتەپنى خىمىيە سانائەت مەكتىپىگە ئۆتكۈزۈپ بەرگەن. شىنجاڭ يېنىك سانائەت مەكتىپى ئۈرۈمچى بەش يۈلتۈز يولى 23 - نومۇردا قايتىدىن قۇرۇلغان. 1981 - يىلى 1 - ئايدا شىنجاڭ يېنىك سانائەت نازارىتى ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئۇنىۋېرسىتېتى قۇرۇلۇپ، شىنجاڭ يېنىك سانائەت مەكتىپى بىلەن بىرلىكتە مەكتەپ باشقۇرغان. 1982 - يىلى 3 - ئايدا شىنجاڭ يېنىك سانائەت مەكتىپى (شىنجاڭ يېنىك سانائەت نازارىتى ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئۇنىۋېرسىتېتىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) ئاپتونوم رايونلۇق توقۇمىچىلىق سانائەت ئىدارىسىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەن. 1983 - يىلى 8 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقلىشى ئارقىسىدا، شىنجاڭ توقۇمىچىلىق سانائىتى مەكتىپى قىلىپ ئۆزگەرتىلگەن. 1993 - يىلى 8 - ئايدا شىنجاڭ توقۇمىچىلىق سانائىتى تېخنىك ئىشچىلار مەكتىپى بىلەن شىنجاڭ توقۇمىچىلىق سانائىتى مەكتىپى بىرلىشىپ، مەكتەپ قۇرۇلمىسىدا بىر يۈرۈش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى 3 خىل ۋىۋىسكا شەكىللەنگەن. (شىنجاڭ توقۇمىچىلىق سانائىتى مەكتىپى، شىنجاڭ توقۇمىچىلىق ئىشچى -

خىزمەتچىلەر ئۇنىۋېرسىتېتى ، شىنجاڭ توقۇمىچىلىق سانائىتى تېخنىك ئىشچىلار مەكتىپى ) . 1996 - يىلى 6 - ئايدا ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك نۇقتىلىق ئوتتۇرا تېخنىكوم قىلىپ بېكىتىلگەن . 1998 - يىلى 3 - ئايدا مەملىكەتلىك توقۇمىچىلىق مىنىستىرلىقى تەرىپىدىن توقۇمىچىلىق كەسپىدىكى مىنىستىر دەرىجىلىك نۇقتىلىق ئوتتۇرا تېخنىكوم دەپ بېكىتىلگەن . 1999 - يىلى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مەدەنىيەتلىك ئورۇن بولۇپ باھالانغان . ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى $52540m^2$ . بۇ مەكتەپ ئاپتونوم رايونىمىزدىكى بىردىنبىر توقۇمىچىلىق ئوتتۇرا تېخنىكومى ھېسابلىنىدۇ . خەنزۇ ۋە ئۇيغۇر تىلىدا دەرس ئۆتۈلىدىغان بولۇپ ، پاختا - توقۇمىچىلىق ھۈنىرى ، ماشىنا توقۇمىچىلىق ، يۇڭ توقۇمىچىلىق ھۈنىرى ، ئىلمى توقۇلما ھۈنىرى ، توقۇمىچىلىق تاشقى سودىسى ، كومپيۇتېرنى قوللىنىش ، توقۇمىچىلىق تەرجىمانلىقى ، كىيىم لايىھىلەش قاتارلىق 20 نەچچە كەسىپ تەسىس قىلغان ، مەكتەپ باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىدە ئادەتتىكى ئوتتۇرا تېخنىكوم مائارىپىنى ئاساسى گەۋدە قىلىپ چوڭلار ئالىي تېخنىكومى ، تېخنىك ئىشچى خىزمەتتىن پۈتۈنلەي ئايرىلىپ ئوقۇش ، ئىشتىن سىرت ئوقۇتۇش ، سىرتتىن ئوقۇتۇش (خىزمەت ئورنىدا تەربىيىلەش ) قاتارلىق تۈرلەر بويىچە ئوقۇش تارىخى مائارىپى ۋە ئوقۇش تارىخى ھېسابلانمايدىغان مائارىپتىن ئىبارەت كۆپ قاتلاملىق ، كۆپ شەكىللىك مەكتەپ باشقۇرۇش ئەندىزىسىنى شەكىللەندۈرگەن . توقۇمىچىلىق ماتېرىياللىرى ، ھاۋا تەڭشەش ، ئاۋاز ، كومپيۇتېر قاتارلىق 12 تەجرىبىخانا ۋە يېپىق يوللۇق تېلېۋىزور تۈرلەر بويىچە كۆپ مىدىئانلىق ، قوش يۆنىلىشلىك ئېلېكترلەشكەن ئوقۇتۇشنى كونترول قىلىش سىستېمىسى ۋە $2600m^2$ لىق توقۇمىچىلىق كەسپىي پراكتىكا زاۋۇتى بار . ئاپتونوم رايونلۇق ئوتتۇرا دەرىجىلىك توقۇمىچىلىق كەسپىي تېخنىكلىرى ۋە باشقۇرۇش خادىملىرىنى تەربىيىلەش بازىسى قۇرغان . كۇتۇپخانىدا ساقلىنىۋاتقان كىتاب 5600 پارچىدىن ئارتۇق . مەكتەپ شتاتى 134 . 1999 - يىلدىكى رەسمىي ئوقۇتقۇچى 83 نەپەر (ئالىي ئۇنىۋانغا ئىگە ئوقۇتقۇچى 22 ، ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئۇنىۋانغا ئىگە ئوقۇتقۇچى 52 نەپەر ) ، ئوقۇغۇچى سانى 2450 نەپەر . ئىشلەپچىقىرىشتىن پۈتۈنلەي ئايرىلىپ ھەرتۈرلۈك قونۇپ ئوقۇيدىغان ئوقۇغۇچى 1100 نەپەر . مەكتەپ قۇرۇلغاندىن بۇيان 10000 دىن ئارتۇق ئوقۇغۇچىنى تەربىيىلىگەن .

مەكتەپ ئادرېسى : ئۈرۈمچى شەھىرى شىمالىي بەش يۆلتۈز يولى 23 - نومۇر
پوچتا نومۇرى : 830063 . تېلېفون : 4625707 (0991)

### شىنجاڭ مالىيە مەكتىپى

1956- يىلى قۇرۇلغان . 1957 - يىلى 8 - ئايدا شىنجاڭ سودا مەكتىپى ، شىنجاڭ ئاشلىق مەكتىپى ، شىنجاڭ بانكا مەكتىپى بىلەن بىرلىشىپ ، شىنجاڭ مالىيە سودا مەكتىپى دەپ ئۆزگەرتىلگەن . 1958 - يىلى شىنجاڭ مالىيە مەكتىپى قايتا قۇرۇلۇپ ، 1961- يىلى غۇلجىغا كۆچۈرۈلگەن . 1962-يىلى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان . 1977-يىلى

ئاپتونوم رايونلۇق مالىيە ئىدارىسى مالىيە بوغالتىرلىق تەربىيىلەش سىنىپى ئاچقان
1979-يىلى شىنجاڭ مالىيە مەكتىپىگە ئۆزگەرتىلگەن . 1980-يىلى مالىيە سودا مەكتىپ
(هازىرقى مالىيە ئىنستىتۇتى ) بىلەن بىرلەشكەن . 1982-يىلى مۇستەقىل هالدا شىنجاڭ
مالىيە مەكتىپى بولۇپ قۇرۇلغان . 1982-يىلى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق هۆكۈمىتىنىڭ
تەستىقلىشى بىلەن مۇستەقىل مەكتەپ قۇرغان . 1986-يىلى شىنجاڭ مالىيە مەكتىپ
ئاساسىدا ، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق هۆكۈمىتىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن شىنجاڭ با
ئىشلىرى مەكتىپىنى قۇرغان . مەكتەپنىڭ ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى 60800m² ، ئوقۇتۇش
رايونى قۇرۇلۇش كۆلىمى 6295m² . بۇ مەكتەپ ئاپتونوم رايونىمىزدىكى نۇقتىلىق
ئوتتۇرا تېخنىكوم بولۇپ ، ئاپتونوم رايونلۇق مالىيە نازارىتىگە قارايدۇ . ئىككى ۋىۋىس
(شىنجاڭ مالىيە مەكتىپى ، شىنجاڭ باج ئىشلىرى مەكتىپى ) بىر يۈرۈش ئاپپارات يول
قويۇلغان . تارىمىقىدا مەركىزىي مالىيە پۇل مۇئامىلە ئۇنىۋېرسىتېتى ، لياۋنىڭ با
ئىشلىرى ئالىي تېخنىكومىدىن ئىبارەت ئىككى سىرتتىن ئوقۇتۇش پونكىتى بار هە
سىرتتىن ئوقۇيدىغان تولۇق كۇرس سىنىپى هەم مەخسۇس كۇرس بار . شۇنىڭ بىلەن
بىر ۋاقىتتا ، يەنە ئاپتونوم رايونلۇق مالىيە باج سىستېمىسىدىكى بۆلۈم دەرىجىلىك
خادىملارنى تەربىيىلەش بازىسى هەم مالىيە نازارىتىنىڭ تەستىقلىشىدىن ئۆتكەن ئاپتونو
رايون دەرىجىلىك بوغالتىرلارنى ئۈزلۈكسىز تەربىيىلەش ئورنى بولۇپ هېسابلىنىدۇ
يېقىنقى يىللاردىن بۇيان مالىيە مىنىستىرلىقى تەرىپىدىن مەملىكەتلىك مالىيە
مائارىپىدىكى ئىلغار ئورۇن ، ئاپتونوم رايون تەرىپىدىن ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك
مەدەنىيەتلىك ئورۇن بولۇپ باهالانغان . مەكتەپتە 17 ئىشخانا (بۇنىڭ ئىچىدە 4 ئوقۇتۇش
تەتقىقات ئىشخانىسى ) تەسىس قىلىنغان بولۇپ ، ئوقۇتۇش ئۇيغۇر ۋە خەنزۇ تىللىرىدا
ئېلىپ بېرىلىدۇ . ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ ، مالىيە ، باج ، بوغالتىرلىقنى
كومپيوتېرلاشتۇرۇش ، باج ئىشلىرىنى كومپيوتېرلاشتۇرۇش ، كارخانا مالىيە ئىشلىرى
بوغالتىرلىقى پىلانى ، سودا-سانائەت مەمۇرى باشقۇرۇش ، ستاتىستىكا ، سوغۇرتا قاتارلىق
9 خىل كەسىپ تەسىس قىلىنغان . كۇتۇپخانىدا ساقلىنىۋاتقان كىتاب 80000دىن
ئارتۇق . بوغالتىرلىق تەقلىدى تەجرىبىخانىسى ، تىل تەجرىبىخانىسى ، كۆپ مېدىئالىق
ئېلېكترلەشكەن ئوقۇتۇش ئىشخانىسى ، كومپيۇتېر ئىشخانىسى قاتارلىقلار قۇرۇلغان
بولۇپ ئوقۇتۇش ، ياتاق ، تاماق بىر گەۋدە قىلىنغان مالىيە بوغالتىر كادىرلىرىنى
تەربىيىلەش مەركىزى قۇرۇلغان . 1999-يىلدىكى رەسمىي ئوقۇتقۇچى 74 نەپەر (ئالىي
ئۇنۋانغا ئېرىشكىنى 20 نەپەر ، ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئۇنۋانغا ئېرىشكىنى 64نەپەر ، تۆۋەن
دەرىجىلىك ئۇنۋالغا ئېرىشكىنى 31 نەپەر ) ، مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى سانى 2006 نەپەر

مەكتەپ ئادرېسى : ئۈرۈمچى شەھىرى شىمالىي بېيجىڭ يولى 13 - نومۇر
پوچتا نومۇرى : 830011 . تېلېفون : 3718988 (0991)

## شىنجاڭ پوچتا ـ تېلېگراف مەكتىپى

مەملىكەتلىك نۇقتىلىق ئوتتۇرا تېخنىكوم. مىللىي، خەنزۇ ئارىلاش مەكتەپ بولۇپ، ئوقۇتۇش خەنزۇ تىلىدا ئېلىپ بېرىلىدۇ. 1956 ـ يىلىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە قۇرۇلۇپ، 1958 ـ يىلى ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتىپى قىلىپ ئۆزگەرتىلگەن. 1997-يىلى 2 ـ ئايدا شىنجاڭ پوچتا تېلېگراف ئىدارىسى باشقۇرۇش كادىرلار مەكتىپى، شىنجاڭ پوچتا ـ تېلېگراف تېخنىك ئىشچىلار مەكتىپى بىلەن بىرلىشىپ قايتا تەشكىللىنىپ، ئۈرۈمچى شەھىرى خۇاڭخې يولىدىكى ھازىرقى ئورنىغا كۆچۈرۈلگەن. مەكتەپ ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى $136000m^2$. قۇرۇلۇش كۆلىمى $60000m^2$. پوچتا ئىشلىرىنى باشقۇرۇش، پوچتا پۇل مۇئامىلىسى، ئۇنىۋېرسال تېلېگراف، پروگراممىلىق ئالماشتۇرۇش، سىمسىز ئالاقە، كومپيۇتېردا ئالاقىلىشىش، پوچتا ـ تېلېگراف ئىگىلىك باشقۇرۇش قاتارلىق 8 خىل كەسىپ تەسىس قىلغان. بۇنىڭ ئىچىدە پوچتا تېلېگراف ئىگىلىك باشقۇرۇش كەسپىي 1979 ـ يىلى كۆكخوتتا چاقىرىلغان 1 ـ قېتىملىق غەربى شىمال، شىمالى جۇڭگودىكى 8 ئۆلكە بويىچە پوچتا تېلېگراف مەكتەپلىرى كەسپى ھەمكارلىق يىغىنىدا 8 ئۆلكە (رايون)نىڭ پوچتا ھەمكارلىق كەسپىي قىلىپ بېكىتىلگەن. 1999- يىلى ئادەتتىكى ئوتتۇرا تېخنىكوم ئوقۇش تارىخىغا ئىگە ئوقۇغۇچىلارنى قوبۇل قىلىشنى توختىتىپ، ئاساسەن پوچتا ـ تېلېگراف كارخانىلىرىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى كەسپىي خادىملارنى تەربىيىلەش ۋە چوڭلار مائارىپى بىلەن شوغۇللانغان. 1999 ـ يىلدىكى ئوقۇغۇچى سانى 607 نەپەر. رەسمىي ئوقۇتقۇچى 75 نەپەر. ئالىي ئۇنۋانغا ئىگە ئوقۇتقۇچى 17 نەپەر. مەكتەپ قۇرۇلغاندىن بۇيان جەمئىيەت ئۈچۈن پوچتا ـ تېلېگراف كەسپىدىكى خادىملاردىن 10000 دىن ئارتۇقنى تەربىيىلىگەن.

مەكتەپ ئادرېسى: ئىقتىساد ئېچىۋېتىش رايونى ئوتتۇرا ئاسىيا جەنۇبى يولى 20 ـ نومۇر.

پوچتا نومۇرى: 830026. تېلېفون: (0991) 3723696

## شىنجاڭ ئەدلىيە ساقچى ـ ئوفېتسىرلار مەكتىپى

شىنجاڭ ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش خىزمىتى كادىرلار مەكتىپى، شىنجاڭ ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش ساقچىلار مەكتىپى، شىنجاڭ تۈرمە ساقچى ئوفىتسېرلار مەكتىپى قاتارلىق ناملارنى ئىشلەتكەن. شىنجاڭ ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش كادىرلار مەكتىپى 1981-يىلى 4 ـ ئايدا قۇرۇلغان بولۇپ، 1 ـ تۈرمە باشلانغۇچ مەكتىپىدە قۇرۇلغان. 1983 ـ يىلى شىنجاڭ ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش ساقچىلار مەكتىپى قىلىپ ئۆزگەرتىلىپ، 9- ئايدا تۇنجى قارار ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا تېخنىكوم ئوقۇغۇچىلىرىنى قوبۇل قىلغان (باشقۇرۇش تەربىيىلەش كەسپىي). 1984 ـ يىلدىن 1985 ـ يىلغىچە شىنجاڭ ئەدلىيە مەكتىپى بىلەن بىرلەشكەن. 1986 ـ يىلى شىنجاڭ ئەدلىيە مەكتىپى ئايرىلىپ چىقىپ، مۇستەقىل مەكتەپ قۇرغان. 1987 ـ يىلى شىنجاڭ تۈرمە باشقۇرۇش

ئىدارىسى تېلېۋىزىيە ئۇنىۋېرسىتېتى خىزمەت پونكتى بولۇپ قۇرۇلغان. 1989 - يىل
زوراۋانلىققا، توپىلاڭغا قارشى تۇرۇپ زوراۋانلىقنى بېسىقتۇرۇش كۈرىشىدە كوللېكتىپ
3 - دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسىتىپ، ئەدلىيە مىنىستىرلىقى، شىنجاڭ خەلق
ھۆكۈمىتىنىڭ مۇكاپاتلىشىغا ئېرىشكەن. 1991 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ
كومىتېتى تەرىپىدىن ئوقۇتۇش شارائىتى ئاساسەن لاياقەتلىك مەكتەپ دەپ باھالانغان.
1993 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتىنىڭ ئوقۇتۇش شارائىتىنى قايتا
باھالىشىدىن ئۆتۈپ، لاياقەتلىك مەكتەپ بولۇپ باھالانغان. 1995 - يىلى شىنجاڭ تۈرمە
ساقچى ئوفىتسېرلار مەكتىپى قىلىپ ئۆزگەرتىلگەن. شۇ يىلى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك
مەدەنىيەتلىك ئورۇن بولۇپ باھالانغان. 9 - ئايدا تۇنجى تۈركۈم تولۇقسىز ئوتتۇرا
تېخنىكوم ئوقۇغۇچىلىرىنى قوبۇل قىلغان (قانۇن كەسپى). 1996 - يىلى شىنجاڭ
ئەدلىيە ساقچى ئوفىتسېرلار مەكتىپى قىلىپ ئۆزگەرتىلگەن. 1997- يىلى 6- ئاي
ئەدلىيە مىنىستىرلىقى تۈرمە ئىدارىسى تەرىپىدىن مەملىكەتلىك تۈرمە سىستېمىسىدىكى
ئوفىتسېرلار مەكتىپىنى باھالاش مائارىپىدىكى «B» دەرىجىلىك لاياقەتلىك مەكتەپ
بولغان. 1998 - يىلى 9 - ئايدا رادىئو - تېلېۋىزىيە داشۆسى خىزمەت پونكتى ئاپتونوم
رايونلۇق باھالاشتا تېلېۋىزىيە داشۆ ئوقۇتۇشى بويىچە «A» دەرىجىلىك ئورۇن بولۇپ
باھالانغان. 1999 - يىلى 9 - ئايدا رادىئو - تېلېۋىزىيە داشۆسى خىزمەت پونكتى مەكتەپ
دەرىجىلىك ئورۇن بولۇپ ئۆستۈرۈلۈپ، شىنجاڭ ئەدلىيە ساقچى ئوفىتسېرلار رادىئو
- تېلېۋىزىيە داشۆسى قىلىپ بېكىتىلگەن. بۇ مەكتەپ شىنجاڭ ئەدلىيە نازارىتى تۈرمە
ئىدارىسىغا تەۋە. ئوقۇتۇش ئۇيغۇر، خەنزۇ تىلىدا ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئوقۇش تۈزۈمى
3 يىللىق، تولۇقسىز ئوتتۇرا تېخنىكۇم، 2 يىللىق تولۇق ئوتتۇرا تېخنىكۇم، 3 يىللىق
ئادەتتىكى ئالىي تېخنىكۇم، چوڭلار ئالىي تېخنىكۇم، چوڭلار ئوتتۇرا تېخنىكۇم
قاتارلىقلار بولۇپ، دائىملىق كەسپلەردىن جىنايى ئىشلار ئەدلىيىسى، قانۇن
جىنايى ئىشلار رازۋېتكىلىقى قاتارلىقلار بار بولۇپ، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، يەنە تۈرمە
قانۇنى، ھازىرقى زامان كاتىباتلىقى، يېزا ئىگىلىك ئىلمى، بوغالتىرلىقنى
كومپيۇتېرلاشتۇرۇش، مەمۇرى باشقۇرۇش قاتارلىق 10 نەچچە كەسىپ تەسىس قىلغان
ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى $60931m^2$، ئوقۇتۇش رايونى قۇرۇلۇش كۆلىمى $14722m^2$. بىر
قەدەر تولۇق بولغان ئوقۇتۇش ۋە تۇرمۇش ئەسلىھەلىرىگە ئىگە. مەكتەپ شتاتى 139
1999-يىلدىكى رەسمىي ئوقۇتقۇچى 74 نەپەر (ئالىي دەرىجىلىك لېكتور 10، لېكتورلار
299 نەپەر)، ئوقۇغۇچى سانى 1763 نەپەر. مەكتەپ قۇرۇلغاندىن بۇيان ئالىي، ئوتتۇرا
تېخنىكوم ئوقۇغۇچىلىرىدىن 4100 نەپەر، ئىش ئورنىدىكى ساقچى كادىرلاردىن 6000
دىن ئارتۇقنى تەربىيىلىگەن.

مەكتەپ ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى شوربۇلاق كوچىسى 29- نومۇر.
پوچتانومۇرى: 380002. تېلېفون: (0991) 2655709

## شىنجاڭ ئەدلىيە مەكتىپى

1983 - يىلى 4 - ئايدا ئۈرۈمچى شەھىرى تيانشان رايونى شوربولاق كوچىسى 143 - نومۇردا قۇرۇلغان . شىنجاڭدىكى تۇنجى مۇنتىزىم ئەدلىيە كەسپىي خادىملىرىنى تەربىيىلەيدىغان ئوتتۇرا دەرىجىلىك قانۇن تېخنىكوم مەكتىپى بولۇپ ، ئاپتونوم رايونلۇق ئەدلىيە نازارىتىگە قارايدۇ . ئۇدا 4 يىل ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مەدەنىيەتلىك ئورۇن بولۇپ باھالانغان . ئوقۇتۇش ئۇيغۇر ۋە خەنزۇ تىلىدا ئېلىپ بېرىلىدىغان بولۇپ ، يېرىم ھەربى تۈزۈمدە باشقۇرۇلىدۇ . ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى $27257m^2$ ، ئوقۇتۇش رايونى قۇرۇلۇش كۆلىمى $12358m^2$ ، 10دىن ئارتۇق كەسپىي ئوقۇتۇش تەتقىقات ئىشخانىسى تەسىس قىلىنغان . مەكتەپ ئوقۇغۇچىلارنى ئەدلىيە كەسپىدىن دىپلوم ئېلىشنى تەلەپ قىلغاندىن سىرت ، يەنە بۇ كەسپكە مۇناسىۋەتلىك ئىقتىدار لاياقەت گۇۋاھنامىسىنى ئېلىشنى تەلەپ قىلىدۇ . «ئۈچنى بىلىدىغان ، ئۈچنى قىلالايدىغان ئۈچ خىل ئىقتىدارلىق» «3 .3» تىپلىق خادىملار بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ . يەنى چەت ئەل تىلى ، ئىقتىساد ، باشقۇرۇشنى بىلىدىغان ، يېڭىلىق يارىتىش خاراكتېردىكى خادىملار . چەت تىلنى ئىشلىتەلەيدىغان ، كومپيۇتېر ئىشلىتەلەيدىغان ، ئاممىۋى مۇناسىۋەت قىلالايدىغان ماسلىشىشچان خادىملار ، سۆزلىيەلەيدىغان ، يازالايدىغان ، دېلو بېجىرەلەيدىغان ئەمەلىيەتچىل خادىملاردىن بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ . مەكتەپتە ئوتتۇرا تېخنىكوم بۆلىمى ۋە شىنجاڭ ئەدلىيە نازارىتى تېلېۋىزىيە ئۇنىۋېرسىتېتى پونكىتى تەسىس قىلىنغان بولۇپ تەقلىدى ئوقۇتۇش ، دېلو ئوقۇتۇشى ، ئوقۇتۇش بىلەن ئىمتىھاننى ئايرىش ، ئوقۇش نومۇر تۈزۈمى قاتارلىق ئىلغار ، ئۈنۈملۈك ئۇسۇل ۋە ئەندىزىلەرنى يولغا قويغان ھەمدە مەكتەپتىكى 30 نەپەر كەسپىي ئادۋوكاتتىن تەشكىللەنگەن شىنجاڭ شىنچېڭخې ئىش بېجىرىش ئورنى ھەم خۇڭچاۋ ماركسىزم - لېنىنىزم ئۆگىنىش تەتقىقات ئورنى ، ئەدلىيە نۇرى ئۆگىنىش ئۇيۇشمىسى قاتارلىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆزلىرى مۇستەقىل باشقۇرىدىغان ئىجتىمائىي ئۆمەكلەردىن پايدىلىنىپ ، ئىلمىي ئالماشتۇرۇش ، تەقلىدىي سوت ئېچىش قاتارلىق ھەرخىل كەسپىي پائالىيەتنى ئېلىپ بارىدۇ . مەكتەپ شتاتى 159 ، 1999-يىلىدىكى رەسمىي ئوقۇتقۇچى 75 نەپەر (ئالىي لېكتور 20 ، لېكتور 33 نەپەر). ئوقۇغۇچى سانى 1238 نەپەر . مەكتەپ قۇرۇلغاندىن بۇيان ئەدلىيە كەسپىي خادىملاردىن 5000 نەپەر دىن ئارتۇقنى ، ئەدلىيە كادىر - ساقچىلىرىدىن 1000 نەپەر دىن ئارتۇقنى تەربىيىلىگەن .

مەكتەپ ئادرېسى : ئۈرۈمچى شەھىرى شوربۇلاق كوچىسى 143 - نومۇر

پوچتا نومۇرى : 830002 . تېلېفون : 2619014 (0991)

## شىنجاڭ سودا مەكتىپى

1959 - يىلى 6 - ئايدا ئۈرۈمچى شەھىرىدە قۇرۇلۇپ ، 1961 - يىلى قەشقەر كونىشەھەر ناھىيىسىگە كۆچۈرۈلۈپ ، قەشقەر مالىيە مەكتىپى بىلەن بىرلىشىپ ،

شىنجاڭ سودا مەكتىپى قىلىپ ئۆزگەرتىلگەن . 1962 - يىلى مەكتەپ تاقىۋېتىلگەن
1964 - يىلى 9 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقلىشى بىلە
شىنجاڭ سودا مەكتىپى قايتا قۇرۇلغان . 1965 - يىلى مەجبۇرىي تاقىۋېتىلگەن . 973
يىلى قايتىدىن ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىشنى ئەسلىگە كەلتۈرگەن ، 1980 - ۋە 1994
يىللىرى مائارىپ مىنىستىرلىقى تەرىپىدىن مەملىكەت دەرىجىلىك نۇقتىلىق ئوتتۇ
تېخنىكوم قىلىپ بېكىتىلگەن . 1999 - يىلى ئەنگلىيە شىمىس سودا ئىنستىتۇتى بىلە
بىرلىشىپ مەكتەپ باشقۇرۇپ ، شىنجاڭ شىمىس خەلقئارالىق سودا ئىنستىتۇتى
قۇرغان . ئاپتونوم رايونلۇق سودانازارىتىگە تەۋە . ئوقۇتۇش خەنزۇ ۋە ئۇيغۇر تىلى
ئېلىپ بېرىلىدۇ ، سودا بوغالتىرلىقى ، بازار مۇلازىمىتى ، خەلقئارا سودا ، مېھمانخا
مۇلازىمىتى ۋە باشقۇرۇش ، بوغالتىرلىقنى كومپيۇتېرلاشتۇرۇش ، كومپيۇتېر ئىشلىتى
ۋە ئۇچۇر باشقۇرۇش ، كومپيۇتېر ئىشلىتىش ۋە سودىنى ئاپتوماتلاشتۇرۇش ، سو
بېزەكچىلىكى ، بوغالتىرلىق تىجارىتى قاتارلىق 9 كەسىپ تەسىس قىلغان . مەكتەپنىڭ
ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى $40333m^2$ ، ئوقۇتۇش رايونى قۇرۇلۇش كۆلىمى $6000m^2$
بولۇپ ، كومپيۇتېر ئىشخانىسى ، بوغالتىرلىق تەقلىدى تەجرىبىخانىسى ، ئېلېكترلەشكەن
ئوقۇتۇش ئۆيى ، تىل ئۆيى ، يېپىق يوللۇق تېلېۋىزور سىنىپى ۋە مەكتەپ تور
قاتارلىقلارنى قۇرغان . كۇتۇپخانىدا ساقلىنىۋاتقان كىتاب 13500 پارچىدىن ئارتۇق
1999- يىلدىكى رەسمىي ئوقۇتقۇچى 96 نەپەر (ئالىي لېكتور 20 ، لېكتور 48 نەپەر
. ئوقۇغۇچى سانى 1636 نەپەر .
مەكتەپ ئادرېسى : ئۈرۈمچى شەھىرى ئىتتىپاق يولى 70 - نومۇر .
پوچتا نومۇرى : 830001 . تېلېفون : 2875519 (0991)

## شىنجاڭ ئېلېكتر ئېنېرگىيە مەكتىپى

ئاپتونوم رايونلۇق نۇقتىلىق ئوتتۇرا تېخنىكوم . 1958 - يىلى 9 - ئايدا قۇرۇلغان
1997 - يىلى شىنجاڭ ئېلېكتر ئېنېرگىيە مائارىپ مەركىزى قىلىپ ئۆزگەرتىلىپ
ئۇنىڭ ئىچىدە ئېلېكتر ئېنېرگىيە تېخنىك ئىشچىلار مەكتىپى ، شىنجاڭ ئېلېكتر
ئېنېرگىيە ئىدارىسى پارتىيە مەكتىپى ، كادىرلار تەربىيىلەش مەركىزى ، ئىشچى
خىزمەتچى تەربىيىلەش مەركىزى ، كەپشەرلەش ئىشچىلىرىنى تەربىيىلەش مەركىزى
كەسپىي ئىقتىدارنى ئۆلچەش پونكىتى ، يېزا مانتيورلىرىنى تەربىيىلەش مەركىزى ۋە
ئېلېكتر ئېنېرگىيە سىستېمىسى ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىش ئىمتىھان كونسۇلتاتسىيە
مەركىزى قاتارلىقلار تەسىس قىلىنغان . قۇرۇلۇش كۆلىمى $46853m^2$ . ئوقۇتۇش
ئەسلىھەلىرىدىن فىزىكا ، خىمىيە ، مانتيورلۇق ، ئېلېكترون ، ئېلېكتر ماشىنىلىرى
ئاسراش ۋە ئاپتوماتىك قۇرۇلمىلار ، ئىسسىقلىق ئېنېرگىيە جەريانىنى
ئاپتوماتلاشتۇرۇش ، پارقازان ، گاز ئايلاندۇرۇش ماشىنىسى ، قاتارلىق تەجرىبىخانا ۋە
پراكتىكا زاۋۇتى بار . نۇقتىلىق كەسپلەردىن ئېلېكتر ئىستانسىسى ۋە ئېلېكتر

ئېنېرگىيە سىستېمىسى، ئېلېكتر ئىستانسىسى ئىسسىقلىق ئېنېرگىيە ھەرىكەتچان ئۈسكۈنىسى قاتارلىقلار بار. ئوقۇتۇشتا خەنزۇ تىلى ئاساس، ئۇيغۇر تىلى قوشۇمچە قىلىنىدۇ. 1999 - يىلدىكى ئوقۇغۇچى سانى 1751 نەپەر، ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچى 281 نەپەر، ئوقۇتقۇچى 128 نەپەر. بۇنىڭ ئىچىدە ئالىي ئۇنۋانغا ئىگە ئوقۇتقۇچى 8 نەپەر، 1983 - يىلدىن بۇيان 5014 نەپەر ئوقۇغۇچى تەربىيىلىگەن.

مەكتەپ ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى بېيجىڭ يولى 5 - نومۇر.

پوچتا نومۇرى: 830011 تېلېفون: 2923920 (0991)

شىنجاڭ سۇ ئېلېكتر مەكتىپى

شىنجاڭنىڭ سۇ قۇرۇلۇشى سۇ ئېلېكتر ئىشلىرى ئۈچۈن ئىختىساسلىقلارنى تەربىيىلەيدىغان پۈتۈن كۈنلۈك تولۇق ئوتتۇرا دەرىجىلىك تېخنىكوم بولۇپ، 1980 - يىلى قۇرۇلغان. ئوقۇتۇشتا خەنزۇ، ئۇيغۇر تىلى قوللىنىلىدۇ، ئاپتونوم رايونلۇق سۇ ئىشلىرى نازارىتىگە تەۋە. 1987- يىلى خېخەي ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئۈرۈمچىدىكى سىرتتىن ئوقۇتۇش پونكىتى بۇ مەكتەپتە قۇرۇلغان، 1990 - يىلى سۇ ئىشلىرى نازارىتى ئوخشاش بىر ئورۇندىكى شىنجاڭ ئېلېكتر تېخنىك ئىشچىلار مەكتىپى، خېخەي ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئۈرۈمچىدىكى ئوقۇتۇش مەركىزى قاتارلىقلارنى بىرلەشتۈرۈپ، سۇ ئېلېكتر مەكتىپى قىلىپ قايتا تەشكىللىگەن. ئۇنىڭدىن باشقا، مەكتەپ يەنە نەنچاڭ سۇ ئىشلىرى ئالىي تېخنىكومى ۋە دالىيەن سۇ مەھسۇلاتلىرى ئىنستىتۇتى بىلەن بىرلىكتە مەكتەپ باشقۇرۇپ، چوڭلار ئالىي تېخنىكومى ئىشتىن ئايرىلىپ ئوقۇش ۋە سىرتتىن ئوقۇش سىنىپلىرىنى ئاچقان. 1994 - يىلى ئۆلكە دەرىجىلىك نۇقتىلىق ئوتتۇرا تېخنىكوم قىلىپ بېكىتىلگەن. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان مەكتەپ ئوخشاش بولمىغان قاتلامدىكى سىرتتىن ئوقۇش، خىزمەتتىن ئايرىلىپ ئوقۇش مەخسۇس كۇرس سىنىپلىرىنى ئېچىپ، ئىشلەپچىقىرىش بىلەن ئوقۇتۇشنى بىرلەشتۈرۈشتەك مائارىپ يولىدا ئاكتىپ ئىزدىنىپ ھازىرقى كۆپ قاتلاملىق، كۆپ تەرەپلىمىلىك مەكتەپ ۋەزىيىتىنى پەيدىنپەي شەكىللەندۈرگەن. 1992 - يىلدىن باشلاپ ئۈزلۈكسىز ھالدا سۇ تۇپراقنى ساقلاش، سۇ ئىشلىرى قۇرۇلۇشى، ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ توك كۈچى ئۈسكۈنىلىرى، يېزا - بازارلارنى سۇ بىلەن تەمىنلەش؛ سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشى قاتارلىق 9 خىل كەسىپكە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلغان. مەكتەپنىڭ ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى $151795m^2$ ، ئوقۇتۇشتا ئىشلىتىلىدىغىنى $34196m^2$ . مەكتەپ ئىچىدە يېپىق يوللۇق تېلېۋىزور سىستېمىسى ۋە مەكتەپ تورى قۇرۇلغان. سۇ قۇرۇلۇشى، توپا قۇرۇلۇشى، قۇرۇلۇش ماتېرىيالى، ئېلېكترون قاتارلىق ھەرخىل ئەسلىھەلىرى تولۇق بولغان تەجرىبىخانا ۋە پراكتىكا زاۋۇتى بار. مەكتەپ شتاتى 237 . 1999 - يىلدىكى رەسمىي ئوقۇتقۇچى 116 نەپەر. ئوقۇغۇچى سانى 1455 نەپەر. مەكتەپ قۇرۇلغان 20 يىلدىن بۇيان 5063 نەپەر ئوتتۇرا تېخنىكوم ئوقۇغۇچىلىرىنى تەربىيىلىگەن.

مەكتەپ ئادرېسى : ئۈرۈمچى شەرقىي قەشقەر يولى 50 - نومۇر .
پوچتا نومۇرى : 830013 . تېلېفون : (0991) 629347

## شىنجاڭ ماشىنىسازلىق ئېلېكترون سانائەت مەكتىپى

مەملىكەتلىك نۇقتىلىق ئوتتۇرا تېخنىكوم . 1957 - يىلى 10 - ئايدا قۇرۇلغان . ئەسلى نامى شىنجاڭ سانائەت قاتناش قۇرۇلۇش مەكتىپى . 1987 - يىلى ھازىرقى نامغا ئۆزگەرتىلگەن . ئەسلىدىكى ئۈرۈمچى ماشىنىسازلىق مەكتىپى ، ئۈرۈمچى ئاۋىئاتسىيە مەكتىپى ۋە شىنجاڭ ماشىنىسازلىق نازارىتى ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئۇنىۋېرسىتېتى قاتارلىقلار ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ بۇ مەكتەپكە قوشۇۋېتىلگەن . ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى $78100m^2$ ، قۇرۇلۇش كۆلىمى $40000m^2$ . ماشىنىسازلىق ، ماشىنىسازلىقنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈش ، كەپشەرلەش ، كومپيۇتېر ئىشلىتىش ، كومپيۇتېر تورى ، ئېلېكترون تېخنىكىسى ، ئىسسىقلىق ئېنېرگىيىسى قۇرۇلۇشى ، سانائەت كارخانىلىرىنى ئاپتوماتلاشتۇرۇش ، بوغالتىرلىقنى كومپيوتېرلاشتۇرۇش قاتارلىق 22 كەسىپ تەسىس قىلىنغان . 1999 - يىلدىكى ئوقۇغۇچى سانى 1900 دىن ئارتۇق ، ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرى % 50 تىن ئارتۇق . 1999 - يىلدىكى ئوقۇتقۇچى ، ئىشچى - خىزمەتچى 250 نەپەر . بۇنىڭ ئىچىدە رەسمىي ئوقۇتقۇچى سانى 105 نەپەر بولۇپ ، ئالىي ئۇنۋانغا ئېرىشكەن 33 نەپەر ئوقۇتقۇچىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ . 38 ئادەم ئالىي دەرىجىلىك ئىشچىلارنى باھالاش سالاھىيىتىگە ئىگە . 40 يىلدىن بۇيان تەربىيىلىگەن ئوقۇغۇچى 7000 نەپەر .

مەكتەپ ئادرېسى : ئۈرۈمچى شەھىرى شىمالىي تيەنجىن يولى 4 - نومۇر .
پوچتا نومۇرى : 830011 . تېلېفون : (0991) 6638225

## شىنجاڭ خىمىيە سانائەت مەكتىپى

ئاپتونوم رايونلۇق نۇقتىلىق ئالىي تېخنىكوم . ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى $57000m^2$ . مەمۇرىي بۆلۈمدىن 5 ، كەسپىي ئوقۇتۇش ئىشخانىسىدىن 8 تەسىس قىلىنغان . خىمىيە سانائىتى ، ئانئورگانىك خىمىيە سانائىتى ، ئورگانىك خىمىيە سانائىتى ، ئىنچىكە خىمىيە سانائىتى ، نېفىت ئايرىش ، نېفىت خىمىيىسى ، خىمىيە سانائىتى ئانالىزى ، مۇھىت ئۆلچەش ، خىمىيە سانائەت ماشىنىسازلىقى ، خىمىيە سانائىتى كارخانىلىرىنى باشقۇرۇش ، كومپيۇتېر ئىشلىتىش قاتارلىق 10دىن ئارتۇق كەسىپ تەسىس قىلغان . چىڭداۋ خىمىيە سانائەت ئىنىستىتۇتى ئالىي تېخنىكومى سىرتتىن ئوقۇش پونكىتىنى تەسىس قىلغان . ئاپتونوم رايونلۇق يەرلىك نېفىت مەھسۇلاتلىرىنى تەكشۈرۈش پونكىتى ، نېفىت ۋە خىمىيە سانائەت ئانالىزى تەكشۈرۈش خادىملىرىنى تەربىيىلەش مەركىزى ، خىمىيە سانائىتى كەسپىي خادىملارنىڭ ئىقتىدارىنى باھالاش پونكىتى قاتارلىقلار بۇ مەكتەپتە قۇرۇلغان . ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مەدەنىيەتلىك

ئورۇن ، ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى نەمۇنىلىك ئورۇن دېگەن ناملارغا ئېرىشكەن . مەكتەپ قۇرۇلغاندىن بۇيان 8000 دىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى تەربىيىلىگەن . 1999 - يىلدىكى مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 110 نەپەر . ئوقۇغۇچى سانى 2200 نەپەر .

مەكتەپ ئادرېسى : ئۈرۈمچى شەھىرى شەرقىي خېنەن يولى 9 - نومۇر .

پوچتا نومۇرى : 830011 . تېلېفون : 6636470 (0911)

## شىنجاڭ يېنىك سانائەت مەكتىپى

1956 - يىلى قۇرۇلۇپ ، 1983 - يىلى 8 - ئايداقايتا قۇرۇلغان ، 1986 - يىلى كۆزدە ئاساسى جەھەتتىن قۇرۇلۇپ بولغان ھەم ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىشنى باشلىغان . پۈتۈن راسخودنى دۆلەت ئاجرىتىدىغان ناھىيە دەرىجىلىك ئورۇن . ئوتتۇرا دەرىجىلىك كەسپىي تېخنىكوم . بۇ مەكتەپتە يېمەكلىك (ئېچىتىش ) ، تېرە (يۇڭ ) ، قەغەز ياساش ، شېكەر ئىشلەپچىقىرىش قاتارلىق 4 خىل كەسىپ تەسىس قىلىنغان . 1993 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتىنىڭ تەستىقلىشى ئارقىسىدا مەكتەپنىڭ كۆلىمى كېڭەيتىلىپ ، ئوقۇغۇچى سانى 1280 ئادەمگە يەتكەن . شۇ يىلى 6 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق يېنىك سانائەت نازارىتى پارتىيە گۇرۇپپىسى شىنجاڭ يېنىك سانائىتى مەكتىپى ، شىنجاڭ يېنىك سانائەت نازارىتى ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئۇنىۋېرسىتېتى ، شىنجاڭ يېنىك سانائەت تېخنىك ئىشچىلار مەكتىپى ، شىنجاڭ يېنىك سانائەت كادىرلار مەكتىپىنى بىرلەشتۈرۈشنى قارار قىلىپ ، 4 ۋېۋىسكا بىر رەھبەرلىك بەنزىسى شەكىللەنگەن . يەنىلا ناھىيە دەرىجىلىك ئورۇن بولغان ، ئوقۇتۇش خەنزۇ ۋە ئۇيغۇر تىلىدا ئېلىپ بېرىلىدۇ . ھازىرقى ئىشچى - خىزمەتچى سانى 259 نەپەر . بۇنىڭ ئىچىدە ئوقۇتقۇچى 158 نەپەر ، ئالىي ئۇنىۋانغا ئىگە ئوقۇتقۇچى 23 ، ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئۇنىۋانغا ئىگە ئوقۇتقۇچى 92 نەپەر . ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى $134215m^2$ . ئوقۇتۇش رايونى قۇرۇلۇش كۆلىمى $40000m^2$ ، كۇتۇپخانىدا ساقلىنىۋاتقان كىتاب 150000 پارچە . يېمەكلىكنى تەكشۈرۈش ، خەنزۇ تىلى مائارىپى ، كومپيۇتېر ئۇچۇر باشقۇرۇش ، كومپيۇتېر تور تېخنىكىسى ، ئاپتوماتلاشتۇرۇشنى كونترول قىلىش تېخنىكىسى ، شىفىر ئالاقىسى ، ئائىلە ئېلېكتر سايمانلىرى ، سودا ئىنگلىز تىلى ، سانائەتنى ئاپتوماتلاشتۇرۇش ، ئېلېكترون تېخنىكىسىنى ئىشلىتىش ، مۇھىت ئۆلچەش قاتارلىق كەسىپلەر تەسىس قىلىنغان . 42 سايمانلىرى تولۇق ، ئىقتىدارى مۇكەممەل بولغان تەجرىبىخانا ، 7 ئوقۇغۇچىلار مەشغۇلات بازىسى بار . مەكتەپ قۇرۇلغاندىن بۇيان ھەرتۈرلۈك كەسىپ تېخنىك خادىمدىن 10000دىن كۆپرەكنى ، كادىر ، ئىشچى - خىزمەتچىدىن 6000 دىن كۆپرەكنى تەربىيىلىگەن . 1996 - يىلى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك نۇقتىلىق ئوتتۇرا تېخنىكوم قىلىپ بېكىتىلگەن . 1999 - يىلى مەملىكەت دەرىجىلىك نۇقتىلىق ئوتتۇرا تېخنىكوم بولۇپ باھالانغان . 1996 - ، 1999 - يىلى ئۇدا 4 يىل ئاپتونوم رايونلۇق مەنىۋى

مەدەنىيەتلىك ئورۇن بولۇپ باھالانغان . 2000 - يىل 4 - ئايدائاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن شىنجاڭ يېنىك سانائەت نازارىتى ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپ — شىنجاڭ يېنىك سانائەت كەسپىي تېخنىكا ئىنستىتۇتى قىلىپ ئۆزگەرتىلگەن .

مەكتەپ ئادرېسى : ئۈرۈمچى شەھىرى .

پوچتا نومۇرى : 830021 . تېلېفون : 6866783 (0991)

## شىنجاڭ ئاشلىق مەكتىپى

1958 - يىلى 12 - ئايدا ئۈرۈمچى شەھىرى يېڭى شەھەر رايونىدا قۇرۇلغان . تۇنجى قېتىمدا جەمئىيەتتىكى ياشتىن 179 نەپەر قوبۇل قىلغان . 1959 - يىلى 1 - ئاينىڭ 10 - كۈنى ئوقۇش باشلاپ ، ئىسكىلات باشقۇرۇش ، ماشىنىسازلىق ، پىششىقلاپ ئىشلەش قاتارلىق 3 خىل كەسىپ تەسىس قىلغان . 1962 - يىلى 5 - ئايدا ئاشلىق مەكتىپى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان . 1966 - يىلى 4 - ئاينىڭ 8 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق كومىتېتى يېرىم ئىشلەپ ، يېرىم ئوقۇش تۈزۈمىدىكى ئاشلىق مەكتىپى قۇرۇشنى تەستىقلىغان . 1968- يىلى 11 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق ئىنقىلابى كومىتېتىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشقا قوماندانلىق قىلىش گۇرۇپپىسى قايتا ھۆججەت چۈشۈرۈش بىلەن مەكتەپ يەنە ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان . 1974 - يىلى 7 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق ئىنقىلابى كومىتېت شىنجاڭ ئاشلىق مەكتىپىنى قايتا قۇرۇشقا قوشۇلغان . 9-ئايدا جەمئىيەتكە تونۇشتۇرۇش شەكلى بىلەن 125 نەپەر ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلغان . بوغالتىرلىق ، ئىسكىلات باشقۇرۇش ، ماشىنىسازلىق قاتارلىق 3 كەسىپ تەسىس قىلىنغان . ئوقۇش يىلى 2 يىل بولغان . 1990 - يىلى ئەسلىدىكى سودا مىنىستىرلىقى تەرىپىدىن كەسپىي مائارىپتىكى ئىلغار ئورۇن بولۇپ باھالانغان . 1992 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتى ، كادىرلار نازارىتى ، ئەمگەك نازارىتى قاتارلىق ئورۇنلار كەسپىي تېخنىكا مائارىپىدىكى ئىلغار ئورۇن دەپ باھا بەرگەن . 1993 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق نۇقتىلىق ئوتتۇرا تېخنىكوم بولۇپ باھالانغان . 1994 - يىلى ئىچكى سودا مىنىستىرلىقى تەرىپىدىن نۇقتىلىق ئوتتۇرا تېخنىكوم دەپ بېكىتىلگەن . 1996 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتى ئاپتونوم رايوندىكى ئوتتۇرا تېخنىكوم مائارىپىنى باشقۇرۇشتىكى ئىلغار ئورۇن دېگەن نامنى بەرگەن . بۇ مەكتەپ ئاپتونوم رايون ۋە ئىچكى سودا مىنىستىرلىقىنىڭ نۇقتىلىق ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتىپى بولۇپ ، ئاپتونوم رايونلۇق ئاشلىق ئىدارىسىغا تەۋە ، شىنجاڭنىڭ ئاشلىق ساھەسىدىكى كەسپىي تېخنىك خادىملىرىنىڭ ئۈزلۈكسىز تەربىيە بازىسى . ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى 92000m² ، ئوقۇتۇش رايونى قۇرۇلۇش كۆلىمى 9488m² . ئوقۇتۇش خەنزۇ ۋە ئۇيغۇر تىلىدا ئېلىپ بېرىلىدىغان بولۇپ ، مالىيە بوغالتىرلىقى ، ئاشلىق پىششىقلاپ ئىشلەش ، ئاشلىق ۋە مايىنى ساقلاش ، تەكشۈرۈش ، كومپيۇتېرنى قوللىنىش ، ئىسكىلات ماشىنىسازلىق

ئەسلىھەلىرى ، مايىنى پىششىقلاپ ئىشلەش ، بوغالتىرلىقنى كومپيۇتېرلاشتۇرۇش ، تاۋار تەكشۈرۈش ، ئىچىملىك ، پىششىقلاپ ئىشلەش ، ئاشلىق ، ماي ساقلاش ۋە يۆتكەش ، پىلان ستاتىستىكىسى ، مۆپەتتىشلىك ، بازار تىجارىتى ، ئاشلىق ئىسكىلاتلىرى قۇرۇلۇشى قاتارلىق كەسىپلەر تەسىس قىلىنغان . ئۇنىڭ تارمىقىدا ۋۇخەن يېمەكلىك سانائىتى ئىنستىتۇتى سىرتتىن ئوقۇتۇش پونكىتى ۋە شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئۇنىۋېرسىتېتى خىزمەت پونكىتى تەسىس قىلىنغان . ئوتتۇرا تېخنىكومنى ئاساس ، تېلېۋىزىيە ئۇنىۋېرسىتېتى ، ئىشتىن سىرتقى ئۇنىۋېرسىتېت ، چوڭلار ئوتتۇرا تېخنىكومى ، كەسپىي گۇۋاھنامە ، ئۈزلۈكسىز مائارىپ بىر گەۋدە قىلىنغان كۆپ شەكىللىك ، كۆپ قاتلاملىق مەكتەپ باشقۇرۇش ۋەزىيىتى بەرپا قىلىنغان . ئۇسكۇنىلىرى ئىلغار بولغان تەجرىبە بىناسى قۇرغان . كەسپىي تەجرىبىخانىسى تولۇق ، كۇتۇپخانىدا ساقلىنىۋاتقان كىتاب 140000 پارچىدىن ئارتۇق . مەكتەپ قۇرۇلغاندىن بۇيان ھەرتۈردىكى ئىختىساسلىق خادىملاردىن 11400 ئادەمنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرگەن . مەكتەپ شتاتى 215 . 1999 - يىلدىكى رەسمىي ئوقۇتقۇچى 108 (ئالىي لېكتور 21 ، لېكتور 67 ) نەپەر ، ئوقۇغۇچى سانى 1276 نەپەر .

مەكتەپ ئادرېسى : ئۈرۈمچى شەھىرى شەرقىي قەشقەر يولى 29- نومۇر
پوچتا نومۇرى : 830013 . تېلېفون : 6639934 (09991)

## شىنجاڭ پولات - تۆمۈر مەكتىپى

1958 - يىلى ئۈرۈمچى تۇدۇنخابا رايونىدا قۇرۇلغان . ئەسلى نامى ئۈرۈمچى پولات - تۆمۈر مەكتىپى . 1962- يىلى مەكتەپ تاقىۋېتىلگەن . 1985- يىلى مەكتەپ قايتىدىن ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ ،نامىنى شىنجاڭ پولات - تۆمۈر مەكتىپى قىلىپ بېكىتىپ ، پۈتۈن شىنجاڭغا يۈزلىنىپ ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلغان . 1986 - يىلى ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىشنى ئەسلىگە كەلتۈرگەندىن كېيىنكى تۇنجى تۈركۈم ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلغان . 1988- ، 1986 - يىلغىچە ئۇدا 4 قېتىم شەرقىي شىمال ئۇنىۋېرسىتېتى ، ۋۇخەن پەن - تېخنىكا ئۇنىۋېرسىتېتى قاتارلىق مەكتەپلەردىن 50 تىن كۆپرەك مۇئەييەن ئوقۇتۇش تەجرىبىسىگە ئىگە ئوقۇتقۇچىنى تەكلىپ قىلىپ دەرس ئۆتكۈزۈپ ، مەكتەپنىڭ ئوقۇتۇش سۈپىتى ۋە ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىنىڭ سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرگەن . 1994 - يىلى مەكتەپ ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتىنىڭ باھالىشىدىن ئۆتۈپ ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى «A » دەرىجىلىك تېخنىكوم بولۇپ باھالانغان . ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى $48470m^2$ ، ئوقۇتۇشتا ئىشلىتىلىدىغىنى $20662m^2$ . شىنجاڭ پولات - تۆمۈر گۇرۇھى شىركىتىگە تەۋە . بىرقانچە يىللىق تىرىشىش ئارقىلىق مەكتەپ ئالىي مائارىپ ۋە ئوتتۇرا دەرىجىلىك مائارىپ ،چوڭلار مائارىپى ۋە ئادەتتىكى مائارىپ ، خىزمەتتىن ئىلگىرىكى تەربىيە ۋە خىزمەتتىن كېيىنكى تەربىيىلىنىش بىرگەۋدە قىلىنغان ، كۆپ كەسىپلىك ، كۆپ قاتلاملىق ، كەڭ كۆلەملىك ئۇنىۋېرسال مائارىپ ئورنى بولۇپ شەكىللەنگەن .

ئوقۇتۇش خەنزۇ تىلىدا ئېلىپ بېرىلىدۇ . مېتاللورگىيە ماشىنىسازلىقى . پولات ـ تۆ
تاۋلاش ، كومپيۇتېر قوللىنىش قاتارلىق 36 كەسىپ تەسىس قىلىنغان بولۇپ . ئوقۇ
ئەسلىھەلىرى تولۇق ، ئوقۇتۇش ئۇسۇلى ئىلغار . مېتال . ماشىنىسازلىق . كومپيۇ
قاتارلىق 13 تەجرىبىخانىسى بار . كۇتۇپخانىدا ساقلىنىۋاتقان كىتاب 63000 پارچە
ئارتۇق . 1995 ـ يىلى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مەدەنىيەتلىك ئورۇن بولۇپ باھالانغا
1996 ـ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتى تەرىپىدىن 8 ـ بەش بىلىق
مەزگىلىدىكى مەكتەپ ئىگىلىكىدىكى ئىشلەپچىقىرىشتا ئىلغار كوللېكتىپ بو
باھالانغان ھەمدە ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتى تەشكىللىگەن باھالاشتىن ئۆتتۈ
«A » دەرىجىلىك ئوتتۇرا تېخنىكوم بولۇپ باھالانغان . 1997 ـ يىلى ئاپتونوم ر
دەرىجىلىك سودا سىستېمىسىدىكى ئىلغار پارتىيەكومىتېتى ، ئاپتونوم رايون دەرىجە
تازىلىقتا قىزىل بايراقدار ئورۇن بولۇپ باھالانغان . مەكتەپ قۇرۇلغاندىن بۇيان 10
دىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى تەربىيىلىگەن . مەكتەپ شتاتى 125 . 1999 ـ يىلدىكى رە
ئوقۇتقۇچى 62 نەپەر . ئوقۇغۇچى سانى 1280 نەپەر .

مەكتەپ ئادرېسى : ئۈرۈمچى شەھىرى تۇدۇنخابا رايونى .
پوچتا نومۇرى : 830022 . تېلېفون : 3892330 (0991)

## شىنجاڭ نېفىت مەكتىپى

1956 - يىلى 10 ـ ئايدا ئۈرۈمچىدە قۇرۇلغان . ئەسلى نامى نېفىت ما
مىنىستىرلىقى ئۈرۈمچى نېفىت مەكتىپى . 1951 ـ يىلى 5 ـ ئايدا مايتاغقا كۆچۈرۈ
ھەم مايتاغ نېفىت مەكتىپى قىلىپ بېكىتىلگەن . 1994 ـ يىلى 4 ـ ئايدا شىنجاڭ ت
مەكتىپى قىلىپ ئۆزگەرتىلگەن . شىنجاڭ نېفىت باشقۇرۇش ئىدارىسىگە قارايدۇ . 4
ـ يىلى مەملىكەت دەرىجىلىك نۇقتىلىق ئادەتتىكى ئوتتۇرا تېخنىكوم قىلىپ بېكىتىلگ
ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى 866580m² ، ئوقۇتۇش رايونى قۇرۇلۇش كۆلىمى 167m²
ئوقۇتۇش خەنزۇ تىلىدا ئېلىپ بېرىلىدىغان بولۇپ ،ئوتتۇرا تېخنىكوم قاتلىمى
ئەمەلىيەتچان ، ماسلىشىشچان تېخنىك خادىملار ۋە باشقۇرۇش خادىملىرىنى تەربىيەل
مەقسەت قىلغان ، «بىر كەسىپ كۆپ گۇۋاھنامە تۈزۈمى »نى يولغا قويغان مە
بولۇپ ، قۇرۇلۇش تۈرلىرىدىكى بارلىق كەسىپلەرگە ماشىنىسازلىق ، كومپيۇ
مانتيورلۇق قاتارلىق ئومۇمىي پەنلەرنى كىرگۈزۈپ ، ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ «
تۈزۈمى ۋە «5 باسقۇچ شەكلى » قاتارلىق ئوقۇتۇش ئىسلاھاتىنى ئېلىپ بېرىپ ئەمەل
ئارقىلىق ئوقۇتۇش كۆچەيتىلگەن . چوڭ دائىرىدە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىپ ،
دائىرىدە تەربىيىلەش قاتارلىق ئوقۇتۇش ئىسلاھاتى سىنىقى ئېلىپ بېرىپ ، ئوقۇ
ئەمەلىيلەشتۈرگەن . ئوقۇغۇچىلار مەكتەپ پۈتتۈرگەندە دىپلومغا ئېرىشكەندىن باش
بىر قانچە كەسىپىي خىزمەت گۇۋاھنامىسىگە ئېرىشەلەيدۇ . مەكتەپتە تەسىس قىل
كەسىپلەردىن نېفىت قۇرۇلۇشى ، خىمىيە قۇرۇلۇشى ، ماشىنىسازلىق قۇرۇل

ئېلېكتر قۇرۇلۇشى ، توك كۈچى قۇرۇلۇشى ، بىناكارلىق قۇرۇلۇشى ، مۇلازىمەت ئۇچۇر قۇرۇلۇشى قاتارلىق 8 چوڭ تۈر ، 40قا يېقىن كەسىپ باربولۇپ ، نۆۋەتتە مەملىكەتتىكى سانائەت ئوتتۇرا تېخنىكوملىرى ئىچىدە ئەڭ مۇكەممەل مەكتەپلەرنىڭ بىرى . ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ كومپيۇتېر ئۆيى ، مەكتەپ تورى ، توك ئۆزگەرتىش پونكىتى ۋە ئېلېكتر ئىستانسىسى تەقلىدى سىستېمىسى ، نېفىت - خىمىيە سانائىتى ، ئاپتوموبىل شوپۇرلۇق ، ماشىنىسازلىق ، ئائىلە ئېلېكتر سايمانلىرى كەسپىي ، تىل ئۆيى ، بوغالتىرلىق ، مېھمانخانا مۇلازىمىتى ۋە باشقۇرۇش قاتارلىق 15 چوڭ تۈردە پراكتىكا ۋە كۆپ مەدىيالىق قوش يۆنىلىشلىك ئېلېكترلەشكەن ئوقۇش سىستېمىسى بەرپا قىلىنغان . كۇتۇپخانىدا ساقلىنىۋاتقان كىتاب 220000 پارچىدىن ئارتۇق . مەكتەپ ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ مەملىكەتلىك ئېنېرگىيە سىستېمىسىدىكى كەسپىي تېخنىكا مائارىپىدىكى ئىلغار مەكتەپ ، مەملىكەتلىك كەسپىي تېخنىكا مائارىپى سىستېمىسى تەنتەربىيە تەربىيىسى خىزمىتىدىكى ئىلغار مەكتەپ ، جۇڭگو نېفىت تەبىئىي گاز گۇرۇھى شىركىتىدىكى ئىلغار مائارىپ ئورنى ، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مەدەنىيەتلىك ئورۇن قاتارلىق شەرەپلىك ناملارغا ئېرىشكەن . مەكتەپ قۇرۇلغان 43 يىلدىن بۇيان ھەرتۈرلۈك كەسپىي خادىملاردىن 18000 نى تەربىيىلىگەن . 1999 - يىلدىكى رەسمىي ئوقۇغۇچى 198 نەپەر . بۇنىڭ ئىچىدە ئالىي ئۇنىۋانغا ئىگە ئوقۇغۇچى 38 نەپەر ، ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئۇنىۋانغا ئېرىشكىنى 122 نەپەر . مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى سانى 7000 نەپەردىن كۆپرەك .

مەكتەپ ئادرېسى : مايتاغ

پوچتا نومۇرى : 833600 . تېلېفون : 3884482 (0992)

### شىنجاڭ بىناكارلىق قۇرۇلۇش مەكتىپى

يەنى شىنجاڭ بىناكارلىق ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئۇنىۋېرسىتېتى ، شىنجاڭ بىناكارلىق تېخنىك ئىشچىلار مەكتىپى دەپ ئاتىلىدۇ . بۇ مەكتەپ كەسپىي ئۇنىۋېرسىتېت ، ئوتتۇرا تېخنىكوم ۋە تېخنىك ئىشچىلار مەكتىپى بىر گەۋدە قىلىنغان ئۇنىۋېرسال ، پۈتۈن كۈنلۈك ئوقۇتۇش تۈزۈمىدىكى مىللىي ، خەنزۇ ئارىلاشقان مەكتەپ بولۇپ ، شىنجاڭ بىناكارلىق گۇرۇھى باش شىركىتىگە تەۋە . مەكتەپنىڭ قۇرۇلۇش كۆلىمى $4200m^2$ ، ئوقۇتۇش خەنزۇ تىلىدا ئېلىپ بېرىلىدۇ . شىنجاڭ بىناكارلىق قۇرۇلۇش مەكتىپى 1973 - يىلى ئۈرۈمچىدە قۇرۇلغان . شىنجاڭ بىناكارلىق ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئۇنىۋېرسىتېتى 1978 - يىلى قۇرۇلغان ، شىنجاڭدىكى تۇنجى تۈركۈم دۆلەت تەستىقلىغان ئەسلىدىكى مائارىپ مىنىستىرلىقى ئەنگە ئالغان چوڭلار ئالىي مەكتىپى . 1995 — يىلى دۆلەت قۇرۇلۇش مىنىستىرلىقى تەرىپىدىن قۇرۇلۇش سىستېمىسى مائارىپ خىزمىتىدىكى ئىلغار ئورۇن بولۇپ باھالانغان . شۇ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى نەمۇنىلىك ئورۇن بولۇپ باھالانغان . 1998 - يىلى دۆلەت مائارىپ كومىتېتى تەرىپىدىن ئالىي دەرىجىلىك كەسپىي

تېخنىكا مائارىپىدىكى سىناق مەكتەپ قىلىپ بېكىتكەن . شۇ يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى مەملىكەت دەرىجىلىك ئىقتىدار باھالاش پونكىتى بولۇپ تەستىقلانغان . 1999 - يىلى «3+2» ئالىي تېخنىكوم ئوقۇش تارىخى سىنىپىغا ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىشنى باشلىغان . مەكتەپ يەنە تىيەنجىن ئۇنىۋېرسىتېتى ، شىئەن بىناكارلىق پەن - تېخنىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ، غەربىي شىمال بىناكارلىق قۇرۇلۇشى ئىنستىتۇتى قاتارلىق ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى مەكتەپلەر بىلەن بىرلىكتە تولۇق ، مەخسۇس كۇرس سىرتتىن ئوقۇش سىنىپى ۋە مەخسۇس كۇرستىن تولۇق كۇرسقا ئۆرلەش دەرستىن سىرتتىن ئوقۇش سىنىپى ئاچقان . ئولتۇراق ئۆي قۇرۇلۇشى ، ئىگىلىك باشقۇرۇش قاتارلىق كەسىپلەرنى تەسىس قىلغان . 1999 - يىلدىكى رەسمىي ئوقۇتقۇچى 148 نەپەر (ئالىي ئۇنۋانغا ئىگە ئوقۇتقۇچى 33 نەپەر ، ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئۇنۋانغا ئىگە ئوقۇتقۇچى 89 نەپەر ، تۆۋەن دەرىجىلىك ئۇنۋانغا ئىگە ئوقۇتقۇچى 26 نەپەر ) . ئوقۇغۇچى سانى 2000 نەپەردىن ئارتۇق .

مەكتەپ ئادرېسى : ئۈرۈمچى غەربىي باجياخۇ يولى 2 - نومۇر

پوچتا نومۇرى : 830054 . تېلېفون : 4316220 (0991)

## شىنجاڭ ماددىي ئەشيالار مەكتىپى

1980 - يىلى 11 - ئاينىڭ 4 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن قۇرۇلغان مالىيە ئىقتىساد تۈرىدىكى پۈتۈن كۈنلۈك ئوقۇتۇش تۈزۈمىدىكى ئوتتۇرا دەرىجىلىك تېخنىكوم بولۇپ ، ئاپتونوم رايونلۇق ئىچكى سودا نازارىتىگە تەۋە . بۇ مەكتەپ ئادەتتىكى ئوتتۇرا تېخنىكوم ، چوڭلار ئوتتۇرا تېخنىكومى ، كەسپىي ئوتتۇرا تېخنىكوم ، رادىئو - تېلېۋىزىيە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ سىرتتىن ئوقۇتۇشنى بىرگەۋدە قىلغان ، پۈتۈن شىنجاڭدىكى ئوبوروت كەسپىتىكى ئىشچىلارنى ئىش ئورنىدا تەربىيىلەش ۋە شىنجاڭدىكى تېخنىك ئىشچىلارنى تەربىيىلەيدىغان بازا ، ئوقۇتۇش خەنزۇ ، ئۇيغۇر تىلىدا ئېلىپ بېرىلىدۇ ، كومپيۇتېر قوللىنىش ، بازار مۇلازىمىتى ، ئىقتىساد ئۇچۇر باشقۇرۇش ، كارخانا ماددى ئەشيالىرىنى باشقۇرۇش ، مالىيە بوغالتىرلىقى ، سودا كاتىباتلىقى ، سودا خەنزۇ تىلى ، بوغالتىرلىقنى كومپيۇتېرلاشتۇرۇش قاتارلىق كەسپلەر تەسىس قىلىنغان . 1999 - يىلى ئىگىلىك باشقۇرۇش كادىرلار ئىنستىتۇتى بىلەن بىرلىشىپ «3+2» ئوقۇش تارىخى سىنىپىنى ئاچقان . مەكتەپنىڭ ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى 10000m² . بۇنىڭ ئىچىدە ئوقۇتۇش رايونى قۇرۇلۇش كۆلىمى 7000m² بولۇپ ، زامانىۋى ئوقۇتۇش ئەسلىھەلىرى تولۇق . 1999 - يىلدىكى رەسمىي ئوقۇتقۇچى 43 نەپەر مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى سانى 689 نەپەر .

مەكتەپ ئادرېسى : ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي بېيجىڭ يولى 19 - نومۇر .

پوچتا نومۇرى : 830011 . تېلېفون : 3836514 (0991)

## شىنجاڭ يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش مەكتىپى

1960 ــ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم يېزا ـ كەنت خىزمەت بۆلۈمىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن قۇرۇلغان ، 1961 ـ يىلى كۆزدە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىشنى باشلىغان . 1961 ـ يىلدىن 1968 ـ يىلغىچە مەكتەپنىڭ تەۋەلىك مۇناسىۋىتىدىكى ئۆزگىرىش بىر قەدەر چوڭ بولغان . ئاۋۋال ئاپتونوم رايونلۇق يېزا ئىگىلىك ماشىنىسازلىق سانائەت ئىدارىسى رەھبەرلىك قىلغان ، كېيىن يەنە يېزا ئىگىلىك نازارىتى رەھبەرلىك قىلغان . 1966 ـ يىلى مەدەنىيەت ئىنقىلابى سەۋەبىدىن مەكتەپ پالەچ ھالەتكە چۈشۈپ قالغان . 1968ـ يىلى قىسىم مەكتەپكە كېلىپ ئورۇنلىشىپ ، ئىنقىلابىي كومىتېت قۇرۇلۇپ مەكتەپ دەرس توختاتقان . 1971 ـ يىلى 4 ـ ئايدا پۈتۈن مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچى ، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر «7ـماي» كادىرلار مەكتىپىگە كۆچۈپ بېرىپ ئەمگەككە قاتناشقان . مەكتەپ ئورنى ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ مەلۇم ئاپتوموبىل باتالىيونى تەرىپىدىن ئىشلىتىلگەن . يېرىمى ئورۇمچى لامپوچكا زاۋۇتىغا قوشۇۋېتىلگەن . 1972 ـ يىلى 7 ـ ئايدا «7ـماي» كادىرلار مەكتىپى پالەچ ھالەتكە چۈشۈپ قېلىپ ، ئوقۇتقۇچى ، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر مەكتەپكە قايتقان . شۇ يىلى 10 ـ ئايدا مەكتەپ يېزا ئىگىلىك ئورمانچىلىق ئىدارىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەن . 1973 ـ يىل مەكتەپ ماشىنىسازلىق سانائىتى ئىدارىسىگە قوشۇۋېتىلگەن . شۇ يىلى 10 ـ ئايدا مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىدىن كېيىنكى تۇنجى تۈركۈم ئىشچى ، دېھقان ، ئەسكەرلەردىن 2 سىنىپ ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلغان . شۇنىڭدىن كېيىنكى 3 يىل ئىچىدە مەكتەپنىڭ تەۋەلىك مەسىلىسى ئېنىق بولمىغاچقا ، مەكتەپ ئەمەلىيەتتە باشقۇرغۇچىسى يوق ھالەتتە تۇرغان . 1976 ـ يىلى 10 ـ ئايدا مەكتەپ رەسمىي ھالدا ماشىنىسازلىق سانائىتى ئىدارىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا تاپشۇرۇلغان . 1977 ـ يىلى مەكتەپ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسىگە تاپشۇرۇلۇپ ، مۇقىم تەرەققىيات يولىغا قاراپ ماڭغان . ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى $160000m^2$ ، قۇرۇلۇش كۆلىمى $30000m^2$ ، ئوقۇتۇش خەنزۇ ، ئۇيغۇر تىلىدا ئېلىپ بېرىلىدىغان بولۇپ ، سانائەتنى ئېلېكترونلۇق ئاپتوماتلاشتۇرۇش ، ماشىنىسازلىقنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈش ، كومپيۇتېر ئىشلىتىش ۋە رېمونت قىلىش ، ماشىنا ، تراكتورنى ئىشلىتىش ۋە رېمونت قىلىش ، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش قاتارلىق 5 خىل كەسىپ تەسىس قىلىنغان . كەسپىي تەجرىبەخانا ۋە ئېلېكترلەشكەن ئوقۇتۇش بۆلۈمى ، تىل ئۆيى قاتارلىق 20 تەجرىبەخانا ، 2 پراكتىكا زاۋۇتى قاتارلىقلار قۇرۇلغان . 1988ـ يىلى يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىقى تەرىپىدىن مەكتەپ ئىچى پراكتىكا بازىسى قۇرۇشتىكى ئىلغار ئورۇن بولۇپ باھالانغان . 1993 ـ يىلى يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىقى تەرىپىدىن ئۆلكە دەرىجىلىك نۇقتىلىق مەكتەپ ، 1994 ـ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق نۇقتىلىق ئوتتۇرا تېخنىكوم ، 1996 ـ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتى تەرىپىدىن ئوقۇتۇشنى باشقۇرۇشتىكى ئىلغار ئورۇن بولۇپ باھالانغان . 1999 ـ يىلدىكى ئوقۇتقۇچى ، ئىشچى ـ خىزمەتچى سانى 96 نەپەر (ئالىي ئۇنۋانلىق ئوقۇتقۇچى 52 نەپەر ، ئوتتۇرا

دەرىجىلىك ئۇنۋانغا ئىگە ئوقۇتقۇچى 38 نەپەر ، تۆۋەن دەرىجىلىك ئۇنۋانغا ئىگە ئوقۇتقۇچى 42 نەپەر ) ، ئوقۇغۇچى سانى 1100 نەپەر . مەكتەپ قۇرۇلغاندىن بۇيان 6000 نەپەردىن كۆپرەك ئوقۇغۇچىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرگەن .

مەكتەپ ئادرېسى : ئۈرۈمچى شەھىرى چاڭشا يولى 6 ـ نومۇر

پوچتا نومۇرى : 830011 . تېلېفون : 6617512 (0991)

## شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك مەكتىپى

ئەسلى نامى سانجى يېزا ئىگىلىك مەكتىپى بولۇپ ، 1959 ـ يىلى 9 ـ ئايدا سانجى شەھىرىدە قۇرۇلغان . 1967 ـ يىلى مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى سەۋەبىدىن ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىشنى توختاتقان . 1971 ـ يىلى سانجى ئوبلاست تەرىپىدىن ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ ، بارلىق ئوقۇتقۇچى ، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر «7 ـ ماي» كادىرلار مەكتىپىگە چۈشۈرۈلگەن . 1973 ـ يىلى مەكتەپ قايتا قۇرۇلغان . 1976 ـ يىلى بۇ مەكتەپتە كوممۇنىستىك ئەمگەك ئۇنىۋېرسىتېتى قۇرۇلۇپ ، بىر مەكتەپ ، ئىككى ۋىۋىسكىنى يولغا قويغان . 1978 ـ يىلى كوممۇنىستىك ئۇنىۋېرسىتېت دېگەن نام ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان . 1980 ـ يىلى مەملىكەتلىك نۇقتىلىق مەكتەپ قىلىپ بېكىتىلگەن . 1981 ـ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق يېزا ئىگىلىك نازارىتىنىڭ رەھبەرلىكىگە تاپشۇرۇلغان . 1988 ـ يىلى شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك مەكتىپى قىلىپ ئۆزگەرتىلگەن . 1990 ـ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق نۇقتىلىق مەكتەپ قىلىپ بېكىتىلگەن . 1993 ـ يىلى يەنە بىر قېتىم مەملىكەتلىك نۇقتىلىق ئوتتۇرا تېخنىكوم قىلىپ بېكىتىلگەن . مەكتەپ يەنە ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ، ئاپتونوم رايونلۇق يېزا ئىگىلىك چارۋىچىلىق كەسپىدىكى 10 يىل مول ـ ھوسۇل ئالغان ئىلغار كوللېكتىپ ، يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىقىنىڭ مەملىكەتلىك ئوتتۇرا دەرىجىلىك يېزا ئىگىلىك مائارىپ ئىسلاھاتىدىكى ئىلغار ئورۇن ، مەملىكەتلىك مائارىپ كومىتېتى قاتارلىق 5 مىنىستىرلىق تەرىپىدىن «مەملىكەت بويىچە كەسپىي تېخنىكا مائارىپىدىكى ئىلغار ئورۇن ، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مەدەنىيەتلىك ئورۇن» ، «ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە ئىستىلى ، پاكلىق قۇرۇلۇشىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ» دېگەنناملارغا ئېرىشكەن . يەر كۆلىمى 376588m² ، ئوقۇتۇش رايونى قۇرۇلۇش كۆلىمى 62332m² . ئوقۇتۇش خەنزۇ تىلىدا ئېلىپ بېرىلىدۇ ، يېزا ئىگىلىك ئىلمى ، مال دوختۇرلۇق ، سۇچىلىق ، باغۋەنچىلىك ، ئۆسۈملۈك ئاسراش ، يېزا ئىگىلىك ئىقتىسادىنى باشقۇرۇش ، يەر باشقۇرۇش ، ئورۇقچىلىق ، باقمىچىلىق ، بوغالتىرلىقنى كومپيۇتېرلاشتۇرۇش ، ئىگىلىك باشقۇرۇش قاتارلىق 12 كەسىپ تەسىس قىلىنغان . 2 سىرتتىن ئوقۇش پونكىتى ، 1 مەخسۇس كۇرس ، تولۇق كۇرس ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىپ ئىمتىھان بېرىش نۇقتىسى ، 1 كېۋەز ئۆستۈرۈش مەركىزى ، ھەرخىل تەجرىبىخانا ، ئېلېكترلەشكەن ئوقۇتۇش ، تىل ئۆيى ، كومپيۇتېرخانا ، ئېلېكترلەشكەن قىرائەتخانا قاتارلىق 43 ئورۇن بار ، بۇنىڭدىن باشقا يەنە مەكتەپ ئىچى ـ سىرتىدىكى پراكتىكا بازىسى ۋە يېپىق يوللۇق تېلېۋىزور سىستېمىسى ، مەكتەپ تورى قۇرۇلغان . كۇتۇپخانى

ساقلىنىۋاتقان كىتاب 191800 پارچىدىن ئارتۇق. مەكتەپ شتاتى 222، 1999 - يىلدىكى رەسمىي ئوقۇتقۇچى 84 نەپەر، قوشۇمچە ئوقۇتقۇچى 21 نەپەر (ئالىي لىكتور 25، لىكتور 48) نەپەر مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى سانى 2004 نەپەر.
مەكتەپ ئادرېسى: سانجى شەرقى مەدەنىيەت يولى 13 - نومۇر.
پوچتا نومۇرى: 831100. تېلېفون: 2345498 (0994)

شىنجاڭ ئورمانچىلىق مەكتىپى
1955 - يىلى ئۈرۈمچى شەھەر لىۋداۋاندا قۇرۇلغان. 1957 - يىلى ئەسلىدىكى ئاپتونوم رايونلۇق يېزا ئىگىلىك مەكتىپى. سۇچىلىق مەكتىپى، چارۋىچىلىق مەكتىپى، ھاۋارايى مەكتىپى قاتارلىق 5 مەكتەپ بىرلەشتۈرۈلۈپ، ئاپتونوم رايونلۇق يېزا ئىگىلىك مەكتىپى دەپ ئاتالغان. بىرلەشكەندىن كېيىنكى خىزمەتلەر ياخشى ھەمكارلىشالماسلىق سەۋەبىدىن 1960 - يىلى شىنجاڭ ئورمانچىلىق مەكتىپى چاپچال ناھىيىسىدە قايتا مەكتەپ قۇرغان. 1963 - يىلى 3 يىللىق تەبىئىي ئاپەت تۈپەيلىدىن مەكتەپ تاقىۋېتىلگەن. 1965 - يىلى مەكتەپ ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن ھەمدە چاپچال ناھىيىسىدىن ماناس ناھىيىسىنىڭ پىگيۈەن ئورمانچىلىق مەيدانىغا كۆچۈرۈلگەن. 1970 - يىلى يازدا ماناس ناھىيىلىك شيۈەن ئورمانچىلىق مەيدانىدىكى شىنجاڭ 1 - ئاۋغۇست يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتى ئورمانچىلىق فاكولتېتىغا قوشۇۋېتىلگەن. 1978 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا شىنجاڭ ئورمانچىلىق مەكتىپى مۇستەقىل مەكتەپ باشقۇرۇشنى ئەسلىگە كەلتۈرگەن. 1986 - يىلى 7 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن مەكتەپ ماناس ناھىيىسىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگە كۆچۈرۈلگەن ھەم شىنجاڭ ئورمانچىلىق كادىرلار مەكتىپى بىلەن بىرلىشىپ مەكتەپ قۇرغان. 1988 - يىلى شىنجاڭ ئورمانچىلىق مەكتىپى غەربى خېنەن يولى 16 - نومۇرغا كۆچۈرۈلۈپ، شىنجاڭ ئورمانچىلىق كادىرلار مەكتىپى، شىنجاڭ ئورمانچىلىق تېخنىك ئىشچىلار مەكتىپى بىلەن بىرلىكتە «ئۈچ مەكتەپ بىرلەشكەن» مەكتەپ بولۇپ قۇرۇلغان، يەنى بىر رەھبەرلىك كوللېكتىپى، ئۈچ ۋىۋىسكا شەكلىدە، ئاپتونوم رايونلۇق ئورمانچىلىق نازارىتىگە قارايدۇ. ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى $76872m^2$، ئوقۇتۇش رايونى قۇرۇلۇش كۆلىمى $23000m^2$. ئوقۇتۇش خەنزۇ، ئۇيغۇر تىللىرىدا ئېلىپ بېرىلىدۇ. مەكتەپ شتاتى 222 نەپەر. 1999 - يىلدىكى رەسمىي ئوقۇتقۇچى 97 نەپەر. ئوقۇغۇچى سانى 1344 نەپەر.
مەكتەپ ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى غەربى خېنەن يولى 16 - نومۇر.
پوچتا نومۇرى: 830011. تېلېفون: 3836820 (0991)

شىنجاڭ ئەدلىيە ساقچى ئوفىتسېرلار رادىئو - تېلېۋىزىيە ئۇنىۋېرسىتېتى
شىنجاڭ ئەدلىيە ساقچى ئوفىتسېرلار مەكتىپىگە قارالسۇن.

## شىنجاڭ قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى سانائىتى مەكتىپى

1981 ـ يىلى ئۈرۈمچى شەھىرى شىمالى ساي يولىدا قۇرۇلغان. ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى $43707m^2$، ئوقۇتۇش رايونى قۇرۇلۇش كۆلىمى $17106m^2$ بولۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى كەسپىدىكى بىردىنبىر ئونئۆبىرسال مەكتەپ ئوقۇتۇش خەنزۇ ۋە ئۇيغۇر تىللىرىدا ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئاپتونوم رايونلۇق قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى ئىدارىسىگە تەۋە. مەكتەپ ئوتتۇرا تېخنىكوم، تېخنىك ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ئوتتۇرا تېخنىكومى، تېلېۋىزىيە ئونئۆبىرسىتېتى قاتارلىق 4 قاتلامدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئوقۇش يىلى 3 يىل، سېمونت سانائىتى، سېمونت ياساش ماشىنىسازلىق رېمونتچىلىقى، قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى، ماشىنىسازلىق ئۈسكۈنىلىرىنى باشقۇرۇش، قۇرۇلۇش ئېلېكتر ماشىنىلىرىنى ئاپتوماتلاشتۇرۇش سانائەت بوغالتىرلىقى قاتارلىق 16 خىل كەسىپ ۋە تېخنىكا تۈرى، ۋۇخەن سانائەت ئونئۆبىرسىتېتىنىڭ ئېلېكترلەشكەن مائارىپ بويىچە سىرتتىن ئوقۇتۇش بۆلۈمى تەسىس قىلىنغان. مەكتەپ شتاتى 163 نەپەر. 1999 ـ يىلدىكى رەسمىي ئوقۇتقۇچى 104 نەپەر. ئوقۇغۇچى سانى 1090 نەپەر. مەكتەپ قۇرۇلۇپ بۈگۈنگە قەدەر 5000 نەپەردىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى تەربىيىلىگەن. كۇتۇپخانىدا ساقلىنىۋاتقان كىتاب 40000دىن ئارتۇق.

مەكتەپ ئادرېسى: ئۈرۈمچى شىمالىي ساي يولى 51 ـ نومۇر.

پوچتا نومۇرى: 830000. تېلېفون: 4312781

## شىنجاڭ تېببىي ئونئۆبىرسىتېت 1 ـ شۆبە دوختۇرخانىسى سىستېرالار مەكتىپى

1959 ـ يىلى 9 ـ ئايدا ئۈرۈمچى شەھەرلىك تېببىي مەكتەپ ئاساسىدا قۇرۇلغان دەسلەپكى مەكتەپ نامى شىنجاڭ تېببىي ئىنستىتۇتى سىستېرالار مەكتىپى. 1965 ـ يىلى شىنجاڭ تېببىي ئىنستىتۇتى شۆبە دوختۇرخانىسى سىستېرالار مەكتىپى قىلىپ ئۆزگەرتىلگەن. بۇ مەكتەپتىكى ئاساسى كەسىپ سىستېرالىق بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئادەتتىكى ئوتتۇرا تېخنىكوم، چوڭلار ئوتتۇرا تېخنىكومى ۋە كەسپىي ئوتتۇرا تېخنىكوم قاتارلىقلار بار. سىستېرالىق كەسپىنى ياخشى باشقۇرغاندىن سىرت يەنە جەمئىيەتنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن ھەرخىل سىستېرالىق تەربىيىلەش سىنىپى، لابوراتورىيە سىنىپى ئوقۇتقۇچى تەربىيىلەش سىنىپى، تۇغۇت سىستېرالىقى، ناركوز قاتارلىق كەسپىي سىنىپلارنى تەسىس قىلغان. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان بۇ مەكتەپ ئىزچىل ھالدا ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئوتتۇرا دەرىجىلىك سىستېرالىق كەسپىگە ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىپ ئىمتىھان بېرىش ئاساسى مەكتىپى بولغان، سەھىيە نازارىتىنىڭ ھاۋالە قىلىشى بىلەن ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ 8 قارار سىستېرالىق مەشغۇلاتى ھەم سىستېرالىق تەربىيىلەش سىنىپىنى ئېچىپ، شىنجاڭ ئۈچۈن بىر تۈركۈم يارامىلىق كەسپىي سىستېرالارنى تەربىيىلەپ بەردى. 1999 ـ يىلى سەھىيە نازارىتى تەرىپىدىن مەدەنىيەتلىك مەكتەپ قۇرۇلۇشىدىكى

ئىلغار ئورۇن بولۇپ ياھالانغان . مەكتەپ شتاتى 40 نەپەر ، 1999- يىلدىكى رەسمىي ئوقۇتقۇچى 17 نەپەر ، ئوقۇغۇچى سانى 364 نەپەر . مەكتەپ قۇرۇلۇپ ھازىرغا قەدەر 3000 نەپەردىن كۆپرەك تېخنىكا خادىملارنى تەربىيىلىگەن .

مەكتەپ ئادرېسى : ئۈرۈمچى شەھىرى تېببىي ئىنستىتۇت يولى 8 - نومۇر .

پوچتا نومۇرى : 830000 . تېلېفون : 4841491 (0991)

**شىنجاڭ تېببىي ئۇنىۋېرسىتېت 2 - شۆبە دوختۇرخانىسى سېستىرالار مەكتىپى**

20 - ئەسىرنىڭ 50 - يىللىرىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە قۇرۇلغان بولۇپ ، ئەسلى شىنجاڭ ھەربىي رايون ھەربىي دوختۇرلار مەكتىپى ئىدى . كېيىن ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى سېستىرالار مەكتىپى قىلىپ ئۆزگەرتىلگەن . 1955 - يىلى بۇ مەكتەپ بىڭتۇەن 1 - خەلق دوختۇرخانىسىنىڭ تارمىقى بولغان . 1957- يىلى ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى رەسمىي ھالدا بىڭتۇەن 1 - خەلق دوختۇرخانىسى سېستىرالار مەكتىپى قىلىپ ئۆزگەرتكەن . 1975 - يىلى بىڭتۇەن شتاتى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغانلىق سەۋەبىدىن مەكتەپ دوختۇرخانا بىلەن بىللە ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە نازارىتىگە تاپشۇرۇپ بېرىلىپ ، ئاپتونوم رايونلۇق 2 - خەلق دوختۇرخانىسى سېستىرالار مەكتىپى قىلىپ ئۆزگەرتىلگەن . 1978 - يىلى 10 - ئايدا بۇ مەكتەپ يەنە دوختۇرخانا بىلەن بىللە شىنجاڭ تېببىي ئىنستىتۇتىغا تاپشۇرۇلۇپ ، شىنجاڭ تېببىي ئىنستىتۇت 2 - شۆبە دوختۇرخانىسى سېستىرالار مەكتىپى قىلىپ ئۆزگەرتىلگەن . 1998 - يىلى شىنجاڭ تېببىي ئىنستىتۇتى بىلەن شىنجاڭ جۇڭيى ئىنستىتۇتى بىرلىشىپ ، شىنجاڭ تېببىي پەنلەر ئۇنىۋېرسىتېتىنى قۇرغان . بۇنىڭ بىلەن مەكتەپ نامىنى شىنجاڭ تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتى 2 - شۆبە دوختۇرخانىسى سېستىرالار مەكتىپى دەپ ئۆزگەرتكەن . سېستىرالىق ، دورىگەرلىك ، لابوراتورىيە قاتارلىق كەسىپلەرنى ئاچقان . ھازىر پەقەتلا سېستىرالىق كەسپىي بار . مەكتەپنىڭ مالىيە كەسپىي جەھەتتە ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە نازارىتىنىڭ رەھبەرلىكىدە مەمۇرى ، كادىرلار ئىشلىرى جەھەتتە شىنجاڭ تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتى 2 - تارماق دوختۇرخانىسىنىڭ رەھبەرلىكىگە قارايدۇ ، بۇ مەكتەپ دوختۇرخانا قۇرغان مەكتەپ بولۇپ ، بارلىق دەرسلىكلەر خەنزۇ تىلىدا ئۆتۈلىدۇ . مەكتەپنىڭ قۇرۇلۇش كۆلىمى $2587m^2$ . نۆۋەتتە ئاناتومىيە ، ئاساسىي پەرۋىش ، بىئولوگىيە ، خىمىيە ، فىزىئولوگىيە قاتارلىق تەجرىبىخانىسى ، كلىنىك داۋالاش ئوقۇتۇش تەتقىقات گۇرۇپپىسى بار . 1999 - يىلدىكى ئوقۇتقۇچى ، ئىشچى - خىزمەتچى سانى 14 نەپەر ، ئوقۇغۇچى سانى 420 نەپەر . مەكتەپ قۇرۇلغاندىن بۇيان 2475 نەپەر ئوقۇغۇچى تەربىيىلىگەن .

مەكتەپ ئادرېسى : ئۈرۈمچى شەھەرلىك چىداۋان يولى 50 - قورۇ .

پوچتا نومۇرى : 830063 . تېلېفون : 4641585 (0991)

## شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق دوختۇرخانىسى سىستېرالار مەكتىپى

1951 ــ يىلى 2 ـ ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق دوختۇرخانىسىنىڭ ئىچىدە قۇرۇلغان . دەسلەپكى نامى شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق دوختۇرخانىسى شۆبە سىستېرالار مەكتىپى ، ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە نازارىتىگە تەۋە بولۇپ ، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق دوختۇرخانىسىنىڭ ئەسلىھەلىرى ۋە تېخنىك خادىملىرىگە تايىنىپ قۇرۇلغان مەكتەپ . مەكتەپ ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى 1120m² . ئوقۇتۇش رايونى قۇرۇلۇش كۆلىمى 849m² . ئوقۇتۇش خەنزۇ تىلىدا ئېلىپ بېرىلىدۇ . ئاساسلىق سىستېرالىق كەسپى تەسىس قىلىنغان . شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە جەمئىيەتنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن ئېغىز بوشلۇق تېخنىك خادىملار سىنىپى ، پەرۋىش سىنىپى ، دورىگەرلىك سىنىپى قاتارلىق كەسپىي سىنىپلارنى ئاچقان . مەكتەپ قۇرۇلغاندىن بۇيان مىڭدىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى تەربىيىلىگەن . مەكتەپ شتاتى 20 نەپەر . 1999 ـ يىلدىكى رەسمىي ئوقۇتقۇچى 5 نەپەر . ئوقۇغۇچى سانى 105 نەپەر .

مەكتەپ ئادرېسى : ئۈرۈمچى شەھىرى بوغدا يولى 91ـ نومۇر .

پوچتا نومۇرى : 830001 . تېلېفون : 2822927 (0991)

## شىنجاڭ ماھارەتلىك تەنتەربىيە مەكتىپى

ئەسلى ئاساسى شىنجاڭ تەنتەربىيە مەكتىپى بولۇپ ، 1980 ـ يىلى 10 ـ ئايدا ئەسلىدىكى شىنجاڭ ئىشتىن سىرتقى تەنتەربىيە مەكتىپى ئاساسىدا ، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن ئۈرۈمچى خەلق يولى 1 ـ نومۇر نەنمىن تەنتەربىيە مەيدانىغا قۇرۇلغان ، ئاپتونوم رايونلۇق تەنتەربىيە كومىتېتى ، مائارىپ كومىتېتىنىڭ قوش رەھبەرلىكىگە تەۋە مەكتەپ ، 1993 ـ يىلى 12 ـ ئايدا مەملىكەتلىك ئۆلكە دەرىجىلىك نۇقتىلىق تەنتەربىيە مەكتەپ ، 1993 ـ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق تەنتەربىيە كومىتېتى تەرىپىدىن 7 ـ نۆۋەتلىك تەنتەربىيە يىغىنى ئۈچۈن تۆھپە قوشقان ئىلغار ئورۇن ۋە پۈتۈن شىنجاڭدىكى مەشىق خىزمىتىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ بولۇپ باھالانغان . 1994 ـ يىلى ھازىرقى نامغا ئۆزگەرتىلگەن ، شۇ يىلى شىنجاڭ تەنتەربىيە سىستېمىسىدىكى ئىدىيىۋى سىياسى خىزمەت بويىچە ئىلغار ئورۇن بولۇپ باھالانغان . 1996ـ يىلى 8 ــ ئايدا مەملىكەت بويىچە ئۆلكە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى سەۋىيىدىكى تەنتەربىيە خادىملىرىنى تەربىيىلەش بازىسى بولۇپ باھالانغان . مەكتەپ قۇرۇلغاندىن بۇيان 1000 دىن ئارتۇق يارامىلىق ئوقۇغۇچى تەربىيىلىگەن بولۇپ ، شىنجاڭ تەنتەربىيە كومىتېتى كەسپىي كوماندىلىرى ئۈچۈن 200 دىن كۆپرەك مۇنەۋۋەر تەنتەربىيىچىنى يەتكۈزۈپ بەرگەن . ئوقۇتۇش خەنزۇ ۋە ئۇيغۇر تىللىرىدا ئېلىپ بېرىلىدۇ . مەكتەپ شتاتى 155 نەپەر . 1999 ـ يىلدىكى بەخسۇس ئوقۇتقۇچى 80 نەپەر ، ئوقۇغۇچى سانى 887 نەپەر

مەكتەپ ئادرېسى : ئۈرۈمچى يەنئەن يېڭى مەھەللىسى 2 ـ رايون .

پوچتا نومۇرى: 830001. تېلېفون: 2550084 (0991)

**ئۈرۈمچى شەھەرلىك رەڭلىك مېتال سانائەت مەكتىپى**

يەنە ئۈرۈمچى ئالتۇن سانائىتى مەكتىپى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. سابىق جۇڭگو رەڭلىك مېتال سانائىتى باش شىركىتى غەربىي شىمال رايونىدا تەسىس قىلىغان بىردىنبىر ئادەتتىكى ئوتتۇرا دەرىجىلىك تېخنىكوم مەكتەپ. 1986 ـ يىلى قۇرۇلغان، ھازىر بۇ مەكتەپتە رەڭلىك مېتال ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ئۇنىۋېرسىتېتى، شىمالىي جۇڭگو سانائەت ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ شىنجاڭدىكى چوڭلار مائارىپ شۆبىسى، كۇنمىڭ سانائەت ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ شىنجاڭدىكى سىرتتىن ئوقۇتۇش پونكىتى، جېجياڭ ئىقتىساد ئالىي تېخنىكومىنىڭ سىرتتىكى ئوقۇش پونكىتى تەسىس قىلىنغان. ئوتتۇرا تېخنىكوم، تېخنىك ئىشچىلار مەكتىپى بىرگەۋدە قىلىنغان كۆپ قاتلاملىق مەكتەپ ۋەزىيىتى شەكىللەندۈرۈلگەن. مەكتەپنىڭ ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش، باشقۇرۇش ئىشلىرى ئەتراپلىق بولۇپ، ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتى تەرىپىدىن مەكتەپ باشقۇرۇش شارائىتى لاياقەتلىك، مەكتەپ باشقۇرۇش سۈپىتى ئەلا بولۇپ باھالانغان. 1996 ـ يىلدىن باشلاپ ئۇدا ئۈچ يىل ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مەدەنىيەتلىك ئورۇن بولۇپ باھالانغان. 1999 ـ يىلى «2+3» ئالىي تېخنىكوم سىنىپىغا ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش خىزمىتىنى باشلىغان. مەكتەپنىڭ ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى $152514m^2$، قۇرۇلۇش كۆلىمى $38000m^2$ بولۇپ، كان قېدىرىش، كان تاللاش قۇرۇلۇشى، كان بايلىقلىرىنى ئېچىش ۋە باشقۇرۇش، ئانالىز خىمىيىسى، رەڭلىك مېتال تاللاش، ئېلېكترو ئاپتوماتلاشتۇرۇش، ئىشخانا ئاپتوماتلاشتۇرۇش، كەسپەرلەش ھۈنىرى ۋە ئۈسكۈنىسى، كومپيۇتېر قوللىنىش، ماشىنىسازلىق ئۈسكۈنىلىرى ۋە ماھارىتى، بوغالتىرلىقنى كومپيۇتېرلاشتۇرۇش قاتارلىق كەسپلەرنى تەسىس قىلغان ھەممە 32 كەسپىي تەجرىبىخانىسى، تەجرىبە زاۋۇتى قۇرغان. كۇتۇپخانىدا ساقلىنىۋاتقان كىتاب 65187 پارچە. 1999 ـ يىلدىكى ئوقۇتقۇچى، ئىشچى ـ خىزمەتچى 190 نەپەر. ئوقۇغۇچى سانى 2050 نەپەرگە يېقىن. مەكتەپ قۇرۇلغاندىن بۇيان 2000 نەپەردىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى تەربىيىلىگەن.

مەكتەپ ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەرقى قەشقەر يولى 16 ـ نومۇر.

پوچتا نومۇرى: 8300023. تېلېفون: 6637641، 6638641 (0991)

**ئۈرۈمچى ئالتۇن سانائىتى مەكتىپى**

ئۈرۈمچى رەڭلىك مېتال سانائىتى مەكتىپىگە قاراڭ.

**ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسى پارتىيە مەكتىپى**

1980 ـ يىلى 6 ـ ئايدا ئۈرۈمچى شەھىرىدە قۇرۇلغان. 1987 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ئوتتۇرا تېخنىكومى بىلەن بىرلىشىپ، بىر رەھبەرلىك

گۇرۇپپىسى ئىككى ۋەزىپىلىك باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى شەكىللەنگەن بولۇپ، ئەسلىدىكى كەسپىي ئىشچىلار مەكتىپىنىڭ ئورنىغا كۆچۈرۈلگەن. 1992 - يىلى ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئوتتۇرا تېخنىكومى بىلەن پارتىيە مەكتىپى ئايرىلغان. 1998-يىلى 4 - ئايدا تۆمۈريول ئىدارىسى پارتكومى ئىدارە پارتىيە مەكتىپى، مائارىپ ئىنستىتۇتى، كادىرلار مەكتىپى، ئىشچى - خىزمەتچىلەر مەكتىپىنى بىرلەشتۈرۈپ، بىر ئاپپارات 4 ۋەزىپىگە قىلىشنى قارار قىلغان. تۆمۈريول ئىدارىسى پارتكومىغا تەۋە. ئوقۇتۇش خەنزۇ تىلىدا ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى 61342.2$m^2$، ئوقۇتۇش رايونى قۇرۇلۇش كۆلىمى 5844$m^2$. ئاساسىي ۋەزىپىسى تۆمۈريول ئىدارىسى باشقارما، بۆلۈم دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار، ئوتتۇرا ياش، ياش پارتىيە ئەزالىرى، رەھبىرىي كادىرلار ۋە تەشۋىقات نەزەرىيە كادىرلىرىنى تەربىيىلەش. مەكتەپتە ئىشخانا، خوجىلىق بۆلۈم، مالىيە بۆلۈمى، ئىلمىي بۆلۈم، ئوقۇغۇچىلارنى باشقۇرۇش بۆلۈمى، رادىئو - تېلېۋىزىيە ئۈنئۈن‌ېرستېتى خىزمەت پونكىتى، كۇتۇپخانا، ماركسىزم - لېنىنىزم كافېدراسى، ئىگىلىك باشقۇرۇش كافېدراسى، پارتىيە قۇرۇلۇشى، ئاساسىي پەنلەر كەسپىي تېخنىكا كافېدراسى قاتارلىق 12 بۆلۈم تەسىس قىلىنغان. كۇتۇپخانىدا ساقلىنىۋاتقان كىتاب 100000 پارچىدىن ئارتۇق. مەكتەپ شتاتى 98. 1999- يىلدىكى رەسمىي ئوقۇتقۇچى سانى 28 (دوتسېنت 9، ئالىي لېكتور 1، لېكتور 15، ياردەمچى ئوقۇتقۇچى 3)، ئوقۇغۇچى سانى 595 نەپەر. مەكتەپ قۇرۇلغاندىن بۇيان ھەرخىل بىلىم ئاشۇرۇش سىنىپى، خىزمەت ئورنىدا تەربىيىلەش سىنىپى، ئوتتۇرا ياش، ياش كادىرلارنى تەربىيىلەش سىنىپى قاتارلىق سىنىپتىن 295 قارار ئېچىپ، 13253 نەپەر ھەر دەرىجىلىك كادىر تەربىيىلىگەن. ئالىي، ئوتتۇرا تېخنىكوم ئوقۇش تارىخى سىنىپىدىن 4نى ئېچىپ، 210 نەپەر ئوقۇغۇچى ئوقۇش پۈتتۈرگەن، مەركىزىي پارتىيە مەكتىپىنىڭ سىرتتىن ئوقۇيدىغان ئالىي تېخنىكوم، تولۇق كۇرس سىنىپى ئوقۇغۇچىلىرىدىن 1425 نەپەرنى تەربىيىلىگەن.

مەكتەپ ئادرېسى: ئۈرۈمچى ئەرگۇك ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسى

پوچتا نومۇرى: 830011. تېلېفون: 3424221 (0991)

## ئۈرۈمچى شەھەرلىك مالىيە سودا مەكتىپى

ئەسلى نامى ئۈرۈمچى شەھەرلىك سودا مەكتىپى بولۇپ، 1979 - يىلى ئۈرۈمچى شەھىرى تېببىي ئىنستىتۇت يولىدا قۇرۇلغان، ئۈرۈمچى شەھەرلىك مالىيە ئىدارىسىگە تەۋە مەكتەپ. ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى 27972$m^2$، ئوقۇتۇش رايونى قۇرۇلۇش كۆلىمى 22170$m^2$ بولۇپ، ئوقۇتۇش ئەسلىھەلىرى تولۇق. ئوقۇتۇش ئۇيغۇر، خەنزۇ تىللىرىدا ئېلىپ بېرىلىدىغان بولۇپ، مالىيە بوغالتىرلىقى، بوغالتىرلىقنى كومپيۇتېرلاشتۇرۇش، مالىيە مۇپەتتىشلىكى، كومپيۇتېرنى قوللىنىش، بوغالتىرلىق ستاتىستىكىسى، مالىيە باج، مال باھاسى، كارخانا باشقۇرۇش، تاۋار تىجارىتى قاتارلىق كەسىپلەرنى تەسىس

قىلغان . مەكتەپ شتاتى 147 . 1999 - يىلدىكى رەسمىي ئوقۇتقۇچى سانى 76 نەپەر (ئالىي لېكتور 178 ، لېكتور 368 نەپەر ، ياردەمچى لېكتور 26 نەپەر ) ، مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى سانى 900 نەپەردىن كۆپرەك .

ئادرېسى : ئۈرۈمچى شەھىرى تېببىي ئىنستىتۇت يولى 6 - نومۇر .

پوچتا نومۇرى : 830054 . تېلېفون : 4843540 (0991)

ئۈرۈمچى شەھەرلىك تېببىي مەكتەپ

1958 - يىلى قۇرۇلغان ، 1961 - يىلى تاقىلىپ ، 1975 - يىلى 6 - ئايدا قايتا قۇرۇلغان . 1980 - يىلى ئۈرۈمچى يوقۇملۇق كېسەللىكلەر دوختۇرخانىسى بۇ مەكتەپكە قوشۇۋېتىلىپ ، مەكتەپنىڭ شۆبە دوختۇرخانىسى بولۇپ قالغان ، مەكتەپنىڭ ئوقۇتۇش بۆلىكى شەرقى باجياخۇ يولىدىكى ئەسلىدىكى يوقۇملۇق كېسەللىكلەر دوختۇرخانىسى ئورنىغا كۆچۈرۈلگەن . 1982 - يىلى شۆبە دوختۇرخانا ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان . بۇ مەكتەپ قايتىدىن جەنۇبىي دوستلۇق يولىدىكى ئەسلىدىكى ئورنىغا كۆچكەن . 1984- يىلى 5 - ئايدا بۇ مەكتەپ ناھىيە دەرىجىلىك ئورۇن بولۇپ ئۆستۈرۈلۈپ ، پارتىيە كومىتېتى قۇرۇلۇپ ، مەكتەپنىڭ كۆلىمى پەيدىنپەي كېڭەيگەن . مەكتەپتە پارتكوم ئىشخانىسى ، مەمۇرى ئىشخانا ، تەربىيىلەش بۆلۈمى ، مەدەنىيەت كافېدراسى ، ئېغىز بوشلۇقى كافېدراسى ، ئوقۇغۇچىلار باشقارمىسى ، ئىلمىي بۆلۈم ، خوجىلىق بۆلۈم ، مۇلازىمەت مەركىزى ، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ، ئىتتىپاق كومىتېتى قاتارلىق بۆلۈملەر بار . مەكتەپنىڭ قۇرۇلۇش كۆلىمى 17708m² بولۇپ ، بىر قەدەر مۇكەممەل 16 تەجرىبىخانىسى بار . كۇتۇپخانىدا ساقلىنىۋاتقان كىتاب 30000 غا يېقىن . ئوقۇتۇش خەنزۇ تىلىدا ئېلىپ بېرىلىدۇ ، مەكتەپ سېستىرالىق ، ئېغىز بوشلۇقى ، كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش ، ئانا - باللار ، تۇغۇت ، لابوراتورىيە ، دورىگەرلىك ، قۇرۇق يىڭنە سانجىش ، پىلانلىق تۇغۇت قاتارلىق كەسىپلەر تەسىس قىلىنغان . ئېلگىرى - كېيىن بولۇپ ئۈرۈمچى كەسپى ئۇنىۋېرسىتېتى ، ئۈرۈمچى ئىشچى - خىزمەتچىلەر تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتى ، رادىئو - تېلېۋىزىيە ئۇنىۋېرسىتېتى قاتارلىقلار بىلەن بىرلىشىپ سىنىپ ئاچقان . 1992 - 1994 - يىللىرى بۇ مەكتەپ ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتى تەشكىللىگەن ئوقۇتۇش شارائىتى ۋە ئوقۇتۇش سەۋىيىسىنى باھالاشتىن ئۆتكەن . 1999 - يىلدىكى ئوقۇتقۇچى ، ئىشچى - خىزمەتچى 120 نەپەر (ئالىي لېكتور 21 ، لېكتور 24 ، ياردەمچى لېكتور 8 نەپەر ) ، ئوقۇغۇچى سانى 1700 دىن ئارتۇق . مەكتەپ قۇرۇلغاندىن بۇيان 4500 نەپەردىن كۆپرەك ئوقۇغۇچى تەربىيىلىگەن .

مەكتەپ ئادرېسى : ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبى دوستلۇق يولى .

پوچتا نومۇرى : 830000 . تېلېفون : 4519643 ، 4512541 (0991)

## ئۈرۈمچى تۆمۈريول ترانسپورت مەكتىپى

ئەسلى ئاساسى ئۈرۈمچى تۆمۈريول تېخنىكا مەكتىپى بولۇپ، 1973 - يىلى ئۈرۈمچى شىمالىي بېيجىڭ يولى 9- نومۇردا قۇرۇلغان. ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى 79333m² ، ئوقۇتۇش رايونى قۇرۇلۇش كۆلىمى 17517m² . ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسى باشقۇرىدىغان تۆمۈريول مىنىستىرلىقىغا تەۋە مەكتەپ. 1983- يىلى تۆمۈريول مىنىستىرلىقىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن ئۈرۈمچى تۆمۈريول ترانسپورت مەكتىپى قىلىپ ئۆزگەرتىلىپ، بۈگۈنگە قەدەر ئىشلىتىلمەكتە. ئوقۇتۇش خەنزۇ تىلىدا ئېلىپ بېرىلىدۇ. تۆمۈريول ترانسپورتى، تۆمۈريول ماشىنىلىرى ئىسسىقلىق ئېنېرگىيە پاراۋۇزى تۆمۈريول سىگنالى، ئۇنىۋېرسال تېلېگراف، تۆمۈريول قۇرۇلۇشى، ئېلېكترلەشكەن تېخنىكىسى ۋە قوللىنىش، ماشىنىسازلىق تېخنىكىسى ۋە ئۇنى قۇرۇش قاتارلىق 8 خىل كەسىپ تەسىس قىلغان. مەكتەپ ئادەتتىكى ئوتتۇرا تېخنىكوم ۋە چوڭلار ئوتتۇرا تېخنىكومىدىن ئىبارەت ئىككى قىسمىغا بۆلۈنىدۇ. تەجرىبىخانا، پراكتىكا مەيدانىدىن 33نى قۇرغان، ئۈرۈمچى غەربىي پويىز ئىستانسىسىدا مەكتەپ سىرتقى پراكتىكا بازىسى بار. مەكتەپ ئىچىدە تەنتەربىيە سارىيى، مۇستەقىل كۇتۇپخانا ۋە ئېلېكترلەشكەن قىرائەتخانا بار بولۇپ، ساقلىنىۋاتقان كىتاب 186377 پارچە. مەكتەپ كومپيۇتېر تورى جۇڭگو ئاممىۋى كۆپ مېدىيالىق ئالاقىلىشىش تورى، تور بېكىتى ۋە سىستېمىسىنى قۇرغان ھەمدە تۆمۈريول ئىدارىسى سىملىق تېلېۋىزىيىسى بىلەن تورلاشقان مەكتەپ يېپىق يوللۇق تېلېۋىزور سىستېمىسىنى قۇرغان. 1994 - يىلى دۆلەتلىك مائارىپ كومىتېتى مەملىكەت دەرىجىلىك نۇقتىلىق ئوتتۇرا تېخنىكوم قىلىپ بېكىتكەن. شۇ يىلى تۆمۈريول مىنىستىرلىقى مائارىپتىكى ئىلغار ئورۇن دېگەن شەرەپلىك نامنى بەرگەن. 1998 - يىلى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مەنىۋى مەدەنىيەتلىك ئورۇن دېگەن شەرەپلىك نامىغا ئېرىشكەن. 1999- يىلى تۆمۈريول مىنىستىرلىقىنىڭ ئوقۇتۇش سەۋىيىسىنى باھالىشىغا قاتنىشىپ، بارلىق قاتناشتۇرۇلغان كەسىپلەر ئەلا بولۇپ باھالانغان. مەكتەپ شتاتى 84 . 1999 - يىلدىكى رەسمىي ئوقۇتقۇچى 82 نەپەر. ئوقۇغۇچى سانى 1648 نەپەر. مەكتەپ قۇرۇلغاندىن بۇيان 6000 نەپەردىن ئارتۇق كەسپىي خادىم تەربىيىلىگەن.

مەكتەپ ئادرېسى: ئۈرۈمچى شىمالىي بېيجىڭ يولى 9 - نومۇر

پوچتا نومۇرى: 830011 تېلېفون: 3422459 (0991)

## سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستلىق تېببىي مەكتەپ

1959 - يىلى قۇرۇلغان، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى بالدۇر قۇرۇلغان تېببىي مەكتەپلەرنىڭ بىرى. 1961 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە نازارىتى ھۆججەت چۈشۈرۈپ، مەكتەپنى ئاپتونوم رايون بىلەن دۆلەت سەھىيە مىنىستىرلىقىنى بىۋاستە باغلاپ تۇرىدىغان مەكتەپ دەپ بېكىتكەن، كەسپىي جەھەتتە سەھىيە مىنىستىرلىقى مائارىپ بۆلۈمى رەھبەرلىك قىلىدۇ. 1986 - يىلى مەكتەپ ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە

نازارىتى تەرىپىدىن ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك نۇقتىلىق تېببىي مەكتەپ دەپ بېكىتىلگەن. 1996 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك نۇقتىلىق ئوتتۇرا تېخنىكوم دەپ بېكىتىلگەن. ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى 61000m² ، ئوقۇتۇشتا ئىشلىتىلىدىغىنى 23800m² . ئوقۇتۇش خەنزۇ تىلىدا ئېلىپ بېرىلىدۇ. مەكتەپ ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ داۋالاش، سىستېرالىق، تۇغۇت، سەھىيە ساقلىقنى ساقلاش، دورىگەرلىك، جۇڭيىچە داۋالاش، جۇڭيىي داۋاسازلىق كەسىپلىرىنى ۋە شىنجاڭ تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتى، سەھىيە نازارىتى ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئۇنىۋېرسىتېتى قاتارلىقلار بىلەن بىرلىشىپ كلىنىك داۋالاش، دورىگەرلىك مەخسۇس كۇرسى سىنىپلىرىنى ئاچقان. 13 خىل داۋالاش سەھىيە كەسپىي تەسىس قىلىغان ھەمدە پاتولوگىيە، فىزىئولوگىيە قاتارلىق كەسىپلەردىن 26 تەجرىبىخانا قۇرغان. زامانىۋى مەكتەپ تورى، ئېلېكترلەشكەن ئوقۇتۇش ئۆيى، كومپيۇتېر ئۆيى، تىل ئۆيى، يېپىق يوللۇق تېلېۋىزىيە قوش يۆنىلىشلىك كونترول قىلىش سىستېمىسى قاتارلىقلار بار. كۇتۇپخانىدا ساقلىنىۋاتقان كىتاب 60000دىن ئارتۇق. مەكتەپ ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتى تەشكىللىگەن «لاياقەت باھالاش»، «ئوقۇتۇش سەۋىيىسىنى باھالاش»، «ئوقۇتۇش سەۋىيىسىنى باھالاش ئۆلچىمى»، «كەسىپ تەسىس قىلىشنى باھالاش ئۆلچىمى» قاتارلىقلاردىن ئۆتكەن. «دۆلەت سەھىيە سىستېمىسىدىكى مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدىكى ئىلغار ئورۇن»، «ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەتلىك تېببىي مەكتەپ»، «ئاپتونوم رايون بويىچە ئىلغار پارتىيە تەشكىلى»، «ئاپتونوم رايون بويىچە ئوقۇتۇشنى باشقۇرۇشتىكى ئىلغار مەكتەپ» دېگەن شەرەپلىك ناملارغا ئېرىشكەن. مەكتەپ شتاتى 136. 1999 - يىلدىكى رەسمىي ئوقۇتقۇچى 84 نەپەر، ئوقۇغۇچى سانى 2000 نەپەر.

مەكتەپ ئادرېسى: سانجى شىمالى يەنئەن يولى 56 - نومۇر.

پوچتا نومۇرى: 831100. تېلېفون: 2342202 (0994)

## سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستلىق تەنتەربىيە مەكتىپى

1988 - يىلى 9 - ئايدا قۇرۇلغان يېرىم مەشق، يېرىم ئوقۇش تۈزۈمىدىكى ئوتتۇرا تېخنىكوم بولۇپ، يېنىك ئاتلېتىكا، تېز سۈرئەتتە مۇزتېيىلىش، قارىغا ئېتىش، ۋاسكىتبول، چېلىشىش، بوكسيورلۇق قاتارلىق 7 خىل مۇسابىقە تۈرىدە 14 تەنتەربىيە كوماندىسى تەسىس قىلغان. 1999 - يىلدىكى ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچى سانى 63 (ئالىي ئۇنۋانغا ئىگە ئوقۇتقۇچى تېرىنېر 3، ئوتتۇرا دەرىجىلىك تېرىنېر ئوقۇتقۇچى 26، تۆۋەن دەرىجىلىك تېرىنېر ئوقۇتقۇچى 9) نەپەر، ئوقۇغۇچى سانى 139 نەپەر. مەدەنىيەت دەرسلىرىدىن: ئەدەبىيات، ماتېماتىكا، سىياسەت، فىزىكا، خىمىيە، ئىنگلىز تىلى، پېداگوگىكا، شىنجاڭنىڭ يەرلىك تارىخى قاتارلىقلار تەسىس قىلىنغان. تەنتەربىيە ئاساسى دەرسلىكلىرىدىن: تەنتەربىيە نەزەرىيىسى، ئادەم ئاناتومىيىسى،

ھەربكەت پسخكسى ، ھەربكەت ساغلاملىقى قاتارلىقلار تەسىس قىلىنغان . تەنتەربىيە كەسپى دەرسلىرىدىن : يېنىك ئاتلېتكا ، ۋاسكېتبول ، ۋالىبول ، پوتبول ، گىمناستىكا ، چامباشچىلىق ، تېز سۇرئەتتە مۇز تېيىلىش قاتارلىقلار تەسىس قىلىنغان . مەكتەپ قۇرۇلغاندىن بۇيان ئازادلىق ئارمىيە كوماندىسى ، ئاپتونوم رايونلۇق كەسپىي كوماندا ، ئالىي مەكتەپ يۇقىرى سەۋىيىدىكى تەنتەربىيە كوماندىلىرىغا 42 نەپەر تەنھەرىكەتچى تەربىيىلەپ بەرگەن . مەملىكەتلىك ياش - ئۆسمۈرلەر مۇسابىقىسىدە 7 ئالتۇن مېدال ، 6 كۈمۈش مېدال ، 6 مىس مېدالغا ئېرىشكەن .

مەكتەپ ئادرېسى : سانجى شەھىرى شەرقى مەدەنىيەت يولى .

پوچتا نومۇرى : 831100 . تېلېفون : 2335495 (0994)

## قاراماي تېببىي مەكتەپ

1977 - يىلىدىن باشلاپ قۇرۇلۇپ ، 1978 - يىلى 1 - باشلانغۇچ مەكتەپ ، ئىشچى — خىزمەتچىلەر دوختۇرخانىسى ۋە قىسىم گازارمىسى قاتارلىق جايلاردا قۇرۇلغان . 1980- يىلى 10 - ئايدا قاراماي تارىم يولى شىمالىي رايونى 102 - نومۇرغا (ھازىرقى ئورنىغا) كۆچۈرۈلگەن . 1986 - يىلى 9 - ئايدا شۆبە دوختۇرخانا قۇرغان . 1994 - يىلى شۆبە دوختۇرخانا ئايرىلىپ چىققان . بۇ مەكتەپ جۇڭگو نېفت تەبىئىي گاز باش شىركىتىنىڭ 4 كەسپىي تېببىي مەكتەپلىرىنىڭ بىرى بولۇپ ، شىنجاڭ نېفت باشقۇرۇش ئىدارىسىغا تەۋە . ئوقۇتۇش خىزمىتى تىلىدا ئېلىپ بېرىلىدۇ ، دوختۇرلۇق ، سېستىرا ، لابوراتورىيە ، تۇغۇت ، دورىگەرلىك ، ئالىي سېستىرالىق ، ئانا - باللار سەھىيىسى ، مېدىتسىنا بوغالتىرلىقى قاتارلىق كەسپلەرنى تەسىس قىلغان . 1985 - يىلى 4 - ھەربى مېدىتسىنا ئۇنىۋېرسىتېتى بىلەن ھەمكارلىشىپ سېستىرالىق مەخسۇس كۇرس سىنىپى ئاچقان . 1997 - يىلى داچىڭ ئىشچى - خىزمەتچىلەر دوختۇرخانىسى بىلەن ھەمكارلىشىپ ، داۋالاش مەخسۇس كۇرسى سىنىپىغا ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلغان . ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەخسۇس كۇرستىن تولۇق كۇرسقا ئۆرلەش خىزمىتىنى باشلىغان . مەكتەپنىڭ ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى $25600m^2$ ، ئوقۇتۇش ئەسلىھەلىرى $11400m^2$ بولۇپ ، ئوقۇتۇش بىناسى ، تەجرىبە بىناسى ، كۇتۇپخانا ئۇنىۋېرسال بىناسى قاتارلىق 10 نەچچە يۈرۈش قۇرۇلۇشى بار . كۇتۇپخانىدا ساقلىنىۋاتقان كىتاب 6 تۈمەن پارچە . مەكتەپ قۇرۇلغاندىن بۇيان 2040 دىن ئارتۇق كەسپىي خادىم تەربىيىلىگەن . 1999 - يىلدىكى رەسمىي ئوقۇتقۇچى 38 نەپەر ، بۇنىڭ ئىچىدە ئالىي لېكتور 8 نەپەر ، لېكتور 12 نەپەر . مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى سانى 591 نەپەر .

مەكتەپ ئادرېسى : قاراماي شەھىرى تارىم يولى شىمالىي بۆلەك 102 - نومۇر .

پوچتا نومۇرى : 834000 . تېلېفون : 6887869 (0990)

## شىخەنزە شەھەرلىك تېببىي مەكتەپ

ئەسلى ئاساسى شىنجاڭ ھەربىي رايونى ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى يېزا ئىگىلىك 8 - دىۋىزىيە تېببىي مەكتىپى بولۇپ، 1958 - يىلى 9 - ئاينىڭ 23 - كۈنى شياۋلىجۋاڭدىكى يېزا ئىگىلىك 8 - دىۋىزىيە دوختۇرخانىسىدا قۇرۇلغان. مەكتەپنىڭ ئوقۇتۇش، باشقۇرۇش، تۇرمۇش ئىشلىرىنى دېگۈدەك دوختۇرخانا ۋاكالىتەن باشقۇرغان. قۇرۇلغاندا قوبۇل قىلىنغان ئوقۇغۇچى سانى 88 نەپەر بولۇپ، دوختۇرلۇق ۋە سېستىرالىقتىن ئىبارەت ئىككى كەسىپ تەسىس قىلغان. 1960 - يىلى مەكتەپ دىۋىزىيە دوختۇرخانىسى بىلەن بىللە مۇساۋەن باشقۇرۇش ئورنىغا كۆچكەن. شۇ يىلى قوبۇل قىلغان دوختۇرلۇق سىنىپ ئوقۇغۇچىسى 40 نەپەر، سېستىرالىق سىنىپ ئوقۇغۇچىسى 50 نەپەر بولۇپ، ئوقۇش تۈزۈمى 2 يىللىق ئىدى. 1961 - يىلى دوختۇرخانىغا ئەگىشىپ، شىخەنزە 13 - رايونىغا كۆچۈرۈلگەن. 8 - ئايدا شاڭخەيلىك چېگرا رايونىغا ياردەم بەرگۈچى ياشلاردىن 98 نى قوبۇل قىلىپ، دوختۇرلۇق، سېستىرالىق كەسپىي تەسىس قىلغان، ئوقۇش تۈزۈمى 3 يىل بولغان. 1968 - يىلى 8 - ئايدا مەكتەپ تاقىۋېتىلگەن. كۆپ قېتىم ئوقۇغۇچىلار يېزا ئىگىلىك مەيدانلىرىغا ئەمگەككە چۈشۈرۈلگەن. ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىلەر يېزا ئىگىلىك 8 - دىۋىزىيىسى دوختۇرخانىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا تەۋە بولغان. 1975 - يىلى 8 - ئايدا مەكتەپ قايتىدىن قۇرۇلۇپ، شىخەنزە رايونلۇق سەھىيە مەكتىپى دېيىلىپ، رايونلۇق سەھىيە ئىدارىسىنىڭ رەھبەرلىكىگە تەۋە بولغان. رايونلۇق دوختۇرخانا كونكرېت باشقۇرغان، 1979 - يىلى مەكتەپ ئورنى 13 — رايون دوختۇرخانىسىنىڭ شەرقىگە بېكىتىلگەن، ئۇنىڭ ئىچىدە ئىلمىي باشقارما، ئىشخانا، ئارقا سەپ گۇرۇپپىسى، مالىيە ئىشخانىسى قاتارلىق ئاپپاراتلار تەسىس قىلىنغان. 1985 - يىلى مەكتەپ نامى شىخەنزە تېببىي مەكتىپىگە ئۆزگەرتىلىپ، دوختۇرخانىدىن ئايرىلىپ چىقىپ، مۇستەقىل پولىك دەرىجىلىك ئورۇن بولۇپ، سېستىرالىق، دوختۇرلۇق، ئاممىۋى تېببىي كەسپىي قاتارلىقلارنى تەسىس قىلغان. 1987 - يىلى ئاپتونوم رايون تەرىپىدىن مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدىكى ئىلغار ئورۇن دېگەن نامغا ئېرىشكەن. 1993 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق ئوتتۇرا تېخنىكوم تېببىي مەكتىپى مەكتەپ باشقۇرۇش سەۋىيىسى ئۆلچىمىدىن ئۆتكەن. تەسىس قىلىنغان كەسىپلەردىن سېستىرالىق، دوختۇرلۇق، دورىگەرلىك، لابوراتورىيە قاتارلىقلار بار. 1999 - يىلدىكى رەسمىي ئوقۇتقۇچى 46 (ئالىي لېكتور 14، ئوتتۇرا دەرىجىلىك لېكتور 40، ياردەمچى لېكتور 6) نەپەر. ئوقۇغۇچى سانى 1781 نەپەر. مەكتەپنىڭ ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى $31005m^2$ . قۇرۇلۇش كۆلىمى $12461m^2$، تەجرىبىخانىدىن 22 سى بار. ساقلىنىۋاتقان كىتاب 38000 پارچە. مەكتەپ قۇرۇلغاندىن بۇيان 5479 نەپەر ئوقۇغۇچى تەربىيىلىگەن.

مەكتەپ ئادرېسى: شىخەنزە شەھىرى.

پوچتا نومۇرى: 832000. تېلېفون: 2012949 (0993)

## شىخەنزە ئۇنىۋېرسىتېتى تېببىي ئىنستىتۇت سىستېرالار مەكتىپى

ئىلگىرى بىڭتۇەن 2 ـ دوختۇرخانا سىستېرالار مەكتىپى دەپ ئاتىلاتتى. شىخەنزە تېببىي ئىنستىتۇتى سىستېرالار مەكتىپى 1953 ـ يىلى شىخەنزە شەھىرىدە قۇرۇلغان. 1996 ـ يىلى 7 ـ ئايدا شىخەنزە ئۇنىۋېرسىتېتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، شىخەنزە ئۇنىۋېرسىتېتى تېببىي ئىنستىتۇت سىستېرالار مەكتىپى دەپ ئۆزگەرتىلگەن. بىڭتۇەن مائارىپ كومىتېتىنىڭ تەۋەلىكىدە بولغان. ئوقۇتۇشتا خەنزۇ تىلى قوللىنىلىپ، ئاساسى دەرسلەرنى شىخەنزە ئۇنىۋېرسىتېتى تېببىي ئىنستىتۇتى ئۆز ئۈستىگە ئالغان، كلىنىك دەرسلەرنى بولسا شىخەنزە ئۇنىۋېرسىتېتى تېببىي ئىنستىتۇتى 1 ـ شۆبە دوختۇرخانىسى ئۆز ئۈستىگە ئالغان. مەكتەپ شتاتى 30. ھازىر بار بولغان رەسمىي ئوقۇتقۇچى 12 (ئالىي لېكتور 4، لېكتور 5، ياردەمچى لېكتور 13) نەپەر. مەكتەپتە بار ئوقۇغۇچى 870 نەپەر. 2000 ـ يىلى كۈزدە، مەكتەپنىڭ ئوقۇتۇش قۇرۇلمىسىدا ئەمەلىي تەڭشەش ئېلىپ بېرىلىپ، ئىلگىرىكى پەقەتلا ئوتتۇرا تېخنىكوم سىستېرالىرىنى تەربىيىلەش ئوقۇتۇشىغا ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ ھاۋالىسىدىكى كەسپىي مائارىپ سىستېرالىقى ۋە كلىنىك مەدىتسىنادىن ئىبارەت ئىككى كەسىپ قوشۇلغان. شۇنداقلا ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە نازارىتى، بىڭتۇەن مائارىپ كومىتېتى تەشكىللىگەن ئوتتۇرا دەرىجىلىك تېببىي مەكتەپلەرنىڭ ئاساسى كەسپلەرنى باھالىشىدىن ئۆتكەن. مەكتەپنىڭ ئىگىلىگەن يەر مەيدانى $21000m^2$. مەكتەپ قۇرۇلۇش كۆلىمى $8064m^2$.

مەكتەپ ئادرېسى: شىخەنزە شەھىرى

پوچتا نومۇرى: 832000. تېلېفون نومۇرى: 2850533 (0993)

## تۇرپان ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك مەكتىپى

1958 ـ يىلى قۇرۇلغان بولۇپ، ئەسلىدىكى ئورنى تۇرپان ئۇرۇقچىلىق مەيدانىدا ئىدى (تۇرپاننىڭ ئەسلىدىكى پاختا ئىشلەپچىقىرىش پونكىتى). مەكتەپ نامى تۇرپان پاختىچىلىق مەكتىپى ئىدى. ئاپتونوم رايونلۇق يېزا ئىگىلىك نازارىتىنىڭ بىۋاسىتە باشقۇرۇشىدا بولغان، كېيىن تۇرپان يېزا ئىگىلىك مەكتىپى قىلىپ ئۆزگەرتىلگەن. 1975 ـ يىلى تۇرپان ۋىلايىتىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلىپ، تۇرپان ۋىلايەتلىك 7 ـ ماي ئۇنىۋېرسىتېتى قىلىپ ئۆزگەرتىلگەن. شۇنىڭدىن كېيىن بىر نەچچە قېتىم نام ئۆزگەرتكەن. 1984 ـ يىلى مەكتەپ ئورنى تۇرپان شەھەر يېڭى بېكەن ئىدىقۇت يولى 62 ـ نومۇر (تۇرپان ۋىلايەتلىك پارتىيە مەكتىپىنىڭ ھازىرقى ئادرېسى) بولغان. 1988 ـ يىلى ۋىلايەتلىك پارتىيە مەكتىپى بىلەن بىرلەشتۈرۈلگەن. 1993 ـ يىلى قايتىدىن ئايرىلىپ مۇستەقىل مەكتەپ بولۇپ، تۇرپان ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك مەكتىپى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن. 1998 ـ يىلى شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى بىلەن بىرلىكتە بىر يىللىق ئالىي تېخنىكوم سىنىپى ئاچقان. 1999 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى، تۇرپان ۋىلايەتلىك پارتكوم بىلەن مەمۇرىي مەھكىمە تۇرپان ۋىلايەتلىك يېزا

ئىگىلىك مەكتىپى، تېخنىك ئىشچىلار مەكتىپى، تېببىي مەكتەپ قاتارلىق 3 ۋىلايەتلىك كەسپىي ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتەپلەرنى بىرلەشتۈرۈپ، ۋىلايەتلىك كەسپىي تېخنىكا ماائارىپى تەربىيىلەش مەركىزى قۇرۇپ، ئۈچ مەكتەپنىڭ پارتىيە، مەمۇرىي ۋە ئوقۇتۇش خىزمىتىنىڭ ئەمەلىيلىشىشىگە بىر تۇتاش رەھبەرلىك قىلىش ۋە باشقۇرۇش ئېلىپ بېرىشنى قارار قىلغان. تۇرپان ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك مەكتىپىنىڭ ئورنىمۇ ئەسلىدىكى تۇرپان ۋىلايەتلىك تېخنىكا ئىشچىلار مەكتىپىنىڭ ئورنىغا كۆچۈرۈلگەن. ئىگىلىگەن يەر مەيدانى 11673m² بولۇپ، ئوقۇتۇش رايونى قۇرۇلۇش كۆلىمى 1077m²، ئوقۇتۇش شەكلى دۆلەت پىلانىدىكى ئوتتۇرا تېخنىكوم ئوقۇغۇچىلىرىنى قوبۇل قىلىش ۋە تەربىيىلەش، شۇنىڭ بىلەن بىرگە چوڭلار كەسپىي، ئوقۇش تارىخى ماائارىپى ۋە يېزا كادىرلىرىنى تەربىيىلەشنى ئۈستىگە ئالغان. ئوقۇتۇشتا ئۇيغۇر تىلى قوللىنىدۇ. باغۋەنچىلىك، ئۆسۈملۈك ئاسراش، چارۋىچىلىق، دېھقانچىلىق، يېزا ئىگىلىك ئوقۇتقۇچىلىرىنى تەربىيىلەش قاتارلىق كەسپلەر يولغا قويۇلغان. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئاممىۋى يېتىشتۈرۈش، مېۋىلىك كۆچەتلەرنى يېتىشتۈرۈش، دېھقانچىلىق زىرائەتلەرنى يېتىشتۈرۈش قاتارلىق قىسقا مۇددەتلىك كۇرسلارنى ئاچقان. مەكتەپ شتاتى 31. 1999 - يىلدىكى رەسمىي ئوقۇتقۇچى 19 نەپەر. ئوقۇغۇچى سانى 237 نەپەر.

مەكتەپ ئادرېسى: تۇرپان شەھەر يېڭى بېكەت.

پوچتا نومۇرى: 838000. تېلېفون نومۇرى: 8352650 (0995)

## تۇرپان ۋىلايەتلىك تېببىي مەكتەپ

1976 - يىلى 7 - ئايدا تۇرپان شەھەر يېڭى بېكەتتە قۇرۇلغان. 1981 - يىلى كومسومول 5 - كەنتكە يۆتكەلگەن. 1983 - يىلى كۇرس، يېزا بازار دوختۇرخانا باشلىقلىرىنىڭ ئۆگىنىش سىنىپى ۋە يېزا كەنت دوختۇرلىرىنىڭ بىلىم ئاشۇرۇش سىنىپلىرى ئېچىلغان. 1987 - يىلى ناھىيە دەرىجىلىك ئورۇن ھەم ۋىلايەتلىك ئامبولاتورىيىگە تەۋە تېببىي مەكتەپ قىلىپ بېكىتىلىپ، ۋىلايەتلىك تېببىي مەكتەپ شۆبە دوختۇرخانىسى دېيىلگەن. 1989 - يىلى مەكتەپ پارتىيە كومىتېتى قۇرۇلغان. 1993 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق ماائارىپ كومىتېتى، سەھىيە نازارىتى تەشكىللىگەن 19 تېببىي مەكتەپنىڭ ئوقۇتۇش سەۋىيىسىنى باھالىشىدىن ئۆتكەن. 1998 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەتلىك ئورۇن دەپ باھالانغان، بۇ مەكتەپ دۆلەت خادىملىرىنى كومپيۇتېر بىلەن تەربىيىلەش نۇقتىسى قىلىپ بېكىتىلگەن ۋە ئاپتونوم رايون بويىچە كومپيۇتېر خادىملىرىنى تەربىيىلەش سالاھىيىتىگە ئىگە ئورۇن. 1999 - يىلى 4 - ئايدا، ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك مەكتىپى، تېخنىكا ئىشچىلار مەكتىپى بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈپ، ۋىلايەتلىك كەسپىي ماائارىپ مەركىزى بولۇپ قۇرۇلغان. ئىگىلىگەن يەر مەيدانى 29470m². ئوقۇتۇش رايونى قۇرۇلۇش كۆلىمى 2840m². ئوقۇتۇشتا خەنزۇ تىلى قوللىنىلىدۇ، دوختۇرلۇق، سېستىرالىق، تۇغۇت دوختۇرى، لابوراتورىيە، ئانا - بالىلار دوختۇرلۇقى،

يېزا كەنت دوختۇرلۇقى قاتارلىق 6 كەسىپنى يولغا قويغان ھەمدە شىنجاڭ تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتى بىلەن بىر يىللىق ئالىي تېخنىكوم سىنىپى ئاچقان . مەكتەپ شتاتى 56 1999 ـ يىلدىكى رەسمىي ئوقۇتقۇچى 48 نەپەر (ئالىي لېكتور 5 . ئادەتتىكى لېكتور 19 ) ، ئوقۇغۇچى سانى 471 نەپەر . مەكتەپ قۇرۇلۇپ جەمئىي 2365 نەپەر ئوقۇغۇچى تەربىيىلەنگەن ۋە ئوقۇش پۈتتۈرگەن .

مەكتەپ ئادرېسى : تۇرپان شەھەر يېڭى بېكەت .

پوچتا نومۇرى : 838000 . تېلېفون نومۇرى : 8552650 (0995 )

## قۇمۇل ۋىلايەتلىك سانائەت مەكتىپى

1997 ـ يىلى 1 ـ ئايدا ئەسلىدىكى ۋىلايەتلىك تېخنىكا ئىشچىلار مەكتىپىنى ئاساس قىلىپ قۇرۇلغان . قۇمۇل تېخنىكا ئىشچىلار مەكتىپى بىلەن ئىككى ۋۇيۇسكا بىر يۈرۈش رەھبەرلىك بەنزىسى بولۇشتەك باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى يولغا قويۇلغان . قۇمۇل تېخنىك ئىشچىلار مەكتىپى 1975 ـ يىلى قۇرۇلغان . 1994 ـ يىلى ئۆلكە دەرىجىلىك نۇقتىلىق تېخنىكا ئىشچىلار مەكتىپى قىلىپ ئۆزگەرتىلگەن . 1996 ـ يىلى مەملىكەت دەرىجىلىك نۇقتىلىق تېخنىكا ئىشچىلار مەكتىپى دەپ ئۆزگەرتىلگەن . شۇ يىلى يەنە دۆلەتلىك ئەمگەك مىنىستىرلىقى تەرىپىدىن ئاپتونوم رايون بويىچە تۇنجى تۇركۇم دۆلەتلىك ئۇنىۋېرسال كەسپىي تەربىيىلەش بازىسىنىڭ سىناق ئورنى قىلىپ بەلگىلەنگەن . 1997 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى قۇمۇل ۋىلايىتى ئوتتۇرا دەرىجىلىك كەسپىي مەكتەپلەرنىڭ قۇرۇلمىسىغا ئۆزگەرتىش ئېلىپ بېرىپ ، ئەسلىدىكى ۋىلايەتلىك مالىيە سودا مەكتىپى ، سودا مەكتىپى ، ئىگىلىك باشقۇرۇش كادىرلار تەربىيىلەش مەركىزى قاتارلىقلار ۋىلايەتلىك سانائەت مەكتىپى ، تېخنىكا ئىشچىلار مەكتىپىگە قوشۇۋېتىلىپ ، بىر تۇتاش باشقۇرۇش يولغا قويۇلغان . بۇ مەكتەپ ناھىيە دەرىجىلىك ئورۇن بولۇپ ، پارتىيە ، مەمۇرىي ، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ، ئىتتىپاق تەشكىلىي قاتارلىق تەشكىلى ئاپپاراتلىرى تولۇق . ئىگىلىگەن يەر مەيدانى $106560m^2$ . ئوقۇتۇش رايونى قۇرۇلۇش كۆلىمى $3699m^2$ ، ئوقۇتۇشتا خەنزۇ تىلى ، ئۇيغۇر تىلى قوللىنىلىدۇ . 15 كەسىپ يولغا قويۇلغان . بۇ مەكتەپتە كومپيۇتېر ، تىل ، ئېلېكترلەشكەن ماتېرىيال ، مودېل ، چېرتيوژ سىزىش قاتارلىق كەسىپلەر ئۈچۈن مەخسۇس دەرسخانا ۋە مانتېيورلۇق ، ئېلېكترون ، خىمىيە سانائەت ، سېلىسارلىق قاتارلىق تەجرىبىخانا ، پراكتىكا مەيدانى ، ئاشپەزلىك ، سودا ، ماشىنا رېمونت قىلىش قاتارلىق ئاساسى ئىقتىدارنى يېتىلدۈرىدىغان دەرسخانا ۋە ماشىنا ھەيدەش مەشق مەيدانى بار . ئوقۇتۇش ئەسلىھەلىرى ئوقۇتۇش ئېھتىياجىنى قاندۇرالايدۇ . مەكتەپتە يەنە دېھقانچىلىق مەيدانى قاتارلىق ئىقتىسادىي گەۋدىلەر بار . ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ، «مەملىكەتلىك مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ» ، «مەملىكەتلىك كەسپىي تېخنىكا ماتېرىيالىدىكى ئىلغار ئورۇن» ، «مەملىكەتلىك تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەش ، ئىقتىسادچانلىق بىلەن ئوقۇشتىكى ئىلغار

ئورۇن» ، «مەملىكەتلىك تازىلىقتا ئىلغار ئورۇن» دېگەن ناملارغا ئېرىشكەن . كۆپ قېتىم ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن تەقدىرلەنگەن . بۇ مەكتەپ يەنە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مەدەنىيەتلىك ئورۇن . مەكتەپ قۇرۇلغاندىن كېيىن 6000 نەپەردىن كۆپ ئوقۇغۇچى تەربىيىلەنگەن ۋە ئوقۇش پۈتتۈرگەن . مەكتەپ شتاتى 188 . 1999 - يىلدىكى ئوقۇتقۇچى 100 نەپەر (ئالىي دەرىجىلىك ئۇنۋانى بارلار 16 نەپەر . ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئۇنۋانى بارلار 50 نەپەر . تۆۋەن دەرىجىلىك ئۇنۋانى بارلار 26 نەپەر) . ئوقۇغۇچى 950 نەپەر .

مەكتەپ ئادرېسى : قۇمۇل شەھەرلىك 1 - ئاۋغۇست يولى 12 - نومۇر .

پوچتا نومۇرى : 839000 . تېلېفون نومۇرى : 2310657 (0902)

## قۇمۇل ۋىلايەتلىك تېببىي مەكتەپ

1959 - يىلى 4 - ئايدا قۇرۇلغان بولۇپ ، دەسلەپتە قۇمۇل ۋىلايەتلىك خەلق دوختۇرخانىسىنىڭ تەۋەلىكىدىكى تېببىي مەكتەپ ئىدى . 1961 - يىلى 7 - ئايدا قۇمۇل ۋىلايەتلىك تېببىي مەكتەپ قىلىپ ئۆزگەرتىلگەن . 1962 - يىلى تاقىۋېتىلگەن . 1973 - يىلى 9 - ئايدا ئوقۇتۇش قايتا يولغا قويۇلۇپ ، يەنىلا قۇمۇل ۋىلايەتلىك دوختۇرخانا تەۋەلىكىدە بولغان . 1976 - يىلى 12 - ئايدا ، مەكتەپ مۇستەقىل شتاتقا ئىگە بولۇم دەرىجىلىك ئوقۇتۇش ئورنى قىلىنىپ ، قۇمۇل ۋىلايەتلىك تېببىي مەكتەپ دەپ ئاتالغان . 1986 - يىلى 4 - ئايدا بۆلۈم دەرىجىلىكتىن ناھىيە دەرىجىلىككە ئۆستۈرۈلگەن . شۇ يىلى ئاپتونوم رايون تەرىپىدىن قۇمۇل ۋىلايەتلىك تېببىي ئىشچى - خىزمەتچىلەر مەكتىپى قۇرۇلغان ھەم تېببىي مەكتەپ بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈپ ، ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش تۈزۈلمىسى ، ئوقۇتۇش تۈزۈلمىسى ، كەسىپ تەسىس قىلىش قاتارلىق جەھەتلەردە بىرقەدەر چوڭ بولغان ئىسلاھاتلار ۋە تەرەققىياتلار بولغان ، ئوقۇش مۇددىتى 2 يىلدىن 3 يىلغا ئۆزگەرتىلىپ ، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ دوختۇرلۇق ، سېستىرالىق ، تۇغۇت دوختۇرى ، ئانا - بالىلار دوختۇرى ، جۇڭيىچە داۋالاش ، لابوراتورىيە قاتارلىق 8 كەسىپ يولغا قويۇلغان . ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئوتتۇرا تېخنىكومىدا دوختۇرلۇق ، سېستىرالىق ، دورىگەرلىك قاتارلىق 3 كەسىپ ئېچىلغان . 1992 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتى تەشكىللىگەن ئوتتۇرا تېخنىكوم مائارىپى شارائىتىنى باھالاشتىن ئۆتكەن . مەكتەپ قۇرۇلغاندىن بۇيان ھەرخىل ئوتتۇرا تېخنىكوم تېببىي خادىملاردىن 2200 ئادەم تەربىيىلىگەن .

مەكتەپ ئادرېسى : قۇمۇل شەھىرى

پوچتا نومۇرى : 839000 . تېلېفون : 2231204 (0902)

## قۇمۇل ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك مەكتىپى

1959 - يىلى 10 - ئايدا قۇمۇل ۋىلايەتلىك راكىتا دېھقانچىلىق مەيدانىدا قۇرۇلغان

بولۇپ ، ئاپتونوم رايونلۇق يېزا ئىگىلىك نازارىتىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان . مەكتەپ قۇرۇلۇپ دەسلەپتە ئىلمى بۆلۈم ۋە خوجىلىق بۆلۈمدىن ئىبارەت 2 بۆلۈم ۋە كەسپىي دەرسلەر كافېدىراسى ، ئادەتتىكى مەدەنىيەت دەرسلىرى كافېدىراسى تەسىس قىلىنغان . 20 دىن ئارتۇق ئوقۇتقۇچىسى بار . تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى سانى ئاز ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاپتونوم رايوندىكى ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتەپلىرى قوبۇل قىلىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن دېھقانچىلىق مەكتىپىگە قوبۇل قىلىنغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۆپىنچىسى باشلانغۇچنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار بولۇپ ، خەنزۇ ئوقۇغۇچىلار 4 يىل ، مىللىي ئوقۇغۇچىلار 5 يىل ئوقۇيدۇ . 1960 - ، 1961 - يىللىرى كومبايىن شوپۇرى تەربىيىلەش سىنىپى ، تراكتور شوپۇرى تەربىيىلەش سىنىپى تەسىس قىلىپ ، بەلگىلىك دەرىجىدە شۇ جايدىكى دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى تېخنىكا خادىملىرىنىڭ كەمچىل بولۇشتەك قىيىن مەسىلىسىنى ھەل قىلدى . 1962 - يىلى 6 - ئايدا ، ئاپتونوم رايون قۇمۇل يېزا ئىگىلىك مەكتىپىنى تاقاشنى قارار قىلغان . ئوقۇغۇچىلاردىن 2 يىللىق يېزا ئىگىلىك تېخنىك ئىشچىلارنى تەربىيىلەش سىنىپىنى پۈتتۈرگەن 32 نەپەر ئوقۇغۇچىدىن باشقا ، سىنىپتىكى بىر قىسىم ئۆگىنىشى ياخشى ئوقۇغۇچىلار ۋىلايەتلىك مالىيە سودا كادىرلارنى تەربىيىلەش سىنىپىغا يۆتكىلىپ ، بوغالتىرلىق كەسپىنى ئۆگىنىشنى داۋاملاشتۇرغان . باشقا ئوقۇغۇچىلار ئەسلىدىكى ئىدارىسىگە ياكى يېزىسىغا قايتۇرۇۋېتىلگەن . مەكتەپنىڭ ماتېرىيال سايمانلىرىنىڭ بىر قىسمى ئاپتونوم رايونلۇق يېزا ئىگىلىك مەكتىپىگە تاپشۇرۇپ بېرىلگەن . يەنە بىر قىسمى قۇمۇل ۋىلايەتلىك بوغالتىرلىقى تەربىيىلەش سىنىپىغا تاپشۇرۇپ بېرىلگەن . مەكتەپ ئەسلىھەلىرى ۋىلايەتلىك راكېتا دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ ۋاكالىتەن باشقۇرۇشىغا تاپشۇرۇپ بېرىلگەن . 1979 - يىلى 11 - ئايدا ئاپتونوم رايون قۇمۇل يېزا ئىگىلىك مەكتىپىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى تەستىقلىغان ، ئاپتونوم رايونلۇق يېزا ئىگىلىك نازارىتىنىڭ قارارى بىلەن دېھقانچىلىق بىلەن مال دوختۇرلۇقتىن ئىبارەت ئىككى كەسپنى ئاچقان . كېيىن يېزا ئىقتىسادىي كەسپى قوشۇلغان . 1988 - يىلدىن كېيىن يەنە باغۋەنچىلىك كەسپىنى ئاچتى . 1997 - يىلى 8 - ئايدا قۇمۇل يېزا ئىگىلىك مەكتىپى بىلەن قۇمۇل دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى مەكتىپى ، دېھقانچىلىق رادىئو مەكتىپى بىرلەشتۈرۈلگەن . مەكتەپ نامى يەنىلا قۇمۇل يېزا ئىگىلىك مەكتىپى بولغان . مەكتەپتە ئۆسۈملۈك ئاسراش ، باغۋەنچىلىك باقمىچىلىق ، ماشىنىسازلىق قاتارلىق 20گە يېقىن كەسىپ ئېچىلغان . ئىگىلىگەن يەر مەيدانى $439846m^2$ ، مەكتەپ قۇرۇلۇش كۆلىمى $110265m^2$ ، دېھقانچىلىق ، مىكرو جانلىقلار ، كومپيۇتېر ، پارازىت قۇرت ، ئۆسۈملۈك فىزىئولوگىيىسى قاتارلىق 4 تەجرىبىخانا قۇرۇلغان . مەكتەپ شتاتى 208 . 1999 - يىلدىكى ئوقۇتقۇچى 156 نەپەر ئوقۇغۇچى 477 نەپەر .

مەكتەپ ئادرېسى : قۇمۇل شەھەر بىرىنچى ئاۋغۇست يولى 10 - نومۇر .

پوچتا نومۇرى : 839001 . تېلېفون : 2313406 (0902)

## بايىنغولىن ئوبلاستلىق تېببىي مەكتەپ

1959 - يىلى 8 - ئايدا قاراشەھەر ناھىيىسىدە قۇرۇلغان . 1962 - يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا تاقىۋېتىلگەن . 1975 - يىلى 11 - ئايدا كورلا شەھىرىدە قايتا ئېچىلغان . ئىگىلىگەن يەر مەيدانى $8971m^2$ . ئوقۇتۇش رايونى قۇرۇلۇش كۆلىمى $5396m^2$ . بۇ مەكتەپ بايىنغولىن ئوبلاستىدىكى بىردىنبىر پۈتۈن كۈنلۈك ئوقۇتۇش تۈزۈمىدىكى ئوتتۇرا دەرىجىلىك كەسپىي مەكتەپ بولۇپ ، بايىنغولىن ئوبلاستلىق سەھىيە ئىدارىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا تەۋە . ئوقۇتۇشتا خەنزۇ تىلى قوللىنىلىدۇ . دوختۇرلۇق، سېستىرالىق ، تۇغۇت دوختۇرى ، ئانا - بالىلار دوختۇرى ، جۇڭيىچە داۋالاش ، ئاممىۋى سەھىيە دوختۇرى ، دورىگەرلىك ، پىلانلىق تۇغۇت قاتارلىق كەسپلەر ئېچىلغان . ئىلگىرى — كېيىن بولۇپ شىنجاڭ تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتى ، ئۈرۈمچى كەسپىي ئۇنىۋېرسىتېتى بىلەن بىرلىكتە رەسمىي كۇرس سىنىپى ئاچقان . 1992 - يىلى ۋە 1993 - يىلى ئىككى قېتىم ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتى تەشكىللىگەن ئوقۇتۇشنى باھالاشتىن ئۆتكەن . مەكتەپ شتاتى 107 . 1999 - يىلدىكى ئوقۇتقۇچى 43 نەپەر . (ئالىي دەرىجىلىك ئۇنۋانى بارلار 8 نەپەر . ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئۇنۋانى بارلار 28 نەپەر ) . ئوقۇغۇچى 1417 . مەكتەپ قۇرۇلغاندىن بېرى جەمئىي 3414 نەپەر ئوقۇغۇچى تەربىيىلىگەن .

مەكتەپ ئادرېسى : كورلا شەھىرى .

پوچتا نومۇرى : 841000 . تېلېفون : 2076200 (0996)

## بۆرتالا ئاپتونوم ئوبلاستلىق تېببىي مەكتەپ

1960 - يىلى 2 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق تېببىي نازارىتىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن بورتالا ئاپتونوم ئوبلاستلىق خەلق دوختۇرخانىسىنىڭ قارمىقىدا قۇرۇلغان ، سېستىرالار سىنىپىدىن بىرنى ئاچقان ، 1962 - يىلى 8 - ئايدا ئوقۇغۇچىلار ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن مەكتەپ ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىشتىن توختاپ تاقالغان . 1972 - يىلى 11 - ئايدا مەكتەپ قايتا ئېچىلغان . 1987 - يىلى مۇئاۋىن ناھىيە دەرىجىلىككە ئۆستۈرۈلگەن . مەكتەپ ئىلمىي بۆلۈم ، ئوقۇغۇچىلار ئۆيۈشمىسى ، مەكتەپ ئىشخانىسى ۋە خوجىلىق بۆلۈمىدىن ئىبارەت 4 ئورگان تەسىس قىلىنغان . 1999 - يىلى 2 - ئايدا شىنجاڭ تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتى بىلەن بىرلىكتە بىرىنچى قېتىم سېستىرالىق مەخسۇس كۇرس كەسپىي گۇۋاھنامە سىنىپى ئاچقان .

مەكتەپ ئادرېسى : بورتالا شەھىرى

پوچتا نومۇرى : 833400 . تېلېفون نومۇرى : 2311625 (0909)

## قىزىلسۇ قىرغىز ئوبلاستلىق تېببىي مەكتەپ

1960 - يىلى ئاتۇش شەھىرىنىڭ بەخت يولىدا قۇرۇلغان . 1962 - يىلى يەرلىك

مالىيە قېيىنچىلىقى تۈپەيلى مەكتەپ تاقىتىۋېتىلگەن. 1965 - يىلى دېھقانچىلىق
مەكتىپى قىلىپ تەسىس قىلىنغاندىن كېيىن، سەھىيە سىنىپى ئېچىلغان. 1971 - يىلى 1
- ئايدا مەكتەپ قۇرۇلغاندىن كېيىن سەھىيە ئىدارىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە بولغان. 973
- يىلى ئوبلاستلىق دوختۇرخانىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان. 1984 - يىلى مەكتەپ
مۇستەقىل شتاتقا ئىگە بولۇم دەرىجىلىك ئورۇن بولغان. 1984 - يىلى مۇئاۋىن ناھىيە
دەرىجىلىك ئورۇنغا ئۆستۈرۈلگەن. 1988 - يىلى ناھىيە دەرىجىلىككە ئۆستۈرۈلگەن
ئوقۇتۇشقا خەنزۇ تىلى قوللىنىلىدۇ. 1993 - يىلى تېببىي مەكتىپى ئاتۇش شەھەر بەخت
يولىدىن نۇرلۇق يولىغا كۆچۈرۈلۈپ قايتىدىن قۇرۇلغان. 1984 - يىلى ئاپتونوم
رايونلۇق مائارىپ كومىتېتى تەشكىللىگەن ئوتتۇرا دەرىجىلىك كەسپىي مەكتەپلەرنىڭ
ئوقۇتۇش شارائىتىنى باھالاشتىن ئۆتكەن. مەكتەپ ئوبلاستتىكى ئۈچ ناھىيە، بىر
شەھەردىن ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلغان. ئىلگىرىكى يالغۇز سېستىرالىق كەسپىدىن تەرەققىي
قىلىپ دوختۇرلۇق، سېستىرالىق، تۇغۇت دوختۇرى، پىلانلىق تۇغۇت، ئانا - بالىلار
ساقلىقى، يەرلىك كېسەللىك قاتارلىق كەسپلەرنى ئاساس قىلغان ھەمدە شىنجاڭ تېببىي
ئۇنىۋېرسىتېتى بىلەن بىرلىكتە داۋالاش ئالىي سېستىرالىق مەخسۇس كۇرسى گۇۋاھنامە
سىنىپلىرىنى ئاچقان، ئىگىلىگەن يەر مەيدانى $30360m^2$. ئوقۇتۇش رايونى قۇرۇلۇش
كۆلىمى $4172m^2$. بىئولوگىيە، خىمىيە، ئاناتومىيە، دىئاگنوز تەجرىبىخانىلىرى
قۇرۇلۇپ، ئوقۇتۇش تەجرىبە ئۈسكۈنىلىرى دەسلەپكى كۆلەمگە ئىگە بولغان، مەكتەپ
قۇرۇلغان 20 نەچچە يىلدىن بېرى قىزىلسۇ ئاپتونوم ئوبلاستىغا 1620 نەپەر ئوتتۇرا
دەرىجىلىك تېببىي خادىم تەربىيىلەپ بەرگەن. 1999 - يىلدىكى، ئوقۇتقۇچى 39 (ئالىي
لېكتور 6، لېكتور 19، ياردەمچى لېكتور 10) نەپەر، ئوقۇغۇچى 611 نەپەر.

مەكتەپ ئادرېسى: ئاتۇش شەھەر نۇرلۇق يول.

پوچتا نومۇرى: 845350. تېلېفون: 4222773 (0908)

## قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى يېزا ئىگىلىك مەكتىپى

1960 - يىلى 6 - ئايدا قۇرۇلغان. دەسلەپتە مەكتەپ ئاتۇش شەھەر ئەتراپىنىڭ
شەرقىدىكى قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستلىق پارتىيە مەكتىپى ئىچىگە قۇرۇلۇپ
پارتىيە مەكتىپى بىلەن بىرلىكتە ئىش بېجىرگەن. يېزا ئىگىلىك مەكتىپىنىڭ مەكتەپ
مۇدىرلىق ۋە ئىلمىي مۇدىرلىق خىزمىتىنى پارتىيە مەكتىپىنىڭ رەھبەرلىرى ئىشلىگەن.
1962 - يىلى مەكتەپ قاراۋۇل يېزىسىغا يۆتكەلگەن. 1965 - يىلى 5 - ئايدا مەكتەپ
تاقىۋېتىلگەن. 1968 - يىلى 6 - ئايدا ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ، ئاتۇش شەھەرلىك قاراۋۇل
يېزىسىغا يۆتكەلگەن. 1968 - يىلى 12 - ئايدا، يېزا ئىگىلىك مەكتىپى بىلەن ئوبلاستلىق
پارتكوم ئورگان دېھقانچىلىق مەيدانى بىرلەشتۈرۈلۈپ، 7 - ماي كادىرلار مەكتىپى دەپ
ئاتالغان. 1971 - يىلى 7 - ئايدا يەنە تاقىۋېتىلگەن. شۇ يىلى ئاپتونوم ئوبلاستلىق
كۆچەتخانىغا يۆتكىلىپ، 11 - ئايدا يېزا ئىگىلىك مەكتىپى قىلىپ ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن

1975 - يىلى 10 - ئايدا يېزا ئىگىلىك مەكتىپى ئاغۇ يېزىسىنىڭ 7 - كەنتىگە يۆتكەلگەن . 1976 - يىلى 2 - ئايدا ئوبلاستلىق يېزا ئىگىلىك پەنلەر تەتقىقات ئورنىنىڭ تەجرىبە دېھقانچىلىق مەيدانىغا يۆتكەلگەن . 4 - ئايدا مەكتەپ نامى يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتى قىلىپ ئۆزگەرتىلىپ ، ناھىيە دەرىجىلىك ئورۇن بولغان . 1982 - يىلى 8 - ئايدا يېزا ئىگىلىك مەكتىپى ئاتۇش شەھىرىنىڭ جەنۇبىي شەھەر ئەتراپى سۇنتاغ يولى 15 - نومۇرغا يۆتكەلگەن . 1988 - يىلى 10 - ئايدا يېزا ئىگىلىك مەكتىپى بىلەن ئوبلاستلىق يېزا ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇش مەكتىپى بىرلەشتۈرۈلگەن ھەمدە سۇنتاغ يولى 16 - نومۇرغا كۆچكەن . مەكتەپتە كومپيۇتېر ، دېھقانچىلىق ، ئۆسۈملۈك ئاسراش ، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ، مال دوختۇرلۇق ، باغۇەنچىلىك ، ئوتلاقچىلىق قاتارلىق 9 كەسىپ ئېچىلغان . ئىگىلىگەن يەر مەيدانى 333677m² . ئۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق پراكتىكا مەيدانىنىڭ ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى 268527m² ، ئوقۇتۇش رايونىنىڭ ئىگىلىگەن يەر مەيدانى 65151m² . كۇتۇپخانىدا ساقلانغان كىتاب 20 مىڭدىن ئارتۇق . 1998 - يىلدىكى ئوقۇتقۇچى 72 نەپەر . (ئالىي دەرىجىلىك لېكتور 4 . لېكتور 25 . ياردەمچى لېكتور 25 ) نەپەر ئوقۇغۇچى 281 نەپەر . مەكتەپ قۇرۇلغاندىن بۇيان تۈرلۈك ئوتتۇرا تېخنىكوم خادىملىرىدىن 3243 نەپەرنى تەربىيىلىگەن .

مەكتەپ ئادرېسى : ئاتۇش سۇنتاغ يولى

پوچتا نومۇرى : 845350 تېلېفون : 4223115 (9008)

## قەشقەر تېببىي مەكتەپ

1956 - يىلى 9 - ئاينىڭ 10 - كۈنى قۇرۇلغان ، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئەڭ بالدۇر قۇرۇلغان ، كۆلىمى ئەڭ چوڭ ، پۈتۈن كۈنلۈك مىللىي - خەنزۇ ئارىلاش ئوقۇيدىغان ئادەتتىكى تېببىي ئوتتۇرا تېخنىكوم بولۇپ ، قەشقەر شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولىغا جايلاشقان . ئوقۇتۇشتا ئۇيغۇر تىلى ، خەنزۇ تىلى قوللىنىلىدۇ . مەمۇرىي باشقۇرغۇچى ئورۇن ۋىلايەتلىك سەھىيە ئىدارىسى ، كەسپىي باشقۇرغۇچى ئورۇن ۋىلايەتلىك مائارىپ ئىدارىسى . فېلشېرلىق ، ئانا - بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش ، تېببىي تەكشۈرۈش ، سىستېرالىق ، دورىگەرلىك قاتارلىق 6 كەسىپ ئېچىلغان . مەكتەپنىڭ ئىگىلىگەن يەر مەيدانى 100 مىڭ كۋادرات مېتىر . ئوقۇتۇش رايونى قۇرۇلۇش كۆلىمى 10914m² . مەكتەپ تارمىقىدا ۋىلايەت دەرىجىلىك ئۇنىۋېرسال 2 - A دەرىجىلىك تارماق دوختۇرخانىدىن بىرسى بار . مەكتەپ شتاتى 240 نەپەر . 1999 - يىلى ئوقۇتقۇچى سانى 118 (ئالىي دەرىجىلىك ئۇنۋانى بارلار 16 . ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئۇنۋان بارلار 58 ، تۆۋەن دەرىجىلىك ئۇنۋان بارلار 32 ) نەپەر . ئوقۇغۇچى سانى 1200 نەپەر ، مەكتەپ قۇرۇلغاندىن بۇيان 7477 نەپەر ئوقۇغۇچى ئوقۇش پۈتتۈرگەن .

مەكتەپ ئادرېسى : قەشقەر جەنۇبىي ئازادلىق يولى 494 - نومۇر .

پوچتا نومۇرى : 844000 . تېلېفون : 2513222 (0998)

## قەشقەر مالىيە سودا مەكتىپى

1957 - يىلى 9 - ئايدا ئەسلىدىكى جەنۇبىي شىنجاڭ ھەمكارلىق كادىرلار مەكتىپى
بانكا كادىرلار مەكتىپى ، سودا كادىرلار مەكتىپى بىرلىشىپ قۇرۇلغان . قەشقە
شەھەرلىك خەلق يولى 343 - نومۇرغا جايلاشقان . 1994 - يىلى ئاپتونوم رايو
دەرىجىلىك نۇقتىلىق ئوتتۇرا تېخنىكوم قىلىپ بېكىتىلگەن ، پۈتۈن مەملىكەتتىكى 8
ئۆلكە دەرىجىلىك مالىيە ئىقتىساد تۈرىدىكى نۇقتىلىق ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتەپلىرىنىڭ
بىرى ، شۇنداقلا جەنۇبىي شىنجاڭدىكى بىردىنبىر ئۆلكە دەرىجىلىك ئوتتۇرا تېخنىكو
بولۇپ ، قەشقەر ۋىلايەتلىك مالىيە ئىدارىسىگە تەۋە . ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى
$53280m^2$ . قۇرۇلۇش كۆلىمى $28000m^2$ . مەكتەپ تارمىقىدا يەنە جۇڭخۇا بوغالتىرلا
سىرتتىن ئوقۇتۇش مەكتىپىنىڭ كونسولتاتسىيە پونكىتى ، شىنجاڭ مالىيە ئىقتىسا
ئىنستىتۇتى سىرتتىن ئوقۇتۇش كونسولتاتسىيە پونكىتى تەسىس قىلىنغان . ئوقۇتۇش
خەنزۇ ، ئۇيغۇر تىللىرىدا ئېلىپ بېرىلىدۇ . مەكتەپ كۇتۇپخانىسىدا ساقلىنىۋاتقان كىتاب
50000 پارچىدىن ئاشىدۇ . مەكتەپ قۇرۇلغاندىن بۇيان 13000 ئوقۇغۇچى
تەربىيىلىگەن . 1999 - يىلدىكى رەسمىي ئوقۇتقۇچى 10 نەپەر . ئوقۇغۇچى سانى 456
نەپەر .

مەكتەپ ئادرېسى : قەشقەر شەھىرى .

پوچتا نومۇرى : 844000 . تېلېفون : 2511230 (0998)

## قەشقەر يېزا ئىگىلىك مەكتىپى

1954 - يىلى 10 - ئايدا ، ئاپتونوم رايونلۇق دېھقانچىلىق ، ئورمانچىلىق نازارىتى
قەشقەردە جەنۇبىي شىنجاڭ رايونى دېھقانچىلىق تەربىيىلەش سىنىپى ئاچقان . بۇ ئاساسى
1958 - يىلى 4 - ئايدا قۇرۇلۇشقا باشلاپ ، شۇيىلى 12 - ئايدا رەسمىي ھالدا «قەشقەر
يېزا ئىگىلىك مەكتىپى» دەپ نام بېرىلگەن . 1976 - يىلى قەشقەر يېزا ئىگىلىك
ئىنستىتۇتى قۇرۇلغاندا ئۇنىڭغا قوشۇلۇپ كەتكەن . مەكتەپ قەشقەر شەھەر سىرتىنىڭ
شەرقىدىكى دەريا بويىغا كۆچۈرۈلگەن . 1978 - يىلى قەشقەر يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتى
ئەمەلدىن قالدۇرۇلغاندىن كېيىن ، مەكتەپ يەنە ئەسلى ئورنىغا كۆچۈرۈلۈپ ، قەشقەر
يېزا ئىگىلىك مەكتىپى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن ، قەشقەر ۋىلايەتلىك يېزائىگىلىك
ئىدارىسىنىڭ ئىگىدارچىلىقىدا بولغان . مەكتەپ خەنزۇ ، مىللىي ئارىلاش مەكتەپ
بولۇپ ، ئوقۇتۇشتا خەنزۇ تىلى ، ئۇيغۇر تىلى قوللىنىلىدۇ . ئىگىلىگەن يەر مەيدانى
34000 كۋادرات مېتىر بولۇپ ، ئوقۇتۇش رايونى قۇرۇلۇش كۆلىمى 21602 كۋادرا
مېتىر . مەزكۇر مەكتەپ قەشقەر ۋىلايىتىدىكى بىردىنبىر يېزا ئىگىلىك ، ئورمانچىلىق
چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلغان ئادەتتىكى ئوتتۇرا تېخنىكوم كەسپىي مەكتىپى . مەكتە
يېزا ئىگىلىك ، يېزا ئىقتىسادىي ، باغۋەنچىلىك ، چارۋىچىلىق ، ئۆسۈملۈك ئاسرا
قاتارلىق 6 تايانچ كەسىپ ۋە مۇناسىپ 6 كەسپىي بۆلۈم تەسىس قىلغان ھەمد

جەمئىيەتنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن، چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى كارانتىن قىلىش، پاختا، مېۋىلىك دەرەخ، كۆكتات، يېزا كەنتلىرىنى پىلانلاش كەسپلىرىنىمۇ ئاچقان. مەكتەپتە قەشقەر ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك كادىرلارنى تەربىيىلەش بۆلۈمى، قەشقەر ۋىلايەتلىك پاختا تېخنىكىسى يېتىشتۈرۈش مەركىزى تەسىس قىلىنغان بولۇپ، ئۈسكۈنىلىرى ئىلغار كومپيۇتېرخانا، تىل - تەجرىبىخانا، ئېلېكترلەشكەن ئوقۇتۇش مەركىزى ۋە كەسپىي تەجرىبىخانىلاردىن 21سى، مەكتەپ ئىچى - سىرتىدا پراكتىكا بازىسىدىن 19 ى ھەمدە نەسىل يېتىشتۈرۈش بازىسى، باقمىچىلىق مەيدانى بار. كۇتۇپخانىدىكى كىتاب 30 مىڭدىن ئارتۇق. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، مەكتەپ ئوقۇتۇش شەكلى كۆپ خىللىشىپ، پۈتۈن كۈنلۈك ئوتتۇرا تېخنىكومدىن مەخسۇس تۈردىكى تېخنىك يېتىشتۈرۈش، كەسپىي سالاھىيەت تەربىيىلەش قاتارلىقلارنى يولغا قويغان. رايونىمىزدىكى مۇناسىۋەتلىك ئۇنىۋېرسىتېتلار بىلەن بىرگە، ئىشتىن سىرتقى مەخسۇس كۇرس سىنىپى ۋە «2+3» يېزا ئىگىلىك ئوقۇتقۇچىلىرى تەربىيىلەش مەخسۇس كۇرس سىنىپى تەسىس قىلغان. 1997 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتى تەرىپىدىن «ئوقۇتۇشنى باشقۇرۇشتىكى ئىلغار ئورۇن» دەپ باھالاندى. مەكتەپ شتاتى 150. 1999 - يىلى مەخسۇس ئوقۇتقۇچىسى 120 نەپەر (ئالىي دەرىجىلىك لېكتور 8 نەپەر، لېكتور 39 ئادەم، ياردەمچى لېكتور 45 نەپەر)، مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى 910 نەپەر. مەكتەپ قۇرۇلغاندىن بۇيان جەمئىي 8000 نەپەردىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى تەربىيىلىنىپ، ئوقۇش پۈتتۈرگەن، 2000 نەپەردىن ئارتۇق ئادەم قىسقا مۇددەتلىك كۇرستا تەربىيىلەنگەن.

مەكتەپ ئادرېسى: قەشقەر شەھەر دۆلەتباغ شەرقى يولى 115 - نومۇر.

پوچتا نومۇرى: 844002. تېلېفون: 2612311، 2611432 (0998)

## قەشقەر ۋىلايەتلىك تەنتەربىيە مەكتىپى

1987 - يىلى 10 - ئايدا، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن سابىق قەشقەر ئىشتىن سىرتقى تولۇقسىز تەنتەربىيە مەكتىپى، تەنتەربىيە ئوتتۇرا مەكتىپى ئاساسىدا قۇرۇلغان مىللىي، خەنزۇ ئارىلاش مەكتەپ بولۇپ، قەشقەر شەھىرىنىڭ مەركىزىگە جايلاشقان. ئىگىلىگەن يەر مەيدانى 59940 كۋادرات مېتىر بولۇپ، ھەرخىل تەنتەربىيە مەشىق ئەسلىھەلىرى تولۇق. ئوقۇتۇشتا خەنزۇ تىلى ۋە ئۇيغۇر تىلىنى ئاساس قىلىدۇ. مەكتەپتە ئېچىلغان تەنتەربىيە تۈرلىرىدىن يېنىك ئاتلېتىكا، پۇتبول، ۋالىبول، ۋاسكىتبول، قارىغا ئېلىش، ئوقيا ئېتىش، بوكسيورلۇق، خەلقئارالىق چېلىشىش قاتارلىقلار بار. يەنە 28 خىل مەدەنىيەت ئاساسىي دەرسى ۋە كەسپىي تېخنىكا دەرسى ئېچىلغان. مەكتەپ قۇرۇلغاندىن بۇيان جەمئىي 885 نەپەر ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلغان بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدىن ئاپتونوم رايونلۇق تەنتەربىيە كومىتېتىنىڭ كەسپىي كوماندىلىرىغا 96 نەپەر مۇنەۋۋەر تەنتەربىيىچىنى يەتكۈزۈپ بەرگەن. مەملىكەتلىك ھەمدە ئاپتونوم رايوندىكى ھەرقايسى ئالىي مەكتەپلەرگە 35 نەپەر

ئوقۇغۇچىنى تونۇشتۇرغان . ۋىلايەت ئۇچۇن 260 دەك تەنتەربىيە تايانچلىرى ۋە ئوقۇتقۇچىلىرىنى يېتىشتۈرۈپ بەرگەن . 1993 - يىلدىكى مەملىكەتلىك 7 - نۆۋەتلىك تەنتەربىيە يىغىنىدا ، 3 نەپەر ماھىر قەدىمچە چېلىشىشنىڭ 52 كىلوگراملىقلار تۈرىدە ھەمدە ئەركىن چېلىشىشنىڭ 82 كىلوگراملىقلار تۈرىدە 5 - ۋە 6 - لىكنى ئالغان . مەكتەپ ئوغۇللار ۋالىبول كوماندىسى 1992 - يىلى ئاپتونوم رايونغا ۋاكالەتەن مەملىكەتلىك ئىشتىن سىرتقى تەنتەربىيە مەكتەپلىرىنىڭ ۋالىبول مۇسابىقىسىدا 4 - لىكنى ئالغان . ئوغۇللار رۇداۋچە چېلىشىش كوماندىسى ئەزاسى ئاپتونوم رايونغا ۋەكىل بولۇپ ، 1990 - يىلى ئۆتكۈزۈلگەن مەملىكەتلىك ياشلار رۇداۋچە چېلىشىش لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسىدە 78 كىلوگراملىقتا ئۈچىنچىلىككە ئېرىشكەن . ئاپتونوم رايونلۇق بىرىنچى ، ئىككىنچى ، ئۈچىنچى نۆۋەتلىك ياشلار تەنتەربىيە يىغىنىدا ئايرىم - ھالدا كوللېكتىپ ئومۇمى نومۇرى بويىچە بىر قېتىم بىرىنچى ، ئىككى قېتىم ئىككىنچىلىككە ئېرىشىشتەك ياخشى نەتىجە قازانغان ، ئاپتونوم رايونلۇق 8 - نۆۋەتلىك تەنتەربىيە يىغىنى ۋە 9 - نۆۋەتلىك تەنتەربىيە يىغىنىدا كوللېكتىپ نومۇردا 2 - ، 3 - لىكنى قولغا كەلتۈرگەن . 1983 - يىلى ، 1988 - يىلى ، 1992 - ۋە 1996 - يىللىرىدا 4 قېتىم مەملىكەتلىك تەنتەربىيە كومىتېتى تەرىپىدىن مەملىكەتلىك ئىشتىن سىرتقى چېنىقىش خىزمىتىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ بولۇپ باھالانغان . 1999 - يىلدىكى ئوقۇتقۇچى 28 نەپەر ، تېرنېر 28 نەپەر (بۇنىڭ ئىچىدە ئالىي دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچى ئىككى نەپەر ، ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچى 13 نەپەر ، ئالىي تېرنېر 1 ، ئوتتۇرا دەرىجىلىك تېرنېر 12 ، ياردەمچى تېرنېر 15 ) نەپەر مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى 265 نەپەر .

مەكتەپ ئادرېسى : قەشقەر شەھىرى . پوچتا نومۇرى : 844000 . تېلېفون : (0998) 2525382

قەشقەر سەنئەت مەكتىپى

قەشقەر شەھىرىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان ، 1979 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتى تەرىپىدىن تەستىقلىنىپ قۇرۇلغان شىنجاڭدىكى 3 سەنئەت سىنىپىنىڭ بىرسى . 1995 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن «قەشقەر مەدەنىيەت - سەنئەت مەكتىپى» بولۇپ قۇرۇلغان . 1996 - يىلى «قەشقەر سەنئەت مەكتىپى» دېگەن نام بېكىتىلگەن . قەشقەر ، خوتەن ، قىزىلسۇ قاتارلىق ۋىلايەت ھەم ئوبلاست ۋە بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 3 - دىۋىزىيىسىنىڭ مەدەنىيەت - سەنئەت خادىملىرىنى تەربىيىلەش ۋەزىپىسىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان . مەكتەپ قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە ئاران 9 نەپەر ئىشچى - خىزمەتچى ۋە ئوقۇتقۇچىسى بىلەن 41 نەپەر ئوقۇغۇچىسى بار ئىدى . مەكتەپنىڭ ئورنى ۋىلايەتلىك ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكى ئىچىدە ئىدى . 1989 - يىلىغا كەلگەندە ، مەكتەپ قەشقەر شەھەر شامالباغ يېزىسىنىڭ ئون بىرىنچى كەنتىدە قۇرۇلغان . مەكتەپ شارائىتى زور دەرىجىدە ياخشىلانغان . ئىگىلىگەن يەر مەيدانى

13432 كۋادرات مېتىر بولۇپ، ئوقۇتۇش رايونى قۇرۇلۇش كۆلىمى 3470 كۋادرات مېتىر، مەكتەپتە 4 بۆلۈم (ئىشخانا، ئىلمىي بۆلۈم، ئوقۇغۇچىلار بۆلۈمى، ئىتتىپاق كومىتېتى) ۋە 4 ئوقۇتۇش - تەتقىقات گۇرۇپپىسى (ئۇسسۇل، مۇزىكا، مەدەنىيەت دەرسلىرى ۋە گۈزەل - سەنئەت ئاممىۋى مەدەنىيەت كافېدراسى) بولۇپ، ئۇسسۇل، مۇزىكا، ناخشا، دراما، گۈزەل - سەنئەت، ئاممىۋى مەدەنىيەت قاتارلىق 6 كەسىپ ئېچىلغان. كەسپىي دەرسلەرنى تەسىس قىلغاندىن سىرت يەنە ئەدەبىيات، خەنزۇچە، سىياسەت، تارىخ، جۇغراپىيە، ماتېماتىكا، تەنتەربىيە، پېداگوگىكا قاتارلىق مەدەنىيەت دەرسلىرىنى تەسىس قىلغان. 1999 - يىلدىكى ئوقۇتقۇچى سانى 33 نەپەر (مۇئاۋىن ئالىي دەرىجىلىك لېكتور بىر نەپەر، لېكتور 13 نەپەر، تۆۋەن دەرىجىلىك لېكتور 19 نەپەر) 1982 - يىلدىن 1999 - يىلغا قەدەر جەمئىي 530 نەپەر ئوقۇغۇچىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرگەن. بىلىم ئاشۇرغان ئوقۇغۇچىلار 59 نەپەر.

مەكتەپ ئادرېسى: قەشقەر شەھىرى. پوچتا نومۇرى: 844000. تېلېفون: (0998) 2525022

## قەشقەر يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش مەكتىپى

بۇرۇنقى نامى «قەشقەر يېزا ئىگىلىك قۇرۇلۇش مەكتىپى» ئىدى. 1966 - يىلى 10 - ئاينىڭ 12 - كۈنى كوناشەھەر ناھىيىسىدە قۇرۇلغان. 1966 - يىلدىن 1975 - يىلغىچە مەكتەپ 6 قېتىم كۆچكەن. مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى دەۋرىدە، مەكتەپنىڭ ئوقۇتۇش تەرتىپى بۇزۇلغان. 1976 - يىلى قەشقەر يېزا ئىگىلىك مەكتىپى، شىخەنزە يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتى بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈپ، قەشقەر يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتى بولۇپ قۇرۇلغان. 1978 - يىلى يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغاندىن كېيىن، قەشقەر يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى مەكتىپى ھازىرقى ئورنىدا ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن. ئىگىلىگەن يەر مەيدانى 34432 كۋادرات مېتىر. ئوقۇتۇش رايونى قۇرۇلۇش كۆلىمى 9142 كۋادرات مېتىر. مەزكۇر مەكتەپ ئاپتونوم رايون بويىچە 3 نۇقتىلىق يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش مەكتەپلىرىنىڭ بىرسى. قەشقەر ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسىغا ۋە ۋىلايەتلىك مائارىپ باشقارمىسىغا قارايدۇ. ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە ئىككى خىل تىلنى ئاساس قىلىپ ئوقۇتۇش ئېلىپ بارىدۇ. مەكتەپتە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى نازارەت قىلىش، يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش، پاختا پىششىقلاپ ئىشلەش، يېزا كارخانىلىرىنى باشقۇرۇش، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى بوغالتىرلىقى، ماشىنىسازلىق قاتارلىق 9 كەسىپ ئېچىلغان. يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى، پراكتىكا زاۋۇتى ۋە مانتىيولۇق، مېتالچىلىق، تراكتور - ماشىنا تەجرىبىخانىسى قاتارلىق كەسپىي تەجرىبىخانا قۇرۇلغان، كۇتۇپخانىدا 3.23 تۈمەن پارچە كىتاب ساقلانغان. 1991 - يىلى مەملىكەت بويىچە يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتەپلىرىنىڭ ئوقۇتۇش سەۋىيىسىنى

باھالاشتا لاياقەتلىك مەكتەپ بولۇپ باھالانغان. 1994 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئوتتۇرا دەرىجىلىك كەسپىي مەكتەپلەر ئوقۇتۇش شارائىتىنى باھالاشتا لاياقەتلىك مەكتەپ بولۇپ باھالانغان. مەكتەپ شتاتى 133. 1999 ـ يىلى ئوقۇتقۇچى، ئىشچى ـ خىزمەتچى سانى 69 نەپەر (ئالىي دەرىجىلىك لېكتور 9 نەپەر، لېكتور 35 نەپەر)، مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى 1054 نەپەر. مەكتەپ قۇرۇلغاندىن بۇيان جەمئىي 3700 نەپەر ئوقۇغۇچى تەربىيىلىگەن.

مەكتەپ ئادرېسى: قەشقەر شەھىرى.

پوچتا نومۇرى: 844200. تېلېفون: 2518322 (0998)

## قەشقەر سۇ ئېلېكتر مەكتىپى

ئۇنىڭ ئەسلى 1983 ـ يىلى جەنۇبىي شىنجاڭدا قۇرۇلغان سۇ ئىشلىرى باشقۇرۇش تەربىيىلەش مەركىزى ئىدى. سۇ ئىشلىرى نازارىتى بىلەن قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ قوش باشقۇرۇشىغا تەۋە. شۇ يىلى سۇ باشقۇرۇش كەسپىگە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىشقا باشلىغان. 1985 ـ يىلى 5 ـ ئايدا جەنۇبىي شىنجاڭ سۇ ئىشلىرىنى باشقۇرۇش تەربىيىلەش مەركىزى ئاساسىدا كېڭەيتىلىپ، شىنجاڭ قەشقەر سۇ ئېلېكتر مەكتىپى قۇرۇلغان. ئاپتونوم رايونلۇق سۇ ئىشلىرى نازارىتىگە تەۋە، ئوقۇتۇشتا ئۇيغۇر تىلى قوللىنىلىدۇ. ئوقۇش مۇددىتى 3 يىل، پۈتۈن شىنجاڭغا يۈزلەنگەن ھالدا ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىدۇ. ئېچىلغان كەسىپ 5 خىل. مەكتەپنىڭ يەر مەيدانى 47469 كۋادرات مېتىر. قۇرۇلۇش كۆلىمى 11052 كۋادرات مېتىر. ھەرخىل ئوقۇتۇش، تەجرىبە ئەسلىھەلىرى مۇكەممەل، كۇتۇپخانىدا 50 مىڭ پارچە كىتاب بار. 1994 ـ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتى مەكتەپ شارائىتىنى باھالاشتا لاياقەتلىك مەكتەپ بولۇپ باھالانغان. 1998 ـ يىلى 12 ـ ئايدا ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مەدەنىيەتلىك ئورۇن بولۇپ باھالانغان. مەكتەپ شتاتى 85. 1999 ـ يىلى رەسمىي ئوقۇتقۇچى سانى 14 نەپەر (ئالىي لېكتور 6 نەپەر، لېكتور 30 نەپەر، ياردەمچى لېكتور 16 نەپەر)، مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى 670 نەپەر. مەكتەپ قۇرۇلغاندىن بۇيان 2273 نەپەر ئوقۇغۇچى تەربىيىلەنگەن.

مەكتەپ ئادرېسى: قەشقەر شەھەرلىك قىزىل دۆۋە يولى 326 ـ نومۇر.

پوچتا نومۇرى: 844000. تېلېفون: 2527714 (0998)

## خوتەن يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى مەكتىپى

خوتەن يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى مەكتىپى 1960 ـ يىلى قۇرۇلغان بولۇپ، ناھىيە دەرىجىلىك ئورۇن، خوتەن ۋىلايەتىدىكى بىردىنبىر يېزا ئىگىلىك ئوتتۇرا تېخنىكومى ھېسابلىنىدۇ. 1962 ـ، 1966 ـ يىلى ئىككى قېتىم ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان، 1971 ـ يىلى ئىسمى ئۆزگەرتىلىپ خوتەن ۋىلايەتلىك تۈزلەڭلىك دېھقانچىلىق مەيدانى خوتەن

دېھقانچىلىق مەكتىپى دېيىلگەن . 1976 - يىلى «7 - ماي» يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى قىلىپ ئۆزگەرتىلگەن . مەزكۇر مەكتەپ ئالدى - كەينى بولۇپ 5 قېتىم كۆچكەن . 6 قېتىم مەكتەپ قۇرغان . 91 - يىلغا كەلگەندە ھازىرقى ئورنىغا كۆچۈپ كەلگەن . خوتەن يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش مەكتىپى 1978 - يىلى قۇرۇلغان ناھىيە دەرىجىلىك ئورۇن بولۇپ ، خوتەن يېزا ئىگىلىك مەكتىپى بىلەن بىرلىكتە بىر رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى 2 خىل ۋىۋىسكىلىق باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى شەكىللەندۈرگەن . مەكتەپ شتاتى 90 . 1999 - يىلى مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 42 ئادەم (ئالىي دەرىجىلىك ئۇنۋانى بارلار 31 نەپەر ، ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئۇنۋانى بارلار 21 نەپەر ، تۆۋەن دەرىجىلىك ئۇنۋانى بارلار 18 نەپەر ) ، مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى سانى 631 نەپەر .

مەكتەپ ئادرېسى : خوتەن شەھىرى نارباغ يولى 11 - نومۇر .

پوچتا نومۇرى : 848000 تېلېفون : 2026736 (0903)

## تارباغاتاي ۋىلايەتلىك مالىيە - سودا مەكتىپى

1979 - يىلى 2 - ئايدا قۇرۇلغان . دەسلەپتىكى دەرىجىسى بۆلۈم دەرىجىلىك ئىدى . 1989 - يىلى مۇئاۋىن ناھىيە دەرىجىلىك بولۇپ ئۆستۈرۈلگەن . 1992 - يىلى ناھىيە دەرىجىلىك ئورۇنغا ئۆستۈرۈلگەن . 1993- يىلى مەكتەپ شارائىتى ۋە ئوقۇتۇش سەۋىيىسىدە لاياقەتلىك مەكتەپ قىلىپ بېكىتىلگەن . تارباغاتاي ۋىلايەتلىك مالىيە - سودا ئىدارىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا تەۋە . ئوقۇتۇش خەنزۇ تىلى ، قازاق تىلىدا ئېلىپ بېرىلىدۇ . مەكتەپتە بوغالتىرلىق ، مالىيە ، تاشقى سودا ، باج قاتارلىق 11 كەسىپ ئېچىلغان . ئىگىلىگەن يەر مەيدانى 50667 كۋادرات مېتىر . ئوقۇتۇش رايونى قۇرۇلۇش كۆلىمى 6987 كۋادرات مېتىر . ئوقۇتۇش بىناسى ، كۇتۇپخانا ، تىل ئۆيى ، كومپيۇتېرخانا ، تەقلىدى تەجرىبىخانا ۋە يېپىق يوللۇق تېلېۋىزىيە سىستېمىسى قاتارلىق بىرقەدەر مۇكەممەل ئوقۇتۇش ئەسلىھەلىرىگە ئىگە . مەكتەپ شتاتى 100 نەپەر . 1999 - يىلى ئوقۇتقۇچى سانى 52 نەپەر ، ئوقۇغۇچى 642 نەپەر ، مەكتەپ 3000 نەپەردىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى ۋە ھەرخىل قىسقا مۇددەتلىك كۇرسانتلارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرگەن .

مەكتەپ ئادرېسى : چۆچەك شەھەر جيەنشىن كوچىسى 309 - نومۇر .

پوچتا نومۇرى : 834700 . تېلېفون : 6222096 (0901)

## تارباغاتاي يېزا ئىگىلىك دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى مەكتىپى

1978 - يىلى قۇرۇلغان تارباغاتاي دېھقانچىلىق مەكتىپى (ناھىيە دەرىجىلىك) ئاساسىدا قۇرۇلغان . ئادرېسى چۆچەك شەھىرى چېگرا كوچىسىغا جايلاشقان . سابىق تارباغاتاي ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش مەكتىپى (بۆلۈم دەرىجىلىك ) 1975 - يىلى قۇرۇلغان بولۇپ ، مەكتەپ ئادرېسى مەدەنىيەت يولىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان . 1978 - يىلى غۇلجا يولىنىڭ شەرقىگە كۆچۈرۈلگەن . 1987- يىلى 7 -

ئـايـدا تـاربـاغـاتـاي ۋىـلايـەتلىك يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش مەكتىپى بىلەن بىرلەشتۈرۈلگەن ھەمدە تارباغاتاي ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى مەكتىپى بولۇپ قۇرۇلغان. تارباغاتاي ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك ئىدارىسى، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا تەۋە. ئوقۇتۇشتا خەنزۇ، قازاق تىلىنى ئاساس قىلىدۇ، يېزا ئىگىلىك، باغۋەنچىلىك، ئۆسۈملۈك ئاسراش، يېزا ئىگىلىك ئىقتىسادى، يـېـزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش، ئوتلاق باقمىچىلىقى، كومپيۇتېر ئىشلىتىش، تـراكتور شوپۇرلىقى قاتارلىق كەسپلەر ئېچىلغان. مەكتەپ يەر مەيدانى 13 تۈمەن كۋادرات مېتىر. ئوقۇتۇش رايونى قۇرۇلۇش كۆلىمى 3500 كۋادرات مېتىر. مەكتەپ ھەرخىل تەجرىبىخانا، دېھقانچىلىق مەيدانى، تەجرىبە ئېتىزلىرى، تەجرىبە سېخلىرى، ھەرخىل يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى قاتارلىق تەجرىبە ئۈسكۈنىلىرىگە ئىگە. 1999 - يىلدىكى رەسمىي ئوقۇتقۇچى 48 نەپەر (ئالىي دەرىجىلىك ئۇنۋانى بارلار 8 نەپەر، ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئۇنۋانى بارلار 30 نەپەر) بولغان. مەكتەپتە 502 نەپەر ئوقۇغۇچى بار. مەكتەپ 3000 مىڭدىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى تەربىيىلىگەن.

ئادرېسى: چۆچەك شەھەر غۇلجا يولى شەرقى بۆلەك.

پوچتا نومۇرى: 834700. تېلېفون: 6222987 (0901)

## تارباغاتاي ۋىلايەتلىك تېببىي مەكتەپ

ئەسلى ئىسمى تارباغاتاي ۋىلايەتلىك دوختۇرخانا سېستىرالار مەكتىپى بولۇپ، 1959 - يىلى قۇرۇلغان. 1979 - يىلى 3 - ئايدا ۋىلايەتلىك دوختۇرخانىدىن بۆلۈنۈپ چىققان ھەمدە مۇستەقىل بۆلۈم دەرىجىلىك كەسپىي ئورۇن بولغان. 1986 - يىلى مۇئاۋىن ناھىيە دەرىجىلىك ئورۇن بولغان. 1991 - يىلى 6 - ئايدا ناھىيە دەرىجىلىك رايونى قـۇرۇلـۇش كـۆلـىـمـى بولۇپ ئۆستۈرۈلگەن. ئوقۇتۇشتا خەنزۇ تىلى، قازاق تىلى ئـىـشـلـىـتـىـلىدۇ. ئىگىلىگەن يەر مەيدانى 58695 كۋادرات مېتىر. ئوقۇتۇش رايون قۇرۇلۇش كۆلىمى 5000 كۋادرات مېتىر. مەكتەپتە ئۈسكۈنىلىرى مۇكەممەل بولغان ئاناتومىيە، دورىگەرلىك، مىكرو جانلىقلار، بىئوخىمىيە، ئاساسىي پەرۋىش، كلىنىك تـەجرىبىخانىسى، يېپىق يوللۇق تېلېۋىزىيە تورى قاتارلىقلار بار. ئۇنىڭدىن باشقا 4 پراكتىكا دوختۇرخانىسى بار، كۇتۇپخانىدا 15 مىڭ پارچە كىتاب ساقلانغان. 1999 - يىلى رەسمىي ئوقۇتقۇچى سانى 30 نەپەر (ئالى لېكتور 4، لېكتور 20). مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى 600 نەپەر. مەكتەپ قۇرۇلغاندىن بۇيان سېستىرالىق، دوختۇرلۇق، تۇغۇت دوختۇرلىقى، ئانا - باللار دوختۇرلۇقى، دورىگەرلىك قاتارلىق كەسپلەرگە 3200دىن ئارتۇق ئوقۇغۇچىنى قوبۇل قىلىپ، دۆلەت ئۈچۈن 2600 نەپەر لاياقەتلىك ئوقۇغۇچى تەربىيىلەپ بەرگەن.

مەكتەپ ئادرېسى: چۆچەك شەھەر مەدەنىيەت يولى.

پوچتا نومۇرى: 834700. تېلېفون: 6222264، 6222535 (0901)

**ئىلى ۋىلايەتلىك تەنتەربىيە مەكتىپى**

1987 ـ يىلى 9ـ ئايدا غۇلجا شەھەر ئىلى دەريا يولى 1 ـ نومۇردا قۇرۇلغان بولۇپ، شىمالىي شىنجاڭ رايونىدىكى بىردىنبىر تەنتەربىيە ئوتتۇرا دەرىجىلىك كەسپىي مەكتەپ ھېسابلىنىدۇ، ئۇ ئىلى ۋىلايەتلىك تەنتەربىيە كومىتېتىنىڭ باشقۇرۇشىغا تەۋە. ئوقۇتۇشتا خەنزۇ، ئۇيغۇر تىلى قوللىنىدۇ، مەكتەپتە كۆپ كەسىپ، كۆپ قاتلام، كۆپ خىل شەكىلدە ئوقۇتۇش ئېلىپ بېرىش يولغا قويۇلغان بولۇپ، يېنىك ئاتلېتىكا، قارىغا ئېتىش، ۋالىبول، ۋاسكىتبول، پوتبول، خەلقئارالىق چېلىشىش، بوكسىيورلۇق، ئوقيا ئېتىش قاتارلىق 10 مەشىق تۈرى تەسىس قىلىنىپ، تەنتەربىيە مەكتىپىنى باشلامچى قىلغان بىر يۈرۈش ئوقۇتۇش مەشىق قىلىش تۈزۈلمىسى شەكىللەنگەن. مەكتەپ يەر مەيدانى 26640 كۋادرات مېتىر. ئوقۇتۇش رايونى قۇرۇلۇش كۆلىمى 2620 كۋادرات مېتىر. ھەرخىل تەنتەربىيە چېنىقىش ئەسلىھەلىرى مۇكەممەل. مەملىكەتلىك مۇسابىقىدە مەزكۇر مەكتەپ 10 ئالتۇن مېدال، 6 كۈمۈش مېدال، 4مىس مېدالغا ئېرىشكەن. 1999 ـ يىلى مەكتەپ شتاتى 70، رەسمىي ئوقۇتقۇچى 53 نەپەر. مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى 260 نەپەر. مەكتەپ 440 لاياقەتلىك ئوقۇغۇچى تەربىيىلىگەن.

ئادرېسى: غۇلجا شەھەر ئىلى دەريا يولى 1 ـ نومۇر.

پوچا نومۇرى: 835000. تېلېفون: 8324583 (0999)

**ئىلى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقنى ماشىنىلاشتۇرۇش مەكتىپى**

ئەسلى نامى ئىلى دېھقانچىلىقنى ماشىنىلاشتۇرۇش مەكتىپى بولۇپ، 1965ـ يىلى 1 ـ ئايدا ئىلى تراكتور باش پونكىتىدا قۇرۇلغان. مەكتەپ قۇرۇلۇپ تاكى 1985 ـ يىلى 8 ـ ئايغا قەدەر ئىلى ئوبلاستلىق دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرى ئىدارىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان. 1985 ـ يىلى مەكتەپ نامى ئىلى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقنى ماشىنىلاشتۇرۇش مەكتىپى قىلىپ ئۆزگەرتىلىپ، ئىلى ۋىلايەتلىك دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى ئىدارىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكەن. بۇ مەكتەپ ئىلى، چۆچەك، ئالتاي، بورتالا، كۈيتۈن قاتارلىق جايلاردىن ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىدۇ. ئوقۇتۇشتا خەنزۇ تىلى ۋە ئۇيغۇر تىلى قوللىنىدۇ. مەكتەپ ماشىنا تراكتور رېمونت قىلىش، ماشىنىسازلىق، كومپيۇتېر قوللىنىش، يېزا ئىگىلىك ئىقتىسادىنى باشقۇرۇش، ئېلېكترلەشتۈرۈش قاتارلىق كەسىپلەرنى تەسىس قىلغان بولۇپ، 25 ئادەتتىكى ئوتتۇرا تېخنىكوم سىنىپى، 2 مەخسۇس كۇرس سىنىپى بار. مەكتەپ يەنە قورغاس ئېلېكتر ئىستانسىسى، نەنگاڭ سېمونت زاۋۇتى قاتارلىق كارخانىلار بىلەن بىرلىشىپ، 3 چوڭلار ئوتتۇرا تېخنىكوم سىنىپى ئاچقان. 1999 ـ يىلى ئادەتتىكى ئوتتۇرا تېخنىكوم سىنىپلىرىدا «2+3» مەخسۇس كۇرس سىنىپلىرىنى ئاچقان. بۇ مەكتەپ يەنە ئىلى ۋىلايىتىنىڭ دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى ساھەسىدىكى تۆۋەن، ئوتتۇرا، يۇقىرى دەرىجىلىك ئىشچىلارنى تەربىيىلەش ۋە ئۈزلۈكسىز تەربىيىلەش ۋەزىپىلىرىنى ئۈستىگە ئالغان.

مەكتەپنىڭ يەر كۆلىمى 79920m² . ئۇنىڭ ئىچىدە ئوقۇتۇش رايونى قۇرۇلۇش كۆلىمى 50000m² . 28 تەجرىبىخانا ، 5000m²لىق پىراكتىكا سېخى بار . 1994 - يىلى 10 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتى تەرىپىدىن ئوتتۇرا تېخنىكوملارنىڭ مەكتەپ شارائىتىنى باھالاشتا «B—3» دەرىجىلىك ئورۇن بولۇپ باھالانغان . مەكتەپ شتاتى 167 . 1999 - يىلدىكى رەسمىي ئوقۇتقۇچى 112 نەپەر (ئالىي لېكتور 16 ، لېكتور 48 ، يارەمچى لېكتور 48 نەپەر ، مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى سانى 1000 نەپەر . مەكتەپ قۇرۇلغاندىن بۇيان جەمئىي 9000 نەپەردىن ئارتۇق كەسپىي تېخنىكا خادىملارنى يېتىشتۈرگەن .

مەكتەپ ئادرېسى : غۇلجا شەھىرى غالىبىيەت يولى 285 - نومۇر .

پوچتا نومۇرى : 8350000 . تېلېفون : 8023354 (0999)

## ئىلى مال دوختۇرلۇق مەكتىپى

غۇلجا شەھىرىگە جايلاشقان . خەنزۇ تىلى ، قازاق تىلى ، ئۇيغۇر تىلىدىن ئىبارەت ئۈچ خىل تىلدا ئوقۇتۇش ئېلىپ بارىدىغان ئوتتۇرا دەرىجىلىك كەسپىي مەكتەپ - دۆلەتلىك نۇقتىلىق ئوتتۇرا تېخنىكوم . 1956 - يىلى قۇرۇلغان . ئەينى چاغدىكى مەكتەپ نامى ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق مال دوختۇرلۇق ئوتتۇرا دەرىجىلىك تېخنىك مەكتىپى بولۇپ ، 1957 - يىلى ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق مال دوختۇرلۇق مەكتىپىگە ئۆزگەرتىلگەن . 1960 - يىلى ئىلى يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش تەربىيىلەش سىنىپى ۋە باغۋەنچىلىك مەكتىپى بىلەن بىرلەشتۈرۈۋېتىلگەن ھەمدە ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق يېزا ئىگىلىك مەكتىپى دەپ ئاتالغان . كېيىنكى يىلى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ، باغۋەنچىلىكتىن ئىبارەت ئىككى خىل كەسىپ ئايرىلىپ چىقىپ ، مال دوختۇرلۇق مەكتىپى دېگەن نامىنى ئەسلىگە كەلتۈرگەن . 1962 - يىلى قايتىدىن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مال دوختۇرلۇق مەكتىپى دەپ بېكىتىلگەن . ھازىرقى ئىگىلىگەن كۆلىمى 2 .38 تۈمەن كۋادرات مېتىر . مەكتەپنىڭ قۇرۇلۇش كۆلىمى 28932m² . چارۋىچىلىق ، مال دوختۇرلۇق ، ئوتلاقچىلىق ، چارۋىچىلىقنى باشقۇرۇش ، يەم - خەشەك ئىشلەپچىقىرىش ۋە پىششىقلاپ ئىشلەش ، ئىقتىسادىي چارۋىلارنى كۆپەيتىش قاتارلىق 9 كەسىپ تەسىس قىلىنغان . مەكتەپ 20 تەجرىبە مەشغۇلات ئىشخانىسى ، ئۈچ مەكتەپ سىرتىدىكى پراكتىكا بازىسىغا ئىگە بولۇپ ، ساقلىنىۋاتقان كىتاب تۆت تۈمەندىن ئاشىدۇ . مەكتەپ ئوقۇ - ئوقۇتۇش ئىسلاھاتى ۋە ھەرخىل تەتقىقات پائالىيەتلىرىنى ئاكتىپ ھالدا قانات يايدۇرۇپ ، نورغۇنلىغان ئۇيغۇر ، قازاق يېزىقىدىكى ئوقۇتۇش ماتېرىياللىرى ۋە پەننى ئومۇملاشتۇرۇش ئەسەرلىرىنى نەشر قىلدۇرغان . يېقىنقى يىللاردىن بۇيان كۆپ خىل ئوقۇتۇش ، تەتقىقات نەتىجىلىرى ، دۆلەت ، يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىقى ۋە ئاپتونوم رايونلاردا مۇكاپاتقا ئېرىشكەن . 1994 - يىلى يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىقى تەرىپىدىن ب د ت ئاشلىق مەھكىمىسى ياردەم بېرىدىغان مەكتەپلەرنىڭ

بىرى دەپ بېكىتىلگەن.
1999 ـ يىلى خەنزۇ، قازاق، ئۇيغۇر، موڭغۇل، خۇيزۇ قاتارلىق 13 مىللەتتىن تەشكىل تاپقان ئوقۇغۇچى 900 نەپەردىن ئېشىپ، ئىشچى ـ خىزمەتچى 176 نەپەرگە يەتكەن.
مەكتەپ ئادرېسى: غۇلجا شەھىرى. پوچتا نومۇرى: 835000
تېلېفون نومۇرى: 8210319 (0999)

## غۇلجا تېببىي مەكتەپ

دۆلـەتلىك نۇقتىلىق ئوتتۇرا تېخنىكوم. 1946 ـ يىلى 8 ـ ئايدا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ھۆكۈمىتى تەسىس قىلغان. 1950ـ يىلى شىنجاڭ ئۆلكىلىك تېببىي مەكتەپكە ئۆزگەرتىلگەن. 1961 ـ يىلى ئۈرۈمچى تېببىي مەكتىپى غۇلجىغا كۆچۈرۈلگەن ھەمدە بـۇ مەكتەپ بىلەن بىرلەشتۈرۈلگەن. 1993 ـ يىلى قۇرۇلغان ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق تېببىي كەسپىي مەكتىپىمۇ مۇشۇ مەكتەپنىڭ ئىچىدە تەسىس قىلىنغان. ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى 39960 كۋادرات مېتىر. قۇرۇلۇش كۆلىمى 3 تۈمەن كۋادرات مېتىردىن ئارتۇق. مۇقىم مۈلكى 1400 تۈمەن يۈەندىن ئارتۇق. داۋالاش مەخسۇس كۇرسى، تېببىي تەكشۈرۈش، جىددىي قۇتقۇزۇش ھەم ناركوز قىلىش، سىستېرالىق، تېببىي فېلشېرى. ئانا ـ بالىلار فېلشېرلىقى، پىلانلىق تۇغۇت فېلشېرلىقى، تېببىي دىئاگنوزتىكا، چوڭلار فېلشېرلىقى، تېببىي بوغالتىرلىقى قاتارلىق كەسپلەر تەسىس قىلىنغان. بۇنىڭ ئىچىدە سىستېرالىق كەسپى ئۆزىگە خاس ئۇستۇنلۇككە ئىگە. 1999 ـ يىلى مەكتەپتە 1600 نەپەردىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى بولۇپ، ئاز سانلىق مىللەتلەر %70نى ئىگىلەيدۇ. مىللىي سىنىپلاردا خەنزۇ تىلىدا دەرس ئۆتىلىدۇ. 1999 ـ يىلى ئوقۇتقۇچى، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر سانى 214 نەپەر، كەسپىي تېخنىك خادىم 156 نەپەر. كەسپىي ئوقۇتقۇچى 91 نەپەر، يۇقىرى دەرىجىلىكى لېكتور 24 نەپەرگە يەتكەن. مەكتەپ قۇرۇلغاندىن بۇيان تەربىيىلىنىپ يېتىشتۈرگەن ئوقۇغۇچى 1 تۈمەندىن ئاشقان.
مەكتەپ ئادرېسى: غۇلجا شەھىرى ياشلار كوچىسى 24 ـ نومۇر.
پوچتا نومۇرى: 835000. تېلېفون نومۇرى: 8023443 (0999)

## ئالتاي چارۋىچىلىق مەكتىپى

ئالتاي ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك مەكتىپى 1960ـ يىلى قۇرۇلغان. مەكتەپ ئالتاي ناھـىيە بازىرىغا تەسىس قىلىنىپ، ناھىيە دەرىجىلىك قىلىپ بېكىتىلگەن. مەكتەپ ئۇنىۋېرسال ئىشخانا تەسىس قىلىنغان. 1962ـ يىلى تاقالغان. 1965 ـ يىلى كۈزدە ئالتاي يېزا ئىگىلىك مەكتىپى ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ، ئالتاي ناھىيىلىك خۇڭگۇ يېزىسىغا جـايلاشقان ئالتاي پېداگوگىكا مەكتىپى تەرىپىدىن ۋاكالىتەن باشقۇرۇلغان. مەكتەپ بۆلۈم دەرىجىلىك قىلىپ بېكىتىلگەن. 1967ـ يىلى 7ـ ئايدا مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى

سەۋەبىدىن يەنە بىر قېتىم توختىتىلغان . 1978 - يىلى 6 - ئايدا يېزا ئىگىلىك مەكتىپى
يەنە بىر قېتىم ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ ، كۆكتوقاي ناھىيە بازىرىنىڭ غەربىدە تەسىس
قىلىنغان ھەمدە يېزا ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇش مەكتىپى ، مالىيە مەكتىپى بىلەن
بىرلەشتۈرۈلۈپ ، ئەسلىدىكى ۋىلايەتلىك كوممۇنىستىك ئەمگەك ئۇنىۋېرسىتېتى
تەرىپىدىن ۋاقىتلىق ۋاكالەتەن باشقۇرۇلغان . ئۈچ ۋۇجۇسكا مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ
بىۋاسىتە رەھبەرلىكىدە بولغان . 1979 - يىلى 4 - ئايدا يېزا ئىگىلىك مەكتىپى بىلەن
يېزا ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇش مەكتىپى ئايرىم - ئايرىم قۇرۇلۇپ ، كۆكتوقايدىن
ۋىلايەتلىك «7 - ماي» كادىرلار مەكتىپىگە يۆتكىلىپ ، ئىككى مەكتەپتە بىر يۈرۈش
ئاپپاراتلار ئىككى خىل ۋۇجۇسكا بولۇشتەك ئوقۇتۇشنى باشقۇرۇش ئۇسۇلى يولغا
قويۇلغان . 1983 - يىلىدىن 1984 - يىلغىچە ئوتتۇرا دەرىجىلىك كەسپىي مەكتەپلەر
رەتكە سېلىنغانلىق سەۋەبىدىن ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىشنى توختاتقان . 1987- يىلى 12
- ئايدا ، ئاپتونوم رايون يېزا ئىگىلىك مەكتەپ بىلەن يېزا ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇش
مەكتىپىنى بىرلەشتۈرۈپ ، ئۇنىۋېرسال ئوتتۇرا دەرىجىلىك يېزا ئىگىلىك مەكتىپى
قۇرۇشنى تەستىقلىغان . مەكتەپ دېھقانچىلىق ، دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىقنى
ماشىنىلاشتۇرۇش ، مال دوختۇرلۇق ، باغۋەنچىلىك ، يېزا بوغالتىرلىقى ، يېزا - بازار
كارخانا باشقۇرۇش قاتارلىق كەسپلەرنى تەسىس قىلغان . 1990 - يىلى يېزا ئىگىلىك
مەكتىپى ئالتاي چارۋىچىلىق مەكتىپىگە ئۆزگەرتىلىپ ، مەمۇرىي جەھەتتە ئالتاي
ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ رەھبەرلىكىگە ، كەسپىي جەھەتتە ئاپتونوم رايونلۇق
چارۋىچىلىق نازارىتىنىڭ يېتەكلىشىگە تەۋە بولغان ھەمدە ئالتاي ۋىلايەتلىك چارۋىچىلىق
باشقارمىسى باشقۇرغان ، مەكتەپ ناھىيە دەرىجىلىك قىلىپ بېكىتىلگەن . ئوقۇتۇشتا
خەنزۇ تىلى ، قازاق تىلى قوللىنىلغان ، ھازىر مال دوختۇرلۇق ، ئوتلاقچىلىق ،
دېھقانچىلىق ، دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىقنى ماشىنىلاشتۇرۇش ، يېزا ئىگىلىك
ئىقتىسادىنى باشقۇرۇش ، يېزا بوغالتىرلىقى ، ئورمانچىلىق قاتارلىق كەسپلەر بار .
مەكتەپنىڭ ئىگىلىگەن كۆلىمى 35964 كۋادرات مېتىر ، بۇنىڭ ئىچىدە ئوقۇتۇش رايونى
قۇرۇلۇش كۆلىمى 6664 كۋادرات مېتىر . خىمىيە ، پارازىت قۇرت ، ئاناتومىيە ۋە
پاتولوگىيە قاتارلىق بەش تەجرىبىخانا بار . كۇتۇپخانىدا ساقلىنىۋاتقان كىتاب 2.6
تۈمەندىن ئاشىدۇ . مەكتەپ شتاتى 102 . 1999 - يىلى رەسمىي ئوقۇتقۇچى 40 نەپەر ،
مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى 507 نەپەر ، مەكتەپ قۇرۇلغاندىن بۇيان تەربىيىلەپ
يېتىشتۈرگەن ئوقۇغۇچى 2436 نەپەرگە يەتكەن .

ئادرېسى : ئالتاي شەھەرلىك جەنۇبىي ئىتتىپاق يولى 1 - نومۇر .

پوچتا نومۇرى : 836500 . تېلېفون : 2311570 (0906)

**ئالتاي ۋىلايەتلىك تېببىي مەكتەپ**

1973 - يىلى 8 - ئايدا ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ تەستىقلىشى ئارقىلىق

قۇرۇلغان . شىنجاڭدىكى بىردىنبىر خەنزۇچە ۋە قازاقچە دەرس سۆزلىنىدىغان تېببىي مەكتەپ بولۇپ ، ئالتاي مەمۇرىي مەھكىمە سەھىيە باشقارمىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا تەۋە ، مەكتەپنىڭ ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى بەش تۇمەن كۋادرات مېتىر بولۇپ ، بۇنىڭ ئىچىدە ئوقۇتۇش رايونى قۇرۇلۇش كۆلىمى 2400 كۋادرات مېتىر . ئاناتومىيە ، فىزىئولوگىيە ، بىئولوگىيە ، مىكرو ئورگانىزم ، پاتولوگىيە ، پارازىت قۇرت قاتارلىق سەككىز ئوقۇتۇش تەتقىقات ئىشخانىسى ، يەتتە تەجرىبىخانىسى بار . فېلشېر ، سېستىرا ، ئاممىۋى سەھىيە پىلانلىق تۇغۇت ، ئانا - بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش ، جۇڭيىچە داۋالاش قاتارلىق سەككىز خىل كەسىپ تەسىس قىلىنغان . تولۇق ، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ پۈتتۈرگەنلەرنى قوبۇل قىلىدۇ ، ئوقۇش مۇددىتى ئۈچ يىل . 1996 - يىلدىن باشلاپ مىللىي ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەييارلىق ئوقۇش تۈزۈمى يولغا قويۇلۇپ ، خەنزۇ تىلىدا دەرس ئاڭلاشقا ئۆزگەرتىلگەن . پىراكتىكا بازىسى ئالتاي ۋىلايەتلىك خەلق دوختۇرخانىسى ، ئازادلىق ئارمىيە 16 - دوختۇرخانىسى ، يېزا ئىگىلىك 10 - دىۋىزىيە دوختۇرخانىسى ھەمدە ئالتە ناھىيە بىر شەھەردىكى ناھىيىلىك ، شەھەرلىك دوختۇرخانىلاردىن ئىبارەت . مەكتەپ شتاتى 104 . 1999 - يىلى رەسمىي ئوقۇتقۇچى 50 نەپەر . ( يۇقىرى دەرىجىلىك كەسپىي ئۇنۋانى بارلار 9 . ئوتتۇرا دەرىجىلىك كەسپىي ئۇنۋانى بارلار 22 ، تۆۋەن دەرىجىلىك كەسپىي ئۇنۋانى بارلار 19 ) ، مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى 592 نەپەر . مەكتەپ قۇرۇلغاندىن بۇيان تەربىيىلەپ چىققان ئوقۇغۇچى 4000 نەپەردىن ئارتۇق .

مەكتەپ ئادرېسى : ئالتاي شەھىرى باغچا يولى

پوچتا نومۇرى : 836500 . تېلېفون : 2123171 (0906)

## ئۈرۈمچى شەھەرلىك كەسپىي ئوتتۇرا تېخنىكوم

دۆلەتنىڭ نۇقتىلىق كەسپىي مەكتىپى . 1987- يىلى 9- ئايدا قۇرۇلغان . ئەسلى ئاساسى ئۈرۈمچى شەھەرلىك 22 - ئوتتۇرا مەكتەپ ۋە ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئىككىنچى كەسپىي تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتىن ئىبارەت . ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى 666376 كۋادرات مېتىر ، قۇرۇلۇش كۆلىمى 25560 كۋادرات مېتىر . سودا ، مالىيە بوغالتىرلىق ، ئامانلىق ساقلاش ، زىننەتلەش ، ئېلان ۋە فوتو سۈرەت ، ئومۇمىي ئالاقە ، سودا ، رۇس تىلى ، تاشقى ئىشلار مۇلازىمىتى ، ساياھەتچىلىك مۇلازىمىتى ، كىيىم - كېچەك لايىھەلەش ، تىككۈچىلىك ، ئاشپەزلىك قاتارلىق 12 كەسىپ تەسىس قىلىنغان . 1999 - يىلى مەكتەپتە 1247 نەپەر ئوقۇغۇچى ، 188 ئىشچى - خىزمەتچى ، 72 نەپەر مەخسۇس ئوقۇتقۇچى ، 28 نەپەر يۇقىرى دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچى بار ئىدى . 1987 - يىلدىن بۇيان تەربىيىلەپ چىققان ئوقۇغۇچى تەخمىنەن 3700 نەپەر .

مەكتەپ ئادرېسى : ئۈرۈمچى ناھىيىسى داۋەن يېزىسى دائىرىسىدە .

پوچتا نومۇرى : 830000 تېلېفون : 2561202 (0991)

## فۇكاڭ شەھەرلىك كەسپىي ئوتتۇرا تېخنىكوم

دۆلەتنىڭ نۇقتىلىق كەسپىي مەكتىپى ، مىللىي ، خەنزۇ ، خەنزۇ ئارىلاش مەكتەپ . خەنزۇ قازاق تىلىدا دەرس ئۆتۈلىدۇ . 1976 - يىلى قۇرۇلۇشنى باشلىغان . 1999 - يىلى فۇكاڭ شەھەرلىك چوڭلار كەسپىي مائارىپ مەركىزى قىلىپ ئۆزگەرتىپ قۇرۇلغان كەسپىي تېخنىكوم قىسمى ۋە چوڭلار تېخنىكوم قىسمى تەسىس قىلىنغان . ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى 137340 كۇادرات مېتىر . قۇرۇلۇش كۆلىمى 20595 كۇادرات مېتىر مەكتەپتە كومپيۇتېر قوللىنىش ، بوغالتىرلىقنى كومپيۇتېرلاشتۇرۇش ، مۇزىكا ، ماشىنا ھەيدەش ۋە رېمونت قىلىش ، ئېلېكترون تېخنىكىسى ۋە مانتيورلۇق ، كىيىم - كېچەك لايىھىلەش ۋە تىكىش ، كومپيۇتېر گۈزەل - سەنئىتى ، يېزا ئىگىلىك ئىقتىسادىنى باشقۇرۇش ، قانۇن قاتارلىق كەسپلەر تەسىس قىلىنغان . 1999 - يىلدىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانى 1280 نەپەر . ئىشچى - خىزمەتچى 150نەپەر . ئوقۇتقۇچى 106 نەپەر . يۇقىرى دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچى 58 نەپەر . 20 يىلدىن بۇيان 8000 نەپەردىن ئارتۇق ئوتتۇرا ۋە تۆۋەن دەرىجىلىك كەسپىي تېخنىكا خادىملىرىنى تەربىيىلەپ چىققان - 160 قارادىن ئارتۇق قىسقا مۇددەتلىك تەربىيىلەش سىنىپلىرىنى ئېچىپ ، 10 مىڭدىن ئارتۇق ئادەمنى تەربىيىلىگەن .

ئادرېسى : فۇكاڭ شەھەر ئەتراپىنىڭ شەرقىدە .

پوچتا نومۇرى : 831500 تېلېفون : 3222465 (0994)

## ئىلى ۋىلايەتلىك كەسپىي ئوتتۇرا تېخنىكوم

ئىلى ۋىلايەتلىك چوڭلار ئوتتۇرا تېخنىكومىغا قارالسۇن .

## مەكىت ناھىيىلىك كەسپىي ئوتتۇرا تېخنىكوم

ئەسلى ئاساسى مەكىت ناھىيە بازار جەمئىي يېزىلىق يېزا ئىگىلىك ئوتتۇرا مەكتىپى بولۇپ ، 1958 - يىلى قۇرۇلغان ، يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ باشقۇرۇشى ئاستىدا يېرىم دېھقانچىلىق ، يېرىم ئوقۇش شەكلىدە بىر سىنىپ تەسىس قىلىنغان بولۇپ ، 40 نەپەر ئوقۇغۇچى ، 2 نەپەر ئوقۇتقۇچى بار ئىدى . ئۈچ يىللىق ئوقۇش تۈزۈمى ئورنىتىلغان بولۇپ ، ئۇيغۇر تىلىدا ئوقۇتۇش ئېلىپ بېرىلغان . 1985- يىلى 9 - ئايدا مەكىت ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك مەكتىپىگە ئۆزگەرتىلگەن . ناھىيىلىك مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشقۇرۇشى ئاستىدا ، پۈتۈن كۈنلۈك ئوقۇتۇش تۈزۈمى يولغا قويۇلغان . 1987 - يىلى 10 — ئايدا مەكىت ناھىيىلىك كەسپىي تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ قىلىپ ئۆزگەرتىپ قۇرۇلغان . 1996 - يىلى مەكتەپ تەرەققىي قىلىپ 9 كەسىپ ، 10 سىنىپ ، 484 نەپەر ئوقۇغۇچى ، 45 ئىشچى - خىزمەتچىسى بار بولغان ھەرخىل تەشكىلى قۇرۇلمىسى تولۇق ، باشقۇرۇش تۈزۈملىرى مۇكەممەل ، ئوقۇتۇش ۋە مۇلازىمەت ئەسلىھەلىرى يۈرۈشلەشكەن كەسپىي تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپكە ئايلانغان ھەمدە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك نۇقتىلىق

كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپ قىلىپ بېكىتىلگەن . 1998- يىلى 6 - ئاينىڭ 22 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتىنىڭ تەستىقلىشى ئارقىلىق ، مەكتەپ مەكىت ناھىيىلىك كەسپىي ئوتتۇرا تېخنىكومغا ئۆزگەرتىلگەن . مەكتەپنىڭ ئىگىلەيدىغان يەر كۆلىمى 82584 كۋادرات مېتىر . بۇنىڭ ئىچىدە ئوقۇتۇش رايونى قۇرۇلۇش كۆلىمى 3709 كۋادرات مېتىر . ئەمگەك پراكتىكا بازىسى ۋە يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش ئوقۇتۇش تەجرىبە پراكتىكا ئورنى قاتارلىقلار بار . ئوقۇتۇشتا ئۇيغۇر تىلى قوللىنىلىدۇ . دېھقانچىلىق تېخنىكىسى ، مالىيە بوغالتىرلىقى ، يېزا ئىگىلىك ماشىنىسازلىقى ، بوغالتىرلىقنى كومپيۇتېرلاشتۇرۇش ، يېزا ئىقتىسادىنى باشقۇرۇش ، كومپيۇتېر ، بالىلار پېداگوگىكىسى قاتارلىق يەتتە خىل كەسىپ تەسىس قىلىنغان . 1999 - يىلى مەكتەپتە 35 نەپەر كەسپىي ئوقۇتقۇچى ، 12 ئوقۇتۇش سىنىپى ، 670 نەپەر ئوقۇغۇچى بار ئىدى . مەكتەپ قۇرۇلغاندىن بۇيانقى تەربىيىلەپ چىققان ھەرخىل كەسىپتىكى ئوتتۇرا ، تۆۋەن دەرىجىلىك خادىملار 2500 نەپەر .

مەكتەپ ئادرېسى : مەكىت ناھىيىسى خەلق يولى 16 - نومۇر .

پوچتا نومۇرى : 844600 ، تېلېفون نومۇرى : 782486 (0999)

## كورلا شەھەرلىك كەسپىي ئوتتۇرا تېخنىكوم

ئەسلى ئاساسى 1977 - يىلى 9 - ئايدا قۇرۇلغان بايىنغولىن ئوبلاستلىق 3 - ئوتتۇرا مەكتەپ بولۇپ ، قۇرۇلغان ئورنى كورلا شەھەر باش ئەگىم يولى ئىدى . 1979 - يىلى 10 - ئايدا كورلا شەھىرىگە ئۆتكۈزۈلگەن . مەكتەپ نامى كورلا شەھەرلىك 3 - ئوتتۇرا مەكتەپ دەپ ئۆزگەرتىلگەن ھەم كورلا شەھەرلىك مائارىپ ئىدارىسىنىڭ رەھبەرلىكىگە تەۋە بولغان . 1989 - يىلى 9 - ئايدا تۇنجى كەسپىي تولۇق ئوتتۇرا سىنىپىنى قوبۇل قىلىپ ، 1995 - يىلى 5 - ئايدا كورلا شەھەرلىك ئىككىنچى كەسپىي تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپكە ئۆزگەرتىلگەن . شۇنىڭ بىلەن بىللە كورلا شەھەرلىك 3 - ئوتتۇرا مەكتەپنى ساقلاپ قىلىپ ، بىر مەكتەپ ، ئىككى خىل ۋۇجۇدلۇق ، ئادەتتىكى مائارىپ بىرلەشتۈرۈلگەن ۋەزىيەتنى شەكىللەندۈرگەن . 1994 - يىلى 6 - ئايدا كورلا شەھەرلىك كەسپىي تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈپ ، كورلا شەھەرلىك كەسپىي تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ قىلىنغان . ئىككى مەكتەپ بىرلەشتۈرۈلگەندىن كېيىن ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئادەتتىكى مائارىپتىن ئايرىلىپ چىقىپ ، مەخسۇس ئۇنىۋېرسال كەسپىي مەكتەپكە ئايلانغان . 1995 - يىلى 6 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن كورلا شەھەرلىك كەسپىي ئوتتۇرا تېخنىكوم بولۇپ قۇرۇلغان . كەسپىي تولۇق ئوتتۇرا ساقلاپ قىلىنغان . شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا جەنۇبىي شىنجاڭ رايونلىرىدىن كەسپىي ئوتتۇرا تېخنىكوم كەسپىي ۋە كەسپىي تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئۈچۈن ئوقۇغۇچىلارنى قوبۇل قىلىشقا يۈزلەنگەن . 1996 - يىلى 2 - ئايدا بۇ مەكتەپ دۆلەت دەرىجىلىك نۇقتىلىق كەسپىي تولۇق ئوتتۇرا قىلىپ بېكىتىلگەن . ئوقۇتۇشتا خەنزۇ

تىلى ، ئۇيغۇر تىلى قوللىنىلغان . ئېلگىرى - كېيىن بولۇپ ، مانتىيورلۇق ، ئائىلە
ئېلېكتر سايمانلىرىنى رېمونت قىلىش ، ئاپتوموبىلنى رېمونت قىلىش ، كومپيۇتېر
قوللىنىش ، مېھمانخانا خىزمەتچىلىكى ، كىيىم - كېچەك تىكىش ، ئاشپەزلىك ، باللا
پېداگوگىكىسى قاتارلىق 20 كەسىپ تەسىس قىلىنغان . مەكتەپنىڭ ئىگىلىگەن كۆلىمى
83783 كۋادرات مېتىر . بۇنىڭ ئىچىدە ئوقۇتۇش رايونى قۇرۇلۇش كۆلىمى 310
كۋادرات مېتىر بولۇپ ، كومپيۇتېرخانا ، تىل ئاڭلاش ئۆيى ، ئېلېكتر ، مانتىيورلۇق
تەجرىبىخانىسى ، كىيىم تىكىش ئۆيى ، ھۆسن تۈزەش ئۆيى ، پارنىك قاتارلىق بىر يۈرۈش
تەجرىبە پراكتىكا مەيدانى ۋە مەكتەپ تەۋەلىكىدىكى كارخانا ۋىنچىلىك شىركىتى بار .
1998 - يىلى مەكتەپ ھازىر بار بولغان ئون نەچچە كەسىپنى تۈرلەر بويىچە
ماشىنىسازلىق ، مۇلازىمەت ، شەھەر قۇرۇلۇش سەنئىتىدىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ كەسىپكە
ئايرىغان . شۇ يىلى 6 - ئايدا كورلا شەھەرلىك ئەمگەك ئىدارىسى بۇ مەكتەپتە كەسپىي
تېخنىكا ئىقتىدار يېتىشتۈرۈش مەركىزىنى قۇرغان . 9 - ئايدا بايىنغولىن ئوبلاستلىق
دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئاساسى تۈرمۈش كاپالىتى ۋە قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش
خىزمىتىگە رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى بۇ مەكتەپنى بايىنغولىن ئوبلاست قايتا ئىشقا
ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتىدىكى نۇقتىلىق تەربىيىلەش مەركىزى قىلىپ بېكىتكەن .
1999- يىلى مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 77 نەپەرگە ، ئوقۇغۇچى 635 نەپەركە يەتتى .

مەكتەپ ئادرېسى : كورلا شەھىرى تەڭرى تېغى شەرقى يولى .

پوچتا نومۇرى : 841000 . تېلېفون : 2075524 (0996)

## جىڭ ناھىيىلىك كەسپىي تېخنىكا مەكتىپى

ئەسلى ئاساسى جىڭ ناھىيىلىك يۇقىرى دەرىجىلىك كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپ .
1988 - يىلى جىڭ ناھىيە بازىرىدا قۇرۇلغان . جىڭ ناھىيىلىك مائارىپ ئىدارىسىگە
قارايدۇ . 1995 - يىلى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك نۇقتىلىق كەسپىي تولۇق ئوتتۇرا
مەكتەپ بولغان . ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى 133 تۈمەن كۋادرات مېتىر . ئوقۇتۇش رايونى
قۇرۇلۇش كۆلىمى 1 تۈمەن كۋادرات مېتىر . ئوقۇتۇشتا خەنزۇ تىلى ، ئۇيغۇر تىلى
قوللىنىلىدۇ . 10 يىلدىن كۆپرەك تەرەققىيات ئارقىلىق بۇ مەكتەپ مەخسۇس كۇرس ،
تېخنىكوم ، كەسپىي تولۇق ئوتتۇرا ، ئىجتىمائىي تەربىيىلەش ، خىزمەتتىن بۇرۇن ،
خىزمەتتىن كېيىنكى تەربىيىلەش بىر گەۋدىلەشتۈرۈلگەن ، بىرلىككە كەلگەن كۆپ
قاتلاملىق ، كۆپ ئۆلچەملىك ، كۆپ شەكىللىك ئۇنىۋېرسال ئوتتۇرا دەرىجىلىك كەسپىي
مەكتەپكە ئايلانغان . يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بۇيان ئارقىمۇ ئارقا ھالدا بورتالا
ئوبلاستلىق رادىئو - تېلېۋىزىيە ئۇنىۋېرسىتېتى خىزمەت پونكىتى ، ئىشچى - خىزمەتچىلەر
ئۇنىۋېرسىتېتى كەسپىي مائارىپ تەربىيىلەش پونكىتى ، ئاپتونوم رايونلۇق ئوتتۇرا
دەرىجىلىك كومپيۇتېر تەربىيىلەش پونكىتى قاتارلىقلارنى قۇرۇپ چىققان . 1996 - يىلى
ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مەدەنىيەتلىك ئورۇن دەپ نام بېرىلگەن . 1998 - يىلى
كەسپىي تېخنىكوم دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلدى . مەكتەپ شتاتى 86 . 1999 - يىلدىكى

كەسپىي ئوقۇتقۇچى 53 نەپەر ، ئوقۇغۇچى 980 نەپەر . مەكتەپ قۇرۇلغاندىن بۇيان تەربىيىلەپ چىققان ئوقۇغۇچى 2000 نەپەردىن ئارتۇق .
مەكتەپ ئادرېسى : جىڭ ناھىيە
پوچتا نومۇرى : 833300 . تېلېفون : 5332323 (0909)

**شىخەنزە موساۋەن كەسپىي تېخنىكا مەكتىپى**

ئەسلى ئاساسى شىخەنزە 148 - پولك كەسپىي تولۇق ئوتتۇرا مەكتىپى بولۇپ ، 1982 - يىلى 7 - ئايدا قۇرۇلغان . 1988-يىلى بىڭتۇەننىڭ پەن - تېخنىكا ئارقىلىق يېزا ئىگىلىكىنى گۈللەندۇرۇش ئىلغار مەكتىپى بولۇپ باھالانغان . 1991- يىلى بىڭتۇەن بۇ مەكتەپنى بىڭتۇەن دۆتىزبىيە نۇقتىلىق كەسپىي تولۇق ئوتتۇرا مەكتىپى قىلىپ بېكىتكەن . 1992 - يىلى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپ قىلىپ بېكىتىلگەن . 1994 - يىلى دۆلەت مائارىپ كومىتېتى ، تەنتەربىيە كومىتېتى ، ئەمگەك مىنىستىرلىقى تەرىپىدىن مەملىكەتلىك كەسپىي تېخنىكا مائارىپ سىستېمىسى بويىچە تەنتەربىيە خىزمىتىدىكى ئىلغار مەكتەپ بولۇپ باھالانغان . 1995 - يىلى 4 - ئاينىڭ 3 - كۈنى دۆلەت يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىقى مائارىپ بۆلۈمىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن شىخەنزە موسوۋەن كەسپىي ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتىپى قىلىپ بېكىتىلگەن . بىڭتۇەن مائارىپ كومىتېتى بىۋاسىتە باشقۇرغان ، ئەسلىدىكى كەسپىي تولۇق ئوتتۇرىنىڭ مەكتەپ نامى ساقلىنىپ قالغان ھەمدە شىخەنزە يېزا ئىگىلىك رادىئو مەكتىپى 148 - پوللىك شۆبە مەكتىپىنىڭ ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ۋە ئوقۇتۇش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان . ئىگىلەيدىغان يەر كۆلىمى 199800 كۋادرات مېتىردىن ئارتۇق . بۇنىڭ ئىچىدە ئوقۇتۇش رايونى قۇرۇلۇش كۆلىمى 4627 كۋادرات مېتىرنى ئىگىلەيدۇ . مەكتەپتە بالىلار پېداگوگىكىسى ، ئېنگلىز تىلى ، كومپيۇتېر ، ھۈنەر - سەنئەت قاتارلىق 14 خىل كەسىپ تەسىس قىلىنغان . كۇتۇپخانىدا ساقلىنىۋاتقان كىتاب 3 تۈمەن نۇسخىدىن ئاشىدۇ . مەكتەپ تەۋەلىكىدە زاۋۇت ، دېھقانچىلىق بازىسى قاتارلىقلار بار . 1999 - يىلى رەسمىي ئوقۇتقۇچى 20گە ، ئوقۇغۇچى 436 نەپەرگە يەتكەن . مەكتەپ قۇرۇلغاندىن بۇيان تەربىيىلەپ چىققان ئوقۇغۇچى 1700 نەپەردىن ئارتۇق .
مەكتەپ ئادرېسى : شىخەنزە 148 - پولك .
پوچتا نومۇرى : 8320048 . تېلېفون : 5382111 (0993)

**شىنجاڭ توقۇمىچىلىق سانائىتى تېخنىك ئىشچىلار مەكتىپى**

شىنجاڭ توقۇمىچىلىق سانائىتى مەكتىپىگە قارالسۇن .

**شىنجاڭ بىناكارلىق تېخنىك ئىشچىلار مەكتىپى**

شىنجاڭ بىناكارلىق قۇرۇلۇش مەكتىپىگە قارالسۇن .

## شىنجاڭ نېفىت يۇقىرى دەرىجىلىك تېخنىك ئىشچىلار مەكتىپى

ئاپتونوم رايونلۇق نۇقتىلىق تېخنىك ئىشچىلار مەكتىپى . ئەسلى ئاساسى شىنجاڭ نېفىت باشقۇرۇش ئىدارىسى قاراماي تېخنىك ئىشچىلار مەكتىپى ئىدى . 1979 - يىلى قۇرۇلغان . 1999 - يىلى 6 - ئايدا شىنجاڭ نېفىت يۇقىرى دەرىجىلىك تېخنىكا ئىشچىلار مەكتىپى قوشۇمچە قاراماي كەسپىي ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتىپىگە ئۆزگەرتىلگەن ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى 86 تۈمەن كۋادرات مېتىر . قۇرۇلۇش كۆلىمى 17 تۈمەن كۋادرات مېتىر . ئۇيغۇر ، خەنزۇچە ئىككى خىل تىلدا دەرس سۆزلىنىدۇ . قۇدۇق قېزىش ، نېفىت ئېلىش ، مانتىيورلۇق ، كومپيۇتېر ، كەپشەرلەش ، تورالغۇ ئۆي قۇرۇلۇشى ، شوپۇرلۇق قاتارلىق 30 دىن ئارتۇق كەسىپ تەسىس قىلىنغان . ھازىر تەرەققىي قىلىپ ئۇنىۋېرسال كەسپىي تېخنىكا تەربىيىلەش بازىسىغا ئايلانغان . ئېچىلغان سىنىپ جەمئىي 500 دىن ئارتۇق بولۇپ ، ئىككى تۈمەندىن ئارتۇق تېخنىكا ئىشچىنى تەربىيىلەپ چىققان . 1999 - يىلدىكى ئىشچى - خىزمەتچى سانى 567 نەپەر . بۇنىڭ ئىچىدە كەسپىي ئوقۇتقۇچى 330 نەپەر . ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئۇنۋاندىن يۇقىرىلىرى 163 نەپەر . مەكتەپتىكى ئوقۇش تارىخى سىنىپى ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ سانى 2300 نەپەر ، 60 سىنىپ بار ، يىلدا قىسقا مۇددەتلىك تەربىيىلىنىدىغانلار 2000 ئادەم قېتىمغا بارىدۇ .

مەكتەپ ئادرېسى : قاراماي شەھەرلىك سەنپىڭ بازىرى

پوچتا نومۇرى : 834000 . تېلېفون : 6812057 (0990)

## شىنجاڭ خىمىيە سانائىتى تېخنىك ئىشچىلار مەكتىپى

دۆلەتلىك نۇقتىلىق تېخنىكا ئىشچىلار مەكتىپى بولۇپ ، 1979 - يىلى قۇرۇلغان . ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى 34000 كۋادرات مېتىر . خىمىيە سانائىتى ، ئېلېكترون قاتارلىق تۆت خىل تەجرىبىخانىسى ، كومپيوتېر مەشغۇلاتى ئۆيى ۋە 5000 كۋادرات مېتىرلىق پراكتىكا زاۋۇتى بار . خىمىيە سانائىتى تۈرلىرى ، مانتىيورلۇق ، ماشىنىسازلىق تۈرلىرىدىن 20دىن ئارتۇق يۇقىرى دەرىجىلىك تېخنىك ئىشچىلار سىنىپى تەسىس قىلىنغان . ئۇيغۇرچە ، خەنزۇچە ئىكى خىل تىلدا دەرس سۆزلىنىدۇ . بۇ مەكتەپ دۆلەت دەرىجىلىك كەسپىي ئىقتىدارنى باھالاش پونكىتى قىلىپ بېكىتىلگەن . شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئاپتونوم رايونلۇق ئىشتىن قالدۇرۇلغان ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش بويىچە تەربىيىلەشتىكى نۇقتىلىق ئورۇن بولۇپ تەستىقلانغان . 1999 - يىلدىكى ئىشچى - خىزمەتچى 160 نەپەر ، مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 96 نەپەر . يۇقىرى دەرىجىلىك ئۇنۋانغا ئىگە ئوقۇتقۇچى 18 . ئوقۇتۇش سىنىپى 23 ، مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى سانى 1000 گە يېتىدۇ . ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرى % 40 نى ئىگىلەيدۇ . 20 يىلدىن بىرى مەكتەپ تەربىيىلىگەن ئوقۇغۇچى 6000 نەپەردىن كۆپرەك .

مەكتەپ ئادرېسى : ئۈرۈمچى شەھىرى شەرقىي خېنەن يولى 9 - نومۇر

پوچتا نومۇرى : 830011 . 6636470 (0991)

## ئىلى ۋىلايەتلىك تېخنىك ئىشچىلار مەكتىپى

مەملىكەت دەرىجىلىك نۇقتىلىق تېخنىك ئىشچىلار مەكتىپى . 1979- يىلى 10 - ئايدا قۇرۇلغان . مۇقىم مۈلۈك 2000 تۈمەندىن ئارتۇق . ئاپتوموبىل رېمونتچىلىقى ۋە شوپۇرلۇق ، مانتىيورلۇق ، ئاشپەزلىك ، پارقازان ، كومپيۇتېر ، باغۋەنچىلىك ، توقۇمىچىلىق ، سېلىسارلىق قاتارلىق 15 خىل كەسىپ تەسىس قىلىغان . 1999 - يىلى 50 ئوقۇتۇش سىنىپى ، 2200 نەپەر ئوقۇغۇچىسى ، 102 نەپەر ئوقۇتقۇچى بار ئىدى ، ئالىي دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىغا ئىگە . ئالىي ئوقۇتقۇچى 10 نەپەر ، 20 يىلدىن بۇيان 8500 نەپەردىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى تەربىيىلىگەن .

مەكتەپ ئادرېسى : غۇلجا شىمالىي شەھەر ئەتراپى .

پوچتا نومۇرى : 835000 . تېلېفون : 3622564 (0999)

# چوڭلار مائارىپى

## چوڭلار مائارىپى

چوڭلار دېگەنلىك ئائىلە، جەمئىيەت ۋە دۆلەتكە قارىتا تۇرمۇش مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئالغۇچىلارنى، ئاساسلىقى ئىشلەپچىقىرىش ۋە خىزمەت ئورنىدىكى خادىملارغا ئېلىپ بېرىلىدىغان مائارىپنى كۆرسىتىدۇ. جۇڭگودا ھازىرقى كادىرلار مائارىپى، ئىشچى — خىزمەتچىلەر مائارىپى، دېھقانلار مائارىپى، ھەربىيلەر مائارىپى ۋە جەمئىيەت مائارىپىنىڭ ئومۇمىي ئاتىلىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. 1999 – يىلى ئاپتونوم رايوندىكى چوڭلار ئالىي مەكتەپلىرى 44 بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە رادىئو – تېلېۋىزىيە ئۇنىۋېرسىتېتى 2، ئىشچى – خىزمەتچىلەر ئۇنىۋېرسىتېتى 12، كادىرلار باشقۇرۇش ئىنستىتۇتى 2، مائارىپ ئىنستىتۇتى 11، ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلەر تەسىس قىلغان چوڭلار مائارىپ ئىنستىتۇتىدىن 17سى بار. مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى سانى 67633 نەپەر، بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرى 11876 نەپەر. چوڭلار ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتىپى 81. بۇنىڭ ئىچىدە ئىشچى – خىزمەتچىلەر تېخنىكوم مەكتىپى 28. ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش مەكتىپى 49. رادىئو – تېلېۋىزىيە ئوتتۇرا تېخنىكومى 4، مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى 33231 نەپەر.

## يېزا مائارىپىنى ئۇنىۋېرسال ئىسلاھ قىلىش

يېزا مائارىپىنىڭ ئۇنىۋېرسال ئىسلاھ قىلىنىشى شەھەر مائارىپىغا قارىتىلىپ ئېيتىلغان بىر خىل رايون خاراكتېرلىك مائارىپنىڭ ئۇنىۋېرسال ئىسلاھاتى بولۇپ، 20 – ئەسىرنىڭ 80 – يىللىرى باشلانغان بولۇپ، دۆلىتىمىزنىڭ مائارىپ ئىسلاھاتى ۋە تەرەققىياتىدىكى بىر تۈرلۈك چوڭ تەدبىر. ئۇنىڭ مەنىسى، يېزا مائارىپىنى ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ چوڭ سىستېمىسىغا كىرگۈزۈپ، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش بولۇپ، ھەرگىزمۇ مائارىپ ساھەسىدىلا ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش ئەمەس، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى 3 تۈرلۈك مائارىپنى بىرلەشتۈرۈپ ئۇنى بىرلىككە كەلگەن ئورگاننىڭ گەۋدىگە ئايلاندۇرۇپ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، يېزا مەكتەپلىرىنىڭ ئوقۇش تۈزۈمى، ئوقۇتۇش ئۇسۇلى ۋە باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى قاتارلىقلارغا ئومۇمىيۈزلۈك ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشتىن ئىبارەت. ئاساسلىق مەزمۇنى بولسا «ئۈچ خىل مائارىپنى بىر تۇتاش پىلانلاشنى يولغا قويۇپ، مائارىپنىڭ پۈتۈنلۈك فۇنكسىيىسىنى جارى قىلدۇرۇش، دېھقانچىلىق ۋە ئىلىم – پەن مائارىپىنى بىرلەشتۈرۈشنى يولغا قويۇپ يېزىلارنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنى تېزلىتىش، مەكتەپلەرنىڭ مائارىپ ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئوقۇتۇش سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، ئۈچقۇن پىلانىنى

يولغا قويۇپ، مائارىپ ئۇنۇمىنى، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ئۇنۇمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنى كۆرسىتىدۇ. 1984 - يىلى 2 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى ھۆججەت تارقىتىپ يېزا مائارىپىنى ئىسلاھ قىلىشنىڭ مۇھىملىقى، جىددىيلىكىنى تولۇق تونۇش، دېھقان - چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ ئوتتۇرا دەرىجىلىك مائارىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەشنى تەلەپ قىلدى. 1985 - يىلى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا مائارىپقا قارىتا سىستېمىلىق ئىسلاھات ئېلىپ بېرىپ، تەدرىجى ھالدا ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ھەمدە ئىجتىمائىي تەرەققىياتقا ماسلاشقان، مائارىپ سىستېمىسىنى بارلىققا كەلتۈرۈشنى ئوتتۇرىغا قويدى. يېزا مائارىپىدا مائارىپ تۈزۈلمىسىدىن قول سېلىپ باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى، مائارىپ قۇرۇلمىسى، مائارىپ ئىدىيىسى، مائارىپ مەزمۇنى، تەربىيە ئۇسۇلى قاتارلىق جەھەتلەردىن ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلىش كېرەك. 1987 - يىلدىن كېيىن ئاپتونوم رايونىمىز ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ تۇرپان شەھىرى، بۆگۈر ناھىيىسى ۋە فۇكاڭ شەھىرى قاتارلىقلاردا يېزا مائارىپىنى ئۇنىۋېرسال ئىسلاھ قىلىش تەجرىبە رايونلىرىنى قۇرۇپ چىقتى. 1989 - يىلى 1 - ئايدا يۇقىرىدىكى 3 ناھىيە، شەھەر مەملىكىتىمىزدىكى 115 يېزا مائارىپىنى ئۇنىۋېرسال ئىسلاھ قىلىش تەجرىبە رايونلىرىنىڭ قاتارىدىن ئورۇن ئالدى. 1989 - يىلى 9 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتى شىنجاڭ بويىچە يېزا مائارىپىدىكى ئۇنىۋېرسال ئىسلاھ قىلىش كادىرلار تەربىيىلەش سىنىپلىرىنى ئاچتى. 1990 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتىنىڭ نۆۋەتتىكى يېزا مائارىپىنى ئۇنىۋېرسال ئىسلاھ قىلىش توغرىسىدىكى بىرقانچە پىكرىنى تەستىقلاپ تارقاتتى. 1992 - يىلى 11 - ئايدا ئاپتونوم رايون فۇكاڭ شەھىرىدە يېزىلار مائارىپىنى ئۇنىۋېرسال ئىسلاھ قىلىش خىزمەت يىغىنىنى چاقىردى. 1992 - يىلى 12 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقلىشى ئارقىسىدا، يېزىلار مائارىپىنى ئۇنىۋېرسال ئىسلاھ قىلىش تەجرىبە ناھىيىلىرى (شەھەر)لەر كۆپەيتىلدى. 1999 - يىلى 1 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق ئالىي مەكتەپلەر خىزمەت كومىتېتى، مائارىپ كومىتېتى «ئاپتونوم رايونلۇق ئالىي مەكتەپلەر خىزمەت كومىتېتى ۋە مائارىپ كومىتېتىنىڭ پارتىيە 15 - قۇرۇلتىيى 3 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، مائارىپ ئىسلاھاتى ۋە تەرەققىياتىنى تېزلىتىش، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا يېزا ئىگىلىكى ۋە يېزىلارنىڭ خىزمىتى ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىش توغرىسىدىكى پىكىر»نى تۈزۈپ تارقاتتى.

## يېزا باشلانغۇچ مائارىپى

زېمىن كەڭ، چەت، دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ قاتناش مەسىلىسى قولايلىق بولمىغانلىقى سەۋەبىدىن شىنجاڭدا باشلانغۇچ مائارىپنى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتىدىكى قىيىنلىق بىر قەدەر ئېغىر. ئاپتونوم رايونىمىز ئاكتىپلىق بىلەن ھەرخىل شەكىلدە مەكتەپ قۇرۇپ، يېزا ئىگىلىك رايونلىرىدا پۈتۈن كۈنلۈك باشلانغۇچ مەكتەپ

قۇرۇشنى ئاساس قىلدى . چارۋىچىلىق رايونلىرىدا بولسا ، ياتاق تۈزۈمىدىكى مەكتەپ ۋە پۈتۈن كۈنلۈك مۇقىم مەكتەپلەر قۇرۇشنى ئاساس قىلدى . 1984 - يىلى 9 - ئايدا قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ يوپۇرغا ناھىيىسى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى تۇنجى دەسلەپكى مائارىپنى ئومۇملاشتۇرغان ناھىيە بولۇپ قالدى . 10 نەچچە يىللىق تىرىشىش ئارقىلىق 1995 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايون بويىچە 93 ناھىيە ، شەھەر ، رايون ئىچىدە تاشقۇرغان ناھىيىسىدىن باشقا 92 ناھىيىنىڭ باشلانغۇچ مائارىپىنى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشتىن ئۆتتى . نوپۇسىنىڭ قاپلاش نىسبىتى 98% كە يەتتى . 1998 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا بارغاندا شىنجاڭدىكى يېزا باشلانغۇچ مەكتەپلىرى 5966 كە يەتتى . ئوقۇتۇش نۇقتىسى 3840غا يەتتى . بۇنىڭ ئىچىدە چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ياتاقلىق تۈزۈمىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپ 304 كە يەتتى . يېزا باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى 1888533 ئادەمگە يېتىپ ، ئاپتونوم رايوندىكى مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى سانىنىڭ 75.46% نى ئىگىلىدى . مەكتەپ يېشىغا توشقان بالىلارنىڭ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى 97.65% يېتىپ ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيىسىگە 0.03 پىرسەنتلا كەم قالدى . يېزا باشلانغۇچ مەكتەپ بالىلىرىنىڭ يۇقىرىغا ئۆرلەش سىنىپى 83.52%كە ، مۇستەھكەملىنىش نىسبىتى 99.68% كە يەتتى . بۇنىڭ ئىچىدە چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ياتاق تۈزۈمىدىكى مەكتەپلەرنىڭ مۇستەھكەملەش نىسبىتىمۇ 97.45% كە يەتتى . بۇلار ئاپتونوم رايونىمىز يېزا باشلانغۇچ مائارىپىنىڭ ئاساسەن ئومۇملاشقانلىقىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ . يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ، رايونىمىز ئەسىر ھالقىغان باغۋەنلەر قۇرۇلۇشىنى يولغا قويۇش ئارقىلىق ئوتتۇرا ، باشلانغۇچ مەكتەپ مۇدىرى ھەم ئوقۇتقۇچىلىرىغا بولغان تەربىيەلەشنى كۈچەيتتى . يېزا باشلانغۇچ مەكتەپلىرىنىڭ مەكتەپ مۇدىرلىرى ئاساسەن بىر قېتىم تەربىيەلەندى . 1998 - يىلغا بارغاندا پۈتۈن رايون بويىچە باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ رەسمىي ئوقۇتقۇچىلار سانى 123308 نەپەر بولۇپ ، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ ئوقۇش تارىخىي لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى 96.09%كە يەتتى . بۇ مەملىكەتنىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيىسى 99.59% تىن ئازراق ئاشتى . بۇنىڭ ئىچىدە يېزا باشلانغۇچ مەكتەپ رەسمىي ئوقۇتقۇچىلىرى 89368 ئادەمگە يېتىپ ، پۈتۈن رايونىمىز باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلار ئومۇمىي سانىنىڭ 72.48%نى ئىگىلىدى . ئوقۇ - ئوقۇتۇش شارائىتى جەھەتتە ناھىيە ، يېزا ، كەنت 3 دەرىجە بويىچە مەكتەپ قۇرۇش ، ناھىيە ، يېزا ئىككى دەرىجە بويىچە باشقۇرۇش ، ناھىيە ئاساسلىق ئورۇنلاشتۇرۇش پرىنسىپى يولغا قويۇلۇپ ، ھۆكۈمەتنىڭ مەسئۇلىيىتى ئايدىڭلاشتۇرۇلدى . ھازىر ئېلىپ بېرىلىۋاتقان «دۆلەتلىك نامرات رايونلار مەجبۇرىي مائارىپ قۇرۇلۇشى» قوشۇلۇپ رايونىمىزنىڭ تاغلىق رايونى ، چارۋىچىلىق رايونى ۋە چەت نامرات رايونلارنىڭ ئوقۇ - ئوقۇتۇش شارائىتى زور دەرىجىدە ياخشىلاندى . 1998 - يىلغا بارغاندا يېزا باشلانغۇچ مەكتەپلىرىنىڭ خەتەرلىك ئۆيلەر نىسبىتى 5.42% كە تۆۋەنلىدى . بۇ رايونىمىزنىڭ 4.94% لىك سەۋىيىدىن كۆپ پەرقلەنمەيدۇ . 1997 -

يىللى دۆلەتلىك مائارىپ مىنىستىرلىقىنىڭ «نۆۋەتتىكى ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپلەردىكى ساپا مائارىپىنى ئاكتىپ يولغا قويۇش توغرىسىدىكى بىرقانچە پىكرى» گە ئاساسەن، رايونىمىز «ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەردە ساپا مائارىپى ئومۇمىيۈزلۈك يولغا قويۇش توغرىسىدىكى پىكرى»نى ئوتتۇرىغا چىقاردى. ھەرقايسى جايلارمۇ ئۆز رايونىنىڭ يولغا قويۇش پىكرى ۋە پىلانىنى تۈزۈپ چىقتى. يېقىنقى 2 يىلدىن بۇيان ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ بىر قىسىم رايون ۋە مەكتەپلەردە ئالدىنقى باشلانغۇچ مەكتەپلەردە يۈز نومۇرلۇق تۈزۈمنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، دەرىجە تۈزۈم ۋە ئۇنىۋېرسال نومۇر قويۇش تۈزۈمى يولغا قويۇلۇپ، ئىجابىي يېتەكلەش ئاساس قىلىندى. ئىلھاملاندۇرۇش خاراكتېرلىك باھا سۆزىنى ئىشلىتىپ، ئىمتىھان ۋە نومۇر ئېغىرىنى بوشاشتۇرۇپ، بىر قەدەر ياخشى نەتىجىلەرگە ئېرىشتى.

## يېزا ئوتتۇرا دەرىجىلىك مائارىپى

شىنجاڭدىكى 75% ئوتتۇرا مەكتەپ يېزىلاردا، يېقىنقى بىرنەچچە يىلدىن بۇيان ئاپتونوم رايونىمىز 9 يىللىق مەجبۇرىي مائارىپنى ئومۇملاشتۇرۇشنى چىڭ تۇتتى. ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتنىڭ تىرىشىشى ئارقىلىق 1998 ـ يىلغا بارغاندا ئاپتونوم رايونىمىزدىكى 93 ناھىيەدىن (شەھەر، رايون) 9 يىللىق مەجبۇرىي مائارىپنى ئومۇملاشتۇرۇپ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈپ بولغانلار 43كە، مائارىپ ئومۇملاشتۇرۇلغان نوپۇس 688.12 تۈمەنگە يېتىپ، رايونىمىز ئومۇمىي نوپۇسىنىڭ 46.5%نى ئىگىلىدى. پۈتۈن رايونىمىز بويىچە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ يېشىغا توشقان بالىلارنىڭ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى 74.47%كە يەتتى. يېزىلاردا 68.3%كە يېتىپ، مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى كۆرسەتكۈچى 2000 ـ يىلدىكى ئاپتونوم رايون 9 يىللىق مەجبۇرىي مائارىپ تەرەققىياتىدىكى نىشانغا يېقىنلاشتى. 1998 ـ يىلغا بارغاندا، پۈتۈن رايوندا جەمئىي يېزا تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتىپى 999غا، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ 7گە، مۇكەممەل ئوتتۇرا مەكتەپ 171غا يەتتى. يېزا تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى 513439 ئادەم بولۇپ، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ 34358 گە يەتتى.

يېزا تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ مۇستەھكەملىنىش پىرسەنتى 98.02% گە يېتىپ، ئاپتونوم رايوننىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيىسىدىن سەل يۇقىرى بولدى. يېقىنقى يىلدىن بۇيان، يېزا تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ باسقۇچىدىكى مائارىپتا مەكتەپ ئەندىزىسىنىڭ بىرخىل بولۇش، مەكتەپ پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار چىقىش يولىنىڭ تار ھەمدە ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ئوقۇش ھەققى ئىسلاھاتى قاتارلىق كۆپلىگەن سەۋەبلەرنىڭ تەسىرى ئاستىدا، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپكە ئۆرلەپ ئوقۇيدىغان ئوقۇغۇچىلارسانى كۆرۈنەرلىك ھالدا تۆۋەنلىدى. 1998 ـ يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپكە ئۆرلەش نىسبىتى 33.92% بولۇپ، يېزىلاردا بولسا پەقەت 9.82% بولدى. پۈتۈن رايون بويىچە

ئوقۇتقۇچىلارنىڭ لاياقەتلىك بولۇش پىرسەنتى كۆرۈنەرلىك يۇقىرى كۆتۈرۈلدى 1998 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىز يېزا تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرى ئومۇمىي سانى 34549 بولۇپ، ھەرقايسى ۋىلايەت، ئوبلاست ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ ئوقۇش تارىخى لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى 76 ~ 92% بولدى. پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيىسى 83.59% كە يەتتى. يېزا تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ سانى 3527 كىشى بولۇپ، ھەرقايسى ۋىلايەت، ئوبلاست (شەھەرنى چىقىرىۋەتكەن) تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ ئوقۇش تارىخي لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى 38 ~ 61%، رايونىمىزنىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيىسى ئاران 48.2% بولدى. مەملىكەتنىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيىسى 63.49%لىك سەۋىيىگە سېلىشتۇرغاندا پەرق يەنىلا چوڭ. 50 يىللىق تىرىشىش ئارقىلىق رايونىمىزدىكى يېزا ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ 8نى قۇرۇلۇش ئۈچۈن يۈرۈشلەشتۈرۈش، مەكتەپ ئەسلىھەلىرى قۇرۇلۇشىنى پەيدىنپەي ياخشىلاش، تەجرىبە ئوقۇتۇشى، كىتاب ماتېرىياللار ئاساسەن ماسلىشىش، ئوقۇ - ئوقۇتۇش شارائىتىنى زور دەرىجىدە ياخشىلاش ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى، ھۆكۈمەت مەبلەغ سېلىش ئاساس، كۆپ خىل يوللار ئارقىلىق مەبلەغ توپلاش قوشۇمچە قىلىنغان ئۇل مائارىپ سېلىنما تۈزۈلمىسى بەرپا قىلىندى ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى. 1998 - يىلى رايونىمىزدىكى يېزا ئوتتۇرا مەكتەپ خەتەرلىك ئۆيلەر نىسبىتى 5.94% تۆۋەنلىدى. بۇ مەملىكەتنىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيىسى 5.56% بىلەن ئاساسەن تەڭلەشتى. يېزا تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ تەجرىبىخانىلىرى ئۆلچەمگە يەتكەن مەكتەپ 55.26%نى ئىگىلەيدۇ. نۆۋەتتە، ساپا مائارىپى ھۆكۈمەت خاھىشى سۈپىتىدە ئومۇمىيۈزلۈك يولغا قويۇلدى. 8 ناھىيە (شەھەر، رايون) ئاپتونوم رايونىمىزدىكى تۇنجى تۈركۈم ساپا مائارىپى تەجرىبە رايونى قىلىپ بېكىتىلدى. ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپ ساپا مائارىپى تەجرىبە ئالماشتۇرۇش يىغىنى چاقىرىلدى. ھەرقايسى جاينىڭ يېزا باشلانغۇچ، ئوتتۇرا مەكتەپلىرى ئەنئەنىۋى ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنى ئىسلاھ قىلىشقا ئېتىبار بېرىپ، يېڭى ئوقۇتۇش نەزەرىيىسى ۋە ئوقۇتۇش ئۇسۇللىرىنى ئۆگىنىش ۋە ئىشلىتىشكە ئېتىبار بەردى. نىشانلىق ئوقۇتۇش نۇرغۇن چەت رايونلارنىڭ يېزا ئوتتۇرا مەكتەپلىرىدە ئومۇملاشتى.

### «يېشىل تاشلىق گۇۋاھنامە»

جۇڭگودا دېھقانلارنىڭ تېخنىكا سالاھىيەت گۇۋاھنامىسىنى كۆرسىتىدۇ، دېھقانلار مەلۇم تۈرلۈك خىزمەت بىلەن شۇغۇللىنىشتا زۆرۈر بولغان ئاساسىي بىلىم ۋە ئىقتىدارلارنى ھازىرلىغاندىن كېيىن يەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشكەن خىزمەت گۇۋاھنامىسى، يەنى يېزا ئەمگەكچىلىرىنىڭ خىزمەت قىلىش لاياقەت گۇۋاھنامىسىنى كۆرسىتىدۇ. ئوخشىمىغان ئورۇنلارنىڭ گۇۋاھنامە ئىسىملىرى ئوخشىمايدۇ. دېھقانلارنىڭ تېخنىكا گۇۋاھنامىسى، دېھقانچىلىق ماشىنىلىرىنى ھەيدەش

گۈۋاھنامىسى ، يېزا بوغالتىرلىرىنىڭ بوغالتىرلىق گۇۋاھنامىسى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ . «يېشىل تاشلىق گۇۋاھنامە»نىڭ تارقىتىلىش دائىرىسىنى «تېرىقچىلىق ، مال دوختۇرلۇق ، سۇ مەھسۇلاتلىرى ، دېھقانچىلىق ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش ، يېزا ھەمكارلىق ئىقتىسادىنى باشقۇرۇش ، يېزا ئېنېرگىيە ۋە يېزا ئىگىلىك مۇھىتىنى قوغداش قاتارلىق كەسىپلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ . ھەرقايسى جايلارنىڭ ھۆكۈمەتلىرى يېزىلارنىڭ ئەمەلىي ئېھتىياجىغا ئاساسەن ئۆز رايونىنىڭ يولغا قويۇش دائىرىسى بەلگىلەيدۇ . جۇڭگونىڭ ئەھۋالىغا ئاساسلانغاندا ، «يېشىل تاشلىق گۇۋاھنامە»نى ئالىدىغانلار ئاساسلىقى تولۇقسىز ۋە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ سەۋىيىسىگە ئىگە يېزا ، كەنت دېھقانچىلىقىنى ئىجتىمائىيلاشتۇرۇش مۇلازىمەت سىستېمىسىدىكى يېزا كادىرلىرى ، كەسپىي ئائىلىلەر ، تېخنىكا نەمۇنىچىلىرى ۋە بىر قىسىم تېخنىكا تەلىپى كۈچلۈك خىزمەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان دېھقانلار بولۇپ ، ئاساسلىقى تېخنىك تايانچلار قوشۇنىنى يېتىشتۈرۈش مەقسەت قىلىنىدۇ . دېھقانلارنىڭ «يېشىل تاشلىق گۇۋاھنامە»نى ئېلىشى تەربىيىلەش ،ئەمەلىي مەشىق ، باھالاش ، گۇۋاھنامە تارقىتىش ، قايتا باھالاش قاتارلىق بىرقانچە تەرتىپتىن ئۆتىدۇ . گۇۋاھنامىگە ئېرىشكەن خادىملار يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدا ئېتىبار بېرىشتىن بەھرىمان بولىدۇ . 1993 - يىلى شىنجاڭدا «يېشىل تاشلىق گۇۋاھنامە» قۇرۇلۇشى باشلىنىپ ، ھەرقايسى جايلار ئاكتىپ ھالدا دېھقان ـــ چارۋىچىلارنى باشلانغۇچ كەسپىي تېخنىكا ئۆگىنىشكە ئۇيۇشتۇرۇپ ، كۆرۈنەرلىك ئۇنۇملەرگە ئېرىشتى . 1998 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە پۈتۈن رايونىمىزدا 6000 دىن ئارتۇق ئادەم «يېشىل تاشلىق گۇۋاھنامە»گە ئېرىشتى .

### ئۈچ خىل مائارىپنى تەڭ پىلانلاش

يېزىلارنىڭ ئاساسىي مائارىپى ، كەسپىي مائارىپ ، چوڭلار مائارىپىنى بىر تۇتاش پىلانلاش ، ئۆزئارا تۇتاشتۇرۇش ، ماس تەرەققىي قىلدۇرۇشنى كۆرسىتىدۇ . بۇ يېزا مائارىپىنى ئۇنۇمۈرسال ئىسلاھ قىلىش تەجرىبىسىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى ، 3 خىل مائارىپقا تەڭ ئەھمىيەت بېرىشنىڭ مەنىسى بولسا : يېزا ئاساسىي مائارىپى ، كەسپىي - تېخنىكا مائارىپى ، چوڭلار مائارىپىنى يولغا قويۇش بولۇپ ، پەقەتلا مەلۇم بىرخىل مائارىپنى ياخشى يولغا قويۇش ئەمەس ، مۇۋاپىق قۇرۇلمىسى بولۇش ؛ ئۇلارنى تەبىئىي تەرەققىي قىلىشقا قويۇۋەتمەسلىك ، شۇ جاينىڭ خەلق ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىيات ئېھتىياجىغا ئاساسەن ، مۇۋاپىق ھالدا مائارىپ قۇرۇلمىسى ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىش ؛ 3 خىل مائارىپ ئۆزئارا تۇتاشتۇرۇلۇپ بىرلىككە كەلگەن كۈچ ھاسىل قىلىپ ، بىر - بىرىنى ئۆزئارا ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك . 1987 - يىلدىن باشلاپ ئاپتونوم رايونىمىز ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ، تۇرپان شەھىرى ، بۈگۈر ناھىيىسى ، فۇكاڭ ناھىيىسى قاتارلىق يېزا مائارىپىنى ئۇنۇمۈرسال ئىسلاھ قىلىش تەجرىبە ناھىيىلىرىدە 3 خىل مائارىپقا تەڭ ئەھمىيەت بېرىش تەجرىبىسىنى قانات يايدۇردى ، يېزا مائارىپىنى ئۇنۇمۈرسال ئىسلاھ قىلىشنىڭ 2 - قارار

قۇرۇلۇشى 16 ناھىيە، شەھەرگە تەرەققىي قىلدۇرۇلدى.

دېھقانچىلىق، پەن ـ تېخنىكا ۋە مائارىپنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈش

ھۆكۈمەتنىڭ بىر تۇتاش ماسلاشتۇرۇشى ئارقىسىدا، دېھقانچىلىق، پەن ـ تېخنىكا، مائارىپ قاتارلىق جەھەتلەرنىڭ كۈچلۈك بىرىكمە كۈچىنى ھاسىل قىلىپ، يېزا ئىگىلىكى بىلەن يېزا ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشنى نىشان قىلىپ، يېزا ئىگىلىكى پەن ـ تېخنىكىسىنى كېڭەيتىشنى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ قىلىپ، يېزا مائارىپىنى، بولۇپمۇ كەسپىي تېخنىكا مائارىپى ۋە ئەمەلىي تېخنىكا تەربىيىسىنى كۈچەيتىشنى ئاساس قىلىپ، يېزا ئىگىلىكى ۋە يېزا ئىقتىسادىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك گۈللىنىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، يېزا ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە يېزا ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىنى پەن ـ تېخنىكىنىڭ تەرەققىياتى ۋە ئەمگەكچىلەرنىڭ ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە تايىنىشقا يۆتكەيدىغان زور تەدبىر.

ئۇنىڭ ماھىيىتى بولسا، يېزا ئىگىلىكى ۋە يېزا ـ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ھەمدە پەن ـ تېخنىكا ۋە مائارىپ ئىشلىرى تەرەققىياتىنىڭ ئوبيېكتىپ تەلىپى ۋە مۇقەررەر تاللىشى. دېھقانچىلىق، پەن ـ تېخنىكا، مائارىپ ئىشلىرىنى يولغا قويۇشتىن مەقسەت دېھقانچىلىق، پەن ـ تېخنىكا، مائارىپنىڭ ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈلۈشىنى ئىلگىرى سۈرۈش، بىرلىكتە ئىلگىرى سۈرىدىغان، ماس ھالدا تەرەققىي قىلىدىغان مېخانىزمنى بەرپا قىلىپ، دېھقانچىلىق بىلەن يېزا ئىگىلىكىنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى پەيدىنپەي ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت. دېھقانچىلىق، پەن ـ تېخنىكا، مائارىپنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈشنى يولغا قويۇشنىڭ مۇھىم نۇقتىسى ـ ناھىيە ۋە يېزىلاردا. ئاساسىي لىنىيە بولسا يېزا ئىگىلىك تەرەققىياتىدا پەن ـ تېخنىكىغا تايىنىش، پەن ـ تېخنىكىنىڭ تەرەققىياتىدا ئىختىساس ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرۈشكە تايىنىش، ئىختىساس ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرۈشتە بولسا مائارىپقا تايىنىشتىن ئىبارەت. دېھقانچىلىق، پەن ـ تېخنىكا، مائارىپنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈش سۆزىدىكى «دېھقانچىلىق» بولسا، «يېزا ئىگىلىك» ئىشلەپچىقىرىشى، يېزا ئىقتىسادىي ۋە يېزا قۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت 3 قاتلامنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. يەنى دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، قوشۇمچە كەسىپ، بېلىقچىلىق قاتارلىق دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنى ھەمدە يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا سودا ـ سانائەت، قۇرۇلۇش، ترانسپورت، مۇلازىمەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان يېزا ئىقتىسادىي ۋە يېزىنىڭ ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى كۆرسىتىدۇ؛ «پەن ـ تېخنىكا» بولسا، يېزا ئىگىلىك ۋە يېزا ئىقتىسادىغا ماس بولغان پەن ـ تېخنىكا قوشۇنىنى بەرپا قىلىش، ئىلىم ـ پەن تەتقىقاتى ۋە تېخنىكا ئېچىش، ئىشلىتىش، كېڭەيتىش ۋە ئومۇملاشتۇرۇش قاتارلىقلارنى كۆرسىتىدۇ. «مائارىپ» ئاساسەن ئۇل مائارىپى، كەسپىي مائارىپ ۋە چوڭلار مائارىپىنى كۆرسىتىدۇ. يەنە دېھقانچىلىق بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئالىي مائارىپنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. 1989 ـ يىلى 8 ـ ئايدا يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكى، دۆلەتلىك پەن ـ تېخنىكا

كومىتېتى ، دۆلەتلىك مائارىپ كومىتېتى قاتارلىق بەش مىنىستىرلىك كومىتېت بىرلىشىپ تارقاتقان «دېھقانچىلىق ، پەن ـ تېخنىكا ، مائارىپنى ئۆزئارا بىرلەشتۇرۇپ ، يېزا ، ئورمانچىلىق رايونلىرىدا ئىختىساسلىق خادىملارنى يېتىشتۇرۇش ۋە تېخنىكىنى يۈكسەلدۇرۇش توغرىسىدىكى پىكىر» دە مۇنۇلارنى كۆرسەتتى : دېھقانچىلىق ، پەن ـ تېخنىكا ، مائارىپنى ئۆزئار بىرلەشتۇرۇشنىڭ مەقسىتى يېزا ئىگىلىكى ، پەن ـ تېخنىكا ، مائارىپ تارماقلىرىنىڭ ئۆزئارا ھەمكارلىقىنى كۈچەيتىپ ، يېزىلارنىڭ ئەقلىي قۇۋۋەت بايلىقىنى ئورتاق ئېچىپ ، كەڭ دېھقانلارنىڭ پەن ـ مەدەنىيەت ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ ، پەن ـ تېخنىكىنى كېڭەيتىپ ، «پەن ـ تېخنىكا ئارقىلىق يېزا ئىگىلىكىنى گۈللەندۈرۈش»نى يولغا قويۇش ئۈچۈن ئىختىساسلىق خادىملار ئاساسىنى ھازىرلاش ھەمدە «ئۇچقۇن» ، «مول ھوسۇل» ، «يانغىن» قاتارلىق ئۈچ تۈرلۈك پىلاننى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈپ ، ئومۇمىي ئۈنۈمنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈندۇر . 1990 ـ يىلى 5 ـ ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتىنىڭ «نۆۋەتتىكى يېزا مائارىپىنىڭ ئۈنۈۋېرسال ئىسلاھ قىلىنىش توغرىسىدىكى بىر قانچە پىكرى»نى تەستىقلاپ تارقاتتى . ئۇنىڭدا «يېزا ئىقتىسادىي ، پەن ـ تېخنىكا ، مائارىپلار زىچ ماسلىشىپ ، تەكشى تەرەققىي قىلىش ـ يېزا ئىقتىسادىنى جانلاندۇرۇشنىڭ مۇھىم يولى . دېھقانچىلىق ، پەن ـ تېخنىكا ، مائارىپقا تەڭ ئەھمىيەت بېرىشنىڭ مۇھىم نۇقتىسى ـ ناھىيە ۋە يېزىدا» دەپ كۆرسىتىلگەن . 1992 ـ يىلى 1 ـ ئايدا گوۋۇيۈەن دېھقانچىلىق ، پەن ـ تېخنىكا ، مائارىپنى بىرلەشتۇرۇش خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنى چاقىردى ھەمدە 2 ـ ئايدا «گوۋۇيۈەن دېھقانچىلىق ، پەن ـ تېخنىكا ، مائارىپنى بىرلەشتۇرۇشنى ئاكتىپ يولغا قويۇپ ، يېزا ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىياتىنى يۈكسەلدۇرۇش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش»نى تارقاتتى . 1992 ـ يىلى 11 ـ ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى «يېزا مائارىپىنى ئىسلاھ قىلىشنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى پىكىر» دە «دېھقانچىلىق پەن ـ تېخنىكا ، مائارىپنى بىرلەشتۇرۇشنى يولغا قويۇپ ، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تەرەققىياتىغا ماسلاشقان يېزا مائارىپ تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىپ چىقىپ ، مائارىپ تەرەققىياتى بىلەن ئىقتىسادىي تەرەققىيات ۋە جەمئىيەت تەرەققىياتى ئوتتۇرىسىدا بىر ـ بىرىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان ياخشى ئايلانما مېخانىزمى شەكىللەندۈرۈش لازىم» دەپ كۆرسەتتى . 1999 ـ يىلى 9 ـ ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىدە ئاپتونوم رايونلۇق يېزا مائارىپىنى ئۈنۈۋېرسال ئىسلاھ قىلىش «دېھقانچىلىق ، پەن ـ تېخنىكا ، مائارىپنى ئۆزئارا بىرلەشتۇرۇش»كە رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى ۋە ئىشخانىسى قۇرۇلدى .

**«يانغىن پىلانى»**

«يانغىن پىلانى» بولسا ، مائارىپ ۋە ئىقتىسادنى ئۆزئارا بىرلەشتۇرۇش ، نادانلىقنى تۈگىتىش بىلەن نامراتلىقنى تۈگىتىشنى ئۆزئارا بىرلەشتۇرۇش ، ئىقتىسادىي تەرەققىيات

بىلەن يېزا مائارىپىنى ئىسلاھ قىلىشنى ئىلگىرى سۈرۈشتىن ئىبارەت قوش نىشانلىق
پىلان، يانغىن پىلانى بولسا ئۈچقۇن پىلانى، مول ھوسۇل پىلانىنىڭ يېڭى پەن
تېخنىكىنى ئېچىش ۋە يېزا ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئوتتۇرىسىدىكى
ئىختىساسلىق خادىملار كۆۋرۈكى بولۇپ، پەن - تېخنىكىنى زور كۆلەمدە كېڭەيتىپ
يېزا ئىقتىسادىنى زور دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈرىدۇ. يانغىن پىلانىنى يولغا قويۇش بول-
يېزا مائارىپ ئىسلاھاتىنى ئىلگىرى سۈرۈشنىڭ بىر تۈرلۈك تەدبىرى. يانغىن پىلانىنىڭ
ماھىيىتى بولسا، يېزا مائارىپىنى ئىسلاھ قىلىش، تەرەققىي قىلدۇرۇش ئارقىلىق زور
كۆلەمدە ئەمگەكچىلەرنىڭ ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، يېزىلارنىڭ پەن - تېخنىكىنى
ئىشلىتىش ۋە قوبۇل قىلىش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىپ، ئىشلەپچىقىرىش ۋە تىجارەت
سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، يېزا ئىقتىساد ۋە جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى
سۈرۈشتىن ئىبارەت. ئۇنىڭ چىقىش نۇقتىسى بولسا يېزا تەرەققىياتىنى ئىلگىرى
سۈرۈش، يېزىلارنىڭ ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىشتىن
ئىبارەت. يانغىن پىلانىنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى بولسا، يېزا ئوتتۇرا - باشلانغۇچ
مەكتەپلەر مائارىپىنىڭ مەزمۇنىنى ئىسلاھ قىلىپ، شۇ جاينىڭ ئېھتىياجىغا ماس
كېلىدىغان ئەمگەك ئىقتىدارى ۋە تېخنىكا تەربىيىسىنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇش،
تولۇقسىز ئوتتۇرا، تولۇق ئوتتۇرا ئوقۇشىدىن كېيىن ھەمدە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ
مائارىپى تېخى ئومۇملاشمىغان جايلاردا باشلانغۇچ مەكتەپ كېيىن مەكتەپ پۈتتۈرىدىغان
ئوقۇغۇچىلارغا بەلگىلىك كەسپىي تېخنىكا تەربىيىسى ئېلىپ بېرىپ، ئۇلارغا بىرخىل
ياكى بىرقانچە خىل ئەمەلىي تېخنىكا ۋە باشقۇرۇش بىلىملىرىنى ئىگىلىتىشتىن
ئىبارەت. كەسپىي تېخنىكا مائارىپى ۋە تەربىيىلەشتە شۇ يەرنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا
ئاساسلىنىش، جانلىق ئىشلىتىش، ۋاقىتنىڭ ئۇزۇن ۋە قىسقا بولۇشىنى ئۆزئارا
بىرلەشتۈرۈش، قىسقا مۇددەتنى ئاساس قىلىش كېرەك. يېزا مەكتەپلىرىدە كەسپىي
تېخنىكا تەربىيىلەش ۋە كۆپ خىل شەكىلدىكى پەن - تېخنىكا مۇلازىمىتىنى قانات
يايدۇرۇش، مۇھىمى شۇ جايدىكى نەق ئەمەلىي تېخنىكىلارنى زور كۆلەمدە كېڭەيتىش
كېرەك. 1988 - يىلى 5 - ئاينىڭ 4 - كۈنى دۆلەتلىك مائارىپ كومىتېتى [ «يانغىن»
پىلانىنى تەشكىللەش، يولغا قويۇش توغرىسىدىكى پىكرى]نى تارقاتتى ۋە شۇ يىلى 8
- ئايدا گۇۋۇيۈەننىڭ تەستىقلىشىدىن ئۆتۈپ يولغا قويۇلدى. 1989 - يىلى 4 - ئايدا
ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتى يانغىن پىلانىنى ئېلىپ بېرىش خىزمەت يىغىنىنى
چاقىردى. يىغىندا ئاپتونوم رايونىمىزدا يانغىن پىلانىنى يولغا قويۇشنىڭ كونكرېت
ئورۇنلاشتۇرۇشلىرى ئېلىپ بېرىلىپ، ئاپتونوم رايونىمىزدا «يانغىن» پىلانىنى ئۈچ
باسقۇچقا بۆلۈپ ئېلىپ بېرىش بەلگىلەندى. بىرىنچى باسقۇچ (1991 - 1989) دا ئۈچ
تەجرىبە ناھىيىسى ۋە 20 يانغىن پىلانىنى تەجرىبە قىلىش كەنتى قۇرۇپ چىقىش.
ئىككىنچى باسقۇچ (1994 - 1992)دا تەجرىبە ناھىيىسىنى 19 غا كېڭەيتىش، تەجرىبە
يېزىسىنى 140 غا كېڭەيتىش. 3-باسقۇچ (1996-2000)غىچە ئاز دېگەندە 500 يېزىدا

يانغىن پىلانىنى ئىلىپ بېرىشتىن ئىبارەت . يانغىن پىلانىنىڭ يولغا قويۇلۇشىنى قوللاش ئۈچۈن ، دۆلەتلىك مائارىپ كومىتېتى يانغىن پىلانىنىڭ قەرز پۇلىنى تارقاتتى . يەنە «يانغىن پىلانى يۈز ، مىڭ ، تۈمەن قۇرۇلۇشى»نى يولغا قويدى ھەمدە «جۇڭگو يانغىن رادىئو - تېلېۋىزىيە مەكتىپى» قۇردى . 1997-يىلى پۈتۈن رايونىمىزدا 1140 خىل ئېچىش تۈرى يولغا قويۇلغان بولۇپ ، تۈر سوممىسى 190 مىليون يۈەندىن ئاشتى . پەن - تېخنىكىدىن ئۈلگىلىك ئائىلە 1.35 تۈمەن ئائىلىگە يەتتى .

## يېزا مائارىپىنى ئۇنىۋېرسال ئىسلاھ قىلىش تەجرىبە ناھىيىلىرى

1987 - يىلدىن بۇيان ئاپتونوم رايون ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ تۇرپان شەھىرى ، بۈگۈر ناھىيىسى ، فۇكاڭ ناھىيىسىدە يېزا مائارىپىنى ئۇنىۋېرسال ئىسلاھ قىلىش تەجرىبە رايونى قۇرۇپ چىقتى . 1989 - يىلى 1 - ئايدا بۇ ئۈچ ناھىيە شەھەر دۆلەت مائارىپ كومىتېتى تەرىپىدىن پۈتۈن مەملىكەتتىكى 115 يېزا مائارىپىنى ئۇنىۋېرسال ئىسلاھ قىلىش تەجرىبە ناھىيىسىنىڭ ئىچىگە كىرگۈزۈلدى ، 1992 - يىلى 12 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن يېزا مائارىپىنى ئۇنىۋېرسال ئىسلاھ قىلىش بويىچە 2 - قارار قۇرۇلۇش تەجرىبە ناھىيىسى 16 گە يەتتى . بۇ ناھىيىلەر كۆكتوقاي ناھىيىسى ، يەكەن ناھىيىسى ، لوپ ناھىيىسى ، كورلا شەھىرى ، تېكەس ناھىيىسى ، قۇمۇل شەھىرى ، ئونسۇ ناھىيىسى ، بورتالا شەھىرى ، ئاتۇش شەھىرى ، شىخۇ شەھىرى ، ئۈرۈمچى ناھىيىسى ، مىچۈەن شەھىرى ۋە توقسۇن ناھىيىسىدىن ئىبارەت . يېزا مائارىپىنى ئۇنىۋېرسال ئىسلاھ قىلىش تەجرىبە ناھىيىسىنى قۇرۇشتىكى ئاساسلىق ئۇسۇل : بىرىنچىدىن ، ئىدىيىنى ئازاد قىلىش ، تونۇشنى ئۆستۈرۈش ، ئىدىيىدە تۆت خىل بۇرۇلۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ، يەنى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنىڭ ئاساسىي نۇقتىسىنى پەن - تېخنىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە ئەمگەكچىلەرنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈشكە بۇراش ، ئىختىساسلىق خادىملارنى تەربىيىلەشنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى باشلانغۇچ ئوتتۇرا دەرىجىلىك تېخنىكا خادىملىرىنى تەربىيىلەشكە بۇراش ، ئۇل مائارىپىنى ئىمتىھانغا تاقابىل تۇرۇش مائارىپىدىن ساپا مائارىپىغا بۇراش ، يالغۇز مائارىپ ئورۇنلىرىغا تايىنىپ مەكتەپ قۇرۇشنى پۈتۈن خەلققە ، پۈتۈن جەمئىيەتكە تايىنىپ مەكتەپ قۇرۇشقا بۇراش . ئىككىنچىدىن ، تەجرىبە خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتىش ، ھەرقايسى ناھىيە ، شەھەر (يېزا بازارلار)دا رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ۋە ئىشخانىسى قۇرۇش ، يولغا قويۇش لايىھىسى ۋە ماس سىياسەتلەر بەلگىلەش . ئۈچىنچى ، خىراجەتنىڭ كېلىش مەنبەسىنى كېڭەيتىش ، مائارىپقا بولغان مەبلەغنى كۆپەيتىش ، ئوقۇ - ئوقۇتۇش شارائىتىنى ياخشىلاشتىن ئىبارەت . تۆتىنچىدىن : مەكتەپ قۇرۇش نىشانىنى توغرىلاپ ، يەرلىكنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشى ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىشتا چىڭ تۇرۇش ، تۆۋەن ، ئوتتۇرا دەرىجىلىك كەسپىي تېخنىك خادىملارنى تەربىيىلەش ، ئەمگەكچىلەرنىڭ ساپاسىنى زور دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈرۈش .

بەشىنچىدىن : مائارىپ تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى ئېلىپ بېرىش ، يېزىلارنىڭ ئاساس
مائارىپىدا دەرىجىگە ئايرىپ مەكتەپ قۇرۇش ، دەرىجىگە ئايرىپ باشقۇرۇش ئېلى
بېرىش . مەكتەپنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى ئىسلاھ قىلىش
مەكتەپ باشقۇرۇشنى باھالاش ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ سەۋىيىسىنى باھالاشنى يولغا قويۇش
ئالتىنچى : ئۈچ خىل مائارىپقا تەڭ ئەھمىيەت بېرىشنى يولغا قويۇپ ، ئۈنۈملۈك بولغا
مەدەنىي مائارىپ سىستېمىسىنى ۋە كەسپىي تېخنىكا مائارىپ سىستېمىسىنى قۇرۇش
يەتتىنچى : ئەتراپلىق ئورۇنلاشتۇرۇشنى يولغا قويۇپ ، تىپلارنى چىڭ تۇتۇپ ، نۇق
ئارقىلىق ھەممىنى يېتەكلەشتەك تەجرىبە ئۇسۇلىنى ئىشلىتىش . سەككىزىنچى
دېھقانچىلىق ، پەن - تېخنىكا مائارىپىنى ئۆز ئارا بىرلەشتۈرۈش ۋە يانغىن پىلانىنى ئېلى
بېرىشتىن ئىبارەت . 1991 - يىلى 8 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېت
«شىنجاڭنىڭ يېزا مائارىپىنى ئۇنىۋېرسال ئىسلاھ قىلىش تەجرىبە رايونلىرىنى باھالاش
كۆرسەتكۈچلەر سىستېمىسى» نى تۈزۈپ چىقتى . ئۇ 5 بىرىنچى دەرىجىلىك كۆرسەتكۈچ
18 ئىككىنچى دەرىجىلىك كۆرسەتكۈچ ، 50 ئۈچىنچى دەرىجىلىك كۆرسەتكۈچنى ئۆز
ئىچىگە ئالىدۇ .

## يانغىن پىلانىنىڭ يۈز ، مىڭ ، تۈمەن قۇرۇلۇشى

پۈتۈن مەملىكىتىمىزدە يانغىن پىلانىنى يولغا قويۇۋاتقان مىڭلىغان يېزا ، تۈمەنلىگەن كەنتلەر ، يۈزلىگەن يېزا ئەمەلىي پەن - تېخنىكىنى كېڭەيتمەكتە ، بۇ قىسقارتىلىپ يانغىن پىلانىنىڭ يۈز مىڭ تۈمەن قۇرۇلۇشى دېيىلىدۇ . بۇ پىلان قۇرۇلۇشنى يولغا قويۇشنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى بولسا ، پەن - تېخنىكا ئارقىلىق دۆلەتنى گۈللەندۈرۈش ستراتېگىيىلىك ئىدىيىنىڭ يېتەكچىلىكىدە زور كۆلەمدە يېزا ئەمگەكچىلىرىنىڭ ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ ، يېزىلاردا ئەمەلىي تېخنىكىنىڭ كېڭەيتىلىشى ۋە ئومۇملاشتۇرۇلۇشىنى تېزلىتىپ ، يېزا ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشنى مەقسەت قىلىدۇ . يېزىلاردىكى «ئىككى ئاساسەن» خىزمىتىنى ئاكتىپلىق بىلەن چىڭ تۇتۇش بىلەن بىرگە ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىپ ، ئۆز جايىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغ ئاساسەن ئىش كۆرۈش ، ئەمەلىي ئۈنۈمنى تەكىتلەش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇش ، رادىئو - تېلېۋىزور قاتارلىق تەربىيىلەش ۋاستىلىرىدىن پايدىلىنىپ ، ئىلغار يېزا ئەمەلىي تېخنىكىلىرىنى ئەڭ تېز سۈرئەتتە يېزا - كەنتلەردىكى دېھقانلارغا يەتكۈزۈش دېھقانلارنىڭ بېيىشىنى تېزلىتىش كېرەك . پائالىيەت شەكلى بولسا ، يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكى مۇناسىۋەتلىك تارماقلىرىنىڭ تونۇشتۇرۇشى ئاساسىدا ، يېزا پەن - تېخنىكا مۇۋەپپەقىيەتلىرى ئىچىدىكى ئەمەلىيەتچانلىقى كۈچلۈك ، ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمى يۇقىرى ، كېڭەيتىش ئاسان بولغان 100 خىلدىن ئارتۇق يېزا ئەمەلىي تېخنىكىسىنى تاللاپ ، ئۇنى ئاساسىي مەزمۇن قىلىش ، ئۈنئالغۇ لېنتىسى ، سىنئالغۇ لېنتىسى ، پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش ماتېرىياللىرىدىن پايدىلىنىش ، يانغىن رادىئو - تېلېۋىزىي

مەكتەپى، يېزا كەسپىي مەكتەپلىرى، كەسپىي مائارىپ مەركىزى، دېھقانلارنىڭ مەدەنىيەت، پەن - تېخنىكا مەكتەپى قاتارلىقلارنى بازا قىلىش، رادىئو، تېلېۋىزىيە قاتارلىق ھەرخىل تەربىيىلەش ۋاستىلىرىدىن پايدىلىنىپ، كەڭ دېھقانچىلىق ھەم چارۋىچىلىق رايونلىرىدا پەن - تېخنىكىنى كېڭەيتىش پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇرۇش. ھەرقايسى جايلار ئەمەلىي ئەھۋالغا ئاساسلىنىپ 100 تۈرلۈك پەن - تېخنىكا ئېچىش تۈرلىرى ئىچىدىن ئۆز رايونىدا نۇقتىلىق كېڭەيتىدىغان بىرقانچە تۈرلۈك ئەمەلىي تېخنىكىنى بەلگىلەپ چىقىش ھەمدە ئېھتىياجغا ئاساسەن تېخنىكا كېڭەيتىش دائىرىسىنى بارا - بارا كېڭەيتىش كېرەك. شىنجاڭنىڭ يېزا مائارىپىنى ئۇنىۋېرسال ئىسلاھ قىلىش ئىككىنچى قارارلىق قۇرۇلۇشىغا كىرگۈزۈلگەن 19 تەجرىبە ناھىيە (شەھەر) ۋە 140 يانغىن پىلانى ئۈلگە يېزىلىرى ھەمدە ئاپتونوم رايونلۇق يېزا مائارىپىنى ئۇنىۋېرسال ئىسلاھ قىلىش تەجرىبە ئوبلاستىلىرى «يانغىن پىلانى يۈز، مىڭ، تۈمەن قۇرۇلۇشى» نى باشلامچىلىق بىلەن يولغا قويۇپ ئەمەلىيلەشتۈرۈشى كېرەك. بۇ تۈرلۈك قۇرۇلۇشنى ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتى، يېزا مائارىپى ئۇنىۋېرسال ئىسلاھ قىلىش ئىشخانىسى تەشكىللەپ يولغا قويىدۇ، ئالاقىدار نازارەت، ئىدارە ۋە تارماق ئورۇنلار قاتنىشىدۇ. يەنە شىنجاڭ رادىئو - تېلېۋىزىيە ئۇنىۋېرسىتېتى، ئاپتونوم رايونلۇق يېزا ئىگىلىك نازارىتى، پەن - تېخنىكا كومىتېتى، پەن - تېخنىكا ئۇيۇشمىسى، پەن - تېخنىكا ئارقىلىق شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈش ئىشخانىسى قاتارلىق تارماقلار زور كۈچ بىلەن قوللايدۇ.

## يېزىلاردىكى ئەمەلىي تېخنىكا تەربىيىسى

دېھقان چارۋىچىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش ئەمەلىيىتىگە ئاساسلىنىپ، «ئەمەلىي ئىشلىتىلىدىغان، ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن، ئەمەلىي ئۈنۈمگە ئىگە بولۇش» پرىنسىپى بويىچە «يېزىلار نېمىگە ئېھتىياج بولسا، شۇ جەھەتتىن تەربىيىلەش» تەك قىسقا، مۇقىم، تېز بولغان تېخنىكا تەربىيىلەشنى كۆرسىتىدۇ. بەزىلەر ئوبرازلىق ئوخشىتىپ يېزىلاردا «جاننى قۇتقۇزۇش» بىلىملىرىنى تارقىتىش دەپ ئاتىغان. 1986 - يىلى 10-ئايدا جۇڭگو پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى، دۆلەتلىك مائارىپ كومىتېتى، يېزا ئىگىلىك، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مىنىستىرلىكى، ئىتتىپاق مەركىزىي كومىتېتى، مەملىكەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسى قاتارلىق ئورۇنلار «7-بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە يېزا ياشلىرىنى ئەمەلىي تېخنىكا بىلەن تەربىيىلەش خىزمىتىنى كۈچەيتىش ئۇقتۇرۇشى» نى تارقاتتى. ئۇنىڭدا «7-بەش يىللىق پىلان» مەزگىلىدە قىسقا مۇددەتلىك تەربىيىلەش ئارقىلىق 10 مىليون زىيالى ياشقا بىر ياكى ئىككى تۈرلۈك بېيىش پەن - تېخنىكىسىنى ئىگىلىتىش ئوتتۇرىغا قويۇلدى. 1994 - يىلى 4 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتى قاتارلىق 11 ئورۇن «يېزىلاردا كەسپىي تېخنىكا مائارىپىنى يۈرگۈزۈشتە «3 گۇۋاھنامە» تۈزۈمىنى يولغا قويۇش ھەققىدە پىكىر» نى تارقاتتى. ئۇنىڭدا: «دېھقان -

چارۋىچىلار بەلگىلىك پەن ـ تېخنىكا بىلىملىرىنى ئىگىلىگەن، 1، 2 تۈرلۈك ئەمەلىي تېخنىكىنى ئىگىلىگەن ھەمدە باھالاش ئارقىلىق لاياقەتلىك سەۋىيىگە يەتكەن بولسا، ئەمەلىي تېخنىكا تەربىيىلىنىش گۇۋاھنامىسى تارقىتىپ بېرىلىشى كېرەك» دەپ ئوتتۇرىغا قويۇلغان. دەرسلىك ماتېرىيالنى قوللىنىشتا دۆلەتلىك مائارىپ كومىتېتى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتى بىر تۇتاش تارقاتقان «يېزىلار ئەمەلىي پەن – تېخنىكىسى» ژۇرنىلىنى ھەمدە ھەرقايسى تارماق، ھەرقايسى ئىدارىلەر ئۆز كەسىپلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ۋە شۇ جاينىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن تۈزۈپ چىققان ئەمەلىي تېخنىكا ئوقۇتۇش ماتېرىياللىرىنى ئىشلەتسە بولىدۇ، دېيىلگەن. 1996 ـ يىلى 6 ـ ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتى [دۆلەتلىك مائارىپ كومىتېتىنىڭ «يانغىن پىلانىنىڭ يۈز، مىڭ، تۈمەن قۇرۇلۇشى»نى يولغا قويۇش توغرىسىدىكى پىكىر]نى تارقاتقاندا، «نۆۋەتتىكى يېزا پەن - تېخنىكا مۇۋەپپەقىيەتلىرى ئىچىدىكى ئەمەلىيەتچانلىقى كۈچلۈك، ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمى يۇقىرى، كېڭەيتىش ئاسان بولغان 100 تۈرلۈك يېزا ئەمەلىي تېخنىكىسىنى تاللاپ، ئۈنئالغۇ لېنتىسى، سىنئالغۇ لېنتىسى، پەن ـ تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش ماتېرىياللىرى ئارقىلىق يەتكۈزۈش، يانغىن رادىئو ـ تېلېۋىزىيە مەكتىپى، يېزا كەسپىي مەكتىپى، كەسپىي مائارىپ مەركىزىي، دېھقانلارنىڭ پەن – مەدەنىيەت تېخنىكا مەكتەپلىرىنى بازا قىلىش، رادىئو، تېلېۋىزور قاتارلىق ھازىر بار بولغان ھەرخىل ئوقۇتۇش ۋاستىلىرىدىن پايدىلىنىپ، كەڭ يېزىلاردا، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا ئەمەلىي پەن ـ تېخنىكا تەربىيىسىنى قانات يايدۇرۇش كېرەك» دەپ كۆرسەتتى.

1990 ـ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتى خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە، قازاقچە دېھقان ـ چارۋىچىلارنى تەربىيىلەش ئەمەلىي تېخنىكا ماتېرىياللىرىدىن 168 تۈمەن پارچىنى بېسىپ تارقاتتى. 1992 ـ يىلى پۈتۈن رايونىمىزدا 1 مىليون دېھقان - چارۋىچىلار ھەرخىل تىپتىكى ئەمەلىي تېخنىكا تەربىيىلەش كۇرسلىرىغا قاتناشتى. 1993ـ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتى تارقاتقان ئۇيغۇرچە «يېزىلار ئەمەلىي پەن — تېخنىكىسى» ژۇرنىلى 15 مىڭ پارچىدىن ئاشتى. 1999 – يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدا پەن ـ تېخنىكىنى قوبۇل قىلغان ياش ۋە ئوتتۇرا ياش ئەمگەك كۈچى 2 . 171 تۈمەن ئادەم قېتىمغا يەتتى.

## يېزا رادىئو ـ تېلېۋىزىيە مەكتىپى

يېزا ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ تەلىپىگە ئاساسلىنىپ، ياش، ئوتتۇرا ياش دېھقانلار، يېزىدىكى زىيالىي ياشلارغا قارىتا كەڭ دائىرىدە ئەمەلىي تېخنىكا تەربىيىسى، مەدەنىيەت تەربىيىسى، چوڭلار ئوتتۇرا تېخنىكوم ئوقۇش تارىخى تەربىيىسى، يۇقىرى دەرىجىلىك كەسپىي تەربىيە ئېلىپ بارىدىغان مەكتەپتىن ئىبارەت. نۆۋەتتە، ئاپتونوم رايونىمىزدا 12 ۋىلايەت، 78 ناھىيە يېزا رادىئو ـ تېلېۋىزىيە

مەكتەپلىرىنىڭ ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان. ھەرقايسى مەكتەپلەر ئۆزىنىڭ ئەھۋالىغا ۋە ئارتۇقچىلىقىغا ئاساسەن، يولغا قويۇش لايىھەسىنى تۈزۈپ چىقىپ، مەكتەپنىڭ مەسئۇلىيىتى ۋە ۋەزىپىسىنى ئايدىڭلاشتۇرغان. يېزا ئىگىلىك رادىئو مەكتىپى 1996 ـ يىلىدىن باشلاپ «545» قۇرۇلۇشىنى (5000 كىشىلىك يېزا رادىئو مەكتىپى ئوقۇغۇچىلىرىنى ھەرىكەتكە كەلتۈرۈپ تۆت يىل ۋاقىت ئىچىدە بەش تۈمەن دېھقاننى پەن ـ تېخنىكا ئارقىلىق بېيىشقا يېتەكلەش) يولغا قويۇشنى ئاساس قىلىپ، ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن، ئىشلىتىلىدىغان ئەمەلىي ئۈنۈمگە ئىگە بولغان ئەمەلىي تېخنىكا ئارقىلىق تەربىيىلەشنى قانات يايدۇرۇپ، پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەربىر ئائىلىلىك ئۈچۈن بىر نەپەر (تېرىقچىلىقنى بىلىدىغان) ئادەم تەربىيىلەپ بەردى، پەن ـ تېخنىكىنى ئائىلىلەرگە يەتكۈزۈپ، ئىلمىي تېرىقچىلىق قىلىشنى ئەمەلگە ئاشۇردى، دېھقانلارنىڭ پەن ـ تېخنىكا مەدەنىيەت سەۋىيەسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش نەتىجىسىنى مۇستەھكەملىدى، دېھقان ـ چارۋىچىلارنىڭ بېيىپ ھاللىق سەۋىيىگە يۈرۈش قىلىشى ۋە يېزىلارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ئۈچۈن ناھايىتى زور ھەسسە قوشتى.

## ياش، ئوتتۇرا ياش ساۋاتسىزلارنى ئاساسەن تۈگىتىش مائارىپى

يېشى 15تىن يۇقىرى، 1949 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن كېيىن تۇغۇلغانلارنىڭ مىللەت ۋە جىنسىي ئايرىماستىن، قەرەل ئىچىدە ساۋاتسىزلىقتىن قۇتۇلۇشىنى تەلەپ قىلىش بولۇپ، ئۇنىڭ ئۆلچىمى مۇنداق: شەھەردىكى خەنزۇ ساۋاتسىزلار 2000 دانە خەنزۇچە خەتنى ئوقۇيالايدىغان، يازالايدىغان، ئىشلىتەلەيدىغان سەۋىيىگە يېتىش، ئاددىي ماقالىلەرنى يازالايدىغان بولۇش، 2 خانىلىقتىن يۇقىرى بولغان تۆت ئەمەلنى ھېسابلاشنى بىلىش؛ يېزىلاردىكى ساۋاتسىزلار 1500 دانە خەنزۇچە خەتنى ئوقۇيالايدىغان، يازالايدىغان، ئىشلىتەلەيدىغان بولۇش كېرەك. باشقا تەلەپلىرى شەھەرنىڭكىگە ئوخشاش. ھەرقايسى ئاز سانلىق مىللەت ساۋاتسىزلىرى، ئۆز مىللىتىنىڭ يېزىقىنى ئوقۇيالايدىغان، يازالايدىغان، ئىشلىتەلەيدىغان بولۇش (يېڭى يېزىقنى بىلىپ، كونا يېزىقنى بىلمەيدىغان ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىزلارمۇ ساۋاتسىز ھېسابلىنىدۇ). ئاددىي ماقالىلەرنى يېزىشنى بىلىشى، 4 ئەمەلنى ھېسابلاشنى بىلىدىغان بولۇش تەلەپ قىلىنىدۇ. شەھەر ئىدارە، ئورگانلاردىكى ئوتتۇرا ياشلىقلارنىڭ ساۋاتلىق بولۇش نىسبىتىنى %98تىن يۇقىرى بولۇش، يېزىلاردىكى ياش ۋە ئوتتۇرا ياشلىقلارنىڭ ساۋاتلىق بولۇش نىسبىتى %95تىن يۇقىرى بولۇش تەلەپ قىلىنىدۇ. شىنجاڭ ئازاد بولغان دەسلەپكى مەزگىلدىكى ساۋاتسىز ۋە يېرىم ساۋاتسىزلارنىڭ (خەت تونۇمايدۇ ياكى ئاز تونۇيدۇ) نىسبىتى %90 ئىدى. ئازادلىقتىن كېيىن پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت خەلقىنىڭ مەدەنىيەت ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە ناھايىتى ئەھمىيەت بەردى ۋە كۆڭۈل بۆلدى. ئادەم كۈچى، ماددىي كۈچ، مالىيە كۈچى قاتارلىق جەھەتلەردە يېقىندىن قوللاپ قۇۋۋەتلىدى. 20 ـ ئەسىرنىڭ 50 ـ يىللىرىدا شىنجاڭدىكى

ھەرقايسى جايلار شۇ جايدىكى پارتىيە ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ باشچىلىقى ئاستىدا، ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش ھەرىكىتىنى كەڭ كۆلەمدە قوزغاپ، كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت خەلقىنىڭ مەدەنىيەت ساپاسى زور دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى مەزگىلىدە ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش خىزمىتى توختىتىلدى. 1978- يىلى پارتىيىنىڭ 11- نۆۋەتلىك 3- ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، ھەرقايسى جايلار ئاپتونوم رايونلۇق ھۆكۈمەتنىڭ رەھبەرلىكى ئارقىسىدا، ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش خىزمىتىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتتى. ئاپتونوم رايون، ۋىلايەت، ناھىيە، يېزا قاتارلىق ھەرقايسى قاتلاملاردا ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش رەھبەرلىك قىلىش تەشكىلاتلىرى بەرپا قىلىندى. ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىشكە مەخسۇس مەبلەغ ئاجرىتىلدى، مەخسۇس كادىرلار سەپلەندى. بۇ ئارقىلىق ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش خىزمىتى زور كۈچ بىلەن قانات يايدۇرۇلدى. شىنجاڭنىڭ ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش خىزمىتىنى قانۇن تۈزۈم يولىغا كىرگۈزۈش ئۈچۈن 1984- يىلى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ۋەكىللەر قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش خىزمەت نىزامى»نى ئېلان قىلىپ، شىنجاڭنىڭ ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش خىزمىتىدە يېڭى بىر دولقۇن قوزغىدى. بۇنىڭ بىلەن ساۋاتسىزلار سانى كېمەيدى. 1990- يىلدىكى 4- قېتىملىق ئومۇمىيۈزلۈك نوپۇس تەكشۈرۈلۈپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ئومۇمىي نوپۇس ئىچىدىكى ساۋاتسىزلار نىسبىتى ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى 90%دىن 12.75% تۆۋەنلىگەنلىكى، ياش، ئوتتۇرا ياشلار ئىچىدىكى ساۋاتسىزلارنىڭ نىسبىتى 7.8% كە تۆۋەنلىگەنلىكى ئېنىقلاندى. 1993- يىلدىن باشلاپ رايونىمىزدا يەنە كەڭ كۆلەملىك يۇقىرى ئۆلچەملىك ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇلدى. بۇنىڭ بىلەن شىنجاڭنىڭ ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش خىزمىتى 3- قېتىملىق يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلدى. 1998- يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە شىنجاڭدىكى 93 ناھىيە (شەھەر، رايون) دېگۈدەك ياش ۋە ئوتتۇرا ياشلارنىڭ ساۋاتسىزلىقنى ئاساسەن تۈگىتىش ۋەزىپىسىنى تاماملىدى ھەمدە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەكشۈرۈشىدىن ئۆتتى. چوڭلارنىڭ ساۋاتسىزلىق نىسبىتى 5%تىن تۆۋەنگە چۈشۈرۈلدى. ياش ۋە ئوتتۇرا ياشلارنىڭ ساۋاتسىزلىق نىسبىتى 2% دىن تۆۋەن بولدى. ساۋاتسىزلىقتىن قۇتۇلغانلارنىڭ قايتا ساۋاتسىز بولۇش نىسبىتى 4%دىن تۆۋەن ھالدا كونترول قىلىندى. 1999- يىلى 9- ئايدا دۆلەتلىك مائارىپ كومىتېتى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈلۈش ئارقىلىق شىنجاڭنىڭ ياش ۋە ئوتتۇرا ياشلار ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش خىزمىتىنىڭ ھەرقايسى كۆرسەتكۈچلىرى دۆلەتنىڭ ھازىرقى تەلىپىگە ئاساسەن يەتكەنلىكى ئىسپاتلاندى. شۇنىڭ بىلەن شىنجاڭ مەملىكەتتىكى 23- ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىشنى تاماملىغان ئۆلكە بولۇپ قالدى.

## شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتى

ئەسلى ئاساسي 1906 - يىلى قۇرۇلغان شىنجاڭ پېداگوگىكا مەكتىپى ئىدى . 1978 - يىلى 9 - ئاينىڭ 8 - كۈنى ئەسلىدىكى ئۈرۈمچى 1 - دارىلمۇئەللىمىن ئاساسىدا شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتى قۇرۇلغان . 1984 - يىلى 4 - ئايدا 1961 - يىلى قۇرۇلغان شىنجاڭ رادىئو - تېلېۋىزىيە پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتىغا قوشۇۋېتىلگەن . لېكىن سىرتقا نىسبەتەن شىنجاڭ رادىئو - تېلېۋىزىيە پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى دېگەن نامنى ساقلاپ قالغان ، مەكتەپ ئىچىدە رادىئو - تېلېۋىزىيە پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئىشخانىسى تەسىس قىلىنىپ ، بىر يۈرۈش ئورگان ئىككى خىل ۋەزىسكىدىن ئىبارەت باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى شەكىللەندۈرۈلگەن . 1999 - يىلى شىنجاڭ رادىئو - تېلېۋىزىيە پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ ، رادىئو - تېلېۋىزىيە پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئىشخانىسىنىڭ ئىسمى ئىشتىن سىرتقى سىرتتىن ئوقۇتۇش بۆلۈمىگە ئۆزگەرتىلدى . شىنجاڭدىكى ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپ مۇئەللىملىرى ۋە مائارىپ باشقۇرۇش كادىرلىرىغا قارىتا سىرتتىن ئوقۇتۇش تەربىيىسى ئېلىپ بېرىشقا مەسئۇل بولدى . 1999 - يىلى 9 - ئايدا ئاپتونوم رايوننىڭ تەستىقلىشى بىلەن شىنجاڭ ئوتتۇرا باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرى ئۈزلۈكسىز مائارىپ تەتقىقات مەركىزى ، ش . ئۇ . ئا . ر مائارىپ باشقۇرۇش كادىرلىرى تەربىيىلەش مەركىزى مۇشۇ مەكتەپتە قۇرۇلۇپ ، ئوتتۇرا باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرى ئۈزلۈكسىز تەربىيىسىنى ھەم مائارىپ باشقۇرۇش كادىرلىرىنى تەربىيىلەش خىزمىتىنى قانات يايدۇرغان . مەكتەپ خىزمەتتىكىلەرنى تەربىيىلەشنى ئاساس ، خىزمەتتىن بۇرۇنقى تەربىيىنى قوشۇمچە قىلىپ ، تولۇق ۋە مەخسۇس كۇرسنى بىرلەشتۈرۈش ، ئوقۇش تارىخى مائارىپى بىلەن خىزمەت ئورنى تەربىيىسىنى بىرلەشتۈرۈش ، سىرتتىن ئوقۇتۇش ، سۈنئىي ھەمراھ ئارقىلىق ئوقۇتۇش ، ئۈزلۈكسىز ئۆگىنىشتىن ئىبارەت «ئۈچنى تۇتاشتۇرۇش» تەربىيىسى ھەممە ھالقىغا ئاساسەن تەربىيىلەش قاتارلىق كۆپ قاتلاملىق ، كۆپ ئۆلچەملىك ، كۆپ شەكىللىك مەكتەپ باشقۇرۇشنى يولغا قويۇپ ، تەربىيىلەش دائىرىسىنى ئۈزلۈكسىز كېڭەيتكەن . ئوقۇتۇش ئۇيغۇر ، خەنزۇ ، قازاق تىللىرىدا ئېلىپ بېرىلىدۇ . نۆۋەتتە مەكتەپ مائارىپ باشقۇرۇش ، باللار مائارىپى ، ئۇيغۇر تىلى ئەدەبىياتى ، خەنزۇ تىلى ئەدەبىياتى ، قازاق تىلى ئەدەبىياتى ، سىياسەت ، تارىخ ، ماتېماتىكا ، فىزىكا ، خىمىيە ، تەنتەربىيە ، مۇزىكا ، گۈزەل سەنئەت ، ئېلېكترلەشكەن ئوقۇتۇش ، ئىنگلىز تىلى ، خەنزۇ تىلى ، بىئولوگىيە ، جۇغراپىيە ، ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلار مائارىپى قاتارلىق 19 خىل پېداگوگىكا تۈردىكى كەسپلەرنى ؛ گۈزەل سەنئەت ، زىننەتلەش ، كاتىباتلىق ، كومپيۇتېر ، مالىيە بوغالتىرلىق ، خەنزۇ تىلى تەرجىمانلىقى ، تېلېۋىزىيە پروگراممىلىرىنى لايىھىلەش قاتارلىق باشقا كەسپتىن 6نى تەسىس قىلغان . 1999 - يىلى شەرقىي جۇڭگو پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى بىلەن بىرلىكتە مائارىپ ئىقتىسادشۇناسلىقى ۋە باشقۇرۇش كەسپىدە ماگىستىر ئاسپىرانتلىق

بىلىم ئاشۇرۇش سىنىپى ئاچقان . شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا دۆلەتنىڭ نامرات رايونلار مەجبۇرىي مائارىپ قۇرۇلۇشىنىڭ ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىنى تەربىيىلەش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان . 1999 - يىلدىكى مەخسۇس ۋە قوشۇمچە ئوقۇتقۇچى 262 نەپەر ، مۇئاۋىن ئالىي دەرىجىدىن يۇقىرى ئۇنۋانغا ئىگە ئوقۇتقۇچى 95 ، ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئۇنۋانغا ئىگە ئوقۇتقۇچى 197 نەپەر . ئوقۇغۇچى سانى 20512 نەپەر (ئىشتىن ئايرىلىپ ئوقۇۋاتقانلار 1856 ) ، مەكتەپ قۇرۇلغاندىن بۇيان پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچى 35760 نەپەر . تاماملىغان ئىلمىي تەتقىقات تۈرى 1629 تۈرلۈك ، بۇنىڭ ئىچىدە 81 تۈرلۈك ئىلمىي تەتقىقات نەتىجىسى مەملىكەت ۋە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن . ئىنىستىتۇت قارمىقىدا تەجرىبە باشلانغۇچ مەكتەپ تەسىس قىلىنغان . ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى 92000m² ، قۇرۇلۇش كۆلىمى 6.8 تۈمەن كۋادرات مېتىر ، كۇتۇپخانىدا ساقلىنىۋاتقان كىتاب 20 تۈمەن پارچىدىن ئارتۇق .

مەكتەپ ئادرېسى : ئۈرۈمچى نۇرلۇق يولى 8 - نومۇر .

پوچتا نومۇرى : 830043 . تېلېفون : 2825282 (0991)

## شىنجاڭ ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئۇنىۋېرسىتېتى

1962 - يىلى 12 - ئاينىڭ 8 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقلىشى ، مەملىكەتلىك مائارىپ مىنىستىرلىكىنىڭ ئەنگە ئېلىشى بىلەن قۇرۇلغان . ئەسلى ئاساسى شىنجاڭ ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئىشتىن سىرتقى ئۇنىۋېرسىتېتى بولۇپ ، ئاپتونوم رايونلۇق باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ، ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتىنىڭ ئورتاق باشقۇرۇشىغا تەۋە بولغان . 1963 - يىلى تۇنجى تۈركۈمدە 200 نەپەر ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلغان . شتاتى 12 بولۇپ ، مەكتەپتە ئەدەبىيات ، ماتېماتىكا ، بوغالتىرلىق قاتارلىق ئۈچ مەخسۇس كۇرس كەسپى تەسىس قىلىنغان . مەدەنىيەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە مەكتەپ تاقالغان . 1974 - يىلى 6 - ئاينىڭ 7 - كۈنى ئەسلىدىكى ئاپتونوم رايونلۇق ئىنقىلابىي كومىتېت مەكتەپنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى قارار قىلىپ ، شىنجاڭ ئىشچىلار سىياسىي مەكتىپى ، كېيىن يەنە شىنجاڭ ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئىشتىن سىرت ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئۆزگەرتكەن . 1979 - يىلى 6 - ئاينىڭ 13 - كۈنى سابىق ئاپتونوم رايونلۇق ئىنقىلابى كومىتېت شىنجاڭ ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئىشتىن سىرتقى ئۇنىۋېرسىتېتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى قارار قىلىپ ، شۇ يىلى تۇنجى قارار مەخسۇس كۇرس ئوقۇش تارىخى ئوقۇغۇچىلىرىنى قوبۇل قىلغان . 1985 - يىلى پۈتۈن شىنجاڭدىن 2400 ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلغان ، 1991 - يىلى 11 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتىنىڭ باشقۇرۇشىغا تاپشۇرۇلۇپ ، شىنجاڭ ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئۇنىۋېرسىتېتى قىلىپ ئۆزگەرتىلگەن . ئوقۇتۇش ئۇيغۇر ، خەنزۇ ، ئىنگلىز تىلىدا ئېلىپ بېرىلىدۇ . مەكتەپ مالىيە ئىقتىساد فاكولتېتى ، ماشىنىسازلىق فاكولتېتى ، باشقۇرۇش فاكۇلتېتى ، كومپيۇتېر فاكولتېتى ، چەت ئەل تىلى فاكولتېتى ، جۇڭگو تىلى

فاكۇلتېتى، ئاساسىي بۆلۈم، ماركسىزم - لېنىنىزم بۆلۈمى قاتارلىق ئالتە فاكۇلتېت ئىككى بۆلۈم 20 نەچچە ئوقۇتۇش كافېدراسى، 40قا يېقىن تولۇق ۋە مەخسۇس كۇرس كەسىپلىرى تەسىس قىلىنغان. نۆۋەتتە مەكتەپ تولۇق ئىشتىن ئايرىلىپ ئوقۇش، سىرتتىن ئوقۇش، ئىشتىن سىرتقى ئوقۇش قاتارلىق ئوقۇتۇش شەكىللىرى بويىچە مەخسۇس كۇرس، تولۇق كۇرس ۋە 2 - ئوقۇش تارىخى، ئاسپىرانت قاتارلىق ئوقۇش تارىخى سىنىپلىرىنى تەسىس قىلغان. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ھەرخىل ئىش ئورنى تەربىيىلەش ۋە ئۈزلۈكسىز تەربىيە قاتارلىقلار تەسىس قىلىنغان. مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى، دالیەن ئۇنىۋېرسىتېتى، بېيجىڭ سودا - سانائەت ئۇنىۋېرسىتېتى، جۇڭگو گېئولوگىيە ئۇنىۋېرسىتېتى، مەركىزىي پارتىيە مەكتىپى، قىسىم ئىشتىن سىرت ئوقۇتۇش تارمىقى قاتارلىق ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى ئالىي مەكتەپلەر بۇ مەكتەپتە كەينى - كەينىدىن شىنجاڭ ئىشتىن سىرت ئوقۇش پونكىتى ياكى ئوقۇش رايونى قۇرغان، ئاپتونوم رايون بويىچە كومپيۇتېر كەسپىدە دۆلەتلىك كەسپىي ئىقتىدارنى باھالاپ بېكىتىش ئورنى ياكى مەكتىپى بولۇپ تەسىس قىلىپ بېكىتىلگەن. مەكتەپ شتاتى 370، 1999 - يىلدىكى رەسمىي ئوقۇتقۇچى 130 (ئالىي ئۇنۋانغا ئىگە ئوقۇتقۇچى 42، ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئۇنۋانغا ئىگە ئوقۇتقۇچى 60) نەپەر، ئوقۇغۇچى سانى 5800 نەپەر. مەكتەپنىڭ ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى $83250m^2$، ئوقۇتۇش رايونى قۇرۇلۇش كۆلىمى $13194m^2$، مەكتەپتە كۇتۇپخانا ۋە بىرقەدەر تولۇق بولغان 20 نەچچە تەجرىبىخانا بار. يەنە بىرقەدەر مۇكەممەل بولغان مەكتەپ سىرتى پراكتىكا بازىسى بار. مەكتەپ پۈتۈن مەملىكەتتە بىر تۇتاش تارقىتىلىدىغان ئۇيغۇر، خەنزۇ يېزىقىدا نەشردىن چىقىدىغان «شىنجاڭ ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»نى نەشر قىلغان. ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئۇنىۋېرسىتېتى تولىڭ شىركىتىدىن ئىبارەت ئىقتىسادىي گەۋدىنى قۇرغان. مەكتەپ قۇرۇلغاندىن بۇيان 11000 ئوقۇغۇچى تەربىيىلىگەن.

مەكتەپ ئادرېسى: ئۈرۈمچى جەنۇبىي دوستلۇق يولى 107 - نومۇر.

پوچتا نومۇرى: 830000. تېلېفون: 4515918، 4514599 (0991)

**شىنجاڭ جامائەت خەۋپسىزلىكى ئەدلىيە باشقۇرۇش كادىرلار ئىنستىتۇتى**

1950 - يىلى قۇرۇلغان. ئەسلى نامى شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق جامائەت خەۋپسىزلىكى مەكتىپى. 1958 - يىلى نازارەت دەرىجىلىك ئورۇن بولۇپ، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي قانۇن كادىرلار مەكتىپى قىلىپ ئۆزگەرتىلگەن. 1984 - يىلى سىياسىي قانۇن كادىرلار باشقۇرۇش ئىنستىتۇتى قىلىپ ئۆزگەرتىلگەن. 1989 - يىلى جامائەت خەۋپسىزلىكى تارمىقىغا كىرگۈزۈلگەن ھەم شىنجاڭ جامائەت خەۋپسىزلىكى ئەدلىيە باشقۇرۇش كادىرلار ئىنستىتۇتى قىلىپ ئۆزگەرتىلگەن. بۇ مەكتەپ شىنجاڭدىكى بىردىنبىر جامائەت خەۋپسىزلىك ئەدلىيە كادىرلىرىنى تەربىيىلەيدىغان چوڭلار ئالىي تېخنىكوم مەكتىپى، شۇنداقلا جامائەت خەۋپسىزلىك ئەدلىيە تارمىقىدىكى

ئەمەلىي كەسپىي خادىملارنى تەربىيىلەيدىغان مائارىپ بازىسى ۋە تەربىيىلەش مەركىزىي . مەكتەپنىڭ تارىخى ئۇزۇن ، مۇكەممەل مەكتەپ قۇرۇش شارائىتىغا ئىگە . رازۋېدكا فاكولتېتى ، جامائەت خەۋپسىزلىكى فاكولتېتى ، قانۇن فاكولتېتى ، ماركسىزم - لېنىنىزم كافېدراسى ، قوشۇمچە دەرسلىك كافېدراسى قاتارلىق بەش ئوقۇتۇش تارمىقى ، شۇنىڭدەك جامائەت خەۋپسىزلىكى ، قانۇن ، تىل قاتارلىق كەسپلەردىن 35 خىل پەن تەسىس قىلىنغان . ئىلمىي بۆلۈم ، ئوقۇغۇچىلار باشقارمىسى ، پەن - تەتقىقات باشقارمىسى ، كۇتۇپخانا قاتارلىق 4 ئوقۇتۇش قوشۇمچە ئورنى ۋە پارتكوم ئىشخانىسى ، ئىنىستىتۇت باشلىقى ئىشخانىسى ، تەشكىلات كادىرلار باشقارمىسى ، ئىنتىزام تەكشۈرۈش ، تەشۋىقات تەربىيە باشقارمىسى ، خوجىلىق بۆلۈمى ، پىشقەدەم كادىرلار باشقارمىسى قاتارلىق ئالتە يۈرۈشلەشتۈرۈلگەن باشقۇرۇش تارماقلىرى تەسىس قىلىنغان . ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئالىي مەكتەپ تولۇق كۇرس ئوقۇغۇچىلىرى سىنىپى ، تەييارلىق سىنىپى ، ئالىي تېخنىكوم سىنىپى ، جامائەت خەۋپسىزلىكى ، قانۇن ئالىي تېخنىكوم گۇۋاھنامە ئېلىش سىنىپى ، رادىئو - تېلېۋىزىيە ئۇنىۋېرسىتېتى سىنىپى ، جامائەت خەۋپسىزلىك ، ئەدلىيە تارماقلىرى ئۈچۈن ھەرتۈرلۈك قىسقا مۇددەتلىك كۇرسلارنى تەسىس قىلىپ ، كۆپ قاتلاملىق ، كۆپ يوللۇق ، كۆپ شەكىللىك مەكتەپ باشقۇرۇش ئەندىزىسىنى شەكىللەندۈرگەن . مەكتەپنىڭ ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى 136536m³ بولۇپ ، مۇئەييەن كۆلەمگە ئىگە كومپيۇتېر ئۆيى ، ئېلېكترلەشكەن ئوقۇتۇش ئۆيى ، تەجرىبىخانا ، مەشىق ئۆيى قاتارلىقلارنى تەسىس قىلغان . كۇتۇپخانىدا ساقلىنىۋاتقان كىتاب 20 تۈمەن پارچىغا يېقىن بولۇپ ، خەنزۇچە ، چەت تىلىدىكى ژۇرناللار 3000 دىن ئارتۇق . زامانىۋىلاشقان ئوقۇتۇش ۋە ئاساسىي ئەسلىھەلەرگە ئىگە . ئىنىستىتۇت ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ مەملىكەتلىك مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ئىلغار كوللېكتىپى ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئالىي مەكتەپلەر «ئۈچتە ئەلا ، بىر بولۇشتىكى ئىلغار ئورۇن» دېگەن شەرەپلىك نامغا ئېرىشكەن . 1992 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق چوڭلار ئالىي مەكتىپىنى باھالاشتا ئاپتونوم رايونلۇق «A » دەرىجىلىك چوڭلار ئالىي مەكتىپى بولۇپ باھالانغان . 1988 - يىلى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مەنىۋى مەدەنىيەتلىك ئورۇن بولۇپ باھالانغان . 1999 - يىلى كەسپىي ئوقۇتقۇچىدىن 248 كىشى خەلق ساقچىسى ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن . مەكتەپ 47 يىلدىن بۇيان 30مىڭدىن كۆپرەك تۈرلۈك ئوقۇغۇچى تەربىيىلىگەن .

مەكتەپ ئادرېسى : ئۈرۈمچى شەھىرى شىمالى تيەنجىن يولى 2 - نومۇر .
پوچتا نومۇرى : 830011 . تېلېفون : 6638836 (0991 )

## شىنجاڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش كادىرلار مەكتىپى

مەكتەپ ئۈرۈمچى جەنۇبىي بېيجىڭ يولىغا جايلاشقان بولۇپ ، 1985 - يىلى 1 - ئايدا رەسمىي قۇرۇلغان . دۆلەت مائارىپ مىنىستىرلىكى تەنگە ئالغان ، مۇستەقىل

قۇرۇلغان مەخسۇس كۇرس بويىچە ئوقۇش تارىخى ماتېرىيالىنى ئاساس قىلغان، ئىگىلىك باشقۇرۇش كەسپى چوڭلار ماتېرىيالى ئىنستىتۇتى بولۇپ، ئاپتونوم رايونلۇق ئىقتىسادىي كومىتېتقا تەۋە. بۇ مەكتەپنىڭ مەمۇرىي دەرىجىسى نازارەت دەرىجىلىك. 1993 - يىلى 1 - ئايدا شىنجاڭ ئىقتىساد - سودا كومىتېتىنىڭ تەربىيىلەش مەكتىپى مۇشۇ مەكتەپ ئىچىدە تەسىس قىلىنغان. 1998 - يىلى بۇ مەكتەپتە كارخانا تەتقىقات ئورنى قۇرۇلغان. 1999 — يىلى شىنجاڭ ئىقتىسادىي سودا تېلېۋىزىيە ئۇنىۋېرسىتېتى، شىنجاڭ پائالىيەتشۇناسلىق ئىلمىي جەمئىيىتى، شىنجاڭ ئاممىۋى مۇناسىۋەت جەمئىيىتى قاتارلىقلار قۇرۇلغان. ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى $60606m^2$. قۇرۇلۇش كۆلىمى $35000m^2$ بولۇپ، كۇتۇپخانا، كۆپ خىل فونكسىيىلىك، كۆپ ۋاستىلىك سىنىپ، تىل ئۆيى، كومپيۇتېرخانا، بوغالتىرلىق تەقلىدىي تەجرىبىخانىسى قاتارلىقلار بار. مەكتەپ كارخانا باشقۇرۇش، مالىيە باج بوغالتىرلىقى، ئاممىۋى باشقۇرۇش، تاشقى ئىقتىساد، كومپيۇتېر ئۇچۇرى، ماركسىزم - لېنىنىزم قاتارلىق ئالتە فاكولتېت، 17 كافېدرا، 22 كەسپ تەسىس قىلغان. مەكتەپ باشقۇرۇش شەكلىدىن ئىشتىن ئايرىپ ئوقۇش، ئىشتىن سىرت، سىرتتىن ئوقۇش قاتارلىقلار بار. 1999 - يىلدىكى ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچى 260 نەپەر، بۇنىڭ ئىچىدە كەسپىي ئوقۇتقۇچى 148 نەپەر، پرافېسسور سەككىز نەپەر، دوتسېنت 37 نەپەر، لېكتور 58 نەپەر، ئوقۇتقۇچىلار ئىچىدە بىر نەپەر دوكتور، 10 نەپەر ماگىستىر بار. مەكتەپ قۇرۇلغان 15 يىلدىن بۇيان ئالىي تېخنىكومدىن يۇقىرى ئوقۇغۇچىدىن 1500 دىن ئارتۇقنى تەربىيىلىگەن.

مەكتەپ ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي بېيجىڭ يولى 18 - نومۇر.

پوچتا نومۇرى: 830011. تېلېفون: 3836051 (0991)

## شىنجاڭ رادىئو - تېلېۋىزىيە ئۇنىۋېرسىتېتى

شىنجاڭ رادىئو - تېلېۋىزىيە ئۇنىۋېرسىتېتى باش ئورنىنى مەركەز قىلىپ جەنۇبىي ۋە شىمالىي شىنجاڭدا شۆبە مەكتەپ، خىزمەت پونكىتى قۇرغان. مەكتەپ قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدىكى ئۈرۈمچى، سانجى رايونلىرىدىن ھالقىپ، 15 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر دەرىجىلىك تېلېۋىزىيە ئۇنىۋېرسىتېتى شۆبە مەكتىپىگە تەرەققىي قىلغان. 28 تېلېۋىزىيە ئۇنىۋېرسىتېتى خىزمەت پونكىتى، 10 ئوقۇتۇش نۇقتىسى قۇرۇلغان. مەكتەپ بىر تۇتاش پىلانلاش، دەرىجىگە ئايرىپ ئوقۇتۇش، دەرىجىلىككە ئايرىپ باشقۇرۇشتەك مەكتەپ باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى قوللانغان بولۇپ، مەكتەپنىڭ مەركىزىي بۆلۈمى ئاپتونوم رايوننىڭ تېلېۋىزىيە ئۇنىۋېرسىتېتى شۆبە مەكتەپلىرى، خىزمەت پونكىتلىرى، ئوقۇتۇش نۇقتىلىرىغا كەسپىي جەھەتتىن يېتەكچىلىك قىلىش ۋە ئىلمىي نەتىجىلىرىنى باشقۇرۇش خىزمەتلىرىگە مەسئۇل بولۇپ، شىنجاڭدا ئاپتونوم رايونلۇق تېلېۋىزىيە ئۇنىۋېرسىتېتىنى مەركەز قىلغان، ھەرقايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرگە تارقالغان رادىئو - تېلېۋىزىيە ماتېرىيالىنى شەكىللەندۈرگەن. ئوقۇتۇش شەكلى پۈتۈنلەي ئىشتىن

ئايرىلىپ ئوقۇتۇش، يېرىم ئىشتىن ئايرىپ ئوقۇتۇش، ئىشتىن سىرت ئۆگىنىش قاتارلىقلار بولۇپ، ئوقۇش مۇددىتى 2 ـ 3 يىلغىچە. ئوقۇغۇچىلار ئۆزىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن تاللاپ ئوقۇيدۇ. يەنە ئىش ئورنى تەربىيىلەش سىنىپى، كەسپىي گۇۋاھنامە سىنىپى، كەسپىي تېخنىكا مائارىپى ۋە ئۇزلۇكسىز مائارىپ سىنىپى قاتارلىقلارنىمۇ تەسىس قىلغان. 1982 ـ يىلى ئاز سانلىق مىللەت تىلىدا دەرس بېرىلىدىغان رادىئو ـ تېلېۋىزىيە مائارىپىنى قۇرۇپ، مەملىكەتتىكى ئەڭ بالدۇر ئاز سانلىق مىللەت تىلىدا دەرس بېرىلىدىغان رادىئو ـ تېلېۋىزىيە ئۇنىۋېرسىتېتى بولۇپ قالغان. مەملىكەت دائىرىسىدە «بەشتە بىرلىككە كەلگەن» (ئاز سانلىق مىللەت بۆلۈمى ئاپتونوم رايونلۇق رادىئو ـ تېلېۋىزىيە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ باشچىلىقىدا «بەشتە بىرلىككە كەلگەن» تۈزۈمنى ئىجرا قىلىدۇ)، يەنى «ئوقۇتۇش پىلانى بىرلىككە كەلگەن، ئوقۇتۇش پروگراممىسى بىرلىككە كەلگەن، دەرسلىك ماتېرىيال بىرلىككە كەلگەن، سوئال چىقىرىپ ئىمتىھان ئېلىش بىرلىككە كەلگەن، نومۇر قويۇش ئۆلچىمى بىرلىككە كەلگەن» تۈزۈم يولغا قويۇلغان. ئوقۇش تارىخى قاتلىمىدىن تولۇق كۇرس، مەخسۇس كۇرس، ئوتتۇرا تېخنىكوم قاتارلىقلار بار. مەكتەپنىڭ ھازىر يەنە $11000m^2$لىق ئوقۇتۇش، تەجرىبە، ئىشخانا خىزمەت بىناسى بار. ئىچىدە كومپيۇتېر مەركىزي، سۈنئىي ھەمراھ ئۇچۇرى قوبۇل قىلىش ئىشخانىسى، تەجرىبىخانا، كۆرۈش، ئاڭلاش ئۆيى، ئۈن ـ سىن ئوقۇتۇش ماتېرىياللىرىنى ياساش ئۆيى قاتارلىقلار ھەمدە تېلېۋىزور پروگراممىلىرىنى تارقىتىش سىستېمىسى، سۈنئىي ھەمراھ ئۇچۇرى قوبۇل قىلىش سىستېمىسى، كومپيۇتېر سىستېمىسى، تەجرىبە سىستېمىسى قاتارلىقلار بار. بۇنىڭدىن باشقا سىمسىز چاستوتا كېڭەيتىش تېخنىكىسى ۋە ئەسلىھەلىرى ئارقىلىق شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى بىلەن ئىنتېرنېت تۇتاشقان ھەمدە مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئۇنىۋېرسىتېتى بىلەن ئىنتېرنېت ئارقىلىق ئۇچۇر ئالماشتۇرۇش، بايلىقلاردىن ئورتاق بەھرىمەن بولۇش ۋە تور ئارقىلىق ئوقۇتۇش باشقۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرغان. 1999 ـ يىلدىكى ئوقۇغۇچى سانى 25 مىڭ نەپەر. مەكتەپ قۇرۇلغان 20 يىلدىن بۇيان، بۇ مەكتەپ ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ بەش خىل پەن، 21 تۈر، 152 مەخسۇس كۇرس كەسپلىرىنى تەسىس قىلغان. جەمئىي تەسىس قىلغان ئوتتۇرا تېخنىكوم ئوقۇش تارىخى سىنىپى 45، يەنە «مەخسۇس كۇرستىن تولۇق كۇرسقا ئۆرلەش»، ئېچىۋېتىلگەن مائارىپ سىناق نۇقتىسى تەسىس قىلىپ، جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى كەسپلىرىگە ئالىي، ئوتتۇرا تېخنىكوم ئوقۇغۇچىلىرىدىن 50000دىن ئارتۇق ئادەم تەربىيىلىگەن.

مەكتەپ ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي شىنخۇا يولى

پوچتا نومۇرى: 830001. تېلېفون: 2859014.

**شىنجاڭ توقۇمىچىلىق ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ئۇنىۋېرسىتېتى**

شىنجاڭ توقۇمىچىلىق سانائىتى مەكتىپىگە قارالسۇن.

## شىنجاڭ پولات - تۆمۈر ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئۇنىۋېرسىتېتى

1981 - يىلى ئۈرۈمچى شەھىرى تۇدۇنخابا رايونىدا قۇرۇلغان بولۇپ، شىنجاڭ پولات - تۆمۈر گۇرۇھى شىركىتىگە تەۋە. ئوقۇتۇش خەنزۇ تىلىدا ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، پولات - تۆمۈر تاۋلاش، ماشىنىسازلىق، مېتاللورگىيە ماشىنىسازلىقى، پولات ئېرىتىش سانائىتى ۋە ئۇسكۇنىلىرى، پىلان ستاتىستىكىسى، سانائەت ئاپتوماتلاشتۇرۇش، سانائەت بوغالتىرلىقى، ماشىنىسازلىق قۇرۇلۇشى، كارخانا باشقۇرۇش، كومپيۇتېر ئىشلىتىش (يۇمشاق دېتال ۋە ئىشخانىنى ئاپتوماتلاشتۇرۇش) قاتارلىق كەسىپلەرنى تەسىس قىلغان. 1996 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتىنىڭ باھالىشىدىن ئۆتكەن. مەكتەپنىڭ ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى $48470m^2$ . ئوقۇتۇشتا ئىشلىتىلىدىغىنى $20662m^2$ . مېتال، ئېلېكترون، ماشىنىسازلىق، كومپيۇتېر قاتارلىق 13 تەجرىبىخانا قۇرغان. ساقلىنىۋاتقان كىتاب 63000 پارچىدىن ئارتۇق. ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەتلىك ئورۇن دېگەن شەرەپلىك نامغا ئېرىشكەن. مەكتەپ شتاتى 125 . 1999 - يىلدىكى رەسمىي ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچى سانى 1280 نەپەر. مەكتەپ قۇرۇلغاندىن بۇيان يېتىشتۈرۈپ چىققان ئوقۇغۇچىسى 668 نەپەر.

ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى تۇدۇنخابا رايونى لوپ يولى.

پوچتا نومۇرى: 830022 . تېلېفون: (0991 - 3892330)

## شىنجاڭ نېفىتى مائارىپ ئىنىستىتۇتى

1984 - يىلى قاراماي شەھەرلىك 8 - ئوتتۇرا مەكتەپتە قۇرۇلغان. 1986 - يىلى 9 - ئايدا ھازىرقى ئورنىغا كۆچۈرۈلگەن. بۇ مەكتەپ قاراماي دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپى ئاساسىدا قۇرۇلغان بىرلەشمە مەكتەپ بولۇپ، خەنزۇ، مىللىي ئارىلاش دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپى. 1996 - يىلى بېيجىڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى قاراماي شۆبە مەكتىپى، شىنجاڭ رادىئو - تېلېۋىزىيە پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى قاراماي شۆبە مەكتىپىنى قۇرغان، 1998 - يىلى جۇڭگو خەنزۇ تىلى سەۋىيە سىناش ئىمتىھانى قاراماي تەربىيىلەش سىناق مەركىزىي تەسىس قىلىنغان. شۇ يىلى 10 - ئايدا شەھەرلىك پارتىيە مەكتىپى تېلېۋىزىيە ئۇنىۋېرسىتېتى، قاراماي شۆبە مەكتىپى بىلەن بىرلىشىپ قاراماي تەبىئىي، ئىجتىمائىي پەنلەر ئىنىستىتۇتى بولۇپ قۇرۇلۇپ، شىنجاڭ نېفىت باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ تەۋەلىكىدە بولغان. ئوقۇتۇش خەنزۇ تىلى ۋە ئۇيغۇر تىلىنى ئاساس قىلىپ ئېلىپ بېرىلىدۇ. مەكتەپنىڭ يەر كۆلىمى 740000 كۋادرات مېتىر، قۇرۇلۇش كۆلىمى 30000 كۋادرات مېتىر. مەكتەپتە ئوقۇتۇش بىناسى، تەجرىبە بىناسى، سەنئەت بىناسى، تەنتەربىيە سارىيى، دوكلات بېرىش زالى، كۇتۇپخانا بىناسى قاتارلىقلار قۇرۇلغان. ئادەتتىكى ئوقۇتۇش بىلەن مەخسۇس ئوقۇتۇش ئەسلىھەلىرى تولۇق. كۇتۇپخانىدا ساقلىنىۋاتقان كىتابلار 100000غا بارىدۇ. 1999 - يىلدىكى ئوقۇتقۇچىلار

سانى 95 نەپەر. بۇنىڭ ئىچىدە يۇقىرى دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچى 18 نەپەر. ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچى 48 نەپەر. مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلار 822 نەپەر.

مەكتەپ ئادرېسى: قاراماي شەھىرى

پوچتا نومۇرى: 834000. تېلېفون: 6887869 (0990)

## شىنجاڭ سەھىيە نازارىتى ئىشچى - خىزمەتچىلەر تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتى

بۇ مەكتەپ يەنە شىنجاڭ سەھىيە كادىرلار بىلىم ئاشۇرۇش مەكتىپى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. شىنجاڭ سەھىيە نازارىتى ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئىشتىن سىرتقى تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتى دېگەن نامنىمۇ ئىشلەتكەن. شىنجاڭ سەھىيە كادىرلار بىلىم ئاشۇرۇش مەكتىپى 1957 - يىلى 9 - ئايدا، ئۈرۈمچى بولاقبېشى كوچىسى 66 - نومۇردا) قۇرۇلغان. 1958 - يىلى 9 - ئايدا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە نازارىتى ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئىشتىن سىرتقى تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتى بولۇپ قۇرۇلغان. 1994 - يىلى 5 - ئايدا ئەسلىدىكى سەھىيە نازارىتى ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئىشتىن سىرتقى تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتى، شىنجاڭ سەھىيە نازارىتى ئىشچى - خىزمەتچىلەر تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئۆزگەرتىلگەن. سەھىيە نازارىتىنىڭ رەھبەرلىكىگە تەۋە. ئاساسىي ۋەزىپىسى بولسا تېببىي خىزمەتتىكى خادىملارنى تەربىيىلەش. مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى مەزگىلىدە مەكتەپ تاقالغان. 1979 - يىلى 6 - ئايدا ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ۋە ئوقۇتۇش خىزمىتى ئەسلىگە كەلگەن. 1982 - يىلى 7 - ئاينىڭ 14 - كۈنى سەھىيە نازارىتى ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئىشتىن سىرتقى ئۇنىۋېرسىتېتى، سەھىيە كادىرلار بىلىم ئاشۇرۇش مەكتىپى بىلەن بىرلىشىپ، بىر رەھبەرلىك، گۇرۇپپىسى ئىككى خىل ۋەزىپىسى شەكىللەنگەن. 1984 - يىلى مەكتەپ خوجىلىق بولۇم، ئىشخانا قاتارلىق مەمۇرىي ئاپپاراتلار، كلىنىك داۋالاش، ئالدىنى ئېلىش مېدىتسىناسى، جۇڭيىچە داۋالاش، سىستېرالىق، دورىگەرلىك، سەھىيە ئىشلىرى باشقۇرۇش قاتارلىق يەتتە خىل كەسىپ تەسىس قىلغان. 1993 - يىلى 8 - ئايدا، ئۈرۈمچى شەھەر ئوقۇتۇش نۇقتىسىدا ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلغان. 1994 - يىلى 9 - ئايدا ئۈرۈمچى شەھەر جەنۇبىي يىنبىك يولى 21 - نومۇردىكى ئوقۇتۇش نۇقتىسىدا ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلغان. شۇ يىلى خىمىيە، فىزىئولوگىيە تەجرىبىخانىسى ۋە ئېلېكترلەشكەن ئوقۇتۇش ئىشخانىسىنى قۇرغان. سەھىيە نازارىتى، ئاخبارات ماتېرىيال بۆلۈمىدىكى بارلىق خادىملار ۋە ماتېرىياللار سەھىيە نازارىتى ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئۇنىۋېرسىتېتىغا تەۋە بولغان. كۇتۇپخانا قۇرغان ھەمدە دۆلەتلىك سەھىيە مىنىستىرلىكى مۇتەخەسسىسلەر باھالاش ئۆمىكىنىڭ مەكتەپنىڭ ئوقۇتۇش شارائىتى ۋە ئوقۇتۇش سەۋىيىسىنى باھالىشىدىن ئۆتكەن. 1995 - يىلى 4 - ئايدا ئۈرۈمچى شەھىرى ساڭفاڭگو يولى 81 - نومۇردا يېڭىدىن مەكتەپ قۇرغان. 1996 - يىلى 1 - ئايدا پارتكوم قۇرۇلغان. 1997 - يىلى 10 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ

كومپيۇتېرنىڭ چوڭلار ئالىي مەكتەپلىرىنى باھالىشىدىن ئۆتۈپ، مېدىتسىنا مائارىپى تەتقىقات ئوقۇتۇش پراكتىكا بازىسىنى قۇرغان. ئوقۇتۇشتا خەنزۇ تىلى، ئۇيغۇر تىلى قوللىنىلغان. كلىنىك داۋالاش، ئالىي سىستېرالىق، لابوراتورىيە، دورىگەرلىك، جۇڭيىچە داۋالاش، قۇرۇق يىڭنە بىلەن داۋالاش، سەھىيە باشقۇرۇش، مەكتەپ دوختۇرى ئىلمى، سەھىيە تېخنىكىسى، فىلشىرلىق، سېستىرا قاتارلىق كەسپلەر تەسىس قىلىنغان. بۇ مەكتەپ ئالىي، ئوتتۇرا، تۆۋەن دەرىجىدىكى سەھىيە تېخنىكا خادىملىرىنىڭ ئوقۇش تارىخى مائارىپىنى ئېلىپ بارغاندىن باشقا، يەنە كەسپ گۇۋاھنامە، ئۇزلۇكسىز مائارىپ، خىزمەت ئورنىدا تەربىيىلەش ۋە ھەر دەرىجىلىك سەھىيە باشقۇرۇش كادىرلىرى ۋە خىزمەتچىلىرىنى تەربىيىلەش ھەمدە سەھىيە، تېخنىك ئىشچىلىرىنى تەربىيىلەش قاتارلىق تەربىيىلەش خىزمەتلىرىنى ئاكتىپ ئىشلىگەن. يەر كۆلىمى 11700 كۋادرات مېتىر، ئوقۇتۇش رايونى قۇرۇلۇش كۆلىمى 6946 كۋادرات مېتىر، مەكتەپ تەۋەسىدە تۆت ئوقۇتۇش دوختۇرخانىسى ۋە توققۇز پراكتىكا دوختۇرخانىسى بار. مەكتەپ شتاتى 65. 1999 - يىلدىكى رەسمىي ئوقۇتقۇچىلار 34 نەپەر. مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلار 1659 نەپەر. مەكتەپ قۇرۇلغاندىن تارتىپ تەربىيىلەنگەن ئوقۇغۇچى 3892 نەپەر.

مەكتەپ ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى ساڭفاڭگۇ يولى 81 - نومۇر.

پوچتا نومۇرى: 830006. تېلېفون: 5834784 (0991)

## شىنجاڭ رەڭلىك مېتال سانائىتى ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئۇنىۋېرسىتېتى

1984 - يىلى 5 - ئاينىڭ 21 - كۈنى شىنجاڭ رەڭلىك مېتال شىركىتى كادىرلار مەكتىپى ئاساسىدا قۇرۇلغان. ئىشتىن ئايرىلىپ ئوقۇيدىغان، ئىشتىن سىرتقى ئوقۇيدىغان، مەخسۇس كۇرس سىنىپلىرى ۋە مەخسۇس كۇرس گۇۋاھنامىسى سىنىپى، ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىپ ئىمتىھان بېرىش سىنىپى، ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانى كونسۇلتاتسىيە سىنىپى قاتارلىق تەربىيىلەش سىنىپلىرى ئاچقان ھەمدە ئاكتىپ ھالدا ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى ئالىي مەكتەپلەر بىلەن بىرلىشىپ ئوقۇتۇش ئېلىپ بارغان. مەكتەپ قۇرۇلغاندىن تارتىپ جەمئىي 5758 نەپەر ھەرخىل تۈردىكى خادىملارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرگەن. بۇنىڭ ئىچىدە ئالىي تېخنىكوم ئوقۇش تارىخىدىكى گېئولوگىيە، قېزىش، تاۋلاش، سىياسەت، ماشىنىسازلىق، بوغالتىرلىق، ئېگىلىك باشقۇرۇش، كارخانا باشقۇرۇش، تۇرالغۇ ئۆي قۇرۇلۇش قاتارلىق 14 كەسپ بويىچە 2044 كىشىنى تەربىيىلىگەن. شىنجاڭ رەڭلىك مېتال ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئۇنىۋېرسىتېتى 1998 - يىلى 8 - ئايدا ئۈرۈمچى رەڭلىك مېتال (ئالتۇن) سانائىتى مەكتىپى بىلەن بىرلەشتۈرۈلگەن. شۇ يىلى 11- ئايدا ئىككى مەكتەپ بىرلىشىپ شىنجاڭ رەڭلىك مېتال سانائىتى مائارىپ تەربىيىلەش مەركىزى بولۇپ قۇرۇلغان. 1999- يىلى 4 - ئايدا رەڭلىك مېتال كەسپىي ئۇنىۋېرسىتېتى ئۈرۈمچى دوستلۇق شىمالىي يولى

4 ـ نومۇردىن ئۈرۈمچى شەھەر قەشقەر شەرقى يولى 16 ـ نومۇرغا ، يەنى ئۈرۈمچى رەڭلىك مېتال سانائىتى مەكتىپىگە يۆتكەلگەن . قوشۇلغاندىن كېيىنكى مەكتەپ يەر مەيدانى 152514 كۋادرات مېتىر بولۇپ ، قۇرۇلۇش كۆلىمى 38000 كۋادرات مېتىر ، 12 كەسپىي تەجرىبىخانىسى ۋە بىر پىراكتىكا زاۋۇتى بار بولغان . ساقلانغان كىتاب 82 مىڭ پارچە . 1999 ـ يىلى «2+3» ئالىي تېخنىكوم سىنىپ تەسىس قىلغان . ئوقۇتقۇچى ، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر 190 نەپەر (يۇقىرى دەرىجىلىك ئۇنۋانى بارلار 38 ، ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئۇنۋانى بارلار 35 ) مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلار 3000 غا يېقىن .

مەكتەپ ئادرېسى : ئۈرۈمچى شەھەر يېڭى شەھەر رايونى قەشقەر شەرقى يولى 16ـنومۇر .

پوچتا نومۇرى : 830013 . تېلېفون : 6638461 ، 663864 (0991)

## شىنجاڭ بىناكارلىق قۇرۇلۇش ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ئۇنىۋېرسىتېتى

## شىنجاڭ بىناكارلىق قۇرۇلۇش مەكتىپىگە قارالسۇن

## ئۈرۈمچى چوڭلار مائارىپ ئىنستىتۇتى

1993 ـــ يىلى 3 ـ ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقلىشى ئارقىلىق ، ئۈرۈمچى مائارىپ ئىنستىتۇتى ، ئۈرۈمچى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ئىشتىن سىرتقى ئۇنىۋېرسىتېتى ، شىنجاڭ رادىئو ـ تېلېۋىزىيە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئۈرۈمچى شۆبىسى قوشۇلۇپ ، ئۇنىۋېرسال خاراكتېرلىك چوڭلار ئالىي مەكتىپى بولۇپ قۇرۇلغان . مۇئاۋىن ۋىلايەت دەرىجىلىك ئورۇن ، ئۈرۈمچى شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ باشقۇرۇشىغا تەۋە . مەكتەپ پارتكومىغا جۇڭگو كومپارتىيىسى ئۈرۈمچى شەھەرلىك كومىتېتى رەھبەرلىك قىلىدۇ . مەمۇرىي جەھەتتە ئۈرۈمچى شەھەرلىك مائارىپ كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكىنى قوبۇل قىلىدۇ . كەسپىي جەھەتتە ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتىنىڭ رەھبەرلىكىدە ۋە باشقۇرۇشىدا بولىدۇ . تېلېۋىزىيە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ كەسپلىرىگە شىنجاڭ رادىئو ـ تېلېۋىزىيە ئۇنىۋېرسىتېتى رەھبەرلىك قىلىدۇ . سابىق ئۈرۈمچى مائارىپ ئىنستىتۇتىنىڭ ئەسلى ئاساسى 1976ـيىلى 4 ـ ئايدا قۇرۇلغان ئۈرۈمچى مائارىپ ئىدارىسى ھەم قىزىللىشىش ھەم ئىختىساسلىشىش مەكتىپى ئىدى . 1979 ـ يىلى 11 ـ ئايدا مەكتەپ نامى «ئۈرۈمچى ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش ئىنستىتۇتى» قىلىپ ئۆزگەرتىلگەن ، 1984 ـ يىلى 2ـئايدا «ئۈرۈمچى مائارىپ ئىنستىتۇتى» قىلىپ ئۆزگەرتىلگەن . ئەسلىدىكى ئۈرۈمچى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ئىشتىن سىرتقى ئۇنىۋېرسىتېتى 1982 ـ يىلى قۇرۇلغان . ئەسلىدىكى شىنجاڭ رادىئو ـ تېلېۋىزىيە ئۇنىۋېرسىتېتى ئۈرۈمچى شەھەرلىك شۆبە مەكتىپى 1979 ـ يىل 5 ـ ئايدا قۇرۇلغان . 1993 ـ يىلى 3 ـ ئايدا ئۈچ مەكتەپ قوشۇلغاندىن كېيىن ئۈرۈمچى رادىئو ـ تېلېۋىزىيە ئۇنىۋېرسىتېتى شۆبە مەكتىپىنىڭ سىرتقا قارىتا ئىسمى ئۆزگەرمىگەن .

1999 ـ يىلى 9 ـ ئايدا ، مەكتەپ نامى ئۈرۈمچى رادىئو ـ تېلېۋىزىيە ئۇنىۋېرسىتېتى قىلىپ ئۆزگەرتىلگەن .

مەكتەپ خەنزۇ ، مىللىي ئارىلاش مەكتەپ بولۇپ ، ئوقۇتۇشتا خەنزۇ تىلى ، ئۇيغۇر تىلى ، ئىنگلىز تىلى ئىشلىتىلىدۇ . پۈتۈن كۆنلۈك تۈزۈمدىكى ئوقۇش ، ئىشتىن ئايرىلىپ ئوقۇش ، ئىشتىن سىرتقى ئوقۇش قاتارلىق ئۈچ خىل ئۆگىنىش شەكلى بار . ئۈرۈمچى رايونىنىڭ ئاساسىي مائارىپ ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ ئوقۇش تارىخى مائارىپى ۋە ئۈزلۈكسىز مائارىپى بويىچە تەربىيىلەش ، مائارىپ مەمۇرىي كادىرلىرىنى ئىش ئورنى بويىچە تەربىيىلەش ، خىزمەتتىكى خادىملارنىڭ مەخسۇس كۇرس ، ئوتتۇرا تېخنىكوم ئوقۇش تارىخى مائارىپى ۋە چوڭلارنىڭ 2 ـ ئوقۇش تارىخى تەربىيىسى قاتارلىقلارنى ئېلىپ بارغان ، رادىئو ـ تېلېۋىزىيە قاتارلىق ئوقۇتۇش ۋاستىلىرى ئارقىلىق ئادەتتىكى مەخسۇس كۇرس ، ئوتتۇرا تېخنىكوم ئوقۇش تارىخى مائارىپىنىڭ چوڭلار ئوقۇش تارىخى سىنىپلىرىنى ئاچقان . ئۇنىڭدىن باشقا ، كەسپىي گۇۋاھنامە بويىچە تەربىيىلەش ۋە ھەرخىل ئوقۇش تارىخى مائارىپى بويىچە ۋە ئىش ئورنى تەربىيىلەش كۇرسلىرىنى ئېچىش قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۈستىگە ئالغان . ھەمكارلىشىش شەكلىدە ، سىرتتىن ئوقۇيدىغان تولۇق كۇرس ئوقۇش تارىخى ۋە ئاسپىرانتلىق بىلىم ئاشۇرۇش سىنىپلىرىنى ئاچقان .

مەكتەپ ئەدەبىيات فاكۇلتېتى ، چەت ئەل تىللىرى فاكۇلتېتى ، سىياسەت ـ مائارىپ فاكۇلتېتى ، كومپيۇتېر ، ماتېماتىكا فاكۇلتېتى ، فىزىكا ـ خىمىيە فاكۇلتېتى ، مالىيە فاكۇلتېتى قاتارلىق ئالتە فاكۇلتېت ، 23 كەسىپنى تەسىس قىلغان . مەكتەپ شتاتى 280 . 1999 — يىلى رەسمىي ئوقۇتقۇچى 158 (پرافېسسور ئىككى ، دوتسېنت 61 ، لېكتور 65 ) . مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلار 3600 ، مەكتەپ قۇرۇلغاندىن بۇيان تەربىيىلىگەن ھەرتۈرلۈك ئالىي ، ئوتتۇرا تېخنىكومنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچى 15877 نەپەر . مەكتەپ كۆلىمى 32000 كۋادرات مېتىر . ئوقۇتۇش رايونى قۇرۇلۇشى كۆلىمى 18200 كۋادرات مېتىر ، ئوقۇتۇش ، تەجرىبە ئەسلىھەلىرى تولۇق .

مەكتەپ ئادرېسى : ئۈرۈمچى شەھەر بەخت يولى 36 ـ نومۇر .

پوچتا نومۇرى : 830002 . تېلېفون : 2625857 (0991 )

## ئۈرۈمچى نېفىت ـ خىمىيە سانائىتى باش زاۋۇتى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ئۇنىۋېرسىتېتى

1979 ـ يىلى قۇرۇلغان . 1983 ـ يىلى مائارىپ مىنىستىرلىكى ئەنگە ئالغان . 1984 ـ يىلى تېلېۋىزىيە ئۇنىۋېرسىتېتى قۇرغان . 1985 ـ يىلى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ئوتتۇرا تېخنىكومى قۇرغان . 1996 ـ يىلى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ئۇنىۋېرسىتېتى بىلەن ئۈرۈمچى نېفىت خىمىيە سانائىتى تېخنىك ئىشچىلار مەكتىپى بىرلەشتۈرۈلۈپ ، ئۈرۈمچى نېفىت ـ خىمىيە سانائىتى باش زاۋۇتى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنى تەربىيىلەش باش مەكتىپى دەپ ئاتالغان . بۇ مەكتەپ ئۈرۈمچى نېفىت ـ خىمىيە باش زاۋۇتىنىڭ چوڭلار

ئالىي، ئوتتۇرا تېخنىكوم ئوقۇش تارىخى مائارىپى، ئىش ئورنى تېخنىكا تەربىيىسى، ئۆزلۈكسىز مائارىپ قۇرۇلۇش ۋە ئوتتۇرا دەرىجىلىك كەسپىي تېخنىكا مائارىپى قاتارلىقلارنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان. مەكتەپنىڭ ئىگىلىگەن كۆلىمى 97580 كۋادرات مېتىر. ئوقۇتۇش رايونى قۇرۇلۇش كۆلىمى 13430 كۋادرات مېتىر. فىزىكا، مانتىيورلۇق، ئانئورگانىك خىمىيە، ئورگانىك خىمىيە، ئانالىز خىمىيىسى تەجرىبىخانىلىرى ۋە ئۈسكۈنىلىرى تولۇق. تەقلىدىي تەجرىبىخانىدىكى سەككىز يۈرۈش كومپيۇتېر ماي ئايرىش، خىمىيىۋى ئوغۇت، خىمىيىلىك تالا قاتارلىقلارنى ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلمىلىرى ئۈچۈن بىۋاسىتە ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنى تەربىيىلەيدۇ. پراكتىكا زاۋۇتىنىڭ سىلىسارلىق بىلەن پاياتلاش ئىشچىسىنى تەربىيىلەشنى گەۋدە قىلغان ئىقتىدار تەربىيىلەش بازىسى، ئېلېكترلەشكەن ئوقۇتۇش سىستېمىسى بىر قەدەر مۇكەممەل. كۇتۇپخانىدا ساقلانغان كىتابلار 57500 پارچە. 1999 ـ يىلى رەسمىي ئوقۇتقۇچى 73 (ئالىي دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچى ئالتە، ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچى 76 نەپەر). مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلار 544 نەپەر. مەكتەپ قۇرۇلغاندىن بۇيان تەربىيىلەنگەن ئالىي، ئوتتۇرا تېخنىكومنى پۈتتۈرگەنلەر 1431 نەپەر، ئىش ئورنى بويىچە تەربىيىلەش ۋە ئۆزلۈكسىز مائارىپدا جەمئىي 5000 ئادەم تەربىيىلىگەن.

مەكتەپ ئادرېسى: ئۈرۈمچى نېفىت خىمىيە باش زاۋۇتى.

پوچتا نومۇرى: 830019. تېلېفون نومۇرى: 6893048 (0991)

## ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسى مائارىپ ئىنىستىتۇتى

1978 ـ يىلى 12 ـ ئايدا ئاپتونوم رايون ۋە تۆمۈريول مىنىستىرلىكىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن قۇرۇلغان. ئەسلى نامى ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسى ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش ئىنىستىتۇتى. 1984 ـ يىلى 7 ـ ئايدا مائارىپ مىنىستىرلىكىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسى مائارىپ ئىنىستىتۇتى قىلىپ ئۆزگەرتىلگەن. بۇ مەكتەپ ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسىغا بىۋاسىتە قارايدىغان پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكوم بولۇپ، خەنزۇ تىلىدا ئوقۇتۇش ئېلىپ بارىدۇ. تەسىس قىلىنغان كەسپلەر: خەنزۇ تىل ـ ئەدەبىياتى، كاتىپلىق، ئىدىيە ـ سىياسى، باللار مائارىپى، مائارىپ باشقۇرۇش، ئومۇمىي پسىخولوگىيە، كومپيۇتېر ۋە ئۇنى قوللىنىش، ماتېماتىكا ئاساسلىرى، قوللىنىشچان ماتېماتىكا، فىزىكا، خىمىيە، ئېنگلىز تىلى، مۇزىكا، گۈزەل سەنئەت، تارىخ، جۇغراپىيە، سىياسى، قانۇن، ئىقتىساد، بوغالتىرلىق قاتارلىقلار. قۇرۇلغاندىن بۇيان ئىدارىدىكى ئوتتۇرا مەكتەپلەرگە قارىتا ئەدەبىيات، ماتېماتىكا، فىزىكا، خىمىيە، ئىنگلىز تىلى قاتارلىق بەش خىل كەسپ بويىچە ئوقۇش تارىخى مائارىپىنى ئېلىپ بارغان. تەربىيىلىگەن مەخسۇس كۇرس ئوقۇغۇچى 816 نەپەر، دارىلمۇئەللىمىن، باللار پېداگوگىكا سىنىپ ئوقۇغۇچىسى 383 نەپەر. مەكتەپ يەر كۆلىمى 61342 كۋادرات مېتىر. ئوقۇتۇش رايونى قۇرۇلۇش كۆلىمى 5844 كۋادرات

مېتىر ، كۇتۇپخانىدا ساقلانغان كىتاب 100000 پارچە .
مەكتەپ ئادرېسى : ئۈرۈمچى يېڭىشەھەر رايونى ئەرگۈل يېزىسى
پوچتا نومۇرى : 830011 . تېلېفون : 3424221 (0991)

## قۇمۇل مائارىپ ئىنستىتۇتى

قۇمۇل پېداگوگىكا مەكتىپى دەپمۇ ئاتىلىدۇ . 1978 - يىلى قۇمۇل پېداگوگىكا مەكتىپىنىڭ ئاساسىدا قۇرۇلغان ھەمدە قۇمۇل ۋىلايەتلىك ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش ئىنستىتۇتى دەپ ئاتالغان . 1984 - يىلى مائارىپ مىنىستىرلىكىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن قۇمۇل مائارىپ ئىنستىتۇتى قىلىپ ئۆزگەرتىلگەن ھەمدە تارمىقىدا رادىئو - تېلېۋىزىيە پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى شۆبە مەكتىپى تەسىس قىلىنىپ ، بىر رەھبەرلىك گورۇپپىسى ئىككى خىل ۋەزىپىنى ئىشلىتىلگەن . ئاساسلىقى قۇمۇل ۋىلايىتى ئۈچۈن ئوتتۇرا ، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنى تەربىيىلىگەن . 1992 - يىلدىن بۇيان ئىلگىرى - كېيىن سىچۈەن بىرلەشمە ئۇنىۋېرسىتېتى ، غەربىي جەنۇبىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتى بىلەن بىرلىشىپ سىنىپ ئاچقان . مەكتەپتە 11 بۆلۈم ، 10 كافېدرا ، 20 كەسىپ تەسىس قىلىنغان ھەمدە كەينى - كەينىدىن ئىقتىسادىي ئۇچۇر ۋە كومپيۇتېر باشقۇرۇش ، بوغالتىرلىقنى كومپيۇتېرلاشتۇرۇش ، كارخانا باشقۇرۇش ، سانائەت ۋە ئاممىۋى قۇرۇلۇش ، ساياھەت ، مېھمانسارايى قاتارلىق غەيرىي پېداگوگىكا كەسىپلىرىنى تەسىس قىلغان . باللار رەسىم سىزىش ، خواڭبۇ ئىنگلىز تىلى سىنىپى ، ئۆسمۈرلەر سەنئەت سىنىپى ۋە ھەرتۈرلۈك ئۆزلۈكسىز مائارىپ كۇرسلىرىنى تەسىس قىلىپ ، كۆپ قاتلاملىق ، كۆپ شەكىللىك ئۇنىۋېرسال ئوقۇ - ئوقۇتۇش ئەندىزىسى شەكىللەندۈرۈلگەن . ئوقۇتۇش خەنزۇ تىلى ، ئۇيغۇر تىلى ، قازاق ، ئىنگلىز تىلىدا ئېلىپ بېرىلىدۇ . 1999-يىلدىكى مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 146 (ئالىي دەرىجىدىكى ئوقۇتقۇچى 24 ، ئوتتۇرا دەرىجىدىكى ئوقۇتقۇچى 85 ) نەپەر . مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلار 1041 نەپەر . مەكتەپ قۇرۇلغاندىن بۇيان تەربىيىلىگەن ھەرخىل ئوقۇغۇچىلار 7796 نەپەر . مەكتەپنىڭ يەر كۆلىمى 74212 كۋادرات مېتىر . بۇنىڭ ئىچىدە ئوقۇتۇش رايونى قۇرۇلۇش كۆلىمى 8275 كۋادرات مېتىر . ئوقۇتۇش بىناسى ، تەجرىبە بىناسى ، كۇتۇپخانا بىناسى ۋە 2264.2 تومەن ئەمگەك ، تېخنىكا پراكتىكا مەركىزىي قۇرۇلغان . پراكتىكا مەركىزىي غەربىي شىمال رايونى ھەتتا پۈتۈن مەملىكەت مائارىپ سىستېمىسىدا تەسىرى بولغان باقمىچىلىق ، تېرىقچىلىق بىر گەۋدە قىلىنغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەمگەك پراكتىكا بازىسى بولۇپ ، كۆپ قېتىم دۆلەت مائارىپ كومىتېتى ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ تەقدىرلىشىگە ئېرىشكەن .

مەكتەپ ئادرېسى : قۇمۇل شەھىرى
پوچتا نومۇرى : 839001 . تېلېفون نومۇرى : 2313750 (0902)

سانجى مائارىپ ئىنىستىتۇتى
سانجى پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومىغا قارالسۇن .

ئاقسۇ مائارىپ ئىنىستىتۇتى
ئاقسۇ مائارىپ ئىنىستىتۇتى 1984 - يىلى 12 - ئاينىڭ 17 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن ئاقسۇ مائارىپ يولى 15 - نومۇرد قۇرۇلغان . 1985 - يىلى 9 - ئايدا ماتېماتىكا كەسپىگە بىرىنچى قارار ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلغان . 1991 - يىلى 9 - ئايدا دۆلەتلىك مائارىپ كومىتېتىنىڭ قايتا تەكشۈرۈپ ، ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئۆتۈپ ، شىنجاڭدىكى تۆت لاياقەتلىك مائارىپ ئىنىستىتۇتىنىڭ بىرى بولۇپ رەسمىي بېكىتىلگەن . باشقارما دەرىجىلىك ئورۇن ، مەمۇرىي جەھەتتە ۋىلايەتلىك مائارىپ كومىتېتىنىڭ باشقۇرۇشىغا تەۋە . مەزكۇر مەكتەپ ئاقسۇ ۋىلايەتتىكى بىردىنبىر مۇئەللىم چوڭلار ئالىي تېخنىكوم مەكتىپى بولۇپ ، ئاساسلىقى ۋىلايەت ۋە جەنۇبىي شىنجاڭدىكى بىر قىسىم رايونلارنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرىنى تەربىيىلەش ۋە مائارىپ مەمۇرىي باشقۇرۇش خادىملىرىنى ئىش ئورنى بويىچە تەربىيىلەش ۋەزىپىلىرىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان . ئوقۇتۇش خەنزۇ ، ئۇيغۇر تىللىرىدا ئېلىپ بېرىلىدۇ . مەكتەپتە ماتېماتىكا ، ئەدەبىيات ، فىزىكا ، خىمىيە ، بىئولوگىيە ، تارىخ ، جۇغراپىيە ، سىياسىي مائارىپ ، خەنزۇ تىلى ، تەنتەربىيە ، باشلانغۇچ مائارىپى قاتارلىق 13 خىل پېداگوگىكا كەسپى تەسىس قىلىنغان . «3+2» تۈردىكى كەسىپلەر بىلەن بىر ۋاقىتتا جەمئىيەتكە يۈزلىنىپ سودا ، كاتىباتلىق ، بوغالتىرلىق مەخسۇس كۇرس سىنىپلىرىنى ئاچقان . مەخسۇس كۇرس ئوقۇغۇچىلىرىدىن 2080 نەپەر تەربىيىلىگەن . ئاقسۇ ۋىلايەتلىك مەكتەپ مۇدىرلىرىنى تەربىيىلەش ، يېڭى ئوقۇتقۇچىلارنى ئىش ئورنى بويىچە تەربىيىلەش ، ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنى ئۆزلۈكسىز تەربىيىلەش ، كومپيۇتېر ئىش ئورنى تەربىيىلىشى قاتارلىقلارنى ئېلىپ بارغان . ۋىلايەتلىك خەنزۇ تىلى سەۋىيە سىناش ئىمتىھان نۇقتىسى ، ئورتاق تىل سەۋىيە ئۆلچەم نۇقتىسى قاتارلىقلار بۇ مەكتەپتە تەسىس قىلىنغان . مەكتەپنىڭ يەر كۆلىمى 122666 كۋادرات مېتىر بولۇپ ، بۇنىڭ ئىچىدە ئوقۇتۇش رايونى قۇرۇلۇش كۆلىمى 9306 كۋادرات مېتىر ، كۇتۇپخانىدا ساقلىنىۋاتقان كىتاب سانى 1 . 5 تۈمەن پارچە . مەكتەپ شتاتى 167 ، 1999 - يىلى رەسمىي ئوقۇتقۇچى سانى 72 نەپەر . مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلار 447 نەپەر .

مەكتەپ ئورنى : ئاقسۇ شەھىرى مائارىپ يولى 15 - نومۇر
پوچتا نومۇرى : 843000 . تېلېفون : 2613337 (0997)

شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك رادىئو - تېلېۋىزىيە مەكتىپى
ئەسلى ئاساسى مەركىزىي يېزا ئىگىلىك رادىئو - تېلېۋىزىيە مەكتىپى شىنجاڭ شۆبىسى بولۇپ ، 1982 - يىلى ئۈرۈمچىدە قۇرۇلغان . 1989 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق

خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك رادىئو - تېلېۋىزىيە مەكتىپى قىلىپ ئۆزگەرتىلىپ، ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ مەمۇرىي فۇنكسىيىلىك تارماقلىرىنىڭ نازارىتى ۋە يېتەكچىلىك قىلىشىنى قوبۇل قىلغان. كەسپى جەھەتتە داۋاملىق مەركىزىي يېزا ئىگىلىك رادىئو - تېلېۋىزىيە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ باشقۇرۇشى ۋە يېتەكلىشىنى قوبۇل قىلغان. بۇ مەكتەپ رادىئو - تېلېۋىزىيە ئۇن - سىن ئوقۇتۇش ماتېرىيالى قاتارلىق يىراق مۇساپىلىق ئوقۇتۇشنى قانات يايدۇرغان. مەركەز، ئۆلكە، ۋىلايەت، ناھىيە، يېزىدىن ئىبارەت بەش دەرىجىلىك باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى يولغا قويغان، ئېچىۋېتىلگەن مەكتەپ بولۇپ، ئوقۇتۇش ئۇيغۇر، خەنزۇ، قازاق تىللىرىدا ئېلىپ بېرىلىدۇ، ئوقۇش تارىخى مائارىپى بىلەن قىسقا مۇددەتلىك تەربىيىلەش بىرلەشتۈرۈلگەن مەكتەپتە تېرىقچىلىق، باقمىچىلىق، يېزا - ئىگىلىك ئىقتىسادىي، يېزا ئىگىلىك قۇرۇلۇشى قاتارلىق تۆت خىل تۈر بويىچە 16 خىل كەسىپ تەسىس قىلىنغان. 1999-يىلى مەكتەپ دەسلەپ قۇرۇلغان چاغدىكى بىر سىنىپتىن تەرەققىي قىلىپ پۈتۈن شىنجاڭنىڭ 12 ئوبلاست، 79 ناھىيىسىدە شۆبە مەكتەپ قۇرغان. 400 دىن ئارتۇق يېزا - بازاردا ئوقۇتۇش سىنىپى تەسىس قىلغان، رەسمىي ئوقۇتقۇچىسى 520 نەپەر. ئوقۇتۇش رايونى قۇرۇلۇش كۆلىمى 25845 كۋادرات مېتىر، تەجرىبە پراكتىكا مەيدانى 319.68 تۈمەن كۋادرات مېتىر. ئوقۇتۇش سۈنئىي ھەمراسىدىن قوبۇل قىلىش ئانتېننىسى ھەمدە ھەر خىل ئوقۇتۇش ئەسلىھەلىرى ئوقۇتۇشنىڭ ئېھتىياجىنى ئاساسىي جەھەتتىن قاندۇرىدۇ. مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى سانى 18745، ئىشتىن سىرت ئوقۇشنى ئاساس قىلغان يىراق مۇساپىلىق ئوقۇتۇش سىستېمىسىنى شەكىللەندۈرگەن. مەكتەپ قۇرۇلغاندىن بۇيان، 41127 نەپەر ئوقۇغۇچى تەربىيىلىگەن. نۆۋەت بويىچە تەربىيىلەنگەنلەر بىر مىليون ئادەم قېتىمدىن ئاشقان.

مەكتەپ ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھەر غالىبىيەت يولى 171 - نومۇر

پوچتا نومۇرى: 830001 تېلېفون: 2886851 (0991)

## تۇرپان رادىئو تېلېۋىزىيە ئۇنىۋېرسىتېتى

تۇرپان ۋىلايەتلىك پېداگوگىكا مەكتىپى. باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنى تەربىيىلەش مەركىزىي دەپمۇ ئاتىلىدۇ. تۇرپان رادىئو - تېلېۋىزىيە ئۇنىۋېرسىتېتى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ 1982 - يىلى 7 - ئايدىكى تەستىقىغا ئاساسەن مۇستەقىل قۇرۇلغان تۇرپان ۋىلايىتىدىكى رادىئو تېلېۋىزىيە ئۇنىۋېرسىتېتى. پېداگوگىكا مەكتىپى ۋە باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنى تەربىيىلەش مەركىزىي بولسا تۇرپان ۋىلايىتىدىكى بىردىنبىر ئوتتۇرا دەرىجىلىك پېداگوگىكا مەكتىپى بولۇپ، 1976 - يىلى 6 - ئايدا قۇرۇلغان، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئۈچ قېتىم كۆچكەن. 1998 - يىلى 4 - ئايدا ئۈچ مەكتەپ ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈلۈپ، تۇرپان شەھىرى بوستانلىق غەربىي يولى 8 - نومۇردا تەسىس قىلىنغان. مەكتەپنىڭ ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى 93240 كۋادرات

مېتىر . قورۇلۇش كۆلىمى 28700 كۋادرات مېتىر بولۇپ ، ئوقۇتۇش بىناسى ، كۇتۇپخانا ، سەنئەت بىناسى ، پەن - تېخنىكا بىناسى ، تەجرىبە بىناسى قاتارلىق ئەسلىھەلىرى تولۇق ، يەر يۈزى سۈنئىي ھەمراھ قوبۇل قىلىش ئۈسكۈنىلىرى ۋە يېپىق يوللۇق تېلېۋىزور سىستېمىسى قۇرۇلغان . بۇ مەكتەپ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى بالىلار فوندى جەمئىيىتى ياردەم بېرىدىغان مەكتەپلەرنىڭ بىرى . مەكتەپ مەدەنىي مائارىپ ، قانۇن ، بوغالتىرلىق ، خەنزۇ تىلى ئەدەبىياتى ، سودا - سانائەت باشقۇرۇش ، سودا ستاتىستىكىسى ، ماتېماتىكا ، فىزىكا ، خىمىيە ، ماشىنىسازلىق ، كومپيۇتېر ، مۇزىكا ، تەنتەربىيە ، گۈزەل - سەنئەت ، ئېلېكترلەشكەن مائارىپ ، تەجرىبە ئوقۇتۇش ، باشلانغۇچ مەكتەپ تەبىئىي پەن دەرسلىكى ، بالىلار پېداگوگىكىسى قاتارلىق 27 كەسىپ تەسىس قىلغان . ئۇيغۇر ، خەنزۇ تىللىرىدا ئوقۇتۇش ئېلىپ بارىدۇ . 1996 - يىلدىن بۇيان بېيجىڭ چاۋياڭ پېداگوگىكا مەكتىپى ، شىنجاڭ سانجى پېداگوگىكا مەكتىپى ، خۇنەن 3 - پېداگوگىكا مەكتىپى قاتارلىق مەكتەپلەر بىلەن دوستلۇق ئورناتقان . ئاپتونوم رايون بويىچە سەھىيەدىكى قىزىل بايراقدار ئورۇن بولۇپ باھالانغان . 1999 - يىلدىكى رەسمىي ئوقۇتقۇچى سانى 140 دىن ئارتۇق (ئالىي لېكتور 20 ، لېكتور 76 ) ، مەكتەپ قۇرۇلغاندىن بۇيان يېتىشتۈرگەن تېلېۋىزىيە ئۇنىۋېرسىتېتى ئوقۇغۇچى سانى 780 نەپەر . پېداگوگىكا كەسپى ئوقۇغۇچىسى 5000 دىن ئارتۇق . تەربىيىلەنگەن ئوتتۇرا باشلانغۇچ مەكتەپ مۇدىرلىرى 600 دىن كۆپرەك . ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇتقۇچىلىرى 4000 دىن كۆپرەك .

مەكتەپ ئادرېسى : تۇرپان شەھىرى بوستانلىق يولى 8 - نومۇر .

پوچتا نومۇرى : 83800 . تېلېفون : 8522084 (0995 )

## قەشقەر چوڭلار مائارىپى ئىنستىتۇتى

ئەسلىدىكى نامى قەشقەر مائارىپ ئىنستىتۇتى ، قەشقەر تېلېۋىزىيە ئۇنىۋېرسىتېتى ، قەشقەر چوڭلار ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتىپى قاتارلىقلار . سابىق قەشقەر چوڭلار ئوتتۇرا تېخنىكومى 1987 - يىلى قۇرۇلغان . ئەسلى ئاساسى 1956 - يىلى قۇرۇلغان قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئىشتىن سىرت مەكتىپى . سابىق قەشقەر مائارىپ ئىنستىتۇتىنىڭ ئەسلى ئاساسى 1980 - يىلى قۇرۇلغان ۋىلايەتلىك سىرتتىن ئوقۇتۇش پېداگوگىكا مەكتىپى ، 1973 - يىلى قايتىدىن ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش ئورگىنى بولۇپ قۇرۇلۇپ ، قەشقەر ۋىلايەتلىك ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرى بىلىم ئاشۇرۇش بۆلۈمى دەپ ئاتالغان . 1990 - يىلى سابىق قەشقەر ۋىلايەتلىك ئوتتۇرا باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرى بىلىم ئاشۇرۇش بۆلۈمىنىڭ ئاساسىدا قەشقەر ۋىلايەتلىك ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش ئىنستىتۇتى بولۇپ قۇرۇلغان ، 1984 - يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ تەستىقلىشى ۋە ئەنگە ئېلىشى بىلەن قەشقەر مائارىپ ئىنستىتۇتى دەپ ئاتالغان . ئاساسەن مىللىي ، خەنزۇ ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىغا قارىتا

ئوقۇش تارىخى بويىچە بىلىم ئاشۇرۇش ۋەزىپىسىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان . سابىق قەشقەر تېلېۋىزىيە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئاساسى 1982 - يىلى قۇرۇلغان شىنجاڭ رادىئو - تېلېۋىزىيە ئۇنىۋېرسىتېتى قەشقەر شۆبە مەكتىپى . 1999 - يىلى 3 - ئايدا قەشقەر رادىئو - تېلېۋىزىيە ئۇنىۋېرسىتېتى قىلىپ ئۆزگەرتىلگەن . 1997 - يىلى 6 - ئاينىڭ 28 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن سابىق قەشقەر مائارىپ ئىنستىتۇتى ، شىنجاڭ رادىئو - تېلېۋىزىيە ئۇنىۋېرسىتېتى قەشقەر شۆبىسى ، قەشقەر ۋىلايەتلىك چوڭلار ئوتتۇرا تېخنىكومى بىرلەشتۈرۈلۈپ ، قەشقەر چوڭلار مائارىپ ئىنستىتۇتى قىلىپ قۇرۇلغان . بۇ مەكتەپ قەشقەر ۋىلايىتىدىكى بىردىنبىر چوڭلار ئالىي تېخنىكوم ئۇنىۋېرسال مەكتىپى بولۇپ ، ئوقۇتۇش خەنزۇ ، ئۇيغۇر ، ئىنگلىز تىللىرىدا ئېلىپ بېرىلىدۇ ، مەكتەپتە كومپيۇتېر ، ئۇچۇر باشقۇرۇش ، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرى رەسمىي كۇرس سىنىپى ، ئىقتىساد قانۇنى ، ئىشخانىنى ئاپتوماتلاشتۇرۇش ، ئۇيغۇر تىلى قاتارلىق 21 كەسىپ تەسىس قىلىنغان . 1999 - يىلىدىكى رەسمىي ئوقۇتقۇچى سانى 147 (دوتسېنت 15 ، لېكتور 66 ، ياردەمچى ئوقۇتقۇچى 66 ) نەپەر . مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى 1300 نەپەر . مەكتەپ ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى 24208m² ، ئوقۇتۇش رايون قۇرۇلۇش كۆلىمى 10400m² .

مەكتەپ ئادرېسى : قەشقەر شەھىرى مەدەنىيەت يولى 143 - نومۇر .

پوچتا نومۇرى : 84400 . تېلېفون : 2510121 (0998)

## شىنجاڭ سەھىيە كادىرلار بىلىم ئاشۇرۇش مەكتىپى

شىنجاڭ سەھىيە نازارىتى ئىشچى - خىزمەتچىلەر تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتىگە قارالسۇن .

## ئۈرۈمچى شەھەرلىك چوڭلار ئوتتۇرا تېخنىكومى

ئەسلى ئاساسى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك كادىرلار ئىشتىن سىرت ئوتتۇرا مەكتىپى بولۇپ ، 1955-يىلى 11 - ئايدا ئۈرۈمچى شەھىرىدە قۇرۇلغان . ئەينى ۋاقىتتا ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتى رەھبەرلىك قىلغان . 1965 - يىلى ئۈرۈمچى شەھەرلىك مەدەنىي مائارىپ ئىدارىسىغا تاپشۇرۇلۇپ ، ئۈرۈمچى شەھەرلىك كادىرلار ئىشتىن سىرت ئوتتۇرا مەكتىپى قىلىپ ئۆزگەرتىلگەن . 1966 - يىلى مەدەنىيەت ئىنقىلابى سەۋەبىدىن 1970 - يىلغىچە تاقىۋېتىلگەن . مەكتەپ ئۈرۈمچى شەھەرلىك 16 - باشلانغۇچ مەكتەپكە قوشۇۋېتىلگەن . 1978 - يىلى كۈزدە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىشنى ئەسلىگە كەلتۈرگەن ھەم ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئىشتىن سىرت ئوتتۇرا مەكتىپى قىلىپ ئۆزگەرتىلگەن . 1983 - يىلى ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئىشتىن سىرت ئوتتۇرا مەكتىپى قىلىپ ئۆزگەرتىلگەن . 1987 - يىلى ئۈرۈمچى شەھىرى چوڭلار ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتىپى قىلىپ ئۆزگەرتىلىپ ، بۈگۈنگە

قەدەر قوللىنىلماقتا . 1993 ـ يىلى كەسپىي ئوتتۇرا تېخنىكوم بولۇمى تەسىس قىلىنغان . ئوقۇتۇش خەنزۇ تىلىدا ئېلىپ بېرىلىدۇ . ئوقۇتۇش شەكىللىرى كۆپ خىل بولۇپ ، چوڭلار ئوقۇش تارىخى ماتارىپىنى ئاساس ، قىسقا مۇددەتلىك تەربىيىلەش سىنىپلىرىنى قوشۇمچە قىلغان بولۇپ ، ئىلگىرى ـ كېيىن بوغالتىرلىق ، ستاتىستىكا ، كومپيۇتېر ، كاتىباتلىق قاتارلىق كەسپلەر ھەم كومپيۇتېر گوۋاھنامىسى ئېلىش ، ئائىلە ئېلېكتر سايمانلىرى ، ھۆسن تۈزەش قاتارلىق قىسقا مۇددەتلىك كۇرسلارنى ئاچقان ھەمدە نېفىت خىمىيە گۇرۇھى شىركىتى ، سۇ پومپىسى زاۋۇتى ، شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسى بىلەن بىرلىشىپ سىنىپ ئاچقان . مەكتەپ شتاتى 88 . 1999-يىلدىكى رەسمىي ئوقۇتقۇچى سانى 22 نەپەر . ئوقۇغۇچى سانى 828 نەپەر . 1987-يىلدىن بۇيان 2000دىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى تەربىيىلىگەن . مەكتەپنىڭ ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى 1914m² ، ئوقۇتۇش رايونى قۇرۇلۇش كۆلىمى 1793m² .

مەكتەپ ئادرېسى : ئۈرۈمچى شەھىرى دۆلەت قۇرۇش يولى 22 ـ نومۇر

پوچتا نومۇرى : 830002 . تېلېفون : 2625232 (0991)

## سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستلىق ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ئوتتۇرا تېخنىكومى

1995 ـ يىلى 5 ـ ئايدا قۇرۇلغان . ئومۇمىي قۇرۇلۇش كۆلىمى 11694m² . مۇقىم مەبلەغ 10000000 يۈەن . ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ مالىيە بوغالتىرلىقى ، سانائەت ۋە ئاممىۋى بىناكارلىق ، مانتيورلۇق ، ئېلېكترون ، كاتىباتلىق ، گۈزەل سەنئەت ، مەمۇرىي باشقۇرۇش ، بوغالتىرلىقنى كومپيۇتېرلاشتۇرۇش ، ئاممىۋى مۇلازىمەت ، ماشىنىسازلىق ، مېھمانخانا ۋە ساياھەتچىلىك قاتارلىق 10 نەچچە كەسىپ تەسىس قىلغان . 1999 ـ يىلدىكى ئوقۇتقۇچى ، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر سانى 76 نەپەر ، كەسپىي ئوقۇتقۇچى 48 نەپەر ، ئالىي دەرىجىلىك ئۇنۋانغا ئىگە ئوقۇتقۇچى يەتتە نەپەر . 14 يىلدىن بۇيان ئوقۇش پۈتتۈرگەن مەخسۇس كۇرس ئوقۇغۇچى سانى 5300 نەپەر . 1997 ـ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق چوڭلار ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتەپلىرى ئىچىدە ئاپتونوم رايونلۇق «نەمۇنىلىك نۇقتىلىق چوڭلار ئوتتۇرا تېخنىكومى» بولۇپ باھالاندى .

مەكتەپ ئادرېسى : سانجى شەھىرى جەنۇبىي يەنئەن يولى 27 ـ نومۇر

پوچتا نومۇرى : 831100 . تېلېفون : 2344456 (0994)

## ئىلى ۋىلايەتلىك چوڭلار ئوتتۇرا تېخنىكومى

يەنە ئىلى ۋىلايەتلىك كەسپىي تولۇق ئوتتۇرا تېخنىكومى دەپمۇ ئاتىلىدۇ . 1989-يىلى 11 ـ ئايدا غۇلجا شەھىرى ئايرودوروم يولى 208 ـ نومۇردا قۇرۇلغان بولۇپ ، مەكتەپ نامى ئىلى ۋىلايەتلىك كەسپىي تولۇق ئوتتۇرا مەكتىپى ئىدى . 1992 ـ يىلى 4 ـ ئايدا

ئىلى ۋىلايەتلىك ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتىپى قۇرۇلۇپ، ئىلى كەسپى تولۇق ئوتتۇرا مەكتىپى بىلەن بىرلىشىپ، بىر رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى، ئىككى خىل ۋۇجۇسكىلىق باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى شەكىللەندۈرگەن. ناھىيە دەرىجىلىك ئورۇن، مەمۇرىي جەھەتتە ئىلى ۋىلايەتلىك مائارىپ كومىتېتىغا تەۋە. 1995 - يىلى كەسپى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن ۋىلايەت دەرىجىلىك نۇقتىلىق كەسپى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ قىلىپ باھالانغان. 1998 يىلى 6 - ئايدا كەسپى ئوتتۇرا، ۋىلايەتلىك كەسپى ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتىپىگە ئۆزگەرتىلدى. 1998 - يىلى 7 - ئايدا ۋىلايەتلىك مائارىپ كومىتېتى تېلېۋىزىيە ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلى ۋىلايەتلىك خىزمەت پونكىتى ئادەتتىكى مەخسۇس كۇرس سىنىپى بىلەن ۋىلايەتلىك كەسپى ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتىپىنى بىرلەشتۈرۈپ مەكتەپ قۇرۇشنى قارار قىلغان. ئوقۇتۇش خەنزۇ ۋە ئۇيغۇر تىلىدا ئېلىپ بېرىلىدۇ. مەكتەپتە فىلىشىرلىق، باللار پېداگوگىكىسى، ئېلېكتىر سايمانلىرى، كومپيۇتېر بوغالتىرلىقى قاتارلىق تۆت كەسىپ تەسىس قىلىنغان. مەكتەپنىڭ ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى $79920m^2$. ئوقۇتۇش رايونى قۇرۇلۇش كۆلىمى $6000m^2$. ئوقۇتۇش، تۇرمۇش ئەسلىھەلىرى تولۇق. مەكتەپ شتاتى 64. 1999 - يىلدىكى رەسمىي ئوقۇتقۇچى 43 نەپەر، مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى 600 نەپەر. مەكتەپ قۇرۇلغاندىن بۇيان تەربىيىلەپ چىققان ئوقۇغۇچى 1000دىن ئارتۇق.

مەكتەپ ئادرېسى: غۇلجا شەھىرى ئايرودۇرۇم يولى 28 - نومۇر.

پوچتا نومۇرى: 835000. تېلېفون: 8210600 (0999)

**ئاقسۇ قاراتال بازارلىق دېھقان - چارۋىچىلار مەدەنىيەت تېخنىكا مەكتىپى**

ئەسلىدىكى مەكتەپ 1993 - يىلى 27 تۈمەن يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ قارىتال بازىرىنىڭ شەرقىدىكى يېڭى ئاۋات دېھقانچىلىق مەيدانىدا قۇرۇلغان بولۇپ، قۇرۇلۇش كۆلىمى $850m^2$ ئىدى. 1995 - يىلى كارخانا باشقۇرۇش ئىشخانىسىنىڭ قورۇسىغا كۆچۈرۈلگەن. مەكتەپنىڭ قۇرۇلۇش كۆلىمى $722m^2$، 25.9 تۈمەن يۈەن مەبلەغ سېلىنغان. مەكتەپ سىنىپى ئالتە ئېغىز. ئوقۇتۇش ئۈسكۈنىلەرگە سېلىنغان مەبلەغ 14498 يۈەن. $19980m^2$لىق تەجرىبە پراكتىكا بازىسى بار بولۇپ، بازارلىق ھۆكۈمەتكە تەۋە. كەسىپ جەھەتتە ئاقسۇ شەھەرلىك مائارىپ كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكىنى قوبۇل قىلىدۇ. بۇ مەكتەپ دېھقان - چارۋىچىلار، ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە قارىتا مەدەنىيەت، سىياسىي تەربىيە، ئىش ئورنى بويىچە تەربىيىلەش، ئەمەلىي تېخنىكا ماھارىتى ئۆگىتىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان يېزا دەرىجىلىك چوڭلار ئىشتىن سىرت مەكتىپى. 1996 - يىلى بۇ مەكتەپ ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك يېزا بازار دېھقان - چارۋىچىلار مەدەنىيەت تېخنىكا مەكتىپى قىلىپ بېكىتىلگەن. 1998 - يىلدىكى ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچى سانى بەش، كەسپىي ئوقۇتقۇچى تۆت. بۇ مەكتەپ قۇرۇلغاندىن بۇيان، ئىلگىرى - كېيىن

بولۇپ 13340 نەپەر ياش ۋە ئوتتۇرا ياش دېھقان - چارۋىچىلارغا ھەمدە كارخانا - كادىر خىزمەتچىلەرگە قارىتا ھەرخىل تۈردە تەربىيىلەش ئېلىپ باردى.

مەكتەپ ئادرېسى: ئاقسۇ قاراتال بازىرى

پوچتا نومۇرى: 843000، تېلېفون نومۇرى: 2439004 (0997)

## قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيە تازغۇن يېزىلىق دېھقان - چارۋىچىلار مەدەنىيەت تېخنىكا مەكتىپى

بۇ مەكتەپنى 1993 - يىلى تازغۇن يېزىلىق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى ئۆز يېرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە دېھقانلارنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن 39 تۈمەن يۈەن مەبلەغ سېلىپ قۇرۇپ چىققان. مەكتەپنىڭ يەر كۆلىمى 18648 كۋادرات مېتىر، قۇرۇلۇش كۆلىمى 437 كۋادرات مېتىر بولۇپ، مەكتەپتە تۆت سىنىپ، ئىككى ئىشخانا، بىر كۇتۇپخانا، بىر تەجرىبەخانا، ئۈچ ئېغىز ئاشخانا ۋە $13320m^2$لىق تەجرىبە بازىسى بار.

بۇ مەكتەپ قۇرۇلغاندىن بۇيان ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ 1200 نەپەر ياش ۋە ئوتتۇرا ياش دېھقانغا باشلانغۇچ ۋە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ مەدەنىيەت دەرسلىرىنى تولۇقلاپ ئۆتۈپ بەرگەن. ئۈچ يىلدىن بۇيان 9113 نەپەر دېھقان، چارۋىچىنى، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، ئورمانچىلىق، سۇچىلىق، قانۇننى ئومۇملاشتۇرۇش، كۆكتات ئۆستۈرۈش قاتارلىق 11 تۈرلۈك ئەمەلىي تېخنىكا بىلەن تەربىيىلىگەن. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش ۋە ساۋاتسىزلىقنى تۈگەتكەندىن كېيىنكى مۇستەھكەملەش، يۇقىرى كۆتۈرۈش ۋەزىپىلىرىنىمۇ ئۈستىگە ئېلىپ، يېزا، دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ مەدەنىيەت - تېخنىكا ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە ھەسسە قوشقان. 1999 - يىلى بۇ مەكتەپتە ئىككى نەپەر رەسمىي ئوقۇتقۇچى، يەتتە نەپەر قوشۇمچە ئوقۇتقۇچى بار ئىدى.

مەكتەپ ئادرېسى: قەشقەر يېڭىشەھەر تازغۇن يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتى

پوچتا نومۇرى: 844200. تېلېفون نومۇرى: 6396036 (0998)

## ماناس ناھىيە لوتېي بازارلىق دېھقانچىلىق، پەن - تېخنىكا، مائارىپ مەركىزى

بۇ مەركەز 1992 - يىلى قۇرۇلغان. جەمئىي 35 تۈمەن يۈەن مەبلەغ سېلىنغان، مەكتەپ ئوقۇتۇش رايونى قۇرۇلۇش كۆلىمى 624 كۋادرات مېتىر. بۇ مەركەز قۇرۇلغاندىن بۇيان «پەن - مائارىپ ئارقىلىق يېزا ئىگىلىكىنى گۈللەندۈرۈش»، «پەن مائارىپ ئارقىلىق بازارنى گۈللەندۈرۈش» فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، «مەدەنىيەت تەربىيىسىنى ئاساس قىلىش، ئەمەلىي تېخنىكا تەربىيىسىنى ئاساسىي گەۋدە قىلىش، سىياسىي تەربىيىنى يېتەكچى قىلىش، ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش تەربىيىسىنى مۇھىم نۇقتا قىلىش» يولىدا مېڭىشتا چىڭ تۇرۇپ، كەڭ دېھقان، چارۋىچىلارغا ئوخشاش

بولمىغان قاتلام ۋە شەكىللەردە تەربىيىلەش ئېلىپ باردى . مەكتەپ قۇرۇلغاندىن بۇيان جەمئىي 269 قارار ھەرخىل ئەمەلىي تېخنىكا كۇرسلىرىنى ئېچىپ ، 30810 ئادەم قېتىم تەربىيىلەش ئېلىپ باردى . 21 نەپەر دېھقان تەربىيىلەش ئارقىلىق دېھقان تېخنىك ئۇنۋانىغا ئېرىشتى . 580 پەن - تېخنىكا نەمۇنىلىك ئائىلىسى بارلىققا كەلدى . 18 پەن - تېخنىكا مەدەنىيەتلىك كەنتى ، ئىككى كەسپى تېخنىكا ھەمكارلىق ئۇيۇشمىسى قۇرۇلۇپ ، پۈتۈن بازارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتى ئىلگىرى سۈرۈلدى .

مەكتەپ ئادرېسى : ماناس ناھىيە لۇتېي بازار مەركىزى .

پوچتا نومۇرى : 832200 . تېلېفون نومۇرى : 6384007 (0994)

# ئىدىيىۋى - سىياسىي تەربىيە

## ماركسىزملىق دۆلەت قارىشى

ماركسىزمنىڭ دۆلەت ۋە دۆلەت مەسىلىسىگە بولغان كۆزقاراش ۋە تەلىماتىدىن ئىبارەت . ئۇ پرولېتارىيات سىياسىي پارتىيىسىنىڭ دۆلەتكە بولغان تونۇشى ۋە دۆلەت مەسىلىسىنى ھەل قىلىشتىكى يېتەكچى ئىدىيىسى ، ئىلمىي سوتسىيالىزمنىڭ مۇھىم مەزمۇنلىرىنىڭ بىرى . ماركسىزمنىڭ قارىشىچە ، دۆلەت ئەزەلدىن بار بولغان ئەمەس ، بەلكى جەمئىيەت تەرەققىي قىلىپ ، مەلۇم بىر باسقۇچقا يەتكەنلىكىنىڭ مەھسۇلى . دۆلەت سىنىپىنىڭ پەيدا بولۇشىغا ئەگىشىپ پەيدا بولغان بولۇپ ، سىنىپىي زىددىيەتنىڭ كېلىشتۈرگىلى بولمايدىغان مەھسۇلى . دۆلەتنىڭ ماھىيىتى سىنىپىي ھۆكۈمرانلىقنىڭ زوراۋانلىق قورالى . دۆلەتنىڭ فۇنكسىيەسى ئادەتتە ئىچكى ۋە تاشقى ئىككى خىلغا ئايرىلىدۇ . ئىچكى قىسىمغا قارىتا ھۆكۈمرانلىق قىلىنغۇچى سىنىپنىڭ قارشىلىقىنى باستۇرۇش ، ئىجتىمائىي ، ئىقتىسادىي تۇرمۇش ۋە شۇ سىنىپنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى زىددىيەتلەرنى تەشكىللەپ تەڭشەش ، جەمئىيەت تەرتىپىنى قوغداش ، ئىجتىمائىي ئاممۇۋى ئىشلارنى باشقۇرۇش . ھۆكۈمرانلىق قىلغۇچى سىنىپنىڭ تۈپ مەنپەئىتىگە كاپالەتلىك قىلىش ، سىرتقا قارىتا دۆلەت مۇداپىئەسىنى تەشكىللەش ، سىرتنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىدىن مۇداپىئە كۆرۈش ، دۆلەتلەر ئارا مۇناسىۋەتنى تەڭشەش ، دۆلەتنىڭ تۈپكى مەنپەئىتىنى قوغداش . دۆلەتنىڭ ماھىيىتى ئوخشاش بولمىغانلىقتىن ، ئۇنىڭ فۇنكسىيەسىدىكى سىنىپىي مەزمۇنىمۇ ماھىيەتلىك پەرق بولىدۇ . پرولېتارىيات دىكتاتورلىقىدىكى دۆلەتنىڭ فۇنكسىيەسى بىلەن ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپ دىكتاتورلىقىدىكى دۆلەتنىڭ فۇنكسىيەسى ئوخشاش بولمايدۇ . دۆلەتنىڭ تىپىنى دۆلەتنىڭ تۈزۈلمىسى بەلگىلەيدۇ . دۆلەت تۈزۈلمىسى جەمئىيەتتىكى ھەرقايسى سىنىپلارنىڭ دۆلەت ئىچىدىكى ئورنى بولۇپ ، يەنى ھاكىمىيەتنى قايسى سىنىپنىڭ ئىگىلىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ . دۆلەتنىڭ شەكلى بولسا دۆلەت ھاكىمىيىتىنىڭ تەشكىلىي شەكلىنى كۆرسىتىدۇ ، يەنى سىياسىي تۈزۈلمىدۇر . مەيلى دۆلەت تۈزۈلمىسى ۋە ياكى سىياسىي تۈزۈلمىسى بولسۇن ، تارىختا ئۇلارنىڭ كۆپ خىل ئىپادىلىنىش شەكلى بولغان . دۆلەت تۈزۈلمىسى سىياسىي تۈزۈلمىنى بەلگىلەيدۇ ، سىياسىي تۈزۈلمە دۆلەت تۈزۈلمىسىگە ئەكس تەسىر كۆرسىتىدۇ . دۆلەت تۈزۈلمە شەكلى مەسىلىسى توغرىسىدا ماركسىزم پرىنسىپ جەھەتتىن فېدېراتسىيە تۈزۈمىگە قارشى تۇرىدۇ ، بىرلىككە كەلگەن ، بىرلا خىل تۈزۈمدىكى دۆلەت قۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىدۇ . ئەمما ھەربىر دۆلەتنىڭ قانداق دۆلەت شەكلىنى يولغا قويۇشى ، پۈتۈنلەي شۇ دۆلەتنىڭ كونكرېت ئەھۋالى تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن بولىدۇ . دۆلەتنىڭ يوقىلىش مەسىلىسىدە ، دۆلەت مەڭگۈ

مەۋجۇت بولۇپ تۇرمايدۇ، يەنى دۆلەت مۇقەررەر يوقىلىدۇ، ئەمما دۆلەتنىڭ يوقىلىشى ناھايىتى ئۇزۇن بىر تارىخىي جەريان دەپ قارايدۇ. پرولېتارىياتنىڭ ئالدى بىلەن چوقۇم كونا دۆلەت ماشىنىسىنى پاچاقلاپ تاشلاپ، پرولېتارىيات دۆلىتىنى قۇرۇپ چىقىشى ھەمدە ئۇ ئارقىلىق پۈتكۈل جەمئىيەت مىقياسىدا ئومۇمىيۈزلۈك، چوڭقۇر بولغان ئۆزگەرتىش ئېلىپ بېرىپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ، سىنىپنى يوقىتىش بىلەن جەمئىيەتنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئىلگىرىكى پارچىلىنىش ھالىتىدىن بىرلىككە يۈزلەندۈرۈپ، بۇ ئارقىلىق دۆلەتنى يوقىتىش لازىملىقىنى تەشەببۇس قىلىدۇ. دۆلەتنىڭ قۇرۇلما شەكلى بىلەن دۆلەت ئىچىدىكى مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ مۇناسىۋىتى جەھەتتە، پرولېتارىيات دىكتاتورىلىقىدىكى دېموكراتىك مەركەزلەشتۈرۈلگەن، ھەرقايسى مىللەتلەر بىرلىككە كەلگەن دۆلەتنى قۇرۇش ئىدىيىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرىدۇ. دۆلەت ئىچىدىكى مىللىي مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىشتا، مىللىي ئاپتونومىيەنى تەشەببۇس قىلىدۇ، دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى قوغدايدۇ. پەقەت ئالاھىدە ئەھۋال ئاستىدىلا ئاندىن فېدېراتسىيە تۈزۈمىدىكى دۆلەت تۈزۈلمە شەكلى ئارقىلىق مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىشقا بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. مىللەتلەرنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ھوقۇقى مەسىلىسىدە پرولېتارىيات پرىنسىپئال مەيدانىنى ئىپادىلىگەن بولۇپ، ئۇنىڭ قارىشىچە، مىللەتلەرنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلىشى مىللىي زۇلۇمغا قارىتا ئېيتىلغان. سوتسىيالىستىك ئىنقىلابنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرگەن دۆلەتلەردە سوتسىيالىستىك تۈزۈمنىڭ ئورنىتىلىشى، مىللىي ئاپتونومىيەنىڭ يولغا قويۇلۇشىغا ئەگىشىپ ھەرقايسى مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدا باراۋەر، ئىتتىپاق، ئۆزئارا ياردەم بېرىدىغان سوتسىيالىستىك يېڭىچە مىللىي مۇناسىۋەت شەكىللەنگەن. بۇ خىل ئەھۋال ئاستىدا مىللىي بۆلگۈنچىلىك، مىللەتلەرنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلىشىنى ئوتتۇرىغا قويۇش، ئەمەلىيەتتە بۇرژۇئازىيە مەيدانىدا تۇرۇپ، پرولېتارىيات سىنىپىغا ۋە ھەرقايسى مىللەت ئەمگەكچى خەلقىنىڭ تۈپ مەنپەئەتىگە قارشى تۇرغانلىق بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، چوقۇم قەتئىي قارشى تۇرۇپ، دۆلەتنىڭ بىر پۈتۈنلىكىنى قوغداش لازىم. جۇڭگو كومپارتىيىسى ماركسىزملىق دۆلەت نەزەرىيىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ ۋە ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، جۇڭگونىڭ ھەرقايسى مىللەتلەر ئورتاق بەرپا قىلغان بىرلىككە كەلگەن كۆپ مىللەتلىك دۆلەت ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بەردى ھەمدە جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئەۋلادلىرى ھەممىسى دېگۇدەك جۇڭگونىڭ بىرلىككە كېلىشىنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى، بۆلگۈنچىلىك ھالىتى مىللەتنىڭ ئىرادىسىگە خىلاپ ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بەردى. ئەمەلىي ئاساستا، ماركسىزملىق مىللىي ئاپتونومىيە ئىدىيىسىنى جۇڭگونىڭ دۆلەت ئەھۋالى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، غەلىبىلىك ھالدا مىللىي ئاپتونومىيە سىياسىتىنى يولغا قويۇپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ باراۋەر ھوقۇقىغا كاپالەتلىك قىلىپ، دۆلەتنىڭ بىر پۈتۈنلىكىنى قوغدىدى. تەيۋەن، شياڭگاڭ، ئاۋمېننىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن «بىر دۆلەتتە ئىككى خىل تۈزۈم» بولۇشتەك ئۇلۇغۋار

ئىستراتېگىيىلىك پىلاننى ئوتتۇرىغا قويۇپ، غەلىبىلىك ھالدا شياڭگاڭ، ئاۋمىننى ۋەتەن قوينىغا قايتۇرۇپ كەلدى. دۆلەتنىڭ بىرلىكى ھەمدە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنىڭ جۇڭگو ئىنقىلابى ۋە قۇرۇلۇشىغا بولغان ئۇلۇغ ئەھمىيىتىنى شەرھلەپ، دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى قوغداشتا چوقۇم مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش، ئۇلار بىلەن ئاخىرغىچە كۆرەش قىلىش، ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىغا ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسىنى ئېلىپ بېرىش، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىپ، تۆت ئاساسىي پرىنسىپ، ئىسلاھات - ئېچىۋېتىشتە چىڭ تۇرۇش لازىملىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

## ماركسىزملىق مىللەت قارىشى

بۇ پرولېتارىيات سىنىپى ۋە سىياسىي پارتىيىسىنىڭ مىللەتنى، مىللىي مەسىلىلەرنى كۆزىتىشتىكى نۇقتىئىنەزىرى ھەمدە مىللىي مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىشتىكى پروگرامما ۋە سىياسىتىنى كۆرسىتىدۇ. ماركسىزملىق مىللەت قارىشى مول مەزمۇنلارغا ئىگە. ئۇنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنى: مىللەت بىر تارىخىي كاتېگورىيە، ئۇ پەيدا بولۇش، تەرەققىي قىلىش ۋە يوقىلىش باسقۇچلىرىنى بېسىپ ئۆتىدۇ. ئۇ ئىنسانلار جەمئىيىتى بار بولغاندىن تارتىپلا بار بولغان ئەمەس ھەمدە مەڭگۈ مەۋجۇد بولۇپ تۇرمايدۇ. مىللىي مەسىلە جەمئىيەت تەرەققىياتى ئومۇمىي مەسىلىسىنىڭ بىر قىسمى، ئۇنىڭ مەزمۇنى، خاراكتېرى، جەمئىيەت تەرەققىياتى ئومۇمىي مەسىلىسىنىڭ ئۆزگىرىش تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ ئۆزگىرىدۇ، تەرەققىي قىلىدۇ. ئۇ ھەرگىزمۇ مۇستەقىل مەۋجۇد بولۇپ تۇرىدىغان، ئۆزگەرمەس مەسىلە ئەمەس، بەلكى ئۇ باشتىن - ئاخىر جەمئىيەت تەرەققىياتى ئومۇمىي مەسىلىسىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ. مىللىي پەرق مىللىي مەسىلىنى پەيدا قىلىدىغان ئاساسىي سەۋەپ. خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك تۈزۈمىدىكى جەمئىيەتتە، سىنىپىي ئېكسپىلاتاتسىيە ۋە سىنىپىي زۇلۇم مىللىي مەسىلىنى پەيدا قىلىدىغان ئاساسلىق ئامىل. شۇنىڭ ئۈچۈن: «ئادەمنىڭ ئادەمنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىشى يوقىتىلغاندا، مىللەتنىڭ مىللەتنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىشىمۇ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ يوقايدۇ». مىللەتلەرنىڭ ئىلغار ۋە قالاقلىق پەرقى بولىدۇ. ئەمما ئېسىل - پەسلىك پەرقى بولمايدۇ. بارلىق مىللەتلەر مەيلى چوڭ ياكى كىچىك بولسۇن، ھەممىسىنىڭ ئۆزىگە يارىشا ئارتۇقچىلىقى، ئىنسانلار جەمئىيىتىگە قوشقان تۆھپىسى بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بىردەك باراۋەر بولۇش كېرەك. ھەرقانداق بىر مىللەتنىڭ ئالاھىدە ھوقۇقتىن بەھرىمان بولۇشىغا قارشى تۇرۇشىمىز كېرەك. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى تەشەببۇس قىلىش پرولېتارىيات ئىنقىلابى ۋە قۇرۇلۇش ئىشلىرىدا غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ زۆرۈر شەرتى. مىللەتلەر باراۋەرلىكى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - پرولېتارىيات سىنىپىنىڭ مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىشتىكى تۈپ پرىنسىپى. پرولېتارىيات سىنىپىنىڭ ئىنتېرناتسىئونالىزم روھىدا چىڭ تۇرۇپ، بارلىق ئېزىلگۈچى مىللەتلەرنىڭ مۇستەقىللىق، ئازادلىقىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئېلىپ

بارغان ھەقىقانى كۆرنىشىنى قوللاش كېرەك : سوتسىيالىزمنىڭ بارلىق مىللەتلەرنىڭ ئورتاق يولى ئىكەنلىكى ، «بارلىق مىللەتلەرنىڭ سوتسىيالىزم يولىدا ماڭىدۇ» غانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىشىمىز لازىم . پرولېتارىيات ھاكىمىيەتنى قولىغا ئالغاندىن كېيىن ، دۆلەتنىڭ مەركەزلىك بىرلىكى ۋە دېموكراتىيىلىشىشىدە چىڭ تۇرۇشى لازىم ، بۇ مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ مۇھىم ئاساسى . مىللەتلەرنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ھوقۇقىنى ئېتىراپ قىلىش ۋە ئۇنى يولغا قويۇش - مىللىي زۇلۇم ۋە جاھانگىرلارنىڭ مۇستەملىكە ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى تۇرۇشىدىكى زۆرۈرىيەت ئىكەنلىكى ، ئەمما ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ تارىخىي شەرت - شارائىتىغا ئاساسلىنىش ، ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ھوقۇقىنى پرولېتارىيات سىنىپى ۋە پۈتكۈل جەمئىيەت تەرەققىياتىدا توغرا ئىشلىتىش كېرەك ، مىللىي رايونلاردا مىللىي ئاپتونومىيە سىياسىتىنى يۈرگۈزۈش كۆپ مىللەتلىك دۆلەتلەرنىڭ مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىشتىكى بىر تۈرلۈك ئومۇملاشقان پرىنسىپى قىلىنىشى كېرەك . ھەرقايسى مىللەتلەر بىرلىكىدىكى ئىشچىلار سىنىپى سىياسىي پارتىيىسىنى قۇرۇشتا چىڭ تۇرۇش ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ بارلىق ئىشچىلار سىياسىي پارتىيىلىرىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش كېرەك . بۇنىڭ ئۆزى مىللىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ۋە سوتسىيالىزمنىڭ غەلىبە قىلىشىنىڭ بىردىنبىر كاپالىتى ئىكەنلىكى توغرىسىدىكى تونۇشنى ھاسىل قىلىش كېرەك . جۇڭگو كومپارتىيىسى ماركسىزملىق مىللەت قارىشىغا ۋارىسلىق قىلدى ھەمدە ئۇنى تەرەققىي قىلدۇردى ، شۇنداقلا تۆۋەندىكىدەك سەككىز جەھەتتىكى ئاساسىي نۇقتىئىنەزەرنى شەكىللەندۈردى . مىللەتنىڭ شەكىللىنىشى ، تەرەققىي قىلىشى ۋە يوقىلىشى ئۇزاق بىر تارىخىي جەريان ، مىللىي مەسىلە ئۇزاققىچە مەۋجۇد بولۇپ تۇرىدۇ ؛ سوتسىيالىزم باسقۇچى ھەرقايسى مىللەتلەر ئورتاق گۈللەپ ياشنايدىغان دەۋر بولۇپ ، ھەرقايسى مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدا ئورتاق بولغان ئامىللار ئۈزلۈكسىز كۆپىيىدۇ . بىراق مىللىي ئالاھىدىلىك ، مىللىي پەرق يەنىلا داۋاملىق مەۋجۇد بولۇپ تۇرىدۇ ؛ مىللىي مەسىلە ئىجتىمائىي ئومۇمىي مەسىلىنىڭ بىر قىسمى . مىللىي مەسىلە پەقەت بارلىق ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش جەريانىدا ئاندىن تەدرىجىي ھەل بولىدۇ ؛ دۆلىتىمىزنىڭ ھازىرقى باسقۇچتىكى مىللىي مەسىلىسى پەقەت سوتسىيالىزمنى ئورتاق قۇرۇش جەريانىدا ئاندىن تەدرىجىي ھەل بولىدۇ ؛ ھەر مىللەت خەلقى مەيلى نوپۇسىنىڭ ئاز - كۆپلۈكى ، تارىخىنىڭ ئۇزۇن - قىسقىلىقى ۋە ياكى تەرەققىيات سەۋىيىسىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەنلىكى بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ، ھەممىسى ۋەتەن ئۈچۈن تۆھپە قوشقان . شۇنىڭ ئۈچۈن بىردەك باراۋەر بولۇشى ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىپ ، دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى قوغدىشى كېرەك ؛ زور كۈچ بىلەن سوتسىيالىستىك ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش - سوتسىيالىزم دەۋرىدىكى مىللىي خىزمەتنىڭ تۈپ ۋەزىپىسى . ھەرقايسى مىللەتلەر ئۆزئارا ياردەمدە بولۇپ ، بىرلىكتە ئالغا ئىلگىرىلەش ۋە گۈل جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ ماركسىزملىق مىللەت نەزەرىيىسىگە قوشقان زور تۆھپىسى . شۇنداقلا

دۆلىتىمىزنىڭ مىللىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتىكى ئاساسىي تۈزۈمى ۋە سىياسىتىدۇر؛ زور بىر تۈركۈم ئەخلاقلىق ھەم قابىلىيەتلىك ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى تىرىشىپ تېز يېتىشتۈرۈپ چىقىش مىللىي خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەش ۋە مىللىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنىڭ ئاچقۇچى؛ مىللىي مەسىلە بىلەن دىن بەزى رايونلاردا بىر - بىرى بىلەن كىرىشىپ كەتكەن، مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىشتا پارتىيىنىڭ دىنىي سىياسىتىنى ئومۇمىيۈزلۈك، توغرا ئىزچىللاشتۇرۇشقىمۇ دىققەت قىلىش كېرەك.

## ماركسىزملىق دىنىي قاراش

ماركسىزمچى مەشھۇر يازغۇچىلارنىڭ دىئالېكتىك ماتېرىيالىزم ۋە تارىخىي ماتېرىيالىزملىق دۇنيا قاراشتىن پايدىلىنىپ، دىنىي ھادىسىلەر ۋە دىنىي مەسىلىلەرگە بولغان ئىلمىي تونۇشى ھەمدە مۇشۇ خىل تونۇش ئاساسىدا دىنىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئۈچۈن تۈزۈپ چىققان سىياسەت ۋە پرىنسىپلارنى كۆرسىتىدۇ. ماركسىزملىق دىنىي قاراش تۆۋەندىكىدەك مەزمۇنغا ئىگە: دىنىنىڭ ماھىيىتى - بىر خىل بۇرمىلانغان دۇنيا قاراش، بارلىق دىنلار «كىشىلەرنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان تاشقى كۈچلەرنىڭ كىشىلەر كاللىسىدىكى خىيالىي ئىنكاسىدىن باشقا نەرسە ئەمەس، بۇنداق ئىنكاسلاردا بۇ ئالەمدىكى كۈچلەر دۇنيا ھالقىغان كۈچ شەكلىنى قوللانغان بولىدۇ. دىن بىر خىل ئىجتىمائىي تارىخىي ھادىسە بولۇپ، ئۇ ئىپتىدائىي جەمئىيەت تەرەققىي قىلىپ مەلۇم بىر باسقۇچقا يەتكەندە ئاندىن پەيدا بولغان. دىن قۇللۇق تۈزۈم، فېئوداللىق تۈزۈم، كاپىتالىستىك تۈزۈمنى باشتىن كەچۈرگەن. ئۇ سوتسىيالىزم دەۋرىدىمۇ ئۇزاققىچە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. بىراق دىن مەڭگۇ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىۋەرمەيدۇ. ئۇ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ھەمدە دىنىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىدىكى بىلىش مەنبەسى ۋە ئىجتىمائىي مەنبەنىڭ يوقىلىشىغا ئەگىشىپ، دىنىنىڭ مەۋجۇت بولۇش ئاساسىمۇ يوقىلىدۇ - دە، ئاخىرىدا ئۆزلۈكىدىن غايىپ بولىدۇ. ئەمما بۇ بىر ئۇزاق تارىخىي جەريان بولۇپ، ئۇ جەمئىيەت ئىقتىساد، مەدەنىيەتنىڭ يۈكسەك دەرىجىدىكى تەرەققىيات سەۋىيىگە يېتىشىگە مۇھتاج بولىدۇ. دىنىنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە ئۇزاققىچە مەۋجۇت بولۇشى كىشىلەرنىڭ تەبىئەت كۈچلىرى، ئىجتىمائىي كۈچلەرنىڭ زۇلۇمىنى، بولۇپمۇ سىنىپىي زۇلۇم كەلتۈرۈپ چىقارغان ئازاپ - ئوقۇبەتلەرنى توغرا چۈشەنمىگەنلىكىدىندۇر. ئەگەر بۇ خىل زۇلۇم يەنىلا مەۋجۇت بولۇپ، كىشىلەردە بۇ خىل زۇلۇمغا قارىتا توغرا چۈشەنچە بولمايدىكەن، ئۇ ھالدا دىن يەنىلا ئۇزاققىچە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. دىن بىر خىل بۇرمىلانغان دۇنيا قاراش سۈپىتى بىلەن جەمئىيەتتە پاسسىپ رول ئوينايدۇ. تارىختىن بۇيان ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپلار دىننى خەلقنىڭ روھىنى بىھۇشلاندۇرغۇچى ئەپيۇنگە ئوخشاش ئىشلىتىپ كەلمەكتە. ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپلار دىننى

ئېكسپلاتاتسىيە تۈزۈمى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرغان. دىن ئارقىلىق كەڭ ئەمگەكچى خەلقنى ئەزگەن ۋە ئېكسپلاتاتسىيە قىلغان. ئۇلار دىن ئارقىلىق كىشىلەرنى تۇرمۇشتىكى بەختنى قوغلىشىشتىن ۋاز كەچتۈرۈپ، بارلىق ئارزۇ - ئۈمىدلىرىنى ئۇ ئالەمگە باغلىشى لازىملىقىنى ئېيتىپ، ئۇلارنىڭ ئىدىيىسىنى چۈشەپ قويۇپ، ئۆزلىرىنىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىنى تېخىمۇ مۇستەھكەملىگەن. پرولېتارىياتنىڭ دىنىي مەسىلىلەرگە بولغان تۈپ ۋەزىپىسى بولسا، ئەكسىيەتچىل ئېكسپلاتاتسىيە تۈزۈمىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، سوتسىيالىستىك ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇپ، كىشىلەرنىڭ ئىلىم - پەن مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈپ، ئاستا ـ ئىشتىن ئىبارەت. پرولېتارىيات سىنىپى ۋە سىياسىي پارتىيىنىڭ دىنغا تۇتقان پوزىتسىيە ۋە پرىنسىپى: دۇنيا قاراش نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، دىن بىلەن ئىلمىي سوتسىيالىزم بىر-بىرىگە تۈپتىن قارىمۇ قارشى، دىن دۆلەتكە نىسبەتەن شەخسنىڭ ئىشى بولسىمۇ، ئەمما پرولېتارىيات سىياسىي پارتىيىسى ئۈچۈن ئۇنداق ئەمەس. چوقۇم دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىنى ئۇزۇل - كېسىل ئەمەلگە ئاشۇرۇش لازىم. ئاتېئىزىم تەشۋىقاتىنى بوشاشماستىن راۋاجلاندۇرۇشتا چىڭ تۇرۇش، ئەمما سىياسىي مەمۇرىي بۇيرۇق ۋە ساقچى قاتارلىق ۋاستىلار ئارقىلىق دىننى چەكلەشكە قارشى تۇرۇش لازىم. پرولېتارىيات سىياسىي پارتىيىسى دىنىي ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلغاندا، چوقۇم پارتىيىنىڭ تۈپكى ۋەزىپىسىنى چىقىش نۇقتىسى ۋە ئاخىرقى نىشانى قىلىش، پارتىيىنىڭ ئوخشىمىغان تارىخىي باسقۇچتىكى ئوخشىمىغان ۋەزىپىسىگە بويسۇنۇش زۆرۈر. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ماركسىزملىق دىنىي قاراشقا ۋارىسلىق قىلىپ ھەمدە ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، تۆۋەندىكىدەك سەككىز خىل كۆزقاراشنى شەكىللەندۈردى: دىن پەيدا بولۇش، تەرەققىي قىلىش ۋە يوقىلىش باسقۇچلىرىنى بېسىپ ئۆتىدۇ. سوتسىيالىستىك جەمئىيەتتە دىن ئۇزاققىچە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. بىز ئۇنى مەمۇرىي كۈچ ئارقىلىق تەرەققىي قىلدۇرماسلىقىمىز كېرەك؛ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى دۆلەتنىڭ ئاساسىي قانۇنى تەرىپىدىن قوغدىلىدۇ. پۇقرالارنىڭ دىنغا ئېتىقاد قىلىش ئەركىنلىكى ھەمدە دىنغا ئېتىقاد قىلماسلىق ئەركىنلىكىمۇ بولىدۇ؛ ئاتېئىزىمچىلار بىلەن دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچىلارنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي جەھەتتىكى تۈپ مەنپەئىتى بىردەك بولىدۇ. ئىدىيە، ئېتىقاد ئوتتۇرىسىدىكى پەرق ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. سىياسىي ئىتتىپاقلىقتا ھەمكارلىشىپ، ئېتىقادتا ئۆز ئارا ھۆرمەت قىلىشتا چىڭ تۇرۇش لازىم؛ دۆلىتىمىزدە دىنىي ئىشلاردىكى زىددىيەت خەلقنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى زىددىيەتتۇر. بىراق بەلگىلىك شەرت - شارائىت ۋە ئەھۋال ئاستىدا، قارشىلىق مەسىلىسى كېلىپ چىقىشى مۇمكىن؛ دىنىي پائالىيەتلەر چوقۇم دۆلەتنىڭ قانۇن ۋە سىياسەت دائىرىسى ئىچىدە ئېلىپ بېرىلىشى كېرەك. دۆلەت قانۇن ئارقىلىق دىنىي ئىشلارنى باشقۇرىدۇ ھەمدە نورمال بولغان دىنىي پائالىيەتلەرنى قوغدايدۇ. ئەكسىچە دىندىن پايدىلىنىپ ئېلىپ بېرىلغان قانۇنسىز جىنايى قىلمىشلارنى توسايدۇ

ھەممە ئۇنىڭغا زەربە بېرىدۇ؛ مۇستەقىل، ئۆز - ئۆزىگە خوجا بولغان دىنىي جەمئىيەت قۇرۇش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، چېگرا سىرتىدىكى دىنىي تەشكىلات ۋە شەخسلەرنىڭ دۆلىتىمىزنىڭ دىنىي ئىشلىرىغا ئارىلىشىۋېلىشىغا قارشى تۇرىدۇ. چېگرا سىرتىدىكى دۈشمەن كۈچلەرنىڭ دىنىدىن پايدىلىنىپ سىڭىپ كىرىشىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن توسىدۇ، دىنىي جەمئىيەت زاتلىرىنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئۇلارنى تەربىيىلەپ، پىلانلىق ھالدا بىر تۈركۈم ياش، ۋەتەن سۆيەر دىنىي كەسپىي خادىملارنى يېتىشتۈرۈپ، ۋەتەن سۆيەر دىنىي كوللېكتىپ تەشكىلاتلارنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، دىن بىلەن سوتسىيالىستىك جەمئىيەتنىڭ ئۆزئارا ماسلىشىشىنى ئاكتىپ يېتەكلىشى زۆرۈر.

## ماركسىزملىق تارىخىي قاراش

ماركسىزملىق تارىخىي قاراش — تارىخىي ماتېرىيالىزم دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇ ماركسىزمنىڭ جەمئىيەت تارىخىغا بولغان ئومۇمىي كۆزقارىشى ۋە نۇقتىئىنەزىرىدىن ئىبارەت. ماركسىزمدىن بۇرۇنقى تارىخىي كۆزقاراش بولسا، ئىدىئالىزملىق تارىخىي كۆزقاراش بولۇپ، ئىجتىمائىي ئاڭ، ئىجتىمائىي مەۋجۇتلۇقنى بەلگىلەيدۇ، دېگەن تۈپكى نۇقتىئىنەزەرنى چىقىش نۇقتىسى قىلىپ، ئادەملەرنىڭ ئىدىيىۋى مۇددىئاسىنى، قەھرىمانلىق ئىرادىسىنى، تەبىئەتتىن ھالقىغان مەلۇم خىل سىرلىق كۈچىنى تارىخىي تەرەققىياتنىڭ ھالقىلىق ئامىلى دەپ قاراپ، تارىخىي تەرەققىياتنىڭ ئامىمىنىڭ ئىرادىسىگە بويسۇنمايدىغان ئوبيېكتىپ قانۇنىيەت ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلغان. ماددىي ئىشلەپچىقىرىشنىڭ جەمئىيەت تەرەققىياتىدىكى ھەل قىلغۇچ رولى ھەممە خەلق ئاممىسىنىڭ تارىخنى ياراتقۇچى سۇبيېكت ئىكەنلىكى، سىنىپىي كۈرەشنىڭ سىنىپىي جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىدا ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ ئىكەنلىكى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىنى ئىنكار قىلغان. ئون سەككىز، ئون توققۇزىنچى ئەسىردىكى ماتېرىيالىستىك پەيلاسوپلار، تارىخشۇناسلار، فېئوداليزم ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن، جەمئىيەت تەرەققىياتىدا ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدىغان ماددىي سەۋەبلەر ئۈستىدە ئىزدەنگەن. مەسىلەن، 18 - ئەسىردىكى فرانسىيە ماتېرىيالىستلىرى «مۇھىت ھەممىنى بەلگىلەيدۇ» دېگەن قاراشنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئادەمنى مۇھىت ياراتقان، ئادەمنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن مۇھىتنى ئۆزگەرتىش كېرەك، ئەمما، مۇھىتنى ئۆزگەرتىشنى تالانتلىق ئادەملەر ئۆز ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك، دەپ قارىغان. شۇنىڭ بىلەن «تالانت» بار ئادەملەرنى مۇھىتنى ئۆزگەرتىدىغان ھەل قىلغۇچ شەخسكە ئايلاندۇرۇپ، تالانتلىقلارنىڭ پىكرى ئىجتىمائىي مۇھىتنىڭ مەھسۇلى، ئىجتىمائىي مۇھىت بولسا تالانتلىقلارنىڭ پىكرى مەھسۇلىدىن ئىبارەت دەپ قارايدىغان ئايلانما نەزەرىيە پاتقىقىغا چۆكۈپ قالغان. ماركس بىلەن ئېنگېلس دىئالېكتىك ماتېرىيالىزم ئارقىلىق جەمئىيەت تارىخى ساھەسىدە تارىخىي ماتېرىيالىزمنى ياراتتى ھەممە كىشلەرنىڭ جەمئىيەت تارىخىغا بولغان كۆز قاراشلىرىدا تۈپتىن ئۆزگىرىش

ھاسىل قىلدى . تارىخىي ماتېرىيالىزمنىڭ قارىشىچە ، ئىجتىمائىي مەۋجۇتىيەت ئىجتىمائىي ئاڭنى بەلگىلەيدۇ . جەمئىيەت تەرەققىياتى ئۆزىنىڭ ئەسلىدىنلا بار بولغان ئۆزگەرمەس قانۇنىيىتى ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلىدۇ . جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى جەمئىيەتنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى زىددىيەتلىك ھەرىكەت . ئۇ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى بىلەن ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋىتى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت ، ئىقتىسادىي بازىس بىلەن ئۇستقۇرۇلما ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتلەر جەمئىيەتتىكى ئاساسىي زىددىيەتنى شەكىللەندۈرگەن . بۇ خىل زىددىيەتلىك ھەرىكەت ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ تۆۋەن باسقۇچىدىن يۇقىرى باسقۇچىغا قاراپ تەرەققىي قىلىشتەك ئومۇمىي يۈزلىنىشى ۋە يولىنى پەيدا قىلغان . بۇ زىددىيەتلىك ھەرىكەت جەريانىدا ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتى تېگى ـ تەكتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ . سىنىپىي جەمئىيەتتە بۇ خىل ئاساسىي زىددىيەت سىنىپىي زىددىيەت ۋە توقۇنۇش بولۇپ ئىپادىلەنگەن . سىنىپىي كۈرەش بولسا جەمئىيەت تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان بىۋاستە ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ . ماركسىزملىق تارىخىي قاراش شەخسنىڭ جەمئىيەت تەرەققىياتىدىكى رولىنى ئېتىراپ قىلىدۇ . بىراق تارىخنى ئاز ساندىكى قەھرىمانلارنىڭ نادىر ئەسىرى دېگەن قاراشقا قارشى تۇرۇپ ، ئېنىق ھالدا پەقەت كەڭ خەلق ئاممىسىلا ھەقىقىي تارىخنى ياراتقۇچىلاردۇر ، دېگەننى جاكارلىغان . ھەممىدە تارىخىي پاكىتلارنى چىقىش نۇقتىسى قىلىش تارىخ تەتقىقاتىنىڭ چىقىش نۇقتىسى ۋە ئاساسى ، شۇنداقلا كىشىلەرنىڭ تارىخنى چۈشىنىش ۋە تونۇشىدىكى ئاساسىي پرىنسىپ ھېسابلىنىدۇ . تارىخىي ماتېرىيالىزم بولسا پرولېتارىيات سىياسىي پارتىيىسىنىڭ جەمئىيەتنى تونۇش ۋە ئۇنى ئۆزگەرتىشتىكى ئىدىيىۋىي قورالىدۇر . تارىخىي ماتېرىيالىزم ۋە دىئالېكتىك ماتېرىيالىزم مۇكەممەل بولغان ماركسىزمنى شەكىللەندۈرگەن .

## ماركسىزملىق مەدەنىيەت قارىشى

ماركسىزملىق مەدەنىيەت قارىشى دېگەنلىك ، ماركسىزمنىڭ مەدەنىيەتكە بولغان ئومۇمىي كۆز قارىشى ۋە نۇقتىئىنەزىرى . ماركسىزملىق مەدەنىيەت قارىشىنىڭ مەزمۇنى مول بولۇپ ، ئۇنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنى : مەدەنىيەت تارىخىيلىق ۋە ئىجتىمائىيلىققا ئىگە . ئىنسانلار تارىخىدىكى ھەربىر خىل ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي فورماتسىيە ئۆزىنىڭ تارىخىي پۈتۈنلۈك سۈپىتىدىكى مەدەنىيەت تىپىنى شەكىللەندۈرىدۇ . بەلگىلىك مەدەنىيەت بولسا ، بەلگىلىك جەمئىيەت سىياسىي ۋە ئىقتىسادىنىڭ ئاڭ فورماتسىيىسىدىكى ئىنكاسىدىن ئىبارەت . مەدەنىيەتنىڭ ماددىي ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئىقتىسادىي تۇرمۇشقا بولغان رولى پاسسىپ ياكى كىچىك بولمايدۇ؛ مەدەنىيەت سىنىپىيلىققا ۋە ئاڭ فورماتسىيىسىگە ئىگە . ماركسىزمنىڭ قارىشىچە ، ئاڭ فورماتسىيىسىدىكى مەدەنىيەت (تەبىئىي پەن ، قىسمەن فىلولوگىيە پەنلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ) ، سەنئەت ،

ئەخلاق، سىياسىي، قانۇن، ئىدىيە، دىن، پەلسەپە ۋە كۆپ قىسىم ئىجتىمائىي پەن قاتارلىقلارنىڭ ئۆزى ئىجتىمائىي ئاڭ فورماتسىيە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. سىنىپىي جەمئىيەتتە بۇ بۆلۈك ئاڭ فورماتسىيىسى جەمئىيەتنىڭ ئىقتىسادىي بازىس ۋە سىياسىي قانۇن تۈزۈملىرىنىڭ ئوخشىمىغان دەرىجىدىكى بىۋاستە ئىنكاسى. ئۇ بەلگىلىك سىنىپنىڭ مەنپەئەتى ۋە تەلىپىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەچكە، روشەن سىنىپىيلىققا ئىگە بولىدۇ. مەدەنىيەت مىللەت ۋە ئىنسانىيەت خاراكتېرىگە ئىگە. مىللەتنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ مەدەنىيەت مىللەت خاراكتېرىگە ئىگە بولغان. مىللەت شەكلىنىڭ تەرەققىياتى نەتىجىسىدە، مىللىي ئەنئەنە شەكىللەنگەن. بىراق ئوخشاش تارىخىي مۇھىت ياكى ئوخشاش ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات ھالىتى قىلىپ ھەمدە ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى بىلەن ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئۆز ئارا ئالاقىسىنىڭ تەرەققىياتى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتىنى كەڭ كۆلەملىك ئۇچرىشىش ۋە ئالماشتۇرۇشقا ئىگە قىلىپ، تەدرىجىي ئورتاق نەرسىلەر پەيدا قىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن مەدەنىيەتتە ئىنسانىي ئالاھىدىلىك ئىپادىلەندۈرىدۇ. مەدەنىيەت ۋارىسچانلىققا ۋە ئۆزگىرىشچانلىققا ئىگە. مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىياتى تارىخىي ئۈزلۈكسىزلىككە ئىگە. ئىجتىمائىي ماددىي ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىيات تارىخىنىڭ ئۈزلۈكسىزلىكى مەدەنىيەت تەرەققىيات تارىخىنىڭ ئۈزلۈكسىز بولۇشىنىڭ ئاساسى. تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا، مەدەنىيەت ھامان تارىخنىڭ تەرەققىيات ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ ئۆزگىرىدۇ ۋە تەرەققىي قىلىدۇ. شۇ سەۋەبتىن، مەدەنىيەت ئۆز تەرەققىيات جەريانىدا ئۆزىنى ئۆزگەرتىدۇ. مەدەنىي مىراسلار مەسىلىسىگە قارىتا، ماركسىزم كونىنى تىرىلدۈرۈش ۋە مەدەنىيەت مەۋھۇمچىلىقىغا قارشى تۇرۇپ، شاكىلىنى چىقىرىۋېتىپ، مېغىزىنى قوبۇل قىلىش، قەدىمكىنى بۈگۈن ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش، كونىلىرىنى چىقىرىپ تاشلاپ، يېڭىلىرىنى قوبۇل قىلىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. كۆپ مىللەتلىك سوتسىيالىستىك دۆلەتلەردە، ئىجتىمائىيلاشقان يىرىك ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىي قىلىشى، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك تەرەققىي قىلىشى، ھەرقايسى مىللەتلەر ئالاقىسى كۈنسايىن ئومۇملىشىشى ۋە كەڭ دائىرىدە چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتىمۇ كۈنسايىن بىر-بىرىگە يېقىنلىشىدۇ، بۇ بىر خىل ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىپ تۇرىدىغان ئوبيېكتىپ جەريان. بۇ جەريانغا بولغان مۇئامىلىدە ماركسىزم بۇ جەرياننى تېزلىتىۋېتىشكە ھەم مىللىي مەدەنىيەتنى قوغداش ئۈچۈن تەنھا ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويۇش ئارقىلىق بۇ جەريانغا توسالغۇ بولۇشقا قارشى تۇرىدۇ. سوتسىيالىستىك يېڭى مەدەنىيەتنى بەرپا قىلىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشتا ئالدى بىلەن چوقۇم ئۆتمۈش زامانىدىكى مەدەنىيەت بىلەن چەك - چېگرىنى ئېنىق ئايرىش، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۆتمۈش زامانىدىكى بارلىق ئاكتىپ بولغان مەدەنىيەت مېۋىلىرىنى ئۈنۈملۈك ھالدا سوتسىيالىستىك يېڭى مەدەنىيەت ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش لازىم. سوتسىيالىستىك يېڭى مەدەنىيەتنىڭ مەقسىتى يېڭى ئادەملەرنى

يارىتىش، يېڭى ئادەملەرنى يارىتىش دېگەنلىك، ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنى ۋە دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ھەربىر جەمئىيەت ئەزاسىنىڭ مۇستەھكەم بولغان ئېتىقادىغا ئايلاندۇرۇپ، ئىجادىي خىزمەتلەردىكى يېتەكچى ئىدىيە قىلىش، ئۇلارنى كوممۇنىزملىق دۇنيا قاراش، كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى، قىممەت قارىشى، يۈكسەك ئەخلاقىي - پەزىلەت ۋە مول روھىي دۇنياغا ئىگە قىلىش، پەن - مەدەنىيەت ساپاسىنى ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈش، ئەۋلادمۇ ئەۋلاد غايىلىك، ئەخلاقلىق، مەدەنىيەتلىك، ئىنتىزامچان بولغان سوتسىيالىزم پۇقرالىرىدىن قىلىپ چىقىشتىن ئىبارەت.

### بەش خىل نۇقتىئىنەزەر تەربىيىسى

بەش خىل نۇقتىئىنەزەر تەربىيىسى دېگەنلىك، ماركسىزملىق دۆلەت قارىشى، مىللەت قارىشى، دىن قارىشى، تارىخ قارىشى، مەدەنىيەت قارىشى قاتارلىقلار ئارقىلىق ھەر مىللەت كادىر ئاممىسى ۋە ياش - ئۆسمۈرلەرنى تەربىيىلەش، ئۇلارنىڭ ئېڭىدا دۆلەت، مىللەت، دىن، تارىخ، مەدەنىيەت قاتارلىق مەسىلىلەردە توغرا ئىدىيە تۇرغۇزۇشنى كۆرسىتىدۇ. ھەر مىللەت كادىر ئاممىسى ۋە ياش - ئۆسمۈرلەرگە بولغان بەش خىل نۇقتىئىنەزەر تەربىيىسى ئۇزاق بىر تارىخىي باسقۇچنى بېسىپ ئۆتتى. 20 ئەسىرنىڭ 50 - يىللىرى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ئىلگىرى - ئاخىرى پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدا پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتى قايتا تەربىيىسى ۋە تەكشۈرۈش خىزمەتلىرىنى ئىككى قېتىملىق قانات يايدۇرۇپ، چوڭ خەنزۇچىلىق بىلەن يەرلىك مىللەتچىلىككە قارىتا تەنقىدىي تەربىيىنى ئېلىپ باردى. تەربىيىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى ھەر مىللەت كادىرلىرى بولدى. بۇ ماركسىزملىق مىللەت قارىشى تەربىيىسى خىزمىتىنىڭ دەسلەپكى شەكلىدۇر. 11 - نۆۋەتلىك 3 - ئومۇمىي يىغىندىن كېيىن، «ئون يىللىق ئىچكى قالايمىقانچىلىق» نىڭ مىللەت، دىن خىزمەتلىرىگە ئېلىپ كەلگەن ئېغىر زىيانلىرى ھەمدە كىشىلەر ئىدىيىسىدە تۇغدۇرغان قالايمىقانچىلىق ھالىتىگە قارىتا پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى يەنە بىر قېتىم مەملىكەت مىقياسىدا مىللىي سىياسەت قايتا تەربىيىسى خىزمىتى ئېلىپ باردى. بۇ قېتىملىق تەربىيىنىڭ مەزمۇنى پارتىيىنىڭ مىللىي دىنىي سىياسىتى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە بىر قەدەر سىستېمىلىق بولغان ماركسىزملىق مىللەت نەزەرىيىسى بىلەن دىنغا بولغان ئاساسىي كۆزقاراشلىرى بولۇپ، تەربىيىنىڭ ئوبيېكتى پەقەت ھەر مىللەت كادىرلىرى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە كەڭ خەلق ئاممىسىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مەركەزنىڭ ھۆججىتىدە تۇنجى بولۇپ ماركسىزمنىڭ «مىللەت قارىشى»، «دىن قارىشى» ئارقىلىق ھەر مىللەت كادىر ئاممىسىنى تەربىيىلەشنى ئوتتۇرىغا قويغان. مەركەزنىڭ يوليورۇقىنىڭ روھىغا ئاساسەن، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى ۋە خەلق ھۆكۈمىتى ئۆز رايونىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەردەرىجىلىك

ھەرخىل مەكتەپلەر، شۇنىڭدەك پارتىيە مەكتەپلىرى سىستېمىسىدا تۈنجى بولۇپ ماركسىزملىق مىللەت نەزەرىيىسى ۋە پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسەتلىرىنى ئوقۇتۇش خىزمىتىنى قانات يايدۇردى ھەمدە پۈتۈن مەملىكەت دائىرىسى ئىچىدە تۈنجى بولۇپ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى مۇكاپاتلاش خىزمىتىنى قانات يايدۇردى. ماركسىزملىق مىللەت قارىشى تەربىيە خىزمىتى شۇ مەزگىلدىكى نۇقتىلىق خىزمەت بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. 20 ـ ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىنىڭ ئوتتۇرىدىن 90 ـ يىللارنىڭ دەسلەپكىچە شىنجاڭدىكى مىللىي بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلارنىڭ شىنجاڭ بىلەن ۋەتەن ئوتتۇرىسىدا ئېغۋارگەرچىلىك تۇغدۇرۇشى، شۇنداقلا دىنىي خىزمەتلەردە ساقلىنىۋاتقان بەزى مەسىلىلەرگە قارىتا، ماركسىزملىق مىللەت قارىشى تەربىيىسىنى كۈچەيتكەن ئاساستا يەنە نۇقتىلىق ھالدا ماركسىزملىق دۆلەت قارىشى ۋە دىنىي قاراش تەربىيىسى خىزمىتىنى قانات يايدۇردى. 20 ـ ئەسىرنىڭ 90 ـ يىللىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن بۇيان، مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ شىنجاڭنىڭ تارىخى، مىللىي دىنىي تارىخى، مەدەنىيەت مەسىلىلىرىدىكى پاكىتنى بۇرمىلاش مەسىلىسىگە قارىتا، نۇقتىلىق ھالدا ماركسىزملىق تارىخىي كۆزقاراش ۋە مەدەنىيەت قارىشى تەربىيىسى خىزمىتىنى كۈچەيتتى ھەمدە تۈنجى قېتىم ئومۇميۈزلۈك سىستېمىلىق ھالدا ماركسىزملىق دۆلەت، مىللەت، دىن، تارىخ، مەدەنىيەت قاراشلىرىنىڭ ئاساسىي ئىدىيىسىنى بايان قىلدى. مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ دۆلەت، مىللەت، دىن، تارىخ ۋە مەدەنىيەتكە بولغان ئەكسىيەتچىل ئىدىيىلىرىگە قارىتا چوڭقۇر تەنقىد ئېلىپ باردى ھەمدە ھەرمىللەت كادىر ئاممىسىغا «بەش خىل نۇقتىئىنەزەر» تەربىيىسىنى ئېلىپ باردى، بۇ ئارقىلىق ماركسىزملىق «بەش خىل نۇقتىئىنەزەر» تەربىيىسى شەكىللەندى.

### مىللىي بۆلگۈنچىلىك

بۇرژۇئا مىللەتچىلىكىنىڭ كۆپ مىللەتلىك دۆلەتنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى چېكىدىن ئاشقان ئىپادىسى. مىللەتچىلىك بايرىقىنى كۆتۈرۈۋېلىپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىكنى پەيدا قىلىپ، دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى بۇزۇشنى مەقسەت قىلىدىغان بىر خىل ئەكسىيەتچىل سىياسىي كۈچ ۋە ئەكسىيەتچىل ھەرىكەتتىن ئىبارەت. نۆۋەتتە، مىللىي بۆلگۈنچىلىكنىڭ دۆلىتىمىزدىكى گەۋدىلىك ئىپادىسى لى دېڭخۇي باشچىلىقىدىكى «تەيۋەن مۇستەقىللىقى» بۆلگۈنچىلىك ھەرىكىتى، دالاي لاما ئەكسىيەتچىل گۇرۇھىنىڭ «شىزاڭ مۇستەقىللىقى» بۆلگۈنچىلىك ھەرىكىتى ھەمدە شىنجاڭدىكى مىللىي بۆلگۈنچى ئەكسىيەتچىل كۈچلەر باشچىلىقىدىكى «شىنجاڭ مۇستەقىللىق» بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرىدىن ئىبارەت. بۇ ئۈچ خىل مىللىي بۆلگۈنچىلىك پائالىيەتلىرى گەرچە ئىپادىلىنىش ئۇسۇلى، پەيدا بولۇش ۋاقتىنىڭ ئىلگىرى ـ كېيىنلىكى، شوغۇللىنىۋاتقان بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرىنىڭ سۇبيېكتى قاتارلىقلار ئوخشاش بولمىسىمۇ، ئەمما ماھىيەت جەھەتتىن بىردەكلىككە ئىگە. ھەممىسلا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدىكى سوتسىيالىستىك

كۆپ مىللەتلىك، بىرلىككە كەلگەن دۆلەتكە قارشى تۇرۇش، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى پارچىلاش ۋە ئۇنىڭغا بۇزغۇنچىلىق قىلىش، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئورتاق مەنپەئەتىگە زىيان سېلىشتىن ئىبارەت. 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا مىللىي بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرى شىنجاڭدا پەيدا بولۇشقا باشلىدى. 20 ـ ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرى، مىللىي بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلار شىنجاڭنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى قالايمىقانچىلىق ۋەزىيىتىدىن پايدىلىنىپ، چەت ئەل كۈچلىرىنىڭ ياردىمىدە، خوتەن، قەشقەر رايونلىرىدا ئوچۇق ـ ئاشكارا ھالدا مىللىي بۆلگۈنچىلىك بايرىقىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، ئاتالمىش «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى»نى قۇرۇش توغرىسىدا جار سالدى. 20 ـ ئەسىرنىڭ 40 ـ يىللىرىدا، مىللىي بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلار گومىنداڭ شىنجاڭ ھۆكۈمىتى ۋە «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى» ھۆكۈمىتىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى بەزى ھوقۇقلىرىنى قولغا كىرگۈزۈۋېلىپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىك شوئارى، نەزەرىيىلىرىنى ھەدەپ كۆككە كۆتۈرۈپ، ئەسەبىيلەرچە تەشۋىق قىلدى. شىنجاڭ ئازاد بولغاندىن كېيىن، مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەرنىڭ شىنجاڭدىكى بۆلگۈنچىلىك، ئاغدۇرمىچىلىق ھەرىكىتى ئۈزۈلمەي داۋاملىشىپ كەلدى. 20 ـ ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىدىن بۇيان، خەلقئارادىكى دۈشمەن كۈچلەرنىڭ ياردىمى ئاستىدا، مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەر شىنجاڭغا قارىتا بىر قاتار تېررورلۇق ۋەقەلىرى بىلەن بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ بېرىپ، ئاتالمىش شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنى قۇرۇشقا ئۇرۇندى. شىنجاڭدىكى مىللىي بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلارنىڭ بۇزغۇنچىلىق خاراكتېرىدىكى سۇيىقەست ۋاستىلىرىدىن ئاساسلىقى، پانتۈركىزم، پانئىسلامىزمنىڭ ئەكسىيەتچىل ئىدىيىسىنى تەشۋىق قىلىش، شىنجاڭ تارىخىنى، مىللەتنىڭ تارىخىنى ۋە دىنىنىڭ ئۆزگىرىش تارىخىنى بۇرمىلاش، شىنجاڭ رايونى بىلەن ۋەتەننىڭ مۇناسىۋىتىنى بۇرمىلاش، مىللەتلەر مۇناسىۋىتىگە بۆلگۈنچىلىك قىلىش، مىللىي قارشىلىشىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىش، مىللىي زىددىيەت پەيدا قىلىش، خەنزۇلارغا قارشى تۇرۇش، خەنزۇلارنى سىقىپ چىقىرىشقا ئىلھام بېرىش، دىنىي ئەسەبىيلىكنى قوزغىتىش، «غازات» كۈرىشىنى ئېلىپ بېرىشقا چاقىرىق قىلىش، ئەكسىيەتچىل تايانچ كۈچلەرنى تەربىيىلەش، ئەكسىيەتچىل تەشكىلاتلارنى قۇرۇش قالايمىقانچىلىق پەيدا قىلىش، ھەتتاكى قوراللىق توپىلاڭنى پىلانلاش، تەشكىللەش، بۇلاڭچىلىق، يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈش، پارتلىتىش قاتارلىق تېررورلۇق ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ بېرىشتىن ئىبارەت مىللىي بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرى شىنجاڭنىڭ تىنچ، مۇقىم ۋەزىيىتىگە ئېغىر تەھدىت ئېلىپ كەلدى. بۇنىڭغا قارىتا پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ئېنىق ھالدا بۇ خىل ھەرىكەتلەرنى شىنجاڭنىڭ تىنچ، مۇقىملىقىغا تەسىر كۆرسىتىدىغان ئاساسىي خەۋپلەرنىڭ بىرى دەپ كۆرسەتتى.

**قانۇنسىز دىنىي پائالىيەتلەر**

دۆلەتنىڭ ئاساسىي قانۇنى، قانۇنلار ۋە قائىدىلەر ھەممە باشقا دىنىي ئىشلارنى

باشقۇرۇش، قانۇن - قائىدىلەرگە خىلاپ بولغان پائالىيەتلەرنىڭ ھەممىسى قانۇنسىز دىنىي پائالىيەت بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. قانۇنسىز دىنىي پائالىيەتلەر تۆۋەندىكى جەھەتلەردىن ئىپادىلىنىدۇ: باشقىلارنى دىنغا ئىشىنىش ۋە دىنىي پائالىيەتلەرگە قاتنىشىشقا مەجبۇرلاش، پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلار ۋە دىنغا ئېتىقاد قىلمايدىغان ئاممىغا قارىتا قورقۇتۇش، كەمسىتىش، سىقىپ چىقىرىش، يېتىم قالدۇرۇش، ھېسىم ئىشلىتىش ۋە زەربە بېرىش، باشقىلارنى روزا تۇتۇشقا مەجبۇرلاش ياكى روزا تۇتۇشنى باھانە قىلىپ ئاممىنىڭ نورمال تۇرمۇش، ئىشلەپچىقىرىش، سودا ۋە ئىجتىمائىي پائالىيەتلىرىگە دەخلى يەتكۈزۈش. ئاياللارنى چۈمبەل تارتىشقا مەجبۇرلاش، شەخسىي دىنىي مەكتەپلەر، دىنىي سىنىپلارنى تەسىس قىلىش، ئۆز ئالدىغا تالىپ تەربىيىلەش، دىن ئارقىلىق دۆلەتنىڭ مەمۇرىي، ئەدلىيە خىزمىتىگە دەخلى - تەرۇز قىلىش، يەنى توي خېتى ئالمىغان ياش قىز - يىگىتلەر ئۈچۈن نىكاھ ئوقۇش، «ئۈچ تالاق» ئوقۇش ئارقىلىق نىكاھتىن ئاجرىتىۋېتىش قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق نىكاھقا دەخلى - تەرۇز قىلىش، باللارنى ناماز ئوقۇش، قۇرئان ئۆگىنىشكە، روزا تۇتۇشقا قىزىقتۇرۇپ، مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتۇش تۈزۈمىگە دەخلى يەتكۈزۈش، دىن ئارقىلىق مىراس تەقسىملەشكە دەخلى يەتكۈزۈش، دىن ئارقىلىق پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتىگە قارشى تۇرۇش، پىلانلىق تۇغۇت خادىملىرىنى ئوڭايسىز ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويۇش، ئۆز ئالدىغا ھەج پائالىيىتى تەشكىللەش، ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان فېئودال دىنىي ئالاھىدە ھوقۇق ۋە ئېكسپىلاتاتسىيە تۈزۈمىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، ئىمامغا ۋارىسلىق قىلىش، ئەزان چاقىرىش، ئاخۇن ئەۋەتىش، دىنىي ۋەز ئېيتىش، دىنىي كەسپىي لاياقەتلىك كىنىشكىسى بولمىغان خادىملار دىنىي پائالىيەتلەرنى تەشكىللەش ۋە رىياسەتچىلىك قىلىش، ئىجازەتسىز ھالدا رايون ھالقىغان (يېزا، ناھىيە) دىنىي پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بېرىش. دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىدىن باشقا يەردە دىنىي تەشۋىقات قىلىش، دىنىي ئۈن - سىن بۇيۇملىرىنى قويۇش، تەستىقسىز دىنىي تەشۋىقات بۇيۇملىرىنى ئىشلەش، كۆپەيتىش، تۈزۈش، نەشر قىلىش، تارقىتىش، سېتىش؛ چەت ئەللىك دىنىي تەشكىلاتلار ياكى شەخسنىڭ سوۋغاتلىرىنى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ تەستىقسىز قوبۇل قىلىش، ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن چەت ئەللەردىكى دىنىي مەكتەپلەردە ئۆگىنىش، قۇرئان سۆزلەش، ئۆز ئالدىغا چەت دۆلەتلەرنىڭ دىنىي تەشكىلاتلىرى بىلەن ئالاقە ئورنىتىپ، بېرىش - كېلىش قىلىش قاتارلىقلار. ئىجازەتسىز ھالدا تۇرۇپ، ئۆز ئالدىغا پائالىيەت ئورنى تەسىس قىلىش، خالىغانچە شاگىرتلارنى كۆپەيتىش، ئۆز ئالدىغا دىن تارقىتىش. ۋەتەن سۆيەر دىنىي زاتلارغا ھۇجۇم قىلىش، ھاقارەتلەش، ھەتتا قەست قىلىش، دىنىي پائالىيەت سورۇنى بىلەن دىنىي تەشكىلاتلارنىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقىنى تارتىۋېلىش، زومىگەرلىك بىلەن دىنىي مۇنبەرنى ئىگىلىۋېلىش، دۆلەت سىرتىدىكى ئەكسىيەتچىل كۈچلەر دۆلىتىمىزگە دىنىي جەھەتتىن سىڭىپ كىرىپ، چېگرا ئىچىدە قۇرئان قائىدىلىرىنى سۆزلەش، دىنىي تەشۋىقات بۇيۇملىرىنى تارقىتىش، دىنىي تەشكىلاتلارنى

قۇرۇش ، دىنىي مۇرتلارنى كۆپەيتىش ، دىنىي خادىملارنى تەيىنلەش ، دىنىي بىلىم ئاشۇرغۇچىلارنى قوبۇل قىلىش ، يات دىنلاردىن قۇسۇر چىقىرىش ، بىر خىل مەزھەپ ياكى ئوخشاش بولمىغان مەزھەپلەر ئوتتۇرىسىدا قالايمىقانچىلىق پەيدا قىلىپ بىتئەتچىلىكنى تەرغىپ قىلىش . نورمال دىنىي تەرتىپنى بۇزۇش ، دىندىن پايدىلىنىپ «غازات ئۇرۇشى» ئېلىپ بېرىش ، پان ئىسلامنى تەرغىپ قىلىش ، قۇرئاندىكى دىنىي مەنىلەرنى بۇرمىلاش ، دىننىڭ ماھىيىتىنى بۇرمىلاش ، دىنىي قالايمىقانچىلىق تۇغدۇرۇش ، «ئەۋلىيا» ، «تەڭرىنىڭ پانى دۇنياغا كېلىشى» ، «ئاخىرقى زامان بولدى» دېگەندەك گەپلەرنى توقۇپ تارقىتىش ، كىشىلەرنىڭ روھىنى زەھەرلەش ، جەمئىيەت ئامانلىقىنى بۇزۇش ، دىندىن پايدىلىنىپ پاراكەندىچىلىك تۇغدۇرۇش ، خەلق ئاممىسىنى قوزغىتىپ قانۇنسىز يىغىلىش ئېلىپ بېرىپ ، كوچ كۆرستىپ نامايىش قىلىش ، پارتىيە ، هۆكۈمەت ، ھەربىي ، جامائەت خەۋپسىزلىك ئورگانلىرىغا ھۇجۇم قىلىش ، ئۇرۇش ، چېقىش ، بۇلاش پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ بېرىش ، دىننىڭ قانۇنىي ئورنىدىن پايدىلىنىپ ، ئەكسىيەتچىل تەشكىلاتلارنى قۇرۇش ، ئەكسىيەتچىل تەشۋىقات ۋاراقلىرىنى تارقىتىش ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى پارچىلايدىغان ھەرخىل جىنايى پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بېرىش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى قانۇنسىز دىنىي پائالىيەتلەر ھېسابلىنىدۇ . يۇقىرىدىكى قانۇنسىز دىنىي پائالىيەتلەرنىڭ ماھىيىتىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن ، ئىككى خىل تۈرگە ئايرىشقا بولىدۇ . بىرىنچى خىلى ، دىنىي تەشكىلات ، دىنىي زاتلار ۋە دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچى ئاممىنىڭ دىنىي ھېسسىياتىغا تايىنىپ ، قانۇنىي ئېڭى تۆۋەن ياكى مۇناسىۋەتلىك قانۇن ، قائىدە ۋە سىياسەتلەرنى چۈشەنمىگەنلىكى تۈپەيلى كېلىپ چىققان ، ھېچقانداق سىياسىي مۇددىئانى كۆزلىمىگەن قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەردۇر . بۇ خىل قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەر ئادەتتە خەلقنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى زىددىيەت بولۇپ ھېسابلىنىدۇ . بۇلارنى تەربىيە ، تەنقىد ، يېتەكچىلىك قىلىش ئۇسۇلى ۋە مەمۇرىي ، قانۇن قاتارلىق ۋاستىلەر ئارقىلىق توسىغىلى ۋە بىر تەرەپ قىلىشقا بولىدۇ . يەنە بىر خىلى بولسا ، سىياسىي مۇددىئانى كۆزلىگەن قانۇنسىز دىنىي پائالىيەتتۇر . يەنى دىن ئارقىلىق دىنىي پاراكەنچىلىك پەيدا قىلىش ، مىللەتلەر مۇناسىۋىتىدىن قۇسۇر چىقىرىپ ، بۇزغۇنچىلىق قىلىش ، پارتىيە ، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىغا ھۇجۇم قىلىش ، ئەكسىيەتچىل تەشكىلاتلارنى قۇرۇش ، تېررورلۇق ، زوراۋانلىق ھەرىكەتلەرنى ئېلىپ بېرىش ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى بۇزۇش قاتارلىق قانۇنسىز دىنىي پائالىيەتلەرنىڭ ھەممىسى مۇشۇ خاراكتېرگە تەۋە دىنىي پائالىيەتلەر بولۇپ ، بۇ خىل قانۇنسىز جىنايى ھەرىكەتلەرگە قارىتا ، چوقۇم قەتئىي ھالدا قانۇن ۋاسىتىسى ئارقىلىق زەربە بېرىشىمىز ۋە جازالىشىمىز لازىم .

## ۋەزىيەت ۋە سىياسەت تەربىيىسى

بۇ بارلىق كادىر ، ئامما ۋە ئۆسمۈرلەرگە قارىتا خەلقئارا ، دۆلەت ئىچى ۋەزىيىتى

ۋە پارتىيىنىڭ سىياسىتى توغرىسىدا تەربىيە ئېلىپ بېرىشنى كۆرسىتىدۇ. ۋەزىيەت ۋە سىياسەت تەربىيىسى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ماركسىزم نەزەرىيىسى دەرسى ۋە ئىدىيۋى سىياسىي تەربىيە دەرسلىكىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى ھېسابلىنىدۇ. ۋەزىيەت ۋە سىياسەت تەربىيىسى ئارقىلىق پارتىيە ۋە دۆلەت نۆۋەتتە دۇچ كېلىۋاتقان ۋەزىيەت ۋە ۋەزىپىلەرگە ئوقۇغۇچىلارنى توغرا تونۇشقا ئىگە قىلىپ، پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ھىمايە قىلىپ، ئىسلاھات، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلىشىش قۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار نىشاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئىشەنچىسى ۋە ئىجتىمائىي مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىنى كۈچەيتىشكە بولىدۇ. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ياش - ئۆسمۈرلەرنى تەربىيىلەش خىزمىتىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن ئەينى ۋاقىتتا ھەر دەرىجىلىك مەكتەپلەردە ئومۇميۈزلۈك ئېقىم ۋە سىياسىي تەربىيە دوكلاتلىرى قانات يايدۇرۇلدى. ئادەتتە ھەر ھەپتىنىڭ ئۈچى چۈشتىن كېيىنلىك سىياسىي ئۆگىنىش ۋاقتىدا ئېلىپ بېرىلدى. ئۇنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنلىرى بولسا، خەلقئارا دۆلەت ئىچى ۋە ئۆز ئۆلكىسىدىكى ئاساسىي ۋەزىيەتنى تونۇشتۇرۇش، پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېنى، سىياسەتلىرىنى ھەمدە مەركەزنىڭ ھۆججەتلىرى قاتارلىقلارنى يەتكۈزۈش قاتارلىقلار ئاساس قىلىندى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» قالايمىقانچىلىق مەزگىلىدە ۋەزىيەت ۋە سىياسەت تەربىيەسى باشقا سىياسىي نەزەرىيە دەرسلىرىگە ئوخشاشلا ئېغىر زىيانكەشلىككە ئۇچرىدى. 11 - نۆۋەتلىك 3 - ئومۇمىي يىغىندىن كېيىن مەكتەپتىكى ياش - ئۆسمۈر ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى «دائىملىق قاراتمىلىق ھالدا ۋەزىيەت ۋە سىياسەت تەربىيىسى ئېلىپ بېرىش، ئوقۇغۇچىلارنىڭ پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى توغرا چۈشىنىۋېلىشىغا ياردەم بېرىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ سوتسىيالىزم ئېتىقادىنى چىڭىتىپ، ئۇلارنى ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنى قوللايدىغان قىلىپ، پارتىيە ئەتراپىدا ئۇلارنى تېخىمۇ ياخشى ئىتتىپاقلاشتۇرۇش، ۋەزىيەت ۋە سىياسەت تەربىيىسىنى ئوقۇتۇش پىلانىغا كىرگۈزۈش»نى ئوتتۇرىغا قويدى. 1998 - يىلى مەركىزىي تەشۋىقات مىنىستىرلىكى ۋە مائارىپ مىنىستىرلىكى «ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلەردە «ئىككى خىل دەرس» پەنلىرىنى تەسىس قىلىش ھەققىدە بەلگىلىمىلەر ھەمدە يولغا قويۇش خىزمىتى توغرىسىدىكى پىكىرنى بېسىپ تارقىتىش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش»تا ۋەزىيەت ۋە سىياسەت تەربىيىسىگە قارىتا كونكرېت تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇقتۇرۇشتا ھەرخىل قاتلام، ھەرخىل كەسىپتىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەممىسىگە «ۋەزىيەت ۋە سىياسەت» دەرسىنى ئۆتۈش، بۇ دەرسنى ئوقۇتۇش پىلانىغا كىرگۈزۈپ، ھەر ھەپتىدە ئىككى سائەت ئورۇنلاشتۇرۇش؛ ئادەتتە مەخسۇس تېما خاراكتېرىدە ئېلىپ بېرىش، ئىمتىھان ئېلىپ باھالاش تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، ئوقۇش تەۋەلىكىنى باشقۇرۇش دائىرىسىگە كىرگۈزۈش، بۇ دەرسنى باشقا ئومۇمىي سىياسىي پەنلەرگە ئوخشاش زۆرۈر ئوقۇشلۇق دەرسى قىلىپ بېكىتىشنى كۆرسەتتى. مەركىزىي تەشۋىقات بۆلۈمى ۋە مائارىپ مىنىستىرلىكىنىڭ ئۇقتۇرۇشىغا

ئاساسەن ھەرقايسى قاتلاملاردىكى مەكتەپلەر ئۆز مەكتىپىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈپ ، ۋەزىيەت ۋە سىياسەت دەرسىنى ئومۇمىيۈزلۈك ھالدا ئوقۇتۇش پىلانىغا كىرگۈزدى ھەمدە مۇناسىپ بولغان ئوقۇتۇش ئورگانلىرى ۋە ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىنى بەرپا قىلىپ چىقتى . مائارىپ مىنىستىرلىكى يەنە ھەرقايسى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ۋەزىيەت ۋە سىياسەت دەرس ئوقۇتقۇچىلىرىنى قەرەللىك ھالدا تەربىيىلىدى ھەمدە ئوقۇتۇش ماتېرىياللىرى بىلەن تەمىن ئەتتى . بۇنىڭ بىلەن ۋەزىيەت ۋە سىياسەت تەربىيىسى قېلىپلىشىش يولىغا چۈشتى . ۋەزىيەت ۋە سىياسەت دەرسى باشقا ئومۇمىي سىياسىي دەرسلەرگە قارىغاندا قارارلىق ، قاراتمىلىق ، سىياسىيلىك ، ئۆزگىرىشچان بولۇش قاتارلىق ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولغاچقا ، بۇ دەرسنى ئۆتىدىغان ئوقۇتقۇچىلارنىڭمۇ بىر قەدەر كۈچلۈك بولغان سىياسىي ساپا ۋە كەسپىي ساپانى ھازىرلىشى تەلەپ قىلىنىدۇ .

## ئىككى دەرسلىك

ئادەتتە ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ماركسىزم نەزەرىيىسى ۋە ئىدىيىۋى ئەخلاق دەرسلىكىنىڭ قىسقارتىلمىسىنى كۆرسىتىدۇ ، ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلەردە «ئىككى دەرسلىك»نىڭ تەسىس قىلىنىشى ، ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا قارىتا سىستېمىلىق بولغان ئىدىيىۋى سىياسىي تەربىيە ئېلىپ بېرىشتىكى ئاساسلىق يول . «ئىككى دەرسلىك» تەربىيىسى ئارقىلىق ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ماركسىزملىق مەيدانى ، كۆز قاراش ، ئۇسۇلى قاتارلىقلارنى ئىگىلىۋېلىشىغا يېتەكچىلىك قىلغىلى ۋە ياردەم بەرگىلى بولىدۇ . ئۇلاردا توغرا بولغان دۇنيا قاراش ، كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى ۋە قىممەت قارىشىنى ۋە جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئورتاق غايىسىنى تۇرغۇزۇپ ، پارتىيىنىڭ ئاساسىي نەزەرىيىسى ۋە لۇشيەنىدە تەۋرەنمەي چىڭ تۇرۇپ ، كەلگۈسىدە ۋەتەن ، خەلق ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشى خىزمەت قىلىشتىكى مۇستەھكەم بولغان نەزەرىيىۋى ئاساسنى ھازىرلىغىلى بولىدۇ . «ئىككى دەرسلىك» تەربىيىسى ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنى سوتسىيالىزم ئىشلىرىنىڭ قۇرغۇچىلىرى ۋە ئىز باسارلىرىدىن قىلىپ تەربىيىلەپ چىقىشتا ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدۇ . ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلەردە «ئىككى دەرسلىك» تەربىيىسىنىڭ ئېچىلىشى بىر تارىخىي جەرياننى بېسىپ ئۆتتى . يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن ، ئەينى ۋاقىتتىكى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ كونكرېت ئەھۋالىغا ئاساسەن ئوقۇتۇش تۈزۈلمىسىدە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلدى . دۆلەت مائارىپ مىنىستىرلىكى ، ئېنىق ھالدا بارلىق ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلەردە چوقۇم ماركسىزم نەزەرىيىسى دەرسلىكىنى تەسىس قىلىشنى تەلەپ قىلدى . بۇ سوتسىيالىستىك ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ماھىيەتلىك تەلىپى . شۇنداقلا سوتسىيالىستىك مائارىپ ئېلىپ بېرىشتىكى تۈپ مەقسەتلەرنىڭ بىرى ھەمدە سوتسىيالىستىك ئالىي مەكتەپلەر بىلەن كاپىتالىستىك ئالىي مەكتەپلەر ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنىڭ مۇھىم بەلگىسى . دۆلەت

مائارىپ مىنىستىرلىكىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، ھەردەرىجىلىك ھەرخىل مەكتەپلەر جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى تارىخى، ماركسىزملىق پەلسەپە، ماركسىزملىق سىياسىي، ئىقتىسادشۇناسلىق ئىلمى، سوۋېت كومپارتىيىسى (بولشېۋىك) تارىخى قاتارلىق تۆت خىل قوشۇمچە سىياسىي نەزەرىيىۋىي دەرسلىك تەسىس قىلدى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە مەكتەپتە ئومۇمىيۈزلۈك ئىنتېرناتسىئونالىزم تەربىيىسى، ئېقىم ۋە سىياسەت تەربىيىسىدىن لېكسىيە ئېلىپ بېرىلدى. سوۋېت كومپارتىيىسى (بولشېۋىك) تارىخى، سىياسىي ئىقتىساد ئىلمى، دەرسلىك ماتېرىياللىرى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى دەرسلىكىدىن تەرجىمە قىلىندى. 20 ـ ئەسىرنىڭ 60 ـ يىللىرى دۆلەت مائارىپ مىنىستىرلىكى ۋەزىيەتنىڭ ئېھتىياجى ۋە ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن ئومۇمىي سىياسىي نەزەرىيە دەرسلىكلىرىگە قارىتا ئومۇمىيۈزلۈك ئىسلاھات ئېلىپ بېرىپ، ماركسىزملىق نەزەرىيە دەرسلىكىنى ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي ئەمەلىيىتى بىلەن ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈشنى گەۋدىلەندۈرۈپ، جۇڭگونىڭ دۆلەت ئەھۋالىغا ماس كەلمىگەن مەزمۇنلارنى چىقىرىپ تاشلاپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى تارىخى، ماركسىزم پەلسەپىسى، ماركسىزملىق سىياسىي ـ ئىقتىساد ئىلمى دەرسلىكى قاتارلىقلارنى قايتىدىن تۈزۈپ چىقىپ، ئۇلارنى ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئومۇمىي سىياسىي دەرسلىكلىرىگە ئاساسىي پەنلەر قىلىپ بېكىتتى ھەمدە ئوقۇتۇش پىلانى ئىچىگە كىرگۈزدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» ئون يىللىق ئىچكى قالايمىقانچىلىق مەزگىلىدە ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئومۇمىي سىياسىي دەرسلىكى باشقا پەنلەرگە ئوخشاش ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى. پارتىيىنىڭ 11 ـ نۆۋەتلىك 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ئالىي مەكتەپلەردە مۇنتىزىم بولغان ماركسىزم نەزەرىيىسى دەرسى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى تارىخى، ماركسىزملىق پەلسەپە قائىدىلىرى، ماركسىزملىق سىياسىي ـ ئىقتىسادشۇناسلىق قائىدىلىرى قاتارلىق دەرسلەر تەسىس قىلىندى. ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىدىكى ئالىي مەكتەپلەردە يەنە ماركسىزملىق مىللەت نەزەرىيىسى ۋە پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسەت دەرسى تەسىس قىلىنغان. 1984 ـ يىلى مەركىزىي تەشۋىقات مىنىستىرلىكى بىلەن مائارىپ مىنىستىرلىكى «ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ماركسىزم نەزەرىيە تەربىيىسىنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاش توغرىسىدىكى بىرقانچە بەلگىلىمە»نى ئېلان قىلدى. مەركەزنىڭ ھۆججىتىنىڭ روھىغا ئاساسەن، ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلەر ماركسىزملىق نەزەرىيە دەرسلىكىنىڭ مەزمۇنى ۋە ماتېرىيالىغا قارىتا ئومۇمىيۈزلۈك ئىسلاھات ئېلىپ بېرىپ، قايتىدىن ئومۇمىي سىياسىي دەرسلىكنى تەسىس قىلدى. يەنى جۇڭگو ئىنقىلاۋى تارىخى، ماركسىزم قائىدىلىرى، جۇڭگونىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشى، يەنە بىر قىسىم مەكتەپلەردە ئىدىيىۋى ـ ساپا تەربىيىسى، كەسپىي ئەخلاق، كىشىلىك ھايات پەلسەپىسى قاتارلىق ئىدىيىۋى ئەخلاق دەرسلىكلىرىنى قوشۇپ تەسىس قىلدى. 1987 ـ يىلدىن كېيىن يەنە ۋەزىيەت ۋە سىياسىي توغرىسىدا لېكسىيە، خەلقئارا

سىياسىي ۋە ئىقتىساد قاتارلىق پەنلەرنى كۆپەيتتى. 20 - ئەسىرنىڭ 90 - يىللىرىدا مەركەز مەكتەپلەرنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن، مەكتەپلەردە يولداش دېڭ شىياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى ماركسىزملىق نەزەرىيە تەربىيىسىنىڭ مەركىزىي مەزمۇنى قىلىشنى ئوتتۇرىغا قويدى. ھەرقايسى ئالىي مەكتەپلەر مەركەزنىڭ ئۇقتۇرۇشىنىڭ روھىغا ئاساسەن، ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ماركسىزم نەزەرىيىسى دەرسى ۋە ئىدىيىۋى ئەخلاق دەرسىنى ئىسلاھ قىلىش مەسىلىسى ئۈستىدە داۋاملىق ئىزدىنىپ، پەيدىنپەي ماركسىزملىق نەزەرىيە دەرسلىرى ۋە ئىدىيىۋى ئەخلاق دەرسلىرىنىڭ دەرس تەسىس قىلىش سىستېمىسىنى بەرپا قىلىپ چىقتى. بۇ ئاساستا، مەركىزىي تەشۋىقات مىنىستىرلىكى ۋە دۆلەت مائارىپ كومىتېتى 1998 - يىلى «ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ «ئىككى دەرسلىك» پەنلىرىنى تەسىس قىلىش بەلگىلىمىلىرى ھەمدە ئۇنى يولغا قويۇش خىزمىتىگە بولغان پىكىر توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش»نى تارقاتتى. ئۇقتۇرۇشتا، ماركسىزملىق نەزەرىيە دەرسلىرىدە دېڭ شىياۋپىڭ نەزەرىيىسى، ماركسىزملىق پەلسەپە قائىدىلىرى، ماركسىزملىق سىياسىي - ئىقتىساد ئىلمىي قائىدىلىرى، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى توغرىسىدا ئومۇمىي چۈشەنچە، ھازىرقى زامان دۇنيا سىياسىي ۋە ئىقتىسادى قاتارلىقلارنى تەسىس قىلىش، ئىدىيە ئەخلاق دەرسلىرىدە، ئىدىيە - ئەخلاق تەربىيىسى، قانۇن ئاساسلىرى، ۋەزىيەت ۋە سىياسەت قاتارلىق دەرسلىكلەرنى تەسىس قىلىش بەلگىلەندى. بۇ ئارقىلىق «ئىككى دەرسلىك»نىڭ ئاساسىي دەرسلىك مەزمۇنى ئايدىڭلاشتۇرۇلۇپ، «ئىككى دەرسلىك» ئوقۇتۇشى يېڭى بىر تەرەققىيات باسقۇچىغا قەدەم قويدى.

### دېڭ شىياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى «ئۈچكە كىرگۈزۈش»

بۇ دېڭ شىياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ئوقۇتۇش ماتېرىيالىغا كىرگۈزۈش، دەرسخانىغا كىرگۈزۈش، ئوقۇغۇچىلارنىڭ كاللىسىغا كىرگۈزۈشنى كۆرسىتىدۇ. دېڭ شىياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ئوقۇتۇش ماتېرىيالىغا كىرگۈزۈش، دەرسخانىغا كىرگۈزۈش، ئوقۇغۇچىلارنىڭ كاللىسىغا كىرگۈزۈش قاتارلىقلار مائارىپ مىنىستىرلىكىنىڭ «پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ دېڭ شىياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى پۈتۈن پارتىيە ئىچىدە قېتىرقىنىپ ئۆگىنىش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشى» ۋە مۇناسىۋەتلىك ھۆججەتلەرنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ھەمدە ئەمەلىيلەشتۈرۈش، ياش - ئۆسمۈرلەرنى دېڭ شىياۋپىڭ نەزەرىيىسى بىلەن قوراللاندۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئىدىيىۋى ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن قوللانغان تەدبىرى ھەمدە ئالىي مەكتەپ پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتىنى كۈچەيتىشتىكى ئۇل خاراكتېرلىك قۇرۇلۇش، دېڭ شىياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى «ئۈچكە كىرگۈزۈش»نىڭ نىشانى بولسا، ئوقۇغۇچىلارنىڭ دېڭ شىياۋپىڭ نەزەرىيىسى ماركسىزمنىڭ جۇڭگو ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈلگەنلىكىنىڭ ئىككىنچى قېتىملىق تارىخىي بۆسۈشى ھەمدە ماركسىزمنىڭ جۇڭگودىكى تەرەققىياتىنىڭ يېڭى باسقۇچى

ئىكەنلىكىنى چۈشىنىۋېلىشىغا ياردەم بېرىش ، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنىڭ ئىلمىي سىستېمىسىنى ئىگىلىتىش ، نېمىنىڭ سوتسىيالىزم ئىكەنلىكى ، نېمە ئۈچۈن سوتسىيالىزم ۋە سوتسىيالىزم قۇرۇلۇشىدا چىڭ تۇرۇش كېرەكلىكىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش ھەمدە سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچتىكى نەزەرىيىسىنى تونۇش ۋە سوتسىيالىزمنىڭ ماھىيىتى ھەمدە سوتسىيالىزم قۇرۇلۇش قانۇنىيەتلىرىنى تونۇتۇش : يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئىنقىلابىي روھى ۋە يۈكسەك ئەخلاق پەزىلىتى ، ئىلمىي پوزىتسىيىسى ۋە يېڭىلىق يارىتىش روھىدىن ئۆگىنىش ، جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئېتىقادىنى تىكلەش ، پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەن ۋە ئاساسىي پروگراممىسىنى ئاڭلىقلىق ۋە قەتئىيلىك بىلەن ئىجرا قىلىشنى كۆچەيتىشتىن ئىبارەت . دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى «ئۈچكە كىرگۈزۈش» خىزمىتىدە ، دەرسلىك ماتېرىيالغا كىرگۈزۈش ئاساس ، دەرسخانىغا كىرگۈزۈش ھالقا ، كاللىغا كىرگۈزۈش مەقسەت ھېسابلىنىدۇ . دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى «ئۈچكە كىرگۈزۈش» خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن مائارىپ مىنىستىرلىكى «دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىدىن ئومۇمىي بايان» دېگەن ئۆلگە خاراكتېرىدىكى ئوقۇتۇش ماتېرىيالى ۋە ئېلېكترلەشكەن ئوقۇتۇش فىلىملىرىنى تەشكىللەپ تۈزۈپ چىقىپلا قالماستىن ، بەلكى يەنە ھەرخىل شەكىللەر ئارقىلىق مۇناسىۋەتلىك ئوقۇتقۇچىلارغا قارىتا تەربىيىلەش ئېلىپ باردى ھەمدە ئىلغار ئوقۇتۇش تەجرىبىلىرى ۋە ئىلغار تىپلارنى كېڭەيتىش ، ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنى ياخشىلاشنى چوڭقۇر تەھلىل قىلىپ ، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنىڭ ئاخىرقى ھېسابتا ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ كاللىسىغا كىرگۈزۈلۈشىگە كاپالەتلىك قىلدى .

## ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسى

بۇ خەلققە قارىتا دۆلەت تارىخى ھەمدە مەدەنىيەت ئەنئەنىسى ، دۆلەت قارىشى ، دۆلەت ئەھۋالى ، دۆلەت مۇداپىئە بىخەتەرلىكى تەربىيىسى ئېلىپ بېرىشنى كۆرسىتىدۇ . ئۇ ئەخلاقىي تەربىيىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمىدۇر . ئوخشاش بولمىغان دۆلەتلەردە دۆلەتنىڭ خاراكتېرى ، تارىخىي شەرت ـ شارائىتى ۋە ھۆكۈمرانلىق قىلغۇچى سىنىپنىڭ مەقسىتى ۋە تەلىپىمۇ ئوخشاش بولمىغانلىقى ئۈچۈن ، ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسىنىڭ خاراكتېرى ۋە مەزمۇنىدىمۇ چوڭ پەرق بولىدۇ . بۇرژۇئازىيە سىنىپىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسى بولىدۇ ، سوتسىيالىستىك دۆلەتلەرنىڭمۇ ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسى بولىدۇ . يەنە يېڭىدىن گۈللەنگەن مۇستەقىل دۆلەتلەرنىڭمۇ ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسى بولىدۇ . دۆلىتىمىزنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسى دۆلىتىمىز ئېلان قىلغان «ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسىنى ئېلىپ بېرىش پروگراممىسى»دىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسلىنىدۇ . ۋەتەنپەرەرلىك تەربىيىسىنىڭ ئاساسىي پرىنسىپى بولسا ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسى يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى ۋە پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەننى يېتەكچى قىلىشى ، چوقۇم

سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئۈچۈن پايدىلىق بولۇشى، ئىسلاھات - ئېچىۋېتىشنى ئىلگىرى سۈرۈشكە پايدىلىق بولۇشى، دۆلەت ۋە مىللەتنىڭ ئىناۋىتى، ئىززەت - ھۆرمىتى، ئىتتىپاقلىقىنى قوغداشقا پايدىلىق. بولۇشى ھەمدە دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئىشلىرىغا پايدىلىق بولۇشى زۆرۈر. ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسى ئېلىپ بېرىشنىڭ مەقسىتى مىللەت روھىنى جانلاندۇرۇش، مىللەتلەرنىڭ ئۇيۇشۇش كۈچىنى كۈچەيتىش، غۇرۇر ۋە ئىپتىخارلىنىش ھېسسىياتىنى تۇرغۇزۇپ، دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى قوغداش، تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش، جۇڭخۇانى گۈللەندۈرۈشتىن ئىبارەت ئورتاق غايە ئۈچۈن ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىشتىن ئىبارەت. ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسىدە قۇرۇلۇش فاڭجېنىغا ئەھمىيەت بېرىشتە چىڭ تۇرۇپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسىنىڭ نەزەرىيە قۇرۇلۇشى، ئوقۇتۇش ماتېرىيالى قۇرۇلۇشى، تۈزۈم قۇرۇلۇشى ۋە ئۇل قۇرۇلۇشنى ياخشىلاش زۆرۈر. ۋەتەنپەرۋەرلىكتە سىرتقا قارىتا ئىشىكنى ئېچىۋېتىش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇش لازىم. ۋەتەنپەرۋەرلىك ھەرگىزمۇ تار مىللەتچىلىك ئەمەس، شۇڭا ئۇ جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ مۇنەۋۋەر نەتىجىلىرىگە ۋارىسلىق قىلىش ۋە جارى قىلدۇرۇش ئاساسىدا، دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەر ياراتقان بارلىق مەدەنىيەت نەتىجىلىرىنى ئۆگىنىش ۋە قوبۇل قىلىشتىن ئىبارەت. ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسى چوقۇم دەۋرنىڭ ئالاھىدىلىكىنى گەۋدىلەندۈرۈشى زۆرۈر. يېڭى دەۋردىكى ۋەتەنپەرۋەرلىكنىڭ تېمىسى جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە سوتسىيالىزم قۇرۇشتىن ئىبارەت. ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى: جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئۇزاق تارىخى توغرىسىدا تەربىيە ئېلىپ بېرىش، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئېسىل مەدەنىيەت ئۆرپ - ئادىتى تەربىيىسىنى ئېلىپ بېرىش، پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنى ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرى توغرىسىدا تەربىيە ئېلىپ بېرىش، جۇڭگونىڭ دۆلەت ئەھۋالى تەربىيىسىنى ئېلىپ بېرىش، سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە ۋە قانۇن - تۈزۈم تەربىيىسى ئېلىپ بېرىش، «تىنچلىق بىلەن بىرلىككە كەلتۈرۈش، بىر دۆلەتتە ئىككى خىل تۈزۈم قوللىنىش» فاڭجېنى تەربىيىسىنى ئېلىپ بېرىش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ۋەتەنپەرەرلىك تەربىيىسى ئومۇمىي خەلق تەربىيىسى بولۇپ، ئاساسلىق ئوبيېكتى كەڭ ياش - ئۆسمۈرلەر. مەكتەپ كەڭ ياش - ئۆسمۈرلەرگە ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسى ئېلىپ بارىدىغان مۇھىم ئورۇن بولۇپ، دەرسخانا ئوقۇتۇشىدىن ئىبارەت ئاساسلىق ۋاستىنىڭ رولىنى ياخشى جارى قىلدۇرۇش لازىم. ھەردەرىجىلىك پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمەتلىرى بولسا ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسىنى ياخشى ئېلىپ بېرىشنىڭ باشلامچىلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

## مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى

بۇ ھەرقايسى مىللەتلەر ئارىسىدا قانات يايدۇرۇلغان مىللەتلەر باراۋەرلىكى،

ئىتتىپاق ئىناق ئۆتۈش، ئۆزئارا ھۆرمەتلەش، ئۆزئارا ئۆگىنىش، ئۆزئارا ياردەم بېرىش، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش، دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى قوغداش، ئورتاق گۈللىنىش قاتارلىقلارنى ئىلگىرى سۈرۈش توغرىسىدىكى تەربىيە ۋە تەشۋىقات خىزمەتلىرىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسىنىڭ مۇھىم مەزمۇنلىرىنىڭ بىرى، شۇنداقلا ئىدىيىۋى سىياسىي تەربىيە خىزمىتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسىنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنى: ماركسىزملىق مىللەت قارىشى، دىن قارىشى تەربىيىسى ئېلىپ بېرىش؛ پارتىيىنىڭ مىللەت، دىن سىياسىتى تەربىيىسىنى ئېلىپ بېرىش، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش، دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى قوغداش تەربىيىسىنى ئېلىپ بېرىش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى ئىلغار كوللېكتىپ ۋە ئىلغار شەخسلەردىن ئۆگىنىش تەربىيىسى ئېلىپ بېرىش، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى قوغداشتا كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقى ۋە تارىخىي تۆھپىسىنى زور كۈچ بىلەن تەشۋىق قىلىش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. تەربىيە ئارقىلىق ھەرمىللەت خەلقلىرىدە خەنزۇلار ئاز سانلىق مىللەتلەردىن ئايرىلالمايدۇ، ئاز سانلىق مىللەتلەر خەنزۇلاردىن ئايرىلالمايدۇ، دېگەن ئىدىيىنى تۇرغۇزۇپ، ئۇلارنى ئاڭلىق ھالدا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى قوغدايدىغان قىلىش لازىم. دۆلىتىمىزنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيە خىزمىتى دەسلەپ 20 - ئەسىرنىڭ 50 - يىللىرىلا ئىككى قېتىم پۈتۈن مەملىكەت دائىرىسى ئىچىدە ئېلىپ بېرىلغان. 11 - نۆۋەتلىك 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، پۈتۈن مەملىكەت دائىرىسى ئىچىدە يەنە بىر قېتىملىق مىللىي سىياسەت قايتا تەربىيە خىزمىتى ۋە ماركسىزملىق مىللەت قارىشى، دىن قارىشى تەربىيە خىزمىتى قانات يايدۇرۇلۇپ، ياخشى بولغان ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈردى ھەمدە مول بولغان تەجرىبىلەرنى توپلىدى. مانا بۇ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى خىزمىتىدە چوقۇم تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇشنى ئاساس قىلىپ، مىللەتلەر باراۋەرلىكى، ئىتتىپاقلىقى ۋە ئۆزئارا ياردەم بېرىش مۇناسىۋىتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ۋە مۇستەھكەملەش، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىش ۋە تەرەققىي قىلىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش، دۆلىتىمىزنى باي، قۇدرەتلىك، دېموكراتىك، مەدەنىيەتلىك بولغان سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قىلىپ قۇرۇپ چىقىشنى نىشان قىلىش زۆرۈر ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قەتئىي قارشى تۇرۇپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغدىشىمىز لازىملىقىنى كۆرسىتىدۇ. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسىنى قانات يايدۇرۇشتا ماركسىزملىق مىللەت قارىشى، دىن قارىشىنى پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتى، دىنىي سىياسىتى بىلەن ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈشتە قەتئىي چىڭ تۇرۇش، ھەرقايسى مىللەت پارتىيىلىك كادىرلىرىغا بولغان تەربىيىنى قەتئىي كۈچەيتىش ھەمدە ھەر مىللەت ياش - ئۆسمۈرلىرىنى تەربىيەنىڭ مۇھىم نۇقتىسى قىلىشنى كۈچەيتىش كېرەك. ئاز سانلىق مىللەتلەر

رايونىنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئىشلىرىنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇش زۆرۈر. بۇ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنىڭ ماددىي ئاساسى. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە ئاساس سالغان ئىلغار ئورۇن ۋە ئىلغار شەخسنىڭ ئىش ـ پائالىيەتلىرىنى كەڭ كۆلەمدە قانات يايدۇرۇش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ئىلگىرى سۈرگەن ئىلغار شەخس ۋە كوللېكتىپنى زور كۈچ بىلەن مۇكاپاتلاش، ئۇلگىلىك تەجرىبىلەرنى خۇلاسىلەپ ئومۇملاشتۇرۇش كېرەك.

## ئاتېئىزم تەربىيىسى

ئومۇمەن ئاتېئىزم (خۇداكۇيلۇق) تەربىيىسى بىلەن قارىمۇ قارشى بولغان تەلىم ـ تەربىيە خىزمىتى ۋە ئەمەلىي پائالىيەتلىرىنى كۆرسىتىدۇ. ئاتېئىزم تەربىيىسىنىڭ ئاساسىي شەرتى ماددا بىرلەمچى، ئاڭ ئىككىلەمچى، ماددا ئاڭنى بەلگىلەيدۇ دېگەن قاراشتا چىڭ تۇرۇشتىن ئىبارەت. ماركسىزم بارلىققا كېلىشتىن ئىلگىرى، بۇرژۇئازىيە ئاقارتىش ھەرىكىتى مۇتەپەككۇرلىرى فېئودالىزملىق مۇستەبىت تۈزۈمگە ھەمدە ئوتتۇرا ئەسىردىن بۇيانقى دىنىنىڭ كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىنى كونترول قىلىشىغا قارشى تۇرۇپ، تەڭرىزمچىلارغا قارشى بىر مەيدان كەسكىن كۈرەشنى قانات يايدۇرغان. ئۇلار تەڭرىزمچىلارنىڭ ئىدىيىسىنى كەسكىن تەنقىد قىلىپ، دىنىي خۇراپاتلىقنىڭ زىيانكەشلىكى، جىنايىتىنى ۋە ئەكسىيەتچىل سىياسىي رولىنى پاش قىلغان. ئەمەلىي تۇرمۇش جەريانىدا، كەڭ خەلق ئاممىسىغا قارىتا بىر قەدەر ئومۇملاشقان بىر قېتىملىق ئاتېئىزم تەربىيىسى ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىپ، بۇ ئارقىلىق كىشىلەر ئىدىيىسىنى ئازاد قىلىپ، غەرب يېقىنقى زامان تەبىئىي پەن ئىلمىنىڭ تەرەققىياتى ۋە جەمئىيەتنىڭ ئالغا بېسىشىنى ئىلگىرى سۈرگەن. بىراق بۇرژۇئازىيىنىڭ سىنىپىي ئورنى ھەمدە دۇنيا قاراش قاتارلىق جەھەتلەردىكى رولى تۈپەيلىدىن ئۇلارنىڭ ئاتېئىزم تەربىيىسىنى داۋاملاشتۇرۇش ھەمدە كەڭ ۋە چوڭقۇرلۇقتا قاراپ تەرەققىي قىلدۇرۇشىغا مۇمكىن بولماي قالدى. ئەكسىچە، بۇرژۇئازىيە سىنىپى سىياسىي ھوقۇقنى قولغا ئالغاندىن كېيىن، ئاتېئىزم تەربىيىسىنى مەلۇم دەرىجىدە ئەسلىگە كەلتۈردى. ماركسىزم بارلىققا كەلگەندىن كېيىن، دىئالېكتىك ماتېرىيالىزم ۋە تارىخىي ماتېرىيالىزملىق دۇنيا قارىشىنى تەتبىقلاپ، دىن ۋە دىنىي ھادىسىلەرگە قارىتا چوڭقۇر بولغان تەھلىل ۋە تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، ماركسىزملىق دىنىي قاراش ۋە ئاتېئىزم تەربىيىسى ئېلىپ بېرىشتىكى ئاساسىي پوزىتسىيە، ئاساسىي مەزمۇن ۋە ئاساسىي شەكىل، ئۇسۇللارنى بايان قىلدى. ماركسىزملىق دىنىي قاراش نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، پرولېتارىيات سىنىپى دىن بىلەن كۈرەش قىلىشى كېرەك. بۇ پۈتكۈل ماتېرىيالىزمنىڭ ئەقەللىي پرىنسىپى. ئەمما ماركسىزم ئەقەللىي پرىنسىپتىكى ماتېرىيالىزمدا توختاپ قالماستىن، بەلكى يەنە، دىن بىلەن كۈرەش قىلىشتا ماھىر بولۇش كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن ماتېرىيالىزملىق كۆزقاراش ئارقىلىق ئامما ئىچىدە دىنىي ئېتىقاد ۋە دىنىنىڭ

پەيدا بولۇش ، تەرەققىي قىلىش مەنبەئىنى چۈشەندۈرۈش كېرەك . دىن بىلەن كۈرەش قىلىش ئابستراكت تەشۋىقات تەربىيىدە توختاپ قالماسلىقى ، بەلكى بۇ كۆرەشنى دىن پەيدا بولۇشنىڭ ئىجتىمائىي مەنبەسىنى يوقىتىشنى مەقسەت قىلغان سىنىپىي ھەرىكەتنىڭ كونكرېت ئەمەلىيىتى بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈش لازىم . ئاتېئىزىم تەربىيىسى ۋە كۆرەشنى زېرىكمەستىن ئېلىپ بېرىپ ، كەڭ خەلق ئاممىسىنى ھەرخىل ئاتېئىزىم تەشۋىقات ماتېرىياللىرى بىلەن تەمىنلەش ، مۇناسىۋەتلىك كىتاب - ژۇرناللارنى نەشر قىلىش ، ھەرخىل ئۇسۇللار ئارقىلىق ئەمگەكچى خەلقنى خاتا دىنىي قاراش ئىسكەنجىسىدىن قوتۇلدۇرۇپ چىقىش لازىم . ئەمما دىنغا ئىشىنىدىغان ئاممىنىڭ دىنىي ھېسسىياتىغا زىيان يەتكۈزۈپ قويماسلىققا دىققەت قىلىش كېرەك . كوممۇنىستلارنىڭ چوقۇم ئاتېئىزمچىلار بولۇشى تەكىتلىنىشى كېرەك . كوممۇنىستلار مەيلى قايسى مىللەتتىن بولسۇن چوقۇم ماتېرىيالىزم ۋە ئاتېئىزىمدا چىڭ تۇرۇش كېرەك . كوممۇنىستلار دىنغا ئېتىقاد قىلماسلىقى كېرەك . كوممۇنىستلار دىنغا ئېتىقاد قىلمىغاندىن سىرت ، يەنە خەلق ئاممىسىغا ئاتېئىزىم ، ئىلمىي دۇنيا قاراشنى تەشۋىق قىلىش كېرەك . ئاتېئىزىم تەربىيىسىنى كۈچەيتىپ ، پەننىي روھنى زور كۈچ بىلەن تەشەببۇس قىلىش ، كىشىلەرنىڭ ماتېرىيالىزم بىلەن ئىدىيالىزم ، ئىلاھىيەت بىلەن ئاتېئىزم ، ئىلىم - پەن بىلەن خۇراپاتلىق ، مەدەنىيەت بىلەن نادانلىقنىڭ چەك - چېگرىسىنى ئايرىۋېلىشىغا ياردەم بېرىش ، ئۇلارنىڭ ئىدىيالىزم ، فېئودال خۇراپاتلىق ، ھەرخىل ساختا ئىلىم - پەننى پەرقلەندۈرۈش ۋە ئۇنى يوقىتىش قابىلىيىتىنى كۈچەيتىش كېرەك . پارتىيىنىڭ دىنى سىياسىتىنى ئەتراپلىق ۋە توغرا تەشۋىق قىلىپ ، دىنىنىڭ سوتسىيالىزمغا ماسلىشىشىنى ئاكتىپ يېتەكلەش كېرەك . پەن - تېخنىكا بىلىملىرىنى بوشاشماستىن ئومۇملاشتۇرۇش ، بولۇپمۇ ئاممىنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان تەبىئىي پەن ، تېببىي داۋالاش ، ياشاش ، قېرىش ، كېسەل بولۇش ، ئۆلۈش قاتارلىق جەھەتلەردىكى بىلىملەرنى ئومۇملاشتۇرۇپ ، كىشىلەرنىڭ ئىلمىي ئىدىيە - پەننىي ئۇسۇل قاتارلىقلارنى ئىگىلىۋېلىشىغا ياردەم بېرىشتە چىڭ تۇرۇش لازىم .

# مىللەتلەر مائارىپى

## ئاز سانلىق مىللەتلەر مائارىپى

شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر مائارىپىنىڭ مەنبەسى دىن بىلەن مۇناسىۋەتلىك. يېزىق پەيدا بولغاندىن كېيىن، تىل - يېزىق مائارىپىمۇ شۇنىڭدىن باشلاندى. مىلادىدىن ئىلگىرى - كېيىن، بۇددا دىنى شىنجاڭغا تارقالدى. ھىندىستان تىل - يېزىقى شىنجاڭدا ئىنتايىن مۇھىم ئورۇننى ئىگىلىدى.

مىلادى 10 - ئەسىردە ئىسلام دىنى شىنجاڭغا كىردى. بۇنىڭغا ئەگىشىپ دىنىي مەكتەپلەر بارلىققا كەلدى. تارىختىكى نورغۇن مەشھۇر زاتلار مانا مۇشۇ دىنىي مەكتەپلەردىن چىققان، 18 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرى، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى شىنجاڭنىڭ كوچىزى تەلىماتلىرى مەكتەپلىرىگە ئەھمىيەت بېرىش بىلەن بىرگە، ئاز سانلىق مىللەتلەر مائارىپىغىمۇ ئەھمىيەت بېرىپ، مائارىپنى باشقۇرۇش خادىمى —مەكتەپ بېگىنى تەسىس قىلدى. مانجۇ، موڭغۇل، شىبە، سولون، چاخارلارنىڭ مەكتەپلىرىنى تەسىس قىلدى. 19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا چىڭ ھۆكۈمىتى ئۇيغۇرلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلاردا ھەقسىز مەكتەپلەرنى ئېچىپ، ئۇيغۇر بالىلىرىنى يىغىپ، ئۇلارغا خەنزۇ تىلى ئۆگەتتى. 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، چىڭ ھۆكۈمىتى كىچىك ئىمتىھان تۈزۈمىنى بىكار قىلىپ، يېڭىچە مەكتەپلەرنى قۇردى. ئاز سانلىق مىللەت بالىلىرىنى كۆپلەپ ئوقۇتتى. 20 - ئەسىرنىڭ 30 - يىللىرىدا شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت كوممۇنىستلار ۋە ھەر قايسى ئىلغار زاتلار ياردىمىدە «مىللەتنى شەكىل، ئالتە بۈيۈك سىياسەتنى مەزمۇن قىلغان» مىللىي مەدەنىيەتنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇردى. شىنجاڭنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر مائارىپىنى تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلدۇردى. 1943 - يىلى شىنجاڭدىكى ھۆكۈمەت، تەشكىلاتلار ۋە خەلق قۇرغان مەكتەپلەردىكى ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرى 261414 كىشىگە يەتتى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن شىنجاڭنىڭ ئاز سانلىق مىللەت مائارىپى تېخىمۇ تېز تەرەققىي قىلدى. 1999 - يىلى شىنجاڭنىڭ مەكتەپلەردىكى ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلار سانى ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلەردە 23224 كىشى، ئادەتتىكى تېخنىكوم مەكتەپلەردە 49700 كىشى، ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپلەردە 691625 كىشى، كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپلەردە 28551 كىشى، باشلانغۇچ مەكتەپلەردە 1743047 كىشى، گاس - گاچا ئەمالار مەكتەپلىرىدە 287 كىشى، باللار باغچىسىدا 44457 كىشى، چوڭلار ئالىي مەكتەپلىرىدە 4074 كىشى، چوڭلار ئوتتۇرا تېخنىكوم كەسپىي مەكتەپلىرىدە 11973 كىشىگە، چوڭلار ئوتتۇرا مەكتەپلىرىدە 4079 كىشىگە يەتتى. شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ھەر ئون مىڭ نوپۇس ئىچىدە ئىگەللىيدىغان مەكتەپتىكى

ئوقۇغۇچىلار سانى ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلەردە 21.6 كىشىگە ، ئادەتتىكى تېخنىكومدا 46.30 كىشىگە ، ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە 83.3 كىشىگە ، ئادەتتىكى تولۇقسىزدا 561.12 كىشىگە ، باشلانغۇچتا 1624.1 كىشىگە يەتكەن .

### خەنزۇلار مائارىپى

ۋېي ، جىن ۋە جەنۇبىي ، شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدىكى ئىدىقۇت خانلىقىدا باشلانغان بولۇپ ، تارىخىي ماتېرىياللاردا خاتىرىلىنىشىچە مەكتەپلەر تەسىس قىلىنغان . ئوقۇتقۇچى ۋە دەرسلىكلەر بولغان . چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە خەنزۇلار مائارىپى بىر قەدەر تەرەققىي قىلغان بولۇپ ، 1760 - يىلى ئۈرۈمچى ، سانجىدىن ئىبارەت ئىككى جايدا ئورگان تەسىس قىلغان . 1767 - يىلى ئۈرۈمچىنىڭ ئىش بېجىرىش ئەمرى ۋىنفۇ ھەر بىر شەھەردە بىر نەچچە ئايرىمخانا ئورۇنلاشتۇرۇپ ، بىر نەچچە ئۆي ئاجرىتىپ ، بىردىن مەكتەپ قۇرۇش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرگەن . بۇ مەكتەپلەرنىڭ ھەر بىرىدە ئىككىدىن ئوقۇتقۇچى بار بولۇپ ، مەكتەپ خىراجىتىنى ھۆكۈمەت ئۆز ئۈستىگە ئالغان . مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ كۆپ قىسمىغا جىنايەت ئارتىلىپ ، شىنجاڭغا سۈرگۈن قىلىنغان ھەربىي ، مەمۇرىي ئەمەلدارلار ئىچىدىن تاللانغان . 1769 - يىلى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى شىنجاڭدا مائارىپ ئورگانلىرىنى قۇرۇپ ھەم ئوقۇغۇچىلار سانىنى بېكىتىپ ، «كېجۇ ئىمتىھان» تۈزۈمىنى يولغا قويغان . ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىمتىھانغا قاتنىشىش ئىشلىرىنى دەسلەپتە شەنشى ، گەنسۇ مەكتەپ مەھكىمىسى باشقۇرغان . 1884 - يىلى شىنجاڭ ئۆلكە بولۇپ قۇرۇلغاندىن كېيىن ، كېجۇ ئىمتىھان تۈزۈمى ئىلى ، ئۈرۈمچى قاتارلىق چەت جايلارغا كېڭەيگەن . 1903 - يىلى مەنچىڭ ھۆكۈمىتى يېڭى مەكتەپلەر مائارىپ تۈزۈمىنى يولغا قويدى . شىنجاڭدا 1905 - يىلى مەدرىس ۋە ھەقسىز مەكتەپلەر يېڭى مەكتەپلەرگە ئۆزگەرتىلدى . يېقىنقى زامان مەكتەپلەر مائارىپى بۇنىڭ بىلەن گۈللىنىشكە باشلىدى . خەنزۇلار مائارىپىمۇ بۇنىڭغا ئەگىشىپ تېز تەرەققىي قىلدى . شىنخەي ئىنقىلابىدىن كېيىن ، ياڭزېڭشىن ھۆكۈمرانلىق قىلدى . بۇ مەزگىلدە خەنزۇلار مائارىپى تەرەققىياتى ناھايىتى ئاستا بولدى . 1933 - يىلى شېڭ شىسەي ھۆكۈمرانلىق قىلغاندىن كېيىن ، ئىلغار ئىدىيىلەرنىڭ تەسىرى ۋە كوممۇنىستلارنىڭ ياردىمى ئاستىدا شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتى مائارىپنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا پايدىلىق بولغان بىر قاتار سىياسەت ۋە تەدبىرلەرنى تۈزۈپ چىقتى ۋە ئۇنى يولغا قويدى ، خەنزۇلار مائارىپىمۇ تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلىشقا ئېرىشتى . 1949 - يىلى مەكتەپلەردىكى خەنزۇ ئوقۇغۇچىلار سانى 15423 كىشىگە ، ئوقۇتقۇچىلار 906 كىشىگە يەتتى . ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلار سانى 1034 كىشىگە ، ئوقۇتقۇچىلار سانى 78 گە يەتتى . ئوتتۇرا تېخنىكوم ئوقۇغۇچىلار سانى 709 غا ، ئوقۇتقۇچىلار سانى 58 گە يەتتى . ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلار سانى 194 گە ، ئوقۇتقۇچىلار سانى 22 گە يەتتى . يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن ، بولۇپمۇ پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك 3 - ئومۇمىي يىغىندىن كېيىن ، خەنزۇلار مائارىپى ئۇچقاندەك

تەرەققىي قىلدى، 20 ـ ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىدىن، 90 ـ يىللىرىغىچە بولغان مائارىپ ئىسلاھاتىدىن كېيىن، كۆلىمى مۇقىملىشىشقا، قۇرۇلمىسى مۇۋاپىقلىشىشقا يۈزلىنىپ، سۈپەت ۋە ئۈنۈم كۆرۈنەرلىك يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. 1999 ـ يىلى باللار باغچىسىدىكى خەنزۇ ئوقۇغۇچىلار سانى 170673 كىشىگە، ئوقۇتقۇچى سانى 6925 كىشىگە؛ باشلانغۇچ مەكتەپتىكى خەنزۇ ئوقۇغۇچى سانى 758792 كىشىگە، ئوقۇتقۇچى سانى 43609 كىشىگە؛ يېزا ئىگىلىك كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپلىرىدىكى خەنزۇ ئوقۇغۇچىلار سانى 25325 كىشىگە، ئوقۇتقۇچىلار سانى 2382 كىشىگە؛ تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپلەردىكى خەنزۇ ئوقۇغۇچىلار سانى 250696 كىشىگە، ئوقۇتقۇچى سانى 22399 كىشىگە؛ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەردىكى خەنزۇ ئوقۇغۇچى سانى 95904 كىشىگە، ئوقۇتقۇچى سانى 8085 كىشىگە؛ ئوتتۇرا تېخنىكومدىكى ئوقۇغۇچى سانى 40645 كىشىگە، ئوقۇتقۇچى سانى 3361 كىشىگە، ئالىي مەكتەپ خەنزۇ ئوقۇغۇچى سانى 25876 كىشىگە، ئوقۇتقۇچى سانى 4063 كىشىگە يەتتى. ھەر ئون مىڭ نوپۇس ئىچىدىكى ئوقۇغۇچىلار سانى باشلانغۇچ مەكتەپتە 1149 كىشى، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتە 380 كىشى، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە 145 كىشى، ئادەتتىكى ئوتتۇرا تېخنىكومدا 62 كىشى، ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلەردە 39 كىشىگە يەتتى.

## ئۇيغۇرلار مائارىپى

ئۇيغۇرلار مەكتەپ مائارىپىنىڭ مەنبەسى ئىسلام دىنىنىڭ تارقىلىشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. 10 ـ ئەسىردە ئىسلام دىنى شىنجاڭغا كىرگەن. دىنىي مەسچىتلەر ۋە دىنىي مەكتەپلەر بۇنىڭغا ئەگىشىپ پەيدا بولۇشقا باشلىغان. قەدىمكى زامان مائارىپى شۇنىڭ بىلەن پەيدا بولغان. مىڭ سۇلالىسىگە كەلگەندىلا تەرەققىياتقا ئېرىشكەن. چىڭ سۇلالىسى مەزگىلىدە يۇقىرى باسقۇچقا يەتكەن بولۇپ، دىنىي مەكتەپلەرنىڭ سانى كۆپ بولۇپلا قالماستىن، بەلكى كۆلىمىمۇ زور بولغان. 19 ـ ئەسىرنىڭ 70 ـ يىللىرىدا چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئۇيغۇرلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلاردا ھەقسىز مەكتەپلەرنى قۇرۇپ، ئۇيغۇر باللارنى قوبۇل قىلىپ ئۇلارغا خەنزۇ تىلى ئۆگەتكەن. 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى شىنجاڭدا يېڭىچە مەكتەپ قۇرۇپ، ئۇيغۇر باللىرىنى ئوقۇتقان. شىڭ شىسەي ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەسلەپكى مەزگىلدە، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىلغار ئىدىيىسىنىڭ تەسىرى ئاستىدا، ئاز سانلىق مىللەتلەر مائارىپىنى ئاكتىپلىق بىلەن تەرەققىي قىلدۇرغان. 1934 ـ 1935 ـ 1936 ـ يىللىرى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئارقا ـ ئارقىدىن سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئوقۇغۇچى ئەۋەتكەن. بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلاردىن 110 نەپىرى بار ئىدى. 1936 ـ يىلى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئۇيغۇرلار مەكتىپىدە بىر تۇتاش ئۇيغۇر تىلىدا ئوقۇتۇش ئېلىپ بېرىش پەرمانىنى چۈشۈرگەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇرلار مائارىپى تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلغان. 1940 ـ يىلى شىنجاڭ ئىنستىتۇتى مائارىپ فاكولتېتى تۇنجى قارار بىر سىنىپ

مىللىي ئوقۇغۇچىلارنى قوبۇل قىلىپ ئالىي مەكتەپلەردە ئاز سانلىق مىللەت تىلىدا ئوقۇتۇش ئېلىپ بېرىش ۋەزىيىتىنى شەكىللەندۈرگەن . 1943 ـ يىلى ھۆكۈمەت قۇرغان ، تەشكىلاتلار قۇرغان ، خەلق قۇرغان مەكتەپلەردىكى ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلار سانى 290244 كىشىگە يەتكەن . يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن ، كونا مائارىپنى ئۆزگەرتىپ تەشكىللەش ، رەتكە سېلىش ئاساسىدا ، زور كۈچ بىلەن جەنۇبىي شىنجاڭ مائارىپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى دەرسلىك ماتېرىياللىرىنى ئاساس قىلىپ ، ئۇلارنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلدۇرغان . 1965 ـ يىلى ئۇيغۇر باشلانغۇچ مەكتەپلەردىكى مىللىي ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانى 570140 غا ، ئوقۇتقۇچىلار 17946 غا يەتكەن . تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپلەردىكى ئوقۇغۇچىلار 52724 غا ، تولۇق ئوتتۇرا ئوقۇغۇچىلىرى 9128 غا ، تولۇقسىز ، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرى 2771 كىشىگە ، ئوتتۇرا دەرىجىلىك كەسپىي مەكتەپلەردىكى ئوقۇتقۇچىلار 216 گە يەتكەن . «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» ئاياغلاشقاندىن كېيىن بولۇپمۇ 11 ـ نۆۋەتلىك 3 ـ ئومۇمىي يىغىندىن كېيىن ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى ئۇيغۇرلار مائارىپىغا ئىنتايىن ئەھمىيەت بەردى ھەمدە بىر قاتار ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرىنى قوللىنىپ ، ئۇيغۇرلار مائارىپى تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى . 1999 ـ يىلى مەكتەپلەردىكى ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلار ، يەسلى باللىرى 24570 گە ، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى 1359714 كىشىگە ، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى 462708 كىشىگە ، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى 61825 كىشىگە ، كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى 25898 كىشىگە ، ئادەتتىكى تېخنىكوم مەكتەپلىرىدە 35618 كىشى ، ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلەردىكى ئوقۇغۇچى سانى 17841 كىشىگە يەتتى . ئۇيغۇر ئوقۇتقۇچىلار يەسلىدە 976 ، باشلانغۇچتا 57635 كىشىگە ، تولۇقسىزدا 24803 كىشىگە ، تولۇق ئوتتۇرىدا 5212 كىشى ، كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپلەردە 1104 كىشىگە ، ئادەتتىكى تېخنىكوم مەكتەپلىرىدە 857 كىشىگە ، ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلەردە 2198 كىشىگە يەتتى . ھەر ئون مىڭ نوپۇس ئىچىدە مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلار باشلانغۇچتا 1671 كىشىگە ، تولۇقسىزدا 569 كىشىگە ، ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرىدا 76 كىشىگە ، ئادەتتىكى ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتەپلىرىدە 44 كىشىگە ، ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلەردە 22 كىشىگە يەتتى .

## قازاقلار مائارىپى

قازاق مەكتەپ مائارىپىنىڭ باشلىنىش مەنبەسى ئىسلام دىنىنىڭ تارقىلىشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك . قازاق ئاقسۆڭەكلىرى ، زىيالىيلىرىنىڭ كۆپ قىسمى مەدرىس مەكتەپلىرىنىڭ تەربىيىسىنى ئالغان . تارىخىي ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا ، تۇنجى قازاق مەكتىپى 1850 ـ يىلى ئالتايدا قۇرۇلغان . «ئابايۇلى» مەدرىسىدۇر . 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرى شىنجاڭ يەرلىك ھۆكۈمىتى يېڭىچە مەكتەپ قۇرۇپ ، قازاق ئوقۇغۇچىلىرىنىمۇ

ئوقۇتتى . ياڭزېڭشىڭ ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدە ، موڭغۇل ، قازاق مەكتىپى قۇرۇلدى . كېيىن موڭغۇل ، قازاق تولۇقسىز پېداگوگىكا مەكتىپىگە ئۆزگەرتىلدى . شىڭ شىسەي ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىدە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىلغار ئىدىيىلىرى تەسىرى ئاستىدا ئاز سانلىق مىللەتلەر مائارىپى ئاكتىپ تەرەققىياتقا ئېرىشتى . بۇنىڭغا ئەگىشىپ قازاقلار مائارىپىمۇ تېز تەرەققىي قىلدى . 1938 - يىلى ھۆكۈمەت قۇرغان مەكتەپلەردىكى قازاق ، قىرغىز باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلار سانى 3420 كىشىگە ، ئالىي ، ئوتتۇرا مەكتەپلەردىكى ئوقۇغۇچىلار 99 كىشىگە ، قازاق مەدەنىيىتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۇيۇشمىسى مەكتىپىدىكى ئوقۇغۇچىلار 14322 كىشىگە يەتتى . 1943 - يىلى شىنجاڭدىكى ھۆكۈمەت ۋە تەشكىلاتلار قۇرغان مەكتەپتىكى قازاق ئوقۇغۇچىلار 32733 كىشىگە يەتتى ، 1934 - 1935 - 1936 - يىللىرى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئۈچ قېتىم سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئوقۇغۇچىلارنى ئوقۇشقا ئەۋەتتى ، بۇلارنىڭ ئىچىدە ئاز بولمىغان قازاق ئوقۇغۇچىلارمۇ بار ئىدى . يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن بۇيان ، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت قازاقلار مائارىپىغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلدى . شۇنىڭ بىلەن قازاقلار مائارىپى مۇقىم تەرەققىياتقا ئېرىشتى ، 1965 - يىلى مەكتەپلەردىكى قازاق ئوقۇغۇچىلار سانى باشلانغۇچ مەكتەپتە 67234 كىشىگە ، ئادەتتىكى ئوتتۇرىدا 7538 كىشىگە ، ئوتتۇرا دەرىجىلىك پېداگوگىكا مەكتەپلىرىدە 441 كىشىگە ، ئوتتۇرا دەرىجىلىك تېخنىك مەكتەپلەردە 544 كىشىگە ، ئالىي مەكتەپلەردە 378 كىشىگە يەتتى . قازاق ئوقۇتقۇچىلار سانى باشلانغۇچتا 90 كىشىگە ، ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپلەردە 16 كىشىگە ، ئوتتۇرا تېخنىكۇم مەكتەپلەردە 3 كىشىگە ، ئالىي مەكتەپلەردە 15 كىشىگە يەتتى . پارتىيىنىڭ 11 - نۆۋەتلىك 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن ، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ مائارىپىغا ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرىنى قوللىنىپ ، ياتاقلىق تۈزۈمدىكى مەكتەپلەرنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇپ ، قازاق مائارىپىنىڭ تەرەققىياتىنى زور كۈچ بىلەن ئىلگىرى سۈردى . 1999 - يىلى مەكتەپتىكى قازاق ئوقۇغۇچىلار سانى يەسلىدە 6416 كىشىگە ، باشلانغۇچتا 200618 كىشىگە ، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتە 73562 كىشىگە ، تولۇق ئوتتۇرىدا 14427 كىشىگە ، كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپتە 958 كىشىگە ، ئادەتتىكى ئوتتۇرا تېخنىكۇم مەكتەپلىرىدە 2198 كىشىگە ، ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلەردە 3128 كىشىگە يەتتى . قازاق ئوقۇتقۇچىلار سانى ، يەسلىدە 240 كىشىگە ، باشلانغۇچتا 15657 كىشىگە ، تولۇقسىزدا 5994 كىشىگە ، تولۇق ئوتتۇرىدا 1483 كىشىگە ، كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپتە 122 كىشىگە ، ئادەتتىكى ئوتتۇرا تېخنىكۇم مەكتەپلىرىدە 227 كىشىگە ، ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلەردە 358 كىشىگە يەتتى . قازاق مىللىتىنىڭ ھەر ئون مىڭ نوپۇس ئىچىدە مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلار سانى باشلانغۇچتا 1558 كىشى ، تولۇقسىزدا 572 كىشى ، ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرىدا 112 كىشى ، ئادەتتىكى تېخنىكۇمدا 64 كىشى ، ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپتە 23 كىشىگە يەتتى .

## خۇيزۇلار مائارىپى

خۇيزۇلار مەكتەپ مائارىپىنىڭ مەنبەسى ئىسلام دىنىنىڭ دىنىي پائالىيەتلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. قەدىمكى مائارىپ ئاساسلىقى دىنىي مەكتەپ شەكلىدە ئېلىپ بېرىلغان. 20 ـ ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرى خۇيزۇلار مائارىپى ئاز سانلىق مىللەت مائارىپى بولۇش سۈپىتىدە تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلىشقا باشلىغان. بۇ ئەينى ۋاقىتتىكى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر مائارىپىغا ئەھمىيەت بېرىش ۋە ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرۇش سىياسىتى، شۇنداقلا ئاممىۋى خاراكتېرلىك مەكتەپ قۇرۇش پائالىيەتلىرىنىڭ مەھسۇلى. 1943 ـ يىلى شىنجاڭدىكى ھۆكۈمەت، ئۇيۇشمىلار قۇرغان مەكتەپلەردىكى خۇيزۇ ئوقۇغۇچىلار سانى 7447 نەپەرگە يەتكەن. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، پارتىيە مىللىي سىياسىتىنىڭ پارلاق نۇرى ئاستىدا، خۇيزۇلار مائارىپى تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلدى. 1965 ـ يىلى مەكتەپتىكى خۇيزۇ ئوقۇغۇچىلار سانى باشلانغۇچ مەكتەپتە 41779 كىشىگە، كەسپىي مەكتەپلەردە 160 كىشىگە، ئىشچىلار تېخنىك مەكتەپلىرىدە 52 كىشىگە، يېزا ئىگىلىك ئوتتۇرا مەكتەپلىرىدە 683 كىشىگە، ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپلەردە 3526 كىشىگە، ئوتتۇرا دەرىجىلىك پېداگوگىكا مەكتەپلىرىدە 142 كىشىگە، ئوتتۇرا دەرىجىلىك تېخنىك مەكتەپلىرىدە 375 كىشىگە، ئالىي مەكتەپلەردە 86 كىشىگە يەتتى، خۇيزۇ ئوقۇتقۇچىلار سانى بولسا، باشلانغۇچ مەكتەپلەردە 5240 كىشىگە، ئىشچىلار تېخنىك مەكتەپلىرىدە 4 كىشىگە، دېھقانچىلىق ئوتتۇرا مەكتىپىدە 6 كىشىگە، ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپلەردە 90 كىشىگە، ئوتتۇرا دەرىجىلىك تېخنىكا مەكتەپلىرىدە 16 كىشىگە، ئالىي مەكتەپلەردە 28 كىشىگە يەتتى.

پارتىيىنىڭ 11 ـ نۆۋەتلىك 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، خۇيزۇلار مائارىپى يېڭى تەرەققىياتقا ئېرىشتى. 1999 ـ يىلى ھەر دەرىجىلىك ھەر خىل تىپتىكى مەكتەپلەردىكى خۇيزۇ ئوقۇغۇچىلار سانى باللار باغچىسىدا 9702 كىشىگە، باشلانغۇچ مەكتەپتە 109865 كىشىگە، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتە 41347 كىشىگە، ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەردە 5733 كىشىگە، كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپلەردە 1378 كىشىگە، ئادەتتىكى ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتەپلىرىدە 2504 كىشىگە، ئالىي مەكتەپلەردە 834 كىشىگە يەتتى. خۇيزۇ ئوقۇتقۇچىلار سانى بولسا، باللار باغچىسىدا 494 كىشىگە، باشلانغۇچ مەكتەپتە 3148 كىشىگە، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتە 1000 كىشىگە، ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەردە 206 كىشىگە، كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپلەردە 81 كىشىگە، ئادەتتىكى ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتەپلىرىدە 34 كىشىگە، ئالىي مەكتەپلەردە 135 كىشىگە يەتتى. 1999 ـ يىلى ھەر ئون مىڭ نوپۇس ئىچىدە مەكتەپتىكى خۇيزۇ ئوقۇغۇچىلار سانى باشلانغۇچ مەكتەپتە 1405 كىشىگە، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتە 529 كىشىگە، ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەردە 73 كىشىگە، ئادەتتىكى ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتەپلىرىدە 32 كىشىگە، ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلەردە 11 كىشىگە يەتتى.

## ئۆزبېكلەر مائارىپى

20 ـ ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرى ئۆزبېكلەرنىڭ مائارىپى ئاز سانلىق مىللەتلەر مائارىپىنىڭ تەركىبىي قىسمى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئېتىبار بېرىشى ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشىغا ئېرىشتى. 1943 ـ يىلى ئۆزبېكلەرنىڭ ھەر دەرىجىلىك ھەر خىل تېپتىكى مەكتەپلەردىكى ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ سانى 1174 كىشىگە يەتكەن. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن ئۆزبېكلەر مائارىپى تېخىمۇ مۇستەھكەملەندى. 1965 ـ يىلى ھەر دەرىجىلىك ھەر خىل تېپتىكى مەكتەپلەردىكى ئۆزبېك ئوقۇغۇچىلار يەنى باشلانغۇچ مەكتەپتە 849 كىشىگە، كەسپىي مەكتەپتە ئالتە كىشىگە، يېزا ئىگىلىك مەكتىپىدە ئىككى كىشىگە، ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپتە 196 كىشىگە، ئوتتۇرا دەرىجىلىك پېداگوگىكا مەكتەپتە بىر كىشىگە، ئوتتۇرا دەرىجىلىك تېخنىكا مەكتەپتە 16 كىشىگە يەتكەن. ئالىي مەكتەپلەردە 23 كىشىگە يەتكەن. ئۆزبېك ئوقۇتقۇچىلاردىن باشلانغۇچ مەكتەپتە 34 ئوقۇتقۇچى، تېخنىكا مەكتەپلەردە بىر ئوقۇتقۇچى، ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپلەردە 19 ئوقۇتقۇچى، ئوتتۇرا دەرىجىلىك تېخنىكا مەكتەپلەردە بەش ئوقۇتقۇچى، ئالىي مەكتەپلەردە تۆت ئوقۇتقۇچى بار بولغان. 1999 ـ يىلى ئۆزبېكلەرنىڭ ھەر دەرىجىلىك ھەر خىل مەكتەپلەردىكى ئوقۇغۇچى سانى بالىلار باغچىسىدا 80 كىشىگە، باشلانغۇچ مەكتەپتە 759 كىشىگە، تولۇقسىز ئوتتۇرىدا 520 كىشىگە، ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە 225 كىشىگە، ئادەتتىكى ئوتتۇرا تېخنىكومدا 140 كىشىگە، ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلەردە 123 كىشىگە يەتكۈزۈلگەن. ئۆزبېك ئوقۇتقۇچىلاردىن بالىلار باغچىسىدا ئىككى ئوقۇتقۇچى، باشلانغۇچ مەكتەپتە 149 ئوقۇتقۇچى، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتە 67 كىشىگە، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە 21 ئوقۇتقۇچى، ئادەتتىكى ئوتتۇرا تېخنىكومدا 72 كىشى، ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپتە 53 ئوقۇتقۇچى بار بولغان.

1999 ـ يىلى ئۆزبېكلەرنىڭ ھەر 10 مىڭ نوپۇسى ئىچىدە ھەر دەرىجىلىك ھەر خىل مەكتەپلەردىكى ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ سانى باشلانغۇچ مەكتەپتە 554 كىشىگە، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتە 380 كىشىگە، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە 164 كىشىگە، ئادەتتىكى ئوتتۇرا تېخنىكومدا 102 كىشىگە، ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپتە 90 كىشىگە يەتكەن.

## قىرغىز مائارىپى

20 ـ ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرى قىرغىزلار مائارىپى ئاز سانلىق مىللەت مائارىپىنىڭ تەركىبىي قىسمى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئېتىبار بېرىشىگە ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشىغا ئېرىشتى. 1943 ـ يىلى قىرغىزلارنىڭ مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلىرى سانى 387 كىشىگە يەتكەن. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن قىرغىزلار مائارىپى تېز تەرەققىياتقا ئېرىشتى. 1965 ـ يىلى قىرغىزلارنىڭ مەكتەپتىكى

ئوقۇغۇچىلار سانى باشلانغۇچ مەكتەپتە 8764 كىشىگە، ئوتتۇرا مەكتەپتە 164 كىشىگە، ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپتە 748 كىشىگە، ئوتتۇرا دەرىجىلىك پېداگوگىكا مەكتىپىدە 10 كىشىگە، ئوتتۇرا دەرىجىلىك تېخنىكا مەكتەپتە 29 كىشىگە، ئالىي مەكتەپتە 24 كىشىگە يەتكەن. قىرغىز ئوقۇتقۇچىلار باشلانغۇچ مەكتەپتە 368 كىشىگە، ئوتتۇرا مەكتەپتە ئۈچ كىشىگە، ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپتە 43 كىشىگە، ئوتتۇرا دەرىجىلىك تېخنىك مەكتەپتە ئۈچ كىشىگە، ئالىي مەكتەپتە ئۈچ كىشىگە يەتكەن. پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن قىرغىزلار مائارىپى تېز سۈرئەتتە تەرەققىياتقا ئېرىشتى. 1999 - يىلى مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلار سانى باللار باغچىسىدا 361 كىشىگە، باشلانغۇچ مەكتەپتە 29614 كىشىگە، ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتە 7519 كىشىگە، ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە 1556 كىشىگە، ئادەتتىكى ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتىپىدە 817 كىشىگە، ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپتە 271 كىشىگە يەتكەن. قىرغىز ئوقۇتقۇچىلار سانى بولسا باللار باغچىسىدا 25 كىشىگە، باشلانغۇچ مەكتەپتە 1753 كىشىگە، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتە 490 كىشىگە، ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە 27 كىشىگە، ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپتە 14 كىشىگە يەتكەن. 1999 - يىلى قىرغىزلارنىڭ ھەر 10 مىڭ نوپۇسى ئىچىدە مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلار سانى باشلانغۇچ مەكتەپتە 1805 كىشىگە، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتە 458 كىشىگە، ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە 95 كىشىگە، ئادەتتىكى ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتەپتە 50 كىشىگە، ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپتە 17 كىشىگە يەتكەن.

### موڭغۇللار مائارىپى

موڭغۇللار مەكتەپ مائارىپىنىڭ كېلىش مەنبەسى دىن بىلەن مۇناسىۋەتلىك، 17 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا لاما دىنى ئېرۋەت موڭغۇللىرى ئارىسىدا تارقىلىشقا باشلىدى ھەمدە پەيدىنپەي ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى ئىگىلىگەن. 1769 - يىلى ئىلى گېنېرالى، يۇڭگۇي «مانجۇ - خەنزۇ - موڭغۇل ھۆكۈمەت مەكتىپى قۇرۇشقا» بۇيرۇق چۈشۈرگەن ھەم رەسمىي مەكتەپلەرنى قۇرۇشنىڭ مۇقەددىمىسى باشلانغان. 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ يېڭى سىياسىتىنىڭ تەسىرى ئاستىدا، موڭغۇللار يېڭىچە مەكتەپ قۇرۇشقا باشلىغان. 20 - ئەسىرنىڭ 30 - يىللىرى موڭغۇللار مائارىپى ئاز سانلىق مىللەتلەر مائارىپى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئېتىبار بېرىشكە ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ئېرىشكەن. 1943 - يىلى موڭغۇللارنىڭ مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلار سانى 3107 كىشىگە يەتكەن. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن موڭغۇللار مائارىپى تەرەققىياتى ئىنتايىن تېز بولغان. 1965 - يىلى موڭغۇللارنىڭ مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلار سانى باشلانغۇچ مەكتەپتە 8257 كىشىگە، كەسپىي مەكتەپتە بىر كىشىگە، ئىشچىلار تېخنىكا مەكتىپىدە بىر كىشىگە، ئوتتۇرا مەكتەپتە 300 كىشىگە، ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتىپىگە 924 كىشىگە، ئوتتۇرا دەرىجىلىك پېداگوگىكا مەكتەپتە 75 كىشىگە،

ئوتتۇرا دەرىجىلىك تېخنىكا مەكتەپتە 28 كىشىگە، ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپتە 41 كىشىگە يەتكەن. موڭغۇل ئوقۇغۇچىلار سانى باشلانغۇچ مەكتەپتە 371 كىشىگە، ئوتتۇرا مەكتەپتە بىر كىشىگە، ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپتە 82 كىشىگە، ئوتتۇرا دەرىجىلىك پېداگوگىكا مەكتىپىدە تۆت كىشىگە، ئوتتۇرا دەرىجىلىك تېخنىكا مەكتەپتە ئۈچ كىشىگە، ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپتە بىر كىشىگە يەتكەن. پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن موڭغۇللار مائارىپى يېڭىچە تەرەققىياتقا ئېرىشتى. 1999 - يىلى موڭغۇللارنىڭ مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلار سانى باللار باغچىسىدا 1480 كىشىگە، باشلانغۇچ مەكتەپتە 19685 كىشىگە، ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتە 8473 كىشىگە، ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە 2971 كىشىگە، ئادەتتىكى ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتەپلىرىدە 1620 كىشىگە، ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلەردە 426 كىشىگە يەتكەن. موڭغۇل ئوقۇغۇچىلار باللار باغچىسىدا 140 كىشىگە، باشلانغۇچ مەكتەپ 2369 كىشىگە، ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتە 822 كىشىگە، ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە 326 كىشىگە، ئادەتتىكى ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتەپتە 70 كىشىگە، ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپتە 112 كىشىگە يەتكەن. 1999 - يىلى موڭغۇللارنىڭ ھەر 10 مىڭ نوپۇس ئىچىدىكى مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلار سانى باشلانغۇچ مەكتەپتە 1237 كىشىگە، ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتە 187 كىشىگە، ئادەتتىكى ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتەپتە 102 كىشىگە، ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپتە 27 كىشىگە يەتتى.

### شىبەلەر مائارىپى

شىبەلەرنىڭ مەكتەپ مائارىپى شىبە مىللىتى غەربكە كۆچكەندىن كېيىن ئۇزۇن ئۆتمەيلا قۇرۇلۇشقا باشلىغان. 1769 - يىلى شىبە گازارمىسىدا ھۆكۈمەت مەكتىپى قۇرۇلغان. بۇ مەكتەپ دائىرىسى ۋە شەكلى جەھەتتىن خەنزۇ، موڭغۇل، مانجۇلارنىڭ ھۆكۈمەت مەكتىپى بىلەن ئوخشاش ئىدى. 20 - ئەسىرنىڭ 30 - يىللىرى شىبە مائارىپى ئاز سانلىق مىللەتلەر مائارىپىنىڭ تەركىبىي قىسمى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئېتىبار بېرىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشىغا ئېرىشكەن. 1943 - يىلى شىبەلەرنىڭ مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلار سانى 1528 كىشىگە يەتكەن. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن شىبەلەر مائارىپىنىڭ تەرەققىياتى ئىنتايىن تېز بولغان. 1965 - يىلى ھەر دەرىجىلىك ھەر خىل تىپتىكى مەكتەپلەردىكى شىبە ئوقۇغۇچىلار سانى باشلانغۇچ مەكتەپتە 3549 كىشىگە، كەسپىي مەكتەپتە تۆت كىشىگە، تېخنىكا ئىشچىلار مەكتىپىدە 17 كىشىگە، ئوتتۇرا مەكتەپتە 117 كىشىگە، ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپتە 567 كىشىگە، ئوتتۇرا دەرىجىلىك پېداگوگىكا مەكتىپىدە 14 كىشىگە، ئوتتۇرا دەرىجىلىك تېخنىكا مەكتەپتە 138 كىشىگە، ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپتە 22 كىشىگە يەتكەن. شىبە مىللىتىدىكى ئوقۇغۇچىلار سانى باشلانغۇچ مەكتەپتە 161 كىشىگە، تېخنىكا مەكتەپتە بىر كىشىگە، ئوتتۇرا مەكتەپتە ئالتە كىشىگە، ئادەتتىكى ئوتتۇرا

مەكتەپتە 33 كىشىگە ، ئوتتۇرا دەرىجىلىك پېداگوگىكا مەكتەپتە بىر كىشىگە ، ئوتتۇرا دەرىجىلىك تېخنىكا مەكتەپتە 16 كىشىگە ، ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپتە 10 كىشىگە يەتكەن . پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن شىبەلەرنىڭ مائارىپى يەنىمۇ بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەرەققىياتقا ئېرىشتى . 1999 - يىلى ھەر خىل ھەر دەرىجىلىك مەكتەپلەردىكى ئوقۇغۇچىلار سانى باللار باغچىسىدا 795 كىشىگە ، باشلانغۇچ مەكتەپتە 4215 كىشىگە ، ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتە 2101 كىشىگە ، ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە 947 كىشىگە ، ئادەتتىكى ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتەپتە 226 كىشىگە ، ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپتە 205 كىشىگە يەتكەن . شىبە ئوقۇتقۇچىلار سانى ، باللار باغچىسىدا 34 كىشىگە ، باشلانغۇچ مەكتەپتە 422 كىشىگە ، ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتە 236 كىشىگە ، ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە 73 كىشىگە ، ئادەتتىكى ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتەپتە يەتتە كىشىگە ، ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپتە 57 كىشىگە يەتكەن . 1999 - يىلى شىبەلەرنىڭ ھەر 10 مىڭ نوپۇسى ئىچىدە ھەر دەرىجىلىك ھەر خىل تىپتىكى مەكتەپلەردىكى ئوقۇغۇچىلار سانى ، باشلانغۇچ مەكتەپتە 1044 كىشىگە ، ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا 532 كىشىگە ، ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە 240 كىشىگە ، ئادەتتىكى ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتەپتە 57 كىشىگە ، ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپتە 52 كىشىگە يەتكەن .

### تاجىك مائارىپى

20 - ئەسىرنىڭ 30 - يىللىرى تاجىك مىللىتىنىڭ ھازىرقى زامان مائارىپى تەرەققىي قىلىشقا باشلىدى . 1943 - يىلى تاجىكلارنىڭ مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلار سانى 182 كىشى بولغان . يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن تاجىكلار مائارىپى تېز تەرەققىياتقا ئېرىشتى . 1965 - يىلى تاجىكلارنىڭ ھەر دەرىجىلىك ھەر خىل مەكتەپلەردىكى ئوقۇغۇچىلار سانى باشلانغۇچ مەكتەپتە 2192 كىشىگە ، يېزا ئىگىلىك ئوتتۇرا دەرىجىلىك مەكتەپتە 43 كىشىگە ، ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپتە 312 كىشىگە ، ئوتتۇرا دەرىجىلىك پېداگوگىكا مەكتەپتە 19 كىشىگە ، ئوتتۇرا دەرىجىلىك تېخنىكا مەكتەپتە 18 كىشىگە ، ئالىي مەكتەپتە بەش كىشىگە يەتكەن . تاجىك ئوقۇتقۇچىلىرى سانى باشلانغۇچ مەكتەپتە 79 كىشىگە ، يېزا ئىگىلىك ئوتتۇرا مەكتەپتە 13 كىشىگە ، ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپتە تۆت كىشىگە ، ئالىي مەكتەپتە يەتتە كىشىگە يەتكەن . پارتىيىنىڭ 11 - نۆۋەتلىك 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن تاجىكلار مائارىپىمۇ بىر قەدەر ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەرەققىياتقا ئېرىشتى . 1999 - يىلى تاجىكلارنىڭ ھەر دەرىجىلىك ھەر خىل مەكتەپلەردىكى ئوقۇغۇچىلار سانى ، باشلانغۇچ مەكتەپتە 7138 كىشىگە ، ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتە 1401 كىشىگە ، ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە 195 كىشىگە ، ئادەتتىكى ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتەپتە 88 كىشىگە ، ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپتە 65 كىشىگە يەتكەن . تاجىك ئوقۇتقۇچىلار باشلانغۇچ مەكتەپتە 354 كىشىگە ، ئادەتتىكى

تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتە 83 كىشىگە ، ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە 12 كىشىگە ، ئادەتتىكى ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتەپتە بىر كىشىگە ، ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپتە سەككىز كىشىگە يەتكەن . 1999 ـ يىلى تاجىكلارنىڭ ھەر 10 مىڭ نوپۇس ئىچىدىكى ھەر دەرىجىلىك ھەر خىل تىپتىكى مەكتەپ ئوقۇغۇچىلار سانى باشلانغۇچ مەكتەپتە 1802 كىشىگە ، ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتە 354 كىشىگە ، ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە 49 كىشىگە ، ئادەتتىكى ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتەپتە 22 كىشىگە ، ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپتە 16 كىشىگە يەتكەن .

## مانجۇ مائارىپى

شىنجاڭدىكى مانجۇ مەكتەپلەر مائارىپى 18 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلانغان . 1766 ـ يىلى ئىلى گېنېرالى مىڭرۇي ئىلى مانجۇ ئەسكەرلىرىنىڭ سەككىز تۇغلۇق قوشۇنىنىڭ ھەر بىرىدە بىردىن ھۆكۈمەت مەكتىپى قۇرۇشقا بۇيرۇق چۈشۈرگەن . ئۇز ۋاقىتدا ھەربىر مەكتەپتە 64 كىشىگە ئىككى نەپەر ئوقۇتقۇچى بار ئىدى . شىنخەي ئىنقىلابىدىن كېيىن مانجۇلار مائارىپىمۇ تەسىرگە ئۇچرىدى . 20 ـ ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرى مانجۇلار مائارىپى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مائارىپى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئېتىبار بېرىشكە ئېرىشتى . 1943 ـ يىلى مانجۇلارنىڭ ھەر دەرىجىلىك ھەر خىل تىپتىكى مەكتەپلەردىكى ئوقۇغۇچىلار سانى 347 كىشىگە يەتتى . يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن مانجۇلار مائارىپىدىكى تەرەققىيات ئىنتايىن تېز بولدى . 1965 ـ يىلى مەكتەپلەردىكى مانجۇ ئوقۇغۇچىلار سانى باشلانغۇچ مەكتەپتە 272 كىشىگە ، تېخنىكا ئىشچىلار مەكتىپىدە ئۈچ كىشىگە ، ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە 102 كىشىگە ، ئوتتۇرا دەرىجىلىك پېداگوگىكا مەكتىپىدە ئۈچ كىشىگە ، ئوتتۇرا دەرىجىلىك تېخنىكا مەكتىپىدە 23 كىشىگە ، ئالىي مەكتەپتە 15 كىشىگە يەتكەن . مانجۇ ئوقۇتقۇچىلار سانى باشلانغۇچ مەكتەپتە 48 كىشىگە ، يېزا ئىگىلىك ئوتتۇرا مەكتەپتە بىر كىشىگە ، ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ 16 كىشىگە ، ئوتتۇرا دەرىجىلىك تېخنىك مەكتەپتە تۆت كىشىگە ، ئالىي مەكتەپتە 12 كىشىگە يەتكەن . پارتىيىنىڭ 11 ـ نۆۋەتلىك 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن مانجۇلار مائارىپى تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەرەققىياتقا ئېرىشتى . 1999 ـ يىلى مەكتەپتىكى مانجۇ ئوقۇغۇچىلار سانى باللار باغچىسىدا 277 كىشىگە ، باشلانغۇچ مەكتەپتە 4125 كىشىگە ، ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتە 1021 كىشىگە ، ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە 514 كىشىگە ، ئادەتتىكى ئوتتۇرا تېخنىكوم 134 كىشىگە ، ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپ 106 كىشىگە يەتكەن . مانجۇ ئوقۇتقۇچىلار سانى باللار باغچىسىدا 19 كىشىگە ، باشلانغۇچ مەكتەپتە 119 كىشىگە ، ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتە 98 كىشىگە ، ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە 34 كىشىگە ، ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتەپتە ئىككى كىشىگە ، ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپتە 52 كىشىگە يەتكەن . 1999 ـ يىلى مانجۇلارنىڭ

ھەر 10 مىڭ نوپۇسى ئىچىدە مەكتەپلەردىكى ئوقۇغۇچىلار سانى باشلانغۇچ مەكتەپتە 737 كىشىگە، ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتە 489 كىشىگە، ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە 246 كىشىگە، ئادەتتىكى ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتەپتە 64 كىشىگە، ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپتە 51 كىشىگە يەتكەن.

### داغۇر مائارىپى

شىنجاڭدىكى داغۇرلار مەكتەپ مائارىپى 18 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلانغان بولۇپ، داغۇرلارنىڭ غەربكە كۆچىشىگە ئەگىشىپ پەيدا بولغان. 20 ـ ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرى داغۇرلار مائارىپى ئاز سانلىق مىللەتلەر مائارىپىنىڭ بىر قىسمى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئېتىبار بېرىشكە ئېرىشتى. 1943 ـ يىلى داغۇرلارنىڭ ھەر خىل مەكتەپلەردىكى ئوقۇغۇچىلار سانى 127 كىشىگە يەتكەن. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن داغۇرلار مائارىپى ئىنتايىن تېز تەرەققىياتقا ئېرىشكەن، 1965 ـ يىلى داغۇرلارنىڭ ھەر خىل مەكتەپلەردىكى ئوقۇغۇچىلار سانى، باشلانغۇچ مەكتەپتە 556 كىشىگە، يېزا ئىگىلىك ئوتتۇرا مەكتەپتە يەتتە كىشىگە، ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە 39 كىشىگە، ئوتتۇرا دەرىجىلىك تېخنىكا مەكتەپتە بەش كىشىگە، ئالىي مەكتەپتە بىر كىشىگە يەتكەن. ئوقۇتقۇچىلار سانى باشلانغۇچ مەكتەپتە ئالتە كىشىگە، ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپتە ئۈچ كىشىگە، ئوتتۇرا دەرىجىلىك تېخنىكا مەكتەپتە بىر كىشىگە يەتكەن. 1999 ـ يىلى ھەر خىل مەكتەپلەردىكى داغۇر ئوقۇغۇچىلار سانى بالىلار باغچىسىدا 97 كىشىگە، باشلانغۇچ مەكتەپتە 578 كىشىگە، ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتەپتە 302 كىشىگە، ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە 107 كىشىگە، ئادەتتىكى ئوتتۇرا تېخنىكومدا 39 كىشىگە، ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپتە 18 كىشىگە يەتكەن. داغۇر ئوقۇتقۇچىلىرى سانى بالىلار باغچىسىدا ئىككى كىشىگە، باشلانغۇچ مەكتەپتە 44 كىشىگە، ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتە 15 كىشىگە، ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە ئالتە كىشىگە، ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپتە ئالتە كىشىگە يەتكەن. 1999 ـ يىلى داغۇرلارنىڭ ھەر 10 مىڭ نوپۇسى ئىچىدە مەكتەپتىكى داغۇر ئوقۇغۇچىلار سانى باشلانغۇچ مەكتەپتە 903 كىشىگە، ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتە 472 كىشىگە، ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە 167 كىشىگە، ئادەتتىكى ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتەپتە 61 كىشىگە، ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپتە 28 كىشىگە يەتكەن.

### تاتارلار مائارىپى

20 ـ ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرى تاتارلار مائارىپى ئاز سانلىق مىللەتلەر مائارىپىنىڭ تەركىبىي قىسمى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئېتىبار بېرىشكە ئېرىشكەن. 1943 ـ يىلى ھەر دەرىجىلىك ھەر خىل مەكتەپلەردىكى ئوقۇغۇچىلار سانى 1276 كىشىگە يەتكەن. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن تاتارلار مائارىپى مۇستەھكەملەندى ۋە تەرەققىياتقا

ئېرىشتى . 1999 ـ يىلى تاتارلارنىڭ مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلار سانى باللار باغچىسىدا 38 كىشىگە ، باشلانغۇچ مەكتەپتە 370 كىشىگە ، ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتە 239 كىشىگە ، ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە 81 كىشىگە ، ئادەتتىكى ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتىپىدە 37 كىشىگە ، ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپتە 71 كىشىگە يەتكەن . تاتار ئوقۇتقۇچىلار سانى باشلانغۇچ مەكتەپتە 51 كىشىگە ، ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتە 31 كىشىگە ، ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە 16 كىشىگە ، ئادەتتىكى ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتەپتە بىر كىشىگە ، ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپتە 19 كىشىگە يەتكەن . 1999 ـ يىلى تاتارلارنىڭ ھەر 10 مىڭ نوپۇسى ئىچىدە مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلار سانى باشلانغۇچ مەكتەپتە 787 كىشىگە ، ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتە 509 كىشىگە ، ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە 18 كىشىگە ، ئادەتتىكى ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتەپتە 121 كىشىگە ، ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپتە 151 كىشىگە يەتكەن .

## رۇس مائارىپى

شىنجاڭدىكى رۇس مائارىپى 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا رۇسلارنىڭ شىنجاڭغا كۆپلەپ كۆچۈپ كىرىشى بىلەن پەيدا بولغان . 20 ـ ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرى روسلار مائارىپى ئاز سانلىق مىللەتلەر مائارىپىنىڭ تەركىبىي قىسمى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئېتىبار بېرىشكە ئېرىشتى . 1943 ـ يىلى رۇسلارنىڭ مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلار سانى 3862 كىشىگە يەتكەن ، يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن رۇسلارنىڭ مائارىپى تېز تەرەققىياتقا ئېرىشكەن . ئەمما نوپۇسنىڭ ئازلاپ كېتىش ئامىلى سەۋەبىدىن مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلار سانى ئازىيىشقا باشلىغان . 1999 ـ يىلى رۇسلار مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلار سانى باللار باغچىسىدا 175 كىشىگە ، باشلانغۇچ مەكتەپتە 723 كىشىگە ، ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتە 437 كىشىگە ، ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە 267 كىشىگە ، ئادەتتىكى ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتەپتە 59 كىشىگە ، ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپتە 49 كىشىگە يەتكەن ، رۇس ئوقۇتقۇچىلىرى سانى باللار باغچىسىدا 12 كىشىگە ، باشلانغۇچ مەكتەپتە 78 كىشىگە ، ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتە 29 كىشىگە ، ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە 14 كىشىگە ، ئادەتتىكى ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتەپتە تۆت كىشىگە ، ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپتە 16 كىشىگە يەتكەن . 1999 ـ يىلى رۇسلارنىڭ ھەر 10 مىڭ نوپۇسى ئىچىدە مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلار سانى باشلانغۇچ مەكتەپتە 77 كىشىگە ، ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتە 470 كىشىگە ، ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە 287 كىشىگە ، ئادەتتىكى ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكبەپتە 63 كىشىگە ، ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپتە 53 كىشىگە يەتكەن .

## خەنزۇ تىلى سەۋىيە سىناش ئىمتىھانى

خەنزۇ تىلى سەۋىيە سىناش ئىمتىھانى (HSK) ، خەنزۇ تىلى ئانا تىلى

بولمىغانلارنىڭ سەۋىيىسىنى ئۆلچەش ئۈچۈن لايىھىلەنگەن بىر خىل ئۆلچەملىك ئىمتىھان بولۇپ، ئۇ ئوبيېكتىپ، توغرا ھەم ئۈنۈملۈك ھالدا ئىمتىھان بەرگۈچىلەرنىڭ خەنزۇچە ئەمەلىي سەۋىيىسىنى ئۆلچەپ چىقالايدۇ. خەلقئارادا نوپۇزلۇق. 1996 - يىلى دۆلەتلىك خەنزۇ تىلى ئىمتىھان ئىشخانىسىنىڭ ياردىمى ئاستىدا، جۇڭگو خەنزۇ تىلى سەۋىيە ئىمتىھانى رەسمىي ھالدا شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرگە يۈزلىنىپ ئىمتىھان ئېلىنىشقا باشلىغان. 1996 - يىلى خەنزۇ تىلى سەۋىيە ئىمتىھانى پەقەت ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ بىر قىسىم ئالىي مەكتەپلىرىدە سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلغان. قاتناشقانلار كىشى سانى 1556 كىشىگە يەتكەن. ئىمتىھان ئارقىلىق شۇ ئىسپاتلاندىكى، خەنزۇ تىلى سەۋىيە ئىمتىھانى دۆلىتىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرگە ئوخشاشلا ماس كېلىدۇ. شۇ يىلى 9 - ئايدا مائارىپ مىنىستىرلىكى مىللىي مائارىپ بۆلۈمى دۆلەتلىك خەنزۇ تىلى ئىمتىھان ئىشخانىسىنىڭ ئورتاق رىياسەتچىلىكىدە ئۈرۈمچىدە «مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر خەنزۇ تىلى ئوقۇتۇش تەتقىقات يىغىنى» چاقىردى. 1997 - يىلى 7 - ئايدا مائارىپ مىنىستىرلىكى «بىر قىسىم ئاز سانلىق مىللەت مەكتەپلىرىدە جۇڭگو خەنزۇ تىلى سەۋىيە ئىمتىھانىنىڭ سىناق نۇقتىسىنى يولغا قويۇش توغرىسىدىكى قارار» نى تارقاتتى، ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتى 1998 - يىلى ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىغا خەنزۇ تىلى سەۋىيە سىناش ئىمتىھانىنى قوشۇپ ئېلىش، ئوقۇغۇچىلار ئىختىيارىي قاتنىشىش، ئوخشاش بولمىغان دەرىجىگە بۆلۈش ئارقىلىق نومۇر قوشۇش پرىنسىپىنى قوللاندى، سىناق مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى. مائارىپ مىنىستىرلىكى مىللىي مائارىپ بۆلۈمىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە، يەنە بىر قېتىم شىنجاڭدا HSK ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەر خەنزۇ تىلى ئوقۇتۇش يىغىنى ئېچىلدى. بۇ قېتىم جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر خەنزۇ تىلى سەۋىيە دەرىجە ئۆلچىمى ماقۇللاندى. بۇ ئۆلچەم دۆلەت خەنزۇ تىلى سەۋىيە ئۆلچىمىگە ئاساسلىنىپ ھەمدە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن تۈزۈپ چىقىلغان. خەنزۇ تىلى سەۋىيە ئىمتىھانى شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ خەنزۇ تىلى ئوقۇتۇشىغا، ھەتتا شىنجاڭنىڭ مىللىي مائارىپىغا نىسبەتەن ناھايىتى زور ئىلگىرى سۈرۈش رولىنى ئوينىدى. ئىمتىھانغا قاتناشقانلارنىڭ سانى 1996 - يىلدىكى بىر قېتىمدا 1556 كىشىگە، 1999 - يىلى 5 - ئايدىكى بىر قېتىمدا 15000 كىشىگە كۆپەيدى. ھازىرغا قەدەر جەمئىي 50 نەچچە مىڭ كىشى HSK غا قاتنىشىپ، پۈتكۈل دۇنيا بويىچە ئىمتىھانغا قاتناشقان ئوقۇغۇچىلار سانى ئەڭ كۆپ ئىمتىھان نۇقتىسىغا ئايلاندى. 1996 - يىلى HSK پەقەت تېخى سىنىپقا، دەرىجىگە بۆلۈشتىكى ئوقۇتۇش ئۆلچىمى ئىدى. كېيىن تەييارلىق ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ پۈتتۈرۈش ئۆلچىمى ھەم مىللىي ئوقۇتقۇچىلارنىڭ خەنزۇ تىلى ئوقۇتۇش سەۋىيىسى ئۆلچىمى قاتارلىقلارغا ئايلاندى. شۇ يىلى بىر قىسىم ئالىي مەكتەپلەردىكى ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ HSK دە بەلگىلىك دەرىجىگە يەتكەنلىرىنىڭ تەييارلىق ئوقۇشى كەچۈرۈم قىلىندى. HKS شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر خەنزۇ تىلى ئوقۇتۇشىنى

ئىلگىرى سۈرۈشتە ناھايىتى زور رول ئوينىدى. ئۇنىڭ رىياسەتچىلىك قىلىش ۋە يېتەكلىشى ئاستىدا بىر يېپيېڭى خەنزۇ تىلى ئوقۇتۇش سىستېمىسىنى پەيدىنپەي شەكىللەندى.

## تەييارلىق ماتارىپى

ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىدىن ئۆتۈپ قوبۇل قىلىنغان ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرى كەسپىنى ئۆگىنىشتىن ئىلگىرى خەنزۇ تىلى ئۆگىنىشنى كۈچەيتىش ۋە مەدەنىيەت ئاساسىي بىلىملىرىنى تولۇقلاش يۈزىسىدىن ئېلىپ بېرىلىدىغان تولۇقلاش خاراكتېرىدىكى ماتارىپتىن ئىبارەت. 20 ـ ئەسىرنىڭ 50 ـ يىللىرىنىڭ ئاخىرلىرىدا ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر قايسى ئالىي مەكتەپلەردە خەنزۇ تىلى ئوقۇتۇش كافېدراسى قۇرۇلۇپ، خەنزۇ تىلى ئوقۇتۇش كۈچەيتىلدى. 20 ـ ئەسىرنىڭ 60 ـ يىللىرىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە ئارقا ـ ئارقىدىن تەييارلىق بۆلۈمى قۇرۇلۇپ، ئاز سانلىق مىللەت يېڭى ئوقۇغۇچىلىرىغا قارىتا مەركەزلىك ھالدا بىر ۋە ئىككى يىللىق خەنزۇ تىلى تەربىيىسى ۋە مەدەنىيەت ئاساسلىرى دەرسلىرىنى تولۇقلاپ ئۆگىتىش ئېلىپ بارغاندىن كېيىن، ئاندىن ھەر قايسى فاكۇلتېتلارغا تەقسىملىنىپ كەسىپ ئۆگىنىشكە كىرىشتۈرۈلدى. 20 ـ ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىدىن كېيىن، تەييارلىق كۇرس ماتارىپى شەكلى تەدرىجىي مۇكەممەللىشىپ، تەييارلىق كۇرس ۋاقتى ئوقۇش تۈزۈمىگە كىرگۈزۈلدى. تەييارلىق كۇرسنى قوشقاندا ئاز سانلىق مىللەت تولۇق، مەخسۇس كۇرسلىرىنىڭ ئوقۇش مۇددىتى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا 5 يىل ۋە 4 يىل بولدى. باشقۇرۇشتا تەييارلىق كۇرس مەزگىلىدىكى مەركەزلەشتۈرۈپ باشقۇرۇشتىن ھەر قايسى فاكۇلتېت (بۆلۈم) ئايرىم باشقۇرۇشقا ئۆزگەرتىلدى. مەكتەپ ئاساسىي ئوقۇتۇش باشقارمىسى ياكى خەنزۇ تىلى ئوقۇتۇش باشقارمىسى تەييارلىق كۇرس ئوقۇتۇش ۋەزىپىسىنى ئۆز ئۈستىگە ئالدى. نۆۋەتتە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ھەر يىلى قوبۇل قىلغان ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرى 10 مىڭدىن ئارتۇق، شۇنىڭ ئىچىدە شىنجاڭدىكى ئالىي مەكتەپلەرگە قوبۇل قىلغان ئوقۇغۇچىلار تەييارلىق كۇرس ئوقۇتۇشىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن ئۆز كەسپىگە يۆتكىلىپ كەسىپ ئۆگىنىشكە كىرىشىدۇ. ئىچكىرىدىكى ئالىي مەكتەپلەرگە تىزىملاتقانلارنىڭ بىر قىسمى ئىچكىرىدىكى ئالىي مەكتەپلەردە تەييارلىق ماتارىپىنى قوبۇل قىلىدۇ، يەنە بىر قىسمى شىنجاڭدىكى بەلگىلەنگەن مەكتەپلەردە تەييارلىق كۇرس ماتارىپىنى قوبۇل قىلىپ، ئاندىن ئىچكىرىدىكى مەكتەپلەرگە ئۆگىنىشكە يۆتكىلىدۇ. بۇنىڭدىن سىرت، ئاپتونوم رايون ئىچىدىكى بەزى تېخنىكوم مەكتەپلىرىمۇ ئاز سانلىق مىللەتلەرگە قارىتا بۇ خىلدىكى تەييارلىق كۇرس ماتارىپىنى يولغا قويغان.

## قوش تىلدا دەرس ئۆتۈش تەجرىبىسى

ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تەبىئىي پەن ئوقۇتۇش سۈپىتى ۋە خەنزۇ تىلى سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنى مەقسەت قىلغان بىر تۈرلۈك ئوقۇتۇش ئىسلاھات تەجرىبە تۈرىدۇر. بۇ تەجرىبىنىڭ ئەندىزىسى: ماتېماتىكا، فىزىكا، خىمىيە، ئىنگلىز تىلى قاتارلىق تۆت خىل دەرسنى خەنزۇ تىلىدا ئوقۇتۇش، باشقا پەنلەرنى ئۆز تىلىدا ئوقۇتۇشتىن ئىبارەت. تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ 1 - يىللىقىدىن باشلاپ تەجرىبە ئېلىپ بېرىلىدۇ. شۇ يەردىكى باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار ئىچىدىن ئەلالىرىنى تاللاپ قوبۇل قىلىنىدۇ. 1992 - يىلى ئۈرۈمچى، قاراماي، تۇرپاندىن ئىبارەت ئۈچ شەھەردە يولغا قويۇلۇشقا باشلىغان. ئاپتونوم رايون ۋە ھەر قايسى يەرلىك خەلق ھۆكۈمەتنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشى ۋە ياردىمى ئاستىدا، كۆلىمى ئۆزلۈكسىز كېڭىيىپ 1998 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا پۈتۈن رايون بويىچە 28 ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپلەر ئاچقان قوش تىللىق ئوقۇتۇش تەجرىبە سىنىپلىرى جەمئىي 82 گە، ئوقۇغۇچىلار سانى 3529 كىشىگە يەتكەن. قوش تىللىق ئوقۇتۇش تەجرىبىسى يۇقىرى قاتلام ئاز سانلىق مىللەت ئىختىساسلىق كىشىلىرىنى يېتىشتۈرۈشتىكى بىر خىل ئۈنۈملۈك بولغان ئوقۇتۇش ئەندىزىسىدۇر.

## ماتېماتىكا، فىزىكا، خىمىيە پەنلىرىگە ئايرىم نومۇر سىزىقى بەلگىلەش

رايونىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ماتېماتىكا، فىزىكا، خىمىيە نەتىجىلىرىنىڭ نىسبەتەن تۆۋەن بولۇشى، قىسمەن ئاز سانلىق مىللەت مەكتەپلىرىنىڭ ماتېماتىكا، فىزىكا، خىمىيە ئوقۇتۇشىغا سەل قاراش خاھىشىغا قارىتا، 1998 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش كومىتېتى چوڭقۇر تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش، كەڭ كۆلەملىك پىكىر ئېلىش ئاساسىدا، ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىگە مىللىي تىلدىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ماتېماتىكا، فىزىكا، خىمىيە نەتىجىسىنى ئومۇمىيۈزلۈك يۇقىرى كۆتۈرۈشتە ئەڭ تۆۋەن نومۇر چېكى بەلگىلەشنى يۈرگۈزۈش پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ ئالاھىدە دىققىتىنى قوزغىغان. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى 1999 - يىلدىن باشلاپ ئومۇمىيۈزلۈك ھالدا ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلەرگە قوبۇل قىلىنىدىغان يېڭى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ماتېماتىكا، فىزىكا، خىمىيە ئايرىم پەنلىرى بويىچە نومۇر چېكى بەلگىلەش چارىسىنى يولغا قويۇشقا باشلىغان ھەمدە مەخسۇس ھۆججەت شەكلىدە ئېلان قىلغان. بۇ تەدبىر يېڭى ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەكتەپكە كىرىش سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ئاكتىپ رول ئوينىدى.

## ئىچكى ئۆلكىلەردىكى شىنجاڭ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ سىنىپلىرى

شىنجاڭنىڭ ئاز سانلىق مىللەت ئىختىساس ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرۈش قەدىمىنى

تېزلىتىش ئۈچۈن، گوۋۇيۈەن 1999 - يىلى 9 - ئايدا مائارىپ مىنىستىرلىكى، پىلان كومىتېتى، مالىيە، ئىقتىسادىي كومىتېتى ۋە دۆلەتلىك مىللىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ «ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىدا ئىختىساس ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرۈشنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى پىكىر»نى تارقاتتى. 2000 - يىلى كۈزدىن باشلاپ ئىچكى ئۆلكىلەردىكى بىر قىسىم تەرەققىي قىلغان شەھەرلەردە شىنجاڭ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ سىنىپلىرىنى ئېچىشنى قارار قىلدى. گوۋۇيۈەننىڭ قارارىغا ئاساسەن مائارىپ مىنىستىرلىكى بېيجىڭ، تيەنجىن، شاڭخەي، نەنجىن، خاڭجۇ، گۇاڭجۇ، شىنجىن، دالىيەن، چىڭداۋ، نىڭبو، سۇجۇ، ۋۇشىدىن ئىبارەت 12 شەھەردىكى ئوقۇتۇش شارائىتى ۋە سۈپىتى ياخشى بولغان، ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى تاللاپ ئىچكى ئۆلكىلەر شىنجاڭ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ سىنىپلىرىنى تەسىس قىلدى. ئىچكىرىدىكى شىنجاڭ تولۇق ئوتتۇرا سىنىپلىرىنى ياخشى قۇرۇش ئۈچۈن، دۆلەت پىلان كومىتېتى، مالىيە مىنىستىرلىكى بىر قېتىمدىلا ئاساسىي قۇرۇلۇش خىراجىتى ۋە ئۈسكۈنە، ئەسۋاب، كۇتۇپخانا، ماتېرىيال خىراجىتى بولۇپ 8750 تۈمەن يۈەن ئورۇنلاشتۇرۇشنى قارار قىلدى. بۇنىڭدىن سىرت، دائىمىي خاراكتېرلىك خىراجەتكە ئىشلىتىلىدىغان (ئوقۇتقۇچىلار خىراجىتى، ئىشخانا خىراجىتى، ئوقۇش شارائىتىنى ياخشىلاش خىراجىتى ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىش، تۇرمۇش خىراجىتى، داۋالىنىش خىراجىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) پۇللارنى ياردەم بەرگەن شەھەرلەرنىڭ خەلق ھۆكۈمەتلىرى مەسئۇل بولۇپ ھەل قىلىدۇ. ئاپتونوم رايون ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىر قىسىم ئۆگىنىش، تۇرمۇش ۋە داۋالاش پۇلىنى، تۇغقان يوقلاش ياردەم پۇللىرىنى ئۆز ئۈستىگە ئالدى، قاتلاممۇ قاتلام تاللاش ۋە تەكشۈرۈش ئارقىلىق، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى مۇناسىۋەتلىك ئوبلاست، شەھەرلەردىن 25 ئوقۇتقۇچىنى تاللاپ 12 شەھەردىكى 25 ئوقۇتۇش سىنىپلىرىنىڭ يېتەكچى ئوقۇتقۇچىسى قىلىپ بېكىتتى.

ئىچكى ئۆلكىلەردىكى شىنجاڭ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ سىنىپى پۈتۈن كۈنلۈك ياتاقتا يېتىش تۈزۈم شەكلىنى قوللىنىپ، ئوقۇش مۇددىتىنى تۆت يىل (بىر يىل خەنزۇ تىلى تەييارلىق كۇرسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) قىلىپ بېكىتتى، ئوقۇغۇچىلارنى مىللەت ئايرىماستىن بىر تۇتاش سىنىپقا بۆلۈش، بىر تۇتاش خەنزۇ تىلىدا ئوقۇتۇش، شۇ يەردىكى ئوخشاش يىللىقنىڭ ئوقۇتۇش پىلانى بويىچە ئوقۇتۇش، ئوقۇتۇش ماتېرىياللىرىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى. ھەر يىلى 1000 نەپەر شۇ يىلى ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىنى قوبۇل قىلىپ، ھەر يىلى جەمئىي 25 ئوقۇتۇش سىنىپى تەسىس قىلىندى. ھەر يىللىق ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش پىلانىدا، ئاز سانلىق مىللەت دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ بالىلىرى قوبۇل قىلىنغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ %80 دىن يۇقىرى نىسبىتىنى ئىگەللەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە خەنزۇ دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ بالىلىرىمۇ قوبۇل قىلىنىدۇ. ھەر قايسى مىللەتلەردىن قوبۇل قىلغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ نىسبىتى پرىنسىپ بويىچە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇس نىسبىتى

بويىچە بەلگىلىنىدۇ . ئىچكى ئۆلكىلەردىكى شىنجاڭ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ سىنىپلىرىغا ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش خىزمىتىدە ئادىل بولۇش ، ئەلالىرىنى تاللاپ قوبۇل قىلىش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇش ، ئوقۇغۇچىنىڭ ئارزۇسى ، ئائىلە باشلىقلىرىنىڭ ماقۇللىقىنى ئالدىنقى شەرت قىلىش ئاساسىدا ، ئەخلاقى ۋە ئۆگىنىشى ئەلا ، خەنزۇ تىلى سەۋىيىسى ياخشى ھەمدە ئاناتىل ئەدەبىيات سەۋىيىسى بىر قەدەر يۇقىرى بولغان شۇ يىلى تولۇقسىز ئوتتۇرىنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنى تاللاپ ئىچكى ئۆلكىلەرگە ئوقۇشقا ئەۋەتىلدى . ئوقۇغۇچى ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن مەملىكەتلىك ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش بىر تۇتاش ئىمتىھانىغا قاتناشتۇرۇلۇپ ، «بىر تۇتاش ئىمتىھان بېرىش ، بىر تۇتاش قەغەز تەكشۈرۈش ، مۇستەقىل چەك بەلگىلەش ، مۇستەقىل ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش» يولغا قويۇلىدۇ . ئومۇمەن شەرتكە لايىق بولغانلىرى ئىچكى ئۆلكىلەردىكى ئالىي مەكتەپلەرگە قوبۇل قىلىنىدۇ . نۆۋەتتە ، ئىچكى ئۆلكىلەردىكى شىنجاڭ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ سىنىپلىرى يەرلىك ئوقۇغۇچىلار بىلەن بىر مەكتەپ ئايرىم سىنىپتا ئوقۇۋاتىدۇ . شارائىت پىشىپ يېتىلگەندە ئاندىن يەرلىكتىكى ئوقۇغۇچىلار بىلەن بىرلەشتۈرۈپ سىنىپ تەشكىللىنەكچى .

# پېداگوگىكا مائارىپى

## پېداگوگىكا مائارىپى

ئوقۇتقۇچى تەربىيىلەيدىغان كەسپىي مائارىپ بولۇپ، ۋەزىپىگە قويۇشتىن بۇرۇنقى تەربىيىلەش، يېڭىدىن ۋەزىپىگە قويۇپ سىناپ ئىشلىتىش ۋاقتىدىكى تەربىيىلەش ۋە ۋەزىپە ئۈستىدە تەربىيىلەش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. 1949 - يىلى شىنجاڭدا 10 ئوتتۇرا دەرىجىلىك پېداگوگىكا مەكتىپى بار بولۇپ، ئوقۇغۇچى سانى 1806 نەپەر ئىدى. دىخۇا پېداگوگىكا مەكتىپى، قەشقەر پېداگوگىكا مەكتىپى، ئىلى پېداگوگىكا مەكتىپى قاتارلىقلارنىڭ كۆلىمى بىر ئاز چوڭ بولغاندىن سىرت، قالغانلىرى دېگۈدەك تولۇقسىز پېداگوگىكا مەكتەپلىرى بولۇپ، كۆلىمى ناھايىتى كىچىك ئىدى. ئازادلىقتىن كېيىن ئاپتونوم رايوننىڭ پېداگوگىكا مائارىپى تېز تەرەققىي قىلدى. 1999 - يىلنىڭ ئاخىرىغا قەدەر ئاپتونوم رايونىمىزدا بەش ئادەتتىكى ئالىي پېداگوگىكا مەكتىپى ۋۇجۇتقا كېلىپ، ئۇنىڭدىكى ئوقۇتقۇچى سانى 1911 نەپەرگە، مەكتەپتىكى تولۇق كۇرس ۋە مەخسۇس كۇرس ئوقۇغۇچىلار سانى 13427 نەپەرگە يەتتى. 21 ئوتتۇرا دەرىجىلىك پېداگوگىكا مەكتىپى ۋۇجۇتقا كېلىپ، ئۇنىڭدىكى ئوقۇتقۇچى سانى 1811 نەپەرگە، ئوقۇغۇچى سانى بولسا 22472 نەپەرگە يەتتى.

## ئوقۇتقۇچىلار ئۈزلۈكسىز تەربىيىسى

ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئىش ئورنىدىكى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ بىلىمىنى يېڭىلايدىغان، بىلىمنى تولۇقلايدىغان ۋە ئۇلارنىڭ سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرىدىغان تەربىيىدىن ئىبارەت. بۇ خىل تەربىيە ئوقۇتقۇچىلار ئىشلەۋاتقان ۋاقىتتا ئۈزلۈكسىز ئېلىپ بېرىلغاندىن باشقا، ھەتتا دەم ئېلىشقا چىققاندىن كېيىنمۇ ئۆمۈربويى ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئىشتىن سىرت، ئىشتىن يېرىم ئايرىلىش، خىزمەتتىن پۈتۈنلەي ئايرىلىش قاتارلىق شەكىللەردە ئېلىپ بېرىلىدۇ.

ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرى ئۈزلۈكسىز تەربىيە خىزمىتى «8 - بەش يىللىق پىلان» مەزگىلىدە باشلانغان بولۇپ، 10 يىلغا يېقىن تىرىشىش ئارقىلىق كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەر ھاسىل قىلىندى. ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ ئوقۇش تارىخى لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى كۆرۈنەرلىك يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. 1992 - يىلدىن 1999 - يىلغا قەدەر باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ ئوقۇش تارىخى لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى 10%، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلارنىڭ 30%، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ بولسا 22% ئەتراپىدا يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. 1999 - يىلى يازدىن ھازىرغا قەدەر تولۇقسىز

ستاتىستىكا قىلىنىشىچە، ئاپتونوم رايونىمىزدا 62000 (بىگىتۇەندىن سىرت) ئوتتۇرا - باشلانغۇچ، يەسلى ئوقۇتقۇچىلىرى ئۆزلۈكسىز تەربىيە كۇرسىغا قاتناشتى. بۇنىڭ ئىچىدە باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرى 37500 نەپەر، ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرى 24000 نەپەر، يەسلى ئوقۇتقۇچىلىرى 500 نەپەر ئەتراپىدا بولۇپ، تەربىيىلەنگەن ئوقۇتقۇچىلار سانى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپ ئومۇمىي ئوقۇتقۇچىلار سانى ئىچىدە 35% نىسبەتنى ئىگىلىدى.

## ئالىي پېداگوگىكا مەكتىپى

ئوتتۇرا دەرىجىلىك مائارىپ ئوقۇتقۇچىلىرىنى تەربىيىلەشنى ئاساس قىلغان مەخسۇس تەربىيە مەكتەپلەرنى كۆرسىتىدۇ. 1999 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدا شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى، ئىلى پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى، قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى، خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومى ۋە سانجى پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومىدىن ئىبارەت بەش ئالىي پېداگوگىكا مەكتىپى بار بولۇپ، مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلار سانى 13427 نەپەرگە يەتكەن. بۇنىڭ ئىچىدە مىللىي ئوقۇغۇچىلار 8260 نەپەر بولغان.

## ئوتتۇرا دەرىجىلىك پېداگوگىكا مەكتىپى

باشلانغۇچ مەكتەپ ۋە باللار باغچىسى ئوقۇتقۇچىلىرىنى تەربىيىلەيدىغان مەخسۇس مەكتەپنى كۆرسىتىدۇ. 1999 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدا 19 ئوتتۇرا دەرىجىلىك پېداگوگىكا مەكتىپى بار بولۇپ، ئوقۇغۇچى سانى 19493 گە يەتكەن. بۇنىڭ ئىچىدە مىللىي ئوقۇغۇچىلار 13101 نەپەر ئىدى.

## شىنجاڭ باللار پېداگوگىكا مەكتىپى

ئۈرۈمچى شەھىرى تىيانشان رايونى داۋان بىرىنچى يولىغا جايلاشقان. 1985 - يىلى قۇرۇلغان. پۈتۈن شىنجاڭدىن ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىدىغان باللار مائارىپ ئوقۇتقۇچىلىرى ۋە ئالاھىدە مائارىپ ئوقۇتقۇچىلىرىنى يېتىشتۈرۈشنى ئاساسىي ۋەزىپە قىلغان ئوتتۇرا دەرىجىلىك كەسپىي تېخنىكۇم. مەكتەپنىڭ يەر كۆلىمى 46620 كۋادرات مېتىر بولۇپ، مەكتەپتە ئۇنىۋېرسال ئوقۇتۇش بىناسى، سەنئەت بىناسى ۋە ئۈستى يېپىق مەيدان قاتارلىقلار قۇرۇلغان. مەكتەپتە باللار مائارىپى، باللار مائارىپىنى باشقۇرۇش، ئالاھىدە مائارىپ قاتارلىق كەسپلەر تەسىس قىلىنغان بولۇپ، ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە، قازاقچە ئۈچ خىل تىلدا دەرس ئۆتۈلىدۇ. مەكتەپ بۈرۈن مەملىكەتلىك ئوتتۇرا دەرىجىلىك پېداگوگىكا مەكتەپلىرى گۈزەللىك گىمناستىكىسى مۇسابىقىسىدە 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن. ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ بولۇپ باھالانغان. 1999 - يىلدىكى ئوقۇغۇچى

سانى 1600 نەپەر ، ئوقۇتقۇچى ، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر سانى 120 نەپەر ، بۇنىڭ ئىچىدە كەسپىي ئوقۇتقۇچى سانى 69 نەپەر بولۇپ ، ئالىي دەرىجىلىك لېكتوردىن 10 كىشى بار ، مەكتەپ قۇرۇلغاندىن بۇيان بالىلار مائارىپى ئوقۇتقۇچىلىرى ۋە ئالاھىدە مائارىپ ئوقۇتقۇچىلىرىدىن 1700 دىن ئارتۇق كىشىنى تەربىيىلەپ چىققان .

مەكتەپ ئادرېسى : ئۈرۈمچى شەھەر خېيجياسەن ئالدى كوچا 51 ـ نومۇر .

پوچتا نومۇرى : 830001 ، تېلېفون نومۇرى : 2562499 (0991)

## شىنجاڭ موڭغۇل پېداگوگىكا مەكتىپى

ئۈرۈمچى شەھىرى بايىنغۇلىن يولى 14 ـ نومۇرغا جايلاشقان . موڭغۇل تىلىدا دەرس ئۆتىلىدىغان ئوتتۇرا دەرىجىلىك پېداگوگىكا مەكتىپى بولۇپ ، ئوقۇش مۇددىتى 4 يىل . بۇ مەكتەپ 1953 ـ يىلى 9 ـ ئايدا ئەسلىدىكى مىللىي قىزلار ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئورنىغا قۇرۇلغان . 1986 ـ يىلى ئۈرۈمچى 1 ـ پېداگوگىكا مەكتىپى بىلەن بىرلەشتۈرۈلگەن . 1960 ـ يىلى تاقالغان . 1981 ـ يىلى ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ قايتىدىن قۇرۇلغان . مەكتەپنىڭ يەر كۆلىمى 22326m² ، قۇرۇلۇش كۆلىمى 15421m² ، كۇتۇپخانىدىكى كىتاب سانى 30 مىڭ پارچىدىن ئارتۇق . مەكتەپتە ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ئادەتتىكى ئوقۇتقۇچىلىق ، مۇزىكا ، گۈزەل ـ سەنئەت ، تەنتەربىيە ، خەنزۇ تىلى ، تەرجىمانلىق ، ئىنگلىز تىلى ، تەجرىبە مانتېيورلىقى قاتارلىق كەسىپلەر ئېچىلغان . 1999 ـ يىلى مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى سانى 398 نەپەر ، ئوقۇتقۇچى ، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر سانى 76 نەپەر ، كەسپىي ئوقۇتقۇچى سانى 42 نەپەر بولۇپ ، بۇنىڭ ئىچىدە ئالتە نەپەر ئالىي لېكتور بار ، مەكتەپ قايتا قۇرۇلغاندىن بۇيان 2037 نەپەر موڭغۇل ئوقۇغۇچىنى تەربىيىلىگەن .

مەكتەپ ئادرېسى : ئۈرۈمچى بايىنغۇلىن يولى 14 ـ نومۇر .

پوچتا نومۇرى : 830000 ، تېلېفون نومۇرى : 4812755 (0991) .

## قۇمۇل ۋىلايەتلىك پېداگوگىكا مەكتىپى

قۇمۇل مائارىپ ئىنستىتۇتىغا قارالسۇن .

## تۇرپان ۋىلايەتلىك پېداگوگىكا مەكتىپى

تۇرپان رادىئو ـ تېلېۋىزىيە ئۇنىۋېرسىتېتىغا قارالسۇن .

## تۇرپان ۋىلايەتلىك باشلانغۇچ مەكتەپ تەربىيىلەش مەركىزى

تۇرپان رادىئو ـ تېلېۋىزىيە ئۇنىۋېرسىتېتىغا قارالسۇن .

## ئۈرۈمچى شەھەرلىك پېداگوگىكا مەكتىپى

1959 ـ يىلى قۇرۇلغان. 1970 ـ يىلى تاقالغان، 1985 ـ يىلى 10 ـ ئايدا ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن. 1988 ـ يىلى شەھەرلىك ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش مەكتىپى بىلەن بىرلەشتۈرۈلگەن، مەكتەپنىڭ يەر كۆلىمى $45320m^2$، قۇرۇلۇش كۆلىمى $12500m^2$، مەكتەپتە 9 كەسىپ، 23 سىنىپ بار بولۇپ، ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە ئىككى خىل تىلدا دەرس ئۆتۈلىدۇ. 1999 ـ يىلى مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى سانى 600 دىن ئارتۇق، ئوقۇتقۇچى، ئىشچى ـ خىزمەتچى 148 نەپەر بولۇپ، كەسپىي ئوقۇتقۇچى 92 نەپەر، بۇنىڭ ئىچىدە 23 نەپەر ئالىي لېكتور بار. ئوقۇتقۇچىلار ئىچىدە بىر نەپەر مەملىكەتلىك مۇنەۋۋەر مائارىپ خىزمەتچىسى، تۆت نەپەر ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مۇنەۋۋەر مائارىپ خىزمەتچىسى بار. مەكتەپ قۇرۇلغاندىن بۇيان 2764 نەپەر ئوقۇغۇچى تەربىيىلىگەن بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرى 700 دىن ئارتۇق، خىزمەتتىكى ئوقۇتقۇچىلاردىن ئوقۇش تارىخىي مائارىپ سىنىپىنى پۈتتۈرگەنلەر 378 نەپەر.

مەكتەپ ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى ياشلار يولى 23 ـ نومۇر.

پوچتا نومۇرى: 830000، تېلېفون نومۇرى: 2623447 (0991)

## سانجى پېداگوگىكا مەكتىپى

1994 ـ يىلى 9 ـ ئايدا ئەسلىدىكى گۆچۈڭ پېداگوگىكا مەكتىپى ۋە ماناس پېداگوگىكا مەكتىپىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش ئاساسىدا قۇرۇلغان. خۇيزۇ، خەنزۇ، قازاق، ئۇيغۇر مىللەتلىرىدىن تەركىب تاپقان ئوتتۇرا دەرىجىلىك پېداگوگىكا مەكتىپى 1995 ـ يىلى دۆلەت مائارىپ كومىتېتى تەرىپىدىن مەملىكەت بويىچە 100 نۇقتىلىق مىللىي پېداگوگىكا مەكتەپلىرىنىڭ بىرسى دەپ بېكىتىلگەن. مەكتەپنىڭ يەر كۆلىمى $47785m^2$، قۇرۇلۇش كۆلىمى $17570m^2$، مەكتەپتە ئالتە كەسىپ، 21 سىنىپ بار بولۇپ، خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە، قازاقچە ئۈچ خىل تىلدا دەرس ئۆتۈلىدۇ. 1999 ـ يىلى مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى سانى 846 نەپەر، ئوقۇتقۇچى، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر سانى 120 نەپەر، كەسپىي ئوقۇتقۇچى 74 نەپەر بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە 12 نەپەر ئالىي لېكتور بار. كۆپ يىللاردىن بۇيان 15 پارچە ئەسەر، ئۈچ پارچە ئىجتىمائىي پەن قوشۇمچە ئوقۇتۇش ماتېرىيالىنى نەشر قىلدۇرغان. 1999 ـ يىلغا قەدەر 1216 نەپەر ئوقۇغۇچى ئوقۇش پۈتتۈرگەن بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرى سانى 473 نەپەرگە يەتكەن. ئۇنىڭدىن باشقا 1118 نەپەر باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى تەربىيىلەنگەن بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇتقۇچىسى 464 نەپەر بولغان، 374 نەپەر باشلانغۇچ مەكتەپ مۇدىرى تەربىيىلەنگەن بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى ئاز سانلىق مىللەت مۇدىرلىرى 85 نەپەر بولغان.

مەكتەپ ئادرېسى: سانجى شەھەر بوستانلىق شىمالىي يولى 4 ـ نومۇر

پوچتا نومۇرى : 831100 ، تېلېفون نومۇرى : 2347345 (0994)

## شىخەنزە پېداگوگىكا مەكتىپى

1975 - يىلى 10 - ئايدا ئەسلىدىكى بىڭتۇەن ئوقۇتقۇچىلار تەربىيىلەش سىنىپى ۋە يېزا - ئىگىلىك 8 - دېۋىزىيە ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچىلار سىنىپىنىڭ بىرىكىشى ئاساسىدا شىخەنزە ۋىلايەتلىك پېداگوگىكا مەكتىپى بولۇپ قۇرۇلغان. 1979 - يىلى 2 - ئايدا هازىرقى نامىغا ئۆزگەرتىلگەن. مەكتەپنىڭ يەر كۆلىمى $110000m^2$ ، قۇرۇلۇش كۆلىمى $21556m^2$ ، 1986 - يىلدىن باشلاپ پۈتۈن شىنجاڭدىن ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلغان. 1987 - يىلى 1 - ئايدا شىخەنزە بىلىم ئاشۇرۇش مەكتىپى بۇ مەكتەپكە قوشۇۋېتىلگەن، 8 - ئايدا شىنجاڭ رادىئو - پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ شىخەنزە شۆبە مەكتىپى بۇ مەكتەپ بىلەن بىرلەشتۈرۈلگەن ھەمدە ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىنى قوبۇل قىلىشقا باشلىغان. 1994 - يىلى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنى قوبۇل قىلغان، ئۇلارنىڭ ئوقۇش مۇددىتى ئىككى يىل قىلىنغان. 1999 - يىلى مەكتەپتە سەككىز كەسىپ، 31 سىنىپ، 1291 ئوقۇغۇچى بار بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرى 266 نەپەرگە يەتكەن. ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىلەر سانى جەمئىي 137 نەپەر بولۇپ، كەسپىي ئوقۇتقۇچى سانى 78 نەپەر، بۇنىڭ ئىچىدە 19 نەپەر ئالىي لېكتور بار ئىدى. كۇتۇپخانىدا 60 مىڭ پارچىدىن ئارتۇق كىتاب ساقلانماقتا. كۆپ يىللاردىن بۇيان مەكتەپ ۋە ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىلار مەملىكەتلىك ۋە ئاپتونوم رايونلۇق ھەر خىل مۇسابىقىلەرگە قاتنىشىپ كۆپ تۈرلۈك مۇكاپاتلارغا ئېرىشكەن، ئوقۇغۇچى لى جيەنۋېن مەملىكەتلىك چامباشچىلىق مۇسابىقىسىدە ئىككى دانە ئالتۇن مېدالغا ئېرىشكەن، كېيىن دۆلەتىمىزدىكى تۇنجى بوكسىيور كەسپىدە چەت ئەلگە چىقىپ ئوقۇغان ئاسپىرانت بولۇپ قالغان. مەكتەپ قۇرۇلغاندىن بۇيان جەمئىي 5171 نەپەر ئوقۇتقۇچى تەربىيىلىگەن. 4150 ئادەم ھەر خىل قىسقا مۇددەتلىك كۇرسلاردا تەربىيىلەنگەن.

مەكتەپ ئادرېسى : شىخەنزە شەھەر 15 - كىچىك رايونى

پوچتا نومۇرى : 832000 ، تېلېفون نومۇرى : 2812728 (0993)

## بۆرتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق پېداگوگىكا مەكتىپى

مەكتەپ 1972 - يىلى قۇرۇلغان بولۇپ، بۆرتالا شەھەر شىمالىي مەدەنىيەت يولىغا جايلاشقان. بۆرتالا ئوبلاستلىق مائارىپ كومىتېتىغا تەۋە بولۇپ، خەنزۇ تىلى، موڭغۇل تىلى، ئۇيغۇر تىلى، قازاق تىلى قاتارلىق تۆت خىل تىلدا دەرس ئۆتۈلىدۇ. مەكتەپتە ئىنگلىز تىلى، خەنزۇ تىلى، مۇزىكا، رەسىم، تەنتەربىيە، بوغالتىرلىق، كاتىباتلىق، تەجرىبە قاتارلىق 19 كەسىپ تەسىس قىلىنغان. خەنزۇ، موڭغۇل، ئۇيغۇر، قازاق تىللىرىدا ئەدەبىيات، ماتېماتىكا، فىزىكا، خىمىيە، تارىخ، خەنزۇ تىلى قاتارلىق

كەسپلەردىن 16 مەخسۇس كۇرس سىنىپى قوبۇل قىلغان. 1999 ـ يىلى 92 نەپەر كەسپىي ئوقۇتقۇچى بار بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە 21 نەپەر ئالىي لېكتور، 63 نەپەر لېكتور بار ئىدى. مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلار سانى 909 كىشىگە يەتكەن، مەكتەپ قۇرۇلغاندىن بۇيان جەمئىي بەش مىڭدىن ئارتۇق ئادەم تەربىيىلىگەن. مەكتەپنىڭ يەر كۆلىمى 63470m²، قۇرۇلۇش كۆلىمى 23639m²، مەكتەپتە ئوقۇتۇش بىناسى، تەجرىبە بىناسى، مەمۇرىيەت ـ كۇتۇپخانا بىناسى، سەنئەت بىناسى قاتارلىق ئەسلىھەلەر قۇرۇلغان.

مەكتەپ ئادرېسى: بۆرتالا شەھىرى.

پوچتا نومۇرى: 833400، تېلېفون نومۇرى: 2223802 (0902)

## بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق پېداگوگىكا مەكتىپى

ئەسلى ئاساسى 1938 ـ يىلى 9 ـ ئايدا شىنجاڭدا خىزمەت قىلغان ۋاڭ شياۋجۇەن، ماۋ زېمىن قاتارلىق كوممۇنىستلار ئەۋەتكەن خى شىجۇن قۇرغان شىنجاڭ ئۆلكىلىك قاراشەھەر تولۇقسىز پېداگوگىكا مەكتىپى بولۇپ، 1960 ـ يىلى ھازىرقى نامغا ئۆزگەرتىلگەن. 1962 ـ يىلى تاقالغان، 1972 ـ يىلى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن مەكتەپنىڭ يەر كۆلىمى 36896m²، قۇرۇلۇش كۆلىمى 20973m². ئوقۇتۇش سىنىپىدىن 22 سى بار بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە خەنزۇ تىلى سىنىپىدىن 14 ى، موڭغۇل تىلى سىنىپىدىن تۆتى، ئۇيغۇر تىلى سىنىپىدىن تۆتى بار. خەنزۇ تىلى، موڭغۇل تىلى، ئۇيغۇر تىلى قاتارلىق ئۈچ خىل تىلدا دەرس ئۆتۈلىدۇ. 1998 ـ يىلى مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلار سانى 946 نەپەرگە، ئوقۇتقۇچى، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر سانى 142 نەپەرگە يەتكەن بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە كەسپىي ئوقۇتقۇچىدىن 86 نەپەر، ئالىي دەرىجىلىك لېكتوردىن 14 نەپەر بار. كۇتۇپخانىدىكى كىتاب سانى 75 مىڭ پارچە، ھەر خىل گېزىت ـ ژۇرناللار 219 خىل. 1972 ـ يىلى مەكتەپ ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەندىن بۇيان جەمئىي 6000 دىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى تەربىيىلەپ يېتىشتۈردى.

مەكتەپ ئادرېسى: كورلا شەھەر غەربىي مەدەنىيەت يولى.

پوچتا نومۇرى: 841000، تېلېفون نومۇرى: 2022842 (0996)

## ئىلى بىرىنچى پېداگوگىكا مەكتىپى

قازاق تىلدا دەرس ئۆتىدىغان ئاز سانلىق مىللەت ئوتتۇرا دەرىجىلىك پېداگوگىكا مەكتىپىدۇر.

بۇ مەكتەپ 1975 ـ يىلى قۇرۇلغان بولۇپ، كۆپ قېتىم ئورنى يۆتكىلىپ نامى ئۆزگەرتىلگەن.

1982 ـ يىلى 7 ـ ئايدا ھازىرقى ئورنىغا كۆچۈپ كەلگەن. 1984 ـ يىلى ھازىرقى نامنى قوللانغان.

مەكتەپنىڭ ئىگىلىگەن ئورنى 85248 كۋادرات مېتىر. قۇرۇلۇش كۆلىمى 11880m² بولۇپ، توققۇز كەسىپ تەسىس قىلىنغان.

1999 - يىلى مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلار 842 نەپەرگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەر 102 نەپەرگە يەتكەن. بۇنىڭ ئىچىدە كەسپىي ئوقۇتقۇچى 72 نەپەر، ئالىي دەرىجىلىك لېكتور بىر نەپەر. مەكتەپ يەنە ئۈچ تۇردە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن ھەم ۋىلايەت تەرىپىدىن «گۈللۈك مەدەنىيەتلىك ئورۇن» دەپ نام بېرىلگەن.

1999 - يىلغا قەدەر ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانى 3371 نەپەرگە، ھاۋالە بىلەن تەربىيىلەنگەن ئوقۇغۇچىلار 600 نەپەرگە، تەربىيىلەنگەن مەكتەپ مۇدىرلىرى 489 كىشىگە، «قوش تىللىق» تەربىيىلەش كۇچەيتىش سىنىپىدا تەربىيىلەنگەن ئوقۇغۇچى 193 نەپەرگە يەتكەن.

مەكتەپ ئادرېسى: ئىلى كۈنەس ناھىيە.

پوچتا نومۇرى: 835800، پوچتا نومۇرى: 8120445 (0999)

## ئىلى ئىككىنچى پېداگوگىكا مەكتىپى

ئۇيغۇر، قازاق، خەنزۇ، موڭغۇل، شىبە قاتارلىق 18 مىللەتتىن تەركىب تاپقان پۈتۈن كۈنلۈك تولۇق ئوتتۇرا دەرىجىلىك پېداگوگىكا مەكتىپىدۇر.

بۇ مەكتەپ 1974 - يىلى قۇرۇلغان، ئەسلى ئاساسىي قورغاس ناھىيىلىك پېداگوگىكا مەكتىپى بولۇپ، 1983 - يىلى 6 - ئايدا ئىلى پېداگوگىكا مەكتىپى دەپ ئۆزگەرتىلگەن.

شۇ يىلى 2 - ئايدا غۇلجا شەھىرىگە كۆچۈپ كىرگەن. 1984 - يىلى ھازىرقى ئىسمغا ئۆزگەرتىلگەن. مەكتەپنىڭ ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى 89244m². قۇرۇلۇش كۆلىمى 24000m². كۇتۇپخانىدا ساقلانغان كىتابلار 100 مىڭ پارچىگە يېتىدۇ.

1999 - يىلى 7 كەسىپ، 30 ئوقۇتۇش سىنىپى تەسىس قىلىنغان. مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلار 1262 نەپەر، بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرى 576 نەپەر، ئىشچى - خىزمەتچىلەر 169 نەپەر، كەسپىي ئوقۇتقۇچى 84 نەپەر، بۇنىڭ ئىچىدە ئالىي دەرىجىلىك لېكتور 10 نەپەر بولغان. كۆپ يىللاردىن بۇيان، ئوقۇتقۇچىلار ئۆلكە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى گېزىت - ژۇرناللاردا 83 پارچە ماقالە ئەسەر ئېلان قىلغان.

1999 - يىلغا قەدەر ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانى 500 نەپەردىن ئارتۇق.

مەكتەپ ئادرېسى: غۇلجا شەھىرى ئايرودروم يولى 98 - نومۇر

پوچتا نومۇرى: 835000، تېلېفون نومۇرى: 8210774 (0999)

## تارباغاتاي ۋىلايەتلىك پېداگوگىكا مەكتىپى

پۈتۈن كۈنلۈك تولۇق مىللىي، خەنزۇ بىرلەشمە مەكتەپ، خەنزۇ، قازاق،

ئۇيغۇر، موڭغۇل، شىبە، داغۇر، رۇس، تاتار، قىرغىز، ئۆزبېك قاتارلىق كۆپ مىللەتلەرنىڭ ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىلىرىدىن تەركىب تاپقان.

بۇ مەكتەپ 1964 ـ يىلى قۇرۇلغان. مەكتەپنىڭ ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى 123210m² ، قۇرۇلۇش كۆلىمى 28000m² . خەنزۇچە قازاقچە ئىككى تىلدا ئوقۇتۇش ئېلىپ بېرىلىدۇ. مەكتەپ 1993 ـ يىلى دۆلەت مائارىپ كومىتېتى تەشكىللىگەن غەربىي شىمالدىكى بەش ئۆلكىنىڭ ئوتتۇرا دەرىجىلىك پېداگوگىكا مەكتەپلىرىنى بىرلەشمە تەكشۈرۈشتە بىرلەشمە تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشىپ، «چېگرا گۈلى» دەپ تەرىپلەنگەن. ئاپتونوم رايون تەرىپىدىن مەنىۋى مەدەنىيەتلىك ئىلغار ئورۇن، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ دېگەن ناملارغا ئېرىشكەن.

1999 ـ يىلى ئوقۇتقۇچى، ئىشچى ـ خىزمەتچىلىرى 143 نەپەر، كەسپىي ئوقۇتقۇچى 101 نەپەر، بۇنىڭ ئىچىدە ئالىي دەرىجىلىك لېكتور 12 نەپەر. ئوقۇتۇش سىنىپىدىن 25 ى بار. ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانى 1000 دىن ئارتۇق. مەكتەپ قۇرۇلغاندىن بۇيان تەربىيىلەنگەنلەرنىڭ ئومۇمىي سانى 10 مىڭ نەپەردىن كۆپ.

مەكتەپ ئادرېسى: چۆچەك شەھىرى غولجا يولى 243 ـ نومۇر.

پوچتا نومۇرى: 834700، تېلېفون نومۇرى: 6222995 (0901)

## ئالتاي ۋىلايەتلىك پېداگوگىكا مەكتىپى

بۇ مەكتەپ 1965 ـ يىلى ئالتاينىڭ خۇڭدون يېزىسىدا قۇرۇلغان. ئەينى ۋاقىتتا يېرىم ئېرىقچىلىق، يېرىم ئوقۇش تۈزۈمى يولغا قويۇلغان بولۇپ، ئالتاي ئېرىقچىلىق پېداگوگىكا مەكتىپى دەپ ئاتالغان.

1972 ـ يىلىنىڭ بېشىدا ئالتاي ۋىلايەتلىك پېداگوگىكا مەكتىپى دەپ رەسمىي نام بېرىلگەن. پۈتۈن كۈنلۈك ئوقۇتۇش تۈزۈمى يولغا قويۇلغان.

1985 ـ يىلى بۇ مەكتەپ ئالتاي شەھەرلىك جىن شەن شىمالىي يولغا كۆچۈپ كەلگەن. 1984 ـ 1991 ـ يىللىرى ئالتاي ۋىلايەتلىك ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش مەكتىپى، شىنجاڭ رادىئو ـ تېلېۋىزىيە پېداگوگىكا ئونىۋېرسىتېتى ئالتاي شۆبە مەكتىپى بۇ مەكتەپ بىلەن بىرلىشىپ بىر يۈرۈش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى، ئۈچ خىل ۋىۋىسكا شەكىللەنگەن ھەم ئوتتۇرا تېخنىكوم ئوقۇش تارىخىغا ئىگە باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرى تەربىيىلەشنى ھەم باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنى ئۈزلۈكسىز تەربىيىلەش ۋە ئوقۇش تارىخىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش خىزمىتىنى ئۈستىگە ئالغان.

1997 ـ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەتلىك ئورۇن ۋە ئاپتونوم رايونلۇق ئىس ـ تۈتەكسىز مەكتەپ دەپ نام بېرىلگەن.

قازاقچە ۋە خەنزۇ تىلىدا ئوقۇتۇش ئېلىپ بارىدۇ. مەكتەپتە تەنتەربىيە، مۇزىكا، گۈزەل ـ سەنئەت، ئېلېكترلەشكەن مائارىپ، تىل، تەجرىبە، ئەمگەك تېخنىكىسى قاتارلىق سەككىز كەسىپ تەسىس قىلىنغان. 1999 ـ يىلى كەسپىي ۋە ياردەمچى

ئوقۇتقۇچىلار 104 نەپەر (ئالىي دەرىجىلىك لېكتور 17 نەپەر، لېكتور 56 نەپەر)، مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلار 675 نەپەر بولغان. مەكتەپ قۇرۇلغاندىن بۇيان 4913 نەپەر ئوقۇغۇچى تەربىيىلەنگەن. مەكتەپنىڭ يەر كۆلىمى $299700m^2$، مەكتەپنىڭ ئەسلىھەلىرى $21000m^2$. يەنە ئوقۇتۇش بىناسى، كۈتۈپخانا تەجرىبە بىناسى، گۈزەل سەنئەت بىناسى قاتارلىقلار قۇرۇلغان. ساقلانغان كىتابلار 30000 پارچىدىن ئاشىدۇ.

مەكتەپ ئادرېسى: ئالتاي شەھىرى جىن شەن يولى.

پوچتا نومۇرى: 836300، تېلېفون نومۇرى: 2122496 (0906)

## ئاقسۇ ۋىلايەتلىك پېداگوگىكا مەكتىپى

ئاقسۇ ۋىلايەتلىك مائارىپ كومىتېتىنىڭ باشقۇرۇشىغا تەۋە. 1934 ـ يىلى 9 ـ ئايدا قۇرۇلغان. ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ مەكتەپ ئورنىنى تۆت قېتىم يۆتكىگەن. 1939 ـ يىلى ئاقسۇ يېزىلىق شەرقىي دەرۋازىنىڭ سىرتىدىكى ئۇيغۇر مەدەنىيەت ئۇيۇشمىسىنىڭ هويلىسىغا كۆچۈپ كىرگەن. 1946 ـ يىلى 7 ـ ئايدا ئونسۇ ناهىيىسىگە كۆچكەن. 1972 ـ يىلى ۋىلايەتلىك خوتۇچىپو دېهقانچىلىق مەيدانىغا كۆچكەن. 1983 ـ يىلى 3 ـ ئايدا هازىرقى ئورۇنغا كۆچۈپ كەلگەن. مەكتەپنىڭ قۇرۇلۇش كۆلىمى $25180m^2$. 9 كەسىپ تەسىس قىلىنغان. 36 ئوقۇتۇش سىنىپى بار. ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە ئىككى خىل تىلدا دەرس ئۆتىلىدۇ. نۇرغۇن كىشىلەر دۆلەتلىك ۋە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مۇكاپاتلارغا ئېرىشكەن. بىر ئادەم مائارىپقا ئائىت بىر پارچە ئەسەر نەشر قىلدۇرغان. 1999 ـ يىلى مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانى 1439 نەپەرگە، ئوقۇتقۇچى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر 228 نەپەرگە، مەخسۇس كەسپىي ئوقۇتقۇچىلار 120 نەپەرگە، يۇقىرى دەرىجىلىك لېكتور 13 نەپەرگە يەتكەن. 1999 ـ يىلغا قەدەر ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانى 15 مىڭدىن ئارتۇق.

مەكتەپ ئادرېسى: ئاقسۇ شەهەر مائارىپ يولى

پوچتا نومۇرى: 843000، تېلېفون نومۇرى: 2122062 (0997)

## قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستلىق پېداگوگىكا مەكتىپى

بۇ قىرغىز، ئۇيغۇر، خەنزۇ، تاجىك قاتارلىق كۆپ مىللەتتىن تەشكىل تاپقان مەكتەپ بولۇپ، 1958 ـ يىلى قىزىلسۇ ئوبلاستلىق قىرغىز ئوتتۇرا مەكتىپىنى ئاساس قىلىپ قۇرۇلغان.

1972 ـ يىلى تاقالغان. 1981 ـ يىلى 9 ـ ئايدا ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن. 1993 ـ يىلى قىزىلسۇ ئوبلاستلىق بىلىم ئاشۇرۇش مەكتىپى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق رادىئو ـ تېلېۋىزىيە پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى قىزىلسۇ ئوبلاستلىق خىزمەت پونكىتى بىلەن بىرلەشكەن. مەكتەپنىڭ قۇرۇلۇش كۆلىمى $38961m^2$، ئۇنىڭدىن باشقا ئورمانچىلىق مەيدانىنىڭ كۆلىمى $133200m^2$ دىن ئارتۇق. 1998 ـ يىلى ئالتە كەسىپ،

16 پېداگوگىكا سىنىپى تەسىس قىلىنغان. 668 ئوقۇغۇچىسى بار. ئۇنىڭدىن باشقا ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش سىنىپىنىڭ 70 نەپەردىن ئارتۇق ئوقۇغۇچىسى بار. مەكتەپتە قىرغىزچە، ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە 3 خىل تىلدا دەرس ئۆتىلىدۇ. 1999 ـ يىلى ئوقۇتقۇچى، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ سانى 160 نەپەرگە يەتكەن. ئۇنىڭ ئىچىدىكى كەسپىي ئوقۇتقۇچىلار 104 نەپەرگە. ئالىي دەرىجىلىك لېكتور 10 نەپەرگە يەتكەن. ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئىچىدە ئۈچ كىشى «مەملىكەتلىك ئەمگەك نەمۇنىچىسى»، «مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچى» بولۇپ باھالانغان. يەتتە كىشى «ئاپتونوم رايون بويىچە ئىلغار خىزمەتچى»، «مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچى»، «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى ئىلغار شەخس» بولۇپ باھالانغان. مەكتەپ ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ «مەملىكەتلىك مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ»، «ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مەدەنىيەتلىك ئورۇن»، «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى ئىلغار ئورۇن» دېگەندەك شەرەپلىكناملارغا ئېرىشكەن. ساقلانغان كىتابلارنىڭ سانى 30297 پارچىغا، ھەر خىل گېزىت ـ ژۇرناللار 10500 پارچىغا يەتكەن. مەكتەپ قۇرۇلغاندىن بۇيان جەمئىي 6000 دىن ئارتۇق ئوقۇتقۇچىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرگەن، يەنە ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش سىنىپىنىڭ 700 دىن ئارتۇق ئوقۇغۇچىسى، مەكتەپ مۇدىرى سىنىپىنىڭ 180 دىن ئارتۇق ئوقۇغۇچىسىنى، رادىئو ـ تېلېۋىزىيە پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتىتىنىڭ 3000 دىن ئارتۇق ئوقۇغۇچىسىنى تەربىيىلىگەن.

مەكتەپ ئادرېسى: ئاتۇش شەھىرى سۇنتاغ جەنۇبىي يولى.

پوچتا نومۇرى: 845350، تېلېفون نومۇرى: 4222229 (0908)

## قەشقەر ۋىلايەتلىك پېداگوگىكا مەكتىپى

1935 ـ يىلى قۇرۇلغان. مەكتەپنىڭ ئىگىلىگەن كۆلىمى $111222m^2$، قۇرۇلۇش كۆلىمى $23601m^2$. 1996 ـ يىلى خەنزۇ تىلى، تەنتەربىيە، گۈزەل ـ سەنئەت، مۇزىكا، تەجرىبە قاتارلىق ئالتە كەسىپ، 29 ئوقۇتۇش سىنىپى تەسىس قىلىنغان. تولۇقسىز ئوتتۇرىنى پۈتتۈرگەنلەردىن كەسپىي سىنىپلارغا ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىدۇ. ئوقۇش مۇددىتى ئۈچ يىل. 1999 ـ يىلى مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلار 1152 نەپەرگە، ئوقۇتقۇچى، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر 230 نەپەرگە يەتكەن. بۇنىڭ ئىچىدە كەسپىي ئوقۇتقۇچىلار 150 نەپەرگە، ئالىي دەرىجىلىك لېكتور 20 نەپەرگە يەتكەن. كۇتۇپخانىدا ساقلىنىۋاتقان كىتابلار 60 مىڭ پارچىدىن ئارتۇق. ئوقۇتقۇچىلار ئىچىدە يەتتە كىشى مەملىكەتلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن. ئىككى كىشى ئاپتونوم رايونلۇق ئىككىنچى ۋە بەشىنچى نۆۋەتلىك پارتىيە ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىغا قاتناشقان. مەكتەپ 1991 ـ يىلى 6 ـ ئايدا مەملىكەتلىك مائارىپ سېپىدىكى ئىلغار ئورۇن بولۇپ باھالانغان. 1993 ـ يىلى 4 ـ ئايدا ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مەدەنىيەتلىك ئورۇن بولۇپ باھالانغان. ئازادلىقتىن كېيىن 1996 ـ يىلغا قەدەر ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانى 22 مىڭغا يەتكەن.

مەكتەپ ئادرېسى : قەشقەر شەھىرى سەمەن يولى 327 ـ نومۇر .
پوچتا نومۇرى : 839000 ، تېلېفون نومۇرى : 2512312 (0998)

## جەنۇبىي شىنجاڭ باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنى تەربىيىلەش مەركىزى

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىنىڭ باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپىنىڭ ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن قەشقەر مەمۇرىي مەھكىمىسىنى باش بولۇپ ، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى 4 ۋىلايەت ، ئوبلاستنىڭ (ئاقسۇ ، قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى ، قەشقەر ، خوتەن ) باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنى تەربىيىلەش مەركىزى قۇرۇشنى قارار قىلغان.

بىر قىسىم باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنى يېڭىدىن تەربىيىلىگەندىن باشقا ، كەسپىي مەدەنىيەت سەۋىيەسى تۆۋەن بولغان ، ئىشچى ، دېھقان ، ئەسكەرلەردىن كېلىپ چىققان ئوقۇتقۇچىلارغا قارىتا تەربىيىلەش ئېلىپ بارغان . بۇ مەركەزگە بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى بالىلار تەرەققىيات فوندى جەمئىيىتى تەرىپىدىن مەبلەغ سېلىنغان بولۇپ ، ئاپتونوم رايونغا بىۋاستە قاراشلىق ، قەشقەر ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمە ۋاكالىتەن باشقۇرىدۇ . دەرىجىسى مۇئاۋىن باشقارما دەرىجىلىك . مەكتەپ قۇرۇلغاندىن بۇيان بەش يىل ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىپ تەربىيىلەش پىلانىنى ئورۇندىغان ، كېيىن پېداگوگىكا نامى بىلەن چوڭلارنى قوبۇل قىلىپ تەربىيىلىگەن .

توققۇز يىللىق مەجبۇرىي مائارىپنى ئومۇملاشتۇرۇش مۇساپىسىنىڭ چوڭقۇرلىشىشى ۋە باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ ئۆلچەمگە يېتىش نىسبىتىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىگە ئەگىشىپ مەكتەپ تارىخىي ۋەزىپىسىنى تاماملاپ بولدى .

## يەكەن پېداگوگىكا مەكتىپى

1944 ـ يىلى 8 ـ ئايدا يەكەن ناھىيىسىدە قۇرۇلغان . سابىق شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە قاراشلىق بولۇپ ، دەسلەپكى مەكتەپ نامى شىنجاڭ ئۆلكىلىك يەكەن تولۇقسىز پېداگوگىكا مەكتىپى ئىدى . 1954 ـ يىلى مەكتەپ نامى شىنجاڭ يەكەن باشلانغۇچ پېداگوگىكا مەكتىپى دەپ ئۆزگەرتىلگەن . 1957 ـ يىلى شىنجاڭ يەكەن پېداگوگىكا مەكتىپى دەپ ئۆزگەرتىلىپ ، قەشقەر ۋىلايىتىدىكى ھەر قايسى ناھىيىلەردىن ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىشقا يۈزلەنگەن . ئوقۇش مۇددىتى ئۈچ يىل ، ئۇيغۇر تىلىدا ئوقۇتۇش ئېلىپ بارىدۇ . 1988 ـ يىلى مەملىكەتلىك مائارىپ كومىتېتى تەرىپىدىن مەملىكەتلىك مۇنەۋۋەر پېداگوگىكا مەكتىپى دەپ باھالانغان . پېداگوگىكا ۋە خەنزۇ تىلىدىن ئىبارەت ئىككى كەسىپ تەسىس قىلىنغان . بۇ ئورۇننىڭ شتاتى 145 نەپەر . 1999 ـ يىلى كەسپىي ئوقۇتقۇچىلارنىڭ سانى 98 نەپەرگە (ئالىي دەرىجىلىك لېكتور 8 نەپەر ، لېكتور 46 نەپەر ، ياردەمچى لېكتور 43 ) مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلار 1435

نەپەرگە يەتكەن . مەكتەپنىڭ يەر كۆلىمى 39960m²، ئوقۇتۇش بىناسىنىڭ كۆلىمى 4160m². كۇتۇپخانىدا ساقلىنىۋاتقان كىتاب 40 مىڭ پارچە بولغان . مەكتەپ قۇرۇلغاندىن بۇيان 13560 نەپەر باشلانغۇچ، ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى تەربىيىلەنگەن .

مەكتەپ ئادرېسى : يەكەن ناھىيە جىنغوي يولى 14 ـ نومۇر .

پوچتا نومۇرى : 844700، تېلېفون نومۇرى : 8512285 (0998)

**خوتەن ۋىلايەتلىك پېداگوگىكا مەكتىپى**

1938 ـ يىلى 12 ـ ئايدا قۇرۇلغان . ئەينى ۋاقىتتا مۇقىم مەكتەپ بىناسى يوق ئىدى . 1940 ـ يىلى 3 ـ ئايدا يېڭى مەكتەپ بىناسى پۈتكەن . مەكتەپ قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە قىسقا مۇددەتلىك تەربىيىلەش شەكلىنى قوللانغان بولۇپ، ئۇيغۇر تىلى، ئەدەبىيات، جۇڭگو جۇغراپىيىسى، تەبىئەتتىن ئومۇمىي ساۋات، دۇنيا تارىخى، ئالتە چوڭ سىياسەت، ئىجتىمائىي پەلسەپە قاتارلىق دەرسلەر تەسىس قىلىنغان . خوتەن ناھىيىلىك مەدەنىيەت مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا (قارىمىقىدا) بولغان . 1944 ـ يىلى 9 ـ ئايدىن 1950 ـ يىلى 6 ـ ئايغىچە مەكتەپ مۇنتىزىم بولغان 3 يىللىق مائارىپ ئەندىزىسىگە ئۆتكەن . خوتەن ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت مائارىپ باشقارمىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە بولغان . 1966 ـ يىلى مەكتەپ ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىشتىن توختىغان . 1972 ـ يىلى خوتەن پېداگوگىكا مەكتىپى خوتەن ۋىلايەتلىك پېداگوگىكا مەكتىپىگە ئۆزگەرتىلگەن . 1978 ـ يىلى 9 ـ ئايدا خوتەن ۋىلايەتلىك پېداگوگىكا مەكتەپ ئىككى ئالىي دەرىجىلىك پېداگوگىكا مەخسۇس كۇرس سىنىپى، ئادەتتىكى پېداگوگىكا سىنىپىغا ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلغان . ئادەتتىكى پېداگوگىكا سىنىپىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى 1979 ـ يىلى خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكۇمىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەن . 1979 ـ يىلى خوتەن ۋىلايەتلىك پېداگوگىكا مەكتەپ يەنە بىر قېتىم ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىشنى توختاتقان . 1985 ـ يىلى 10 ـ ئايدا مەكتەپ ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىشنى ئەسلىگە كەلتۈرگەن . 1992 ـ يىلى 10 ـ ئايدا مەكتەپ خوتەن شەھىرى بوستان جەنۇبىي يولى 12 ـ نومۇردىكى يېڭىدىن قۇرۇلغان مەكتەپ قورۇسىغا كۆچۈپ كېلىپ ئوقۇش باشلىغان . ئەسلىدىكى مەكتەپ ئورنىنى خوتەن مائارىپ ئىنستىتۇتىغا بەرگەن . مەكتەپنىڭ ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى 50616m²، پېداگوگىكا، خەنزۇ تىلى، تەنتەربىيە، گۈزەل سەنئەت، فىزىكا، ئەدەبىيات قاتارلىق كەسىپلەر تەسىس قىلىنغان . 1999 ـ يىلى كەسپىي ئوقۇتقۇچىلار 151 نەپەرگە يەتكەن . مەكتەپ قۇرۇلغاندىن بۇيان 18000 نەپەردىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى تەربىيىلەنگەن .

مەكتەپ ئادرېسى : خوتەن شەھىرى

پوچتا نومۇرى : 848000، تېلېفون نومۇرى : 2512745 (0903)

## قۇمۇل شەھەرلىك ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر مەكتىپى

قۇمۇل شەھەرلىك مائارىپ كومىتېتىنىڭ باشقۇرۇشىغا تەۋە. ئۇنىڭ ئەسلى ئاساسى يۇرۇنقى ناھىيىلىك ئوقۇتقۇچىلارنى تەربىيىلەش بۆلۈمى بولۇپ، 1978 ـ يىلى قۇرۇلغان. 1979 ـ يىلى ناھىيىلىك ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش مەكتىپى دەپ ئۆزگەرتىلگەن. 1984 ـ يىلى ناھىيە، شەھەرلىك بىلىم ئاشۇرۇش مەكتەپلىرى بىرلەشكەن. 1994 ـ يىلى شەھەرلىك ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش مەكتىپى ۋە شەھەرلىك ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر مەكتىپى بىرلىشىپ، شەھەرلىك ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر مەكتىپى بولۇپ قۇرۇلغان. مەكتەپنىڭ يەر كۆلىمى 11200m²، قۇرۇلۇش كۆلىمى 3000m². ھازىر خىزمەتتىن ئايرىلىپ بىلىم ئاشۇرۇش سىنىپىدىن 3ى، چوڭلار پۈتۈن كۈنلۈك 2 يىللىق تولۇق ئوتتۇرا سىنىپىدىن 2 سى بار. 700 دىن ئارتۇق خەنزۇ، 1200 نەپەر مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ ئۆزلۈكسىز تەربىيىسى، ئىش ئورنى بويىچە تەربىيىلەش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان. 1999 ـ يىلى ئوقۇتقۇچى خىزمەتچىلەر 36 نەپەرگە، ئالىي دەرىجىلىك لېكتور تۆت نەپەرگە يەتكەن. مەكتەپ قۇرۇلغاندىن بۇيان ھەر خىل كەسپلەردىن 828 دىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى تەربىيىلەنگەن.

مەكتەپ ئادرېسى: قۇمۇل شەھىرى ساغلاملىق يولى

پوچتا نومۇرى: 839000، تېلېفون نومۇرى: 2232117 (0902)

## ساۋەن ناھىيىلىك ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش مەكتىپى

ساۋەن ناھىيە بازىرى ئىچىگە جايلاشقان. ناھىيىلىك مائارىپ كومىتېتىنىڭ بىۋاستە باشقۇرۇشىغا تەۋە. 1979 ـ يىلى مەكتەپ نامى تارباغاتاي ۋىلايەتلىك پېداگوگىكا مەكتىپى ساۋەن تارماق مەكتىپى دەپ ئۆزگەرتىلگەن. 1986 ـ يىلى ھازىرقى نامغا ئۆزگەرتىلگەن. مەكتەپنىڭ قۇرۇلۇش كۆلىمى 5500m²، بىر يۈرۈش يەر يۈزى سۈنئىي ھەمرا قوبۇل قىلىش ئۈسكۈنىسى ھەم كامېرالىق تېلېۋىزوردا نازارەت قىلىش ئاپپاراتى، كىتاب، ئۈن ـ سىن ماتېرىياللار سەپلەنگەن. 1999 ـ يىلى 16 ئوقۇتۇش سىنىپى بولۇپ، قازاقچە، خەنزۇچە ئىككى خىل تىلدا دەرس ئۆتۈلگەن. مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلار 2550 نەپەرگە، ئوقۇتقۇچى، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر 44 نەپەرگە، ئالىي دەرىجىلىك لېكتور تۆت نەپەرگە يەتكەن. 1999 ـ يىلغا قەدەر جەمئىي تەربىيىلەنگەن ئوقۇغۇچىلار 3000 نەپەردىن ئاشقان.

پوچتا نومۇرى: 832100، تېلېفون نومۇرى: 6012549 (0993)

قەشقەر ۋىلايەت يېڭى شەھەر ناھىيىلىك ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش مەكتىپى

ناھىيىگە قاراشلىق چوڭلار ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتىپى بولۇپ، 1974 ـ يىلى قۇرۇلغان. مەكتەپنىڭ ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى $14985^2$. قۇرۇلۇش كۆلىمى $2867m^2$. ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ئوبيېكتى ئاساسلىقى ئۆز ناھىيىسىدىكى ۋە يېقىن ئەتراپتىكى ناھىيىلەردىكى ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىدۇر. ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ 21 خىل دەرس تەسىس قىلىنغان. ئوقۇش مۇددىتى ئىككى يىل، ئۇيغۇر تىلىدا دەرس ئۆتۈلىدۇ. 1999 ـ يىلى ئوقۇتقۇچى، خىزمەتچىلەر 27 نەپەرگە، ئالىي دەرىجىلىك لېكتور توققۇز نەپەرگە، لېكتور توققۇز نەپەرگە يەتكەن. 1999 ـ يىلغا قەدەر پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار سانى 678 نەپەرگە يەتكەن. باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرى 536 نەپەرگە يەتكەن.

مەكتەپ ئادرېسى: قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيە غالىبىيەت يولى

پوچتا نومۇرى: 844200، تېلېفون نومۇرى: 6572458 (0998)

# ئالاھىدە مائارىپ

## ئالاھىدە مائارىپ

ئالاھىدە لايىھىلەنگەن دەرسلىك، ئوقۇتۇش ماتېرىيالى، ئوقۇتۇش ئۇسۇلى ۋە ئەسلىھەلىرىدىن پايدىلىنىپ ئالاھىدە بالىلار ۋە ياش - ئۆسمۈرلەرگە ئېلىپ بېرىلىدىغان تەربىيەنى كۆرسىتىدۇ. ئالاھىدە تەربىيە بولسا مەملىكىتىمىز مائارىپ ئىشلىرىنىڭ بىر ئورگانىك تەركىبىي قىسمى ھەم توققۇز يىللىق مەجبۇرىي مائارىپنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى. 1959 - يىلى شىنجاڭدا تۇنجى ئالاھىدە مائارىپ تەربىيىلەش مەكتىپى —ئۈرۈمچى ئەما، گاس - گاچىلار مەكتىپى قۇرۇلدى. دەسلەپتە ئوقۇتۇش ئېلىپ بارغاندا پەقەت ئىككى ئوقۇتۇش سىنىپى، 20 دىن ئارتۇق ئەما، گاس - گاچا ئوقۇغۇچىسى ۋە 10 نەپەر ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىسى بار ئىدى.

مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى مەزگىلىدە رايونىمىزنىڭ ئالاھىدە مائارىپى توختاپ قېلىش ھالىتىگە چۈشۈپ قالدى. پارتىيىنىڭ 11 - نۆۋەتلىك 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن رايونىمىز ئالاھىدە مائارىپ ئىشلىرى زور تەرەققىياتقا ئېرىشتى. 1978 - يىلى قەشقەر ۋىلايەتلىك گاس - گاچىلار مەكتىپى قۇرۇلدى. 1983 - يىلى شىخەنزە شەھىرىدە خەلق باشقۇرۇشىدىكى ھۆكۈمەت ياردەم قىلىدىغان گاس - گاچىلار مەكتىپى قۇرۇلدى. 1984 - يىلغا كەلگەندە پۈتۈن ئاپتونوم رايون تەۋەسىدە ئالاھىدە مائارىپ مەكتىپىدىن جەمئىي ئۈچى بارلىققا كېلىپ، ئۇنىڭدىكى ئوقۇتقۇچى خىزمەتچىلەر 146 نەپەرگە، ئوقۇتۇش سىنىپى 40 قا، ئوقۇغۇچى 666 نەپەرگە يەتتى. 1984 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ئالاھىدە مائارىپ خىزمىتىنى مائارىپ تارماقلىرىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىشنى قارار قىلدى. ھەم 9 يىللىق مەجبۇرىي مائارىپ ئىچىگە كىرگۈزۈپ، ھەر قايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەردە بىردىن ئالاھىدە مائارىپ مەكتىپى قۇرۇشنى قارار قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئادەتتىكى ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپلەردە مېيىپ بالىلار، ئۆسمۈرلەر ئالاھىدە سىنىپى تەسىس قىلىپ، مېيىپ بالىلار، ياش - ئۆسمۈرلەرنىڭ ئادەتتىكى ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپ سىنىپلىرىغا كىرىپ ئوقۇش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشنى تەلەپ قىلىپ، ئالاھىدە مائارىپنىڭ تەرەققىياتىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تېزلەتتى. ئاپتونوم رايون 9 يىللىق مەجبۇرىي مائارىپنى ئومۇملاشتۇرۇشنى ئەستايىدىل چىڭ تۇتۇش ئاساسىدا، مېيىپ بالىلارنىڭ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە تىرىشتى. شۇنىڭ بىلەن مېيىپ بالىلارنىڭ كەسپىي تېخنىكا مائارىپىنى ئاكتىپ قانات يايدۇردى. ھەر قايسى گاس - گاچىلار مەكتەپلىرىنىڭ يۇقىرى يىللىقلىرىدا ئومۇمىيۈزلۈك ھالدا كەسپىي تېخنىكا مائارىپى دەرسلىرىنى تەسىس قىلىپ، مېيىپ بالىلارنىڭ تېخنىكا ئارتۇقچىلىقلىرىنى يېتىلدۈردى. 1990 - يىلى 10 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقى

ئارقىلىق ئاپتونوم رايوندىكى ئالاھىدە مائارىپ ئوقۇتقۇچىلىرى تەربىيىلەش مەركىزى قۇرۇلۇپ ، شىنجاڭ بالىلار پېداگوگىكا مەكتىپى ئىچىدە تەسىس قىلىندى . ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئەمالار مەكتىپىدە ئالتە ئۇۋۇلاش كەسپىي سىنىپى تەسىس قىلىنغان . 1993 - يىلى بىرىنچى قارارلىق ئۇۋۇلاش مەخسۇس كۇرس سىنىپى قوبۇل قىلىنغان . 1993 - يىلى شىنجاڭ تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتى بىلەن بىرلىشىپ پۈتۈن كۈنلۈك جۇڭيىچە داۋالاش مەخسۇس كۇرس سىنىپى قوبۇل قىلغان . 1999 - يىلغا كەلگەندە رايونىمىزدا ئەمالار مەكتىپىدىن بىرسى ، ئادەتتىكى ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپلەر ئەما بالىلار سىنىپىدىن ئىككىسى ، گاس - گاچىلار مەكتىپىدىن ئالتىسى قۇرۇلۇپ ، مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلار 749 نەپەرگە ، ئوقۇتقۇچى ، خىزمەتچىلەر 300 نەپەرگە يەتتى . ئادەتتىكى ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپلەردە تەسىس قىلىنغان ئەقلى ئاجىز بالىلار سىنىپىدىن 31 سى بولۇپ ، ئوقۇغۇچىلار 311 نەپەرگە يەتتى . ئەگىشىپ ئوقۇيدىغان ئەقلى ئاجىز بالىلار 4836 نەپەرگە ، مېيىپلار ئوتتۇرا دەرىجىلىك كەسپىي مەكتىپى بىرگە ، مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلار 398 نەپەرگە ، ئوقۇتقۇچى ، خىزمەتچىلەر 57 نەپەرگە يەتكەن . ئەما بالىلارنىڭ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى 3.99% گە ، گاس - گاچا بالىلارنىڭ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى 5.99% گە ، ئەقلى ئاجىز بالىلارنىڭ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى 41.3% گە يەتكەن . رايونىمىز يەنە ئاپتونوم رايوندىكى ئالاھىدە مائارىپ ئوقۇتقۇچىلىرىنى تەربىيىلەش مەركىزى قۇرۇپ ، بىر تۈركۈم ئالاھىدە مائارىپ ئوقۇتقۇچىلىرىنى ۋە ئەقلى ئاجىز بالىلارنىڭ ئەقلى قۇۋۋىتىنى ئۆلچەش ۋە ئەسلىگە كەلتۈرۈش خادىملىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈردى .

ھازىرغا قەدەر رايونىمىز ئالاھىدە مائارىپى بەلگىلىك كۆلەمگە يېتىپ ، بەلگىلىك ساندىكى ئالاھىدە مائارىپ مەكتەپلىرىنى تايانچ قىلغان ، ئالاھىدە مائارىپ ئوقۇتقۇچىلىرىنى تەربىيىلەش مەركىزىنى ئاساس قىلغان ، نورغۇنلىغان ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپلەردە ئالاھىدە مائارىپ سىنىپى تەسىس قىلىنغان ھەمدە ئومۇميۈزلۈك ھالدا مېيىپ بالىلارنىڭ ئادەتتىكى سىنىپلارغا كىرىپ ئوقۇشى گەۋدە قىلىنغان ، توققۇز يىللىق مەجبۇرىي مائارىپنى ئومۇملاشتۇرۇش ئاساسىدا ئوقۇشتىن ئىلگىرىكى مائارىپ ، كەسپىي مائارىپ ۋە ئالىي مائارىپنى تەرەققىي قىلدۇرۇش مەقسەت قىلىنغان ئالاھىدە مائارىپ ئەندىزىسى شەكىللەندۈرۈلدى .

## ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئەمالار مەكتىپى

ئەسلى ئاساسى ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئەمالار، گاس - گاچىلار مەكتىپى بولۇپ، 1959-يىلى كۈزدە قۇرۇلغان . كېيىنكى يىلى 2 - ئايدا ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىشنى باشلىغان . شىنجاڭنىڭ تۇنجى ئالاھىدە مائارىپ مەكتىپىدۇر . ئەينى ۋاقىتتا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ئىشلار نازارىتىگە تەۋە بولۇپ ، مەكتەپ ئورنى يۆجىن كوچىسىدىكى ئەسلىدىكى نىرۋا كېسەللىكلىرى دوختۇرخانىسىنىڭ ئىچىدە ئىدى . 1960-يىلى ئەمالار

مەكتىپىدە ئۆۋۈلاش مەخسۇس كۇرس سىنىپى تەسىس قىلىنغان . 1964-يىلى ھازىرقى ئادرېسقا كۆچۈپ كەلگەن . 1966-يىلى ئازادلىق يولىدا ئۆۋۈلاش - داۋالاش ئامبۇلاتورىيىسى قۇرۇپ ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ پراكتىكا بازىسى بەرپا قىلغاندىن كېيىن ، 1971 - يىلى ئۈرۈمچى شەھەرلىك خەلق ئىشلار ئىدارىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەن . 1982 - يىلى شىنجاڭ جۇڭيى ئىنستىتۇتى بىلەن بىرلىشىپ سىنىپ ئاچقان . 1986 - يىلى پۈتۈن شىنجاڭغا يۈزلىنىپ ساغلام ئوقۇغۇچىلارنى قوبۇل قىلىشقا باشلىغان . ئۈرۈمچى شەھەرلىك مائارىپ ئىدارىسىنىڭ رەھبەرلىك قىلىشىغا تەۋە بولغان . 1991 - يىلى جۇڭيى ئىنستىتۇتى ئالاھىدە مائارىپ بۆلۈمى دەپ ۋۇيۇسكا ئاسقان. 1993 - يىلى تۇنجى قارارلىق ئۆۋۈلاش سىرتتىن ئوقۇتۇش مەخسۇس كۇرس سىنىپى قوبۇل قىلغان . ئالاھىدە مائارىپ ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ماسلىشىش ئۈچۈن ، 1996 - يىلى ئەمالار ، گاس - گاچىلار مەكتىپى ئايرىلىپ ئەسلىدىكى ئورنىدا ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئەمالار مەكتىپى قۇرۇلۇپ ، ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئۆۋۈلاش كەسپىي مەكتىپى دەپ ۋۇيۇسكا ئاسقان . 1998 - يىلى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مەدەنىيەتلىك ئورۇن دەپ نام بېرىلگەن . ئۈرۈمچى شەھەرلىك مائارىپ كومىتېتىغا تەۋە . خەنزۇ تىلىدا ئوقۇتۇش ئېلىپ بارىدۇ . مەكتەپنىڭ شتاتى 107 نەپەر . 1999 - يىلى كەسپىي ئوقۇتقۇچىلار 27 نەپەرگە ، مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلار 189 نەپەرگە يەتكەن . مەكتەپ قۇرۇلغاندىن بۇيان جەمئىيەتكە 1000 دىن ئارتۇق قىسقا مۇددەتلىك كۇرسانتلارنى ، ئوتتۇرا تېخنىكوم ئوقۇغۇچىلىرىنى ۋە مەخسۇس كۇرس ئوقۇغۇچىلىرىنى تەربىيىلەپ بەرگەن . مەكتەپنىڭ يەر كۆلىمى 10735m² ، ئوقۇتۇش بىناسىنىڭ كۆلىمى 2807m² .

مەكتەپ ئادرېسى : ئۈرۈمچى شەھىرى ئەرداۋەن يولى 13 - نومۇر .

پوچتا نومۇرى : 830001 ، تېلېفون نومۇرى : 2626670 (0991)

## سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستلىق گاس - گاچىلار مەكتىپى

خەنزۇ تىلى ، قول ئىشارەت تىلى ئارقىلىق ئوقۇتۇش ئېلىپ بارىدىغان پۈتۈن كۈنلۈك توققۇز يىللىق مەجبۇرىي مائارىپ ئالاھىدە مەكتىپى . سانجى شەھىرىگە جايلاشقان بولۇپ ، 1990 - يىلى قۇرۇلغان . يەر كۆلىمى 10260m² ، قۇرۇلۇش كۆلىمى 2300m² ، مەكتەپ ياتاقلىق يېپىق شەكىللىك باشقۇرۇشنى يولغا قويغان . مەكتەپ ئادەتتىكى مەكتەپلەر بىلەن ئوخشاش قەدەمدە ئوقۇ - ئوقۇتۇش خىزمىتىنى ئېلىپ بېرىش بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۈچ تەرەپتىكى ئىقتىدارنى گەۋدىلەندۈرگەن ، يەنى تىل ئىقتىدارى دىققەت (قىلىش ) ئىقتىدارى ، گۈزەللىك تەربىيىسى قاتارلىقلار ئارقىلىق گاس ئوقۇغۇچىلارغا قارىتا ئۆزىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن مائارىپ مەزمۇنى جەھەتتە پسىخىك جەھەتتە يېتەكچىلىك قىلىش، كەيپىياتنى تەڭشەش ، ئۆز ئارا ئالاقىگە يېتەكچىلىك قىلىش، يۇقىرى ئۆرلەپ ئوقۇش، ئىشقا ئورۇنلىشىشقا يېتەكچىلىك قىلىش قاتارلىقلارنى ئەمەلگە ئاشۇرغان. مەكتەپ

تىرىشچانلىق بىلەن ئوقۇپ ئىقتىسادچانلىق بىلەن مەكتەپ باشقۇرۇش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، ئەمگەك تېخنىكا دەرسى تەسىس قىلىپ، كەسپىي مائارىپنى كۈچەيتىپ، جەمئىيەت ئۈچۈن ئۆزىنى ھۆرمەتلەيدىغان، ئۆزگە ئىشىنىدىغان، مۇستەقىل، تىرىشچان، ئىقتىساسلىق كىشلەرنى تەربىيلەپ بەردى. مەملىكەتلىك 2 ـ، 4 ـ نۆۋەتلىك مېيىپلار ئەدەبىيات ـ سەنئەت كۆرىكىدە ئىككىنچى، ئۈچىنچى دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. ئىككى ئوقۇغۇچى ئاپتونوم رايونلۇق مېيىپلار تەنھەرىكەت يىغىنىغا قاتنىشىپ، تۆت ئالتۇن مېدال، بىر كۈمۈش مېدال، بىر مىس مېدالغا ئېرىشتى. مەكتەپكە 1998 ـ يىلى سانجى ئوبلاستى تەرىپىدىن ئوبلاست دەرىجىلىك مەدەنىيەتلىك ئورۇن دەپ نام بېرىلدى. 1999 ـ يىلى توققۇز ئوقۇتۇش سىنىپى، 115 نەپەر ئوقۇغۇچىسى، 34 نەپەر ئوقۇتقۇچىسى بار ئىدى.

مەكتەپ ئادرېسى: سانجى شەھىرى بىرىنچى ماي شەرقى يولى 36 ـ نومۇر.

پوچتا نومۇرى: 831100، تېلېفون نومۇرى: 2344883 (0994)

## قاراماي شەھەرلىك گاس ـ گاچىلار مەكتىپى

1986 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى 1ـئاۋغۇست يېڭى كەنتىدە قۇرۇلغان (ئەسلىدىكى سانائەت 4 ـ پولكىنىڭ ھويلىسى ئىچىدىكى بىر نەچچە ئېغىزلىق ئۆيدە)، مېيىپلار مائارىپ ئىشلىرىغا قىزغىن كۆڭۈل بۆلىدىغان چيەن جۈەن خانىم تەرىپىدىن 1986ـيىلى 4 ـ ئايدا بەرپا قىلىنغان. قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە ئوقۇتۇش شارائىتى ئىنتايىن ناچار ئىدى. 1988 ـ يىلى 9 ـ ئايدا نېفىت ئىدارىسى مەبلەغ سېلىپ $1000m^2$ ئوقۇتۇش بىناسىنى ياساپ بەردى. بۇ مەكتەپ قاراماي رايونىدىكى گاس ـ گاچا باللارنى تەربىيلەش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان بولۇپ، خەنزۇ تىلى ۋە قول ئىشارىتى تىلىدا ئوقۇتۇش ئېلىپ بارىدۇ. قاراماي نېفىت سىستېمىغا يۈزلىنىپ ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىدۇ. 1999 ـ يىلى كەسپىي ئوقۇتقۇچى 10 نەپەرگە يەتتى، مەكتەپ قۇرۇلغاندىن بۇيان ئالتە قارار 40 نەپەر ئوقۇغۇچى ئوقۇش پۈتتۈردى، مەكتەپنىڭ يەر كۆلىمى $7006m^2$، ئوقۇتۇش بىناسىنىڭ كۆلىمى $1000m^2$.

مەكتەپ ئادرېسى: قاراماي شەھىرى تولۇق شۈن يولى 38 ـ نومۇر.

پوچتا نومۇرى: 834000، تېلېفون نومۇرى: 6881782 (0990)

## ئاقسۇ ۋىلايەتلىك جوڭشەن گاس ـ گاچىلار مەكتىپى

1987 ـ يىلى 9 ـ ئايدا كەڭ دائىرىلىك مەبلەغ توپلاش ئارقىلىق قۇرۇلغان مەكتەپ بولۇپ، ھۆكۈمەت قۇرغان، ھۆكۈمەت ياردەم بېرىدىغان مەكتەپ ھېسابلىنىدۇ. 1992 ـ يىلى مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ تەستىقى ئارقىلىق، ۋىلايەتلىك مائارىپ باشقارمىسىغا بىۋاستە قاراشلىق ئالاھىدە مائارىپ مەكتىپى قىلىپ ئۆزگەرتىلگەن، ئوقۇش مۇددىتى توققۇز يىل، خەنزۇ تىلىدا ئوقۇتۇش ئېلىپ بارىدۇ. ئەدەبىيات،

ماتېماتىكا، ئىدىيە ـ ئەخلاق، سىياسەت، تەبىئەت، تەنتەربىيە، گۈزەل ـ سەنئەت، ئەمگەك قاتارلىق دەرسلەر تەسىس قىلىنغان. ئوقۇغۇچى مەنبەسى ئاقسۇ ۋىلايىتىدىكى سەككىز ناھىيە، بىر شەھەر ۋە دېھقانچىلىق بىرىنچى دىۋىزىيەسىنىڭ ھەرقايسى پولكىلىرىدىن باشقا، يەنە بايىنغولىن ئوبلاستى، قىزىلسۇ ئوبلاستىنىڭ ئاز ساندىكى ئوقۇغۇچىلىرىمۇ بار، كۆپ قېتىم دۆلەت، ئاپتونوم رايون ۋە ۋىلايەتنىڭ تەقدىرلىشىگە ئېرىشكەن، يەنە مەملىكەتلىك ئوقۇتۇش ئېلىپ بېرىشتىكى ئىلغار ئورۇن بولۇپ باھالانغان. مەكتەپنىڭ يەر كۆلىمى $33966m^2$، قۇرۇلۇش كۆلىمى $2700m^2$. 1999 ـ يىلى كەسپىي ئوقۇتقۇچىلار 10 نەپەرگە، ئوقۇغۇچىلار 50 نەپەرگە يەتكەن.

مەكتەپ ئادرېسى: ئاقسۇ شەھىرى.

پوچتا نومۇرى: 843000، تېلېفون نومۇرى: 2612717 (0997)

## قەشقەر ئەما، گاس ـ گاچىلار مەكتىپى

1978 ـ يىلى 3 ـ ئايدا ۋىلايەتلىك خەلق ئىشلار ئىدارىسى قەشقەر شەھىرىدىن 40 نەچچە كىلومېتىر يىراقلىقتىكى ئەسلىدىكى بالىلار پاراۋانلىق ھويلىسىنىڭ ئورنىغا گاس ـ گاچىلار مەكتىپى قۇرۇپ چىقتى. ئەينى ۋاقىتتا ئوقۇتۇش شارائىتى ئىنتايىن ناچار ئىدى. 1981 ـ يىلى مەكتەپ ئورنى شەھەردىن 7 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى يان بۇلاق دېھقانچىلىق مەيدانى ئەتراپىغا كۆچۈپ كەلدى. 1984 ـ يىلى مەكتەپ ھازىرقى ئورنىغا قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ يېنىغا كۆچۈپ كەلدى. 1985 ـ يىلى مەكتەپ خەلق ئىشلار تارمىقىدىن مائارىپ تارماقلىرىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. 1994 ـ يىلى مەكتەپنىڭ نامى ئەمالار، گاس ـ گاچىلار مەكتىپى دەپ ئۆزگەرتىلگەن. بۇ مەكتەپنىڭ ئەسلى ئوقۇش مۇددىتى سەككىز يىل بولۇپ، ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن ئوقۇغۇچىلار ئادەتتىكى باشلانغۇچ مەكتەپلەرنى پۈتتۈرگەن سەۋىيىگە يەتتى. 1999 ـ يىلدىن باشلاپ ئوقۇش مۇددىتى توققۇز يىل قىلىپ ئۆزگەرتىلىپ تولۇقسىز ئوتتۇرا تەسىس قىلىندى. مەكتەپتە ياتاقلىق تۈزۈم يولغا قويۇلغان بولۇپ، ئوقۇتۇشتا خەنزۇ تىلى ۋە ئۇيغۇر تىلى قوللىنىدۇ. 1999 ـ يىلى كەسپىي ئوقۇتقۇچىلار 39 نەپەرگە، ئوقۇتۇش سىنىپى 15 گە، ئوقۇغۇچىلار 128 نەپەرگە يەتكەن. مەكتەپنىڭ يەر كۆلىمى $7992m^2$. ئوقۇتۇش بىناسىنىڭ كۆلىمى $1080m^2$.

مەكتەپ ئادرېسى: قەشقەر شەھىرى كونا نەزەرباغ يولى

پوچتا نومۇرى: 844000، تېلېفون نومۇرى: 2823129 (0998)

## شىنجاڭ مېيىپلار كەسپىي ئوتتۇرا تېخنىكومى

1992 ـ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقى ئارقىلىق شىنجاڭ مېيىپلار كەسپىي ئوتتۇرا تېخنىكومى قۇرۇش قارار قىلىندى. 1993 ـ يىلى قۇرۇلۇش

باشلاندى. 1995 - يىلى 10 - ئايدا قۇرۇلۇپ ئوقۇش باشلىدى. مەكتەپ ئورنى ئۈرۈمچى شەھىرى قاراماي غەربىي يولى 7 - نومۇرغا جايلاشقان. بۇ مەكتەپ شىنجاڭدىكى بىردىنبىر مەخسۇس مېيىپ ئوقۇغۇچىلارنى قوبۇل قىلىپ، كەسپىي تېخنىكا تەربىيىسى ئېلىپ بارىدىغان ئالاھىدە مائارىپ مەكتىپى، ئاپتونوم رايونلۇق مېيىپلار بىرلەشمىسىگە تەۋە، كەسپىي جەھەتتىن ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتىنىڭ يېتەكچىلىكىنى قوبۇل قىلىدۇ. خەنزۇ تىلى ۋە ئۇيغۇر تىلىدا ئوقۇتۇش ئېلىپ بارىدۇ. مەكتەپ ئىچىدە ئىشخانا، ئوقۇتۇش بۆلۈمى، ئوقۇغۇچىلار بۆلۈمى، خوجىلىق بۆلۈمىدىن ئىبارەت تۆت فۇنكتسىيىلىك بۆلۈم ۋە ئوتتۇرا تېخنىكۇم، خەنزۇ تىلى ئوتتۇرا تېخنىكۇم، ئاز سانلىق مىللەت تىلى ئالاھىدە مائارىپ ئوقۇتۇش تەتقىقات گۇرۇپپىسى قاتارلىق ئۈچ ئوقۇتۇش تەتقىقات ئاپپاراتى تەسىس قىلىنغان. مەكتەپ پۈتۈن شىنجاڭغا يۈزلەنگەن بولۇپ، ھەر قايسى مىللەتتىن مېيىپ، گاس - گاچا، ئەقلى ئاجىز ئوقۇغۇچىلارنى قوبۇل قىلىپ، ئوقۇش تارىخى مائارىپى بىلەن قىسقا مۇددەتلىك تەربىيىلەشنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈشنى يولغا قويغان. ئوقۇتۇش نىشانىدا چىڭ تۇرۇپ، ئوقۇش تارىخىي مائارىپىنى ئاساس، ئوتتۇرا قىسقا مۇددەتلىك تەربىيىلەشنى قوشۇمچە قىلىپ ئوقۇتۇش ئېلىپ بارىدۇ. مەكتەپتە كومپيۇتېر قوللىنىش ۋە باشقۇرۇش، مالىيە بوغالتىرلىقنى كومپيۇتېرلاشتۇرۇش، قول ھۈنەرۋەنچىلىك، گۈزەل سەنئەت، ماددىي ئەشيالارنى باشقۇرۇش، جۇڭيىچە داۋالاش قاتارلىق 12 كەسىپ تەسىس قىلىنغان. كەسىپلەرنى تەسىس قىلىش جەھەتتە ئومۇميۈزلۈك ھالدا مېيىپلارنىڭ ئالاھىدىلىكىنى نامايان قىلغان. ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئېھتىياجىنى چىقىش قىلىپ ئىختىيارىي كەسىپ تاللاپ ئوقۇش بىلەن تەمىنلىگەن. 1999 - يىلى مەكتەپ خاراكتېرىنى ئۆزگەرتمىگەن ئاساستا مەكتەپنىڭ نامىنى شىنجاڭ ئالاھىدە مائارىپ كەسپىي تېخنىكۇمى دەپ ئۆزگەرتكەن ھەم تۇنجى قېتىم شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى چوڭلار مائارىپ ئىنستىتۇتى بىلەن بىرلىشىپ، گاچىلار بىزەش لايىھىلەش ئالىي تېخنىكۇمى سىنىپى تەسىس قىلغان. 1999 - يىلى كەسپىي ئوقۇتقۇچىلار 34 نەپەرگە، مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلار 396 نەپەرگە يەتتى. يەر مەيدانى 2800$m^2$، بۇنىڭ ئىچىدە ئوقۇتۇش بىناسىنىڭ كۆلىمى 3700$m^2$. بەلگىلىك كۆلەمدىكى كومپيۇتېر ئۆيى، كىيىم - كېچەك تىكىش ئۆيى، قول - ھۈنەر سەنئەت توقۇمىچىلىق، ئەمالار ئۇۋۇلاش ئۆيى، ئاشپەزلىك پراكتىكا ئۆيى، كۇتۇپخانا ۋە ئاپتونوم رايونلۇق 12 - كەسپىي تېخنىكا باھالاپ بېكىتىش ئورنى قاتارلىقلار قۇرۇلغان. بۇ مەكتەپ يەنە دۆلەتلىك مېيىپلار بىرلەشمىسى تەرىپىدىن پۈتۈن مەملىكەتتىكى ئوخشاش تۈردىكى مەكتەپلەر قاتارىدا ئوقۇتۇش شارائىتى ئىلغار ئورۇنلارنىڭ بىرى دەپ باھالانغان.

مەكتەپ ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى قاراماي غەربىي يولى 7 - نومۇر.
پوچتا نومۇرى: 830000، تېلېفون نومۇرى: 4829403 (0991)

# ئىجتىمائىي كۆچلەر قۇرغان مەكتەپلەر

## ئىجتىمائىي كۆچلەر قۇرغان مەكتەپلەر

1997 - يىلى «گوۋۇيۈەن ئىجتىمائىي كۈچلەر قۇرغان مەكتەپلەر نىزامنامىسى» دا ئىجتىمائىي كۈچلەر قۇرغان مەكتەپ «كارخانا، كەسپىي تەشكىلاتلار، ئىجتىمائىي كوللېكتىپ ھەم باشقا ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار ۋە شەخسلەر دۆلەت مالىيەسىدىن بولمىغان مائارىپ مەبلىغىدىن پايدىلىنىپ، جەمئىيەتكە يۈزلىنىپ قۇرغان مەكتەپلەرنى ۋە باشقا مائارىپ ئورگانلىرىنىڭ پائالىيىتىنى كۆرسىتىدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن. شىنجاڭدا ئىجتىمائىي كۈچلەر قۇرغان مەكتەپلەر 11 - نۆۋەتلىك 3 - ئومۇمىي يىغىندىن كېيىن گۈللىنىشكە باشلاپ، 20 - ئەسىرنىڭ 90 - يىللىرىنىڭ باشلىرىدا دەسلەپكى كۆلەمگە ئىگە بولۇپ، كۆپ قاتلاملىق، كۆپ شەكىللىك، كۆپ پەنلىك مەكتەپ قۇرۇش تۈزۈلمىسىنى شەكىللەندۈرگەن. 1999 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا رايونىمىزدا ھەر خىل ئىجتىمائىي كۈچلەر قۇرغان مائارىپ ئاپپاراتىدىن 984 ى بار بولۇپ، مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلار 89212 گە يەتكەن. بۇنىڭ ئىچىدە بالىلار باغچىسى 229 گە، بالىلار باغچىسى ئىچىدىكى ئوقۇغۇچىلار (بالىلار) 11849 نەپەرگە، باشلانغۇچ مەكتەپ 16 گە، ئوقۇغۇچى سانى 8391 نەپەرگە، ئوتتۇرا مەكتەپ 12گە، مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى سانى 3993 نەپەرگە، ئوتتۇرا دەرىجىلىك كەسپىي مەكتەپ بەشكە، مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلار 1852 نەپەرگە، باشقا ھەرخىل ئوقۇش تارىخى بويىچە تەربىيەلىمەيدىغان مائارىپ ئورگىنى 281 گە، مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلار 59949 نەپەرگە يەتكەن. ئوقۇتقۇچى خىزمەتچىلىرى 4293 نەپەر بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە كەسپىي ئوقۇتقۇچىلار سانى 2975 نەپەر بولغان. مەكتەپنىڭ يەر كۆلىمى 331654 كۋادرات مېتىر بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە ئۆزلىرى قۇرغان مەكتەپ بىناسى 261053 كۋادرات مېتىر بولغان. مەبلەغنىڭ ئومۇمىي قىممىتى 308.59 مىليون يۈەنگە يەتكەن.

## شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي كۈچلەر قۇرغان مەكتەپلەر باشقۇرۇش تەربىيىلەش مەركىزى

1998 - يىلى 2 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتىنىڭ تەستىقى بىلەن قۇرۇلغان. ئۇنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى رايونىمىزدىكى ئىجتىمائىي كۈچلەر قۇرغان مەكتەپلەر، ئىجتىمائىي كۈچلەر قۇرغان مائارىپ ئاپپاراتىنىڭ قۇرغۇچىلىرى، ئاساسلىق مەسئۇل بولغۇچى ئوقۇتقۇچى، ئوقۇتۇش، مالىيە باشقۇرۇش خادىمى قاتارلىقلارنى تەربىيىلەشتىن ئىبارەت. بۇ مەركەز كىرىم - چىقىمغا ئۆزى مەسئۇل بولىدىغان، مۇستەقىل ھېساب ئېلىپ بارىدىغان كەسپىي ئورۇن ھېسابلىنىدۇ. بۇ مەركەز 1998 - يىلدىن بۇيان جەمئىي 22 قارار سىنىپ ئېچىپ، 540 دىن ئارتۇق ئادەم

تەربىيلەپ، ئىجتىمائىي كۈچلەر قۇرغان مەكتەپلەر خىزمەتچىلىرىنىڭ ساپاسى ۋە باشقۇرۇش سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، ئوقۇتۇش ئىشلىرىنى قېلىپلاشتۇرۇش پائالىيەتلىرى ئۈچۈن مۇھىم رول ئوينىدى.

ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى بەخت يولى 78- نومۇر.

پوچتا نومۇرى: 830002 تېلېفون نومۇرى: 2627823 (0991)

## شىنجاڭ ئۈچۈر تېخنىكا كەسپىي ئىنستىتۇتى

شىنجاڭ ئۈچۈر تېخنىكا كەسپىي ئىنستىتۇتى مەملىكەتلىك 3 - قېتىملىق مائارىپ خىزمەت يىغىنى روھىنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتىنىڭ تەستىقى ئارقىلىق ئىجتىمائىي كۈچلەر قۇرغان ئالىي مائارىپ ئورگىنى. ئەسلى ئاساسى شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈچۈرلىرى قوللىنىش مائارىپى مەركىزى بولۇپ، بۇ ئىنستىتۇت پاي تۈزۈلمىسىگە ئاساسەن مۇدىرىيەت رەھبەرلىكىدىكى مەكتەپ مۇدىرى مەسئۇل بولۇش تۈزۈمىنى ۋە بارلىق خادىملارنى تەكلىپ قىلىش تۈزۈمىنى يولغا قويغان. خەنزۇ تىلىدا ئوقۇتۇش ئېلىپ بارىدۇ. ئىنستىتۇت يۇقىرى سەۋىيىلىك ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىغا ئىگە بولۇپ، 2000 - يىلى كەسپىي ئوقۇتقۇچىلار 50 نەپەرگە، قوشۇمچە كەسپىي ئوقۇتقۇچى 80 نەپەرگە يەتكەن. مەكتەپ قۇرۇلغان يەتتە يىلدىن بۇيان جەمئىيەتنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن ئارقا - ئارقىدىن كومپيۇتېر، ئۈچۈر باشقۇرۇش، كومپيۇتېر ۋە ئۇنى قوللىنىش (مەخسۇس كۇرس)، بوغالتېرلىقنى كومپيۇتېرلاشتۇرۇش (مەخسۇس كۇرس)، كومپيۇتېرلىق ئالاقىلىشىش (مەخسۇس كۇرس)، كومپيۇتېر تورى (تولۇق كۇرس) قاتارلىق بەش خىل مەخسۇس كۇرس ۋە تولۇق كۇرس قاتلىمىدىكى كەسپلەرنى تەسىس قىلغان. مەكتەپ قۇرۇلغاندىن بۇيان ئالىي مائارىپ بويىچە ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىش ئىمتىھانى كەسپىي تۈرى 110 پەنگە يەتكەن بولۇپ، 12 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم قاتناشقان. پەنلەر بويىچە لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى % 50—% 80 گە، ئالىي تېخنىكوم قاتلىمىدىكى ھەرتۈردىكى ئوقۇغۇچىلار سانى 5000 دىن ئارتۇق كىشىگە، كومپيۇتېردىن قىسقا مۇددەتلىك تەربىيلىنىشكە قاتناشقانلار 7000دىن ئارتۇق كىشىگە يەتكەن. 7 يىلدىن بۇيان مۇقىم مۈلكى كۆپىيىپ، 4 مىليون يۈەندىن ئاشقان. ئوقۇتۇش بىناسىنىڭ كۆلىمى 3000 كۋادرات مېتىر، كومپيۇتېر تەجرىبىخانىسى كومپيۇتېر كونسۇلتاتسىيە لايىھەلەش تەجرىبىخانىسى، كۆپ ۋاستىلىك كومپيۇتېر تەجرىبىخانىسى، ئېنتېرنېت دۆلەتلىك ئېلېكترون سانائەت مىنىستىرلىقى مەركىزى» دەپ باھالانغان. ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتى تەرىپىدىن رايونىمىزدىكى مائارىپقا ياردەم بەرگۈچى ئىلغار ئورۇن دەپ باھالانغان. 1996 - يىلى دۆلەت مائارىپ كومىتېتى تەرىپىدىن مەملىكەتلىك ئالىي مائارىپ بويىچە ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىش ئىمتىھانىغا ياردەم بەرگۈچى ئىلغار كوللېكتىپ دەپ نام بېرىلگەن. 1998 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتى تەرىپىدىن ئاپتونوم رايونىمىزدىكى

ئىجتىمائىي كۈچلەر قۇرغان مەكتەپلەر ئىچىدىكى ئىلغار ئورۇن بولۇپ باھالانغان . 1999 ـ يىلى دۆلەتلىك ئۈچ‌ۋر مىنىستىرلىقى مەملىكەتلىك ئېلېكتىرونلۇق مائارىپ مەركىزى تەرىپىدىن مەملىكەتلىك ئىلغار ئوقۇتۇش ئورنى دېگەن نام بېرىلگەن .

مەكتەپ ئادرېسى : ئۈرۈمچى شەھىرى شىمالىي بېيجىڭ يولى 40 ـ نومۇر

پوچتا نومۇرى : 830011 تېلېفون نومۇرى : 3833744 (0991)

## شىنجاڭ يېڭەن كۆل ساياھەت مەكتىپى

ئەسلى ئىسمى شىنجاڭ ساياھەت مەكتىپى ، 1994ـ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتىنىڭ تەستىقى بىلەن قۇرۇلغان . 1997 ـ يىلى شىنجاڭ ساياھەت مەكتىپى بىلەن شىنجاڭ يېڭەن كۆل كارخانا گۇرۇھى بىرلىشىپ مەكتەپ قۇرۇش كېلىشىمگە ئىمزا قويۇپ ، يېڭەن كۆل كارخانا گۇرۇھى مەكتەپ بىناسى ۋە مەكتەپ ئورنىغا مەبلەغ سالغان . ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتىنىڭ تەستىقى ئارقىلىق مەكتەپ نامى شىنجاڭ يېڭەن كۆل ساياھەت مەكتىپىگە ئۆزگەرتىلىپ ، ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتىنىڭ باشقۇرۇشىغا تەۋە بولغان ۋە ئاپتونوم رايونلۇق ساياھەت ئىدارىسىنىڭ كەسپىي يېتەكچىلىكىنى قوبۇل قىلغان . پۈتۈن شىنجاڭ دائىرىسىدە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىدىغان مەخسۇس ئوتتۇرا دەرىجىلىك ساياھەت خادىملىرىنى تەربىيىلەيدىغان ئوتتۇرا دەرىجىلىك كەسپىي مەكتەپ بولۇپ قالغان . مەكتەپ مۇدىرىيەت رەھبەرلىكىدىكى مەكتەپ مۇدىرى مەسئۇل بولۇش تۈزۈمىنى يولغا قويغان . ئوقۇتۇشتا خەنزۇ تىلى ، ئىنگلىز تىلى ، ياپون تىلى ، نېمىس تىلى ، فرانسۇز تىلى ، رۇس تىلى قاتارلىقلار قوللىنىلغان . ئاساسلىق كەسپلەردىن ساياھەت ئورۇنلىرىنى باشقۇرۇش ، يول باشلاش ، مېھمانخانا مۇلازىملىقى ۋە باشقۇرۇش قاتارلىق كەسپلەر تەسىس قىلىنغان . ئۇنىڭدىن باشقا ساياھەت ئىقتىساسلىقلار بازىرىنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن ئىلگىرى ـ كېيىن ھۆسىن تۈزەش ، ئاشپەزلىك ، كۆتكۈچىلىك ۋە قائىدە يوسۇن قاتارلىق كەسپىي سىنىپلارنى تەسىس قىلغان . 2000 ـ يىلى ئوقۇتقۇچى ، ئىشچى ـ خىزمەتچىلىرى 52 نەپەرگە ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى كەسپىي ئوقۇتقۇچىلار 36 نەپەرگە ، مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلار 610 نەپەرگە يەتكەن . مەكتەپنىڭ ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى 30000 كۋادرات مېتىر . ئۇنىڭ ئىچىدە مەكتەپ قۇرۇلۇش كۆلىمى 6000 كۋادرات مېتىر بولۇپ ، ئوقۇتۇش ئەسلىھەلىرى تولۇق .

مەكتەپ ئادرېسى : ئۈرۈمچى شەھىرى شەرقىي قارماي يولى

پوچتا نومۇرى : 830063 تېلېفون نومۇرى : 4627127 4610071 (0991)

## شىنجاڭ خۇاليەن كەسپىي مەكتىپى

1985 ـ يىلى قۇرۇلغان . ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى تەستىقلىغان ئىجتىمائىي كۈچلەر قۇرغان ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتەپىدىن ئىبارەت . ئوقۇش مۇددىتى

ئۈچ يىل. ئوقۇش مۇددىتى توشقان ھەممە نەتىجىسى لاياقەتلىك بولغانلارغا مائارىپ كومىتېتى بېسىپ تارقاتقان ئوقۇش پۈتتۈرۈش گۇۋاھنامىسى تارقىتىپ بېرىلىدۇ. ئوقۇش تارىخىنى دۆلەت ئېتىراپ قىلىدۇ. مەكتەپ كەسپىي تېخنىكوم قاتلىمىدىكى ئەمەلىيەتچان ئىختىساسلىق خادىملارنى تەربىيىلەشنى نىشان قىلىپ، ھەرقايسى كەسىپلەرنىڭ تەربىيىلەش نىشانى ۋە دەرسلىك تۈزۈلمىسىگە ئاساسەن ئوقۇ - ئوقۇتۇشنى تەشكىللىگەن. 1996 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق كومپيۇتېر قوللىنىشنى كېڭەيتىش رەھبەرلىك ئىشخانىسىنىڭ تەستىقى بىلەن رايونىمىزدىكى تۇنجى تۈركۈمدىكى كومپيۇتېر قوللىنىش تېخنىكىسىنى ئىجتىمائىيلاشتۇرۇش، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش تەربىيىلەش نۇقتىسى قاتارىغا كىرگۈزۈلگەن. بۇ مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش پىلانىنى ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتى تەستىقلايدۇ. خەنزۇ تىلىدا ئوقۇتۇش ئېلىپ بېرىلىدۇ. كەسپىي دەرسلىكلەردىن كومپيۇتېر قوللىنىش، تاشقى سودا ئىنگلىز تىلى، تاشقى سودا رۇس تىلى، ھۈنەرۋەرنچىلىك، گۈزەل سەنئەت بېزەكچىلىكى، ئامانلىق قوغداش، ماددىي ئەشيالارنى باشقۇرۇش قاتارلىقلار ئېچىلغان. مەكتەپنىڭ يەر كۆلىمى 3900 كۋادرات مېتىر. بىرلىشىپ مەكتەپ قۇرۇش شارائىتىغا ئىگە. مەكتەپ قۇرۇلغاندىن بۇيان جەمئىي 3500 دىن ئارتۇق ئوقۇغۇچىنى تەربىيىلىگەن.

مەكتەپ ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى شەرقىي باجياخۇ يولى

پوچتا نومۇرى: 830063 تېلېفون: 4612804 (0991)

## ئۈرۈمچى ئىجتىمائىي كەسپىي تېخنىكومى

1980 - يىلى تەييارلىق كۆرۈپ، 1982 - يىلى ئىشتىن سىرتقى تەربىيىلەش سىنىپى ئاچقان. 1985 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقى ئارقىلىق ئۈرۈمچى ئىجتىمائىي كەسپىي تېخنىكومى دەپ تىزىمغا ئالدۇرغان. تەسىس قىلىنغان كەسپلەردىن تەرجىمانلىق، كومپيۇتېر قوللىنىش، قانۇن، مالىيە بوغالتىرلىق، ئولتۇراق ئۆي قۇرۇلۇشى، دوختۇرلۇق، سېستىرالىق، گۈزەل سەنئەت، تەنتەربىيە قاتارلىقلار بار. 2000 - يىلى ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىسى 27 نەپەرگە، مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلار 466 نەپەرگە يەتكەن. مەكتەپنىڭ يەر كۆلىمى 26640 كۋادرات مېتىر. ھەرخىل قۇرۇلۇش كۆلىمى 23100 كۋادرات مېتىر، ئوقۇتۇش بىناسى، ئىشخانا بىناسى قاتارلىق ئوقۇتۇش ئەسلىھەلىرىدىن باشقا يەنە 3000 كۋادرات مېتىرلىق تەجرىبە بىناسى ۋە ئوقۇغۇچىلار پراكتىكا قىلغاندا ئىشلىتىلىدىغان 2664 كۋادرات مېتىرلىق مېۋىلىك بېغى ۋە پارنىكى بار. مەبلەغنىڭ ئومۇمىي قىممىتى 50 مىليون يۈەندىن ئارتۇق. مەكتەپتە يېتىپ - قوپۇپ ئوقۇيدىغان 2000 دىن ئارتۇق ئوقۇغۇچىنى سىغدۇرالايدۇ. مەكتەپ نىشانلىق ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش، ئېھتىياجغا ئاساسەن تەربىيىلەش، كەسىپكە ماس كەلتۈرۈش، ئۆگەنگەننى ئىشلىتەلەيدىغان قىلىش ئوقۇتۇش پرىنسىپىنى يولغا قويغان بولۇپ، مەكتەپ قۇرۇلغاندىن بۇيان جەمئىي 20

مىڭدىن ئارتۇق ئىختىساسلىق خادىملارنى تەربىيىلىگەن، ئۇنىڭ ئىچىدە 8000 دىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى دۆلەتلىك بىر تۇتاش ئىمتىھانغا قاتناشقان بولۇپ، ئوتتۇرا تېخنىكوم ئوقۇش تارىخىنى دۆلەت ئېتىراپ قىلىدۇ. 13 مىڭدىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى ھەرقايسى كەسىپلەردىن تەربىيىلىنىشكە قاتناشقان بولۇپ، 2000 دىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىش ئىمتىھانىغا قاتنىشىپ، مەخسۇس كۇرس ۋە تولۇق كۇرس ئوقۇش پۈتتۈرۈش گۇۋاھنامىسىگە ئېرىشكەن.

مەكتەپ ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى قارلىغاچ يولى 30 ـ نومۇر

پوچتا نومۇرى: 830049 تېلېفون نومۇرى: 2861918 (0991)

## شىنجاڭ چوڭخېڭ خۇسۇسىي مەكتىپى

ئۈرۈمچى شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقى بىلەن يۇقرىلار قۇرغان پۈتۈن كۈنلۈك تولۇق ئوتتۇرا ۋە تولۇقسىز يىرىم ئوتتۇرا مەكتەپ. مۇكەممەل يېتىشىپ چىقىش سېكتورىغا ئاساسلانغان قۇرۇلۇش ۋە ئىجتىمائىي مەدەنىيەت ۋە سەنئەت ساھەسىدىكى تۈزۈمدىكى ياتاقلىق مەكتەپ بولۇپ، مەكتەپتە مەكتەپ ئىشلىرى كومىتېتى رەھبەرلىكىدىكى مەكتەپ مۇدىرى رەھبەرلىك قىلىش ۋە مۇتەخەسسىس مەسلىھەتچىلەر گۇرۇپپىسى قەرەللىك مەسلىھەت بېرىش ھەمدە پارتىيە تەشكىلىنىڭ نازارەت قىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىش تۈزۈمى يولغا قويۇلغان. 2000 ـ يىلى كەسىپىي ئوقۇتقۇچىلار 53 نەپەرگە، باشلانغۇچ مەكتەپ 12 سىنىپقا، ئوقۇغۇچىلىرى 288 نەپەرگە، تولۇقسىز ئوتتۇرا بەش سىنىپقا، ئوقۇغۇچىلىرى 132 نەپەرگە يەتكەن. 2000 ـ يىلى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ 1 ـ يىللىقىغا يېڭى ئوقۇغۇچىلارنى ۋە ئاز ساندىكى ئۆيدە يېتىپ ئوقۇيدىغان ئوقۇغۇچىلارنى رەسمىي قوبۇل قىلغان. مەكتەپ شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ ئۆي ـ مۈلۈك، ئوقۇتۇش بىناسى، ئولتۇراق ئۆي بىناسى، تەنتەربىيە مەيدانى قاتارلىقلارنى ئىجارىگە ئالغان بولۇپ، يەر كۆلىمى 79902 كۋادرات مېتىرغا يېتىدۇ، مەكتەپ بىناسى 12000 كۋادرات مېتىرغا يەتكەن. 32 يۈرۈش ئۆلچەملىك ئوقۇتۇش سىنىپى، كۆپ ۋاستىلىك كومپيۇتېر ئۆيى، كۆپ ۋاستىلىك تىل ئۆيى، كىتاب ماتېرىياللار ئىشخانىسى، مۇزىكا ئۆيى، تەنتەربىيە زالى، بەدەن گۈزەللىك ئۆيى قاتارلىقلار بىردىن قۇرۇلغان. ئەمگەك بازىسى 500 كۋادرات مېتىر. 1998 ـ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي كۈچلەر قۇرغان مەكتەپلەر ئىچىدىكى ئىلغار ئورۇن دەپ باھالانغان.

مەكتەپ ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى يەنبىڭ يولى 12 ـ نومۇر

پوچتا نومۇرى: 830040 تېلېفون نومۇرى: 3736616 (0991)

## شىنجاڭ گۇاڭخۇا خۇسۇسىي مەكتىپى

1998 ـ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتىنىڭ تەستىقى بىلەن قۇرۇلغان پۈتۈن كۈنلۈك تۈزۈمدىكى خەلق باشقۇرۇشىدىكى ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپ، قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە مەكتەپ ئەسلىدىكى شىنجاڭ بانكا مەكتىپىنىڭ مەكتەپ

بىناسىنى ئىجارىگە ئالغان بولۇپ، ئوقۇغۇچىلىرى 100گىمۇ يەتمەيتتى. ئوقۇتقۇچىلىرى 30 نەپەردىن ئارتۇق ئىدى. مەكتەپ ۋاقىتقا بۆلۈپ 120 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىپ، ئۈرۈمچى يېڭىشەھەر رايونى دىۋوپۇ رايونىدا كۆپ ئىقتىدارلىق زامانىۋىلاشقان، باغچىلاشقان، 4000 دىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى سىغدۇرالايدىغان، زامانىۋى مەكتەپ قۇرۇپ چىقىشنى پىلانلىغان. 1 - قارارلىق قۇرۇلۇشتا ئوقۇتۇش بىناسى، ئىلىم - پەن مەركىزى، سەنئەت مائارىپ مەركىزى، ئوقۇغۇچىلار، ئوقۇتقۇچىلار ياتاق بىناسى، ئاشخانا قاتارلىقلار سېلىنغان بولۇپ، 2000 - يىلى كۈزدە رەسمىي ئىشلىتىلىشكە باشلىغان. مۇئاۋىن رەئىس ۋاڭ خۇۋېيۇ مەكتەپ نامىنى يېزىپ بەرگەن. 2000 - يىلى 95 ئوقۇتۇش سىنىپى، 2700 نەپەردىن ئارتۇق ئوقۇغۇچىسى بولۇپ، نۆۋەتتە شىنجاڭدىكى كۆلىمى ئەڭ چوڭ، ئوقۇغۇچىلىرى ئەڭ كۆپ، خۇسۇسىي ئوتتۇرا مەكتەپ بولۇپ قالدى. ساپا مائارىپىنى ئومۇميۈزلۈك ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن مەكتەپ ئۆزىنىڭ ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈش ئۈچۈن كىچىك سىنىپلىق ئوقۇتۇش، دەرىجىگە ئايرىپ ئوقۇتۇش، قاتلامغا ئايرىپ مەشىق قىلدۇرۇش، قاتلاملار بويىچە ئىمتىھان ئېلىشتەك ئالاھىدە مائارىپنى يولغا قويۇپ، ئوقۇتۇش خىزمىتىنىڭ نىشانىنى باشقۇرۇش، تۈزۈمنى باشقۇرۇش، جەرياننى باشقۇرۇش ۋە دائىملىق باشقۇرۇشقا ئەھمىيەت بەردى. ياتاقلىق تۈزۈمدىكى مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ مەكتەپتىكى ۋاقتىنىڭ ئۇزۇن بولۇشتەك ئەۋزەللىكىدىن پايدىلىنىپ دەرستىن سىرتقى پائالىيەت ۋە پەننى ئومۇملاشتۇرۇش پائالىيەتلىرىنى بېيىتىپ ۋە كۆپ خىللاشتۇرۇپ، پىئانىنو، ئېلېكترونلۇق رويال، ئىسكىرىپكا، ئاككوردىيون، ئۇسسۇل، مۇزىكا، خەتتاتلىق، رەسىم، قورشاۋ شاھمات، ۋاسكېتبول، پۇتبول، تىكتاك توپ، پەي توپ، ۋالىبول، يېنىك ئاتلېتىكا، كومپيۇتېر، ئىنگلىز تىلى، ناتىقلىق، ئاسترونومىيىلىك كۆزىتىش، نۇسخا يىغىش قاتارلىق كۆپ خىل ھەۋەسكارلار كۆرۈزۈكىنى ئاچتى.

ئادرېسى: ئۈرۈمچى كىچىك دىۋوپۇ

پوچتا نومۇرى: 830000 تېلېفون نومۇرى: 3968538 (0991)

**شىنجاڭ ۋېيدى مىللىي مۇزىكا سەنئەت كەسپىي مەكتىپى**

مىللىي مۇزىكا ئىختىساسلىق خادىملىرىنى تەربىيىلەشنى ئاساس قىلغان ئىشتىن سىرتقى سەنئەت مەكتىپىدۇر. 1998 - يىلى ئۈرۈمچى شەھىرى جۇڭشەن يولىدىكى ۋېيدى چالغۇ ئەسۋابلار دۇكىنى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى تۇنجى گۇجىڭ كەسپىي سىنىپىنى تەسىس قىلدى. 1999 - يىلى 9- ئاينىڭ 20 - كۈنى شىنجاڭ ۋېيدى مىللىي مۇزىكا سەنئەت مەكتىپى ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتىنىڭ تەستىقىدىن ئۆتۈپ رەسمىي قۇرۇلدى ھەم ئۈرۈمچى خەلق مەيدانىدا مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا دۆلەت قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى تەبرىكلەش، ئاۋمىنىڭ ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كېلىش يۈزىسىدىن 100 كىشىلىك گۇجىڭ سەنئەت نومۇرى ئورۇنلاش پائالىيىتى ئۆتكۈزدى.

مەكتەپ بىر تۈركۈم مۇنەۋۋەر كەسپىي ئوقۇتقۇچىلارنى ھەم شىنجاڭ مەدەنىيەت – سەنئەت ساھەسى ۋە مۇزىكا مائارىپى ساھەسىدىكى 12 نەپەر داڭلىق سەنئەتكارنى تەكلىپ قىلىپ ، مائارىپ مەسلىھەتچىلىكىگە قويدى . مەكتەپ بىر مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىپ توققۇز ئوقۇتۇش نۇقتىسى تەسىس قىلغان بولۇپ ، گۇجەك ، پىيا ، ئىرخۇ ، ساكسېفون ، گىتار ، ئۇسسۇل ، خەتتاتلىق ، رەسساملىق قاتارلىق كەسپىي دەرسلەر تەسىس قىلدى . مەكتەپ بىناسىنىڭ يەر كۆلىمى 3000 كۋادرات مېتىر . مەكتەپ يەنە مۇزىكا ئەسۋابلىرى زاۋۇتى ، ياش – ئۆسمۈرلەر سەنئەت ئۆمىكى قاتارلىقلارنى قۇردى . 2000 – يىلى ئوقۇتقۇچى ، خىزمەتچىلەر 50 نەپەرگە ، ئوقۇتۇش سىنىپى 28 گە ، مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلىرى 1200 نەپەرگە يەتتى .

مەكتەپ ئادرېسى : ئۈرۈمچى شەھەرلىك خەلق باغچا شىمالىي كوچىسى 2 ـ نومۇر پوچتا نومۇرى : 830002،تېلېفون نومۇرى : 5849688 (0991)

**شىنجاڭ غەربىي دىيار كەسپىي مەكتىپى**

يەنە بىر نامى ئۈرۈمچى مەشئەل مەكتىپى . شىنجاڭ غەربىي دىيار كەسپىي مەكتىپى 1994 ـ يىلى 6 ـ ئايدا قۇرۇلغان بولۇپ ، ئەسلى نامى شىنجاڭ خۇيدا سودا تەربىيىلەش مەركىزى ئىدى . 1995 ـ يىلى 8 ـ ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتىنىڭ تەستىقى بىلەن شىنجاڭ غەربىي دىيار كەسپىي مەكتىپى بولۇپ قۇرۇلغان . مەكتەپ ئوتتۇرا دەرىجىلىك كەسپىي مائارىپ ئورگىنى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ . يەتتە كەسىپ تەسىس قىلىنغان بولۇپ ، مەلۇم كەسپىي بىلىمگە ۋە كەسپىي ماھارەتكە ھەم بىر قەدەر كۈچلۈك پائالىيەتچانلىققا ئىگە ، ئەتراپلىق تەرەققىي قىلغان كەسپىي تېخنىك خادىملارنى تەربىيىلەشكە ئەھمىيەت بەرگەن . 2000 ـ يىلى مەخسۇس ۋە قوشۇمچە ئوقۇتقۇچىلار 55 نەپەرگە (ئۇنىڭ ئىچىدە ئالىي ئۇنۋانى بارلار توققۇز نەپەر ، ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئۇنۋانى بارلار 20 نەپەرگە ، تۆۋەن دەرىجىلىك ئۇنۋانى بارلار 26 نەپەرگە ) يەتكەن . ئوقۇتۇش سىنىپى 20 گە ، ئوقۇغۇچىلار 600 نەپەرگە يەتكەن . مەكتەپتە ھازىر مېھمانخانا ، ياتاقخانا ، بەدەن چېنىقتۇرۇش ئۆيى ، كومپيۇتېر ، سىلسارلىق ، ئېلېكترلەشكەن ئوقۇتۇشنى باشقۇرۇش ، مالىيە بوغالتىرلىق قاتارلىق سەككىز تەجرىبىخانىسى بار . كۈتۈپخانىدا ساقلىنىۋاتقان كىتابلار 10 مىڭ پارچىدىن ئارتۇق . مەكتەپ قۇرۇلغاندىن بۇيان ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچى جەمئىي 1500 نەپەردىن ئارتۇق . بۇ مەكتەپ مەكتەپنىڭ تېخىمۇ چوڭ تەرەققىياتلارغا ئېرىشىشى ئۈچۈن ئىزدىنىپ ، يۇقىرى دەرىجىلىك مائارىپ تارماقلىرىنىڭ تەستىقلىشى ئارقىلىق ، ئۈرۈمچى شەھەرلىك يۇقىرى يېڭى تېخنىكا مەھسۇلاتلىرىنى ئېچىش رايونى بىلەن كېلىشىم تۈزۈپ ، شىنجاڭ غەربىي دىيار تېخنىكا مەكتىپى بىلەن ئەسلىدىكى ئۈرۈمچى شەھەرلىك 45 ـ ئوتتۇرا مەكتەپنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈپ ، خەلق قۇرۇش ، ھۆكۈمەت ياردەم بېرىش خاراكتېرىدىكى ئوتتۇرا تېخنىكوم ، ئوتتۇرا باشلانغۇچ ، بالىلار باغچىسى بىر گەۋدە

قىلىنغان ئۈرۈمچى شەھەرلىك مەشئەل مەكتىپىنى قۇرۇپ چىقتى . 2000 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى ئۈرۈمچى مەشئەل مەكتىپى رەسمىي قۇرۇلدى . مەكتەپنىڭ يەر كۆلىمى 66600 كۋادرات مېتىر ، قۇرۇلۇش كۆلىمى 16000 كۋادرات مېتىر . مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلار 1300 نەپەردىن ئارتۇق . نۆۋەتتە بۇ مەكتەپ ئۈرۈمچى رايونىدىكى ئالدىنقى قاتاردىكى ئۇنىۋېرسال ئوقۇتۇش بىناسى ۋە ئوقۇتۇش تەجرىبە ئۈسكۈنىلىرىگە ئىگە .

مەكتەپ ئادرېسى : ئۈرۈمچى شەھىرى شىمالىي بېيجىڭ يولى 43 ـ نومۇر
پوچتا نومۇرى : 830011 تېلېفون نومۇرى : 3741091 (0991)

## ئۈرۈمچى ئەمەلىي تېخنىكا تەربىيىلەش مەكتىپى

1993 ـ يىلى قۇرۇلغان . ئەسلى نامى ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئەمەلىي تېخنىكا تەربىيىلەش مەركىزى . مەكتەپ ھەرخىل كەسپىي تېخنىكا بويىچە تەربىيىلەشنى ئاساسىي مەزمۇن ، ئوتتۇرا ، قىسقا مەزگىللىك تەربىيىلەشنى ئالاھىدىلىك قىلىپ ئوقۇتۇش ئېلىپ بارغان ئالتە يىلدىن بۇيان مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا كومپيۇتېر ، چەت ئەل تىلى ، مالىيە سودا ، بىناكارلىق قۇرۇلۇش ، مەدەنىيەت ـ سەنئەت ، ئائىلە ئېلېكتر سايمانلىرى تېخنىكىسى ، چوڭلار ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانى مەخسۇس كۇرستىن تولۇق كۇرسقا ئۆرلەش دەرسلىكلىرىگە يېتەكچىلىك قىلىش قاتارلىق 25 كەسپتىن 670 قارار تەربىيىلەش سىنىپى ئېچىپ ، جەمئىي 26000 نەپەردىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى تەربىيىلىگەن . بەش ئوقۇتۇش نۇقتىسى تەسىس قىلىنغان بولۇپ ، مەكتەپ بىناسىنىڭ كۆلىمى 8000 كۋادرات مېتىردىن ئارتۇق . مۇقىم مۈلكى 20 مىليون يۈەندىن ئاشىدۇ . كۆپ قېتىم ئاپتونوم رايون ۋە ئۈرۈمچى شەھىرى تەرىپىدىن «ئىجتىمائىي كۈچلەر مەكتەپ قۇرۇشتىكى ئىلغار ئورۇن» ، «ئاپتونوم رايونلۇق كومپيۇتېر ئەمەلىي تېخنىكىنى جەمئىيەتكە يۈزلەندۈرۈپ تەربىيىلەش خىزمىتىدىكى ئىلغار تەربىيىلەش نۇقتىسى» ، «كەسپىي تېخنىكا بويىچە تەربىيىلەشتىكى ئىلغار ئورۇن» ، «خەلق ئىگىلىكىدىكى پەن ـ مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى ئىلغار كوللېكتىپ» دەپ باھالانغان .

مەكتەپ ئادرېسى : ئۈرۈمچى شەھىرى دوستلۇق جەنۇبىي يول 119 ـ نومۇر
پوچتا نومۇرى : 830000 تېلېفون نومۇرى : 4817368 (0991)

## شىنجاڭ ئاپتوموبىل كەسپىي تېخنىكا مەكتىپى

1992 ـ يىلى قۇرۇلغان ، 1994 ـ يىلى ئاپتوموبىل كەسپىي تەربىيىلەش بازىسىنى قۇرۇپ چىققان . مەكتەپ ئوقۇتۇش بىناسى ، ئوقۇغۇچىلار ياتاق بىناسى ، ئېلېكترلەشكەن دەرسخانا ، كومپيۇتېر تەقلىدىي ئىمتىھان سىنىپى ، ئاپتوموبىل جازىسى ، ئاپتوموبىل توك يولى ، ئاپتوموبىل مودېلى قاتارلىق 6670 كۋادرات مېتىرلىق

مەخسۇس سىنىپقا ھەم 20 دانە كومپيۇتېر تەقلىدىي ئىمتىھان ئېلىش ماشىنىلىرىغا ئىگە بولۇپ ، بىر قەدەر مۇكەممەل بولغان ئېلېكترلەشكەن ئوقۇتۇش ئەسلىھەلىرى بولغاندىن سىرت ، 90 دانە چوڭ ـ كىچىك مەشىق قىلىش ئاپتوموبىلىغا ئىگە ، A،B، C،D،E،F قاتارلىق ھەرخىل تۈرلەر بويىچە تەربىيىلەش ئېلىپ بارىدىغان ئۈنىۋېرسال شوپۇرلۇق مەكتىپى . 2000 ـ يىلى ئوقۇتقۇچى ، خىزمەتچىسى 98 نەپەرگە يەتكەن . مەكتەپ قۇرۇلغاندىن بۇيان جەمئىي 10 مىڭدىن ئارتۇق ئاپتوموبىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى تەربىيىلەپ چىققان . ئىلگىرى ـ كېيىن ئۈرۈمچى شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسى تەرىپىدىن شوپۇر تەربىيىلەش مەركەزلىرى ئىچىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ ، ئاپتونوم رايونلۇق قاتناش نازارىتى تەرىپىدىن 1996 ـ ، 1997 ـ ، 1998 ـ يىللىرى شوپۇر تەربىيىلەشتىكى ئىلغار ئورۇن ، 1997 ـ يىلى شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسى ئاپتوموبىل باشقۇرۇش ئورنىنىڭ باھالىشىدا نەتىجىسى گەۋدىلىك بولغان ئىلغار ئورۇن قاتارلىق ناملارغا ئېرىشكەن . 2000 ـ يىلى قاتناش مىنىستىرلىقى تەرىپىدىن مەملىكەتلىك مەدەنىيەتلىك ئاپتوموبىل شوپۇر تەربىيىلەش مەكتىپى دېگەن نامغا ئېرىشكەن .

مەكتەپ ئادرېسى : ئۈرۈمچى شەھىرى تيەنجىن شىمالىي يولى

پوچتا نومۇرى : 830000 تېلېفون نومۇرى : 6621265 (0991)

شىنجاڭ ئىلى يېڭىسەي مەكتىپى

1999 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى قۇرۇلغان . ئىلى رايونىدىكى باللار باغچىسى ، باشلانغۇچ مەكتەپ ، تولۇقسىز مەكتەپ ، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ بىر گەۋدە قىلىنىپ ، 16 يىللىق ئوقۇش تۈزۈمىنى يولغا قويغان ياتاقلىق مەكتەپلەرنىڭ بىرى . 2000 ـ يىلى كەسپىي ئوقۇتقۇچىلار 60 نەپەرگە ، ئوقۇتۇش سىنىپى 22 گە ، مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلار 800 نەپەرگە يەتكەن . مەكتەپ 30 مىليون يۈەن توپلاپ ، كۆپ ئىقتىدارلىق زامانىۋىلاشقان ئۈنىۋېرسال ئوقۇتۇش بىناسى ۋە ئۆلچەملىك ئوقۇغۇچىلار ياتاق بىناسى ھەم بىرلا ۋاقىتتا 1600 دىن ئارتۇق ئادەمنى سىغدۇرالايدىغان ئوقۇغۇچىلار ئاشخانىسى قاتارلىقلارنى قۇرۇپ چىققان . مەكتەپنىڭ زامانىۋىلاشقان ئوقۇتۇش ئەسلىھەلىرىدىن ئۈچ ئېغىزلىق بىرلا ۋاقىتتا 120 ئوقۇغۇچىغا دەرس ئۆتكىلى بولىدىغان كۆپ مېدىيالىق تور دەرسخانىسى ، 400دىن ئارتۇق كىشىنى سىغدۇرالايدىغان كۆپ مېدىيالىق ئېلېكترلەشكەن دوكلات زالى ، يېپىق يوللۇق قوش يۆنىلىشلىك ئوقۇتۇشنى كونترول قىلىش سىستېمىسى ، كومپيۇتېر مەكتەپ ئىچى تور سىستېمىسى قاتارلىق تۈرلەر بار . مەكتەپ يەنە مەبلەغ سېلىپ 400 مېتىرلىق ئۆلچەملىك يۈگۈرۈش يولى بولغان ، يېشىللاشقان پۇتبول مەيدانى قاتارلىقلارنى يېڭىدىن قۇردى ، مەكتەپنىڭ ئومۇمىي قۇرۇلۇش كۆلىمى 30000 كۋادرات مېتىردىن ئارتۇق .

مەكتەپ ئادرېسى : غۇلجا شەھىرى ئىقتىسادىي ئېچىۋېتىلگەن رايون

پوچتا نومۇرى : 835000 تېلېفون نومۇرى : 8129333 (0999)

## كورلا شەھىرى لى مىن مەكتىپى

1993 ـ يىلى پېنسىيىگە چىققان ئوقۇتقۇچى چىن شۇيىڭ كۆپ تەرەپتىن مەبلەغ توپلاش ئارقىلىق 800 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ قۇرغان ئاقما نوپۇس پەرزەنتلىرىنى ۋە تۆۋەن كىرىملىك ئائىلىلەرنىڭ پەرزەنتلىرىنى ئوقۇتۇدىغان خەلق باشقۇرۇشىدىكى مەكتەپ. 2000 ـ يىلى ئوقۇش يېشىدىن ئىلگىرىكى سىنىپتىن ئىككىسى، پۈتۈن كۈنلۈك تۇزۇمدىكى باشلانغۇچ سىنىپىدىن 15ى، تولۇقسىز سىنىپتىن ئىككىسى بار بولۇپ، ئوقۇغۇچىلار سانى 1000 نەپەردىن ئاشقان، كەسپىي ئوقۇتقۇچىلار 60 نەپەرگە يەتكەن. مەكتەپنىڭ يەر كۆلىمى 19980 كۋادرات مېتىر، مەكتەپ بىناسىنىڭ كۆلىمى 4000 كۋادرات مېتىر، مۇقىم مۈلكى 5 مىليون يۈەندىن ئاشىدۇ. مەكتەپ قۇرۇلغان 6 يىلدىن بۇيان، ئارقىمۇ ئارقا شەھەر، ئوبلاست ۋە ئاپتونوم رايون تەرىپىدىن ئىجتىمائىي كۈچلەر مەكتەپ قۇرۇشتىكى ئىلغار ئورۇن بولۇپ باھالاندى. يولداش چىن شۇيىڭ ئىلغار مائارىپ خىزمەتچىسى بولۇپ باھالىنىپ، كورلا شەھەرلىك 6 ـ نۆۋەتلىك سىياسىي كېڭەش ئەزالىقىغا سايلاندى.

مەكتەپ ئادرېسى : كورلا شەھىرى يېڭىشەھەر رايونى

پوچتا نومۇرى : 84100 تېلېفون نومۇرى : 2155849 (0996)

## كورلا شەھەرلىك لەن تيەن باللار باغچىسى

1998 ـ يىلى 8 ـ ئايدا كورلا شەھەرلىك خەلق سودا سارىيى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى تەرىپىدىن قۇرۇلغان. 2000 ـ يىلى باللار باغچىسىدىكى ئوقۇغۇچىلار 360 نەپەرگە، كەسپىي ئوقۇتقۇچىلار 39 نەپەرگە يەتكەن. باللار باغچىسىنىڭ ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى 4800 كۋادرات مېتىر، ئوقۇتۇش، تۇرمۇش ئەسلىھەلىرى تولۇق ۋە مۇكەممەل، ھەربىر سىنىپقا پىئانىنو، تېلېۋىزور، ئۈنئالغۇ، مىكروبسىزلاندۇرۇش ئۈسكۈنىسى قاتارلىقلار سەپلەنگەن. باغچا ئىچىدە كۆپ ئىقتىدارلىق زال، ئېلېكترونلۇق رويال، گومپا مەشىق قىلىش ئۆيى قاتارلىقلار تەسىس قىلىنغان بولۇپ، ئوقۇتۇش شارائىتى بىرقەدەر ياخشى. باللار باغچىسى ئاقارتىش تەربىيىسى ۋە ئالاھىدە تەربىيىگە ئەھمىيەت بېرىپ، باللارنىڭ ئىندىۋىدۇئال ئالاھىدىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا كۆڭۈل بۆلۈپ، ئالاھىدىلىككە ئىگە باغچا قۇرۇش يولىدا ماڭغان.

مەكتەپ ئادرېسى : كورلا شەھەرلىك خەلق سودا سارىيى

پوچتا نومۇرى : 841000 تېلېفون نومۇرى : 2023128 (0996)

## شىخەنزە شەھەرلىك يۈ يىڭ مەكتىپى

بۇ مەكتەپنى بىر تۈركۈم پېنسىيىگە چىققان ئوقۇتقۇچىلار بىرلىشىپ قۇرغان.

1982 ـ يىلى شىخەنزە شەھەرلىك مائارىپ كومىتېتىنىڭ تەستىقىدىن ئۆتكەن خەلق باشقۇرۇشىدىكى مەكتەپ . 1993 ـ يىلدىن بۇرۇن ، پراكتىكا تەربىيىسىنى يولغا قويغان بولۇپ ، ئەينى ۋاقىتتا پراكتىكىغا قاتناشقانلارنىڭ كۆپچىلىكى تولۇقسىز ، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى پۈتتۈرگەنلەر بولۇپ ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئومۇمىي سانى 12700 دىن ئارتۇق كىشىگە يەتكەن . 1993 ـ 1995 ـ يىلغىچە مەكتەپ بازار ئېگىلىكىنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشىش ئۈچۈن ، ئىككى يىللىق بازار تىجارىتى ئالىي تېخنىكوم سىنىپى ئاچقان . 1995 ـ يىلدىن كېيىن شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتى بىلەن بىرلىشىپ ئۈچ يىللىق باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرى ئالىي تېخنىكوم سىنىپى ۋە بالىلار باغچىسى ئوقۇتقۇچىلىرى ئالىي تېخنىكوم سىنىپى ئېچىپ ، شىخەنزە شەھىرى ۋە تۇەن ـ مەيدانلار ئۈچۈن 69 نەپەر باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى ، بالىلار باغچىسى كەسپىي ئوقۇتقۇچىلىرىنى تەربىيىلەپ بەرگەن . شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتىنىڭ تەستىقى ئارقىلىق مەكتەپ 1993 ـ يىلدىن باشلاپ ئىككى يىللىق چوڭلار تولۇق ئوتتۇرا سىنىپى ئاچقان . مەكتەپ قۇرۇلغان 13 يىلدىن بۇيان كۆپ قېتىم يۇقىرى دەرىجىلىك باشقۇرغۇچى تارماقلارنىڭ باھالاپ مۇئەييەنلەشتۈرۈشىگە سازاۋەر بولغان . ئىككى قېتىم ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتى تارقاتقان «ئىجتىمائىي كۈچلەر قۇرغان مەكتەپلەر ئىچىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ» ۋە «ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي كۈچلەر مەكتەپ قۇرۇشتىكى ئىلغار ئورۇن» قاتارلىق شەرەپلىك ناملارغا ئېرىشكەن ھەم 2000 ـ يىلى شىخەنزە شەھەرلىك مائارىپ خىزمەت يىغىنىدا تەقدىرلەنگەن .

مەكتەپ ئادرېسى : شىخەنزە شەھىرى بەخت يولى

پوچتا نومۇرى : 832000 تېلېفون نومۇرى : 2034470 (0993)

## شىخەنزە شەھەرلىك يىنخې بالىلار باغچىسى

1997 ـ يىلى 9 ـ ئايدا قۇرۇلغان . ئىنگلىز تىلى ، رەسىم ، ئۇسسۇل ، چامباشچىلىق ، مۇزىكا قاتارلىق ئالاھىدە دەرسلەر تەسىس قىلىنغان . 2000 ـ يىلى چوڭ ، ئوتتۇرا ، كىچىك بولۇپ جەمئىي 10 سىنىپقا ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىنغان . ئوقۇغۇچىلار سانى 320 نەپەرگە ، كەسپىي ئوقۇتقۇچىلار 23 نەپەرگە يەتكەن . مەكتەپنىڭ يەر كۆلىمى 77110 كۋادرات مېتىر . مەكتەپ بىناسىنىڭ كۆلىمى 24443 كۋادرات مېتىر .

مەكتەپ ئادرېسى : شىخەنزە شەھىرى شىمالىي 1 ـ يول 4 ـ نومۇرلۇق رايون 256 ـ نومۇر .

پوچتا نومۇرى : 832000 تېلېفون نومۇرى : 2817721 (0993)

## قۇمۇل شەھەرلىك يۇشىن باشلانغۇچ مەكتىپى

ئەسلى ئاساسىي قۇمۇل نېفىت رايونى باۋباۋلى بالىلار باغچىسى ، مەكتەپ بالىلار

باغچىسىنىڭ ئاساسىدا ئاستا ـ ئاستا تەرەققىي قىلىپ بارلىققا كەلگەن. قىسقىغىنە بىر نەچچە يىلنىڭ ئىچىدە سىرتتىن مەبلەغ يىغىش، ئۆزى توپلاش، بانكىدىن قەرز ئېلىش قاتارلىق ھەرخىل شەكىللەر ئارقىلىق مەبلەغ توپلاپ، تىرىشىپ ئوقۇتۇش شارائىتىنى ياخشىلىدى. ئەڭ دەسلەپتە ئىجارىغا ئالغان ئالتە ئېغىزلىق مەكتەپ ئەسلىھەسىدىن تەرەققىي قىلىپ دەرسخانا، ئىشخانا، كومپيۇتېرخانا، كۇتۇپخانا قاتارلىق ئوقۇتۇش تورمۇش ئەسلىھەلىرى مۇكەممەل بولغان، ئۆلچەملەشكەن مائارىپ ئورنىغا ئايلانغان. ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ تەسۋىر چۈشۈرۈش ئاپپاراتى، ماگنىتلىق دوسكا، تېلېۋىزور، VCD، ئۈن ـ سىن ئۈسكۈنىلىرى، ئېلېكترونلۇق رويال، ئۈنئالغۇ قاتارلىق بىر يۈرۈش زامانىۋى ئوقۇتۇش ئەسلىھەلىرىنى سېتىۋالغان. نۆۋەتتە بۇ مەكتەپنىڭ يەر كۆلىمى 11220 كۋادرات مېتىر. ئومۇمىي قۇرۇلۇش كۆلىمى 1700 كۋادرات مېتىردىن ئارتۇق. بۇ مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى ئاساسلىقى نېفىت ئىچىش رايونىدىكى ھەرخىل ئىگىلىك بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنىڭ پەرزەنتلىرى بولۇپ، مۇقىمسىزلىقى بىر قەدەر كۈچلۈك. مەكتەپ پۈتۈن ياتاقتا يېتىپ ئوقۇيدىغان، يېرىم ياتاقتا يېتىپ ئوقۇيدىغان، بېرىپ ـ كېلىپ ئوقۇيدىغان، مەخسۇس ماشىنا بىلەن ئەكىلىپ ـ ئاپىرىپ قويىدىغان بىر نەچچە تۈرلۈك مۇلازىمەتنى يولغا قويغان ھەم ئائىلىسىدە قىيىنچىلىقى بار ئوقۇغۇچىلارغا قارىتا ئوقۇش ھەققىنى مۇۋاپىق ھالدا كېمەيتكەن. 2000 ـ يىلى ئوقۇتقۇچى ـ خىزمەتچىلەر 25 نەپەر، باللارنىڭ چوڭ، ئوتتۇرا، كىچىك ۋە ئوقۇشتىن ئىلگىرىكى سىنىپلاردىكى ئوقۇغۇچى سانى 148 نەپەرگە، باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ 1 ـ يىللىقتىن 5 ـ يىللىقىغىچە ئالتە سىنىپ ئوقۇغۇچى سانى 260 نەپەرگە، پۈتۈن مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئومۇمىي سانى 408 نەپەرگە يەتكەن.

مەكتەپ ئادرېسى: قۇمۇل نېفىت بازىسى.

پوچتا نومۇرى: 839000 تېلېفون: 2370162 (0902)

**قۇمۇل شەھەرلىك لى يۈەن باللار باغچىسى**

1999 ـ يىلى 8 ـ ئايدا قۇرۇلغان. يەر مەيدانى 7100 كۋادرات مېتىر. مەكتەپ بىناسىنىڭ كۆلىمى 3410 كۋادارات مېتىر، ئالدىنقى قاتاردىكى مۇھىت ۋە ئالدىنقى قاتاردىكى ئوقۇتۇش ئەسلىھەلىرى ۋە مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىغا ئىگە بولغان ھەمدە ۋىلايەت بويىچە 1 ـ دەرىجىلىك بولۇپ باھالانغان باللار باغچىسى. 2000 ـ يىلى چوڭ، ئوتتۇرا، كىچىك ۋە ئوقۇش يېشىدىن ئىلگىرىكى باللار سىنىپى بولۇپ، جەمئىي 11 سىنىپ بار بولۇپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانى 500 نەپەرگە، كەسپىي ئوقۇتقۇچىلار 23 نەپەرگە يەتكەن. باللار باغچىسى زامانىۋىلاشقان ئوقۇتۇش ئۈسكۈنىلىرىنى سەپلىگەن بولۇپ، مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە مەدەنىيەت سەنئەت مائارىپ دەرسلىكى تەسىس قىلغان.

ئادرېسى: قۇمۇل شەھىرى تەڭرىتاغ شىمالىي يولى لى يۈەن كىچىك رايونى

پوچتا نومۇرى: 839000 تېلېفون: 2361042 (0902)

# مائارىپ ئاپپاراتلىرى

## شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتى

مائارىپ نازارىتىنىڭ ئەسلى ئاساسى چىڭ ھۆكۈمىتى 1906 - يىلى تەسىس قىلغان مەكتەپلەر مەھكىمىسى بولۇپ، ئەينى ۋاقىتتا بۇ ئاپپارات ئىچىدە نازارەتچى، ستاتىستىكىچى، پۈتۈكچى ۋە ئادەتتىكى خىزمەتچى بولۇپ جەمئىي 47 شتات تەسىس قىلغان. 1908 - يىلى بۇ مەھكىمە ئىچىدە يەنە ئوقۇش ئىشلىرى ئىشخانىسى تەسىس قىلىنغان ھەمدە بۇ ئىشخانا ئىچىدە خوجىلىق بۆلۈم، ئادەتتىكى مائارىپ بۆلۈمى، مەخسۇس مائارىپ بۆلۈمى، ماتېرىيال بۆلۈمى، بوغالتىرلىق بۆلۈمى قاتارلىق ئىش بېجىرىش ئاپپاراتلىرى تەسىس قىلىنغان. شىنخەي ئىنقىلابىدىن كېيىنكى 1913 - يىلى شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ئىشلار ئەمەلدارى مەھكىمىسىدە مائارىپ مەھكىمىسى تەسىس قىلىنغان، كېيىن ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقى تۈپەيلى مائارىپ ئىدارىسىغا، ئۇنىڭدىن كېيىن بولسا مائارىپ بۆلۈمىگە ئۆزگەرتىلگەن. مائارىپ مەھكىمىسىنىڭ خىزمەت ۋەزىپىسى: ھۆكۈمەت ئىگىلىكىدىكى مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتقۇچى، خىزمەتچىلىرىگە مۇناسىۋەتلىك ئىشلار، مائارىپ يىغىنلىرى، كىتاب تەكشۈرۈش يىغىنلىرى، مائارىپ كۆرگەزمە ئىشلىرى، مەكتەپ سەھىيە خىزمىتى ۋە ھۆكۈمەت ئىگىلىكىدىكى مەكتەپلەرنى قۇرۇش ئىشلىرى، پېداگوگىكا مەكتەپلىرى، ئوتتۇرا مەكتەپلەر، باشلانغۇچ مەكتەپلەر ۋە دەسلەپكى ئاقارتىش مەكتەپلىرىنىڭ ھەرتۈرلۈك ئىشلىرى، ئادەتتىكى مەكتەپلەر، گاس - گاچىلار مەكتىپى ھەمدە باشقا ئالاھىدە ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئىشلىرى، ھۆكۈمەت ئىگىلىكى ۋە خۇسۇسىي ئىگىلىكىدىكى كەسپىي مەكتەپلەرنىڭ ئىشلىرى، ھەرخىل ئىلمىي مۇھاكىمە پەنلىرى، كۇتۇپخانا، مۇزېي ۋە قەدىمىي جانلىقلارنى توپلاش ئىشلىرى، گۈزەل سەنئەت، ئەدەبىيات - سەنئەت، مۇزىكا ئىشلىرى، ئاممىباب مائارىپ ئىشلىرى قاتارلىقلارنى باشقۇرۇش ئىدى. 1918 - يىلى مائارىپ نازارىتى قۇرۇلدى. مالىيە قىيىنچىلىقى تۈپەيلى سىياسىي ئىشلار نازارىتىنىڭ باشلىقى مائارىپ نازىرى بولۇش، نازارەت ئىچىدە پەقەتلا خوجىلىق بۆلۈمىدىن ئىبارەت بىرلا بۆلۈم تەسىس قىلىش قارار قىلىندى: مائارىپ نازارىتىنىڭ ۋەزىپىسى بولسا مەركىزىي مائارىپ مىنىستىرلىقىنىڭ بۇيرۇقلىرى ۋە شىنجاڭ ئۆلكىسى ئۆلكە باشلىقىنىڭ نازارىتى ئاستىدا پۈتۈن شىنجاڭنىڭ مائارىپ مەمۇرىي ئىشلىرىنى يولغا قويۇش ھەمدە مائارىپ مەمۇرىيىتىدىن باشقا مەخسۇس مەسىلىلەرنى بېجىرىش ئىدى. بۇ نازارەتنىڭ شىنجاڭدىكى بارلىق مائارىپ مەمۇرىي خادىملىرىغا قارىتا باشقۇرۇش، نازارەت قىلىش ھوقۇقى بار ئىدى. پەقەت ئۆلكە قارمىقىدىكى مەخسۇس مەكتەپلەر مۇدىرلىرىنى شىنجاڭنىڭ ئۆلكە باشلىقى تەيىنلىگەندىن سىرت، باشقا بارلىق

، قارمىقىدىكى ئوتتۇرا دەرىجىلىك مەكتەپلەرنىڭ مۇدىرلىرىنى ھەمدە ناھىيلەر
شىپ قۇرغان مەكتەپلەرنىڭ مۇدىرلىرىنى دېگۇدەك مائارىپ نازىرى ۋەزىپىگە
لەيتتى ھەمدە شىنجاڭنىڭ ئۆلكە باشلىقى ۋە مائارىپ مىنىستىرلىقىنىڭ ئەنگە
ىغا يوللايتتى . ئۇنىڭدىن باشقا ، ھەرقايسى ناھىيلەرنىڭ مائارىپ ئىشلىرىغا قارىتا
ەت قىلىشنى يۈرگۈزەتتى . 1930 ـ يىلى ۋە 1931 ـ يىلى ئۆزگەرتىلگەن
كىلىك ھۆكۈمەت تەشكىلات قانۇنى »دا «ئۆلكىلىك مائارىپ نازارىتىنىڭ خىزمەت
ۇقى ئۆلكە دەرىجىلىك مەكتەپلەر ، جەمئىيەت مائارىپى ، مائارىپ ۋە ئىلىم ـ پەن
كىلاتلىرى ، كۇتۇپخانا ، مۇزېي ۋە ئاممىۋى تەنتەربىيە مەيدانى قاتارلىقلارنىڭ
ۇرلۇك ئىشلىرىنى باشقۇرىدۇ . مائارىپ نازارىتى بولسا ، مائارىپ
ستىرلىقىغەبىۋاستە قاراشلىق ئورگان بولۇپ ، خىزمەتلەرنى ئىجرا قىلىش ۋاقتىدا
ئۆلكە مەمۇرىي ئەمەلدارىنىڭ نازارىتىنى قوبۇل قىلىدۇ . مائارىپ نازارىتى پۈتۈن
كىدىكى مائارىپ مەمۇرىي خادىملىرىغا قارىتا قوماندانلىق قىلىش ۋە نازارەت قىلىش
ۇقىغا ئىگە . ئۆلكە قارمىقىدىكى ئوتتۇرا مەكتەپ مۇدىرلىرىنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش
ۇقىغا ئىگە بولۇپ ، ئۇنى چوقۇم ئۆلكە مەمۇرىي ئەمەلدارى ۋە مائارىپ
ستىرلىقىغە ئەنگە ئالدۇرۇش كېرەك . ئۆلكە قارمىقىدىكى مەخسۇس مەكتەپلەرنىڭ
ىر نامزاتلىرىنى مائارىپ نازارىتى كۆرسىتىپ بېرىدۇ ، ئۆلكە مەمۇرىي ئەمەلدارى
ىپىگە تەيىنلەيدۇ . ئۆلكە قارمىقىدىكى ھەرقايسى ناھىيلەرنىڭ مائارىپ ئىشلىرىغا
تا بەلگىلىك دەرىجىدە نازارەت قىلىش ھوقۇقى يۈرگۈزىدۇ ، يەنە ھەر دەرىجىلىك
خىل مىللىي مەدەنىيەتنى ئىلگىرى سۈرۈش جەمئىيەتلىرىنى نازارەت قىلىش
ۇقىنى يۈرگۈزىدۇ ھەمدە ھەرقايسى ۋىلايەت ، ناھىيلىك مائارىپ ئىدارىلىرى ۋە
رىپ بۆلۈملىرىگە قارىتا يېتەكچىلىك قىلىش ۋە نازارەت قىلىش ئېلىپ بارىدۇ .
جاڭ ئۆلكىلىك مائارىپ نازارىتى يەنە ھەر دەرىجىلىك ھەرخىل مىللىي مەدەنىيەتنى
گىرى سۈرۈش جەمئىيەتلىرىنى نازارەت قىلىش ۋە باشقۇرۇشقا مەسئۇل بولىدۇ» دەپ
ىلەنگەن . 1944 ـ يىلى تۈزۈلگەن «شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت بىرلەشمە
كىمىسىنىڭ ئىش بېجىرىش پرىنسىپلىرى لايىھەسى» دە مائارىپ نازارىتىدىكى
قايسى بۆلۈملەرنىڭ خىزمەت ۋەزىپىسى كاتىبات بۆلۈمى مۇھىم ھۆججەتلەرنى يېزىپ
ىش ، ھۆججەتلەرنى تەقسىملەش ، ھۆججەت ئورگىنالىنى كۆرۈپ بېكىتىش ، يىغىن
رىسى قالدۇرۇش ، ستاتىستىكا ۋە تەھرىرلەش ئېلىپ بېرىش ، نازارەت تاپشۇرغان
لارنى ئورۇنداشقا مەسئۇل بولىدۇ . مۇپەتتىش بۆلۈمى مائارىپ بۇيرۇقلىرىنىڭ ئىجرا
ىنىشى ، يەرلىك مائارىپ مەمۇرىيەتىنىڭ مەكتەپلەر مائارىپىنىڭ يولغا قويۇلۇشى
لىقلارغا نازارەت قىلىش ، كۆزدىن كەچۈرۈش ياكى يېتەكچىلىك قىلىشقا مەسئۇل
دۇ ؛ بىرىنچى بۆلۈم كادىرلار ئىشلىرىغا ، خەت ـ چەكلەر ۋە ئارخىپلارنى قوبۇل
ش ، تارقىتىش ، تۈزىتىش ، بېسىش ۋە ساقلاشقا ، نازارەت خىراجىتى ھەمدە كەسپىي
ە خىراجىتىنى باشقۇرۇشقا ، بارلىق مائارىپ مەمۇرىيىتىنى تەكشۈرۈپ ستاتىستىكا

قىلىشقا مەسئۇل بولىدۇ؛ ئىككىنچى بۆلۈم بولسا ھەرتۈرلۈك مائارىپ مەمۇرىي راسخوتلىرىنىڭ تەقسىم قىلىنىشىنى باھالاش ۋە ئۇنىڭغا نازارەت قىلىش، بارلىق باشلانغۇچ خەلق مائارىپى، باللار مائارىپى، مەكتەپلەردىكى ھەربىي مەشىق ھەمدە باللار ئارمىيىسىنىڭ مەشىقى ۋە تەنتەربىيەسىگە مەسئۇل بولىدۇ. ئۈچىنچى بۆلۈم بارلىق ئوتتۇرا دەرىجىلىك مائارىپ ھەمدە ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئوقۇشقا كىرىش، مەكتەپ ئالمىشىش، ئوقۇشتىن چېكىنىش، ئوقۇش پۈتتۈرۈش خۇلاسە ئىمتىھانى قاتارلىقلار، كەسپىي مائارىپ، پېداگوگىكا مائارىپى، ئالىي مائارىپ قاتارلىقلارنى باھالاش ۋە چەت ئەلگە چىقىپ ئوقۇيدىغانلارنى تاللاش ئىشلىرىغا، كۇتۇپخانا قاتارلىقلارنى پىلانلاش، باشقۇرۇش ھەمدە مەدەنىيەت تەشكىلاتلىرى، ئېلېكترلەشكەن مائارىپ قاتارلىقلارنى پىلانلاش، باشقۇرۇش ھەمدە مەمۇرىيەت تەشكىلاتلىرى، ئېلېكترلەشكەن مائارىپ قاتارلىقلارنى باشقۇرۇش ۋە نازارەت قىلىشقا مەسئۇل بولىدۇ. دەپ بەلگىلەنگەن. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1950 ـ يىلى شىنجاڭدا يېڭى مائارىپ نازارىتى قۇرۇلدى. ئۇنىڭ ئىچىدە كاتىبات بۆلۈمى، كادىرلار بۆلۈمى، خوجىلىق بۆلۈمى، مائارىپ بۆلۈمى، جەمئىيەت مائارىپى بۆلۈمى، شىنجاڭ مائارىپى تەھرىر ئىشخانىسى قاتارلىق بۆلۈملەر تەسىس قىلىندى. 1970 ـ يىلى 9 ـ ئايدا مائارىپ نازارىتى مائارىپ ئىدارىسىغا ئۆزگەرتىلدى. ئۇنىڭ ئىچىدە ئىش بېجىرىش گۇرۇپپىسى، سىياسىي خىزمەت گۇرۇپپىسى ۋە كەسپىي خىزمەت گۇرۇپپىسى تەسىس قىلىندى. 1982ـ يىلى مائارىپ ئىدارىسى مائارىپ نازارىتىگە ئۆزگەرتىلدى. ئۇنىڭ ئىچىدە نازارەت ئىشخانىسى، سىياسىي باشقارما، پىلان مالىيە باشقارمىسى، ئالىي مائارىپ باشقارمىسى، ئادەتتىكى مائارىپ باشقارمىسى، تەنتەربىيە سەھىيە باشقارمىسى، ئىشچى ـ دېھقانلار مائارىپ باشقارمىسى، ئوقۇغۇچىلار خىزمىتى باشقارمىسى، مائارىپ تەتقىقات ئورنى، مائارىپ ژۇرنىلى بۆلۈمى، ئوقۇتقۇچىلارنى تەربىيىلەش بۆلۈمى، ئېلېكترلەشكەن مائارىپ سارىيى، ئوقۇتۇش ماتېرىياللىرىنى تەمىنلەش بۆلۈمى قاتارلىقلار تەسىس قىلىندى. 1986 ـ يىلى مائارىپ نازارىتى مائارىپ كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلدى. ئۇنىڭ ئىچىدە كومىتېت ئىشخانىسى، تاشقى ئىشلار ئىشخانىسى، سىياسىي باشقارما، پىلان مالىيە باشقارمىسى، ئاساسىي قۇرۇلۇش باشقارمىسى، ئالىي مائارىپ باشقارمىسى، ئادەتتىكى مائارىپ باشقارمىسى، تەنتەربىيە سەھىيە باشقارمىسى، ئادەتتىكى مائارىپ مۇپەتتىش ئىشخانىسى، ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ئىشخانىسى، مائارىپ ژۇرنىلى بۆلۈمى، مائارىپ تەتقىقات ئورنى، مائارىپ ئىشلەپچىقىرىش مۇلازىمەت شىركىتى، ئۇنۋان ئىشخانىسى، ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىش ئىمتىھان ئىشخانىسى، ئىختىساسلىقلارنى ئالدىن مۆلچەرلەش ئىشخانىسى، مائارىپ نەشرىياتى، ئوقۇتقۇچىلارنى تەربىيىلەش بۆلۈمى، ئېلېكترلەشكەن مائارىپ سارىيى، ئوقۇتۇش سايمانلىرى شىركىتى، چوڭلار مائارىپى ئىدارىسى قاتارلىقلار تەسىس قىلىندى. ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبەرلىكى

ئاستىدا پۈتكۈل ئاپتونوم رايوننىڭ مائارىپ خىزمىتىنى ئاساسلىق باشقۇرۇش ھەمدە مەركەزنىڭ فاڭجېن، قانۇن - پەرمانلىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە ئىجرا قىلىشقا، كونكرېت سىياسەت ۋە بەلگىلىمىلەرنى تۈزۈپ چىقىشقا، ئاپتونوم رايوننىڭ بارلىق مائارىپ ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئومۇمىيۈزلۈك پىلانلاپ، ھەرقايسى تارماقلارنىڭ مۇناسىۋەتلىك مائارىپ خىزمەتلىرىنى ئۆزئارا ماسلاشتۇرۇشقا، پۈتكۈل رايونىمىزنىڭ مائارىپ تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇش، ئۇنىڭغا يېتەكچىلىك قىلىشقا، مائارىپ سىستېمىسىدىكى كادىرلارنى باشقۇرۇشقا، ئاپتونوم رايون بەلگىلىگەن يىللىق مالىيە پىلانىغا ئاساسەن، مائارىپ راسخوتى ۋە ئاساسىي قۇرۇلۇش مەبلىغىنى تەقسىم قىلىشقا، شۇنداقلا ئالىي مەكتەپلەرگە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ۋە ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنى تەقسىم قىلىش خىزمەتلىرىگە ئومۇمىيۈزلۈك رىياسەتچىلىك قىلىدىغان ۋە مەسئۇل بولىدىغان ئورۇن ھېسابلىنىدۇ. 2000 - يىلى 8 - ئايدا مائارىپ كومىتېتى مائارىپ نازارىتىگە ئۆزگەرتىلدى. مائارىپ نازارىتىدە ھازىر 199 مەمۇرىي شتات بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە نازارەت ئىشخانىسى، سىياسەت، قانۇن - قائىدە باشقارمىسى، ئاساسىي مائارىپ باشقارمىسى، كەسپىي تېخنىكا مائارىپ باشقارمىسى، چوڭلار مائارىپ باشقارمىسى، ئالىي مائارىپ باشقارمىسى، سىياسىي مائارىپ باشقارمىسى، تەنتەربىيە، سەھىيە، سەنئەت مائارىپى باشقارمىسى، پىلان مالىيە باشقارمىسى، ئاساسىي قۇرۇلۇش باشقارمىسى، ئوقۇتقۇچىلارنى باشقۇرۇش باشقارمىسى، مۇپەتتىش ئىجتىمائىي كۈچلەر قۇرغان مەكتەپلەرنى باشقۇرۇش باشقارمىسى، مۇپەتتىش باشقارمىسى، ئۇنىۋېرسال باشقارما، كادىرلار باشقارمىسى، تاشقى ئىشلار باشقارمىسى، پېشقەدەم كادىرلار باشقارمىسى، ئورگان پارتكومى، ئىنتىزام تەكشۈرۈش ئىشخانىسى قاتارلىقلار مەمۇرىي فۇنكتسىيەلىك بۆلۈملەر، ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ئىشخانىسى، ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىش ئىمتىھان ئىشخانىسى، خۇلاسە ئىمتىھان ئىشخانىسى، تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ ئىقتىسادچانلىق بىلەن مەكتەپ قۇرۇش ئىشخانىسى، ئوقۇتۇش سايمانلىرىنى تەمىنلەش باشقۇرۇش باش پونكىتى، مائارىپ تەتقىقات ئورنى، مائارىپ گېزىت - ژۇرنال نەشرىياتى، ئېلېكترلەشكەن مائارىپ سارىيى، مائارىپ فوندى جەمئىيىتى، تاشقى مەبلەغ تۈرلىرى ئىشخانىسى، مائارىپ ئۇچۇرلىرى مەركىزى، تەجرىبە ئوتتۇرا مەكتىپى، 1 - ئاۋغۇست ئوتتۇرا مەكتىپى، باللار پېداگوگىكا مەكتىپى، موڭغۇل پېداگوگىكا مەكتىپى، ئوقۇتۇش سايمانلىرى زاۋۇتى، ئىمتىھان مۇلازىمەت مەركىزى، ئارقا سەپ مۇلازىمەت مەركىزى قاتارلىق نازارەتكە بىۋاسىتە قاراشلىق ئورۇنلار تەسىس قىلىنغان.

نازارەت ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى 169 - نومۇر

پوچتا نومۇرى: 830001 تېلېفون نومۇرى: 2865944 (0991)

### ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم مائارىپ پەن - تېخنىكا بۆلۈمى

تولۇق ئاتىلىشى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتى مائارىپ پەن - تېخنىكا خىزمىتى بۆلۈمى. 1990 - يىلى رەسمىي قۇرۇلغان. بۇنىڭ ئىچىدە بۆلۈم ئىشخانىسى، تەشكىلات كادىرلار باشقارمىسى، ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەت باشقارمىسى، تەشۋىقات باشقارمىسى، سىياسەت تەتقىقات ئىشخانىسى قاتارلىق بەش فۇنكتسىيىلىك ئىشخانا تەسىس قىلىنغان بولۇپ، خادىملارنىڭ شتات سانى 25 نەپەر، ئۇنىڭ ئىچىدە باشقارما دەرىجىلىك كادىر 15 نەپەر. بۇ بۆلۈمنىڭ ئاساسلىق فۇنكتسىيەسى ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ، پەن - تېخنىكا سىستېمىسىنىڭ پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن - سىياسەتلىرىنى ئىجرا قىلىش ئەھۋالىغا يېتەكچىلىك قىلىش، پارتىيىنىڭ مائارىپ، پەن - تېخنىكا خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىش، مائارىپ، پەن - تېخنىكا ئىشلىرىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇش، پۈتكۈل خەلقنىڭ ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، مائارىپنىڭ سوتسىيالىزم يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇش، ئاپتونوم رايوننىڭ مائارىپ، پەن - تېخنىكا خىزمىتى جەريانىدىكى زور مەسىلىلەرگە قارىتا تەكشۈرۈش، تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ئۈچۈن مۇھىم سىياسەتلەرنى بەلگىلەشتە پايدىلىنىش ئاساسى بىلەن تەمىنلەش، ئاپتونوم رايوننىڭ مائارىپ، پەن - تېخنىكا سىستېمىسىنىڭ ئىدىيىۋى، سىياسىي خىزمىتى ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى تەكشۈرۈش ۋە ئۇنىڭغا يېتەكچىلىك قىلىش، مائارىپ، پەن - تېخنىكا سىستېمىسىدا ئومۇمىيۈزلۈك مۇقىملىق بولۇشنى قوغداش، ئاپتونوم رايون مائارىپ، پەن - تېخنىكا سىستېمىسىنىڭ پارتىيە قۇرۇلۇش خىزمىتىنى تەكشۈرۈش ۋە ئۇنىڭغا يېتەكچىلىك قىلىش، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ ئالىي مەكتەپلەرنىڭ مەكتەپ دەرىجىلىك رەھبىري كادىرلارنى باشقۇرۇشىغا ياردەم بېرىش، ئالىي مەكتەپلەرنىڭ فاكۇلتېت (باشقارما دەرىجىلىك) رەھبىري كادىرلىرىنى ۋەزىپىگە قويۇش ۋە ۋەزىپىدىن قالدۇرۇشتىكى تەكشۈرۈش خىزمىتىگە مەسئۇل بولۇش، مائارىپ، پەن - تېخنىكا سىستېمىسىنىڭ ئىنتىزام تەكشۈرۈش، بىرلىكسەپ، مۇھاجىرلار ئىشلىرى، ياشلار، ئاياللار، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىش، مائارىپ، پەن - تېخنىكا سىستېمىسىنىڭ جەمئىيەت مۇقىملىقىنى ئۇنىۋېرسال تۈزۈش خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىش، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بېجىرىشكە تاپشۇرغان باشقا خىزمەتلەرنى تاماملاش. 1996- يىلى 4 - ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئالىي مەكتەپلەر خىزمەت كومىتېتى رەسمىي قۇرۇلۇپ، ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتى بىلەن (2000 - يىلى 8 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتى دەپ ئۆزگەرتىلگەن) بىرلىشىپ ئىش بېجىرىپ، بىر ئورگان، ئىككى خىل ۋۇۋىسكىنى شەكىللەندۈرگەن. 1997 - يىلى 12 - ئايدا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم مائارىپ، پەن - تېخنىكا خىزمەت بۆلۈمى رەسمىي ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان.

**شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئالىي مەكتەپلەر خىزمەت كومىتېتى** 1996 ـ يىلى 4 ـ ئايدا قۇرۇلغان. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومدىن ئايرىلىپ چىققان بولۇپ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتى بىلەن بىرلىشىپ ئىش بېجىرىپ، بىر ئورگان ئىككى خىل ۋەزىپىسى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت: بىرىنچى، ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت: بىرىنچى، ئالىي مەكتەپلەرنىڭ پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلەرنى ئىجرا قىلىش، ئىزچىللاشتۇرۇش، سوتسىيالىزم يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ۋە ئۇنىڭغا يېتەكچىلىك قىلىش، ئاپتونوم رايونىمىز ئالىي مائارىپ خىزمىتىدىكى بىر قىسىم مۇھىم مەسىلىلەرگە قارىتا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئېلىپ بېرىش. ئىككىنچى، ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئىدىيىۋى ـ سىياسىي خىزمىتىگە، سىياسىي خىزمەت قوشۇنى قۇرۇلۇش ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشلىرىغا مەسئۇل بولۇش. ئۈچىنچى، ئالىي مەكتەپلەرنىڭ پارتىيە قۇرۇلۇش خىزمىتىنى تەكشۈرۈش ۋە ئۇنىڭغا يېتەكچىلىك قىلىش، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمىگە ھەمكارلىشىپ، ئالىي مەكتەپلەر رەھبەرلىك بەنزىسىنى تەكشۈرۈش، چۈشىنىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش. تۆتىنچى، ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئىنتىزام تەكشۈرۈش خىزمەتلىرىگە يېتەكچىلىك قىلىش ۋە ئۇنىڭغا نازارەت قىلىش، ئالىي مەكتەپلەرنىڭ بىرلىكسەپ، مۇھاجىرلار ئىشلىرى، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى، ياشلار، ئاياللار خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشكە يېتەكچىلىك قىلىش. بەشىنچى، ئالىي مەكتەپلەرنىڭ جەمئىيەت ئامانلىقىنى ئۇنىۋېرسال تۈزەش خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىش ۋە ئۇنى ماسلاشتۇرۇش. ئالتىنچى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تاپشۇرغان باشقا خىزمەتلەرنى ئۈز ئۈستىگە ئېلىش. يۇقىرىقى ۋەزىپىلەرگە ئاساسەن، ئاپتونوم رايونلۇق ئالىي مەكتەپلەر خىزمىتى كومىتېتى، مائارىپ كومىتېتى جەمئىي 17 فۇنكسىيەلىك باشقارما تەسىس قىلغان. ئۇلار ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا كومىتېت ئىشخانىسى، سىياسەت، قانۇن ـ تۈزۈم ئىشخانىسى، مالىيە پىلان باشقارمىسى، ئاساسىي مائارىپ باشقارمىسى، ئالىي مائارىپ باشقارمىسى، كەسپىي تېخنىكا مائارىپ باشقارمىسى، چوڭلار مائارىپى باشقارمىسى، تەنتەربىيە سەھىيە ـ سەنئەت مائارىپ باشقارمىسى، ئىجتىمائىي كۈچلەر قۇرغان مەكتەپلەرنى باشقۇرۇش باشقارمىسى، ئوقۇتقۇچىلارنى باشقۇرۇش باشقارمىسى، ئاساسىي قۇرۇلۇش باشقارمىسى، ئوقۇتۇش ماتېرىيال باشقارمىسى، تاشقى ئىشلار باشقارمىسى، رېۋىزىيە باشقارمىسى، تەشكىلات كادىرلار باشقارمىسى، ئىدىيىۋى سىياسىي خىزمەت باشقارمىسى (سىياسىي مائارىپ بۆلۈمى)، ئۇنىۋېرسال باشقارما قاتارلىقلار؛ ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئورگان پارتكومى، ئىنتىزام تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى قاتارلىقلار تەسىس قىلىنغان. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى مائارىپ مۇپەتتىش ئىشخانىسىمۇ ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتى ئىچىدە تەسىس قىلىنغان. ئالىي مەكتەپلەر خىزمىتى كومىتېتى، مائارىپ كومىتېتىنىڭ ئورگان مەمۇرىي شتاتى 170 نەپەر بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە ئالىي مەكتەپلەر خىزمىتى

كومىتېتى شتاتى 20 نەپەر، مائارىپ كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىك سانى ئالتە نەپەر (بۇنىڭ ئىچىدە بىر نەپەر كاتىپ بار)، ئالىي مەكتەپلەر خىزمىتى كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىك سانى بەش نەپەر. ئالىي مەكتەپلەر خىزمىتى كومىتېتىنىڭ سېكرېتارلىق ۋەزىپىسىنى مائارىپ كومىتېتى پارتگورۇپپىسىنىڭ سېكرېتارى قوشۇمچە ئۈستىگە ئالغان. مۇئاۋىن سېكرېتارى ئۈچ نەپەر. باشقارما دەرىجىلىك رەھبەرنىڭ سانى 50 نەپەر. بەلگىلىمە بويىچە پېشقەدەم كادىرلار خىزمەت باشقارمىسى تەسىس قىلىنىدىغان بولۇپ، شتات سانى بەش نەپەر.

ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى 169 ـ نومۇر

پوچتا نومۇرى: 830001 تېلېفون: 2851514 (0991)

**شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتى**

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتىگە قارالسۇن.

**شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ ئىدارىسى**

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتىگە قارالسۇن.

**ش.ئۇ.ئا.ر سىياسىي كېڭەش مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە كومىتېتى**

سىياسىي كېڭەش دائىمىي كومىتېتى ۋە رەئىس يىغىنىنىڭ رەھبەرلىكى ئاستىدىكى خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ سىياسىي كېڭىشىش، دېموكراتىك نازارەت قىلىش، سىياسىيغا قاتنىشىپ سىياسىينى مۇزاكىرە قىلىش فۇنكسىيىسىنى ئىجرا قىلىدىغان ئورگان. ئومۇمىي يىغىن ئاخىرلاشقان ۋاقىتتا مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە كومىتېتى ھەرييللىق خىزمەت پىلانىغا ئاساسەن مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ساھەسىدىكى سىياسىي كېڭەش ھەيئەتلىرىنى تەشكىللەپ، تەكشۈرۈش، كۆزىتىش، دوكلات قىلىش، تەتقىقات، مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىش قاتارلىق دائىمىي پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بارىدۇ. 1951 ـ يىلى ئورگاننىڭ تۇرۇشلۇق ئورنى ئۈرۈمچى شەھەرلىك تەڭرىتاغ سارىيىنىڭ 3 ـ قەۋىتىدە بولۇپ، 1953 ـ يىلى ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئالاقە باشقارمىسىغا كۆچۈپ كىرگەن. 1955 ـ يىلى ئۈرۈمچى شەھىرى شىنخۇا يولى 43 ـ نومۇرغا كۆچكەن. 1973 ـ يىلى ئۈرۈمچى شەھەرلىك خەلق مېھمانسارىيىنىڭ شىمالىي بىناسىغا كۆچكەن. 1976 ـ يىلى ئۈرۈمچى شەھىرى شىنخۇا شىمالىي يولى 43 ـ نومۇر شىمالىي بىناسىغا كۆچكەن (كېيىن 47 ـ نومۇر دەپ ئۆزگەرتىلگەن). 1956 ـ يىلى 6 ـ ئايدا سىياسىي كېڭەش 1 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتى ۋاقتىدا مەدەنىيەت

- مائارىپ مېدىتسىنا - سەھىيە قاتارلىق ئالتە خىزمەت گۇرۇپپىسى تەسىس قىلىنغان، 1966 - يىلى مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىنىڭ بۇزغۇنچىلىقى تۈپەيلىدىن ھەرقايسى خىزمەت گۇرۇپپىسى خىزمەتتىن توختىغان. 1973 - يىلى 11 - ئايدا خىزمەتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە باشلىغان. 1978 - يىلى 6 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش 4 - نۆۋەتلىك 2 - ئومۇمىي يىغىنى مەدەنىي مائارىپ، پەن - تېخنىكا قاتارلىق 4 گۇرۇپپىنى رەسمىي ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى قارار قىلغان. جاڭ داۋلىن، ئابلىمىت ھاجىيوف ئايرىم - ئايرىم ھالدا گۇرۇپپا باشلىقلىقىنى ئۈستىگە ئالغان. ئەسلىدىكى مېدىتسىنا سەھىيە گۇرۇپپىسى تىببىي دورا سەھىيە گۇرۇپپىسىغا ئۆزگەرتىلگەن. ۋاڭ شىجىن گۇرۇپپا باشلىقى بولغان. 1980 - يىلى 1 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش 4 - نۆۋەتلىك 8 - قېتىملىق دائىمىي كومىتېت يىغىنىدا ئەسلىدىكى مەدەنىي مائارىپ گۇرۇپپىسىنى مائارىپ ۋە مەدەنىيەتتىن ئىبارەت ئىككى خىل خىزمەت گۇرۇپپىسى قىلىپ تەڭشەش قارار قىلىندى. لى خۇيزېڭ، ليۇ شاۋۋۇ ئايرىم - ئايرىم ھالدا گۇرۇپپا باشلىقلىقىنى ئۈستىگە ئالدى. 1983- يىلى 4 - ئاينىڭ 30 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش 5 - نۆۋەتلىك 1 - قېتىملىق دائىمىي كومىتېتى يىغىنى 5 - نۆۋەتلىك سىياسىي كېڭەش خىزمەت كومىتېتىنىڭ رەسمىي قۇرۇلغانلىقىنى قارار قىلدى. 1988- يىلى 1 - ئايغا قەدەر خىزمەت كومىتېتى قارمىقىدا مائارىپ، تىببىي دورا، سەھىيە، مەدەنىيەت، سەنئەت قاتارلىق 11 گۇرۇپپا قۇرۇلدى. 1988 - يىلى 5 -، 10 - ئايلاردا ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش 6 - نۆۋەتلىك 2 - قېتىملىق ۋە 3 - قېتىملىق دائىمىي ھەيئەتلەر يىغىنى «جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭەش نىزامنامىسى» 49 - ماددىسىدىكى بەلگىلىمىگە ۋە خىزمەت ئېھتىياجىغا ئاساسەن خىزمەت كومىتېتىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، مائارىپ، پەن - تېخنىكا، مەدەنىيەت، مېدىتسىنا، سەھىيە، تەنتەربىيە قاتارلىق ئالتە كومىتېت قۇرۇشنى قارار قىلدى. مەخمۇت ئىسمائىل مائارىپ، پەن - تېخنىكا، مەدەنىيەت كومىتېتىنىڭ مۇدىرى بولدى. قوشۇمچە مۇئاۋىن مۇدىر ھەيئەتتىن ئالتە نەپەر تەيىنلەندى. ۋاڭ شىجىن مېدىتسىنا، سەھىيە، تەنتەربىيە، مۇھىت ئاسراش گۇرۇپپىسىنىڭ مۇدىر ھەيئەتلىكىنى ئۈستىگە ئالدى. قوشۇمچە مۇئاۋىن مۇدىر ھەيئەتتىن تۆت نەپەر تەيىنلەندى. 1993 - يىلى 5 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى 7 - نۆۋەتلىك 2 - قېتىملىق دائىمىي كومىتېتى يىغىنى مۇزاكىرە قىلىش ئارقىلىق سەي زېڭچاڭنى مۇدىر ھەيئەتلىككە تەيىنلەشنى، مۇئاۋىن مۇدىر ھەيئەتتىن ئۈچنى تەيىنلەشنى، ئەسلىدىكى مېدىتسىنا، سەھىيە، تەنتەربىيە كومىتېتىنى مېدىتسىنا، سەھىيە، تەنتەربىيە مۇھىت ئاسراش كومىتېتى قىلىپ ئۆزگەرتىشنى قارار قىلىپ ماقۇللاندى ھەمدە مۇزاكىرە قىلىش ئارقىلىق ۋاڭ شىجېن مۇدىر ھەيئەتلىككە، قوشۇمچە مۇئاۋىن مۇدىر ھەيئەتتىن ئۈچنى تەيىنلەشنى قارار قىلدى. 1996 - يىلى 3 - ئاينىڭ 26 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش

7 ـ نۆۋەتلىك 13 ـ قېتىملىق يىغىنى مەخسۇس كومىتېتنى تەڭشەش توغرىسىدىكى قارارنى ماقۇللاپ، ئەسلىدىكى توققۇز مەخسۇس كومىتېتنى تەڭشەپ ۋە بىرلەشتۈرۈپ ئالتىگە ئۆزگەرتتى. يەنى مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە كومىتېتى، ئىقتىساد، پەن ـ تېخنىكا كومىتېتى قاتارلىقلارنى تەڭشەشنى قارار قىلدى. ماۋدېخۋا مائارىپ مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە كومىتېتىنىڭ مۇدىرلىقىغا، سەي زېچاڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىغا ھەمدە تۆت نەپەر قوشۇمچە مۇئاۋىن مۇدىر تەيىنلەندى. 1981 ـ يىلدىن باشلاپ ئىلگىرى ـ كېيىن تارىم دەرياسىنى ئۇنىۋېرسال تۈزەش، تۆۋەن ئېقىمدىكى يېشىل كارىدورنى قوغداش تەتقىقاتى، ئىختىساسلىقلارنى ئىشلىتىش ۋە باشقۇرۇش، مائارىپ مەبلەغ سېلىنمىسى ۋە ئىشلىتىلىشى، ئۇلانباي سۇ مەنبەسىنىڭ بۇلغىنىش ئەھۋالى، تۇرپان ۋىلايىتىدىكى مەدەنىي يادىكارلىقلار خارابىسىنىڭ بۇزۇۋېتىلىشى ۋە ئوغرىلىنىش ۋەقەسى قاتارلىق مەخسۇس تېمىلاردا تەكشۈرۈش، تەتقىقات خىزمەتلىرىنى ئېلىپ باردى.

ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى شىنخۇا شىمالىي يولى 47 ـ نومۇر

پوچتا نومۇرى: 830002 تېلېفون نومۇرى: 2822716 (0991)

**شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ۋەكىللەر قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى مائارىپ، تېخنىكا، مەدەنىيەت، سەھىيە كومىتېتى**

1983 ـ يىلى 9 ـ ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق 6 ـ نۆۋەتلىك خەلق ۋەكىللەر قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى 3 ـ سانلىق يىغىنىنىڭ ئاپتونوم رايونلۇق دائىمىي كومىتېت خىزمەت كومىتېتى تەسىس قىلىش ھەققىدىكى قارارىغا ئاساسەن قۇرۇلغان، نامى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ۋەكىللەر قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت سەھىيە كومىتېتى. 1988ـ يىلى 5 ـ ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ۋەكىللەر قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ئىككىنچى سانلىق يىغىنىدا پەن، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە كومىتېتى، مائارىپ، تېخنىكا، مەدەنىيەت، سەھىيە كومىتېتىغا ئۆزگەرتىش قارار قىلىندى. كومىتېت قارمىقىدا كومىتېت ئىشخانىسى ۋە ئىلىم ـ پەن مائارىپ باشقارمىسى تەسىس قىلىندى. 1996 ـ يىلى 12 ـ ئايدا ئىلىم ـ پەن مائارىپ باشقارمىسى قانۇن ـ تۈزۈم باشقارمىسىغا ئۆزگەرتىلدى. ھازىر 13 نەپەر خادىم بولۇپ، مۇدىرى ئەمەت موللا تۇردى، مۇئاۋىن مۇدىرى تيەن جىنخەي، توختارقولى. بۇ كومىتېتنىڭ مەسئۇلىيىتى بولسا مائارىپ، تېخنىكا، مەدەنىيەت، سەھىيە قاتارلىق تەرەپلەرگە مۇناسىۋەتلىك بولغان يەرلىك قانۇن ـ قائىدىلەرنى تۈزۈپ چىقىشقا تەشكىللەش، مۇيەتتىش قىلىش ۋە قاتنىشىش، مائارىپ، تېخنىكا، مەدەنىيەت، سەھىيە قاتارلىق تەرەپلەردىكى قانۇن، قائىدىلەر ۋە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ۋەكىللەر قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى قارارلىرىنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالىغا قارىتا مۇيەتتىشلىك، تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش، مائارىپ، تېخنىكا،

مەدەنىيەت ، سەھىيە قاتارلىق تەرەپلەردىكى چوڭ مەسىلىلەرگە قارىتا ، تەكشۈرۈش ، تەتقىقات ئېلىپ بېرىش ، پىكىر ۋە تەكلىپ بېرىش ، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ئىلان قىلغان مائارىپ ، تېخنىكا ، مەدەنىيەت ، سەھىيە قاتارلىق تەرەپلەردىكى مۇناسىۋەتلىك مەمۇرىي نىزام ، ئۆلچەملىك ھۆججەت ۋە خەلق ۋەكىللەر قۇرۇلتىيى ھەم ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇناسىۋەتلىك تەكلىپ ۋە قارارلىرىغا قارىتا تەتقىقات ئېلىپ بېرىش ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى ئاساسىي قانۇن - قائىدىلەر بىلەن زىت بولغانلىرىغا قارىتا تەكلىپ پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويۇش ، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ مائارىپ ، تېخنىكا ، مەدەنىيەت ، سەھىيە خىزمەتلىرىگە ئائىت پىلان ۋە تەكلىپ ، تەنقىد پىكىرلىرىگە جاۋاب بېرىش خىزمىتىنى ئۈستىگە ئېلىش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت . مائارىپ ، تېخنىكا ، مەدەنىيەت ، سەھىيە كومىتېتى قۇرۇلغاندىن كېيىن ، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكىدە دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيەسى ۋە پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىدە چىڭ تۇرۇپ ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشتىن ئىبارەت بۇ مەركەزنى چۆرىدىگەن ھالدا مائارىپ ، پەن - تېخنىكىدىن ئىبارەت ئىككى مۇھىم نۇقتىنى ۋە پىلانلىق توغۇتتىن ئىبارەت بۇ توپ دۆلەت سىياسىتىنى گەۋدىلەندۈرۈپ ، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتىنىڭ مائارىپ ، تېخنىكا ، مەدەنىيەت ، سەھىيە قاتارلىق تەرەپلەردىكى يەرلىك قانۇن تۈرغۇزۇش ، مۇپەتتىش قىلىش ۋە مۇھىم ئىشلارغا قارار چىقىرىشتىن بۇرۇنقى مۇھاكىمە خىزمەتلىرىنى تىرىشىپ ياخشى ئىشلىدى . 1983- يىلدىن ھازىرغىچە جەمئىي مائارىپ ، تېخنىكا ، مەدەنىيەت ، سەھىيە قاتارلىق تەرەپلەرگە مۇناسىۋەتلىك بولغان 21 پارچە يەرلىك قانۇن ، قائىدە تۈزۈپ چىقىشقا قاتناشتى ۋە ئۇلارنىڭ ئىجرا قىلىنىشىغا مۇپەتتىشلىك قىلدى .

ئادرېسى : ئۈرۈمچى شەھىرى شەرق شامىلى يولى 10 - نومۇر .

پوچتا نومۇرى : 830002 تېلېفون : 2822065 (0991)

## ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى مائارىپ مۇپەتتىش ئىشخانىسى

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىگە ۋاكالەتلىك قىلىپ ۋىلايەت ، ئوبلاست ۋە ئۇنىڭدىن تۆۋەن دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى ۋە ئۇنىڭ مۇناسىۋەتلىك تارماقلىرىنىڭ مەكتەپ ۋە باشقا مائارىپ ئاپپاراتلىرىغا قارىتا مائارىپنى مۇپەتتىش قىلىش ، تەكشۈرۈشنى يولغا قويىدىغان ئورگان ، 1984 - يىلى ئەسلىدىكى ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتى (مائارىپ كومىتېتى) مۇپەتتىش ئىشخانىسى ئاساسىدا قۇرۇلغان بولۇپ ، بىر يىلدىن كېيىن ھازىرقى نامغا ئۆزگەرتىلگەن. يەنىلا ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتىنىڭ ئىچىدە تەسىس قىلىنغان . ئاساسلىق ۋەزىپىسى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى مائارىپ قانۇن ، قائىدە ، فاڭجېن ، سىياسەتلىرىنىڭ ئىزچىل ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالىغا قارىتا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش ۋە مۇپەتتىشلىك قىلىش ، تۆۋەن

دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى ۋە مۇناسىۋەتلىك مەمۇرىي تارماقلىرىنىڭ مائارىپ خىزمەت ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلىش ئەھۋالىغا قارىتا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش ۋە مۇپەتتىشلىك قىلىش، تۆۋەن دەرىجىلىك مائارىپ مەمۇرىي تارماقلىرىنىڭ مائارىپ باشقۇرۇش خىزمىتىگە قارىتا مۇپەتتىشلىك قىلىش؛ 9 يىللىق مەجبۇرىيەت مائارىپىنى ئومۇملاشتۇرۇش، ياش - ئۆسمۈرلەرنىڭ ساۋاتسىزلىقىنى تۈگىتىشنى ئەمىلىيلەشتۇرۇش ۋە مۇستەھكەملەش، يۇقىرى كۆتۈرۈش خىزمەتلىرىگە قارىتا مۇپەتتىشلىك قىلىپ باھالاش ۋە تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش، ئوتتۇرا دەرىجىلىك ۋە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن تۆۋەن مەكتەپلەر ۋە باشقا مائارىپ ئاپپاراتلىرىنىڭ خىزمەتلىرىگە قارىتا مۇپەتتىش قىلىپ باھالاش ۋە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش، يەرلىك مائارىپنى مۇپەتتىش قىلىش ۋە باھالاشنىڭ خىزمەت تۈزۈمى ۋە مۇپەتتىش خاراكتېرلىك ھۆججىتىنى تۈزۈپ چىقىش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. ھازىر 10 نەپەر كەسپىي مۇپەتتىش، 28 نەپەر قوشۇمچە مۇپەتتىش بار.

ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى 169 - نومۇر

پوچتا نومۇرى: 830001 تېلېفون نومۇرى: 2884842 (0991)

## ئاپتونوم رايونلۇق ئالىي مائارىپ ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىش ئىمتىھانى كومىتېتى

شىنجاڭنىڭ ئالىي مائارىپى ۋە ئوتتۇرا دەرىجىلىك كەسپىي مائارىپى بويىچە ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىش ئىمتىھانىغا مەسئۇل كەسپىي ئورگان. ئۇنىڭ ئىشخانىسى 1984 - يىلى قۇرۇلغان بولۇپ، ئاپتونوم رايونلۇق ئالىي مائارىپ ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىش ئىمتىھانى كومىتېتى ۋە مائارىپ كومىتېتىنىڭ قوش رەھبەرلىكىنى قوبۇل قىلىدۇ. ئۈرۈمچى شەھىرى شىمالىي تىنچلىق يولى 30 - نومۇرغا جايلاشقان. بۇ كومىتېتنىڭ ئاساسلىق فۇنكسىيەسى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت: دۆلەتكە ۋاكالىتەن ئوقۇش تارىخىنى ئاساس قىلغان ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىش ئىمتىھانى ئېلىش، شۇنىڭ بىلەن بىرگە مائارىپ مىنىستىرلىقى ئىمتىھان مەركىزىنىڭ مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىسىگە ئاساسەن، مەملىكەتلىك كومپيۇتېر دەرىجە ئىمتىھانى، مەملىكەتلىك ئىنگلىز تىلى دەرىجە ئىمتىھانى، مەملىكەتلىك ئاكسىيە بىلەن شۇغۇللانغۇچى خادىملارنىڭ سالاھىيەت ئىمتىھانى، كامبرىج بالىلار ئىنگلىز تىلى دەرىجە ئىمتىھانى، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ سالاھىيەت بېكىتىش ئىمتىھانى، تېلېۋىزىيە ئۇنىۋېرسىتېتىدە تىزىملاتقان ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىمتىھانى ۋە سىرتتىن ئوقۇتۇش، سۇنئىي ھەمراھ تېلېۋىزىيە مائارىپى، ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىش ئىمتىھانى قاتارلىقلار ئۆزئارا بىرلەشتۇرۇلگەن، ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنى تەربىيىلەشنى ئاساس قىلغان «ئۈچنى ئۆزئارا تۇتاشتۇرۇش» ئىمتىھانى قاتارلىقلارغا مەسئۇل بولىدۇ. ئۇنىڭ ئىچىدە سوئال - پىلانلاش بۆلۈمى، ئىمتىھان ئىشلىرى بۆلۈمى، ئىمتىھان تەۋەلىك بۆلۈمى، مەمۇرىي بۆلۈم ۋە

ئىمتىھان مۇلازىمەت مەركىزى قاتارلىقلار تەسىس قىلىنغان بولۇپ، ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىش ئىمتىھانىنىڭ پىلان، سوئال، ماتېرىيال بېكىتىش، ئىمتىھان قەغىزىنى چىقىرىش، ئوقۇغۇچىلارغا ياردەم بېرىش، ئىمتىھان تەشكىللەش، ئىمتىھان قەغىزىنى تەكشۈرۈش، نومۇر تىزىملاش، ئارخىپ تۇرغۇزۇش، ئىمتىھان تەۋەلىكىنى باشقۇرۇش، ئىمتىھان بەرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ سالاھىيىتىنى تەكشۈرۈپ بېكىتىش ۋە پەنلەرنىڭ لاياقەت گۇۋاھنامىسى، كەسپىي گۇۋاھنامە ۋە دىپلوم قاتارلىقلارنى تارقىتىش خىزمەتلىرىنى ئۈستىگە ئالغان. 1985 - يىلدىن باشلاپ خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە، قازاقچە ئۈچ خىل يېزىقتا تۇنجى قېتىملىق ئىمتىھان ئورۇنلاشتۇرغان. ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ پەلسەپە، ئىكىنومىكا، قانۇن، پېداگوگىكا، ئىجتىمائىي پەن، تەبىئىي پەن، سانائەت ئىلمىي، يېزا ئىگىلىك پەنلىرى، مېدىتسىنا قاتارلىق ئىمتىھان پەنلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 68 كەسىپ تەسىس قىلىنغان، ھازىرغىچە ئىمتىھان بەرگەن ئوقۇغۇچىلار 350 مىڭ نەپەر، 1999 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر 83421 نەپەر ئىمتىھانغا قاتناشقۇچى ئايرىم - ئايرىم ھالدا تولۇق كۇرس، مەخسۇس كۇرس ۋە ئوتتۇرا تېخنىكوم ئوقۇش پۈتتۈرۈش دىپلومىغا ئېرىشكەن بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئازسانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىسى 29783 نەپەر.

ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى شىمالىي تىنچلىق يولى 30 - نومۇر

پوچتا نومۇرى: 830002 تېلېفون: 2310338 (0991)

## شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى

ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى 169 - نومۇرلۇق قورۇغا جايلاشقان بولۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر تىل - يېزىقىدىكى دەرسلىك ماتېرىياللارنى تەھرىرلەش، تەرجىمە قىلىش، نەشر قىلىشنى ئاساس قىلغان مائارىپ ئىشلىرى ئورگىنىدۇر. 1956 - يىلى 8 - ئايدا شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى دەرسلىك كىتابلارنى تەھرىرلەش، تەرجىمە قىلىش ئىشخانىسىنىڭ ئاساسىدا قۇرۇلغان. 1962 - يىلى خەلق ئىگىلىكىنىڭ تەڭشىلىشىگە ماسلىشىش ئۈچۈن يەنە شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىغا قوشۇۋېتىلگەن. 1973 - يىلى يەنە بىر قېتىم ئايرىلىپ چىقىپ، ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ مەمۇرىي تارماقلىرىنىڭ بىۋاسىتە رەھبەرلىكىدىكى مائارىپ كەسپىي نەشرىياتقا ئايلانغان. كۆپ يىللىق قۇرۇلۇش ئارقىلىق ئۆزلۈكسىز ھالدا ئۇيغۇر، قازاق، موڭغۇل، قىرغىز، شىبە قاتارلىق تىللاردا تەھرىرلەش، تەرجىمە قىلىش ئاپپاراتلىرىنى ۋە باشقۇرۇش بۆلۈملىرىنى تەسىس قىلىپ، تەھرىرلەش، تەرجىمە قىلىش خىزمىتىنىڭ شارائىتىنى ياخشىلىغان. 1956 ~ 1966 - يىلغىچە 10 يىل جەريانىدا جەمئىي ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز، موڭغۇل، شىبە قاتارلىق بەش مىللەتنىڭ تىل يېزىقىدىكى كىتاب ماتېرىياللاردىن 1742 خىل 22 مىليون 700 مىڭ پارچىنى تەھرىرلەپ، تەرجىمە قىلىپ نەشر قىلىش ئارقىلىق ئاز سانلىق مىللەت ئوتتۇرا باشلانغۇچ مەكتەپلەر ئاساسلىق

دەرسلىك ماتېرىياللىرىنىڭ ئېھتىياجىنى ئاساسىي جەھەتتىن قاندۇرغان . قايتا قۇرۇلۇپ ئەسلىگە كەلگەندىن كېيىن ، ئۇلار «بارلىقىمىز باللار ئۈچۈن» دېگەن نەشرىيات قۇرۇش مەقسىتىدە چىڭ تۇرۇپ ، «رايونىمىزدىكى ھەرمىللەت ئوقۇتقۇچى ، ئوقۇغۇچىلىرىغا مۇلازىمەت قىلىش ، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلىش» نىشانىدا چىڭ تۇرۇپ ، سۈپەت ئېڭى ، كۆركەملىك ئېڭىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىپ ، ئوتتۇرا باشلانغۇچ مەكتەپ ماتېرىياللىرىنى تەھرىرلەش ، تەرجىمە قىلىش ، نەشر قىلىش خىزمەتلىرىنى ھەرمىللەت مائارىپ ئىشلىرىنىڭ تەرەققىيات ئېھتىياجىغا ماسلاشتۇردى . 1975 ~ 1999 - يىلغىچە جەمئىي ئاز سانلىق مىللەت تىل يېزىقىدىكى ماتېرىياللاردىن 14389 خىل ، 36639 تۈمەن پارچىنى نەشر قىلدى . شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا بىر تۈركۈم باشقا تۈردىكى كىتابلارنى نەشر قىلدى . نۆۋەتتە بۇ نەشرىياتتا باش تەھرىر بۆلۈمى ، نەشر قىلىش بۆلۈمى ، ئۇيغۇر تىلى ، قازاق تىلى ، موڭغۇل تىلى ، قىرغىز تىلى ، شىبە تىلى ، خەنزۇ تىلى ، گۈزەل سەنئەت قاتارلىق 9 كەسپىي بۆلۈم تەسىس قىلىنغان بولۇپ ، بىلىم قۇرۇلمىسى ۋە قاتلاملىرى بىر قەدەر مۇۋاپىق بولغان ، سىياسىي ساپاسى ۋە كەسپىي ساپاسى بىر قەدەر يۇقىرى بولغان ، تەھرىرلەش ، تەرجىمە قىلىش قوشۇنىغا ئىگە . ھازىر كەسپىي ئىشچى - خىزمەتچىلەر 149 نەپەر بولۇپ ، ئۇنىڭ ئىچىدە ئالىي دەرىجىلىك ئۇنۋانى بار كەسپىي خادىملار 40 نەپەر ، كۆپ ساندىكى كىشىلەر ئىككىدىن ئارتۇق تىل - يېزىقنى ئىگىلىگەن . يەنى كۆپ ساندىكى مۇنەۋۋەر كەسپىي خادىملار دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ تەقدىرلىشىگە ئېرىشكەن . ئاپال ئالىي مۇھەررىر سائادەت ئىمىن ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئاپتونوم رايونلۇق ئىلغار خىزمەتچى ، 10 مۇنەۋۋەر ئاپال خىزمەتچىنىڭ بىرى بولۇپ باھالانغان ۋە 1995 - يىلى مەملىكەتلىك 4 - نۆۋەتلىك تاۋفېن مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن .

ئادرېسى : ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى 169 - قورۇ

پوچتا نومۇرى : 830001 تېلېفون نومۇرى : 2850614 (0991)

## شىنجاڭ مائارىپ ئىلمىي تەتقىقات ئورنى

1984 - يىلى 5 - ئايدا ئەسلىدىكى مائارىپ نازارىتى مائارىپ ئىلمىي تەتقىقات ئىشخانىسى ئاساسىدا ئۆزگەرتىپ قۇرۇلغان . بەلگىلەنگەن شتاتى 50 نەپەر ، 1991 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئوقۇتۇش تەتقىقات ئىشخانىسى دېگەن ۋۇيۇسكا ئېسىلغان . 1992 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق خەنزۇ تىلى ئوقۇتۇش تەتقىقات ئىشخانىسى مائارىپ تەتقىقات ئورنىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئايرىپ بېرىلگەن بولۇپ ، شتاتى 10 نەپەر . ھازىرقى ئومۇمىي شتاتى 57 نەپەر بولۇپ ، ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتىگە بىۋاسىتە قاراشلىق كەسپىي ئورۇن . شىنجاڭ مائارىپ پەن - تەتقىقات ئورنى بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق ئوقۇتۇش تەتقىقاتى ئىشخانىسى بىرلىشىپ ئىش بېجىرىدۇ . ئاساسلىق ۋەزىپىسى ئوقۇ - ئوقۇتۇش تەتقىقاتى ئېلىپ بېرىش ، مائارىپ ، پەن - تەتقىقات خادىملىرىنى ۋە ئوتتۇرا

- باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنى تەربىيىلەش، مۇناسىۋەتلىك ئوقۇتۇش ماتېرىياللىرى ۋە كونسۇلتاتسىيە ماتېرىياللىرىنى تۈزۈش، ئوتتۇرا مەكتەپ ئىمتىھان سوئالىنى تەشكىللەش ھەمدە ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتى تاپشۇرغان مائارىپ ئىلمىي تەتقىقات ۋەزىپىلىرىنى تاماملاش قاتارلىقلار. ئۇنىڭدىن باشقا شىنجاڭ مائارىپ تەتقىقات مائارىپ ئىلمىي تەتقىقات ئىشخانىسى «شىنجاڭ ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپلەر ئوقۇتۇشى» دېگەن ئىچكى ژۇرنالنى چىقىرىدۇ. نۆۋەتتە ئۇنىڭ ئىچىدە تەسىس قىلىنغان ئاپپاراتلاردىن مائارىپ نەزەرىيە تەتقىقات ئىشخانىسى، ئوتتۇرا مەكتەپ تەبىئىي پەنلەر ئىشخانىسى، ئوتتۇرا مەكتەپ ئىجتىمائىي پەنلەر ئىشخانىسى، باشلانغۇچ مەكتەپ تەتقىقات ئىشخانىسى، تەنتەربىيە، مۇزىكا، گۈزەل سەنئەت تەتقىقات ئىشخانىسى، خەنزۇ تىلى تەتقىقات ئىشخانىسى، ئوقۇتۇش ئۇنىۋېرسال تەتقىقات ئىشخانىسى قاتارلىق بۆلۈم، ئىشخانىلار بار. ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتى مائارىپ ئىلمىي پىلانلاش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ۋە شىنجاڭ مائارىپ ئىلمىي جەمئىيىتى ئىشخانىسىمۇ شىنجاڭ مائارىپ ئىلمىي تەتقىقات ئورنىنىڭ ئىچىدە تەسىس قىلىنغان. شتات سانى 54 نەپەر، ئۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەتتىن 26 نەپەر، ئالىي دەرىجىلىك ئۇنۋانى بارلار 22 نەپەر، ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئۇنۋانى بارلار 23 نەپەر، تۆۋەن دەرىجىلىك ئۇنۋانى بارلار 8 نەپەر، مەمۇرىي خادىم بىر نەپەر. مائارىپ ئىلمىي تەتقىقات ئورنى قۇرۇلغاندىن بۇيان ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ «شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر، قازاق، خەنزۇ قاتارلىق ئۈچ مىللەتنىڭ بەدەن ساپاسىنى تەكشۈرۈش»، «قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ئاساسىي مائارىپىنى تەكشۈرۈش» قاتارلىق چوڭ تىپتىكى تەكشۈرۈش، تەتقىق قىلىش پائالىيىتىنى تەشكىللىدى ۋە «شىنجاڭدىكى شەھەر بازارلار ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مائارىپىنى باھالاپ تەتقىق قىلىش»، «تۇرپان شەھىرىنىڭ دېھقانچىلىق، پەن - تېخنىكا ۋە مائارىپنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈش تەتقىقاتى» ۋە «شىنجاڭنىڭ نىشانلىق ئوقۇتۇش تەجرىبىسى» قاتارلىق 10 دىن ئارتۇق تۈر تەتقىقاتىنى قانات يايدۇردى. «شىنجاڭ مائارىپ يىلنامىسى» (1949 - يىلدىن 1989 - يىلغىچە)، «شىنجاڭنىڭ مائارىپ تەرەققىيات ستراتېگىيىسى تەتقىقاتى» ۋە «شىنجاڭنىڭ مىللىي مائارىپ تەتقىقاتى» قاتارلىق ئەسەرلەرنى نەشر قىلدى. شىنجاڭدىكى ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەر ئەمگەك تېخنىكا دەرسلىكىنىڭ ئوقۇتۇش ماتېرىيالى ۋە «شىنجاڭ جۇغراپىيىسى»، «شىنجاڭ ھايۋانات ئۆسۈملۈكلىرى» قاتارلىق يەرلىك ئوقۇتۇش ماتېرىياللىرىنى تۈزۈپ چىقتى. يەنە نىشانلىق ئوقۇتۇشنى باھالاش قوللانمىسى قاتارلىق قوشۇمچە ماتېرىياللارنى تۈزۈپ چىقتى. بۇ ئارقىلىق شىنجاڭنىڭ ئوقۇ - ئوقۇتۇش تەتقىقاتى ۋە ئوتتۇرا باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتۇش سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن تېگىشلىك تۆھپىسىنى قوشتى.

ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى شىنخۇا جەنۇبىي يولى
پوچتا نومۇرى: 830001 تېلېفون نومۇرى: 2860546 (0991)

شىنجاڭ ئوقۇتۇش تەتقىقات ئىشخانىسى
شىنجاڭ مائارىپ تەتقىقات ئورنىغا قارالسۇن .

شىنجاڭ مائارىپ گېزىت - ژۇرنىلى نەشرىياتى

ئەسلى ئاساسى شىنجاڭ مائارىپ ژۇرنىلى نەشرىياتى . 1951 - يىلى «شىنجاڭ مائارىپى» ژۇرنىلى سىناق قىلىپ بېسىلىپ ، 1952 - يىلى خەنزۇچە ، ئۇيغۇرچە يېزىقتىكى نۇسخىسى رەسمىي نەشر قىلىنغان ، 1953 - يىلى قازاق يېزىقىدىكى نەشرى رەسمىي نەشرى قىلىندى . 1958 - يىلى شىنجاڭ مائارىپى ژۇرنىلى نەشرىياتى قۇرۇلدى . 1989 - يىلى شىنجاڭ مائارىپ - گېزىت ژۇرنىلى نەشرىياتى بولۇپ كېڭەيتىپ قۇرۇلدى . شۇ يىلى 7 - ئايدا «شىنجاڭ مائارىپ گېزىتى» خەنزۇچە نەشر بارلىققا كەلدى . 1990 - يىلى 3 - ئايدا ئۇيغۇرچە نەشرى ، 1997 - يىلى قازاقچە نەشرى رەسمىي نەشر قىلىندى . مائارىپ نازارىتىگە قاراشلىق باشقارما دەرىجىلىك كەسپىي ئورۇن بولۇپ ، ئاساسلىق ۋەزىپىسى پۈتۈن ئاپتونوم رايونىمىزدىكى مائارىپ تەشۋىقاتى ، خەۋەر خىزمىتىگە مەسئۇل بولىدۇ ، قارمىقىدا «شىنجاڭ مائارىپى» ئۇيغۇرچە ، خەنزۇچە تەھرىر بۆلۈمى ، «شىنجاڭ مائارىپ گېزىتى» ئۇيغۇرچە ، خەنزچە تەھرىر بۆلۈمى ، قازاقچە «شىنجاڭ مائارىپى» ، «شىنجاڭ مائارىپى گېزىتى» تەھرىر بۆلۈمى ، ماتېرىيال توپلاش بۆلۈمى ، مەخسۇس ژۇرنال بۆلۈمى ، نەشرىيات ئىشخانىسى قاتارلىق سەككىز بۆلۈم تەسىس قىلىنغان . ھازىر بۇ نەشرىياتتا 70 نەپەر ئادەم بولۇپ ، ئۇنىڭ ئىچىدە ئالىي مۇھەررىر بىر نەپەر ، مۇئاۋىن ئالىي مۇھەررىر 10 نەپەر ، مۇدىر مۇخبىر بىر نەپەر ، ياردەمچى مۇخبىر تۆت نەپەر ، مەزكۇر نەشرىيات «شىنجاڭ مائارىپى» (ئۇيغۇرچە ، خەنزۇچە ، قازاقچە ، نەشرى ، ئۇنىۋېرسال مائارىپ ئايلىق ژۇرنىلى پۈتۈن مەملىكەتتە تارقىتىلىدۇ ) ، «شىنجاڭ مائارىپ گېزىتى» (خەنزۇچە نەشرى ھەپتىلىك ، ئۇيغۇرچە نەشرى ھەپتىلىك ، قازاقچە نەشرى 10 كۈنلۈك ) ھەمدە باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلار كۆرگەزمىسى (خەنزۇچە ) «ماقالىلەر ئايلىق مۇنبىرى» (خەنزۇچە ) ۋە «ئۈمىد چېچەكلىرى» (ئۇيغۇرچە ) قاتارلىقلارنى چىقىرىدۇ . «شىنجاڭ مائارىپ گېزىتى» خەنزۇچە نەشرى ۋە ئۇيغۇرچە نەشرى ئاپتونوم رايون تەرىپىدىن مۇنەۋۋەر گېزىت ۋە ئەڭ ياخشى 10 گېزىتنىڭ بىرى بولۇپ باھالانغان . «شىنجاڭ مائارىپى» خەنزۇچە نەشرى ، ئۇيغۇرچە نەشرى بىردەك ئاپتونوم رايون تەرىپىدىن ئىجتىمائىي پەنلەر تۇرىدىكى بىرىنچى دەرىجىلىك ژۇرنال دەپ باھالانغان .

ئادرېسى : ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى 169 - نومۇر

پوچتا نومۇرى : 830001 تېلېفون نومۇرى : 2850804 (0991)

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش كومىتېتى

رايونىمىز تەۋەسىدىكى ئاسپىرانتلار ۋە ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپ ، ئوتتۇرا

تېخنىكۇملار ، چوڭلار ئالىي مەكتەپ ، ئوتتۇرا تېخنىكۇملىرىنىڭ ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ئىمتىھان خىزمىتىگە مەسئۇل مەخسۇس ئورگان . ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتىنىڭ رەھبەرلىكىنى قوبۇل قىلىدۇ . 1977 ـ يىلى قۇرۇلغان بولۇپ ، ئۇنىڭ ئىچىدە ئادەتتىكى ئوقۇغۇچىلارنى قوبۇل قىلىش بۆلۈمى ، چوڭلارنى قوبۇل قىلىش بۆلۈمى ، ئاسپىرانتلارنى قوبۇل قىلىش بۆلۈمى ، كومپيۇتېر بۆلۈمى ، تەشۋىقات ـ تەتقىقات بۆلۈمى ، ئۇنىۋېرسال بۆلۈم قاتارلىقلار تەسىس قىلىنغان . كەسپىي خادىم 32 نەپەر بولۇپ ، كۆپ مىللەت تىللىرىدىكى ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ئىمتىھانى ، قوبۇل قىلىش ، ئىمتىھان ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ، تەكشۈرۈش ، مۇپەتتىش قىلىش قاتارلىق خىزمەتلىرىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان . 20 نەچچە يىلدىن بۇيان ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش سانىنىڭ ئۈزلۈكسىز كېڭىيىشى ۋە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش تۈزۈمىنىڭ ئىسلاھ قىلىنىش تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ ، «ئادىل بولۇش ، ھەققانىي بولۇش ، ياخشىلىرىنى تاللاپ قوبۇل قىلىش» پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ كەلدى . 1999 ـ يىلىغا قەدەر ئاسپىرانت ، ئادەتتىكى تولۇق ، مەخسۇس كۇرس ئوقۇغۇچىلىرى ۋە چوڭلار تولۇق ، مەخسۇس كۇرس ئوقۇغۇچىلىرىدىن 460 مىڭدىن ئارتۇق كىشىنى قوبۇل قىلىش خىزمىتىنى ئورۇندىدى . ئاپتونوم رايونلۇق ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ئىشخانىسى ۋە ئۇنىڭ ھەرقايسى جايلاردىكى تارماق ئورگانلىرىدىن ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ سەككىز ئورۇن ، 16 شەخس مەملىكەتلىك ئىلغار كوللېكتىپ ، ئىلغار شەخس دېگەن ناملارغا ئېرىشتى .

ئادرېسى : ئۈرۈمچى شەھىرى چيەنتاڭجياڭ يولى 17 ـ 2 ـ نومۇر
پوچتا نومۇرى : 830000 تېلېفون نومۇرى : 5847139 (0991)

## شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتى مائارىپ ئۈچۈرلىرى مەركىزى

1997 ـ يىلى 11 ـ ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق ئورگان ئىسلاھاتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇشنى تەستىقلىغان بولۇپ ، ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتىگە قاراشلىق باشقارما دەرىجىلىك ئورۇن .

ئاساسلىق مەسئۇلىيەت ۋەزىپىسى : مۇكەممەل تەشكىللى تۈزۈلمە قۇرۇش ، ساپالىق كەسپىي خادىملارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش ، مائارىپ ئۈچۈرلىرىنى ئاپتوماتلاشتۇرۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا تىرىشىش .

رايونىمىزدىكى ھەرتۈرلۈك مائارىپ ئۈچۈرلىرىنى يىغىش ، توپلاش ، باشقۇرۇش ، تۈرگە ئايرىش : دۆلەت ئىچى ۋە خەلقئارادىكى ھەرخىل مائارىپنى سېلىشتۇرۇپ تەھلىل قىلىش ۋەزىپىلىرىنى ئۈستىگە ئالغان بولۇپ ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ جەمئىيەت تەرەققىياتىنى ئاساس بىلەن تەمىنلەيدۇ . كەسپىي شتات بەش نەپەر بولۇپ ، بۇنىڭ ئىچىدە كەسپىي تېخنىك خادىملار ئومۇمىي شتات سانىنىڭ 80% نى ئىگىلەيدۇ . رەھبەر سانى

بىر نەپەر بولۇپ، پۈتۈنلەي خام چوت ئارقىلىق باشقۇرۇشنى يولغا قويغان.

ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى 169 - نومۇر

پوچتا نومۇرى: 830001 تېلېفون نومۇرى: 280267 (0991)

## شىنجاڭ مائارىپ ئىمتىھان مۇلازىمەت مەركىزى

1997 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق ئورگان ئىسلاھاتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ تەستىقى بىلەن قۇرۇلغان بولۇپ، ئۈرۈمچى شەھىرى چيەنتاڭجياڭ يولى 17 - نومۇرغا جايلاشقان. ئاساسلىق ۋەزىپىسى: رايونىمىزدىكى ئادەتتىكى ۋە چوڭلار ئالىي، ئوتتۇرا تېخنىكومغا ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ھەرخىل ئىمتىھانلىرى ۋە دۆلەت ئىچى سىرتىدىكى مائارىپ ئىلمىي ئالماشتۇرۇش قاتارلىق پائالىيەتلەر ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىش. ئۇ باشقارما دەرىجىلىك كەسپىي ئورۇن بولۇپ، كەسپىي شتاتى 18 نەپەر. رەھبەرلىك سانى ئۈچ نەپەر، راسخوتتا ئۆز ئۆزىنى قامداش تۈزۈلمىسى يولغا قويۇلغان.

ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى چيەنتاڭجياڭ يولى 17 - نومۇر

پوچتا نومۇرى: 830001 تېلېفون نومۇرى: 5845511 (0991)

## شىنجاڭ ئوقۇتۇش قوراللىرىنى تەتقىق قىلىپ ياساش مەركىزى

ئەسلى ئىسمى شىنجاڭ ئوقۇتۇش سايمانلىرى زاۋۇتى بولۇپ، 1986 - يىلى 7 - ئايدا قۇرۇلغان. ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتىغا بىۋاسىتە قاراشلىق كەسپىي ئورۇن. 1997 - يىلى 11 - ئايدا شىنجاڭ ئوقۇتۇش قوراللىرىنى تەتقىق قىلىپ ياساش مەركىزى دەپ ئۆزگەرتىلگەن بېيجىڭ ئوقۇتۇش قوراللىرى مەركىزى شىنجاڭ تارمىقى دېگەن ۋىۋىسكىمۇ ئېسىلغان. ئاساسلىق ۋەزىپىسى: باشلانغۇچ مەكتەپ ۋە بالىلار باغچىسىدا ئىشلىتىلىدىغان ئوقۇتۇش قوراللىرىنى تەتقىق قىلىش، ئېچىش، ئىشلەپچىقىرىش، كېڭەيتىشتىن ئىبارەت. باشقارما دەرىجىلىك كەسپىي ئورۇن بولۇپ، كەسپىي شتاتى 83 نەپەر، رەھبەرلىك سانى 3 نەپەر، راسخوتتا ئۆز ئۆزىنى قامداش تۈزۈلمىسى يولغا قويۇلغان.

ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى شىنمىن يولى ئېغىزىدا.

پوچتا نومۇرى: 830002 تېلېفون نومۇرى: 2625371 (0991)

## شىنجاڭ مائارىپ تاشقى مەبلەغ تۈرى ئىشخانىسى

1977 - يىلى 11 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق ئورگان ئىسلاھاتى گۇرۇپپىسىنىڭ تەستىقى بىلەن قۇرۇلغان. ئۇ باشقارما دەرىجىلىك كەسپىي ئورۇن، كەسپىي شتاتى بەش نەپەر، ئۇنىڭ ئىچىدە كەسپىي تېخنىك خادىملار ئومۇمىي شتات سانىنىڭ %70 نى ئىگىلەيدۇ. رەھبەرلىك سانى بىر نەپەر، پۈتۈنلەي خام چوت ئارقىلىق باشقۇرۇش يولغا قويۇلغان. ئاساسلىق ۋەزىپىسى: دۆلەتنىڭ مۇناسىۋەتلىك مىنىستىرلىق

كومىتېتلىرىنىڭ قەرز پۇل ئېلىش مەسىلىسىدىكى كۆرسەتمىلىرىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ، ھەرقايسى تۇرلەر بويىچە ئىلتىماس قىلىش دوكلاتىنى ئەمەلىيلەشتۇرۇش ، تەتقىقات دوكلاتى قاتارلىقلارنى يېزىش ۋە تۇرلەرنىڭ ھەرقايسى باسقۇچلىرىدىكى خىزمىتىنى باھالاشقا مەسئۇل بولۇش ، ھەرقايسى تۇر ناھىيىلەرنىڭ تۇرلەرنى ئىجرا قىلىش پىلانىنى ۋە يىللىق پىلانىنى تەستىقلاپ بېكىتىش ، تۇرلەرنى كونكرېت ئەمەلىيلەشتۇرۇشكە تەشكىللەش ، ھەرقايسى تۇر ۋىلايەت ، ناھىيىلىرىنىڭ ئىجرا قىلىش خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىش ، تۇر بۆلىكىنىڭ باشقۇرۇش ئۇسۇلى ۋە ئەمەلىيلىشىش پرىنسىپىنى تۇزۇپ چىقىش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت . باشقا قەرز پۇل تۇرلىرىنى ، ھەرخىل تاشقى مەبلەغ تۇرلىرىنى ، باللار فوندى جەمئىيىتىنىڭ تۇرلىرىنى ۋە مۇھاجىرلار ئىئانە تۇرلىرىنى قولغا كەلتۇرۇشكە تىرىشىش ھەم ئىئانە تۇرلىرىنى ياخشى باشقۇرۇش .

ئادرېس : ئۇرۇمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى 169 ـ نومۇر
پوچتا نومۇرى : 830001 تېلېفون نومۇرى : 2850434 (0991)

**شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ فوندى جەمئىيىتى**

1988 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۇنى قۇرۇلغان . سابىق مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى يولداش ۋاڭ ئىنماۋ پەخرىي مۇدىرلىق ۋەزىپىسىنى ئۇستىگە ئالغان . سابىق ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن سىكرىتارى ھازىرقى ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى يولداش جانابىل مۇدىرلىق ۋەزىپىسىنى ئۇستىگە ئالغان . شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ فوند جەمئىيىتى پۇتۇن رايون خاراكتېرلىك ئىجتىمائىي تەشكىلات بولۇپ ، مائارىپ مەبلىغى توپلاش ۋە مەبلەغ ئارقىلىق مائارىپ ئىشلىرىنى گۇللەندۇرۇش ھەم مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچىلارنى مۇكاپاتلاش قاتارلىق پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىدۇ . فوندى جەمئىيەتنىڭ قارمىقىدا فوندى باشقۇرۇش ئىشخانىسى تەسىس قىلىنغان بولۇپ ، ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتىنىڭ باشقۇرۇشىغا تەۋە ، باشقارما دەرىجىلىك كەسپىي ئورۇن . كەسپىي شتاتى سەككىز نەپەر ، رەھبەرلىك سانى ئىككى نەپەر . فوندى جەمئىيەت قۇرۇلغان 12 يىلدىن بۇيان مائارىپ فوندى جەمئىيەتنىڭ مەبلەغ ئۇسۇملا 18 مىليون 910 مىڭ يۇەنگە يەتكەن . مۇناسىۋەتلىك تارماقلار بىلەن بىرلىكتە تەقدىرلىگەن مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچى ، مائارىپ خىزمەتچىلىرى 58 مىڭ ئادەم قېتىمغا يەتكەن . ئۇنىڭدىن باشقا ، يەنە ئوتتۇرا ، باشلانغۇچ مەكتەپ مۇزىكا مائارىپى ، ئالاھىدە مائارىپ ، تەنتەربىيە مائارىپى ، ئەخلاقىي تەربىيە ۋە ئالىي مەكتەپ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى قاتارلىق جەھەتتىكى ئىلغار كوللېكتىپ ، ئىلغار شەخس قاتارلىقلارنى تەقدىرلىگەن . «مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچىلار» ، «باغۋەنلەر ئائىلىسى» ، «مائارىپ ئائىلىسى» قاتارلىق پائالىيەتلەرنى قانات يايدۇرغان . ئاپتونوم رايون ، ۋىلايەت (ئوبلاست ) ، ناھىيە (شەھەر ) ئۇچ دەرىجىلىك مائارىپ فوندى

جەمئىيەت تورى ۋە مۇناسىپ ئوقۇتقۇچىلارنى تەقدىرلەش ، مۇكاپاتلاش تورىنى دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەندۈرگەن .

ئادرېسى : ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى 169 ـ نومۇر

پوچتا نومۇرى : 830001 تېلېفون نومۇرى : 2876313 (0991)

## شىنجاڭ مائارىپ ئىلمىي جەمئىيىتى

1979 ـ يىلى 12 ـ ئايدا قۇرۇلغان بولۇپ ، شىنجاڭدىكى مائارىپ ئىلمىي تەتقىقات پائالىيىتى ئېلىپ بارىدىغان ئاممىۋى خاراكتېرلىك ئىلمىي تەشكىلات . مائارىپ ئىلمىي جەمئىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن ، ئىزچىل تۈردە ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتىنىڭ قارمىقىدا بولۇپ ، ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتى پارتكومىنىڭ رەھبەرلىكى ۋە جۇڭگو مائارىپ ئىلمىي جەمئىيىتى ، ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئۇيۇشمىسىنىڭ كەسپىي يېتەكچىلىكى ئاستىدا بولغان ، مائارىپ ئىلمىي جەمئىيىتى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر بىرلەشمىسىنىڭ كوللېكتىپ ئەزاسى ھېسابلىنىدۇ . ئۇنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى بولسا : ئاممىۋى خاراكتېرلىك مائارىپ ئىلمىي تەتقىقاتىنى تەشكىللەش ، ئىلمىي نەتىجىلەرنى ئالماشتۇرۇش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش ، مائارىپ ئىسلاھات تەجرىبىلىرى ۋە ئىلمىي تەتقىقات نەتىجىلىرىنى كېڭەيتىش ، مائارىپ ئىلمىي بىلىملىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش ۋە ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش خادىملىرىنى تەربىيىلەشنى ھەمدە مائارىپ ئىلمىي تەتقىقات نەتىجىلىرىنى باھالاش پائالىيەتلىرىنى تەشكىللەش قاتارلىقلار . شىنجاڭ مائارىپ ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ئەزالىرى ئاساسلىقى رايونىمىزدىكى ئوتتۇرا باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرى ، مائارىپ ئىلمىي تەتقىقات خادىملىرى ۋە بىر قىسىم مائارىپ مەمۇرىي كادىرلىرى بولۇپ ، كەڭ ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە بولغان شىنجاڭنىڭ ئاساسىي مائارىپ ئىسلاھاتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشتىكى مۇھىم كۈچ ھېسابلىنىدۇ . ئىلمىي جەمئىيەت قۇرۇلغاندىن بۇيان ، بەش نۆۋەتلىك مۇدىرىيەت يىغىنى ئۆتكۈزگەن بولۇپ ، 50 مىڭدىن ئارتۇق ئەزاسى بار . 10 نەچچە ۋىلايەت ئوبلاستتا تارماق جەمئىيىتى ۋە 36 ئىلمىي تەتقىقات جەمئىيىتى (كەسپىي جەمئىيەت ) بار . شىنجاڭ مائارىپ ئىلمىي جەمئىيىتى 5 ـ نۆۋەتلىك مۇدىرىيىتى 1998 ـ يىلى 4 ـ ئايدا قۇرۇلغان بولۇپ ، ھازىرقى جەمئىيەت باشلىقى سادىر قادىر ، دائىملىق مۇئاۋىن مۇدىر رىن باڭكۈن ، باش كاتىپ روڭ شىڭچى ، مائارىپ ئىلمىي جەمئىيىتى ئىشخانىسى مائارىپ ئىلمىي تەتقىقات ئورنىنىڭ ئىچىدە تەسىس قىلىنغان .

ئادرېسى : ئۈرۈمچى شەھىرى شىنخۇا جەنۇبىي يولى

پوچتا نومۇرى : 830001 تېلېفون نومۇرى : 2860546 (0991)

**شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈش خۇلاسە ئىمتىھان ئىشخانىسى**

1992 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق شتات كومىتېتىنىڭ قوشۇلۇشى ئارقىلىق قۇرۇلغان . ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتىگە بىۋاسىتە قاراشلىق كەسپىي ئورۇن بولۇپ ، باشقارما دەرىجىلىك ئورۇن ، بەلگىلەنگەن كەسپىي شتاتى 30 نەپەر . 1995 - يىلى ھەرقايسى جايلاردا ئارقا - ئارقىدىن خۇلاسە ئىمتىھان ئىشخانىسى قۇرۇلدى . بۇ ئىشخانىلار ۋىلايەت ، ئوبلاست ، شەھەرلىك مائارىپ ئىدارىلىرىگە بىۋاسىتە قاراشلىق بولۇپ ، بۆلۈم دەرىجىلىك ئورۇن ھېسابلىنىدۇ . 1997 - يىلدىكى ئورگان ئىسلاھاتىدا خۇلاسە ئىمتىھان ئىشخانىسىنىڭ شتاتى 28 نەپەر قىلىپ بېكىتىلدى . ئاپتونوم رايونلۇق خۇلاسە ئىمتىھان ئىشخانىسى ئىمتىھان ئىشلىرى بۆلۈمى ، ئىمتىھان تەۋەلىك بۆلۈمى قاتارلىق مەمۇرىي بۆلۈملەردىن تەركىب تاپقان . مۇدىردىن بىر نەپەر ، مۇئاۋىن مۇدىردىن ئىككى نەپەر سەپلەنگەن . ئىمتىھان ئىشلىرى بۆلۈمى پۈتۈن رايونىمىز خۇلاسە ئىمتىھان خىزمىتىگە مەسئۇل بولۇپ ، رايونىمىزدىكى ئىمتىھانغا تىزىملاش ، ئىمتىھان مەيدانلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇش ، سوئال چىقىرىش ، سوئالنى تەكشۈرۈش ، سوئالنى تەرجىمە قىلىش ۋە ئىمتىھان سوئالى بېسىش ، تارقىتىش خىزمىتىگە مەسئۇل بولىدۇ ھەمدە ئىمتىھاندىن بۇرۇنقى يىغىننى ، پۈتۈن رايونىمىزدىكى رەسمىي ئىمتىھان ۋە تولۇقلىما ئىمتىھان قاتارلىقلارنى تەشكىللەيدۇ . ئىمتىھان تەۋەلىكى بۆلۈمى بولسا رايونىمىزدىكى خۇلاسە ئىمتىھان قەغىزىنى يىغىۋېلىش ، رەتلەش ، باھالاش ، نومۇر قويۇش ، دەرىجىگە ئايرىش ، نەتىجىنى ستاتىستىكا قىلىش ۋە ئېلان قىلىشقا مەسئۇل بولىدۇ ھەمدە پۈتۈن رايونىمىزدا خۇلاسە ئىمتىھان نەتىجىسىدىن پايدىلىنىپ ، مائارىپ سۈپىتىنى باھالاش ، ئىمتىھان تەۋەلىك ئارخىپى تۇرغۇزۇش ۋە باشقۇرۇش قاتارلىق خىزمەتلەرنى تەشكىللەيدۇ . مەمۇرىي بۆلۈم بولسا خۇلاسە ئىمتىھان ئىشخانىسىنىڭ مالىيە ، بوغالتىرلىق ، ماشىنىلارنى باشقۇرۇش ، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ داۋالىنىش ، پاراۋانلىق ۋە مۇقىم مۈلكىنى باشقۇرۇش قاتارلىقلارغا مەسئۇل بولىدۇ .

ئادرېسى : ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى 169 - نومۇر .

پوچتا نومۇرى : 830001 تېلېفون نومۇرى : 2850504 (0991)

**شىنجاڭ ئوقۇتۇش سايمانلىرىنى تەمىنلەش ، باشقۇرۇش باش پونكىتى**

ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتىنىڭ بىۋاسىتە قارمىقىدىكى مەمۇرىي باشقۇرۇش ۋە مۇلازىمەت قىلىشتىن ئىبارەت قوش فۇنكسىيىلىك ناھىيە دەرىجىلىك كەسپىي ئورۇن . 1958 - يىلى قۇرۇلغان . دەسلەپتە شىنجاڭ ئوقۇتۇش سايمانلىرىنى تەمىنلەش كوپېراتىپى دەپ ئاتالغان . ئەسلىدە بۆلۈم دەرىجىلىك كەسپىي ئورۇن بولۇپ ، ئەينى ۋاقىتتا دۆلەت مائارىپ مىنىستىرلىقى دۆلەت پىلانى ئىچىدە ھەقسىز ئاجرىتىپ بەرگەن ئوتتۇرا ، باشلانغۇچ مەكتەپ سايمان ئۈسكۈنىلىرىنى رايونىمىزدىكى ئوتتۇرا ، باشلانغۇچ

مەكتەپلەرگە سەپلەش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغانىدى . 1980 ـ يىلى نامى شىنجاڭ ئوقۇتۇش سايمانلىرى شىركىتىگە ئۆزگەرتىلىپ ، باشقارما دەرىجىلىك كەسپىي ئورۇنغا كۆتۈرۈلگەن . 1997 ـ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق شتات كومىتېتىنىڭ تەستىقى ئارقىلىق ھازىرقى نامغا ئۆزگەرتىلگەن . بۇ پونكىت رايونىمىزدىكى 16 ۋىلايەت (ئوبلاست ، شەھەر ) ، 93 ناھىيە (شەھەر ، رايون ) دىكى 8000دىن ئارتۇق ئوتتۇرا ، باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ مائارىپ تېخنىكا سايمانلىرىنى سەپلەش خىزمىتىگە ۋە رايون ئىچىدىكى بىر قىسىم ئوقۇتۇش سايمانلىرىنى ئىشلەپچىقىرىدىغان مەكتەپ ئىگىلىكىدىكى زاۋۇتلارنى كەسپىي جەھەتتىن باشقۇرۇش خىزمىتىگە مەسئۇل بولىدۇ . بۇ پونكىتتا پونكىت ئىشخانىسى ، پىلان باشقۇرۇش بۆلۈمى ، تەمىنلەش بۆلۈمى ، مالىيە بۆلۈمى قاتارلىق تۆت بۆلۈم ۋە بىر ئىقتىسادىي گەۋدە تەسىس قىلىنغان بولۇپ (شىنجاڭ مائارىپ تېخنىكا سايمانلىرىنى سەپلەش بۆلۈمى ) ، 40 نەپەرگە يېقىن ئىشچى ـ خىزمەتچىسى بار . بىر قەدەر كۈچلۈك بولغان ئوقۇتۇش سايمانلىرىنىڭ سۈپىتىنى ئۆلچەش ئىقتىدارى ۋە بەلگىلىك خېرىدار چاقىرىش ، خېرىدار بولۇش ، رىقابەتكە قاتنىشىش ئىقتىدارىنى ھازىرلىغان . شىنجاڭ دۇنيا بانكىسىنىڭ نامراتلارنى يۆلەش ئىككىنچى تۈرى ، شىنجاڭنىڭ دۆلەتلىك نامرات رايونلار مەجبۇرىي مائارىپ قۇرۇلۇشى قاتارلىق تۈرلەردىن ئۈچ تۈركۈم جەمئىي 10 مىليون يۈەن قىممىتىدىكى سايمان ئەسلىھەلەرنى سېتىۋېلىش ، سەپلەش ، تەربىيىلەش قاتارلىق كونكرېت ئەمەلىي خىزمەتلەرگە قاتناشقان ۋە ئۈستىگە ئالغان . نۆۋەتتە مەزكۇر ئورگاننىڭ كەسپىي دائىرىسى ئاللىقاچان ئادەتتىكى سايمانلارنى سەپلەشتىن ئېلېكترلەشكەن مائارىپ ۋە زامانىۋى مائارىپ تېخنىكا سايمانلىرى سەپلەشكە ، فىزىكا ، خىمىيە ، بىئولوگىيە ، تەبىئەت قاتارلىق پەنلەردىن ئىجتىمائىي پەن ، ئەمگەك تېخنىكىسى ، تەنتەربىيە ، ساقلىقنى ساقلاش ، مۇزىكا ـ سەنئەت ، تىل سىنىپى ، كومپيۇتېر ، مەكتەپ ئىچى ئۇچۇر تورى قاتارلىق ھەرقايسى جەھەتلەرگە كېڭەيگەن . 1991 ـ يىلدىن ھازىرغىچە ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتىنىڭ پىلانىغا ئاساسەن ئۆزى مەبلەغ توپلاش ۋە قوشۇمچە قىلىشنى ئۆزئارا بىرىكتۈرۈش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ ، ناھىيە ، شەھەرلەردىكى تەجرىبىخانا ئوقۇتۇشى ئومۇملاشقان 56 ئوتتۇرا ، باشلانغۇچ مەكتەپنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋالدى . بۇ ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ناھىيە ، شەھەرلەر سانىنىڭ % 60 ئىگىلىدى . ئاپتونوم رايونىمىزدىكى تەجرىبە ئوقۇتۇشىنى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتىگە قارىتا تەجرىبىگە ئىشلىتىدىغان ئۆي ، يۈرۈشلەشتۈرۈلگەن ئەسلىھەلەر ، ئوقۇتۇش سايمانلىرى ، تەجرىبە خادىملىرى ، باشقۇرۇش تۈزۈمى ، تەجرىبە ئوقۇتۇشى قاتارلىق ئالتە تەرەپتىن يېتەكچىلىك قىلىش ۋە باشقۇرۇشنى يولغا قويغان .

ئادرېسى : ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى 169 ـ نومۇر
پوچتا نومۇرى : 830001    تېلېفون نومۇرى : 2866151 (0991)

**شىنجاڭ ئېلېكترلەشكەن مائارىپ سارىيى**

يەنە بىر ئاتىلىشى شىنجاڭ مائارىپ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى. 1978 - يىلى قۇرۇلۇشقا باشلىغان. 1980 - يىلى 6 - ئايدا رەسمىي قۇرۇلغان بولۇپ، ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتىنىڭ رەھبەرلىكى ئاستىدىكى مەمۇرىي فۇنكسىيىگە ئىگە كەسپىي ئورۇن. شىنجاڭ مائارىپ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى بىلەن شىنجاڭ ئېلېكترلەشكەن مائارىپ سارىيى بىرلا ۋاقىتتا مەيدانغا كەلگەن بولۇپ، بىر رەھبەرلىك بەنزىسى، ئىككى خىل ۋەزىسكىنى شەكىللەندۈرگەن. ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتى بىۋاسىتە رەھبەرلىك قىلىدۇ. رادىئو - تېلېۋىزىيە نازارىتىنىڭ كەسپىي باشقۇرۇشىنى ۋە كەسپىي يېتەكچىلىكىنى قوبۇل قىلىدۇ. 1950 - يىلى 8 - ئايدا سىناق تەرىقىدە نومۇر تارقاتقان، شۇ يىلى 10 - ئايدا رەسمىي نومۇر تارقاتقان. ئەينى ۋاقىتتا شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى «مائارىپ قانىلى» دەپ ئاتالغان ۋە ئۈرۈمچى رايونىدىلا نومۇر تارقاتقان. 1984 - يىلى 6 - ئايدا دۆلەتلىك مائارىپ كومىتېتى ۋە رادىئو - تېلېۋىزىيە مىنىستىرلىقىنىڭ تەستىقى بىلەن شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى دېگەن نامنى رەسمىي ئىشلىتىشكە باشلىغان. تارقىتىش ئىقتىدارى 3000 ۋات بولۇپ، تارقىتىشنى باشلىغاندا شىنجاڭ سىملىق تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، ئۈرۈمچى سىملىق تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى سىملىق تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى بىلەن تورلاشقان، قاپلاش دائىرىسى 2 مىليون نوپۇسقا يېقىنلاشقان بولۇپ، ئۈرۈمچى رايونىدىكى ئۈچ چوڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ بىرى بولۇپ قالغان. ئېلېكترلەشكەن مائارىپ سارىيىدا مائارىپ تەتقىقاتى، تېلېۋىزىيە ۋە سۈرەتكە ئېلىش قاتارلىق ئۈچ كەسپىي بۆلۈم ۋە ئىشخانا تەسىس قىلىنغان. مائارىپ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى باش تەھرىر ئىشخانىسى، ئاخبارات بۆلۈمى، ياش - ئۆسمۈرلەر بۆلۈمى، تېخنىكا بۆلۈمى، ئېلان بۆلۈمى قاتارلىق بەش بۆلۈم تەسىس قىلىغان بولۇپ، سەھىپىلەشكەن باشقۇرۇشنى يولغا قويغان. «تېلېۋىزىيە ئۇنىۋېرسىتېتى دەرسلىكى»، «تېلېۋىزىيە دەرسخانىسى»، «مائارىپ خەۋەرلىرى»، «شاۋقۇنلۇق دۇنيا»، «مەكتەپ تۇرمۇشى»، «كىنو فىلىملەردىن ھوزۇرلىنىش» قاتارلىق 14 سەھىپە تەسىس قىلىنغان. ھازىر تېخنىكىغا ئىشلىتىلىدىغان ئۆي 584 كۋادرات مېتىر، چوڭ - كىچىك تارقىتىش ئۆيى بەش ئېغىز، تەھرىرلەش ماشىنا ئۆيى ئالتە ئېغىز، ئاڭلىتىشنى تىزگىنلەش ۋە قويۇپ بېرىش ماشىنىسى ئۆيلىرىدىن ھەربىرسىدىن بىر ئېغىزدىن بار. نومۇر تارقىتىشتا كومپيۇتېر كونتروللۇقىدا، ئاپتوماتىك تارقىتىش، مىكرو دولقۇن ۋە نۇر كابېلدا يەتكۈزۈشنى ئەمەلگە ئاشۇرغان. 1993 - يىلى ئاپپاراتلارنى تەڭشەپ پەقەت ئىشخانىلا قالدۇرۇپ قويۇلۇپ، مائارىپ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، مائارىپ ئۈن - سىن نەشرىياتى (1999 - يىلى مائارىپ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىغا قوشۇۋېتىلگەن)، ئېلېكترلەشكەن ئوقۇتۇشنى باشقۇرۇش بۆلۈمى، ھازىرقى زامان يىراق ئارىلىقتىن تەربىيىلەش مەركىزى قاتارلىق تۆت تارماق قۇرۇلغان، ھەرقايسى بۆلۈمدە كەسىپ

دائىرىسىگە ئاساسەن بىرقانچە تارماق ئىشخانا تەسىس قىلىنغان، ئىستانسا باشلىقى، مۇئاۋىن ئىستانسا باشلىقىدىن سىرت، يەنە باش تەھرىر، باش تېخنىك سەپلەنگەن بولۇپ، ئۇلار پۈتۈن ئىستانسىنىڭ كەسپىي تېخنىكا خىزمىتىگە مەسئۇل بولىدۇ. بۇ ئورۇننىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى ھەردەرىجىلىك، ھەرتۈرلۈك مەكتەپلەردە ئاڭلاش، كۆرۈش ئۈسكۈنىلىرىنى ئاساسىي يېتەكچى قىلغان ئېلېكترلەشكەن مائارىپنى تەشۋىق قىلىش ۋە ئۇنى كېڭەيتىش، مائارىپ ئىسلاھاتىنى ئىلگىرى سۈرۈش، مائارىپ ئىدىيىسى، ئوقۇتۇش ئۇسۇلى، ئوقۇتۇش ۋاستىسىنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت. نۆۋەتتە رايونىمىزدىكى ھەرقايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەردە ئېلېكترلەشكەن مائارىپ خىزمەت پونكىتى قۇرۇلغان بولۇپ، ھەرقايسى ناھىيە مائارىپ ئىدارىلىرى ئىچىدە ئېلېكترلەشكەن مائارىپ مەخسۇس گۇرۇپپىسى قۇرۇلغان. ئاپتونوم رايونىمىزدا ئېلېكترلەشكەن مائارىپنى قانات يايدۇرۇشنىڭ قىسقا ۋە ئۇزاق مەزگىللىك پىلانى تۈزۈپ چىقىلدى. ئېلېكترلەشكەن مائارىپ ئوقۇتقۇچىلىرىنى تەربىيىلەش كۇرسلىرى ئېچىلدى. نورغۇنلىغان ئېلېكترلەشكەن مائارىپ ئوقۇتۇش ماتېرىياللىرى تەھرىرلەپ تۈزۈپ چىقىلدى. شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىدا ۋە شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتىدا ئېلېكترلەشكەن مائارىپ كەسپى، ئوتتۇرا دەرىجىلىك پېداگوگىكا مەكتەپلەردە ئېلېكترلەشكەن مائارىپ دەرسى تەسىس قىلىنىپ، «ئېلېكترلەشكەن مائارىپ ئارقىلىق ئوقۇتۇشنى ئەلالاشتۇرۇش» ئىلمىي تەجرىبە پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى ھەم تېلېۋىزىيە ۋاستىسى ئارقىلىق بىۋاستە ئوقۇتۇش ئېلىپ بېرىلدى. ئېلېكترلەشكەن مائارىپ ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەردەرىجىلىك ھەرخىل مەكتەپلەردە ئومۇمىيۈزلۈك قانات يايدۇرۇلدى. تەسۋىر، پىروېكسىيە ئاپپاراتى، ئۈنئالغۇ ئوقۇتۇشى ئاساسىي جەھەتتىن ئومۇملاشتى. يېزا - بازارلار ۋە شارائىت بار كەنتلەرنىڭ مەكتەپتە تىل تەجرىبىخانىسى ۋە كومپيۇتېرخانا قۇرۇلدى. بەزى مەكتەپلەردە يەنە مەكتەپ ئىچى سىملىق تېلېۋىزىيىسى ئورنىتىلدى. دائىملىق ئوقۇتۇش ئۇسۇلى ۋە ۋاستىسى رەسمىي كۆپ ۋاستىلىك ئۇنىۋېرسال قوللىنىشقا قاراپ يۈزلىنىپ، كومپيوتېر تورى ئارقىلىق ئوقۇتۇشمۇ بەزى شارائىتى بار مەكتەپلەردە قانات يايدۇرۇلدى.

ئادرېسى: ئۈرۈمچى نۇرلۇق يولى 6 - نومۇر
پوچتا نومۇرى: 830001 تېلېفون: 2823141 (0991)

**شىنجاڭ مائارىپ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى**

شىنجاڭ ئېلېكترلەشكەن مائارىپ سارىيىغا قارالسۇن.

**ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇش تەتقىقات جەمئىيىتى**

1988 - يىلى 6 - ئايدا قۇرۇلغان. كەسپىي جەھەتتىن ئاساسلىق باشقۇرغۇچى ئورۇن ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتى، مەمۇرىي جەھەتتىن ئاساسلىق باشقۇرغۇچى

ئۇرۇن ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ئىشلار نازارىتى، مەزكۇر جەمئىيەت مەملىكەتلىك ئالىي مەكتەپلەر ئاساسىي قۇرۇلۇش ئىلمىي جەمئىيىتى ۋە مەملىكەتلىك مائارىپ ئۇل تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ كوللېكتىپ ئەزاسى بولۇپ، رايونىمىز مائارىپ سىستېمىسىدىكى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار ئىختىيارىي ھالدا بىرلىشىپ قۇرغان ئىلمىي، ئىجتىمائىي تەشكىلات، شۇنداقلا قانۇنغا ئاساسەن تىزىمغا ئالدۇرغان قانۇنىي ۋاكالەت خاراكتېردىكى ئىجتىمائىي تەشكىلات. مەزكۇر جەمئىيەتنىڭ نىشانى بولسا يۇقىرى دەرىجىلىك ئاساسلىق باشقۇرغۇچى تارماقلارنىڭ رەھبەرلىكى ئاستىدا پارتىيىنىڭ ئاساسلىق لۇشيەنى ۋە ئىسلاھات ئېچىۋېتىش سىياسىتىدە چىڭ تۇرۇپ، دۆلەتنىڭ مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇش توغرىسىدىكى فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ئىزچىل ئىجرا قىلىش، ئاساسىي قانۇن ۋە مۇناسىۋەتلىك قائىدە - تۈزۈملەرگە رىئايە قىلىش، جەمئىيەت ئەخلاقىغا رىئايە قىلىش، مائارىپ مەمۇرىي تارماقلىرىنىڭ مائارىپ ئىشلىرى ئاساسىي قۇرۇلۇش نەزەرىيىسىنى ۋە ئەمەلىي مەسىلىلىرى تەتقىقاتىنى قانات يايدۇرۇشقا ھەمكارلىشىپ، رايونىمىز مائارىپ سېپىنىڭ ئاساسىي قۇرۇلۇش قائىدە - قانۇنىيەتلىرىنى تېپىپ چىقىشقا تىرىشىپ، مائارىپ مەبلىغىنىڭ ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش. رايونىمىز مائارىپ ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتىن ئىبارەت.

ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى 169 - نومۇر

پوچتا نومۇرى: 830001　　تېلېفون: 2860176 (0991)

## شىنجاڭ ئالىي مائارىپ ئىلمىي جەمئىيىتى

ئاممىۋى ئىلمىي تەشكىلات. 1993 - يىلى 6 - ئاينىڭ 9 - كۈنى قۇرۇلغان. ۋەزىپىسى: ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئالىي مەكتەپلەر ئوتتۇرىسىدا ئالاقە ۋە ھەمكارلىقنى كۈچەيتىش، دۆلەت ئىچى - سىرتى ۋە خەلقئارادا ئالىي مائارىپ ئىلمىي ئالماشتۇرۇش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش، ئالىي مائارىپ نەزەرىيىسى ۋە ئەمەلىي مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىشنى تەشكىللەش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. قارمىقىدا تۆت تارماق جەمئىيەت تەسىس قىلىنغان. يەنى ئاپتونوم رايونلۇق ئالىي مەكتەپلەر چەت ئەل تىلى ئوقۇتۇش تەتقىقات جەمئىيىتى، كومپيۇتېر ئاساسىي مائارىپ ئىلمىي جەمئىيىتى، ئالىي مەكتەپلەر تەجرىبىخانا نەزەرىيىسى تەتقىقات جەمئىيىتى، ئالىي مەكتەپلەر ئامانلىقنى ساقلاش ئىلمىي جەمئىيىتى قاتارلىقلار. بۇ ئۇرۇن ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتىنىڭ ئىچىدە تەسىس قىلىنغان.

ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى 169 - نومۇر

پوچتا نومۇرى: 830001　　تېلېفون: 2884768 (991)

## شىنجاڭ چوڭلار ئالىي مائارىپ تەتقىقات جەمئىيىتى

مەزكۇر جەمئىيەتنى ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتى تەسىس قىلغان بولۇپ،

ئۇنىڭ رەھبەرلىكىنى قوبۇل قىلىدۇ. 1990 - يىلى 11 - ئاينىڭ 15 - كۈنى قۇرۇلغان، مەزكۇر جەمئىيەت شىنجاڭ چوڭلار ئالىي مائارىپىدىكى ئاممىۋى ئىلمىي كوللېكتىپ. ئۇنىڭ ئاساسىي نىشانى چوڭلار ئالىي مائارىپىنىڭ نەزەرىيە تەتقىقاتىنى ئېلىپ بېرىش، چوڭلار ئالىي مائارىپىنىڭ قانۇنىيەتلىرى ئۈستىدە ئىزدىنىش، چوڭلار ئالىي مائارىپىنىڭ تەجرىبىلىرىنى خۇلاسىلەش، ھەرقايسى ئەزا ئورۇنلارنى رايون ئىچى - سىرتىدىكى ۋە خەلقئارادىكى چوڭلار ئالىي مائارىپ ئىلمىي ئالماشتۇرۇش ۋە ئۆزئارا زىيارەت قىلىش پائالىيەتلىرىگە قاتنىشىشقا تەشكىللەشتىن ئىبارەت. مەزكۇر جەمئىيەت جۇڭگو چوڭلار مائارىپ ئۇيۇشمىسى، شىنجاڭ چوڭلار ئالىي مائارىپ ئۇيۇشمىسى، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر بىرلەشمىسى قاتارلىقلارنىڭ ئەزاسى، ھازىر بۇ جەمئىيەت تارمىقىدا 37 ئەزا ئورۇن بار. جەمئىيەت ژۇرنىلى بولغان «شىنجاڭ چوڭلار مائارىپى» ھازىرغا قەدەر 30 سان نەشر قىلىندى.

ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى 169 - نومۇر

پوچتا نومۇرى: 830001 تېلېفون نومۇرى: 2851274 (0991)

## شىنجاڭ مائارىپى خەلقئارالىق ئالماشتۇرۇش جەمئىيىتى

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتىگە قاراشلىق ئىجتىمائىي تەشكىلات بولۇپ، 1986 - يىلى 6 - ئاينىڭ 11 - كۈنى قۇرۇلغان ھەمدە 1992 - يىلى 11 - ئاينىڭ 2 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ئىشلار نازارىتى (1992) 210 - نومۇرلۇق ھۆججىتىنىڭ تەستىقىغا ئاساسەن تىزىمغا ئالدۇرغان. قانۇنى ۋاكالەتچى خاراكتېردىكى ئىجتىمائىي تەشكىلات. ئۇنىڭ ئاساسىي مەقسىتى پۈتۈن شىنجاڭغا يۈزلىنىپ، سىرتقا قارىتا مائارىپ ئالماشتۇرۇش ۋە ھەمكارلىشىشنى قانات يايدۇرۇش، دۆلەتلەر ئارا مائارىپ ئالماشتۇرۇش ۋە ھەمكارلىشىشنى كۈچەيتىشتىن ئىبارەت. جەمئىيەت قۇرۇلغاندىن بۇيان ئىلگىرى — كېيىن بولۇپ ياپونىيە خۇسۇسىي ئۇنىۋېرسىتېتلار ئۇيۇشمىسى ھەمدە ئامېرىكا، ئەنگلىيە، فرانسىيە، مالايسىيا، گېرمانىيە، مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسى قاتارلىق دۆلەت ۋە رايونلاردىكى مۇناسىۋەتلىك مەكتەپ ۋە مائارىپ ئورگانلىرى بىلەن مائارىپ ئالماشتۇرۇش ۋە ھەمكارلىق مۇناسىۋىتى ئورنىتىپ، 1500 نەپەردىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى، ئوقۇتقۇچىنى چەت ئەلگە چىقىپ ئېكسكۇرسىيە، تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش، ئىلىم ئالماشتۇرۇش يىغىنىغا قاتنىشىش، ئىلىم ئالماشتۇرۇش پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇرۇش، يازلىق لاگىر پائالىيىتى ئېلىپ بېرىش قاتارلىق پائالىيەتلەرگە تەشكىللىدى ھەمدە 3500 ئادەم (قېتىم)دىن ئارتۇق چەت ئەللىك مائارىپ تەكشۈرۈش ئۆمىكىنى تەكلىپ قىلدى ۋە كۈتۈۋالدى.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى 169 - نومۇر

پوچتا نومۇرى: 830001 تېلېفون نومۇرى: 2850014 (0991)

## شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي كۈچلەر قۇرغان مەكتەپلەر بىرلەشمىسى

1998 - يىلى 12 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ئىشلار نازارىتىنىڭ تەستىقى ئارقىلىق تىزىمغا ئالدۇرغان. پۈتۈن رايون خاراكتېرلىك مۇستەقىل قانۇنىي ۋاكالەتچى تۈسىنى ئالغان ئىجتىمائىي تەشكىلات بولۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئىجتىمائىي كۈچلەر قۇرغان مەكتەپ ئورگانلىرى ۋە مەكتەپ قۇرغۇچىلىرى ھەمدە ئىجتىمائىي كۈچلەرنىڭ مەكتەپ قۇرۇش ئىشلىرىغا ئاكتىپ قاتناشقان ئىدارە ۋە شەخسلەر ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن تەشكىللىگەن ئىلمىي، بىرلەشمە، پۈتۈن رايون خاراكتېرلىك ئىجتىمائىي تەشكىلاتتىن ئىبارەت. ئۇنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى: ئىجتىمائىي كۈچلەر قۇرغان مەكتەپلەرنى سىياسەت، قانۇن تۈزۈملەرنى ئۆگىنىشكە تەشكىللەش، سىياسەت ۋە ئەمەلىي مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىش ۋە مۇزاكىرە قىلىش، ئىجتىمائىي كۈچلەر قۇرغان مەكتەپلەرنىڭ ئىلغار تەجرىبىلىرىنى تەشۋىق قىلىپ كېڭەيتىش، مائارىپ مەمۇرىي تارماقلىرىنىڭ نورمال ئوقۇتۇش تەرتىپىنى ساقلاشقا ماسلىشىش، مەكتەپ قۇرۇش ھەرىكەتلىرىنى ئۆلچەملەشتۈرۈش، ئوقۇ - ئوقۇتۇش سۈپىتىنى باھالاش، مەكتەپ قۇرغۇچىلار، مائارىپ ئورگانلىرى ۋە باشقا مائارىپ ئىشچى - خىزمەتچىلىرى ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قوغداش، ئوقۇتۇش تەتقىقاتى، ئىلىم ئالماشتۇرۇش پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇرۇش، تەكشۈرۈش، ئۆگىنىش قاتارلىق پائالىيەتلەرگە تەشكىللەش، ئۆز ژۇرنىلىنى ياخشى باشقۇرۇش، ئىجتىمائىي كۈچلەر قۇرغان مەكتەپلەرنى ئوقۇتقۇچى مەنبەسى، ئوقۇتۇش ماتېرىيالى ئۇچۇرى بىلەن تەمىنلەش، قانۇنىي مەسلىھەت بېرىش قاتارلىق ئىجتىمائىي مۇلازىمەت بىلەن شۇغۇللىنىش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. 1999 - يىلى 2 - ئاينىڭ 8 - كۈنى، ئىجتىمائىي كۈچلەر قۇرغان مەكتەپلەر بىرلەشمىسى قۇرۇلدى ھەم بىرىنچى نۆۋەتلىك ئەزا ۋەكىللەر يىغىنى ئېچىلىپ، بىرلەشمە جەمئىيەت تەشكىلى ئاپپاراتىنى سايلاپ چىقتى، ئىجتىمائىي كۈچلەر قۇرغان مەكتەپلەر بىرلەشمىسى قارمىقىدا كاتىبات باشقارمىسى، مەسلىھەت سوراش مۇلازىمەت مەركىزى ۋە جەمئىيەت ژۇرنىلى تەھرىرلەش بۆلۈمى قاتارلىق خىزمەت تارماقلىرى تەسىس قىلىنغان.

ئادرېسى: ئۈرۈمچى بەخت يولى 78 - نومۇر
پوچتا نومۇرى: 830002 تېلېفون نومۇرى: 2627427 (0991)

## ئۈرۈمچى شەھەرلىك مائارىپ كومىتېتى

ئۈرۈمچى شەھەرلىك مائارىپ كومىتېتى ئۈرۈمچى شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مائارىپ ئىشلىرىنى باشقۇرغۇچى فۇنكسىيەلىك ئورۇن. ئەسلى ئاساسى 1946 - يىلى قۇرۇلغان دىخۇا شەھەرلىك ھۆكۈمەت مائارىپ بۆلۈمى بولۇپ، 1949 - يىلى 12 - ئايدا دىخۇا شەھەرلىك مەدەنىي مائارىپ ئىدارىسى دەپ ئۆزگەرتىلگەن. 1968 - يىلى

شەھەرلىك ئىنقىلابىي كومىتېت ئىشلەپچىقىرىش ئىشخانىسىدا مەدەنىيەت، مائارىپ، سەھىيە گۇرۇپپىسى تەسىس قىلىنغان. 1971 ـ يىلى شەھەرلىك ئىنقىلابىي كومىتېتى مەدەنىي مائارىپ باشقارمىسىغا ئۆزگەرتىلگەن. 1973ـ يىلى 11 ـ ئايدا ئۈرۈمچى شەھەرلىك مائارىپ ئىدارىسىغا ئۆزگەرتىلگەن. 1985 ـ يىلى 5 ـ ئايدا شەھەرلىك مائارىپ ئىدارىسى، مائارىپ ئىدارىسى ۋە چوڭلار مائارىپ ئىدارىسىگە بۆلۈۋېتىلگەن. 1988ـ يىلى 10 ـ ئايدا ئۈرۈمچى شەھەرلىك مائارىپ كومىتېتى دەپ بېكىتىلگەن. 1999 ـ يىلى ئورگان ئىسلاھاتى تاماملانغان ھەمدە قارمىقىدا كومىتېت ئىشخانىسى، سىياسىي باشقارما، كادىرلار باشقارمىسى، ئىنتىزام تەكشۈرۈش ئىشخانىسى، ئاساسىي مائارىپ باشقارمىسى، كەسپىي مائارىپ باشقارمىسى، چوڭلار مائارىپ باشقارمىسى، پىلان، مالىيە باشقارمىسى، تەشۋىقات مائارىپ باشقارمىسى، مۇپەتتىش باشقارمىسى، قوغداش باشقارمىسى ۋە قانۇن ـ تۈزۈم باشقارمىسى قاتارلىقلار تەسىس قىلىنغان. مىللىي، خەنزۇ بىرلىشىپ ئىش بېجىرىدىغان بولۇپ، ئورگان مەمۇرىي شتاتى 82 نەپەر. ئۇنىڭ ئىچىدە رەھبەرلىك سانى ئالتە نەپەر، ئۇنىڭ قارمىقىدا سەككىز مائارىپ ئىدارىسى، 500دىن ئارتۇق مەكتەپ بار. 16 ئوتتۇرا باشلانغۇچ مەكتەپتە ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسى، پەننى ئومۇملاشتۇرۇش مائارىپى ۋە ئەمگەك ئەمەلىيەت بازىسى قۇرۇلغان.

ئاساسلىق مەسئۇلىيىتى: پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇناسىۋەتلىك مائارىپ خىزمەتلىرىنىڭ فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، پۈتۈن شەھەرنىڭ مائارىپ قانۇن تۈزۈملىرىنى تۈزۈپ چىقىش ھەمدە ھەرقايسى رايون (ناھىيە)لىك ھۆكۈمەتلەر ۋە مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ ئىجرا قىلىشىغا نازارەت قىلىش، پۈتۈن شەھەرنىڭ ھەردەرىجىلىك ھەرخىل تىپتىكى مائارىپ ئىشلىرىنىڭ تەرەققىيات پىلانىنى بىر تۇتاش پىلانلاش، تۈزۈپ چىقىش ۋە ئۇنىڭ ئىجرا قىلىنىشىغا يېتەكچىلىك قىلىش، پۈتۈن شەھەرنىڭ ئاساسىي مائارىپ، كەسپىي مائارىپ، چوڭلار مائارىپى، ئالىي مائارىپ، پېداگوگىكا مائارىپى ۋە ئالاھىدە مائارىپىنى ئومۇميۈزلۈك باشقۇرۇش. شەھەرلىك ھۆكۈمەتكە ۋەكىللىك قىلىپ، مائارىپ مۇپەتتىشلىك خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇش.

نۆۋەتتە، پۈتۈن شەھەردىكى يەتتە رايون بىر ناھىيە ئاپتونوم رايوننىڭ ئىككى ئاساسەننى باھالاپ ئۆتكۈزۈپ ئېلىشىدىن ئۆتتى. تەجرىبە ئوقۇتۇش خىزمىتى ئومۇميۈزلۈك ئۆلچەمگە يەتتى. ئوتتۇرا باشلانغۇچ مەكتەپلەر خەتەرلىك ئۆيلەرنى ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى سۈپەتكە كاپالەتلىك قىلىنغان ئاساستا تاماملاندى. باللارمائارىپى، ئىجتىمائىي كۈچلەر قۇرغان مەكتەپلەر، ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىش مائارىپى ۋە تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ ئىقتىسادچانلىق بىلەن مەكتەپ قۇرۇش خىزمەتلىرى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا مەملىكەت ۋە ئاپتونوم رايونىمىزدا ئىلغار قاتارىغا ئۆتتى. 32 بىۋاسىتە قاراشلىق مەكتەپ ۋە تۆت بىۋاسىتە قاراشلىق ئورۇنلارنىڭ ھەممىسى مەدەنىيەتلىك مەكتەپ دېگەن نامغا ئېرىشتى.

ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى جۇڭشەن يولى 43 ـ نومۇر

پوچتا نومۇرى : 830002 تېلېفون نومۇرى : 2827009 (0991)

## قاراماي شەھەرلىك مائارىپ كومىتېتى

يەنە بىر نامى شىنجاڭ نېفىت باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ مائارىپ تەربىيىلەش مەركىزى بولۇپ ، قاراماي شەھىرى ۋە شىنجاڭ نېفىت باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ مائارىپ خىزمىتىدىكى ئاساسلىق باشقۇرغۇچى تارماق . ئۇ ھۆكۈمەت كارخانا بىرگەۋدىلەشكەن ئورۇن بولۇپ ، بىر يۈرۈش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ، ئىككى خىل ۋەزىپىسى ، ئىككى خىل ۋۇۋسكا يولغا قويۇلغان .

ئاساسلىق مەسئۇلىيىتى پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ مائارىپ فاڭجېن ، سىياسەتلىرىنى ئىزچىل ئىجرا قىلىش . شەھەر ۋە ئىدارىنىڭ ئاساسىي مائارىپ ، ئادەتتىكى مائارىپ ، چوڭلار ، ئالىي ، ئوتتۇرا تېخنىكوم مائارىپى ۋە كەسپىي تېخنىكا مائارىپىغا رەھبەرلىك قىلىپ ۋە باشقۇرۇپ ، شەھەر ۋە ئىدارىنىڭ مائارىپ ئىشلىرىنىڭ ساغلام تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىن ئىبارەت . 1984 ـ يىلى ئەسلىدىكى شىنجاڭ نېفىت باشقۇرۇش ئىدارىسى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر مائارىپ باشقارمىسى بىلەن شىنجاڭ نېفىت باشقۇرۇش ئىدارىسى مائارىپ باشقارمىسى ۋە قاراماي شەھەرلىك مائارىپ ئىدارىسى بىرلىشىپ شىنجاڭ نېفىت باشقۇرۇش مەركىزى ، مائارىپ تەربىيىلەش مەركىزى ، قاراماي شەھەرلىك مائارىپ ئىدارىسى قۇرۇلغان . 1992 ـ يىلى قاراماي شەھەرلىك مائارىپ ئىدارىسى قاراماي شەھەرلىك مائارىپ كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلگەن . 1997 ـ يىلى 4 ـ ئايدا كارخانا تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن ، ئەسلىدە كارخانىغا قاراشلىق باللار باغچىسى ۋە ئوتتۇرا باشلانغۇچ مەكتەپلەر ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى ھەمدە مۇناسىپ ھالدا ئۈچ مائارىپ ئىدارىسى قۇرۇلدى . ئاپتونوم رايونلۇق ھۆكۈمەت ۋە قاراماي شەھەرلىك مائارىپ كومىتېتى ، ئىدارە مائارىپ تەربىيىلەش مەركىزىنىڭ رەھبەرلىكىدە باشلانغۇچ مەكتەپ ، باللار باغچىلىرىنى باشقۇرۇش خىزمىتىگە كونكرېت مەسئۇل بولدى ، بۇ ئورگاندا پارتكوم ئىشخانىسى ، تەشۋىقات بۆلۈمى ، ئىتتىپاق كومىتېتى ، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ، مەمۇرىي ئىشخانا ، خەنزۇ ئادەتتىكى مائارىپ بۆلۈمى ، مىللىي ئادەتتىكى مائارىپ بۆلۈمى ، كەسپىي مائارىپ بۆلۈمى ، كادىرلار بۆلۈمى ، مائارىپ مۇپەتتىش ئىشخانىسى ، قوغداش بۆلۈمى ، مالىيە بۆلۈمى ، ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ئىشخانىسى ، تەرجىمە تەھرىر بۆلۈمى ، ئېلېكترلەشكەن مائارىپ سارىيى ، مائارىپ ئىشلەپچىقىرىش مۇلازىمەت بۆلۈمى ، شەھەرلىك چوڭلار مەكتىپى قاتارلىق 17 بۆلۈم ئىشخانا تەسىس قىلىنغان . ھازىر ئورگان خىزمەتچى خادىملىرى 78 نەپەر . بىۋاسىتە قاراشلىق ئورۇن ئوقۇتۇش تەتقىقات ئورنى ، ئۆسمۈرلەر پائالىيەت مەركىزى ۋە 13 ئوتتۇرا مەكتەپنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ ، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر 1426 نەپەرگە يەتكەن (ئۆسمۈرلەر پائالىيەت مەركىزىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ ) . شەھەرلىك مائارىپ ئىدارىسى مەملىكەت بويىچە ئىككىنى

تولۇقلاش خىزمىتىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ، مەملىكەت بويىچە ئىشچى - خىزمەتچىلەر مائارىپىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ ۋە ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىش ئىمتىھانىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ بولۇپ باھالانغان.

ئادرېسى: قاراماي شەھىرى خۇڭچىيەن يولى 5 - نومۇر

پوچتا نومۇرى: 834000 تېلېفون نومۇرى: 6222484 (0990)

## شىنجاڭ نېفىت باشقۇرۇش ئىدارىسى مائارىپ تەربىيىلەش مەركىزى

قاراماي شەھەرلىك مائارىپ كومىتېتىغا قارالسۇن.

## شىخەنزە شەھەرلىك مائارىپ كومىتېتى

1981 - يىلى 12 - ئايدا دېھقانچىلىق 8 - دىۋىزىيىسى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن، دېھقانچىلىق 8 - دىۋىزىيە بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونى مائارىپ تارمىقى، شىخەنزە شەھەرلىك مائارىپ ئىدارىسى بىر گەۋدىلەشتۈرۈلۈپ قۇرۇلغان بولۇپ، مائارىپ مەمۇرىي تۈزۈلمىسىدە ئىزچىل ھالدا بىر ئاپپارات، ئىككى خىل ۋۇۋىسكا قوللىنىلغان. يەنى بىگتۇەن 8 - دىۋىزىيە مائارىپ باشقارمىسى، شىخەنزە شەھەرلىك مائارىپ ئىدارىسىدىن ئىبارەت. 1998 - يىلى 3 - ئايدا يېزا ئىگىلىك 8 - دىۋىزىيە مائارىپ كومىتېتى، شىخەنزە شەھەرلىك مائارىپ كومىتېتى دەپ ئۆزگەرتىلگەن. ھازىر كومىتېت ئىشخانىسى، ئاساسىي مائارىپ بۆلۈمى، چوڭلار مائارىپ بۆلۈمى، سىياسىي مائارىپ بۆلۈمى، مالىيە بۆلۈمى قاتارلىق مەمۇرىي ئاپپاراتلار تەسىس قىلىنغان. كەسپىي ئورۇنلاردىن مائارىپ مۇپەتتىش ئىشخانىسى، ئوقۇتۇش تەتقىقات ئىشخانىسى تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ ئىقتىسادچانلىق بىلەن مەكتەپ قۇرۇش ئىشخانىسى، ئوقۇتۇش سايمانلىرى پونكىتى، ئېلېكترلەشكەن مائارىپ سارىيى، ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ئىشخانىسى، ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىش ئىمتىھانى ئىشخانىسى، ئىجتىمائىي كۈچلەر قۇرغان مەكتەپلەر ئىشخانىسى قاتارلىقلار تەسىس قىلىنغان، مەمۇرىي، كەسپىي خىزمەتچىلەر سانى 60 نەپەر.

ئادرېسى: شىخەنزە شەھىرى شىمالىي 3 - كوچا 66 - نومۇر

پوچتا نومۇرى: 830001 تېلېفون نومۇرى: 2012339 (0993)

## تۇرپان ۋىلايەتلىك مائارىپ كومىتېتى

تۇرپان ۋىلايەتلىك مائارىپ كومىتېتى تۇرپان ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ پۈتۈن ۋىلايەت مائارىپ ئىشلىرىنى ئاساسلىق باشقۇرغۇچى فۇنكسىيىلىك تارماق. 1975 - يىلى تۇرپان شەھەر ئىدىقۇت يولىدا قۇرۇلغان. تۇرپان ۋىلايەتلىك مەدەنىي مائارىپ ئىدارىسى دەپ ئاتالغان. 1976 - يىلى ۋىلايەتلىك مەدەنىي مائارىپ ئىدارىسى ۋە تۇرپان ناھىيىلىك مەدەنىي مائارىپ ئىدارىسى بىرلەشتۈرۈلۈپ بىرلىكتە ئىش بېجىرگەن. 1983- يىلى تۇرپان مەمۇرىي مەھكىمە مەدەنىي مائارىپ باشقارمىسىغا ئۆزگەرتىلگەن.

1986 ـ يىلى 7 ـ ئايدا مەمۇرىي مەھكىمە مائارىپ باشقارمىسى دەپ ئۆزگەرتىلگەن.
1997ـ يىلى تۇرپان ۋىلايەتلىك مائارىپ كومىتېت دەپ ئۆزگەرتىلگەن. كومىتېت ئىشخانىسى، ئاساسىي مائارىپ بۆلۈمى، چوڭلار مائارىپ بۆلۈمى، ئىدىيىۋى ـ سىياسىي مائارىپ بۆلۈمى، مائارىپ مۇپەتتىش ئىشخانىسى قاتارلىق بەش فۇنكسىيەلىك بۆلۈم ۋە ئوقۇتۇش تەتقىقات ئىشخانىسى، ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ئىشخانىسى (خۇلاسە ئىمتىھان ئىشخانىسى) ئېلېكترلەشكەن مائارىپ ئۈسكۈنىلىرى پونكىتى، تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ ئىقتىسادچانلىق بىلەن مەكتەپ قۇرۇش ئىشخانىسى، ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىش ئىمتىھانى ئىشخانىسى، مائارىپ ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى قاتارلىق ئالتە كەسپىي بۆلۈم تەسىس قىلىنغان. بۇ ئورۇننىڭ شتاتى جەمئىي 56 بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە مەمۇرىي شتات 19، كەسپىي شتات 37. تۇرپان شەھىرى، پىچان ناھىيىسى، توقسۇن ناھىيىسى ۋە ۋىلايەتكە بىۋاسىتە قاراشلىق مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش خىزمەتلىرىگە يېتەكچىلىك قىلىش، ئۇنى باشقۇرۇش ۋە ئۇنى ماسلاشتۇرۇش خىزمەتلىرىگە مەسئۇل.
ئادرېسى: تۇرپان شەھىرى ئىدىقۇت يولى 13 ـ نومۇر
پوچتا نومۇرى: 838000 تېلېفون نومۇرى: 8522521 (0995)

## قۇمۇل ۋىلايەتلىك مائارىپ كومىتېتى

1950 ـ يىلىنىڭ بېشىدا قۇمۇل ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمە قارمىقىدا مەدەنىي مائارىپ بۆلۈمى تەسىس قىلىنغان بولۇپ، بىر نەپەر بۆلۈم باشلىقى، بىر قانچە نەپەر خىزمەتچى خادىمى بار ئىدى. 1950 ـ يىلى مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقى كۆپەيتىلگەن.
1957ـ يىلى 5 ـ ئايدا مەمۇرىي مەھكىمە مەدەنىي مائارىپ بۆلۈمى ۋە سەھىيە بۆلۈمى بىرلەشتۈرۈلۈپ، مەدەنىي مائارىپ سەھىيە بۆلۈمى بولۇپ قۇرۇلدى. ئۇزۇن ئۆتمەي مەدەنىي مائارىپ بۆلۈمى، پىلان سەھىيە بۆلۈمى يەنە ئايرىۋېتىلدى. مەدەنىيەت ئىنقىلابىي مەزگىلىدە بۇ ئورگان پالەچ ھالەتكە چۈشۈپ قالغان بولۇپ، مەدەنىي مائارىپ خىزمىتىگە ھەربىي قوماندانلىق كومىتېتىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئىشخانىسى مەسئۇل بولغان. 1969 ـ يىلى 3 ـ ئايدا قۇمۇل ۋىلايىتىدە ئىنقىلابىي كومىتېت قۇرۇلدى. كومىتېتنىڭ قارمىقىدا مەدەنىي مائارىپ سەھىيە كومىتېتى تەسىس قىلىنىپ، ۋىلايەت ئىچىدىكى مەدەنىيەت، مائارىپ، سەھىيە ئىشلىرىنى بىر تۇتاش باشقۇردى. 1974 ـ يىلى 11 ـ ئايدا ۋىلايەتلىك مەدەنىي مائارىپ ئىدارىسى قۇرۇلدى. قارمىقىدا بىر قانچە ئىشخانا تەسىس قىلىنغان بولۇپ، پۈتۈن ۋىلايەتنىڭ مەدەنىي مائارىپ مەمۇرىي ئىشلىرىنى ھەم ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە مەدەنىي مائارىپ ئىدارىسى پارتكومى قۇرۇلدى. 1979 ـ يىلى 7 ـ ئايدا مەدەنىي مائارىپ ئىدارىسى پارتكومى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، پارتگۇرۇپپىسى قۇرۇلدى. 1984ـ يىلى 7 ـ ئايدا پارتگۇرۇپپىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ مەدەنىي مائارىپ ئىدارىسى مائارىپ باشقارمىسىغا ئۆزگەرتىلدى ھەمدە پارتىيە باش ياچېيكىسى تەسىس قىلىندى. جۇڭگو

كوممۇنىستىك پارتىيەسى قۇمۇل ۋىلايەتلىك پارتكومى قۇمۇل ۋىلايەتلىك مەدەنىي مائارىپ باشقارمىسىنى مەدەنىيەت ۋە مائارىپتىن ئىبارەت ئىككى باشقارمىغا بۆلۈپ تەسىس قىلىشنى رەسمىي قارار قىلدى . مائارىپ باشقارمىسىغا بىر نەپەر باشقارما باشلىقى ، ئىككى نەپەر مۇئاۋىن باشقارما باشلىقى قويۇلدى . باش ياچېيكا مەدەنىي مائارىپ سىستېمىسى پارتكومىغا ئۆزگەرتىلدى . مائارىپ باشقارمىسى ئىچىدە ئىشخانا ، ئادەتتىكى مائارىپ ئىشخانىسى ، مالىيە ئىشخانىسى ، ئوقۇتۇش تەتقىقات ئىشخانىسى ، چوڭلار ئالىي مەكتەپ ، ئوتتۇرا تېخنىكوم ئوقۇغۇچىلىرىنى قوبۇل قىلىش ئىشخانىسى بىلەن ئالىي مائارىپ ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىش ئىمتىھانى ئىشخانىسى ، ئادەتتىكى مائارىپ ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ئىشخانىسى ، تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ ئىقتىسادچانلىق بىلەن مەكتەپ قۇرۇش ئىشخانىسى ، ئوقۇتۇش سايمانلىرى باش پونكىتى قاتارلىق ئاپپاراتلار تەسىس قىلىنغان . خىزمەتچى خادىملارنىڭ سانى 50 نەپەرگە يەتتى . 1997 ـ يىلى 12 ـ ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى قۇمۇل ۋىلايەتلىك پارتكومى ، قۇمۇل ۋىلايەتلىك مائارىپ باشقارمىسىنى قۇمۇل ۋىلايەتلىك مائارىپ كومىتېتىغا رەسمىي ئۆزگەرتىشنى قارار قىلىپ ، قۇمۇل ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ باشقۇرۇشىغا تەۋە بولدى . قارمىقىدىكى ئاپپاراتلار ئىچىدە چوڭلار ئالىي - ئوتتۇرا تېخنىكومىغا ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ئىشخانىسى ۋە ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىش ئىمتىھان ئىشخانىسى ، ئادەتتىكى مائارىپ ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ئىشخانىسى قاتارلىقلار بىرلەشتۈرۈلۈپ ، 1998 ـ يىلى قۇمۇل ۋىلايەتلىك ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ئىمتىھان مەركىزى بولۇپ قۇرۇلدى .

ئادرېسى : قۇمۇل شەھىرى

پوچتا نومۇرى : 839000    تېلېفون نومۇرى : 223440 (0902)

## ئاقسۇ ۋىلايەتلىك مائارىپ كومىتېتى

ئاقسۇ ۋىلايەتلىك مەدەنىي مائارىپ باشقارمىسى ، ۋىلايەتلىك مائارىپ باشقارمىسى دەپمۇ ئاتالغان . 1970 ـ يىلى 10 ـ ئايدا ئاقسۇ ئىنقىلابىي كومىتېتى مەدەنىيەت سەھىيە ئىدارىسى قۇرۇلغان . 1973 ـ يىلى 9 ـ ئايدا ۋىلايەتلىك مائارىپ باشقارمىسى قۇرۇلغان . 1994 ـ يىلى 9 ـ ئايدا ۋىلايەتلىك مائارىپ كومىتېتى قۇرۇلغان . ئۇنىڭ ئىچىدە تەسىس قىلىنغان ئاپپاراتلاردىن كومىتېت ئىشخانىسى ، ئاساسىي مائارىپ بۆلۈمى ، كەسپىي تېخنىكا مائارىپ بۆلۈمى ، كادىرلار بۆلۈمى ، چوڭلار مائارىپ بۆلۈمى ، سىياسىي مائارىپ بۆلۈمى ، مالىيە بۆلۈمى ، ئوقۇتقۇچىلارنى باشقۇرۇش ئىشخانىسى ، ئۇنىۋېرسال ئىسلاھات ئىشخانىسى ، مائارىپ ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ، مۇپەتتىش ئىشخانىسى ، ئىنتىزام تەكشۈرۈش ئىشخانىسى ، ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ئىشخانىسى ، تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ ئىقتىسادچانلىق بىلەن مەكتەپ قۇرۇش ئىشخانىسى ، ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىش ئىمتىھانى ئىشخانىسى ، ئوقۇتۇش تەتقىقات ئىشخانىسى ، ئېلېكترلەشكەن مائارىپ ئۇسكۇنىلىرى پونكىتى قاتارلىقلار بار . مەمۇرىي شتاتى 26 ،

كەسپىي شتات 122 .

ئادرېسى : ئاقسۇ شەھىرى غەربىي شىنخۇا يولى 1 - نومۇر
پوچتا نومۇرى : 843000 ، تېلېفون نومۇرى : 2122455 (0997)

## بۆرتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق مائارىپ كومىتېتى

1954 - يىلى 7 - ئايدا مەدەنىي مائارىپ بۆلۈمى تەسىس قىلىنغان بولۇپ، ئاپتونوم ئوبلاستلىق ھۆكۈمەت قارمىقىدىكى فونكسىيىلىك ئىشخانا ئىدى. 1958 - يىلى 6 - ئايدا مەدەنىيەت مائارىپ بۆلۈمى بىلەن سەھىيە بۆلۈمى بىرلەشتۈرۈلۈپ مەدەنىي مائارىپ سەھىيە بۆلۈمى بولۇپ قۇرۇلغان. 1959 - يىلى 9 - ئايدا ئايرىلىپ مەدەنىي مائارىپ بۆلۈمى ۋە سەھىيە بۆلۈمى بولۇپ تەسىس قىلىنغان. 1962 - يىلى 8 - ئايدا مەدەنىي مائارىپ بۆلۈمى ۋە سەھىيە بۆلۈمى يەنە بىر قېتىم بىرلەشكەن. 1963 - يىلى 6 - ئايدا مەدەنىي مائارىپ بۆلۈمى بىلەن سەھىيە بۆلۈمى يەنە بىر قېتىم بۆلۈنۈپ كەتكەن. نام يەنىلا مەدەنىي مائارىپ بۆلۈمى ۋە سەھىيە بۆلۈمى دەپ ئۆزگەرتىلدى. مەدەنىيەت ئىنقىلابىدىن بۇرۇن، ئاپتونوم ئوبلاستنىڭ مەدەنىي مائارىپ سىستېمىسى ئاپتونوم ئوبلاستلىق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى تەرىپىدىن باشقۇرۇلغان. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، مەدەنىي مائارىپ بۆلۈمى ۋە تىل - يېزىق كومىتېتى ئىشخانىسى بىرلىشىپ ئىش بېجىرگەن. 1967 - يىلى 3 - ئايدا بۇ ئورگان پالەچ ھالەتكە چۈشۈپ قالغان. 1969 - يىلى 4 - ئايدا سىياسىي خىزمەت گۇرۇپپىسى تەرىپىدىن باشقۇرۇلۇپ، مەدنىي مائارىپ سەھىيە گۇرۇپپىسى دەپ ئاتالغان. 1974 - يىلى مەدەنىي مائارىپ سەھىيە ئىدارىسى تەسىس قىلىنغان. 1975 - يىلى 4 - ئايدا مەدەنىيەت سەھىيە ئىدارىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، مەدەنىي مائارىپ ئىدارىسى تەسىس قىلىنغان. 1986 - يىلى 4 - ئايدا مەدەنىي مائارىپ ئىدارىسى ئايرىلىپ، مەدەنىيەت ئىدارىسى ۋە مائارىپ ئىدارىسى تەسىس قىلىنغان. 1998 - يىلى 5 - ئايدا بورتالا ئوبلاستلىق مائارىپ ئىدارىسى بورتالا ئوبلاسلتىق مائارىپ كومىتېتى دەپ ئۆزگەرتىلگەن. شتاتى 76 نەپەر (مائارىپ ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ 3 نەپەر ئەزاسىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ). ئۇنىڭ ئىچىدە مەمۇرىي شتات 17 نەپەر، كەسپىي شتات 59 نەپەر. ئۇنىڭ ئىچىدە تەسىس قىلغان ئاپپاراتلاردىن ئىشخانا، كادىرلار بۆلۈمى، ئاساسى مائارىپ بۆلۈمى، چوڭلار كەسپىي تېخنىكا مائارىپ بۆلۈمى قاتارلىقلار بار. بىۋاستە قاراشلىق كەسپىي ئورۇنلاردىن ئالىي مەكتەپ ۋە ئوتتۇرا تېخنىكومغا ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ئىشخانىسى، ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىش ئىمتىھانى ئىشخانىسى، ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتتۈرۈش خۇلاسە ئىمتىھانى ئىشخانىسى، تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ ئىقتىسادچانلىق بىلەن مەكتەپ قۇرۇش ئىشخانىسى. ئوقۇ - ئوقۇتۇش تەتقىقات ئىشخانىسى، ئوقۇتۇش ئۈسكۈنىلىرى، ئېلېكترلەشكەن مائارىپ باشقۇرۇش پونكىتى، مەكتەپ ئىدىيىۋى - سىياسىي مائارىپ ئىشخانىسى، ئورگان ئارقا سەپ مۇلازىمەت مەركىزى قاتارلىقلار بار.

ئۇنىڭ ئىچىدە يەنە ئاپتونوم ئوبلاستلىق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مائارىپ مۇپەتتىش ئىشخانىسى تەسىس قىلىنغان. ئىش بېجىرىدىغان ئورۇنلاردىن مائارىپ ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى، ئاپتونوم ئوبلاستلىق پېنسىيونېرلار ئەترىتى خىزمەت كومىتېتى قاتارلىقلار بار.

ئادرېسى: بورتالا شەھىرى

پوچتا نومۇرى: 833400 تېلېفون نومۇرى: 2312306 (0909)

## بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق مائارىپ ئىدارىسى

چىڭ سۇلالىسى شۈەنتۇڭنىڭ 3 ـ يىلى (1910) قاراشەھەر مەھكىمىسى ئىچىدە مائارىپ مەمۇرىي باشقۇرۇش ئورنى تەسىس قىلىنىپ، ئۇنىڭ ئىچىدە ئۈچ نەپەر مەخسۇس خادىم سەپلەنگەن. مىنگونىڭ 20 ـ يىلى (1931 ـ يىلى) قاراشەھەر رايونىدا ئىككىنچى بۆلۈم تەسىس قىلىنىپ، مائارىپ باشقۇرۇشقا مەسئۇل بولغان. مىنگونىڭ 28 ـ يىلى (1939 ـ يىلى) 2 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى قاراشەھەر ۋالى مەھكىمىسى ئىچىدە مائارىپ بۆلۈمى تەسىس قىلىنغان. مىنگونىڭ 29 ـ يىلى (1940) يىلى) 9 ـ ئايدىن مىنگونىڭ 23 ـ يىلى (1944 ـ يىلى) 6 ـ ئايغىچە قاراشەھەر ۋالى مەھكىمىسى ئىچىدە مائارىپ ئىدارىسى تەسىس قىلىنغان. ئىدارە ئىچىدە ئىجتىمائىي مائارىپ بۆلۈمى بىرىنچى بۆلۈمى (ئىش بېجىرىش بۆلۈمى)، ئىككىنچى بۆلۈمى (مائارىپ مەمۇرىي بۆلۈمى)، مەكتەپ مۇپەتتىش ئىشخانىسى قاتارلىقلار تەسىس قىلىنغان. مىنگونىڭ 35 ـ يىلىدىن 38 ـ يىلىغىچە (1946 ـ 1949) قاراشەھەر ۋالى مەھكىمىسى ئىچىدە مائارىپ باشقارمىسى قۇرۇلغان. ئۇنىڭ قارمىقىدا مائارىپ بۆلۈمى تەسىس قىلىنغان. 1950 ـ يىلى 4 ـ ئايدا قاراشەھەر ۋالى مەھكىمىسى ئىچىدە مەدەنىي مائارىپ بۆلۈمى تەسىس قىلىنىپ، قاراشەھەر ناھىيىسى، خوشۇت ناھىيىسى، كورلا ناھىيىسى، بۈگۈر ناھىيىسى، لوپنۇر ناھىيىسى، چەرچەن ناھىيىسى، چارقىلىق ناھىيىسى، خېجىڭ ناھىيىلىرىنىڭ مائارىپ بۆلۈملىرىنى باشقۇرغان. 1954 ـ يىلى 6 ـ ئايدا بايىنغولىن ئوبلاستى ۋە كورلا ۋالى مەھكىمىسىدە مەدەنىي مائارىپ بۆلۈمى ئايرىم ـ ئايرىم تەسىس قىلىنغان. 1958 ـ يىلى كورلا مەمۇرىي مەھكىمىسى مەدەنىي مائارىپ بۆلۈمى بىلەن سەھىيە بۆلۈمى بىرلەشتۈرۈلۈپ مەدەنىي مائارىپ سەھىيە بۆلۈمى دەپ ئاتالغان. 1959 ـ يىلى 1 ـ ئايدا بايىنغولىن ئوبلاستلىق مائارىپ بۆلۈمى، مەدەنىيەت، مائارىپ، سەھىيە ئىشخانىسىغا 4 ـ ئايدا مەدەنىي مائارىپ سەھىيە بۆلۈمىگە، 5 ـ ئايدا مەدەنىي مائارىپ ئىدارىسىغا، 7 ـ ئايدا مەدەنىي مائارىپ بۆلۈمىگە ئۆزگەرتىلگەن. 1960 ـ يىلى 12 ـ ئايدا كورلا ۋالى مەھكىمىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىغا قوشۇۋېتىلگەن ۋە بايىنغولىن ئوبلاستلىق خەلق ھۆكۈمىتى مەدەنىي مائارىپ مەھكىمىسى تەسىس قىلىنغان. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىي» باشلانغاندىن كېيىن 1967 ـ يىلى 1 ـ ئايدا مەدەنىيەت مائارىپ بۆلۈمىنىڭ خىزمىتى توختاپ قالغان، 1969 ـ يىلى 4 ـ ئايدا مائارىپ خىزمىتى ئوبلاستلىق ئىنقىلابىي كومىتېت سىياسىي خىزمەت

كومىتېتىنىڭ مەسئۇللىقىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەن . 1972- يىلى 12 - ئايدا بايىنغولىن ئوبلاستلىق مەدەنىي مائارىپ سەھىيە ئىدارىسى ئىنقىلابىي رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇلغان . 1973- يىلى 7 - ئايدا ئوبلاستلىق مەدەنىيەت مائارىپ ئىدارىسى ئىنقىلابىي رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى . 1979 - يىلى ئوبلاستلىق مەدەنىي مائارىپ ئىدارىسى قۇرۇلغان . 11 - ئايدا بايىنغولىن ئوبلاستلىق ئىشچى - دېھقانلار مائارىپ كومىتېتى قۇرۇلغان ھەمدە ئوبلاستلىق مەدەنىي مائارىپ ئىدارىسىغا قارىغان . 1986 - يىلى 5 - ئايدا مەدەنىيەت مائارىپ ئىدارىسى ئايرىلىپ مەدەنىيەت ئىدارىسى ۋە مائارىپ ئىدارىسى بولۇپ تەسىس قىلىنغان . مائارىپ ئىدارىسى ئىچىدە ئىدارە ئىشخانىسى ، مائارىپ بۆلۈمى چوڭلار مائارىپ بۆلۈمى ، مۇپەتتىش ئىشخانىسى ، ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ئىشخانىسى ، چوڭلار ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىش ئىمتىھانى ئىشخانىسى ، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئوقۇش پۈتتۈرۈش خۇلاسە ئىمتىھان ئىشخانىسى ، تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ ئىقتىسادچانلىق بىلەن مەكتەپ قۇرۇش ئىشخانىسى ، ئېلېكترلەشكەن مائارىپ پونكىتى ، ئوقۇتۇش ئۈسكۈنىلىرى پونكىتى ، ئوقۇتۇش تەتقىقات ئىشخانىسى ، مائارىپ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى قاتارلىقلار تەسىس قىلىنغان .

ئادرېسى : كورلا شەھىرى

پوچتا نومۇرى : 841000 تېلېفون : 2024283 (0996)

## تارباغاتاي ۋىلايەتلىك مائارىپ كومىتېتى

1908 - يىلى چۆچەك ، شىخۇ قاتارلىق جايلاردا ئوقۇشقا نەسىھەت قىلىش ئورۇنلىرى قۇرۇلۇپ ، يەرلىك ئەمەلدارلارغا ھەمكارلىشىپ ، بالىلارنى مەكتەپكە كىرگۈزۈش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللاندى .نەسىھەت ھەم مەكتەپلەرنىڭ خىزمىتىگە مۇپەتتىشلىك قىلدى . 1928 - يىلى تارباغاتاي ۋىلايىتىدىكى ھەرقايسى ناھىيىلەردە مائارىپ ئىدارىلىرى قۇرۇلدى . 1929 - يىلى مائارىپ بۆلۈمى دەپ ئۆزگەرتىلدى . 1936 - يىلى تارباغاتاي ۋىلايەتلىك مەھكىمە مائارىپ ئىدارىسى تەسىس قىلدى . 1939- يىلى ۋىلايەت ئىچىدىكى ھەرقايسى يېزا - بازارلاردا ئىقتىسادىي مەدەنىيەت ئورنى تەسىس قىلىندى ھەمدە ئىقتىسادىي مەدەنىيەت ئىشلىرىغا مەسئۇل بولدى . شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ھەرقايسى جايلارغا ئىقتىسادىي مەدەنىيەت كادىرلىرى سەپلىدى . 1945- يىلى 8 - ئاينىڭ 6 - كۈنى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىنىڭ قارارىغا ئاساسەن تارباغاتاي ۋىلايىتىدە خەلق مائارىپ ئىدارىسى قۇرۇلدى . 1950 - يىلى تارباغاتاي ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمىسى مائارىپ بۆلۈمى تەسىس قىلىندى . 1963 - يىلى مەدەنىيەت ، مائارىپ ، سەھىيە بۆلۈمىگە ئۆزگەرتىلدى . 1964 - يىلى مەدەنىيەت ، مائارىپ ۋە سەھىيە ئورگىنى ئايرىپ تەسىس قىلىنىپ ، مەدەنىيەت مائارىپ بۆلۈمى قۇرۇلدى . 1969 - يىلى 4 - ئايدا تارباغاتاي ۋىلايەتلىك ئىنقىلابىي كومىتېتى قارمىقىدا مەدەنىي مائارىپ ، سەھىيە گۇرۇپپىسى تەسىس قىلىندى . 1972 - يىلى مەدەنىي مائارىپ

ئىدارىسى قۇرۇلدى ، 1979 - يىلى مائارىپ ئىدارىسى ۋە مەدەنىيەت ئىدارىسى تەسىس قىلىندى . 1980 - يىلى مەدەنىيەت ئىدارىسى بىلەن مائارىپ ئىدارىسى مەدەنىيەت مائارىپ باشقارمىسى قىلىپ بىرلەشتۈرۈلدى ، 1981 - يىلى مەدەنىيەت باشقارمىسى ۋە مائارىپ باشقارمىسى ئايرىپ تەسىس قىلىندى . 1983 - يىلى مەدەنىي مائارىپ باشقارمىسى قۇرۇلدى . 1985 - يىلى مەدەنىي مائارىپ ئورگىنى يەنە ئايرىم تەسىس قىلىندى . 1997 - يىلى ۋىلايەتلىك مائارىپ باشقارمىسىنىڭ نامى تارباغاتاي ۋىلايەتلىك مائارىپ كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلدى . نۆۋەتتە ئۇنىڭ ئىچىدە تەسىس قىلىنغان ئاپپاراتلاردىن كومىتېت ئىشخانىسى ، كادىرلار بۆلۈمى ، ئاساسىي مائارىپ بۆلۈمى ، چوڭلار مائارىپ بۆلۈمى ، مالىيە بۆلۈمى ، ئوقۇتقۇچىلارنى تەربىيىلەش بۆلۈمى ، مۇپەتتىش ئىشخانىسى ، ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ئىشخانىسى ، ئىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ ئىقتىسادچانلىق بىلەن مەكتەپ باشقۇرۇش ئىشخانىسى ، خۇلاسە ئىمتىھانى ئىشخانىسى ، ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىش ئىمتىھان ئىشخانىسى ، ئوقۇتۇش ئۈسكۈنىلەر پونكىتى ، مائارىپ تەتقىقات ئىشخانىسى ، ئېلېكترلەشكەن مائارىپ سارىيى قاتارلىقلار بار . مەمۇرىي شتاتى 25 نەپەر .

ئادرېسى : چۆچەك شەھىرى

پوچتا نومۇرى : 834700 تېلېفون نومۇرى : 6226882 (0901)

## ئالتاي ۋىلايەتلىك مائارىپ كومىتېتى

1950 - يىلى ئالتاي شەھىرىدە قۇرۇلغان . 1950 - يىلى 3 - ئايدىن 1966 - يىلغىچە مەدەنىي مائارىپ سەھىيە بۆلۈمى دەپ ئاتالغان . 1966 - يىلى 5 - ئايدىن 1971 - يىلى 7 - ئايغىچە مەدەنىي مائارىپ بۆلۈم ئىشلەپچىقىرىش ئىشخانىسى قارمىقىدا بولۇپ ، مەدەنىي ، مائارىپ ، سەھىيە گۇرۇپپىسى دەپ ئاتالغان . 1971 - يىلدىن 1974 - يىلى 6 - ئايغىچە مەدەنىيەت ، مائارىپ ، سەھىيە ئايرىپ تەسىس قىلىنىپ ، مەدەنىي مائارىپ ئىدارىسى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇلغان . 1974 - يىلى مەدەنىيەت ، مائارىپ ئىدارىسى قۇرۇلغان . 1983 - يىلى 10 - ئايدا مائارىپ باشقارمىسىغا ئۆزگەرتىلگەن . 1984 - يىلى 6 - ئايدا مەدەنىيەت ۋە مائارىپ بىرلەشتۈرۈلۈپ ، مەدەنىي مائارىپ باشقارمىسى قۇرۇلغان . 1986 - يىلى مائارىپ باشقارمىسى قۇرۇلغان . 1998 - يىلى 3 - ئايدا ئالتاي ۋىلايەتلىك مائارىپ كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلگەن .

ئادرېسى : ئالتاي شەھىرى

پوچتا نومۇرى : 836500 تېلېفون : 2122961 (0906)

## قەشقەر ۋىلايەتلىك مائارىپ كومىتېتى

قەشقەر ۋىلايىتىدە مائارىپ مەمۇرىي باشقۇرۇش ئاپپاراتلىرىنىڭ تەسىس قىلىنىشى چىڭ سۇلالىسى گۇاڭشۈنىڭ 17 - يىلى باشلانغان (1891 - يىلى) . قەشقەر ھەربىي

گازارمىسىدا ئوقۇش نازارەتچىسىدىن بىر ئادەم سەپلەنگەن ھەم بىر قىسىم ناھىيىلەردە مەكتەپلەر تەسىس قىلىنغان. بىراق ئۇزۇن ئۆتمەي ئۆزلۈكىدىن يوقالغان. 1935 ـ يىلغا كەلگەندە ئاندىن قەشقەر مەمۇرىي مەھكىمىسىدە مائارىپ ئىدارىسى رەسمىي تەسىس قىلىنغان. شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولغاندىن كېيىن، قەشقەرنىڭ مائارىپ مەمۇرىي ئورگىنى جەنۇبىي شىنجاڭ مەمۇرىي مەھكىمە مەدەنىيەت مائارىپ باشقارمىسى دەپ ئاتىلىپ، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى بەش ۋىلايەت، ئوبلاستنىڭ (ئاقسۇ، قىزىلسۇ ئوبلاستى، قەشقەر، يەكەن، خوتەن) مائارىپ مەمۇرىي رەھبەرلىك خىزمىتىگە مەسئۇل بولغان. 1956 ـ يىلى جەنۇبىي شىنجاڭ مەمۇرىي مەھكىمىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان. قەشقەر ۋىلايىتى بىلەن يەكەن ۋىلايىتى بىرلەشتۈرۈلۈپ، قەشقەر ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمە بولۇپ قۇرۇلغان. مەدەنىي مائارىپ سەھىيە بۆلۈمى تەسىس قىلىنغان، مەملىكەت بويىچە بىر تۇتاش ئوقۇش ماتېرىياللىرى تەرجىمە قىلىپ ئىشلىتىلگەن ھەمدە ۋىلايەتتىكى 12 ناھىيە (شەھەر)نىڭ مائارىپ خىراجەتلىرىگە قارىتا پىلانلاش ئېلىپ بېرىلغان. 1986 ـ يىلى قەشقەر ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت مائارىپ بۆلۈمى ئايرىلىپ، ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا مەدەنىيەت باشقارمىسى ۋە مائارىپ باشقارمىسى بولۇپ قۇرۇلغان، 1994 ـ يىلى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكومى مائارىپ سىستېمىسى خىزمەت كومىتېتى قۇرۇلغان. 1997 ـ يىلى مائارىپ باشقارمىسىنىڭ نامى قەشقەر ۋىلايەتلىك مائارىپ كومىتېتى دەپ ئۆزگەرتىلگەن. شتاتى 121 نەپەر. ئۇنىڭ ئىچىدە ئىشخانا، كادىرلار تەشكىلات بۆلۈمى، تەشۋىقات تەربىيە بۆلۈمى، ئىنتىزام تەكشۈرۈش ئىشخانىسى، مائارىپ ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى، ئاساسىي مائارىپ بۆلۈمى، چوڭلار مائارىپ بۆلۈمى، كەسپىي مائارىپ بۆلۈمى، مالىيە بۆلۈمى، مۇپەتتىش ئىشخانىسى، ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ئىشخانىسى، ئوقۇتۇش تەتقىقات ئىشخانىسى، ئوقۇتقۇچىلارنى تەربىيىلەش بۆلۈمى، تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ ئىقتىسادچانلىق بىلەن مەكتەپ قۇرۇش بۆلۈمى، مائارىپ ئۇنىۋېرسال مۇلازىمەت مەركىزى، ئورگان مۇلازىمەت مەركىزى قاتارلىق ئورۇنلار تەسىس قىلىنغان.

ئادرېس: قەشقەر شەھىرى

پوچتا نومۇرى: 844000 تېلېفون: 2522620 (0998)

## قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستلىق مائارىپ كومىتېتى

ئاپتونوم ئوبلاستنىڭ مەركىزى ئاتۇش شەھىرىگە جايلاشقان بولۇپ، ئاپتونوم ئوبلاستلىق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مائارىپ ئىشلىرى تەرەققىياتىنى ئاساسلىق باشقۇرغۇچى مەمۇرىي ئورگىنى. ناھىيە دەرىجىلىك ئورۇن، رەھبەرلىك سانى تۆت نەپەر. ئومۇمىي شتاتى 54 نەپەر. قارمىقىدا سەككىز ئىشخانا، بۆلۈم تەسىس قىلىنغان. يەنى كومىتېت ئىشخانىسى، مائارىپ بۆلۈمى، مالىيە بۆلۈمى، ئىدىيىۋى ـ سىياسىي خىزمەت بۆلۈمى، چوڭلار مائارىپ بۆلۈمى، خەلق ھۆكۈمىتى مائارىپ مۇپەتتىش ئىشخانىسى، ئوقۇتۇش

تەتقىقات ئىشخانىسى، ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ئىشخانىسى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت، ئۇنىڭ ئىچىدە ئالدىنقى ئۈچ بۆلۈم مەمۇرىي شتات، كېيىنكى 5 بۆلۈم كەسپىي شتات بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. 1954- يىلى ئاپتونوم ئوبلاست قۇرۇلغاندىن بۇيان قىزىلسۇ ئوبلاستلىق مائارىپ ئاپپاراتىنىڭ نامى كۆپ قېتىم ئۆزگەرتىلىپ، فۇنكسىيەسى ۋە باشقۇرۇش ھوقۇقىدا كۆپ قېتىم ئۆزگىرىش يۈز بەرگەن. 40 نەچچە يىلدىن بۇيان ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ قوللانغان ناملىرىدىن تەشۋىقات - تەربىيە بۆلۈمى، مەدەنىي مائارىپ سەھىيە بۆلۈمى، مەدەنىي مائارىپ بۆلۈمى، مەدەنىي مائارىپ ئىدارىسى، مائارىپ ئىدارىسى، مائارىپ كومىتېتى قاتارلىقلار بار. ئاساسلىق مەسئۇلىيىتى: ئاپتونوم ئوبلاستلىق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبەرلىكىدە پارتىيىنىڭ مائارىپ فاڭجېنىنى، سىياسەت، قانۇن - تۈزۈملىرىنى ئىزچىل ئىجرا قىلىش، دۆلەتنىڭ ھەرتۈرلۈك پىكرى، قارارى ۋە مۇھىم خىزمەتلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ ئىجرا قىلىش، پۈتكۈل ئوبلاستنىڭ ئاساسىي مائارىپ، باللار مائارىپى، ئالاھىدە مائارىپ، كەسپىي تېخنىكا مائارىپى ۋە چوڭلار مائارىپىنى يولغا قويۇش، باشقۇرۇش ۋە ئۇنىڭغا نازارەتچىلىك قىلىشقا مەسئۇل بولۇش. ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىنى تەربىيىلەش، باشقۇرۇش، ئۇنۋان باھالاش ۋە سالاھىيىتىنى تەكشۈرۈپ بېكىتىش خىزمەتلىرىگە مەسئۇل بولۇش، ئوبلاستقا بىۋاسىتە قاراشلىق مەكتەپ ئوقۇتقۇچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئەمگەك ئىش ھەققى، كادىرلار ئارخىپى خىزمىتىگە مەسئۇل بولۇش، ھەرتۈرلۈك پېداگوگىكا مەكتەپلەرنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنى تەقسىملەش خىزمىتىگە مەسئۇل بولۇش، ئورگان، مەكتەپلەرنىڭ پارتىيە قۇرۇلۇش، پارتىيە ئىشلىرى، پاكلىق ئىنتىزام تەكشۈرۈش، نازارەت قىلىش، مەنىۋى مەدەنىيەتنى ئۇنىۋېرسال تۈزەش، ئىدىيىۋى سىياسىي خىزمەتلىرىگە مەسئۇل بولۇش؛ ناھىيىلىك (شەھەرلىك) ھۆكۈمەتنىڭ، مەكتەپلەرنىڭ «سىياسىي مۇپەتتىشلىكى»، «ئوقۇتۇش مۇپەتتىشلىكى» ۋە «ئىككى ئاساسەن»نى ئۆتكۈزۈۋېلىش خىزمىتىگە مەسئۇل بولۇش؛ ئوقۇ - ئوقۇتۇش ئىسلاھاتى ۋە ئوقۇتۇش تەتقىقات خىزمىتى، زامانىۋى ئوقۇتۇش ۋاسىتىلىرىدىن پايدىلىنىش، مائارىپ سۈپىتىنى ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈش خىزمىتىگە مەسئۇل بولۇش؛ ھەرتۈرلۈك ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش پىلانى، ئىمتىھان، سىياسىي تەكشۈرۈش ۋە قوبۇل قىلىش خىزمەتلىرىگە مەسئۇل بولۇش؛ ئوبلاستلىق مائارىپ سىستېمىسىنىڭ ئاساسىي قۇرۇلۇش ۋە ئوبلاستقا بىۋاسىتە قاراشلىق مەكتەپلەرنىڭ مەبلەغ خىزمىتىگە، خەلق مائارىپ فوندى، مائارىپ فوندى جەمئىيىتىنىڭ مەبلىغى، مائارىپ ئىئانە پۇلى ۋە تاشقى مەبلەغ قاتارلىقلارنى ئىشلىتىشنى تەقسىملەش خىزمىتىگە مەسئۇل بولۇش، پۈتۈن ئوبلاستنىڭ مائارىپ سىستېمىسىنىڭ مائارىپ ستاتىستىكىسى، مەبلەغنى تەكشۈرۈپ بېكىتىش خىزمىتى قاتارلىقلارغا مەسئۇل بولۇش؛ پۈتۈن ئوبلاستنىڭ مائارىپ سىستېمىسىنىڭ تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ، ئىقتىسادچانلىق بىلەن مەكتەپ قۇرۇش ۋە ئېلېكترلەشكەن مائارىپ، ئوقۇتۇش ئۈسكۈنىلىرىنى باشقۇرۇش خىزمەتلىرىگە

مەسئۇل بولۇش.

ئادرېسى : ئاتۇش شەھىرى

پوچتا نومۇرى : 845350 تېلېفون : 4222226 (9008)

## ئىلى ۋىلايەتلىك مائارىپ كومىتېتى

1985 - يىلى ئىلى ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمە ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت مائارىپ باشقارمىسى قۇرۇلدى. ئىلى بىرىنچى، ئىككىنچى پېداگوگىكا مەكتىپى مائارىپ باشقارمىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا تاپشۇرۇپ بېرىلدى. شۇ يىلى ۋىلايەتلىك مائارىپ رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى. 1986 - يىلى 3 - ئايدا ئىلى ۋىلايىتىدە مەدەنىي مائارىپ ئورگانلىرى ئايرىپ تەسىس قىلىنىپ، ۋىلايەتلىك مائارىپ باشقارمىسى قۇرۇلدى. 1998 - يىلى ۋىلايەتلىك مائارىپ باشقارمىسى ئورگان ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىپ، ۋىلايەتلىك مائارىپ كومىتېتى دەپ ئۆزگەرتىلدى. شتاتى 100 نەپەر. ھازىر ئالتە فونكسىيىلىك ئىشخانا، بۆلۈم بار بولۇپ، ئۇلار : كومىتېت، ئىشخانا، كادىرلار تەشكىلات بۆلۈمى، ئاساسىي مائارىپ بۆلۈمى، مالىيە پىلان بۆلۈمى، چوڭلار مائارىپ بۆلۈمى، مالىيە پىلان بۆلۈمى، چوڭلار مائارىپ بۆلۈمى، كەسپىي تېخنىكا مائارىپ بۆلۈمى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. ئۈچ كەسپىي ئورۇن بار بولۇپ، ئۇلار : مائارىپ ئىمتىھان مۇلازىمەت مەركىزى، تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ ئىقتىسادچانلىق بىلەن مەكتەپ قۇرۇش ئىشخانىسى، ئوقۇتۇش ئۈسكۈنىلىرىنى باشقۇرۇش پونكىتى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمە مائارىپ مۇپەتتىش ئىشخانىسىمۇ مائارىپ كومىتېتى ئىچىدە تەسىس قىلىنغان.

ئادرېس : غۇلجا شەھىرى ئازادلىق يولى 53 - نومۇر

پوچتا نومۇرى : 835000 تېلېفون : 9023334 (0999)

## سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستلىق مائارىپ ئىدارىسى

1954 - يىلى سابىق جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئۈرۈمچى ۋىلايەتلىك پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمى ھۆججەت تارقىتىپ تەشكىللىگەن. شۇ يىلى 7 - ئاينىڭ 8 - كۈنى رەسمىي قۇرۇلغان. ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ «سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستلىق خەلق ھۆكۈمىتى مەدەنىي مائارىپ بۆلۈمى» (1954 - 1955)، «سانجى ئوبلاستلىق مەدەنىيەت مائارىپ بۆلۈمى» (1963- 1971)، «سانجى ئوبلاستلىق ئىنقىلابىي كومىتېت مەدەنىي مائارىپ باشقارمىسى» (1971 - 1974)، «سانجى ئوبلاستلىق مائارىپ كومىتېت مەدەنىيەت مائارىپ ئىدارىسى» (1974 - 1979)، «سانجى ئوبلاستلىق مائارىپ ئىدارىسى» (1979 - يىلدىن ھازىرغىچە) دېگەن ناملار بىلەن ئاتالغان. ئۇنىڭ باشقۇرۇش دائىرىسى ئوبلاست، مەمۇرىي رايوننىڭ بۆلۈنۈشىگە ئەگىشىپ ئۆزگىرىپ تۇرغان. 1954 - يىلدىن 1958 - يىلغىچە ئۈرۈمچى، مىچۈەن،

فۇكاڭ، جىمسار، گۇچۇڭ، مورى قاتارلىق توققۇز ناھىيىگە كۆپەيتىلگەن. 1975 - يىلدىن 1978 - يىلغىچە دېھقانچىلىق 6 - دېۋىزىيەسىدىكى ھەرقايسى پولك مەيدانلىرى يېڭىدىن قوشۇلغان. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ماناس ناھىيىسى شىخەنزە رايونىغا بۆلۈپ بېرىلگەن. 1978 - يىلدىن 1982- يىلغىچە ماناس ناھىيىسى سانجى ئوبلاستىغا قايتۇرۇپ بېرىلگەن. 1962 - يىلدىن ھازىرغىچە دېھقانچىلىق 6 - دېۋىزىيەسى بۆلۈنۈپ چىقىپ، ئۈچ شەھەر بەش ناھىيە قالغان. ئىدارە شتاتى 107 نەپەر. ئۇنىڭ ئىچىدە كومىتېت ئىشخانىسى، كادىرلار بۆلۈمى، مالىيە بۆلۈمى، ئادەتتىكى مائارىپ بۆلۈمى، چوڭلار مائارىپ ئىشخانىسى، مائارىپ مۇپەتتىش ئىشخانىسى، تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ ئىقتىسادچانلىق بىلەن مەكتەپ قۇرۇش ئىشخانىسى، ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ئىشخانىسى، ئالىي مائارىپ ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىش ئىمتىھانى ئىشخانىسى، ئېلېكترلەشكەن مائارىپ ئوقۇتۇش ئۈسكۈنىلىرىنى تەمىنلەش پونكىتى، ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتۇش تەتقىقات ئىشخانىسى قاتارلىق 12 ئىشخانا، بۆلۈم تەسىس قىلىنغان.

ئادرېسى: سانجى شەھىرى

پوچتا نومۇرى: 831100، تېلېفون نومۇرى: 2345379 (0994)

## خوتەن ۋىلايەتلىك مائارىپ كومىتېتى

خوتەن ۋىلايەتلىك مائارىپ باشقارمىسى دەپمۇ ئاتالغان. 1938 - يىلى 3 - ئايدا خوتەن ۋىلايەتلىك مائارىپ ئىدارىسى قۇرۇلغان. بىر نەپەر ئىدارە باشلىقى، بىر نەپەر مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى، بىر نەپەر بۆلۈم باشلىقى، ئىككى نەپەر بۆلۈم ئەزاسى، ئىككى نەپەر كاتىپ، يەنە ئۈچ نەپەر قارا خىزمەتچى ۋە بىر نەپەر هارۋىكەش قاتارلىقلار بولۇپ، جەمئىي 11 نەپەر ئادەم سەپلەنگەن. سەككىز ئايدىن كېيىن يەنە ئىككى نەپەر مۇپەتتىش، بىر نەپەر تەرجىمان سەپلەنگەن. 1938 - يىلدىن كېيىن خوتەندە ئىككى خىل مەكتەپ تۈزۈمى شەكىللەنگەن. ناھىيە قۇرغان مەكتەپلەر مائارىپ ئىدارىسىغا بىۋاسىتە قاراشلىق بولغان، مەكتەپ مەبلىغىنى دۆلەت مالىيە باشقارمىسى ئۈستىگە ئالغان. 1944 - يىلى ۋىلايەتلىك مائارىپ ئىدارىسى بۇرۇنقى مەمۇرىي مەھكىمە بىناسىغا كۆچۈپ كىرىپ، خوتەن مەمۇرىي مەھكىمە مائارىپ باشقارمىسى دەپ ئۆزگەرتىلگەن. 1950 - يىلى 4 - ئايدا ۋىلايەتلىك مائارىپ باشقارمىسى مەدەنىيەت مائارىپ بۆلۈمىگە ئۆزگەرتىلگەن. ئىشچى - خىزمەتچىسى سەككىز نەپەر بولۇپ، پۈتۈن ۋىلايەتتىكى ھەرقايسى ناھىيىلەرنىڭ مەدەنىيەت مائارىپ خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلغان. 1938 - يىلى 9 - ئايدا يەنە ۋىلايەتلىك مەدەنىي مائارىپ سەھىيە بۆلۈمى دەپ ئۆزگەرتىلگەن. 1960 - يىلى مەمۇرىي مەھكىمە مائارىپ ئىشخانىسىغا ئۆزگەرتىلگەن. 1961 - يىلى 8 - ئايدا مەدەنىي مائارىپ، سەھىيە، تەنتەربىيە، پەن - تېخنىكا ئىشخانىلىرى بىرلەشتۈرۈلۈپ قۇرۇلغان. 1977 - يىلى 4 - ئايدا مەدەنىيەت مائارىپ ئىدارىسىغا

ئۆزگەرتىلگەن. 1985 ـ يىلى ۋىلايەتلىك مائارىپ باشقارمىسى قۇرۇلغان. 1999 ـ يىلى 8 ـ ئايدا خوتەن ۋىلايەتلىك مائارىپ كومىتېتقا ئۆزگەرتىلىپ، قارمىقىدا كومىتېت ئىشخانىسى، كادىرلار سىياسىي خىزمەت بۆلۈمى، ئاساسىي مائارىپ بۆلۈمى، چوڭلار مائارىپ بۆلۈمى، ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ئىشخانىسى، مۇپەتتىش ئىشخانىسى، مالىيە پىلان بۆلۈمى، تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ ئىقتىسادچانلىق بىلەن مەكتەپ قۇرۇش ئىشخانىسى، ئوقۇتۇش ئۈسكۈنىلىرى پونكىتى، ئېلېكترلەشكەن مائارىپ پونكىتى قاتارلىق ئىشخانا، بۆلۈملەر تەسىس قىلىنغان. ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر سانى 97 نەپەر.

ئادرېسى: خوتەن شەھىرى غەربىي بېيجىڭ يولى 12 ـ نومۇر

پوچتا نومۇرى: 848000 تېلېفون نومۇرى: 2022150 (0903)

**شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى مائارىپ كومىتېتى**

1954 ـ يىلى بىڭتۇەن قۇرۇلغان بولۇپ، بىڭتۇەن كادىرلار باشقۇرۇش بۆلۈمى، مائارىپ ئىشخانىسى تەسىس قىلغان، كېيىن مەشىق بۆلۈمىگە ئۆزگەرتىلگەن. شتاتى ئالتە نەپەر. 1958 ـ يىلى بىڭتۇەن سىياسىي بۆلۈم تەشۋىقات بۆلۈمى مائارىپ ئىشخانىسى تەسىس قىلغان. كېيىن مەدەنىي مائارىپ ئىشخانىسىغا ئۆزگەرتىلگەن. شتاتى 26 نەپەر. 1965 ـ يىلى 12 ـ ئايدا بىڭتۇەن مائارىپ بۆلۈمى تەسىس قىلغان. كادىرلار باشقۇرۇش تەربىيىلەش ئىشخانىسى ۋە تەشۋىقات بۆلۈم مەدەنىي مائارىپ ئىشخانىسى، مائارىپ بۆلۈمىگە قوشۇۋېتىلگەن. مائارىپ بۆلۈمى قارمىقىدا ئالىي مائارىپ ئىشخانىسى، مائارىپ ئىشخانىسى، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر مائارىپ ئىشخانىسى قاتارلىقلار تەسىس قىلىنغان. مائارىپ بۆلۈمىدە بۆلۈم باشلىقى، مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقى ۋە ھەرقايسى ئىشخانا باشلىقلىرىدىن سىرت يەنە بىر نەپەر كاتىپ، بىر نەپەر ياردەمچى خادىم سەپلەنگەن، شتاتى 14 نەپەر. 1969 ـ يىلى 4 ـ ئايدا بىڭتۇەن مائارىپ بۆلۈمى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان. ئۇنىڭدىن كېيىن مائارىپ مەمۇرىي باشقۇرۇش تەشۋىقات مائارىپ گۇرۇپپىسى، سىياسىي خىزمەت گۇرۇپپىسى، مەدەنىي مائارىپ ئىشخانىسى، مائارىپ ئىشخانىسى قاتارلىق ناملارنى باشتىن كەچۇرگەن. 1973 ـ يىلى 7 ـ ئايدا مائارىپ بۆلۈم ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن. شتاتى 14 نەپەر، بىردىن بۆلۈم باشلىقى، مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقى، 11 نەپەر كەسپىي كادىر سەپلەنگەن. 1975ـ يىلى 4 ـ ئايدا بىڭتۇەن تۈزۈلمىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش باش ئىدارىسى قۇرۇلغان. بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش باش ئىدارىسىدا دەسلەپتە مەخسۇس مائارىپ رەھبەرلىك ئورگىنى تەسىس قىلىنمىغان. 1979 ـ يىلى باش ئىدارە تەشۋىقات مائارىپ باشقارمىسى تەسىس قىلغان. 1981 ـ يىلى 6 ـ ئايدا باش ئىدارە مائارىپ باشقارمىسى قۇرغان شتاتى سەككىز نەپەر. بىردىن باشقارما باشلىقى، مۇئاۋىن باشقارما باشلىقى سەپلەنگەن. باش ئىدارە تارمىقىدا يەنە ئوقۇتۇش سايمانلىرىنى تەمىنلەش پونكىتى تەسىس قىلىنغان. شتاتى 10 نەپەر. شۇ يىلى ئىشچى

- خىزمەتچىلەر مائارىپ كومىتېتى قۇرۇلۇپ، قارمىقىدا ئىشچى - خىزمەتچىلەر مائارىپ ئىشخانىسى تەسىس قىلىنغان. 1982- يىلى 4 - ئايدا بىڭتۇەن تۈزۈلمىسى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن، بىڭتۇەن مائارىپ بۆلۈمى قايتىدىن قۇرۇلۇپ، تارمىقىدا ئالىي مائارىپ باشقارمىسى، ئىشچى - خىزمەتچىلەر مائارىپ باشقارمىسى، ئادەتتىكى مائارىپ باشقارمىسى قاتارلىقلار تەسىس قىلىنغان. شتاتى 20 نەپەر. بىڭتۇەنگە قاراشلىق ئالىي مەكتەپ، ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرگە بىر تۇتاش رەھبەرلىك قىلغان. بۇ مەزگىلدە ئىشچى - خىزمەتچىلەر مائارىپ كومىتېتىنى قايتىدىن قۇرغان. 10 نەپەر كومىتېت ئەزاسى سەپلەنگەن. 1984 - يىلى مائارىپ بۆلۈمى تارمىقىدا تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ ئىقتىسادچانلىق بىلەن مەكتەپ قۇرۇش ئىشخانىسى تەسىس قىلىنغان. شتاتى 10 نەپەر. 1988 - يىلى 4 - ئايدا بىڭتۇەن مائارىپ بۆلۈمى ئۆزگەرتىلىپ، بىڭتۇەن مائارىپ كومىتېتى بولۇپ قۇرۇلغان، تارمىقىدا ئالىي مائارىپ باشقارمىسى، ئادەتتىكى مائارىپ باشقارمىسى، چوڭلار مائارىپ باشقارمىسى قاتارلىقلار تەسىس قىلىنغان بولۇپ، شتاتى 14 نەپەر. 1995 - يىلى 7 - ئايدا بىڭتۇەن شتات كومىتېتىنىڭ تەكشۈرۈپ تەستىقلىشى ئارقىلىق بىڭتۇەن مائارىپ كومىتېتى تارمىقىدا ئۇنىۋېرسال باشقارما، ئادەتتىكى مائارىپ باشقارمىسى، چوڭلار مائارىپ باشقارمىسى، ئالىي مائارىپ باشقارمىسى، كەسپىي مائارىپ باشقارمىسى، ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ئىشخانىسى ۋە مۇپەتتىش ئىشخانىسى قاتارلىق يەتتە فۇنكسىيىلىك باشقارما، ئىشخانا تەسىس قىلىنغان بولۇپ، شتاتى 36 نەپەر. ئۇنىڭ ئىچىدە مۇدىر بىر نەپەر، مۇئاۋىن مۇدىر ئىككى نەپەر، باشقارما رەھبەرلىك سانى 14 نەپەر. ھازىر مائارىپ كومىتېتى ئۆرگىنىنىڭ مەمۇرىي شتاتى 31 نەپەر.

ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى نۇرلۇق يولى 15 - نومۇر.
پوچتا نومۇرى: 830002، تېلېفون نومۇرى: 2821993 (0991)

# مائارىپ گېزىت - ژۇرنال
# ۋە ئەسەرلىرى

«شىنجاڭ مائارىپى»

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتىنىڭ ئورگان ژۇرنىلى. 1951- يىلى 10 - ئايدا دۇنياغا كەلگەن. بۇ ژۇرنال خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە، قازاقچە ئۈچ خىل يېزىقتا نەشر قىلىنىپ، پۈتۈن مەملىكەتكە ئاشكارا تارقىتىلىدىغان ئۇنىۋېرسال ئايلىق ژۇرنال. بۇ ژۇرنالنىڭ ئاساسلىق ئوقۇرمەنلىرى ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرى، ئوقۇتۇش تەتقىقاتچى خادىملىرى، مائارىپ مەمۇرىي كادىرلىرى، بالىلار باغچىسى ئوقۇتقۇچىلىرى، شۇنداقلا پېداگوگىكا مەكتەپلىرىنىڭ ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلىرى ھېسابلىنىدۇ. بۇ ژۇرنالنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى: دېڭشياۋپىڭنىڭ «3 كە يۈزلىنىش» ئىدىيىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە پارتىيىنىڭ مائارىپ فاڭجېن - سىياسەتلىرىنى تەشۋىق قىلىش، ئوقۇتۇش ۋە مائارىپ ئىسلاھاتى تەجرىبىلىرىنى تارقىتىش، مائارىپ نەزەرىيەسى، ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنى تەتقىق قىلىش؛ بىلىم ئاشۇرۇش ماتېرىياللىرى بىلەن تەمىنلەش، كەسپىي خىزمەتلەرگە يېتەكچىلىك قىلىش؛ ئىلغارلارنى زور كۈچ بىلەن تەقدىرلەش، ئۆزىنى بېغىشلاش روھىنى تەرغىب قىلىش؛ ھەر مىللەت ئوقۇتقۇچىلىرى ۋە مائارىپ خىزمەتچىلىرىنىڭ ئارزۇسى ۋە تەلەپلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈشتىن ئىبارەت.

بۇ ژۇرنالدا ساپا مائارىپى، مەكتەپ باشقۇرۇش، مەكتەپ مۇدىرلىرى مۇنبىرى، ۋىلايەت ناھىيەلەر مائارىپى، سىنىپ مۇدىرى، باغۋەنلەرگە مەدھىيە، مائارىپ ئىسلاھات تەجرىبىلىرى، ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتۇشى، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتۇشى، كەسپىي مائارىپ، بالىلار مائارىپى، ئۇچۇر مەيدانى قاتارلىق سەھىپىلەر تەسىس قىلىنغان. ئۇيغۇرچە نەشرى ۋە خەنزۇچە نەشرى ھەر ئىككىسىلا شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تۈرىدىكى 1 - دەرىجىلىك ژۇرنال بولۇپ باھالانغان. «شىنجاڭ مائارىپى» 16 فورماتلىق بولۇپ، خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە، قازاقچە نەشرىنىڭ دۆلەت ئىچىدىكى بىر تۇتاش ژۇرنال نومۇرى ئايرىم - ئايرىم ھالدا CN65—15/G4، CN65—1026/G4، CN65—1016/G4، پوچتا ئارقىلىق تارقىتىلىدىغان ۋاكالەت نومۇرى ئايرىم-ئايرىم ھالدا27—58، 5—58، 48—58، ھازىر بۇ ژۇرنالدا جەمئىي 25 نەپەر خىزمەتچى خادىم بار بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە ئالىي مۇھەررىر بىر نەپەر، مۇئاۋىن ئالىي مۇھەررىر يەتتە نەپەر، مۇھەررىر سەككىز نەپەر، مۇخبىر بىر نەپەر، ياردەمچى مۇھەررىر ئىككى نەپەر.

تەھرىر بۆلۈمىنىڭ ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھرى غالىبىيەت يولى 169 - نومۇر
پوچتا نومۇرى: 830001، تېلېفون نومۇرى: 2882785 (0991)

«شىنجاڭ مائارىپ گېزىتى»

ئاپتونوم رايونلۇق ئالىي مەكتەپ خىزمەت كومىتېتى، ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتى باشقۇرۇشىدىكى، شىنجاڭ مائارىپ گېزىت - ژۇرنال نەشرىياتى تەسىس قىلغان مائارىپ خىلىدىكى مەخسۇس گېزىت بولۇپ، خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە، قازاقچىدىن ئىبارەت ئۈچ خىل تىلدا نەشردىن چىقىدۇ. خەنزۇچە نەشرى 1989 - يىلى 7 - ئايدىن باشلاپ نەشردىن چىقىشقا باشلىغان. ئۇيغۇرتىلى نەشرى 1990 - يىلى 3 - ئايدىن باشلاپ نەشردىن چىقىشقا باشلىغان. قازاقچە نەشرى 1992 - يىلى سىناق تەرىقىسىدە 1997 - يىلى رەسمىي نەشردىن چىقىشقا باشلىغان. خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە نەشرى ھەپتىدە بىر قېتىم، قازاقچىسى ئون كۈندە بىر قېتىم نەشردىن چىقىدۇ. بۇ گېزىت ئاساسلىقى ھەر دەرىجىلىك مائارىپ باشقۇرغۇچى خادىملار، پارتىيە، ھۆكۈمەت كادىرلىرى، مائارىپ مەمۇرىي كادىرلىرى، ھەر دەرىجىلىك ھەر خىل تىپتىكى ئوقۇتقۇچىلارنى مۇشتەرى ئوبيېكتى قىلغان. بۇ گېزىت پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ مائارىپ فاڭجېن سىياسەتلىرىنى تەشۋىق قىلىش، ئوقۇ - ئوقۇتۇش ئىسلاھات ئۇچۇرلىرىنى تارقىتىش، ئوقۇ - ئوقۇتۇش ئىسلاھات تەجرىبىلىرىنى ئالماشتۇرۇش، مائارىپ سېپىدىكى ئىلغار تىپلارنى خەۋەر قىلىش، ئوقۇ - ئوقۇتۇش قانۇنىيەتلىرىنى تەتقىق قىلىش، ئوقۇ - ئوقۇتۇش ئىسلاھات ۋە تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئاپتونوم رايوننىڭ ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىشنى ئۆزىنىڭ توپ مەقسىتى قىلىدۇ. بۇ گېزىت مۇھىم خەۋەرلەر بېتى، ئۇنىۋېرسال خەۋەرلەر بېتى، ئوقۇ - ئوقۇتۇش نەزەرىيىسى بېتى، ئەدەبىي پارچىلار ۋە سەنئەت قوشۇمچە بەتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ گېزىتنىڭ يەنە قىسقا خەۋەرلەر، ئۇل مائارىپ، كەسپىي تەلىم - تەربىيە، چوڭلار مائارىپى، ئالىي مائارىپ، ئىدىيىۋى سىياسىي تەربىيە، ساپا مائارىپى، ئاز سانلىق مىللەتلەر مائارىپى، مائارىپ تەتقىقاتى، مۇشتەرىلاردىن خەت، سىياسەتتىن مەسلىھەت، پىكىر - تەلەپ مۇنبىرى، نەسىر، ئوبزور، ھېكايە، شېئىر، ناخشىلار قاتارلىق سەھىپىلىرىمۇ بار. گېزىتنىڭ خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە نەشرى ئاپتونوم رايون بويىچە ئون ئىلغار ۋە مۇنەۋۋەر گېزىتلەرنىڭ بىرى بولۇپ باھالانغان. خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە، قازاقچە نۇسخىسىنىڭ دۆلەت ئىچىدىكى بىر تۇتاش ژۇرنال نومۇرى ئايرىم - ئايرىم ھالدا CN65—0046/H، CN65—0046/W، CN65—0046، پوچتا ۋاكالەت نومۇرى ئايرىم - ئايرىم ھالدا 57—161، 57—140، 57—139، ھازىر ژۇرنال بۆلۈمىدە 31 تەھرىر خادىم بار. بۇنىڭ ئىچىدە ئاخبارات تۈرىدىكى ئالىي دەرىجىلىك ئۇنۋانى بارلار يەتتە نەپەر، ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئۇنۋانى بارلار 10 نەپەر.

گېزىتخانا ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھەرلىك غالىبىيەت يولى 169 - نومۇر پوچتا نومۇرى: 830001، تېلېفون نومۇرى: 2852134 - 0991

## شىنجاڭ مائارىپ يىلنامىسى

«شىنجاڭ مائارىپ يىلنامىسى» ئاپتونوم رايونلۇق ئالىي مەكتەپلەر خىزمەت كومىتېتى ۋە مائارىپ نازارىتى تەشكىللەپ تۈزگەن مائارىپ كەسپىي يىلنامىسى بولۇپ، ھازىرغىچە ئىككى قېتىم نەشردىن چىقىرىلدى. بىرىنچى قىسىم «شىنجاڭ مائارىپ يىلنامىسى» (1989 ~ 1949) نى شىنجاڭ مائارىپ يىلنامىسى تەھرىر ھەيئىتى تۈزگەن بولۇپ، 1991 ـ يىلى 7 ـ ئايدا شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان. بۇ كىتابتا شىنجاڭ ئازاد بولغاندىن كېيىنكى 40 يىللىق ۋاقىتنى ئاساس قىلىپ، ھەر دەرىجىلىك، ھەر خىل تىپتىكى مائارىپ تۈرى بويىچە، 40 يىلدىن بۇيانقى شىنجاڭ مائارىپىنىڭ تەرەققىياتى ۋە ئىسلاھات مۇساپىسىنى ھەقىقىي ھالدا ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن. پۈتۈن كىتاب ئىككى بۆلۈمگە بۆلۈنگەن بولۇپ، جەمئىي 12 باب. بىرىنچى بۆلۈم 9 باب بولۇپ، 1 ـ باب ئومۇمىي بايان، يەنى 1949 ~ 1984 ـ يىلغىچە بولغان شىنجاڭ مائارىپ ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ۋە ئىسلاھاتىنىڭ قىسقىچە تارىخى، ئاساسلىق ئالاھىدىلىكى ۋە تارىخىي تەجرىبىلىرى ئومۇملاشتۇرۇلۇپ بايان قىلىنغان. 2 ـ بابتىن 9 ـ بابقىچە ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا بالىلار مائارىپى، باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپى، ئالاھىدە مائارىپ، ئوتتۇرا مەكتەپ مائارىپى، ئوتتۇرا دەرىجىلىك پېداگوگىكا مائارىپى، ھەمدە ئوقۇتقۇچىلارنىڭ تەربىيىلىنىشى، كەسپىي تېخنىكا تەربىيىسى، ئالىي مائارىپ، چوڭلار مائارىپى قاتارلىقلارنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالى ئىسلاھات مۇساپىسى، نەتىجىلىرى ۋە ئاساسلىق مۇۋەپپەقىيەت تەجرىبىلىرى بايان قىلىنغان. ئىككىنچى بۆلۈم 3 باب بولۇپ، 1985 ~ 1989 ـ يىلغىچە بولغان جەريانىدىكى، ھەر دەرىجىلىك مائارىپنىڭ يېڭى نەتىجىسى ۋە تەجرىبىلىرى بايان قىلىنغان. ئىككىنچى قىسىم «شىنجاڭ مائارىپ يىلنامىسى» (1990 ~ 1998) نى شىنجاڭ مائارىپ يىلنامىسى تەھرىر ھەيئىتى تۈزگەن. 1999 ـ يىلى 3 ـ ئايدا شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى نەشر قىلغان بولۇپ، مەزمۇنىنىڭ ئاساسلىق كېلىش مەنبەسى ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتىنىڭ يىللاردىن بۇيانقى پىلان، خۇلاسىلىرى، مائارىپ گېزىت ـ ژۇناللىرى ھەمدە شەخسلەر تەمىنلىگەن ماتېرىياللار، شۇنداقلا «جۇڭگو مائارىپ يىلنامىسى» ۋە «شىنجاڭ يىلنامىسى» قاتارلىقلارنىڭ ئىچىدىكى مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللار. ئاساسلىق سەھىپىلىرىدىن، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ مائارىپ خىزمىتىگە دائىر مۇھىم قانۇن ـ قائىدىلىرى، ھۆججەتلەر، مائارىپنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى، ئۇنىۋېرسال باشقۇرۇش، ئۇل مائارىپى، كەسپىي تېخنىكا تەربىيىسى، ئالىي مائارىپ، چوڭلار مائارىپى، تەنتەربىيە، سەھىيە، سەنئەت مائارىپى، پېداگوگىكا مائارىپى، مىللىي مائارىپ، ئېلېكترلەشكەن مائارىپ، مائارىپ گېزىت — ماتېرىياللار توپلىمى قاتارلىقلارغا بۆلۈنگەن. «شىنجاڭ مائارىپ يىلنامىسى» ئەتراپلىق، سىستېمىلىق ھەقىقىي ھالدا شىنجاڭ مائارىپىنىڭ ئاساسلىق ئەھۋالىنى بايان قىلىپ، مائارىپ باشقۇرۇشتىكى تەدبىر بەلگىلەش، تەتقىقات ۋە ئۆچۈر ئالماشتۇرۇش قاتارلىقلارنى مۇھىم تارىخىي ماتېرىيال بىلەن تەمىن ئەتتى.

«شىنجاڭ چوڭلار مائارىپى»

شىنجاڭ چوڭلار مائارىپى ئۇيۇشمىسى، شىنجاڭ چوڭلار ئالىي مائارىپ تەتقىقات ئۇيۇشمىسى تەسىس قىلغان پەسىللىك ژۇرنال. 1992 ـ يىلى ئەتىيازدا بۇ ژۇرنال ئاپتونوم رايونلۇق ئاخبارات نەشرىيات ئىدارىسىنىڭ تەستىقى بىلەن «شىنجاڭ چوڭلار ئالىي مائارىپى» نامىدا رەسمىي نەشر قىلىنىپ تارقىتىلدى. 1998 ـ يىلى ژۇرنال «شىنجاڭ چوڭلار مائارىپى» غا ئۆزگەرتىلدى. 1999 ـ يىلى 9 ـ ئايغىچە 30 سان نەشردىن چىقتى. ھازىرغىچە سىياسىي يېتەكچى، مائارىپ باشقۇرۇش، مائارىپ تەتقىقاتى، ساپا مائارىپى، مائارىپ ئىسلاھاتى ۋە مائارىپ مۇنبىرى قاتارلىق ئالتە خىل سەھىپە ئاچتى. بۇلار رايونىمىزنىڭ چوڭلار ئالىي مائارىپى، ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش ۋە دېھقان ـ چارۋىچىلار مائارىپى، يېزا مائارىپىنى ئۇنىۋېرسال ئىسلاھ قىلىش ۋە ئىشچىلار مائارىپى قاتارلىق كۆپ تەرەپلىمە مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالغان. نۆۋەتتە بۇ ژۇرنال سىياسىي جەھەتتە يېتەكلەش، ئۇچۇر ئالماشتۇرۇش، نەزەرىيىنى تەتقىق قىلىش قاتارلىق جەھەتلەردە ئۇنىۋېرسال رول ئويناپ، ئاساسىي قاتلامنىڭ ئېتىبار بېرىشى ۋە قارشى ئېلىشىغا ئېرىشىپ كەلمەكتە.

«شىنجاڭ ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپلەر ئوقۇتۇشى»

ئاپتونوم رايونغا يۈزلەنگەن، ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتۇشىغا يېتەكچىلىك قىلىدىغان كەسپىي ژۇرنال. شىنجاڭ مائارىپ ئىلمىي جەمئىيىتى، شىنجاڭ مائارىپ تەتقىقات ئورنى تەسىس قىلغان، ئۇيغۇرچە ۋە خەنزۇچە ئىككى خىل تىلدا نەشردىن چىقىدىغان قوش ئايلىق ژۇرنال. ژۇرنال ئاساسى 1989 ـ يىلى نەشر قىلىنغان «شىنجاڭ مائارىپ تەتقىقاتى» ژۇرنىلى بولۇپ، ئاساسلىق مۇشتەرى ئوبيېكتى ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرى ۋە ھەر دەرىجىلىك مائارىپ تەتقىقاتچىلىرىدىن ئىبارەت.

«ئالىي مائارىپ تەتقىقاتى»

شىنجاڭ ئالىي مائارىپ ئوقۇ ـ ئوقۇتۇشنى تەتقىق قىلىدىغان ئىلمىي ژۇرنال. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى تەسىس قىلغان. ئاساسلىقى دۆلەت ئىچىدىكى قېرىنداش ئالىي مەكتەپلەر بىلەن ئىلمىي ئالماشتۇرۇشقا ئىشلىتىلىدۇ. پەسىللىك ژۇرنال بولۇپ، خەنزۇچە نەشرى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر ساندا 800 پارچە تارقىتىلىدۇ. بۇ ژۇرنال 1985 ـ يىلى 6 ـ ئايدا «ئالىي مائارىپ تەتقىقاتى» غا ئۆزگەرتىلدى. بۇ ژۇرنالنى تەسىس قىلىشتىكى تۈپ مەقسەت: مائارىپ تەتقىقات نەتىجىلىرىنى ئالماشتۇرۇش، ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتىن ئىبارەت. ئاساسلىق سەھىپىلىرىدىن: ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش نەزەرىيىسى ۋە ئۇسۇلى، مائارىپ تەرەققىيات ستراتېگىيىسى ۋە پىلانى، ئوقۇتۇش ئىسلاھاتى، ئوقۇتۇشنى باشقۇرۇش

قاتارلىقلار بار . 1998 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر ھەر خىل تەتقىقات ئىلمىي ماقالىسىدىن 1200 پارچىدىن ئارتۇقىنى ئېلان قىلغان بولۇپ ، بۇنىڭ ئىچىدە ئىككى پارچە ماقالە دۆلەتلىك ئوقۇتۇش نەتىجىسى مۇكاپاتىغا ، بىر پارچىسى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئالاھىدە مۇكاپاتقا ، بىر پارچىسى 1 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن .

«شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»

ئىجتىمائىي پەن ۋە تەبىئىي پەن تەتقىقات نەتىجىلىرىنى ئەكس ئەتتۇرۇشنى ئاساس قىلغان بولۇپ ، ئۈچ خىل يېزىقتا چىقىرىلىدۇ . پەلسەپە ئىجتىمائىي پەن نەشرى (خەنزۇ تىلدا ) 1973 ـ يىلى نەشر قىلىنىشقا باشلىغان . ئۇيغۇر تىلى نەشرى 1980ـ يىلى نەشر قىلىنىشقا باشلىغان . بۇلار ھەممىسى 1982 ـ يىلدىن باشلاپ ئاشكارا تارقىتىلغان . ئاساسىي مەقسىتى : پەلسەپە ، ئىجتىمائىي پەن تەتقىقات نەتىجىلىرىنى ئەكس ئەتتۇرۇش ھەمدە يەرلىك ئالاھىدىلىك ۋە مىللىي ئالاھىدىلىكنى گەۋدىلەندۈرۈش ، ئىلىم ئالماشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىشتىن ئىبارەت . ئاساسلىق سەھىپىلىرىدىن غەربىي دىيار تارىخى تەتقىقاتى ، رايون ئىقتىسادىي تەتقىقاتى ، ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتى ، يىپەك يولى ئەدەبىيات مۇنبىرى ، نوپۇس ، ئاياللار تەتقىقاتى ، ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقاتى قاتارلىقلار بار . تەبىئىي پەن (خەنزۇ تىلىدىكى ) نەشرى 1975 ـ يىلى نەشر قىلىنىشقا باشلىغان بولۇپ ، 1984 ـ يىلى ئاشكارا تارقىتىلىشقا باشلىغان . ئۇيغۇر تىلى نەشرى 1980 ـ يىلى نەشر قىلىنىشقا باشلىنىپ 1999 ـ يىلى ئاشكارا تارقىتىلىشقا باشلىغان . ئاساسىي مەقسىتى : تەبىئىي پەن ئۇل نەزەرىيىسى ، تېخنىكا ئىلمى ، قوللىنىشچان ئىلمىي تەتقىقات نەتىجىسىنى ئەكس ئەتتۇرۇپ ئىلمىي ئالماشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈشتىن ئىبارەت . قازاق تىلىدىكى نەشرى 1981 ـ يىلى نەشر قىلىنىشقا باشلىغان ، ئەسلى نامى «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى» بولۇپ ، 1993 ـ يىلى «شىنجاڭ ئالىي مەكتەپ ئىلمىي ژۇرنىلى» غا ئۆزگەرتىلدى . ئىلمىي ژۇرنال تەھرىر بۆلۈمىدە كەسپىي تەھرىرلەردىن 14 كىشى بولۇپ ، بۇنىڭ ئىچىدە پروفېسسوردىن بىر كىشى ، دوتسېنت بەش كىشى ، مۇئاۋىن باش مۇھەررىردىن ئۈچ كىشى بار ، ئۈچ خىل تىل نۇسخىسىدىكى بەش تۈرلۈك ئىلمىي ژۇرنال دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايون بويىچە ژۇرناللارنى باھالاشتا كۆپ قېتىم مۇكاپاتقا ئېرىشكەن .

«شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»

شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى تەسىس قىلغان مائارىپ تۈرىدىكى ئىلمىي ژۇرنال . 1980 ـ يىلى نەشر قىلىنىشقا باشلىغان ، ئىككى خىل تىلدا نەشر قىلىنىدىغان ، تۆت خىل ئىلمىي ژۇرنال . پەلسەپە ئىجتىمائىي پەن نەشرى خەنزۇچە ۋە ئۇيغۇرچە ئىككى خىل يېزىقتا نەشردىن چىقىدىغان پەسىللىك ژۇرنال . تەبىئىي پەن نەشرىنىڭ ئۇيغۇر تىلىدىكى نەشرى بولسا يېرىم يىللىق ژۇرنال ، خەنزۇچە نەشرى بولسا

پەسىللىك ژۇرنال. بۇ ژۇرنالدا غەربىي دىيار نەزىرىيىلىرى، ئوقۇ - ئوقۇتۇش تەتقىقاتى، ئاز سانلىق مىللەتلەر تىل ئوقۇتۇش تەتقىقاتى، مەدەنىيەت ئىنسانشۇناسلىق ئىلمىي ۋە شىنجاڭ مەدەنىيەت تەتقىقاتى قاتارلىق سەھىپىلەر ئېچىلغان. خەنزۇ تىلىدىكى پەلسەپە ئىجتىمائىي پەن نەشرى 1998 - يىلى «تۇنجى نۆۋەتلىك شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەن مۇنەۋۋەر ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1999 - يىلى يەنە «تۇنجى نۆۋەتلىك مەملىكەت بويىچە يۈز كۈچلۈك ئىجتىمائىي پەن ژۇرنىلى» بولۇپ باھالانغان. ئۇيغۇرچە پەلسەپە ئىجتىمائىي پەن نەشرى 1999 - يىلى «تۇنجى قارار مەملىكەتلىك مۇنەۋۋەر ئىجتىمائىي پەن ژۇرنىلى» بولۇپ باھالانغان.

## «شىنجاڭ تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»

«شىنجاڭ تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» (خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە نەشرى) ئۇنىۋېرسال تېببىي ئىلمىي ژۇرنال بولۇپ، ئايرىم - ئايرىم ھالدا 1978 - يىلى ۋە 1985 - يىلى نەشر قىلىنغان. ھەر ئىككىلىسى پەسىللىك ژۇرنال. دۆلەت ئىچىدە ئاشكارا تارقىتىلىدۇ. 1999 - يىلى 16 فورماتقا ئۆزگەرتىلگەن. ئۇيغۇر تىلىدىكى ئىلمىي ژۇرنال ئاساسلىقى پۈتۈن شىنجاڭغا يۈزلەنگەن. ھەر ساندا 2000 پارچىدىن ئارتۇق تارقىتىلىدۇ. خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە نەشرى ئايرىم - ئايرىم ھالدا 88 سان ۋە 58 سان نەشر قىلىنغان. ئېلان قىلىنغان ئىلمىي ماقالىلەر 5000 پارچىدىن ئارتۇق. ئىلمىي ژۇرنال، ئاساسلىقى مېدىتسىنا ئاساسلىرى، كلىنىك داۋالاش، دورىگەرلىك، ئالدىنى ئېلىش مېدىتسىناسى قاتارلىق تەرەپلەردىكى تەتقىقات ماقالىلىرىنى ئېلان قىلىدۇ. بۇ ژۇرنالدا ئىلمىي ماقالىلەر، تەجرىبە ئالماشتۇرۇش، جۇڭيى ۋە تېببىي دورىگەرلىكى، ئۇيغۇر تېبابەت - دورىگەرلىكى، تېخنىكا ۋە ئۇسۇل، ئۇنىۋېرسال بايان، تېببىي مائارىپ تەتقىقاتى قاتارلىق سەھىپىلەر تەسىس قىلىنغان. ئىلمىي ژۇرنال ئالىي مەكتەپلەردىكى ئىقتىساس ئىگىلىرى ۋە تەتقىقات ئەۋزەللىكلىرىدىن تولۇق پايدىلىنىپ ۋە ئۇنى جارى قىلدۇرۇپ، شىنجاڭدا كۆپ كۆرۈلىدىغان، كۆپ قوزغىلىدىغان كېسەللىكلەرنى داۋالاش ۋە ئالدىنى ئېلىش تەتقىقات نەتىجىلىرىنى ئېلان قىلىش سالمىقىنى كۈچەيتىپ، ئۆز ئالاھىدىلىكىنى شەكىللەندۈرۈشكە تىرىشىپ، ئىلمىي ژۇنال سۈپىتىنى ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈردى. خەنزۇچە ۋە ئۇيغۇرچە ژۇرنال ئايرىم - ئايرىم ھالدا 1989 -، 1995 -، 1999 - يىلى ئۈچ قېتىم مائارىپ مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن «مەملىكەتلىك ئالىي مەكتەپلەر تەبىئىي پەن ئىلمىي ژۇرنىلى مۇنەۋۋەر تەھرىرلەش سۈپىتى» بويىچە ئۈچىنچى دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. ئايرىم - ئايرىم ھالدا 1987 -، 1991 -، 1993 -، 1994 -، 1996 -، 1997 -، 1999 - يىللىرى جەمئىي يەتتە قېتىم شىنجاڭ پەن - تېخنىكا ژۇرناللىرىنىڭ سۈپىتىنى باھالاشقا قاتنىشىپ بىر قېتىم 1 - دەرىجىگە، ئىككى قېتىم 2 - دەرىجىگە، تۆت قېتىم 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن.

«شىنجاڭ سانائەت ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى»

شىنجاڭ سانائەت ئىنستىتۇتى تەسىس قىلغان، شىنجاڭ سانائەت ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنال تەھرىر بۆلۈمى تەھرىرلەپ نەشر قىلدۇرغان سانائەت پەنلىرى ئۇنىۋېرسال ئىلمىي ژۇرنىلىدىن ئىبارەت.

خەنزۇچە نەشرى 1980 - يىلى نەشر قىلىنىشقا باشلىغان. 1980 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە ھەر يىلى قەرەلسىز بىر سان نەشر قىلىنغان. 1986 - يىلى يېرىم يىللىق ژۇرنالغا، 1987 - يىلى پەسىللىك ژۇرنالغا ئۆزگەرتىلىپ، دۆلەت ئىچى - سىرتىدا ئاشكارا تارقىتىلىشقا باشلىغان.

جۇڭگو ئۆلچەملىك ژۇرنال نومۇرى ISSN1008—9934—CN65—5011/T، ھازىرغا قەدەر جەمئىي 19 توم 50 سان نەشر قىلىنغان بولۇپ، 800 پارچىدىن ئارتۇق ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلىنغان. ئۇيغۇر تىلى نەشرى 1987 - يىلى نەشر قىلىنىشقا باشلىغان. ھازىر يېرىم يىللىق ژۇرنال بولۇپ، دۆلەت ئىچى - سىرتىدا ئاشكارا تارقىتىلىدۇ. جۇڭگو ئۆلچەملىك ژۇرنال نومۇرى ISSN1008—9934—CN65—5011/T—W، ھازىرغىچە جەمئىي 13 توم 19 سان نەشر قىلىنىپ تارقىتىلغان. ئېلان قىلىنغان ئىلمىي ماقالىلەر 250 پارچىدىن ئارتۇق. بۇ ژۇرنالدا ئاساسلىقى ماشىنىسازلىق، قۇيمىچىلىق، ئاپتوماتىك كونترول قىلىش، ئېلېكتر ئاپتوماتلاشتۇرۇش، ئېلېكتر كۈچ سىستېمىسىنى ئاپتوماتلاشتۇرۇش، كومپيۇتېر ئىلمى، يەر شارى ئىلمى، بايلىق ۋە مۇھىت، بىناكارلىق، بىناكارلىق ماتېرىيالى، ئورگانىك ۋە ئانئورگانىك خىمىيە، خىمىيە سانائەت ماشىنىسازلىقى، توقۇمىچىلىق، كىيىم - كېچەك لايىھەلەش، يېمەكلىك ئىلمى قاتارلىق مۇناسىۋەتلىك پەنلەرنىڭ تەتقىقات ماقالىلىرى، مەخسۇس تېمىلىق ئوبزور، تەجرىبە دوكلاتلىرى ۋە ماتېماتىكا، فىزىكا، خىمىيە قاتارلىق ئۇل پەنلەر توغرىسىدىكى تەتقىقات ئىلمىي ماقالىلىرى ئېلان قىلىنىش بىلەن بىرگە يەنە فىلولوگىيە ئىلمى ھەمدە ئەڭ يېڭى ياقا پەنلەرنىڭ مۇنەۋۋەر ئىلمىي ماقالىلىرى ۋە تەتقىقات دوكلاتلىرىمۇ ئېلان قىلىنىدۇ.

«شىنجاڭ مالىيە - ئىقتىسادى»

«شىنجاڭ مالىيە - ئىقتىسادى» شىنجاڭ مالىيە - ئىقتىساد ئىنستىتۇتى تەسىس قىلغان ئىقتىساد تۈرىدىكى ئۇنىۋېرسال ژۇرنال بولۇپ، 1982 - يىلى نەشر قىلىنىشقا باشلىغان قوش ئايلىق ژۇرنال. خەنزۇچە ۋە ئۇيغۇرچە ئىككى خىل يېزىقتا نەشر قىلىنىپ، دۆلەت ئىچى - سىرتىغا ئاشكارا تارقىتىلىدۇ. بۇ ژۇرنال ماركسىزىم ئىدىيىسى ۋە دېڭشياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى يېتەكچى قىلىش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، «قوش يۈز» فاڭجېنىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتى جەريانىدىكى نەزەرىيە ۋە ئەمەلىي مەسىلىلەر ئۈستىدە ئىزدىنىپ، شىنجاڭ ۋە غەربىي رايوننىڭ ئىقتىسادىي ئىجتىمائىي تەرەققىيات مەسىلىسىنى چوڭقۇر مۇلاھىزە

قىلىپ، دۆلەت ئىچى - سىرتىدىكى ئىقتىساد ساھەسىدىكى نەزەرىيىۋى تەتقىقات يېڭى نەتىجىلىرىنى يېڭى قاراش، يېڭى يۈزلىنىش، يېڭى ئۇچۇرلارنى يەتكۈزۈشنى ئاساس قىلغان. بۇ ژۇرنالدا ئىقتىساد نەزەرىيىسى، شىنجاڭ ئىقتىسادى، رايونلار ئىقتىسادى، يېزا ئىقتىسادى، كارخانىچىلار مۇنبىرى، تەكشۈرۈش دوكلاتى، كارخانا باشقۇرۇش، مالىيە ئىقتىساد، پۇل مۇئامىلە ۋە ئىستىراخوۋانىيە، مالىيە بوغالتىرلىقى ۋە مۇپەتتىشلىكى، سېلىشتۇرۇش ۋە پايدىلىنىش قاتارلىق سەھىپىلەر تەسىس قىلىنغان.

## «شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»

شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى تەسىس قىلغان، ئۇنىۋېرسال خەنزۇچە ئىلمىي ژۇرنال، ژۇرنال تەھرىر بۆلۈمى مەكتەپنىڭ ئىلمىي باشقارمىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا تەۋە. 1965 - يىلى نەشر قىلىنىشقا باشلىغان بولۇپ، ئون يىللىق ئىچكى قالايمىقانچىلىقتا نەشر قىلىنىشتىن توختىتىلغان.

1979 - يىلى «شىنجاڭ 1 - ئاۋغۇست يېزا ئىگىلىك ئىنستىتوتى» ئىلمىي ژۇرنىلى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن ۋە پەسىللىك ژۇرنال قىلىپ بېكىتىلگەن. 1984 - يىلى بىرىنچى ساندىن باشلاپ، ئىلمىي ژۇنال نامى «1 - ئاۋغۇست يېزا ئىگىلىك ئىنستىتوتى ئىلمىي ژۇرنىلى» غا ئۆزگەرتىلگەن.

1988 - يىلى دۆلەت ئىچى - سىرتىغا يۈزلىنىپ، ئاشكارا تارقىتىلىشقا باشلىغان. دۆلەت ئىچىدىكى بىر تۇتاش ژۇرنال نومۇرى CN65—1110/S، 1996 - يىلى مەكتەپ نامى ئۆزگەرتىلگەچكە، ئىلمىي ژۇنال نامىمۇ «شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» گە ئۆزگەرتىلگەن. ھازىر دۆلەت ئىچى بىر تۇتاش نەشر قىلىش نومۇرى DN65—1173/S، خەلقئارالىق ئۆزلۈكسىز نەشر بۇيۇمى نومۇرى 1SSN1007—8614، 1999 - يىلدىكى باھالاش ئارقىلىق بېكىتىلگەن ژۇرنال نومۇرى CN65—5008/S. ژۇرنالدا ئاساسلىقى مەكتەپتىكى ھەر قايسى ئىنستىتۇت، تەتقىقات ئورۇنلىرىنىڭ يېڭى تەتقىقات نەتىجىلىرى ۋە مۇۋاپىق ھالدا سىرتتىن كەلگەن ماقالىلەر بېسىلىدۇ. مەزمۇنى: يېزا ئىگىلىك ئىلمى، باغۋەنچىلىك، ئۆسۈملۈك ئاسراش، تۇپراق ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، مال دوختۇرلۇق، ئوتلاقچىلىق، يېزا ئىگىلىك ئىقتىسادىي، يېمەكلىك ئىلمى، سۇ كۆچى ۋە سۇ ئىنشائات قۇرۇلۇشى، يېزا ئىگىلىك قۇرۇلۇشى، يېزا ئىگىلىك ئېكولوگىيىسى، مۇھىت ئىلمى، بىئولوگىيە ئىلمى، ئۇل نەزەرىيە تەتقىقاتى، كومپيۇتېر قوللىنىش قاتارلىق تەرەپلەردىكى ئاساسىي تەتقىقات ۋە ئېچىش، تەتبىقلاش تەتقىقاتىغا دائىر ئىلمىي ماقالىلەر ۋە تەتقىقات خەۋەرلىرى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، كۆپ تەرەپتىن يېزا ئىگىلىكى پەن تېخنىكىسىنىڭ يېڭى تەرەققىيات ھالىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. نۆۋەتتە دۆلەت ئىچىدىكى 15 دىن ئارتۇق دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق كەسپلەرنىڭ پەسىللىك ژۇرنال ھەمدە شۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك پەنلەرنىڭ ئىلمىي ژۇرناللىرى ئىچىدە

«شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» مۇھىم بولغان ئىلمىي ژۇرناللار قاتارىدىن ئورۇن ئالغان . بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ئاشلىق يېزا ئىگىلىك مەھكىمىسى خەلقئارالىق يېزا ئىگىلىك پەن ـ تېخنىكا ئاخبارات سىستېمىغا تەۋە بولغان «Agrid » (يېزا ـ ئىگىلىك پەن ـ تېخنىكا «ئاچقۇچ» ) مۇ بۇ ژۇرنالدىكى ئۇچۇرلارنى باسقان . «شىنجاڭ يېزا ـ ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» (ئۇيغۇر تىلى نۇسخىسى ) 1988 ـ يىلى نەشر قىلىنىشقا باشلىغان . 1999 ـ يىلى دۆلەت ئىچى ـ سىرتىغا ئاشكارا تارقىتىلىدىغان ژۇرنال بولۇپ تەستىقلانغان . دۆلەت ئىچىدىكى بىر تۇتاش ژۇرنال نومۇرى CN65—5008/S—W ، 1999 ـ يىل ئاخىرىغىچە 12 توم 24 سان نەشر قىلىنغان . بۇ ژۇرنالنىڭ ئاساسىي مەقسىتى : تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش ، «قوش يۈز فاڭجېن» غا ئاساسەن ئىلمىي مۇھاكىمە تەتقىقاتىنى قانات يايدۇرۇش ، يېزا ئىگىلىك پەن ـ تېخنىكىسىنى گۈللەندۈرۈش ، دېھقانچىلىق ، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىش ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىشتىن ئىبارەت .

بۇ ژۇرنالدا دېھقانچىلىق ئۆسۈملۈكلىرىنى ۋە سورتلىرىنى يېتىشتۈرۈش ، ئۆسۈملۈك ئاسراش ، ئورمانچىلىق ، چارۋىچىلىق ، زولوگىيە ، مېدىتسىنا ، ئوتلاقچىلىق ، باغۋەنچىلىك ، سۇچىلىق ، دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى ، ساقلاش ۋە پىششىقلاپ ئىشلەش ، يېزا ئىگىلىك ئىقتىسادىي قاتارلىق سەھىپىلەر بار .

«شىخەنزە ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»

«شىخەنزە ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» (تەبىئىي پەن نەشرى ) . 1997 ـ يىلى نەشر قىلىنىشقا باشلىغان . ئەسلى ژۇرنال نامى «شىخەنزە يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» بولۇپ ، 1983 ـ يىلى نەشر قىلىنغان . 1994 ـ يىلى ئىلمىي ژۇرنال دۆلەت ئىچى بىر تۇتاش ژۇرنال نومۇرىغا ئېرىشكەن . پەسىللىك 16 فورماتلىق ژۇرنال بولۇپ ، شىخەنزە ئۇنىۋېرسىتېتى تەسىس قىلغان ئىلمىي ژۇرنالدىن ئىبارەت . بۇ ژۇرنالدا ئاساسلىقى ماتېماتىكا ، فىزىكا ، خىمىيە ، يېزا ئىگىلىك ئىلمى ۋە تېخنىكىسى ، ھايۋانات ئىلمى ۋە تېخنىكىسى ، بىئولوگىيە ئىلمىي ۋە تېخنىكىسى ، باغ ئورمان قۇرۇلۇشى ، بىناكارلىق قۇرۇلۇشى ، ماشىنىسازلىق قۇرۇلۇشى ، يېمەكلىك ئىلمى ۋە تېخنىكىسى ، كومپيۇتېر ئىلمى ۋە تېخنىكىسى قاتارلىق پەنلەر ھەممە كىرىشمە پەنلەرنىڭ تەتقىقات ئىلمىي ماقالىلىرى ، تەتقىقات خەۋەرلىرى قاتارلىقلار بېسىلىدۇ .

مەزكۇر ژۇرنال ھازىر C4 خەلقئارا ھۆججەت شىفىر ئامبىرى تەكشۈرۈش ئاپپاراتى ۋە دۆلەت ئىچىدىكى بىر قانچە مەملىكەت خاراكتېرلىك ھۆججەت شىفىر ئامبىرى تەكشۈرۈش ئاپپاراتلىرى ئىچىگە كىرگۈزۈلگەن ، 1997 ـ 1999 ـ يىلى ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ جۇڭگو ئىلمىي ژۇرنال نۇرلۇق دېسكا نەشر نۇسخىسى ، جۇڭگو بىلىم ئاساسى ئىنتېرنىلىرى (CNKI) ۋە شىفىر تور مەركىزىگە تۇنجى تۈركۈمدە

كىرگۈزۈلگەن تور ھېتسىدىكى ژۇرنال بولۇپ قالغان . 2000 ـ يىلى دۆلەت ئاخبارات نەشرىيات مەھكىمىسىنىڭ ماقۇللىقى بىلەن شىخەنزە ئۇنىۋېرسىتېتى «شىخەنزە ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» پەسىللىك 16 فورماتلىق ژۇرنال بولۇپ دۆلەت ئىچىدە ئاشكارا تارقىتىلدى . دۆلەت ئىچى بىر تۇتاش ژۇرنال نومۇرى CN65—12101/C . بۇ ژۇرنالدا ئاساسلىق ماركسىزم ، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى ، دېڭشياۋپىڭ نەزەرىيىسى ، پەلسەپە ، دىن ، ئىجتىمائىي پەن ، سىياسىي ، قانۇن ، ئىقتىساد ، مەدەنىيەت ، پەن ـ تېخنىكا ، مائارىپ ، تەنتەربىيە ، تىل ، يېزىق ، ئەدەبىيات ، سەنئەت ، تارىخ ، جۇغراپىيە ، ئېكولوگىيە ئىلمى ، بىخەتەرلىك ئىلمى ، كىتاب ئاخباراتى ئىلمى ، ئاخبارات تارقىلىش ئىلمى قاتارلىقلار توغرىسىدىكى تەتقىقاتلار ئېلان قىلىنىدۇ .

## «ئىلى پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى»

ئىلى پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى تەسىس قىلغان ئۇنىۋېرسال پەسىللىك ئىلمىي ژۇرنال بولۇپ ، دۆلەت ئىچى ـ سىرتىغا ئاشكارا تارقىتىلىدۇ . خەنزۇچە ـ قازاقچىدىن ئىبارەت ئىككى خىل يېزىقتا نەشر قىلىنىدۇ ، ھەر ئىككى خىل ژۇرنال ئوخشاش بولمىغان مەزمۇندا نەشردىن چىقىدۇ . خەنزۇ تىلى نەشرى 1982 ـ يىلى 3 ـ ئايدا نەشر قىلىنىشقا باشلىغان . دەسلەپتە قەرەلسىز ئىچكى قىسىمدا تارقىتىلىدىغان ژۇرنال ئىدى . 1992 ـ يىلى 1 ـ ساندىن باشلاپ قەرەللىك ھالدا بىر يىلدا بەش سان نەشر قىلىنىدىغان بولدى . يەنى ئىجتىمائىي ۋە تەبىئىي پەن بويىچە ئايرىم نەشر قىلىنىپ ھەر يىلى ئىجتىمائىي پەن نۇسخىسى تۆت سان ، تەبىئىي پەن نۇسخىسى بىر سان چىقىرىلدى . ھەر سان ئىلمىي ژۇرنال 16 فورماتلىق جەمئىي 80 بەت ئىدى . 1999 ـ يىلى ھەر ئىككى خىل نەشرى بىردەك دۆلەت ئىچى ۋە خەلقئارادا ئاشكارا تارقىلىدىغان ژۇرنال بولۇپ تەستىقلاندى . خەنزۇ تىلى نەشرىنىڭ دۆلەت ئىچىدىكى بىر تۇتاش ژۇرنال نومۇرى CN65—1186/G4 ، خەلقئارالىق ئۆلچەملىك ژۇرنال نومۇرى ISSN1009—1076 ، قازاق تىلى ژۇرنىلىنىڭ دۆلەتئىچىدىكى بىر تۇتاش ژۇرنال نومۇرى CN65—1186/G4—H ، خەلقئارالىق ئۆلچەملىك ژۇرنال نومۇرى ISSN1009—1084 ، ئىلمىي ژۇرنال ئەسلىدىكى ئىجتىمائىي پەن نەشرى ۋە تەبىئىي پەن نەشرىدىن ھازىرقى ئۇنىۋېرسال نەشرىگە ئۆزگەرتىلىپ ، ھەر بىر سانى يەنىلا 16 فورماتلىق ، جەمئىي 96 بەت قىلىنىدى . ھەر بىر سانىنىڭ تىراژى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا 800 ، 600 پارچە . ئىلمىي ژۇرنال 2000 ـ يىلى 6 ـ ئايدا «جۇڭگو ئىلمىي ژۇرنىلى» (نۇرلۇق دىسكا نەشرى ) ۋە «جۇڭگو ژۇرنال تورى» شىفىر ئامبىرىغا كىرگۈزۈلدى . 2000 ـ يىلى 10 ـ ئايدا ئىككى خىل يېزىق نەشرى تاياقچىسىمان نومۇرنى قوللاندى ھەمدە 2001 ـ يىلى 1 ـ ساندا ئىشلىتىشكە باشلىدى . 2000 ـ يىلغا قەدەر 4 ـ سان خەنزۇچە ژۇرنال 65 سان نەشر قىلىنىدى . قازاقچە نەشرى 59 سان نەشر قىلىنىدى . مەزكۇر ژۇرنالدا ئىدىيىۋى سىياسىي مۇنبەر ، جۇڭگو ۋە چەت ئەل ئەدەبىي ماقالىلىرى ، يازغۇچىلار ئەسەرلىرىگە

باها، پېداگوگىكا مائارىپى، مىللىي مائارىپ، مەكتەپ باشقۇرۇش، قازاق مەدەنىيىتى تەتقىقاتى، تىل - يېزىق، قوش تىللىق ئوقۇتۇش، مەكتەپ ئىگىلىكىدىكى كارخانا، كۇتۇپخانا خىزمىتى، ئىلى مەدەنىيەت تارىخى، يىپەك يولى تەتقىقاتى ۋە ماتېماتىكا، فىزىكا، خىمىيە، تەنتەربىيە قاتارلىق كۆپ خىل سەھىپىلەر ئېچىلغان.

## «سانجى پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومى ئىلمىي ژۇرنىلى»

ئەسلى نامى «غەربىي رايون ئىلمىي مۇنبىرى» بولۇپ، سانجى پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومى تەسىس قىلغان 16 فورماتلىق، پەسىللىك ئىلمىي ژۇرنال. 1985 - يىلى 7 - ئايدا نەشر قىلىنىشقا باشلىغان. 1999 - يىلدىن باشلاپ رەسمىي هالدا نەشر قىلىنىپ مەملىكەت بويىچە تارقىتىلىشقا باشلىغان. دۆلەت ئىچى بىر تۇتاش ژۇرنال نومۇرى CN65—5021/G4، هازىرغىچە 49 سان نەشر قىلىندى. ئىلمىي ژۇرنال ئىلمىي نەزەرىيە تەتقىقاتىنى قانات يايدۇرۇپ، ئوقۇتۇش ئىلمىي تەتقىقات سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، يەرلىك ئىقتىساد، مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىشنى ئۆزىنىڭ توپ مەقسىتى قىلغان. پەلسەپە، ئىجتىمائىي پەن، تەبىئىي پەن ۋە ئوقۇتۇش جەھەتتىكى تەتقىقات نەتىجىلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، سىياسىي، ئىقتىساد، قانۇن، پەلسەپە، تىل - ئەدەبىيات، دىن، تارىخ قاتارلىق جەھەتلەردىكى پەن تەتقىقات ئىلمىي ماقالىلەر ۋە تەكشۈرۈش دوكلاتى قاتارلىقلارنى ئېلان قىلىدۇ. مۇھىم سەھىپىلىرىدىن تىل - ئەدەبىيات تەتقىقاتى، سىياسىي نەزەرىيە تەتقىقاتى، يەرلىك مەدەنىيەت تارىخى تەتقىقاتى، پېداگوگىكا مائارىپى ۋە باشقۇرۇش تەتقىقاتى، ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇ - ئوقۇتۇش تەتقىقاتى، تەبىئىي پەن مۇنبىرى قاتارلىقلار بار.

## «شىنجاڭ مائارىپى تارىخي ماتېرىياللىرى»

ماۋىنخۇا. 1998 - يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى نەشر قىلغان. مائارىپ تارىخىغا ئائىت مەزمۇن دائىرىسى ئەڭ كەڭ ئەسەر. ئاپتور كۆپلىگەن تارىخىي ماتېرىياللارنى ئىگىلەش ئاساسىدا شىنجاڭ مائارىپىدىن ئىبارەت بۇ ئاساسىي لىنىيىنى چۆرىدەپ، شىنجاڭنىڭ قەدىمىي زامان، مىنگو دەۋرىدىن تارتىپ دۆلەت قۇرۇلغاندىن كېيىنكى دەۋرگىچە بولغان مائارىپ تەرەققىيات جەريانىنى بىر قەدەر مۇكەممەل ۋە جانلىق بايان قىلىپ سۆرەتلەپ، ئىلگىرى چېچىلىپ كەتكەن مائارىپ تارىخىنى بىر ئېنىق سىستېمىغا شىنجاڭنىڭ مائارىپ تارىخىنى مۇكەممەل ئىگىلىشىمىز ئۈچۈن مول تىل - تارىخىي ماتېرىياللارنى تونۇشتۇرۇپ بەرگەن. قەدىمكى زامان قىسمىدا: ئاپتور ئاز سانلىق مىللەتلەر تىلى مائارىپىدا مەخسۇس توختالغان. يېقىنقى ۋە هازىرقى زامان قىسمىدا بولسا ئاز سانلىق مىللەتلەر تىلى توغرىسىدا مەخسۇس تېما تەسىس قىلىنغان، بولۇپمۇ ئاز سانلىق مىللەتلەر مائارىپچىلىرىنى تونۇشتۇرغاندا، ئاپتور يۇسۇپ خاس هاجىپنىڭ

ماتارىپ ئىدىيىسىنى بىر قەدەر ئوبيېكتىپ، مۇكەممەل، ئەتراپلىق شەرھلەپ، مىلل يىلغا يېقىن كۆمۈلۈپ قالغان تارىخىي مىراسلارنى يېڭى قىياپەت بىلەن كىشىلەر ئالدىدا نامايان قىلغان. كىتابتا يەنە كۆپ ساندىكى كىشىلەر بىلمەيدىغان تارىخىي رېئاللىقلار ئېچىپ بېرىلگەن. «شىنجاڭ مائارىپى تارىخىي ماتېرىياللىرى» مەيلى تارىخنى تەتقىق قىلىشتا ياكى مائارىپ خىزمەتچىلىرىنىڭ نەزەر دائىرىسىنى ئېچىشتا بولسۇن ناھايىتى مۇھىم پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە.

## «شىنجاڭ مىللەتلەر مائارىپى تەتقىقاتى»

شىنجاڭ مائارىپى تەتقىقات ئورنى تۈزگەن. شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى 1994 ـ يىلى نەشر قىلغان. بۇ كىتابقا شىنجاڭ مائارىپ تەتقىقات ئورنى قۇرۇلغان دەسلەپكى 10 يىل ئىچىدىكى مىللىي مائارىپقا ئائىت ۋەكىل خاراكتېرلىك تەتقىقات نەتىجىلىرى كىرگۈزۈلگەن. بۇنىڭ ئىچىدىكى كۆپىنچە مەزمۇنلار 1987 ـ يىلدىن بۇيان مائارىپ تەتقىقات ئورنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ تەتقىقاتىنىڭ «يەتتىنچى بەش يىللىق» پىلانى مەزگىلىدىكى نۇقتىلىق تەتقىقات تېمىلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ نەتىجىلەر ئىچىدە شىنجاڭدىكى يەتتە مىللىي شەھەرنىڭ مەكتەپتىكى بالىلىرىغا قارىتا ئېلىپ بېرىلغان چوڭ كۆلەمدىكى ئەقلىي قۇۋۋەت سىنىقى ھەمدە نەتىجىسى توغرىسىدىكى تەھلىل، شۇنىڭدەك جەنۇبىي ۋە شىمالىي شىنجاڭدىكى ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپلەرگە چوڭقۇر چۆكۈپ، مىللىي مائارىپنىڭ سۈپىتى توغرىسىدىكى ئېلىپ تەكشۈرۈشلەر مەكتەپ نەتىجىلىرى ۋە مىللىي ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتۇش ئىسلاھات تەجرىبىلىرى كىرگۈزۈلگەن. بۇ كىتاب شىنجاڭ مىللىي مائارىپىنىڭ ھازىرقى ھالىتى مەسىلىسىنى كۆپ تەرەپتىن ئەكس ئەتتۈرگەن ھەمدە ئۇنىڭغا قارىتا چارە ـ تەدبىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان تەتقىقات ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى بولۇپ، بىر قەدەر يۇقىرى نەزەرىيىۋى ۋە رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە. بۇنىڭ ئىچىدىكى «شىنجاڭدىكى ئاساسلىق مىللەتلەر بالىلىرىنىڭ ئەقلىي قۇۋۋەت تەرەققىيات ساپاسى ۋە ئۇنى ھەل قىلىش چارىلىرى تەتقىقاتى» دا رۇيۋىن سىناق لايىھىسىنى ئىشلىتىپ، شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر، قازاق، خەنزۇ، خۇيزۇ، موڭغۇل، قىرغىز، شىبە قاتارلىق يەتتە مىللەتنىڭ 16 ~ 5 ياشقىچە بولغان شەھەر مەكتىپىدىكى بالىلارنىڭ ئەقلىي قۇۋۋەت تەرەققىيات سەۋىيىسىنىڭ ھازىرقى ئالاھىدىلىكى ھەمدە ئورتاق قانۇنىيىتىگە قارىتا تەتقىقات ئېلىپ بېرىلىپ، مىللىي بالىلارنىڭ ئەقلىي قابىلىيىتىنىڭ تەرەققىياتىغا تەسىر كۆرسىتىدىغان ھەر خىل ئامىللارنى تەھلىل قىلىش ئاساسىدا چارە تەدبىرلەر ئوتتۇرىغا قويۇلغان. بۇ رايونىمىزدىكى مەدەنىيەت تەتقىقات ساھەسىدىن ھالقىغان ھالدا ئېلىپ بېرىلغان بىر قىممەتلىك ئەھمىيەتلىك بولغان سىناق بولۇپ، رايونىمىزدىكى مىللەتلەرنىڭ پسىخىكىسى ۋە مىللىي مائارىپنى تەتقىق قىلىش ئۈچۈن ئىلمىي ئاساسلار بىلەن تەمىن ئەتتى. مىللىي مائارىپنىڭ سۈپىتىنى تەكشۈرۈش دوكلاتىدا ئاساسىي قاتلامدىكى مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتۇش

قائىدىسى ۋە دەرسخانا ئوقۇتۇشىدىن قول سېلىپ، مىللىي مائارىپتىكى بىر قىسىم ئومۇمىي خاراكتېرلىك مەسىلىلەر ئېچىپ بېرىلگەن. ئوقۇتۇش ئىسلاھات تەجرىبىسىدە بولسا، ئاساسەن تەكشۈرۈش دوكلاتىدىكى چارە - تەدبىرلەرنى ئاساس قىلىپ، يېتەكلەش ئېلىپ بېرىلغان. شۇڭا كۈچلۈك قاراتمىلىققا ۋە ئەمەلىيەتچانلىققا ئىگە بولۇپ، تەجرىبىدىن كېيىن ياخشىلىنىش ئۈنۈمى گەۋدىلىك بولغان. بۇ مىللىي ئوقۇتۇشنىڭ سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتە ناھايىتى ياخشى ئۈلگىلىك رول ئوينىغان.

### «شىنجاڭ مائارىپ تەرەققىيات ئىستراتېگىيىسى تەتقىقاتى»

شىنجاڭ مائارىپ تەتقىقات ئورنى بىلەن شىنجاڭ مائارىپ فوندى جەمئىيىتى تۈزگەن بولۇپ، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى 1993 - يىلى نەشر قىلغان. ئۇ شىنجاڭنىڭ 1989 - يىلدىن 2000 - يىلغىچە بولغان ئارىلىقتىكى ھەر خىل مائارىپنىڭ تەرەققىياتىدىكى بىر قىسىم ئومۇمىي خاراكتېرلىك زور مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىدىغان ئەسەر بولۇپ، ئۇنىڭدا 20 - ئەسىرنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىگە قەدەر بولغان ۋاقىتتىكى شىنجاڭ مائارىپ تەرەققىياتىنىڭ ستراتېگىيىلىك ئىدىيىسىنى، ئىستراتىيىگىلىك نىشانىنى، ئىستراتېگىيىلىك چارە تەدبىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان. «شىنجاڭنىڭ مائارىپ تەرەققىيات ئىستراتېگىيىسى تەتقىقاتى» بولسا، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مائارىپ تەتقىقات «يەتتىنچى بەش يىللىق» پىلانى مەزگىلىدىكى نۇقتىلىق تەتقىقات تۈرى بولۇپ، جۇڭگو مائارىپ تەتقىقات ئىستراتېگىيىسىنىڭ تارماق تۈرى ھېسابلىنىدۇ. بۇ تېمىنىڭ تەتقىقات خىزمىتى ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتىنىڭ بىۋاستە رەھبەرلىكى ئاستىدا شىنجاڭ مائارىپ ئىلمىي تەتقىقات ئورنى ۋە مائارىپ كومىتېتى مالىيە باشقارمىسى، شۇنداقلا مۇناسىۋەتلىك بولغان ۋىلايەت، ئوبلاستلىق مائارىپ تارماقلىرىنىڭ ئورتاق قاتنىشىشى بىلەن ئىككى يىلغا يېقىن ۋاقىت ئىچىدە تاماملانغان. ئۇ كەلگۈسى مائارىپ تەرەققىياتىنىڭ ئىلمىي تەدبىرلىرىنى بەلگىلەشنى قىممەتلىك نەزەرىيىۋى ئاساس بىلەن تەمىن ئەتكەن. بۇ تېمىنىڭ تەتقىقاتىدا مائارىپ تەتقىقاتىدىكى كونا ئەنئەنە بۇزۇپ تاشلىنىپ، مائارىپنى جەمئىيەتتىن ئىبارەت چوڭ تېما ئىچىدە قويۇپ، ئىقتىسادىي تەرەققىيات سەۋىيىسى ۋە ئۇنىڭ قۇرۇلمىسى بىلەن مائارىپنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسى ۋە ئۇنىڭ قۇرۇلمىسى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت تەتقىق قىلىنىپ، مائارىپ تەرەققىياتىنىڭ تاشقى مۇھىتى ۋە ئۇنى چەكلىگۈچى ئامىللار توغرىسىدا تەھلىل ئېلىپ بېرىش ئاساسىدا، ئاپتونوم رايونىمىز ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ سەۋىيىسىدىن ئىبارەت مەركەزنى چۆرىدەپ، رېئاللىقنى ئېتىراپ قىلىپ، كەلگۈسىگە يۈزلىنىپ مائارىپنىڭ سۈپىتى ۋە سانى، كۆلىمى ۋە سۈرئىتى قاتارلىق جەھەتلەردە ئۈزلۈكسىز مۇقىم ۋە ماس تەرەققىياتنى قولغا كەلتۈرۈشكە تىرىشقان ھەمدە بىر قىسىم نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەتنى ئۆز ئارا بىرلەشتۈرۈش مەسىلىلىرىدە بەلگىلىك ئىلگىرىلەش قولغا كەلتۈرۈلگەن بولۇپ، بىر قىسىم مۇھىم كۆز قاراشلار ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

# مەكتەپ قۇرۇش شەرتلىرى

## مائارىپ خىراجىتى

دۆلەتنىڭ مائارىپ كەسپىي ئورۇنلىرى خامچوت چىقىم مۇنەدەرىجىسى 13 - تۈرى «مائارىپ ئىشلىرى خىراجىتى» ئىچىدە چىقىم قىلىنغان، مائارىپ تارماقلىرى قۇرغان ھەر دەرىجىلىك ھەر خىل تىپتىكى مەكتەپلەر، مائارىپ كەسپىي ئورۇنلىرى ۋە باشقا تارماقلار قۇرغان ھەر دەرىجىلىك ھەر خىل تىپتىكى مەكتەپلەر، كارخانىلار قۇرغان ھەمدە كارخانا ئۆزى مەبلەغ چىقىرىدىغان ئالىي مەكتەپلەر، ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتەپلىرى، تېخنىك ئىشچىلار مەكتەپلىرى، ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلەر كەسپىي مەكتەپلەر، باشلانغۇچ مەكتەپلەر ھەمدە مائارىپ ئاساسلىق باشقۇرغۇچى تارماقلىرى تەستىقلاپ ئوقۇش تارىخىنى ئېتىراپ قىلىدىغان چوڭلار ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتەپلىرى، چوڭلار ئوتتۇرا مەكتەپلىرى، مائارىپ ئاساسلىق باشقۇرغۇچى تارماقلار تەستىقلاپ ئوقۇش تارىخىنى ئېتىراپ قىلغان ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار ۋە شەخسلەر قۇرغان مەكتەپلەرنىڭ خىراجەت چىقىمى - مائارىپ خىراجىتى دېيىلىدۇ.

مائارىپ خىراجىتى كىرىمى دۆلەت مالىيەسى مائارىپ خىراجىتى، ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار ۋە شەخسلەرنىڭ مەكتەپ قۇرۇش خىراجىتى، جەمئىيەتنىڭ ئىئانە مەبلىغى، كەسپىي ئىشلار كىرىمى ۋە باشقا كىرىملەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

مائارىپ خىراجىتى چىقىمى بولسا كەسپىي ئىشلار چىقىمى ۋە ئاساسىي قۇرۇلۇش چىقىمىغا بۆلۈنىدۇ. كەسپىي ئىشلار چىقىمى يەنە خادىملار چىقىمى ۋە خىزمەت خىراجىتى، كەسپىي خىراجەت قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. 1999 - يىلى پۈتۈن ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مائارىپ خىراجىتى سېلىنمىسى 5163543000 يۈەن، ئۇنىڭ ئىچىدە يەرلىكنىڭ مائارىپ خىراجىتى سېلىنمىسى 4798416000 يۈەن بولغان. پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ مائارىپ خىراجىتى چىقىمى 5022545000 يۈەن، بۇنىڭ ئىچىدە يەرلىكنىڭ مائارىپ خىراجەت چىقىمى 4668556000 يۈەن بولغان.

## مائارىپ خىراجىتىدىكى «3 نى كۆپەيتىش»

«جۇڭگونىڭ مائارىپىنى ئىسلاھات قىلىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش پروگراممىسى» دا ئوتتۇرىغا قويۇلغان «3 نى كۆپەيتىش» (خامچوت ئىچىدىكى مائارىپ راسخوتىنىڭ ئېشىشى مالىيە چىقىمىنىڭ ئېشىشىدىن يۇقىرى بولۇش؛ مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان مائارىپ خىراجىتىنى يىلمۇ يىل كۆپەيتىش، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ مائاشى ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ئومۇمىي ئىشلار خىراجىتىنى يىلمۇ يىل كۆپەيتىشكە كاپالەتلىك قىلىش) روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ئۈچۈن ئاپتونوم

رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى 1995 - يىلى «پروگراما» نى ئەمەلىيلەشتۈرۈش توغرىسىدىكى پىكرىنى ئېلان قىلدى. ئۇنىڭدا ئاپتونوم رايوننىڭ مالىيەدىن ئاجراتقان مائارىپ مەبلىغىنىڭ ئېشىشى ئاپتونوم رايون مالىيە چىقىمىنىڭ ئېشىشىدىن يۇقىرى بولۇش، خامچوت ئىچىدىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان مائارىپ خىراجىتى يىلمۇ يىل كۆپەيتىلىش لازىم دەپ ئېنىق كۆرسىتىلىدى ھەمدە ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرىدىن «مائارىپ قانۇنى» دا بەلگىلەنگەن «3 نى كۆپەيتىش» تەلىپىگە ئاساسەن، مۇناسىپ چارە - تەدبىرلەرنى قوللىنىپ ئۇنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تەلەپ قىلدى. 1999 - يىلى پۈتۈن ئاپتونوم رايونىمىز خامچوت ئىچىدىكى مائارىپ خىراجىتىنىڭ ئېشىشى مالىيە كىرىمىنىڭ ئېشىشىدىن 1.15% يۇقىرى بولدى. ئادەتتىكى باشلانغۇچ مەكتەپلەر، ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ، كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپ، ئوتتۇرا دەرىجىلىك پېداگوگىكا مەكتىپى. ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلەردىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە مائارىپ خىراجىتى چىقىمى ئالدىنقى يىلغا سېلىشتۇرغاندا 8.74%، -2.78%، 4.26%، -5.78%، -6.41%، -14.87% ئاشتى. خامچوت ئىچىدىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ئومۇمىي ئىشلار خىراجىتى چىقىمى ئالدىنقى يىلغا سېلىشتۇرغاندا 14.75%، 16.54%، 16.95%، 29.47%، -26.99%، -39.59% ئاشتى.

## مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشى

مائارىپ تارماقلىرى مۇقىم مۈلكىنىڭ تەكرار ئىشلەپچىقىرىلىشىنى كۆرسىتىدۇ. كونكرېت ئېيتقاندا مائارىپ تارماقلىرىنىڭ مائارىپ ئىشلىرى تەرەققىياتىنىڭ ئېھتىياجىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن يېڭىدىن مۇقىم مۈلۈكلەرنى كۆپەيتىش جەريانىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ ھەر خىل يېڭىدىن قۇرۇش، كېڭەيتىپ قۇرۇش، ئۆزگەرتىپ قۇرۇش ۋە يېڭىلاپ ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشلىرى ھەمدە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك خىزمەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان 50 يىلدىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇش خىزمىتى زور مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشتى. 1998 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر پۈتۈن ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ سانى 8600 گە، مەكتەپ قۇرۇلۇش كۆلىمى $14490000m^2$ گە، ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلەر سانى 17 گە، مەكتەپنىڭ قۇرۇلۇش كۆلىمى $2233000m^2$ گە؛ چوڭلار ئالىي مەكتەپلىرى 27 گە، مەكتەپ قۇرۇلۇش كۆلىمى $879000m^2$ گە؛ ئالاھىدە مائارىپ مەكتەپلىرى 7 گە، قۇرۇلۇش كۆلىمى $849000m^2$ گە، كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپلەر 121 گە، مەكتەپ ئەسلىھەلىرى كۆلىمى $6904000m^2$ گە، ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتەپلىرى 511 گە؛ مەكتەپ قۇرۇلۇش كۆلىمى $2612000m^2$ گە يەتتى. مەكتەپ ئاساسىي قۇرۇلۇشى ھەر دەرىجىلىك ھەر خىل تىپتىكى مائارىپنىڭ تەرەققىياتىنى ماددىي ئاساسقا ئىگە قىلدى.

## ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپلەردىكى خەتەرلىك ئۆيلەرنى يېڭىلاش قۇرۇلۇشى

ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر تەشكىللىگەن ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىخەتەرلىكىگە خەۋپ پەيدا قىلىدىغان ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپ خەتەرلىك ئۆيلىرىنى يېڭىلاش - ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشىنى كۆرسىتىدۇ. ئاپتونوم رايون 1982 - يىلدىن باشلاپ بۇ تۈرلۈك خىزمەتنى يولغا قويۇشقا باشلىغان بولۇپ، 1992 - يىلنىڭ ئاخىرىغا قەدەر زور كۆلەمدىكى ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپ خەتەرلىك ئۆيلىرىنى يېڭىلاش، ئۆزگەرتىش خىزمىتى باسقۇچ خاراكتېرلىك مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتى. بۇ جەرياندا كۆپ خىل يوللار ئارقىلىق 830 مىليون يۈەن خەتەرلىك ئۆيلەرنى ئۆزگەرتىش مەبلىغى توپلاندى، $4870000m^2$ ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپ خەتەرلىك ئۆيلىرى يېڭىلاندى. بولۇپمۇ 1998 - يىلدىن 1992 - يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى «مەبلەغنى مەركەزلەشتۈرۈش، بىر تۇتاش پىلانلاش، بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇش، نوقتىلىق ئىشلىتىش چارىسىنى قوللىنىپ، جەمئىي 500 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىپ $2290000m^2$ ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپ خەتەرلىك ئۆيلىرىنى يېڭىلاپ سالدى. $195000m^2$ مەكتەپ قۇرۇلۇشىنى رېمونت قىلدى. پۈتۈن ئاپتونوم رايونىمىزدا 1400000 نەپەر ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى ناچار، قاراڭغۇ، خەتەرلىك ئۆيلەر بىلەن خوشلىشىپ، يېڭى سىنىپلارغا كۆچۈپ كىردى.

## ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپ ئۆيلىرىنىڭ 8 نى يۈرۈشلەشتۈرۈش قۇرۇلۇشى

ئاپتونوم رايون ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇ - ئوقۇتۇش شارائىتىنى ياخشىلاپ، 9 يىللىق مەجبۇرىي مائارىپ نىشانىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئېلىپ بارغان بىر تۇتاش قۇرۇلۇشتىن ئىبارەت. ئۇنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى بولسا: پۈتۈن ئاپتونوم رايونىمىزدىكى يېزا، بازاردىن يۇقىرى مەكتەپلەردە (كۆلىمى بىر قەدەر چوڭراق بولغان كەنت مەكتەپلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) ئادەتتىكى دەرسخانا، قىرائەتخانا، تەجرىبىخانا، سۇخانا، ھاجەتخانا، تەنتەربىيە مەيدانى، تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ ئىقتىسادچانلىق بىلەن مەكتەپ قۇرۇش بازىسى ۋە مەكتەپ قورۇ تېمىدىن ئىبارەت 8 نى يۈرۈشلەشتۈرۈشنى پەيدىنپەي ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنى ئەڭ ئاساسىي مەكتەپ قۇرۇش شەرتىگە ئىگە قىلىشتىن ئىبارەت. بۇ تۈر 1993 - يىلى رەسمىي باشلانغاندىن تارتىپ 1998 - يىلغا قەدەر جەمئىي 135 مىليون يۈەن قۇرۇلۇش مەبلىغى ئاجرىتىلىپ، $2136000m^2$ ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئۆي قۇرۇلۇشى يېڭىدىن قۇرۇلدى. 1998 - يىلى پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە 70% ناھىيە (شەھەر) بۇ تۈرلۈك قۇرۇلۇشنى يولغا قويۇشتىن ئۆتۈپ، ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ شارائىتى ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە ياخشىلاندى. ئۇنىڭ ئىچىدە 66%

ناھىيە (شەھەر) ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئۆيلىرىنىڭ 8 نى يۇرۇشلەشتۈرۈش ۋەزىپىسىنى ئاساسىي جەھەتتىن تاماملىدى ھەمدە ئاپتونوم رايوننىڭ «ئىككى ئاساس» نى ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئوڭۇشلۇق ئۆتتى.

## شاۋيىفۇ ئىئانە پۇلى

شياڭگاڭ رادىئو ـ تېلېۋىزىيە چەكلىك شىركىتىنىڭ لىدىرى شاۋيىفۇ ئەپەندى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى مەكتەپلەرگە ئىئانە قىلغان مەكتەپ ئۆي قۇرۇلۇش پۇلىنى كۆرسىتىدۇ. شاۋيىفۇ ئەپەندى ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ئاپتونوم رايونىمىزدىكى 74 ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپ، ئىككى پېداگوگىكا مەكتىپى ۋە شىنجاڭ سانائەت ئىنستىتۇتىغا ئالتە قېتىمدا جەمئىي 3340 تۈمەن شياڭگاڭ پۇلى ئىئانە قىلىپ، رايونىمىزدىكى ئىئانىگە ئېرىشكۈچى مەكتەپلەرنىڭ مەكتەپ ئۆي قۇرۇلۇشىنى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈردى.

## ئوقۇتقۇچى ـ ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ تۇرالغۇ ئۆي قۇرۇلۇشى

ئوقۇتقۇچى ـ ئىشچى خىزمەتچىلەر تۇرالغۇ ئۆي قۇرۇلۇشى بولسا پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى گوۋۇيۈەن ھەمدە ھەر دەرىجىلىك پارتكوم، خەلق ھۆكۈمەتلىرى ئوقۇتقۇچى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ تۇرۇلغۇ ئۆي قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىش، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ تەمىناتىنى ياخشىلاش ئۈچۈن ئېلىپ بارغان بىر تۈرلۈك مەخسۇس خىزمەت. گوۋۇيۈەن بەنگۇڭتىڭى 1995 ـ يىلدىن باشلاپ ئۈدا تۆت قېتىم مەملىكەتلىك ئوقۇتقۇچى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر تۇرالغۇ ئۆي قۇرۇلۇش يىغىنى چاقىرىپ، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئوقۇتقۇچى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر تۇرالغۇ ئۆي قۇرۇلۇش خىزمىتىنى خۇلاسىلىدى ۋە ئورۇنلاشتۇردى. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ئۈچ قېتىم ئاپتونوم رايونلۇق ئوقۇتقۇچى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر تۇرالغۇ ئۆي قۇرۇلۇشى خىزمىتى يىغىنى ئاچتى ھەمدە ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتى، پىلان كومىتېتى مالىيە نازارىتى قاتارلىق مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ «كۆپ خىل يوللار ئارقىلىق مەبلەغ توپلاپ، ئاپتونوم رايونىمىز ئوقۇتقۇچى ئىشچى ـ خىزمەتچىلىرىنىڭ تۇرالغۇ ئۆي قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىش توغرىسىدىكى پىكىر» نى تارقىتىپ، ئاپتونوم رايونىمىز ئوقۇتقۇچى ئىشچى ـ خىزمەتچىلىرى تۇرالغۇ ئۆي قۇرۇلۇش خىزمىتىنىڭ نىشانى، ۋەزىپىسى، يولغا قويۇش چارىسى ۋە ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئاپتونوم رايونىمىز ئالىي مەكتەپلىرىدىكى ئوقۇتقۇچى ئىشچى ـ خىزمەتچىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە تۇرۇلغۇ ئۆي كۆلىمى 1993 ـ يىلدىكى $6.3m^2$ دىن 1999 ـ يىلنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە $9.08m^2$ گە كۆتۈرۈلدى. شەھەر ـ بازاردىكى ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتقۇچى ۋە ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ئوتتۇرىچە تۇرالغۇ ئۆي كۆلىمى 1993 ـ يىلدىكى $5.7m^2$ دىن 1999 ـ يىلدىكى $8.4m^2$ غا كۆتۈرۈلدى.

## دۆلەتنىڭ نامراتلارنى يۆلەش مائارىپ قورۇلۇشى

دۆلەتلىك پىلان كومىتېتى مەخسۇس پۇل تۈرى تۇرغۇزۇپ، پۈتۈن مەملىكەتتىكى دۆلەت دەرىجىلىك نامرات ناھىيە (شەھەر) لەر ئىچىدە مەجبۇرىيەت مائارىپىنى يولغا قويۇشتا ئالاھىدە قىيىنچىلىقتا دۇچ كەلگەن، مەكتەپ قورۇش مەبلىغىنى ھەل قىلىشقا ئامالسىز قالغان يېزا - بازاردىن تۆۋەن دەرىجىلىك مەكتەپلەرگە دۆلەت كۆتۈرگە ئېلىپ مەكتەپ ئەسلىھەلىرىنى يېڭىدىن قۇرۇپ بېرىش ياكى ئۆزگەرتىپ، كېڭەيتىپ قۇرۇپ بېرىش قۇرۇلۇشىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ تۈر 1995 - يىلى باشلانغان بولۇپ، 1998 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر دۆلەت ئاپتونوم رايونىمىزدىكى جەمئىي 79 مەكتەپكە 4238 تۈمەن يۈەن مەبلەغ سالدى. $75087m^2$ مەكتەپ ئۆي ئەسلىھەسىنى قۇرۇپ بەردى. بۇ تۈر نامرات ناھىيە (شەھەر)، يېزا - بازارلار، بازارنىڭ مەجبۇرىيەت مائارىپىنى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتىنى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈردى.

## شەھەر - يېزا مائارىپ ھەققى قوشۇمچىسى

«ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ مائارىپ تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتى توغرىسىدىكى قارارى» نى ئىزچىللاشتۇرۇش، يەرلىكنىڭ مائارىپ ئىشلىرى تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش، يەرلىك مائارىپ مەبلىغىنىڭ كېلىش مەنبەسىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن، گوۋۇيۈەن 1986 - يىلى «مائارىپ ھەققى قوشۇمچىسىنى يىغىش توغرىسىدىكى ۋاقىتلىق بەلگىلىمە» نى ئېلان قىلدى. شەھەرلەردىكى مائارىپ ھەققى قوشۇمچىسى دۆلەتنىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە كۆپەيمە قىممەت بېجى، تىجارەت بېجى، ئىستېمال بېجى تاپشۇرىدىغان ئورۇن ۋە شەخسلەر ئۈچ خىل باجنىڭ نىسبىتى بويىچە تاپشۇرىدىغان مائارىپ ھەققى قوشۇمچىسىنى كۆرسىتىدۇ.

يېزا، چارۋىچىلىق رايونلاردىكى مائارىپ ھەققى قوشۇمچىسى بولسا ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر بېكىتكەن يېزا - كەنت كارخانىلىرىنىڭ پايدىسى (ياكى تىجارەت كىرىمى) نىڭ بەلگىلىك نىسبىتى ۋە دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ ئالدىنقى يىللىق ئوتتۇرىچە كىرىمىنىڭ بەلگىلىك نىسبىتى بويىچە يىغىۋېلىنىدىغان مائارىپ ھەققى قوشۇمچىسىنى كۆرسىتىدۇ.

1999 - يىلى پۈتۈن ئاپتونوم رايونىمىزدا شەھەر مائارىپ ھەققى قوشۇمچىسىدىن 14270 تۈمەن يۈەن، يېزا مائارىپ ھەققى قوشۇمچىسىدىن 7486.7 تۈمەن يۈەن يىغىۋېلىندى.

## خەلق مائارىپ فوندى

كۆپ خىل يوللار ئارقىلىق مائارىپ مەبلىغى توپلاش ئۈچۈن 1996 - يىلى 2 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى شۇ يىلى 3 - ئايدا پۈتۈن ئاپتونوم رايون تەۋەسىدە خەلق مائارىپ فوندى يىغىشنى قارار قىلدى ھەمدە «شىنجاڭ ئۇيغۇر

ئاپتونوم رايوننىڭ خەلق مائارىپ فوندىنى يىغىش، باشقۇرۇش توغرىسىدىكى ۋاقىتلىق چارىسى» نى ئېلان قىلدى. ئۇنىڭدا «خەلق مائارىپ فوندىنى ناھىيە (شەھەر، رايون) گە قاراشلىق ئورۇنلار بەلگىلىك نىسبەت بويىچە يۇقىرىغا تاپشۇرۇش پرىنسىپى ئاساسىدا يىغىۋېلىنىدۇ. مەركەز ۋە سىرتقى جايلارنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ئورۇنلىرى، ئاپتونوم رايون ۋە ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرگە بىۋاسىتە قاراشلىق ئورگانلار، كارخانا كەسپىي ئورۇنلار قاتارلىقلاردىن ئۇلار تۇرۇشلۇق ناھىيە (شەھەر، رايون) يىغىۋالىدۇ. كارخانا، كەسپىي ئورۇنلاردىن ئۆزلىرى مەكتەپ قورغانلىرىغا مەكتەپ تۇرۇشلۇق ناھىيە (شەھەر، رايون) لارنىڭ يىغىۋېلىش كومىتېتى ئۇلارنىڭ مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى سانىنىڭ شۇ ناھىيەدىكى ئوقۇغۇچى سانى ئىچىدە ئىگەللەيدىغان نىسبىتىگە ئاساسەن ئارتۇق قىسمى قايتۇرۇپ بېرىلىدۇ. ئورگان، كوللېكتىپ، كارخانا، كەسپىي ئورۇنلارنىڭ خىزمەتچىلىرى ئايلىق مائاشىنىڭ 1% نى، شەھەر - بازارلاردىكى يەككە تىجارەتچىلەر ئايلىق ساپ كىرىمى ئىچىدە مۇقىم نىسبەتتە خەلق مائارىپ فوندى تاپشۇرۇشى كېرەك» دەپ بەلگىلەندى. خەلق مائارىپ فوندى ئاساسلىقى ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ مەكتەپ ئۆي ئەسلىھەلىرىنى رېمونت قىلىش، ئوقۇتۇش ئۈسكۈنىلىرى ۋە كىتاب ماتېرىيال سېتىۋېلىش، ئومۇمىي ئىشلار خىراجىتىنىڭ كېمىنى تولۇقلاش، 9 يىللىق مەجبۇرىي مائارىپنى ئومۇملاشتۇرۇش قاتارلىق چىقىملارغا ئىشلىتىلىدۇ. ھەر دەرىجىلىك مائارىپ تارماقلىرى يىللىق ئىشلىتىش پىلانىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئوخشاش دەرىجىلىك يىغىش - باشقۇرۇش كومىتېتىنىڭ تەستىقلىشىغا يوللىغاندىن كېيىن ئىجرا قىلىنىدۇ. 1999 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە جەمئىي 60 مىليون يۈەن خەلق مائارىپ فوندى يىغىۋېلىنغان.

## دۆلەتنىڭ نامرات رايونلار مەجبۇرىيەت مائارىپ قۇرۇلۇشى

دۆلەت نامرات رايونلار مائارىپ ئىشلىرى تەرەققىياتىنى يۆلەش، پۈتۈن مەملىكەتتە 9 يىللىق مەجبۇرىيەت مائارىپىنى ئومۇملاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن قوللانغان بىر تۈرلۈك چوڭ تەدبىر. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن بۇيانقى مەركەز مەخسۇس مەبلەغنى ئەڭ كۆپ سالغان، قۇرۇلۇش كۆلىمى ئەڭ زور بولغان مەملىكەت خاراكتېرلىك مائارىپ قۇرۇلۇشى بولۇپ، سېلىنىدىغان مەبلەغ ئومۇمىي سوممىسى 10 مىليارت يۈەندىن ئېشىپ كېتىشى مۆلچەرلەنگەن. شىنجاڭدا جەمئىي 25 دۆلەت دەرىجىلىك نامرات ناھىيە، بەش ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك نامرات ناھىيە بۇ تۈرگە كىرگۈزۈلگەن. بۇ 30 ناھىيەنىڭ يەر كۆلىمى 111.7 تۈمەن كۋادراتمېتىر بولۇپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايون يەر كۆلىمىنىڭ 70% نى ئىگەللەيدۇ؛ نوپۇسى 440 تۈمەن بولۇپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايون نوپۇسىنىڭ 26.1% نى ئىگەللەيدۇ. ئۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەتلەر 89% نى ئىگەللەيدۇ. بۇ 30 ناھىيىگە پىلانلانغان قۇرۇلۇش ئومۇمىي سېلىنمىسى 65605.5 تۈمەن يۈەن بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت 25600 تۈمەن يۈەن مەبلەغ چىقىرىدۇ.

ئاپتونوم رايون مالىيەسىدىن 20740 تۈمەن يۈەن مەبلەغ ئاجرىتىلىدۇ. ۋىلايەت، ناھىيىلەر مالىيەسىدىن 18310 تۈمەن يۈەن مەبلەغ ئاجرىتىلىدۇ. باشقا يوللار ئارقىلىق 955.5 تۈمەن يۈەن مەبلەغ توپلىنىدۇ. بۇ مەبلەغ 958 باشلانغۇچ مەكتەپ، 167 تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ 689000$m^2$ مەكتەپ ئۆي ئەسلىھەسىنى يېڭىدىن قۇرۇش ۋە ئۆزگەرتىپ قۇرۇشقا، 1105 يۈرۈش ئۈسكۈنە، سايمانلارنى سېتىۋېلىشقا، 3328000 پارچە كىتاب سېتىۋېلىشقا، 220000 يۈرۈش پارتا ئورۇندۇق سېتىۋېلىشقا، 35000 ئادەم قېتىم مەكتەپ مۇدىرلىرى ۋە ئوقۇتقۇچىلارنى تەربىيىلەشكە ئىشلىتىلىدۇ. پىلان بويىچە 1998 ـ يىلدىن 2000 ـ يىلغىچە ئۈچ يىلدا تاماملىنىدۇ. 1999 ـ يىلغا قەدەر قۇرۇلۇش گەۋدىلىك نەتىجىلەرگە ئېرىشتى. ھەر قايسى ناھىيىلەر جەمئىي 21377 تۈمەن يۈەن قۇرۇلۇش مەبلىغى سالدى. 254 مەكتەپنىڭ قۇرۇلۇش ۋەزىپىسى ئورۇنلاندى. 251000$m^2$ مەكتەپ ئۆي ئەسلىھەسى يېڭىدىن سېلىنىدى ياكى يېڭىلاندى. 40305 يۈرۈش پارتا ـ ئورۇندۇق سەپلەندى. مەكتەپ مۇدىرلىرى، ئوقۇتقۇچىلارنى تەربىيىلەش خىزمىتى رەسمىي باشلاندى، 80 نەپەر مەكتەپ مۇدىرى، 4534 نەپەر ئوقۇتقۇچى تەربىيىلەندى. ئوقۇتۇش سايمانلىرى ۋە كىتاب، ماتېرىياللار رەسمىي سېتىۋېلىنىشقا باشلىدى.

## دۇنيا بانكىسى قەرز پۇلى ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش 2 ـ تۈرى

1992 ـ يىلى دۆلىتىمىز دۇنيا بانكىسىدىن قەرز ئېلىپ نامرات رايونلار ۋە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئاساسىي مائارىپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ئىشلەتتى. قەرز پۇلدىن خۇنەن، خۇبېي، يۈننەن، گۇيجۇ، شەنشى، سەنشى قاتارلىق 8 ئۆلكە بەھرىمەن بولدى. 1994 ـ يىلى ئېلىمىز يەنە بىر قېتىم دۇنيا بانكىسىدىن قەرز پۇل ئېلىپ، ئۇنى نامرات رايونلار ۋە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئاساسىي مائارىپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ئىشلەتتى. بۇ قېتىم سىچۈەن، ئىچكى موڭغۇل، شىنجاڭ، گۇاڭشى، جياڭشى، نىڭشيا قاتارلىق 6 ئۆلكە ۋە رايون قەرز پۇلغا ئېرىشتى. يۇقارقى ئىككى تۈرنى پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن، ئالدىنقىسى «نامراتلارنى يۆلەش 1 ـ تۈرى» كېيىنكىسى «نامراتلارنى يۆلەش 2 ـ تۈرى» دەپ ئاتالدى. 1995 ـ يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدا باشلانغان «نامراتلارنى يۆلەش 2 ـ تۈرى» پۈتۈنلەي دېگۈدەك 18 دۆلەت دەرىجىلىك ۋە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك نامرات ناھىيىگە ئورۇنلاشتۇرۇلدى. قەرز پۇل ئومۇمىي سوممىسى 1950 تۈمەن ئامېرىكا دوللىرىغا يەتتى. 2000 ـ يىلى 6 ـ ئايغا قەدەر ئاپتونوم رايونىمىزدا دۇنيا بانكىسى قەرز پۇلىدىن 1859.86 تۈمەن ئامېرىكا دوللىرى، دۆلەت ئىچىدىكى يۈرۈشلەشتۈرۈلگەن مەبلەغدىن 211.2 مىليون يۈەن خەلق پۇلى ئىشلىتىلدى. ئۇنىڭ ئىچىدە توپا قۇرۇلۇش تۈرىگە دۇنيا بانكىسى قەرز پۇلىدىن 1296 تۈمەن دوللار، دۆلەت ئىچى سەپلىمە مەبلىغىدىن 172960000 يۈەن خەلق پۇلى ئەمەلىي ئىشلىتىلدى، 112 ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپ تاماملاندى. 733900$m^2$ مەكتەپ

ئۆي ئەسلىھەسى يېڭىدىن سېلىندى ۋە ئۆزگەرتىپ ياسالدى ، چېقىپ قايتا سېلىندى ياكى ياخشىلاندى . ئۈسكۈنە سايمانلارنى سېتىۋېلىشقا دۇنيا بانكىسى قەرز پۇلىدىن 210.77 تۈمەن دوللار ، دۆلەت ئىچى سەپلەنمە مەبلىغىدىن 788.45 تۈمەن يۈەن خەلق پۇلى ئىشلىتىلدى . تۈرنى ئورۇندىغان مەكتەپ سانى 2020 گە يەتتى . كىتاب ـ ماتېرىيال سېتىۋېلىشقا دۇنيا بانكىسى قەرز پۇلىدىن 117.71 تۈمەن دوللار ، دۆلەت ئىچى سەپلەنمە مەبلىغىدىن 762.84 تۈمەن يۈەن خەلق پۇلى ئىشلىتىلدى . 250.89 تۈمەن پارچە كىتاب سېتىۋېلىندى . پارتا ـ ئورۇندۇقلارنى سېتىۋېلىشقا دۇنيا بانكىسى قەرز پۇلىدىن 78.81 تۈمەن دوللار ، دۆلەت ئىچى سەپلەنمە مەبلىغىدىن 753.94 تۈمەن يۈەن خەلق پۇلى ئىشلىتىلىپ ، 15.3 تۈمەن يۈرۈش پارتا ـ ئورۇندۇق سەپلەندى . تېخنىكا ياردىمىگە دۇنيا بانكىسى قەرز پۇلىدىن 122.29 تۈمەن دوللار ، دۆلەت ئىچى سەپلەنمە مەبلەغدىن 709.44 تۈمەن يۈەن خەلق پۇلى ئىشلىتىلىپ ، 24046 ئادەم قېتىم ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى تەربىيىلەندى . مائارىپ ئۇچۇرلىرىنى باشقۇرۇش سىستېمىسىغا دۇنيا بانكىسى قەرز پۇلىدىن 19.54 تۈمەن دوللار ، دۆلەت ئىچى سەپلەنمە مەبلىغىدىن 131.97 تۈمەن يۈەن خەلق پۇلى ئىشلىتىلدى ، مائارىپ ئۇچۇرلىرىنى باشقۇرۇش سىستېمىسى ھازىر پۈتۈنلەي قۇرۇلۇپ بولدى ھەمدە بارا ـ بارا ئىشلىتىلىشكە باشلىدى . ئىسلاھات تېمىلىرىغا دۇنيا بانكىسى قەرز پۇلىدىن 20.64 تۈمەن دوللار ئىشلىتىلىپ 10 پەن ـ تېخنىكا تۈرى ئورۇنلاشتۇرۇلدى . قوش تىللىق ئوقۇتۇش ، ئۈن ـ سىن ئوقۇتۇش ماتېرىياللىرى تۈرى ئورۇنلاندى . مەسلىھەت سوراش مۇلازىمىتى ، تەتقىقات تەكشۈرۈش ، چەت ئەلگە چىقىرىپ تەربىيىلەش تۈرىگە دۇنيا بانكىسى قەرز پۇلىدىن جەمئىي 20 تۈمەن دوللار ئىشلىتىلدى .

**ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپ تەجرىبە ئوقۇتۇشى ئومۇملاشتۇرۇلغان ناھىيىلەر**

ئاپتونوم رايونىمىز 1991 ـ يىلدىن باشلاپ تەجرىبە ئوقۇتۇشنى ناھىيىلەرگە ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتىنى باشلىغان . ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتى ھەر يىلى بەلگىلىك ساندىكى ئادەتتىكى مائارىپ سايمان ئۈسكۈنىلىرىنى ھەر قايسى جايلارغا تارقىتىپ بەرگەن ، ھەر قايسى ۋىلايەت ، ئوبلاست ، شەھەرلەرمۇ ئۆزلىرى بىر قىسىم مەبلەغ توپلاپ ئادەتتىكى ئوقۇتۇش سايمان ، ئۈسكۈنىلىرىنى سېتىۋېلىشقا ئىشلەتكەن . 1992 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى كۈيتۇن شەھىرى ، قاراماي شەھىرى ، شىخەنزە شەھىرى ، پوسكام ناھىيىسى ، شىخو ناھىيىسى ۋە ساۋەن ناھىيىسى 1 ـ تۈركۈمدە تەجرىبە ئوقۇتۇش ئومۇملاشتۇرۇلغان ناھىيىلەرنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشتىن ئۆتكەن . 1996 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنىدىن 24 ـ كۈنىگىچە ، ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتى ئۈرۈمچى شەھىرىدە تەجرىبە ئوقۇتۇشنى ناھىيىلەرگە ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتى يىغىنى ئاچتى . يىغىندا «8 ـ 5 يىللىق پىلان» مەزگىلىدىكى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئوتتۇرا

ـ باشلانغۇچ مەكتەپلەردە تەجرىبە ئوقۇتۇشنى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمەتلىرى خۇلاسە قىلىندى ۋە «ئاپتونوم رايوننىڭ 1996 ـ يىلدىن 2000 ـ يىلغا قەدەر بولغان ۋاقىت ئىچىدىكى ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپلەردە تەجرىبە ئوقۇتۇشنى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمەت پىلانى ۋە 2010 ـ يىلدىكى تەرەققىيات پىلانى» تۈزۈپ چىقىلدى. يەنە 23 نەپەر ئىلغار كوللېكتىپ، 85 نەپەر ئىلغا خىزمەتچى ۋە 17 نەپەر ئۈزلىرى ئوقۇتۇش قورالى ياسىغان ئاكتىپ مۇكاپاتلاندى. 1996 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر ئاپتونوم رايونىمىزدا جەمئىي 43 ناھىيە (شەھەر) تەجرىبە ئوقۇتۇشنى ئومۇملاشتۇرغان ناھىيە (شەھەر) لەرنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشتىن ئۆتتى. ئۇلار پۈتۈن ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ناھىيە (شەھەر) لەر سانىنىڭ 46% نى ئىگەللەيدۇ. تەجرىبە ئوقۇتۇشنى ئومۇملاشتۇرۇش ۋەزىپىسىنى پۈتۈنلەي ئورۇنداپ بولغان ۋىلايەت، شەھەرلەردىن قاراماي شەھىرى، بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى بار. 1998 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە ئاپتونوم رايونىمىزدا تەجرىبە ئوقۇتۇشنى ئومۇملاشتۇرغان ناھىيە (شەھەر) لەر سانى 56 گە يېتىپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايونىمىزدىكى 93 ناھىيە (شەھەر) سانى ئىچىدە 60% نىسبەتنى ئىگىلىدى.

## ئوقۇتقۇچى

ئۆزىنىڭ بىلىمى، پاراستى ۋە ئەخلاق پەزىلىتى ئارقىلىق تەربىيىلەنگۈچىلەرگە ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ تۇرمۇش تەجرىبىلىرى، ئىشلەپچىقىرىش تەجرىبىلىرىنى يەتكۈزۈپ، ئىنسانىيەت جەمئىيىتى ئۈچۈن ھەر خىل ئىقتىساس ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرگۈچى ئەمگەكچىلەرنى كۆرسىتىدۇ. ئۇلار ئىنسانلارنىڭ ئىدىيە، ئەخلاق ۋە مەدەنىيىتىنى تارقىتىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ ۋاستىچىسى ھېسابلىنىدۇ.

ئوقۇتقۇچى مەكتەپنىڭ پەيدا بولۇشىغا ئەگىشىپ پەيدا بولغان بولۇپ، قەدىمكى جۇڭگودا ئۇستاز دەپ ئاتىلاتتى. ئۇ ئىنسانلار جەمئىيىتىدىكى مەڭگۈلۈك كەسىپ ھېسابلىنىدۇ. ھازىر ئوقۇتقۇچى دېگەنلىك مەخسۇس ئوقۇتۇش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغۇچى خادىملارنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ ئوقۇتۇش خىزمىتىدىن ئايرىلىپ مەمۇرىي رەھبەرلىك ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان ئوقۇتۇش خادىملىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ.
ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى قۇرۇلۇشىغا يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، تەربىيىلەش خىزمىتىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتتى. نۆۋەتتە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى قۇرۇلۇشى زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى. 1999 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەر دەرىجىلىك ھەر خىل تىپتىكى مەكتەپلەردىكى مەخسۇس ئوقۇتقۇچىلار سانى 23.41 تۈمەن كىشىگە يەتتى. ئۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇتقۇچىلىرى 58.30% نى ئىگەللەيدۇ. پۈتۈن شىنجاڭدا 7516 نەپەر ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى بار (ئۇنىڭ ئىچىدىكى ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇتقۇچىلىرى 3011 نەپەر بولۇپ، ئومۇمىي سانىنىڭ 40% نى

ئىگىلەيدۇ) ئۇنىڭ ئىچىدە ئاسپىرانتلىق ئوقۇش تارىخىنى ھازىرلىغانلار 1147 نەپەر بولۇپ، ئومۇمىي سانىنىڭ 15.3% نى ئىگىلەيدۇ. چوڭلار ئالىي مەكتەپلىرى ئوقۇتقۇچىلىرى 3142 نەپەر (ئۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇتقۇچىلىرى 792 نەپەر بولۇپ، ئومۇمىي سانىنىڭ 25.2% نى ئىگىلەيدۇ) بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە ئاسپىرانتلىق ئوقۇش تارىخى بارلار 61 نەپەر، ئۇلار ئومۇمىي سانىنىڭ 1.9% نى ئىگىلەيدۇ؛ ئادەتتىكى ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتەپلىرىدىكى كەسپىي ئوقۇتقۇچى 7229 نەپەر (ئۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇتقۇچىلىرى 3864 نەپەر، ئومۇمىي سانىنىڭ 53.5% نى ئىگىلەيدۇ)، چوڭلار ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتەپلىرىدىكى كەسپىي ئوقۇتقۇچىلار 2580 نەپەر (ئۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇتقۇچىلىرى 977 نەپەر بولۇپ ئومۇمىي سانىنىڭ 37.8% نى ئىگىلەيدۇ)، ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ مەخسۇس ئوقۇتقۇچىلىرى 15673 نەپەر (ئۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇتقۇچىلىرى 7555 نەپەر بولۇپ، ئومۇمىي سانىنىڭ 48.2% نى ئىگىلەيدۇ)، ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرى 56522 نەپەر (ئۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇتقۇچىلىرى 33740 نەپەر بولۇپ، ئومۇمىي سانىنىڭ 59.7% نى ئىگىلەيدۇ)، باشلانغۇچ مەكتەپ مەخسۇس ئوقۇتقۇچىلىرى 126401 نەپەر (ئۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇتقۇچىلىرى 81919 نەپەر بولۇپ، ئومۇمىي سانىنىڭ 64.8% نى ئىگىلەيدۇ)، كەسپىي تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەردىكى مەخسۇس ئوقۇتقۇچى سانى 3158 نەپەر (ئۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇتقۇچىلىرى 1015 نەپەر بولۇپ، ئومۇمىي سانىنىڭ 32% نى ئىگىلەيدۇ)، كەسپىي تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ مەخسۇس ئوقۇتقۇچىلار سانى 440 نەپەر (ئۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇتقۇچىلىرى 348 نەپەر بولۇپ ئومۇمىي سانىنىڭ 79% نى ئىگىلەيدۇ)، بالىلار باغچىسى مەخسۇس ئوقۇتقۇچىلىرى سانى 9172 نەپەر (ئۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇتقۇچىلىرى 1970 نەپەر بولۇپ، ئومۇمىي سانىنىڭ 21.5% نى ئىگىلەيدۇ)، ئالاھىدە مائارىپ مەكتەپلەردىكى ئوقۇتقۇچىلار سانى 171 نەپەر (ئۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت 31 نەپەر بولۇپ، ئومۇمىي سانىنىڭ 18% نى ئىگىلەيدۇ). پۈتۈن ئاپتونوم رايونىمىزدىكى باشلانغۇچ مەكتەپ، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ ئوقۇش تارىخى لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى ئايرىم - ئايرىم ھالدا 96.8%، 86.96%، 52.71% گە يەتكەن. پۈتۈن ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئوقۇتقۇچىلار سانى ھەر خىل مائارىپنىڭ ئېھتىياجىنى ئاساسىي جەھەتتىن قاندۇردى.

### ئوقۇتقۇچى - ئىشچى - خىزمەتچىلەر

مەكتەپ شتاتىدىكى ئوقۇتۇش، باشقۇرۇش، خوجىلىق خىزمەتلىرى بىلەن شۇغۇللانغۇچى تۇراقلىق خادىملار (ۋاقىتلىق ئىشچى ۋە سىرتتىن تەكلىپ قىلىنغانلارنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ) نى كۆرسىتىدۇ. ئوقۇتقۇچى - ئىشچى - خىزمەتچىلەر خىزمەتنىڭ

خاراكتېرىگە ئاساسەن ئوقۇتقۇچىلار ، مەمۇرىي خادىملار ، ئوقۇتۇش ياردەمچى خادىملىرى ۋە ئىشچىلار دەپ ئايرىلىدۇ . 1999 ـ يىلى پۈتۈن ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەر دەرىجىلىك ھەر خىل تىپتىكى مەكتەپلەردىكى ئوقۇتقۇچى ـ ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر سانى تۆۋەندىكىدەك : ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلەردە 17106 نەپەر ، ئۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت 5788 نەپەر ؛ ئادەتتىكى ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتەپلىرىدە 13930 نەپەر ، ئۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت 6415 نەپەر ؛ ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپلەردە 91324 نەپەر ، ئۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت 49696 نەپەر ؛ كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپلەردە 5832 نەپەر ، ئۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت 1915 نەپەر ؛ باشلانغۇچ مەكتەپلەردە 145489 نەپەر ، ئۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت 94287 نەپەر ، ئەما ، گاس ـ گاچىلار مەكتەپلىرىدە 300 نەپەر ، ئۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇتقۇچىلىرى 60 نەپەر ؛ بالىلار باغچىسىدا 16993 نەپەر ، ئۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇتقۇچىلىرى 3962 نەپەر .

## ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلار نىسبىتى

بىر نەپەر ئوقۇتقۇچى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ئۈستىگە ئالىدىغان ئوقۇغۇچى سانىنى كۆرسىتىدۇ . دۆلىتىمىزنىڭ 1961 ـ يىلدىكى «ھەر دەرىجىلىك مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتقۇچىلار شتاتى ئۆلچىمى سىناق لاھىيىسى» دە ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىلار نىسبىتى ئالىي مەكتەپلەردە 1:7—1:6.5 ؛ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە 1:18 ؛ تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتە 1:20 ؛ باشلانغۇچ مەكتەپتە 1:35 بولىدۇ ، دەپ بەلگىلەنگەن . 1985 ـ يىلى دۆلەت مائارىپ كومىتېتى ، ئەمگەك كادىرلار مىنىستىرلىقىنىڭ «پۈتۈن كونلۇك تۈزۈمدىكى ئادەتتىكى ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتەپلەرنىڭ خادىملار شتات ئۆلچىمى (سىناق لاھىيىسى )» دە پۈتۈن كۈنلۈك تۈزۈمدىكى ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتەپلەردىكى ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلار نىسبىتى 1:1.8~1:1.95 بولىدۇ ، دەپ بەلگىلەنگەن .

1999 ـ يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئادەتتىكى باشلانغۇچ مەكتەپ ، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ، ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتىپى ، ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلار نىسبىتى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا 1:19.8 ، 1:15.5 ، 1:12.1 ، 1:12.9 ۋە 1:7.2 .

## ئوقۇتقۇچى كەسپىي ۋەزىپىسى

«ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلار خىزمىتى سىناق نىزامى» دا : ئوقۇتقۇچىلىق مەكتەپنىڭ ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش خىزمەت ئېھتىياجىغا ئاساسەن تەسىس قىلىنغان خىزمەت ئورنى دەپ بەلگىلەنگەن . ئوقۇتقۇچىلىق خىزمىتىدە تەكلىپ قىلىش تۈزۈمى ياكى ۋەزىپىگە تەيىنلەش تۈزۈمى يولغا قويۇلىدۇ . ھەر دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچىلارغا مۇقىم نىسبەت بېكىتىلىدۇ .

باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىق خىزمىتىدە : باشلانغۇچ مەكتەپ ئالىي دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچى ، باشلانغۇچ مەكتەپ 1 ـ دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچى ، باشلانغۇچ مەكتەپ 2 ـ دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچى ، باشلانغۇچ مەكتەپ 3 ـ دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچى قاتارلىق دەرىجىلەر تەسىس قىلىنغان ؛ ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىق خىزمىتىدە : ئوتتۇرا مەكتەپ ئالىي دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچى ؛ ئوتتۇرا مەكتەپ 1 ـ دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچى ، ئوتتۇرا مەكتەپ 2 ـ دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچى ، ئوتتۇرا مەكتەپ 3 ـ دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچى قاتارلىق دەرىجىلەر تەسىس قىلىنغان . ئوقۇتقۇچىلىق خىزمىتىگە تەكلىپ قىلىش ياكى تەيىنلەشتە ئوقۇتقۇچىلارنى تەكشۈرۈپ باھالاش كومىتېتىنىڭ سىياسىي ـ ئىدىيە ، مەدەنىيەت ـ كەسپىي بىلىم سەۋىيىسى ، ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش قابىلىيىتى ، خىزمەت نەتىجىسى ۋە مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىش ئەھۋالى قاتارلىق جەھەتلەردىن باھالاشتىن ئۆتۈشى ، مۇناسىپ شەرتلەرنى ھازىرلىغان بولۇشى ھەمدە مەكتەپ ياكى ناھىيەدىن يۇقىرى دەرىجىلىك مائارىپ مەمۇرىي تارماقلىرىنىڭ رەھبىرى تەكلىپ قىلىشى ياكى تەيىنلىشى كېرەك .

«ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىق خىزمىتى سىناق نىزامى» دا : «ئوقۇتقۇچىلىق خىزمىتىدە ئوقۇتقۇچى ، ياردەمچى لېكتور ، لېكتور ، ئالىي دەرىجىلىك لېكتور قاتارلىق ئۇنۋانلار تەسىس قىلىنىدۇ ، ھەر قايسى دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچىلارنى تەكلىپ قىلىش ياكى تەيىنلەش تۈزۈمى يولغا قويۇلىدۇ ھەمدە ھەر دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچىلارنىڭ مەسئۇلىيىتى ، شەرتى ، تەكلىپ قىلىنىش مۇددىتى ئېنىق بەلگىلىنىدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن . ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتەپلىرىدىكى ھەر دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچىلارنىڭ خىزمەت نورمىسى ئۇلارنىڭ ۋەزىپىسىگە ماس كېلىشى لازىم . دۆلەت مائارىپ كومىتېتى پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنى باھالاش خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىدۇ . ئۆلكە ، ئاپتونوم رايون ، بىۋاستە قاراشلىق شەھەر ۋە گوۋۇيۈەنىنىڭ مۇناسىۋەتلىك تارماقلىرىدا ، ئوتتۇرا تېخنىكوم ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ ئالىي ، ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئۇنۋانىنى باھالاش كومىتېتلىرى قۇرۇلغان بولۇپ ، ئۇلار شۇ رايون ، شۇ تارماقلاردىكى ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئالىي ، ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئۇنۋانىنى باھالاشقا مەسئۇل بولىدۇ . «ئالىي مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىق خىزمىتى سىناق نىزامى» دا : «ئالىي مەكتەپلەردىكى ئوقۇتقۇچىلىق خىزمىتى شۇ مەكتەپ ئۈستىگە ئالغان ئوقۇتۇش تەتقىقاتى قاتارلىق جەھەتلەردىكى ۋەزىپىلەرگە ئاساسەن تەسىس قىلىنىدۇ ھەمدە ياردەمچى ئوقۇتقۇچى ، لېكتور ، دوتسېنت ، پىرافېسسور قاتارلىق كەسپىي ئۇنۋانلار تەسىس قىلىنىدۇ . ھەر قايسى كەسپىي ئۇنۋانلارغا تەكلىپ قىلىش ياكى تەيىنلەش تۈزۈمى يولغا قويۇلىدۇ ھەمدە ئېنىق بولغان مەسئۇلىيەت ، خىزمەت شارائىتى ۋە خىزمەت مۇددىتى بەلگىلىنىدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن . ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ھەر قايسى كەسىپ ، پەن ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ خىزمەت نورمىسى ئۇلارنىڭ خىزمەت ۋەزىپىسىگە ئۇيغۇن بولۇشى كېرەك . دۆلەت مائارىپ كومىتېتى پۈتۈن

مەملىكەتتىكى ئالىي مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ ۋەزىپە ئۆتەش سالاھىيىتىنى تەكشۈرۈش باھالاشقا يېتەكچىلىك قىلىدۇ . ئۆلكە ، ئاپتونوم رايون ، بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەرلەردە ئالىي مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرى ئۇنۋان باھالاش كومىتېتلىرى قۇرۇلغان بولۇپ ، ئۆز رايونىدىكى ئالىي مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ ۋەزىپە ئۆتەش سالاھىيىتىنى تەكشۈرۈپ باھالاش خىزمىتىگە مەسئۇل بولىدۇ .

1999 ـ يىلى ئاپتونوم رايونىمىز ئالىي مەكتەپلىرىدىكى كەسپىي ئوقۇتقۇچىلىرى ئىچىدە تۆۋەن دەرىجىلىك ئۇنۋانى بارلار 1687 كىشى ، ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئۇنۋانى بارلار 3138 نەپەر ، مۇئاۋىن ئالىي دەرىجىلىك ئۇنۋانى بارلار 1868 نەپەر ، ئالىي ئۇنۋانى بارلار 389 نەپەر بولغان .

# ئۇنىۋېرسال ئوقۇملار

**شىنجاڭ مائارىپى**

شىنجاڭنىڭ خەنزۇ مائارىپى مىلادى 5 ـ ئەسىردىن باشلانغان . ئاز سانلىق مىللەت مەكتەپلەر مائارىپى مىلادى 10 ـ ئەسىردىن باشلانغان . ئەينى ۋاقىتتىكى قاراخانىلار خاندانلىقى ئىسلام دىنىنى تەشەببۇس قىلغاچقا ، ئىسلام دىنى مەكتىپى بۇنىڭغا ئەگىشىپ مەيدانغا كېلىشكە باشلىدى . چىڭ سۇلالىسى مەزگىلىدە شىنجاڭنىڭ قەدىمكى مەكتەپلەر مائارىپى تەرەققىي قىلىپ گۈللەنگەن مەزگىلگە قەدەم قويدى . 18 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرا مەزگىلىدە چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى شىنجاڭدىكى 8 تۇغلۇق قوشۇن تۇرۇشلۇق ئورۇندا ھۆكۈمەت مەكتىپى ، تەييارلىق مەكتەپ ، يېزا مەكتىپى قاتارلىقلارنى تەسىس قىلىپ ، ھەربىيلەرنىڭ پەرزەنتلىرىنىڭ ئوقۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلدى . ئورۇمچى قاتارلىق جايلاردا مەكتەپلەرنى تەسىس قىلدى ۋە ئوقۇغۇچى سانىنى بەلگىلەپ ، كېجۇ تۈزۈمىنى يولغا قويدى .

20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى كېجۇ تۈزۈمىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ ، يېڭى تىپتىكى مەكتەپلەرنى گۈللەندۈرۈپ ، يېڭى مەكتەپ تۈزۈمىنى يولغا قويدى . 1906 ـ يىلى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى شىنجاڭدا يېقىنقى زامان مەكتەپ باشقۇرۇش ئورگىنى تەسىس قىلدى . ئوقۇتۇش نازارەتچىلىكىنى دۇتوڭ ئۈستىگە ئالدى . 1908 ـ يىلى شىنجاڭ ئوقۇتۇش خىزمەت مەھكىمىسى قۇرۇلۇپ مەكتەپ باشقۇرۇش مەھكىمىسى قۇشۇمچە تەسىس قىلىندى . 1910 ـ يىلى شىنجاڭدا تۆۋەن دەرىجىلىك مەكتەپتىن 597 سى بارلىققا كېلىپ ، ئوقۇغۇچى سانى 15458 نەپەر گە يەتتى ؛ ئوتتۇرا دەرىجىلىك ۋە ئوتتۇرا دەرىجىلىك مەخسۇس مەكتەپ 8 ، ئوقۇغۇچى سانى 895 گە يەتتى . 20 ـ ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرىدا شىڭ شىسەي ھۆكۈمىتى جۇڭگو كومپارتىيىسى ۋە ئىلغار زاتلارنىڭ ياردىمى ئاستىدا «مىللەتنى شەكىل ، ئالتە چوڭ سىياسەتنى مەزمۇن» قىلغان مىللىي مەدەنىيەتنى تەرەققىي قىلدۇردى . شىنجاڭ مائارىپى تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلدى . 1942 ـ يىل پۈتۈن ئۆلكىدىكى ھۆكۈمەت ۋە تەشكىلاتلار قۇرغان باشلانغۇچ مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى سانى 271100 نەپەر ، ئالىي ، ئوتتۇرا مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى سانى 3787 نەپەر ، خەلق مەكتەپلىرىدىكى ئوقۇغۇچى سانى 14694 نەپەر بولدى . يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن شىنجاڭ مائارىپى يەنمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەرەققىي قىلدى . 1999 ـ يىلى شىنجاڭدىكى ھەر تۈرلۈك مەكتەپلەر جەمئىي 9707 گە ، ئوقۇغۇچى سانى 8 .408 تۈمەنگە يەتتى (بۇ سانلىق قىممەت چوڭلار تېخنىكا تەربىيىسى مەكتىپى ۋە چوڭلار تۆۋەن دەرىجىلىك مەكتىپىنىڭ ئوقۇغۇچى سانىنى ئۆز

ئىچىگە ئالمايدۇ ) . بۇنىڭ ئىچىدە ئاسپىرانتلىقتا تەربىيىلەش ئورگىنى 10 ، ئوقۇغۇچى سانى 901 نەپەر ؛ ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپ 17 ، ئوقۇغۇچى سانى 54058 نەپەر ؛ ئادەتتىكى ئوتتۇرا دەرىجىلىك مەخسۇس كۇرس مەكتىپى 113 ، ئوقۇغۇچى سانى 93445 نەپەر ؛ ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ 1725 ، ئوقۇغۇچى سانى 1062380 نەپەر ؛ كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپ 116 ، ئوقۇغۇچى سانى 49871 نەپەر ؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 6796 ، ئوقۇغۇچى سانى 2507406 نەپەر ؛ ئالاھىدە مەكتىپى 7 ، ئوقۇغۇچى سانى 681 نەپەر ؛ چوڭلار ئالىي دەرىجىلىك مەكتىپى 27 ، ئوقۇغۇچى سانى 67633 نەپەر ؛ چوڭلار ئوتتۇرا دەرىجىلىك مەخسۇس كۇرس مەكتىپى 81 ، ئوقۇغۇچى سانى 33231 نەپەر ؛ چوڭلار ئوتتۇرا مەكتىپى 14 ، ئوقۇغۇچى سانى 6423 نەپەرگە يەتتى ؛ 1999 ـ يىلى ھەر بىر تۈمەن نوپۇس ئىچىدىكى مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىگىلىگەن سانى ، ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپتە 93 .30 نەپەر ، ئادەتتىكى ئوتتۇرا تېخنىكومدا 47 .53 نەپەر ، ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپتە 18 .108 نەپەر ، ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتە 81 .499 نەپەر ، باشلانغۇچ مەكتەپتە 98 .1434 نەپەر .

## بىڭتۇەن مائارىپى

شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە ، بىڭتۇەندىكى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر بالىلىرىنىڭ ئوقۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ، ئاتا ـ ئانىلارنىڭ خاتىرجەم خىزمەت قىلىش شارائىتىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن بىڭتۇەن يەسلى مائارىپى ، باشلانغۇچ مائارىپى يوقلۇقتىن بارلىققا كېلىپ تەرەققىي قىلىشقا باشلىدى . 1954 ـ يىلى بىڭتۇەن پەرزەنتلەر مەكتىپى تەرەققىي قىلىپ 24 كە ، ئوقۇغۇچى سانى 5387 نەپەرگە يەتتى . باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچى سانىنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ ، يەرلىك مەكتەپلەر بىڭتۇەن پەرزەنتلىرىنىڭ يۇقىرىلاپ ئوقۇش مەسىلىسىنى پۈتۈنلەي ھەل قىلىپ كېتەلمىدى . مۇھىت بىڭتۇەننىڭ مۇستەقىل مەكتەپ قۇرۇشنى تەلەپ قىلدى . 1956 ـ يىلى بىڭتۇەندە تۇنجى ئوتتۇرا مەكتەپ بىڭتۇەن شىخەنزە ئوتتۇرا مەكتىپى قۇرۇلدى . ئوقۇغۇچى سانى 226 نەپەر ئىدى . 1957 ـ يىلى يېزا ئىگىلىك 6 ـ دىۋىزىيىسى ، 4 ـ دىۋىزىيىسى ، 8 ـ دىۋىزىيىسى ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ تولۇقسىز سىنىپلارنى تەسىس قىلدى . 1958 ـ يىلدىن باشلاپ بىڭتۇەن ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ ، بىڭتۇەننىڭ ھەر دەرىجىلىك ، ھەر تۈرلۈك مەكتەپلىرى تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلىشقا باشلىدى . 1958ـيىلى تارىم بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئۇنىۋېرسىتېتى قۇرۇلدى . 1959ـيىلى شىخەنزە يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتى قۇرۇلدى . 1966ـيىلى ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ تەرەققىي قىلىپ 81 گە ، ئوقۇغۇچى سانى 19067 نەپەرگە يەتتى . شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا شىخەنزە تېببىي ئىنستىتۇتى قۇرۇلدى . 1962ـيىلى بىڭتۇەن دەرىجىلەرگە ئايرىپ مەكتەپ قۇرۇش ، يەنى ئىشلەپچىقىرىش روتىلىرى 1ـيىللىقتىن 4 ـ يىللىقچە مەكتەپ قۇرۇش ، تارماق

مەيدان مۇكەممەل باشلانغۇچ مەكتەپ قۇرۇش ، پولىك ئوتتۇرا مەكتەپ قۇرۇش ، دۆۋىرىيە مۇكەممەل ئوتتۇرا مەكتەپ قۇرۇش ، بىگتوۋەن ئالىي مەكتەپ قۇرۇشتىن ئىبارەت مەكتەپ قۇرۇش تۈزۈلمىسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ ، بىگتوۋەن مائارىپ خىزمىتىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى . «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە بىگتوۋەن مائارىپى ئېغىر دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى . 1975 ـ يىلى 5 ـ ئايدىن ، 1981 ـ يىلى 12 ـ ئايغىچە ئاپتونوم رايونلۇق يېزا ئىگىلىك بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش باش ئىدارىسى مەزگىلىدە ، بىگتوۋەن ھەم بىۋاستە قاراشلىق مەكتەپلەر ئاپتونوم رايونلۇق ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتنىڭ باشقۇرۇشىغا تاپشۇرۇلدى . پولىك قۇرغان مەكتەپلەرنى يەنىلا پولىك ئۆزى باشقۇرۇپ ، بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش باش ئىدارىسىنىڭ رەھبەرلىكىنى قوبۇل قىلدى . مەكتەپ كۆپىيىپ 491 گە ، ئوقۇغۇچى سانى 171326 نەپەرگە يەتتى . بۇنىڭدىن باشقا يەنە بىر تۈركۈم كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپ قۇرۇلۇپ ، مائارىپ قۇرۇلمىسى ئىسلاھاتى تەجرىبىسى ئىلگىرى سۈرۈلدى . 1982 ـ يىلدىن 1984 ـ يىلىغىچە بىگتوۋەن ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ ، بىگتوۋەننىڭ ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ مائارىپى قايتىدىن جانلاندى . 1987 ـ يىلى بىگتوۋەن پېداگوگىكا مەخسۇس كۇرس مەكتىپى ، بىگتوۋەن ئىقتىساد مەخسۇس كۇرس مەكتىپى قۇرۇلدى . 1996 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى شىخەنزە يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتى ، شىخەنزە تېببىي ئىنستىتۇتى ؛ بىگتوۋەن ئىقتىساد مەخسۇس كۇرس مەكتىپى ، بىگتوۋەن پېداگوگىكا مەخسۇس كۇرس مەكتىپى بىرلىشىپ شىخەنزە ئۇنىۋېرسىتېتى قۇرۇلدى . 40 يىلدىن بۇيان بىگتوۋەن مائارىپى ئۇل مائارىپ ، كەسپىي تېخنىكا مائارىپى ، ئاز سانلىق مىللەت مائارىپى ، ئالاھىدە مائارىپ ، خىزمەتتىن بۇرۇنقى ۋە كېيىنكى مائارىپ قاتارلىق كۆپ تۈرلۈك ، كۆپ قاتلاملىق ، كۆپ شەكىللىك ، كۆپ فۇنكسىيىلىك ، بىر قەدەر مۇكەممەل بولغان ، شۇنداقلا بىگتوۋەن ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش مائارىپ سىستېمىسىنى شەكىللەندۈردى . 1999 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر بىگتوۋەندىكى ھەر دەرىجىلىك تۈرلۈك مەكتەپ 820 گە يەتتى . بۇنىڭ ئىچىدە ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپ ئىككى ، چوڭلار ئالىي مەكتىپى بەش (ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپ چوڭلار مائارىپ ئىنستىتۇتىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) ، ئادەتتىكى ئوتتۇرا تېخنىكوم يەتتە (ئىككى ئوتتۇرا دەرىجىلىك پېداگوگىكا مەكتىپىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) ، چوڭلار ئوتتۇرا تېخنىكومى 23 (10 ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش مەكتىپىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) ، ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ 294 ، باشلانغۇچ مەكتەپ 461 ، باللار باغچىسى 215 ؛ ئوقۇتقۇچى ئىشچى خىزمەتچى 37793 نەپەر ، بۇنىڭ ئىچىدە مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 26003 نەپەر ، ئوقۇغۇچى سانى 449845 نەپەر ، بۇنىڭ ئىچىدە ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچى سانى 20336 نەپەر ، ئوتتۇرا باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچى سانى 402720 نەپەر ، باللار باغچىسىدىكى ئۆسمۈرلەر سانى 54087 نەپەر بولغان .

## چەت ئەلگە چىقىپ ئوقۇيدىغان ئوقۇغۇچىلار

شىنجاڭنىڭ چەت ئەلگە ئوقۇغۇچى ئەۋەتىشى چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە باشلانغان. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلۇشتىن بۇرۇن گەرچە چەت ئەلگە ئوقۇغۇچى ئەۋەتىلگەن بولسىمۇ، ئەمما سانى كۆپ ئەمەس ئىدى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، شىنجاڭنىڭ چەت ئەلگە ئوقۇغۇچى ئېۋەتىش خىزمىتى يېڭى بىر تارىخىي دەۋرگە قەدەم قويدى. 1950 ـ يىلدىن 1959 ـ يىلغىچە 200 نەپەر ئوقۇغۇچى سابىق سوۋېتلەر ئىتتىپاقىغا ئېۋەتىلدى. ئوقۇغۇچىلار ئىچىدە شىنجاڭ ئىنىستىتۇتىدىن ئېۋەتىلگەن ئوقۇغۇچى 18 نەپەر ئىدى. 20 ـ ئەسىرنىڭ 70 ـ يىللىرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىگە كەلگەندە دۆلىتىمىز «چەت ئەلگە چىقىپ ئوقۇشنى قوللاش، دۆلەتكە قايتىپ كېلىشكە ئىلھاملاندۇرۇش، بېرىپ كېلىش ئەركىن بولۇش» فاڭجېنىنى يولغا قويۇپ، رايونىمىزنىڭ چەت ئەلگە ئوقۇغۇچى ئېۋەتىش خىزمىتى زور تەرەققىياتقا ئېرىشتى. 1978 ـ يىلدىن 1984 ـ يىلغىچە ئاپتونوم رايونىمىزدىن چەت ئەلگە ئېۋەتىلگەن ئوقۇغۇچى جەمئىي 18 نەپەر بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئىككى نەپىرى ئاسپىرانت ئىدى. 1984 ـ 1989 ـ يىلىنىڭ دەسلەپكى يېرىمىغىچە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مائارىپ سىستېمىسىدىن چەت ئەلگە ئوقۇشقا ۋە زىيارەتكە ئېۋەتىلگەن ئوقۇغۇچى 188 نەپەر بولۇپ، 87 نەپىرى ۋەتەنگە قايتىپ كەلگەن. 1985 ـ يىلدىن باشلاپ ئاپتونوم رايون مالىيىسىدىن پۇل ئاجرىتىپ ئالىي مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنى چەت ئەلگە ئوقۇشقا ئەۋەتتى، بولۇپمۇ ياپونىيە شەخسى ئۇنىۋېرسىتېتلار ئويۇشمىسىغا ئوقۇشقا بارىدىغان ئوقۇغۇچىلارنى ئۇقتىلىق قوللىدى. 1999 ـ يىلغا قەدەر ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئالىي مەكتەپلەردىن ھۆكۈمەت خىراجىتى بىلەن چەت ئەلگە چىقىپ ئوقۇغان ئوقۇغۇچى 246 نەپەر (ئاز سانلىق مىللەت 213 نەپەر)، بۇنىڭ ئىچىدە ياپونىيىدە ئوقۇغان ئوقۇغۇچى 201 نەپەر، گېرمانىيە، ئەنگلىيە، قىرغىزىستاندا ئوقۇغان ئوقۇغۇچى 45 نەپەرگە يەتتى، يۇقىرىدىكى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھۆكۈمەت خىراجىتى بىلەن چەت ئەلگە چىقىپ ئوقۇغان ئوقۇغۇچىلاردىن باشقا، دۆلەت يەنە شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش نۇقتىسىدىن چىقىش قىلىپ دۆلەت خىراجىتى بىلەن چەت ئەلدە ئوقۇيدىغان ئوقۇغۇچىلار خىزمىتىنى زور دەرىجىدە قوللىدى. 1985 ـ 1999 ـ يىلغىچە شىنجاڭنىڭ دۆلەت خىراجىتى بىلەن چەت ئەلگە چىقىپ ئوقۇيدىغان ئوقۇغۇچى سانى 236 نەپەر بولدى. ئېنىق بولمىغان ستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، ئىسلاھات ئېچىۋېتىلگەندىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىز مائارىپ سىستېمىسىدىكى دۆلەت خىراجىتى بىلەن ۋە ئاپتونوم رايون، يەرلىك خىراجىتى بىلەن چەت ئەلگە چىقىپ ئوقۇغان ئوقۇغۇچى مىڭدىن ئاشقان. 1990 ـ يىلدىن باشلاپ مەخسۇس كۇرستىن يۇقىرى ئوقۇش تارىخىغا ئىگە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆز خىراجىتى بىلەن چەت ئەلگە چىقىپ ئوقۇش خىزمىتى ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. 1999 ـ يىلغىچە ئاپتونوم رايوندىكى مەخسۇس كۇرستىن يۇقىرى ئوقۇش تارىخىغا ئىگە ئوقۇغۇچىلاردىن

يۇمشاق دېتالى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئوقۇتۇش كىتابى (دەرسلىك) بولسا يەرلىك ماتېرىيالنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى. شىنجاڭنىڭ رايونلۇق ئوقۇتۇش ماتېرىيالىنى ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتى تەشكىللەيدۇ ياكى تۈزۈپ چىقىدۇ. ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتى ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتۇش ماتېرىيالىنى تەكشۈرۈش كومىتېتى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋالغاندىن كېيىن، ئاپتونوم رايوندا ئىشلىتىلىدۇ. نۆۋەتتە تۈزۈپ، تەكشۈرۈپ نەشر چىققان ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئوتتۇرا باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ رايونلۇق ئوقۇتۇش ماتېرىيالىدىن: شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى مىللىي، خەنزۇ يېزىقىدا نەشردىن قىلغان «شىنجاڭنىڭ يەرلىك تارىخى» ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا ئىشلىتىلىدۇ. «ئەمگەك» دەرسلىكى باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا ئىشلىتىلىدۇ. شىنجاڭ پەن ـ تېخنىكا سەھىيە نەشرىياتى خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە، قازاقچە يېزىقتا نەشردىن چىقارغان «شىنجاڭ هايۋانات ئۈسۈملۈكلىرى»، «شىنجاڭ جۇغراپىيىسى» ۋە «شىنجاڭنىڭ نوپۇسى» تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئىشلىتىلىدۇ. خەنزۇ يېزىقىدا نەشر قىلغان «شىنجاڭ يەرلىك ئەدەبىي ئەسەرلىرىدىن تاللانما» ئايرىم ـ ئايرىم هالدا باشلانغۇچ، تولۇقسىز، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئىشلىتىلىدۇ. شىنجاڭ ياش ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى خەنزۇ، ئۇيغۇر يېزىقىدا نەشر قىلغان «شىنجاڭ تەبىئىتى» باشلانغۇچ مەكتەپتە ئىشلىتىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا شىنجاڭ پەن ـ تېخنىكا سەھىيە نەشرىياتى يېزا ـ كەنت كەسپىي مەكتەپلىرى ۋە دېهقان چارۋىچىلارنىڭ مەدەنىيەت تېخنىكا مەكتىپى ئۈچۈن نەشردىن چىقارغان يېزا ـ كەنت تولۇقسىز كەسپىي تېخنىكا ماتېرىيالى «مېۋىلىك دەرەخ ـ كۆكتات يېتىشتۈرۈش ئىلمى»، «تۇپراق ئوغۇت ئىلمى»، «زىرائەت ئۆستۈرۈش ئىلمى»، «زىرائەت زىيانداش قۇرتلىرىنىڭ زىيانكەشلىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش»، «باقمىچىلىق»، «يېزا ئىگىلىك مەهسۇلاتلىرىنى ساقلاش ۋە پىششىقلاپ ئىشلەش»، «دېهقانچىلىق تىجارىتىنى باشقۇرۇش» قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

«ئىككى ئاساسەن»

پارتىيىنىڭ 14 ـ قۇرۇلتىيىدا: مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرىغىچە ياش ۋە ئوتتۇرا ياشلارنىڭ ساۋاتسىزلىقىنى ئاساسىي جەھەتتىن تۈگىتىش، 9 يىللىق مەجبۇرىيەت مائارىپىنى ئاساسىي جەھەتتىن ئومۇملاشتۇرۇش نىشان قىلىندى. بۇ قىسقارتىلىپ «ئىككى ئاساسەن» دېيىلىدۇ.

دۆلىتىمىزنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن ھەر قايسى ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەرلەردە «9 يىللىق مەجبۇرىيەت مائارىپى تۈزۈمىنى ئومۇملاشتۇرۇشنى باھالاپ ئۆتكۈزۈۋېلىش چارىسى» ۋە «ناھىيە دەرىجىلىك ياش ۋە ئوتتۇرا ياشلار ساۋاتسىزلىقىنى تۈگىتىش ئورگىنىنى تەكشۈرۈپ باھالاش چارىسى» بەلگىلەندى. ھەر قايسى ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەر خەلق ھۆكۈمىتى «چارە»

گە ئاساسەن تەشكىللەشكە مەسئۇل بولدى . مائارىپ تارماقلىرى ناھىيە (شەھەر ) لەرنىڭ «ئىككى ئاساسەن» خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىش، تەكشۈرۈش ۋە باھالاش خىزمەتلىرىگە مەسئۇل بولدى . 1999 - يىلىغىچە پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە 55 ناھىيە (شەھەر ، رايون ) ئاپتونوم رايوننىڭ «ئىككى ئاساسەن» نى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ئۆتتى . بۇ رايونلارنىڭ نوپۇسى 917.39 تۈمەنگە يېتىپ، ئاپتونوم رايون يەرلىك نوپۇسىنىڭ 58.53 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى .

«ئىككى تەربىيە»

باشلانغۇچ مائارىپنى ئومۇملاشتۇرۇش، ساۋاتسىزلىقنى ئاساسىي جەھەتتىن تۈگىتىشنىڭ قىسقارتىلما ئاتىلىشىدۇر .

1984 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتى «باشلانغۇچ مائارىپنى ئومۇملاشتۇرۇشنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش چارىسى»، «ساۋاتسىزلىقنى ئاساسىي جەھەتتىن تۈگەتكەن ئورۇنلارنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش چارىسى» نى ئېلان قىلىپ، باشلانغۇچ مەكتەپ تۆت خىل ئۆلچەم كۆرسەتكۈچى ۋە 40 ياشتىن تۆۋەن بولغان ياش، ئوتتۇرا ياشلارنىڭ ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىشنى تەكشۈرۈپ باھالاش ئۆلچىمىنى بېكىتتى . 1984 - يىلى 9 - ئاينىڭ 17 - كۈنىدىن 27 - كۈنىگىچە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن مائارىپ نازارىتى يوپۇرغا ناھىيىسىدە پۈتۈن شىنجاڭنىڭ «ئىككى تەربىيە» نى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش خىزمەت يىغىنى ئېچىپ، پۈتۈن شىنجاڭنىڭ باشلانغۇچ مائارىپنى ئومۇملاشتۇرۇش ۋە ساۋاتسىزلىقنى ئاساسىي جەھەتتىن تۈگىتىش، تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش خىزمىتىنىڭ قانات يايدۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈردى .

«مائارىپ كۆلىمى»

بەلگىلىك ۋاقىت ئىچىدىكى مائارىپ ئىشلىرى تەرەققىياتىنىڭ ئومۇمىي سەۋىيىسى ۋە مىقدارىنى كۆرسىتىدۇ . 1999 - يىلى رايونىمىزدا ھەر دەرىجىلىك ھەر تۈرلۈك مەكتەپتىن 9707 سى، مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى سانى 408.81 تۈمەن بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرى 63.9% نىسبەتنى ئىگىلەيدۇ ؛ مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 23.41 تۈمەن بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇتقۇچىلىرى 58.53% نىسبەتنى ئىگىلەيدۇ ؛ پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر بىر تۈمەن نوپۇس ئىچىدە بار بولغان ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ، تولۇقسىز، تولۇق، ئوتتۇرا تېخنىكوم، ئالىي مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچى سانى ئايرىم - ئايرىم ھالدا 1435 نەپەر، 500 نەپەر، 108 نەپەر، 53 نەپەر، 31 نەپەر بولغان . بۇلارنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەتلەر ئايرىم - ئايرىم ھالدا 1624 نەپەر، 561 نەپەر، 83 نەپەر، 46 نەپەر، 22 نەپەر. ئاپتونوم رايونىمىزدا ئادەتتىكى ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپتىن 8521 سى،

مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى سانى 356.98 تۈمەن ، بۇلارنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرى 243.47 تۈمەن بولۇپ ، 68.2% نى ئىگەللەيدۇ . ئاپتونوم رايون بويىچە باشلانغۇچ مەكتەپتىن 6796 سى بولغان ، مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى سانى 250.74 تۈمەن . بۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى سانى 174.30 تۈمەن بولۇپ ، 69.51% نى ئىگەللەيدۇ . ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتىن 1237 سى بولۇپ ، مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى سانى 87.33 تۈمەن بولغان . بۇلارنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرى 60.22 تۈمەن بولۇپ ، 69.96% نى ئىگەللەيدۇ . ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتىن 488 سى بولۇپ ، مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى سانى 18.90 تۈمەن بولغان ، بۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرى 8.94 تۈمەن بولۇپ 47.30% نى ئىگەللەيدۇ . ئالاھىدە مائارىپ مەكتەپلىرىدىن يەتتىسى بولۇپ ، مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى سانى 681 نەپەر ، بۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرى 287 نەپەر بولۇپ ، 42.14% نى ئىگەللەيدۇ .

بالىلار باغچىسىدىن 811 سى بولۇپ ، باغچىدىكى بالىلار 21.21 تۈمەن ، بۇلارنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت بالىلىرى 4.45 تۈمەن بولۇپ ، 20.98% نى ئىگەللەيدۇ . ئاپتونوم رايون بويىچە ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپتىن 17 سى بولۇپ ، بۇلارنىڭ ئىچىدە 14 ى يەرلىك مەكتەپ ، ئىككىسى مىنىستىرلىككە قاراشلىق مەكتەپ . تولۇق كۇرس مەكتەپتىن 11 ى ، مەخسۇس كۇرس مەكتەپتىن بەشى بار . دوكتورلۇق ئۇنۋان بېرىش ھوقۇقىغا ئىگە ئورۇندىن ئۈچى ، ماگىستىرلىق ئۇنۋان بېرىش ھوقۇقىغا ئىگە ئورۇندىن 10 ى بار .

ھازىر بەش دوكتورلۇق كەسپىي ئۇنۋان نۇقتىسى ، 116 ماگىستىرلىق ئۇنۋان نۇقتىسى ، 142 خىل تولۇق كۇرس كەسپىي ، 183 خىل مەخسۇس كۇرس تەسىس قىلىندى . ئاپتونوم رايون بويىچە ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلەردىكى مەخسۇس ئوقۇتقۇچى سانى 7516 نەپەر ، بۇلارنىڭ ئىچىدە 406 نەپەر پروفېسسور ، 1743 نەپەر دوتسېنت ، دوكتور ئاسپىرانتلىقتا ئوقۇۋاتقانلاردىن 18 نەپەر ، ماگىستىر ئاسپىرانتلىقتا ئوقۇۋاتقانلاردىن 747 نەپەر بار ، مەكتەپتىكى تولۇق ، مەخسۇس كۇرس ئوقۇغۇچىلىرى 54048 نەپەر بولۇپ ، بۇلارنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرى 23000 دىن كۆپرەك . ئاپتونوم رايون بويىچە چوڭلار ئالىي مائارىپ مەكتىپىدىن 44 ى بولۇپ ، بۇلارنىڭ ئىچىدە رادىئو ـ تېلېۋىزىيە ئۇنىۋېرسىتېتىدىن ئىككىسى ، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ئۇنىۋېرسىتېتىدىن 12 سى ، كادىرلار باشقۇرۇش مەكتىپىدىن ئىككىسى ، مائارىپ ئىنستىتۇتىدىن 11ى ، ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلەر قۇرغان چوڭلار مائارىپ ئىنستىتوتىدىن 17 سى بار ، مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى 67633 نەپەر ، بۇلارنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىلەت ئوقۇغۇچىلىرى 11876 نەپەر . چوڭلار مائارىپ مەخسۇس كۇرس مەكتىپىدىن 81 ى بولۇپ ، بۇلارنىڭ ئىچىدە ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتىپىدىن 28 ى بار ، بۇلارنىڭ ئىچىدە ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش مەكتەپلىرىدىن

49 ى بار، رادىئو - تېلېۋىزىيە ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتەپتىن تۆتى بولۇپ مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى سانى 33231 نەپەر.

## 9 يىللىق مەجبۇرىيەت مائارىپىنى ئومۇملاشتۇرۇش

مەجبۇرىيەت مائارىپى قانۇنغا ئاساسەن بەلگىلەنگەن ماس ياشتىكى باللار ۋە ئۆسمۈرلەر ئۇچۇن يولغا قويۇلغان بەلگىلىك يىل چەكلىمىسىگە ئىگە مەكتەپلەر مائارىپى بولۇپ، مەجبۇرلاش خاراكتېرىگە ئىگە. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن بويان پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت ئومۇملاشتۇرۇش ۋە يۇقىرى كۆتۈرۈشنى ئۆز ئارا بىرلەشتۈرۈش فاڭجېنىنى قوللىنىپ، مائارىپ خىزمىتىنىڭ ئومۇملىشىغا ئەھمىيەت بەردى. 1982 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى «جۇڭگو كومپارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەننىڭ باشلانغۇچ مائارىپنى ئومۇملاشتۇرۇشتىكى بىر قانچە مەسلە توغرىسىدىكى قارارنى يەنە بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش»نى چۈشۈرۈپ، چارە ۋە تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش تەدبىرلىرىنى بېكىتتى. شۇ يىلى يەنە باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپىنى ئومۇملاشتۇرۇش لاھىيىسىنى بېكىتتى. ئۇنىڭدا: "1985 - يىلدىن بۇرۇن شەھەر، ناھىيە، بازار (سانائەت كان كارخانىلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق چارۋىچىلىق مەيدانى ۋە شارائىتى بار ناھىيىلەر باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپىنى ئومۇملاشتۇرۇپ بولۇشى لازىم. 20 - ئەسىرنىڭ 80 - يىللىرىغا كەلگەندە ئاپتونوم رايون بويىچە 90% ئورۇن باشلانغۇچ مائارىپنى ئومۇملاشتۇرۇش ۋەزىپىسىنى تاماملىشى لازىم" دەپ ئوتتۇرىغا قويۇلغان. 1984 - يىلى 10 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشى ئارقىلىق يوپۇرغا ناھىيىسى ئاپتونوم رايون بويىچە تۇنجى باشلانغۇچ مائارىپنى ئومۇملاشتۇرغان ناھىيە بولۇپ قالدى.

1985 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم «جۇڭگو كومپارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ مائارىپ تۈزۈلمە ئىسلاھاتى توغرىسىدىكى قارارى» نى ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدىكى تەكلىپىنى چۈشۈرۈپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ «باشلانغۇچ مائارىپنى ئومۇملاشتۇرۇش ئاساسىدا تەدرىجىي ھالدا 9 يىللىق مەجبۇرىيەت مائارىپىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش» نى تەلەپ قىلدى. 1986 - يىلى «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى مەجبۇرىيەت مائارىپ قانۇنى» ۋە 1988 - يىلى «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مەجبۇرىيەت مائارىپنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش تەدبىرى» نى تارقاتتى. بۇنىڭ بىلەن ئاپتونوم رايوننىڭ مەجبۇرىي مائارىپى قانۇنغا تايىنىدىغان، قانۇنغا تايىنىپ ئوقۇتۇش ئېلىپ بېرىش يولىغا ماڭدى. ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەت ئۆز رايونىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى چىقىش قىلىپ، تەدرىجىي ھالدا دەرىجىگە ئايرىپ مەكتەپ قۇرۇش، دەرىجىگە ئايرىپ باشقۇرۇشتىكى يېڭى تۈزۈلمىنى شەكىللەندۈرۈپ، مەجبۇرىيەت مائارىپىنىڭ مەسئۇلىيىتىنى يەرلىككە چۈشۈرۈپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئاپتونوم رايون،

ت ، شەھەر ) ، ناھىيە (شەھەر ، رايون ) ، يېزا (بازار ) قاتارلىق ھەر ۇمەتنىڭ مەسئۇلىيىتىنى بېكىتتى . 1995 - يىلى ئوتتۇرىغا چىققان ىلۇق پارتكوم ، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ «جۇڭگو مائارىپ ئىسلاھاتى ۋە سەتمىسى» نى ئىزچىللاشتۇرۇپ يولغا قويۇش توغرىسىدىكى پىكرى] دە ە ، ئاپتونوم رايون بويىچە ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 70% ى ئەتراپىدىكى لىق مەجبۇرىيەت مائارىپى ئومۇملاشتۇرۇلغان . 1995 - يىلى ئاپتونوم 93 ناھىيە ، شەھەر (رايون ) ئىچىدە تاشقۇرغان ناھىيىسىدىن باشقا 92 (رايون ) نىڭ ھەممىسى باشلانغۇچ مائارىپنى ئومۇملاشتۇرۇشنى كۈزۈۋېلىشكە قاتناشقان . نوپۇسنىڭ قاپلىنىش نىسبىتى 98% گە يەتكەن ، دىكى ماس ياشتىكى ئۆسمۈرلەرنىڭ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى 97.03% مىللەت 97.14% ) ، ئوقۇشتىن قېلىش نىسبىتى 1% ئاز سانلىق مىللەت باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ يۇقىرىلاپ ئوقۇش نىسبىتى 84.18% (ئاز ت 76.81% ) بولغان بۇ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ باشلانغۇچ مائارىپنى ىتىن ئومۇملاشتۇرغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ . شۇ يىلى فۇكاڭ شەھىرى ۇز ناھىيە (شەھەر ، رايون ) تۇنجى تۈركۈم 9 يىللىق مەجبۇرىيەت ۇملاشتۇرغان لاياقەتلىك ناھىيە بولۇپ باھالانغان . 1996 - يىلى 3 - رايونلۇق مائارىپ كومىتېتى «ئاپتونوم رايون بويىچە 9 يىللىق ائارىپنى ئاساسىي جەھەتتىن ئومۇملاشتۇرۇشنى يولغا قويۇشتىكى پىلان ۇش پىكرى» نى ئېلان قىلىپ ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ 9 يىللىق ائارىپ يولغا قويۇش ئىدىيىسىنى ، سىياسىتى ۋە قەدەم باسقۇچلىرىنى ىلگەن ھالدا كۆرسىتىپ بەردى . 1999 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئاپتونوم 55 ناھىيە (شەھەر ، رايون ) ئاپتونوم رايوننىڭ «توققۇز يىللىق ائارىپى» نىڭ تەكشۈرۈپ باھالىشىدىن ئۆتتى ، «توققۇز يىللىق ائارىپى» ئومۇملاشقان رايونلارنىڭ ئومۇمىي نوپۇسى 917.39 تۈمەنگە نوم رايوننىڭ ئومۇمىي نوپۇسىنىڭ 58.53% نى ئىگىلىگەن . ئاپتونوم لانغۇچ مەكتەپ يېشىدىكى ئۆسمۈرلەرنىڭ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى 97. لۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى 76.65% گە يەتكەن .

### م رايونلۇق مائارىپ خىزمىتى يىغىنى

تلىك 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بېرى ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى مىتى جەمئىي تۆت قېتىم ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ خىزمىتى يىغىنى چى قېتىملىق ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ خىزمىتى يىغىنى 1985 - يىلى 2 - كۈندىن 29 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچى شەھىرىدە ئېچىلدى . يىغىندا مائارىپ خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش ۋە ئىزچىللاشتۇرۇش

ئېلىپ بېرىلدى. «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ مائارىپ تۈزۈلمىسىنى ئىسلاھ قىلىش توغرىسىدىكى قارارى» دىكى پىكىرلەرنى ئىزچىللاشتۇرۇش بەلگىلەندى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ ئېنماۋ يىغىندا سۆز قىلدى.

ئىككىنچى قېتىملىق ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ خىزمىتى يىغىنى 1981 - يىلى 7 - ئاينىڭ 15 - كۈنىدىن 20 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچى شەھىرىدە ئېچىلىپ ،مائارىپ كومىتېتى پارتىيە گورۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، مۇئاۋىن مۇدىر خې دۇڭچاڭ ھەمدە ئاپتونوم رايوننىڭ رەھبەرلىرىدىن ۋاڭ ئېناۋ، سوڭ خەن لياڭ قاتارلىقلار يىغىنغا قاتناشتى. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ رەئىسى تۆمۈر داۋامەت يىغىندا «مائارىپ تۈزۈلمىسىنى ئىسلاھ قىلىشنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، مائارىپ ئىشلىرىنى ئاكتىپ تەرەققىي قىلدۇرۇپ، مائارىپنىڭ سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرەيلى» دېگەن تېمىدا دوكلات بەردى. ۋەكىللەر خىزمەت دوكلاتى ۋە «پېداگوگىكا مائارىپىنى كۈچەيتىپ، ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى قۇرۇلۇشنى ياخشى ئىشلەش توغرىسىدىكى پىكىر»، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايوننىڭ ئاساسىي مائارىپىدا دەرىجىگە ئايرىپ مەكتەپ قۇرۇش، دەرىجىگە ئايرىپ باشقۇرۇشنى يولغا قويۇش تەدبىرى»، «يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا بىر قەدەم مىللىي ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ خەنزۇ تىلى ئوقۇتۇشىنى كۈچەيتىشنىڭ 10 تەدبىرى» قاتارلىق ھۆججەتلەر ئۈستىدە مۇلاھىزە ئېلىپ باردى ۋە تۈزىتىش پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۈچىنچى قېتىملىق مائارىپ خىزمەت يىغىنى 1994 - يىلى 11 - ئاينىڭ 15 - كۈنىدىن 18 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچى شەھىرىدە ئېچىلىپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە، ھۆكۈمەت، ھەربىي ۋە ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش بىڭتۈەننىڭ ئالاقىدار رەھبەرلىرى ھەمدە ھەر قايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، ناھىيىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇل يولداشلىرىدىن 300 گە يېقىن ئادەم يىغىنغا قاتناشتى. يىغىندا، مەملىكەتلىك مائارىپ خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھى يەتكۈزۈلدى. ھەر قايسى جايلارنىڭ مائارىپنى ئىسلاھ قىلىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش تەجرىبىلىرى ئۆز ئارا ئالماشتۇرۇلدى، ئاپتونوم رايوننىڭ «جۇڭگونىڭ مائارىپنى ئىسلاھ قىلىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش پروگراممىسى» نى ئىزچىللاشتۇرۇش پىكرى ئۈستىدە مۇلاھىزە ۋە تۈزىتىش ئېلىپ بېرىلدى. ئاپتونوم رايوننىڭ 2000 - يىلغىچە بولغان مائارىپنى تەرەققىي قىلدۇرۇش نىشانى، ۋەزىپىسى ۋە خىزمەتنىڭ مۇھىم نۇقتىسى تەتقىق قىلىپ بېكىتىلدى. مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ مۇئاۋىن كومىتېت مۇدىرى تۆمۈر داۋامەت، ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىدىن ۋاڭ لې چۈەن، ئابلەت ئابدۇرېشىت، جانابىل قاتارلىقلار يىغىندا مۇھىم سۆز قىلدى. تۆتىنچى قېتىملىق ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ خىزمىتى يىغىنى 1999 - يىلى 12 - ئاينىڭ 21 - كۈنىدىن 30 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. ئاپتونوم رايون پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى، ھەر قايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرنىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى ھەمدە مائارىپ مەمۇرىي

تارماقلىرى ، ھەر قايسى ئالىي مەكتەپتىكى مەسئۇل يولداشلاردىن جەمئىي 300 دىن ئارتۇق ئادەم يىغىنغا قاتناشتى . بۇ يىغىن ئەسىر ئالمىشىدىغان ھالقىلىق پەيتتە ئېچىلغان بىر قېتىملىق مۇھىم يىغىن بولۇپ ، ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىدىن ۋاڭ لېچۈەن ، ئابلەت ئابدۇرېشىت ، قېيىم باۋۇدۇن ، ۋاڭ خۇەي يۇ ، جاڭ گۇي تىڭ قاتارلىقلار يىغىندا مۇھىم سۆز قىلدى . مۇئاۋىن رەئىس ۋاڭ خۇەي يۇ يىغىندا خىزمەت دوكلاتى بەردى . يىغىندا [ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى ، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى ، گوۋۇيۈەننىڭ مائارىپ ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ ساپا مائارىپىنى ئومۇميۈزلۈك ھالدا ئىلگىرى سۈرۈش توغرىسىدىكى قارارى» نى ئىزچىللاشتۇرۇش پىكىرىنى] ئېلان قىلدى . جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى ، گوۋۇيۈەننىڭ «قارارى» ۋە مەملىكەتلىك مائارىپ خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھى يەتكۈزۈلدى ۋە ئۆگىنىش ئېلىپ بېرىلدى ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش ۋەزىپىسىنى ئاساسىي جەھەتتىن ياخشى ئورۇندىغان ئورگانلارنى تەقدىرلەش ئېلىپ بېرىلدى . 1999 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى «ئىككى ئاساسەن» تەكشۈرۈشىدىن ئۆتكەن ناھىيە ، شەھەرلەر ھەمدە «مەملىكەتلىك نامرات رايونلارنىڭ مەجبۇرىيەت مائارىپى قۇرۇلۇشى» سىناق نۇقتىلىرى ، ئىلغار ناھىيىلىرى تەقدىرلەندى .

## ئەمگەك تېخنىكا تەربىيىسى دەرسلىكى

ئەمگەك تېخنىكا تەربىيىسى دەرسلىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەمگەك تېخنىكا تەربىيىسىنى ئەمەلىيلەشتۈرىدىغان ئاساسىي دەرسلىك ، ئادەتتىكى ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ زۆرۈر بولغان دەرسلىكى . شىنجاڭدا باشلانغۇچ مەكتەپ ئەمگەك تېخنىكا دەرسلىكى 1990 - يىلدىن باشلاپ تەسىس قىلىنغان . تولۇقسىز ئوتتۇرىنىڭ ئەمگەك تېخنىكا دەرسلىكى 1994 - يىلدىن باشلاپ تەسىس قىلىنغان . تولۇق ئوتتۇرىنىڭ ئەمگەك تېخنىكا دەرسلىكى 1996 - يىلدىن باشلاپ تەسىس قىلىنغان . پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپلەر شىنجاڭ ئوقۇتۇش تەتقىقات گۇرۇپپىسى تۈزگەن ، ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتى ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپ ماتېرىيالىنى تەكشۈرۈش كومىتېتى تەكشۈرۈپ بېكىتكەن ، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى ۋە شىنجاڭ ياش - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى ، خەنزۇچە ، ئۇيغۇرچە ، قازاقچە ، موڭغۇلچە ، قىرغىزچە قاتارلىق يېزىقلاردا نەشر قىلغان يەرلىك ئوقۇش ماتېرىيالىنى ئىشلىتىدۇ . 1996 - يىلى 7 - ئاينىڭ 16 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتى «ئەمگەك تېخنىكىسى ۋە كەسپىي يېتەكچى دەرسلىك ئوقۇتۇشىنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى تەكلىپ» نى تارقاتتى . 1997 - يىلى 8 - ئاينىڭ 28 - كۈنى شىنجاڭ مائارىپ ئىلمىي جەمئىيىتى ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپ ئەمگەك تېخنىكا تەربىيىسى مەخسۇس كومىتېتى قۇرۇلدى ھەمدە ھەر يىلى بىر قېتىم ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئاچتى . 2000 - يىلىنىڭ

ئاخىرىغىچە جەمئىي تۆت قېتىم ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئاچقان بولۇپ، قاتناشقان ئادەم 866 نەپەر، تاللانغان ئىلمىي ماقالە 315 پارچە، ئەلا دەرس 60 سائەتكە يەتتى. ئاپتونوم رايونلۇق ئوقۇتۇش تەتقىقات ئىشخانىسى ئىككى قارار ئەمگەك تېخنىكا ئوقۇتۇش پروگراممىسى ۋە ئوقۇتۇش ماتېرىيال تەربىيىسى ئېلىپ باردى، 510 نەپەر مىللىي، خەنزۇ ئوقۇتقۇچى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك تەربىيىلەشكە قاتناشتى. ئاپتونوم رايوندىكى ئەمگەك تېخنىكا دەرسلىكىگە ماسلاشتۇرغان مەشغۇلات سۈپىتى 1000 دىن ئارتۇقتا، ئەمگەك تېخنىكا دەرسلىكى مەخسۇس سىنىپى 200 گە يەتتى، ئۈرۈمچى، كورلا، قاراماي، ئاقسۇ قاتارلىق جايلاردىكى مەكتەپلەردە ئەمگەك تېخنىكا سىنىپى بار بولدى. ئاپتونوم رايون مەملىكەتلىك نۇقتىلىق ئوقۇتۇش تەتقىقات تېمىسى بولغان «ئەمگەك تېخنىكا دەرسلىكىنىڭ دەرسلىك تىپى ۋە ئوقۇتۇش ئۇسۇلى توغرىسىدىكى تەتقىقات» ۋە «توققۇز يىللىق مەجبۇرىيەت مائارىپى تەربىيىسىدىكى ئەمگەك تېخنىكا دەرسلىك ماتېرىيالىنى سىناق قىلىش ۋە تەتقىقات» قاتارلىق تەتقىقات تېمىلىرىنى ئۆز ئۈستىگە ئالدى ھەم ئوتتۇرا مەكتەپ ئەمگەك تېخنىكا دەرسلىكىدە يېڭىلىق يارىتىش ۋە ئىجاد قىلىش تەجرىبە تەتقىقاتىنى قانات يايدۇردى.

## ئاپتونوم رايونلۇق ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى پۈتتۈرۈش خۇلاسە ئىمتىھانى

دۆلەت مائارىپ كومىتېتىنىڭ «ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى پۈتتۈرۈش خۇلاسە ئىمتىھانى تۈزۈمىنى ئىجرا قىلىش توغرىسىدىكى پىكرى» گە ئاساسەن ھەمدە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن، رايونىمىز 1991 - يىلى كۈزدىن باشلاپ ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى پۈتتۈرۈش خۇلاسە ئىمتىھانى تۈزۈمىنى (مىللىي، خەنزۇ ماس قەدەمدە) يولغا قويدى. ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى پۈتتۈرۈش خۇلاسە ئىمتىھانى دۆلەت ئېتىراپ قىلغان، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ مەدەنىيەت دەرسلىرىنى پۈتتۈرۈش سەۋىيە ئىمتىھانى بولۇپ، ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەر مەدەنىيەت دەرسلىكلىرىنى ئۆگىنىپ، زۆرۈر دەرسلىكلەرنى ئوقۇتۇش پروگراممىسىدا بەلگىلەنگەن ئاساسىي تەلەپكە يەتكەن - يەتمىگەنلىكىنى تەكشۈرۈشتىكى ئاساسلىق ۋاستە، شۇنداقلا ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتۇش سۈپىتىنى تەكشۈرۈش ۋە باھالاشتىكى ئاساسلىق ئۇسۇللارنىڭ بىرى. 1992 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن قۇرۇلغان شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى پۈتتۈرۈش خۇلاسە ئىمتىھانى ئىشخانىسى ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتىغا بىۋاستە قاراشلىق كەسپىي ئورۇن بولۇپ، ناھىيە دەرىجىلىك، بەلگىلەنگەن شتاتى 30، شۇنداقلا مالىيە نازارىتى تەستىقلىغان كىرىم - چىقىمغا ئۆزى ئىگە بولىدىغان ئورۇن.

1995 ـ يىلدىن كېيىن ھەر قايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرمۇ ئارقا ـ ئارقىدىن ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى پۈتتۈرۈش خۇلاسە ئىمتىھانى ئېلىشقا ئۆتتى. ئىمتىھان تۈرلىرى تىل ـ ئەدەبىيات، ماتېماتىكا، سىياسەت، چەت ئەل تىلى (خەنزۇلارغا)، جۇغراپىيە، تارىخ، بىئولوگىيە، فىزىكا، خىمىيە، خەنزۇ تىلى (مىللىيلار ئۈچۈن) قاتارلىقلار. ئىمتىھان سوئالى دۆلەت مائارىپ كومىتېتى ئېلان قىلغان ھەر قايسى پەنلەردىكى زۆرۈر دەرسلىكلەرنى ئوقۇتۇش پروگراممىسىدىكى ئاساسىي تەلەپ ۋە ھازىر يولغا قويۇلۇۋاتقان ئوقۇتۇش ماتېرىياللىرىنى ئاساس قىلغان ھەمدە رايونىمىزدىكى ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ ئەمەلىيىتىنى چىقىش نۇقتىسى قىلغان بولۇپ، ئاساسىي بىلىم، ئاساسىي ماھارەت ۋە ئەمەلىي بىلىملەر ئىقتىدارىغا قارىتا ئىمتىھان ئېلىش تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلغان. خۇلاسە ئىمتىھان نەتىجىسى ئىشچى قوبۇل قىلىش، كادىر قوبۇل قىلىش، ھەربىيلىككە قاتنىشىش ۋە يۇقىرىلاپ ئوقۇشتىكى مۇھىم ئاساس.

## ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش «تۇتاشتۇرۇش» ئىسلاھاتى

[گوۋۇيۈەننىڭ «جۇڭگونىڭ مائارىپ ئىسلاھاتى ۋە تەرەققىيات قوللانمىسى» نى يولغا قويۇش توغرىسىدىكى پىكرى] نىڭ تەلىپى ۋە [ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ «جۇڭگونىڭ مائارىپ ئىسلاھاتى ۋە تەرەققىيات قوللانمىسى» نى ئىزچىللاشتۇرۇپ يولغا قويۇش توغرىسىدىكى پىكرى] گە ئاساسەن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ بىلەن قوشۇلۇشى بىلەن، رايونىمىز 1997 ـ يىلدىن باشلاپ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى، شىنجاڭ سانائەت ئىنستىتۇتى، شىنجاڭ تېببىي ئىنستىتۇتى، شىنجاڭ مالىيە ـ ئىقتىساد ئىنستىتۇتى، شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى قاتارلىق سەككىز ئورۇندا ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلەر «تۇتاشتۇرۇپ» ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىپ، ھەق تاپشۇرۇش تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويدى (بۇ ئىسلاھات قىسقارتىلىپ «تۇتاشتۇرۇش ئىسلاھاتى» دېيىلىدۇ). بۇ خىل ئىسلاھات ئالىي مائارىپ تۈزۈلمىسىنىڭ ئۇنىۋېرساللىشىش، سىستېمىلىشىش ئىسلاھاتىنىڭ مۇھىم تەشكىلىي قىسمى بولۇپ، ئالىي مەكتەپلەرنىڭ تەشەببۇسكارلىق بىلەن سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشىش، مائارىپنىڭ ئادىل بولۇش پرىنسىپىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە ئۇنى تالانتلىقلارنى تەربىيىلەش مېخانىزمىغا ئايلاندۇرۇشتىكى بىر تۈرلۈك ئاساسلىق تەدبىر. 1997 ـ يىلى «تۇتاشتۇرۇش» ئىسلاھاتىنى يولغا قويغان ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلەردە يېڭىدىن قوبۇل قىلىنغان ئوقۇغۇچىلار دۆلەت ۋەزىپىسى، ھاۋالە ئاساسىدا تەربىيىلەش، ئۆز خىراجىتى بىلەن ئوقۇيدىغانلاردىن ئىبارەت ئۈچ خىل ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش پىلان شەكلىنى ئۆزگەرتىپ، «تۇتاشتۇرۇش» ئىسلاھاتىدىن كېيىنكى دۆلەتنىڭ ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش پىلانىنىڭ پەقەت بىرلا خىل شەكىلدە بولۇشى ئىشقا ئاشۇرۇلۇپ، يېڭىچە پۇل

تۆلەش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشتا دۆلەتنىڭ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش فاڭجېن، سىياسەتلىرىنىڭ يېتەكچىلىكى ۋە ماكرولۇق تەڭشىشى ئاستىدا، بەلگىلىك دائىرىدە تەمىنلەش بىلەن ئېھتىياجنى ئۇچراشتۇرۇپ، قوش يۆنىلىش بويىچە تاللاشنى يولغا قويۇپ، قەدەممۇ قەدەم مۇستەقىل كەسىپ تاللاشقا ئۆتكۈزۈش بېكىتىلدى. 1998 - يىلى رايونىمىز تەۋەسىدىكى ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ھەممىسىدە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش «تۇتاشتۇرۇش» ئىسلاھاتى يولغا قويۇلدى. 1999 - يىلى پۈتۈن رايوندىكى تېخنىكوم مەكتەپلىرىدە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش «تۇتاشتۇرۇش» ئىسلاھاتى يولغا قويۇلدى.

## مەكتەپلەرنىڭ ئورۇنلىشىش قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش

مەكتەپنىڭ ئورنى ۋە كەسپىگە قارىتا ماكان جەھەتتىن ئورۇنلاشتۇرۇش ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق تەڭشەش. دۆلەت مائارىپ كومىتېتىنىڭ «ئالىي مائارىپ تۈزۈلمە ئىسلاھاتى توغرىسىدىكى بىر قانچە پىكىر» دە مۇنداق دەپ كۆرسىتىلدى: «مائارىپ بايلىقلىرىنى تەقسىملەشنى ئەلالاشتۇرۇش ۋە مەكتەپ قۇرۇش كۆلىمىنىڭ پرىنسىپىغا ئاساسەن، ئالىي مەكتەپلەرگە قارىتا مۇۋاپىق تەڭشەش ۋە ئىخچاملاش ئېلىپ بېرىش كېرەك». ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ «(جۇڭگو مائارىپ ئىسلاھاتى ۋە تەرەققىيات قوللانمىسى) نى ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدىكى پىكرى» دە مۇنداق دەپ كۆرسىتىلدى: «مائارىپنىڭ تەرەققىياتىنى بىر تۇتاش پىلانلاشنى كۈچەيتىپ، ھازىرقى مائارىپ بايلىقىنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇپ ۋە ئۈنۈمدىن تولۇق پايدىلىنىپ، مائارىپنىڭ يۇقىرى ئۈنۈمگە قاراپ تەرەققىي قىلىشىنى قولغا كەلتۈرۈش لازىم». مەكتەپلەرنىڭ ئورۇنلىشىشىنى تەڭشەش ئارقىلىق، مۇۋاپىق مەركەزلەشتۈرۈپ مەكتەپ تەسىس قىلىپ، بىرلەشتۈرۈپ مەكتەپ تەسىس قىلىپ، كۆپ مىللەتنى ئۇيۇشتۇرۇش، كۆپ ئىقتىدارلىق مەكتەپ قاتارلىقلارنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ھازىرقى ئوقۇتقۇچى، مەكتەپ ياتىقى، ئەسلىھەلەر، كۇتۇپخانا ماتېرىياللىرى قاتارلىق تەرەپلەردىكى يوشۇرۇن كۈچنى كۈچىنىڭ بارىچە جارى قىلدۇرۇپ، ھەر خىل مائارىپنىڭ مەكتەپ تەسىس قىلىش ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش لازىم. 1997 - يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات ئەھۋالى ۋە ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئەمەلىيىتىگە ئاساسەن، ئاساندىن قىيىنغا، كىچىكتىن چوڭلۇققا تەدرىجىي ئىلگىرىلەش پرىنسىپىنى ئاساس قىلىپ، ئاپتونوم رايون «ئاپتونوم رايونلۇق ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئورۇنلىشىش قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش پىكرى» نى تۈزۈپ چىقتى. ئاپتونوم رايونلۇق ھۆكۈمەتنىڭ ئاساسلىق باشقۇرغۇچى مۇئاۋىن باش كاتىپى باشلامچىلىقىدىكى ھەر قايسى مۇناسىۋەتلىك تارماقلاردىن تەشكىللەنگەن ئاپتونوم رايونلۇق ئالىي مەكتەپلەر ئورۇنلىشىش قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش كىچىك گۇرۇپپىسى قۇرۇلۇپ، ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئورۇنلىشىش قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش خىزمىتىگە رەھبەرلىك قىلدى. 1999 - يىلى

مائارىپ مىنىستىرلىقىنىڭ تەستىقلىشى ئارقىلىق شىنجاڭ تىببىي ئىنستىتۇتى بىلەن شىنجاڭ جۇڭيى ئىنستىتۇتى قوشۇلۇپ، شىنجاڭ تىببىي پەنلەر ئۇنىۋېرسىتېتى قۇرۇلدى. 2000 - يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى بىلەن شىنجاڭ سانائەت ئىنستىتۇتى قوشۇلۇپ يېڭى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى قۇرۇلدى. شىنجاڭ مالىيە ئىقتىساد ئىنستىتۇتى، شىنجاڭ ئىقتىساد كادىرلار باشقۇرۇش ئىنستىتۇتى، شىنجاڭ مالىيە مەكتەپلىرى قوشۇلۇپ يېڭى شىنجاڭ مالىيە ئىقتىساد ئىنستىتۇتى قىلىپ قۇرۇلدى. شىنجاڭ يېنىك سانائەت كەسپىي تېخنىكا ئىنستىتۇتى، قاراماي كەسپىي تېخنىكا ئىنستىتۇتى ۋە شىنجاڭ يېزائىگىلىك كەسپىي تېخنىكا ئىنستىتۇتى قاتارلىقلارمۇ ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن قۇرۇلۇپ بولدى. ئوتتۇرا باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ ئورۇنلىشىش قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش خىزمىتىمۇ كۆرۈنەرلىك ئۇنۇمگە ئېرىشتى. مىللىي - خەنزۇ ئارىلاش مەكتەپلەرنى تەسىس قىلىش، ئاز سانلىق مىللەتلەر ئارىلاش مەكتەپلىرىنى تەسىس قىلىش، ئارىلاش سىنىپلارنى تەسىس قىلىپ، يېزا - چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ياتاقتا يېتىپ ئوقۇش تۈزۈمىدىكى مەكتەپلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇش قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق مائارىپ بايلىقى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، ئاساسىي مائارىپنىڭ مەكتەپلەر كۆلىمى زور دەرىجىدە كېڭەيتىلدى. 1995 - يىلى بىلەن سېلىشتۇرغاندا ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلەردىن بىرسى، ئادەتتىكى ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپتىن 449 ئازايدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلەر، ئادەتتىكى ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپلەردىكى ئوقۇغۇچىلار ئايرىم - ئايرىم ھالدا 2.84 تۈمەن ۋە 65.9 تۈمەن كۆپەيدى. باشلانغۇچ، تولۇقسىز، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ كۆلىمى ئايرىم - ئايرىم ھالدا 1995 - يىلدىكى 310، 491، 255 ئادەمدىن كۆپىيىپ 369، 761، 410 ئادەمگە يەتتى.

## «12.8» ئالاھىدە چوڭ ئوت ئاپىتى

1994 - يىلى 12 - ئاينىڭ 8 - كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق «ئىككى ئاساسەن» نى باھالاپ ئۆتكۈزۈۋېلىش ئۆمىكى قاراماي شەھىرىگە كېلىپ باھالاپ ئۆتكۈزۈۋېلىش خىزمىتىنى ئېلىپ باردى. قاراماي شەھەرلىك مائارىپ كومىتېتى ئوتتۇرا باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنى تەشكىللەپ دوستلۇق كۇلۇبىدا دوكلات ئويۇنى قويدى. قاراماي شەھىرىدىكى يەتتە ئوتتۇرا مەكتەپ ۋە سەككىز باشلانغۇچ مەكتەپتىكى 15 سىنىپنىڭ ئوقۇغۇچىسى، قىسمەن ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىلەر ۋە تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش گۇرۇپپىسىدىكى 25 خادىم ھەمدە يەرلىك رەھبەرلەردىن جەمئىي 796 ئادەم كۇلۇبتا پائالىيەتكە قاتناشتى. سائەت 18 دىن 20 مىنۇت ئۆتكەندە سەھنىدىكى 7 - نومۇرلۇق چىراغ پەردىگە تېگىپ قالغانلىقتىن پەردە كۆيۈپ چوڭ ئوت ئاپىتى يۈز بەردى. كىشىلەرنىڭ بەزىلىرى كۆيدى، بەزىلىرى تۇنجۇقتى، بۇ قېتىمقى ئوت ئاپىتى 323 ئادەمنىڭ ئۆلۈشىگە سەۋەب بولدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپ

ئوقۇغۇچىسى 284 نەپەر، كادىر، ئوقۇتقۇچى ھەمدە خىزمەتچى خادىم 39 نەپەر، يارىلىنىپ دوختۇرخانىدا ياتقانلار 132 نەپەر، ئاپتونوم رايوننىڭ قاراماي بارغان «ئىككى ئاساسەن» نى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش ئۆمىكىدىكى 25 خىزمەتچى خادىمدىن 17 سى قازا قىلدى. ستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، «8 .12» ئالاھىدە چوڭ ئوت ئاپىتى 1994 ـ يىلى دۇنيا بويىچە يۈز بەرگەن 2 ـ قېتىملىق چوڭ ئوت ئاپىتى، شۇنداقلا دۆلەت قۇرۇلغاندىن بۇيانقى پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ئۆلۈش، يارىلىنىش ئادەم سانى 2 ـ ئورۇندا تۇرىدىغان ئوت ئاپىتى ھېسابلىنىدىكەن. 12 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى ئاپتونوم رايوندىكى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ ئورتاق تەكشۈرۈشى ئارقىلىق، «8 .12» ئالاھىدە چوڭ ئوت ئاپىتىنىڭ سەۋەبى تەكشۈرۈپ ئېنىقلىنىپ، مۇناسىۋەتلىك مەسئۇل كىشىلەر قانۇن بويىچە سۈرۈشتۈرۈلۈپ جازالاندى. قاراماي شەھەرلىك مائارىپ كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى تاڭ جيەن، قاراماي شەھەرلىك مائارىپ كومىتېتى پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، قوشۇمچە ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى كۇاڭلى، نېفىت باشقۇرۇش ئىدارىسى ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى مەدەنىيەت ـ سەنئەت مەركىزىنىڭ مۇدىرى سۈن يۈڭ قاتارلىق 13 كىشى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا مەمۇري خىزمىتىدىن بىكار قىلىندى، پارتىيىدىن قوغلاپ چىقىرىلدى ياكى قانۇن بويىچە قولغا ئېلىندى. شىنجاڭ نېفىت باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ باشلىقى، ئىدارە پارتكومىنىڭ دائىمىي ھەيئىتى، مۇئاۋىن شۇجىسى، قاراماي شەھەرلىك پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى شې خۇڭ، شىنجاڭ نېفىت باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى نىياز ئابدۇللا، قاراماي شەھەرلىك دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى جاڭ خۇا تاڭ ۋە ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، «ئىككى ئاساسەن» نى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش گۇرۇپپىسىنىڭ مەسئۇلى ليۇدوڭ قاتارلىق بەش كىشىگە ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا، پارتىيە ئىچىدىكى ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇش، مەمۇري دەرىجىسىنى چۈشۈرۈش، پارتىيە ئىچىدە قالدۇرۇپ سىناش قاتارلىق جازالار بېرىلدى.

## مائارىپ تارىخى

قەشقەر ئىسلام دىنى ئۇنىۋېرسىتېتى

قەشقەر ئىسلام دىنى ئۇنىۋېرسىتېتى 13 ـ ئەسىردە موڭغۇل ماخۇتى تەرىپىدىن قۇرۇلغان .

«قۇتادغۇبىلىك»

قارا خانىلار خاندانلىقى دەۋرىدىكى داڭلىق داستان بولۇپ ، يۈسۈپ خاس ھاجىپ 1068~1069 ـ يىللىرى قەشقەردە يېزىپ تاماملىغان . پۈتۈن ئەسەر 85 باب ۋە 30 قوشۇمچە مەزمۇندىن تەركىب تاپقان بولۇپ ، جەمئىي 13290 مىسراغا بۆلۈنىدۇ . ئەسەرنىڭ مەزمۇنى جەمئىيەت ، ئىقتىساد ، پەلسەپە ، ئەدەبىيات قاتارلىق ساھەلەرگە چېتىلىدۇ . «قۇتادغۇبىلىك» تىپىك پەندى ـ نەسىھەت خاراكتېرىدىكى داستان بولۇپ ، ئۇنىڭدا مول تەلىم ـ تەربىيىۋى ئىدىيىلەر يوشۇرۇنغان . 1986 ـ يىلى 10 ـ ئايدا مىللەتلەر نەشرىياتى جېڭ گۆنجۇڭ ، جاڭ خۇڭچاۋ ۋە ليۈبىن قاتارلىقلار تەرجىمە قىلغان ، خەنزۇچە نۇسخىنى نەشر قىلدى .

(ماۋېنخۇا تەمىنلىگەن)

مەكتەپ

مەسچىت قارمىقىدىكى باشلانغۇچ سەۋىيىدىكى دىنىي مەكتەپ .

(ماۋېنخۇا تەمىنلىگەن)

مەدرىسە

مەسچىت قارمىقىدىكى يۇقىرى سەۋىيىدىكى دىنىي مەكتەپ .

(ماۋېنخۇا تەمىنلىگەن)

خەلپەت

مەسچىت قارمىقىدىكى باشلانغۇچ سەۋىيىدىكى دىنىي مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى .

(ماۋېنخۇا تەمىنلىگەن)

مۇدەررىس

مەسچىت قارمىقىدىكى يۇقىرى سەۋىيىدىكى دىنىي مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى .

(ماۋېنخۇا تەمىنلىگەن)

## مەكتەپ بېگى

چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا دىنىي مائارىپنى باشقۇرۇش ئۈچۈن تەيىنلەنگەن ئەمەلدار بولۇپ، ئۇنىڭ ۋەزىپىسى «ئوقۇتقۇچىلار ۋە ئوقۇ - ئوقۇتۇش ئىشلىرىنى باشقۇرۇش، ۋەزىيەت ۋە سىياسەتكە كۆڭۈل بۆلۈپ، بالىلارنى تاۋلاش» تىن ئىبارەت.
(ماۋېنخۋا تەمىنلىگەن)

## كېجو تۈزۈمى

1766 - يىلى چىڭ ھۆكۈمىتى ئۈرۈمچى رايونىدا ئىلىم يۇرتى تەسىس قىلىپ، ئوقۇغۇچى سانىنى بېكىتكەن. 1780 - يىلى شەنشى - گەنسۇ باش مۇپەتتىشى لېرسىن ئۈرۈمچىگە قاراشلىق سانجىدا ئوقۇغۇچىلارنى تەربىيىلىگەن، تەربىيىلەش ۋاقتى جەمئىي ئالتە يىل بولغان، چىڭ ھۆكۈمىتى 1782 - يىلى جېنشى، يېخې، گۇچۇڭ، دىخۋا، سانجى، فۇكاڭ، سۈيلەي قاتارلىق جايلاردا بىردىن كۆڭزى تەلىماتى مەكتىپى قۇرغان ھەمدە 27 نەپەر ئوقۇغۇچىنى قەلەمدار، 27 نەپەر ئوقۇغۇچىنى ئەلەمدار، 27 نەپەر ئوقۇغۇچىنى ھەر قايسى پەنلەرنى تولۇق ئىگىلىگەن ئىلىمدار قىلىپ تەربىيىلەش ئۈچۈن قوبۇل قىلغان. 1905 - يىلى كېجو تۈزۈمى بىكار قىلىنغان.
(ماۋېنخۋا تەمىنلىگەن)

## تەييارلىق مەكتىپى

چىڭ سۇلالىسى مەزگىلىدىكى مەكتەپ مائارىپىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى. 1767 - يىلى ئۈرۈمچىدىكى ئىش بېجىرىش ۋەزىرى ۋېن فۇ «شەھەرلەردە ئائىلە سانى مەلۇم دەرىجىگە يەتكەندە، بىردىن تەييارلىق مەكتىپى تەسىس قىلىش، خەلق ئىچىدىكى ئەخلاق - پەزىلەتتە ياخشى، ئىلىم - مەرىپەتتە ئالدىنقى قاتاردىكى كىشىلەرنى تاللاپ، ئوقۇتقۇچىلىققا تەيىنلەش» نى تەشەببۇس قىلدى.

ھەر بىر تەييارلىق مەكتىپىدە 12 نەپەر ئوقۇتقۇچى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىش ھەققىنى ھۆكۈمەت بېرەتتى. يەنى، ھۆكۈمەت تەرەپ مەكتەپكە بەلگىلىك ساندىكى يەرنى ئاجرىتىپ بېرەتتى. مەكتەپ ئادەم ياللاپ بۇ يەرلەرنى تېرىتتى ھەمدە يىللىق مەھسۇلاتىنى مەكتەپ، ئوقۇتقۇچى ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ تۇرمۇش خىراجىتى قىلاتتى. مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرى كۆپىنچە ھاللاردا گۇناھ ئۆتكۈزۈپ شىنجاڭغا سۈرگۈن قىلىنغان ئەمەلدارلار ئىچىدىن تاللىناتتى. تەييارلىق مەكتىپىنىڭ ئوقۇغۇچىلارنى تەربىيىلەش مەقسىتى پەننىي ئىمتىھانلار ئۈچۈن ئىختىساسلىقلارنى يېتىشتۈرۈپ بېرىشتىن ئىبارەت بولغان. 1805 - يىلدىكى ستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا چىڭ ھۆكۈمىتى دىخۋا، سانجى، سۈيلەي، فۇكاڭ، جىمسار، قۇتۇبى ۋە گۇچۇڭ قاتارلىق جايلاردا بىردىن تەييارلىق مەكتىپى تەسىس قىلغان بولۇپ، يىللىق خىراجىتى 380 سەر كۈمۈش بولغان.

### گازارما مەكتىپى

چىڭ سۇلالىسىنىڭ سەككىز تۇغلۇق ئارمىيە مەكتىپى بولۇپ، 1766 ـ يىلى ئىلى جياڭجۇنى مىڭ رۇي مەنىمگىدا قۇرغان. ھەر بىر مەكتەپ «64 نەپەر ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىشنى بەلگىلىگەن» ھەمدە ئىككى نەپەر ئوقۇتقۇچى بولغان. ئوقۇغۇچىلارنىڭ ساۋات چىقىرىش قوللانمىلىرىدىن «12 خەت ھەمدە 40 ماددا»، «پەندى ـ نەسىھەتلەر» بولۇپ، مۇناسىۋەتلىك ئىمتىھان ئېلىش، مۇكاپاتلاش، جازالاش تۈزۈملىرى بولغان، ئىمتىھاندا بىرىنچى بولغانلارغا ھەر ئايدا ئۈچ كۆمۈش، ئىككىنچى بولغانلارغا ئىككى كۆمۈش، ئۈچىنچى بولغانلارغا بىر كۆمۈش بەرگەن.

(ماۋېنخۇا تەمىنلىگەن)

### ئەمەلدارلار مەكتىپى

چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىرىنىڭ ئەمەلدارلارنى تەربىيىلەيدىغان ئالىي تېخنىكوم مەكتىپى بولۇپ، 1803 ـ يىلى ئىلى جياڭجۇنى سۇڭجۇن ئىلىنىڭ خۇييۈەن شەھىرىدە قۇرغان. ئوقۇغۇچىلارنى گازارما مەكتىپى، تەييارلىق مەكتىپى ۋە سەككىز تۇغلۇق ئارمىيە ئىچىدىن تاللىغان. بۇ مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى چىڭ سۇلالىسى تەرىپىدىن سۇرگۇن قىلىنغان مانجۇ ۋە خەنزۇلاردىن تاللانغان. «پەندى ـ نەسىھەت»، مانجۇ تىل ـ يېزىقى، فېئودال ئەدەپ ـ ئەخلاق ئوقۇتۇش مەزمۇنى قىلىنغان. گازارمىنىڭ پەرزەنتلىرىنىڭ «مۇستەقىل، ئۆز ئالدىغا ھەرىكەت ئېلىپ بېرىش ئاساسىنى ئورنىتىش» نى مائارىپىنىڭ مەقسىتى قىلغان.

(ماۋېنخۇا تەمىنلىگەن)

### رۇس مەكتىپى

ئىلى جياڭجۇنى باۋنىڭ 1792 ـ يىلى قۇرغان بولۇپ، بۇ مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرى بېيجىڭدىكى رۇس كونسۇلخانىسىدىن تەكلىپ قىلىنغان. ئوقۇغۇچىلار بولسا ئىلىدىكى ئەمەلدارلارنىڭ پەرزەنتلىرىنىڭ ئىچىدىن تاللانغان. رۇس يېزىقىنى ئۆگىنىشنى ئوقۇتۇش مەزمۇنى قىلغان. ئوقۇش مۇددىتى 5 يىل بولغان.

(ماۋېنخۇا تەمىنلىگەن)

### مانجۇ يېزىقى مەكتىپى

ئۇيغۇرلار ئىچىدىن چىققان ھاجىم بەگ مۇھەممەد ئابدۇللا 1791 ـ يىلى قۇرغان بولۇپ، ئوقۇتقۇچىلىرىنى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى تەمىنلىگەن. ئوقۇغۇچىلار ئۇيغۇر بەگلىرىنىڭ بالىلىرىنىڭ ئىچىدىن قوبۇل قىلىنغان. ئەدەپ ـ ئەخلاق ئوقۇتۇش مەزمۇنى قىلىنغان (يەنى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ تۈزۈم ـ بەلگىلىمىلىرى ۋە مانجۇ تىل ـ يېزىقلىرى). بۇ شىنجاڭدا قۇرۇلغان ئۇيغۇرلارنىڭ مانجۇ تىلى ئۆگىنىدىغان ئەڭ

دەسلەپكى مەكتىپى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ .
(ماۋېنخۇا تەمىنلىگەن)

## ياڭجىلىڭ مەدرىسى

ئىلى جياڭجۇنى ماگۋاڭ 1903 - يىلى ئىلىدا قۇرغان چەتئەل تىلى ئۆگىنىدىغان مەكتەپ بولۇپ ، بىر سىنىپتا 40 ئادەم ئوقۇغان ، ئوقۇش چەكلىمىسى 4 يىل بولغان . مانجۇ ، خەنزۇ ، ئۇيغۇر ، موڭغۇل ئوقۇتقۇچىلىرى بولغان . ئوقۇغۇچىلار مانجۇلارنىڭ گازارمىسىدىكى 15 ياشقا توشقان بالىلاردىن قوبۇل قىلىنغان بولۇپ ، ئۇلار ئىلگىرى مانجۇ - خەنزۇ تىللىرى باشلانغۇچ مەكتىپىدە ئوقۇغانلار ، ئۇلار مەكتەپكە كىرگەندىن كېيىن ، مانجۇ ، موڭغۇل ، خەنزۇ ۋە ئۇيغۇر يېزىقلىرىنى ئۆگىنىش بىلەن بىر ۋاقىتتا چەت ئەل تىلى ھەرپلىرىنى ئۆگەنگەن . ئوقۇغۇچىلار ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن ئىمتىھان ئارقىلىق 10 ئادەمنى تاللاپ ، ئالما-ئاتاغا 3 يىللىق ئوقۇشقا ئەۋەتىلگەن .
(ماۋېنخۇا تەمىنلىگەن)

## خەنزۇ تىلى مەكتىپى

چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەت بالىلىرى خەنزۇ تىلى ئۆگىنىدىغان مەكتەپ بولۇپ ، بۇ مەكتەپكە ئوقۇشقا كىرگەن بالىلار ئۈچ بۆلەككە بۆلۈنۈپ ئوقۇغان . 1 - باسقۇچتا «مىڭ خەتلىك ئوقۇشلۇق ، 3 خەتلىك دەستۇر» قاتارلىقلارنى ئوقۇغان . 2 - باسقۇچتا «ۋاپادارلىق دەستۇرى» قاتارلىقلارنى ئوقۇغان . 3 - باسقۇچتا «6 دەستۇر» نى ئوقۇغان ، 1880 - يىلى بۇ خىل مەكتەپتىن پۈتۈن شىنجاڭ تەۋەسىدە جەمئىي 37 سى قۇرۇلۇپ بولغان .
(ماۋېنخۇا تەمىنلىگەن)

## مەكتەپ باشقۇرۇش مەھكىمىسى

شىنجاڭنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدىكى مەكتەپلەر مائارىپىنى باشقۇرۇش ئورگىنى بولۇپ ، 1906 - يىلى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن قۇرۇلغان . تۇنجى باشلىقلىق ۋەزىپىسىنى دۇتۇڭ ئۆز ئۈستىگە ئالغان . بۇ مەھكىمىدە نازارەتچىلىك كومىتېتى ، تەكشۈرۈش كومىتېتى ، ستاتىستىكا كومىتېتى ، سېكرېتار قاتارلىقلار بولغان .
(ماۋېنخۇا تەمىنلىگەن)

## شىنجاڭ ئوقۇتۇش ئىشلىرى ئورنى

1908 - يىلى قۇرۇلغان بولۇپ ، مەكتەپ باشقۇرۇش مەھكىمىسىگە قارايدۇ . پالاتا رەئىسى ، پالاتا ئىشلىرى مەھكىمىسى قاتارلىقلار بولۇپ ، بۇلارنىڭ ئاستىدا يەنە خوجىلىق

بۆلۈمى ، ئادەتتىكى بۆلۈم ، مەخسۇس بۆلۈم ، كەسپىي بۆلۈم ، ماتېرىيال بۆلۈمى قاتارلىق ئورگانلار تەسىس قىلىنغان .

(ماۋېنخۇا تەمىنلىگەن )

## هۈسەينىيە مەكتىپى

هۈسەيىن مۇسا باي ۋە باۋۇدۇن مۇسا بايلار 1872 ـ يىلى ئاتۇش ئىكساقتا قۇرغان مەكتەپ بولۇپ ، هۈسەينىيە مەكتىپى دەپ ئاتالغان . بۇ ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆزى قۇرغان يېڭىچە زامان مەكتىپى بولۇپ هېسابلىنىدۇ .

(ماۋېنخۇا تەمىنلىگەن )

## ئۆلكىلىك سىياسىي ـ قانۇن مەدرىسى

1906 ـ يىلى شىنجاڭنىڭ هەربىي ـ مەمۇرىي ۋالىيسى لىيەنكۇي ئىلگىرىكى باج مەهكىمىسى ئورنىغا قۇرغان بولۇپ ، بەش ئوقۇتقۇچىسى ، 60 نەپەر ئوقۇغۇچىسى بولغان . يىللىق خىراجىتى 12 مىڭ 363 سەر كۈمۈش بولغان .

(ماۋېنخۇا تەمىنلىگەن )

## ئۆلكىلىك كەسپىي ئوقۇتقۇچىلار تەربىيىلەش ئورنى

1909 ـ يىلى شىنجاڭدا دۇتۇڭ تەسىس قىلغان بولۇپ ، ئالتە ئوقۇتقۇچىسى 120 ئوقۇغۇچىسى بولغان . يىللىق خىراجىتى 17 مىڭ 534 سەر كۈمۈش بولغان .

(ماۋېنخۇا تەمىنلىگەن )

## ئۆلكىلىك ئالىي دەرىجىلىك مەدرىسە

1905 ـ يىلى شىنجاڭنىڭ هەربىي ـ مەمۇرىي ۋالىيسى ۋۇيىڭسۇن ئەسلىدىكى بودا مەدرىسىنىڭ ئورنىغا ئالىي دەرىجىلىك مەدرىسىنى قۇرغان هەمدە «شىنجاڭ ئالىي دەرىجىلىك مەدرىسە نىزامنامىسى» نى تۈزۈپ چىققان . ئالىي دەرىجىلىك مەدرىسە قۇرۇلغاندىن كېيىن ، «ئوقۇشقا كىرگەنلەرنىڭ يېشى ۋە سەۋىيىسى تەكشى بولمىغانلىقى ، نەتىجىسىنى بىلگىلى بولمىغانلىقى ، يىل ئاخىرىدىكى ئىمتىهاندا بىرمۇ پەندىن ئۆتەلمىگەنلىكى ئۈچۈن ئالىي دەرىجىلىك مەدرىسە ئوتتۇرا دەرىجىلىك مەدرىسكە ئۆزگەرتىلگەن .

(ماۋېنخۇا تەمىنلىگەن )

## ئۆلكىلىك ئوتتۇرا دەرىجىلىك مەدرىسە

1905 ـ يىلى شىنجاڭنىڭ هەربىي ـ مەمۇرىي ۋالىيسى ۋۇيىڭسۇن ئەسلىدىكى بودا مەدرىسىنىڭ ئورنىغا ئالىي دەرىجىلىك مەدرىسىنى قۇرغاندىن كېيىن ، ئوقۇغۇچىلار

دەرىجىسىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقى تۈپەيلىدىن شىنجاڭنىڭ ھەربىي ـ مەمۇرىي ۋالىيسى لىيەنكۈي ئوتتۇرا دەرىجىلىك مەدرىسكە ئۆزگەرتىۋەتكەن ھەمدە ئۇنىڭ قارمىقىدا تولۇقسىز دارىلمۇئەللىمىن مەدرىسىنى تەسىس قىلغان. 11 ئوقۇتقۇچىسى، 16 ئوقۇغۇچىسى بولغان. يىللىق مائارىپ خىراجىتى 3680 سەر كۈمۈش بولغان.
(ماۋېنخۇا تەمىنلىگەن)

## ئۈلكىلىك ساقچى ـ قاراۋۇللار مەدرىسى

1909 ـ يىلى چارلىغۇچى ساقچى ئەمەلدارى رۇڭپېي ئارمىيىنىڭ ئەسلىدىكى گازارمىسىدا قۇرغان مەكتەپ بولۇپ، 12 ئوقۇتقۇچىسى 105 ئوقۇغۇچىسى بولغان. يىللىق خىراجىتى 19 مىڭ 540 سەر كۈمۈش بولغان.
(ماۋېنخۇا تەمىنلىگەن)

## ئۈلكىلىك خەنزۇ ـ رۇس تىللىرى مەدرىسى

1908 ـ يىلى گەنسۇ نىڭشا دوتۇتەي رۇيچىڭ قۇرغان بولۇپ، سابىق شىنجاڭ ھەربىي ـ مەمۇرىي ۋالىيسى لىيەنكۈي بىلەن چارلىغۇچى ساقچى ئەمەلدارى رۇڭپېي بىرگە تەسىس قىلغان. ئۇ ئىلگىرى لىيۇجىنتاڭ 1888 ـ يىلى تەسىس قىلغان رۇس تىلى مەكتىپىدىن كېلىپ چىققان. ئىككى ئوقۇتقۇچىسى، 18 ئوقۇغۇچىسى بولغان. يىللىق خىراجىتى 4450 سەر كۈمۈش بولغان.
(ماۋېنخۇا تەمىنلىگەن)

## ئۈلكىلىك ئوفىتسېرلار تەربىيىلەش مەكتىپى

1909 ـ يىلى ۋاڭشۇنەن، رۇڭپېي، چېن جاڭ قاتارلىقلار قۇرغان، 4 ئوقۇتقۇچىسى، 100 ئوقۇغۇچىسى بولغان.

## ئۈلكىلىك قۇرۇقلۇق ئارمىيە باشلانغۇچ مەدرىسى

1907 ـ يىلى شىنجاڭنىڭ ھەربىي ـ مەمۇرىي ۋالىيسى لىيەنكۈي قۇرغان بولۇپ، باشقۇرغۇچى خادىمىدىن ئىككىسى، قوماندانىدىن ئىككىسى، ئوقۇتقۇچىدىن 10 ى بولغان. ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا مانجۇ تىلى، فىزىكا، ھېساب، گراماتىكا، ئالگېبرا، تارىخ، ئۆلچەش، گېئومېترىيە، جۇغراپىيە، ئىنگلىز تىلى، رەسىم، گىمناستىكا قاتارلىق پەنلەر تەسىس قىلىنغان. ئۈچ سىنىپ ئوقۇغۇچىلىرى بار بولۇپ، جەمئىي 270 ئوقۇغۇچى بولغان. ئوقۇش مۇددىتى ئۈچ يىل بولۇپ، ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن شەنشى قۇرۇقلۇق ئارمىيە ئوتتۇرا مەدرىسكە يوللىنىلاتتى.

## تۆۋەن دەرىجىلىك باشلانغۇچ مەدرىسە

1904 - يىلى 1 - ئايدا چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئېلان قىلغان «تۆۋەن دەرىجىلىك باشلانغۇچ مەدرىسە نىزامنامىسى» دا «يەتتە ياشلىق بالىلار مەكتەپكە كىرىش، كىشىلىك تۇرمۇشتا زۆرۈر بولغان بىلىملەرنى ئۆگىتىپ، ۋەتەنپەرۋەرلىكنى ئەدەپ - ئەخلاقنىڭ ئاساسى قىلىش، بالىلارنىڭ جىسمانىيىتىگە كۆڭۈل بۆلۈش، ئۇلارنى ساغلام تەربىيىلەش» نى باش نىزام قىلىپ، ساۋاتلىقلارنىڭ سانى كۆپەيسە شۇمۇ غەلىبە دەپ بەلگىلىگەن. ئوقۇش مۇددىتى بەش يىل بولۇپ، كېيىن تۆت يىلغا ئۆزگەرتىلگەن، دەرسلىكلەردىن ماتېماتىكا، ئوقۇش ۋە سۆزلەش، جۇڭگو يېزىقى، ھېساب، تارىخ، جۇغراپىيە، گىمناستىكا قاتارلىقلار ئۆگىتىلگەن. رەسىم سىزىش بىلەن قول - ھۈنەرۋەنچىلىك دەرسى تاللاپ ئۆتىدىغان دەرسلەر بولغان. نامرات يېزىلاردا، ئوقۇتقۇچى كەمچىل رايونلاردا، مۇشۇ ئىككى خىل دەرسنى قىسقارتىۋېتىشكە يول قويىغان. 1910 - يىلى شىنجاڭدا جەمئىي 104 تۆۋەن دەرىجىلىك باشلانغۇچ مەدرىسە قۇرۇلغان.

(ماۋېنخۇا تەمىنلىگەن)

## ئىككى دەرىجىلىك باشلانغۇچ مەدرىسە

چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىنىڭ دەسلىپىدە تۆۋەن - يۇقىرى دەرىجىلىك باشلانغۇچ مەكتەپلەر بىرلەشتۇرۇلۇپ، ئىككى دەرىجىلىك باشلانغۇچ مەدرىسە دەپ ئاتىلاتتى. ئوقۇش مۇددىتى توققۇز يىل (تۆۋەن دەرىجىلىك بەش يىل، يۇقىرى دەرىجىلىك تۆت يىل)، كېيىن سەككىز يىلغا ئۆزگەرتىلگەن. (تۆۋەن - يۇقىرى دەرىجىلىك باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ ھەر بىرى تۆت يىل). 1910 - يىلغا كەلگەندە، شىنجاڭدا ئىككى دەرىجىلىك باشلانغۇچ مەدرىستىن جەمئىي بەشى بولغان.

(ماۋېنخۇا تەمىنلىگەن)

## يېرىم كۈنلۈك مەدرىسلەر

چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدىكى ساۋات چىقىرىش ئورگىنى بولۇپ، 1904 - يىلدىن باشلاپ، مەخسۇس ئوقۇشسىز قالغان بالىلارنى، كەمبەغەللەرنىڭ بالىلىرىنى ئوقۇتىدىغان بولۇپ، ئوقۇغۇچىلار يېرىم كۈن ئوقۇپ، يېرىم كۈن ئىشلەيتتى. ھەر كۈنى ئۈچ سائەت دەرس ئوقۇيتتى. يېشىنىڭ قانچىلىك بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ھەقسىز ئوقۇيتتى. ئىككى بۆلەك ئوقۇتۇش شەكلىنى قوللانغان. 1906 - يىلى 1 - ئايدا ئوقۇتۇش مەھكىمىسى ليۇجىنتاڭنى ھەر قايسى ئۆلكىلەرگە بېرىپ، يېرىم كۈنلۈك مەدرىسە قۇرۇشقا ئەۋەتكەن. 1910 - يىلغا كەلگەندە شىنجاڭدا جەمئىي 11 يېرىم كۈنلۈك مەدرىستىن ئون بىرى قۇرۇلغان.

## كەسپىي مەدرىسە

چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدىكى تۆرلۈك يېزا - ئىگىلىك، سانائەت، سودا، كان مەكتەپلىرىنىڭ ئومۇمىي ئاتىلىشى بېكىتىش ھەققىدە مەلۇمات ۋۇشۇ قانۇن ئۆزگىرىشى مەزگىلىدە بېخلانغان. 1904 - يىلدىكى «مەدرىسە نىزامنامىسى بېكىتىش ھەققىدە مەلۇمات»دا مۇستەقىل سىستېما قىلىپ كۆرسىتىلگەن. توغرىسىغا يېزا - ئىگىلىك، سانائەت، سودا، سودا ترانسپورت قاتارلىقلارغا، بويىغا ئالىي دەرىجىلىك، ئوتتۇرا دەرىجىلىك، باشلانغۇچ دەرىجىلىكتىن ئىبارەت ئۈچ دەرىجىگە بۆلۈنگەن. ئۇنىڭدىن باشقا، كەسپىي ئوقۇتقۇچىلارنى تەربىيىلەش ئورنى ۋە شاگىرت تەربىيىلەش مەدرىسىلىرىنى تەسىس قىلغان بولۇپ، توپ مەقسىدىتى تۆۋەن دەرىجىلىك تېخنىكىلىق دېھقان، ئىشچى ۋە ھەر خىل كەسپىي خادىملارنى تەربىيىلەشتىن ئىبارەت بولغان. 1910 - يىلغا كەلگەندە شىنجاڭدا جەمئىي 32 كەسپىي مەدرىسە قۇرۇلغان.

(ماۋېنخۇا تەمىنلىگەن)

## خەنزۇ تىلى مەدرىسى

چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلدىكى يېڭىچە مەدرىسىنىڭ بىر خىل شەكلى. 1910 - يىلى شىنجاڭدا خەنزۇ تىلى مەدرىسىدىن 206 سى بولغان.

(ماۋېنخۇا تەمىنلىگەن)

## ئومۇمىي تىل ئۆگىتىش كۇرسى

چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلدىكى يېڭىچە مەدرىسىنىڭ بىر خىل شەكلى. 1910 - يىلغا كەلگەندە شىنجاڭدا جەمئىي 24 ئومۇمىي تىل ئۆگىتىش كۇرسى قۇرۇلغان.

(ماۋېنخۇا تەمىنلىگەن)

## ساۋات چىقىرىش مەكتىپى

چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلدىكى مائارىپنىڭ ئومۇملىشىشىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان بىر خىل ئورگان بولۇپ، ئەڭ دەسلەپتە قانۇن تۈزۈش مەھكىمىسى توققۇز يىللىق تەييارلىقنامە تۈزۈش ھەققىدىكى مەلۇماتىدا تەسىس قىلىشنى ئوتتۇرىغا قويغان. 1910 - يىلى 1 - ئايدا ئىلىم مەھكىمىسى ساۋات چىقىرىش مەكتىپىنىڭ نىزامنامىلىرىنى تەستىقلىتىپ، ھەر قايسى جايلاردا ئومۇملاشتۇرۇش ھەققىدە بۇيرۇق چۈشۈرگەن. «باشلانغۇچ مائارىپنىڭ يېتىشمەسلىكىگە ياردەم بېرىپ، ھەممە ئادەمنىڭ ئۆگىنىشتىن بەھرىمەن بولۇشنى مەقسەت قىلغان» ھەمدە ئىشنى ئاددىي قىلىشتىن باشلاپ، كىتاب - ماتېرىيال، ئەسۋاب - ئەسلىھەلەرنىڭ تولۇق، مۇكەممەل، ئوقۇتقۇچىلار بىلىمىنىڭ مۇكەممەل بولۇشنى ئانچە تەلەپ قىلىپ كەتمىگەن، ھۆكۈمەت ۋە خۇسۇسىي

ئىگدارچىلىقىدىكى مەدرىسلەرنىڭ قارمىقىدا قۇرۇلغان ياكى ئىبادەت سورۇنلىرى ۋە ئاممىۋى سورۇنلارنى ئىجارىگە ئېلىپ قۇرۇلغان . يېشى چوڭراق ئوقۇغۇچىلار قالغان باللار ۋە ئىگە - چاقىسىز كەمبەغەللەرنىڭ باللىرىنى مەخسۇس قوبۇل قىلغان . «ساۋات چىقىرىش ئوقۇشلۇقى» ، «يۇقىرالار زۇرۇر ئوقۇشلۇقى» دەرسلىك قىلىنغاندىن باشقا ، يەنە ئادەتتىكى ھېسابلاش دەرسلىكمۇ تەسىس قىلىنغان . كۈندە 2~3 سائەت دەرس ئۆتۈلگەن . ئوقۇش يىلى چەكلىمىسى 1~3 يىلغىچە بولغان (كېيىن 1~2 غا ئۆزگەرتىلگەن ) . 1910 - يىلى شىنجاڭدا جەمئىي 64 ساۋات چىقىرىش مەكتىپى بولغان .

## رۇس تىلى سىياسىي - قانۇن مەخسۇس مەكتىپى

1924 - يىلى كۈزدە ياڭ زېڭشىن ئۈرۈمچىدە قۇرغان . تۇنجى سىنىپقا ئۆلكىلىك ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ تۇنجى قارار ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلىرى ئىچىدىن 31 نەپەر ئوقۇغۇچىنى تاللىغان . 1926 - يىلى 13 نەپەر تەييارلىق سىنىپ ئوقۇغۇچىسى قوبۇل قىلغان . مائارىپ نازارىتىنىڭ نازىرى ليۇۋېنلۇڭ قوشۇمچە مەكتەپ مۇدىرلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن . رۇس تىلى ، جىنايى ئىشلار جازا قانۇنى ، ئاساسىي قانۇن ، خەلقئارا قانۇن ، دۇنيا تىلى قاتارلىق دەرسلەر تەسىس قىلىنغان بولۇپ ، بۇنىڭ ئىچىدە رۇس تىلى بىلەن قانۇن دەرسلىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ زۆرۈر ئوقۇشلۇقى بولغان . ئوقۇغۇچىلاردىن ياتاق ، كىتاب - ماتېرىيال ۋە قىشلىق ئىسسىنىش پۇلى ئېلىنمىغان . ئۇلار ھەر ئايدا ھۆكۈمەت تەرىپىدىن تارقىتىلغان 12 سەر ئۆلكە پۇلىدىن بەھرىمەن بولغان . مەكتەپنىڭ خىراجىتى يەر ئىجارىسى ئېلىنغان پۇللاردىن ئاجرىتىپ بېرىلگەن .

1931 - يىلى 1 - ئايدا «شىنجاڭ رۇس تىلى سىياسىي - قانۇن ئىنستىتۇتى» ئىجارىسى ئۆزگەرتىلگەن .

(ماۋېنخۇا تەمىنلىگەن )

## شىنجاڭ رۇس تىلى سىياسىي - قانۇن ئىنستىتۇتى

1931 - يىلى 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنى سابىق رۇس تىلى سىياسىي - قانۇن مەكتىپى ئاساسىدا ئۆزگەرتىپ قۇرۇلغان . بىر نەپەر ئىنستىتۇت باشلىقى ، بىر نەپەر غوجىدار ، بىر نەپەر ئىلمى مۇدىر ، بىر نەپەر قانۇن فاكولتېتىنىڭ مۇدىرى ، ئىككى نەپەر ئىش بېجىرگۈچى خادىمى بولغان .

1935 - يىلى 1 - ئايدا «شىنجاڭ ئىنستىتۇتى» غا ئۆزگەرتىلگەن .

## بىرىنچى مەزگىللىك مائارىپ ئۈچ يىللىق پىلانى

ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ بىرىنچى مەزگىللىك ئۈچ يىللىق پىلانىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ ، 1936 - يىلى تۈزۈلگەن . بۇ پىلان - ئاساسىي ۋەزىپە ، مائارىپ مەمۇرىيىتى

ۋە پىلاننى ئەمەلىيلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت ئۈچ قىسىمدىن تەركىب تاپقان. شىنجاڭ ئۆلكىسى مەدەنىيەت مائارىپىنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى: «مىللەتنى شەكىل، ئالتە بۈيۈك سىياسەتنى مەزمۇن» قىلغان مىللىي مەدەنىيەتنى راۋاجلاندۇرۇپ، ھەر قايسى مىللەتلەر مەدەنىيىتىنى ئەسلىدىكى شەكلىدە، ئالتە بۈيۈك سىياسەتنى مەركەز قىلغان ھالدا، ئوخشاش سەۋىيىگە قاراپ تەرەققىي قىلدۇرۇش كېرەك دەپ كۆرسەتكەن. بۇ 1937~1939 ـ يىللىرىدىكى شىنجاڭ مائارىپ تەرەققىياتىنىڭ ئاساسى بولۇپ قالغان.

(ماۋېنخۇا تەمىنلىگەن)

## ئىككىنچى مەزگىللىك مائارىپ ئۈچ يىللىق پىلانى

ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ 2 ـ مەزگىللىك ئۈچ يىللىق پىلانىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ، 1939 ـ يىلى تۈزۈلگەن. بۇ پىلان مائارىپنىڭ سىياسىي ۋەزىپىسى، مائارىپنىڭ مەركىزىي خىزمىتى ۋە مائارىپ تەرەققىيات پىلانى قاتارلىقلارغا بۆلۈنگەن. بۇ پىلان تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا «مىللەتنى شەكىل، ئالتە بۈيۈك سىياسەتنى مەزمۇن قىلغان ھەر قايسى مىللەتلەر مەدەنىيىتىنى راۋاجلاندۇرۇپ، ھەر قايسى مىللەتلەرنى ئىقتىساد، مەدەنىيەت جەھەتتە ئوخشاش سەۋىيىگە يەتكۈزۈشنى ئۈزۈل كېسىل ئىشقا ئاشۇرۇش»نى ئېنىق كۆرسەتكەن. بۇ پىلان 1940~1942 ـ يىللىرىدىكى شىنجاڭ مائارىپ ئىشلىرى تەرەققىياتىنىڭ ئاساسى بولۇپ قالغان.

(ماۋېنخۇا تەمىنلىگەن)

## بىرىنچى قېتىملىق ئۆلكىلىك مائارىپ مەمۇرىيەت يىغىنى

1938 ـ يىلى 10 ـ ئايدا چاقىرىلغان بولۇپ، بۇ يىغىن ئۆلكىلىك مائارىپ خىزمىتى ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم ۋە يېتەكچىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان قارارنى ماقۇللىغان. بۇ يىغىن شىنجاڭنىڭ تاجاۋۇزچىلىققا قارشى تۇرۇپ ئۆلكە قۇرۇلۇشىنى ياخشىلاش مەزگىلىدىكى مائارىپنىڭ ئاساسلىق فاڭجېنىنى ئېنىق بېكىتكەن (يەنى دۆلەت مۇداپىئەسى تەربىيىسى، قۇرۇلۇش تەربىيىسى، ئىقتىساد تەربىيىسى، ئاممىۋى تەربىيە). قارار لايىھىسىدە شىنجاڭ مائارىپىنى ياخشىلاش ۋە راۋاجلاندۇرۇشنىڭ يېقىنقى مەزگىللىك كونكرېت چارە ـ تەدبىرلىرى ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

## ئىككىنچى قېتىملىق ئۆلكىلىك مائارىپ مەمۇرىيەت يىغىنى

1940 ـ يىلى 8 ـ ئايدا چاقىرىلغان. بۇ يىغىندا ماقۇللانغان ئاساسلىق قا مائارىپ مەمۇرىيىتى، مائارىپ مەبلىغى، ئوتتۇرا دەرىجىلىك مائارىپ، جەمئىيەت تەربىيىسى، مەدەنىيەت ئويۇشمىسى ۋە ئۇيۇشما باشلانغۇچ مەكتىپى قاتارلىق مەزمۇنلار ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. قاراردا ھەر قايسى ناھىيىلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ مائارىپ بولۇشى ھەمدە بۇلۇمگە مۇۋاپىق نامزات سەپلىنىشى تەلەپ قىلىنغان ۋە م

مائارىپ ئىدارىلىرى مائارىپ مەبلىغىنى كۆپەيتىپ ، يېزىلاردىكى تۆۋەن دەرىجىلىك باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆرلەپ ئوقۇشتىكى قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىشنى تەلەپ قىلىنغان .

(ماۋېنخۇا تەمىنلىگەن )

## ئۈلكىلىك دىخوا قىزلارئوتتۇرا مەكتىپى

1937 ـ يىلى 9 ـ ئايدا شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئەسلىدىكى قىزلار مەكتىپىدە قۇرغان بولۇپ ، 1938 ـ يىلى يۇقىرى دەرىجىلىك باشلانغۇچ مەكتەپ 19 سىنىپ ، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 3 سىنىپ ، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ بىر سىنىپ ، كەسپىي مەكتەپ 3 سىنىپ ، ئوقۇتقۇچى تەربىيىلەش كۇرسى بىر سىنىپ ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلغان بولۇپ ، ئومۇمىي ئادەم سانى 1200 نەپەرگە يەتكەن .

(ماۋېنخۇا تەمىنلىگەن )

## شىنجاڭ قىزلار ئىنستىتۇتى

بۇ مىنگو يىللىرىدىكى شىنجاڭ قىزلار ئالىي تېخنىكومى بولۇپ ، 1943 ـ يىلى 3 ـ ئايدا شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت قىزلار ئوتتۇرا مەكتىپىنى ئۆزگەرتىپ قۇرغان ، چيۇلۇفاڭ ئىنستىتۇت باشلىقى بولغان . ئەدەبىيات ، مائارىپ ، تېبابەتچىلىك ، تۇغۇت ئىلمى ، ئەدەبىيات ـ تارىخ ، تۇغۇت ئانىسى تېخنىكىسى قاتارلىق دەرسلەر تەسىس قىلىنغان . 1946 ـ يىلى 2 ـ ئايدا تارقىلىپ كەتكەن بولۇپ ، ئالىي مەكتەپ قىسمى شىنجاڭ ئىنستىتۇتىغا قوشۇلۇپ كەتكەن .

(ماۋېنخۇا تەمىنلىگەن )

## ئۇيۇشما مەكتەپلىرى

بۇ مىنگو دەۋرىدە شىنجاڭدىكى مىللەتلەر مەدەنىيىتىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەمئىيىتى قۇرغان مەكتەپ . 1934 ـ يىلى ئۇيغۇر ، قازاق ، قىرغىز ، موڭغۇل ، تاتار ، خۇيزۇ ، شىبە ، سولۇن ، خەنزۇ ، گۇيخۇا قاتارلىقلارنىڭ مەدەنىيىتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۇيۇشمىلىرى ئارقا ـ ئارقىدىن ئۇيۇشما مەكتەپلىرىنى قۇردى . 1942 ـ يىلغا كەلگەندە شىنجاڭدىكى ئۇيۇشما مەكتەپلىرى 1883 كە ، ئۇلارنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى 180035 كىشىگە يەتكەن .

(ماۋېنخۇا تەمىنلىگەن )

## ئاممىۋى مەكتەپلەر

مىنگو دەۋرىدە بارلىققا كەلگەن ئىشتىن سىرتقى مەكتەپلەر بولۇپ ، شىنجاڭدا 20 ـ ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرىدا قۇرۇلغان . بۇ مەكتەپلەر ياشتا چوڭ ، ئوقۇشسىز قالغان

ئامىمىغا ئاددىي ئىلىم - ماھارەت ئۆگىتىشنى مەقسەت قىلغان، ئۇلارنىڭ ئوبيېكتى 16 ياشتىن يۇقىرى ئوقۇشسىز قالغان ئامما بولغان. 1939 - يىللىرى پۈتۈن ئۆلكە بويىچە ئۆلكىلىك ۋە ئويۇشما ئىگىدارچىلىقىدىكى ئاممىۋى مەكتەپلەر 1160 قا، ئوقۇغۇچىلىرى 65 مىڭ 735 نەپەرگە يەتكەن.

(ماۋېنخۇا تەمىنلىگەن)

### خەلق مەكتەپلىرى

1943 - يىلى 5 - ئايدا، شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى پەرمان چۈشۈرۈپ، ھەر قايسى ۋىلايەت، ناھىيىلەرگە قاراشلىق رايونلاردا مەكتەپلەرنىڭ سانى، ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى ئەھۋالى قاتارلىقلارغا ئاساسەن، بىر ياكى بىر قانچە مەركىزىي مەكتەپ قۇرۇپ، قالغىنىنى خەلق مەكتەپلىرىگە ئۆزگەرتكەن.

ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپلەر يۇقىرى ۋە تۆۋەن دەرىجىلىكتىن ئىبارەت ئىككى دەرىجىگە بۆلۈنگەن. خەلق مەكتەپلىرى تۆۋەن دەرىجىلىك مەكتەپلەرگە تەۋە بولغان. 1945 - يىلى 9 - ئايدا، شىنجاڭدا مەركىزىي خەلق مەكتەپلىرىنىڭ سانى 201 گە، خەلق مەكتەپلىرىنىڭ سانى 677 گە يەتكەن.

(ماۋېنخۇا تەمىنلىگەن)

### ئۈچ ۋىلايەت مائارىپى

بۇ ئىلى، ئالتاي، تارباغاتايلارنىڭ مائارىپىنى كۆرسىتىدۇ. 1944 - يىلى كۈزدە شىنجاڭدا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي پارتلاپ، 12 - ئايدا ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى قۇرۇلغان.

1946 - يىلى 1 - ئايدا ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بىلەن تىنچلىق شەرتنامىسى ئىمزالاپ، بىرلەشمە ھۆكۈمەت تەسىس قىلغان. ئەمما ئۈچ ۋىلايەت ئەمەلىيەتتە نىسبىي مۇستەقىللىقتا ئىگە بولغان، ئۇنىڭ مائارىپىمۇ بۇنىڭغا ماس ھالدا مۇستەقىللىقتا ئىگە بولغان، شۇڭا ئومۇملاشتۇرۇلۇپ ئۈچ ۋىلايەت مائارىپى دەپ ئاتالغان. 1948~1949 - يىللىرى ئۈچ ۋىلايەت تەۋەلىكىدىكى تۆت يىللىق ۋە يەتتە يىللىق تۈزۈمدىكى مەكتەپلەرنىڭ سانى 545 كە يېتىپ، 1831 سىنىپ، 56 مىڭ 982 ئوقۇغۇچى، 2059 ئوقۇتقۇچىغا ئىگە بولغان.

(ماۋېنخۇا تەمىنلىگەن)

### يېزىلاردىكى ئاددىي باشلانغۇچ مەكتەپلەر

1964 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتى تەسىس قىلىشنى ئوتتۇرىغا قويغان مەكتەپلەر بولۇپ، ئوقۇش تۈزۈمى ئۇزۇن بولسىمۇ، قىسقا بولسىمۇ بولىدىغان، ئۇزۇن - قىسقا مۇددەتلىك سىنىپلار تەڭ مەۋجۇت بولغان بولۇپ، خەنزۇلار ئالتە يىللىق

قىلىپ ئاچىسمۇ، تۆت يىللىق قىلىپ ئاچىسمۇ بولاتتى، ئالتە يىللىق قىلىپ ئاچقان مەكتەپلەر تۆت ـ ئىككىلىك باسقۇچقا بۆلۈشنى قوللىناتتى، مىللىيلارنىڭ بەش يىل بولۇپ. بەش يىلدىن تۆۋەن تۆت يىللىق ۋە ئۈچ يىللىقلىرىمۇ بولغان. ئۇلارنىڭ شەكلى خىلمۇ خىل بولۇپ، يېرىم كۈنلۈك ئوقۇش تۈزۈمى، كۈن ئاتلاپ ئوقۇش تۈزۈمى، بىكار ۋاقىتتا ئوقۇيدىغان ئوقۇش تۈزۈمى، «ھەرىكەتچان مەكتەپ» تۈزۈمى قاتارلىقلار بولغاندىن سىرت، يەنە ئەتىگەنلىك ـ كەچلىك كۇرسلار، ساۋات چىقىرىش كۇرسلىرىمۇ بولغان. بۇ خىلدىكى مەكتەپلەرنى ئاساسەن ئىشلەپچىقىرىش چوڭ ـ كىچىك ئەترەتلىرى قۇرغان بولۇپ، ئۇنىڭ مەبلىغىنى ئاساسەن كوللېكتىپ چىقارغان. شۇ يىلى 10 ـ ئايدا مائارىپ مىنىستىرلىقىنىڭ ئۇقتۇرۇشىغا ئاساسەن ئىش ھەققىگە تايىنىپ ئوقۇيدىغان باشلانغۇچ مەكتەپ دەپ ئۆزگەرتىلگەن.

(ماۋېنخۇا تەمىنلىگەن)

**نۇقتىلىق ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپلەر**

1953 ـ يىلى مائارىپ نازارىتى ئۈرۈمچى شەھەرلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپنى نۇقتىلىق ئوتتۇرا مەكتەپ قىلىپ بېكىتكەن. 1959 ـ يىلى 9 ـ ئايدا ئۈرۈمچى شەھەرلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ قاتارلىق 27 ئوتتۇرا مەكتەپ ئاپتونوم رايون بويىچە نۇقتىلىق ئوتتۇرا مەكتەپلەر قىلىپ بېكىتىلگەن. 1962 ـ يىلى 4 ـ ئايدا 72 مەكتەپكە كۆپەيتىلگەن. 1979 ـ يىلى 1 ـ ئايدا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى 133 مەكتەپنى نۇقتىلىق ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپ دەپ بېكىتكەن.

(ماۋېنخۇا تەمىنلىگەن)

**1971 ـ يىلدىكى مائارىپ خىزمىتى يىغىنى**

1971 ـ يىلى، ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ خىزمىتى يىغىنى چاقىرىلدى. يىغىن «ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپلەردە (مەملىكەتلىك مائارىپ خىزمىتى يىغىن خاتىرىسى) نى ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدىكى بىر نەچچە پىكىر (سىناق نۇسخا)» نى ۋە «ئالىي، ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتەپلىرىدە (مەملىكەتلىك مائارىپ خىزمىتى يىغىن خاتىرىسى) نى ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدىكى بىر نەچچە پىكىر» نى ماقۇللىدى.

(ماۋېنخۇا تەمىنلىگەن)

**ئىشچى ـ دېھقانلار ئىشتىن سىرتقى مائارىپى**

20 ـ ئەسىرنىڭ 50 ـ يىللىرىنىڭ باشلىرىدا مائارىپ نازارىتى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ ئىشتىن سىرتقى مائارىپىنى يولغا قويدى. مائارىپنىڭ ئوبيېكتى ئاساسى قاتلام كادىرلىرى، پارتىيە ـ ئىتتىپاق ئەزالىرى، ئەمگەك نەمۇنىچىلىرى ۋە بىۋاسىتە ئىشلەپچىقىرىش ئىشچىلىرى ئىدى. بۇ مائارىپنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى

ئىشلەپچىقىرىش ئىشچىلىرى ئىچىدىكى ساۋاتسىزلارنى تۈگىتىش ھەمدە بۇ ئاساستا، ئىشتىن سىرتقى يۇقىرى دەرىجىلىك باشلانغۇچ، تولۇقسىز ئوتتۇرا سىنىپلىرىنى مۇۋاپىق تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ سىياسەت ۋە پەن - تېخنىكا ئۆگىنىشىگە ئاساس سېلىشتىن ئىبارەت ئىدى. 1959 - يىلى، يېزا ئىشتىن سىرتقى مائارىپى كەسپى ئىشتىن سىرتقى مائارىپ بىلەن قوشۇلۇپ، ئىشچى - دېھقانلار ئىشتىن سىرتقى مائارىپى دەپ ئاتالدى. بۇ مەكتەپلەر «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە ئۈزۈلۈپ قالغان بولۇپ، 1973 - يىلى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن. 1974 - يىلى 8 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق ئىشتىن سىرتقى مائارىپ كومىتېتى قۇرۇلۇپ، ئىشتىن سىرتقى مائارىپ ئىشلىرىنى بىر تۇتاش باشقۇرغان.

(ماۋېنخۇا تەمىنلىگەن)

## باشلانغۇچ مەكتەپلەر مائارىپىنى ئومۇملاشتۇرۇش

20 - ئەسىرنىڭ 50 - يىللىرىنىڭ باشلىرىدا، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر مائارىپىنى نۇقتا قىلىپ، باشلانغۇچ مەكتەپ مەجبۇرىيەت مائارىپىنى ئاكتىپ ئومۇملاشتۇرغان. 20 - ئەسىرنىڭ 50 - يىللىرىنىڭ ئاخىرىدا، تەرەققىيات تېز بولغاچقا تەڭشەش ئېلىپ بارغان. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بەش يىللىق باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپىنى ئومۇملاشتۇرۇشنى ئوتتۇرىغا قويغان ھەمدە ئەمەلىيلەشتۈرگەن. 1980 - يىلى 10 - ئايدا، باشلانغۇچ مائارىپنى ئومۇملاشتۇرۇشنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش خىزمىتىنى باشلىۋەتكەن. 1990 - يىلغا كەلگەندە، ئاپتونوم رايونىمىزدا 58 ناھىيە (شەھەر) دە باشلانغۇچ مەجبۇرىي مائارىپ ئومۇملاشتۇرۇلغان بولۇپ، بۇ پۈتۈن ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ناھىيە (شەھەر) لەرنىڭ 62% نى ئىگىلىگەن.

(ماۋېنخۇا تەمىنلىگەن)

## خەنزۇ تىلى ئوقۇتۇشى

بۇ ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىغا خەنزۇ تىلى ئۆگىتىشنى كۆرسىتىدۇ. ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئاز سانلىق مىللەت ئوتتۇرا مەكتەپلىرىدە خەنزۇ تىلى دەرسلىكىنى تاللاپ ئوقۇلىدىغان دەرسلىك قاتارىدا ئېچىشنى تەلەپ قىلغان. 1956 - يىلى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ھەپتىسىگە 4~6 سائەت خەنزۇ تىلى دەرس ئۆتۈش تەلەپ قىلىنغان. 1977 - يىلى يېڭى تۈزۈلگەن باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتۇش پىلانىدا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ 3 - يىللىقىدىن باشلاپ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگىچە خەنزۇ تىلى دەرس ئۆتۈش تەلەپ قىلىنغان. 1984 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپلىرىنىڭ خەنزۇ تىلى ئوقۇتۇش خىزمىتىنىڭ ئاساسىي تەلىپى ۋە كۆرەش قىلىش نىشانىنى ئوتتۇرىغا قويدى. يەنى، «ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىنى باشلانغۇچ،

ئوتتۇرا مەكتەپ باسقۇچلىرىدا ئاڭلاش ، سۆزلەش ، ئوقۇش ، يېزىش ، تەرجىمە قىلىش قاتارلىق ئومۇمىيۈزلۈك مەشقلەندۈرۈشنى ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق ، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ۋاقىتتا ، ئاساسىي جەھەتتىن 3000 گە يېقىن كۆپ ئىشلىتىلىدىغان خەنزۇچە خەتلەرنى ۋە 5000~6000 غىچە بولغان كۆپ ئىشلىتىلىدىغان سۆزلۈكلەرنى ئىگىلىتىپ ، خەنزۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ تولۇقسىز 2 - يىللىقىدىكى خەنزۇ تىلى سەۋىيىسىگە يەتكۈزۈش كېرەك» دەپ كۆرسەتتى .

(ماۋخېنخۇا تەمىنلىگەن)

## ئاساسىي مائارىپنى باشقۇرۇش تۈزۈلمە ئىسلاھاتى

1987 - يىلى 9 - ئايدا ، ئاپتونوم رايونىمىز ئاساسىي مائارىپنى باشقۇرۇش تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىشنى قارار قىلىپ ، ئاپتونوم رايون ، ۋىلايەت (ئوبلاست ، شەھەر ) ، ناھىيە (شەھەر ، رايون ) ، يېزا (بازار ، مەيدان ) تۆت دەرىجىلىك مەكتەپ قۇرۇپ ، تۆت دەرىجىگە بۆلۈپ باشقۇرۇشنى ، بۇنىڭدا يەنە ناھىيە ، يېزىدىن ئىبارەت ئىككى دەرىجىنى ئاساس قىلىشنى باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى يولغا قويغان . يېزا (بازار ، مەيدان ) نىڭ باشقۇرۇشىدا ھەر خىل يېزىلىق ئوتتۇرا مەكتەپلەر ، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ياتاقلىق مەكتەپلەر ، يېزىلىق مەركىزىي باللار باغچىسى ، دېھقان - چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپلەر ۋە تولۇقسىز كەسپىي مەكتەپلەر بولغان . ناھىيە (شەھەر ) لەر بولسا بىۋاسىتە قاراشلىق ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى ، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنى ، باللار باغچىسىنى ، ئەقلىي ئىقتىدارى ئاجىز باللارغا كونسۇلتاتسىيە قىلىپ بېرىش كۇرسلىرىنى ، مۇكەممەل ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى ۋە كەسپىي تېخنىكا مەكتەپلىرىنى باشقۇرغان . ۋىلايەت (ئوبلاست ، شەھەر ) لەر بىۋاسىتە قاراشلىق ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپلەر ، باللار باغچىلىرى ، گاس - گاچىلار ئالاھىدە مائارىپ مەكتىپى قاتارلىقلارنى باشقۇرغان . ئاساسىي مائارىپنى باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنىڭ ئىسلاھ قىلىنىشى ئۆتمۈشتىكى ئاساسىي مائارىپنى ھەددىن زىيادە مەركەزلىك باشقۇرۇش ، ھەددىدىن زىيادە كۆتۈرۈپ ئېلىش ، ھەددىدىن زىيادە ئۆلۈك باشقۇرۇش ھالىتىنى ئۆزگەرتتى .

(ماۋخېنخۇا تەمىنلىگەن)

## «21 - ئىيۇل» ئىشچىلار ئۇنىۋېرسىتېتى

1968 - يىلى 7 - ئايدا ، ماۋزېدۇڭ «شاڭخەي ستانوك زاۋۇتى قۇرۇلۇش تېخنىكا خادىملىرىنىڭ ئەھۋالى ۋە مەسىلىسى» دېگەن ماقالىگە تەستىق سۆزى يازغاندىن كېيىن ، شۇ يىلى 9 - ئايدا شاڭخەي ستانوك زاۋۇتى ئىشچىلارنىڭ ئىشتىن ئايرىلىپ ئوقۇيدىغان بىر ئۇنىۋېرسىتېتىنى قۇرغان . شۇنىڭدىن كېيىن ، مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا مۇشۇنىڭغا ئوخشاش مەكتەپلەر ئارقا - ئارقىدىن قۇرۇلغان . 1975 - يىلى 11 - ئايدا

ئاپتونوم رايونلۇق ئىنقىلابىي كومىتېت ئاپتونوم رايونلۇق ئىشتىن سىرتقى مائارىپ كومىتېتىنىڭ «ئىشچى - دېھقانلارنىڭ ئىشتىن سىرتقى مائارىپىنى ئاكتىپ قانات يايدۇرۇپ، دازېيچە ناھىيىلەرنى ئومۇملاشتۇرۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلىش توغرىسىدىكى پىكىر» نى تارقاتقان ھەمدە «21 - ئىيۇل» ئىشچىلار ئۇنىۋېرسىتېتىنى ئاكتىپ قۇرۇشنى تەلەپ قىلغان. 1976 - يىلى شىنجاڭدا «21 - ئىيۇل» ئىشچىلار ئۇنىۋېرسىتېتىدىن 323 ى بولغان. ئىشتىن ئايرىلىپ ئوقۇيدىغان ئوقۇغۇچىلار سانى 3115 نەپەرگە يەتكەن. يېرىم ئىشتىن ئايرىلىپ ئوقۇيدىغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانى 4173 نەپەرگە يەتكەن. مەدەنىيەت ئىنقىلابىي ئاخىرلاشقاندىن كېيىن «21 - ئىيۇل» ئىشچىلار ئۇنىۋېرسىتېتى خارابلاشقان. 1981 - يىلى ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئۆزگەرتىلگەن.

(ماۋېنخۇا تەمىنلىگەن)

**«كوممۇنىزملىق ئەمگەك ئۇنىۋېرسىتېتى» ۋە «7 - ماي ئۇنىۋېرسىتېتى»**

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىي» مەزگىلىدە بارلىققا كەلگەن يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسى تەربىيىسى خاراكتېرىدىكى مەكتەپ بولۇپ، 1966 - يىلى 5 - ئايدا، ماۋزېدۇڭ ئازادلىق ئارمىيە باش ئارقا سەپ تەمىنات بۆلۈمىنىڭ بىر دوكلاتىغا تەستىق سۆزى يېزىپ «قوشۇن بىر ئۇنىۋېرسىتېت بولۇشى كېرەك» دېگەن. شۇنىڭدىن كېيىن، ھەر قايسى يېزىلار بەس - بەس بىلەن «7 - ماي» ئۇنىۋېرسىتېتى ۋە كومۇنىزملىق ئەمگەك ئۇنىۋېرسىتېتى قۇرغان. 1975 - يىلى 11 - ئايدا، ئاپتونوم رايونلۇق ئىنقىلابىي كومىتېت ئاپتونوم رايونلۇق ئىشتىن سىرتقى مائارىپ كومىتېتىنىڭ «ئىشچى - دېھقانلارنىڭ ئىشتىن سىرتقى مائارىپىنى ئاكتىپ قانات يايدۇرۇپ، دازېيچە ناھىيىلەرنى ئومۇملاشتۇرۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلىش توغرىسىدىكى پىكىر» نى تارقاتقان ھەمدە ھەر قايسى دېھقان - چارۋىچىلىق مەيدانلىرى، ناھىيە، يېزا كوپېراتىپلىرىنىڭ «7 - ماي» ئىشتىن سىرتقى مەكتىپى ۋە ئۇنىۋېرسىتېتى قۇرۇشنى تەلەپ قىلغان. 1976 - يىلغا كەلگەندە، شىنجاڭدىكى «كومۇنىزملىق ئەمگەك ئۇنىۋېرسىتېتى» ۋە «7 - ماي» ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ سانى 130 غا يەتكەن بولۇپ، 10 مىڭ 335 ئوقۇغۇچى بولغان. 1980 - يىلدىن كېيىن ئارقا - ئارقىدىن يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسى مەكتەپلىرىگە ئۆزگەرتىلگەن.

(ماۋېنخۇا تەمىنلىگەن)

**ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپلەر ئوقۇتۇش تۈزۈمى ئىسلاھاتى**

ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە ئوقۇتۇش تۈزۈمى بىر ئاز قالايمىقان بولۇپ، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتۇش تۈزۈمى ئىلى، ئالتاي، تارباغاتاي قاتارلىق ئۈچ ۋىلايەتتە تۆت يىللىق تۈزۈمنى، ئۈرۈمچى، قۇمۇل، قاراشەھەر، ئاقسۇ، قەشقەر،

قىزىلسۇ، خوتەن قاتارلىق يەتتە ۋىلايەتتە بەش يىللىق تۈزۈمنى يولغا قويغان. 1950 ـ يىلى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت خەنزۇ باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتۇش تۈزۈمىنى تۆت يىل، يۇقىرى دەرىجىلىك باشلانغۇچ مەكتەپنى 2 يىل، ئاز سانلىق مىللەت باشلانغۇچ مەكتەپلىرىنى بىردەك تۆت يىل قىلىپ بەلگىلىگەن. ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپلەر «ئۈچ ئۈچلۈك تۈزۈم» نى قوللانغان. 1960 ـ يىلى مىللىي ـ خەنزۇ دەپ بۆلۈنمەي باشلانغۇچ مەكتەپلەر بىردەك بەش يىللىق تۈزۈمنى قوللانغان. 1971 ـ يىلى باشلانغۇچ مەكتەپلەر بەش يىللىق تۈزۈمنى، ئوتتۇرا مەكتەپلەر تۆت يىللىق تۈزۈمنى يەنى تولۇقسىز 2 يىللىق، تولۇق ئوتتۇرا 2 يىللىق تۈزۈمنى قوللانغان. شارائىتى بولسا، ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپلەر يەتتە يىللىق ياكى توققۇز يىللىق تۈزۈمنى قوللىنىشقا بولغان. 1977 ـ يىلى ئاپتونوم رايونىمىز ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ ئون يىللىق تۈزۈمنى قوللىنىشنى قارار قىلغان. بۇنىڭدا باشلانغۇچ مەكتەپلەر 5 يىل، ئوتتۇرا مەكتەپلەر بەش يىل (يەنى، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپلەر ئۈچ يىل، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەر ئىككى يىل) بولۇش بەلگىلەنگەن. 1983 ـ يىلى ئاپتونوم رايونىمىز «خەنزۇ تىلى يېزىقى ئارقىلىق دەرس ئۆتۈلىدىغان باشلانغۇچ مەكتەپلەردە، 1984 ـ يىلى كۈزدە قوبۇل قىلىنغان يېڭى ئوقۇغۇچىلار ئالتە يىللىق تۈزۈم بويىچە، باشقا يىللىقلاردىكى ئوقۇغۇچىلار بەش يىللىق تۈزۈم بويىچە ئوقۇش، ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز، موڭغۇل تىل ـ يېزىقى ئارقىلىق دەرس ئۆتۈلىدىغان باشلانغۇچ مەكتەپلەر داۋاملىق بەش يىللىق تۈزۈمنى قوللىنىش كېرەك». دەپ بەلگىلىگەن. 1984 ـ يىلى كۈزدە، ۋەزىيەتنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، مىللىي يېزىقتا دەرس ئۆتىلىدىغان مەكتەپلەردىمۇ باشلانغۇچ ئالتە يىل، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئۈچ يىللىق تۈزۈمنى يۈرگۈزگەن. پۈتكۈل ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئوقۇش تۈزۈمى ئىسلاھاتى 1986 ـ يىلى ئاساسىي جەھەتتىن تاماملانغان.

(ماۋېنخۇا تەمىنلىگەن)

## كەسپىي ـ تېخنىكا تەربىيىسىنى راۋاجلاندۇرۇش

1982 ـ يىلى 4 ـ ئايدا، ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ ئىدارىسى «ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئوتتۇرا دەرىجىلىك مائارىپ قۇرۇلمىسىنى ئىسلاھ قىلىش توغرىسىدىكى پىكىر» نى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئوتتۇرا دەرىجىلىك كەسپىي ـ تېخنىكا تەربىيىسىنى زور كۈچ بىلەن قانات يايدۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. 1983 ـ يىلى 10 ـ ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتى «ئاپتونوم رايونىمىزدىكى يېزا ـ بازارلارنىڭ ئوتتۇرا دەرىجىلىك مائارىپ قۇرۇلمىسىنى ئىسلاھ قىلىپ، كەسپىي ـ تېخنىكا تەربىيىسىنى راۋاجلاندۇرۇش پىكرى» نى تارقاتتى. 1988 ـ يىلى 6 ـ ئايدا، ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتى «ئاپتونوم رايونىمىزدىكى كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ مائارىپ مەسىلىسىدە ساقلىنىۋاتقان بىر قاتار مەسىلىلەر توغرىسىدىكى بەلگىلىمىلەر» نى تارقاتتى. 1999

- يىلىغا كەلگەندە ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئوتتۇرا دەرىجىلىك كەسپىي مەكتەپلەرنىڭ سانى 371 گە ، مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلار سانى 180 مىڭ 745 نەپەرگە يەتكەن بولۇپ ، بۇ پۈتكۈل تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ باسقۇچىدىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ 48.9% نى ئىگىلىگەن .

(ماۋېنخۇا تەمىنلىگەن )

ئاپتونوم رايونلۇق چوڭلار مائارىپ ئىدارىسى

1983 - يىلى 3 - ئايدا قۇرۇلغان . بۇنىڭدىن بۇرۇن ، 1979 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى سابىق ئاپتونوم رايونلۇق ئىشتىن سىرتقى مائارىپ كومىتېتىنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىشچى - دېھقانلار مائارىپ كومىتېتىغا ئۆزگەرتىپ ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى ، ئاپتونوم رايونلۇق ئىقتىسادىي كومىتېت ، يېزا ئىگىلىك كومىتېتى ، مەدەنىيەت ، مائارىپ كومىتېتى ، پەن - تېخنىكا كومىتېتى ، ئاپتونوم رايونلۇق ئىشچىلار باش ئۇيۇشمىسى ، مائارىپ نازارىتى ، ئىتتىپاق كومىتېتى ، ئاياللار بىرلەشمىسى ، زىيالىي ياشلار ئىشخانىسى ، ئەمگەك ئىدارىسى ، دېھقانچىلىق بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش باش ئىدارىسى قاتارلىق ئورۇنلاردىن مەسئۇل يولداشلارنى تەشكىللەپ ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ بىر تۇتاش رەھبەرلىكىدە ، پۈتكۈل ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئىشچى - دېھقانلار مائارىپ خىزمىتىنى بىر تۇتاش باشقۇرغان . بۇ كومىتېت ئۆز ئىشخانىسىنى مائارىپ ئىدارىسىدە تەسىس قىلغان . 1983 - يىلى 3 - ئايدا ، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ئاپتونوم رايونلۇق ئىشچى - دېھقانلار مائارىپ كومىتېتىنى ساقلاپ قېلىشنى قارار قىلىپ ، مائارىپ نازارىتىدە كۈندىلىك ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىش ئاپپاراتى تەسىس قىلىپ ، كۈندىلىك ئىشلارغا مەسئۇل بولۇش خىزمىتىنى ئۈستىگە ئالغان . شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا چوڭلار مائارىپ ئىدارىسىنى قۇرغان . چوڭلار مائارىپى ئىدارىسى مائارىپ نازارىتىگە قاراشلىق ئىككىلەمچى كەسپىي ئاپپارات ، شۇنداقلا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىشچى - دېھقانلار مائارىپ كومىتېتىنىڭ ئىش بېجىرىش ئاپپاراتى . بۇ ئىدارىنىڭ قارمىقىداچوڭلار ئالىي مائارىپ باشقارمىسى ، ئىشچى - خىزمەتچىلەر مائارىپ باشقارمىسى ، دېھقان - چارۋىچىلار مائارىپ باشقارمىسى ۋە كاتىبات ئىشخانىسى قاتارلىقلار بار . 1989 - يىلى 5 - ئايدا ، ئاپتونوم رايونىمىز چوڭلار مائارىپى ئىدارىسىنى تارقىتىۋەتكەن بولۇپ ، ئۇنىڭ كەسپىي ئىشلىرىنى ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتى بىۋاسىتە باشقۇرغان . مائارىپ كومىتېتىنىڭ ئىچىدە چوڭلار ئالىي مائارىپ باشقارمىسى ، ئىشچى - دېھقانلار مائارىپ باشقارمىسى تەسىس قىلىنغان .

(ماۋېنخۇا تەمىنلىگەن )

## ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى «ئىككى جەھەتتىن تولۇقلاش»

بۇ ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى مەدەنىيەت ۋە تېخنىكا جەھەتتىن تولۇقلاشنى كۆرسىتىدۇ. بۇنىڭ ئوبيېكتى 1968 دىن 1980 - يىلغىچە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى پۈتتۈرگەن ئىشچى - خىزمەتچىلەر بىلەن 1971 - يىلدىن 1980 - يىلغىچە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئىدى. ئەمەلىي سەۋىيىسى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەن سەۋىيىگە يېتەلمىگەنلەرگە مەدەنىيەت دەرسى، مەخسۇس كەسپىي مەشىقتىن ئۆتمىگەن 3 - دەرىجىلىك ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە تېخنىكا دەرسى تولۇقلىناتتى. مەدەنىيەت دەرسلىكلىرىدىن ئەدەبىيات، ماتېماتىكا، فىزىكا، خىمىيە، تارىخ، بىئولوگىيە، چەت ئەل تىلى (مىللىيلارغا خەنزۇ تىلى) قاتارلىقلار ئۆتۈلەتتى. 1980~1985 - يىللىرى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئىككى جەھەتتىن تولۇقلىنىدىغان ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ سانى 608 مىڭغا يەتكەن. «ئىككى جەھەتتىن تولۇقلاش» مەدەنىيەت دەرسىدىن لاياقەتلىك بولغانلار 128 مىڭغا يېتىپ، لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى 70.34% بولغان. تېخنىكا دەرسىدىن لاياقەتلىك بولغانلار 249 مىڭغا يېتىپ، لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى 68.01% بولغان.

(ماۋېنخۇا تەمىنلىگەن)

## ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىش ئىمتىھانى

1984 - يىلى 6 - ئايدا، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئالىي مائارىپ بويىچە ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىش ئىمتىھانى ئېلىش كومىتېتى قۇرۇشنى تەستىقلاش بىلەن بىر ۋاقىتتا، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئالىي مائارىپ بويىچە ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىش ئىمتىھانى ئېلىش لايىھىسى» نى تارقاتقان.

1985 - يىلى 11 - ئايدا، ئالىي مائارىپ بويىچە تۇنجى ئىمتىھان ئېلىنغان. 1986 - يىلى 11 - ئايدا، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئالىي مائارىپ بويىچە ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىش ئىمتىھانىغا يېتەكچىلىك قىلىش كومىتېتى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئالىي، ئوتتۇرا دەرىجىلىك كەسپىي مائارىپ بويىچە ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىش ئىمتىھانىغا يېتەكچىلىك قىلىش كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلگەن. 1985 - يىلى خەنزۇ، ئۇيغۇر، قازاق تىللىرىدا تۇنجى ئىمتىھان ئېلىنغان. ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، پەلسەپە، ئىقتىساد، قانۇن، پېداگوگىكا، ئەدەبىيات، تەبىئىي پەنلەر، سانائەت پەنلىرى، دېھقانچىلىق پەنلىرى، تېبابەتچىلىك قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 68 كەسىپتىن ئىمتىھان ئالغان. ھازىرغا قەدەر تىزىملاتقان ئوقۇغۇچىلىرى 350 مىڭدىن ئارتۇق، 1999 - يىلنىڭ ئاخىرىغىچە، جەمئىي 83 مىڭ 421 كىشى ئايرىم - ئايرىم ھالدا تولۇق كۇرس، مەخسۇس كۇرس ۋە ئوتتۇرا تېخنىكوم دىپلومىنى ئالغان بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەتلەر 29 مىڭ 783 كىشى.

(ماۋېنخۇا تەمىنلىگەن)

### شىنجاڭ تېببىي ئىنستىتۇتى

شىنجاڭ تېببىي ئىنستىتۇتى 1956 ـ يىلى قۇرۇلغان بولۇپ، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياردىمى ئاستىدا مەملىكىتىمىزنىڭ بىرىنچى بەش يىللىق پىلانىدىكى 156 نۇقتىلىق قۇرۇلۇش تۈرىنىڭ بىرى بولغان. دەسلەپتە داۋالاش فاكولتېتى ۋە بىر شۆبە دوختۇرخانىسى تەسىس قىلىنغان. 1978 ـ يىلى دورىگەرلىك فاكولتېتى، گېگىنا فاكولتېتى ۋە ئىككىنچى شۆبە دوختۇرخانىسىنى كۆپەيتىپ قۇرغان، شۇ يىلى بەزى پەنلەر بويىچە ماگىستىر، ئاسپىرانت قوبۇل قىلىشقا باشلىغان. 1960 ـ يىلى ئىشتىن سىرتقى ئۇنىۋېرسىتېتنى تەسىس قىلغان بولۇپ، 1980 ـ يىلى ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىشنى ئەسلىگە كەلتۈرگەن. 1988 ـ يىلى شىنجاڭدىكى تۇنجى تۈركۈم دوكتور، ئاسپىرانتلارنى قوبۇل قىلغان. شىنجاڭ تېببىي پەنلەر ئۇنىۋېرسىتېتىغا قوشۇلۇپ كېتىشتىن ئاۋۋال، فىزىئولوگىيە، پاتو فىزىئولوگىيە، فارماكولوگىيە، ئىچكى كېسەللىكلەر ئىلمى، تاشقى كېسەللىكلەر ئىلمى، ئاياللار كېسەللىكى ۋە تۇغۇت ئىلمى، ئادەم ئاناتومىيىسى، پاتو ئاناتومىيە، توقۇلما ۋە ئىمبرىئولوگىيە (تۆرەلمەشۇناسلىق)، باللار كېسەللىكلىرى ئىلمى، قۇلاق، بۇرۇن، كېكىردەك كېسەللىكلىرى ئىلمى، ئېغىز بوشلۇقى ئىلمى، تېرە كېسەللىكلىرى ئىلمى، يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر ئىلمى، رادىئاتسىيە ئارقىلىق دىئاگنوز قويۇش ئىلمى، ئۇزۇقلۇق ئىلمى، يېمەكلىك تازىلىقى ئىلمى، مۇھىت تازىلىقى ئىلمى، باللار تازىلىقى ئىلمى، ئەمگەك تازىلىق ئىلمى، تېببىي ستاتىستىكا قاتارلىق كەسپلەرنى تەسىس قىلغان بولۇپ، دوكتور، ئاسپىرانت تەربىيىلەش نۇقتىسىدىن 2 سى، ماگىستىر، ئاسپىرانت تەربىيىلەش نۇقتىسىدىن 28 ى، ئاپتونوم رايونلۇق نۇقتىلىق پەنلەردىن 3 ى بولغان.

مەكتەپ كۈچلۈك ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى، زامانىۋى داۋالاش ئەسلىھە ـ ئۈسكۈنىلەرگە ئىگە. ئوقۇتقۇچىلاردىن 421 ى (بۇنىڭ ئىچىدە پروفېسسوردىن 55 نەپەر، دوتسېنتتىن 105 نەپەر، لېكتوردىن 177 نەپەر، ئاستىنتتىن 61 ى) بار. مەكتەپتىكى تولۇق، مەخسۇس كۇرس ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ سانى 3014 نەپەر. ئىسلاھات ئېچىۋېتىلگەندىن بۇيان، بۇ ئىنستىتۇت كۆپلىگەن تەتقىقات نەتىجىلىرىگە ئېرىشكەن بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت دەرىجىلىك، مىنىستىر دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەنلىرىمۇ خېلى كۆپ سالماقنى ئىگىللەيدۇ. ھەر قايسى شۆبە دوختۇرخانىلىرى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا يۈرەك قان تومۇرى كېسەللىكلىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، يىلىك كۆچۈرۈش، يۈرەك كۆچۈرۈش قاتارلىق ساھەلەردە دۆلەتنىڭ ئىلغار سەۋىيىسىگە يەتكەن. بۇنىڭ ئىچىدە قاپلىق قۇرت كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە داۋالاش تەتقىقاتى ۋە ئارىسىدىن زەھەرلىنىپ قېلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە داۋالاش تەتقىقاتى دۆلەت ئىچى ـ سىرتىدا خېلى مۇھىم ئىلمى ئورۇندا تۇرىدۇ. ئىنستىتۇت قۇرۇلغان 42 يىلدىن بۇيان، جەمئىيەت ئۈچۈن دوكتور، ماگىستىرلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەر قايسى ساھەلەردىكى سەھىيە ـ ساقلىقنى ساقلاش خادىمىدىن 17 مىڭ 810 كىشىنى تەربىيىلەپ

ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى مائارىپ نازارىتىنىڭ تەستىقلىشى ئاستىدا
ي ئىنستىتۇتى بىلەن شىنجاڭ جۇڭيى ئىنستىتۇتى قوشۇلۇپ ، ھازىرقى
ي پەنلەر ئۇنىۋېرسىتېتى قۇرۇلدى .
(ماجۇنپىڭ تەمىنلىگەن )

### جۇڭيى ئىنستىتۇتى

پ 1961 ـ يىلى قۇرۇلغان ، سابىق شىنجاڭ جۇڭيى مەكتىپىدىن تەرەققىي

يىلى ، سابىق ئاپتونوم رايونلۇق جۇڭيى مەكتىپى ، جۇڭيى
، جۇڭيى تەتقىقات ئورنىنىڭ ئاساسىدا شىنجاڭ جۇڭيى ئىنستىتۇتى
وپ ، جۇڭگوچە داۋالاش ۋە يېڭنە سانجىپ داۋالاش كەسىپلىرىنى تەسىس
ەكتەپ شىنجاڭدىكى زور تۈركۈم داڭلىق جۇڭيى ۋە جۇڭيى ـ غەربچە
لەشتۈرگەن مۇتەخەسسىسلەرنى ئۆزىگە مۇجەسسەملەشتۈرگەن بولۇپ ،
ەتتىن ئوقۇتۇش ، داۋالاش ، ئىلمى تەتقىقات ئۈچى بىرلەشكەن ئوقۇتۇش
ى شەكىللەندۈرگەن . يوقىرى ، ئوتتۇرا ، تۆۋەن دەرىجىلىك ئۇنۋانغا ئىگە
ۇچىلار قوشۇنىغا ئىگە . بۇ مەكتەپتە جۇڭيىچە داۋالاش ، جۇڭيىچە يېڭنە
ش ، جۇڭيى دورىگەرلىكى قاتارلىق ئۈچ تولۇق كۇرس ، جۇڭيىچە داۋالاش ،
پ داۋالاش ، جۇڭيى دورىگەرلىكى ۋە جۇڭيىچە داۋالاش سىستېرالىقى
مەخسۇس كۇرس كەسپى تەسىس قىلىنغان . 1994 ـ يىلدىن باشلاپ
يىچە داۋالاش ـ دورىگەرلىك ئۇنىۋېرسىتېتى بىلەن بىرلىشىپ ، ئىچكى
ى جۇڭيىچە داۋالاش ئىلمى ، ئىچكى كېسەللىكلەرنى جۇڭيىچە ـ غەربچە
لەشتۇرۇپ داۋالاش ئىلمى ، يېڭنە سانجىش ۋە تېبابەتچىلىك قەدىمقى يېزىقى
سىپلەر بويىچە ماگىستىر ئاسپىرانتى قوبۇل قىلىپ كېلىۋاتىدۇ .
ـ يىلى كەسپىي ئوقۇتقۇچىلاردىن 149 كىشى بولۇپ (بۇنىڭ ئىچىدە
ن 15 ، دوتسېنتتىن 33 ، لېكتوردىن 87 ، ئاسسىستېنتتىن 11 نەپەر بار )
تولۇق ، مەخسۇس كۇرس ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانى 653 نەپەرگە يەتكەن .
لغاندىن بېرى ، جەمئىيەت ئۈچۈن ئوخشىمىغان سەۋىيە ، ئوخشىمىغان
يىچە داۋالاش ـ دورىگەر خادىملىرىدىن جەمئىي 4721 نەپەرنى تەربىيىلەپ
1 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى مائارىپ مىنىستىرلىقىنىڭ تەستىقلىشى
ىنجاڭ تېببىي ئىنستىتۇتى بىلەن بىرلىشىپ ، ھازىرقى شىنجاڭ تېببىي
رسىتېتىنى تەشكىل قىلدى .
(ماجۇنپىڭ تەمىنلىگەن )

## شىنجاڭ بىڭتۇەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومى

1987 ـ يىلى دۆلەت مائارىپ كومىتېتىنىڭ تەستىقى ئارقىلىق قۇرۇلغان ، يېزا ـ ئىگىلىك مىنىستىرلىقىغا بىۋاستە قاراشلىق بولغان ئالىي دەرىجىلىك پېداگوگىكا مەكتىپى . بۇ مەكتەپتە جۇڭگو تىلى فاكولتېتى ، بىئولوگىيە ، جۇغراپىيە ، خىمىيە فاكولتېتى ، فىزىمات فاكولتېتى ، چەت ئەل تىلى فاكولتېتى ، تەنتەربىيە فاكولتېتىدىن ئىبارەت 6 فاكۇلتېت تەسىس قىلىنغان بولۇپ ، ئۇنىڭ ئىچىدە تارىخ ، سىياسىي تەربىيە ، خەنزۇ تىل ئەدەبىياتى ، جۇغراپىيە ، بىئولوگىيە ، ماتېماتىكا ، فىزىكا ، خىمىيە ، گۈزەل ـ سەنئەت ، تەنتەربىيە قاتارلىق كەسپلەر ئېچىلغان ، مەكتەپنىڭ ئومۇمىي ئىگىلىگەن يەر مەيدانى 45421 كۋادرات مېتىر ، ئوقۇتۇش بىنالىرىنىڭ ئىگىلىگەن يەر مەيدانى 8889 كۋادرات مېتىر ، شىخەنزە ئۇنىۋېرستېتىگە قوشۇلۇپ كېتىشتىن ئىلگىرى بۇ مەكتەپتە 139 ئوقۇتقۇچى (ئۇنىڭ ئىچىدە 1 پروفېسسور ، 22 دوتسېنت ، 66 لېكتور ، 33 ياردەمچى ئوقۇتقۇچى بار ) ، مەخسۇس تولۇق كۇرس ئوقۇغۇچىلىرىدىن 850 نەپەر بار ئىدى . 1996 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى شىخەنزە تېببىي ئىنستىتۇتى ، شىخەنزە يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتى ، شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى ئىقتىساد ئالىي تېخنىكومى قاتارلىق مەكتەپلەر بىلەن ئۆز ئارا بىرلەشتۈرۈش ئارقىلىق شىخەنزە ئۇنىۋېرستېتى قۇرۇلدى .

(ماجۇنپىڭ تەمىنلىگەن )

## شىخەنزە يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتى

1959 ـ يىلى قۇرۇلغان ، يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىقىگە بىۋاستە قاراشلىق بولغان ئالىي دەرىجىلىك يېزا ئىگىلىك مەكتىپى بولۇپ ، غەربىي شىمالدىكى 5 ئۆلكە ، ئاپتونوم رايوننىڭ دېھقانچىلىق ، بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش تارماقلىرىغا ئالىي دەرىجىلىك دېھقان ـ چارۋىچىلىق كەسپىي خادىملىرىنى مەخسۇس تەربىيىلەيدىغان ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالغان . ئىنستىتۇتتا ئاگرونوم فاكولتېتى ، مال دوختۇرلۇق فاكولتېتى ، ئورمانچىلىق فاكولتېتى ، دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى فاكولتېتى ، سۇ قۇرۇلۇش فاكولتېتى ، يېزا ـ ئىگىلىك ئىقتىساد فاكولتېتى ، سىستېمىلاشقان پەن ـ تېخنىكا فاكولتېتى ، يېمەكلىك ئىلمى فاكولتېتى قاتارلىق فاكولتېتلار بار ، ئۇنىڭ ئىچىدە ئىجتىمائىي پەنلەر بۆلۈمى ، ئاساسىي پەنلەر بۆلۈمى ، بىئولوگىيە ئاساسىي پەنلىرى بۆلۈمى ، ئايرىم هالدا يەنە ئۆسۈملۈك بۆلۈمى ، مېۋە ـ چېۋە ، سەي ـ كۆكتات ، ئورمانچىلىق ئىلمى ، چارۋا ـ مال دوختۇرلۇق ، هايۋاناتلارنى بېقىش ۋە ئوزۇقلۇقنى پىششىقلاپ ئىشلەش ، يېزا ـ ئىگىلىك ئىقتىسادىي ، دېھقانچىلىق ئېتىز ـ ئېرىق سۇ ئىنشائاتى ، بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونى قۇرۇلۇشى ۋە پىلانى ، دېھقان ـ چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى ساقلاش ۋە پىششىقلاپ ئىشلەش ، دېھقانچىلىق سىستېما تىك قۇرۇلۇشى قاتارلىق كەسپلەر تەسىس قىلىنغان .

1980 - يىلدىن باشلاپ، ماگىستىر، ئاسپىرانتلارنى قوبۇل قىلىشقا باشلىغان. ئىنستىتۇتتا يەنە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق يېزا ئىگىلىك بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش كادىرلىرىنى تەربىيىلەش مەركىزى، چوڭلار مائارىپ باشقارمىسى، سىرتتىن ئوقۇش بۆلۈمى، ھەر خىل شەكىلدىكى چوڭلار ئالىي مائارىپىنى راۋاجلاندۇرۇش بۆلۈمى قاتارلىق ئورۇنلار تەسىس قىلىنغان. مەكتەپ ياتاق كۆلىمى 112 مىڭ كۋادرات مېتىر، ئۇنىڭدىن باشقا 199800000m² كېلىدىغان تەجرىبە مەيدانى بار. ئۇنىڭ ئىچىدە يەنە بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ئاشلىق مەھكىمىسىنىڭ كىتاب ساقلاش ئورنى بولۇپ، بۇ كۇتۇپخانىدا 23 تۈمەندىن ئارتۇق كىتاب ساقلانغان. ئىنستىتۇت بىڭتۇەننىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن، كەسپىي ئالاھىدىلىكىنى بىرلەشتۈرۈپ، 15 تەتقىقات ئاپپاراتى قۇردى، يەنى ئۇنىڭدىن باشقا، ئۆسۈملۈك كېسەللىكلىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش تەتقىقات ئىشخانىسى دۆلەت تەرىپىدىن پۈتۈن مەملىكەتكە ئېچىۋېتىلگەن تەتقىقات ئىشخانىسى قاتارىغا كىرگۈزۈلدى. ئىنستىتۇت 1978 - يىلدىن 1991 - يىلغىچە ئۆز ئۈستىگە ئالغان 654 خىل تەتقىقات تېمىسى بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە 165 خىل دۆلەت، ئاپتونوم رايون ۋە بىڭتۇەن دەرىجىلىك تەتقىقات تېمىسى بار بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى 102 خىل تەتقىقات تېمىسى دۆلەت مىنىستىر كومىتېتلىرى، ئاپتونوم رايون ۋە بىڭتۇەن تەرىپىدىن مۇكاپاتقا ئېرىشكەن. ئىنستىتۇت ئۇنىۋېرسال خاراكتېرلىك ئىلمى ژۇرنال يەنى «شىخەنزە يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتى ئىلمى ژورنىلى»نى نەشر قىلغان. 1996 - يىلغا بارغاندا مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ سانى 458 گە (ئۇنىڭ ئىچىدە 34 پروفېسسور، 125 دوتسېنت، 145 لېكتور، 95 ئاتسىستېنت، ئوقۇتۇش خادىملىرىدىن 95 كىشى بار) مەخسۇس تولۇق كۇرس ئوقۇغۇچىلىرى 3049 نەپەرگە يەتتى. 1996 - يىلى 4 - ئاينىڭ 4 - كۈنى شىخەنزە تېببىي ئىنستىتۇتى، شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەن ئىقتىساد ئالىي تېخنىكومى، شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى پېداگوگىكا مەكتىپى قاتارلىق مەكتەپلەر بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈپ شىخەنزە ئۇنىۋېرسىتېتى قۇرۇلدى.

## شىنجاڭ بىڭتۇەن ئىقتىساد ئالىي تېخنىكومى

ئەسلى ئاساسىي بىڭتۇەن مالىيە - ئىقتىساد كادىرلار مەكتىپى بولۇپ، 1958 - يىلى شىخەنزىدە قۇرۇلغان. 1987 - يىلى مەملىكەتلىك مائارىپ كومىتېتىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن بىڭتۇەن ئىقتىساد ئالىي تېخنىكومى مەكتىپى بولۇپ قۇرۇلۇپ، يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىقى ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان. مەكتەپ مالىيە بوغالتىرلىقى، پىلان ستاتىستىكا، كارخانا باشقۇرۇش، ھېسابلاش قاتارلىق كەسىپلەرنى تەسىس قىلغان. شىخەنزە ئۇنىۋېرسىتېتىغا قوشۇلۇپ كېتىشتىن ئىلگىرى، مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلار 98 نەپەر (بۇنىڭ ئىچىدە دوتسېنت 14 نەپەر، لېكتور 35 نەپەر، ئاستېنت 24 نەپەر) بولۇپ، مەكتەپتىكى تولۇق كۇرس، مەخسۇس كۇرستىكى ئوقۇغۇچىلار 907 نەپەر ئىدى. 1996 - يىلى 4 - ئاينىڭ 4 - كۈنى شىخەنزە تېببىي ئىنستىتۇتى بىلەن شىخەنزە يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتى، شىنجاڭ بىڭتۇەن دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپى بىرلىشىپ، شىخەنزە ئۇنىۋېرسىتېتى قۇرۇلدى.

# مائارىپ سىياسىتى ۋە
# قانۇن - نىزاملىرى

### شىنجاڭ ئالىي مەدرىس نىزامنامىسى

1905 - يىلى ئېلان قىلىنغان. نىزامنامىدە، مەكتەپتە باش خادىم 2 نەپەر تەسىس قىلىنغان بولۇپ، پوتكول مەكتەپنىڭ بارلىق ئىشلىرىنى بىر تۇتاش باشقۇرىدۇ، خادىم 1 نەپەر، تەشكىلات قوماندانى 1 نەپەر، ياردەمچى قوماندان 1 نەپەر بولۇپ، ئوقۇتۇش ئىشلىرىنى باشقۇرىدۇ دەپ بەلگىلەنگەن. ئەدەپ - ئەخلاق ئوقۇتقۇچىسى بىر نەپەر بولۇپ، 4 كىتاب، جوزى ئەركان ۋە ئەھكاملارنى ئۆگىتىدۇ. دەستۇر ئوقۇتقۇچىسى 1 نەپەر بولۇپ، بەش دەستۇرنى ئۆگىتىدۇ. جۇڭگو تىل - ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى 1 نەپەر بولۇپ، ئاممىباب قەدىمكى ئەدەبىياتنى ئۆگىتىدۇ. ھېساب ئوقۇتقۇچىسى 1 نەپەر بولۇپ، كەسىر سانلار نىسبىتى ۋە 4 ئەمەلنى ئۆگىتىدۇ. تارىخ ئوقۇتقۇچىسى 1 نەپەر بولۇپ، جۇڭگو - چەت ئەل تارىخىنى ئۆگىتىدۇ. جۇغراپىيە ئوقۇتقۇچىسى 1 نەپەر بولۇپ، جۇڭگو - چەت ئەل جۇغراپىيىسىنى ئۆگىتىدۇ. ئىنگلىز تىلى ئوقۇتقۇچىسى 1 نەپەر بولۇپ، گىراماتىكا، تەرجىمە بىلىملىرىنى ئۆگىتىدۇ. گىمناستىكا ئوقۇتقۇچىسى 1 نەپەر بولۇپ، تەنتەربىيە ھەرىكەتلىرىنى ئۆگىتىدۇ. دەرسلىكلەردىن: ئەدەب - ئەخلاق دەستۇرى، جۇڭگو ئەدەبىياتى، ماتېماتىكىلىق ئۆلچەش - سىزىش، جۇڭگو - چەت ئەل تارىخى، ھەربىي ئىلىم، ئىنگلىز تىلى، روس ئەدەبىياتى، گىمناستىكا، ئىنگلىز ئەدەبىياتى، روس تىلى بار بولۇپ، خالىغان پەننى تاللىسا بولىدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن.

### شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ مەجبۇرىيەت مائارىپىنى يولغا قويۇشتىكى 1 - مەزگىللىك پروگراممىسى

1935 - يىلى 11 - ئايدا ئېلان قىلىنغان. پروگراممىدا: 1935 - يىلى 8 - ئايدىن 1940 - يىلى 7 - ئايغىچە بولغان مەزگىل شىنجاڭنىڭ مەجبۇرىيەت مائارىپىنى يولغا قويۇشتىكى بىرىنچى مەزگىلى بولۇپ، بۇ مەزگىلدە ھەر قايسى تارماقلار ئادەتتىكى باشلانغۇچ مەكتەپلەرنى كۆپەيتكەندىن سىرت، 1 يىللىق قىسقا مۇددەتلىك باشلانغۇچ مەكتەپنى تەسىس قىلىپ، 9 ياشتىن 12 ياشقىچە ئوقۇشسىز قالغان بالىلارنى قوبۇل قىلىش كېرەكلىكىنى بەلگىلىگەن. پروگراممىدا باشلانغۇچ مەكتەپلەردە ئوقۇش پۇلى ئالماسلىقنى، قىسقا مەزگىللىك باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇش ماتېرىياللىرىنى ھەقسىز تەمىنلەش كېرەكلىكى ئېنىق بەلگىلەنگەن.

### خوجىنىيازنىڭ مائارىپ ھەققىدىكى تەكلىپى

1936 - يىلى شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى خوجىنىياز ئوتتۇرىغا قويغان

مىللىي مائارىپنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ھەققىدىكى تەكلىپ بولۇپ ، بۇ تەكلىپ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ 167 ـ قېتىملىق ۋەكىللەر يىغىنىدا ماقۇللانغان ۋە مائارىپ نازارىتىگە تاپشۇرۇلۇپ يولغا قويۇلغان . خوجىنىياز تەكلىپىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى :

(1) تەھرىرلىك كومىتېتىدا ئۇيغۇرچە دەرسلىك ماتېرىياللار تەھرىر بۆلۈمى تەسىس قىلىش ، چەت ئەلدىن ئۇيغۇر ئىختىساسلىق خادىمدىن 4~5 نەپەر تەكلىپ قىلىش ، يەرلىك ئۇيغۇر مۇنەۋۋەر خادىملار بىلەن بىرگە ، ئەينى زاماننىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن دىنىي ئادەتلەر ، ئۆرپ ـ ئادەتلەر ، يەرلىك تارىخىي تەرەققىياتنى ئاساس قىلىپ ، ئۇيغۇر تىلىدىكى ئوتتۇرا مەكتەپتىن تۆۋەن يىللىقلاردا قوللىنىلىدىغان دەرسلىك كىتاب قىلىپ تۈزۈش ، بۇنى مائارىپ نازارىتىنىڭ قارارىدىن ئۆتكەندىن كېيىن بىر تۇتاش قوللىنىش .

(2) ئۇيغۇرچە ماتېرىياللارنى سېتىۋېلىش ، ئالدى بىلەن ئىلى ، تارباغاتاي ، ئالتاي ، قەشقەر قاتارلىق رايونلاردا مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپ ، پېداگوگىكا مەكتەپلىرىنى قۇرۇپ ، مەبلەغ سېلىپ مائارىپنى كېڭەيتىش .

(3) خەنزۇ ـ ئۇيغۇرلارغا ئورتاق دەرسلىك ماتېرىياللارنى تۈزۈشنى توختىتىپ ، خاتالىقتىن ساقلىنىش ، خەلقنىڭ خاتا چۈشەنچىدە بولۇشىنىڭ ئالدىنى ئېلىپ ئايرىم تۈزۈش .

(4) تۆۋەن دەرىجىلىك باشلانغۇچ مەكتەپتە خەنزۇ تىلى دەرسى ئۆتمەسلىك ، ئالىي دەرىجىلىك باشلانغۇچ مەكتەپتە ئازىراق ئۆتۈش ، ئوتتۇرا مەكتەپ ۋە پېداگوگىكا مەكتەپلىرىگە چىققاندىن ئاندىن ئۇيغۇرچە ـ خەنزۇچە ئارىلاش ئۆتۈش .

(5) ئوتتۇرا مەكتەپ ، پېداگوگىكا مەكتەپلىرىنى تەسىس قىلىشتا ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتىنى ئاساس قىلىش ، مەخسۇس خادىم ياكى داڭلىق شەخسلەرنى تەكلىپ قىلىپ ، دەرس ئۆتۈشكە يېتەكچىلىك قىلدۇرۇش ، ئۇلار كەسپى ھەۋەسكە باي بولۇش ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەپ ، كېرەكلىك ئىختىساس ئىگىلىرىنى تەربىيەلەپ چىقىرىش .

(6) ھەر قايسى مەكتەپ رەھبەرلىرى مۇنەۋۋەرلىرىنى تاللاپ چىقىپ ، ياشلارنىڭ ئەقلىي ـ ئەخلاقىي جەھەتتىن تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ، سىياسەتنى چوڭقۇر تونۇتۇشنى ئاساس مەقسەت قىلىپ ، يېڭى شىنجاڭنىڭ قۇرغۇچىلىرىنى يېتىشتۈرۈش .

(7) ھۆكۈمەت تاشكەنتتىن بارلىق ئۇيغۇرچە باسما ماشىنا ئەسلىھەلىرىنى كىرگۈزۈپ ، ئۇنى ئۈرۈمچىگە ئورنىتىش ، ياكى خەلقنىڭ پۇل توپلاپ ھۆكۈمەتكە مەلۇمات بەرگەن ئاساستا سېتىۋېلىشىغا رۇخسەت بېرىش ، كىتابلارنى بېسىشتا ھۆكۈمەتنىڭ ماقۇللىقىنى ئالغاندىن كېيىن باسمىغا بېرىش .

## شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ باشلانغۇچ مەكتەپلەر ۋاقىتلىق چارىلىرى

1938 ـ يىلى 9 ـ ئايدا ئېلان قىلىنغان . بۇ چارىدە مۇنداق دەپ بەلگىلەنگەن :

(1) مائارىپ فاڭجېنى : باشلانغۇچ مەكتەپلەر يېڭى ھۆكۈمەتنىڭ مىللەتلەرنى

ئاساسىي شەكىل، 6 بۈيۈك سىياسەتنى مەزمۇن قىلىشتىن ئىبارەت مائارىپ مەقسىتى ۋە يولىغا قويۇش فاڭجېنىغا ئەمەل قىلىپ، ھەر مىللەت ئۆسمۈرلىرىنىڭ جىسمانىي ۋە روھىي ھەمدە تۇرمۇشىغا ئېھتىياجلىق بولغان ئاساسىي بىلىم ماھارەتلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ھەمدە 6 بۈيۈك سىياسەتنى نەزەرىيىۋى ئاساس سۈپىتىدە سىڭدۈرۈش.

(2) ئوقۇش تۈزۈمى: باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇش يىلى 6 يىللىق بولۇش، ئالدىنقى 4 يىل تۆۋەن دەرىجىلىك باشلانغۇچ، كېيىنكى 2 يىل ئالىي دەرىجىدىكى باشلانغۇچ بولۇش، تۆۋەن دەرىجىلىك باشلانغۇچ مەكتەپنى يەرلىك ئورۇننىڭ ئەھۋالىغا ئاساسەن تەسىس قىلىش.

(3) تەسىس قىلىش: باشلانغۇچ مەكتەپنى رايون، ناھىيە ياكى يېزا - بازار تەسىس قىلىش، ئالاھىدە ئەھۋالغا ئىگە بولسا ئۆلكە دەرىجىلىك قىلىپ تەسىس قىلىش، ناھىيە تەسىس قىلغان بولسا ناھىيىلىك باشلانغۇچ بولۇش، يېزا - بازار تەسىس قىلغان بولسا يېزا، بازارلىق باشلانغۇچ بولۇش، خۇسۇسلار ياكى كوللېكتىپلار تەسىس قىلغان بولسا خۇسۇسىي باشلانغۇچ بولۇش، پېداگوگىكا مەكتەپلەر ياكى ئادەتتىكى پېداگوگىكا مەكتەپلەر ھەمدە ئوتتۇرا مەكتەپلەر تەسىس قىلغان بولسا، پېداگوگىكا ياكى ئادەتتىكى پېداگوگىكا ھەمدە ئوتتۇرا مەكتەپ قارمىقىدىكى باشلانغۇچ بولۇش.

(4) ئوقۇتۇش شەكلى: باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتۇشىدا تاق شەكىللىك ئوقۇتۇش قوللىنىش، ئالاھىدە ئەھۋالدا قوش شەكىللىك ئوقۇتۇش قوللىنىش.

(5) دەرسلىك: باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتۇش پەنلىرى ۋە دەرسلىك ئۆلچىمى مىنىستىرلىقنىڭ تەلىپىگە ئاساسلانغاندىن باشقا، مائارىپ نازارىتى ئۆلكە ئېھتىياجىغا ئاساسەن بېكىتىش.

(6) دەرسلىك ماتېرىيال: باشلانغۇچ مەكتەپلەر مائارىپ تەرجىمە - تەھرىر كومىتېتى تۈزگەن ۋە مائارىپ نازارىتىنىڭ تەستىقىدىن ئۆتكەن ماتېرىياللارنى ئىشلىتىش.

(7) ئوقۇش پۇلى: باشلانغۇچ مەكتەپلەر ئوقۇش ھەققى يىغماسلىق.

## شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ ئاممىۋى مەكتەپلەر ۋاقىتلىق قائىدىسى

1938 - يىلى 9 - ئايدا ئېلان قىلىنغان. پۈتۈن بەلگىلىمە 22 مىزاندىن تۈزۈلگەن بولۇپ، ئاساسىي مەزمۇنى تۆۋەندىكىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

(1) مەكتەپ قۇرۇش ئاساسىي مەقسىتى: ئاممىۋى مەكتەپلەر ھۆكۈمەتنىڭ «مىللەتنى شەكىل، 6 بۈيۈك سىياسەتنى مەزمۇن» قىلغان مىللىي مەدەنىي مائارىپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى ئاساس قىلىپ، ئوقۇشسىز قالغانلارغا ئاددىي بىلىم - ماھارەت ئۆگىتىش.

(2) تەسىس قىلىش: ئاممىۋى باشلانغۇچ مەكتەپلەرنى ئۆلكە ياكى ناھىيە، يېزا - بازار ھەمدە ھەر قايسى ئاممىۋى گۇرۇھ تەشكىلاتلار، زاۋۇت، ماگىزىنلار ئايرىم -

ئايرىم تەسىس قىلىش .

(3) ئوبيېكتى : ئومۇمەن 16 ياشتىن يۇقىرى ئوقۇشسىز قالغان بالىلار ئاممىۋى مەكتەپكە كىرسە بولىدۇ . قىسقا مۇددەتلىك مەجبۇرىي مائارىپنى ئىجرا قىلمىغان ئورۇنلاردا يېشى 10 ياشتىن يۇقىرى ئوقۇشسىز قالغان ئۆسمۈرلەر ئاممىۋى مەكتەپلەرگە كىرىپ ئوقۇسا بولىدۇ .

(4) ئوقۇش پۇلى : ئاممىۋى مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلار ئىشلىتىدىغان كىتاب ، قەغەز ، قەلەم قاتارلىقلارنى مەكتەپ تەمىنلەيدۇ .

(5) ئوقۇش يىل چەكلىمىسى : ئاممىۋى مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇش مۇددىتى چەكلىمىسى 6 ئاي بولۇپ ، ئاممىۋى مەكتەپلەردە دۆلەت تىلى (ئاممىۋى ساۋاتتىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) ، ھېساب (چوتتا ھېسابلاش ۋە قەلەم ئارقىلىق ھېسابلاشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) ، مۇزىكا ، تەنتەربىيە قاتارلىق دەرسلەر بولىدۇ ، ئالىي دەرىجىدىكى سىنىپلار كەسىپكە ئائىت پەنلەرنى تەسىس قىلسا بولىدۇ ، ئاممىۋى مەكتەپلەردە دەرسلىك قىلىپ قوللىنىدىغان ماتېرىياللار مائارىپ مىنىستىرلىقى تۈزۈپ تەھرىرلىگەن ياكى تەكشۈرۈپ بېكىتكەن كىتاپلاردىن بولۇشى كېرەك .

## شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ باشلانغۇچ مەكتەپلەردە قوشۇمچە ئىجتىمائىي تەلىم - تەربىيىنى يولغا قويۇش چارىلىرى

1938 - يىلى 10 - ئايدا ئېلان قىلىنغان . چارىدە مۇنداق دەپ بەلگىلەنگەن : پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەر قايسى باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ پۈتۈن نەتىجىلىرىنى باھالاشتا ئۇنىڭ ئىجتىمائىي تەلىم - تەربىيە خىزمىتىنىڭ ياخشى - يامانلىقى قىسمەن ئاساس قىلىنىدۇ ، قوشۇمچە ئىجتىمائىي تەلىم - تەربىيە خىزمىتى خەت تونۇتۇش پائالىيىتى ، جاھانگىرلىككە قارشى تەشۋىقات ، لوزۇنكىلار ۋە ھەجۋىي رەسىم ، يېڭى تىياتىر ئويناش ، ناخشا ئېيتىش پائالىيىتى ، ئاممىۋى مەكتەپ ، ئاممىۋى خەت سوراش ئورنى ۋە ۋاكالىتەن يېزىش ئورنى ، ئائىلە زىيارىتى ۋە ساۋاتسىزلارنى تەكشۈرۈش ، ياش - ئۆسمۈر ئەپەندىلەر ئەترىتى ، سەھىيە - تازىلىققا رەھبەرلىك قىلىش ، دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق بىلىملىرىنى تەشۋىق قىلىش ۋە يېتەكچىلىك قىلىش ، يەرلىكنىڭ قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا ياردەم بېرىش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ . ئاممىۋى مەكتەپلەر جەمئىيەت مائارىپىدىكى ئەڭ مۇھىم مەسىلە بولۇپ ، ئومومەن ، ھەر قايسى باشلانغۇچ مەكتەپلەر تەسىس قىلغان ئاممىۋى مەكتەپلەرنى شۇ مەكتەپلەرنىڭ ئۆزى ھەقىقىي تۈردە مەسئۇل بولۇپ رەھبەرلىك قىلىشى كېرەك .

## شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ باشلانغۇچ مەكتەپلەر مەمۇرىيەت تەشكىلاتلىرىنىڭ ئۆلچەملىك پروگراممىسى

1939 - يىلى 6 - ئايدا ئېلان قىلىنغان . پروگراممىدا : باشلانغۇچ مەكتەپلەردە مەكتەپ مۇدىرى تەسىس قىلىش بەلگىلەنگەن ، مەكتەپ مۇدىرىنىڭ ئاستىدا تەرتىپ -

ئەخلاق باشقارمىسى ، ئوقۇتۇش ئىشلىرى باشقارمىسى ، خوجىلىق باشقارمىسى تەسىس قىلىنغان . تەرتىپ - ئەخلاق باشقارمىسى قارمىقىدا مەدەنىي كۆزىتىش بۆلۈمى ، قوغداش بۆلۈمى ، باللارنى مۇستەقىللىقتا يېتەكلەش بۆلۈمى تەسىس قىلىنغان . ئوقۇتۇش ئىشلىرى باشقارمىسى قارمىقىدا دەرستىن سىرتقى تاپشۇرۇق بۆلۈمى ، تەنتەربىيە بۆلۈمى ، دىئاگراممىلىق ستاتىستىكا بۆلۈمى ، نەتىجە تەكشۈرۈش بۆلۈمى ، ئوقۇغۇچىلار رويخېتى بۆلۈمى تەسىس قىلىنغان .

خوجىلىق باشقارمىسى قارمىقىدا : كىتاب ، ماتېرىيال بۆلۈمى ، سەھىيە - تازىلىق بۆلۈمى ، كاتىباتلىق بۆلۈمى قاتارلىقلار بولغان .

## شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ باشلانغۇچ مەكتەپلەر تەرتىپ - ئەخلاق پروگراممىسى ۋە يولغا قويۇش چارىلىرى

1939 - يىلى 6 - ئايدا ئېلان قىلىنغان . پروگراممىدا بەلگىلەنگەن تەرتىپ - ئەخلاق نىشانى : «ئاممىۋى تەلىم - تەربىيىنى مەركەز قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا تۆۋەندىكىلەرگە ئالاھىدە دىققەت قىلىش : (1) قورقۇنچاقلىق ، شۈكۈر قىلىشتىن قەتئىي ساقلىنىش ، باتۇرلۇق بىلەن كۈرەش قىلىدىغان روھنى يېتىلدۈرۈش . (2) هورۇنلۇقتىن ساقلىنىش ، مەسئۇلىيەتچان ، مۇستەقىللىق ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈش . (3) شەخسىي مەنپەئەتىنىلا كۆزلەشتىن ساقلىنىش ، ۋەتەننى ، خەلقنى سۆيىدىغان ئاڭنى يېتىلدۈرۈش . (4) خاتالىششتىن ساقلىنىش ، 6 بۈيۈك سىياسەتكە سادىق بولۇشتەك ئىدىيىنى يېتىلدۈرۈش ، تەرتىپ - تەربىيە خىزمىتىنى ساغلاملىق ، ئىتتىپاقلىق ، ئىلىم - پەن ، تۇرمۇش قاتارلىق 4 تەرەپتىن ئېلىپ بېرىش ، هەر قايسى مەكتەپتىكى باللارنىڭ قىزىقىش ئىقتىدارىنى ئەھۋالغا قاراپ ئاشۇرۇش ياكى ئازلىتىش تەلپى ئوتتۇرىغا قويغان . دەرس مەزمۇنىنى يىللىقلارنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن ، قىيىن - ئاسانلىقىنى تەڭشەش ، ئەھۋالغا قاراپ ئوقۇتۇش .

## شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ تاجاۋۇزچىلىققا قارشى تۇرۇش تەربىيىسى بويىچە باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى تەلىم - تەربىيە دەرسلىكى

1939 - يىلى 6 - ئايدا ئېلان قىلىنغان . دەرسلىكتە مۇنداق دەپ كۆرسىتىلگەن . «مائارىپ دېمەك تۇرمۇش دېمەكتۇر» دېگەن پرىنسىپقا ئاساسەن ، نۆۋەتتە قانات يايدۇرۇلۇۋاتقان مىللىي ئازادلىق ئۇرۇشىنىڭ مۇھىم مەزگىللىرىدە ، تۇرلۇك مۇداپىئە خىزمەتلىرىنى ياخشى ئىشلەپ ، ئامانلىقنى كۈچەيتىپ ، ئارمىيە - دۇشمەن ۋەزىيىتى ، خەلقئارا ۋەزىيەتنى تولۇق تونۇش ھەمدە مىللىي غۇرۇر ، ئىشەنچىنى جارى قىلدۇرۇش ، نۆۋەتتە خەلقنىڭ تاجاۋۇزچىلىققا قارشى كۈرەش قىلىش تۇرمۇشىنىڭ جىددىي تەلىپىدىن ئىبارەت ، شۇڭا باشلانغۇچ مەكتەپتە تەرتىپ - تەربىيە ئېلىپ بېرىش جەريانىدا ، تاجاۋۇزچىلىققا قارشى تۇرۇشنى مەركىزىي ئىدىيە ، ئەل - يۇرتنى قوغداشنى

ئەمەلىيەتنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى قىلغان تەلىم - تەربىيىنى سىڭدۇرۇش كېرەك . تەربىيە بۆلەكلەر بويىچە ، ئەل - يۇرتنى قوغداش ، تاجاۋۇزچىلىققا قارشى تۇرۇش ، جۇڭخۇانى ئازاد قىلىش ، يېڭى دۇنيا قۇرۇشتىن ئىبارەت 4 بۆلەككە بۆلۈنۈپ ئېلىپ بېرىلىشى ، ھەر بىر چوڭ بۆلەك بىرقانچە كىچىك بۆلەككە بۆلۈنۈشى كېرەك .

## شىنجاڭ ئۆلكىسى مائارىپ ئورگانلىرىنىڭ ھۆكۈمەت ئىگىدارچىلىقىدىكى ئاممىۋى مەكتەپلەرگە يېتەكچىلىك قىلىش مىزانى

1939 - يىلى 2 - ئايدا ئېلان قىلىنغان . مىزاندا مۇنداق دەپ بەلگىلەنگەن ، ھەر قايسى مائارىپ مەمۇرىي ئورگانلىرى ھۆكۈمەت ئىگىدارچىلىقىدىكى ئاممىۋى مەكتەپلەرنىڭ ۋەزىپىسى ، مەقسىتىگە يېتەكچىلىك قىلىشتا ، ھۆكۈمەت ئىگىدارچىلىقىدىكى مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتۇش مەزمۇنى ۋە تەشكىللىنىش ئەھۋالىنىڭ ھۆكۈمەتنىڭ مەدەنىي - مائارىپ سىياسىتىگە بىردەك ئۇيغۇن بولۇشىغا كاپالەت قىلىش ، ئاممىۋى مەكتەپ ۋە ھۆكۈمەت ئىگىدارچىلىقىدىكى ئاممىۋى مەكتەپلەرنىڭ تەرەققىياتى تەڭپۇڭ بولۇش تەلەپ قىلىنىدۇ . مائارىپ مەمۇرىي ئورگانلىرى ئۇيۇشما ئاممىۋى مەكتەپلەرنى قۇرۇشقا قارىتا ، مائارىپ ، ئوقۇتۇش ، ماتېرىيال جەھەتلەردە ھەر قايسى مەمۇرىي ئورگانلار زور ياردەم بېرىشى ، ھەر قايسى ھۆكۈمەت ئىگىدارچىلىقىدىكى ئاممىۋى مەكتەپلەردە ئوقۇتقۇچى كەمچىل بولغاندا ، ھەر قايسى مائارىپ مەمۇرىي ئورگانلىرى ئىمكانىيىتىنىڭ بارىچە تەڭشەپ تولۇقلىشى لازىم ، مائارىپ مەمۇرىي ئورگانلىرى ھۆكۈمەت ئىگىدارچىلىقىدىكى ئاممىۋى مەكتەپلەرنىڭ دەرسلىك ماتېرىياللىرىنىڭ ھۆكۈمەتنىڭ بەلگىلىگەن ئۆلچىمىگە ئۇيغۇن كەلگەن - كەلمىگەنلىكىنى دائىم تەكشۈرۈپ تۇرۇشى ، ئەگەر ئۇيغۇن كەلمىسە ئۆز ۋاقتىدا تۈزىتىشى ، ھەر قايسى مائارىپ مەمۇرىي ئورگانلىرى مائارىپ نازارىتى ئېلان قىلغان ھۆكۈمەت ئىگىدارچىلىقىدىكى مەكتەپلەرنى تۈزەش ۋە رەتلەش ھەققىدىكى پىلان ۋە پەرمانلارنى ھۆكۈمەت ئىگىدارچىلىقىدىكى ئاممىۋى مەكتەپلەرگە قارىتا ئىجرا قىلىشتىن سىرت ، ئۇيۇشما مەكتەپلىرىگە قارىتا ئىشلەتسىمۇ بولىدۇ . ھەر قايسى مائارىپ مەمۇرىي ئورگانلىرى ھۆكۈمەتنىڭ مەدەنىيەت - مائارىپ سىياسىتىگە خىلاپلىق قىلغان ھۆكۈمەت ئىگىدارچىلىقىدىكى ئاممىۋى مەكتەپلەرگە قارىتا ، تەربىيە ئېلىپ بارسىمۇ تۈزەتمىگەنلەرنىڭ تەشكىلىنى قايتا قۇرىدۇ ياكى توختىتىدۇ .

## مائارىپ مەمۇرىي تارماقلىرىنىڭ جەمئىيەت تەربىيىسىنى ئىلگىرى سۈرۈش ھەققىدىكى خىزمەت پروگراممىسى

1939 - يىلى 12 - ئايدا ئېلان قىلىنغان . پروگراممىدا : ھەر قايسى مائارىپ مەمۇرىي ئورگانلىرى چوقۇم جەمئىيەت تەربىيىسىنى خىزمەتنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى دەپ قارىشى كېرەكلىكى تەلەپ قىلىنغان . بۇنى ئىلگىرى سۈرۈش پرىنسىپلىرى : زور

كۆچ بىلەن ئومۇمىيلىقىغا ، شەكلى ھەر خىل بولۇشقا ، ئېھتىياجغا ماس كەلگەن بولۇشقا ، ۋاستىچى كۆچلەردىن پايدىلىنىشقا ، پۇرسەتكە دىققەت قىلىشقا قارىتا تەلەپ قويۇش ؛ ئىلگىرى سۈرۈش مەزمۇنلىرى : ساۋات چىقىرىش تەربىيىسى ، سىياسىي تەربىيە ، تۇرمۇش تەربىيىسى ، ساغلاملىق تەربىيىسى ، تەنتەربىيە ـ كۆڭۈل ئېچىش تەربىيىسى . ئىلگىرى سۈرۈش ئۇسۇللىرى : جەمئىيەت تەربىيىسىنى ئىلگىرى سۈرۈش كومىتېتى قۇرۇش ، ھەر قايسى مەكتەپلەرنىڭ جەمئىيەت تەربىيىسىنى قوشۇمچە يولغا قويۇش خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىش ، مائارىپ مەمۇرىي ئورگانلىرى بىلەن جەمئىيەت تەربىيىسى ئورگانلىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى كۈچەيتىش .

## ئاممىۋى مائارىپ سارايلىرىنىڭ خىزمەت پروگراممىسى

1939 ـ يىلى 11 ـ ئايدا ئېلان قىلىنغان . پروگراممىدا مۇنداق دەپ بەلگىلەنگەن : ئاممىۋى مائارىپ سارايلىرىنىڭ ئاساسىي مەقسىتى ھۆكۈمەتنىڭ 6 بۈيۈك سىياسىتىنى ئاساس قىلغان ھالدا ، ئاممىۋى مائارىپنى كېڭەيتىپ ، مىللەتنىڭ مەدەنىيىتىنى ئىلگىرى سۈرۈش . ساغلام پۇقرالارنى يېتىشتۈرۈش ئارقىلىق خەلقنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلاش ۋە جەمئىيەت تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش . تاجاۋۇزچىلىققا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدە خەلق مائارىپ سارايلىرى پۈتۈن كۈچىنى مىللەتنىڭ ئېڭىنى ئۇستۇرۇشكە قارىتىش ، تاجاۋۇزچىلىققا قارشى ئۇرۇش ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇپ ، تاجاۋۇزچىلىققا قارشى تۇرۇپ ، يېڭى ئۆلكە قۇرۇشتەك ئۇلۇغ ئىشنى ئورۇنلاش . خەلق مائارىپ سارايلىرى خىزمىتى ساراي ئىشلىرى ، كىتاب ۋە كۆرگەزمە ، يېتەكچىلىكتىن ئىبارەت 3 قىسىمغا ئايرىلىدۇ . يېتەكچىلىك جەھەتتە ، ساۋات چىقىرىش تەربىيىسى ئۈچۈن مۇكەممەل ئاممىۋى مەكتەپ ياكى ساۋات چىقىرىش سىنىپىنى قۇرۇپ ، باشقا خەلق مەكتەپلىرىگە ئۈلگە بولۇش ، ھەر خىل پراكتىكا سىنىپلىرى ياكى تەربىيىلەش سىنىپلىرى ھەمدە ماتېرىيال ۋە ئوقۇتۇش ئۇسۇلى سىناق ـ تەجرىبىخانىلىرىنى قۇرۇش . مۇناسىۋەتلىك ئىشتىن سىرت پراكتىكا مەكتەپلىرىنى قۇرۇش ، ئىلمىي مۇنازىرە ئېلىپ بېرىش ھەمدە مۇتەخەسسىسلەرنى تەكلىپ قىلىپ نۇتۇق سۆزلەتكۈزۈش ، رايوندىكى ھەر قايسى مىللىي مەكتەپلەر ياكى باشلانغۇچ مەكتەپلەر بىلەن ھەمكارلىشىپ ، قوشۇمچە جەمئىيەت تەربىيىسى ئېلىپ بېرىش . ئاممىۋى خەت سوراش ئورنى ۋە ۋاكالىتەن يېزىپ بېرىش ئورنى قۇرۇش . خەلق ئوقۇشلۇقلىرىنى تۈزۈش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ . پۇقرالار مائارىپ تەربىيىسى جەھەتتە : ھەر قايسى مەكتەپلەر بىلەن ھەمكارلىشىپ پۇقرالار تەربىيىسى ئېلىپ بېرىش ، يەرلىك تەلىم ـ تەربىيە تەشكىلاتلىرى بىلەن ھەمكارلىشىش ھەم ئۇنىڭغا قاتنىشىش ، ئېقىم مەسىللىرى توغرىسىدا چىقىرىدىغان تام گېزىتلىرى ، جەدۋەللەرنى تۈزۈش ، ئېقىم مەسىللىرى تەتقىقات كومىتېتى تەشكىللەش ، پىلانلىق ھالدا ھۆكۈمەتنىڭ ئەمىر ـ پەرمانلىرىنى چۈشەندۈرۈش ۋە ئۇنى تەشۋىق قىلىش . تۈرلۈك ئومۇمىي ساۋاتتىن مەسلىھەت بېرىش ئورنى ، ئاممىۋى مەكتەپلەردە ئۈچۈر ـ مۇلازىمەت ئورنى قۇرۇش ،

ئەدەپ ـ يۇسۇن ھەرىكىتىنى ياخشى ئېلىپ بېرىش ، تەسىرلەندۈرۈش مائارىپىنى ئېلىپ بېرىش قاتارلىق مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ . ساغلاملىق تەربىيىسى جەھەتتە : خەلقنى تەنتەربىيە پائالىيەت پۇرستى بىلەن تەمىنلەش ، رايونلۇق خەلق تەنتەربىيە تەشكىلاتىنىڭ خىزمەتلىرى بىلەن ھەمكارلىشىپ قىلىش ، خەلق ئىچىدە تەنتەربىيە مۇسابىقىسى ۋە تۈرلۈك ساغلاملىق مۇسابىقىلىرىنى ئېلىپ بېرىش . كېسەلدىن ، زەھەردىن مۇداپىئەلىنىش ۋە تەرتىپكە سېلىش ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىش . دۆلەتنى قوغداش مەشقىنى تەشكىللەش . خەلق ئىچىدە سەھىيە ـ ساغلاملىق تەشۋىقاتىنى ۋە يېتەكچىلىك پائالىيىتى ئېلىپ بېرىش قاتارلىق مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ . تەنتەربىيە ـ كۆڭۈل ئېچىش جەھەتتە : كىنولارنى مۇقىم قويۇش ۋە سەييارە قويۇش پائالىيىتى ئېلىپ بېرىش ، تىياتىر ئويناش ، ناخشا ئېيتىش پائالىيىتىنى ئاشكارا ئېلىپ بېرىش ياكى سەييارە قويۇش ، شەھەر رايونلۇق ياكى يېزىلىق خەلق ناخشا ئۆمىكى ياكى مۇزىكا ئەترىتى تەشكىللەش ۋە يېتەكچىلىك قىلىش . شەھەر رايونلۇق ياكى يېزىلىق تىياتىر ئۆمىكى تەشكىللەش ۋە يېتەكچىلىك قىلىش . مەدەنىي كۆڭۈل ئېچىش بىرلەشمە يىغىنى ئۆتكۈزۈش قاتارلىق مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ . سەنئەت جەھەتتە : ھەر خىل ئېقىمدىكى ھەجۋىي رەسىم ياكى ھەجۋىي رەسىم تەتقىقاتىنى تەشكىللەپ ئېلىپ بېرىش ، يەرلىكتىكى سەنئەت تالانتلىقلىرىدىن ۋە ئۇستىلىرىدىن پايدىلىنىپ ، سەنئەت مەشقىگە تەشكىللەش ، مۇناسىۋەتلىك تارماقلار بىلەن بىرلىشىپ ، ھەر خىل قەدىمىي بۇيۇملار ۋە قەدىمىي رەسىملەرنى يىغىپ ـ رەتلەش . ھەر قايسى مىللەتلەرگە خاس سەنئەت ۋە توپلىغان ئەسەرلىرىنى مەبلەغ سېلىپ تەتقىق قىلىش ۋە تەكشۈرۈش ، راۋاجلاندۇرۇش .

## شىنجاڭ ئىنستىتۇتى تەشكىلاتىنىڭ پروگراما لايىھىسى

1939 ـــ يىلى 9 ـ ئايدا ئېلان قىلىنغان . پروگراما شىنجاڭ ئىنستىتۇتىنىڭ مەكتەپ باشقۇرۇش تۈپ مەقسىتى ، مەكتەپ مەمۇرىي سىستېمىسىغا قارىتا كونكرېت بەلگىلىملەرنى تۈزگەن . پروگراممىنىڭ 1 ـ بەلگىلىمىسىدە مۇنداق دېيىلگەن : «ئىنستىتۇت 6 بۈيۈك سىياسەتكە ئاساسەن ، مەخسۇس پەن ـ تەتقىقاتى ئېلىپ بېرىش ، ساغلام پەزىلەت تاۋلاپ چىقىش، ئەمەلىي ئىقتىدار مەشق قىلدۇرۇش ، قۇرۇلۇش ئېھتىياجلىقلىرىنى يېتىشتۈرۈشنى تۈپ مەقسەت قىلىدۇ . بۇ باش فاكۇلتېتنىڭ يېتەكچىلىكىدە ، ئىنستىتۇت باشلىقى مەسئۇل بولۇش تۈزۈمى ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇ ، ئىنستىتۇت باشلىقى ئاستىدا ئىلمىي باشقارما تەسىس قىلىپ ، بۇنىڭغا بىر باشقارما باشلىقى مەسئۇل بولىدۇ . بۇ ئادەم ئوقۇغۇچىلارنى رويخەتكە ئېلىش ، دەرسلىك تۈزۈش ۋە تەھرىرلەش ، كونسپېكتىنى بېسىپ تارقىتىش، ئىمتىھان ئىشلىرىغا مەسئۇل بولۇش قاتارلىقلارنى ئىشلەيدۇ . تەرتىپ ـ تەربىيە باشقارمىسى تەسىس قىلىپ، بىر ئادەم مەسئۇل قىلىنىدۇ . بۇ ئادەم ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىنتىزامى ، دەرستىن ـ سىرتقى خىزمەت ، ئوقۇغۇچىلار تەشكىلى ، ئوقۇغۇچىلار تۇرمۇشى قاتارلىقلارغا يېتەكچىلىك قىلىشقا

مەسئۇل بولىدۇ ، خوجىلىق بۆلۈمى تەسىس قىلىنىپ ، بىر ئادەم مەسئۇل قىلىنىدۇ ، بۇ ئادەم يىغىلغان ماتېرىيال ۋە ھۆججەتلەرنى ساقلاش ، كاسسىر ۋە بۇغالتىرلىق ھەمدە خام چوت ، قۇرۇلۇش لايىھەلەش قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتەيدۇ .

ئۇنىڭدىن باشقا ، مۇھىم مەسىلىلەردە قارار چىقارغان چاغدا ئەھۋالغا قارىلىدۇ ، ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئىنستىتۇت ئىشلىرى يىغىنى ، ئوقۇتۇش ئىشلىرى يىغىنى ، تەرتىپ - تەربىيە ئىشلىرى يىغىنى قاتارلىقلارنىڭ مۇنازىرىسىدىن ئۆتكۈزۈلىدۇ ، ئىنستىتۇتنىڭ ئاستىدا 4 فاكۇلتېت بىر بۆلۈم تەسىس قىلىنىدۇ ، يەنى سىياسىي - ئىقتىساد فاكولتېتى ، مائارىپ فاكولتېتى ، ئەدەبىيات فاكولتېتى ، قۇرۇلۇش فاكولتېتى ۋە ئالىي دەرىجىلىك ئوتتۇرا مەكتەپ بۆلۈمى بولۇپ ، ئۇلارغا ئايرىم - ئايرىم ھالدا فاكۇلتېت مۇدىرى ياكى مەكتەپ مۇدىرى قاتارلىق بىردىن ئادەم بېكىتىلىدۇ .

## شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ ئاممىۋى مەكتەپلەر دەرسلىكلىرىنى تۈزۈتۈش ئۆلچىمى

1940 - يىلى 4 - ئايدا ئېلان قىلىنغان . دەرسلىك ئۆلچىمى تۈزۈش نىشانى مۇنداق : يۇقىرالار ئەخلاقىنى يېتىلدۈرۈش ، ئاددىي يېزىقنى ئۆگىنىش ، ئومۇمىي ساۋاتلارنى سىڭدۈرۈش ، جاھانگىرلىككە قارشى ئىدىيىنى قوزغىتىش . ئاممىۋى مەكتەپلەر دەرسلىك ئۆلچىمى دۆلەت تىلى ، ھېساب ، ھۆكۈمەت سىياسىتى ، مۇزىكىنى مەركەز قىلغان دەرسلىكلەردىن بولۇش ، تۆۋەن - يۇقىرى دەرىجىلىك تارماقلار بۇ ۋەزىپە بويىچە مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەمەلىي تۇرمۇش ئېھتىياجىغا ئاساسەن دەرسنى كۆپەيتىش ، ئاممىۋى مەكتەپلەر دەرسلىك ئۆلچىمى بويىچە ماتېرىيال تاللاش دائىرىسى : دۆلەت تىلى ، تۇرمۇش ساۋاتلىرى ، يېڭى يېزىق قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ ، ھېساب چوتتا ھېسابلاش بىلەن قەلەمدە ھېسابلاشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ ، ھۆكۈمەت سىياسىتى ئۆلكە ، دۆلەت ۋە خەلقئارا ساۋاتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ ، مۇزىكا ناخشا - تىياتىرلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ .

## شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ ھەر دەرىجىلىك كەسپىي مەكتەپلەرنى باشقۇرۇش نىزامنامىسى

1944 - يىلى 4 - ئايدا ئېلان قىلىنغان . بەلگىلىمىدە مۇنداق دەپ بەلگىلەنگەن : كەسپىي مەكتەپلەر باشلانغۇچ كەسپىي مەكتەپ ۋە ئالىي كەسپىي مەكتەپلەرگە بۆلۈنىدۇ . باشلانغۇچ كەسپىي مەكتەپلەر ياشلارغا بىر قەدەر ئاسانراق تۇرمۇش بىلىمى ۋە ماھارەتلىرىنى ئۆگىتىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرىدۇ . ئالىي كەسپىي مەكتەپلەر ياشلارغا بىر قەدەر چوڭقۇر تۇرمۇش بىلىمى ۋە ماھارەتلىرىنى ئۆگىتىش ئارقىلىق ئەمەلىي ئىشلەپچىقىرىش ۋە باشقۇرۇش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرىدۇ ھەمدە تېخىمۇ يۇقىرىلاپ تەتقىق قىلىش ئاساسىنى سالىدۇ . ئۇنىڭدىن باشقا ،

بەلگىلىمىدە كەسپىي مەكتەپلەرنىڭ ئاساسىي مەقسىتى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەكتەپكە كىرىشى، مەكتەپنىڭ قۇرۇلمىسى ۋە باشقۇرۇشقا قارىتا كونكرېت بەلگىلىمىلەرنى بەلگىلىگەن.

### شىنجاڭ مائارىپ نازارىتىنىڭ مەجبۇرلاش مائارىپىنى يولغا قويۇشتىكى ۋاقىتلىق چارىلىرى

1946 - يىلى يازدا ئېلان قىلىنغان. چارىدە ناھىيە، شەھەر، يېزىلاردا، ناھىيە، شەھەر، يېزىلىق مەجبۇرلاش مائارىپى كومىتېتى قۇرۇلىدۇ، ئۇ مەخسۇس مەجبۇرلاش مائارىپ ئىشلىرىنى بېجىرىدۇ، ھەر قايسى مەجبۇرلاش كومىتېتلىرى پەرزەنتلىرىنى مەكتەپكە بېرىشكە قارشى تۇرغان ئائىلە باشلىقلىرىغا ئەھۋالىنىڭ ئېغىر - يېنىكلىكىگە قاراپ ئاگاھلاندۇرۇش، جەرىمانە قويۇش، مەمۇرىي جەھەتتىن تۇتۇپ تۇرۇش قاتارلىق جازالارنى بېرىشكە بولىدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن.

### نۆۋەتتىكى شىنجاڭ مائارىپ ئىسلاھاتى ھەققىدە كۆرسەتمە

1950 - يىلى 3 - ئايدا ئېلان قىلىنغان. كۆرسەتمىدە «مائارىپ تۈزۈمى (گومىنداڭ - ئاپتور ئىزاھاتى)، ئوقۇتۇش ئۇسۇلى ۋە دەرسلىك مەزمۇنىنى قەدەممۇ قەدەم ئىسلاھ قىلىش ئارقىلىق خەلق ئاممىسىنىڭ مەنپەئەتى ۋە يېڭى جەمئىيەت قۇرۇش ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش كېرەك» دېگەن تەلەپ ئوتتۇرىغا قويۇلغان. كۆرسەتمىدە، جەمئىيەت تەربىيىسى ۋە ئوتتۇرا، باشلانغۇچ تەربىيىسى ئايرىلىپ، كونكرېت تەلەپلەر ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

(1) جەمئىيەت تەربىيىسى: جەمئىيەت تەربىيىسى نۆۋەتتە يولغا قويغان فاڭجېن: ئەمگەك، ئىشلەپچىقىرىشقا ئىلھاملاندۇرۇش ۋە تەقدىرلەش، فېئوداللىق، ئېكسپىلاتاتسىيە ۋە ئەكسىيەتچىلىككە قارشى تۇرۇش، قالاق ئىدىيىنى ئۆزگەرتىشنى ئاساسىي مەزمۇن قىلىش، يېڭى ئاقارتىش مائارىپىنى قانات يايدۇرۇش پائالىيىتىنى ئاساسىي مەقسەت قىلىش.

(2) ئوتتۇرا — باشلانغۇچ تەربىيىسى: بىرىنچىدىن، دەرس ۋە دەرسلىك ماتېرىياللارنى ئىسلاھ قىلىش، ئوتتۇرا مەكتەپتە پۇقرا، ئەدەپ - ئەخلاق، بالىلار مەشقى دەرسلىرىنى توختىتىش، باشلانغۇچتا پۇقرا، ھەربىي مەشق، دىن دەرسلىكلىرىنى توختىتىش. ئىككىنچىدىن، ئىدىيىۋى تەربىيىنى ئىسلاھ قىلىش، ئەمگەك ۋە ئەمگەكچى ئاممىنى پەس كۆرىدىغان كونا قاراش، كونا ئىدىيىلەرنى ئۆزگەرتىش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش، جاپا - مۇشەققەتكە چىداش، ئاددىي - ساددا بولۇش، ئەستايىدىل ئۆگىنىش، ئۆزئۆزىنى تەنقىدلەش، ئەمگەكچان، ئۆز - ئارا ئىناق، ئىنتىزامچان بولۇشتەك يېڭى ئىستىلنى يېتىلدۈرۈش، ۋەتەننى سۆيۈش، خەلقنى سۆيۈش، ئەمگەكنى سۆيۈش، ئىلىم - پەننى سۆيۈش، ئاممىنىڭ مال - مۈلۈكنى ئاسراشتەك يېڭى ئەخلاقنى

تىكلەش كېرەك. ئىدىيىۋى ھۆكۈمرانلىق بىلەن پاسسىپ جازا، شەكلى ئۆزگەرگەن جازالاشقا قارشى تۇرۇپ، ئەركىن ئىدىيىنى، دېموكراتىك مۇنازىرىنى، سەۋرچانلىق بىلەن قايىل قىلىشتىن ئىبارەت يېڭى ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنى تەشەببۇس قىلىش كېرەك. ئۈچىنچىدىن، گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقى مەزگىلىدىكى مۇستەبىتلەرچە رەھبەرلىك قىلىش ئۇسۇلىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش، دېموكراتىك كوللېكتىپ رەھبەرلىكنى قۇرۇش ۋە ئەمەلگە ئاشۇرۇش. مەكتەپ مۇدىرىنىڭ رەھبەرلىكىدە، ئاساسىي خىزمەتچىلەر (ئىلمىي مۇدىر، خوجىلىق بۆلۈم مۇدىرى)، ئوقۇتقۇچىلار ۋە ئوقۇغۇچىلار ۋەكىللىرىدىن تەشكىللەنگەن مەكتەپ ئىشچىلار كومىتېتى بىرلىكتە ئوقۇغۇچىلار خىزمىتىگە رەھبەرلىك قىلىپ ھۆكۈمەتكە مەسئۇل بولۇش، ئوقۇتقۇچى - ئىشچى - خىزمەتچىلەر ۋە ئوقۇغۇچىلار ۋەكىللىرىدىن تەشكىللەنگەن ئىقتىساد ھېسابات كومىتېتى بولۇش، كىرىم - چىقىم ئەھۋالىنىڭ مۇۋاپىق - مۇۋاپىق ئەمەسلىكى ھەمدە خىيانەتچىلىك ھادىسىلىرىنىڭ، ئىسراپچىلىق ھادىسىلىرىنىڭ بار - يوقلۇقىنى تەكشۈرۈپ، ئىقتىسادنىڭ ئاشكارا ۋە دېموكراتىك بولۇشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش. جازا - ئوقۇتۇش تۈزۈمىنى بىكار قىلىپ، ئوقۇتۇش بىلەن يېتەكچىلىك قىلىشنى بىرلەشتۈرۈشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش. مەكتەپ مۇدىرىنىڭ ئاستىدا ئىلمىي بۆلۈم تەسىس قىلىش، بۇ بۆلۈم دەرس ۋاقتىدىكى تەلىم - تەربىيە ۋە دەرستىن - سىرتقى ئۆگىنىش ھەمدە ئوقۇغۇچىلار تۇرمۇشىغا يېتەكچىلىك قىلىشقا مەسئۇل بولۇش. يېتەكچى ياكى سىنىپلار مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى چىقىرىپ تاشلاپ، بىر سىنىپقا بىر ئوقۇتقۇچى مەسئۇل بولۇش، سىنىپ مۇدىرىنىڭ رەھبەرلىكىدە، شۇ سىنىپتىكى ئاساسلىق ئوقۇتقۇچىلار ۋە ئوقۇغۇچىلار ۋەكىللىرىدىن تەشكىللەنگەن ئوقۇتۇش ئىشلىرى كومىتېتى قۇرۇپ، سىنىپنىڭ ئۆگىنىش ۋە باشقا پائالىيەتلىرىگە يېتەكچىلىك قىلىش ھەمدە ئوقۇتۇش يېتەكچىلىك ئورنىغا مەسئۇل بولۇش. تۆتىنچىدىن، خۇسۇسىي ياكى ھۆكۈمەت ئىگىدارچىلىقىدىكى مەكتەپلەرگە قارىتا، ئەكسىيەتچىل سىياسىي ئارقا كۆرۈنۈشكە ئىگە بولغانلاردىن باشقىلارنى بىردەك قوغداش ۋە قەدەممۇ قەدەم ئۆزگەرتىش ئېلىپ بېرىشقا ياردەم بېرىشتىن ئىبارەت فاڭجېننى قوللىنىش ئەمما يېڭى دېموكراتىك مائارىپ فاڭجېنى بىلەن خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ قانۇنىنى چوقۇم ئىجرا قىلىش، دىنىي ئوقۇشلۇقلارنى زۆرۈر ئوقۇشلۇق قاتارىغا كىرگۈزمەسلىك، دەرس ۋاقتىدا دىنىي تەشۋىق قىلماسلىق، ئوقۇغۇچىلارنى دىنغا ئېتىقاد قىلىش ۋە دىنىي مۇراسىملارغا قاتنىشىشقا مەجبۇرلىماسلىق. بەشىنچىدىن، مائارىپ خىزمىتىنى ئۆزگەرتىش ۋە يۇقىرى كۆتۈرۈش ئىشلىرىنى كۈچەيتىش، كادىر، ئوقۇتقۇچىلار «ماركسىزم ۋە ماۋزېدوڭ ئىدىيىسى» نى ئۆگىنىش، «سىياسىي- ئىقتىساد ئىلمى»، «جەمئىيەت تەرەققىيات ئىلمى»، «ئاممىۋى پەلسەپە» قاتارلىق ماقالە - ھۆججەتلەرنى ئۆگىنىش. ئالتىنچىدىن، ھەر مىللەت ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپلىرىدە ئەسلىدىكى ئوقۇش تۈزۈمىنى ساقلاپ قېلىش، يەنى تۆۋەن دەرىجىلىك باشلانغۇچ مەكتەپلەر 4 يىل، يۇقىرى دەرىجىلىك باشلانغۇچ 2 يىل، تولۇقسىز ئوتتۇرا 2 يىل،

تولۇق ئوتتۇرا 3 يىل بولۇش تۈزۈمىنى ئىشلىتىش . ھەر دەرىجىلىك مەكتەپلەر 9 ـ ئايدا بىردەك ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىپ ، ئەتىيازدا ئوقۇشنى تاماملاش تۈزۈمىگە ئۆزگەرتىش .

**باشلانغۇچ مائارىپنى ئومۇملاشتۇرۇپ يولغا قويۇش ھەققىدە بىر نەچچە پىكىر**

1958 - يىلى مائارىپ نازارىتى ئېلان قىلغان . «پىكىر» دە مۇنداق دەپ كۆرسىتىلگەن : «تېخنىكا ئىنقىلابى ۋە مەدەنىيەت ئىنقىلابىنىڭ ئۇلۇغ ۋەزىپىلىرىنى قەدەممۇ قەدەم ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ، مائارىپ ئىشلىرى تەرەققىياتىنى زور كۆچ بىلەن ئىلگىرى سۈرۈش ، زور كۆچ بىلەن مەكتەپ قۇرۇش ، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ مەدەنىيەت بىلىملىرىگە بولغان كۈچلۈك ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش . سوتسىيالىستىك ئاڭغا ئىگە مەدەنىيەتلىك ئەمگەكچىلەرنى تېخىمۇ كۆپلەپ يېتىشتۈرۈپ ، ئاپتونوم رايوننىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشى ۋە مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ئۈچقاندەك تېز تەرەققىي قىلىش تەلىپىگە ماسلاشتۇرۇش كېرەك» . باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپىنى ئومۇملاشتۇرۇشنىڭ تەدبىرلىرى : بىرىنچىدىن ، ئىككى پۇت بىلەن يول مېڭىش پرىنسىپىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ، خەلق ئاممىسىنىڭ مەكتەپ قۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىش ، پۈتۈن پارتىيە ۋە پۈتۈن خەلق كەڭ كۆلەمدە مەكتەپ قۇرۇش . ئىككىنچىدىن ، جاپاغا چىداپ ، ئىقتىسادچانلىق بىلەن مەكتەپ قۇرۇش فاڭجېنىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ، ئاددىي ـ ساددا بولۇش ، قانچىلىك بولسا شۇنچىلىك قىلىش ، بار بولغان شارائىتتىن تولۇق پايدىلىنىپ ، مائارىپ ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش . ئۈچىنچىدىن ، ئۆز كۈچىگە تايىنىش ، يەرلىكتىن ماتېرىيال ئېلىپ ، زور كۈچ بىلەن ئاممىۋى باشلانغۇچ ئوقۇتقۇچىلىرىنى يېتىشتۈرۈش . تۆتىنچىدىن ، ھەر خىل ئۇسۇللاردىن پايدىلىنىپ مەكتەپ قۇرۇش راسخوتى توپلاش . «كىم مەكتەپكە بارسا ، شۇ پۇل چىقىرىدۇ» پرىنسىپىغا ئاساسەن «جەمئىيەت قۇرغان» ، «خەلق قۇرغان ، جەمئىيەت ياردەم بەرگەن» ۋە «خەلق قۇرغان» دېگەن ھەرخىل شەكىللەرنى قوللىنىپ ، ئىقتىساد توپلاش .

**دېھقانچىلىق ـ چارۋىچىلىق رايونلىرىدا خەلق قۇرغان باشلانغۇچ مەكتەپلەرنى ياخشى باشقۇرۇش توغرىسىدىكى بىر قانچە پىكىر**

1964 ـ يىلى 1 ـ ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق كادىرلار ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن مائارىپ نازارىتى ئېلان قىلغان . بۇنىڭدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان تەلەپلەر :

(1) دېھقانچىلىق ـ چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى خەلق كۈچىگە تايىنىپ قۇرۇلغان باشلانغۇچ مەكتەپلەرگە بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتىش . خەلق كۈچىگە تايىنىپ قۇرۇلغان باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ تەسىس قىلىنىشى ۋە ئۆزگىرىشى ، ناھىيىلىك كادىرلار كومىتېتىغا سۇنۇلۇپ تەستىقلانغاندىن كېيىن ئەنگە ئېلىنىشى كېرەك . خەلق

قۇرغان مەكتەپلەرگە قارىتا بىۋاستە نازارەت قىلىش ۋە باشقۇرۇش كېرەك . كوپېراتسىيە ياكى ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتى پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە مائارىپ كومىتېتى قۇرۇشى ، بۇ كومىتېت ئوقۇتقۇچى تەكلىپ قىلىش ، ئىقتىساد توپلاش ، مەكتەپ ياتاقلىرىنى رېمونت قىلىش ، ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلار تۇرمۇشى ۋە دەرسلىك قۇرۇلمىسى مەسىلىلىرىنى تەتقىق قىلىپ ھەل قىلىشقا مەسئۇل بولۇشى كېرەك .

(2) مەكتەپ قۇرۇش شەكلى بىلەن ئوقۇتۇش مەزمۇنىنى ئىسلاھ قىلىش . دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى خەلق قۇرغان باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ مەكتەپ قۇرۇش شەكلى خىلمۇ خىل بولۇپ ، يەرلىكنىڭ كونكرېت ئەھۋالىغا ماسلاشتۇرۇلىدۇ . پۈتۈن كۈنلۈك تۈزۈم قىلىپ قۇرسىمۇ ، يېرىم كۈنلۈك تۈزۈم قىلىپ قۇرسىمۇ ، كۆن ئارىلاپ ئوقۇش تۈزۈمى بويىچە ياكى ئاددىي باشلانغۇچ قىلىپ قۇرسىمۇ بولىدۇ . يەنە نۆۋەتلىشىپ ئوقۇيدىغان مەكتەپ قۇرسىمۇ ، ئەتىگەنلىك سىنىپ ، چۈشتىن كېيىنلىك سىنىپ ، كېچىلىك سىنىپ ، ساۋات چىقىرىش سىنىپى ، چوت ھېسابات گۇرۇپپىسى قاتارلىقلارنى قۇرسىمۇ بولىدۇ . پۈتۈن كۈنلۈك تۈزۈمدىكى خەلق قۇرغان باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتۇش پىلانىنى ھۆكۈمەت قۇرغان باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتۇش پىلانىدىن پايدىلىنىپ تۈزۈش . بىراق چوقۇم ئەدەبىيات ، ھېسابتىن ئىبارەت ئىككى ئاساسىي پەننى ياخشى ئۆگىنىش ، خەتتاتلىق ، يېزىقچىلىق ، چوتتا ھېسابلاش ، خاتىرىلەش ۋە دېھقانچىلىق بىلىملىرىنى ئوقۇتۇشنى كۈچەيتىش . ئوقۇش يىلى تۈزۈمى ھۆكۈمەت قۇرغان باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭكىگە ئوخشاش بولۇش ، يېرىم كۈنلۈك تۈزۈم ، كۆن ئارىلاپ ئوقۇش تۈزۈمى ئاستىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپ ۋە ئاددىي باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ دەرسلىرىنى تەسىس قىلىشتا ، ئاممىنىڭ ئېھتىياجىنى ئاساس قىلىپ ، پەقەت ئەدەبىيات ، ھېسابتىن ئىبارەت ئىككى خىل دەرسنى ئۆگەتسىمۇ بولىدۇ ، ئەمما دېھقانچىلىق بىلىملىرىنى ئۆگىتىشنى كۈچەيتىش كېرەك . ئەدەبىيات ، ھېسابتىن ئىبارەت ئىككى پەندە يېزىقچىلىق ۋە چوتتا ھېسابلاشنى ئۆگىتىشنى كۈچەيتىش ، ئۆگىنىش يىل چەكلىمىسنى ئاساسەن پۈتۈن كۈنلۈك تۈزۈمدىكى مەكتەپلەر بىلەن ئوخشاش قىلىش بىراق ماس ھالدا ئۇزارتىشقا ۋە قىسقارتىشقىمۇ يول قويۇش كېرەك . نۆۋەتلىشىپ ئوقۇيدىغان مەكتەپلەردە پەقەت ساۋات چىقىرىش ۋە چوتتا ھېسابلاشنى ئۆگەتسىمۇ ، يېزىقچىلىق ۋە ئاددىي خاتىرىلەشنى ئۆگەتسىمۇ بولىدۇ . ئۇلارنى خەت تونۇپ ساۋاتسىزلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ھېسابلاش بىلىملىرىنى ئۆگىتىش ، ئىش نومۇرىنى خاتىرىلىيەلەيدىغان ، ئىش نومۇرىنى ھېسابلىيالايدىغان ھەمدە كوللېكتىپ ئىشلەپچىقىرىش ئېھتىياجىغا ماسلىشالايدىغان ھالەتكە كەلتۈرۈش كېرەك . بۇ تۈردىكى مەكتەپلەر ياكى ئۆگىنىش سىنىپ - گۇرۇپپىلىرى ئوقۇش يىل چېكىنى مۇۋاپىق قىسقارتسا بولىدۇ . ھەر تۈرلۈك خەلق قۇرغان باشلانغۇچ مەكتەپ ، ئۆگىنىش سىنىپ - گۇرۇپپىلىرىنىڭ ئوقۇتۇش ، ئۆگىنىش مەزگىلى توشقاندا ئىمتىھاندا لاياقەتلىك بولغانلارغا ، شۇ يەرلىك ھۆكۈمەت مۇناسىپ ھالدا ئوقۇش پۈتتۈرۈش گۇۋاھنامىسى

بېرىشى كېرەك .

**نۇقتىلىق ھالدا بىر تۈركۈم پۈتۈن كۈنلۈك تۈزۈمدىكى ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپلەرنى قۇرۇش ھەققىدە پىكىر**

1963 - يىلى 3 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتى ئېلان قىلغان . تەلەپلەر : (1) ئومۇمەن نۇقتىلىق ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپ قىلىپ قۇرۇش بېكىتىلگەن مەكتەپلەرنىڭ رەھبىرى كادىرلىرى تەلەپ - ئۆلچەمگە ماس كەلمىسە ، 1963 - يىلى ئىچىدە تەڭشەپ - يۆتكەش كېرەك . (2) ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپلەردە كەم ئوقۇتقۇچىلارنى ، شتات تۈزۈمى بويىچە ئوتتۇرا تېخنىكوم ، ئالىي تېخنىكوم سىنىپلىرىنى پۈتتۈرگەن بىر تۈركۈم ئەلاچى ئوقۇغۇچىلاردىن تاللاپ تولۇقلاش كېرەك . بۇ ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىنىڭ تەقسىماتىنى مائارىپ نازارىتى ۋە ۋىلايەت ئۆز ئۈستىگە ئالىدۇ . ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتى ئوتتۇرا مەكتەپلەرگە تەقسىم قىلغان ئوقۇتقۇچىلارنى تەڭشەشكە توغرا كەلسە ، نازارەتنىڭ ماقۇللۇقىنى ئېلىش كېرەك . (3) ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپلەر يېتەرلىك ياتاق ، كىتاب ، ئۈسكۈنە ، ئەۋرىشكە ، خەرىتە ، تەنتەربىيە ، سەھىيە ئەسلىھەلىرىگە ئىگە بولۇش كېرەك . ئوتتۇرا مەكتەپلەر تەلەپكە ئاساسەن 2 - 3 يىل ئىچىدە فىزىكا ، خىمىيە ، بىئولوگىيە تەجرىبىخانىلىرى ۋە كۇتۇپخانا - قىرائەتخانىلارنى مۇكەممەلەشتۈرۈش كېرەك . (4) ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ دائىرىسى بەكمۇ چوڭ بولۇپ كەتمەسلىكى ، ھەر قايسى يىللىقلارنىڭ سىنىپ سانى تەڭپۇڭ بولۇشى كېرەك . تولۇق ئوتتۇرىدىكى ھەر بىر سىنىپتا 40 ئادەم ، تولۇقسىز ۋە باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ ھەر بىر سىنىپىدا 45 ئادەم بولۇشى ، ھەر بىر سىنىپتىكى ئوقۇغۇچىلار زىيادە كۆپ ياكى ئاز بولماسلىقى ، تەڭشەپ - تولۇقلاپ تۇرۇش كېرەك . (5) ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپلەر چوڭراق دائىرە ئىچىدە ئەخلاقىي ، ئەقلىي ، جىسمانىي جەھەتلەردىن شارائىتى ياخشى بولغان ئوقۇغۇچىلارنى تاللاپ قوبۇل قىلسا بولىدۇ .

**يېزىلاردىكى ئاددىي باشلانغۇچ مەكتەپلەرنى ياخشى باشقۇرۇش توغرىسىدا بىر نەچچە پىكىر**

1964 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتى ئېلان قىلغان . «پىكىر» دىكى تەلەپلەر : (1) ئاددىي باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتۇش يىلى تۈزۈمى جانلىق ھەم كۆپ خىللىققا ئىگە ، ئۇزۇن بولسىمۇ ، قىسقا بولسىمۇ ياكى ئۇزۇن - قىسقا مۇددەتلىك ئوقۇتۇشنى تەڭ ئېلىپ بارسىمۇ بولىدۇ ، خەنزۇلار ئادەتتە 6 يىللىق تۈزۈمدىكى مەكتەپ قۇرسىمۇ ئەمما 4 يىللىق تۈزۈمدىكى تولۇقسىز باشلانغۇچ قۇرسىمۇ بولىدۇ ، 6 يىللىق تۈزۈم 4 ، 2 لىك باسقۇچ بويىچە يۈرگۈزۈلىدۇ ، مىللىي مەكتەپلەردە 5 يىللىق ئوقۇتۇش تۈزۈمى قوللىنىلىدۇ ، ئەمما 4 يىللىق ياكى 3 يىللىق تۈزۈم قوللانسىمۇ بولىدۇ . (2) ئاددىي مەكتەپلەرنى تەسىس قىلىشتا پىلانلىق ھالدا مەكتەپ ئاز ، چەت - ياقا رايونلار

ۋە مەكتەپ قۇرۇلمىغان رايونلارغا تەرەققىي قىلىش، دائىرىسى كىچىك بولۇش، ئوقتىسى كۆپ بولۇش، ئەتىياز، كۈز پەسلىدە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش كېرەك. (3) يېزا ئاددىي باشلانغۇچ مەكتەپلىرىنى ئاساسلىق ئىشلەپچىقىرىش چوڭ ئەترىتى ۋە ئىشلەپچىقىرىش كوللېكتىپى قۇرۇش. ئىقتىسادىنى (ئوقۇتقۇچىلار مائاشى، ئىشخانا راسخوتى، ئىسسىنىش راسخوتى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) ئاساسلىقى كوللېكتىپ ئۈستىگە ئېلىش كېرەك. (4) ئاددىي باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ مەكتەپ قۇرۇش شەكلى ھەر خىل بولۇش، يېرىم كۈنلۈك تۈزۈم، كۈن ئارىلاپ ئوقۇش تۈزۈمى، دېھقانچىلىق بوشىغان مەزگىلدىكى مەكتەپ، سەييارە مەكتەپ، ئەتىگەنلىك، كەچلىك سىنىپ، ساۋات چىقىرىش سىنىپى قاتارلىق ھەر خىل شەكىلدىكى مەكتەپلەرنى قۇرسىمۇ بولىدۇ.

## ئىشلەپ ئوقۇيدىغان پېداگوگىكا مەكتەپلىرىنى سىناق قىلىپ قۇرۇش ھەققىدە بىر قانچە پىكىر

1965 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتى ئېلان قىلغان. تەلەپلەر: (1) ئىشلەپ يۈرۈپ ئوقۇيدىغان پېداگوگىكا مەكتەپلىرىنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى، ئەقلىي ئەمگەك بىلەن شۇغۇللىنىپلا قالماي، جىسمانىي ئەمگەك بىلەنمۇ شۇغۇللىنالايدىغان ھەم قىزىللاشقان ھەم ئىختىساسلاشقان ساغلام بولغان ئىنقىلابىي، ئەمگەكچان يېڭى تىپتىكى خەلق ئوقۇتقۇچىلىرىنى تەربىيىلەش. (2) ئىشلەپ يۈرۈپ ئوقۇيدىغان پېداگوگىكا مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇش مۇددىتى 4 يىل بولىدۇ، دەرسلىك تەسىس قىلىشتا ئاز ھەم ساز بولۇش ۋە نەزەرىيەنى ئەمەلىيەتكە يېتەكچىلىك قىلدۇرۇش پرىنسىپىغا ئاساسەن، سىياسەت، ئەدەبىيات، ماتېماتىكا، خەنزۇ تىلى، تەبىئەت، دېھقانچىلىق بىلىملىرى، مائارىپ نەزەرىيىلىرى، ئوقۇتۇش پراكتىكىسى، سەنئەت، تەنتەربىيە، ئەمگەك قاتارلىق 10 خىل دەرس تەسىس قىلىش، مىللىي ئىشلەپ يۈرۈپ ئوقۇيدىغان پېداگوگىكا مەكتەپلىرى خەنزۇ تىلىنى قوشۇپ ئوقۇتۇش. (3) ئوقۇتۇش خىزمىتىدە چوقۇم ① يېرىم ئوقۇپ، يېرىم ئىشلەش يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇش، دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىش پەسلى بويىچە ئوقۇتۇش ۋە ئەمگەك ۋاقتىنى ئومۇميۈزلۈك ئورۇنلاشتۇرۇش. ② ئاز ھەم ساز بولۇش، نەزەرىيىنى ئەمەلىيەتكە باغلاش، سىياسەت، ئەدەبىيات، ماتېماتىكا ۋە مائارىپ نەزەرىيىسىدىن ئىبارەت 4 ئاساسىي دەرسنى كۈچەيتىش، ھەر قايسى دەرسلىك ماتېرىياللارنىڭ مەزمۇنىنى نۆۋەتتىكى 3 چوڭ ئىنقىلاب بىلەن زىچ باغلاشتۇرۇش ھەمدە باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتۇشىنىڭ ئەمەلىي ئېھتىياجىنى نەزەردە تۇتۇش كېرەك. ③ ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنى ئىسلاھ قىلىش، سۇپەتنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، ئوقۇشتا دەرسخانا ئوقۇتۇشىنى ئاساس قىلىش، «دەرسخانا، جەمئىيەت، نەق مەيدان» دىن ئىبارەت 3 بىرلەشكەن شەكىلنى قوللىنىش. ④ ئىمتىھاننى ئازايتىش، ئىمتىھان زىيادە كۆپ بولماسلىق، ئىمتىھاندا 4 پەننى ئاساس قىلىش.

**مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ ئىشتىن سىرتقى بىلىم ئاشۇرۇش سىنىپلىرىنى يولغا قويۇشنىڭ ۋاقىتلىق چارىلىرى**

1955 ـ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتى ئېلان قىلغان . بەلگىلىمىلىرى : (1) ئوقۇتقۇچىلار ئىشتىن سىرت بىلىم ئاشۇرۇش سىنىپلىرىنى باشلانغۇچ مەكتەپلەر بىر قەدەر كۆپ ۋىلايەت ، شەھەرلەردە قۇرۇپ ، ئارىلىقى شەھەر بىلەن يېقىن ، قاتنىشى قولايلىق ، مەكتەپ خىزمىتىگە تەسىر يەتكۈزمەيدىغان شەھەر سىرتى رايونلىرىكى ئوقۇتقۇچىلار ئۆگىنىشكە قاتنىشىش كېرەك .

(2) باشلانغۇچ مەكتەپ سەۋىيىسىگە ياكى تولۇقسىز سىنىپ ياكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ سەۋىيىسىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرى ئۆگىنىشكە قاتنىشىش (مەمۇرىي مەھكىمە تۇرۇشلۇق شەھەر شۇ يەرلىك ئوقۇتقۇچىلارنى كونكرېت سەۋىيىسىگە قاراپ بېكىتىش كېرەك ) كېرەك . شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ، بارلىق تولۇقسىز سىنىپنى پۈتتۈرۈش سەۋىيىسىگە يەتكەن ، ئوتتۇرا دەرىجىلىك سىنىپ سەۋىيىسىگە يېتەلمىگەن ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ سەۋىيىسىنى پەيدىنپەي يۇقىرى كۆتۈرۈپ ، ئوتتۇرا دەرىجىلىك سىنىپ سەۋىيىسىگە يەتكۈزۈش . (3) ئوقۇتۇش ۋاقتى ھەر ھەپتىدە 3 قېتىم بولۇش ، ھەر قېتىمدا 2 سائەت ، جەمئىي 6 سائەتتىن ئېشىپ كەتمەسلىك پرىنسىپىغا ئەمەل قىلىش كېرەك . ئوقۇتۇش ۋاقتى ، كۈندىلىك دەرس ئۆتۈش ۋاقتىنى ئارىلىق قالدۇرۇپ مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇش ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىش ۋە تەكرار ۋاقتىنىڭ تولۇق بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك . ھەر يىلى يازلىق تەتىل مەزگىلىدىن پايدىلىنىپ 40 كۈن ئۆگىنىش ۋە سىناق ئېلىپ بېرىش كېرەك . تەتىل مەزگىلىدە دەرس ئۆتۈش ۋاقتى ھەر كۈنى 5 سائەت بولۇش كېرەك .

**يېزا ئىگىلىك ئوتتۇرا مەكتەپلىرىنى مۇستەھكەملەش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش ھەققىدە بىر قانچە پىكىر**

1950 ـ يىلى 6 ـ ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتى ئېلان قىلغان . (1) يېزا ئىگىلىك مەكتەپلىرى ئاما ئۆزى قۇرغان يېرىم كۈنلۈك تۈزۈم ۋە يېرىم كۈن ئىشلەپ ، يېرىم كۈن ئوقۇش تۈزۈمىدىكى مەكتەپ بولۇپ ، ئۇنىڭ مەقسىتى سوتسىيالىستىك ئاڭغا ئىگە ، مەدەنىيەتلىك ئەمگەكچىلەرنى يېتىشتۈرۈپ چىقىش . مەكتەپ يېرىم كۈن ئوقۇش تۈزۈمى (يېرىم كۈن ئۆگىنىش ، يېرىم كۈن ئىشلەش ) ياكى كۈن ئارىلاپ ئوقۇش تۈزۈمى (بىر كۈن ئوقۇش ، بىر كۈن ئىشلەش ) نى قوللىنىدۇ . ئادەتتە كوپېراتسىيە قۇرۇپ بېرىدۇ ، شارائىتى بار ئورۇنلاردا ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتى قۇرۇپ بېرىدۇ . (2) يېزا ئىگىلىك ئوتتۇرا مەكتەپلىرىنىڭ قوبۇل قىلىش ئوبيېكتى 18 ياشتىن كىچىك ، پۈتۈن كۈنلۈك تۈزۈمدىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپكە كىرەلمىگەن باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتتۈرگەنلەر ياكى شۇ سەۋىيىدىكى ياشلار . (3) يېزا ئىگىلىك ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ھەر بىر سىنىپقا چوقۇم بىر مەخسۇس

ئوقۇتقۇچىسى بولۇش . (4) يېزا ئىگىلىك ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇش تۈزۈمىنى ۋاقتىنچە 3 يىل قىلىپ بېكىتىش . (5) يېزا ئىگىلىك ئوتتۇرا مەكتەپلىرىنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار ئوتتۇرا دەرىجىدىكى مەخسۇس كەسىپ مەكتەپلىرى ھەمدە ئالىي دەرىجىدىكى ئوتتۇرا مەكتەپلەرگە ئۆرلەپ ئوقۇشقا بولىدۇ . (6) يېزا ئىگىلىك ئوتتۇرا مەكتەپلىرىنىڭ ئوقۇش يۈلى ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ تۇرمۇش مەسىلىلىرىنى ئاساسلىقى يېرىم ئىشلەپ يېرىم ئوقۇش ، ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇش ئارقىلىق ھەل قىلىپ ، قەدەممۇ قەدەم ئۆز - ئۆزىنى قامداشقا قاراپ تەرەققىي قىلىش . (7) يېزا ئىگىلىك ئوتتۇرا مەكتەپلەر ياتىقىنى ئىمكانقەدەر ھۆكۈمەت ئۆيلىرى ياكى دېھقانلارنىڭ ئۆيلىرىدىن پايدىلىنىپ ئورۇنلاشتۇرۇش . ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلار ئۆيىنى ئۆزلىرى رېمونت قىلىش ، ئوقۇغۇچىلار ئۈستەل - ئورۇندۇقنى ئۆزلىرى ئېلىپ كېلىش . (8) يېزا ئىگىلىك ئوتتۇرا مەكتەپلىرىدە مەكتەپ مۇدىرى ، مۇئاۋىن مەكتەپ مۇدىرى تەسىس قىلىش ، بۇ خىزمەتنى دادۈي پارتىيە ياچېيكا شۇجىسى ياكى دادۈي باشلىقى قوشۇمچە ئۈتەش .

## دېھقانچىلىق (چارۋىچىلىق) تولۇقسىز ۋە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلىرىنى قۇرۇش توغرىسىدىكى سىناق پىكىرلەر

1965 - يىلى 8 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتى ئېلان قىلغان . پىكىردىكى تەلەپلەر : دېھقانچىلىق (چارۋىچىلىق )تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپلەر ئاساسلىق باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنى قوبۇل قىلىدۇ ، ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكىگە قاتنىشۋاتقان 17 ياشتىن ئېشىپ كەتمىگەن باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنى قوبۇل قىلسىمۇ بولىدۇ . تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەر ئاساسلىق تولۇقسىز ئوتتۇرىنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنى قوبۇل قىلىدۇ . (پۈتۈن كۈنلۈك تۈزۈمدىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ، يېرىم ئىشلەپ يېرىم ئوقۇش تۈزۈمىدىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ، يېزا ئىگىلىك (چارۋىچىلىق ) تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ ) ، ئەمگەككە قاتنىشۋاتقان 20 ياشقا توشمىغان تولۇقسىز ئوتتۇرىنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنىمۇ قوبۇل قىلىدۇ ، ئايرىم ساندىكى يېشى چوڭراق بالىلارنى ئائىلە باشلىقلىرى قوشۇلسا ، ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىدە ئەمگەك كۈچى كەم بولمىغان ئەھۋالدا قوبۇل قىلسا بولىدۇ . قوبۇل قىلغاندا پۈتۈن كۈنلۈك تۈزۈمدىكى تولۇقسىز ، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەر بىلەن بىر تۇتاش قوبۇل قىلىدۇ (يېزا - قىشلاقلاردىكى مەكتەپلەردە ، قورغۇچى ئورۇن ئېھتىياجىغا ئاساسەن ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ئوبيېكتىنى بېكىتىدۇ ) ، ھەمدە كەمبەغەل دېھقان ، تۆۋەن ، ئوتتۇرا دېھقان پەرزەنتلىرىنى ئالدىن قوبۇل قىلىدۇ ، مەكتەپ ئىككى يىلدا بىر قېتىم يېڭى ئوقۇغۇچىلارنى قوبۇل قىلسا بولىدۇ ، 2 ياكى 3 يىلدا بىر قېتىم قوبۇل قىلسىمۇ بولىدۇ .

## ھەر قايسى جايلار ئىشچى ـ خىزمەتچىلىرىنىڭ ئىشتىن سىرتقى مەدەنىيەت مائارىپ خىزمىتىنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى بىر قانچە يوليورۇق

55 ـ يىلى مائارىپ نازارىتى بىلەن ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى بىرلىشىپ ئېلان قىلغان. بەلگىلىمىلەر: (1) ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ ئىشتىن سىرتقى مەدەنىي مائارىپ فاكۇلتېتى ـ ۋەزىپىلىرى ھەققىدە. ئۆلكىمىز ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ئىشتىن سىرتقى مەدەنىي مائارىپىدا 1955 ـ يىلى يەنىلا جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ «تەرتىپكە سېلىپ مۇستەھكەملەش، نۇقتىلىق تەرەققىي قىلدۇرۇش، سۈپەتنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، مەزمۇت قەدەم بىلەن ئىلگىرىلەش» دىن ئىبارەت مەدەنىيەت ـ مائارىپ خىزمەت فاكۇلتېتىنى داۋاملىق ئىزچىللاشتۇرۇش لازىم. مەكتەپكە كىرگەن ئاساسىي ئوبيېكتى ئاساسىي قاتلام كادىرلىرى، پارتىيە ـ ئىتتىپاق ئەزالىرى، ئەمگەك نەمۇنىچىلىرى ۋە بىۋاسىتە ئىشلەپچىقىرىش ئىشچىلىرى بولۇش. (2) مائارىپ مەمۇرىي تارماقلىرى بىلەن ھەر قايسى رايون ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرىنىڭ مۇناسىۋىتى ۋە مەسئۇلىيەت دائىرىسىنى ئېنىق بېكىتىش. «ھۆكۈمەت رەھبەرلىك قىلىش، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىغا تايىنىش» پرىنسىپىغا ئاساسەن مۇناسىۋەتلىك فاكۇلتېت، سىياسەت، ئوقۇش تۈزۈمى، دەرسلىكلەرنى ھۆكۈمەت بېكىتىپ ئېلان قىلىپ تارقىتىش. ئوقۇتقۇچىلارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش، ماتېرىياللارنى تەكشۈرۈپ بېكىتىشكە ھۆكۈمەت مەسئۇل بولۇش، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ھەمكارلىشىش. مەكتەپكە كىرىشكە تەشكىللەپ سەپەرۋەر قىلىش، ئۆگىنىش ۋاقتىنى ئورۇنلاشتۇرۇش، قوشۇمچە ئوقۇتقۇچىلارنى تەكلىپ قىلىش، ئوقۇتقۇچىنىڭ راسخوتىنى باشقۇرۇش، ئىقتىساد ئەھۋاللارنى ئىگىلەش قاتارلىقلارغا ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ئاساسلىق مەسئۇل بولۇش، ھەر قايسى يەرلىك مائارىپ مەمۇرىي ئورگانلىرى مەھكارلىشىش. كەسپىي ئوقۇتقۇچىلارنى ئۆستۈرۈش، تەڭشەش، خىزمەت پىلانىنى بېكىتىشتە ھۆكۈمەت ئوتتۇرىغا قويۇش ئارقىلىق ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى بىلەن ئورتاق مۇزاكىرىلىشىپ ھەل قىلىش. ھۆكۈمەت بىلەن ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى يۇقىرىدىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن مەسئۇلىيەتنى ئايرىپ، قويۇق ھەمكارلىشىپ، خىزمەتلەرنى بىرلىكتە ياخشى ئىشلەش كېرەك.

## ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئاساسىي ئىشلەپچىقىرىش ماھارىتى تەربىيىسىنى يولغا قويۇش توغرىسىدا يوليورۇق

1956 ـ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتى ئېلان قىلغان. تەلەپلەر: (1) ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ فىزىكا، خىمىيە، بىئولوگىيە، ماتېماتىكا، خەرىتە لايىھىلەش ۋە جۇغراپىيە قاتارلىق 6 كەسىپنىڭ ئوقۇتۇشىنى ياخشىلاپ، ئىلىم ـ پەن ئاساسىي بىلىملىرىنى سىستېمىلىق ھالدا بايان قىلىش جەريانىدا، ئوقۇغۇچىلارنى ئىلىم ـ پەن قائىدىلىرىنىڭ زامانىۋى ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدىكى قوللىنىشى ھەققىدە چۈشەنچىگە ئىگە قىلىش ھەمدە مۇناسىۋەتلىك تەجرىبە، ھېسابلاش ۋە ئۆلچەش ئىقتىدارىنى

يېتىلدۈرۈش . (2) ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتۇش پىلانىدا يېڭى پەنلەرنى كۆپەيتىپ تەسىس قىلىش . تولۇقسىز ئوتتۇرىدا ئوقۇتۇش زاۋۇتى ۋە تەجرىبە مەيدانلىرى پراكتىكا تاپشۇرۇقلىرىنى كۆپەيتىش ، تولۇق ئوتتۇرىدا پراكتىكا دەرسلىرىنى كۆپەيتىپ تەسىس قىلىش . (3) شارائىتى بار مەكتەپلەر پىلانلىق ھالدا ئوقۇغۇچىلارنى تەشكىللەپ ئوقۇتۇشقا بىرلەشتۈرۈلگەن ئىشلەپچىقىرىش زىيارىتى ئېلىپ بېرىش . (4) رەھبەرلىكى بولغان ھالدا دەرستىن سىرتقى پائالىيەتلەرنى قانات يايدۇرۇپ ئوقۇغۇچىلارنىڭ دەرسخانىدا ئۆگەنگەن بىلىملىرىنى مۇستەھكەملەش ۋە كېڭەيتىش ، ئۇلارنىڭ مۇئەييەن ئەمەلىي ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈش .

## يېزا ــ قىشلاق رايونلىرىكى ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپى پروگراممىسى

1970 ـ يىلى 3 ـ ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق ئىنقىلابىي كومىتېت ئېلان قىلغان . بەلگىلىمىلەر : (1) يېزا ـ قىشلاق رايونلىرىدىكى ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپ ج ك پ نىڭ رەھبەرلىكىدىكى كەمبەغەل دېھقان ، تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقانلار ، نامرات چارۋىچىلارنىڭ باشقۇرۇشىدىكى سوتسىيالىستىك يېڭىچە مەكتەپ . (2) يېزا ـ قىشلاق رايونلىرىكى ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپلەر رەئىس ماۋزېدۇڭنىڭ «ئىشچى ـ دېھقانلار ۋە ئۇلارنىڭ پەرزەنتلىرىنىڭ مائارىپتىن بەھرىمەن بولۇش ھوقۇقى بولىدۇ» دېگەن يوليورۇقىنى قەتئىي ئىجرا قىلىپ ، كەمبەغەل دېھقان ۋە تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقان ، نامرات چارۋىچىلارنىڭ پەرزەنتلىرىنىڭ مەكتەپكە كىرىپ ئوقۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىدۇ ، نامرات دېھقان ـ چارۋىچىلار ۋە باشقا خەلق ئاممىسى ئۈچۈن ھەقىقىي خىزمەت قىلىدۇ . (3) رەئىس ماۋزېدۇڭنىڭ «يېزا كەنتلەردە ، ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئەڭ ئىشەنچلىك ئىتتىپاقدىشى ـ كەمبەغەل دېھقانلار ۋە تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقان مەكتەپ باشقۇرىدۇ» دېگەن يوليورۇقى بويىچە ، يېزا ـ قىشلاق رايونلىرىدىكى ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپلەرگە رەھبەرلىك قىلىش ھوقۇقى ھەقىقىي ھالدا دېھقان ـ چارۋىچىلارنىڭ قولىدا بولۇشى كېرەك . (4) نامرات دېھقان ـ چارۋىچىلارنىڭ مەكتەپ باشقۇرۇشتىكى ئاساسىي ۋەزىپىسى ماۋزېدۇڭنىڭ پرولېتارىيات سىنىپىنىڭ مائارىپ لۇشيەنى ، فاڭجېنى ۋە ھەر تۈرلۈك سىياسىتىنى ئىزچىل ئىجرا قىلىش . (5) سىنىپىي كۆرەشنى تۇتقا قىلىپ ، ئىنقىلابىي چوڭ كۆرەشنى زور كۈچ بىلەن چوڭقۇر قانات يايدۇرۇش . (6) يېزا ـ قىشلاق رايونلىرىدا ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپ تەسىس قىلىشتا ، «دېھقان ـ چارۋىچىلارنىڭ پەرزەنتلىرى مەكتەپكە كېلىپ ئوقۇشقا قولايلىق بولۇش» ، پرىنسىپى بويىچە مەمۇرىي رايوننىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىماسلىق . باشلانغۇچ مەكتەپنى چوڭ ئەترەت قۇرۇش ياكى چوڭ ئەترەت بىرلىشىپ مەكتەپ قۇرۇش ، يىراق تارقاق رايونلاردا ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرى مەكتەپ قۇرۇش ، ئوتتۇرا مەكتەپنى چوڭ ئەترەت ياكى چوڭ ئەترەت بىرلىشىپ قۇرۇش ياكى چوڭ ئەترەت يەككە قۇرۇش . شارائىتى بار باشلانغۇچ

مەكتەپلەر تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ تەسىس قىلىش . دېھقان ـ چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ تارقاق ئولتۇراقلىشىشتەك ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن مەكتەپ قۇرۇش شەكلىنى كۆپ خىللاشتۇرۇش ، سەييارە باشلانغۇچ مەكتەپ ، كۆچمەن باشلانغۇچ مەكتەپ ، ئەتىگەنلىك سىنىپ ، كەچلىك سىنىپ قاتارلىقلار . شارائىتى بار مىللىي ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپلەر ئېھتىياجىغا ئاساسەن قوشۇمچە خەنزۇ تىلى سىنىپى ئاچسىمۇ ، خەنزۇ تىلى سىنىپىغا مىللىي ئوقۇغۇچىلارنى قوبۇل قىلسىمۇ بولىدۇ . (7) 1971 ـ يىلدىن باشلاپ باشلانغۇچ مەكتەپ (مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ ) بەش يىللىق ئوقۇش تۈزۈمى ، ئوتتۇرا مەكتەپلەر 4 يىللىق ئوقۇش تۈزۈمى قوللىنىش ، تولۇقسىز ، تولۇق ئوتتۇرا 2 ،2 بۆلەكلىك تۈزۈمنى يولغا قويۇش ، شارائىتقا ئاساسەن ئوتتۇرا مەكتەپ 7 يىللىق ياكى 9 يىللىق ئوقۇش تۈزۈمىنى يولغا قويسىمۇ بولىدۇ . (8 ) ناھىيە ، يېزىلاردا بىر قىسىم بېرىپ ـ كېلىپ ئوقۇيدىغان دېھقانچىلىق ـ چارۋىچىلىق تېخنىكا مەكتەپلىرىنى ئاچسا بولىدۇ . تېخنىك مەكتەپ ۋە تېخنىكوم سىنىپلىرىنىڭ ئوقۇش يىلى ئېھتىياجىغا ئاساسەن بەلگىلىنىدۇ . (9 ) كونا ئىمتىھان ئېلىش تۈزۈمىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش ، سىياسىي ـ ئىدىيىسى ياخشى ، ئۆگىنىش نەتىجىسى ئەلا ئوقۇغۇچىلارنىڭ سىنىپ ئاتلىشىغا يول قويۇش ، ئايرىم ئوقۇغۇچىلارنىڭ دەرسكە يېتىشەلمىگەنلىكى سەۋەبىدىن شۇ ئوقۇغۇچى ۋە ئاتا ـ ئانىسىنىڭ تەلىپى ، مەكتەپنىڭ تەستىقلىشى بىلەن قايتا ئوقۇشقا رۇخسەت قىلىش . يېزا ـ قىشلاق رايونلىرىدىكى ئوتتۇرا دەرىجىلىك مەكتەپلەر تونۇشتۇرۇش ۋە تاللاشنى بىرلەشتۇرۇپ ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ، ئىشچى ، نامرات دېھقان ـ چارۋىچى ، قۇربان بولغان ئەسكەرلەرنىڭ پەرزەنتلىرىنى ئالدىن قوبۇل قىلىش . (10 ) دۆلەتنىڭ بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇشىغا قولايلىق بولۇش ئۈچۈن يېزا ـ قىشلاق رايونلىرىدىكى ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپلەر باھاردا ئوقۇش باشلاش . (11 ) ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىغا سوقۇنۇپ كىرىۋالغان دۇشمەنلەرنى چىقىرىپ تاشلاپ ، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرگەن ، ئوقۇتقۇچىلىق خىزمىتىنى غەلىبىلىك ئىشلىگەن دېھقان ـ چارۋىچىلار ، ھەربىيلىكتىن قايتقان ۋە ئەمگەك بىلەن تاۋلانغان زىيالىي ياشلارنى ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىغا قوبۇل قىلىش ، ئوقۇتقۇچىلارنى ۋەزىپىگە قويۇش ، ۋەزىپىدىن ئېلىپ تاشلاش ئىشلىرىنى نامرات دېھقان ـ چارۋىچىلار مۇزاكىرە قىلىدۇ ، چوڭ ئەترەت ئىنقىلابىي كومىتېتى پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ ، گۇڭشې ئىنقىلابىي كومىتېتى تەستىقلاپ ، ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېت ئەنگە ئالىدۇ . (12 ) ئەمەلىي تەجرىبىسى بار نامرات دېھقان ـ چارۋىچىلار ، ئىنقىلابىي كادىرلار ۋە ياشلار ئىچىدىكى جانلىق ئۆگىنىپ ، جانلىق ئىشلىتەلەيدىغان ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى ئاكتىپلىرىنى قوشۇمچە ئوقۇتقۇچى ياكى ئوقۇتقۇچىلار گۇرۇپپىسى قىلىپ تەشكىللەش . (13 ) يېزا ـ قىشلاق رايونلىرىدىكى ھەر قايسى سىنىپتىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانى 50~30 نەپەر بولىدۇ ، چەت ، تارقاق ، كۆچمەنلەر رايونىدىكى مەكتەپلەر ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن بەلگىلىسە بولىدۇ . ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ شتاتى ئوتتۇرا مەكتەپ

(باشلانغۇچ مەكتەپتىكى شۆبە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) تە ھەر بىر سىنىپقا 2.5 ئادەم، باشلانغۇچ مەكتەپتە ھەر بىر سىنىپتا 1.5 ئادەم بولۇشى كېرەك. ماۋزېدۇڭنىڭ «دەرسلىك ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى ئىخچام بولۇش» يېتەكچى ئىدىيىسىگە ئەمەل قىلىپ، تەسىس قىلىش جەھەتتە پرولېتارىيات سىنىپىنىڭ سىياسىي ئىدىيىسىنى گەۋدىلەندۈرۈش، نەزەرىيىنى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈش، ئاز بولۇش، ساز بولۇش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇش. باشلانغۇچ مەكتەپ ئەدەبىيات دەرسى، ماتېماتىكا دەرسى، ئىنقىلابىي ئەدەبىيات - سەنئەت، ھەربىي تەنتەربىيە قاتارلىق دەرسلەرنى تەسىس قىلىش. 4-، 5- يىللىقتا ئومۇمىي ساۋات، ئەمگەك دەرسلىكىنى كۆپەيتىش، باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ تۆۋەن يىللىقىدا مۇۋاپىق ئەمگەك تەربىيىسى ئېلىپ بېرىش، لېكىن مەخسۇس دەرس تەسىس قىلماسلىق. ئوتتۇرا مەكتەپتە ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى تەربىيىسى دەرسلىكى، ئەدەبىيات، ماتېماتىكا، سانائەت - يېزا ئىگىلىك ئاساسىي بىلىملىرى دەرسلىكى، تارىخ - جۇغراپىيە دەرسلىكى، ئىنقىلابىي ئەدەبىيات - سەنئەت دەرسىنى تەسىس قىلىش، شارائىتى بار ئوتتۇرا مەكتەپلەردە چەت ئەل تىلى دەرسلىكى تەسىس قىلىش. (15) يىللىق ئوقۇتۇش ۋاقتىنىڭ تەقسىملىنىشى: ئوتتۇرا باشلانغۇچ مەكتەپلەردە دەرس ئۆتۈش ۋاقتى 40 ھەپتە ئەتراپىدا (ئەمگەك دەرسلىكىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، دېھقانلار ئالدىراش مەزگىلىدە (يازلىق كانىكۇلدا) 40 - 35 كۈنگىچە قويۇپ بېرىش، قىشلىق تەتىلدە 40 - 30 كۈنگىچە قويۇپ بېرىش، ناھىيە بىلەن بىر دەرىجىلىك ئىنقىلابىي كومىتېت ئەمەلىي ئەھۋالغا ئاساسەن ئۆزلىرى بېكىتىش. (16) يېزا - قىشلاق مەكتەپلىرى ئوقۇغۇچىلارغا مۇۋاپىق تاپشۇرۇق بېرىش. زۆرۈر بولغان نەتىجە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش، ئوچۇق ئىمتىھان ۋە ئەمەلىي مەشغۇلات قاتارلىق ئۇسۇل ئارقىلىق مەسىلىلەرنى تەكشۈرۈپ تەھلىل قىلىش ۋە مەسىلىنى ھەل قىلىش ئىقتىدارىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ھەمدە مۇۋاپىق ھالدا ئالدىنئالا بەلگىلەنگەن ئىمتىھان ئۇسۇلىنى قوللىنىش.

## ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپلەردە «مەملىكەتلىك مائارىپ خىزمەت يىغىنى خاتىرىسى» نى ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدا بىر قانچە پىكىر

1971 - يىلى مائارىپ نازارىتى ئېلان قىلغان. «پىكىر»دىكى تەلەپلەر: (1) ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنى يېتەكچى قىلىپ، ئۈچ چوڭ ئىنقىلاب ئەمەلىيىتىنى بىرلەشتۈرۈش، سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت دەرسلىرىنى ئەستايىدىل ياخشى ئۆتۈش، ياخشى ئاساس سېلىش. «ئۆگىنىشنى ئاساس قىلىش» بىلەن «ئەقلىي تەربىيە بىرىنچى» نىڭ چېگرىسىنى، زۆرۈر دەرسخانا ئوقۇتۇشى بىلەن «ئىشىكنى يېپىپ قويۇپ ئوقۇتۇش» نىڭ چېگرىسىنى ئېنىق ئايرىش، ئوقۇتۇش ۋاقتى ۋە سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلىش. ئاپتونوم رايون ۋاقىتلىق يولغا قويغان ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ يىللىق مەدەنىيەت دەرس ۋاقتى 31 ھەپتە، ئىشچى - دېھقانلاردىن ئۆگىنىش ۋاقتى 8 ھەپتە ئەتراپىدا؛ باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ يىللىق مەدەنىيەت دەرس ۋاقتى 37 - 30 ھەپتە، ئىشچى - دېھقانلاردىن

ئۆگىنىش 5~3 ھەپتىگىچە (يىللىقلارنىڭ ئوخشاش بولماسلىقىغا ئاساسەن يېرىم كۈن ياكى بىر كۈن ئورۇنلاشتۇرسا بولىدۇ) زۆرۈر بولغان ئوقۇتۇش تۈزۈمى ئورنىتىش، ئوقۇتۇش پىلانلىق بولۇش، ئۆگىنىشتە تەلەپ باھالاشتا دەرس تەكرارلاشقا كاپالەتلىك قىلىش، باھالاشقا تۈزۈم بولۇش، تاپشۇرۇقنى تەكشۈرۈش لازىم. ماۋزېدۇڭ تۈزگەن «10 چوڭ ئوقۇتۇش ئۇسۇلى» نى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇش لازىم. (2) ئىشچى، دېھـقـان، ئـەسـلـەركەردىن ئۆگىنىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش، پرولېتارىيات سىنىپىنىڭ سىياستىنى گەۋدىلەندۈرش، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىدە ئادەم تەربىيىلەشنى ئـالـدىـنـقـى ئـورۇنغا قويۇش لازىم. (3) ئوقۇتۇش يىلىنى قىسقارتىش، دەرسلىك ئورۇنلاشتۇرۇلۇشنى ئىخچام قىلىش لازىم. ئاپتونوم رايونىمىزدا 10 يىللىق تۈزۈمنى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇش. يەنى باشلانغۇچ 5 يىل، ئوتتۇرا مەكتەپ 5 يىل بولۇش (2 ـ 3 بۆلەككە بۆلىنىدۇ). مەكتەپكە كىرىش يېشى ئادەتتە 7 ياش، شارائىتى بارلار 6 يـېرىم ياشتا ئوقۇشقا كىرسە بولىدۇ، يېزا ـ ئىگىلىك، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا مـۇۋاپـىـق ھـالدا كەڭچىلىك قىلىنسا بولىدۇ. ئاپتونوم رايوندا ئەتىيازدا بىر تۈتاش ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىنىدۇ. يەرلىك، زاۋۇت، كان ـ كارخانىلارنىڭ ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپلىرى مەكتەپكە بېرىشكە قولايلىق بولۇش پرىنسىپىغا ئەمەل قىلىپ، مەكتەپ ئـەتراپىدىكى مۇۋاپىق ياشتىكى بالىلارنى قوبۇل قىلسا بولىدۇ. ئوتتۇرا مەكتەپلەرگە ئىشچى، نامرات دېھقان (چارۋىچى)، قۇربان بولغان ئەسكەرلەر پەرزەنتلىرى ئالدىن قوبۇل قىلىنىشى زۆرۈر. ئوتتۇرا باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ قىشلىق يازلىق تەتىلى 8 ھەپتە ئەتراپىدا بولىدۇ (دالا مەشىقىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ). دېھقان، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا دېھقانچىلىق (چارۋىچىلىق) ئالدىراش مەزگىلىدە قويۇپ بېرىلىدۇ. ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپلەر «كۈندە ئوقۇش»تىن باشقا يەنە تۆۋەندىكى دەرسلىكلەرنى تەسىس قىلىدۇ. باشلانغۇچ مەكتەپتە ئەدەبىيات (خەت مەشىقىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، ماتېماتىكا (چوتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، ئىنقىلابىي ئەدەبىيات سەنئىتى، ھەربىي تەنتەربىيە تەسىس قـىـلـىـنـىـدۇ. 4 ـــ يـىللىقتىن باشلاپ سىياسەت، ئومۇمىي ساۋات دەرسلىكلىرى كۆپەيتىلىدۇ. شارائىتى بار جايلار 4 ـ يىللىقتىن باشلاپ ئايرىم ھالدا خەنزۇ تـىـلـى ياكى ئۇيغۇر تىلى، قازاق تىلى دەرسلىكلىرىنى كۆپەيتسە بولىدۇ. ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ سىياسەت، تەنتەربىيە، چەت ئەل تىلى، ئەدەبىيات، ماتېماتىكا، فىزىكا، خىمىيە، تارىخ، جۇغراپىيە، بىئولوگىيە، خەنزۇ تىلى ياكى ئۇيغۇر تـىلى، قازاق تىلى تەسىس قىلىنىدۇ. (4) مەكتەپ مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى، مەكتەپ كەمبەغەل، تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقانلارنىڭ ئىشىكى ئالدىدا قۇرۇلۇشى لازىم. يېزا ئـوتـتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپلىرىنىڭ تەسىس قىلىنىشى «دېھقانلار پەرزەنتلىرىنىڭ مەكتەپكە بېرىشى قولايلىق بولۇش» پرىنسىپىغا ئەمەل قىلىشى زۆرۈر. 4 ـ بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە ئىشلەپچىقىرىش چوڭ ئەترىتى ۋە تارقاق ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرى چـوقۇم باشلانغۇچ مەكتەپ ياكى ئوقۇتۇش نۇقتىسى قۇرۇشى كېرەك. شارائىتى بار

باشلانغۇچ مەكتەپلەر قوشۇمچە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ قۇرسا بولىدۇ. (5) ئۆز جايىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن ھەر خىل شەكىلدە مەكتەپ قۇرۇش، ئاممىنىڭ ئېھتىياجى ۋە ئىختىيارىغا ئاساسەن ھەر خىل شەكىلدە مەكتەپ قۇرسا بولىدۇ. مەسىلەن: ئەتىگەنلىك سىنىپ، چۈشلۈك سىنىپ، كەچلىك سىنىپ، سەييارە سىنىپ، كۆچمەن سىنىپ قاتارلىقلار، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىنى - سىڭىللىرىنى بىللە مەكتەپكە ئېلىپ كېلىشىگە يول قويۇش كېرەك. باللار سىنىپى ئاچسىمۇ بولىدۇ. يېزا - بازار، زاۋۇت، كان - كارخانىلار ۋە مەھەللىلەردە مەكتەپ قۇرۇشنى كەڭ قانات يايدۇرۇپ، ئىككى بۆلۈم تۈزۈمىنى تەدرىجىي ئەمەلدىن قالدۇرۇش. (6) ئىشتىن سىرتقى تەربىيىنى قانات يايدۇرۇپ، ساۋاتسىزلىقنى زور كۈچ بىلەن تۈگىتىش كېرەك. ھەر قايسى جايلاردا كەچلىك سىياسىي مەكتەپ، ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش سىنىپى قاتارلىقلارنى ئېچىپ، سىياسەت، مەدەنىيەت ئۆگىتىلسە بولىدۇ. ئۇيغۇر، قازاق تىلىنى ئىشلىتىدىغان مىللەتلەرگە يېڭى يېزىق ئۆگىتىپ، ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش. ماۋزېدۇڭ ئەسەرلىرىنى ئۆگىنىش ئاممىۋى پائالىيىتىدە مائارىپنى ئومۇملاشتۇرۇش، ئىشتىن - سىرت مائارىپ ۋە ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىشنى بىرلەشتۈرۈش كېرەك. (7) ئامما مەكتەپ قۇرۇشقا نىسبەتەن دۆلەت ھەر جەھەتتىن زور كۈچ بىلەن قوللىشى كېرەك. خەلق قۇرغان، ھۆكۈمەت ياردەم بېرىدىغان مەكتەپ ۋە خەلق قۇرغان مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرىغا دۆلەت ياردىمىنى ئاساس قىلىش كېرەك. ھەر قايسى جايلار ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىنىڭ ئىقتىسادىي سەۋىيىسى، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ سىياسىي، كەسپىي، خىزمەت يىلىنى كونكرېت ئىگىلىشى كېرەك. ئەر - ئايال ئوقۇتقۇچىلار ئوخشاش ئىشلەپ تەمىناتتىن تەڭ بەھرىمەن بولىدۇ. (8) ئىلغار ئىشچى، دېھقان، ئەسكەرلەرنى مەكتەپكە كەسپىي خىزمەت ۋە قوشۇمچە ئوقۇتقۇچىلىققا تاللاش، ئىشچى - دېھقان، ئەسكەر ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىنى تەشكىللەش، مەكتەپلەردە قەرەللىك لېكسىيە سۆزلەش، تەدرىجىي ھالدا ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ تەركىبىنى ئۆزگەرتىش. (9) ئەسلىدىكى ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىغا نىسبەتەن ئىتتىپاقلىق، تەربىيىلەش، ئۆزگەرتىش فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، بىر تەرەپتىن ئىشلىتىپ، بىر تەرەپتىن ئۆزگەرتىش، پارتىيىنىڭ زىيالىيلار سىياسىتىنى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈش لازىم. ئىشلىتىپ ئۆزگەرتمەيدىغان ياكى پەقەت ئۆزگەرتىشنىلا تەكىتلەپ، ئىشلىتىشنى بىلمەيدىغان ئىككى خىل ئەھۋالدىن ساقلىنىش لازىم. (10) ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىنى تولۇقلاشنى چىڭ تۇتۇش، مائارىپ ۋە پىلان كومىتېتى «پىكىر» نىڭ روھى ۋە رايونىمىز مائارىپ ئىشلىرى تەرەققىياتىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن، پىلانلاش ئېلىپ بېرىش، ئاممىۋى مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ كۆرسەتكۈچى ۋە خەلق قۇرغان مەكتەپلەر ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ سانىنى تەدرىجىي كۆپەيتىش كېرەك. ئوتتۇرا مەكتەپتە 10~15 نەپەر ئوقۇغۇچىنى ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە تەقسىملەش، باشلانغۇچ مەكتەپتە 20 - 25 نەپەر ئوقۇغۇچىنى ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە تەقسىملەش، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنى

ناھىيىلەر تەربىيىلىشى، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەر تەربىيىلىشى، ئاپتونوم رايون تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنى تەربىيىلەش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك. ئۆزۈن يىل دەرس بەرگەن ئوقۇتقۇچىغا نىسبەتەن مەركەزنىڭ يېڭى بەلگىلىمىلىرى بويىچە بىر تەرەپ قىلىش كېرەك. (11) ھەر قايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر ۋە شارائىتى بار ناھىيىلەر ئوتتۇرا دەرىجىلىك پېداگوگىكا مەكتەپلىرىنى ياخشى باشقۇرۇشى لازىم. ئوقۇش يىلى ۋاقتىنچە 1، 2 يىل قىلىپ بېكىتىلىدۇ، سىياسىي ئىدىيىسى ياخشى ھەمدە مۇئەييەن مەدەنىيەت سەۋىيىسىگە ئىگە ئىشچى - دېھقان، ئەسكەرلەرنى قوبۇل قىلسا بولىدۇ، پرىنسىپ جەھەتتە جەمئىيەتتىن ئېلىپ جەمئىيەتكە قايتىش، زاۋۇتتىن كېلىپ، زاۋۇتقا قايتىش ئۇسۇلى قوللىنىلىدۇ. مائاشى يوق ئوقۇغۇچىلارغا دۆلەت مەكتەپتىكى مەزگىلدە تاماق پۇلى، مۇئەييەن تۇرمۇش قوشۇمچە ھەققى بېرىدۇ. دۆلەتنىڭ بىر تۇتاش تەقسىملىشىگە مۇھتاج ئوقۇغۇچىلارغا باشقا بەلگىلىمىلەر قوللىنىلىدۇ. ھەر قايسى جايلار قىسقا مۇددەتلىك سىنىپ ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، ئوقۇتقۇچىلارنى يېتەكلەش تورى قاتارلىق ھەر خىل شەكىللەرنى قۇرۇپ، كەسپىي ئوقۇتقۇچىلارنىڭ سىياسىي، كەسپىي سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشى كېرەك.

## ئالىي تېخنىكوم ۋە ئوتتۇرا دەرىجىلىك كەسپىي مەكتەپلەردە «مەملىكەتلىك مائارىپ خىزمەت يىغىنى خاتىرىسى» نى ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدىكى بىر قانچە تەكلىپ

1971 - يىلى مائارىپ نازارىتى ئېلان قىلغان. «پىكىر» دىكى تەلەپلەر: (1) مەكتەپ باشقۇرۇش بەنزىسى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش. ئالىي تېخنىكوم مەكتەپلىرى ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ ئاستىدىكى تەشكىلىي ئاپپاراتلار ۋاقتىنچە 3 گۇرۇپپا، بىر ئىشخانا بويىچە قۇرۇلىدۇ (سىياسىي خىزمەت گۇرۇپپىسى، مائارىپ ئىنقىلابىي گۇرۇپپىسى، ئارقاسەپ گۇرۇپپىسى، ئىنقىلابىي كومىتېت ئىشخانىسى)، فاكولتېتنىڭ قۇرۇلمىسى ساقلاپ قېلىنىپ، فاكولتېت قارمىقىدا كەسىپ بويىچە ئەترەتلەر قۇرۇلىدۇ، فاكولتېتتا پارتىيە باش ياچېيكىسى ياكى پارتىيە ياچېيكىسى قۇرۇلىدۇ، كەسپىي ئەترەتلەردە پارتىيە ياچېيكىسى قۇرۇلىدۇ، فاكۇلتېت ۋە كەسپىي ئەترەتلەردە سىياسىي خىزمەت كادىرلىرى تەسىس قىلىنىدۇ. (2) مەكتەپلەرنى تەڭشەش ۋە ئورۇنلاشتۇرۇش. مەملىكەتلىك مائارىپ خىزمەت يىغىنى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى، شىنجاڭ 1 - ئاۋغۇست يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتى، شىنجاڭ سانائەت ئىنستىتۇتى، شىنجاڭ ھەربىي رايون ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتى، شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى تېببىي تېخنىكومى ۋە قەشقەر پېداگوگىكا تېخنىكومى قاتارلىق 7 مەكتەپنى ساقلاپ قېلىشقا قوشۇلغان. مەخسۇس كۇرس ۋە تېخنىكوم مەكتەپلىرىنى تۆۋەندىكىدەك تەڭشەشكە قوشۇلغان: 1- ئاۋغۇست يېزا ئىگىلىك

ئىنستىتۇتى ماناس ئورمانچىلىق مەيدانىغا كۆچۈرۈلۈپ مەكتەپ قۇرۇش، يېزا ـ ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش ۋە ئېتىز ـ ئېرىق، سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت ئىككى فاكۇلتېت ئەسلىدىكى مەكتەپتە ۋاقىتلىق قالدۇرۇلۇپ ئوقۇتۇش ئېلىپ بېرىش، شىنجاڭ سانائەت ئىنستىتۇتى 1 ـ ئاۋغۇست بوز يەر ئېچىش ئىنستىتۇتىنىڭ ئورنىغا كۆچۈپ ئوقۇتۇش ئېلىپ بېرىش. بىگتۇەن يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتى كۈيتۇندە مەكتەپ قۇرۇش ئوقۇتۇش ئېلىپ بېرىش. شىنجاڭ ئىنستىتۇتى، شىنجاڭ مېدىتسىنا ئىنستىتۇتى، قەشقەر پېداگوگىكا تېخنىكومى، بىگتۇەن تېببىي تېخنىكومى ئەسلىدىكى مەكتەپ ئورنىدىن يۆتكەلمەسلىك. ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنى بوز يەر ئېچىش تەربىيىلەشنى كۈچەيتىش ئۈچۈن ئۇرۇمچى يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتىنى ئوقۇتقۇچىلار تەربىيىلەش بۆلۈمى قىلىپ ئۆزگەرتىش، ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ ئىدارىسى يېتەكچىلىك قىلىش. قەشقەر پېداگوگىكا تېخنىكومىنى قەشقەر ۋىلايىتىگە چۈشۈرۈپ، ئاپتونوم رايون ۋە ۋىلايەتنىڭ قوش رەھبەرلىكىنى يولغا قويۇش، ۋىلايەتنىڭ رەھبەرلىكىنى ئاساس قىلىش، تۆۋەنگە چۈشۈرگەندىن كېيىن، يەنىلا جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى ۋىلايەتلىرىدىكى ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنى تەربىيىلەش ۋەزىپىسىنى ئۆتەش. كورلىدا شىنجاڭ تېببىي ئىنستىتۇتىنىڭ تارماق مەكتىپىنى قۇرۇش، بۇ مەكتەپتە قوش رەھبەرلىك تۈزۈمىنى يولغا قويۇش، بايىنغولىن ئوبلاستىنى ئاساس قىلىش، مەكتەپ قۇرۇش لايىھەسىنى بايىنغولىن ئوبلاستى بىلەن شىنجاڭ مېدىتسىنا ئىنستىتۇتى بىرلىكتە تۈزۈپ چىقىپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومغا تەكشۈرۈپ بېكىتىش ئىلتىماسى سۇنۇش. ئۇنىڭدىن باشقا ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە ئىدارىسى كۈچىنى بىر تۇتاش مەركەزلەشتۈرۈپ ئەسلىدىكى بايىنغولىن ئوبلاستى پارتىيە مەكتىپىنىڭ ئورنىدا بىر ئۇنىۋېرسال دوختۇرخانا قۇرۇش. كۆلىمى 400~300 كېسەل كارىۋىتى پاتىدىغان بولۇش، ئۇنى مېدىتسىنا ئىنستىتۇتى تارماق ئىنستىتۇتىنىڭ شۆبە دوختۇرخانىسى قىلىش. ئاقسۇ ۋىلايىتىدە 1 ـ ئاۋغۇست يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتىنىڭ تارماق مەكتىپى تەسىس قىلىش. (3) كەسپ تەسىس قىلىش. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ھەر قايسى كەسىپلىرىنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى يەنىلا ئوقۇتقۇچى تەربىيىلەش، تىل كەسىپلىرىنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى بولسا تەرجىمان تەربىيىلەش؛ تەبىئىي پەن كەسىپلىرى بولۇپمۇ فىزىكا، خىمىيە كەسىپلىرى ئاساسلىق شىنجاڭنىڭ سانائەت يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى ۋە پەن تېخنىكا ئېھتىياجى ئۈچۈن خىزمەت قىلىش. شىنجاڭ سانائەت ئىنستىتۇتىنىڭ ئەسلىدىلا كۆلىمى كىچىك، تەسىس قىلىنغان كەسىپلەر ئاز، كەمچىل كەسىپلەر كۆپ بولۇپ، ئاپتونوم رايوننىڭ سانائەت تەرەققىياتىنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشالمايدۇ، شۇڭا شىنجاڭ سانائەت ئىنستىتۇتىنى زور كۈچ بىلەن كۈچەيتىش، قوللىنىشچانلىقى بىر قەدەر چوڭ قۇرۇلۇش، تېخنىكا كەسىپلىرىنى كۆپەيتىپ تەسىس قىلىش، ماشىنىسازلىق، ئېلېكتر ماشىنىلىرىنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان كۆپ پەنلىك سانائەت ئىنستىتۇتى قىلىپ تەدرىجىي قۇرۇپ چىقىش. ئالىي

مەكتەپلەر يېقىندا تولۇقلىنىپ 10 خىل كەسىپنى كۆپەيتىپ تەسىس قىلىدۇ ؛ شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى قازاق تىلى ، موڭغۇل تىلى ، ئىنگلىز تىلى كەسىپلىرىنى تەسىس قىلىپ ، تەرجىمانلار ۋە ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنى تەربىيىلەيدۇ ، خىمىيە سانائەت كەسپى تەسىس قىلىش ، شىنجاڭ سانائەت ئىنستىتۇتى قۇيمىچىلىق ، توك تارقىتىش ۋە تەقسىملەش ، سانائەت ئېلېكترون تېخنىكىسى قاتارلىق ئۈچ خىل كەسىپنى كۆپەيتىپ تەسىس قىلىدۇ . قۇيمىچىلىق ، توك تارقىتىش ، سانائەت ئېلېكترون تېخنىكىسى قاتارلىق كەسىپلەرنى تەسىس قىلىدۇ . 1 - ئاۋغۇست يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتى ئورمانچىلىق قۇرۇلۇشى كەسپىنى تەسىس قىلىدۇ ؛ شىنجاڭ مېدىتسىنا ئىنستىتۇتى دورىگەرلىك كەسپىنى كۆپەيتىپ تەسىس قىلىدۇ ؛ قەشقەر پېداگوگىكا تېخنىكۇمى خىمىيە كەسپىنى تەسىس قىلىدۇ ؛ (4) ئوقۇش تۈزۈمى ، كۆلىمى ۋە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش . ئۇرۇش تەييارلىقىنىڭ تەلىپىگە ماسلىشىش ۋە باشقۇرۇشقا قولايلىق بولۇش ئۈچۈن ، مەخسۇس كۇرۇس مەكتەپلىرىنىڭ كۆلىمى ئادەتتە بەك چوڭ بولسا بولمايدۇ . ھەر قايسى مەكتەپلەرنىڭ ئەڭ چوڭ كۆلىمى ۋاقىتىنچە : شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى 2000 نەپەر (ئىجتىمائىي پەن 800 نەپەر ، تەبىئىي پەن 1200 نەپەر ) ؛ شىنجاڭ سانائەت ئىنستىتۇتى 1200 نەپەر ؛ 1 - ئاۋغۇست يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتى 1000 نەپەر ؛ شىنجاڭ مېدىتسىنا ئىنستىتۇتى 1000 نەپەر ؛ قەشقەر پېداگوگىكا تېخنىكۇمى 800 نەپەر ؛ بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتى 800 نەپەر ، بىڭتۇەن تېببىي تېخنىكۇمى 600 نەپەر ؛ ئوقۇتقۇچىلار تەربىيىلەش بۆلۈمى 500 نەپەر قىلىپ بېكىتىلدى . ئاپتونوم رايوندىكى ھەر قايسى ئالىي ، تېخنىكوم مەكتەپلىرىنىڭ ئوقۇش يىلى ۋاقىتىنچە ئىجتىمائىي پەن ئىككى يىل ، تەبىئىي پەن ، يېزا ئىگىلىك ، مېدىتسىنا ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئۈچ يىل قىلىپ سىناق تەرىقىسىدە بېكىتىلدى . مىللىي باللار تەييارلىقتا يېرىم يىل ياكى بىر يىل ئوقۇيدۇ . ئاكتىپلىق بىلەن شارائىت يارىتىپ ، بۇ يىل باھاردا ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىپ دەرس باشلاش كېرەك . ئىشنى ئېچىۋېتىپ مەكتەپ باشقۇرۇشنى ئاساس قىلىش ، شارائىتى بار كەسىپلەر قوبۇل قىلىپ مەكتەپ باشقۇرسا بولىدۇ . (5) ئىشچى ، دېھقان ، ئەسكەر ، ئىنقىلابىي تېخنىك خادىملار ۋە ئەسلىدىكى ئوقۇتقۇچىلار بىرلەشتۈرۈلگەن پرولېتارىيات ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىنى تېزلىك بىلەن قۇرۇپ چىقىش . ئەسلىدىكى ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىغا نىسبەتەن ئىتتىپاقلىق ، تەربىيىلەش ، ئۆزگەرتىش فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇش ، ئىشلىتىش جەريانىدا ئۆزگەرتىشتە چىڭ تۇرۇش ، پەقەت ئىشلىتىپ ئۆزگەرتمەيدىغان ۋە ئۆزگەرتىشنىلا تەكىتلەپ ئىشلىتەلمەيدىغان ئىككى خىل ئەھۋالدىن ساقلىنىش كېرەك . پىلانلىق ، تەشكىللىك ھالدا مەزگىل ۋە تۈركۈملەرگە ئايرىپ تەشكىللەپ ، ئۇلارنى يېزا ۋە زاۋۇتلارغا چۈشۈرۈش ، ئىشچى - دېھقان - ئەسكەرلەرنىڭ قايتا تەربىيىسىنى قوبۇل قىلدۇرۇش ، ئىشچى ، دېھقان - ئەسكەر بىرلىشىش يولىدا مېڭىش ، ئاڭلىق ھالدا دۇنيا قاراشنى ئۆزگەرتىش ، كىمگە خىزمەت قىلىش ، قانداق خىزمەت قىلىش مەسىلىسىنى تەدرىجىي ھەل قىلىش كېرەك . (6) ئوتتۇرا دەرىجىلىك تېخنىك مەكتەپلەرنى

ئەستايىدىل ياخشى قۇرۇپ چىقىش، سانائەت پەنلىرى ۋە ئوتتۇرا دەرىجىلىك تېخنىكوم مەكتەپلەردە شاڭخەي ستانوك زاۋۇتىنىڭ يولىدا مېڭىپ، ئىشچىلار ئىچىدىن تېخنىك خادىملارنى تەربىيىلەش، زاۋۇت، كانلاردا مەكتەپ قۇرۇش شەكلىنى ئاساس قىلىش. يېزا ئىگىلىك سىستېمىسىدىكى ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتەپلىرى يېزىلارغا كۆچۈشتە چىڭ تۇرۇش، يېزىلاردىكى 3 چوڭ ئىنقىلاب ئەمەلىيىتى بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈپ مەكتەپ قۇرۇش. مېدىتسىنا سىستېمىسىدىكى ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتەپلىرى دوختۇرخانىنى ئاساس قىلىپ مەكتەپ قۇرۇش ئاساسىدا تەرەققىي قىلىش، مەكتەپ قۇرۇشنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى يېزا داۋالاش ئىشلىرىغا قارىتىشتا چىڭ تۇرۇش. ھەر قايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، بىڭتۇەن ۋە دىۋىزىيە، شارائىتى بار ناھىيە (پولك، مەيدان)لەر ئوتتۇرا دەرىجىلىك پېداگوگىكا مەكتەپلىرىنى قۇرۇش، ئۆز كۆچىگە تايىنىپ تەربىيىلەش ۋە ئۆز رايونىدىكى ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنى نۆۋەت بىلەن تەربىيىلەش كېرەك. ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتەپلىرىنىڭ تەربىيىلەش مەقسىتى سوتسىيالىستىك ئاڭغا ئىگە، ئوتتۇرا دەرىجىلىك كەسپىي ماھارەت ئىگىلىگەن ئەمگەكچىلەرنى تەربىيىلەش. ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ئاساسىي ئوبيېكتى بولسا ۋاقىتلىق ھالدا بىر يىلدىن يۇقىرى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇش تەجرىبىسىگە ئىگە مۇنەۋۋەر ئىشچى، دېھقان - ئەسكەرلەر، يېشى 18 ياش ئەتراپىدا، سالامەتلىكى ياخشى، توي قىلمىغان ياشلار قىلىپ بېكىتىلگەن.

## يېزىلاردىكى ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش ئىشتىن سىرتقى مائارىپ خىزمىتىنى پائال قانات يايدۇرۇش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش

1973 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتى ئېلان قىلغان. ئۇقتۇرۇشنىڭ تەلىپى: (1) يېزا - قىشلاق رايونلىرىنىڭ ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش خىزمىتى، ياش ئوتتۇرا ياشلارنىڭ ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىشنى مۇھىم نۇقتا قىلىشى كېرەك. ئالدى بىلەن ئاساسىي قاتلام كادىرلىرى، پارتىيە، ئىتتىپاق ئەزالىرى ۋە ياشلار ئىچىدىكى ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش كېرەك. ئۇيغۇر، قازاق، مىللىيلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلاردا ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش خىزمىتى ئۇيغۇر، قازاق يېڭى يېزىقى بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈپ ئېلىپ بېرىلىشى كېرەك. (2) ياشلارنىڭ ئۆگىنىشىگە چوقۇم ئەھمىيەت بېرىش، زۆرۈر بولغان ئۆگىنىش تۈزۈملىرىنى ئورنىتىش، ئۇلارنى ماركسىزىم - لېنىنىزم ئەسەرلىرى، ماۋزېدۇڭ ئەسەرلىرىنى ئوقۇشقا تەشكىللەش، مەدەنىيەت ۋە پەن تېخنىكا بىلىملىرىنى ئۆگىتىش، ياشلارنىڭ بىلىم ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، ئۇلارنىڭ ئۆگىنىشىنى تېخىمۇ ياخشى تەشكىللەش كېرەك. (3) تەكشۈرۈش تەتقىقات خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش، تىپلارنى چىڭ تۇتۇپ ئەستايىدىل ئىشلەش. (4) ئوقۇتقۇچى ۋە دەرسلىك مەسىلىسىنى ئەستايىدىل ھەل قىلىش، ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش، ئىشتىن سىرت مائارىپ ئوقۇتقۇچىلىرىنى قابىلىيىتى بارلار ئىچىدىن

ئوقۇتقۇچى سايلاش ئۇسۇلىغا ئاساسەن ئۆز رايونىدا ھەل قىلىش كېرەك .

**ئىشچى - دېھقانلار ئىشتىن سىرت مائارىپ خىزمىتىنى يەنىمۇ بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن ھالدا راۋاجلاندۇرۇش توغرىسىدىكى بىرلەشمە ئۇقتۇرۇش**

1974 - يىلى 11- ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ ئىدارىسى ، ئاياللار بىرلەشمىسى ، زىيالى ياشلار ئىشخانىسى ، ئىشچىلار باش ئۇيۇشمىسى ، ئىتتىپاق كومىتېتى ، تىل - يېزىق كومىتېتى بىرلىكتە تارقاتقان . «ئۇقتۇرۇش» نىڭ تەلىپى : (1) يېزىلارغا چۈشكەن زىيالىي ياشلارنىڭ ئىشتىن سىرت تەربىيىسىنى زور كۈچ بىلەن چىڭ تۇتۇش . شارائىتى بار گۇڭشى (ئەترەت) لەر ئىشتىن سىرت يېزا ئىگىلىك تېخنىكوم ۋە ھەر تۈرلۈك كەسپىي خاراكتېرلىك ئۆگىنىش سىنىپلىرىنى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇش ، تەشكىللەش ؛ دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق ، چارۋىچىلىق مەيدانى ۋە ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش بىڭتۇەننىڭ مۇناسىۋەتلىك تۈەن ، مەيدانلىرى شارائىت يارىتىپ ، ئىشتىن سىرت ئۇنىۋېرسىتېت ياكى كوممۇنىزملىق ئەمگەك ئۇنىۋېرسىتېتى قۇرۇش كېرەك . (2) زور كۈچ سەرپ قىلىپ ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش ، ھەر دەرىجىلىك ، ھەر تۈرلۈك ئىشتىن سىرت مەكتەپلەرنى ئاكتىپلىق بىلەن قۇرۇش كېرەك . سىياسىي كەچلىك مەكتەپ ، «7 - ماي» ئىشتىن سىرت مەكتەپنى ئاكتىپلىق بىلەن ياخشى قۇرۇش ، ئىككى گۇڭشې ، ئەترەتلەر زور كۈچ بىلەن مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ئىشتىن سىرت مەكتەپنى بىردىن قۇرۇش كېرەك . چوڭ ئوتتۇرا تېپتىكى زاۋۇت ، كارخانا ئاكتىپلىق بىلەن شارائىت يارىتىپ ئىشچى ، خىزمەتچىلەر ئىشتىن سىرت ئوتتۇرا تېخنىكومى ۋە ئالىي تېخنىكوم مەكتەپلىرىنى قۇرۇش كېرەك . (3) ئوقۇتقۇچى ، ماتېرىيال ، راسخوت ، ئەسلىھەلەرنى ياخشىلاش ۋە ياخشى ھەل قىلىش كېرەك .

**ئىشچى - دېھقانلار ئىشتىن سىرت مائارىپىنى ئاكتىپ قانات يايدۇرۇپ دازەيچە ناھىيىلەرنى ئومۇملاشتۇرۇش ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلدۇرۇش توغرىسىدىكى پىكىر**

1975 — يىلى 11 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق ئىنقىلابىي كومىتېتى تەستىقلاپ تارقاتقان . «پىكىر» نىڭ تەلىپى : (1) پرولېتارىيات دېكتاتورىسى نەزەرىيىلىرىنى ياخشى ئۆگىنىشنى داۋاملاشتۇرۇش ، سىياسىي ، مەدەنىيەت كەچلىك مەكتەپلىرىنى كەڭ كۆلەمدە قۇرۇش . (2) ساۋاتسىزلىقنى زور كۈچ بىلەن تۈگىتىش ، ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش قەدىمىنى تېزلىتىش ، ئۇيغۇر ، قازاق مىللەتلىرىنىڭ ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش خىزمىتىدە ئاپتونوم رايونلۇق ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇشتا چىڭ تۇرۇش ، كۈچ توپلاپ 3～2 يىلغىچە ياش ، ئوتتۇرا ياشلارنى يېڭى يېزىقنى تونۇيدىغان قىلىپ ، ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش خىزمىتىنى تېزلىك بىلەن ئىلگىرى سۈرۈش . 1980 - يىلغا بارغاندا ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش خىزمىتىنى ئاساسىي جەھەتتىن تاماملاش . (3)

زىيالىي ياشلارنىڭ ئىشتىن سىرت ئۆگىنىشىنى چىڭ تۇتۇش، ھەر قايسى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، تۇەن مەيدانلىرى، ھەر قايسى ناھىيە، گوڭشىلاردا 7 ـ ماي ئىشتىن سىرت مەكتىپى ياكى «7 ـ ماي» ئىشتىن سىرت ئۇنىۋېرسىتېتىنى ئاكتىپلىق بىلەن قۇرۇش. (4) ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ ئىشتىن سىرت ئۆگىنىشىنى تېزلىك بىلەن قانات يايدۇرۇپ، «21 ـ ئىيول» ئىشچىلار ئۇنىۋېرسىتېتى قۇرۇش.

## ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپ خەلق باشقۇرۇشىدىكى ئوقۇتقۇچىلىرىنى تەرتىپكە سېلىش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش

ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ ئىدارىسى 1978 ـ يىلى 5 ـ ئايدا تارقاتقان. تەلەپ: (1) خەلق باشقۇرۇشىدىكى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ۋەزىپىسىنى ناھىيىلىك مائارىپ ئىدارىسى بەلگىلەيدۇ ۋە باشقۇرىدۇ. (2) ھەر قايسى ناھىيىلەردىكى مائارىپ ئىدارىسى خەلق باشقۇرۇشىدىكى ئوقۇتقۇچىلارغا ئارخىپ تۇرغۇزۇشى، ئۇلارغا قارىتا ھۆكۈمەت ئوقۇتقۇچىلىرى بىلەن ئوخشاش قەرەللىك تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىشى كېرەك. (3) ھەر قايسى ناھىيە، گوڭشى خەلق باشقۇرۇشىدىكى ئوقۇتقۇچىلار بىلەن ھۆكۈمەت ئوقۇتقۇچىلىرىنى بىرلىكتە ئىشتىن سىرت بىلىم ئاشۇرۇشقا تەشكىللىشى، سىياسىي ۋە كەسپىي سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشى كېرەك. (4) خەلق باشقۇرۇشىدىكى ئوقۇتقۇچىلارغا ھۆكۈمەت ئوقۇتقۇچىلىرىغا ئوخشاشلا كەسپىي خىزمەتچىلەر قاتارىدا مۇئامىلە قىلىدۇ، ئاز بولغاندىمۇ 5/6 ۋاقتىنى ئوقۇتۇش خىزمىتىگە سەرپ قىلىش كېرەك. (5) خەلق باشقۇرۇشىدىكى ئوقۇتقۇچىلارغا ھۆكۈمەت ئوقۇتقۇچىلىرىغا ئوخشاشلا يازلىق، قىشلىق تەتىل ۋاقتى بېرىش كېرەك.

## مىللىي مەكتەپلەردە خەنزۇ تىلى ئوقۇتۇشنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى پىكىر

ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ ئىدارىسى 1978 ـ يىلى 6 ـ ئايدا تارقاتقان. تەلەپلەر: (1) خەنزۇ تىلى دەرسىنى مىللىي ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ مۇھىم ئاساسىي دەرسى قاتارىدا يېتەرلىك كۆڭۈل بۆلۈپ، مائارىپ مىنىستىرلىقى تارقاتقان 10 يىللىق تۈزۈمدىكى ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپلەر ئوقۇتۇش پىلانى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ ئىدارىسىنىڭ مەزكۇر پىلاننى ئىجرا قىلىش توغرىسىدا تارقاتقان تولۇقلىما بەلگىلىمىسىگە ئاساسەن، باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ 3 ـ يىللىقىدىن باشلاپ خەنزۇ تىلى دەرسىنى باشلاش، خەنزۇ تىلىنى ئاڭلاپ بىلەلەيدىغان مىللىي ئوقۇغۇچىلارنىڭ خەنزۇ، خۇيزۇ مەكتەپ (سىنىپ) لىرىغا كىرىپ ئوقۇش تەلىپىنى قوللاش ۋە قارشى ئېلىش. (2) خەنزۇ تىلى ئوقۇتقۇچىلىرىنى تەربىيىلەشنى تېزلىتىش، ھەر قايسى ۋىلايەت ناھىيىلەردىكى پېداگوگىكا مەكتەپلىرى خەنزۇ تىلى ئوقۇتقۇچىلىرىنى تەربىيىلەش ئادەتتىكى سىنىپى، تېخنىكوم سىنىپى ۋە بىلىم ئاشۇرۇش سىنىپى تەسىس قىلىش. (3) خەنزۇ تىلى

ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ ئەترەتكە قايتىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش . (4) خەنزۇ تىلى ئوقۇتۇش كۆرسەتمىسى ، ماتېرىيالىنى تۈزۈش ، بېسىش ، تارقىتىش خىزمىتىنى كۈچەيتىش . ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلەش خىزمىتىنىڭ ئۆز ۋاقتىدا ۋە يېتەرلىك بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش ؛ قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ئۇيغۇرچە ـ خەنزۇچە كىچىك لۇغەتنى تۈزۈپ بېسىپ تارقىتىپ ، ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنى تەمىنلەش . باللار ئوقۇشلۇقلىرىنى ئامال بار تەرجىمە قىلىپ ، ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپ مىللىي ئوقۇغۇچىلىرىنى تەمىنلەش ، بىر قىسىم خەنزۇ تىلى ئوقۇتۇش فىلىملىرى ، ناخشا پلاستىنكىلىرى ، ئۈنئالغۇ لېنتىلىرىنى تارقىتىپ ، خەنزۇ تىلى ئېلېكترلەشكەن ئوقۇتۇشنى يولغا قويۇش . (5) ئالىي ، تېخنىكوم مەكتەپلىرىنىڭ مىللىي سىنىپى ، ئومۇمەن تەييارلىق سىنىپ ئوقۇغان ئوقۇغۇچىلار ئادەتتىكى سىنىپقا كىرگەندىن كېيىن ، چوقۇم ئەڭ ئاز بولغاندىمۇ بىر خىل دەرسنى خەنزۇ تىلىدا ئاڭلاش ، شۇنداقلا تەدرىجىي كۆپەيتىش كېرەك . (6) ھەر دەرىجىلىك ھەر تۈرلۈك مەكتەپلەرنىڭ مىللىي سىنىپى ، ھەر خىل ئۇسۇللارنى قوللىنىپ دەرسخانا ئىچى ۋە سىرتىدا خەنزۇ تىلى ئۆگىنىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش ، مەسىلەن : خەنزۇ تىلى دېكلاماتسىيىسى ، خەنزۇ تىلى بىر تۇتاش ئىمتىھانىنى تەشكىللەش ، خەنزۇ تىلىدىن پايدىلىنىپ ئويۇن ئويناش ، خەنزۇچە كىنو فىلىملەرنى كۆرۈشكە تەشكىللەش ، خەنزۇچە رادىئو پروگراممىلىرىنى ئاڭلاش قاتارلىقلارنى خەنزۇ تىلى ئۆگىنىشنى كۈچەيتىشنىڭ ئۇسۇلى قىلىش .

## مائارىپ مەمۇرىي كادىرلىرى ۋە ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش قاتارلىق بىر قانچە كونكرېت مەسىلىلەر توغرىسىدا ۋاقىتلىق بەلگىلىمە (سىناق نۇسخا)

ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ ئىدارىسى 1978 ـ يىلى 8 ـ ئايدا تارقاتقان . بەلگىلىمىدە تۆۋەندىكىلەر كۆرسىتىلگەن : (1) ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپ (ئوتتۇرا دەرىجىلىك سىفەتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) ئوقۇتقۇچىلىرىنى يۆتكەش ئىشلىرى ئاساسىي قاتلامغا يۈزلەندۈرۈش ، يېزىلارغا يۈزلەندۈرۈش ، چەت ـ ياقا رايونلارغا يۈزلەندۈرۈش روھى بويىچە بېجىرىلسە بولىدۇ . (2) ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىنىڭ نىسپىي مۇقىملىقىنى ساقلاش لازىم . ئوقۇتقۇچىلارنىڭ باشقا خىزمەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىشىنى قاتتىق كونترول قىلىش كېرەك . (3) يۇقىرى ، ئوتتۇرا دەرىجىلىك پېداگوگىكا مەكتەپلەرنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار ۋە باشقا ئۆلكە ، شەھەر ، ئاپتونوم رايونلار بىز ئۈچۈن تەربىيىلەپ بەرگەن ئوقۇتقۇچى كۈچلىرى ۋە ئوقۇتقۇچىلىق خىزمىتىگە ماس كېلىدىغان ئۇنىۋېرسال ئۇنىۋېرسىتېتنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنى پۈتۈنلەي مائارىپ سىستېمىغا خىزمەتكە تەخسىملەش كېرەك . (4) ناھىيىدىن يۇقىرى مائارىپ مەمۇرىي تارماقلىرى ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنى باھالاش تۈزۈمى ۋە كادىرلار ئارخىپى تۇرغۇزۇش تۈزۈمى ئورنىتىش ، ئوقۇتقۇچىلارغا بولغان

ـالاش خىزمىتىنى دائىم ئېلىپ بېرىشقا دىققەت قىلىش كېرەك . (5) خەلق
شۇرۇشىدىكى ئوقۇتقۇچىلارنى ئىشقا قويۇشتا ئەخلاقى ، ئەقلىي جەھەتتىن تەڭ
ـلگەن بولۇش پرىنسىپىغا ئاساسەن ، مەكتەپ ۋە چوڭ ئەترەت نامزات كۆرسىتىش ،
ۆڭشى تاللاپ ئۇنۇشتۇرۇش ، ناھىيىلىك مەدەنىيەت مائارىپ ئىدارىسى تەكشۈرۈش ،
ـالاش ۋە تەستىقلاش ئارقىلىق گۇۋاھنامە تارقىتىش كېرەك . ناھىيىدىن يۇقىرى
ەدەنىيەت ئىدارىسىنىڭ تەستىقلىشىدىن ئۆتمەي ، گۇڭشى ، ئەترەتلەر ئۆز ئىختىيارى
ـلەن يۆتكىسە ، ۋەزىپىدىن قالدۇرسا بولمايدۇ .

## يېزىلاردا ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش ، ئىشتىن سىرت مائارىپ خىزمىتىنى انات يايدۇرۇش توغرىسىدىكى بىر قانچە پىكىر

1978 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق ئىنقىلابىي كومىتېت تەستىقلاپ تارقاتقان . پىكىر » ، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىي» دىن كېيىنكى ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش خىزمىتىنىڭ نىشانى ، شەكلى ، ئوقۇتقۇچىلار مەنبەئى ، خىراجەت ، رەھبەرلىك خىزمىتىنى تەشكىللەش ئىشلىرىغا بەلگىلىمە چىقاردى : (1) 1982 – يىلدىن بۇرۇن ـالدى بىلەن ياش – ئۆسمۈرلەر ، پارتىيە ، ئىتتىپاق ئەزالىرى ۋە ئاساسىي قاتلام ـادىرلىرى ئىچىدىكى ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش ، ئەڭ كېچىككەندىمۇ 1985 – يىلى ـۈتكۈل رايونىمىزدىكى ياش ، ئوتتۇرا ياشلار ئىچىدە ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش ۋەزىپىسىنى تاماملاش . (2) مەكتەپكە كىرمىگەن ياش ئۆسمۈرلەر ئىچىدىكى ساۋاتسىزلارنى باشلانغۇچ مەكتەپتە ساۋاتسىزلىقنى يوقىتىش سىنىپى ئېچىپ ، ئەتىگەن - كەچلىك ۋاقىت ياكى يېرىم كۈنلۈك ئۆگىنىشتىن پايدىلىنىپ ، كۈچ توپلاپ 3~2 يىلغىچە بارلىق ساۋاتسىزلارنى تۈگىتىش ، ئاساسىي قاتلام كادىرلىرى ۋە پارتىيە ، ئىتتىپاق ئەزالىرى ئىچىدىكى ساۋاتسىزلارغا نىسبەتەن يېزىلار ئارام ۋاقتىدا چوڭ ئەترەت ياكى گۇڭشى ئىشتىن توختاپ ئوقۇيدىغان ساۋاتسىزلىقنى يوقىتىش سىنىپى ئېچىپ ، مەركەزلەشتۈرۈپ ئۆگىتىپ ، بارلىق كۈچ بىلەن ساۋاتسىزلىقنى يوقىتىش باشقا ياش – ئوتتۇرا ياش ساۋاتسىزلارنى چوڭ ئەترەت ياكى ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتى ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش سىنىپى ئېچىپ ، «دېھقانلار بىكار ۋاقتىدا كۆپرەك ئۆگىنىش ، ئالدىراش ۋاقتىدا ئازراق ئۆگىنىش ، بەك ئالدىراش ۋاقتىدا جانلىق ئۆگىنىش» پرىنسىپىغا ئاساسەن ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش . (3) زىيالىي ياشلار بىلەن ئوتتۇرا – باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرى قاتناشقان ئاممىۋى ئەترەت قۇرۇش . (4) ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش ئىشتىن سىرت مائارىپ راسخوتىنى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈش ، دۆلەت ھەر يىلى ئاجرىتىپ بېرىدىغان مائارىپ راسخوتىنىڭ %3~2 نى ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش ، ئىشتىن سىرت مائارىپىنى قانات يايدۇرۇش ئىشىغا ئاجرىتىپ بېرىش . (5) ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش ، ئىشتىن سىرت مائارىپ خىزمىتىگە رەھبەرلىك قىلىش خىزمىتىنى كۈچەيتىش زۆرۈر . ھەر قايسى ئورۇنلار ھەر دەرىجىلىك ئىشتىن سىرت

مائارىپ كومىتېتىنى تېزدىن قۇرۇشى ياكى مۇكەممەللەشتۇرۇشى، رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشى لازىم.

**ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپ سىياسىي - ئىدىيىۋى خىزمىتىنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى بىر قانچە پىكىر**

ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتى 1979 - يىلى 10 - ئايدا تارقاتقان. «پىكىر» دە ھەر دەرىجىلىك، ھەر تۈرلۈك مەكتەپلەردە تۆت ئاساسىي پرىنسىپ تەربىيىسى، ئىنقىلاۋىي غايە ۋە ئىنقىلاۋىي ئەنئەنە تەربىيىسى، كوممۇنىستىك ئەخلاقىي - پەزىلەت تەربىيىسى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسىنى يولغا قويۇش تەكىتلەنگەن.

**جۇڭگو كومپارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەننىڭ «باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپىنى ئومۇملاشتۇرۇشتىكى بىر قانچە مەسىلە ھەققىدە قارار» نى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىزچىللاشتۇرۇش ھەققىدە ئۇقتۇرۇش**

1980 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى تارقاتقان. «ئۇقتۇرۇش» نىڭ تەلىپى: ھەر دەرىجىلىك پارتكوم، ھۆكۈمەتلەر رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپ خىزمىتىنى مۇھىم ئىشلار كۈنتەرتىپىگە كىرگۈزۈش، خەلق باشقۇرۇشىدىكى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ مائاشىنى ئەمەلىيلەشتۇرۇش، دۆلەتنىڭ قوشۇمچە ياردەم پۇلىنى شۇ ئادەمنىڭ ئۆزىگە بىۋاستە بېرىش، ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتى مەركىزى ئەترەتنىڭ پۈتۈن ئەمگەك كۈچى بويىچە ئىش ھەققىي ھېسابلاش لازىم. يېزا، كەنت، گۇڭشى ئەترەتلەر قۇرغان مەكتەپلەرنى يۆلەپ قارىماسلىق، گۇڭشىنى بىرلىك قىلىپ مەركىزىي باشلانغۇچ مەكتەپلەرنى ياخشى قۇرۇش، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا ياتاقتا يېتىش تۈزۈمىدىكى سىناق مەكتەپلەرنى ياخشى قۇرۇش؛ دىن بىلەن مائارىپنى ئايرىش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇش، دىننىڭ مائارىپقا تەسىر كۆرسىتىشىگە، مەكتەپلەرگە كىرىشىگە يول قويماسلىق.

**ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك، ھەر تۈرلۈك مەكتەپلەردە تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ، ئىقتىسادچانلىق بىلەن ئوقۇش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدىكى پىكىر**

1980 - يىلى ئېلان قىلىنغان. «پىكىر» نىڭ تەلىپى: ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ ئىدارىسىدا تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ ئىقتىسادچانلىق بىلەن ئوقۇش باشقارمىسى قۇرۇش، بۇ باشقارما تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ، ئىقتىسادچانلىق بىلەن ئوقۇش فاڭجېن سىياسەتلىرىنى تۈزۈشكە مەسئۇل بولۇش، تەجرىبە ئالماشتۇرۇشقا تەشكىللەش، تەمىنلەش، ئىشلەپچىقىرىش، سېتىش ئۇچۇرلىرىنى توپلاش، ئىلغار تېخنىكىنى كېڭەيتىش ئىشىغا مەسئۇل بولۇش، ھەر قايسى ۋىلايەت، ناھىيە (شەھەر) نىڭ مالىيە

ـقتىساد بۆلۈمى ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن، يەرلىكنىڭ مالىيىسىدىن مەخسۇس مەبلەغ ـاجرىتىپ، مەكتەپنىڭ تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ، ئىقتىسادچانلىق بىلەن ئوقۇش ـەبلىغى قىلىشى ياكى مەكتەپ زاۋۇت قۇرۇشقا پۇل ياردەم بېرىشى، يېزا ئىگىلىك ـەيدانى ئەسلىھەلىرىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ياكى ئىشلەپچىقىرىش ئايلانما مەبلىغى ـلىشى كېرەك. ھەر دەرىجىلىك، ھەر تۈرلۈك مەكتەپلەرنىڭ تىرىشچانلىق بىلەن ـشلەپ، ئىقتىسادچانلىق بىلەن ئوقۇش كىرىمىگە (مەكتەپ قۇرغان زاۋۇتلار، ـھقانچىلىق مەيدانىنىڭ كىرىمىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) باج تاپشۇرۇلمايدۇ ھەم مالىيە ـرىمى تاپشۇرۇلمايدۇ. باشلانغۇچ مەكتەپ سودا سانائەت بېجى تاپشۇرۇلمايدۇ. يېرى ـوق يېزا، كەنت ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپلىرىگە، ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەت مەكتەپ ـەتراپىدىن مۇئەييەن كۆلەمگە ئىگە يەر كېسىپ بېرىپ، مەكتەپنىڭ دېھقانچىلىق، ـورمانچىلىق مەيدان قۇرۇشى ئۈچۈن بېرىش ھەم مۇمكىنقەدەر سۇ ئىشلىتىش ـمەسىلىسىنى ھەل قىلىپ بېرىش كېرەك؛ چارۋا ماللىرى يوق چارۋىچىلىق رايونلىرى ـەكتەپلىرىگە مۇئەييەن مىقداردىكى مال چارۋا بېرىش، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئوت، ـەم خەشەك مەسىلىسىنى ياخشى ھەل قىلىش كېرەك.

## ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنى تەربىيىلەش خىزمىتى ھەققىدە بىر قانچە پىكىر

ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ ئىدارىسى 1980 - يىلى 3 - ئايدا ئېلان قىلغان . ـپىكىر»دىكى كۆرسەتمىلەر: (1) ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش ئاپپاراتلىرىنى تېزلىك بىلەن قۇرۇش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش، ئاپتونوم رايوندىن ۋىلايەت، ناھىيە (تۈەن، مەيدان) گۇڭشىغىچە بولغان 5 دەرىجىلىك بىلىم ئاشۇرۇش تورىنى شەكىللەندۈرۈش. (2) ھەر دەرىجىلىك مائارىپ ئورۇنلىرى پېداگوگىكا مەكتەپلىرىگە بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتىش لازىم. «سەككىز خەتلىك فاڭجېن» روھىغا ئاساسەن، كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ، ماددىي كۈچ، مالىيە كۈچىنى ياخشى باشقۇرۇپ ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەردىكى پېداگوگىكا مەكتەپلىرىنى ياخشى قۇرۇش. پېداگوگىكا مەكتەپلىرىنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى لاياقەتلىك باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنى تەربىيىلەش، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنى نۆۋەت بىلەن تەربىيىلەش ۋە ئالىي تېخنىكۇم سەۋىيىسىگە يەتمىگەن تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنى تەربىيىلەش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئېلىش. (3) ھەم قىزىللاشقان ھەم ئىختىساسلاشقان ئوقۇتقۇچىلارنى تەربىيىلەيدىغان ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى قۇرۇپ چىقىش، ھەر قايسى مائارىپ تارماقلىرى كەسپىي ئارتۇقچىلىقى بولغان، ساغلام، ئوقۇتۇش تەجرىبىسى مول ئوقۇتقۇچىلارنى بىلىم ئاشۇرۇش ئاپپاراتلىرىغا يۆتكىشى كېرەك. (4) كۆپ خىل شەكىل قوللىنىپ، ئىشتىن سىرت بىلىم ئاشۇرۇش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش، ئوقۇتقۇچىلارنى تەربىيىلەشتە سىرتتىن ئوقۇشنى ئاساس، يۈزتۇرا

تەربىيىلەشنى قوشۇمچە ، ئىشتىن سىرت بىلىم ئاشۇرۇشنى ئاساس ، ئىشتىن ئايرىلىپ ئوقۇشنى قوشۇمچە قىلىش ، ھەر دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش ئاپپاراتلىرى ، ئۆز جايىدىكى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئەمەلىي سەۋىيىسىگە قاراپ ئوخشاش بولمىغان تۆردىكى تەربىيىلەش سىنىپى ئېچىش ، ئۇلارنى ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئالىي تېخنىكوم سىرتتىن ئوقۇش سىنىپى ، پېداگوگىكا ئوتتۇرا تېخنىكوم سىرتتىن ئوقۇش سىنىپى ، قىسقا مۇددەتلىك نۆۋەت بىلەن تەربىيىلەش سىنىپى ، ئىشتىن ئايرىلىپ بىلىم ئاشۇرۇش سىنىپى ، يېڭى ئوقۇتقۇچىلار پراكتىكا سىنىپى قاتارلىقلارغا قاتنىشىشقا تەشكىللەش كېرەك .

## مىللىي ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ خەنزۇ تىلى ئوقۇتۇشىنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى بىر قانچە پىكىر

1982 - يىلى 4 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ ئىدارىسى تارقاتقان . «پىكىر» دىكى تەلەپ : (1) ھەر دەرىجىلىك مائارىپ مەمۇرىي ئورۇنلىرى ۋە مەكتەپ رەھبەرلىكى خەنزۇ تىلى ئوقۇتۇشى ۋە خەنزۇ تىلى ئوقۇتقۇچىلىرىغا كۆڭۈل بۆلۈشى ، خەنزۇ تىلى ئوقۇتۇشىغا رەھبەرلىك قىلىش خىزمىتىنى كۈچەيتىشى كېرەك . (2) ئۈنۈملۈك ئۇسۇللارنى قوللىنىپ ، لاياقەتلىك ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى قۇرۇپ چىقىش كېرەك . (3) خەنزۇ تىلى ماتېرىيالىنى تۈزۈپ بېسىپ تارقىتىش ، ئاپتونوم رايون مىللىي ئوقۇغۇچىلارنىڭ خەنزۇ تىلى ئۆگىنىشىدە ئىشلىتىدىغان لۇغەتلەر ، دەرستىن سىرت ئوقۇشلۇق ماتېرىياللار ، ئوقۇتۇش كارتىسى ، پرويېكسىيە كارتوشكىسى ، ئۈنئالغۇ لېنتىسى قاتارلىقلارنى تېزدىن تۈزۈپ ، نەشردىن چىقىرىشى كېرەك . (4) خەنزۇ تىلى دەرسىدە قاتتىق ئىمتىھان ئېلىش ۋە نەتىجىنى باھالاش تۈزۈمىنى يولغا قويۇش كېرەك . 1982 - يىلدىن باشلاپ ئالىي ، ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتەپلىرىگە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلغاندا مىللىي ئوقۇغۇچىلاردىن خەنزۇ تىلى ئىمتىھانى نەتىجە مۇۋاپىق ھېسابلىنىدۇ ، كېيىنكى يىللاردىن باشلاپ بارا بارا نومۇر نىسبىتى ئاشۇرۇلىدۇ .

## ئاپتونوم رايوننىڭ ئوتتۇرا دەرىجىلىك مائارىپ قۇرۇلمىسى ئىسلاھاتى توغرىسىدىكى پىكىر

ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ ئىدارىسى 1982 - يىلى 4 - ئايدا تارقاتقان . «پىكىر» دە ھەر قايسى جايدىكى ھەر دەرىجىلىك ئورۇنلاردا ئادەتتىكى مائارىپ بىلەن كەسپىي تېخنىكا مائارىپى تەڭ مەۋجۇت بولۇش ، پۈتۈن كۈنلۈك تۈزۈمدىكى مەكتەپ بىلەن يېرىم كۈن ئوقۇپ ، يېرىم كۈن ئىشلەيدىغان ، ئىشتىن سىرت مەكتەپلەر تەڭ مەۋجۇت بولۇش فاڭجېنىنى يۈرگۈزۈپ ، ھەر قايسى تەرەپلەرنىڭ مەكتەپ قۇرۇش ئاكتىپچانلىقىنى تولۇق ئىشقا سېلىپ ، ئوتتۇرا دەرىجىلىك كەسپىي تېخنىكا مائارىپىنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇش تەلەپ قىلىنىدى . كونكرېت تەلەپلەر : (1) ئوتتۇرا دەرىجىلىك مائارىپ

ئورگىنىنى ئىسلاھ قىلىش . ئاپتونوم رايوندىكى ئوتتۇرا دەرىجىلىك مائارىپ ئورگانلىرى تەدرىجىي يېتىشى كېرەك بولغان مەقسەت شۇكى ، شەھەرلەردىكى ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپلەر بىلەن ئوتتۇرا تېخنىكۇم ، تېخنىك ئىشچىلار مەكتىپى ، كەسپىي مەكتەپلەر نىسبەتلىرى 50% تىن بولۇش ، بازاردىكى ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ بىلەن كەسپىي مەكتەپلەر نىسبەتلىرى 50% تىن بولۇش ، يېزا ، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ بىلەن يېزا ئىگىلىك (چارۋىچىلىق ) كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپلەر نىسبەتلىرى ھەر قايسى 50% تىن بولۇش . (2 ) كەسپىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار ئۆزلەپ ئوقۇسىمۇ ، خىزمەتكە ئورۇنلاشسىمۇ بولىدۇ . دۆلەت تەقسىم قىلمايدۇ ، لېكىن جەمئىيەتتىكى ھەر قايسى تارماقلار خادىم كۆپەيتكەندە كەسپىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەنلەرنىڭ ئىچىدىن ئەلالىرىنى ئالدىن تاللاپ ئىشلىتىشى زۆرۈر ، لېكىن مۇمكىنقەدەر كەسىپ ماس كېلىشى كېرەك . (3 ) كەسپىي مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرىنى مەكتەپ قۇرغان ئورۇنلار ئۆزلىرى ھەل قىلىدۇ . مائارىپ ئورۇنلىرى ياردەم بېرىدۇ . ھەر قايسى تارماقلار كەسپىي دەرسلەرنى بېرەلەيدىغان ئىشچى - خىزمەتچىلەر ، تېخنىكلار ئىچىدىن بىر تۈركۈم كىشىلەرنى كەسپىي مەكتەپلەردە دەرس ئۆتۈشكە ياكى قوشۇمچە دەرس ئۆتۈشكە قويۇش كېرەك . (4 ) كەسپىي مەكتەپ (يېزا ئىگىلىك ئوتتۇرا مەكتەپلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ ) ئاساسەن تولۇقسىز ئوتتۇرىنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنى قوبۇل قىلىدۇ . ئوقۇش يىلى ئىككى يىلدىن ئۈچ يىلغىچە ، يەنە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەنلەرنى قوبۇل قىلسىمۇ بولىدۇ . ئوقۇش يىلىنىڭ ئۇزۇنلۇقى تۆۋەنلىكى كەسىپ ۋە تەربىيلەش مەقسىتىگە ئاساسەن بەلگىلىنىدۇ . (5 ) مەركەز ۋە يەرلىك قۇرغان كەسپىي تېخنىكا مەكتەپلەر ئېھتىياجلىق بولغان پۇل شۇ تارماقنىڭ مائارىپ ئىشلىرى خىراجىتىدىن خام چوت قىلىنىدۇ . زاۋۇت ، كان — كارخانا ۋە دېھقانچىلىق مەيدانى (تۈەن ، مەيداننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ ) ، چارۋىچىلىق مەيدانى قۇرغان كەسپىي مەكتەپ ئېھتىياجلىق بولغان تەمىنات كارخانا مەخسۇس تۈرىگە كىرگۈزۈلىدۇ . ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپنى ئۆزگەرتىپ قۇرغان كەسپىي مەكتەپنىڭ (يېزا ئىگىلىك ئوتتۇرا مەكتىپىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ ) رەھبەرلىك مۇناسىۋىتى ئۆزگەرمەيدۇ ، ئەسلىدىكى تەمىنات پۇل مەنبەئى ئۆزگەرمەيدۇ . كۆڭۈشىدا قۇرۇلغان دېھقانچىلىق ئوتتۇرا مەكتەپلىرىنىڭ خىراجىتىنى كۆڭۈشى ھەل قىلىدۇ ، دۆلەت قوشۇمچە ياردەم پۇلى بىلەن تەمىنلەيدۇ . (6 ) كەسپىي مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتقۇچى ، ئىشچى – خىزمەتچىلىرىنىڭ شتاتى قۇرغان ئاساسىي ئورۇننىڭ كەسپىي شتاتىغا كىرگۈزۈلىدۇ . ئاساسىي باشقۇرۇش تارماقلىرىنىڭ ئەمگەك پىلانىغا كىرگۈزۈلىدۇ . كەسپىي مەكتەپلەر تۈرۈشنى ئاساسىي قۇرغۇچى ئورۇن ياكى ئاساسىي باشقۇرۇش ئورۇنلىرى ئوتتۇرىغا قويىدۇ . شەھەر ، ناھىيىدىن يۇقىرى مائارىپ مەمۇرىي ئورگانلىرى پىلانلاپ ئەمگەك نازارىتى تەستىقلايدۇ . يېزا - كۆڭۈشىدا يېڭى مەكتەپ قۇرۇش ياكى ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپنى يېزا ئىگىلىك ئوتتۇرا مەكتەپلىرى قىلىپ ئۆزگەرتىشتە كۆڭۈشى پارتكومى

ماقۇللىشى ، ناھىيىلىك مائارىپ ئىدارىسى تەستىقلىشى كېرەك . شەھەر ، بازارلاردا يېڭى مەكتەپ قۇرۇش ياكى ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپ قىلىپ ئۆزگەرتىشتە ۋىلايەت ، ئوبلاست ، شەھەرلىك مائارىپ تارماقلىرى ۋە ئاساسىي باشقۇرۇش تارماقلىرى تەستىقلىشى كېرەك . ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ بىر تۇتاش رەھبەرلىكى ئاستىدا ، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مائارىپقا مەسئۇل رەھبىرىنىڭ مەسئۇللۇقىدا پىلان ، مالىيە ، ئەمگەك ، دېھقانچىلىق چارۋىچىلىق ، مالىيە سودا قاتارلىق مۇناسىۋەتلىك تارماقلار قاتناشقان رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇپ ، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ، مۇناسىۋەتلىك سىياسىي مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىش ، ھەر قايسى جەھەتتىكى خىزمەتلەرنى تەڭشەشكە مەسئۇل بولىدۇ . تارمىقىدا ئىشخانا قۇرۇلۇپ ، كۈندىلىك خىزمەتلەرنى بىر تەرەپ قىلىدۇ . ۋىلايەت ، ئوبلاست ، شەھەرلەردە مۇناسىۋەتلىك ئاپپارات قۇرۇلىدۇ .

## ئاپتونوم رايوندا ئالىي مەكتەپلەر كەسپىنى تەڭشەش توغرىسىدىكى دەسلەپكى پىكىر

ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتى ، ئاپتونوم رايونلۇق پىلان كومىتېتى 1983 - يىلى 5 - ئايدا تارقاتقان . «پىكىر» دە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى قازاق تىلى ، ئاخبارات ، ئىگىلىك باشقۇرۇش كەسىپلىرىنى كۆپەيتىش ، شىنجاڭ سانائەت ئىنستىتۇتى خىمىيە سانائىتى قۇرۇلۇش كەسپى ، شېكەر ئىشلەپچىقىرىش كەسپى ، توقۇمىچىلىق سانائىتى قۇرۇلۇشى كەسپىنى تەسىس قىلىپ ئائورگانىك خىمىيە سانائىتى كەسپىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش . 1 — ئاۋغۇست يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتى يېڭىدىن يېزا ئىگىلىك - چارۋىچىلىقنى ماشىنىلاشتۇرۇش ، لايىھىلەش ياساش ، سۇ ئىنشائات قۇرۇلۇشى كەسپىنى تەسىس قىلىپ ، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى لاھىيىلەپ ياساش ، ئېتىز - ئېرىق سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشى ، سۇ ئىنشائىتى ، سۇ ئېلېكتر قۇرۇلۇشى قاتارلىق كەسىپلەرنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش . شىنجاڭ مېدىتسىنا ئىنستىتۇتى يېڭىدىن بالىلار بۆلۈمى ، ئېغىز بوشلۇقى بۆلۈمى تەسىس قىلىش . شىنجاڭ پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى مەكتەپ مائارىپى كەسپىي تەسىس قىلىش . قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى بىئولوگىيە كەسپى تەسىس قىلىش ، ئىلى پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى تەنتەربىيە كەسپىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش دەپ كۆرسىتىلگەن .

## ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ دەرس ئوقۇتۇش مېتودى بويىچە بىلىم ئاشۇرۇش خىزمىتىنى كۈچەيتىش توغرىسىدا پىكىر

ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتى 1983 - يىلى 7 - ئايدا تارقاتقان . «پىكىر» دە (1) ئوقۇتۇشنى تەشكىللەشتە قىيىنلىنىدىغان ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنى دەرس مېتوتى بويىچە بىلىم ئاشۇرۇشقا تەشكىللەش ، مەقسەت بىلىم ئاشۇرۇش ئارقىلىق ئۇلارنى «توغرا ئۆگىتىدىغان ، ئېنىق چۈشەندۈرەلەيدىغان» قىلىش ،

ـنى ئوقۇتۇش پروگراممىسى ۋە دەرسلىك ماتېرىياللىنى پۇختا ئىگىلىيەلەيدىغان ، ـاسىي ئوقۇتۇش پرىنسىپى ۋە ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنى ئىگىلىگەن، دەسلەپكى قەدەمدە ـقۇتۇش ئىقتىدارىغا ئىگە قىلىش . (2 ) بارلىق ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپ قۇتقۇچىلىرى ، مەكتەپ رەھبەرلىكى ئۆزلىرى ئۈستىگە ئالغان كەسپنىڭ ئوقۇتۇش ـۇسۇلىنى ئۆگىنىشكە قاتنىششى زۆرۈر . (3 ) رايونىمىزنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ـاسەن ، ئوقۇتۇشنى تەشكىللەشتە قىينىلىدىغان ئوقۇتقۇچىلارنى دەرس مىتوتى بويىچە قۇتۇشقا تەشكىللەشتە ، ئىشتىن سىرت ئېلىپ بېرىش شەكلىنى قوللىنىش . شەھەر ، ـازارلار يىغىش قولايلىق بولۇش ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن ئىشتىن سىرت يۈز تۇرانە ـقۇتۇش شەكلىدىن پايدىلىنىش ، ئىشتىن سىرت بىر يىل ئوقۇتقاندىن كېيىن تەكشۈرۈپ ـتكۈزۈۋېلىش كېرەك ، شارائىتى بارلار ئىشتىن ئايرىلىپ كەسپىي بىلىم ئاشۇرىدىغان ـىنىپ ئاچسا بولىدۇ . (4 ) ئوقۇتۇش ماتېرىيالى ئوقۇتۇش ئۇسۇلى ئىمتىھانى 1983 يىلدىن باشلىنىپ ، 3 يىل ئىچىدە تاماملاش تەلەپ قىلىنىدۇ . ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ ـازارىتى ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش بۆلۈمى بىر تۇتاش بەلگىلەپ سوئال چىقىرىپ ، ـەر يىلى ئاپتونوم رايوندا بىر تۇتاش ئىمتىھان ئېلىش ۋاقتىنى بەلگىلەيدۇ . ئىمتىھان ـەغزىنى تەكشۈرۈشكە ھەر قايسى ۋىلايەت ، ئوبلاست ، شەھەر ، ناھىيەلەرنىڭ مائارىپ ـەمۇرىي ئورۇنلىرى مەسئۇل بولىدۇ . ئوقۇتۇش ئىشلىرىنى تەكشۈرۈشنى ھەر قايسى ئوبلاست ناھىيە شەھەرلەرنىڭ مائارىپ مەمۇرىي ئورۇنلىرى بىر تۇتاش رەھبەرلىك قىلىپ ئېلىپ بارىدۇ .

## باشلانغۇچ مائارىپنى ئومۇملاشتۇرۇش ھەققىدە بىر قانچە كونكرېت تەلەپلەر ۋە تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش چارىلىرى

1983 ــ يىلى 10 ــ ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتى تارقاتقان . بەلگىلىمىلەر : (1 ) مەكتەپ يېشىدىكى ئۆسمۈرلەرنىڭ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى ئادەتتە 95% تىن يۇقىرى بولۇشى ، تاغلىق ، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا تارقاق ئورۇنلاشقان نوپۇسنىڭ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى 90% كە يېتىشى كېرەك . (2 ) مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ يىللىق تۇرغۇنلۇق نىسبىتى ناھىيە بازاردىن يۇقىرى ، يېزا دېھقانچىلىق مەيدانى ، زاۋۇت كان كارخانىلاردا 97% تىن يۇقىرى باشقا جايلاردا 95% تىن يۇقىرى بولۇشى كېرەك . (3 ) مەكتەپ پۈتتۈرگەن سىنىپتىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەكتەپ پۈتتۈرۈش نىسبىتى ناھىيە بازاردىن يۇقىرى جايلاردا 95% ئەتراپىدا ، دېھقانچىلىق رايونلىرىدا 90% ئەتراپىدا ، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا 80% ئەتراپىدا بولۇش كېرەك . (4 ) 15 ـ 12 ياش ئەتراپىدىكى ئۆسمۈرلەر ئىچىدە ئوتتۇرا ، تۆۋەن دەرىجىلىك مائارىپنى ئومۇملاشتۇرۇش نىسبىتى 90% ئەتراپىدا بولۇش .

ماقۇللىشى ، ناھىيىلىك مائارىپ ئىدارىسى تەستىقلىشى كېرەك . شەھەر ، بازارلاردا يېڭى مەكتەپ قۇرۇش ياكى ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپ قىلىپ ئۆزگەرتىشتە ۋىلايەت ، ئوبلاست ، شەھەرلىك مائارىپ تارماقلىرى ۋە ئاساسىي باشقۇرۇش تارماقلىرى تەستىقلىشى كېرەك . ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ بىر تۇتاش رەھبەرلىكى ئاستىدا ، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مائارىپقا مەسئۇل رەھبىرىنىڭ مەسئۇللۇقىدا پىلان ، مالىيە ، ئەمگەك ، دېھقانچىلىق چارۋىچىلىق ، مالىيە سودا قاتارلىق مۇناسىۋەتلىك تارماقلار قاتناشقان رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇپ ، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ، مۇناسىۋەتلىك سىياسىي مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىش ، ھەر قايسى جەھەتتىكى خىزمەتلەرنى تەڭشەشكە مەسئۇل بولىدۇ . تارمىقىدا ئىشخانا قۇرۇلۇپ ، كۈندىلىك خىزمەتلەرنى بىر تەرەپ قىلىدۇ . ۋىلايەت ، ئوبلاست ، شەھەرلەردە مۇناسىۋەتلىك ئاپپارات قۇرۇلىدۇ .

**ئاپتونوم رايوندا ئالىي مەكتەپلەر كەسپىنى تەڭشەش توغرىسىدىكى دەسلەپكى پىكىر**

ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتى ، ئاپتونوم رايونلۇق پىلان كومىتېتى 1983 - يىلى 5 - ئايدا تارقاتقان . «پىكىر» دە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى قازاق تىلى ، ئاخبارات ، ئىگىلىك باشقۇرۇش كەسپلىرىنى كۆپەيتىش ، شىنجاڭ سانائەت ئىنستىتۇتى خىمىيە سانائىتى قۇرۇلۇش كەسپى ، شېكەر ئىشلەپچىقىرىش كەسپى ، توقۇمىچىلىق سانائىتى قۇرۇلۇشى كەسپىنى تەسىس قىلىپ ئانئورگانىك خىمىيە سانائىتى كەسپىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش . 1 — ئاۋغۇست يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتى يېڭىدىن يېزا ئىگىلىك - چارۋىچىلىقنى ماشىنىلاشتۇرۇش ، لايىھىلەش ياساش ، سۇ ئىنشائات قۇرۇلۇشى كەسپىنى تەسىس قىلىپ ، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى لاھىيىلەپ ياساش ، ئېتىز - ئېرىق سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشى ، سۇ ئىنشائىتى ، سۇ ئېلېكتر قۇرۇلۇشى قاتارلىق كەسپلەرنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش . شىنجاڭ مېدىتسىنا ئىنستىتۇتى يېڭىدىن بالىلار بۆلۈمى ، ئېغىز بوشلۇقى بۆلۈمى تەسىس قىلىش . شىنجاڭ پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى مەكتەپ مائارىپى كەسپىي تەسىس قىلىش . قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى بىئولوگىيە كەسپى تەسىس قىلىش ، ئىلى پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى تەنتەربىيە كەسپىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش دەپ كۆرسىتىلگەن .

**ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ دەرس ئوقۇتۇش مېتودى بويىچە بىلىم ئاشۇرۇش خىزمىتىنى كۈچەيتىش توغرىسىدا پىكىر**

ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتى 1983 - يىلى 7 - ئايدا تارقاتقان . «پىكىر» دە (1) ئوقۇتۇشنى تەشكىللەشتە قىيىنلىدىغان ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنى دەرس مېتوتى بويىچە بىلىم ئاشۇرۇشقا تەشكىللەش ، مەقسەت بىلىم ئاشۇرۇش ئارقىلىق ئۇلارنى «توغرا ئۆگىتىدىغان ، ئېنىق چۈشەندۈرەلەيدىغان» قىلىش ،

ـنى ئوقۇتۇش پروگراممىسى ۋە دەرسلىك ماتېرىيالىنى يۈكسەلدۈرۈلگەن، ئاساسى ئوقۇتۇش پرىنسىپى ۋە ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنى ئىگىلىگەن، دەسلەپكى قەدەمدە ئوقۇتۇش ئىقتىدارىغا ئىگە قىلىش. (2) بارلىق ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرى، مەكتەپ رەھبەرلىكى ئۆزلىرى ئۈستىگە ئالغان كەسپىنىڭ ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنى ئۆگىنىشكە قاتنىشىشى زۆرۈر. (3) رايونىمىزنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن، ئوقۇتۇشنى تەشكىللەشتە قىينىلىدىغان ئوقۇتقۇچىلارنى دەرس مىتودى بويىچە ئوقۇتۇشقا تەشكىللەشتە، ئىشتىن سىرت ئېلىپ بېرىش شەكلىنى قوللىنىش. شەھەر، بازارلار يىغىش قولايلىق بولۇش ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن ئىشتىن سىرت يۈز تۇرانە ئوقۇتۇش شەكلىدىن پايدىلىنىش، ئىشتىن سىرت بىر يىل ئوقۇتقاندىن كېيىن تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش كېرەك، شارائىتى بارلار ئىشتىن ئايرىلىپ كەسپىي بىلىم ئاشۇرىدىغان سىنىپ ئاچسا بولىدۇ. (4) ئوقۇتۇش ماتېرىيالى ئوقۇتۇش ئۇسۇلى ئىمتىھانى 1983 يىلدىن باشلىنىپ، 3 يىل ئىچىدە تاماملاش تەلەپ قىلىنىدۇ. ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتى ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش بۆلۈمى بىر تۇتاش بەلگىلەپ سوئال چىقىرىپ، ھەر يىلى ئاپتونوم رايوندا بىر تۇتاش ئىمتىھان ئېلىش ۋاقتىنى بەلگىلەيدۇ. ئىمتىھان قەغەزنى تەكشۈرۈشكە ھەر قايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، ناھىيەلەرنىڭ مائارىپ مەمۇرىي ئورۇنلىرى مەسئۇل بولىدۇ. ئوقۇتۇش ئىشلىرىنى تەكشۈرۈشنى ھەر قايسى ئوبلاست ناھىيە شەھەرلەرنىڭ مائارىپ مەمۇرىي ئورۇنلىرى بىر تۇتاش رەھبەرلىك قىلىپ ئېلىپ بارىدۇ.

**باشلانغۇچ مائارىپنى ئومۇملاشتۇرۇش ھەققىدە بىر قانچە كونكرېت تەلەپلەر ۋە تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش چارىلىرى**

1983 ـ يىلى 10 ـ ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتى تارقاتقان. بەلگىلىمىلەر: (1) مەكتەپ يېشىدىكى ئۆسمۈرلەرنىڭ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى ئادەتتە 95% تىن يۇقىرى بولۇشى، تاغلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا تارقاق ئورۇنلاشقان نوپۇسنىڭ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى 90% كە يېتىشى كېرەك. (2) مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ يىللىق تۇرغۇنلۇق نىسبىتى ناھىيە بازاردىن يۇقىرى، يېزا دېھقانچىلىق مەيدانى، زاۋۇت كان كارخانىلاردا 97% تىن يۇقىرى باشقا جايلاردا 95% تىن يۇقىرى بولۇشى كېرەك. (3) مەكتەپ پۈتتۈرگەن سىنىپتىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەكتەپ پۈتتۈرۈش نىسبىتى ناھىيە بازاردىن يۇقىرى جايلاردا 95% ئەتراپىدا، دېھقانچىلىق رايونلىرىدا 90% ئەتراپىدا، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا 80% ئەتراپىدا بولۇش كېرەك. (4) 15 ـ 12 ياش ئەتراپىدىكى ئۆسمۈرلەر ئىچىدە ئوتتۇرا، تۆۋەن دەرىجىلىك مائارىپنى ئومۇملاشتۇرۇش نىسبىتى 90% ئەتراپىدا بولۇش.

**رايونىمىزنىڭ يېزا - بازار ئوتتۇرا دەرىجىلىك مائارىپ قۇرۇلمىسىنى ئىسلاھ قىلىش، كەسپىي تېخنىكا مائارىپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش توغرىسىدىكى پىكىر**

ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتى 1983 - يىلى 10 - ئايدا ئېلان قىلغان. «پىكىر» دە مۇنداق دەپ كۆرسىتىلگەن: (1) يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن هالدا ئوتتۇرا دەرىجىلىك مائارىپنىڭ قۇرۇلمىسىنى ۋە كەسپىي تېخنىكا مائارىپىنى راۋاجلاندۇرۇشنى ئىسلاھ قىلىشنىڭ يۆنىلىشى ۋە يولىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش، ئوتتۇرا دەرىجىدىكى مائارىپ قۇرۇلمىسى ئىسلاھاتىدا ئاساسلىقى تولۇق ئوتتۇرا باسقۇچىدىكى مائارىپنى ئىسلاھ قىلىپ، ئۇنى سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ كۆپ تەرەپلىمىلىك ئېھتىياجىغا ماسلاشتۇرۇش، ئىقتىسادىي تۈزۈلمە، ئىگىلىك قۇرۇلمىسى، ئەمگەك ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش قاتارلىقلارنىڭ ئۆزگىرىش ئېھتىياجىغا ماسلاشتۇرۇش (2) «ئۈچنى بىرلەشتۈرۈش» ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش فاڭجېنى ۋە ئەلالىرىنى تاللاپ ئىشقا قويۇشتەك ئىشچى قوبۇل قىلىش سىياسىتىنى كەسكىن ئىجرا قىلىپ، ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش مەسىلىسىنى ياخشى هەل قىلىش. (3) پىلان تۈزۈپ، تەدبىر قوللىنىپ، مەركەز ۋە ئاپتونوم رايون ئوتتۇرىغا قويغان كۆرەش نىشانىنى تىرىشىپ ئىشقا ئاشۇرۇش. 1985 - يىلغا كەلگەندە ئاپتونوم رايونىمىز كەسپىي تېخنىكا مەكتەپلىرىدىكى ئوقۇغۇچىلار سانىنى ئوتتۇرا مەكتەپ باسقۇچىدىكى ئوقۇغۇچىلار ئومۇمىي سانىنىڭ %10 گە يەتكۈزۈش. 1987 - يىلغا كەلگەندە تەخمىنەن %20 گە يەتكۈزۈش، ئوتتۇرا تېخنىكۇم تېخنىكا مەكتەپلىرى قوشۇلۇپ تەخمىنەن %40 گە يەتكۈزۈش. 1990 - يىلغا كەلگەندە ئاساسىي جەهەتتىن مەركەزنىڭ تەلىپىگە يەتكۈزۈش.

**رايونىمىزنىڭ ئالىي مائارىپىنى تەڭشەپ ئىسلاھ قىلىش ۋە تېز سۈرئەتتە راۋاجلاندۇرۇش توغرىسىدىكى پىكىر**

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم 1984- يىلى 5 - ئايدا ئېلان قىلغان. «پىكىر» ئاپتونوم رايوننىڭ ئالىي مائارىپىغا قارىتا بىر قەدەر ئەتراپلىق بولغان ئىسلاهات تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇ تۆۋەندىكىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: (1) ئادەم كۈچى، مالىيە كۈچى، مادىي كۈچنى توپلاپ، هازىر بار بولغان ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلەرنى ياخشى قۇرۇپ چىقىش، تۆت - بەش يىل ئىچىدە يېڭى مەكتەپلەرنى قايتا قۇرماسلىق. (2) قاتناپ ئوقۇيدىغان ئوقۇغۇچىلار تۈزۈمىنى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇش، ئومۇمەن ئۆيى مەكتەپ تۇرۇشلۇق شەهەردە ياكى ئۆيى مەكتەپتىن يىراق بولمىغان ئوقۇغۇچىلارغا قارىتا قاتناپ ئوقۇش تۈزۈمىنى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويسا بولىدۇ. (3) تولۇق كۇرس، مەخسۇس كۇرسلار نىسبىتىنى تەڭشەپ، 1985 - يىلغا كەلگەندە ئادەتتىكى ئالىي دەرىجىدىكى مەخسۇس كۇرۇسقا ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش نىسبىتىنى %30 گە كۆتىرىش. (4) كەسپىي قۇرۇلمىلارنى تەرتىپكە سېلىپ، ئىگىلىك، باشقۇرۇش، قانۇن، قوللىنىشچان

جتمائىي پەن كەسپلىرى بويىچە تەربىيىلەش كۆلىمىنى كېڭەيتىش ، يېڭىك سانائەت ، قۇمىچىلىق ، قاتناش قاتارلىق رايونىمىز جىددىي ئېھتىياجلىق كەسپلەرنى كۆپەيتىپ سىس قىلىش . (5) باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى تەرتىپكە سېلىش ، ئاپتونوم رايونلۇق ارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى پارتىيەنىڭ لۇشيەن ، فاڭجېن ، سىياسەتلىرىنى مەلىيلەشتۈرۈشكە مەسئۇل بولۇپ ، باشقارمىدىن يۇقىرى دەرىجىلىك كادىرلار ۋە ئالىي كتەپلەرنىڭ سىياسىي ئىدىيىۋى خىزمىتىنى باشقۇرۇش ، ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ ازارىتى ئوقۇتۇش كەسپىي خىزمىتىنى باشقۇرۇش . ئالىي مەكتەپلەردە مەكتەپ رتكومىنىڭ رەھبەرلىكىدىكى مەكتەپ مۇدىرى مەسئۇلىيەت تۈزۈملىرىنى ئىجرا قىلىش . 6) 1983 - يىلدىن باشلاپ خەلق ئوقۇش ياردەم پۇلى ، خەلق ئوقۇش مۇكاپات پۇلىنى ڭ يولغا قويۇش ئۇسۇلىنى ئىجرا قىلىش .

## شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئالىي مائارىپ بويىچە ئۆزلۈكىدىن ۆگىنىش ئىمتىھانى لايىھىسى

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى 1984 - يىلى 6 - ئايدا ئېلان قىلغان . «لاھىيە» ە مۇنداق دەپ بەلگىلەنگەن : ئالىي مائارىپ بويىچە ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىش ئىمتىھانىنىڭ مزىپىسى ئاپتونوم رايونىنىڭ ماددىي مەدەنىيەت ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ ـختىساسلىقلارغا بولغان ئەمەلىي ئېھتىياجىنى ئاساس قىلىپ ، ھەر مىللەت خەلق اممىسىنى ، بولۇپمۇ ياشلار ، غەيرەت بىلەن ئۆگىنىپ ، پىلانلىق ھالدا ئالىي مائارىپ ەرسلىكلىرىنى ئىگەللەپ ، ئۆزلۈكسىز ھالدا ماركسىزىملىق نەزەرىيە سەۋىيىسىنى ۆستۈرۈپ ، ئىمتىھان ئارقىلىق ئالىي مائارىپ تەربىيىسى ئوقۇش تارىخىغا ئېرىشىشقا ـلھاملاندۇرۇش . ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىمتىھانى ئالىي مەكتەپ تولۇق كۇرس ، ەخسۇس كۇرسى ئىمتىھانى ۋە ئاساسىي پەن ئىمتىھانى دەپ ئايرىلىدۇ . ئاساسىي پەن ، ەخسۇس كۇرس دەرسلىكلىرىنىڭ ئىمتىھانى 3 - 2 يىلدا تۈگەيدۇ . تولۇق كۇرس ەرسلىكلىرى ئىمتىھانى 5 - 4 يىلدا تۈگەيدۇ . مەيلى خىزمەتچىلەر ئىشتىن - سىرت ۋاقىتتا ئۆزلۈكىدىن ئۆگەنسۇن ياكى خىزمەت كۈتۈۋاتقانلار ئۆزلۈكىدىن ئۆگەنسۇن ، ۆكۈمەت ھەممىسىنىڭ ئوقۇش تارىخىنى ئېتىراپ قىلىدۇ . ئۇلارنى خىزمەتتە ئىشلىتىش ە مۇئاش بىلەن تەمىنلەش جەھەتتە ، خىزمەتچى خادىم تۇرۇشلۇق ئورۇن ياكى يۇقىرى ەرىجىلىك باشقۇرۇش تارماقلىرى ئۆز ئارتۇقچىلىقىغا ئاساسەن ئىشلىتىپ ، ئۇلارنىڭ ـارتۇقچىلىقىغا ئاساسەن خىزمەت تەقسىم قىلىپ بېرىدۇ ، ئىش كۈتۈپ تۇرغان خادىملارنى ـاپتونوم رايوننىڭ پىلان ، كادىرلار ، ئەمگەك تارماقلىرى ئۆز ئېھتىياجىغا ئاساسەن خشىلىرىنى تاللاپ ، تەكلىپ قىلىپ ئىشلەتسە ھەمدە ئۆگەنگەن كەسپىگە قاراپ مۇۋاپىق ورۇنلاشتۇرسا بولىدۇ . ئىش كۈتۈپ تۇرغانلارنىڭ ماس تەمىناتىنى ئادەتتىكى ئالىي ەكتەپلەرنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار بىلەن ئوخشاش قىلسا بولىدۇ .

**مىللىيلار ئالىي مائارىپىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىپ، ئوقۇتۇش سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش توغرىسىدا پىكىر**

ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتى 1984 ـ يىلى 12 ـ ئايدا ئېلان قىلغان. پىكردە مۇنۇلار تەلەپ قىلىنغان: (1) ئالىي مەكتەپلەرگە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىشتا پەيدىنپەي پۈتۈن مەملىكەتنىڭ بىر تۇتاش ئىمتىھان سوئالىنى قوللىنىش كېرەك. مىللىي ئوقۇغۇچىلار ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانى بېرىشتە بارا ـ بارا پۈتۈن مەملىكەت بويىچە بىر تۇتاش ئىمتىھان سوئالىنى قوللىنىشقا ئۆتۈشى كېرەك. (2) خەنزۇ تىلى تەييارلىق ئوقۇتۇش تەجرىبىسىنى ئەستايىدىل خۇلاسىلاپ، خەنزۇ تىلى ئوقۇتۇش سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. خەنزۇ تىلى ئوقۇتقۇچىلىرىغا قارىتا، سىياسەت، تۇرمۇش تەمىناتلىرى جەھەتتە باشقا ئوقۇتقۇچىلار بىلەن مۇئامىلە قىلىش كېرەك. (3) ئۈنۈملۈك چارە ــ تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، مىللىي ئوقۇتقۇچىلارنى قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، تولۇق كۇرسنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار ئىچىدىن ئەخلاق ۋە ئۆگىنىشتە ئەلالىرىنى تاللاپ، ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىنى تولۇقلاش، بەلگىلىك ئوقۇتۇش ئەمەلىيتى ئارقىلىق يەنە ئىچكىرىدىكى ئالىي مەكتەپلەرگە بىلىم ئاشۇرۇشقا ئەۋەتىش ياكى بىر تەرەپتىن ئوقۇتۇش خىزمىتىگە قاتناشتۇرۇپ، يەنە بىر تەرەپتىن ئاسپىرانتلىق سىنىپلىرىدا ئوقۇتۇش كېرەك. مىللىي ئاسپىرانتلارنى ئاكتىپلىق بىلەن تەربىيىلەپ، ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇتقۇچىلىققا تەقسىملەش لازىم. ھەر قايسى مەكتەپلەر مىللىي ئوقۇتقۇچىلارنى تەربىيىلەش پىلانىنى ۋە يىللىق پىلانلارنى تۈزۈپ چىقىپ، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ بىلىم ئاشۇرۇش خىزمىتىنى ئاكتىپلىق بىلەن ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. لېكتوردىن يۇقىرى مىللىي ئوقۇتقۇچىلاردىن ئۇدا ئۈچ يىللىق خىزمەت ۋەزىپىسى توشقانلارنى پىلانلىق ھالدا بىر يىللىق بىلىم ئاشۇرۇشقا ياكى ئىلمىي تەتقىقات ئېلىپ بېرىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش لازىم. ئالاھىدە ئۇسۇللارنى قوللىنىپ، ئىلمىي باشلامچى ئادەملەرنى تەربىيىلەش، سەۋىيىسى بىر قەدەر يۇقىرى ئوتتۇرا ياشلىق غوللۇق ئوقۇتقۇچىلارنى تاللاپ ئالىي مەكتەپ ئاسپىرانتلىق سىنىپلىرىغا دەرس ئاڭلاشقا ئەۋەتىش لازىم، ياكى ئىلمىي ئورنى بىر قەدەر يۇقىرى بولغان ئالىي مەكتەپلەر ياكى تەتقىقات ئورۇنلىرىغا ئەۋەتىپ، مۇتەخەسسىلەرنىڭ ئوقۇتۇش ۋە تەتقىقات پائالىيىتىگە قاتناشتۇرۇش لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا كەسپىي بىلىم ئاشۇرۇشنى چىڭ تۇتۇش لازىم. ئۆگىنىش جەھەتتە ئالاھىدىلىكى بار ھەمدە ئىلىم جەھەتتە تەرەققىيات ئىستىقبالى بار مىللىي ئوقۇتقۇچىلارغا قارىتا، ئادەتتە ئۇلارنى يۈتكىمەسلىك ياكى ئۇلارغا مەمۇرىي خىزمەت بەرمەسلىك، ھەمدە ئۇلارنىڭ خىزمەت شارائىتى ۋە تۇرمۇش شارائىتىنى ياخشىلاپ، ئۇلارنىڭ پۈتۈن دىققىتى بىلەن ئوقۇتۇش ۋە ئىلمىي تەتقىقات خىزمىتىنى ياخشى ئېلىپ بېرىشىغا شارائىت يارىتىپ بېرىش لازىم. (4) مىللىي يېزىقتىكى ئوقۇتۇش ماتېرىياللىرى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش. مائارىپ نەشرىياتىنىڭ ئالىي مەكتەپلەر ئوقۇتۇش ماتېرىياللىرى تەھرىر بۆلۈمى قۇرۇلمىسىنى مۇمكىن قەدەر تېز

...كەممەللەشتۈرۈپ ، زۆرۈر خادىملارنى تولۇقلاش لازىم . ھەر يىلى بەلگىلىك خىراجەت ...بىر ىتىپ ، مەخسۇس ئاجرىتىلغان پۇل قىلىپ ئىشلىتىپ ، ئالىي مەكتەپلەر ئوقۇتۇش ...نىبرىياللىرىنىڭ نەشر قىلىش خىزمىتىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىغا كاپالەتلىك ...لىش لازىم . (5) مەكتەپلەر خىزمىتىنى كۈچەيتىپ ، ئوقۇتۇش سۈپىتىنى تىرىشىپ ...يۇقىرى كۆتىرىش ، ھەر قايسى مەكتەپلەر ئوقۇتۇش پروگراممىسىغا ئاساسەن مىللىي ...ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان ئوقۇتۇش پىلانلىرىنى تۈزۈش ...ئەمەلدە كەسكىن ئىجرا قىلىپ ، تەستىقسىز خالىغانچە ئۆزگەرتمەسلىك ، ئوقۇتۇش ...خىزمىتىنىڭ ھەر قايسى ھالقىلىرىنى كۈچەيتىش لازىم .

## جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ «مائارىپ ...تۈزۈلمە ئىسلاھاتى توغرىسىدىكى قارارى» نى ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدا ...پىكىر

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى 1985 - يىلى 9 ...ئايدا ئېلان قىلغان . «پىكىر» دە مۇنۇلار تەلەپ قىلىنغان : (1) يېزىلاردىكى ئوتتۇرا ...باشلانغۇچ مەكتەپلەر پرىنسىپ جەھەتتىن ناھىيە ، يېزىدىن ئىبارەت ئىككى دەرىجىلىك ...ئىككى دەرىجىلىك باشقۇرۇش تۈزۈمىنى يولغا قويىدۇ ، يەنى ناھىيە تولۇق ئوتتۇرا ، ...تولۇقسىز ئوتتۇرا دەرىجىلىك كەسپىي تېخنىكا مەكتەپ ، تەجرىبە باشلانغۇچ مەكتەپلەرنى ...قۇرىدۇ ، يېزىلار ، تولۇقسىز ئوتتۇرا ، تولۇقسىز كەسپىي تېخنىكا مەكتەپلەر ، باشلانغۇچ ...مەكتەپلەرنى قۇرىدۇ ، شارائىتى بار يەرلەردە باشلانغۇچ مەكتەپلەرنى يېزا تەسىس قىلىپ ، ...يېزا باشقۇرسا بولىدۇ ، يېزىلاردىكى مەكتەپلەر دەرىجىگە ئايرىلىپ تەسىس قىلىنىپ ...باشقۇرۇلغاندىن كېيىن ، مەكتەپ مۇدىرىنىڭ تەيىنلىنىشى ، ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىنىڭ ...باشقۇرۇلىشى ، ئوقۇتۇش خىزمىتىنىڭ كۆرسەتمىسى قاتارلىقلارنى يەنىلا ناھىيىلىك ...مائارىپ تارماقلىرى باشقۇرۇش كېرەك . (2) ئوتتۇرا دەرىجىلىك كەسپىي تېخنىكا ...مائارىپىنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ ، كەسپىي تېخنىكا مائارىپىنى راۋاجلاندۇرۇش ، ...تىرىشىپ ، بەش يىل ئەتراپىدا ۋاقىت سەرىپ قىلىپ ، پۈتۈن رايونىمىزدىكى ئالىي ، ...ئوتتۇرا قاتلامدىكى كەسپىي تېخنىكا مەكتەپلىرى (ئوتتۇرا دەرىجىدىكى كەسپىي ...مەكتەپلەر ، تېخنىكا ـ ئىشچىلار مەكتىپى ، كەسپىي مەكتەپلەر ۋە كەسپىي سىنىپلارنىمۇ ...ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ ) نىڭ ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش سانىنى ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرىنىڭ ...ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش سانىغا يېقىنلاشتۇرۇش لازىم . كەسپىي تېخنىكا ...مەكتەپلەردىكى ئوقۇغۇچىلار تولۇق ئوتتۇرا باسقۇچىدىكى ئوقۇغۇچىلار ئومۇمىي سانىنىڭ ...40% تىن كۆپرەكىگە يەتكۈزۈپ ، نۆۋەتتىكى ئوتتۇرا دەرىجىلىك مائارىپ قۇرۇلمىسىدىكى ...نامۇۋاپىق ھالەتنى ئۆزگەرتىش لازىم . (3) ئالىي مەكتەپلەرنىڭ كۆلىمىنى ...مۇقىملاشتۇرۇپ ، تولۇق كۇرس مەخسۇس كۇرسلار نىسبىتى بىلەن پەن تۈرلەر ...نىسبىتىنىڭ ماس كەلمەسلىك ھالىتىنى ئۆزگەرتىش لازىم . مەخسۇس كۇرس

ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ نىسپىتىنى ئاشۇرۇپ ، ئۈچ يىل ئىچىدە 35% تىن ئاشۇرۇش لازىم ، مالىيە ، ئىقتىساد ، باشقۇرۇش ، قوللىنىشچان ئىجتىمائىي پەن كەسپلىرىنىڭ تەربىيىلەش كۆلىمىنى ئاپپارات كېڭەيتىپ ، يېنىك سانائەت ، ئاپپارات ، توقۇمىچىلىق ، قاتناش قاتارلىق ئاپتونوم رايونىمىز جىددىي ئېھتىياجلىق بولغان كەسپلەرنى كۆپەيتىپ تەسىس قىلىش . (4 ) ئالىي مەكتەپكە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش پىلانى تۈزۈمى ۋە پۈتتۈرۈش تەقسىمات تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىپ ، دۆلەت ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش (نىشانلىق ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ) ، ئادەم ئىشلەتكۈچى ئورۇنلارنىڭ ھاۋالىسى بويىچە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ۋە پىلان سىرتىدا ئاز ساندىكى ئۆز خىراجىتى بىلەن ئوقۇيدىغان ئوقۇغۇچىلارنى قوبۇل قىلىشتىن ئىبارەت ئۈچ خىل ئۇسۇل ئارقىلىق ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ، ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىشتىكى ئوخشىمىغان ئۇسۇلغا ئاساسەن ، پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنى تەقسىملەشتە دۆلەتنىڭ پىلانلىق رەھبەرلىكىدە ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئوقۇغۇچىلار ئۆزلىرى تەلەپ قىلىش ، مەكتەپ تونۇشتۇرۇش ، ئادەم ئىشلەتكۈچى ئورۇنلار ياخشىلىرىنى تاللاپ قوبۇل قىلىش تۈزۈمى توختامغا ئاساسەن ئورگانلارغا بېرىپ خىزمەت قىلىش تۈزۈمى ياكى مەكتەپلەرنىڭ مەكتەپ قۇرۇش مۇستەقىللىق ھوقۇقىنى كېڭەيتىشتە ، دۆلەتنىڭ سىياسىي ، قانۇن ، پىلانلىرىنى ئالدىنقى شەرت قىلغان ئاساستا ، ئاپتونوم رايوندىكى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ يەنە ۋە پىلان كۆرسەتكۈچى ئىچىدە كادىر ، ئىشچىلار شتات ، ئوقۇتقۇچىلار ۋە خىزمەتچىلەرنى تەكلىپ قىلىش ھوقۇقى ، دۆلەت پىلانىغا ئاساسەن ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش مەنبەسىنى پىلانلاش ھوقۇقى ، ئوقۇش مۇكاپات پۇلىنى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇش ھوقۇقى ، ئوقۇش سالاھىيىتىنى باشقۇرۇش بەلگىلىمىسىگە ئاساسەن ئوقۇغۇچىنى بىر تەرەپ قىلىش ھوقۇقى ، باكلاۋىرلىق ئىلمىي ئۇنۋانىنى بېرىش ھوقۇقى بار مەكتەپنىڭ لېكتورلارنى باھالاپ بېكىتىش ھوقۇقى ھوقۇقى بار . (5 ) ئالاھىدە ئۇسۇللارنى قوللىنىپ ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مائارىپ ئىشلىرىنى تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلدۇرۇش ، مائارىپ سۈپىتىنى تىرىشىپ ئۆستۈرۈش چەت رايونلاردا ، ئوقۇش ۋە كىتاب پۇلى يىغماسلىق تۈزۈمىنى داۋاملاشتۇرۇش ، نامرات ئائىلىلەرنىڭ بالىلىرى ۋە يېتىم بالىلار مىللىي نامرات رايونلار مائارىپ ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ياردەم بېرىش فوندى تەسىس قىلىش كېرەك . ئالىي مەكتەپلەر ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىشتا ، پۈتۈن مەملىكەت بويىچە بىر تۇتاش ئىمتىھان سوئالىنى قوللىنىشنى 90 — يىلىدىن بۇرۇن ئىشقا ئاشۇرۇش . (6 ) پېداگوگىكا مائارىپى ۋە كەسپىي ئوقۇتقۇچىلارنى تەربىيىلەشنى زور كۈچ بىلەن كۈچەيتىش ، مائارىپ مەبلىغىنى ئاۋۋال پېداگوگىكا مەكتەپلىرىنى قۇرۇشقا ئىشلىتىش ، تولۇق كۇرس مەكتەپلىرىنى ياخشى قۇرۇش ، مەخسۇس كۇرس مەكتەپلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش كېرەك . ئوقۇتقۇچىلارنىڭ تەمىناتىنى ھەقىقىي ياخشىلاپ ، ئازادلىقتىن كېيىن شىنجاڭدا ئوقۇتۇش خىزمىتى بىلەن ئۇدا 30 يىل شۇغۇللانغان ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنى پېنسىيىگە چىقارغاندىن كېيىن ، 1995 - يىلى ئوقۇتقۇچىلار بايرىمىدىن باشلاپ 100%

ماك پىنسىيە مائاشىدىن بەھرىمان قىلىش . (7) ئىككىنى ئاشۇرۇشنى
مەلىيلەشتۇرۇپ ، مائارىپ قوشۇمچە ھەققىنى يىغىش . ئاپتونوم رايون ۋە ھەر
ەرىجىلىك يەرلىك ئورۇنلارنىڭ مائارىپقا ئاجراتقان پۇلىنىڭ ئارتىش نىسبىتىنى مالىيە
ومۇمىي چىقىمىنىڭ ئارتىش نىسبىتىدىن يۇقىرى قىلىش ھەمدە مەكتەپتىكى
وقۇغۇچىلار خىراجىتى ئوتتۇرىچە ئاشۇرۇش لازىم . مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇش
ەبلىغىنى تەدرىجىي ھالدا ئاپتونوم رايوندىكى جايلار توپلىغان ۋە مالىيە ئۆزى توپلىغان
ۇ يىللىقى قۇرۇلۇش سېلىنمىسىنىڭ 50% كە يەتكۈزۈش كېرەك . مەركەز مەبلەغ
قىرىپ ، تەرەققىي قىلمىغان رايونلارغا ئاجراتقان مەبلەغ ۋە چېگرا رايون ياردەم
ۇلىدىن ھەر يىلى ئاز دېگەندە 20% نى ئاجرىتىپ مائارىپ ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا
شلىتىش كېرەك . (8) رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ ، ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ
ومىتېتىنى قۇرۇپ چىقىش . ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتى ئاپتونوم رايونلۇق
رتكوم ، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبەرلىكىدە ، پۈتۈن رايوننىڭ ئوقۇتۇش خىزمىتىنى
اساسلىق باشقۇرۇپ ، مەركەزنىڭ فاڭجېن ، سىياسەت ، بۇيرۇقلىرىنى ئەستايىدىل
ىزچىل ئىجرا قىلىشقا مەسئۇل بولىدۇ . كونكرېت سىياسىي ۋە قائىدە تۈزۈملەرنى
ۈزۈپ بېكىتىدۇ . ئاپتونوم رايوننىڭ پۈتكۈل مائارىپ ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى بىر
ۈتاش پىلانلايدۇ ، تەڭشەيدۇ . پۈتكۈل رايوننىڭ ئوقۇتۇش تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى بىر تۇتاش
لانلاش ۋە يېتەكلەپ ، باشقۇرىدۇ ، ئاپتونوم رايون چۈشۈرگەن يىللىق مالىيە پىلانىغا
ئاساسەن مائارىپ مەبلىغى ۋە ئاساسىي قۇرۇلۇش مەبلىغىنى تەقسىم قىلىدۇ ، ئالىي
ەكتەپلەرنىڭ ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ۋە پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنى تەقسىملەش
ىزمىتىگە مەسئۇل بولىدۇ . ۋىلايەت (ئوبلاست ، شەھەر ) ، ناھىيە ئىككى دەرىجىلىك
ائارىپ ئىدارىسى تەسىس قىلىش كېرەك .

## شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ «يەتتىنچى بەش يىللىق پىلان» ەزگىلىدىكى ئوتتۇرا باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى قۇرۇلۇش لانى

ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتى 1986 - يىلى ئېلان قىلغان . «پىلان» دا
ۇنۇلار تەلەپ قىلىنغان : «يەتتىنچى بەش يىللىق پىلان» مەزگىلىدە ، باشلانغۇچ مەكتەپ
قۇتقۇچىلىرى ئومۇمىي سانىنىڭ 45.8% تىنى ئىگەللەيدىغان ، ئوقۇش تارىخىي بويىچە
ياقەتسىز ئوقۇتقۇچىلار ئىچىدىكى 40 مىڭ ئادەمنى ھەر خىل قاتلامدىكى تەربىيىلەش
رقىلىق ، ئايرىم - ئايرىم ھالدا ، ئوقۇش تارىخىي ، كەسپى بويىچە ، يەككە پەنلەر بويىچە
ياقەتلىك ئۆلچەمگە يەتكۈزۈش (ئوقۇش تارىخىي لاياقەتلىكلەرنى 50% تىن يۇقىرى ،
ككە پەنلەر بويىچە لاياقەتلىكلەرنى 50%~40% قىلىش ) ، تولۇقسىز ئوتتۇرىدىكى 81.
3 ئوقۇش تارىخىي لاياقەتسىز ئوقۇتقۇچىلاردىن 30 مىڭدىن كۆپرەك ئادەمنى ھەر خىل
تلامدىكى تەربىيىلەش ئارقىلىق ، ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئوقۇش تارىخىي ، كەسپىي ،

يەككە پەنلەر بويىچە لاياقەتلىك ئۆلچەمگە يەتكۈزۈش (ئوقۇش تارىخي لاياقەتلىكلەرنى 40% تىن يۇقىرى ، كەسپىي جەھەتتىن لاياقەتلىكلەرنى 30% ى يەككە پەنلەر بويىچە لاياقەتلىكلەرنى 30% تىن يۇقىرى قىلىش ) . تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرى ئىچىدىكى 77.5% ئوقۇش تارىخي لاياقەتسىز ئوقۇتقۇچىلاردىن 10 مىڭدىن ئارتۇق ئادەمنى ھەر خىل شەكىلدىكى تەربىيىلەشلەر ئارقىلىق ، ئۇلارنى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا ئوقۇش تارىخى كەسپى ، يەككە پەنلەر بويىچە لاياقەتلىك ئۆلچەمگە يەتكۈزۈش (ئوقۇش تارىخى لاياقەتلىكلەرنى 30% تىن ئاشۇرۇش ، كەسپىي جەھەتتىن لاياقەتلىكلەرنى 30% گە ، يەككە پەنلەر بويىچە لاياقەتلىكلەرنى 40% گە يەتكۈزۈش ) . باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنى تەربىيىلەشنى ئاساسلىق ئوتتۇرا دەرىجىدىكى پېداگوگىكا مەكتەپلىرى ۋە ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش مەكتەپلىرىگە ئەۋەتىپ تەربىيىلەش ، سۈنئىي ھەمراھ تېلېۋىزىيىسى ئوقۇتۇشى ، ژورنال ئارقىلىق ئوقۇتۇش ، ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىش ئىمتىھانى ۋە كەسپىي جەھەتتىن بىلىم ئاشۇرۇش ئارقىلىق تاماملاش . تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنى تەربىيىلەشنى مائارىپ ئىنستىتۇتى ، ئالىي پېداگوگىكا مەكتەپلىرى ۋە غەيرى پېداگوگىكا مەكتەپلىرىگە ئەۋەتىپ بىلىم ئاشۇرۇش ، سۈنئىي ھەمرا تىلىۋىزىيىسى ئوقۇتۇشى ، رادىئو ـ تېلېۋىزىيە پېداگوگىكا ئونىۋېرسىتېتى ، شەنشى پېداگوگىكا ئۇنىۋېرستېتى سىرتتىن ئوقۇتۇش مائارىپى ، ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىش ئىمتىھانى قاتارلىق كەسپىي بىلىم ئاشۇرۇش يولى بىلەن تاماملاش .

## شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش نىزامنامىسى

1986 ـ يىلى 2 ـ ئايدا ئاپتونوم رايونىنىڭ 6 ـ نۆۋەتلىك دائىمىي كومىتېتىنىڭ 18 ــ قېتىملىق يىغىنىدا قاراپ چىقىشتىن ئۆتكەن . «نىزامنامە» 15 ماددىدىن تۈزۈلگەن . (1) ئاپتونوم رايون دائىرىسىدە تۇرۇشلۇق ئاھالىلەردىن 40 ـ 11 ياشقىچە بولغان تەربىيەنى قوبۇل قىلىش ئىقتىدارى بار ساۋاتسىزلار ، ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش ئوبيېكتى بولۇپ ، چوقۇم ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش ئۆگىنىشىگە قاتنىشىشى كېرەك . (2 ) ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش خىزمىتى ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ ۋەزىپىسى بولۇپ ، ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى مەھەللە ئىش باشقارمىسى تەشكىللەپ ئەمەلىيلەشتۈرىدۇ . (3 ) ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش خىزمىتىدە ناھىيە (شەھەر ، رايون) ، يېزا (بازار، كوچا ئىش باشقارمىسى ) ، كەنت (ئاھالىلەر كومىتېتى )دىن ئىبارە ئۈچ دەرىجە مەسئۇل بولۇش تۈزۈمى ۋە مەخسۇس كادىرلار مەسئۇل بولۇش تۈزۈمى يولغا قويۇلىدۇ . چەكلىك مۇددەت ئىچىدە ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش خىزمىتى تاماملىنىدۇ . قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش خىزمىتىنى ئورۇنداشتا نەتىجىسى كۆرۈنەرلىك بولغان ئورۇن ۋە شەخسلەر تەقدىرلىنىدۇ ۋە مۇكاپاتلىنىدۇ . بەلگىلەنگەن ۋاقىت ئىچىدە ۋەزىپىسىنى ئورۇنلىيالمىغان ئورۇن ۋە

ـەخسلەرگە بۆيرۇق قىلىنىدۇ . تەكشۈرۈپ قىسقا مۇددەت ئىچىدە ۋەزىپىنى
ور ۇنلاشتۇر ۇلسا بولمايدۇ . ۋەزىپىسىنى ئېغىر دەرىجىدە كۆرۈنلىيالمىغانلارغا قارىتا ،
ەرلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى ئەھۋالغا قاراپ مەمۇرىي ياكى ئىقتىسادىي جازا بېرىدۇ . (4 )
ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش خىراجىتى ھەر دەرىجىلىك مائارىپ ئىشلىرى خىراجىتىدىن
اجرىتىلىدۇ . ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش خىراجىتىنى باشقا خىراجەت ئۈچۈن ئىشلەتسە
ـەمدە ئىگىلىۋالسا بولمايدۇ . (5 ) ئومۇمىي خەلق ئىگىلىكىدىكى ئورۇنلار
ساۋاتسىزلىقتىن قۇتۇلالمىغانلارنى كادىر ياكى ئىشچى قىلىپ ئىشلەتسە بولمايدۇ . ھەر
ئنداق تەشكىل ۋە شەخسلەر ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش تەربىيىسىنى قوبۇل قىلمىغان ،
1 ياشتىن تۆۋەن ياش - ئۆسمۈر ، باللاردىن شاگىرت قىلسا بولمايدۇ .

## رايونىمىزنىڭ كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپلەر مائارىپى مەسىلىلىرى
## ەققىدىكى بەلگىلىمىلىرى

ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتى 1986 - يىلى 6 - ئايدا ئېلان قىلغان .
ـەلگىلىمىلەردە : (1 ) رايونىمىزنىڭ ئوتتۇرا دەرىجىلىك كەسپىي تېخنىكا مائارىپىنى
ـەرەققىي قىلدۇرۇشتا كەسپىي تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى ئاساس قىلىش . (2 ) ھەر قايسى
ـايلار ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرىنىڭ تەرەققىياتىغا قارىتا ئومۇمىي جەھەتتىن كونترول
ـلىشنى كۈچەيتىش . (3 ) كەسپىي تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەر قۇرۇلۇشىدا «كۆپچىلىك
ـەسىس قىلىش» فاڭجېنىنى ئىجرا قىلىش . مائارىپ تارماقلىرى مەكتەپ تەسىس
ـىلىشتىن باشقا ، شارائىتى بار كەسپىي ھالدا كەسپىي شىركەت ، زاۋۇت ، كان ،
ارخانىلارنىڭ ھەممىسى مۇستەقىل ھالدا مەكتەپ تەسىس قىلىش . (4 ) كەسپىي ئوتتۇرا
ـەكتەپلەرنىڭ مەكتەپ سەرەمچانلىقى ۋە كەسىپ سەپلىمىسى مۇۋاپىق مەركەزلەشكەن
ولۇش . (5 ) كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپلەر ۋە كەسپىي سىنىپلارنى تەسىس قىلىش ،
ـەرتىپكە سېلىش ، ئەمەلدىن قالدۇرۇشتا تەستىقلاش ئىجرا قىلىش . كەسپىي تولۇق
تتۇرىنى يەرلىك مەمۇرىي مەھكىمە ، ئاپتونوم ئوبلاست ياكى ئاپتونوم رايونغا بىۋاستە
ـراشلىق شەھەردىكى خەلق ھۆكۈمىتى تەستىقلاش . كەسپىي تولۇقسىز ئوتتۇرىنى ناھىيە
شەھەر ) لىك خەلق ھۆكۈمىتى تەستىقلاش . ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ كەسپىي
ـولۇق ئوتتۇرا قوشۇمچە سىنىپلىرىنى ۋىلايەتلىك ، ئوبلاستلىق ، شەھەرلىك مائارىپ
ـماقلىرى تەستىقلاش . (6 ) كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپلەر ئوقۇتقۇچى ، خىزمەتچىلىرىنىڭ
ـتاتىنى ، ئاساسلىق قۇرغۇچى ئورۇننىڭ كەسپىي شتاتىنىڭ ئاساسلىق باشقۇرغۇچى
ـورۇننىڭ ئەمگەك پىلانىغا كىرگۈزۈش . مەكتەپ تەسىس قىلغان تەجرىبە پراكتىكا
ـازىسىنىڭ شتاتىنى ئوقۇغۇچىلار ئومۇمىي سانىنىڭ 5%تى بويىچە . (7 ) مائارىپ
ـماقلىرى پىلان بويىچە يېڭى تەسىس قىلغان ياكى ئۆزگەرتىپ تەسىس قىلغان كەسپىي
ـتۇرا تېخنىكۇم (سىنىپ ) لارنىڭ ئېچىش زۆرۈر خىراجىتى (ئۆلچىمىنى ھەرقايسى
ـايلار ئۆزى بېكىتىدۇ ) ئۈچۈن مالىيە پۇلنى ئاجرىتىپ بەرگەن ئاساسلىق كەسپىي

ئوقۇتۇش ئەسلىھەلىرى ئۈچۈن ئىشلىتىش . (9) ئاپتونوم رايون ۋىلايەت ، ئوبلاست ، شەھەرلەر كەسپىي تېخنىكا مائارىپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى ئەقلىي كۈچ مەبلىغىنىڭ بىر مۇھىم نۇقتىسى قىلىش . كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ شارائىتىنى ياخشىلاش ئۈچۈن ئاپتونوم رايون ھەر يىلى كەسپىي مائارىپقا بەلگىلىك قوشۇمچە ياردەم پۇل ئاجرىتىش . ھەر قايسى جايلارمۇ ھەر يىلى بەلگىلىك مىقداردا كەسپىي تېخنىكا مائارىپى قوشۇمچە ياردەم پۇلىنى ئاجرىتىش . (10) كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپلەر ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش پىلانىنى ئورۇنلاشتىن سىرت ، يەنە ئادەم ئىشلەتكۈچى ئورۇنلارنىڭ ھاۋالىسى بويىچە ئوقۇغۇچى تەربىيىلەش ۋە ئاز ساندا ئۆز خىراجىتى بىلەن ئوقۇيدىغان ئوقۇغۇچىلارنى قوبۇل قىلىشقا ھوقۇقلۇق . (11) كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ ئاساسىي قۇرۇلۇش مەبلىغىنى ئاپتونوم رايون بىلەن ھەر قايسى جايلارنىڭ مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇش مەبلىغىنى بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇش . (12) بىرىنچى ئاۋغۇست يېزا - ئىگىلىك ئىنستىتۇتى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ، شىنجاڭ سانائەت ئىنستىتۇتى ، شىنجاڭ مالىيە - ئىقتىساد ئىنستىتۇتى قاتارلىق مەكتەپلەر ئۈزلۈكسىز ھالدا كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلار سىنىپىنى تەسىس قىلىپ ، يېڭى كەسىپلەرنى كۆپەيتىپ ، ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش كۆلىمىنى كېڭەيتىش كېرەك . (13) پېداگوگىكا مەكتەپلىرىنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنى تەقسىملەشتە ، كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ ئېھتىياجىنى ئاۋۋال ئويلىنىش ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ، بەلگىلىك شتاتتىكى غەيرى پېداگوگىكا مەكتەپلەرنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنى كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ ھەر قايسى كەسپىي دەرس ئوقۇتقۇچىسى قىلىپ تەقسىملەش . (14) كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپلەر پەيدىن - پەي ئىككى خىل گۇۋاھنامە تۈزۈمىنى ئىجرا قىلىش ، يەنى كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپلەردىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇش مۇددىتى توشۇپ ، ئىمتىھاندا لاياقەتلىك بولغانلىرىغا ئوقۇش پۈتتۈرۈش گۇۋاھنامىسى بېرىش ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ، دۆلەتنىڭ مۇناسىۋەتلىك ئۆلچەملىرىگە ئاساسەن ئېلىپ بېرىلغان كەسپىي تەكشۈرۈشتە لاياقەتلىك بولغانلارغا تېخنىكا دەرىجە گۇۋاھنامىسى بېرىشتىن ئىبارەت . ھەر خىل قىسقا مۇددەتلىك كەسپىي تېخنىكا تەربىيىلەش سىنىپلىرىدا لاياقەتلىك بولغانلارغا كۇرسنى تاماملاش گۇۋاھنامىسى ۋە مۇناسىۋەتلىك تېخنىكا دەرىجە گۇۋاھنامىسى بېرىش ، كەسپىي تېخنىكا تەكشۈرۈشى ۋە تېخنىكا دەرىجە گۇۋاھنامىسىنىڭ تارقىتىلىش خىزمىتىگە ، ئەمگەك كادىرلار بۆلۈملەر ۋە مۇناسىۋەتلىك كەسپىي بۆلۈملىرى مەسئۇل بولۇش .

## ئاپتونوم رايونىمىز چوڭلار ئالىي مەكتەپلىرىنىڭ ئوقۇتۇش سۈپىتىنى تەكشۈرۈش ئىمتىھانى چارىلىرى

ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتى 1986 - يىلى 6 - ئايدا ئېلان قىلغان . «چارە» دە مۇنداق بەلگىلەنگەن : 1986~1987 - يىلدىن باشلاپ ، چوڭلار ئالىي مەكتەپلەردىكى ئوقۇغۇچىلارغا قارىتا قەرەلسىز ئارىلاپ ئىمتىھان ئېلىشنى يۈرگۈزۈش ، ئىمتىھان

ۈرلىرنى ماﺋارىپ باشقۇرۇش تارماقلىرىنىڭ تەستىقلىشىدىن ئۆتكەن ئوقۇتۇش پىلانى بويىچە يولغا قويۇش، ئاپتونوم رايون بىر تۇتاش سوئال چىقىرىش، بىر تۇتاش نومۇر قويۇش، ئوخشاش بىر كۈندە ئىمتىھان ئېلىش، بىر تۇتاش سوئال تەكشۈرۈش لازىم.

## شەھەر (بازار)لاردا ماﺋارىپ قوشۇمچە ھەققى يىغىش توغرىسىدىكى قوشۇمچە بەلگىلىمىلەر

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى 1986 - يىلى 7 - ئايدا ئېلان قىلغان. بەلگىلىمىدە، ناھىيىدىن يۇقىرى (ناھىيە، ناھىيە دەرىجىلىك شەھەر ياكى زاۋۇت - كان رايونلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) شەھەر بازارلار قانۇن بويىچە مەھسۇلات بېجى، ئېشىنچە باج، تىجارەت بېجى تاپشۇرغان ھەر دەرىجىلىك (مەركەز، ئاپتونوم رايون، ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر ۋە ناھىيىلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلار، كوللېكتىپ ئىگىلىكىدىكى كارخانىلار ھەممە باشقا ئورگانلار ۋە شەخسلەر، 1986 - يىلى 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ ماﺋارىپ قوشۇمچە ھەققى تاپشۇرىدۇ، يىغىلغان ماﺋارىپ قوشۇمچە ھەققى ئاساسلىقى شۇ يەرنىڭ ماﺋارىپ ئىشلىرىدا جىددىي ھەل قىلىشقا تېگىشلىك گەۋدىلىك مەسىلىلەرگە ئىشلىتىلىدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن.

## ماﺋارىپ ئىشلىرى قوشۇمچە ھەققىنى يىغىشنى ئىجرا قىلىش توغرىسىدا پىكىر

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى 1986 - يىلى 12 - ئايدا ئېلان قىلغان. «پىكىر» دە مۇنداق دەپ بەلگىلەنگەن، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى يېزا نوپۇسىغا تەۋە، يېزا ئىگىلىكى، چارۋىچىلىق، ئورمانچىلىق، قوشۇمچە كەسىپ، بېلىقچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان دېھقان - چارۋىچىلار، كەسپىي ئاھالىلەر، يەككە تىجارەتچىلەر، يېزا (بازار) كەنت كارخانىلىرى، دېھقان - چارۋىچىلىق رايونلىرىدا تەسىس قىلىنغان (يېزا بازارلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلار ھەممە كارخانا تۈزۈمىنى يولغا قويغان، ئۆز - ئۆزىنى قامدىيالايدىغان كەسپىي ئىدارىلەردىن ماﺋارىپ كەسپىي قوشۇمچە ھەققىنى يىغىش. يىغىش پرىنسىپى: (1) دېھقان - چارۋىچىلار يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكى تەستىقلىغان ئالدىنقى يىلدىكى كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ساپ كىرىمنى ئاساس قىلىپ، ماﺋارىپ قوشۇمچە ھەققىنى 2%~1% گىچە بەلگىلىسە بولىدۇ. كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان كىرىم سەۋىيىسىنىڭ يۇقىرى تۆۋەنلىكىگە ئاساسەن، بىر قانچە قوشۇمچە ئۆلچەمگە بولۇپ، نوپۇسىنى بىرلىك قىلغان ھالدا بەلگىلىسىمۇ بولىدۇ. (2) كەسپىي ئائىلە يەككە سانائەتچىلەر دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ ئۇسۇلىغا سېلىشتۇرۇپ بېجىرىدۇ، شۇ جايدىكى دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان كىرىمىدىن يۇقىرى بولسا، قوشۇمچە ئەمما 5% تىن ئېشىپ كەتسە بولمايدۇ. (3) يېزا (بازار) كەنت كارخانىلىرى

تىجارەت كىرىمىنىڭ ئومۇمىي قىممىتىگە ئاساسەن تاپشۇرىدۇ ، قوشۇمچە ھەققى 0.5% تىن يۇقىرى ئېشىپ كەتسە بولمايدۇ . (4) يېزا (بازار) كەنتلەردىكى دۆلەت ئىگىلىگىدىكى كارخانا ۋە كارخانىلاشتۇرۇپ باشقۇرۇشنى يولغا قويغان ، ئىقتىسادىي جەھەتتە ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇشنى يولغا قويغان ئورۇنلار مۇستەقىل ھالدا مەكتەپ قۇرسا بولمايدۇ ، پەرزەنتلىرى مەكتەپكە كىرگەندە ، تۇرۇشلۇق ئورۇن مائارىپ قوشۇمچە ھەققى يىغىدۇ ، قوشۇمچە ھەققىنى يىغىشتا ، يېزا (بازار) كەنت كارخانىلىرىغا سېلىشتۇرۇپ بېجىرىدۇ ، ياكى ئالدىنقى يىلدىكى مالىيە ئاتچوتىنى ئاساس قىلىپ ، قالغان پايدىسىنىڭ 10%—5% گىچە يىغسا بولىدۇ .

## شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئاساسىي مائارىپقا قارىتا دەرىجىلەرگە بۆلۈپ مەكتەپ قۇرۇش ، دەرىجىلەرگە بۆلۈپ باشقۇرۇشنى يولغا قويۇشتىكى سىناق چارىلىرى

ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتى ، مالىيە نازارىتى 1987 - يىلى ئېلان قىلغان . ئاساسلىق مەزمۇنى : (1) ئاساسىي مائارىپقا قارىتا ئاپتونوم رايون ، ۋىلايەت (ئوبلاست ، شەھەر) ، ناھىيە (شەھەر ، شەھەرگە قاراشلىق رايون) ، يېزا (بازار ، مەيدان) دىن ئىبارەت تۆت دەرىجىگە قۇرۇش ، تۆت دەرىجىگە ئايرىپ باشقۇرۇش ، ناھىيە ، يېزىدىن ئىبارەي ئىككى دەرىجىنى ئاساس قىلىش تۈزۈلمىسى يولغا قويۇش . (2) ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر ئاساسىي مائارىپنى باشقۇرۇش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئېلىش . يېزا (بازار ، مەيدان) دائىرىسىدىكى ھەر خىل يېزا باشلانغۇچ مەكتەپلىرى ، چارۋىچىلىق رايونلاردىكى ياتاقتا يېتىپ ئوقۇش تۈزۈمىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپلەر ، يېزا مەركىزى باللار باغچىسى ، يېزا - ئىگىلىك ، چارۋىچىلىق رايونلاردىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ۋە تولۇقسىز كەسپىي مەكتەپلەرنى باشقۇرىدۇ . ناھىيە (شەھەر) ئۆزىگە ، بىۋاستە قاراشلىق ئوتتۇرا مەكتەپلەر ، باشلانغۇچ مەكتەپ ، باللار باغچىسى ، ئەقلىي ئاجىزلارنى ئوقۇتۇش سىنىپى ، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ، كەسپىي تېخنىكا مەكتىپى قاتارلىقلارنى باشقۇرىدۇ . ۋىلايەت (ئوبلاست ، شەھەر)لەر ئۆزىگە بىۋاستە قاراشلىق ئوتتۇرا مەكتەپ ، باشلانغۇچ مەكتەپ ۋە باللار باغچىسى ئەما ، گاس - گاچىلارنى ئالاھىدە تەربىيىلەش مەكتىپىنى باشقۇرىدۇ . ئاپتونوم رايون ئۆلكىلىك مەكتەپلەرنى باشقۇرىدۇ . (3) مائارىپ راسخوتىنىڭ باشقۇرۇلۇشى . ئاساسىي مائارىپنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ، توققۇز يىللىق مەجبۇرىي مائارىپنى يولغا قويۇشتا ئېھتىياجلىق مەبلەغنى قويۇشتا ئاپتونوم رايون ، ۋىلايەت (ئوبلاست ، شەھەر) ، ناھىيە (شەھەر ، رايون) ، يېزا (بازار ، مەيدان) دىكى ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر مەسئۇل بولۇپ تەييارلايدۇ ، ناھىيە ، يېزىدىن ئىبارەت ئىككى دەرىجىنى ئاساس قىلىدۇ .

## مـــلـــلـــي ئـوتـــتـۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپلەردە خەنزۇ تىلى ئوقۇتۇش
## ـمتىنى كۈچەيتىش ھەققىدە بىر قانچە تەدبىر

1987 ـ يىلى 9 ـ ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتى ئېلان قىلغان .
ـلىملەر : (1) ھەر دەرىجىلىك پارتىيە ھۆكۈمەتلەر ۋە مائارىپ تارماقلىرى خەنزۇ
ـلى ئوقۇتۇش خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىشنى ھەققىي كۈچەيتىپ ، خەنزۇ تىلى
ـۇتـۇش قۇرۇلمىسىنى تېزدىن تولۇقلاپ كۈچەيتىشى ناھىيە ، شەھەرلىك مائارىپ
ـاقلىرى خەنزۇ تىلى ئوقۇتۇش خىزمىتى ئۈچۈن مەخسۇس خادىم ۋە ئوقۇتۇش تەتقىقات
ـملىرىنى سەپلىشى ، ناھىيە بازاردىن يۇقىرى مىللىي ئوتتۇرا باشلانغۇچ مەكتەپلەر
ـزۇ تىلى ئوقۇتۇش تەتقىقات گۇرۇپپىسىنى تەسىس قىلىشى كېرەك . (2) پېداگوگىكا
ـكتەپلىرىنىڭ خەنزۇ تىلى كەسپىگە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش سانىنى كېڭەيتىش .
19 ـ يىلدىن باشلاپ ، ئاپتونوم رايوندىكى ئالىي پېداگوگىكا مەكتەپلەرنىڭ خەنزۇ
ـى كەسپىگە قوبۇل قىلغان ئوقۇغۇچى سانى ھەر يىلى 300 دىن كەم بولماسلىقى ،
ـدە ھەققىي تۈردە ئوقۇتۇش سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشى كېرەك . (3) ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ
ـكـتەپلەر خەنزۇ تىلى ئوقۇتقۇچىسىنى تەربىيىلەش پىلانلىرىنى تۈزۈشتە ، ئاپتونوم
ـيون ، ۋىلايەت ، ناھىيە ئۈچ دەرىجە بويىچە ئىش تەقسىماتى مەسئۇلىيىتىنى ئورنىتىپ ،
ـر قايسى جايلار دىن ئىبارەت ، كۆپ خىل شەكىل ، كۆپ قاتلام ، كۆپ خىل يوللار
ـرقىلىق تەربىيىلەشنى چىڭ تۇتۇپ ، 1995 ـ يىلدىن بۇرۇن ، ھازىرقى خەنزۇ تىلى
ـۇتقۇچىلىرىنى يەنە بىر قېتىم ئومۇمىيۈزلۈك تەربىيىلەپ چىقىش كېرەك . (4) 1987
ـ يىـلى ئـاپـتونوم رايون تەبىئىي كېمەيگەن خادىم كۆرسەتكۈچىدىن 500 ئەمگەك
ـۆرسەتكۈچىنى چىقىرىپ ، مىللىي ـ خەنزۇلار تىلىنى چۈشىنىدىغان تولۇق ئوتتۇرا
ـكتەپلەرنى پۈتتۈرگەنلەرنى قوبۇل قىلىپ ، بىر يىللىق قىسقا مۇددەتلىك تەربىيىلەش
ـرقىلىق ئوتتۇرا دەرىجىلىك تېخنىكۇمنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلاردەك مۇئامىلە بىلەن
ـنزۇ تىلى ئوقۇتقۇچىسى كەم بولغان مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپلەرگە ئوقۇتقۇچىلىققا
ـۋەتىش كېرەك . (5) ھازىرقى خەنزۇ تىلى ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىنى مۇقىملاشتۇرۇپ ،
ـر دەرىجىلىك پارتىيە ، ھۆكۈمەت ئورگانلىرى ، كوللېكتىپ ۋە كارخانا ئورۇنلار ھەر
ـانداق سەۋەب بىلەن پېداگوگىكا مەكتەپلەر خەنزۇ تىلى كەسپىنى پۈتتۈرگەن
ـوقۇغۇچىلارنى تۇتۇپ قېلىپ باشقا خىزمەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىشقا مەجبۇرلىماسلىقى ،
ـوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپلەردىكى لاياقەتلىك ئوقۇتقۇچىلارنى يۆتكەشنى تەستىقلىماسلىقى
ـزىم . ئىلگىرى كەسىپ ئۆزگەرتىپ خەنزۇ تىلى ئوقۇتۇش ئورنىدىن ئايرىلىپ كەتكەن
ـاقەتلىك ئوقۇتقۇچىلارغا قارىتا ئېھتىياج ۋە مۇمكىنچىلىك ئەھۋالىغا ئاساسەن قوشۇنغا
ـيىشقا سەپەرۋەرلىك قىلىش كېرەك . (6) مىللىي ئوتتۇرا باشلانغۇچ مەكتەپلەردىكى
ـنزۇ تىلى ئوقۇتۇش دەرس سائىتىنى مۇۋاپىق ھالدا ئاشۇرۇش ، تولۇق ، تولۇقسىز
ـتۇردىكى خەنزۇ تىلى دەرسىنى ھەپتىگە 4 سائەتتىن بەش سائەتكىچە تەڭشەش كېرەك .
(7) 1988 ـ يىلدىن باشلاپ ، ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىدا خەنزۇ تىلىنى 100 نومۇرلۇق

نەتىجە بويىچە ھېسابلاش ، رايون ئىچىدىكى تېخنىكوم ، تېخنىكا ئىشچىلار مەكتەپلىرىدە خەنزۇ تىلى ئىمتىھانىنى قوشۇش كېرەك .

## رايونىمىزنىڭ نۆۋەتتىكى مائارىپ خىزمىتىدىكى بىرقانچە مەسىلە ھەققىدە قارار

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى 1987 - يىلى 9 ــ ئايدا ئېلان قىلغان . «قارار» دا مۇنۇلار كۆرسىتىلگەن : سۈپەتنى ئۆستۈرۈشنىڭ ئاچقۇچى مۇھىم لاياقەتلىك ۋە مۇقىم ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىنى قۇرۇپ چىقىشتىن ئىبارەت . بەش يىل ئەتراپىدا ۋاقىت سەرىپ قىلىپ ، ھازىر بار بولغان ئالىي پېداگوگىكا مەكتەپلەر ، ئوتتۇرا دەرىجىدىكى پېداگوگىكا مەكتەپلەر ۋە مائارىپ ئىنستىتۇتى قۇرۇلۇشىنى ياخشىلاش ، مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇش مەبلىغى ۋە ئۈسكۈنە راسخوتىنى ئورۇنلاشتۇرغاندا ، پېداگوگىكا مەكتەپلەرنىڭ ئېھتىياجىنى ئاۋۋال ئويلىشىش لازىم . پېداگوگىكا مەكتەپلىرىنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى ئوتتۇرا باشلانغۇچ مەكتەپلەرگە لاياقەتلىك ئوقۇتقۇچى تەربىيىلەپ بېرىش ، تېخىمۇ مۇھىمى سۈپەتنى ئۆستۈرۈش . كەسپىي ئوقۇتقۇچىلارنى تەربىيىلەشنى كۈچەيتىشتە ئىشتىن - سىرتقى ۋاقىتنى ئاساس قىلىش ، ئىشتىن ئايرىلىپ بىلىم ئاشۇرىدىغانلارنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇش . مائارىپ ئىنستىتۇتى ۋە ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش مەكتەپلىرىنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇش ، مۇۋاپىق خىزمەتكە تەقسىملەش ، ھەمكارلىقنى ياخشىلاش . لىكتورلار قوشۇنىنى ئەۋەتىش ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىنى سەرخىللەشتۈرۈشنىڭ ياخشى ئۇسۇلى ، شۇڭا بۇ جەھەتتىكى خىزمەتنى زور كۈچ بىلەن كۈچەيتىپ ، لىكتور كېرەك سانىنى كۆپەيتىش ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە رادىئو - تېلېۋىزىيە ئوقۇتۇشى ، سىرتتىن ئوقۇتۇش ۋە ژورنال ئارقىلىق ئوقۇش شۇنداقلا باشقا ئوقۇتۇش شەكىللىرىدە تەربىيىلەشنىڭ ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىنى تەربىيىلەش جەھەتتىكى رولىغا دىققەت قىلىش كېرەك . نۆۋەتتە پېداگوگىكا مەكتەپلىرى ۋە ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش مەكتەپلىرىنىڭ ئىقتىدارى چەكلىك بولغاچقا ، باشقا ئالىي مەكتەپلەرمۇ ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنى تەربىيىلەش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك . پىلانلىق ھالدا پېداگوگىكا مەخسۇس مائارىپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ ، توققۇز يىللىق مەجبۇرىيەت مائارىپى ئۈچۈن ئوقۇتقۇچى تەربىيىلەش لازىم . ئاپتونوم رايون ھەر يىلى بەلگىلىك كۆرسەتكۈچ شەرتكە ماس كېلىدىغان ، خەلق باشقۇرۇشىدىكى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ رەسمىيلىشىش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش كېرەك . بۇنىڭدىن كېيىن باشقۇرۇشىدىكى ئوقۇتقۇچىلارنى قوبۇل قىلىشنى بىردەك توختىتىش . ۋاكالىتەن دەرس بېرىدىغان ئوقۇتقۇچىلارنىڭ سانىنىمۇ قاتتىق كونترول قىلىش .

## رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك، ھەر خىل تىپتىكى مەكتەپلەرنىڭ مىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ ئىقتىساتچانلىق بىلەن مەكتەپ باشقۇرۇشتا باج شۈرۈش مەسىلىسى توغرىسىدىكى بەلگىلىمە

ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتى، باج ئىشلىرى ئىدارىسى 1988 - يىلى ئېلان غان. «بەلگىلىمە» دە مۇنۇلارنى تەلەپ قىلغان: (1) ئوقۇغۇچىلار تىرىشچانلىق بىلەن ىلەپ، ئىقتىسادچانلىق بىلەن ئوقۇپ ئېرىشكەن ئەمگەك، خىزمەت ھەققىدىن تىجارەت بېجى ئالماسلىق. (2) مەكتەپلەر قۇرغان زاۋۇتلار ئىشلەپچىقارغان مەھسۇلات ۋە ئوقۇغۇچىلار تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ، ئىقتىساتچانلىق بىلەن ئوقۇپ ئىشلەپچىقارغان ھسۇلاتلار ئومۇمەن شۇ مەكتەپنىڭ ئوقۇتۇش، تەتقىقات ئىشلىرىغا سەرپ قىلىنسا باجنى ەچۈرۈم قىلىش. (3) مەكتەپ قۇرغان زاۋۇت، يېزا ئىگىلىك مەيدانى ۋە باشقا رىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ، ئىقتىسادچانلىق بىلەن ئوقۇش ئىشلەپچىقىرىش تىجارەت رۇنلىرىدىن ۋاقىتىنچە تاپاۋەت بېجى ئالماسلىق. (4) ئوتتۇرا باشلانغۇچ مەكتەپلەر ۇرغان زاۋۇت، يېزا - ئىگىلىك مەيدانلىرى ھەمدە باشقا تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ قتىساتچانلىق بىلەن ئوقۇتۇش ئېلىپ بارىدىغان ئىشلەپچىقىرىش تىجارەت ئورۇنلىرىدىن ېرگىيە مەنبەسى، قاتناش مۇھىم نۇقتا قۇرۇلۇشى پۇلىنى ئالماسلىق. (5) مەكتەپ ۇرغان زاۋۇتلار دۇكان ئېچىپ ئۆزلىرىنىڭ مەھسۇلاتلىرىنى ساتسا، قۇرۇلغان دەسلەپكى رگىلدە ئۈچ يىلغىچە تىجارەت بېجى ئالماسلىق كېرەك.

## ش ئۇ ئا ر نىڭ مەجبۇرىيەت مائارىپنى يولغا قويۇش چارىلىرى

1988 - يىلى 5 - ئايدا ئاپتونوم رايوننىڭ 7 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي ومىتېتىنىڭ 2 - قېتىملىق يىغىنىدا قارار قىلىنغان. قارداردا ھەر دەرىجىلىك خەلق ۆكۈمىتى ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىپ، ھەر قايسى ئاز سانلىق مىللەت مائارىپىنىڭ ەھۋالىغا ئاساسەن ئالاھىدە ئۇسۇل قوللىنىشى، ئاز سانلىق مىللەت مەجبۇرىيەت ائارىپى ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشى، مەجبۇرىيەت مائارىپىنى قوبۇل قىلغان ئوقۇغۇچىلاردىن ئوقۇش پۇلى ئالماسلىقى، يىراق چەت رايوندىكى ناھىيىلەرنىڭ ېزا - قىشلاق رايونلىرىدىكى ئوقۇغۇچىلار ۋە ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقى بار وقۇغۇچىلاردىن ئوقۇش ھەققى ئالماسلىق، دەرسلىك كىتابىنى ھەقسىز تەمىنلەش، يېزا - قىشلاقلاردىكى ياتاقتا يېتىش تۈزۈمىدىكى ئوتتۇرا باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ۋە ئائىلىسىدە ھەقىقەتەن ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقى بار تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ وقۇغۇچىلىرىغا ياردەم بېرىش، چارۋىچىلىق رايون، تاغلىق رايون ۋە ئاھالىلەر تارقاق ولتۇراقلاشقان رايونلاردا ئېھتىياجغا ئاساسەن ياتاقتا يېتىش تۈزۈمىدىكى ئوتتۇرا شلانغۇچ مەكتەپلەرنى قۇرۇش كېرەك. ئاز سانلىق مىللەت باشلانغۇچ مەكتەپلىرىدە - يىللىقتىن باشلاپ خەنزۇ تىلى دەرسى تەسىس قىلىش؛ ئاز سانلىق مىللەت تىل ېزىقىدىكى كىتاپلارنى نەشر قىلىش ۋە تارقىتىش خىزمىتى بىلەن ئوقۇتۇش، ئىمتىھان

ماتېرىياللىرىنى تۈزۈپ نەشر قىلىش خىزمىتىنى كۈچەيتىش ، ئاپتونوم رايون مالىيەسىدىن ئاجرىتىلغان مائارىپ مەبلىغىنىڭ ئېشىش نىسبىتى مالىيە ئومۇمىي چىقىمىنىڭ ئېشىش نىسبىتىدىن يۇقىرى بولۇش . مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئادەم بېشىغا كەلگەن خىراجىتىنى تەدرىجىي يۇقىرى كۆتۈرۈش ، بەلگىلەنگەن شىتاتتىن ئېشىپ كەتمىگەن ئەھۋال ئاستىدا مەكتەپنىڭ ئاممىۋى خىراجىتىنى تەدرىجىي كۆپەيتىش ، ھەر دەرىجىلىك مالىيە تارماقلىرى مائارىپ خىراجىتىنى ئورۇنلاشتۇرغاندا ، چېگرا بويىدىكى ناھىيىنىڭ يېزا - قىشلاقلىرى ۋە باشقا ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقى بار يېزا - قىشلاق رايونلىرىغا ئېتىبار بېرىشى كېرەك ؛ دۆلەت تارقاتقان تەرەققىي قىلمىغان رايونلارغا ياردەم بېرىش مەبلىغى ، چېگرا رايون قۇرۇلۇش ئىشلىرى ياردەم پۇلى ۋە ئاز سانلىق مىللەت ئىشلىرى ياردەم پۇلىنىڭ كۆپرەك قىسمىنى مەجبۇرىيەت مائارىپ ئىشلىرىغا ئىشلىتىش .

**يېزا - قىشلاقلاردا مەركىزىي باشلانغۇچ مەكتەپلەر قۇرۇشنى كۈچەيتىش توغرىسىدا پىكىر**

1988 - يىلى 6 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتى تارقاتقان . تەلەپ (1) ئاپتونوم رايوننىڭ يېزىلارنى تۈرلەرگە ئايرىش ئەمەلىيىتىگە ئاساسەن ، ھەر بىر يېزىدا (بازار ، مەيدان ) بىردىن دائىرىسى بىر قەدەر چوڭ ، شارائىتى بىر قەدەر ياخشى بولغان مۇكەممەل باشلانغۇچ مەكتەپنى تاللاپ ، مەركىزىي باشلانغۇچ مەكتەپ قىلىش ، ئادەتتە ھەر بىر يېزىدا (بازار ، مەيدان ) بىردىن مەركىزىي مەكتەپ بولۇش ، مەركىزىي باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ مۇئەييەن كۆلىمى بولۇش ، ئادەتتە 12 سىنىپتىن كام بولماسلىق ، مەركىزىي باشلانغۇچمەكتەپنى يېزا (بازار ، مەيدان ) خەلق ھۆكۈمەتلىرى باشقۇرۇش مەمۇرىي ، ئوقۇتۇش خىزمەتلىرى ناھىيىلىك مائارىپ ئىدارىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە بولۇش كېرەك . ھەر قايسى يېزا (بازار ، مەيدان ) ئوقۇتۇش رايونلىرى ياكى مەدەنىي مائارىپ ئوقۇتۇش ئىشخانىلىرى مەركىزىي باشلانغۇچ مەكتەپنى ئاساسىي گەۋدە قىلىش ، پۈتۈن يېزا (بازار ، مەيدان ) دىكى ھەر تۈرلۈك باشلانغۇچنىڭ مەمۇرىي ۋە مائارىپ خىزمىتىنى ياخشى باشقۇرۇش كېرەك . (2 ) مەركىزىي باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ «تۆت مەركەز » لىك رولىنى تىرىشىپ جارى قىلدۇرۇش ، يەنى ئوقۇتۇش تەتقىقات مەركىزىي ، ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش مەركىزىي ، ئوقۇتۇش سايمانلىرى ۋە تەجرىبە ئوقۇتۇش مەركىزى ، كۇتۇپخانا ماتېرىيال مەركىزىي . (3 ) مەركىزىي باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرى ئوتتۇرا دەرىجىلىك پېداگوگىكا مەكتەپ سەۋىيىسىگە ياكى شۇنىڭغا يېقىن مەدەنىيەت سەۋىيىسىگە ئىگە بولۇشى ، ئەڭ ئاز بولغاندىمۇ كەسپىي لاياقەتلىك گۇۋاھنامىگە ئېرىشكەن بولۇشى ، بىر قەدەر كۈچلۈك كەسپىي ئىقتىدارغا ئىگە بولۇشى كېرەك .

يېزا چوڭلار مائارىپى خىزمىتىنى كۈچەيتىش توغرىسىدا پىكىر
ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتى، دېھقانچىلىق نازارىتى، چارۋىچىلىق نازارىتى، مالىيە نازارىتى، شتات كومىتېتى، پەن تېخنىكا ئۇيۇشمىسى 1988 - يىلى ـ ئايدا بىرلىشىپ تارقاتقان. ئۇنىڭدا، «ئومۇمەن باشلانغۇچ مائارىپنى ومۇملاشتۇرۇشنى تاماملىغان ۋە ساۋاتسىزلىقنى ئاساسىي جەھەتتىن تۈگەتكەن ناھىيە، ەرلەر (يېزا، بازار)، دېھقان چارۋىچىلار مەدەنىيەت تېخنىكا مەكتىپى ۋە كەنت ان چارۋىچىلار ئىشتىن سىرت مەكتەپلىرىنى ئاكتىپلىق بىلەن قۇرۇشى كېرەك. اتسىزلىقنى تۈگىتىش ۋەزىپىسىنى تېخى تاماملىمىغان ناھىيە، بازارلار ساۋاتسىزلىقنى گىتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يېزا بازارلاردا دېھقان چارۋىچىلار مەدەنىيەت تېخنىكا تىپى قۇرۇشى كېرەك»، دەپ تەلەپ قويۇلغان.

چوڭلار ئالىي مائارىپىنى ئىسلاھ قىلىش توغرىسىدا پىكىر
ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتى 1988 - يىلى 8 - ئايدا تارقاتقان. «پىكىر» مۇندا دەپ كۆرسىتىلگەن: (1) چوڭلار ئالىي مائارىپى بويىچە مەكتەپ قۇرۇشتىكى رجىلىق هوقۇقىنى يەنىمۇ كېڭەيتىش كېرەك، ھەر تۈرلۈك چوڭلار ئالىي كتەپلىرىنىڭ ھاۋالە بىلەن تەربىيىلەپ بېرىش هوقۇقى، چوڭلار ئالىي تېخنىكوم سپىي گۇۋاھنامە مائارىپى ۋە ئالىي مەكتەپتىن كېيىنكى ئۈزلۈكسىز مائارىپ ئېلىپ رش هوقۇقى بار. ھەر قايسى ئورۇن، تارماقلار بىلەن بىرلىشىپ مەكتەپ قۇرۇش قوقى بار؛ كەسپىي مۇلازىمەت يۆنىلىشىنى تەڭشەش ۋە كېڭەيتىش ھەمدە مەخسۇس رس، پىلاننى يېڭىدىن كۆپەيتىش هوقۇقى بار. ھەقلىق مۇلازىمەتنى قانات يايدۇرۇش تېخنىكىلىق ئېچىش، ئوقۇتۇش، پەن - تەتقىقاتى، ئىشلەپچىقىرىشتىن ئىبارەت ئۈچ ىرىكمە گەۋدە بەرپا قىلىش هوقۇقى بار؛ باشقا ئۆلكە رايونلار بىلەن ئىلمىي ماشتۇرۇش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش هوقۇقى بار. چوڭلار ئالىي مەكتەپلىرى سبىي مۇستەقىل بولغان مائارىپ گەۋدىسى بولۇش مەكتەپ قۇرۇش ئېھتىياجىدىن ەھرىمەن بولۇش هوقۇقىغا ئىگە. مائارىپ مەمۇرىي ئورۇنلىرى خىزمەتنىڭ مۇھىم قتىسىنى ماكرولۇق، تەڭشەش، ئۇچۇر مۇلازىمىتى شۇنداقلا مەكتەپ قۇرۇش ئۈنۈمى • مائارىپ سۈپىتىنى باھالاش قاتارلىق خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلىشى كېرەك. چوڭلار ئالىي مەكتەپلىرى بىرلىشىپ مەكتەپ قۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش. بىرىنچىدىن، ئوقۇتۇش پىلانى، ئوقۇتۇش پروگراممىسى، ئوقۇتۇش ماتېرىيالىنى ئىسلاھ قىلىشتىن سائىلاپ، رادىئو، تېلېۋىزور، سىرتتىن ئوقۇش ۋە ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىپ ئىمتىھان بېرىش قاتارلىق يىراق مۇساپە مائارىپىنى بىرلەشتۈرۈشنى ئىلگىرى سۈرۈش. ىككىنچىدىن ئىشچى خىزمەتچىلەر ئالىي مەكتەپلىرى بىلەن كادىرلار باشقۇرۇش ىنستىتۇتلىرى بىرلىشىپ مەكتەپ قۇرۇش. ئۈچىنچىدىن رادىئو تېلېۋىزىيە (تېلېۋىزىيە ئىنستىتۇتىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) مائارىپ ئىنستىتۇتى ۋە پېداگوگىكا پېداگوگىكا ئىنستىتۇتلىرى بىرلىشىپ مەكتەپ قۇرۇش.

تېخنىكوملىرى بىرلىشىپ مەكتەپ قۇرۇش . تۆتىنچىدىن ناھىيە دەرىجىلىك يەرلىك ئورۇن ۋە كارخانا كەسىپىي ئورۇنلىرى بىر تۇتاش مەكتەپ قۇرۇش ، تەكرارلىنىشنى ئازايتىش . (3 ) چوڭلار ئالىي مائارىپىنىڭ ھەر قايسى قاتلامدىكى ئىختىساسلىقلارنىڭ سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلىش . (4 ) چوڭلار ئالىي مەكتەپلىرىنىڭ ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش خىزمىتىنى ئىسلاھ قىلىش ياكى ياخشىلاش ، چوڭلار تولۇق ، مەخسۇس كۇرس كەسىپلىرىگە يېڭىدىن ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىشتا دۆلەتلىك بىر تۇتاش ئىمتىھانغا قاتناشقانلاردىن قوبۇل قىلىش ، ئوقۇغۇچىلارنى ئەخلاقى ، ئەقلىي ۋە جىسمانىي جەھەتلەردىن تەكشۈرۈپ قوبۇل قىلىش . شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا «سالاھىيەتلىك ئوقۇغۇچى» ۋە «تەييارلىقتىكى ئوقۇغۇچى ئۇسۇلىنى» سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇپ ، ئادەم ئىشلىتىدىغان ئورۇنلارنىڭ ئىختىساسلىقلارغا بولغان ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش .

## ش ئۇ ئا ر نىڭ رادىئو - تېلېۋىزىيە پېداگوگىكا مائارىپىنى باشقۇرۇش چارىلىرى

ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتى 1990 - يىلى 9 - ئايدا تارقاتقان . بەلگىلىمىلەر : ئومۇمەن خىزمەت قىلىۋاتقان تولۇقسىز ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرى ، مائارىپ مەمۇرىي كادىرلىرى ، ئۆزى تۇرۇشلۇق ئورۇننىڭ قوشۇلۇشى بىلەن رادىئو تېلېۋىزىيە پېداگوگىكا مائارىپى بويىچە ئۆگىنىشكە قاتناشسا بولىدۇ . ئالىي پېداگوگىكا تېخنىكوملىرىدا بىلىم ئاشۇرىدىغان ئوقۇغۇچىلار تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ مەدەنىيەت سەۋىيىسىگە ياكى ئوخشاش ئوقۇش سەۋىيىسىگە ئىگە بولۇشى كېرەك ، شۇنداقلا دۆلەتلىك بىر تۇتاش ئىمتىھانغا قاتنىشىشى كېرەك . ئوتتۇرا دەرىجىلىك پېداگوگىكا مەكتەپلىرىدە سىستېمىلىق بىلىم ئاشۇرىدىغان ئوقۇغۇچىلار تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ مەدەنىيەت سەۋىيىسى ياكى ئوخشاش دەرىجىلىك سەۋىيىگە ئىگە بولۇشى ، دۆلەتلىك بىر تۇتاش ئىمتىھانغا قاتناشقان بولۇشى كېرەك .

## ش ئۇ ئا ر مائارىپ كومىتېتىنىڭ مائارىپ مۇپەتتىشلىكىنى يولغا قويۇش چارىلىرى

ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتى 1992 - يىلى 4 - ئايدا تارقاتقان «يولغا قويۇش چارىلىرى» ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ مۇپەتتىش ئىشخانىسىنىڭ ۋەزىپىسىگە تۆۋەندىكىدەك بەلگىلىمە چىقارغان : (1 ) ئاپتونوم رايوننىڭ مائارىپ مۇپەتتىشلىك خىزمىتىنىڭ فاڭجېن ، سىياسەت ، بەلگىلىمىلىرى ، پىلانى ۋە مائارىپ مۇپەتتىشلىك لايىھىسىنى تۈزۈپ چىقىش ھەمدە تەشكىللەپ ئەمەلگە ئاشۇرۇش . (2 ) ھەر قايسى جايلار خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ مائارىپ خىزمىتىگە مۇپەتتىشلىك قىلىش ھەم مائارىپ مەمۇرىي تارماقلىرىنىڭ خىزمىتىگە مۇپەتتىشلىك قىلىش ، شۇنداقلا بىر قىسىم ناھىيە (شەھەر ، رايون) ۋە مەكتەپلەرگە قارىتا بىۋاستە مۇپەتتىشلىك قىلىپ باھالاش ئېلىپ بېرىش .

) ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مائارىپ خىزمىتىدىكى چوڭ مەسىلىلەرگە قارىتا تەكشۈرۈپ
تقىقات ئېلىپ بېرىش ھەمدە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى، دۆلەت مائارىپ
ستېتى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتىغا پىكىر ۋە تەكلىپ سۇنۇپ، تۆۋەن
ـچىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ خىزمىتىدىكى مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەرنى ھەل
ىشىغا ياردەم بېرىش. «يولغا قويۇش چارىلىرى» يەنە مۇپەتتىش بۆلۈمىنىڭ شتاتى،
ەتتىش ھازىرلاشقا تېگىشلىك شەرت، مۇپەتتىشنىڭ ھوقۇق مەجبۇرىيەتلىرىگە قارىتا
ىلىمە چىقارغان.

ج ك پ ش ئۇ ئا ر پارتكومىنىڭ ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپ
زمىتىنى كۈچەيتىش ۋە ئىسلاھ قىلىش ھەققىدىكى قارارى

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم 1992 - يىلى 4 - ئايدا تارقاتقان. مەزمۇنى
ەتدىكىدەك: (1) رايونىمىزنىڭ ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپ خىزمىتىنىڭ
يىتىنى ياخشى تونۇش، ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپ خىزمىتىنى كۈچەيتىش
ئىسلاھ قىلىشنىڭ مۇھىملىقىغا بولغان تونۇشنى. (2) «مەجبۇرىيەت مائارىپ
ونى» نى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، مەجبۇرىيەت مائارىپىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى
ىڭ تۇتۇش. (3) ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپلەر
ئارىپىنى ئاپتونوم رايوننىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ۋە تەرەققىياتى ئۈچۈن خىزمەت
دۇرۇش. (4) مائارىپ سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ لاياقەتلىك ئىختىساسلىقلارنى
ىشتۇرۇش. (5) ئەخلاقىي تەربىيىنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويغان ئادەم تەربىيەلەش
ىتىنى يارىتىش. (6) مائارىپ مەبلىغىنى كۆپەيتىپ ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپلەر
ۇلۇش شارائىتىنى يەنە بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن ھالدا ياخشىلاش. (7) ئوتتۇرا -
لانغۇچ مەكتەپ مائارىپ خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتىش.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مائارىپ
ىسلاھاتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش توغرىسىدىكى قارارى

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى 1992 - يىلى 12 - ئايدا تارقاتقان. «قارار»
ئاپتونوم رايوننىڭ 20 - ئەسىرنىڭ 90 - يىللىرىكى مائارىپ ئىسلاھاتى ۋە
ەققىياتىنىڭ ئومۇمىي تەپەككۇر يولى ۋە كۆرەش قىلىش نىشانى ئوتتۇرىغا قويۇلغان،
ى «ئۈچ ئۆزگىرىش» (مائارىپنى دۆلەت ھۆددىگە ئېلىشتەك كونا ئىدىيىنى
ۆزگەرتىپ، خەلققە تايىنىپ مەكتەپ قۇرۇش يېڭى ئىدىيىسىنى تىكلەش؛ ئىمتىھان
ارىپى كونا ئىدىيىنى ئۆزگەرتىپ، ساپا مائارىپىدىن ئىبارەت يېڭى ئىدىيىنى تىكلەش؛
تۇتاش قوبۇل قىلىش ۋە بىر تۇتاش كونا ئىدىيىنى ئۆزگەرتىپ بازار تەڭشەشتەك
ى ئىدىيىنى تىكلەش، «بىر مەركەز» دە چىڭ تۇرۇش (مائارىپ سۈپىتىنى ۋە مەكتەپ
رۇش ئۈنۈمىنى ئومۇمىيۈزلۈك يۇقىرى كۆتۈرۈشنى مەركەز قىلىش)، ھەر خىل

مائارىپنىڭ ئوخشىمىغان ئەمەلىيىتىدىن چىقىپ، مەكتەپ قۇرۇش تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى باش قىلىپ، باشقا ئومۇمىيۈزلۈك تۈردىكى ئىسلاھاتلارنى ئېلىپ مېڭىش، رايونىمىزنىڭ مائارىپ كۆلىمىدە بىر قەدەر زور تەرەققىيات ھاسىل قىلىش، مائارىپ سۈپىتىنى يېڭى بىر پەللىگە يۈكسەلدۈرۈش، مائارىپ قۇرۇلمىسىنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈپ، مەكتەپ قۇرۇش ئۈنۈمىنى روشەن يۇقىرى كۆتۈرۈشتىن ئىسلاھات بىلەن تەرەققىيات تەدبىرلىرى: ① يەنە بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئوتتۇرا ۋە يۇقىرى دەرىجىلىك مائارىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش. ② مەكتەپ قۇرۇش تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، مەكتەپ قۇرۇلۇشى مەبلەغ يولىنى كېڭەيتىش. ③ ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ۋە ئوقۇش پۈتتۈرگەنلەرنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى ئىلگىرى سۈرۈش. ④ رىقابەت مېخانىزمىنى ئاكتىپ قوبۇل قىلىپ، مەكتەپ ئىچكى ئىسلاھاتىنى ئىلگىرى سۈرۈش. ⑤ ئوقۇتۇش ساھەسى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئوقۇتۇش، تەتقىقات، ئىشلەپچىقىرىشتىن ئىبارەت ئۈچنى بىرلەشتۈرۈش يولىدا مېڭىش. ⑥ يېزا ۋە شەھەر مائارىپىنىڭ ئۈنىۋېرسال ئىسلاھاتىنى ئىلگىرى سۈرۈش. ⑦ ئالىي مەكتەپلەر مەكتەپ قۇرۇش خوجىلىق ھوقۇقىنى يەنىمۇ كېڭەيتىش. ⑧ ئوقۇتقۇچى قوشۇنى ۋە مەكتەپ باشقۇرۇش قوشۇنىنىڭ قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش. ⑨ قانۇن تۈزۈم قۇرۇلۇشى ۋە خىزمىتىنى كۈچەيتىش. ⑩ رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، فونكسىيىنى ئۆزگەرتىش.

**يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىدىيىنى ئازاد قىلىش، ئىسلاھات قەدىمىنى تېزلىتىش، ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ، ئىقتىسادچانلىق بىلەن ئوقۇتۇش ئىشلىرىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇش توغرىسىدىكى پىكىر**

ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتى، مالىيە نازارىتى 1993 - يىلى 3 - ئايدا ئېلان قىلغان. «پىكىر» يەتتە قىسىمغا بۆلۈنگەن. ① ئىدىيىنى تېخىمۇ ئازاد قىلىپ، كۆز قاراشنى يېڭىلاپ، يۈرەكلىك ھالدا يېڭىلىق يارىتىش. ② ئىسلاھات ئېچىۋېتىش ئېڭىنى ئاشۇرۇپ، تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ، ئىقتىسادچانلىق بىلەن مەكتەپ باشقۇرۇش ئىدىيىسىنى يەنىمۇ تەرەققىي قىلدۇرۇش. ③ تىجارەت مېخانىزمىنى ئۆزگەرتىپ، مەكتەپ قۇرغان كارخانىلارنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئاشۇرۇش. ④ ئىلھاملاندۇرۇش مېخانىزمىنى تىكلەپ، ئىختىساسلىقلار سېلىنمىسى ۋە يوشۇرۇن ئىقتىدار سېلىنمىسىنى كۈچەيتىش. ⑤ مالىيە باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ھېسابلاش تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش. ⑥ باشقۇرۇشنى ھەقىقىي كۈچەيتىپ، باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى راۋاجلاندۇرۇش. ⑦ ھەر قايسى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار ئۈزلۈكسىز تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ، ئىقتىسادچانلىق بىلەن مەكتەپ باشقۇرۇش تەرەققىياتىنى زور كۈچ بىلەن قوللاپ، تېخىمۇ ياخشى بولغان سىرتقى مۇھىتنى يارىتىش.

**شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ «قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنى قوغداش قانۇنى» نى يولغا قويۇش چارىلىرى**

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى 1993 - يىلى 9 - ئايدا ئېلان قىلغان. «چارە» 6 بابقا بۆلۈنگەن. بىرىنچى باب ئومۇمىي قائىدە بولۇپ، 7 ماددىغا بۆلۈنگەن. ئىككىنچى باب ئائىلىۋىي قوغداش بولۇپ، جەمئىي 7 ماددىدىن، 3 - باب مەكتەپتە قوغداش بولۇپ، جەمئىي 10 ماددىدىن، 4 - باب جەمئىيەتتە قوغداش بولۇپ، جەمئىي 21 ماددىدىن، 5 - باب ئەدلىيە جەھەتتىن قوغداش بولۇپ، 5 ماددىدىن، 6 - باب قانۇنىي مەسئۇلىيەت بولۇپ، جەمئىي 7 ماددىدىن تۈزۈلگەن.

**شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ «باللار باغچىسى باشقۇرۇش نىزامنامىسى» ۋە «باللار باغچىسى خىزمىتى بەلگىلىمىسى» نى ئىزچىللاشتۇرۇپ يولغا قويۇش چارىلىرى (سىناق نۇسخا)**

ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتى 1994 - يىلى 4 - ئايدا ئېلان قىلغان. يولغا قويۇش چارىلىرى جەمئىي 8 بابقا بۆلۈنگەن. بىرىنچى باب ئومۇمىي پرىنسىپ، 2 - باب باللار باغچىسىنى قۇرۇشنىڭ ئاساسىي شەرتى، 3 - باب باللار باغچىسى تەستىقلاش تەرتىۋى، 4 - باب قاتلام، باسقۇچلۇق ئەمەلىيلەشتۈرۈش نىشانى، 5 - باب قوغداش ۋە تەربىيىلەش، 6 - باب مۇپەتتىشلىك ۋە باھالاش، 7 - باب مۇكاپاتلاش ۋە جازالاش، 8 - باب قوشۇمچە قائىدە.

**ئالىي مەكتەپلەر، ئوتتۇرا دەرىجىلىك كەسپىي مەكتەپلەر پەن - تېخنىكا ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇش توغرىسىدىكى پىكىر**

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى 1994 - يىلى 11 - ئايدا ئېلان قىلغان. «پىكىر 4 قىسىمغا بۆلۈنگەن: ① مەكتەپ قۇرغان پەن - تېخنىكا ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ يېتەكچى فاڭجېنى توغرىسىدا. ② مەكتەپ قۇرغان پەن - تېخنىكا كارخانىلىرىنىڭ تۈزۈلمىسى توغرىسىدا. ③ مەكتەپ قۇرغان پەن - تېخنىكا كارخانىلىرىنىڭ مالىيە ئىشلىرى، كادىرلار ئىشلىرى تۈزۈمى توغرىسىدا. ④ مەكتەپ قۇرغان پەن - تېخنىكا ئىگىلىكىنى تەشكىللەپ رەھبەرلىك قىلىش ۋە تەكشۈرۈپ باشقۇرۇش توغرىسىدا.

**«جۇڭگو مائارىپ ئىسلاھاتى ۋە تەرەققىيات تېزىسى» نى ئىزچىللاشتۇرۇپ ئەمەلىيلەشتۈرۈش توغرىسىدىكى پىكىر**

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى 1995 - يىللى 1 - ئايدا ئېلان قىلغان. «پىكىر» «جۇڭگو مائارىپ ئىسلاھاتى ۋە تەرەققىيات تېزىسى» نىڭ روھى ۋە ئاپتونوم رايونىنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇش ئىستىراتېگىيىسىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن ئاپتونوم رايونىنىڭ مائارىپ ئىشلىرىنىڭ تەرەققىيات ئاساسىي نىشانىنى

بەلگىلىدى. يەنى، مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرىغا بارغاندا پۈتكۈل خەلقنىڭ مائارىپ سەۋىيىسىنى روشەن هالدا يۇقىرى كۆتۈرۈش. ئوخشىمىغان قاتلام، ئوخشىمىغان تۈردىكى تەرەققىيات كۆلىمى بىلەن قۇرۇلمىسى نىسبىتىنى قائىدىگە ئۇيغۇن ىلىش، هەر دەرىجىلىك هەر تۈردىكى مەكتەپ، بولۇپمۇ ئاز سانلىق مىللەت مەكتەپلىرىنىڭ مەكتەپ باشقۇرۇش سەۋىيىسى بىلەن مائارىپ سەۋىيىسىنى ئومۇمىي جەھەتتىن يېڭى بىر پەللىگە يەتكۈزۈش. هەر خىل مەخسۇسلاس راۋاجلاندۇرۇش ئاپتونوم رايوننىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇش ئېهتىياجىغا دەسلەپكى قەدەمدە يەتكۈزۈپ راۋاجلاندۇرۇش شىنجاڭنىڭ 21 - ئەسىردە ئىقتىسادىي گۈللىنىشى بىلەن ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن پۇختا ئاساس يارىتىش. «پىكىر» دە يەنە 2000 - يىلغا كەلگەندە، پۈتۈن رايون نوپۇسىنىڭ %70 تى ئەتراپىدىكى كەڭ رايونلاردا ئاساسىي جەھەتتىن 9 يىللىق مەجبۇرىيەت مائارىپىنى ئومۇملاشتۇرۇش. تىرىشىپ 1997 - يىلغا كەلگەندە، ئاساسىي جەھەتتىن ياش - ئوتتۇرا ياشلىقلارنىڭ ساۋاتسىزلىقىنى تۈگىتىپ ياشلارنىڭ ساۋاتلىق نىسبىتىنى %95 گە يەتكۈزۈش دەپ كۆرسىتىلدى. بۇ پىلاننى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئۈچۈن مائارىپ ئىسلاهاتى ۋەزىپىسى ۋە چارە - تەدبىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ: ① مەكتەپ باشقۇرۇش تۈزۈلمە ئىسلاهاتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، هۆكۈمەتنىڭ مەكتەپ قۇرۇشنى ئاساس قىلىش بىلەن جەمئىيەتتىكى هەر قايسى ساهەلەرنىڭ مەكتەپ قۇرۇشقا قاتنىشىشتىكى بىرلەشكەن يېڭى بىر تۈزۈلمىنى بەرپا قىلىش. ② مائارىپ تۈزۈلمە ئىسلاهاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، تەدرىجىي هالدا ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ۋە سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاهاتىغا ماسلىشىپ، رايونىمىزغا ماس كەلگەن، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مائارىپ ئالاهىدىلىكىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان باشقۇرۇش تۈزۈمىنى ئورنىتىش. ③ زور كۈچ بىلەن يېزا - بازار مائارىپ ئونىۋېرسال ئىسلاهاتىنى ئىلگىرى سۈرۈش. ④ ئالىي مەكتەپلەر بىلەن ئوتتۇرا دەرىجىلىك كەسپىي مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش، هەق ئېلىش ۋە ئوقۇش پۈتتۈرگەنلەرنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش تۈزۈلمە ئىسلاهاتىنى ئاكتىپ ئىلگىرى سۈرۈش. ⑤ مائارىپ فاڭجېنىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، تەلىم - تەربىيە، ئوقۇ - ئوقۇش ئىسلاهاتىنى يەنىمۇ ئىچكىرىلەپ قانات يايدۇرۇپ، هەر خىل تۈردىكى مەكتەپلەرنىڭ سەۋىيىسىنى تىرىشىپ يۇقىرى كۆتۈرۈش. ⑥ ئەخلاق تەربىيە خىزمىتىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاش. بۇ پىكىر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ توققۇزىنچى بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدىكى مائارىپ ئىشلىرىنى ئىسلاھ قىلىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ئائىت پروگراما خاراكتېرلىك هۆججەت بولۇپ، ئاپتونوم رايوننىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ۋە جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ناهايىتى مۇهىم ئەهمىيەتكە ئىگە.

## كۆپ يوللار ئارقىلىق مەبلەغ توپلاپ، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئۆي - تۇرالغۇ قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىش توغرىسىدا پىكىر

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى 1995 - يىلى 6 - ئايدا ئېلان قىلغان. «پىكىر» دە ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئۆي مەسىلىسىنى ھەل قىلىش نىشانىنى ئوتتۇرىغا قويغان. يەنى، ئاپتونوم رايون 1997 - يىلغا كەلگەندە، شەھەرلەردىكى ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچى خىزمەتچىلىرىنىڭ 30% ۋە ئالىي مەكتەپ ئوقۇتقۇچى خىزمەتچىلىرىنىڭ 60% ئۆيى يوق، قىيىنچىلىقى بار، ئۆيگە قاراپ توي قىلىدىغان يېشى چوڭ خىزمەتچىلىرىنىڭ ئۆي مەسىلىسىنى بىر تەرەپ قىلىش. 1999 - يىلدىن بۇرۇن، يەنە 40% شەھەر ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچى خىزمەتچىلىرى ۋە 40% ئالىي مەكتەپ ئوقۇتقۇچى خىزمەتچىلەر ئارىسىدىكى ئۆيى يوق، قىيىنچىلىقى بار ۋە ئۆيگە قاراپ توي قىلىدىغان چوڭ ياشتىكى ياشتىكىلەرنىڭ ئۆي مەسىلىسىنى بىر تەرەپ قىلىش ھەمدە ئوقۇتقۇچى خىزمەتچىلەرنىڭ جان سانىغا توغرا كېلىدىغان ئولتۇراق ئۆي كۆلىمى ۋە ئۆي سانىنى يەرلىك ئاھالىلەرنىڭ سەۋىيىسىگە يەتكۈزۈش. 2000 - يىلغا كەلگەندە، ئامال بار 70% شەھەر ئوتتۇرا باشلانغۇچ ئوقۇتقۇچى خىزمەتچىلەر ۋە 100% ئالىي مەكتەپ ئوقۇتقۇچى خىزمەتچىلەرنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئوتتۇرىچە ئۆي كۆلىمىنى ئاساسىي جەھەتتىن يەرلىك ئاھالىلەرنىڭ سەۋىيىسىگە يەتكۈزۈش ھەمدە ئوقۇتقۇچى خىزمەتچىلەرنىڭ ئولتۇراقلىشىش مۇھىتى ۋە شارائىتىنى كۆرۈنەرلىك يۇقىرى كۆتۈرۈش ۋە ياخشىلاش. «پىكىر» دە يەنە، بىر قانچە چارە - تەدبىرلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى: ① كۆپ يوللار بىلەن مەبلەغ يىغىپ، ئوقۇتقۇچى خىزمەتچىلەر ئۆي قۇرۇلۇشىغا بولغان سېلىنمىسىنى كۈچەيتىش. ② ئۆي ئىسلاھاتىنى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ قىلىپ، ئېتىبار بېرىش سىياسىتى قوللىنىپ ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئۆي تۇرالغۇ مەسىلىسىنى ھەل قىلىشنى تېزلىتىش. ③ قۇرۇلۇش باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، قۇرۇلۇش سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ئىجتىمائىيلاشقان، كەسپلەشكەن تىجارەت خاراكتېرلىك باشقۇرۇش سىستېمىسىنى دەسلەپكى قەدەمدە بەرپا قىلىپ، ئوقۇتقۇچىلار ئۈچۈن ياخشى تۇرمۇش مۇلازىمەت شارائىتىنى يارىتىپ بېرىش.

## شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مائارىپ قوشۇمچە ھەققىنى يىغىش باشقۇرۇش ئىشلىتىش چارىلىرى

ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتى، مالىيە نازارىتى، دېھقانچىلىق نازارىتى، دۆلەت باج ئىدارىسى، يەرلىك باج ئىدارىسى 1995 - يىلى 8 - ئايدا ئېلان قىلغان. «چارە» دە مۇنداق بەلگىلەنگەن: ئومۇمەن دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، قوشۇمچە كەسىپ، بېلىقچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان دېھقان، چارۋىچى، بېلىقچى ئاھالىلەر، يەككە سودا سانائەتچىلەر، يېزا (بازار) كەنتلەردىكى كارخانىلار، دېھقانچىلىق چارۋىچىلىق رايونلىرىدا قۇرۇلغان دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلار، ھەمدە

كارخانىلاشتۇرۇپ باشقۇرۇش تۈزۈمى يولغا قويۇلغان ئىقتىسادىي جەھەتتە مۇستەقىل ھېساب قىلىدىغان كەسپىي ئورگانلار مائارىپ قوشۇمچە ھەققىنى يىغىش دائىرىسىگە كىرىدۇ. دېھقان چارۋىچى ئاھالىلەردىن يېزا ئىگىلىك تارماقلىرى ئالدىنقى يىلدىكى كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ساپ كىرىمىنىڭ %1.5 بويىچە ئېلىش، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا ئېشىنچى قىممەت بېجى، تىجارەت بېجى، ئىستېمال بېجى تاپشۇرىدىغان كارخانا ئورۇنلار ۋە شەخسلەردىن ئەمەلىي تاپشۇرغان باجنىڭ %3 بويىچە يىغىش. دېھقانچىلىق چارۋىچىلىق رايونىدا ئېشىنچە قىممەت بېجى، تىجارەت بېجى ۋە ئىستېمال بېجىنى تاپشۇرمايدىغان كەسپىي ئورگان كارخانىلار ۋە يەككە سودا سانائەتچىلەردىن كىرىمىنىڭ %0.5 تى بويىچە يىغىش. «پىكىرنى ئىجرا قىلىش» تا يەنە يىغىش ئۇسۇلى. راسخوت دائىرىسى، باشقۇرۇش ئۇسۇلى، مۇكاپاتلاش، جازالاش ئۇسۇللىرىمۇ كونكرېت بەلگىلەنگەن.

## شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ شەھەر - بازارلاردا مائارىپ قوشۇمچە ھەققىنى يولغا قويۇش توغرىسىدىكى تەپسىلىي قائىدىلەر

ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتى، مالىيە نازارىتى، يەرلىك باج ئىدارىسى، دۆلەتلىك باج ئىدارىسى 1995 - يىلى 12 - ئايدا تارقاتقان. يولغا قويۇش قائىدىلىرى مائارىپ قوشۇمچە ھەققى تاپشۇرۇش مەجبۇرىيىتى بار كىشى، ناھىيە دەرىجىدىن يۇقىرى (ناھىيە ناھىيە دەرىجىلىك شەھەر ياكى سانائەت كان رايونلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) شەھەر - بازارلاردىكى ئېشىنچى قىممەت بېجى، ئىستېمال بېجى، تىجارەت بېجىنى (قىسقارتىلىپ «ئۈچ خىل باج») تاپشۇرىدىغان ئىدارە ھېسابلاپ ئېلىش ۋە شەخسلەرنى كۆرسىتىدۇ. ئاساسى «ئۈچ خىل باج» ئەمەلىي تاپشۇرىدىغان «ئۈچ خىل باج» باجنىڭ ئومۇمىي سوممىسى بويىچە بولىدۇ. مائارىپ قوشۇمچىسىنى ھەققى نىسبىتى %3 بولۇپ، ئايرىم - نايرىم ھالدا ئېشىنچى قىممەت باج، ئىستېمال بېجى ۋە تىجارەت بېجى بىلەن بىر ۋاقىتتا تاپشۇرۇلىدۇ. ئەمەلىيلەشتۈرۈش پرىنسىپى بويىچە 1996 - يىلى 1 - ئايدىن باشلاپ ئىجرا قىلىنىدۇ.

## ش ئۇ ئا ر خەلق مائارىپ فوندىنى يىغىش - باشقۇرۇش ۋاقىتلىق چارىلىرى

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى 1996 - يىلى 2 - ئايدا تارقاتقان. (1) يىغىش ئوبيېكتى: ئاپتونوم رايون تەۋەسىدىكى دۆلەتلىك ئورگان، خەلق تەشكىلاتى، خەلق ۋە كوللېكتىپ ئىگىلىكىدىكى كەسپىي ئورۇننىڭ ئىشچى - خىزمەتچىلىرى، مۇقىم خىزمەتچى، توختاملىق خىزمەتچى، شەھەر - بازاردا بىر يىلدىن ئارتۇق ئىشلىگەن ۋاقىتلىق ئىشچى ۋە پىلان سىرتىدىكى ئىشچى «ئۈچ خىل مەبلەغ» سېلىنغان كارخانىلارنىڭ جۇڭگو تەرەپ ۋەكىلى، مەركەز ۋە سىرتىنىڭ شىنجاڭدىكى ئىش ئورگىنى

خىزمەتچىلىرى . شەھەر ـ بازار تىجارەت ئىگىلىرى ، يەككە سودا سانائەتچىلەر . (2) يىغىۋېلىش ئۆلچىمى : ئورگان ، تەشكىلات ، كارخانا ۋە كەسپىي ئورۇنلارنىڭ خىزمەتچىلىرىدىن ، ئايلىق مائاشى ئومۇمىي قىممىتىنىڭ (ئومۇمىي مائاشىنىڭ جاپالىق چەت رايونلار ياردەم ھەققىدىن باشقىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ ) 1% تى يىغىۋېلىنىدۇ . شەھەر ـ بازارلاردىكى يەككە تىجارەتچىلەردىن ئىدارە ئۆلچىمى بويىچە يىغىۋېلىنىدۇ . ئايلىق ساپ كىرىمى 2000 يۈەن ئىچىدە بولغانلار ھەر ئايدا 10 يۈەن تاپشۇرىدۇ . ھەر ئايلىق ساپ كىرىمى 2001 ـ 4000 يۈەنگىچە بولغانلار ھەر ئايدا 25 يۈەن تاپشۇرىدۇ . ئايلىق ساپ كىرىمى 4000 يۈەندىن يۇقىرىلار ھەر ئايدا 40 يۈەن تاپشۇرىدۇ . «ۋاقىتلىق چارە»دە يەنە يىغىۋېلىش پرىنسىپى ۋە يۇقىرىغا تاپشۇرۇش نىسبىتى ، يىغىۋېلىش ئۇسۇلى ، پۇل باشقۇرۇش ، پۇل ئىشلىتىش ، تەكشۈرۈپ نازارەت قىلىش قاتارلىقلار بەلگىلەنگەن .

## ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مائارىپ مۇپەتتىشلىك خىزمىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش توغرىسىدىكى قارارى

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى 1996 ـ يىلى 1 ـ ئايدا تارقاتقان . «بەلگىلىمە»دە مۇنداق دەپ كۆرسىتىلگەن : مائارىپ مۇپەتتىشلىكى ھۆكۈمەتنىڭ مائارىپ باشقۇرۇشتىكى مۇھىم فونكسىيىسى ، ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتنىڭ قانۇن بويىچە باشقۇرۇش مۇھىم مېخانىزمى ، مائارىپ خىزمىتىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان ئۈنۈملۈك تەدبىر . «قارار» سەككىز قىسىمغا بۆلۈنىدۇ . (1) تونۇشنى ئۆستۈرۈپ مائارىپ مۇپەتتىش خىزمىتىگە بولغان رەھبەر ھەقىقى كۈچەيتىش . (2) مائارىپ مۇپەتتىشلىكى ئورگانلىرى قۇرۇشنى كۈچەيتىش ، ھەر دەرىجىلىك «ھۆكۈمەت مائارىپ مۇپەتتىشلىك ئىشخانىسى» ، «مەمۇرىي مەھكىمە مائارىپ مۇپەتتىشلىك ئىشخانىسى» قۇرۇپ ، ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتكە ۋاكالىتەن مائارىپ ، نازارەت قىلىش مېخانىزمىنى يۈرگۈزۈش . (3) مائارىپ مۇپەتتىشلىك فونكتسىيىسىنى كۈچەيتىپ ، مۇپەتتىشلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇش . (4) مۇپەتتىشلىك ۋە مۇپەتتىش تۈزۈمىنى ساغلاملاشتۇرۇش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش . (5) قوشۇن قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ مۇپەتتىشنىڭ ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش . (6) مۇپەتتىشلىك شارائىتىنى تىرىشىپ ياخشىلاش . (7) مائارىپ مۇپەتتىشلىك خىزمىتىنىڭ مۇكاپاتلاش تۈزۈمىنى ئورنىتىش . (8) ھەر قايسى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار مائارىپقا مۇپەتتىش قىلىش تۈزۈمىنى زور كۈچ بىلەن قوللاش لازىم .

## ش ئۇ ئا ر نىڭ توققۇز يىللىق مەجبۇرىيەت مائارىپىنى ئاساسىي جەھەتتىن ئومۇملاشتۇرۇش پىلانى ۋە يولغا قويۇش پىكرى

ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتى 1996 ـ يىلى 3 ـ ئايدا ئېلان قىلغان .

«پىكىر» دە مۇنلار كۆرسىتىلگەن: (1) ئومۇمىي نىشان. 2000 - يىلغا كەلگەندە پۈتكۈل رايون ئومۇمىي نوپۇسىنىڭ 70% تىنگە ناھىيە، شەھەرنىڭ توققۇز يىللىق مەجبۇرىيەت مائارىپىنى ئومۇملاشتۇرۇش، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپكە ئوقۇشقا كىرىش نىسبىتىنى 75% ئەتراپىغا يەتكۈزۈش. (2) ئەمەلىيلەشتۈرۈش قەدەم باسقۇچلىرى ۋە ئۇسۇللىرى. ئاپتونوم رايوندىكى ھەر قايسى جايلارنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي، نوپۇسىنىڭ مائارىپ تەرەققىيات سەۋىيىسىگە ئاساسەن، پۈتكۈل رايوندا توققۇز يىللىق مەجبۇرىيەت مائارىپىنى يىرگۈزۈش، 93 ناھىيە، شەھەر، رايون (بىڭتۇەننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) نى ئومۇمىي جەھەتتىن ئۈچ خىل تۈردىكى رايونغا بۆلۈپ ئايرىم - ئايرىم ھالدا يۈرگۈزۈش. بىرىنچى خىل تۈردىكى رايونلار جەمئىي 33 ناھىيە شەھەر رايون بولۇپ، 1997 - يىلدىن ئىلگىرى «توققۇز يىللىق مەجبۇرىيەت مائارىپ» ئومۇملاشتۇرۇلىدۇ. ئىككىنچى تۈردىكى رايونلار 38 ناھىيە شەھەر بولۇپ 2000 - يىلدىن ئىلگىرى «توققۇز يىللىق مەجبۇرىيەت مائارىپ» ئومۇملاشتۇرۇلىدۇ. ئۈچىنچى تۈردىكى رايون 22 ناھىيە شەھەر رايون بولۇپ 2000 يىلدىن كېيىن «توققۇز يىللىق مەجبۇرىيەت مائارىپ» ئومۇملاشتۇرۇلىدۇ. «توققۇز يىللىق مەجبۇرىيەت مائارىپىنىڭ» ئومۇملىشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن تەدبىر ئوتتۇرىغا قويۇلغان. بىرىنچىدىن، ئاساسىي مائارىپقا يەرلىك مەسئۇل بولۇپ، دەرىجىگە ئايرىپ باشقۇرۇش تۈزۈمىنى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈش. ئىككىنچىدىن مائارىپ مەبلىغىنى تىرىشىپ ئاشۇرۇپ، مائارىپ كىرىمىنىڭ مۇقىم ھالدا كاپالەتلىك قىلىش. ئۈچىنچىدىن «ئوقۇتقۇچىلار قانۇنى»نى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىنىڭ قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش. تۆتىنچىدىن مائارىپ ئوقۇتۇش ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ مائارىپ فاكچېنىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇش، مائارىپ سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش. بەشىنچىدىن رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، قانۇن بويىچە ئوقۇتۇش ئېلىپ بېرىش.

**ش ئۇ ئا ر نىڭ ياش ۋە ئوتتۇرا ياش ساۋاتسىزلارنى ئاساسىي جەھەتتىن تۈگىتىش پىلانى ۋە ئۇنى يولغا قويۇش پىكرى**

ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتى 1996 - يىلى 3 - ئايدا ئېلان قىلغان. «پىكىر» ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش خىزمىتىنىڭ ئومۇمىي نىشانىنى بەلگىلىدى: 1997 - يىلغا كەلگەندە، پۈتكۈل رايونىمىزدىكى 1949 - يىلى 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن كېيىن تۇغۇلغان يېشى 15 ياشتىن ئاشقان ياش، ئوتتۇرا ياش ساۋاتسىزلارنى تۈگىتىپ، ياش - ئوتتۇرا ياشلارنىڭ ساۋاتلىق نىسبىتىنى 95% تىن ئاشۇرۇش، ساۋاتسىزلار پەيدا بولۇش نىسبىتىنى 5% ئىچىدە كونترول قىلىش. 1997 - يىلدىن كېيىن، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يېزا مائارىپى خىزمىتىنى يەنە بىر يۇقىرى بالداققا كۆتۈرۈپ خىزمەتنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى دېھقان چارۋىچىلار ئەمەلىي تېخنىكا مائارىپىغا يۆتكەش. «پىلاندا» يولغا قويۇش پىكرى ئوتتۇرىغا قويۇلغان: (1) تونۇشنى ئۆستۈرۈپ، تەشۋىقاتنى

كۆچەيتىپ ، ياخشى بولغان ساۋاتسىزلىق تۈگىتىش مۇھىتىنى ھازىرلاش . (2) ھۆكۈمەت خائىشىنى كۆچەيتىپ ، ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش مەسئۇلىيەت تۈزۈلمىنى داۋاملىق يولغا قويۇش . (3) ئەستايىدىللىق بىلەن ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈپ ، پىلاننى ياخشى قىلىپ ساۋاتسىزلارنى پاكىز تۈگىتىش . (4) ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش ئورگىنى ۋە كادىرلار قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى كۆچەيتىش . ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش خىراجىتى سېلىنمىسىغا كاپالەتلىك قىلىش . (5) ئۆلچەمدە چىڭ تۇرۇپ ، سۈپەتكە كاپالەتلىك قىلىپ ، ساۋاتسىزلارنى تۈگىتىش تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش خىزمىتىنى كۆچەيتىش . (6) ساۋاتسىزلارنى تۈگىتىش تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشتا لاياقەتلىك بولغان رايون خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى يۆتكەشنى چىڭ تۇتۇپ ئەمەلىيلەشتۈرۈش .

**ئاپتونوم رايونىمىز مائارىپ سىستېمىسىدا پارتىيىنىڭ 14 - نۆۋەتلىك 6 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدىكى پىكىر**

ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتى 1996 - يىلى 10 - ئايدا ئېلان قىلغان . «پىكىر» ئۈچ بۆلەككە بۆلۈنگەن . (1) رايونىمىز مائارىپ سىستېمىسىنىڭ مەنىۋىي مەدەنىيەت قۇرۇلۇش ۋەزىيىتىنى توغرا مۆلچەرلەش ، مەنىۋىي مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشنىڭ مۇھىملىكى ، جىددىيلىكى ، ئۇزۇن مۇددەتلىكى ، ئېغىرلىقىنى تولۇق تونۇپ يېتىش . (2) ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىنىڭ ئىدىيىۋىي ئەخلاق ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنى ئاساسىي مەزمۇن قىلىپ ، ئومۇميۈزلۈك ھالدا ساپا مائارىپىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش . (3) مەكتەپ مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ ، تەربىيىلەش مۇھىتىنى ياخشىلاش .

**ش ئۇ ئا ر مائارىپ كومىتېتى ، ئاپتونوم رايونلۇق ئالىي مەكتەپلەر خىزمىتى كومىتېتىنىڭ مەكتەپتە دىنىي پائالىيەتلەرنى چەكلەش توغرىسىدىكى بەلگىلىمىسى**

ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتى ، ئاپتونوم رايونلۇق ئالىي مەكتەپلەر خىزمىتى كومىتېتى 1996 - يىلى تارقاتقان . «بەلگىلىمە» دە مۇنۇلار كۆرسىتىلگەن : ھەر قانداق دىنىي تەشكىلات ۋە شەخس مەكتەپ دائىرىسىدە (زاۋۇت ، دېھقانچىلىق مەيدانى ، پراكتىكا بازىسى قاتارلىق مەكتەپكە يېقىن يەرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ ) مەسچىت ۋە بۇتخانا قۇرۇشقا بولمايدۇ . قۇرۇپ بولغان بولسا بۇزۇۋېتىلىدۇ ياكى يۆتكىۋېتىلىدۇ . مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلار قۇرئان ئوقۇشقا بولمايدۇ . مەكتەپنىڭ تارىخى ماتېرىيالىزىم ، ئاتېزىم ۋە پەن - تېخنىكا مەدەنىيەت بىلىملىرى تەربىيىسى ئېلىپ بېرىشىغا توسقۇنلۇق قىلىشقا بولمايدۇ . مەكتەپ ، ئوقۇغۇچىلار ئىچىدە دىنىي ئىدىيىنى تارقىتىش ، دىنىي مۇراسىم ئېلىپ بېرىشقا بولمايدۇ . ئوقۇتقۇچىلار دىنىي پائالىيەتكە قاتناشسا ، ئوقۇغۇچىلارغا دىنىي ئىدىيە تارقاتسا بولمايدۇ . ئوقۇتقۇچىلارنىڭ دىنىي پائالىيەتكە

قاتنىشىشقا بولمايدۇ. دىنىي مەكتەپكە بېرىپ دىنىي كىتاپ كۆرۈشكە، روزا تۇتۇشقا بولمايدۇ. يېنىدا دىنىنىڭ بەلگىلىرىنى ئېلىپ يۈرۈشكە بولمايدۇ. «بەلگىلىمە» دە يەنە مەكتەپ، جەمئىيەت، ئائىلە يېقىندىن ماسلىشىپ، ئەستايىدىللىق بىلەن يۇقىرىقى بەلگىلىمىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، دىنىنىڭ مائارىپقا سىڭىپ كىرىشىگە ۋە تەسىر قىلىشىغا قارشى تۇرۇپ، ياش - ئۆسمۈرلەرنىڭ ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشىنى قوغداش تەلەپ قىلىنغان.

**شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ كەسپىي ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتەپلەرنى تەسىس قىلىش ۋاقىتلىق چارە - تەدبىرلىرى**

ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتى 1997 - يىلى 9 - ئايدا ئېلان قىلغان. مەزمۇنى جەمئىي بەش باب. 1 - باب ئومۇمىي قائىدە، 2 - باب يولغا قويۇش ئۆلچىمى، 3 - باب ئىلتىماس قىلىش تەستىقلاش تەرتىپى، 4 - باب باشقىلار، 5 - باب قوشۇمچە قائىدىلەر.

**ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپلەردىن قالايمىقان ھەق ئېلىشنى تەرتىپكە سېلىش خىزمىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش توغرىسىدىكى پىكىر**

ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتى 1997 - يىلى 6 - ئايدا ئېلان قىلغان. «پىكىر» دە مۇنۇلار تەلەپ قىلىنغان. تەلەپلەر: (1) تونۇشنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، رەھبەرلىكنى كۈچەيتىش، ھەر قايسى ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك، ناھىيىلىك مائارىپ مەمۇرىيەت تارماقلىرى ئورگانلارنى مۇكەممەللەشتۇرۇپ، ئوتتۇرا باشلانغۇچلاردىكى قالايمىقان ھەق ئېلىش خىزمىتىنى تەرتىپكە سېلىشقا مەخسۇس ئادەم سەپلەش كېرەك. (2) باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ئوتتۇرا باشلانغۇچ مەكتەپلەر ھەق ئېلىشنى ئېشىشنى يەنىمۇ قېلىپلاشتۇرۇش. (3) تەرتىپكە سېلىشنى كۈچەيتىپ، مەجبۇرىيەت مائارىپ باسقۇچىدا «رايون ئاتلاپ ئوقۇش» مەسىلىسىنى مۇۋاپىق ھەل قىلىشنى تەرتىپكە سېلىشنىڭ مۇھىم نۇقتىسى قىلىش. (4) مەبلەغنى كۆپەيتىپ ئاجىز مەكتەپلەر قۇرۇلۇشنى ئىدارە قىلىپ كۈچەيتىش. (5) قانۇن ئارقىلىق ئوقۇتۇشنى دائىملىق نازارەت قىلىپ تۇرۇشنى كۈچەيتىش. (6) تىپلارنى ياخشى تۇتۇپ، نۇقتا ئارقىلىق ئەتراپنى يېتەكلەش، تەرتىپكە سېلىش خىزمىتىنى ئەستايىدىللىق بىلەن ياخشى ئىشلەش.

**«مەكتەپ تەنتەربىيە خىزمەت شارائىتى» ۋە «مەكتەپ سەھىيە خىزمەت شارائىتى» نى ئىزچىللاشتۇرۇپ يولغا قويۇش توغرىسىدىكى پىكىر**

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى 1997 - يىلى 11 - ئايدا ئېلان قىلغان. «پىكىر» 8 تارماقتا بۆلۈندۇ: (1) ئاڭنى كۈچەيتىپ، ۋەزىپىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ،

مەكتەپ تەنتەربىيە سەھىيە خىزمەتلىرىنىڭ ئورنىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش. (2) ئورگانلارنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ قۇرۇپ، تەشكىلات رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىش. (3) مەكتەپنىڭ تەنتەربىيە سەھىيە ۋە ئوقۇتقۇچى قوشۇنىنىڭ قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش. (4) مەبلەغنى تىرىشىپ كۆپەيتىپ مەكتەپنىڭ تەنتەربىيە سەھىيە شارائىتىنى ياخشىلاش. (5) تەنتەربىيە دەرسى ۋە ساغلاملىق تەربىيىسى دەرسىنى ياخشى ئېچىپ، ئوقۇتۇش سۈپىتىنى تىرىشىپ يۇقىرى كۆتۈرۈش. (6) مەكتەپ مۇھىتىنىڭ سۈپىتىنى ۋە تازىلىق شارائىتىنى ياخشىلاپ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ساغلاملىق سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش. (7) دەرستىن سىرتقى پائالىيەتلەرنى ئاكتىپ قانات يايدۇرۇپ، دەرستىن سىرتقى تەنتەربىيە مەشقلىرى ۋە مۇسابىقىلىرىنى ياخشى ئېلىپ بېرىش. (8) مۇكاپاتلاش بىلەن جازالاشتىن ئىبارەت ئىككى نىزامنى قاتتىق ئىجرا قىلىش.

## شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئالىي مەكتەپلەردىكى ئالاھىدە قىيىنچىلىقى بار ئوقۇغۇچىلارغا ياردەم بېرىشنى يولغا قويۇشتىكى چارىلىرى (سىناق نۇسخا)

ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتى 1997 - يىلى 6 - ئايدا ئېلان قىلغان. (1) ئالاھىدە قىيىنچىلىقى بار ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆلچىمى. ئالاھىدە قىيىنچىلىقى بار ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆلچىمى بولسا ئائىلە ئىقتىسادىدا ئالاھىدە قىيىنچىلىقى بار، ئايلىق تۇرمۇش خىراجىتىنىڭ كېلىش مەنبەسى مەكتەپلەر ئورۇنلاشقان يەرلىك ئورۇنلارنىڭ ئەڭ تۆۋەن سەۋىيىسىدىكى تۇرمۇشىدىن تۆۋەن بولۇپ، ئادەتتىكى نورمال ئۆگىنىش ۋە تۇرمۇش راسخوتىنى قامدىشى تەس بولغان، ئالىي مەكتەپلەر رەسمىي قوبۇل قىلغان ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتۇش پىلانى ئىچىدىكى تولۇق كۇرس ئوقۇغۇچىلىرى بولۇش كېرەك. (2) ئالاھىدە قىيىنچىلىقى بار ئوقۇغۇچىلارغا ياردەم قىلىش دائىرىسى. ئالاھىدە قىيىنچىلىقى بار ئوقۇغۇچىلارغا ياردەم قىلىش دائىرىسى بولسا قوش رېلىسلىق تۈزۈمنى ئەمەلىيلەشتۈرگەندىن كېيىنكى مەكتەپلەردىكى ئادەتتىكى ئالىي دەرىجىلىك پىلان ئىچىدىكى تولۇق ۋە مەخسۇس كۇرس ئوقۇغۇچىلىرى ۋە قوش رېلىسلىق تۈزۈمنى يولغا قويمىغان مەكتەپنىڭ دۆلەت ۋەزىپە پىلان لاھىيىسى ئىچىدىكى تولۇق مەخسۇس كۇرس ئوقۇغۇچىلىرى. (3) ئالاھىدە قىيىنچىلىقى بار ئوقۇغۇچىلارغا بېرىلىدىغان ئىقتىسادىي ياردەمنىڭ كېلىش مەنبەسى. ئىككى تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بىرى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى مالىيەسىدىن ھەر يىلى 15 مىليون يۈەن ئاجرىتىلىپ ئالاھىدە قېيىنچىلىقى بار ئوقۇغۇچىلارغا بېرىلىدۇ. يەنە بىرى قوش رېلىسلىق تۈزۈمدىن كېيىن ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ تەربىيىلەش پىلانى ئىچىدىكى تولۇق كۇرس ۋە مەخسۇس كۇرستىكىلەر تاپشۇرغان ئوقۇش پۇلىنىڭ 30% تى چىقىرىلىدۇ. «چارە» دە يەنە ئالاھىدە قىيىنچىلىقى بارلارغا ياردەم بېرىشنىڭ ئاساسىي شەرت - شارائىتلىرى، ياردەم قىلىشنىڭ كونكرېت ئۇسۇل، چارىلىرى، راسخوتلارنى باشقۇرۇشتىكى قائىدە

پرىنسىپلار بەلگىلەنگەن.

**ئاپتونوم رايون قارىمىقىدىكى ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلەردە «قوش رېلىسلىق» تۈزۈم بويىچە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىپ، ھەق ئېلىش تۈزۈمى ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىش توغرىسىدا پىكىر**

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى 1997 - يىلى ئېلان قىلغان. پىكىردە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى، شىنجاڭ سانائەت ئىنستىتۇتى، شىنجاڭ تىببىي ئىنستىتۇتى، شىنجاڭ مالىيە - ئىقتىساد ئىنستىتۇتى، شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى 1997 - يىلدىن باشلاپ قوش رېلىسلىق تۈزۈم بويىچە ھەق ئېلىپ ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى ئېلىپ بارىدۇ. «پىكىر» 8 تارماقتا بۆلۈنگەن. (1) «قوش رېلىسلىق تۈزۈم» ئىسلاھاتىنىڭ دائىرىسى. (2) ئوقۇغۇچىلارنى قوبۇل قىلىش پىلانى. (3) ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش. (4) ھەق ئېلىش ئۆلچىمى ۋە ھەق ئېلىشنى باشقۇرۇش. (5) ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش تۈزۈمى ۋە ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئۇسۇلى. (6) قوش رېلىسلىق تۈزۈم ئىسلاھاتىدا ئۇنىۋېرسىتېتنى مەكتەپلەرنى يولغا قويۇش «يېڭى ئوقۇغۇچىلارغا يېڭى ئۇسۇل قوللىنىش، كونا ئوقۇغۇچىلارغا كونا ئۇسۇل قوللىنىش»نى يولغا قويۇش. (7) قوش رېلىسلىق تۈزۈم ئىسلاھات خىزمەتلىرىنىڭ بىر قانچە كاپالەتلەندۈرۈش تەدبىرلىرى. (8) قوش رېلىسلىق تۈزۈم ئىسلاھاتى خىزمىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنىڭ قەدەم باسقۇچلىرى.

**شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ «9 - بەش يىللىق» پىلان مەزگىلىدىكى ئالىي مەكتەپ كادىرلىرىنى تەربىيىلەش خىزمىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشتىكى پىكرى**

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمى، ئالىي مەكتەپلەر خىزمىتى كومىتېتى، مائارىپ كومىتېتى پارتىيە گۇرۇپپىسى 1997 -يىلى 3 - ئايدا ئېلان قىلغان. يېتەكچى ئىدىيە بولسا دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى ۋە پارتىيەنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنى يېتەكچى قىلىپ، «جۇڭگو مائارىپ ئىسلاھاتى ۋە تەرەققىيات پروگراممىسى» نى ۋە مەركىزىي تەشكىلات مىنىستىرلىكى، دۆلەت مائارىپ كومىتېتىنىڭ كادىرلارنى تەربىيىلەش خىزمىتى كۆرسەتمىسىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ كادىرلار سېپى قۇرۇلۇشى ئەمەلىيىتىنى چىقىش قىلىپ، كادىرلارنى تۆتلەشتۈرۈش فاڭجېنىنى ۋە ھەر قايسى تەرەپلەردىن ئەتراپلىق تەرەققىي قىلىش تەلپى بويىچە، كادىرلارنى ئىدىيە - سىياسىي ساپا، كەسپىي قابىلىيەت ۋە رەھبەرلىك سەۋىيىسى جەھەتلەردىن ئومۇميۈزلۈك يۇقىرى كۆتۈرۈپ، بىر تۈركۈم سىياسىي جەھەتتىن مۇستەھكەم، ھەر قايسى تەرەپلەردىن ئەتراپلىق تەرەققىي قىلغان، مائارىپنى

چۈشىنىدىغان ، باشقۇرۇشنى بىلىدىغان يۇقىرى ساپالىق كادىرلار قوشۇنىنى يېتىشتۈرۈپ چىقىش . «پىكىر » دە يەنە تەربىيىلەش ئوبيېكتى ۋە مۇھىم ۋەزىپىسى ، مەسئۇلىيەت ۋە ئىش تەقسىماتى ، تەجرىبە قەدەم باسقۇچلىرى ، مۇھىم سىياسەت ۋە تەدبىرلەر بەلگىلەندى .

**رايونىمىزنىڭ تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ ، ئىقتىسادچانلىق بىلەن ئوقۇش بويىچە مەكتەپلەر ئىگىلىكى تەرەققىياتىنى تېزلىتىش توغرىسىدىكى بىر قانچە پىكىر**

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى 1997 - يىلى 5 - ئايدا ئېلان قىلغان . «پىكىر » 5 تارماققا بۆلۈنىدۇ . (1 ) تەرەققىيات نىشانى ۋە يېتەكچى فاڭجېن . (2 ) ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ ، مەكتەپ قۇرغان كارخانىلارنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئاشۇرۇش . (3 ) ئېتىبار بېرىش سىياسىتىنى قوللىنىپ ، تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ ئىقتىسادچانلىق بىلەن مەكتەپ باشقۇرۇش خىزمىتىنىڭ تەرەققىياتىغا ياخشى شارائىت يارىتىپ بېرىش . (4 ) تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ ئىقتىسادچانلىق بىلەن مەكتەپ قۇرۇشتا مەكتەپ ئىگىلىكى خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىك ۋە باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش . (5 ) مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ۋە سىياسىي ئىدىيىۋى خىزمەتلەرنى كۈچەيتىش .

**پارتىيە 15 - قۇرۇلتىيىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ ، مائارىپ ئىسلاھاتى ۋە تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش توغرىسىدىكى بىرقانچە پىكىر**

ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتى 1997 - يىلى 12 - ئايدا ئېلان قىلغان . «پىكىر » 4 تارماققا بۆلۈنىدۇ : (1 ) پارتىيە 15 - قۇرۇلتىيىنىڭ روھىنى ئەستايىدىللىق بىلەن ئۆگىنىپ ، چوڭقۇر ئۆزلەشتۈرۈپ ، 15 - قۇرۇلتاينىڭ روھى بىلەن ئىدىيىنى ، تونۇشنى ئۆستۈرۈش . (2 ) ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مائارىپ تەرەققىياتىنىڭ ۋەزىيىتىنى توغرا مۆلچەرلەپ ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا مائارىپ ئىسلاھاتى ۋە تەرەققىيات يولىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش . بۇ يول بولسا «جۇڭگو مائارىپ ئىسلاھاتى ۋە تەرەققىيات پروگراممىسى» ۋە 15 - قۇرۇلتايدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئىسلاھات ۋەزىپىسى ۋە تەرەققىيات نىشانى بولۇپ ، «ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ (جۇڭگو مائارىپ ئىسلاھاتى ۋە تەرەققىيات پروگراممىسى ) توغرىسىدىكى پىكىر » داۋاملىق ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈش ، شۇنداقلا مائارىپ ساپاسىنى داۋاملىق ئەستايىدىل ۋە ئوقۇتۇش ئۈنۈمىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرۈشنى مەركەز قىلىپ ، مەزمۇن تەرەققىياتىنى ئاساس قىلغان يولدا مېڭىشنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇش ، 9 يىللىق مەجبۇرىيەت مائارىپىنى زور كۈچ بىلەن ئومۇملاشتۇرۇش ۋە ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش ، ھەر خىل شەكىلدىكى كەسپىي مائارىپ ۋە چوڭلار مائارىپىنى ئاكتىپ تەرەققىي قىلدۇرۇش ، ئالىي مائارىپنى پۇختا قەدەم بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇپ ، ئورۇنلاشتۇرۇش

قۇرۇلمىسىنى ياخشىلاش ، بايلىقنى ياخشى تەقسىملەپ ، ئىسلاھات كۆچىنى كۈچەيتىپ ، ئىسلاھاتنىڭ قەدىمىنى تېزلىتىش ، ھەر تۈرلۈك مائارىپنىڭ مۇقىم ماس تەرەققىياتىنى ئاكتىپ ئىلگىرى سۈرۈش ، كۆلىمى ۋە قۇرۇلمىسى تېخىمۇ مۇۋاپىق . سۈپەت ۋە ئۈنۈمى تېخىمۇ يۇقىرى ، تولۇپ تاشقان ھاياتى كۈچى ۋە تەشەببۇسكارلىق بىلەن شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىغا ماسلىشالايدىغان مائارىپ سىستېمىسىنى 21 - ئەسىرگە ئېلىپ كىرىش . (3) ئىسلاھات سۈرئىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ ، ئىسلاھاتنىڭ قەدىمىنى تېزلىتىش ، مائارىپنى سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ماسلاشتۇرۇش ئېھتىياجىغا رايونىمىزغا تەۋە ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ھەممىسى 1998 - يىلى قوش رېلىسلىق تۈزۈمنى قوللىنىش ، ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتەپلەر 1999 - يىلى ھەممىسى قوش رېلىسلىق تۈزۈمنى قوللىنىش . كونا ئوقۇغۇچىلارغا كونا ئۇسۇل ، يېڭى ئوقۇغۇچىلارغا يېڭى ئۇسۇل پرىنسىپى بويىچە قوش رېلىسلىق تۈزۈمنى ئومۇمىيۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرگەندىن كېيىن ، مەكتەپكە يېڭى كىرگەن ئوقۇغۇچىلار قىسمەن تەربىيىلەش ھەققىنى تاپشۇرۇش . ئوقۇش پۈتتۈرگەندە دۆلەتنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرگەنلەرنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش سىياسىتىنىڭ ماكرولۇق يېتەكچىلىكى ئاستىدا ، يۈزتۇرانە ئۇچرىشىش ، قوش تەرەپلىك تاللاش شەكىللەر ئارقىلىق كۆپ سانلىق ئوقۇغۇچىلار ئۆزى كەسپ تاللاش . (4) پارتىيەنىڭ رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىپ سوتسىيالىستىك مەكتەپ باشقۇرۇش يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ مەكتەپنى سوتسىيالىزم ئىشلىرىنىڭ قۇرغۇچىلىرى ۋە ئىز باسارلىرىنى تەربىيىلەپ چىقىدىغان بازىغا ئايلاندۇرۇشتىن ئىبارەت .

## رايونىمىزدىكى ھەر قايسى ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپلەردە ساپا مائارىپنى ئومۇمىيۈزلۈك يولغا قويۇش توغرىسىدىكى پىكىر

ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتى 1998 - يىلى 4 - ئايدا ئېلان قىلغان . پىكىردە مۇنۇلار تەلەپ قىلىنغان : (1) ئىدىيەنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ ، تونۇشنى ئۆستۈرۈپ ، ئوتتۇرا باشلانغۇچ مەكتەپلەردە ساپا مائارىپنى ئاكتىپ قانات يايدۇرۇش . (2) ئۈنۈملۈك تەدبىر قوللىنىپ ساپا مائارىپنىڭ ئەمەلىيلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش . (3) رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ ، بىر تۇتاش پىلانلاپ ساپا مائارىپنىڭ ئوڭۇشلۇق يولغا قويۇلۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش .

## شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مەكتەپكە كىرىش تەييارلىق سىنىپلىرىنى باشقۇرۇش چارىلىرى

ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتى 1998 - يىلى 7 - ئايدا ئېلان قىلغان . مەزمۇنى جەمئىي 6 باب ، 1 - باب ئومۇمىي قائىدە ، 2 - باب مەكتەپكە كىرىش تەييارلىق سىنىپلىرىغا بولغان رەھبەرلىك ۋە باشقۇرۇلۇش ، 3 - باب ئوقۇتۇش شارائىتى ، 4 -

باب تەربىيىلەش ۋە قوغداش ، 5 - باب مەكتەپكە كىرىش تەييارلىق سىنىپلىرى ئوقۇتقۇچىلىرى ، 6 - باب قوشۇمچە قائىدە .

**شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ دۆلەت مائارىپ كومىتېتى ، جوڭگو مېيىپلار بىرلەشمىسىنىڭ «مېيىپ ياش - ئۆسمۈرلەرنىڭ 9 يىللىق مەجبۇرىيەت مائارىپىنى ‹9 - بەش يىللىق پىلان › مەزگىلىدە ئەمەلىيلەشتۈرۈش لايىھىسى» نى ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدىكى پىكرى**

ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتى ، كادىرلار نازارىتى 1998 - يىلى 8 - ئايدا ئېلان قىلغان . مەزمۇنى تۆۋەندىكىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ : (1) مېيىپ ياش - ئۆسمۈرلەرنىڭ مەجبۇرىيەت مائارىپىنى 9 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئىدىيىسى ، رايونىمىزنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى چىقىش قىلىپ ئومۇملاشتۇرۇش بىلەن يۇقىرى كۆتۈرۈشنى بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇش ، مەجبۇرىيەت مائارىپىنى ئومۇملاشتۇرۇشنى مۇھىم پرىنسىپ قىلىپ ھەر تۈرلۈك ئالاھىدە مەكتەپلەرنى ئاكتىپ قۇرۇش ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئادەتتىكى ئوتتۇرا باشلانغۇچ مەكتەپلەردە ئالاھىدە مائارىپ سىنىپى ۋە مېيىپ ياش - ئۆسمۈرلەرنىڭ ئەگىشىپ ئوقۇش سىنىپى قۇرۇش ، مۇقىم مىقداردىكى ئالاھىدە مائارىپ مەكتەپلىرىنى غول قىلغان ، كۆپلىگەن ئادەتتىكى ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپلەردە قوشۇمچە ئالاھىدە مائارىپ سىنىپلىرىنى قۇرۇش ۋە ئادەتتىكى سىنىپلاردا مېيىپ ياش - ئۆسمۈرلەر ئەگىشىپ ئوقۇش سىنىپلارنى ئاساس قىلغان ئالاھىدە مائارىپ ۋەزىيىتىنى شەكىللەندۈرۈش . (2) ۋەزىپە كۆرسەتكۈچى . ئادەتتىكى مائارىپنى قوبۇل قىلالايدىغان مېيىپ ياش - ئۆسمۈرلەرنىڭ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتىنى ئىرىشىپ نورمال بالىلارنىڭ سەۋىيىسىگە يەتكۈزۈش ياكى شۇ يەردىكى نورمال ياش - ئۆسمۈرلەرنىڭ سەۋىيىسىگە يېقىنلاشتۇرۇش ، 2000 - يىلغا بارغاندا ، كۆرۈش قۇۋۋىتى ، ئاڭلاش ، سۆزلەش ۋە ئەقلىي قۇۋۋىتى جەھەتتە تۆۋەن بولغان مېيىپ ياش - ئۆسمۈرلەرنىڭ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتىنى پۈتۈن رايون %70 ئەتراپىغا يەتكۈزۈش . (3) تەدبىر ۋە ئۇسۇل . ئالاھىدە مائارىپقا بولغان باشقۇرۇش ۋە يېتەكچىلىك قىلىش خىزمىتىنى ھەقىقىي تۈردە كۈچەيتىش . ئالاھىدە مائارىپ ئوقۇتقۇچىلىرىنى تەربىيىلەش خىزمەتلىرىنى ياخشى ، ئەستايىدىل ئېلىپ بېرىش ، ئالاھىدە مائارىپ مىللىي تىل يېزىق ماتېرىياللار قۇرۇلۇشىنى چىڭ تۇتۇش ، ئالاھىدە مائارىپ ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ تۈرلۈك تەمىناتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ، ئالاھىدە مائارىپ مەبلىغى سېلىنمىسىغا كاپالەتلىك قىلىش .

**شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپ ، بالىلار باغچىسى ئائىلە تەربىيىسى يېتەكچى پروگراممىسى**

ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتى 1998 - يىلى 8 - ئايدا ئېلان قىلغان .

مەزمۇنى تۆۋەندىكىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: (1) ئائىلە تەربىيىسىگە يېتەكچىلىك قىلىشنىڭ ئاساسىي مەقسىتى ۋە ۋەزىپىسى. (2) ئائىلە تەربىيىسىگە يېتەكچىلىك قىلىشنىڭ پرىنسىپى. (3) ئائىلە تەربىيىسىگە يېتەكچىلىك قىلىشنىڭ مەزمۇنى. (4) ئائىلە تەربىيىسىگە يېتەكچىلىك قىلىشتىكى ئاساسىي يول. (5) ئائىلە تەربىيىسىگە يېتەكچىلىك قىلىش خىزمىتىنىڭ تەشكىلى ۋە باشقۇرۇش.

## شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايوننىڭ نامرات رايونلاردا مەجبۇرىيەت مائارىپى ئوقۇش ياردەم پۇلىنى يولغا قويۇش ۋاقىتلىق چارىلىرى

ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتى مالىيە نازارىتى 1998 - يىلى 8 - ئايدا ئېلان قىلغان. مەزمۇنى: (1) دۆلەتنىڭ ئوقۇش ياردەم پۇلىدىن بەھرىمەن بولىدىغان ئوقۇغۇچىلار: مەركەز بەلگىلىگەن تولۇقسىز ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئاپتونوم رايون بەلگىلىگەن چارۋىچىلىق رايونلىرىدا ياتاقتا يېتىپ ئوقۇيدىغان تولۇقسىز ئوتتۇرا ۋە باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى. (2) ئوقۇش ياردەم پۇلىدىن بەھرىمەن بولىدىغان ئوبيېكت ۋە شەرتلەر: دۆلەتنىڭ ئوقۇش ياردەم پۇلى ئاساسلىق مەجبۇرىيەت مائارىپى باسقۇچىدىكى نامرات ئوقۇغۇچىلارغا بېرىلىدۇ. ئالدى بىلەن باشلانغۇچ مەكتەپ باسقۇچىدىكى نامرات ئوقۇغۇچىلارنى بەھرىمەن قىلىش كېرەك. (3) دۆلەت ئوقۇش ياردەم پۇلى بېرىشنىڭ ئۆلچىمى ۋە ئىشلىتىلىشى دۆلەت ئوقۇش ياردەم پۇلىنىڭ ئۆلچىمى ئوقۇغۇچىلار ئائىلىسىنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالىغا ئاساسەن دەرىجىگە ئايرىپ بېكىتىلىپ، ئاساسلىقى ئوقۇغۇچىلارنىڭ پارچە - پۇرات پۇلى، كىتاب پۇلى، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ياتاقلىق تۇرۇمدىكى تاماق پۇلى قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

## ئىچكىرى ئۆلكىلەرنىڭ ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلىرىدە شىنجاڭدىن بېرىپ ئوقۇۋاتقان ئالاھىدە قىيىنچىلىقى بار ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلارغا ياردەم بېرىش ۋاقىتلىق چارىلىرى

ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتى 1998 - يىلى 9 - ئايدا ئېلان قىلغان. چارىدە مۇنداق دەپ بەلگىلەنگەن: ئالاھىدە قىيىنچىلىقى بار ئوقۇغۇچىلار ئائىلە ئىقتىسادىدا ئالاھىدە قىيىنچىلىقى بولغان، ئائىلىق تۇرمۇش چىقىمىنىڭ كېلىش مەنبەسى (ئائىلىسى ۋە دوست - يارەنلىرى بەرگەن ياردەم پۇل ھەمدە تۈرلۈك قوشۇمچە ياردەم پۇللارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) يەرلىك ھۆكۈمەت بەلگىلەپ بەرگەن ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش سەۋىيىسىگىمۇ يەتمەيدىغان، تۇرمۇش ۋە ئۆگىنىش چىقىمىنى قامدىيالمىغان ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلەردىكى تولۇق ۋە مەخسۇس كۇرس ئوقۇغۇچىلىرىنى كۆرسىتىدۇ. ياردەم بېرىش دائىرىسىگە كىرىدىغانلار شىنجاڭدىن ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلەردە تەربىيىلىنىۋاتقان تولۇق ۋە مەخسۇس كۇرس ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىدۇر. ئالاھىدە قىيىنچىلىقى بار ئوقۇغۇچىلارغا بېرىلىدىغان ياردەم پۇل ھۆكۈمەت بەرگەن

ئىچكىرى ئۆلكىلەر ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلىرىدە شىنجاڭدىن بېرىپ ئوقۇۋاتقان ئاز سانلىق مىللەت ئالاھىدە قىيىنچىلىقى بار ئوقۇغۇچىلارغا ياردەم پۇلىدىن ئاجرىتىپ بېرىلىدۇ. «چارە»دە يەنە ياردەم بېرىش ئاساسىي شەرتى دەرىجىگە ئايرىش ئۆلچىمى؛ ياردەم پۇلىنى تارقىتىش تەرتىپى راسخوتنى باشقۇرۇش خىزمىتى ئۈستىدە بەلگىلىمە چىقارغان.

**رايونىمىزنىڭ پېداگوگىكا مائارىپىنى ئىسلاھ قىلىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش توغرىسىدىكى بىر قانچە تەكلىپ پىكىرلەر**

ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتى 1998 - يىلى ئېلان قىلغان. مەزمۇنى: 8 تارماققا بۆلۈنىدۇ. (1) پېداگوگىكا مائارىپ سېستىما قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرىلىگەن ھالدا مۇكەممەللەشتۈرۈپ، مائارىپ ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش. (2) دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى دەرسخانىغا ئېلىپ كىرىشنى ھەققىي ئەمەلىيلەشتۈرۈش، مەكتەپ ئەخلاقىي تەربىيە خىزمىتىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاش. (3) ئوقۇتۇشنى مەركەز قىلىش، ئوقۇتۇش ئىسلاھاتىنى چوڭقۇر ئېلىپ بېرىش، ئىلىم - پەن تەتقىقاتىنى كۈچەيتىش. (4) ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ پېداگوگىكا مائارىپ سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، ئاز سانلىق مىللەتلەرنى لاياقەتلىك ئوقۇتقۇچىلاردىن قىلىپ تەربىيىلەش. (5) ئۈزلۈكسىز تەربىيە تۈزۈمىنى ئورنىتىپ، ئوتتۇرا باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنى تەربىيىلەش خىزمىتىنى كۈچەيتىش. (6) پېداگوگىكا كەسپى بىلىم ئاشۇرۇشدا مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، ئوقۇتقۇچى ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش. (7) ھۆكۈمەتنىڭ ياردەم پۇلىنى ئاساس قىلىپ، كۆپ خىل يوللار بىلەن مەبلەغ توپلاپ، پېداگوگىكا مائارىپىنى ياخشى باشقۇرۇش. (8) رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، پېداگوگىكا مائارىپىنىڭ مائارىپ ئىشلىرىنى ئالدىن تەرەققىي قىلدۇرۇشتىكى ستراتېگىيىلىك ئورنىنى تىرىشىپ ئەمەلىيلەشتۈرۈش.

**ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ ئۈزلۈكسىز تەربىيىلىنىشىنى زور كۈچ بىلەن قانات يايدۇرۇش ۋە خەنزۇ تىلى ئوقۇتقۇچىلىرى قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى پىكىر**

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى 1999 - يىلى 3 - ئايدا ئېلان قىلغان. پىكىر بەش تارماققا بۆلۈنىدۇ. (1) تونۇشنى ئۆستۈرۈپ، ئىدىيىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى ساپاسى قۇرۇلۇشىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش. (2) بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇش ئىش تۈرى بويىچە مەسئۇل بولۇش، ئۈزلۈكسىز تەربىيە خىزمىتىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈش. (3) ئوقۇتقۇچىلارنىڭ قوش تىللىق تەربىيىلىنىشىنى كۈچەيتىپ، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ قوش تىللىق سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش. 2000 -

يىلدىن باشلاپ خەنزۇ تىلى سەۋىيىسى ئۆلچەمگە يەتمىگەن ئالىي ، ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتەپلەرنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنى ، جەمئىيەتتىن قوبۇل قىلىنغان خادىملارنى ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىغا قەتئىي ئېلىپ كىرمەسلىك . 1999 - يىلى يېڭىدىن مەكتەپكە كىرگەن ئالىي ئوتتۇرا دەرىجىلىك پېداگوگىكا مەكتەپلىرى ئوقۇغۇچىلىرى ئىچىدە ئوقۇش پۈتتۈرگەن چاغدا خەنزۇ تىلى سەۋىيە سىناش ئىمتىھانىدا ئۆلچەمگە يېتەلمىگەنلەرگە ئوقۇش پۈتتۈرۈش گۇۋاھنامىسى بەرمەسلىك ، سەۋىيە سىناش ئىمتىھانىدا ئۆلچەمگە يەتكەندىن كېيىن تولۇقلاپ بېرىش . خەنزۇ تىلى يېزىش ، سۆزلەش ئىقتىدارى بىر قەدەر تۆۋەن بولغان ياكى خەنزۇ تىلى سەۋىيىسى ئۆلچەملىك بولمىغان ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇتقۇچىلىرىغا قارىتا ئومۇمىيۈزلۈك تەربىيە يۈرگۈزۈپ ، 5 يىل ئەتراپىدا تىرىشىش ئارقىلىق ئۇلارنى ئومۇمىيۈزلۈك ھالدا يۇقىرى سەۋىيىگە يەتكۈزۈش . بۇنىڭ ئىچىدە 1964 – يىلدىن كېيىن تۇغۇلغان غەيرىي خەنزۇ تىلى دەرسى ئوقۇتقۇچىلىرىنى 2004 - يىلى ئېلىپ بېرىلىدىغان پۈتۈن رايون خاراكتېرلىك خەنزۇ تىلى سەۋىيە سىناش ئىمتىھانىدا 3 - دەرىجىگە يەتكۈزۈش . (4 ) كۈچلۈك تەدبىر قوللىنىپ ، خەنزۇ تىلى ئوقۇتقۇچىلىرى قوشۇن قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش . (5 ) رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ ، ئۇلگە يارىتىپ ، تەكشۈرۈپ ئەمەلىيلەشتۈرۈپ ، خىزمەتلەرنىڭ ئەمەلىيلىشىشىگە كاپالەتلىك قىلىش .

**ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى ، گوۋۇيۈەننىڭ مائارىپ ئىسلاھاتىنى چوڭقۇر ئېلىپ بېرىش ، ساپا مائارىپىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىلگىرى سۈرۈش توغرىسىدىكى قارارى» نى ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدىكى پىكرى**

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم 1999 - يىلى 12-ئايدا ئېلان قىلغان . پىكىر 5 تارماقتا بۆلۈنىدۇ . (1 ) مائارىپنى ئالدىنقى يېتەكچى ، ئومۇمىي ۋەزىيەت ئاساس قىلغان ، 9 يىللىق مەجبۇرىيەت مائارىپىنى ئۈزلۈكسىز ھالدا ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتىنى ئەڭ مۇھىم ئورۇنغا قويۇپ ، ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش تەربىيىسى نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەپ يۇقىرى كۆتۈرۈش ئاساسىدا ، 2010 - يىلى 9 يىللىق مەجبۇرىيەت' مائارىپىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىشقا ئاشۇرۇش نىشانىغا يېتىش ، ئوقۇش يېشىدىكى ياش - ئۆسمۈرلەرنىڭ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتىنى %99 تىن يۇقىرىغا يەتكۈزۈش ، تولۇقسىز ئوتتۇرا يېشىدىكى ئۆسمۈرلەرنىڭ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتىنى %80 تىن يۇقىرىغا يەتكۈزۈش . ئادەتتىكى مائارىپ ۋە كەسپىي مائارىپنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تولۇق ئوتتۇرا باسقۇچىدىكى مائارىپنى پائال تەرەققىي قىلدۇرۇپ ۋىلايەت ، ئوبلاست تۇرۇشلۇق شەھەر بىلەن ئىقتىسادىي مائارىپ ئاساسلىرى بىر قەدەر ياخشى بولغان ناھىيە، بازارلار 2010 - يىلغا بارغاندا تولۇق ئوتتۇرا مائارىپنى ئاساسىي

جەھەتتىن ئومۇملاشتۇرۇپ بولۇش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئالىي مائارىپنىڭ كۆلىمىنى كېڭەيتىش، 2010 - يىلغا بارغاندا %15 يېشى ماس كېلىدىغان نوپۇس ئالىي مائارىپنى قوبۇل قىلىش نىشانى ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇ.

2000 - يىلدىن باشلاپ ئۇدا 5 يىلغىچە ئاپتونوم رايوننىڭ مالىيە چىقىمى ئىچىدە مائارىپ مەبلىغىنىڭ نىسبىتىنى ئاشۇرۇش، ھەر بىر يىلدا بىر پوئىنىت يۇقىرى كۆتۈرۈش، ھەر قايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، ناھىيە (شەھەر) لىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى ئۆز رايونىنىڭ ئەمەلىيىتىگە ئاساسەن مالىيە چىقىمى ئىچىدە مائارىپ سېلىنمىسىنىڭ نىسبىتىنى ئاشۇرۇش. (2) ساپا مائارىپنى ئومۇميۈزلۈك شىنجاڭنىڭ 21- ئەسىردىكى تەرەققىياتى ئۈچۈن پۇختا ئىختىساسلىقلار ئاساسىنى سېلىش. (3) مائارىپ تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ساپا مائارىپنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن شارائىت يارىتىش. (4) ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ساپاسىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرۈش. (5) رەھبەرلىكنى ھەقىقىي تۈردە كۈچەيتىپ ساپا مائارىپى خىزمىتىنىڭ يېڭى ۋەزىيىتىنى يارىتىش.

# شەخسلەر

**يۈسۈپ خاس هاجىپ**

1012 ~ 1017 - يىللىرى بالاساغۇندا تۇغۇلغان مەشهۇر ئەرباب، كېيىن قەشقەرگە كۆچۈپ بارغان. 1069 ~ 1070 - يىللىرى ئۆزىنىڭ دۇنياۋى مەشهۇر ئەسىرى «قۇتادغۇ بىلىگ» نى قەشقەردە يېزىپ تاماملىغان. «قۇتادغۇ بىلىگ» مول مائارىپ ئىدىيىسىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملەشتۇرگەن بولۇپ، مائارىپ ۋە جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتى، مائارىپ ۋە ئادەمنىڭ تەرەققىياتى، مائارىپنىڭ ئوبيېكتى، مەزمۇنى، مەقسىتى، ئوقۇتۇش ئۇسۇلى، ئەخلاقىي تەربىيە قاتارلىق جەھەتلەردە ئاپتورنىڭ ئۆزگىچە قارىشىنى تولۇق ئىپادىلەپ بەرگەن بولۇپ، شىنجاڭنىڭ مائارىپ تەرەققىيات تارىخىدا مۇھىم تەسىرگە ئىگە. ئاپتور ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن «خاس هاجىپ» دېگەن نام بىلەن تەرىپلىنىپ كەلگەن.

(ماۋېنخۇا تەمىنلىگەن)

**زوزۇڭتاڭ**

خۇنەننىڭ شياڭيىڭ دېگەن يېرىدىن، داۋگۇاڭنىڭ 12 - يىلى (1832 - يىلى) تۇغۇلغان، ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ جېجياڭنىڭ ھەربىي مەمۇرىي ۋالىيسى، مىن جې تۇتۇق بەگ مەھكىمىسىنىڭ ئەمەلدارى بولغان. گۇاڭشۇنىڭ 6-يىلى (1875-يىلى) 6-ئايدا سەنشى- گەنسۇ باش تۇتۇق مەھكىمىسىدە پادىشاھ ئەۋەتكەن باش ئەمەلدار بولغان، ئاندىن سۇجوۋ (ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ جيۇچۈەن دېگەن يېرى) بېرىپ شىنجاڭنىڭ ھەربىي ئىشلىرىنى باشقۇرغان. ئۇ ۋاقىت دەل قوقان (ھازىرقى ئۆزبېكىستان) ھەربىي ئەمەلدارى ياقۇپبەگ ۋە چارروسىيە ئارمىيىسى شىنجاڭنىڭ كۆپ قىسىم جايلىرىنى بېسىۋالغان ۋاقىت ئىدى. ئۇ ياقۇپبەگكە قارشى ئۇرۇش قىلىپ ئىككىنچى دەرىجىلىك ئورۇنغا ئېرىشكەن. گۇاڭشۇنىڭ 6 - يىلى چارروسىيە بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق ئىلىنى قايتۇرۇۋالغان. زوزۇڭتاڭ شىنجاڭدىكى تەييارلىق مەكتەپلەرنىڭ ئىجادچىسى. ئۇ «شىنجاڭ ئۇزۇن تارىختىن بېرى خەنزۇلار بىلەن مۇسۇلمانلار ئوتتۇرىسىدىكى چىقىشماسلىق ھالىتىنى ئۆزگەرتەلمىدى. خەلق بىلەن ئەمەلدارلار ئوتتۇرىسىدىكى ئارازچىلىقنى ھۆكۈمەت ھەل قىلالمىدى. بۇنىڭ ئۈچۈن چوقۇم مۇسۇلمانلارنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈش كېرەك. بىر-بىرىنىڭ ئۆرپ - ئادىتىنى ئۆگىنىشتە چوقۇم تەييارلىق مەكتەپلەرنى قۇرۇپ، مۇسۇلمانلارنىڭ باللىرىنىڭ ساۋاتىنى چىقىرىش كېرەك. تىلغا پىششىق بولمىسا، ھېچ ئىشنى ئېلىپ بارغىلى بولمايدۇ» دەپ قارىغان. 1878 - يىلى زوزۇڭتاڭ شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا

تەييارلىق مەكتەپلەرنى ئېچىپ ئۇيغۇر باللىرىنى قوبۇل قىلىشقا ئىجازەت بەرگەن. ئۇ كېيىن ھەربىي فىلوت ۋەزىرى، جېجىياڭ، جياڭسۇنىڭ ۋالىيسى، قوشۇمچە سودا ئىشلىرى ۋەزىرى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. 1885 - يىلى فۇجۇدا ئۆلتۈرۈلۈپ، يېڭىلىق بىلەن شۇغۇللانغان. «زوزۇڭتاڭ ئەسەرلىرىدىن تاللانما» دېگەن ئەسىرى بار.

(ماۋېنخۇا تەمىنلىگەن)

**لىيۇجىنتاڭ**

خۇنەننىڭ شياڭشياڭ دېگەن يېرىدىن، چىڭ سۇلالىسىنىڭ تۇڭجىنىڭ 9 - يىلى (1870 - يىلى) سۇڭشەن تېغىدىكى خۇنەن قوشۇنىغا قوماندان بولغان. گۇاڭشۈيىنىڭ 2 - يىلى (1876 - يىلى) شەنشى - گەنسۇنىڭ ۋالىيسى زوزۇڭتاڭ غەربكە يۈرۈش قىلىپ شىنجاڭنى قايتۇرۇۋالغاندا، ئۇنى گازارما ئىشلىرىنى باشقۇرغۇچى غوجىدار سۈپىتىدە ئېلىپ ماڭغان. كېيىن ئۇ ياقۇپبەگكە قارشى جەڭ ئېلان قىلىپ، ئۇنى چېگرادىن قوغلاپ چىقارغان ھەمدە بۇ ئىش ئۈچۈن ئىككىنچى دەرىجىلىك ھەربىي ئۇردېنغا ئېرىشكەن، گۇاڭشۈينىڭ 6 - يىلى زوزۇڭتاڭ بېيجىڭغا كەتكەندىن كېيىن ۋەزىرلىككە تەيىنلىنىپ، شىنجاڭنىڭ ھەربىي ئىشلار دوبەنلىكىگە قويۇلغان ھەم قوماندا تۇرۇپ ئىش بېجىرگەن.

لىيۇجىنتاڭ شىنجاڭدىكى تەييارلىق مەكتەپلەرنىڭ ئاكتىپ تەرەققىي قىلدۇرغۇچىلىرىدىن بىرى. تەييارلىق مەكتەپلىرى قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىللەردە ئۇيغۇر باللار ئوقۇشقا كىرگەن باللارنى ھەپسىگە ماڭغانلىق دەپ قارىغاچقا، ئوقۇشنى خالىمايدىغانلار كۆپىيىپ كەتكەن. لىيۇجىنتاڭ بۇ خىل ئەھۋالنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن ئوقۇغانلارغا ئايلىق خىراجەت بېرىپ، تەدبىرلەرنى قوللانغان. ئۇ يەنە تەييارلىق مەكتىپىنىڭ نورمال يۈرگۈزۈلىشىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ مائاش، ئاشلىق ۋە باشقا قوشۇمچە تەمىناتىنى كۆپەيتىپ بېرىشنى بەلگىلىگەن. ھەر بىر تەييارلىق مەكتىپىدە 15 ~ 20 گىچە باللار بولۇپ، ئۇلارنىڭ كىتابلىرىنى ھۆكۈمەت تەمىنلىگەن، گۇاڭشۈينىڭ 15 - يىلى 2 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن ئىستىپا سوراپ يۇرتىغا قايتقان، ئۇنىڭ «لىيۇجىنتاڭ ماقالىلىرى» دېگەن ئەسىرى بار.

(ماۋېنخۇا تەمىنلىگەن)

**دۇتۇڭ**

1903 - يىلى شىنجاڭنىڭ مائارىپىغا مەسئۇل ئەمەلدار بولۇپ تەيىنلەنگەن. ياپونىيىگە تەكشۈرۈش خىزمىتى بىلەن چىقىپ ياپونىيىنىڭ باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپىنىڭ ناھايىتى گۈللەنگەنلىكىنى، مائارىپ خىزمىتىنىڭ ياپونىيىنىڭ روھىي قان تومۇرى ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ يەتكەن. ئۇ شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىنىڭ قالاق، خەلقىنىڭ

ئىدىيىدە قالاقلىقى ، مىللەتلەرنىڭ كۆپلۈكىدىن ئىبارەت ئەمەلىي شارائىتنى مۇلاھىزە قىلىپ ، تۆۋەندىكىدەك بىر نەچچە خىل مائارىپ تەرەققىيات يېتەكچىلىك ئىدىيىسىنى ئوتتۇرىغا قويغان : يەنى «بىرىنچىدىن ، مائارىپتا ئومۇملاشتۇرۇشنى كۆزلەش ، يۇقىرى سەۋىيىنى تەكىتلىمەسلىك . ئىككىنچىدىن ، ئوقۇتۇش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان خادىملارنىڭ مائاشىنى يۇقىرى قىلىش ، قوشۇمچە ۋەزىپە ئۆتۆگۈزمەسلىك . ئۈچىنچىدىن ، تەرتىپ بويىچە تەدرىجىي باشقا ئىرقتىكىلەرنى كەمسىتىدىغان سۆزلەرنى تارقاتماسلىق» ئارقىلىق ئاز سانلىق مىللەت مائارىپىنى قەدەممۇ قەدەم تەرەققىي قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت . دۇتۇڭنىڭ مائارىپ يېتەكچى ئىدىيىسى مائارىپنىڭ تەرەققىيات ئەمەلىيىتى جەريانىدا ئەمەلىيلەشكەن ، يەنى ئالىي - ئوتتۇرا مەكتەپلەر ئىنتايىن ئاز ، ئەمما تولۇقسىز ، باشلانغۇچ مەكتەپلەر پۈتۈن شىنجاڭغا تارقالغان . ئوقۇتقۇچىلارنىڭ مائاش - تەمىناتىدىن قارىغاندا ، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ مائاشى نىسبەتەن يۇقىرى بولغان ، ئاز سانلىق مىللەتلەر مائارىپىدىن قارىغاندا مەكتەپلەر ئومۇملاشتۇرۇلغاچقا ، ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ مەكتەپكە كىرىش پۇرسىتى زور دەرىجىدە ئۆستۈرۈلگەن .

(ماۋېنخۇا تەمىنلىگەن )

### ليۇ ۋېنلۇڭ

1870 — يىلى خۇنەننىڭ يۈياڭ دېگەن يېرىدە تۇغۇلغان ، چىڭ سۇلالىسىنىڭ شۇەنتۇڭ يىللىرىدا شىنجاڭغا كەلگەن . ئۇ شىنجاڭغا كەلگەندىن كېيىن چۆچەك مەسلىھەتچى ئامبىلى ۋاڭ بۇدۇەننىڭ قول ئاستىدا ئىشلىگەن . يەنە ئۇنىڭدىن باشقا 1928 - يىلى 7 - ئايدا شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ھەيئەت ئەزاسى ، قوشۇمچە مائارىپ نازارىتىنىڭ نازىرى بولغان ، 1933 - يىلى «12 - ئاپرېل» سىياسىي ئۆزگىرىشىدىن كېيىن ، ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسى قاتارلىق خىزمەتلەرنى ئىشلىگەن . 1933 - يىلى 11 - ئايدا دۇبەن تەرىپىدىن تۈرمىگە تاشلانغان . 1944 - يىلى 11 - ئايدا تۈرمىدىن قويۇپ بېرىلگەن . 1950 - يىلى 6 - ئايدا ئۈرۈمچى شەھەرلىك خەلق ۋەكىللىرى يىغىنىدا ۋەكىل بولغان ھەمدە شۇ يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن .

(ماۋېنخۇا تەمىنلىگەن )

### جاڭ شىن

1888 - يىلى خۇبېي ئۆلكىسىنىڭ خۇاڭئەن دېگەن يېرىدە تۇغۇلغان . 1915 - يىلى ۋۇچاڭ سىياسىي - قانۇن مەدرىسىنى پۈتتۈرگەن . ئۇ شىنجاڭغا كەلگەندىن كېيىن سانجى ، يېڭىسار ناھىيىلىرىنىڭ ھاكىمى ، شىنجاڭ دىپلوماتىيە ئەلچىخانىسىنىڭ بۆلۈم باشلىقى بولغان . 1928 - يىلى «7 - ئىيول» سىياسىي ئۆزگىرىشىدىن كېيىن تۈرمىگە تاشلانغان . 1933 - يىلى 4 - ئايدا «12 - ئاپرېل» سىياسىي ئۆزگىرىشكە قاتناشقان . 1933 - يىلى 9 - ئايدا ھۆكۈمەتنىڭ ھەيئەت ئەزاسى قوشۇمچە مائارىپ نازارىتىنىڭ

نازىرى بولغان . 1937 - يىلى 9 - ئايدا «ئىسيانچى ئۇنسۇر» دەپ بوھتان چاپلىنىپ ، شېڭ شىسەي تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىپ ، زىيانكەشلىككە ئۇچراپ ، ئالەمدىن ئۆتكەن .

## خې يۇجۇ

يەنە بىر ئىسمى خې گىنگۇاڭ . لياۋنىڭ ئۆلكىسىنىڭ كەييۈەن ناھىيىسىدىن ، 1926 - يىلى ياپونىيە توكيو ئالىي پېداگوگىكا مەكتىپىدە ئوقۇغان . 1929 - يىلى كۈزدە ۋەتەنگە قايتىپ كەلگەن . 1934 - يىلى شېڭ شىسەينىڭ تەكلىپى بويىچە شىنجاڭغا كەلگەن . ئۇ شىنجاڭغا كەلگەندىن كېيىن ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ، شىنجاڭ جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش جەمئىيىتىنىڭ رەئىسلىكىگە ، شىنجاڭ ئۆلكىلىك 1 - ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ مۇدىرلىقىغا ، رۇس تىلى سىياسىي قانۇن ئىنستىتۇتىنىڭ مۇدىرى ، شىنجاڭ ئىنستىتۇتىنىڭ مۇدىرى ، شىنجاڭ ئۆلكىلىك مالىيە نازارىتىنىڭ نازىرى ۋە چۆچەك ۋىلايەتلىك مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ، قوشۇمچە چۆچەك ۋىلايەتلىك گېزىتخانىسىنىڭ باشلىقى قاتارلىق بىر قاتار ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن . 1939 - يىلى شېڭ شىسەي تەرىپىدىن تۈرمىگە تاشلانغان . 1943 - يىلى تۈرمىدىن قويۇپ بېرىلىپ ، شېڭ شىسەي تەرىپىدىن تونۇشتۇرۇلۇپ گومىنداڭ پارتىيىسى شىنجاڭ ئۆلكىلىك پارتىيە كومىتېتىنىڭ ئەزالىقىغا ، جەمئىيەت مۇلازىمەت باشقارمىسىنىڭ مۇدىرلىقىغا تەيىنلەنگەن ، 1944 - يىلى شېڭ شىسەي تەرىپىدىن يەنە تۈرمىگە تاشلانغان ، يەنە شۇ يىلى 9 - ئايدا تۈرمىدىن قويۇپ بېرىلىپ ، كېيىن شەرقىي شىمالغا قايتقان . (ماۋېنخۇا تەمىنلىگەن )

## يۇ شيۇسۇڭ

جېجياڭ ئۆلكىسىنىڭ جوجى ناھىيىسىدىن ، 1899 - يىلى تۇغۇلغان . يۇشيۇسۇڭ 1920 - يىلى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى شاڭخەي گۇرۇپپىسىنى قۇرۇشقا قاتنىشىپ ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى تارىخىدىكى ئەڭ دەسلەپكى پارتىيە ئەزاسىغا ئايلانغان . 1920 — يىلى 8 - ئايدا يۇشيۇسۇڭ شاڭخەي سوتسىيالىستىك ياشلار ئىتتىپاقىنى تەشكىللىگەن ھەم ئۇنىڭ سېكرېتارلىقىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان . 1921 - يىلى 3 - ئايدا يۇشيۇسۇڭ كوممۇنىستىك ياشلار ئىنتېرناتسىئونالى ۋە شاڭخەي سوتسىيالىستىك ياشلار ئىتتىپاقىنىڭ تەلىپى ۋە ھاۋالىسى بويىچە سوۋېت ئىتتىپاقىغا بېرىپ ياشلار ئىنتېرناتسىئونالىنىڭ موسكۋادا چاقىرىلغان 2 - قېتىملىق ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىغا قاتناشقان ۋە كېيىن موسكۋا شەرق ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇغان . 1922 - يىلى 3 - ئايدا ۋەتەنگە قايتىپ كېلىپ ، 1922 - يىلى 5 - ئايدا سۇنجۇڭشەن رەھبەرلىك قىلغان شىمالغا يۈرۈش قىلىش ئارمىيىگە قاتنىشىپ ، چېن جيۇڭمىڭ توپىلىڭىغا قارشى جازا يۈرۈش قىلغان ھەمدە شەرقىي يول مىللىتارىستلار جازا يۈرۈشى باش قوماندانلىق شتابى مەسلىھەتچىلەر باشقارمىسىنىڭ 1 - دەرىجىلىك سېكرېتارى بولغان . 1925 - يىلى

10 - ئايدا يوشيۇسۇڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا 2 - قېتىم بېرىپ، ئايرىم - ئايرىم ھالدا موسكۋا جۇڭشەن ئۇنىۋېرسىتېتى ھەم لېنىن ئىنستىتۇتىدا ئوقۇغان ۋە شۇ يەردە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان، 1935 - يىلى 6 - ئايدا يوشيۇسۇڭ پارتىيە بىرلەشمە مەركىزىنىڭ يولىيورۇقى بويىچە شىنجاڭغا خىزمەتكە ئەۋەتىلگەن ۋە ئىسمىنى ۋاڭ شوۋچېڭغا ئۆزگەرتكەن. ئۇ شىنجاڭغا كەلگەندىن كېيىن شىنجاڭ ئۆلكىلىك جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش بىرلەشمە جەمئىيىتىنىڭ باش كاتىپلىقىغا سايلانغان. قوشۇمچە شىنجاڭ ئىنستىتۇتىنىڭ مۇدىرى بولغان. ئۇنىڭ يازغان داڭلىق ئەسەرلىرىدىن «شىنخەي ئىنقىلابىدىن ساۋاق» ۋە «يېڭى ھۆكۈمەتنىڭ مىللىي سىياسىتى» قاتارلىقلار بار. ئۇ 1937 - يىلى 6 - ئايدا سوۋېت ئىتتىپاقىغا يالاپ ئېلىپ بېرىلىپ، 1939 - يىلى 2 - ئاينىڭ 21 - كۈنى موسكۋادىكى سوۋېت ئىتتىپاقى يۇقىرى دەرىجىلىك سوتى، ھەربىي سوت مەھكىمىسى تەرىپىدىن ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان.

(ماۋېنخۇا تەمىنلىگەن)

### چى تيەنمىڭ

ئەسلى ئىسمى چى يەنپېي. 1910 - يىلى شەندۇڭ ئۆلكىسىنىڭ يىدۇۋ ناھىيىسىدە تۇغۇلغان. مىللىتى مانجۇ. 1933 - يىلى چىڭخۇا ئۇنىۋېرسىتېتى گېئولوگىيە فاكولتېتىنى پۈتتۈرۈپ، نەنجىڭ ھۆكۈمىتى مەركىزىي تەتقىقات ئورنىنىڭ تارىخ - تىل تەتقىقات بۆلۈمىگە قوبۇل قىلىنغان. 1937 - يىلى 11 - ئايدا يەنئەننىڭ شەن بېي دېگەن يېرىدە ئوقۇغان. شۇ يىلىنىڭ ئاخىرىدا پارتىيىگە كىرگەن. 1938 - يىلى شىنجاڭغا كەلگەن ۋە بۇرۇنقى ئىسمىنى چى تيەنمىڭگە ئۆزگەرتكەن. ئۇ شىنجاڭغا كەلگەندىن كېيىن، شىنجاڭ ئىنستىتۇتىنىڭ كاتىپى، قوشۇمچە مائارىپ فاكولتېتىنىڭ مۇدىرى بولۇپ ئىشلەپ، «مائارىپ تەرەققىيات تارىخى»، «جۇڭگو تەبىئىي جۇغراپىيىسى»، «جۇڭگو جەمئىيەت تارىخى»، «جۇڭگو ئىقتىسادىي جۇغراپىيىسى» قاتارلىق دەرسلەرنى ئۆتكەن. يەنە 1939 - يىلى 1 - ئايدا قۇمۇل ۋىلايەتلىك مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بولغان. 1939 - يىلى 12 - ئايدا قۇمۇلدا كېسەل سەۋەبى بىلەن ئالەمدىن ئۆتكەن.

(ماۋېنخۇا تەمىنلىگەن)

### دۇچۇڭيۈەن

دۇجوڭيۈەن 1898 - يىلى 4 - ئايدا جىلىن ئۆلكىسىنىڭ خۇەيدې ناھىيىسىدە تۇغۇلغان. 1923 - يىلى باھاردا ياپونىيە توكيو سانائەت مەكتىپىنى پۈتتۈرگەن. ۋەتەنگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئۆزىنى كەسىپكە بېغىشلاپ، جاۋ شىڭياۋ شىركىتىنى قۇرغان. 1927 - يىلى فىڭتيەن سودا جەمئىيىتى تەرىپىدىن مۇئاۋىن جەمئىيەت باشلىقلىقىغا تەيىنلەنگەن. 1929 - يىلى باھاردا، ئۇ جاڭ شۆلياڭ تەرىپىدىن قوماندانلىق شتات مەھكىمىسىنىڭ كاتىپلىقىغا ھەم ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلەنگەن.

1931 - يىلى 9 - ئايدا شەرقىي شىمال قولدىن كەتكەندىن كېيىن، بېيپىڭغا قېچىپ بېرىپ، ئۆزىنى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تورۇپ، ۋەتەننى قۇتۇلدۇرۇش ھەرىكىتىگە ئاتىغان ۋە شەرقىي شىمال خەلقىنىڭ ياپونغا قارشى تورۇپ، ۋەتەننى قۇتۇلدۇرۇش جەمئىيىتىنىڭ دائىمى ئىشلار ئەزاسى، قوشۇمچە سىياسىي بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقلىقىغا تەيىنلەنگەن. 1933 - يىلى 12 - ئايدا «يېڭى ھايات» ژۇرنىلىنى بەرپا قىلغان. 1933 - يىلى 6 - ئايدا «يېڭى ھايات» ژۇرنىلى «پادشاھ توغرىسىدا» دېگەن ماقالىنى ئېلان قىلىپ، ياپونلۇقلارنىڭ چىشىغا تېگىپ قويغان. شۇنىڭ بىلەن گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئۇنى بىر يىل ئىككى ئايلىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلغان.

1937 - يىلى 9 - ئايدىن 1938 - يىلى 10 - ئايغىچە 3 قېتىم شىنجاڭغا خىزمەت تەكشۈرۈشكە كەلگەن. 1938 - يىلى 10 - ئايدا شىنجاڭ ئىنستىتۇتىنىڭ مۇدىرى ۋە شىنجاڭ چېگرا مۇداپىئە دۇبەن مەھكىمىسىنىڭ ئالىي دەرىجىلىك مەسلىھەتچىسى بولغان.

دۇچۇڭيۈەن شىنجاڭ ئىنستىتۇتىدىكى مەزگىللىرىدە، مەدەنىيەت ساھەسىدىكى ئۆلغار زاتلاردىن ماۋدۇن، جاڭ جۇڭشى قاتارلىقلارنى ئىنستىتۇتقا كېلىپ دەرس ئۆتۈشكە تەكلىپ قىلغان.

يولداش جۇ تاۋفىننىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن، شى مېي، جاۋ دەن، شۇ تاۋ، ۋاڭ ۋېي يى، لەي جىنىمىڭ، يې لۇشى قاتارلىق يولداشلارنى شىنجاڭغا كېلىپ ئوقۇتۇش ياكى مەدەنىيەت خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىشقا تەكلىپ قىلغان. يولداش ساكوڭلياۋغا ھاۋالە قىلىپ شىياڭگاڭدىن ئۈچ ماشىنا كىتاب سېتىۋېلىپ، مەكتەپ كۇتۇپخانا قۇرۇلۇشىغا ئىشلەتكەن. 1935 - يىلى 10 - ئايدا شېڭ شىسەينىڭ ئىچى تارلىقى كېلىپ، ئۇنى مەجبۇرىي ئىشتىن بوشىتىۋەتكەن.

1940 - يىلى 5 - ئايدا شېڭ شىسەي «ۋاڭ جىڭۋېي سۇيىقەستى» نى باھانە قىلىپ، دۇ جۇڭيۈەننى قولغا ئالغان. 1942 - يىلى يەنە ئۇنى «ئىسيانچى ئۇنسۇر» دەپ گومىنداڭغا تاپشۇرۇپ بەرگەن. 1943 - يىلى يازدا ئۇنى شىڭ شىسەي مەخپىي ئۆلتۈرۈۋەتكەن.

(ماۋېنخۇا تەمىنلىگەن)

لىن جىلۇ

1915 - يىلى تۇغۇلغان، ئەسلى ئىسمى لىن ۋېلياڭ، گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسىنىڭ تەيشەن دېگەن يېرىدىن. دەسلەپتە شاڭخەي، گۇاڭجۇلاردا ئوقۇپ، ئوقۇغۇچىلار ھەرىكىتى بىلەن شۇغۇللانغان. 1932 - يىلى جۇڭگو سول قانات يازغۇچىلار ئىتتىپاقىغا قاتناشقان، كېيىن توكيو مېجى ئۇنىۋېرسىتېتىغا بېرىپ ئوقۇغان مەزگىللىرىدە ياپونىيىدە ئوقۇۋاتقان جۇڭگولۇق ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەرىكىتىگە يېتەكچىلىك قىلغان. 1935 - يىلى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە كىرىپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى توكيو ياچېيكىسىدا سېكرېتار بولغان. 1937 - يىلى ۋەتەنگە قايتىپ كېلىپ ياپون

باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشقا قاتناشقان. 1938 ـ يىلى شىنجاڭغا خىزمەتكە ئەۋەتىلىپ، 1938 ـ يىلى 4 ـ ئايدا شىنجاڭ ئىنستىتۇتىنىڭ ئىلمىي مۇدىرى، 1939ـيىلىنىڭ بېشىدا ئاقسۇ مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى، 1939 ـ يىلى 6 ـ ئايدا كۇچا ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى، 1942 ـ يىلى 1 ـ ئايدا ئۇچتۇرپان ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى قاتارلىق بىر قاتار خىزمەتلەر بىلەن شۇغۇللانغان. 1942 ـ يىلى شېڭ شىسەي تەرىپىدىن تۈرمىگە تاشلىنىپ، 1943 ـ يىلى 9 ـ ئايدا زىيانكەشلىككە ئۇچراپ ئالەمدىن ئۆتكەن.
(ماۋېنخۇا تەمىنلىگەن)

## مىڭ يىمىڭ

ئەسلى ئىسمى شۇ مېڭ چيۇ، كومپارتىيە ئەزاسى، 1937 ـ يىلى 12 ـ ئايدا كېسىلىنى داۋالاتقىلى سوۋېت ئىتتىپاقىغا شىنجاڭ ئارقىلىق بارغان، شۇ چاغدا (كېسىلىنى داۋالىتىپ بولغاندىن كېيىن) شېڭ شىسەينىڭ تەلەپ قىلىشى، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن شىنجاڭدا قېلىپ خىزمەت قىلغان. ئۇ ئىلگىرى ئاخىرى بولۇپ، شىنجاڭ جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش جەمئىيىتىنىڭ تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش جەمئىيىتى ژۇرنىلى «جاھانگىرلىككە قارشى ئۇرۇش سېپىدە» تەھرىر ھەيئىتىنىڭ ئەزاسى، 1938 ـ يىلى 2 ـ ئايدا مائارىپ نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى، مۇۋەققەت نازىرى، تەرجىمە تەھرىرلىك ھەيئىتىنىڭ باشلىقى، شىنجاڭ ئىنستىتۇتىنىڭ مۇدىرى قاتارلىق بىر قاتار خىزمەتلەر بىلەن شۇغۇللانغان.

1942 ـ يىلى 9 ـ ئايدا شېڭ شىسەي تەرىپىدىن «ئىسيانچى ئۇنسۇر» دەپ قارىلىپ تۈرمىگە تاشلانغان. 1943 ـ يىلى پارتىيىدىن چېكىنىپ كەتكەنلىكىنى جاكارلاپ پارتىيىگە ئاسىيلىق قىلىپ، شېڭ شىسەيگە تەسلىم بولغان.
(ماۋېنخۇا تەمىنلىگەن)

## لى يىئۇۋ

شەندۇڭ ئۆلكىسىنىڭ خەيياڭ ناھىيىسىدىن، ئۇ ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمىتى سىياسىي تەلىم ـ تەربىيە باشقارمىسىنىڭ باشلىقى، سىياسىي كادىرلار مۇدىرى، شىنجاڭ جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش جەمئىيىتى گۇرۇپپىسىنىڭ گۇرۇپپا باشلىقى، ھەربىي ئىشلار قوماندانلىق شتابىنىڭ باشلىقى، شىنجاڭ جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ژۇرنىلى «جاھانگىرلىككە قارشى ئۇرۇش سېپىدە» تەھرىر ھەيئىتىنىڭ ئەزاسى بولغان. ئۇ يەنە 1941 ـ يىلى 7 ـ ئايدا شىنجاڭ مائارىپ نازارىتىنىڭ نازىرى، قوشۇمچە شىنجاڭ ئىنستىتۇتىنىڭ مۇدىرى خىزمەتلەرنى ئىشلىگەن. 1942 ـ يىلى 2 ـ ئايدا شېڭ شىسەي تەرىپىدىن تۈرمىگە تاشلانغان ۋە 1945 ـ يىلى تۈرمىدىن قويۇپ بېرىلگەن.

(ماۋېنخۇا تەمىنلىگەن)

### جياڭ زوجوۋ

جىلىن ئۆلكىسىدىن بولۇپ، تىيەنجىن نەنكەي ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتتۈرگەن، ئۇ ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ، شىنجاڭ ئۆلكىلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپتە تەنتەربىيە ئوقۇتقۇچىسى، مەكتەپ مۇدىرى، شىنجاڭ جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش باش جەمئىيىتىنىڭ تەشۋىقات بۆلۈمىدە مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقى، تەشكىلىي بۆلۈم مۇئاۋىن مۇدىرى بولغان. يەنە 1940 - يىلى مائارىپ نازارىتىنىڭ نازىرى، قوشۇمچە شىنجاڭ ئىنستىتۇتىنىڭ مۇدىرى قاتارلىق خىزمەتلەرنى ئىشلىگەن. 1941 - يىلى شېڭ شىسەي تەرىپىدىن ئىسيانچى ئۇنسۇر دەپ قارىلىپ تۈرمىگە تاشلانغان، كېيىن تۈرمىدە زىيانكەشلىككە ئۇچراپ ئالەمدىن ئۆتكەن.

### خۇاڭرۇ جىن

1902 - يىلى خۇنەن ئۆلكىسىنىڭ يۈنشىڭ دېگەن يېرىدە تۇغۇلغان. دۆلەتلىك بېيپىڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتتۈرگەن. ئامېرىكا كولۇمبىيە ئۇنىۋېرسىتېتىدا ماگىستىرلىق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. گېرمانىيە بېرلىن ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئاكا دېمىك بولغان. ۋەتەنگە قايتىپ كېلىپ، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ جۇڭگو گومىنداڭ بېيپىڭ ئالاھىدە شەھەر پارتىيە بۆلۈمىدە يېتەكچى، قوشۇمچە تەشكىلات بۆلۈم باشلىقى، مەركىزىي تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ باشقارما باشلىقى، يەنە ئۇنىڭدىن باشقا دۆلەتلىك خۇبېي ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى بولغان، يەنە 1942 - يىلى شىنجاڭ ئۆلكىلىك پارتىيە كومىتېتىنىڭ ھەيئىتى، قوشۇمچە سېكرېتارى، مەركىزى تەلىم - تەربىيە پولكى، شىنجاڭ تارماق پولكىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، 1944 - يىلى 6 - ئايدا شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ھەيئىتى، قوشۇمچە مائارىپ نازارىتىنىڭ نازىرى بولغان. 1944 - يىلى شېڭ شىسەي تەرىپىدىن قولغا ئېلىنغان. كېيىن گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ھەربىي ئىشلار كومىتېتى قايتا تەكشۈرۈپ قويۇپ بەرگەن.

(ماۋېنخۇا تەمىنلىگەن)

### چېڭ دۇڭبەي

ئەسلى ئىسمى چېڭ چىمىڭ، شەرقىي شىمال لياۋنىڭ ئۆلكىسىنىڭ كەييۇەن ناھىيىسىدىن، ياپونىيىنىڭ مىڭجى ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ قانۇن كەسپىنى پۈتتۈرگەن. 1943 - يىلى شېڭ شىسەينىڭ تەكلىپ قىلىشى بىلەن شىنجاڭغا كېلىپ، شىنجاڭ جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش بىرلەشمە جەمئىيىتىنىڭ ياشلار بۆلۈمىدە بۆلۈم باشلىقى، شىنجاڭ سىياسىي تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ خەلقئارا بۆلۈمىدە بۆلۈم باشلىقى، دىخۇا يەرلىك سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى بولغان. 1937 - يىلى شېڭ شىسەي تەرىپىدىن

قولغا ئېلىنىپ تۈرمىگە تاشلانغان . 1942 - يىلى قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىن جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش جەمئىيىتىنىڭ باشلىقى ، مائارىپ نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى بولغان . يەنە 1943 - يىلى 2 - ئايدا ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ھەيئىتى قوشۇمچە مائارىپ نازارىتىنىڭ نازىرى ، شىنجاڭ ئىنستىتۇتىنىڭ مۇدىرى بولغان . 1944 - يىلى يەنە تۈرمىگە تاشلانغان . 1945 - يىلى تۈرمىدىن قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىن چۆچەككە كېتىپ ، ئازادلىقتىن ئىلگىرى تەۋەنگە كەتكەن .

(ماۋېنخۇا تەمىنلىگەن )

**شېڭ شىسەي**

ئىسمى جېن كاڭ ، ئەسلى يۇرتى لياۋنىڭ ئۆلكىسى كەييۈەن ناھىيىسى ، 1897 - يىلى 1-ئايدا تۇغۇلغان . 1919 - يىلى ياپونىيە توكيو مىڭجى ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇپ ، شۇ يىلى ۋەتەنگە قايتىپ كەلگەن ، قايتىپ كەلگەندىن كېيىن يۇننەن ئۆلكىسىنىڭ شاۋجۇۋ ئوبلاستى قارمىقىدىكى ھەربىي مەدرىسكە ئىمتىھان بېرىپ كىرگەن . ئوقۇشنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن شەرقىي شىمال ئارمىيىسىنىڭ 8 - بېرىگادىسىدا ۋەزىپە ئۆتىگەن . 1926 - يىلى ياپونىيە قۇرۇقلۇق ئارمىيە ئۇنىۋېرسىتېتىغا جۆڭگو ئوقۇغۇچىلار ئۆمىكى بىلەن ئوقۇشقا ئەۋەتىلگەن . 1927 - يىلى ۋەتەنگە قايتقاندىن كېيىن گومىنداڭ ئىنقىلابى ئارمىيىسى باش شتابىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك مەسلىھەتچىسى بولغان . 1930 - يىلى كۈزدە شىنجاڭغا كېلىپ جىن شۇرېن دۇبەن مەھكىمىسىنىڭ مەسلىھەتچىسى ، مەسلىھەتچىلەر باشلىقى بولغان . 1932 - يىلى يازدا شەرقىي يول باندىتلارنى يوقىتىش قوماندانلىق مەركىزىدە قوماندانلىق قىلىپ ، قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىنى باستۇرغان . 1933 — يىلى «12 - ئاپرېل» سىياسىي ئۆزگىرىشىدىن كېيىن شىنجاڭنىڭ چېگرا مۇداپىئە دۇبەنى بولغان ۋە ئۆزى بىلەن قارشى ئىددىيىدىكىلەرنى يوقىتىپ ، ئۆزىنىڭ مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن «جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن دوست بولۇش ، دېموكراتىيىنى يولغا قويۇش ، پاك - دىيانەتلىك بولۇش ، تىنچلىق ، قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىش» تىن ئىبارەت 6 چوڭ سىياسەتنى يۈرگۈزگەن . ئارقىدىنلا «ئىسيانچىلارنى باستۇرۇش» پىلانى يۈرگۈزۈپ ، نۇرغۇنلىغان ئىلغار زاتلار ، كومپارتىيە ئەزالىرىغا زىيانكەشلىك قىلغان ۋە ئۇلارنى كۆپلەپ قىرغان . 1942 - يىلى گومىنداڭغا بېقىنغان ، قوشۇمچە شىنجاڭ ئىنستىتۇتىنىڭ مۇدىرى بولغان . 1944 - يىلى 9 - ئايدا خەلق ھۆكۈمىتى دېھقانچىلىق ئورمانچىلىق مىنىستىرى بولغان . 1945 — يىلى ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلغان ، 1949 - يىلى تەيۋەنگە قېچىپ بارغان ، 1970-يىلى 7 - ئايدا كېسەل سەۋەبى بىلەن ئۆلگەن .

**بۇرھان شەھىدى**

ئەسلى يۇرتى ئاقسۇ . 1894 - يىلى رۇسىيىنىڭ قازان شەھىرىدە تۇغۇلغان .

1912-يىلى شىنجاڭغا قايتىپ ، تىيەنشاڭ ياڭخاڭدا ئىشلىگەن . كېيىن دۆلەت تەۋەلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرگەن . ئۇ ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ ، تاموژنا خادىمى ، دىخۇا ماشىنىسازلىق زاۋۇتىنىڭ زاۋۇت باشلىقى بولغان . 1918 - يىلى گېرمانىيىگە بېرىپ مائارىپ ۋە كەسىپلەرنى كۆزىتىپ ، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن گېرمانىيە ئارىلىقىدا بېرىپ ، كېلىپ يۈرگەن ، كېيىن بېرلىن ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ سىياسىي - ئىقتىساد فاكۇلتېتىغا ئوقۇشقا كىرگەن . 1933 - يىلى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئىنقىلابىي تەشكىلاتىغا قاتنىشىپ ، شىنجاڭغا قايتىپ كەلگەن . 1935 - يىلى شىنجاڭ خەلقىنىڭ جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش بىرلەشمە ھەيئىتىنىڭ مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقى بولغان . 1937 - يىلى شېڭ شىسەي تەرىپىدىن تۈرمىگە تاشلانغان . 1944 - يىلى تۈرمىدىن قايتىپ چىققان . 1946 - يىلى 6 - ئايدا شىنجاڭ ئۆلكىلىك كومىتېتىنىڭ ئەزاسى قوشۇمچە مۇئاۋىن رەئىسى ، 1947 — يىلى 7 - ئايدا قوشۇمچە شىنجاڭ ئىنستىتۇتىنىڭ مۇدىرى ، 1949-يىلى شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ رەئىسى بولغان . 1949 - يىلى 9 - ئايدا شىنجاڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولغاندىن كېيىن ، ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى شىنجاڭ تارماق ئىدارىسىنىڭ ھەيئىتى ، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسى بولغان . 1953 - يىلى جۇڭگو سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ 2 - ، 3 - ، 5 - ، 6 - قېتىملىق مەملىكەتلىك كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ، سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى شىنجاڭ كومىتېتىنىڭ رەئىسى ، 1 - ، 2 - قېتىملىق مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى مىللەتلەر كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى قاتارلىق خىزمەتلەرنى ئىشلىگەن بولۇپ ، ئۇنىڭ بىر قەدەر ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە ئەسەرلىرىدىن : «بورھان ШаҺиди ئەسەرلىرى» ، «شىنجاڭنىڭ 50 يىلى» قاتارلىقلار بار .

(ماۋېنخۇا تەمىنلىگەن)

ئەنۋەر خانبابا

ئۆزبېك . 1918 - يىلى 5 - ئايدا ئۈرۈمچىدە تۇغۇلغان . ئەنۋەر خانبابا 1939 - يىلى خىزمەتكە قاتناشقان بولۇپ ، ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ شىنجاڭ ئۆلكىلىك قۇرۇلۇش نازارىتى ، مالىيە نازارىتىنىڭ ئالتۇن كان تېخنىك خادىمى ، تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى ، ئىلى ئۆزبېك باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئىلمىي مۇدىرى ، 1945 - يىلى 12 - ئايدا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مائارىپ نازارىتىنىڭ بۆلۈم باشلىقى ، 1946 - يىلى مائارىپ نازارىتىنىڭ باش كاتىپى ، 1948 - يىلى 1 - ئايدا ئىلى ۋىلايەتلىك مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ، 1949 - يىلى 12 - ئايدا ئۆلكىلىك مەدەنىي مائارىپ كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ، مائارىپ نازارىتىنىڭ نازىرى ، پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ سېكرېتارى ، 1957 - يىلى 1 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت مائارىپ كومىتېتىنىڭ بۆلۈم باشلىقى ، 1962-يىلى 8 — ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ، مەدەنىي - مائارىپ ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى ، 1973 - يىلى 11 - ئايدا شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مۇئاۋىن

مەكتەپ مۇدىرى، 4 - نۆۋەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، 1982 - يىلى 1 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىي مائارىپ كومىتېتىنىڭ مۇدىرى، پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ سېكرېتارى، 1983 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن.
(ماۋېنخۇا تەمىنلىگەن)

## يۈنگۋاڭ

1919 - يىلى 11 - ئايدا تۇغۇلغان. خېبېي ئۆلكىسىنىڭ زۇنخۇا ناھىيىسىدىن، مىللىتى خەنزۇ، ئالىي تېخنىكوم ئوقۇش تارىخىغا ئىگە، پارتىيە ئەزاسى. يۈنگۋاڭ 1938-يىلى ئىنقىلابقا قاتناشقاندىن كېيىن يىدۇڭ پارتىزانلار باش ئەترىتىنىڭ كومىسسارى بولغان. زۇنخۇا ناھىيىلىك خەلق ئازادلىق ئاۋانگارت چوڭ ئەترىتىنىڭ باشلىقى بولغان. 1940 - يىلى 12 - ئايدا جىن چايى قارمىقىدىكى پارتىيە مەكتىپىنىڭ ئوقۇغۇچىسى، پىڭشى، يىدۇڭ قوماندانلىق شتابى تېلېگرامما تەرجىمانى بولغان، 1942 - يىلى 9 - ئايدا زۇنخۇا شەھىرى غەربىي 4 -، 5 -، 6 - رايونلىرىنىڭ كومىتېت سېكرېتارى، 1947 - يىلى 12 - ئايدا رېخې ئۆلكىسى خەۋپسىزلىك باشقارمىسىنىڭ 1 - بۆلۈمىنىڭ بۆلۈم باشلىقى، خۇابېي ئىنقىلابىي مەخپىي ئىشلار كاتىپى، 1950 - يىلى 2 - ئايدا جۇڭگو خەلق ئۇنىۋېرسىتېتى دائىمىي كومىتېتى تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقى، ماركسىزم - لېنىنىزم تەتقىقات ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى، «ئوقۇتۇش تەتقىقات» ژۇرنىلىنىڭ باش مۇھەررىرى بولغان. يەنە 1962 - يىلى 2 - ئايدا شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مەكتەپ مۇدىرى بولغان. 1970 - يىلى 9 - ئايدا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ ئىدارىسىدە پارتىيە مەركىزىي گۇرۇپپىسىنىڭ گۇرۇپپا باشلىقى، ئىدارە باشلىقى. 1979 - يىلى 2 - ئايدا سەندۇڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا مۇئاۋىن سېكرېتار، مۇئاۋىن مەكتەپ مۇدىرى بولغان. 1982 - يىلى 11 - ئايدا جۇڭگو سىياسىي قانۇن ئۇنىۋېرسىتېتى قۇرۇشقا تەييارلىق قىلىش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى بولغان. 1983 - يىلى 2 - ئايدا جۇڭگو سىياسىي قانۇن ئۇنىۋېرسىتېتى پارتكوم سېكرېتارى، 1 - مۇئاۋىن مەكتەپ باشلىقى، قوشۇمچە بېيجىڭ سىياسىي ئىنستىتۇتى پارتكومىنىڭ سېكرېتارى بولغان. 1986 - يىلى پېنسىيىگە چىقىپ، جۇڭگو ياشانغان پروفېسسورلار جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى بولغان. 1998 - يىلى 7 - ئايدا كېسەل سەۋەبى بىلەن ئالەمدىن ئۆتكەن.

## جاڭ فەن

مىللىتى خۇيزۇ، 1908 - يىلى سەنشى ئۆلكىسىنىڭ يىپىڭ ناھىيىسىدە تۇغۇلغان. 1942 - يىلى ئىنقىلابىي خىزمەتكە قاتناشقان. 1950 - يىلى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە كىرگەن. جاڭ فەن 1942 - يىلى 12 - ئايدا سەنشىدە ياپون باسقۇنچىلىرىغا

قارشى تۇرۇش خىزمىتىگە قاتنىشىپ، سەنشى (چىنيۇ) ئوتتۇرا مەكتىپى، يۈبېي ئوتتۇرا مەكتىپى، تياۋدولۇڭ ئوتتۇرا مەكتىپى، خېدولۇڭ ئوتتۇرا مەكتىپى، ئۆلكىلىك خوڭدۇڭ ئوتتۇرا مەكتىپى، تەييۈەن 1 - پېداگوگىكا مەكتىپى قاتارلىق مەكتەپلەرنىڭ مۇدىرى، 1953 - يىلى تەييۈەن شەھەرلىك مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى، 1955 - يىلى مەركىزىي مائارىپ مىنىستىرلىقى مائارىپ مۇدىرى ئىنستىتۇتىنىڭ ئىشخانا مۇدىرى، 1957 - يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ سېكرېتارى، مۇئاۋىن نازىرى بولغان. مەدەنىيەت ئىنقىلابىدا زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان ۋە يەنە قايتىدىن 1978 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ ئىدارىسىدا مەسلىھەتچى، ئىدارە باشلىقى، قوشۇمچە شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتى مۇدىرى بولغان، 1981 - يىلى مائارىپ نازارىتىنىڭ نازىرى بولغان، 1984 - يىلى پېنسىيىگە چىققان، 1996 - يىلى 5 - ئايدا كېسەل سەۋەبى بىلەن ئالەمدىن ئۆتكەن.

(ماۋېنخۇا تەمىنلىگەن)

**يۈەن جىجاڭ**

مىللىتى خەنزۇ، 1924 - يىلى سەنشى ئۆلكىسىنىڭ باۋدى ناھىيىسىدە تۇغۇلغان. 1939 - يىلى 6 - ئايدا خىزمەتكە قاتناشقان. 1939 - يىلى 8 - ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە كىرگەن. يۈەنجىجاڭ 1939 - يىلى ئىنقىلابىي خىزمەتكە قاتناشقان، 1949 - يىلى شىنجاڭ گېزىتى ئىقتىساد بۆلۈمىنىڭ دىرېكتورى، قوشۇمچە بۇغالتىرلىق بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى، باش دىرېكتورى بولۇپ، 1953 - يىلى 3 - ئايدا شىنجاڭ ئۆلكىلىك مەدەنىيەت مائارىپ كومىتېتى پىلان - مالىيە باشقارمىسىنىڭ باشلىقى، ياچېيكا سېكرېتارى بولغان. 1956 - يىلى 7 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق پىلان كومىتېتى مەدەنىي مائارىپ باشقارمىسىنىڭ باشلىقى، پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى، 1964 - يىلى 9 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىي مائارىپ ئىشخانىسى كاتىپلار بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى، ياچېيكا سېكرېتارى، 1970 - يىلى 6 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق ئىنقىلابىي كومىتېت ئۇلانباي كادىرلار مەكتىپىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، مەركىزىي گۇرۇپپا ئەزاسى، 1979 - يىلى 3 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ سېكرېتارى، مۇئاۋىن نازىرى بولغان. 1983 - يىلى 5 - ئايدا شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى دائىمىي كومىتېت ئەزاسى، سېكرېتارى بولغان.

(ماۋېنخۇا تەمىنلىگەن)

**ھاكىم جاپپار**

مىللىتى ئۇيغۇر، 1925 - يىلى 10 - ئايدا غۇلجا ناھىيىسىدە تۇغۇلغان. 1944 - يىلى 3 ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قاتناشقان. 1952 - يىلى 7 - ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە كىرگەن. ھاكىم جاپپار 1944 - يىلى 10 - ئايدا ئىلى 3

ۋىلايەت ئىنقىلابى ھۆكۈمىتى گېزىتخانىسىدا تەشۋىقات خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ، 1947 - يىلى 1 - ئايدا ئىلى ۋىلايەتلىك مائارىپ باشقارمىسىنىڭ مەخسۇس كادىرى، 1951 - يىلى 6 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم مەدەنىي مائارىپ بۆلۈمىنىڭ باشقارما باشلىقى، 1959-يىلى 9 - ئايدا شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن سېكرېتارى، 1962- يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى پارتكوم سېكرېتارى، 1972 - يىلى مائارىپ نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى، 1975 - يىلى ئىلى ئوبلاستىنىڭ مۇئاۋىن ئوبلاست باشلىقى، 1979 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىي مائارىپ كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، مائارىپ نازارىتىنىڭ نازىرى، 1983 - يىلى 9 - ئايدا شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مەكتەپ مۇدىرى قاتارلىق خىزمەتلەرنى ئىشلىگەن.

(ماۋېنخۇا تەمىنلىگەن)

**ۋىن خوخۇا**

مىللىتى خۇيزۇ، 1919 - يىلى سىچۇەندە تۇغۇلغان. 1939 - يىلى 9 - ئايدا ئىنقىلابىي خىزمەتكە قاتناشقان. 1938 - يىلى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە كىرگەن. شىنجاڭ تېببىي ئىنستىتۇتى پارتكومىنىڭ سېكرېتارى، 1976 - يىلى 11 - ئايدا شىنجاڭ 1 - ئاۋغۇست يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتى ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، مۇئاۋىن سېكرېتارى، 1983 - يىلى 5 - ئايدا شىنجاڭ مائارىپ نازارىتى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ سېكرېتارى، مۇئاۋىن مەكتەپ مۇدىرى قاتارلىق خىزمەتلەر بىلەن شۇغۇللانغان.

(ماۋېنخۇا تەمىنلىگەن)

**جاڭ ياڭ**

مىللىتى خەنزۇ، خۇبېي ئۆلكىسىنىڭ ناڭياڭ شەھىرىدىن، ئالىي مەكتەپ مەدەنىيەت سەۋىيىسىگە ئىگە، 1926- يىلى 11 - ئايدا تۇغۇلغان. 1945- يىلى 7- ئايدا خىزمەتكە قاتناشقان، 1946 - يىلى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە كىرگەن. 1943 - يىلى 7 - ئايدا چۇڭچىڭ بېيپېي ئوپېرا ئىنستىتۇتى ئالىي بۆلۈمىدە، 1945 - يىلى 7 - ئايدا جوڭيۈەن ھەربىي رايونى ياش كادىرلار سىنىپىدا ئوقۇغان. 1945 - يىلى 12 - ئايدا 359 - بىرگادا سەنئەت ئۆمىكى ۋە 2 - ئارمىيە تەلىم - تەربىيە تۇەنى تەشۋىقات بۆلۈمىدە ئىشلىگەن، 1949 - يىلى 11 - ئايدا 9 - ئارمىيە 25 - دىۋىزىيىسى 74 - پولكىنىڭ سىياسىي بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى، مۇئاۋىن كومىسسارى، 1951 - يىلى 10 - ئايدا شىنجاڭ ھەربىي رايون رۇس يېزىقى مەكتىپىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى بولغان. 1953- يىلى موسكۋا ستالىن كانچىلىق ئىنستىتۇتىدا ئوقۇغان، 1959 - يىلى 6 - ئايدا مائارىپ مىنىستىرلىقىنىڭ ۋەتەنگە قايتقان ئوقۇغۇچىلار ئۆگىنىش كۇرسىنىڭ ياچېيكا سېكرېتارى، 1959 - يىلى 11 - ئايدا شىنجاڭ كانچىلىق ئىنستىتۇتى پارتكومىنىڭ

ئەزاسى ، شىنجاڭ ساناىەت ئىنستىتۇتىنىڭ مۇدىرى بولغان ، 1966 ـ يىلى قارىلىنىپ خىزمىتىدىن ئايرىلغان ، 1969 ـ يىلى 10 ـ ئايدا شىنجاڭ ساناىەت ئىنستىتۇتى ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ دائىمىي ئەزاسى ، مۇئاۋىن مۇدىرى ، 1978 ـ يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى پارتكومىنىڭ سېكرېتارى ، مۇئاۋىن مەكتەپ مۇدىرى ، 1986 ـ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ سېكرېتارى ، مۇئاۋىن مۇدىرى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن .

(ماۋېنخۇا تەمىنلىگەن )

### ۋۇياۋ چېڭ

خەنزۇ ، خېبېي ئۆلكىسىنىڭ فىڭرۇن ناھىيىسىدىن . 1935 ـ يىلى 8 ـ ئايدا تۇغۇلغان . 1951 ـ يىلى 3 ـ ئايدا خىزمەتكە قاتناشقان . 1960 ـ يىلى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە كىرگەن . ۋۇياۋ چېڭ 1956 ـ يىلى 8 ـ ئايدا شەرقىي شىمال پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىغا كىرىپ ئوقۇغان ، 1960 ـ يىلى شىنجاڭ پېداگوگىكا ئوتتۇرا مەكتىپىدە ئوقۇتقۇچى ، خوجىلىق مۇدىرى بولغان . 1962 ـ يىلى 9 ـ ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى سۇيدۇڭ ناھىيىلىك پارتىيە گۇرۇپپىسىدا كادىر ، 1963ـيىلى 5 ـ ئايدا سۇيدۇڭ ناھىيىلىك (كېيىن قورغاسقا قوشۇۋېتىلدى ) ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى ، ياچېيكا سېكرېتارى ، خوجىلىق مۇدىرى ، ئىنقىلابىي كومىتېت 1 ـ مۇئاۋىن مۇدىرى بولغان . 1970 ـ يىلى 1 ـ ئايدا قورغاس ناھىيىلىك مەدەنىيەت مائارىپ سەھىيە ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بولغان . 1973 ـ يىلى 4 ـ ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى قورغاس ناھىيىلىك كومىتېتى تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقى بولغان . 1978 ـ يىلى 5 ـ ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى قورغاس ناھىيىلىك كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن سېكرېتارى ، سېكرېتارى بولغان . 1987 ـ يىلى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى بۆرتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق پارتكوم سېكرېتارى بولغان . 1990 ـ يىلى 12 ـ ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ سېكرېتارى ، مۇئاۋىن مۇدىرى بولغان . 1995 ـ يىلى 3 ـ ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى مائارىپ ، مەدەنىيەت ، ئىلىم ـ پەن ، سەھىيە كومىتېتىنىڭ مۇدىرى بولغان .

(ماۋېنخۇا تەمىنلىگەن )

### نۇرتىيىپ

ئۇيغۇر ، 1934 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى ئۇچتۇرپاندا تۇغۇلغان . 1950ـيىلى خىزمەتكە قاتناشقان . 1953 ـ يىلى پارتىيىگە كىرگەن . نۇرتىيىپ 1950 ـ يىلى 7 ـ ئايدا خىزمەتكە قاتنىشىپ ، ئۇچتۇرپان ناھىيىلىك زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇپ ، ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش خىزمەت ئەترىتىنىڭ ئەزاسى بولغان . 1951 ـ يىلى 6 ـ ئايدا

ئۈچتۇرپان ناھىيىسىنىڭ ئىماملىرىم رايونلۇق كومىتېتىنىڭ ياشلار خىزمىتىگە مەسئۇل كادىرى بولغان. 1952 - يىلى غەربىي - شىمال مىللەتلەر ئىنستىتۇتىدا، شىنجاڭ ئىنستىتۇتىنىڭ چارۋىچىلىق فاكولتېتىدا ئوقۇغان. 1956 - يىلى 9 - ئايدا شىنجاڭ ئىنستىتۇتى ئىتتىپاق كومىتېتىنىڭ كادىرى، 1959 - يىلى 2 - ئايدا شىنجاڭ 1 - ئاۋغۇست يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتى ئىتتىپاق كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن سېكرېتارى بولغان. 1959 - يىلى 8 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە مەكتىپىدە ئوقۇغان. 1960 - يىلى شىنجاڭ 1 - ئاۋغۇست يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتى ئىتتىپاق كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن سېكرېتارى، سىياسىي بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، ئىنستىتۇت ئىنقىلابى كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، پارتىيە مەركىزىي گۇرۇپپىسىنىڭ گۇرۇپپا باشلىقى بولغان. 1973 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق ئىتتىپاق كومىتېتىنىڭ سېكرېتارى، پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ سېكرېتارى بولغان. 1976 - يىلى 5 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن سېكرېتارى، مۇئاۋىن نازىر، مۇئاۋىن مۇدىر، پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ مۇدىرى بولغان. 1995 - يىلى 11 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، دۆلەت دەرىجىلىك مۇپەتتىش ۋەزىپىلىرىگە تەيىنلەنگەن.

(ماۋېنخۋا تەمىنلىگەن)

## جاڭ گۈيتىڭ

1940 — يىلى 11 - ئايدا خېنەننىڭ مىياڭ دېگەن يېرىدە تۇغۇلغان. خۇيزۇ، ئاسپىرانتلىق ئوقۇش تارىخىغا ئىگە. پارتىيە ئەزاسى. جاڭ گۈيتىڭ 1965 - يىلى 8 - ئايدا جۇڭخەن مىللەتلەر ئىنستىتۇتىنىڭ جۇڭگو تىلى فاكولتېتىنى پۈتتۈرۈپ، شۇ يىلى 8 - ئايدا ئۈرۈمچى تەجرىبە ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى، ئوقۇتۇش كافېدراسىنىڭ گۇرۇپپا باشلىقى، پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن سېكرېتارى، ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى بولغان. 1976 - يىلى 6 - ئايدا ئۈرۈمچى شەھەرلىك 25 - ئوتتۇرا مەكتەپ پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ سېكرېتارى، ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى بولغان. 1979 - يىلى 6 - ئايدا ئۈرۈمچى شەھەرلىك 27 - ئوتتۇرا مەكتەپ پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ سېكرېتارى، مۇئاۋىن مەكتەپ مۇدىرى بولغان. 1981 - يىلى 12 - ئايدا ئۈرۈمچى شەھەرلىك مائارىپ كومىتېتى سىياسىي باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى بولغان. 1983 - يىلى 3 - ئايدا ئۈرۈمچى شەھەرلىك كومىتېتىنىڭ دائىمىي كومىتېت ئەزاسى قوشۇمچە تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى بولغان. 1986 - يىلى 11 - ئايدا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ سېكرېتارى، مۇئاۋىن مۇدىرى بولغان. 1990 - يىلى 12 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم مائارىپ پەن - تېخنىكا بۆلۈمىنىڭ بۆلۈم باشلىقى بولغان. 1995 - يىلى 3 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتى، پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ سېكرېتارى، ئالىي مەكتەپلەر

خىزمەت كومىتېتىنىڭ سېكرېتارى ، مائارىپ كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن سېكرېتارى ، 1998 - يىلى 1 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولۇپ تەيىنلەنگەن .

(ماۋېنخۇا تەمىنلىگەن )

## سادىر قادىر

1941 - يىلى 12 - ئايدا قەشقەر شەھىرىدە تۇغۇلغان . مىللىتى ئۇيغۇر ، ئالىي مەكتەپ ئوقۇش تارىخىغا ئىگە ، پارتىيە ئەزاسى . سادىر قادىر 1965 - يىلى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى تاشكەنت دۆلەتلىك لېنىن ئونىۋېرسىتېتىنىڭ فىزىكا فاكولتېتىنى پۈتتۈرگەن . 1966 - يىلى 3 - ئايدا جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى ، شىنجاڭ شۆبە ئاكادېمىيىسىدە ئوقۇغان . 1966 - يىلى 8 - ئايدا شىنجاڭ 1 - ئاۋغۇست يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتىدا ئاسسىستېنت (ياردەمچى ئوقۇتقۇچى ) ، لېكتور ، مۇئاۋىن فاكولتېت مۇدىرى بولغان . 1986 - يىلى 8 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ، پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى بولغان . 1995 - يىلى 4 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ، پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن سېكرېتارى بولغان . 2000 - يىلى 7 - ئايدا مائارىپ كومىتېتىدە نازارەتچى بولۇپ تەيىنلەنگەن .
(ماۋېنخۇا تەمىنلىگەن )

# ئاچقۇچ

## ئا


ئاقسۇ ۋىلايەتلىك 2 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ ........................ 44
ئاقسۇ ۋىلايەتلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ ........................ 44
ئاقسۇ ۋىلايەتلىك پېداگوگىكا مەكتىپى ........................ 227
ئاقسۇ ۋىلايەتلىك جۇڭشەن گاس ـ گاچىلار مەكتىپى ........................ 236
ئاقسۇ ۋىلايەتلىك مائارىپ كومىتېتى ........................ 281
ئاقسۇ مائارىپ ئىنستىتۇتى ........................ 170
ئاقسۇ ۋىلايەتلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ ........................ 44
ئاقسۇ شەھىرى قارا تال بازىرى دېھقان ـ چارۋىچىلار مەدەنىيەت ـ تېخنىكا مەكتىپى ........................ 175
ئاقسۇ شەھەرلىك بالىلار باغچىسى ........................ 7
ئالتاي ۋىلايەتلىك 2 ـ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ........................ 54
ئالتاي ۋىلايەتلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ ........................ 53
ئالتاي ۋىلايەتلىك مائارىپ كومىتېتى ........................ 285
ئالتاي ۋىلايەتلىك پېداگوگىكا مەكتىپى ........................ 226
ئالتاي ۋىلايەتلىك تەجرىبە بالىلار باغچىسى ........................ 9
ئالتاي ۋىلايەتلىك تېببىي مەكتەپ ........................ 134
ئالتاي چارۋىچىلىق مەكتىپى ........................ 133
«ئالىي مائارىپ تەتقىقاتى» ........................ 295
ئالىي پېداگوگىكا مەكتىپى ........................ 220
ئالىي تېخنىكوم ۋە ئوتتۇرا دەرىجىلىك مەكتەپلەردە «مەملىكەتلىك مائارىپ خىزمەت يىغىنى خاتىرىسى» نى ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدىكى بىر قانچە تەكلىپ ........................ 382
ئالىي مەكتەپلەر، ئوتتۇرا دەرىجىلىك كەسپىي مەكتەپلەر پەن ـ تېخنىكا ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇش توغرىسىدىكى پىكىر ........................ 415
ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئاساسىي ئىشلەپچىقىرىش ماھارىتى تەربىيىسىنى يولغا قويۇش توغرىسىدا يوليورۇق ........................ 376
ئاپتونوم رايوندا ئالىي مەكتەپلەر كەسپىنى تەڭشەش توغرىسىدىكى دەسلەپكى پىكىر ........................ 394
ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك، ھەر تۈرلۈك مەكتەپلەردە تىرىشچانلىق بىلەن

ئىشلەپ، ئىقتىسادچانلىق بىلەن ئوقۇش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدىكى پىكىر ...... 390

ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلەرگە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىشتا ھەق ئېلىش تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش توغرىسىدىكى پىكىر ...... 424

ئاپتونوم رايوننىڭ ئوتتۇرا دەرىجىلىك مائارىپ قۇرۇلمىسى ئىسلاھاتى توغرىسىدىكى پىكىر ...... 392

ئاساسىي مائارىپنى باشقۇرۇش تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ...... 350

ئاممىۋى مائارىپ سارايلىرىنىڭ خىزمەت پروگراممىسى ...... 396

ئاممىۋى مەكتەپ ...... 347

ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپ ...... 56

ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپلەر مائارىپى ...... 29

ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ خىزمىتى يىغىنى ...... 328

ئاپتونوم رايون تارمىقىدىكى ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلەردە «قوش رېلسلىق تۈزۈم بويىچە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىپ ھەق ئېلىش تۈزۈمى ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىش توغرىسىدا پىكىر ...... 424

ئاز سانلىق مىللەتلەر مائارىپى ...... 201

ئالاھىدە مائارىپ ...... 233

ئاتېئىزىم تەربىيىسى ...... 199

ئاسپىرانت مائارىپى ...... 57

ئاپتونوم رايونىمىز چوڭلار ئالىي مەكتەپلىرىنىڭ ئوقۇتۇش سۈپىتىنى تەكشۈرۈش ئىمتىھان چارىلىرى ...... 404

ئاپتونوم رايونلۇق چوڭلار مائارىپ ئىدارىسى ...... 253

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ «ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەننىڭ مائارىپ ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، ساپا مائارىپىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىلگىرى سۈرۈش توغرىسىدىكى قارار» نى ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدىكى پىكرى ...... 430

شىنجاڭ ئوقۇتۇش تەتقىقات ئىشخانىسى ...... 265

ئاپتونوم رايونلۇق ئالىي مائارىپ بويىچە ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىش ئىمتىھانى كومىتېتى ...... 261

ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇش تەتقىقات جەمئىيىتى ...... 273

ئاپتونوم رايونىمىزدا مائارىپ سىستېمىسىنىڭ پارتىيىنىڭ 14 - نۆۋەتلىك 6 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدىكى پىكرى ...... 421

ئاپتونوم رايونلۇق ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى پۈتتۈرۈش خۇلاسە ئىمتىھانى ...... 332

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى مائارىپ مۇپەتتىش ئىشخانىسى ...... 261

ئە

ئەنۋەر خانبابا ........................ 441
ئەمەلدارلار مەكتىپى ........................ 338
ئەمگەك تېخنىكا تەربىيىسى دەرسلىكى ........................ 330

ب

بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق 2 - ئوتتۇرا مەكتەپ ............ 46
بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ ............ 46
بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق مائارىپ ئىدارىسى ............ 383
بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق موڭغۇل تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ........................ 45
بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق پېداگوگىكا مەكتىپى ............ 224
بايىنغولىن ئوبلاستلىق تېببىي مەكتەپ ........................ 121
بۇرهان شەھىدى ........................ 440
بىكتۇەن مائارىپى ........................ 319
بۆرتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق مائارىپ كومىتېتى ............ 282
بۆرتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق موڭغۇل ئوتتۇرا مەكتەپ ............ 47
بۆرتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق پېداگوگىكا مەكتىپى ............ 223
بۆرتالا ئوبلاستلىق تېببىي مەكتەپ ........................ 121
بۆرتالا شەھەرلىك 1 - بالىلار باغچىسى ........................ 6
بۆرتالا شەھەرلىك 1 - باشلانغۇچ مەكتەپ ........................ 22
بىرىنچى قېتىملىق ئۆلكىلىك مائارىپ مەمۇرىيەت يىغىنى ............ 345
بىرىنچى مەزگىللىك ئۈچ يىللىق مائارىپ پىلانى ............ 344
باشلانغۇچ مائارىپنى ئومۇملاشتۇرۇپ يولغا قويۇش ھەققىدە بىر قانچە پىكىر ........................ 370
باشلانغۇچ مائارىپنى ئومۇملاشتۇرۇش ھەققىدە بىر قانچە كونكرېت تەلەپلەر ۋە تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش چارىلىرى ............ 395
بەش نۇقتىئىنەزەر تەربىيىسى ........................ 187
باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپى ........................ 10
1971 - يىلى مائارىپ خىزمىتى يىغىنى ........................ 348
بالىلار مائارىپى ........................ 1

پ

پارتىيىمىزنىڭ 15 - قۇرۇلتىيىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، مائارىپ ئىسلاھاتى ۋە تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش توغرىسىدىكى بىر قانچە پىكىر ............ 425

پېداگوگىكا مائارىپى ...... 219

ت

تولۇق كۇرس مائارىپى ...... 56
توققۇز يىللىق مەجبۇرىي مائارىپنى ئومۇملاشتۇرۇش ...... 327
تەييارلىق مەكتەپ ...... 337
تاجىكلار مائارىپى ...... 210
تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسى 1 ـ ئوتتۇرا مەكتىپى ...... 50
تاشقورغان ناھىيىسى ياتاقلىق باشلانغۇچ مەكتىپى ...... 25
تاتارلار مائارىپى ...... 212
تۇرپان ۋىلايەتلىك 2 ـ ئوتتۇرا مەكتىپى ...... 41
تۇرپان ۋىلايەتلىك مائارىپ كومىتېتى ...... 280
تۇرپان ۋىلايەتلىك يېزا ـ ئىگىلىك مەكتىپى ...... 116
تۇرپان ۋىلايەتلىك پېداگوگىكا مەكتىپى ...... 221
تۇرپان ۋىلايەتلىك تەجرىبە ئوتتۇرا مەكتىپى ...... 42
تۇرپان ۋىلايەتلىك تېببىي مەكتەپ ...... 117
تۇرپان ۋىلايەتلىك باشلانغۇچ مەكتەپلەر تەربىيىلەش مەركىزى ...... 221
تۇرپان رادىئو ـ تېلېۋىزىيە ئۇنىۋېرسىتېتى ...... 171
تەييارلىق مائارىپى ...... 215
تارباغاتاي ۋىلايەتلىك مالىيە ـ سودا مەكتىپى ...... 129
تارباغاتاي ۋىلايەتلىك 2 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ ...... 52
تارباغاتاي ۋىلايەتلىك مائارىپ كومىتېتى ...... 284
تارباغاتاي ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش مەكتىپى ...... 129
تارباغاتاي ۋىلايەتلىك پېداگوگىكا مەكتىپى ...... 225
تارباغاتاي ۋىلايەتلىك تېببىي مەكتەپ ...... 130

ج

جىڭ ناھىيىلىك كەسپىي تېخنىكا مەكتىپى ...... 138
«ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ «مائارىپ تۈزۈلمە ئىسلاھاتى توغرىسىدىكى قارار»نى ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدىكى پىكىر ...... 399
«جۇڭگو مائارىپ ئىسلاھاتى ۋە تەرەققىياتى تېزىسى»نى ئىزچىللاشتۇرۇپ ئەمەلىيلەشتۇرۇش توغرىسىدىكى پىكىر ...... 415
ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەننىڭ «باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپىنى ئومۇملاشتۇرۇشتىكى بىر قانچە مەسىلىلەر توغرىسىدىكى قارار» نى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن هالدا ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش ...... 390

جەنۇبىي شىنجاڭ باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنى تەربىيىلەش
مەركىزى ...... 229
جاڭ فەن ...... 442
جاڭ گۈيتىڭ ...... 446
جاڭ شىن ...... 434
جاڭ ياڭ ...... 444
ج ك پ ش ئۇ ئا ر پارتكومنىڭ ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپ خىزمىتىنى
كۆچەيتىش ۋە ئىسلاھ قىلىش ھەققىدىكى قارارى ...... 413
جياڭ زوجۇ ...... 439

چ

چاپچال شىبە ئاپتونوم ناھىيىلىك 1 - باشلانغۇچ مەكتەپ ...... 27
چاپچال شىبە ئاپتونوم ناھىيىلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ ...... 51
چوڭلار مائارىپى ...... 142
چېك دۆڭبەي ...... 439
چوڭلار ئالىي مائارىپىنى ئىسلاھ قىلىش توغرىسىدىكى پىكىرلەر ...... 412
چارۋىچىلىق رايونىدىكى ياتاقتا يېتىش تۈزۈمىدىكى مەكتەپ ...... 322
چەت ئەلگە چىقىپ ئوقۇيدىغان ئوقۇغۇچىلار ...... 321
چى تيەنمىڭ ...... 436
چۆچەك ۋىلايەتلىك 2 - باشلانغۇچ مەكتەپ ...... 27
چۆچەك شەھەرلىك 3 - ئوتتۇرا مەكتەپ ...... 53
چۆچەك شەھەرلىك 1 - بالىلار باغچىسى ...... 8
چەت ئەلگە چىقىپ ئوقۇيدىغان ئوقۇغۇچىلار ...... 321

خ

خەلق مەكتەپلىرى ...... 347
خەلپەت ...... 336
خەلق مائارىپ فوندى ...... 309
خەنزۇ تىلى ئوقۇتۇشى ...... 349
خەنزۇ تىلى سەۋىيە سىناش ئىمتىھانى ...... 213
خەنزۇ تىلى مەدرىسى ...... 343
خەنزۇلار مائارىپى ...... 202
خې يۈجۇ ...... 435
خوجىنىيازنىڭ مائارىپ ھەققىدىكى تەكلىپى ...... 359
خوتەن ۋىلايەتلىك 2 - ئوتتۇرا مەكتەپ ...... 55
خوتەن ۋىلايەتلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ ...... 54

خوتەن ۋىلايەتلىك مائارىپ كومىتېتى .................................... 289
خوتەن ۋىلايەتلىك پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومى ............................ 79
خوتەن ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش مەكتىپى .................. 128
خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومى .................................... 231
خوتەن شەھەرلىك 1 - باشلانغۇچ مەكتەپ .................................... 26
خۋاڭرۇجىن ............................................................ 435
خۇيزۇلار مائارىپى ...................................................... 206
خەنزۇ تىلى مەكتىپى .................................................... 339

د

دوكتور ................................................................ 58
داغۇر مائارىپى ........................................................ 212
دىڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ئۈچكە كىرگۈزۈش ................................ 196
دۇتۇڭ ................................................................ 433
دۇجوڭيۈەن ............................................................ 435
دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق رايونلىرىدا خەلق قۇرغان مەكتەپلەرنى ياخشى باشقۇرۇش توغرىسىدا بىر قانچە پىكىر .................................... 370
دېھقانچىلىق ، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى خەلق قۇرغان باشلانغۇچ مەكتەپلەرنى ياخشى باشقۇرۇش توغرىسىدىكى بىر قانچە پىكىر .................................... 370
دېھقانچىلىق (چارۋىچىلىق ) تولۇقسىز ۋە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلىرىنى قۇرۇش توغرىسىدىكى پىكىرلەر .................................... 375
دۆلەتنىڭ نامراتلارنى يۆلەش مائارىپ قۇرۇلۇشى ............................ 309
دۆلەتنىڭ نامرات رايونلار مەجبۇرىيەت مائارىپ قۇرۇلۇشى .................... 310
دېھقانچىلىق ، پەن - تېخنىكا ۋە مائارىپنى بىرلەشتۈرۈش .................... 148
دۇنيا بانكىسى نامراتلارنى يۆلەش 2 - تۈرى ................................ 311

ر

رۇسلار مەكتىپى ........................................................ 388
رۇسلار مائارىپى ........................................................ 213
رۇس تىلى سىياسىي - قانۇن مەخسۇس مەكتىپى ................................ 344
رايونىمىزنىڭ ئالىي مائارىپىنى تەڭشەپ ئىسلاھ قىلىش ۋە تېز سۈرئەتتە راۋاجلاندۇرۇش توغرىسىدىكى پىكىر .................................... 396
رايونىمىزنىڭ پېداگوگىكا مائارىپىنى ئىسلاھ قىلىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش توغرىسىدا بىر قانچە پىكىر .................................... 429
رايونىمىزنىڭ تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ ، ئىقتىسادچانلىق بىلەن

ئوقۇش بويىچە مەكتەپلەر ئىگىلىكى تەرەققىياتىنى تېزلىتىش توغرىسىدىكى بىر قانچە پىكىر ........................................................ 425
رايونىمىزنىڭ يېزا - بازار ئوتتۇرا دەرىجىلىك مائارىپ قۇرۇلمىسىنى ئىسلاھ قىلىش، كەسپىي تېخنىكا مائارىپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش توغرىسىدىكى پىكىر ........................................ 396
رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك، ھەر خىل تىپتىكى مەكتەپلەرنىڭ تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ، ئىقتىسادچانلىق بىلەن مەكتەپ باشقۇرۇشتا باج تاپشۇرۇش مەسىلىسى ھەققىدىكى بەلگىلىمىلەر ........................................ 409
رايونىمىزنىڭ كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپلەر مائارىپى مەسىلىلىرى ھەققىدىكى بەلگىلىمىلىرى ........................................ 403
رايونىمىزدىكى ھەرقايسى ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپلەردە ساپا مائارىپىنى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇش توغرىسىدىكى پىكىر ........................ 426

ز

زوزۇڭتاڭ ........................................ 432

س

سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستلىق 1 - باشلانغۇچ مەكتەپ ............ 21
سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستلىق 1 - باللار يەسلىسى ............ 4
سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستلىق 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ ............ 40
سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستلىق مائارىپ ئىدارىسى ............ 288
سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستلىق گاس - گاچىلار مەكتىپى ............ 235
سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستلىق تەنھەرىكەت مەكتىپى ............ 113
سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستلىق تېببىي مەكتەپ ............ 112
سانجى مائارىپ ئىنستىتۇتى ............ 170
سانجى پېداگوگىكا مەكتىپى ............ 222
«سانجى پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومى ئىلمىي ژۇرنىلى» ............ 301
سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستلىق ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئوتتۇرا تېخنىكومى ........................................ 174
ساۋات چىقىرىش مەكتىپى ............ 343
سادىر قادىر ............ 447
ساۋەن ناھىيىلىك ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش مەكتىپى ............ 232
«12.8» چوڭ ئوت ئاپىتى ............ 336

## ش


شەھەر ـ يېزا مائارىپ ھەققى قوشۇمچىسى ……… 309
شايىفو ئىئانە پۇلى ……… 308
شېڭ شىسەي ……… 440
شىخەنزە ئۇنىۋېرسىتېتى ……… 81
«شىخەنزە ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» ……… 300
شىخەنزە ئۇنىۋېرسىتېتى تېببىي ئىنستىتۇتى سىستېرالار مەكتىپى ……… 116
شىخەنزە شەھەرلىك 2 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ ……… 39
شىخەنزە موساۋەن كەسپىي ئوتتۇرا تېخنىكومى ……… 139
شىخەنزە يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتى ……… 357
شىخەنزە پېداگوگىكا مەكتىپى ……… 223
شىخەنزە شەھەرلىك 4 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ ……… 39
شىخەنزە شەھەرلىك 1 ـ باشلانغۇچ مەكتەپ ……… 21
شىخەنزە شەھەرلىك مائارىپ كومىتېتى ……… 279
شىخەنزە شەھەرلىك تەجرىبە باللار باغچىسى ……… 6
شىخەنزە تېببىي مەكتىپى ……… 115
شىبەلەر مائارىپى ……… 209
شىنجاڭ بىڭتۇەن ئىقتىساد ئالىي تېخنىكومى ……… 358
شىنجاڭ بىڭتۇەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومى ……… 357
«شىنجاڭ مالىيە ـ ئىقتىسادى» ……… 298
شىنجاڭ مالىيە ـ ئىقتىساد ئىنستىتۇتى ……… 70
شىنجاڭ مالىيە مەكتىپى ……… 87
شىنجاڭ مېيىپلار كەسپىي ئوتتۇرا تېخنىكومى ……… 237
شىنجاڭ چوڭلار ئالىي مائارىپ تەتقىقات جەمئىيىتى ……… 274
«شىنجاڭ چوڭلار مائارىپى» ……… 295
شىنجاڭ بىناكارلىق قۇرۇلۇش مەكتىپى ……… 101
شىنجاڭ چۇڭجېڭ خۇسۇسىي مەكتىپى ……… 243
شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى «211 قۇرۇلۇشى» ……… 58
شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ……… 61
«شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» ……… 296
شىنجاڭ ئېلېكترلەشكەن مائارىپ سارىيى ……… 272
شىنجاڭ ئېلېكتر ئېنېرگىيىسى مەكتىپى ……… 94
شىنجاڭ رۇس تىلى سىياسىي ـ قانۇن ئىنستىتۇتى ……… 344
شىنجاڭ توقۇمىچىلىق سانائىتى تېخنىك ئىشچىلار مەكتىپى ……… 139
شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ۋەكىللەر قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى

مائارىپ، تېخنىكا، مەدەنىيەت، سەھىيە كومىتېتى …… 259
شىنجاڭ توقۇمىچىلىق ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئۇنىۋېرسىتېتى …… 162
شىنجاڭ پولات - تۆمۈر مەكتىپى …… 99
شىنجاڭ پولات - تۆمۈر ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئۇنىۋېرسىتېتى …… 163
شىنجاڭ ئالىي مائارىپ ئىلمىي جەمئىيىتى …… 269
شىنجاڭ ئالىي مەدرىسلىرى نىزامنامىسى …… 359
شىنجاڭ سانائەت ئىنستىتۇتى …… 69
«شىنجاڭ سانائەت ئىنستىتۇتى ژۇرنىلى» …… 298
شىنجاڭ سانائەت ئالىي تېخنىكومى …… 74
شىنجاڭ جامائەت خەۋپسىزلىك ئەدلىيە باشقۇرۇش كادىرلار ئىنستىتۇتى …… 159
شىنجاڭ رادىئو - تېلېۋىزىيە ئۇنىۋېرسىتېتى …… 105
شىنجاڭ خۇاليەن كەسپىي مەكتىپى …… 241
شىنجاڭ خىمىيە سانائىتى تېخنىك ئىشچىلار مەكتىپى …… 140
شىنجاڭ خىمىيە - سانائىتى مەكتىپى …… 87
شىنجاڭ ماشىنىسازلىق ئېلېكترون سانائىتى مەكتىپى …… 96
شىنجاڭ بىناكارلىق قۇرۇلۇش مەكتىپى …… 101
شىنجاڭ بىناكارلىق تېخنىك ئىشچىلار مەكتىپى …… 139
شىنجاڭ بىناكارلىق تېخنىكا ئىشچىلار مەكتىپى …… 139
شىنجاڭ ئوقۇتۇش قوراللىرى تەتقىق قىلىپ ياساش مەركىزى …… 267
شىنجاڭ ئوقۇتۇش ئەسۋابلىرى بىلەن تەمىنلەشنى باشقۇرۇش باش پونكىتى …… 270
«شىنجاڭ مائارىپى» ژۇرنىلى …… 292
«شىنجاڭ مائارىپ گېزىتى - ژۇرنىلى نەشرىياتى …… 265
شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى …… 262
شىنجاڭ مائارىپ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى …… 273
«شىنجاڭ مائارىپ تەرەققىيات ئىستىراتېگىيىسى تەتقىقاتى» …… 304
شىنجاڭ مائارىپى خەلقئارالىق ئالماشتۇرۇش جەمئىيىتى …… 275
شىنجاڭ مائارىپ ئىمتىھان مۇلازىمەت مەركىزى …… 267
شىنجاڭ مائارىپ ئىلمىي تەتقىقات ئورنى …… 263
شىنجاڭ مائارىپ نازارىتىنىڭ مەجبۇرلاش مائارىپىنى يولغا قويۇشتىكى ۋاقىتلىق چارىلىرى …… 368
شىنجاڭ مائارىپ ئىلمىي جەمئىيىتى …… 269
شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتى …… 157
شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتى تەجرىبە باشلانغۇچ مەكتىپى …… 14

شىنجاڭ ئوقۇتۇش تەتقىقات ئىشخانىسى …………………… 265

شىنجاڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش كادىرلار ئىنستىتۇتى …………… 160

شىنجاڭ ماھارەتلىك - تەنتەربىيە مەكتىپى …………… 108

شىنجاڭ ئاشلىق مەكتىپى …………………… 98

شىنجاڭ ئورمانچىلىق مەكتىپى …………………… 105

شىنجاڭ موڭغۇل پېداگوگىكا مەكتىپى ………………… 221

«شىنجاڭ مىللەتلەر مائارىپى تەتقىقاتى» ……………… 303

شىنجاڭ يېكەن كۆل ساياھەت مەكتىپى ……………… 241

شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى ………………… 65

«شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» ………… 299

شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك رادىئو - تېلېۋىزىيە مەكتىپى ………… 154

شىنجاڭ يېزا ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇش مەكتىپى ………… 103

شىنجاڭ قىزلار ئىنستىتۇتى …………………… 346

شىنجاڭ ئاپتوموبىل كەسپىي تېخنىكىسى تەربىيىلەش مەكتىپى ………… 246

شىنجاڭ يېنىك سانائەت مەكتىپى ………………… 97

شىنجاڭ خەلق ساقچىلىرى مەكتىپى ………………… 87

شىنجاڭ 3 - قۇرۇلۇش شىركىتى بالىلار باغچىسى ………… 4

شىنجاڭ سودا مەكتىپى …………………… 93

شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى مائارىپ كومىتېتى ………… 290

شىنجاڭ ئۆلكىسى مائارىپ ئورگانلىرىنىڭ دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ئاممىۋى مەكتەپلەرگە يېتەكچىلىك قىلىش مىزانى ………… 364

شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ تاجاۋۇزچىلىققا قارشى تۇرۇش تەربىيىسى بويىچە باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى تەلىم - تەربىيە دەرسلىكى ………… 363

شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ باشلانغۇچ مەكتەپلەردە قوشۇمچە ئىجتىمائىي تەلىم - تەربىيىنى يولغا قويۇش چارىلىرى ………… 362

شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ تەرتىپ - ئەخلاق پروگراممىسى ۋە يولغا قويۇش چارىلىرى ………… 263

شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ باشلانغۇچ مەكتەپلەر مەمۇرىيەت تەشكىلاتلىرىنىڭ ئۆلچەملىك پروگراممىسى ………… 362

شىنجاڭ ئۆلكىلىك باشلانغۇچ مەكتەپلىرىنىڭ ۋاقىتلىق چارىلىرى ………… 360

«شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» ………… 63

شىنجاڭ نېفىت باشقۇرۇش ئىدارىسى مائارىپ تەربىيىلەش مەركىزى ………… 279

شىنجاڭ نېفىت مەكتىپى …………………… 100

شىنجاڭ نېفىت ئىنستىتۇتى …………………… 73

شىنجاڭ تەجرىبە ئوتتۇرا مەكتىپى …………………… 31

شىنجاڭ سۇ ئېنېرگىيىسى سۇ ئېلېكتىر مەكتىپى ...... 95
شىنجاڭ ساقچى ـ ئوفىتسېرلار رادىئو ـ تېلېۋىزىيە ئۇنىۋېرسىتېتى ...... 105
شىنجاڭ ساقچى ـ ئوفىتسېرلار مەكتىپى ...... 91
شىنجاڭ ئەدلىيە مەكتىپى ...... 93
شىنجاڭ گۇڭخۇا خۇسۇسىي مەكتىپى ...... 342
شىنجاڭ ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى ئالىي تېخنىكومى ...... 80
شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ «9 ـ بەش يىللىق» پىلان مەزگىلىدىكى ئالىي مەكتەپ كادىرلىرىنى تەربىيىلەش خىزمىتىنى يولغا قويۇش پىكىرلىرى ...... 424
شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ «يەتتىنچى بەش يىللىق» پىلان مەزگىلىدىكى ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى قۇرۇلۇش پىلانى ...... 401
ش ئۇ ئا ر نىڭ شەھەر ـ بازارلاردا مائارىپ قوشۇمچە ھەققىنى يولغا قويۇش توغرىسىدىكى تەپسىلىي چارىلىرى ...... 418
ش ئۇ ئا ر سىياسىي كېڭەش مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە كومىتېتى ...... 257
شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئالىي مائارىپ بويىچە ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىش ئىمتىھانى لايىھىسى ...... 397
شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ دۆلەت مائارىپ كومىتېتى، جۇڭگو مېيىپلار بىرلەشمىسىنىڭ «مېيىپ ياش ـ ئۆسمۈرلەرنىڭ 9 يىللىق مەجبۇرىيەت مائارىپىنى 9، ـ بەش يىللىق پىلان، مەزگىلىدە ئەمەلىيلەشتۈرۈش لايىھىسى»نى ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدىكى پىكىرى ...... 427
ش ئۇ ئا ر نىڭ ياش، ئوتتۇرا ياش ساۋاتسىزلارنى ئاساسىي جەھەتتىن تۈگىتىش پىلانى ۋە ئۇنى يولغا قويۇش پىكرى ...... 420
ش ئۇ ئا ر نىڭ ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپ، بالىلار باغچىسى ئائىلە تەربىيىسى يېتەكچى پروگراممىسى ...... 427
ش ئۇ ئا رنىڭ رادىئو ـ تېلېۋىزىيە پېداگوگىكا مائارىپىنى باشقۇرۇش چارىلىرى ...... 412
ش ئۇ ئا رنىڭ توققۇز يىللىق مەجبۇرىي مائارىپنى ئاساسىي جەھەتتىن ئومۇملاشتۇرۇش پىلانى ۋە يولغا قويۇش پىكرى ...... 419
ش ئۇ ئا ر نىڭ ياش، ئوتتۇرا ياش ساۋاتسىزلارنى ئاساسىي جەھەتتىن تۈگىتىش پىلانى ۋە ئۇنى يولغا قويۇش پىكرى ...... 420
شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئاساسىي مائارىپقا قارىتا دەرىجىلەرگە بۆلۈپ مەكتەپ قۇرۇش، دەرىجىگە بۆلۈپ باشقۇرۇشنى يولغا قويۇشتىكى سىناق چارىلىرى ...... 406
ش ئۇ ئا ر مائارىپ كومىتېتى، ئاپتونوم رايونلۇق ئالىي مەكتەپلەر خىزمىتى كومىتېتىنىڭ مەكتەپتە دىنىي پائالىيەتلەرنى چەكلەش توغرىسىدىكى بەلگىلىمىسى ...... 421

ش ئۇ ئا ر مائارىپ كومىتېتىنىڭ «مائارىپ مۇپەتتىشلىكىنى يولغا قويۇشتىكى چارىلىرى ...... 413

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ فوندى جەمئىيىتى ...... 268

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ ئىدارىسى ...... 257

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتى ...... 251

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتى مائارىپ ئۇچۇرلىرى مەركىزى ...... 266

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتى ...... 257

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ نامرات رايونلاردا مەجبۇرىيەت مائارىپى ئوقۇش ياردەم پۇلىنى يولغا قويۇش ۋاقىتلىق چارىلىرى ...... 428

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى پۈتتۈرۈش خۇلاسە ئىمتىھانى ئىشخانىسى ...... 270

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق دوختۇرخانىسى سېستىرالار مەكتىپى ...... 108

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مائارىپ ئىسلاھاتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ۋە قىلدۇرۇش توغرىسىدىكى قارارى ...... 414

ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مائارىپ مۇپەتتىشلىك خىزمىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش توغرىسىدىكى قارارى ...... 419

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش نىزامنامىسى ...... 402

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي كۈچلەر مەكتەپلەر باشقۇرۇش تەربىيىلەش مەركىزى ...... 239

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي كۈچلەر قۇرغان مەكتەپلەر بىرلەشمىسى ...... 276

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مەكتەپكە كىرىش تەييارلىق سىنىپلىرىنى باشقۇرۇش چارىلىرى ...... 426

شىنجاڭ مائارىپ نازارىتىنىڭ مەجبۇرلاش مائارىپىنى يولغا قويۇشتىكى ۋاقىتلىق چارىلىرى ...... 368

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش كومىتېتى ...... 265

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ كەسپىي ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتەپلەرنى تەسىس قىلىشتىكى ۋاقىتلىق چارە - تەدبىرلىرى ...... 422

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپ، بالىلار باغچىسى ئائىلە تەربىيىسى يېتەكچى پروگراممىسى ...... 427

شىنجاڭ سەھىيە كادىرلار بىلىم ئاشۇرۇش مەكتىپى ...... 173

شىنجاڭ سەھىيە نازارىتى ئىشچى - خىزمەتچىلەر تىببىي ئۇنىۋېرسىتېتى ........................ 164
شىنجاڭ ماددىي ئەشيالار مەكتىپى ........................ 102
شىنجاڭ غەربىي دىيار كەسپىي مەكتىپى ........................ 245
شىنجاڭ ئۇچۇر تېخنىكا كەسپىي ئىنستىتۇتى ........................ 240
شىنجاڭ ئىنستىتۇتى تەشكىلاتىنىڭ پروگرامما لايىھىسى ........................ 365
شىنجاڭ ئىلى يېڭىسەي مەكتىپى ........................ 247
شىنجاڭ تىببىي ئۇنىۋېرسىتېتى ........................ 66
شىنجاڭ تىببىي ئۇنىۋېرسىتېتى 2 - شۆبە دوختۇرخانىسى سېستىرالار مەكتىپى ........................ 107
شىنجاڭ تىببىي ئۇنىۋېرسىتېتى 1 - شۆبە دوختۇرخانىسى سېستىرالار مەكتىپى ........................ 106
«شىنجاڭ تىببىي ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» ........................ 297
شىنجاڭ تىببىي ئىنستىتۇتى ........................ 356
شىنجاڭ سەنئەت ئىنستىتۇتى ........................ 72
شىنجاڭ پوچتا - تېلېگراف مەكتىپى ........................ 91
شىنجاڭ رەڭلىك مېتال سانائىتى ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئۇنىۋېرسىتېتى ........................ 165
شىنجاڭ بالىلار پېداگوگىكا مەكتىپى ........................ 220
شىنجاڭ ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئۇنىۋېرسىتېتى ........................ 158
«شىنجاڭ ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپلەر ئوقۇتۇشى» ........................ 295
شىنجاڭ جۇڭيى ئىنستىتۇتى ........................ 356
شەھەر (بازار)لاردا مائارىپ قوشۇمچە ھەققى يىغىش توغرىسىدىكى قوشۇمچە بەلگىلىمىسى ........................ 405

## غ

غۇلجا شەھەرلىك 8 - ئوتتۇرا مەكتەپ ........................ 51
غۇلجا شەھەرلىك 7 - ئوتتۇرا مەكتەپ ........................ 50
غۇلجا شەھەرلىك رۇس مەكتىپى ........................ 51
غۇلجا تىببىي مەكتەپ ........................ 133

## ف

فۇكاڭ شەھەرلىك بالىلار باغچىسى ........................ 5
فۇكاڭ شەھەرلىك كەسپىي ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتىپى ........................ 136

ق

«قۇتاد غۇبىلىك» ........................................ 366
قۇمۇل ۋىلايەتلىك 2 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ ........................ 43
قۇمۇل ۋىلايەتلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ ........................ 43
قۇمۇل ۋىلايەتلىك مائارىپ كومىتېتى ........................ 280
قۇمۇل يېزا ئىگىلىك مەكتىپى ........................ 119
قۇمۇل ۋىلايەتلىك پېداگوگىكا مەكتىپى ........................ 221
قۇمۇل ۋىلايەتلىك تېببىي مەكتەپ ........................ 119
قۇمۇل ۋىلايەتلىك مەركىزىي باللار باغچىسى ........................ 6
قۇمۇل ۋىلايەتلىك مائارىپ ئىنستىتۇتى ........................ 169
قۇمۇل شەھەرلىك 4 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ ........................ 44
قۇمۇل شەھەرلىك ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر مەكتىپى ........................ 231
قۇمۇل شەھەرلىك سانائەت مەكتىپى ........................ 118
قۇمۇل شەھەرلىك لىيۇەن باللار باغچىسى ........................ 250
قۇمۇل شەھەرلىك يۇشىن باشلانغۇچ مەكتىپى ........................ 250
قازاقلار مائارىپى ........................ 204
قەشقەر مالىيە سودا مەكتىپى ........................ 110
قەشقەر چوڭلار ئىنستىتۇتى ........................ 271
قەشقەر ۋىلايەتلىك 6 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ ........................ 49
قەشقەر ۋىلايەتلىك 3 ـ باللار باغچىسى ........................ 7
قەشقەر ۋىلايەتلىك مائارىپ كومىتېتى ........................ 285
قەشقەر ۋىلايەتلىك مىللىي باللار باغچىسى ........................ 8
قەشقەر ۋىلايەتلىك تەنتەربىيە مەكتىپى ........................ 125
قەشقەر ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ........................ 48
قەشقەر ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇش مەكتىپى ........................ 127
قەشقەر يېزا ئىگىلىك مەكتىپى ........................ 48
قەشقەر پېداگوگىكا مەكتىپى ........................ 228
قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ........................ 78
قەشقەر ۋىلايەتلىك 2 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ ........................ 49
قەشقەر ۋىلايەتلىك سۇ ـ ئېلېكتر مەكتىپى ........................ 128
قەشقەر ۋىلايەتلىك تېببىي مەكتەپ ........................ 123
قەشقەر ۋىلايەتلىك سەنئەت مەكتىپى ........................ 126
قىرغىزلار مائارىپى ........................ 207
قەشقەر ئىسلام دىنىي ئۇنىۋېرسىتېتى ........................ 336

قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىلىك 2 ـ باشلانغۇچ مەكتەپ ........ 25
قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسى تازغۇن يېزىلىق دېھقان ـ چارۋىلار مەدەنىيەت تېخنىكىسى مەكتىپى ........ 176
قاراشەھەر خۇيزۇ ئاپتونوم ناھىيىلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ ........ 46
قاراماي شەھەرلىك 8 ـ باشلانغۇچ مەكتەپ ........ 21
قاراماي شەھەرلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ ........ 40
قاراماي شەھەرلىك قىزىل بايراق بالىلار باغچىسى ........ 5
قاراماي شەھەرلىك مائارىپ كومىتېتى ........ 278
قاراماي شەھەرلىك گاس ـ گاچىلار مەكتىپى ........ 236
قاراماي شەھەرلىك تېببىي مەكتەپ ........ 114
قىزىلسۇ ئوبلاستلىق مەركىزىي بالىلار باغچىسى ........ 7
قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستلىق 3 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ ........ 48
قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستلىق 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ ........ 47
قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستلىق پېداگوگىكا مەكتىپى ........ 227
قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستلىق 1 ـ باشلانغۇچ مەكتەپ ........ 23
قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستلىق مائارىپ كومىتېتى ........ 286
قىزىلسۇ ئوبلاستلىق يېزا ئىگىلىك مەكتىپى ........ 122
قىزىلسۇ ئوبلاستلىق تېببىي مەكتەپ ........ 121
قوش تىلدا دەرس ئۆتۈش تەجرىبىسى ........ 216

ك

كەسپىي تېخنىكا تەربىيىسىنى راۋاجلاندۇرۇش ........ 252
«كوممۇنىزىم ئەمگەك ئۇنىۋېرسىتېتى» ۋە «7 ـ ماي ئۇنىۋېرسىتېتى» ........ 351
كۆپ خىل يوللار ئارقىلىق مەبلەغ توپلاپ ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئۆي ـ تۇرالغۇ قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىش توغرىسىدىكى پىكىر ........ 417
كېچۇ تۈزۈمى ........ 337
كورلا شەھەرلىك كۆك ئاسمان بالىلار باغچىسى ........ 248
كورلا شەھەرلىك كەسپىي ئوتتۇرا تېخنىكومى ........ 137
كۇيتۇن شەھەرلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ ........ 41
كەسپىي مەدرىس ........ 343
كەسپىي مائارىپ ........ 85

گ

گۇچۇڭ ناھىيىلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ ........ 41

گازارما مەكتىپى .......... 338

ل

لى يىئۇۋ .......... 438
لىن جىلۇ .......... 437
لىۇ جىنتاڭ .......... 433
لىۇ ۋىنلۇڭ .......... 434

م

مەكتەپلەرنىڭ ئورۇنلىشىش قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش .......... 333
«مەكتەپ تەنتەربىيە خىزمىتى شارائىتى» ۋە «مەكتەپ سەھىيە خىزمەت شارائىتى» ئىزچىللاشتۇرۇپ يولغا قويۇش توغرىسىدىكى پىكرى .......... 424
مائارىپ مەمۇرىيەت كادىرلىرى ۋە ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش قاتارلىق بىر قانچە كونكرېت مەسىلىلەر توغرىسىدا ۋاقىتلىق بەلگىلىمە .......... 388
مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپلەردە خەنزۇ تىلى ئوقۇتۇشنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى بىر قانچە پىكىرلەر .......... 387
مائارىپ كۆلىمى .......... 325
مائارىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشى .......... 306
مائارىپ مەمۇرىي تارماقلىرىنىڭ جەمئىيەت تەربىيىسىنى ئىلگىرى سۈرۈش ھەققىدىكى خىزمەت پروگراممىسى .......... 364
مائارىپ مەمۇرىي كادىرلىرى ۋە ئوتتۇرا - باشلانغۇچ ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىنى باشقۇرۇشتىكى بىر قانچە كونكرېت مەسىلىنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى ۋاقىتلىق بەلگىلىمە .......... 338
مىللىي باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ ئىشتىن سىرتقى بىلىم ئاشۇرۇش سىنىپلىرىنى يولغا قويۇش ۋاقىتلىق چارىلىرى .......... 374
ماركسىزملىق دۆلەت قارىشى .......... 78
ماركسىزملىق تارىخىي قارىشى .......... 184
ماركسىزملىق مىللەت قارىشى .......... 180
ماركسىزملىق مەدەنىيەت قارىشى .......... 185
ماركسىزملىق دىنىي قارىشى .......... 182
مەدىرىس .......... 336
مەكىت ناھىيىلىك 1 - باشلانغۇچ مەكتەپ .......... 24
مەكىت ناھىيىلىك كەسپىي ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتىپى .......... 136
مانجۇلار مائارىپى .......... 211

موگغۇللار مائارىپى ...... 208
مىڭ يىمىك ...... 438
مىچۇەن خۇيزۇلار ئوتتۇرا مەكتىپى ...... 41
مىللىي بۆلگۈنچىلىك ...... 188
مىللەتلەر ئىتتىپاقلىق تەربىيىسى ...... 197
مۇددەرىس ...... 336
مانجۇ يېزىقى مەكتىپى ...... 339
ماگىستىر ...... 58
مەكتەپ باشقۇرۇش مەھكىمىسى ...... 339
مەخسۇس كۇرس مائارىپى ...... 57
مەكتەپ بېگى ...... 337

ن

نۆۋەتتىكى شىنجاڭ مائارىپ ئىسلاھاتى توغرىسىدا كۆرسەتمە ...... 368
نۇقتىلىق هالدا بىر تۈركۈم پۈتۈن كۈنلۈك تۈزۈمدىكى ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپلەرنى قۇرۇش توغرىسىدا پىكىر ...... 372
نۇرتىيىپ ...... 445
نۇقتىلىق ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپلەر ...... 348

ھ

ھاكىم جاپپار ...... 443
ھەر قايسى جايلار ئىشچى- خىزمەتچىلىرىنىڭ ئىشتىن سىرتقى مەدەنىيەت مائارىپ خىزمىتىنى كۈچەيتىش توغرىسىدا بىر قانچە يولیورۇق ...... 376
ھۇسەينىيە مەكتىپى ...... 340

ئو

ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش «تۇتاشتۇرۇش» ئىسلاھاتى ...... 332
ئوتتۇرا- باشلانغۇچ مەكتەپلەر ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ ئۈزلۈكسىز تەربىيىلىشىنى زور كۈچ بىلەن قانات يايدۇرۇش ۋە خەنزۇ تىلى ئوقۇتقۇچىلىرى قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى پىكىر ...... 429
ئوتتۇرا- باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ دەرس ئوقۇتۇش مېتودى بويىچە بىلىم ئاشۇرۇش خىزمىتىنى كۈچەيتىش توغرىسىدا پىكىر ...... 394
ئوتتۇرا- باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنى تەربىيىلەش خىزمىتى ھەققىدە بىر قانچە پىكىر ...... 391
ئوتتۇرا- باشلانغۇچ مەكتەپلەر سىياسىي ئىدىيىۋى خىزمىتىنى كۈچەيتىش بىر قانچە

پىكىر ........ 390
ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپلەردىكى قالايمىقان ھەق ئېلىشنى تۈزەش خىزمىتىنى يەنىمۇ بىر قەدەم ئىلگىرلىگەن ھالدا كۈچەيتىش توغرىسىدا پىكىر ........ 442
ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپ خەلق باشقۇرۇشىدىكى ئوقۇتقۇچىلارنى تەرتىپكە سېلىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش ........ 387
ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپلەردە «مەملىكەتلىك مائارىپ خىزمىتى يىغىن خاتىرىسى» نى ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدا بىر قانچە پىكىر ........ 379
ئويۇشما مەكتىپى ........ 346
ئوقۇتقۇچى ........ 313
ئوقۇتقۇچىلىق كەسپىي ۋەزىپىسى ........ 315
ئوقۇتقۇچى ـ ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ........ 314
ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلار نىسبىتى ........ 315
ئوتتۇرا دەرىجىلىك پېداگوگىكا مەكتىپى ........ 220
ئوتتۇرا دەرىجىلىك كەسپىي تېخنىكوم مەكتىپى ........ 85
ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ تەجرىبە ئوقۇتۇشنى ئومۇملاشتۇرۇش ناھىيىلەر ........ 312
ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپلەردىكى خەتەرلىك ئۆيلەرنى يېڭىلاش ئىسلاھاتى ........ 307
ئومۇمىي تىل ئۆگىنىش كۇرسى ........ 343
ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپ ئۆيلىرىنىڭ 8نى يۇرۇشلەشتۈرۈش قۇرۇلۇشى ........ 307
ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپلەر ئوقۇتۇش تۈزۈمى ئىسلاھاتى ........ 351
ئورۇنلىشىش قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش ........ 344

## ئۇ

ئۇيغۇرلار مائارىپى ........ 203
ئۇنىۋېرسال ئالىي مەكتەپ ........ 60

## ئۆ

ئۆلكىلىك دىخۇا قىزلار ئوتتۇرا مەكتىپى ........ 346
ئۆلكىلىك سىياسىي ـ قانۇن مەدرىسى ........ 340
ئۆلكىلىك ئالىي دەرىجىلىك مەدرىسە ........ 340
ئۆلكىلىك ئوفىتسېرلارنى تەربىيىلەش مەدرىسى ........ 341
ئۆلكىلىك قۇرۇقلۇق ئارمىيە باشلانغۇچ مەدرىسى ........ 241
ئۆلكىلىك كەسپىي ئوقۇتقۇچىلار تەربىيىلەش ئورنى ........ 340

ئۆلكىلىك ساقچى ـ قاراۋۇللار مەكتىپى ........................ 341
ئۆلكىلىك جۇڭگو ـ رۇس تىلى مەدرىسى........................ 341
ئۆلكىلىك ئوتتۇرا دەرىجىلىك مەدرىسە ........................ 340
ئۆزبېكلەر مائارىپى ........................ 207
ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىش ئىمتىھانى ........................ 354


## ئۈ


ئۈچ ۋىلايەتلىك مائارىپى ........................ 347
ئۈرۈمچى شەھەرلىك 1 ـ ئاۋغۇست ئوتتۇرا مەكتىپى........................ 35
ئۈرۈمچى شەھەرلىك چوڭلار مائارىپ ئىنستىتۇتى ........................ 166
ئۈرۈمچى شەھەرلىك 10 ـ باشلانغۇچ مەكتەپ ........................ 17
ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئاياللار بىرلەشمىسى باللار باغچىسى ........................ 3
ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئالتۇن سانائىتى مەكتىپى ........................ 109
ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئىجتىمائىي كەسپىي ئوتتۇرا تېخنىكومى ........................ 210
ئۈرۈمچى شەھەرلىك نېفىت خىمىيە باش زاۋۇتى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ئۇنىۋېرسىتېتى ........................ 167
ئۈرۈمچى شەھەرلىك مالىيە ـ سودا مەكتىپى ........................ 110
ئۈرۈمچى شەھەرلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ ........................ 31
ئۈرۈمچى شەھەرلىك 8 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ ........................ 34
ئۈرۈمچى شەھەرلىك 22 ـ باشلانغۇچ مەكتەپ ........................ 18
ئۈرۈمچى شەھەرلىك 26 ـ باشلانغۇچ مەكتەپ ........................ 19
ئۈرۈمچى شەھەرلىك 6 ـ باشلانغۇچ مەكتەپ ........................ 17
ئۈرۈمچى شەھەرلىك 6 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ ........................ 34
ئۈرۈمچى شەھەرلىك 3 ـ باشلانغۇچ مەكتەپ ........................ 16
ئۈرۈمچى شەھەرلىك 13 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ ........................ 36
ئۈرۈمچى شەھەرلىك 14 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ ........................ 37
ئۈرۈمچى شەھەرلىك 42 ـ باشلانغۇچ مەكتەپ ........................ 19
ئۈرۈمچى شەھەرلىك 47 ـ باشلانغۇچ مەكتەپ ........................ 20
ئۈرۈمچى شەھەرلىك 56 ـ باشلانغۇچ مەكتەپ ........................ 20
ئۈرۈمچى شەھەرلىك 5 ـ باشلانغۇچ مەكتەپ ........................ 17
ئۈرۈمچى شەھەرلىك 1 ـ باشلانغۇچ مەكتەپ ........................ 15
ئۈرۈمچى شەھەرلىك 1 ـ باللار باغچىسى ........................ 2
ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئاياللار بىرلەشمىسى شىنخۇا باللار باغچىسى ........................ 3
ئۈرۈمچى شەھەرلىك قىزىل بايراق باللار باغچىسى ........................ 2
ئۈرۈمچى شەھەرلىك مائارىپ كومىتېتى ........................ 276

ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئەمالار مەكتىپى ...... 234
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پېداگوگىكا مەكتىپى ...... 222
ئۈرۈمچى شەھەرلىك قارلەيلىسى باشلانغۇچ مەكتىپى ...... 20
ئۈرۈمچى شەھەرلىك كەسپىي ئوتتۇرا تېخنىكوم ...... 135
ئۈرۈمچى شەھەرلىك تۆمۈر يول ئىدارىسى پارتىيە مەكتىپى ...... 109
ئۈرۈمچى شەھەرلىك تۆمۈر يول ئىدارىسى 3 - ئوتتۇرا مەكتىپى ...... 37
ئۈرۈمچى شەھەرلىك تۆمۈر يول ئىدارىسى مائارىپ ئىنستىتۇتى ...... 168
ئۈرۈمچى شەھەرلىك تۆمۈر يول ترانسپورت مەكتىپى ...... 112
ئۈرۈمچى شەھەرلىك تېببىي مەكتەپ ...... 111
ئۈرۈمچى شەھەرلىك رەڭلىك مېتال سانائىتى مەكتىپى ...... 109
ئۈرۈمچى شەھەرلىك كەسپىي ئۇنىۋېرسىتېتى ...... 82


ۋ


ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسى ...... 196
ۋىن خوخۋا ...... 444
ۋۇياۋچېڭ ...... 445
ۋەزىيەت ۋە سىياسەت تەربىيىسى ...... 191


ئى


ئىككىنچى قېتىملىق ئۆلكىلىك مائارىپ مەمۇرىيىتى يىغىنى ...... 345
ئىككىنچى مەزگىللىك ئۈچ يىللىق مائارىپ پىلانى ...... 345
ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى «ئىككى جەھەتتىن تولۇقلاش» ...... 354
ئىشچى - دېھقانلار ئىشتىن سىرت مائارىپىنى ئاكتىپ قانات يايدۇرۇپ دازەيچە ناھىيىلەرنى ئومۇملاشتۇرۇش ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلدۇرۇش توغرىسىدا پىكىر ...... 386
ئىشلەپ ئوقۇيدىغان پېداگوگىكا مەكتەپلىرىنى سىناق قىلىپ قۇرۇش ھەققىدە بىر قانچە پىكىر ...... 373
ئىشچى — دېھقانلار ئىشتىن سىرت مائارىپ خىزمىتىنى يەنىمۇ بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن ھالدا راۋاجلاندۇرۇش توغرىسىدىكى بىرلەشمە ئۇقتۇرۇش ...... 386
«ئىككى ئاساسەن» ...... 324
«ئىككى مائارىپ» ...... 325
«ئىككى تەربىيە» ...... 325
ئىككى دەرسلىك ...... 193
ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى شىنجاڭ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ سىنىپلىرى ...... 216
ئىچكىرى ئۆلكىلەرنىڭ شىنجاڭ ئالىي مائارىپىغا ياردەم بېرىش ھەمكارلىق

ئۆيۈشمىسى .......................................... 60

ئىجتىمائىي كۆچلەر قۇرغان مەكتەپلەر .......................... 239

ئىلى ۋىلايەتلىك چوڭلار ئوتتۇرا تېخنىكومى .......................... 174

ئىلى ۋىلايەتلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ .......................... 562

ئىلى ۋىلايەتلىك تېخنىك ئىشچىلار مەكتىپى .......................... 141

ئىلى ۋىلايەتلىك مائارىپ كومىتېتى .......................... 265

ئىلى ۋىلايەتلىك مياۋمياۋ باللار باغچىسى .......................... 8

ئىلى ۋىلايەتلىك تەنتەربىيە مەكتىپى .......................... 131

ئىلى ۋىلايەتلىك كەسپىي ئوتتۇرا تېخنىكوم .......................... 136

ئىلى ۋىلايەتلىك ئىككىنچى پېداگوگىكا مەكتىپى .......................... 225

ئىلى ۋىلايەتلىك بىرىنچى پېداگوگىكا مەكتىپى .......................... 224

ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق قىزىلبايراق باللار باغچىسى .......................... 4

ئىلى دېھقان ـ چارۋىچىلىقنى ماشىنىلاشتۇرۇش مەكتىپى .......................... 131

ئىلى پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى .......................... 76

ئىلى مال ـ دوختۇرلۇق مەكتىپى .......................... 132

ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنى «ئىككى جەھەتتىن تولۇقلاش» .......................... 345

ئىچكىرى ئۆلكىلەرنىڭ ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلىرىدە ئوقۇۋاتقان شىنجاڭلىق ئالاھىدە قىيىنچىلىقى بار ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلارغا ياردەم بېرىش ۋاقىتلىق چارىلىرى .......................... 248

ئىككىنچى دەرىجىلىك باشلانغۇچ مەدرىسى .......................... 342


## ي


«يانغىن پىلانى» .......................... 149

ياڭچىلىك مائارىپى .......................... 339

يانغىن پىلانىنىڭ يۈز ، مىڭ ، تۈمەن قۇرۇلۇشى .......................... 152

يېرىم كۈنلۈك مەدرىسلەر .......................... 342

يېزىلاردىكى ئاددىي باشلانغۇچ مەكتەپلەرنى ياخشى باشقۇرۇش توغرىسىدا بىر قانچە پىكىر .......................... 372

يېزا ئىگىلىك ئوتتۇرا مەكتەپلىرىنى مۇستەھكەملەش ۋە راۋاجلاندۇرۇش توغرىسىدا بىر قانچە پىكىر .......................... 374

يېزا ـ قىشلاق رايونلىرىدىكى ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپى پروگراممىسى .......................... 377

يېزا ـ قىشلاقلاردا مەركىزىي باشلانغۇچ مەكتەپلەر قۇرۇشنى كۆچەيتىش توغرىسىدا پىكىر .......................... 410

يېزىلاردا ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش ، ئىشتىن سىرتقى مائارىپ خىزمىتىنى پائال

قانات يايدۇرۇش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش ...... 385
يېزا چوڭلار مائارىپ خىزمىتىنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى پىكىر ...... 411
يېزىلاردىكى ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش، ئىشتىن سىرتقى مائارىپنى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدىكى بىر قانچە پىكىر ...... 389
«يېشىل كېنىشكا» ...... 146
يېزا باشلانغۇچ مائارىپى ...... 143
يېزىلىق رادىئو ـ تېلېۋىزىيە مەكتىپى ...... 154
يېزىلاردىكى باشلانغۇچ مائارىپى ...... 143
يېزىلاردىكى ئاددىي باشلانغۇچ مەكتەپلەر ...... 348
يېزا مائارىپى ئۇنىۋېرسال ئىسلاھ قىلىش ...... 142
يېزا مائارىپىنى ئۇنىۋېرسال ئىسلاھاھ قىلىش ...... 151
يېزا قوللىنىشچان تېخنىكا تەربىيىسى ...... 153
يېزا ئوتتۇرا دەرىجىلىك مائارىپى ...... 350
يېزا ـ قىشلاقلاردا مەركىزىي باشلانغۇچ مەكتەپلەر قۇرۇشنى كۈچەيتىش توغرىسىدا پىكىر ...... 410
«21 ـ ئېيول» ئىشچىلار ئۇنىۋېرسىتېتى ...... 350
ياش، ئوتتۇرا ياش ساۋاتسىزلارنى ئاساسەن تۈگىتىش مائارىپى ...... 155
يەرلىك ئوقۇتۇش ماتېرىيالى ...... 323
يەكەن پېداگوگىكا مەكتىپى ...... 230
يەكەن ناھىيىلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ ...... 40
يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىدىيىنى ئازاد قىلىش، ئىسلاھات قەدىمىنى تېزلىتىش، ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ، ئىقتىسادچانلىق بىلەن ئوقۇتۇش ئىشلىرىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇش توغرىسىدا پىكىر ...... 415
يۈسۈپ خاس ھاجىپ ...... 432
يۈ شيۇسۇڭ ...... 435
يۈەن جىجاڭ ...... 443
يۇنگۇاڭ ...... 442

مەسئۇل مۇھەررىر : يالقۇن ئابدۇسالام
مەسئۇل كوررېكتورى : رەيھان نۇر

# شىنجاڭ مائارىپى لۇغىتى

تۈزگۈچىلەر : ماۋېنخۇا ، ماجۇنبىلىڭ
چىنبىن
تەرجىمان : ئابلىمىت ھېكىم

شىنجاڭ پەن - تېخنىكا سەھىيە نەشرىياتى (W ) نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى بۇلاقبېشى كوچا 66 - قورۇ ، پوچتا نومۇرى : 830001
شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى تارقاتتى
فورماتى : 1092×787 مم ، 1/16 ، باسما تاۋىقى : 31
2003 - يىل 1 - ئاي 1 - نەشرى
2003 - يىل 1 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىراژى : 3000 ~ 1

ISBN 7 — 5372 — 3616 — X/G・222
باھاسى : 38.00 يۈەن

# شىنجاڭ مائارىپى لۇغىتى

ISBN 7-5372-3616-X

ISBN 7—5372—3616—X

G·222(民文)　定价:38.00